مۇھەممەد سالىھ

# قاموس
## عربى – أويغورى
## ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇھەممەد سالىم

# قاموس

## عربي — أويغوري

## ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# قاموس

## عربي ـ أويغوري

## ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە
## چوڭ لۇغەت

تأليف:
البحاث الأستاذ محمد بن العلامة
داملا صالح الكاشغرى الآرتوجى

تۈزگۈچى : مۇھەممەد سالىھ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت
بېكىتكۈچى: خوجابدۇللا ئوسمان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئەنىسە سالىھ
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت

تۈزگۈچى: مۇھەممەت سالىھ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 63.5 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2002 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5,000
ISBN7—228—07561—7/H.555
باھاسى: 120.00 يۈەن

بسم الله الرحمن الرحيم

محمد حسني مبارك

من محمد حسني مبارك رئيس جمهورية مصر العربية

إلى السيد الأستاذ محمد صالح مدير المعهد الإسلامي بمدينة أورومتشي بإقليم سينكيانج بالصين

تقديرا لحميد صفاتكم وجليل خدماتكم قد منحناكم

وسام العلوم والفنون من الطبقة الأولى

وأمرنا بإصدار هذه البراءة إيذانا بذلك.

تحريرا بقصر الجمهورية بالقاهرة في اليوم السابع من شهر ربيع الأول

لسنة ألف وأربعمائة واثنتي عشر من هجرة خاتم المرسلين

١٦ سبتمبر ١٩٩١

رئيس ديوان رئيس الجمهورية

زكريا عزمي



مۇئەللىپنىڭ 1991 ـ يىلى مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەت خوسنى مۇبارەك ئىسلام تەتقىقاتىدا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ئون ئالىمنىڭ بىرى قاتارىدا تەقدىم قىلغان بىرىنچى دەرىجىلىك ئىلىم ـ پەن ئوردېنىنى تاقاپ چۈشكەن سۈرىتى .



مۇئەللىپ 1990 ـ يىلى ماراكەشتە ئېچىلغان رامىزان ئېيى لېكسىيە يىغىنىغا قاتنىشىپ پادىشاھ ھەسەن II ھۇزۇرىدا ئەرەبچە يازغان قەسىدىسىنى ئوقۇماقتا .



مۇئەللىپ 1990 ـ يىلى پادىشاھ ھەسەن II گە ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرماقتا .



مۇئەللىپ 2000 ـ يىلى ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىسلام مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇماقتا .

مۇئەللىپ مەككە ـ موكەررەمە ئەرەپات تېغىدا





مۇئەللىپ 1983 ـ يىلى كۇۋەيتتە كۇتۇۋې-
لىش يىغىنىدا كۇۋەيت تەسىراتى ئۇستىدە
يازغان ئەرەبچە شېئىرىنى ئوقۇماقتا .

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇئەللىپنىڭ 1957-يىلى بېيجىڭدا دادىسى سالىھ داموللاھاجىم بىلەن چۈشكەن سۈرىتى

المؤلف مع والده فى عام ١٩٥٧ م ببكين

الإهداء

كنتَ أستاذى وشيخى يا أبى    بِك قَد حقّقتُ أشهى مأْربى
عشتَ فى أعماق قلبى رائدا    لم يغِبْ ذِكراكَ عنّى يا أبى
عشتُ أيّام حياتى كلّها    مُسْعدًا مع ذكرك الْمُسْتعذبِ
والدى أنْجَبْتَنى أورَثْتَنى    عِزّة النّفس و حُسنَ الأدب
ولَقَدْ علّمتنى نهجَ الهدى    و أنا فى ذلك العهد صَبِى

كنتُ فردا نابغًا ربَّيْتنى ... فى بنيك الكرماء النُّجب
وطموحُ النَّفس فى نَيْل الْعُلَى ... فى صُعودى و هُبوطى مركبى
والدى لم يَبقَ فى قلبى سِوى ... قَطْفِ رُمَّان النُّهى من طَلبِ
نَمْ قَريرًا اليس بِالْميِّت مَن ... خَلَّفَ ابْنًا عاش بين الكتبِ
إنَّما التَّصْنِيفُ والتَّأليفُ فى ... دَعْوة الإسلام أسمى مَطلَبى
و كتابَ الله قَدْ فَسَّرتُهُ ... مثلما ترجمتُ أقوال النَّبى
ها هو القَاموس يبدوا زاهيا ... مُشْرقا بين الورى كالكَوْكبِ
مَرْجَعُ الطُّلَّاب نِبراسُ النُّهى ... مَنبع العرفان عَذْبُ الْمَشْرب
مُعْجَمٌ فى دَفَّتَيْهِ قَدْ حَوَى ... كلَّ لفظٍ مُنتَقًّى مُنْتَخَبِ
بَاسِمٌ رَوْضُ الْمَعَانِى فيه إذْ ... نَبتَ الزَّهْرُ مَكانَ الْعُشْبِ
شَعَّ نورُ الْعلم مِن أسْطُرِه ... فتسامى فوقَ هام الشُّهب
أشرق المعنى جليًّا بعدما ... صار أحْلَى لفظُه مِن ضَرَبِ
كُلُّ من طالعه يُعْجِبه ... يا له من مُعْجمٍ مُستَعْذَبِ
قد بذلتُ الْجهدَ فى تأليفه ... طول عمرى ذُقتُ معنى النَّصَبِ
يا لَجَفْنٍ لم يَذق طعم الكَرى ... ساهرا طول اللَّيالى مُتْعبِ
سَهَرٌ أجْهَدَنِى لَكِنَّنى ... لا أُبالى يا أخى بِالتَّعَبِ
إننى مستحسنا أُهْدِى كتبا ... بى لروح الوالدى الْمُحْتَسِبِ
كان حقا عالما علَّامة ... مَفْخَرَ الأعلام سامِى اللَّقب
كان محسانا كريما فاضلًا ... أوحَدَ الْعصر بعلم الأدب
كان رمْزَ الصِّدق والإخلاص فى ... كلِّ أعماله عالِى الْحَسب
مات مرحوما وقد فارقتُه ... مِن قضاء الله هل مِن مَهْرب
بمرور الدَّهر فى أحفاده ... ذكره يُمْلَى بماءِ الذَّهب
كم من التَّأليف لم أُكْمِلْه إذ ... شمسُ عُمْرٍ أسْرَعَتْ للمغرب
فى متاهات الهوى مضطربا ... مُعْظَمُ الْعمر مضى فى اللَّعب
أأنا ضيَّعتُ أوقاتى سُدىً ؟ ... أم شياطين غدت تلعب بى ؟
جاء نظمى ناقصا لا أدَّعى ... لى كَمالًا فى لسان العرب
كيف يُرْجَى السَّبْقُ فى آدابه ... مِن أديب أويغوريِّ النَّسب

محمد بن صالح

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

## مقدمة

الحمد لله الذى إختار اللغة العربية لغة للقرآن الكريم والصلاة والسلام على رسوله الأمين محمد خاتم النبيين وعلى آله و اصحابه أجمعين.

أما بعد، فقد توفر على خدمة لغة القرآن الكريم عدد كبير من العلماء في الماضي والحاضر. وقد دبت الى قلبي فكرة تأليف قاموس عربي - أويغوري منذ سنوات عديدة حرصا مني على سد الحاجة التي طالما شعرت بها وسط طلاب اللغة العربية الناطقين باللغة الاويغورية. فلجأت الى جمع عشرات الالاف من بطاقات المفردات العربية في مجرى ترجمتي معاني القرآن الكريم و الحديث الشريف و السيرة النبوية الى اللغة الاويغورية حتى ألفت أول ما ألفت «معجم وجيز عربي – أويغوري» قبل سنوات وبين دفتيه مفردات غربية أكثر شيوعا لكي يكون مرجعا لطلاب العربية في زماننا. ولكن ما ان خرج هذا المعجم الوجيز الى النور حتى تواردت الى رسائل من طلاب اللغة العربية والمثقفين واهل العلم وهم يلحون على بتأليف قاموس عربي -أيغوري لسد حاجتهم الماسة. زد على ذلك ان عددا من العلماء و أئمة المساجد لهجوا منذ وقت بعيد بحاجتهم المسيسة الى معجم غزير المادة وافرها. كل هذا هو سبب لإقبالي على تأليف القاموس المنشود رغما عن ضخامة المشروع وقلة خبرتي في هذا المجال.

فرأيت اني، اذا وفقت الى انجاز هذا المشروع الضخم، قد خدمت لغة القرآن الكريم خدمة جلى وأرضيت الامة آملا في ان يقابل أهل العلم هذه الخدمة بمزيد من الارتياح بشدة حاجتهم الى ذلك. واني لأرجو أن أكون قد وفقت فيما قصدت في محاولتي الفردية هذه.

وقد أمضيت سنوات عديدة في تأليف هذا القاموس مستعينا بالله سبحانه و تعالى. وكان من عادتي أن أتفانى في هذا العمل الشاق معتذرا عن الامور الروتينية.

قدِ انْقطعتُ عن الأعمال كلهِمِ     فى البيت مُعْتزلاً أغلقتُ أبوابى

مازلت بالعلم والتأليف مشتغلا     هجرتُ أهلى و خِلَّانى و أصحابى

وقد عانيت من النصب فى جمع مواد القاموس وترجمتها وشرحها وانا أتصفح أمهات المعاجم أناء الليل وأطراف النهار دون أن ادخر جهدا لاخراج القاموس الى حيز الوجود على خير وجه.

وتم تأليف هذا القاموس الثنائي اللغة تيسيرا لتعلم العربية من قبل الاويغوريين غير الناطقين بها. فتتمثل مزايا هذا القاموس في غزارة مواده و ضبط معاني مفرداته بوجه عام و في يسر استعماله بوجه خاص، لأن كلماته مرتبة حسب حروفها الثلاثة الأولى مما يلخص الباحث من الرجوع الى مصادرها و أصولها. واني

لأرجو أن أحرز قصب السبق في هذا المضمار و لكن الى اي حد سوف يلازمني التوفيق.

وكثيرا ما أستشهد في هذا القاموس بالأمثلة من الايات القرآنية والأحاديث النبوية والامثال القيمة والعبارات السياقية والتعابير العصرية استلهاما من أمثولة قائلة «بأن معجما بلا أمثلة جسم بدون هيكل عظمي» و الى جانب ذلك اضفت الى القاموس ملحقا مما يتيح لبعض القراء أن يجدوا منه ما يحتاجون اليه من المفردات.

وعلى هذا النحو تضخم القاموس في نهاية المطاف حتى أخرجته في مجلدين كبيرين. وما يدعوني الى السرور والفخر هو أن اضع القاموس العربي ـ الاويغوري بين أيدي القراء الاعزاء باعتباره اول قاموس من نوعه في ديارنا.

واكون شاكرا للقراء الاعزاء سلفا اذا تفضلوا بإبداء ملاحظاتهم في اختيار مواد اللغة أو في تهذيب معانيها أو في ايضاحها و الله ولي التوفيق والحمد لله أولا وآخرا.

وقد اعتمدت فى إعداد هذا المعجم على المعاجم العربية الآتية:

| | | |
|---|---|---|
| المعجم العربى الأساسى | : | جماعة من كبار اللغويين العرب |
| لاروس | : | خليل جر |
| مختار الصحاح | : | محمد بن أبي بكر |
| القاموس المحيط | : | فيروز آبادى |
| معجم مفردات ألفاظ القرآن | : | الراغب الأصفهاني |
| تاج اللغة وصحاح العربية | : | إسماعيل بن حماد الجوهري |
| القاموس الجديد للطلاب | : | مجموعة من المؤلفين |
| المعجم الوجيز | : | مجمع اللغة العربية |
| المنجد | : | الأب لويس معلوف |
| المعجم الوسيط | : | مجموعة من المؤلفين |
| الرائد | : | جبران مسعود |
| مختار القاموس | : | طاهر احمد الزاوى |
| تاج العروس من جواهرالقاموس | : | مرتضى الزَّبيدى |
| معجم العربية الصينية | : | قسم اللغةالعربية فى جامعةبكين |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

مۇنداق چوڭ ھەجىملىك ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى تۇنجى قېتىملىق ئىش .

كۆپ يىللىق جاپالىق ئىشلەش ، ئەتراپلىق ئىزدىنىشنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە بۇ لۇغەت ئاخىر روياپقا چىقتى .

بۇ لۇغەتنى تۈزۈشتە ئەھلى ئىلىملەر ، ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ، ئەرەبچە كىتابلارنى مۇتالىئە قىلغۇچىلار ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە مۇنداق لۇغەتكە ئېھتىياجى بولغانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسەت قىلىندى . شۇنىڭدەك ، بۇرۇنلا شەكىللىنىپ ئەھلى ئىلىملەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ، خەلق تىلىدىن يىراقلاشقان مەدرىس تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىشى كۆزدە تۇتۇلدى .

لۇغەتنى تۈزۈشتە نەچچە ئون يىل دىنشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بىر قىسىم نوپۇزلۇق كلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەمەلىيىتىم جەريانىدا توپلىغان كارتلارنى ئاساسىي مەنبە قىلىشتىن تاشقىرى ، لۇغەتكە ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىي تىلىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ھەرقايسى ساھەلەرگە ئائىت ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ سۆزلۈكلەر كۆپلەپ كىرگۈزۈلدى . ئەرەب تەمسىلىدە « مىسالسىز لۇغەت قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئوخشايدۇ » دېيىلگىنىدەك ، سۆزلەرنىڭ ئىشلىنىدىغان ئورۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللار بېرىلدى . مىساللارنىڭ كۆپرەكى خىلمۇ خىل مەزمۇندىكى ئۆلچەملىك ، راۋان ئىبارە ـ جۈملىلەر ، تەمسىل ـ ماقاللار بولۇش بىلەن يەنە ئايەت ، ھەدىسلەردىنمۇ خېلى كۆپ مىساللار ئېلىندى . سۆزنىڭ مەنىسىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن بىر قىسىم سۆزلەرگە بىردىن ئارتۇق مىسال بېرىلدى . مىساللار دېگۈدەك تەرجىمىلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىلدى . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، بۇ لۇغەت تەرجىمىنى قانداق ئىشلەش ۋە تەرجىمە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردىمۇ كىتابخان ئۈچۈن ياخشى يېتەكچى بولالايدۇ . ئەرەب تىلى لېكسىكىسى ناھايىتى مول ، لۇغەت تەركىبىدىكى قەدىمكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى تىل تەرەققىياتى جەريانىدا كېڭىيىپ بارغان . مانا بۇ ئەرەب تىلىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخىدىكى بىر خۇسۇسىيەت بولۇپ ، لۇغەتتە شۇنداق سۆزلەرنىڭ يېڭى ـ كونا مەنىلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشەندۈرۈلدى .

دەسلەپتە ، لۇغەتنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر جىلدلىق قىلىپ تۈزمەكچى بولغان بولسامۇ ، نۆۋەتتىكى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ ، لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەملەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى . بېرىلگەن مىساللار كۆپەيتىلدى . شۇنىڭ بىلەن لۇغەت تېخىمۇ بېيىدى . ھەجمى زورىيىپ ، ئۇنى ئىككى جىلد قىلىپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى . لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەملەر ۋە مىساللارنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تەرەپلىرىگە ئەرەب تىلىغا خاس تاۋۇش بەلگىلىرى بولغان ھەرىكەلەر قويۇلدى . بۇ ئىش لۇغەتنى تۈزۈش ، كومپيۇتېردا ئۇرۇش ، سېلىشتۇرۇش

جەھەتلەردىكى مەشغۇلات سالمىقىنى زور دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى . تىل لۇغىتى تۈزۈش-نىڭ ئۆزى ئىنتايىن جاپالىق ، نازۇك ئىلمىي ئىش . ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ يوق ھېسابتا بولغانلىقى ، بۇ جەھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالىغۇدەك بىرەر ئۆلگىنىڭ بولماسلىقى ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە قوش تىللىق لۇغەت تۈزۈشنىڭ تېخىمۇ قىيىن ۋە مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ .

لۇغەت ئىشلەش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى ، تۇتۇنغان ئىشىمنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى .

مەشھۇر يازغۇچى، چوڭ ھەجىملىك ئىنگلىز تىلى لۇغىتىنىڭ تۈزگۈچىسى جونسون مۇنداق دېگەن: «ئەسەر يازغانلار كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما لۇغەت تۈزگەن ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن قۇتۇلالىسا چوڭ گەپ». لۇغەت تۈزۈشتە ئۇنى بىر يولىلا مۇكەممەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىدىن خالىي بولۇش تەس .

مەشھۇر قەلەم ساھىبى ئىمادۇددىن ئىسفاھانى مۇنداق دېگەن : « كىشى بۈگۈن كىتاب يېزىپ چىقىپ ئەتىسىلا ، بۇ يەرنى ئۆزگەرتكەن بولسام ياخشى بولىدىكەن ، بۇنى قوشقان بولسام قارشى ئېلىنىدىكەن ، بۇ نۇقتىنى ئالدىدا بايان قىلسام بوپتىكەن ، بۇنى چىقىرىۋەتكەن بولسام بەلەن بولاتتىكەن ، دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ . مانا بۇ ئىنساننىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ھامان نۇقساندىن خالىي بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . »

بۇ لۇغەتنى ئىشلەش جەريانىدا ، شىنجاڭ دىنى ئىسلام ئىنستىتۇتى رەھبەرلىكى ھەرجەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى . شىنجاڭ دىنى ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسلىرىدىن قۇدرىتىللا ھاجى ، تاھىر ھاجى ، ئوسمان ھاجى ، قەمەردىن ھاجى ، قۇربانجان يۇسۇپ قاتارلىقلار لۇغەتنى رەتلەش ، سىلىشتۇرۇش ، تولۇقلاش ، كۆچۈرۈش جەھەتلەردە يېقىندىن ياردەمدە بولدى . سۆزلەملەر ۋە مىساللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا قىزىم نەزىرە ياردەملەشتى . ئۇلارنىڭ ھەمىيىسىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن . بۇ لۇغەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ياخشى ھەمراھ ، سادىق دوست ، ئايرىلماس ئۈلپەت بولۇپ قالغۇسى . لۇغەتنى رەتلەش ، تۈزىتىش ۋاقتىنىڭ زىچ بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇرمەنلەر جىددىي ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، لۇغەتنىڭ تېزرەك چىقىشىنى سۈيلەپ ، پېقىرنى ئالدىرىتىشى بىلەن لۇغەتتە بەزى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرگە يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن . كېيىنكى نەشرىدە تولۇقلىنىشى ئۈچۈن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

www.uyghurkitap.com

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى

ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجلىق سۆزلەرنى ئاختۇرۇپ تېپىشىغا ئوڭئايلىق بولۇشى ئۈچۈن ، سۆزلەرنىڭ يىلتىزى (مصدر) ئاساس قىلىنماي، بەلكى باش ھەرپى ئاساس قىلىنىپ، سۆزلەر ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىۋى بويىچە تىزىلدى. مەسىلەن: (مَدْرَسَة) (د) ھەرپىدە ئەمەس ، (م) ھەرپىدە، (تَدَارَسَ) (د) ھەرپىدە ئەمەس، (ت) ھەرپىدە، (دَرَسَ) بولسا (د) ھەرپىدە بېرىلدى .

1 . (ا) ئەلىف ساكىنلىق كەلسە (ا) ئەلىف ، ساكىندىن باشقا ھەرىكە بىلەن كەلسە (ء) ھەمزە ھېسابلىنىدۇ. لۇغەت تەرتىۋىدە ئالدى بىلەن (ا) ئەلىف، ئاندىن (ء) ھەمزە تىزىلدى .

2 . سۆزلەرنىڭ 3 ـ ھەرپى (ء) ھەمزە بولۇپ ، (فاعل) ۋەزنىدە كەلگەن ئىسىملار يېڭى ئۇسلۇبتا تۈزۈلگەن ئەرەبچە لۇغەتلەردىكى تەرتىپ بويىچە 3 ـ ھەرپى (ي) بولغان سۆزنىڭ ئالدىغا قويۇلدى . مەسىلەن : الحائم ، الحايّگە ئوخشاش .

3 . تۈپ سۆزلەر باشلاپ كەلگەن قوشۇمچە سۆزلەر رەت تەرتىۋى بويىچە تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى .

4 . سۆزلەرنىڭ باش ھەرپى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلىشتىن تاشقىرى ، سۆزلەرنىڭ 2 ـ ، 3 ـ ھەرپلىرىدىمۇ رەت تەرتىۋى ھېسابقا ئېلىنىدى . مەسىلەن : ثَاج، ثئد، ثَأر، ثبت، ثبج، ثبر قاتارلىقلار.

5 . ئايرىم سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئالدىدا پېئىللار ، ئاندىن ئىسىملار بېرىلدى . پېئىللارنىڭ تەرتىۋىدە ئالدىدا (فعل ماضى) ئاندىن (فعل مضارع) ئاندىن (مصدر) بېرىلىپ، پەقەت ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلدى .

6 . مىسالى بېرىلگەن (مصدر) لەرنىڭمۇ سۆزلەملەر قاتارىدا تەرجىمىسى بېرىلدى .

7 . ئاھاڭداش سۆزلەر ئايرىم سۆزلەملەر قاتارىدا ئىزاھلاندى .

8 . ئايرىم ئىشلىتىلمەي ، سۆز بىرىكمىلىرىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر ئايرىم ئىزاھلانماي ، سۆز بىرىكمىسى ئىچىدە ئىزاھلاندى .

9 . لۇغەتتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىرلىككە كەلگەن ئاتالغۇ شەكلىدە بېرىلىش بىلەن بىللە ، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى يەشمە ئىزاھ شەكلىدە بېرىلدى .

10 : رجل، شخص، عمل، أمر، شيء قاتارلىق سۆزلەر، باش ماددا بولۇپ كەلگەن

پېئىللارنىڭ پائىلى ياكى مەفئۇلى بولۇپ كەلسە ، ئۇلار تەرجىمىدە بېرىلمىدى . مەسىلەن :

جَاءَ الشَّخْصُ: كەلدى . ظهرالأمرُ: ئايدىڭلاشتى . تَمَّ الْعملُ: تۈگىدى .

11 . ئەرەبچە سۆزلەملەر بىلەن تەرجىمىسى ئارىسىغا قوش چېكىت قويۇلدى .

12 . مىساللار قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ، قوش چېكىت قويۇلغاندىن كېيىن تەرجىمىسى تىرناقسىز بېرىلدى .

13 . قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن ئېلىنغان مىساللارنىڭ ئاخىرىدىكى ‹قرآن›

‹حديث› سۆزلىرى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى .

14 . ئەرەبچە بولسۇن ، ئۇيغۇرچە بولسۇن ، ئەسكەرتمە ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ئىزاھاتلار تىرناق ئىچىگە ئېلىندى .

15 . ئەرەبچە سۆزلۈكلەر ۋە مىساللارنىڭ ھەممىسى چوڭراق قارا خەت بىلەن بېرىلدى .

16 . لۇغەتتىن پايدىلانغۇچىلارغا ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن ، مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر - بىرىگە ھاۋالە قىلىنماي ، ئۆز نۆۋىتىدە بېرىلدى .

17 . تەڭداش مەنىلىك سۆزلەر پەش بىلەن ، مەنىلىرىدە پەرق بار سۆزلەر چېكىتلىك پەش بىلەن ئايرىتىلدى .

18 . سۆزلەرنىڭ جمع ( كۆپلۈك ) شەكلى «ج» بەلگىسى بىلەن ، مؤنث ( چىشى ، ئايال جىنسىغا مەنسۇپ ) شەكلى «م» بەلگىسى بىلەن بېرىلدى .

19 . فِعل مُضَاعَف ( تەكرار ھەرپلىك پېئىل ) ‹تَشْدِيد› لىك ئوقۇلىدىغان ھەرپكە ئىككى ھەرپ بويىچە مۇئامىلە قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ھەرپ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزئارا ئورنىغا قويۇلدى . مەسىلەن : ‹دَرَسَ› سۆزى ‹دَرَّسَ› سۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىتابخانىغا

## مۇھەممەد سالىھ

كىتاب ـ قەغەز ، سۆيۈملۈكتۇر ماڭا ھەر جايدا يار بولسا ،
نادانلار ئالدىدا قەغەز ـ قەلەم بىئېتىبار بولسا .

كىتابقا ئاشىنا بولدۇم ئىلىمنىڭ پەيزىنى سۈردۈم ،
سۆيۈنمەمدۇ كىشى دىلدىن بەخت ئىقبالغا يار بولسا .

بىلىم ئىشقىدا يانغانمەن بولۇپ مانەندە پەرۋانە ،
يۈرەكتىن سۆيگىنىم سۆيگەن كىتابتەك خۇش نىگار بولسا .

قەلەم ـ قەغەز بىلەن سىرداش بولۇپ خىلۋەتتە ئۈن ـ تىنسىز ،
نى كۆيلەر كۆيلىمەس ئىنسان بىلىمگە دىل خۇمار بولسا .

گۈدەكلىك چاغلىرىمدىنلا بىلىمگە مەھلىيا بولدۇم ،
دەمى ئايرىلمىقىم مۇشكۇل ، بىلىمدەك گۈلئۈزار بولسا .

ئارامگاھىم كىتابىمدۇر ئۈنىڭسىز ھېچ ئارامىم يوق ،
ئارامبەخش قۇرلىرى دىللار ئارا چاقناپ تۇرار بولسا .

سۈكۈناتتا چۈمۈلگەن كائىنات تۈن ئىچرە مەن تەنھا ،
نە تەنھا ئۆلپىتىم دىلكەش كىتابىم ياندا بار بولسا .

بولۇپ خىلۋەتتە كۆلبەم ئىچرە مەزھەر جىلۋە ئى جانان ،
نە جانان ھەر ۋەرەقتىن يۈز تەجەللى ئاشكار بولسا .

تىنىمسىز ئىنتىلىش روھى راۋاندۇر بەدەن ئىچرە ،
خىرەد ئەھلىگە خاس غەيرەت دىلىمدا جۇش ئۇرار بولسا .

نېسىپ بولماس كىشىگە نوكتەدانلىق ئەجر ـ مېھنەتسىز ،
كېچىپ ۋاز ئىستىقامەتتىن بىھۇش ئۇخلاپ ياتار بولسا ،

پاراغەت ئىستىراھەتتىن كېچىپ تىنماي ئۆگەنمەستىن ،
قېلىپ غەپلەتتە ئاغرىنما بىلىم سەندىن قاچار بولسا .

جاھالەت دەشتىدىن قاچتىم بەدەر نۇرانە يول ئىزدەپ ،
كامالەت ۋەسلىگە يەتكەي كىشى ھەق يول تاپار بولسا .

نادانلىق بىرلە ئاڭسىزلىق كىشىگە بىداۋا دەردتۇر ،
نە قىلغاي دىل كۆزى كور بىداۋا دەردكە دۇچار بولسا .

ئىلىم ئەھلى ماكان تۇتتى كامالەت تەختىدە ھەرچاغ ،
ئىلىمسىزلار زەبۇنلۇقتا پىقىرۇ خاكسار بولسا .

زۇھور ئەيلەپ ئەدەم سەھراسىدىن يىگانە بىر قامۇس ،
تەبەسسۇم ئەيلەبان ناز ئىلكىدە سىزگە باقار بولسا .

ئېچىلغاي زەر چېچىلغان مەنىلەردىن تۇزۇماس گۈللەر ،
نەخۇشتۇر رەڭمۇ رەڭ گۈللەر مۇئەتتەر ھىد چاچار بولسا .

ئارامبەخش باغچىدۇر قامۇس ئېچىلغان غۇنچىدۇر ھەرسۆز ،
تۇزارمۇ يايرىماي دىللار چىمەنلىك مۇرغىزار بولسا .

بولۇر ھەل مۇشكۇلاتلار دەرمەھەل قامۇسنى ئاختۇرساڭ ،
كۆڭۈل رىشتىڭ ئۇزۇلمەستىن كىتابقا باغلىنار بولسا .

دىماغلار يايرىغاي يىلداپ مۇئەتتەر ھىد ئىلىپ ھەردەم ،
شامال تارقاتقىنى بەدبۇي ئەمەس خۇشبۇي ئىپار بولسا .

كىتاب كۆرسەڭ مۇھەييادۇر قولۇڭدا رەھنەما قامۇس .
داۋان ئاشماق بولۇر ئاسان يولۇچى شەھسۇۋار بولسا .

لاتاپەت باغىدا يەكتا لۇغەتلەر غۇنچە رەناسى ،
تولۇپ ھېكمەتكە ھەرقۇر شۇنچە چوڭقۇر مەندار بولسا .

يېزىپ ھەر سۆزنى مىڭ دەڭسەپ دۇرۇس مەنانى قوغلاشتىم ،
قىزىقمايدۇ خېرىدارىڭ مىلىڭ ئۆتمەس تاۋار بولسا .

قانات قاقاي خىيال كەپتەرلىرىم ئۆرلەپ ساما ئۆزرە ،
قەلەم جەۋلان قىلىپ ئىلھاملىرىم سەلدەك تاشار بولسا .

uyghurkitap.com

لۇغەتتۇر يار دىلخاھى ئۈنى سەن تۇتىيا بىلگىن
بولۇپ شوتا نىشانىغا ئۆرلەمەككە ئەسقاتار بولسا .

خىرام ئەيلەيدۇ قۇرلار ئىچرە سۆزلەم ئىشتىۋە ناز بىرلە ،
نە خۇش زىبەنلىگىنى سۆزلۈكلەر قۇياشتەك يورۇتار بولسا .

ئىلىم سەھراسىنى كەزگىن بولۇپ قامۇسقا چىن مەپتۇن ،
ئويۇن سەيناسىدا يۈرمەك خالايىق ئىچرە ئار بولسا .

بۇدۇر ئابى ھايات يا ئابى كەۋسەردۇر ئوقۇر تەھسىن ،
ئىلىم تەشناسى چاڭقاقلار ئىچىپ كەۋسەر قانار بولسا .

تامامىلانماي تۇرۇپ قامۇس قاچان كۆڭلۈم تاپار تەسكىن ،
كىتابخان تەلمۈرۈپ تېزرەك كۆرۈشكە ئىنتىزار بولسا .

ئوقۇرمەن زوقلىنىپ خۇشتار بولۇر ھەرچاغدا قامۇسقا ،
تىرەن مەنالىدىن ھەربەتتە ئاھۇلار شىكار بولسا .

خىيالىم كەزدى مەنالەر باياۋانىنى تىنماستىن ،
ساڭا يەتمەمدۇ ھەر بەت ئىچرە مول مەنا ياتار بولسا .

ھۇمايۇن قۇشلىرى قونغاي بېشىغا تۆھپىكارلارنىڭ ،
ئۇلاردا ئىجتىھات، غەيرەت ، ئىراده ، ئىقتىدار بولسا .

تالاي يىللار رىيازەتتە ئىلىم گىرداۋىدا ئۈزدۈم ،
جاۋاھىرلار سۈزۈپ تىنماي ، غەرەز دۇرلار نىسار بولسا .

كىشى ئاجىز ئىكەن زەپمۇ نەپەستىن قالسا يوق ئىپسان ،
ھاياتتۇر كەتسىمۇ ئىنسان ھەقىقىي تۆھپىكار بولسا .

بېرىلدىم ئىلمۇ ئىرپانغا بوشاشماي ئىزدىنىپ شۇنچە ،
نىشانغا يەتمىگەي ئىنسان يۇرەردە بىمادار بولسا .

لۇغەت مەستانىسى بولدۇم چېكىپ كۆپ رەنجۇ مېھنەتلەر ،
يېنىڭدىن ئايرىما ھەرگىز لۇغەت قۇتلۇق تۇمار بولسا ،

چاچار بەتلەر ئارا دۇردانە سۆزلۈكلەر جۇلاسىنى ،
تېپىپ قامۇستا چىن مەنا بۆلەكتىن جانلىنار بولسا .

تەپەككۇر قۇشلىرىم ساقى بولۇپ خۇش پەيتتە قوش قوللاپ ،
ۋىسال جامىغا شەربەت تولدۇرۇپ بېردەك تۇتار بولسا .

پاچاقلاپ مۇشكۇلاتلارنى بولۇرمەن شىرى يەزدانەك ،
سېزەرمەن مىڭ ھۇزۇر دىلدىن توساقلار تارمار بولىسا .

مۇئەممالار بەسى كۆپ دۇچ كېلەر ماڭدامدا بىر مۇشكۇل ،
نىھان سىرلار ئايان بولماس كۆڭۈللەر بىقارار بولسا .

شاياتونلار بولۇرمىش خەستە دىللار ئاھىغا بائىس ،
ئەقىل ئىدراكقا گۇمراھلىق يېتىپ يولدىن ئازار بولسا .

پەرى پەيكەر بولالماس دىلبەرى ئەييارە ناز ئەيلەپ ،
ئوقۇپ ئەپسۇن دەمادەم ئىشقى بازارىندا زار بولسا .

يورۇقتۇر ھەر زامان كۆڭلۈم ئۆيى خۇرشىدى تاباندەك ،
تىلەكلەر ھەل بولۇر بېشەك كۆڭۈللەر بىغۇبار بولسا .

بولۇرمەن گاھى ناشاد ، گاھى شاد باشىمدا مىڭ سەۋدا ،
جاھان غەۋغالىرىدىن بىباھا ئۆمرۈم بىكار بولسا .

كېتەر يىللار ئۆتەر ئايلار پەسىللەر ئالمىشىپ بىر-بىر ،
نەۋا ئەيلەر ھامان بۇلبۇل خازان بولماس باھار بولسا .

چېچەكلەپ بەختۇ ئىقبالىم ھاياتىم مەنىلىك ئۆتكەي ،
ۋەتەن ئەل ئىشقى قەلبىمدە بولۇپ ئاتەش يانار بولسا .

دىنيارىم قەرزى زىممەمدە ئۆمۈرۋايەت ئادا بولماس ،
ھېلىغۇ تەندىكى بىر جان تۈمەنمىڭ جان نىسار بولسا .

بىكاردۇر ئەلگە خىزمەتسىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ چاغنى ،
تەبەسسۇم ئىلكىدە دەۋران سۈرۈپ مىڭ يىل ياشار بولسا .

ئۆمۈر يۇلتۇزلىرىم ساقىپ تۈگەپتۇ بەرق ئۇرۇپ بىر-بىر،
مۆكۈنگەي كۆكتىكى ئەختەر كېتىپ شەب ، گەر ، نەھار بولسا .

قاراپ باقسام تۇرۇپتۇ كۆز ئوچۇمدا شۇنچە كۆپ ماۋزۇ ،
نىتەي ساقىبندى ئۆمرۈمدە قەلەم چارچاپ يازار بولسا .

بىرىلگەي ئۆلمۈ ئىرپانغا قەدەمدە قالدۇرۇپ بىر ئىز ،
كىمىكى روھى ئەجدادلارغا بەرھەق ئىز باسار بولسا .

كىتاب يازدىم ئۈمىد شۇكى جاھاندا قالدۇرۇپ كەتسەم ،
نىشانەم قالسا ئەۋلادلارغا مەندىن يادىكار بولسا .

تەمەييىم يوق مۇكاپاتتىن پەقەت ئالەمچە بەختىمدۇر ،
ئىشىم مەقبۇل بولۇپ دىللاردا نامىم يادلىنار بولسا .

## الحروف الهجائية

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ا | ب | ت | ث | ج | ح | خ |
| د | ذ | ر | ز | س | ش | ص |
| ض | ط | ظ | ع | غ | ف | ق |
| ك | ل | م | ن | ه | و | ي |

## مۇندەرىجە


الإهداء ........ 1
مقدمة ........ 3
المراجع ........ 4
تۈزگۈچىدىن ........ 5
لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ........ 7
كىتابخانغا ........ 9
لۇغەت تېكىستى ........ 1
ا ........ 1
ب ........ 317
ت ........ 379
ث ........ 543
ج ........ 560
ح ........ 607
خ ........ 685
د ........ 737
ذ ........ 780
ر ........ 798
ز ........ 881
س ........ 916

www.uyghurkitap.com

**آبَ يَؤُوبُ أَوْبًا وَمَآبًا:** قايتتى، ياندى، قايتىپ كەلدى.

**آبَ إِلَى اللّٰهِ:** ئاللاھقا تەۋبە قىلدى.

**آب:** ئاۋغۇست.

**«سَوْفَ يُعْقَدُالإِجْتِمَاعُ فِي آبِالْقَادِمِ» :** يىغىن ئالدىمىزدىكى ئاۋغۇستتا ئېچىلىدۇ.

**آبِدْ:** ياۋايى، كۆندۈرۈلمىگەن، ۋەھشىي، ياۋۇز.

**آبِدَةٌ ج اَوَابِدُ:** تۇرغۇن قۇشلار، قىش ـ ياز بىر جايدا ياشايدىغان قۇش؛ ياۋايى ھايۋان؛ كىشىنى چۆچۈتىدىغان چوڭ ئىش، مەڭگۈ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ ۋەقە؛ چەتتىن كىرگەن سۆز؛ مەڭگۈلۈك نەرسە، قەدىمكى قەبرە بۇيۇمى.

**أَوَابِدُ الشِّعْرِ:** ئوخشىشى يوق قالتىس شېئىر.

**أَوَابِدُ الْكَلَامِ:** ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەر.

**آبٍ ج آبُونَ و اُبَاةٌ أَبَّاءُ:** باش تارتقۇچى، رەت قىلغۇچى، نارازى بولغۇچى.

**آبِقْ ج أُبَّاقٌ و أُبَّقٌ:** قاچقۇچى قۇل، قاچقۇن قۇل؛ قاچقۇچى، قاچقۇن.

**آتَى يُؤْتِي إِيْتَاءً:** بەردى، ئاتا قىلدى.

**آتَى الزَّكَاةَ:** زاكاتنى بەردى، زاكاتنى ئادا قىلدى.

**«وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ» ‹قرآن› :** ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە . . . پۇل ـ مال ياردەم بەردى.

**«فَآتُواهُنَّ أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةً» ‹قرآن›:** ئۇلارغا بېكىتىلگەن مەھرلىرىنى بېرىڭلار.

**«قَالَ لِفَتَاهُ آتِنَاغَدَاءَنَا» ‹قرآن› :** مۇسا ياش خادىمغا : « ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى.

**«لَمْ تُؤْتِ الثَّمَرَةُ أُكُلَهَا» :** مېۋە بولمىدى، ھوسۇل بەرمىدى.

**«آتَى الشَّيْءُ لَهُ» :** ئۇ ئوڭۇشلۇق بولدى، قولايلىق بولدى.

**آتَتْهُ الْفُرْصَةُ:** پۇرسەت كەلدى.

**آتَى يُوَاتِي مُؤَاتَاةً عَلَى الأَمْرِ:** قوشۇلدى، ماقۇل كۆردى، ئۇنىدى.

**آتٍ:** كەلگۈچى، يېتىپ كەلگۈچى؛ كېلەركى.

**اَلشَّهْرُ الآتِي:** كېلەركى ئاي، كېلەر ئاي.

**اَلآتِي ذِكْرُهُ:** ئۇ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ.

**اَلآتِي بَيَانُهُ:** تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**كَمَا هُوَالآتِي:** تۆۋەندىكىدەك، تۆۋەندىكىچە.

**اَلأَجْيَالُ الآتِيَةُ:** ئۇرۇق ـ ئەۋلاد، كەلگۈسى ئەۋلادلار.

**عَلَى وَجْهِ الآتِيَةِ:** تۆۋەندىكىدەك.

**فِي الأُسْبُوعِ الآتِي:** كېلەر ھەپتە.

**اَلأَشْخَاصُ الآتِيَةُ أَسْمَاؤُهُمْ:** ئىسمى بايان قىلىنىدىغان كىشىلەر.

**آثَرَ يُؤْثِرُ إِيْثَارًا عَلَى كَذَا:** تاللىدى، خالىدى، ئارتۇق بىلدى.

**«وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْكَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ» ‹قرآن› :** ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتىدىن) ئەلا بىلىدۇ.

**«إِنْ هُوَ إِلاَّ سِحْرٌ يُؤْثَرُ» ‹قرآن› :** بۇ پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر.

**«بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا» ‹قرآن› :** سىلەر دۇنيادىكى تىرىكچىلىكنى ئارتۇق كۆرىسىلەر.

**«آثَرَ أَنْ يُوَاصِلَ دِرَاسَتَهُ الْعَالِيَةَفِي الْخَارِجِ» :** ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى چەت ئەلدە داۋاملاشتۇرۇشنى ئارتۇق بىلدى.

**آثَارْ:** ئەسەر، ئىز، ئاسار ـ ئەتىقە؛ داغ.

**أَزَالَ آثَارَ الْعُدْوَانِ:** تاجاۋۇزچىلىق قالدۇقلىرىنى تۈگەتتى.

**«إِنَّا نَحْنُ نُحْيِ الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَاقَدَّمُوا وَ آثَارَهُمْ» ‹قرآن›:** شۈبھىسىزكى بىز ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز.

**اَلْآثَارُ الْمَادِّيَّةُ:** ماددىي دەلىل ـ ئىسپات، ماددىي پاكىت.

**عِلْمُ الْآثَارِ الْقَدِيْمَةِ:** ئارخېئولوگىيە.

**آثَارُ الْمُؤَلِّفِ:** ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى، ئاپتورنىڭ قىلغان ئىشلىرى.

**دَارُ الْآثَارِ:** مۇزېي.

**تَخْرِيْبُ الْآثَارِ الْقَدِيْمَةِ:** قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلىش.

**آثَمَ يُؤْثِمُ إِيْثَامًا فُلاَنًا:** گۇناھقا باشلىدى، گۇناھقا يېتەكلىدى.

**آثِمٌ ج أَثَمَةٌ:** گۇناھكار، جىنايەتچى، ياۋۇز، قۇلاق كەستى.

**«وَلاَتُطِعْ مِنْهُمْ آثِمًا أَوْكَفُورًا» ‹قرآن›:** ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن.

**آجَرَ يُؤْجِرُ إِيْجَارًا:** ئىجارىگە بەردى؛ مۇكاپاتلىدى.

**«آجَرَه الدَّارَ وَنَحْوَهَا»:** قورۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىجارىگە بەردى.

**«آجَرَ الدَّارَ مِنَ الشَّرِكَةِ»:** ئۇ شىركەتتىن قورۇنى ئىجارىگە ئالدى.

**آجَرَ يُؤَاجِرُ مُؤَاجَرَةً الرَّجُلَ:** ياللىدى، ياللاپ ئىشلەتتى.

**آجِرٌ:** خوجايىن، ياللىغۇچى.

**آجُرَّةٌ ج آجُرٌّ:** خىش، پىششىق خىش، كېسەك.

**آجُرُّومِيَّةٌ:** گىرامماتىكا، گىرامماتىكا قائىدىلىرى.

**اَلْآجِلُ. اَلْآجِلَةُ:** ئاخىرەت، قىيامەت كۈنى، ئۇ دۇنيا.

**آجِلاً أَوْ عَاجِلاً:** ئاخىر بىر كۈنى، ھامان بىر كۈنى، بەربىر، قاچانلا بولمىسۇن.

**مَاءٌ آجِنٌ:** توختام سۇ، سېسىق سۇ.

**آخٌ:** تۇخۇم ئېقى؛ سۇس ھاۋارەڭ.

**آحَادٌ:** تاق سانلار، بىرلەر خانىسى، بىرىنچى خانە.

**آحَادُ النَّاسِ:** ئادەتتىكى ئادەملەر، پۇقرا.

**خَبَرُ حَدِيْثِ الْآحَادِ:** بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

**مَرْتَبَةُ الْآحَادِ ‹فِي الْحِسَابِ›:** بىرىنچى خانە، بىرلەر خانىسى.

**آخْ:** ئاھ ـ ۋاھ، ۋوي خۇدايىمەي، ۋاي خۇدايىم.

**آخَذَ يُؤَاخِذُ مُؤَاخَذَةً:** كايىدى، ئەيىبلىدى، جازالىدى.

**لاَ تُؤَاخِذْنِي:** كەچۈرۈڭ، خاپا بولماڭ.

**«لاَتُؤَاخِذْنِي بِمَانَسِيْتُ وَلاَتُرْهِقْنِي مِن أَمْرِي عُسْرًا» ‹قرآن›:** ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما.

**«وَلَوْيُؤَاخِذُ اللّٰهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِمْ مَاتَرَكَ عَلَيْهَا مِنْ دَابَّةٍ» ‹قرآن›:** ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچ بىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى.

**«آخَذَ الْكَاتِبَ عَلَى عَدَدٍ مِنَ الْهَفَوَاتِ»:** ئۇ يازغۇچىنى بىر قىسىم خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىدى.

**آخِرٌ ج أَوَاخِرُ:** ئاخىرقى، ئەككىنچىسى؛ چېكى، ئاخىرى.

**آخِرُ الْأَمْرِ:** ئاخىرقى ھېسابتا، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا.

**«أَمَّا صَدِيْقِي فَكَانَ هُوَ الْآخِرُ يُخَالِفُنِي»:** مېنىڭ دوستۇم ماڭا مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان ئەككىنچى بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

**«وَاجْعَلْ لِي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ» ‹قرآن›:** كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن.

**«هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ» ‹قران›:** ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر.

**«كَانَ وَاقِفًا فِي آخِرِ الصَّفِّ»:** ئۇ سەپنىڭ

ئاخىرىدا تۇرغانىدى.

«جَاءُوا عَنْ آخِرِهِمْ» : ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

«مِنْ أَوَّلِهِ إِلَى آخِرِهِ» : باشتىن ـ ئاخىرغىچە.

اَلْآخِرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «مەڭگۈ»، «باقى» دېگەن مەنىلەردە.

اَلْآخِرَةُ: ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

جُمَادِيَ الْآخِرَةُ: ھىجرىيە ھېسابىدا 6 ـ ئاي.

آخَرُ ج آخَرُونَ م أُخْرَى ج أُخْرَيَاتٌ وَأُخَرُ: باشقا، باشقىلار، باشقا بىرى، يەنە بىرسى.

مِنْ يَوْمٍ لِآخَرَ: بىر كۈندىن ئىككىنچى كۈنگىچە.

مِنْ وَقْتٍ إِلَى آخَرَ: بىر ۋاقىتتىن ئىككىنچى ۋاقىتقىچە.

«أَمَّا أَحَدُكُمَا فَيَسْقِي رَبَّهُ خَمْرًا وَأَمَّا الْآخَرُ فَيُصْلَبُ» «قرآن»: سىلەرنىڭ بىرىڭلار خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ.

رَجُلٌ آخَرُ: ئىككىنچى بىر ئادەم، باشقا بىر كىشى.

«ثُمَّ أَنْشَأْنَاهُ خَلْقًا آخَرَ» «قرآن»: ئاندىن ئۇنى باشقا مەخلۇقتا ئايلاندۇردۇق.

«هَذَا الْكِتَابُ مُفِيدٌ أَمَّا الْآخَرُ فَلَا يَنْفَعُ كَثِيرًا»: بۇ كىتاب پايدىلىق، ئىككىنچى كىتاب بولسا كۆپ پايدىلىق ئەمەس.

آخَى يُؤَاخِي إِخَاءً وَمُؤَاخَاةً وَإِخَاوَةً: دوستلاشتى، قېرىنداش بولۇشتى.

آخَى بَيْنَهُمَا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورناتتى، ئۇ ئىككىسىنى قېرىنداش قىلىپ قويدى.

«آخَى الرَّسُولُ عَلَيْهِ السَّلَامُ بَيْنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورناتتى.

آخِيَّةٌ ج أَوَاخِيُّ وَأَوَاخٍ: چىغرىق.

صَدَاقَةٌ مَتِينَةُ الْأَوَاخِي: مۇستەھكەم دوستلۇق.

آدَ يَؤُودُ أَوْدًا الْعُودَ: ياغاچنى ئەگدى، ئەگرى قىلدى.

آدَ يَؤُودُ أَوْدًا وَأُوُودًا الْحِمْلُ: يۈك ئېغىرلاپ كەتتى، بېسىپ كەتتى.

آدَ الشَّيْءُ: ئەگرى بولدى.

آدَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلدى.

آدَبَ يُؤْدِبُ إِيدَابًا: زىياپەت بەردى، مېھمان قىلدى.

آدِبٌ ج آدِبَةٌ: ساھىبخان، خوجايىن، مېھمان ئىگىسى.

آدَرُ: پورداق؛ پورىدىقى چىقىپ قالغان.

آدَمُ: ئادەم ، ئادەم ئاتا.

بَنُو آدَمَ: ئادەم باللىرى، ئىنسانلار.

اِبْنُ آدَمَ: ئىنسان، ئادەم بالىسى.

تُفَّاحَةُ آدَمَ: بوغدىيەك.

آدَمِيٌّ: ئىنسانىي، ئادەملىك، ئادىمىي ، كىشىلىك.

آدَمِيَّةٌ: كىشىلىك خاراكتېر؛ ئىنسانپەرۋەرلىك.

آذَنَ يُؤْذِنُ إِيذَانًا فُلَانًا: ئۇقتۇردى، بىلدۈردى، خەۋەر قىلدى.

آذَنَ الْحُكْمُ بِالسُّقُوطِ: ھاكىمىيەت يىمىرىلىشكە باشلىدى، ھاكىمىيەت لىڭشىپ قالدى.

«آذَنْتُكُمْ عَلَى سَوَاءٍ» «قرآن» : مەن سىلەرگە ئوخشاش ئۇقتۇردۇم.

«آذَنَ الْمُؤَذِّنُ بِالصَّلَاةِ» : مۇئەززىن نامازغا ئەزان توۋلىدى.

آذَنَهُ الْأَمْرَ وَبِهِ: ئىشقا سالدى، ئىش قىلدۇردى.

آذَى يُؤْذِي إِيذَاءً: زىيان يەتكۈزدى، ئەزىيەت يەتكۈزدى، پاراكەندە قىلدى.

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ آذَوْا مُوسَى» «قرآن» : ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەردەك بولماڭلار.

اَلْآذِيُّ ج أَوَاذِيُّ: دولقۇن، دېڭىز دولقۇنى، ئۆركەش.

آرَقَ يُؤْرِقُ إِيرَاقًا: ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، بىدار قىلدى.

آرِقٌ: ئۇيقۇسى قاچقان، كېچىنى بىدار ئۆتكۈزگۈچى.

**آزَرَ يُؤْزِرُ إِيزَارًاهُ:** ياردەملەشتى، قوللىدى، مەدەت بەردى.

**آزَفَ يُؤْزِفُ إِيزَافًا الْأَمْرَ:** ئالدىراتتى.

**آزِفٌ:** يېقىنلاشتۇرغۇچى.

**اَلْآزِفَةُ:** قىيامەت.

**آزَى يُؤَازِى مُؤَازَاةً وَإِيزَاءً الرَّجُلَ:** ماسلاشتى، مادارا قىلدى.

**آسٌ:** خۇشبۇي، ئاق گۈللۈك، دائىم يېشىل تۇردىغان نوتا ئۈسۈملۈك.

**آسِرٌ:** ئەسىر ئالغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى.

**مَنْطِقٌ آسِرٌ:** كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان سۆز.

**جَمَالٌ آسِرٌ:** كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەللىك.

**آسَفَ يُؤْسِفُ إِيسَافًا:** رەنجىتتى، كۆڭلىنى يېرىم قىلدى، ئېچىندۇردى، بىئارام قىلدى.

**آسَفَ الشَّخْصَ:** غەزەپلەندۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى، خاپا قىلدى.

**«يُؤْسِفُنِى أَلَّا أَسْتَطِيعَ تَلْبِيَةَ دَعْوَتِكَ»:** سىنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلالماسلىقىم مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

**آسِفٌ:** ئەپسۇسلانغۇچى، ئېچىنغۇچى، ھەسرەت چەككۈچى.

**«ظَهَرَ غَيْرَ آسِفٍ عَلَى الْوَظِيفَةِ الَّتِى فَقَدَهَا»:** ئۇ قولدىن كەتكەن ۋەزىپىگە پۇشايمان قىلمىغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

**«أَنَا آسِفٌ كُلَّ الْأَسَفِ لِمَا بَدَرَ مِنِّي»:** مەندىن سادىر بولغان ئىشقا ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن.

**آسِنٌ:** تەمى ئۆزگەرگەن، رەڭگى ئۆزگەرگەن.

**مَاءٌ آسِنٌ:** تەمى ئۆزگەرگەن سۇ، رەڭگى ئۆزگەرگەن سۇ.

**«طَالَبَ السُّكَّانُ بِإِزَالَةِ الْمِيَاهِ الْآسِنَةِ مِنَ الْأَحْيَاءِ الشَّعْبِيَّةِ»:** ئاھالىلەر ئاھالىلەر رايونىدىن سېسىق سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**آسَى يُؤَاسِى مُؤَاسَاةً:** ياردەم بەردى، كۆڭلىنى يۇپۇتتى، تەسەللى بەردى.

**آسَى صَدِيقَهُ:** ئۇ دوستىنىڭ كۆڭلىنى يۇپۇتتى.

**آسَى فُلَانًا بِمَالِهِ:** ئۇنى مېلىغا شېرىك قىلدى.

**«إِنَّ أَخَاكَ مَنْ آسَاكَ»:** كۆڭلۈڭنى يۇپۇتقان ئادەم سېنىڭ قېرىندىشىڭ ھېسابلىنىدۇ.

**آسٍ ج أُسَاةٌ وَآسَاءٌ م آسِيَةٌ ج آسِيَاتٌ وَأَوَاسٍ:** تېۋىپ، دوختۇر؛ غەم-قايغۇدا بىللە بولغۇچى.

**آسٍ ج أَسْيَانُونَ م أَسْيَانَةٌ وَآسِيَةٌ ج أَسْيَانَاتٌ وَأَسَايَا:** قايغۇرغۇچى، دەرد ـ ئەلەملىك.

**آسِيَا:** ئاسىيا قىتئەسى.

**آسِيَاالْوُسْطَى:** ئوتتۇرا ئاسىيا.

**آسِيَوِيٌّ:** ئاسىيالىق، ئاسىياغا خاس، ئاسىيادىن چىققىدىغان.

**آصِرَةٌ ج أَوَاصِرُ:** دوستلۇق، مۇناسىۋەت، تۇغقاندىلىق، يېقىنچىلىق.

**أَوَاصِرُ الصَّدَاقَةِ:** دوستلۇق مۇناسىۋىتى.

**«إِنَّ مَابَيْنَنَا مِنْ أَوَاصِرِ الصَّدَاقَةِ ‹الْقَرَابَةِ› لَايُفْسِدُهُ اخْتِلَافُ الرَّأْيِ»:** بىزنىڭ ئارىمىزدا پىكىر ئىختىلاپى بۇزالمايدىغان دوستلۇق ئالاقىسى بار.

**آضَ يَئِيضُ أَيْضًا:** تەكرارلىندى، قايتىلاندى.

**آضَ إِلَيْهِ:** ئايلاندى، ئەسلىگە قايتتى، ئۆرۈلدى.

**آفَةٌ ج آفَاتٌ:** ئاپەت، ۋابا، كېسەللىك.

**آفَةٌ زِرَاعِيَّةٌ:** زىرائەتلەرگە چۈشىدىغان كېسەللىك.

**آفِلٌ ج أُفَّلٌ وَأُفُلٌ:** ئۆچكۈچى، ئولتۇرغۇچى، (تۆۋەنلىگۈچى).

**نَجْمَةٌ آفِلٌ:** تەلەيسىز، ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەن، تەلىيى قاچقان.

**آقَ يَؤُوقُ أَوْقًا عَلَيْهِ:** شۇملۇق ئەكەلدى.

**آكَدَ يُؤَاكِدُ مُؤَاكَدَةً:** تەكىتلىدى، چىڭىتتى، پۇختىلىدى.

**آكَلَ يُؤَاكِلُ مُؤَاكَلَةً:** بىللە تاماق يېدى، ھەمداستىخان بولدى.

**آكِلٌ ج أَكَلَةٌوآكِلُونَ:** يېگۈچى، غىزالانغۇچى.

**آكِلُ الْحَشَرَاتِ:** ھاشاراتخور.

**آكِلُ اللُّحومِ:** گۆشخور.

**آكِلُ الْعُشْبِ:** ئوتخور.

**آكِلُ لُحومِ الْبَشَرِ:** ئادەم گۆشىنى يېگۈچى.

**آكِلُ النَّمْلِ:** چۈمۈلەخور.

**آكِلَةٌ:** چاقا، يارا، جاراھەت.

**آلَ يَؤُولُ أَوْلاً:** يانىدى، قايتتى، ئېلىپ باردى.

**«إِنَّ تَغَيُّبَ الطَّالِبِ عَنِ الْمَدْرَسَةِ قَدْ يَؤُولُ إِلَى فَشَلِهِ»:** ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە كەلمەسلىكى ئۇنى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىككە ئېلىپ كېلىدۇ.

**آلَ الْأَمْرُ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا قايتتى، ئۇنىڭغا يېتىپ باردى.

**آلٌ:** ئېزىتقۇ، سەراب؛ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلار (مەشھۇر كىشىلەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ.)

**آلُ مُحَمَّدٍ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى ئەۋلادى، مۇسۇلمانلار ئاممىسى.

**آلاتِيٌّ ج آلاتِيَّةٌ:** مۇزىكانت، سازچى.

**آلَةٌ ج آلاتٌ وآلٌ:** قورال، سايمان، ئەسۋاب، ئەزا (ئادەم، ھايۋانلارنىڭ ئورگانىزمى).

**آلَةُ الْحِسِّ:** سەزگۈ ئەزالار.

**آلَةُ الْعُودِ:** بەرباب (چالغۇ ئەسۋابى).

**آلَةُ الطَّرَبِ:** چالغۇ ئەسۋابى.

**اَلْآلَةُ الْكاتِبَةُ:** ماشىنكا.

**اَلْآلَةُ الْحاسِبَةُ:** ھېسابلاش ماشىنىسى.

**آلَةٌ حاسِبَةٌ:** كومپيۇتېر.

**آلَةٌ كَهْرَبائِيَّةٌ:** ئېلېكتر سايمىنى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى.

**آلَةُ الْعَيْشِ:** تۇرمۇش ۋاستىلىرى.

**«آلَةُ الْعَيْشِ صِحَّةٌ وَشَبابٌ»:** ساغلاملىق ۋە ياشلىق تۇرمۇش ۋاستىسىدۇر.

**آلَةُ ضَغْطِ الْهَواءِ:** ھاۋا كومپرېسسورى؛ ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ.

**آلَةٌ مُوسِيقِيَّةٌ:** چالغۇ ئەسۋابى.

**آلَةٌ مُكَبِّرَةٌ لِلصَّوْتِ:** مىكروفون، ئاۋاز ياڭراتقۇ.

**آلَةُ التَّنْبِيهِ:** سىگنال، سىگنال ئاپپاراتى.

**آلَةٌ بُخارِيَّةٌ:** پار ماشىنىسى.

**آلَةُ التَّحْرِيكِ، آلَةٌ مُحَرِّكَةٌ:** ماتور.

**آلَةُ التَّصْوِيرِ:** رەسىم ئاپپاراتى، فوتوئاپپارات.

**آلَةُ الْجَرِّ:** تراكتور.

**آلَةٌ حَصّادَةٌ:** كومبايىن، ئورۇش ماشىنىسى.

**آلَةُ التَّنْقِيبِ:** بۇرغىلاش ماشىنىسى.

**آلَةُ الْإِسْتِقْبالِ:** تېلېگراف ئاپپاراتى.

**آلَةُ الْخِيَاطَةِ:** تىكىش ماشىنىسى.

**آلَةٌ حَرْبِيَّةٌ:** قورال ـ ياراغ، ھەربىي ئەسلىھە.

**آلَةٌ رافِعَةٌ:** كىران.

**آلَةُ الْجَرْفِ:** توپا ئۇسۇش ماشىنىسى.

**آلَةٌ جَهَنَّمِيَّةٌ:** بومبا.

**آلَةُ التَّكْسِيرِ:** يەنجىش ماشىنىسى، ئۇششاقلاش ماشىنىسى.

**آلَةٌ حَدْباءُ:** تاۋۇت.

**«هُوَ آلَةٌ فِي أَيْدِيهِمْ»:** ئۇ ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورچاق.

**آلاتُ الْإِنْتاجِ:** ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى.

**آلاتُ الْإِسْتِشْفاءِ:** داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى.

**آلَفَ يُؤْلِفُ إِيلافًا:** دوست بولىدى، مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئىناق بولدى.

**آلَفَ الشَّيْءَ:** كۆنۈپ قالدى.

**آلَفَ مِنْ:** ... دىن تېخىمۇ يېقىن، ... دىنمۇ يېقىن.

**آلَمَ يُؤْلِمُ إِيلامًا:** ئاغرىتتى، دەرد قىلدى.

**«يُؤْلِمُ الْمُواطِنَ أَنْ يَرَى الْفَسادَ طاغِيًا فِي الْبِلادِ»:** مەملىكەتتە پىتنە ـ پاساتنىڭ ئەۋج ئېلىشى پۇقرانى ئازابلايدۇ.

**آلَى يُؤْلِي إِيلاءً الرَّجُلُ:** قەسەم قىلدى.

**«آلَى عَلَى نَفْسِهِ أَنْ يَقُومَ بِواجِبِهِ»:** ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قەسەم قىلدى.

**آلِيٌّ:** مېخانىزىم، ماشىنا.

**إِنْسَانٌ آلِيٌّ:** ماشىنا ئادەم.

**آلِيَّةٌ:** ماشىنىلىق، مېخانىزملىق.

**حَرَكَةٌ آلِيَّةٌ:** ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت.

**قُوَّةٌ آلِيَّةٌ:** ماشىنىلاشقان قىسىم.

**آمَ يَؤُومُ أُومًا:** تەشنا بولدى، ئۇسساپ كەتتى.

**آمَ يَئِيمُ أَيْمَةً و أُيُومًا و أَيْمًا الرَّجُلُ مِنْ زَوْجَتِهِ:** ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، ئەر تۇل قالدى.

**أَيِمَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ زَوْجِهَا:** ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئايال تۇل قالدى.

**آمَرَ يُؤَامِرُ مُؤَامَرَةً:** مەسلىھەتلەشتى، كېڭەشتى.

**آمَرَ الْقَوْمُ:** مەسلىھەتلەشتى، كېڭىششتى.

**آمِرٌ:** قوماندانلىق قىلغۇچى، كوماندىر.

**آمِرُ لِوَاءٍ:** بىرىگادا (ھەربىيدە).

**اَلْآمِرُ النَّاهِي:** ھوقۇقى چەكسىز ئادەم، چەكسىز سەلتەنەتكە ئىگە ئادەم، دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئادەم.

**آمِرُ الْحَرْسِ:** مۇھاپىزەت ئەترىتى باشلىقى.

**آمِرَةٌ ج أَوَامِرُ:** بۇيرۇق، ۋەزىپە.

**آمِلٌ:** ئۈمىد قىلغۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى، ئۈمىدۋار بولغۇچى.

**آمَنَ يُؤْمِنُ إِيمَانًا بِهِ:** ئىشەندى، ئىمان ئېيتتى، ئېتىقاد قىلدى.

**آمَنَ الشَّخْصُ:** ئېتىقاد قىلدى، ئىمان ئېيتتى.

**«كَانَتِ السَّلْوَةُ الْكُبْرَى لِلنَّاسِ فِي جِيْلِنَادِيْنُهُمْ فَكَانُوا يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ»:** بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ دىنى ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئەمەك بولدى، ئۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان بولدى.

**«لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيْهِ مَايُحِبُّ لِنَفْسِهِ» «حديث»:** سىلەردىن بىرىڭلار نېمىنى ياخشى كۆرسە قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

**آمِنٌ:** ئىشەنچ قىلغۇچى، ئامان بولغۇچى، ئەمىن بولغۇچى، خاتىرجەم، تىنچ، ساق ـ سالامەت.

**اَلْمُوَاطِنُ الْآمِنُ:** تىنچ ئاھالە.

**آمِينَ:** ئى ئاللاھ! ئىجابەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! قوبۇل قىلغىن.

**آنَ يَئِينُ أَيْنًا:** توشتى (ۋاقىت).

**آنَ الْأَوَانُ:** دەل ۋاقتى بولدى.

**آنَ الْمَوْعِدُ:** پەيت كەلدى، ۋەدىلەشكەن ۋاقىت بولدى.

**آنٌ:** ۋاقىت، مەزگىل.

**آنًا بَعْدَ آخَرَ:** پات ـ پات، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

**فِي آنٍ وَاحِدٍ:** بىرلا ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتا.

**مِنْ آنٍ لِآخَرَ:** پات ـ پات، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

**بَيْنَ آنٍ وَآخَرَ:** پات ـ پات، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.

**إِلَى الْآن:** ھازىرغىچە.

**حَتَّى الْآنَ:** ھازىرغىچە.

**مِنَ الْآن فَصَاعِدًا:** ھازىردىن باشلاپ، بۇندىن ئېتىبارەن.

**حَتَّى الْآنَ. لِلْآن:** ھازىرغىچە، ھازىرغا قەدەر.

**اَلْآنَ:** ھازىر، ئەمدى، نۆۋەتتە.

**آنَئِذٍ:** بۇ چاغدا، ئەينى ۋاقىتتا، شۇ چاغدا.

**آنَذَاكَ:** شۇ ۋاقىتتا، ئەينى چاغدا، شۇ پەيتتە.

**آنَسَ يُؤْنِسُ إِينَاسًا و آنَسَ يُؤَانِسُ مُؤَانَسَةً:** تەسەللى بەردى، كۆڭلىنى ياسىدى.

**آنَسَ الرُّشْدَ مِنْهُ:** بىلدى، بايقىدى.

**آنَسَهُ:** كۆردى.

**آنَسَ الشَّيْءَ:** ھېس قىلدى.

**«آنَسْتُ فِيهِ الْكَفَاءَةَ»:** ئۇنىڭدا لاياقەتنى بايقىدىم.

**آنِسَةٌ ج آنِسَاتٌ وأَوَانِسُ:** قىز، خېنىم، خانقىز (توي قىلمىغان قىزلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ)

**آنِفًا:** بايا، ھېلى.

**آنِفُ الذِّكْرِ:** يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

**آنِفُ الْبَيَانِ:** يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

**آنِفَةٌ:** ئۇۋلى، دەسلىپى.

**آنِفَةُ الشَّبَابِ:** ياشلىق، ياشلىق باھارى.

**«قَضَتْ آنِفَةَ الشَّبَابِ» :** ياشلىق باھارى ئۆتۈپ كەتتى.

**آنَقَ يُؤْنِقُ إِينَاقًا وَ نِيقًا الشَّيْءُ فُلاَنًا:** خۇشال قىلدى، شادلاندۇردى، مەمنۇن قىلدى.

**مَالَهُ حَانَّةٌ وَلاَآنَّةٌ:** تۆگىسىمۇ يوق، قويىمۇ يوق.

**آنِيٌّ:** ھازىرقى ۋاقىتتا، ھازىرغا مەنسۇپ، دەرھال.

**تَرْجَمَةٌ آنِيَّةٌ:** دەرھال تەرجىمە، ئۇدۇللۇق تەرجىمە.

**آهَ يَؤُوهُ أَوْهًا:** ئاھ ئۇردى، خورسىندى.

**آهْ:** ۋايجان، ۋايىيەي، ئاھ، ئۇھ.

**آهْ مِنْ دُعَاةِ التَّفْرِقَةِ:** ئىتتىپاقسىزلىق تەرەپدار-لىرىغا ۋاي.

**آهَةٌ ج آهَاتٌ:** ئۇھ تارتقان ئاۋاز، ئاھ ئۇرغان ئاۋاز.

**آهَلَ يُؤْهِلُ إِيهَالاً:** ئۆي ئوچاقلىق قىلدى، تۇرمۇشلۇق قىلىپ قويدى.

**آهِلٌ:** ئاۋات، كۆچۈم، ئادەم ئولتۇراقلاشقان (جاي).

**أَمَاكِنُ آهِلَةٌ بِالسُّكَّانِ:** زىچ ئاھالىلىق رايون، ئاھالىسى زىچ رايون.

**آوِنَةٌ. مُفْرَدُهُ الْأَوَانِ:** ۋاقىت، سائەت، زامان، چاغ.

**آوَى يُؤْوِي إِيوَاءً:** ھىمايە قىلدى، ھىمايىگە ئالدى، قوغدىدى، قانات ئاستىغا ئالدى.

**آوَى اللاَّجِئَ:** ئۇ مۇساپىرنى قويىنىغا ئالدى.

**آيَةٌ ج آيٌ و آيَاتٌ:** ئالامەت، نىشان، سىمۋول، بەلگە، مۆجىزە، ئاجايىبات، ئىبرەت، دەلىل.

**آيَاتُ الشُّكْرِ وَالْوِلاَءِ:** تەشەككۈر ۋە ساداقەت ئالامەتلىرى.

**آيَسَ يُؤْيِسُ إِيئَاسًا:** ئۈمىدسىزلەندۈردى.

**آيَسَ عَلَيْهِ أَوْ عَنْهُ:** قارامىلىق قىلدى، تەۋەككۇل قىلدى.

**آيِلٌ إِلَى الزَّوَالِ:** زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، يوقۇلۇش-قا يۈز تۇتقان.

**آيِبٌ:** قايتقۇچى، يانغۇچى.

**إِئْتَثَرَ يَأْتَثِرُ إِئْتِثَارًا بِكَذَا:** تەسىرگە ئۇچرىدى.

**إِئْتَجَرَ يَأْتَجِرُ إِئْتِجَارًا:** ھەق تەلەپ قىلدى.

**إِئْتَدَمَ يَأْتَدِمُ إِئْتِدَامًا الْعُودُ:** دەرەخكە سۇ يۈگۈردى.

**إِئْتَدَمَ فُلاَنٌ:** ناننى تەم تەڭشىگۈچكە قوشۇپ يېدى.

**إِئْتَزَرَ يَأْتَزِرُ إِئْتِزَارًا الرَّجُلُ:** تون كىيدى؛ تامبال كىيدى.

**إِئْتَسَى يَأْتَسِي إِئْتِسَاءً:** ئۈلگە قىلدى، ئەمۇنە قىلدى.

**إِئْتَكَلَ يَأْتَكِلُ إِئْتِكَالاً النَّارُ:** ئوت چاراسلاپ ياندى.

**إِئْتِلاَفٌ:** ئىناق، بىرلىك.

**دُوَلُ الْإِئْتِلاَفِيِّ:** ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، ئاتتانتا دۆلەتلەر.

**إِئْتِلاَفِيٌّ:** بىرلەشمە.

**حُكُومَةٌ إِئْتِلاَفِيَّةٌ:** بىرلەشمە ھۆكۈمەت (بىرقانچە تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەت).

**إِئْتَلَفَ يَأْتَلِفُ إِئْتِلاَفًا النَّاسُ:** كىشىلەر بىرلىك-كە كەلدى، بىرلەشتى.

**إِئْتَلَقَ يَأْتَلِقُ إِئْتِلاَقًا الْبَرْقُ:** چاقماق چاقتى، چاقماق يورىدى.

**إِئْتَلَى يَأْتَلِي إِئْتِلاَءً:** قەسەم قىلدى، قەسەمياد قىلدى.

**إِئْتِمَارٌ:** مۇھاكىمە، مۇلاھىزە.

**إِئْتِمَانٌ:** ئىتىقاد؛ ئىشەنچ؛ ئىناۋەت.

**إِئْتِمَانِيٌّ:** ئامانەت ـ قەرزگە مەنسۇپ.

**«قَدَّمَ لَهُ الْمَصْرِفُ تَسْهِيلاَتٍ إِئْتِمَانِيَّةً» :** بانكا ئۇنىڭغا ئامانەت قەرز ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇ-رۇپ بەردى.

**إِئْتَمَرَ يَأْتَمِرُ إِئْتِمَارًا:** مەسلىھەتلەشتى، كېڭەشتى.

**«وَأْتَمِرُوا بَيْنَكُمْ بِمَعْرُوفٍ» ‹قرآن› :** ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار.

**«قَالَ يَامُوسَى إِنَّ الْمَلَأَ يَأْتَمِرُونَ بِكَ لِيَقْتُلُوكَ»** ‹قرآن› : «ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاپىرلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋا-تىدۇ. . . » دېدى.

**إِئْتَمَرَ الرَّجُلُ:** بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈردى، بۇيرۇقنى ئورۇندىدى.

**إِئْتَمَرَ بِأَمْرِهِ:** ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى.

**«أَمَرْتُهُ فَائْتَمَرَ»:** ئۇنى بۇيرىغانىدىم، ئۇ بۇيرۇقىمنى ئورۇندىدى.

**اِئْتَمَرَ بِهِ:** ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلىدى.

**اِئْتَمَّ يَأْتَمُّ اِئْتِمَامًا:** ئەگەشتى، ئىقتىدا قىلدى، دورىدى، تەقلىد قىلدى.

**اِئْتَمَّ بِالشَّخْصِ:** ئەگەشتى.

**«يَأْتَمُّ الْمُؤْمِنُ بِالسَّلَفِ الصَّالِحِ»:** مۆمىن ئادەم سەلەف سالىھلارغا ئەگىشىدۇ.

**اِئْتَمَنَ يَأْتَمِنُ إِئْتِمَانًا عَلَى كَذَا:** ھاۋالە قىلدى، تاپشۇردى.

**«فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُمْ بَعْضًا فَلْيُؤَدِّ الَّذِى اؤْتُمِنَ أَمَانَتَهُ» ‹قرآن›:** ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن.

**اِئْتَمَنَ الشَّخْصَ:** ئىشەنچلىك قىلىۋالدى، ئىشەنچلىك ھېسابلىدى.

**اِئْتَنَفَ يَأْتَنِفُ اِئْتِنَافًا:** يېڭىدىن باشلىدى.

**أَبٌ ج آبَاءٌ:** ئاتا، دادا؛ ئەجدادلار، ئاتا - بوۋا.

**«وَجَاءُوا أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُونَ» ‹قرآن›:** ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى.

**«إِنَّهُمْ أَلْفَوْا آبَاءَهُمْ ضَالِّينَ» ‹قرآن›:** ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىنى گۇمراھ بىلدى.

**«فَلَيْتَ لِأَبْنَائِنَا الصِّغَارِ تَجَارِبَ الْآبَاءِ الْكِبَارِ»:** كاشكى بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىزنىڭ چوڭ ئاتىلىرىمىزنىڭكىگە ئوخشاش تەجرىبىلىرى بولسىچۇ!

**يَاأَبَتِ:** ئى، ئاتا، ھەي، دادا.

**«قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَاتُؤْمَرُ» ‹قرآن›:** ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن».

**بِأَبِى أَنْتَ:** ساڭا ئاتام بىلەن پىدا بولاي.

**«مَنْ أَشْبَهَ أَبَاهُ فَمَاظَلَمَ» ‹مثل›:** دادىسىنى دورىغان ئادەم جايىدا ئىش قىلغان بولىدۇ.

**أَبًا عَنْ جَدٍّ:** ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ، نەسلىدىن نەسلىگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا.

**لَاأَبَالَكَ. لَاأَبَ لَكَ:** (مەدھىيە ياكى ھەجۋىدە ئېيتىلىدىغان سۆز) ئاتاڭغا رەھمەت؛ ئاتاڭغا لەنەت.

**أَبَا يَأْبُو إِبَاوَةً و أُبُوَّةً وَ أُبُوًّا الْوَلَدَ:** بالا بېقىۋالدى، بالا ئاسىرىۋالدى.

**أَبَاءَ يُبِيئُ إِبَاءَةً:** ئورۇنلاشتۇردى.

**أَبَابِيلُ:** توپ - توپ.

**«وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ» ‹قرآن›:** پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.

**أَبَاتَ يُبِيتُ إِبَاتَةً:** قوندۇرۇۋالدى.

**أَبَاحَ يُبِيحُ إِبَاحَةً السِّرَّ:** مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويدى.

**أَبَاحَ الْأَمْرَ:** رۇخسەت قىلدى، قويۇۋەتتى.

**اِسْتَبَاحَ يَسْتَبِيحُ إِسْتِبَاحَةً الْعَمَلَ:** ئەمەلنى قانۇنلۇق دەپ ساندى، ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

**إِبَاحَةٌ:** ئىجازەت، رۇخسەت (فىقھە ئىلمىدە قىلىش - قىلماسلىق ئىختىيارىغا قويۇلغان ھۆكۈم).

**إِبَاحَةُ السِّرِّ:** مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويماق.

**إِبَاحِيٌّ:** ئەخلاق جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن بولۇپ، ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەنمەيدىغان كىشى.

**إِبَاحِيٌّ ج إِبَاحِيَّةٌ:** ئەخلاق-قانۇن چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتىش (چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل ئېقىم، يەنى نىگىلىزىم).

**أَبَادَ يُبِيدُ إِبَادَةً:** يوقاتتى، ھالاك قىلدى.

**أَبَادَهُ:** ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى.

**«يُحَاوِلُ الْعِلْمُ الْقَضَاءَ عَلَى الْأَوْبِئَةِ الَّتِي أَبَادَتْ آلَافَ النَّاسِ»:** ئىلىم - پەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى يوقىتىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

**إِبَادَةٌ:** يوقاتماق، ھالاك قىلماق، تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتماق، گۇمران قىلماق.

**أَبَادِيدُ:** ئايرىلغان، تارقاق، چېچىلىپ كەتكەن.

**إِبَارٌ:** چاڭلاشماق.

www.uyghurkitap.com



**أُبَاشَةٌ:** لوكچەك، قولاقكەستى، ساياق.

**إِبَاضَةٌ:** تورمۇز.

**أَبَاطِيلُ:** بەھۇدە ئىشلار، يالغان ـ ياۋىداق ئىشلار، ساختا ئىشلار، ئاساسسىز ئىشلار.

**أَبَاعَ يُبِيعُ إِبَاعَةً الشَّيْءَ:** كۆرگەزمىگە قويدى.

**أَبَالَ يُبِيلُ إِبَالَةً:** سىيگۈزدى، توستى.

**إِبَالَةٌ:** باغ، باغلام، تېڭىق، تاكتىكا، ئىستراتېگىيە، چارە ـ تەدبىر؛ ھوقۇق.

**أَبَانَ يُبِينُ إِبَانَةً:** ئاشكارىلىدى، چۈشەندۈردى، ئىزاھلىدى، روشەنلەشتۈردى.

**أَبَانَ الشَّخْصُ:** كۆڭۈلدىكىنى دېدى، كۆڭۈلدىكىنى تولۇق دېدى.

**أَبَانَهُ:** ئۇنى چۈشەندۈردى، ئۇنى ئىزاھلىدى، ئۇنى روشەنلەشتۈردى.

**أَبَّ يَؤُبُّ أَبًّا وَ أَبَابًا وَ أَبَابَةً إِلَيْهِ:** سېغىندى، ئەسلىدى، ياد ئەتتى.

**أَبٌّ ج أَوُبٌ:** ئوت، ئوت ـ چۆپ.

**«وَفَاكِهَةً وَأَبًّا» ‹قرآن›:** تۈرلۈك مېۋىلەرنى ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى...

**أَبَّارٌ:** يىڭنە ياسىغۇچى؛ يىڭنە ساتقۇچى، يىڭنىچى.

**أَبَّارَةٌ:** يىڭنە قۇتىسى.

**إِبَّالَةٌ:** بوپا، تېڭىق، يۈك ـ تاق، بولاق.

**«ضِغْثٌ عَلَى إِبَّالَةٍ» ‹مثل›:** بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك.

**إِبَّانٌ:** ۋاقىت، مەزگىل، چاغ.

**إِبَّانَ الثَّوْرَةِ:** ئىنقىلاب مەزگىلى.

**إِبَّانَ الشَّيْءِ:** مەزگىل، پەيتى.

**إِبَّانَ الْأَمْرِ:** ئىشنىڭ بېشى.

**«تُوُفِّيَ وَهُوَ فِي إِبَّانِ شَبَابِهِ»:** ئۇ ياشلىق مەزگىلىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**أَبَّرَ يُؤَبِّرُ تَأْبِيرًا الزَّرْعَ:** زىرائەتنى چاڭلاشتۇردى.

**أَبَّدَ يُؤَبِّدُ تَأْبِيدًا:** ئەبەدىيلەشتۈردى، ئۆلمەس قىلىپ قالدۇردى، ئۆچمەس قىلىپ قالدۇردى.

**أَبَّنَ يُؤَبِّنُ تَأْبِينًا:** تەزىيە بىلدۈردى.

**أُبَّهَةٌ:** ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك، ئۇلۇغۋارلىق، ئۇلۇغلۇق.

**«تَبْدُو عَلَيْهِ أُبَّهَةُ السُّلْطَانِ»:** ئۇنىڭ چىرايىدىن پادىشاھنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

**إِبْتَأَرَ يَبْتَئِرُ إِبْتِئَارًا:** قۇدۇق كولىدى.

**إِبْتَأَسَ يَبْتَئِسُ إِبْتِئَاسًا:** قايغۇردى، غەم قىلدى.

**إِبْتَاعَ يَبْتَاعُ إِبْتِيَاعًا صَفْقَةً وَاحِدَةً:** دۆڭ سېتىۋالدى، ھەممىنى سېتىۋالدى.

**إِبْتَاعَ الشَّيْءَ:** سېتىۋالدى.

**إِبْتَدَأَ يَبْتَدِئُ إِبْتِدَاءً:** باشلىدى.

**إِبْتِدَاءٌ:** دەسلەپى، باشلىنىش نۇقتىسى، چىقىش نۇقتىسى، ئىپتىداسى؛ باشلىماق، ئىپتىدا قىلماق.

**إِبْتِدَائِيٌّ:** باشلانغان، دەسلەپكى، باشتىكى، باشلانغۇچ دەرىجىدىكى، ئاساسلىقى.

**مَدْرَسَةٌ إِبْتِدَائِيَّةٌ:** باشلانغۇچ مەكتەپ.

**إِبْتِدَاعٌ:** ئىجاد قىلماق.

**إِبْتَدَرَ يَبْتَدِرُ إِبْتِدَارًا إِلَى كَذَا:** بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشنى تالاشتى، ئالدىرىدى.

**إِبْتَدَعَ يَبْتَدِعُ إِبْتِدَاعًا الشَّيْءَ:** كەشىپ قىلدى، ياراتتى، ئىجاد قىلدى، پەيدا قىلدى.

**«وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَامَاكَتَبْنَاهَاعَلَيْهِمْ» ‹قرآن›:** رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق.

**إِبْتَدَهَ يَبْتَدِهُ إِبْتِدَاهًا الْخُطْبَةَ:** ئويلانماستىنلا نۇتۇق سۆزلىدى.

**إِبْتَذَلَ يَبْتَذِلُ إِبْتِذَالًا الشَّيْءَ:** سەل قارىدى، كۆزگە ئىلمىدى، مەنسىتمىدى.

**أَبْتَرُ م بَتْرَاءُ ج بُتْرٌ:** قۇيرۇقسىز، قۇيرۇقى كېسىلگەن، نەسلى ئۈزۈلگەن، پەرزەنتسىز، خار، ئەرزىمەس، كەمتۈك.

**«إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ» ‹قرآن›:** ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ.

**إِبْتَرَدَ يَبْتَرِدُ إِبْتِرَادًا الشَّخْصُ:** سوغۇق سۇدا يۇيۇندى، سالقىنلاش ئۈچۈن سوغۇق سۇ ئىچتى، سالقىنلىدى.

**إِبْتَرَدَتْ حَمَاسَتُهُ:** قىزغىنلىقى سوۋۇپ كەتتى.

**اِبْتَرَى يَبْتَرِي اِبْتِرَاءً الْقَلَمَ:** قەلەمنى ئۇچلىدى.

**اِبْتَزَّ يَبْتَزُّ اِبْتِزَازًا:** تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى.

**اِبْتِسَامٌ:** كۈلۈمسىرىمەك، تەبەسسۇم قىلماق.

**اِبْتَسَرَ يَبْتَسِرُ اِبْتِسَارًا بِالشَّيْءِ:** ھەممىدىن بۇرۇن باشلىدى.

**اِبْتَسَرَ الْحَاجَةَ:** ۋاقىتسىز ئىلتىماس قىلدى.

**اِبْتَسَرَ الرَّأْيَ:** پىشمىغان پىكرنى بايان قىلدى.

**اِبْتَسَمَ يَبْتَسِمُ اِبْتِسَامًا:** تەبەسسۇم قىلدى، كۈلۈمسىرىدى.

**أَبْتَعُ م بَتْعَاءُ ج بُتْعٌ:** ھەممە، پۈتۈنلەي، بارلىق.

**اِبْتَعَثَ يَبْتَعِثُ اِبْتِعَاثًا:** ئەۋەتتى.

**اِبْتَعَدَ يَبْتَعِدُ اِبْتِعَادًا:** يىراق بولدى، يىراقلاشتى.

**«مِنَ الْحِكْمَةِ أَنْ يَبْتَعِدَ الْمَرْءُ عَمَّا يُسِيئُ عَلَيْهِ» :** ئادەم ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىگە يولىماسلىقى دانالىقتۇر.

**اِبْتِغَاءٌ:** تەلەپ قىلماق، ئۈمىد قىلماق.

**اِبْتَغَى يَبْتَغِي اِبْتِغَاءً:** ئۈمىد قىلدى.

**«وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللّٰهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ» ‹قرآن› :** ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن.

**اِبْتَكَرَ يَبْتَكِرُ اِبْتِكَارًا:** ئىجاد قىلدى، كەشىپ قىلدى.

**اِبْتَكَرَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭ يېنىغا ئەتىگەندە كەلدى.

**اِبْتَكَرَ الْمَعْنَى:** يېڭى مەنا چىقاردى.

**اِبْتَكَرَ الْفَاكِهَةَ:** مېۋىنىڭ دەسلەپ پىشقىنىنى ئۈزدى.

**اِبْتَلَجَ يَبْتَلِجُ اِبْتِلَاجًا الصُّبْحُ:** تاڭ يورىدى.

**اِبْتَلَعَ يَبْتَلِعُ اِبْتِلَاعًا:** يۇتتى، چاينىماي يۇتتى.

**اِبْتَلَّ يَبْتَلُّ اِبْتِلَالًا الشَّخْصُ:** نەملەشتى، نەم بولدى، ھۆل بولدى.

**اِبْتَلَى يَبْتَلِي اِبْتِلَاءً:** سىنىدى.

**«فَأَمَّا الْإِنْسَانُ إِذَامَا ابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ» :** پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ.

**اِبْتِهَاجٌ:** خۇشال بولماق، شادلانماق.

**اِبْتِهَالٌ ج اِبْتِهَالَاتٌ:** دۇئا قىلماق، تەزەررۇ قىلماق، ئىلتىجا قىلماق.

**اِبْتَهَجَ يَبْتَهِجُ اِبْتِهَاجًا:** شادلاندى، خۇرسەن بولدى.

**«يَبْتَهِجُونَ بِرُؤْيَةِ الضَّيْفِ» :** ئۇلار مېھماننى كۆرۈش بىلەن شادلىنىدۇ.

**اِبْتَهَلَ يَبْتَهِلُ اِبْتِهَالًا:** ئىلتىجا قىلدى، تىلىدى.

**اِبْتَهَلَ اِلَى اللّٰهِ:** ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى.

**اِبْتِيَاعٌ:** سېتىش؛ سېتىۋالماق.

**أَبَثَّ يُبِثُّ إِبْثَاثًا السِّرَّ:** مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى، مەخپىيەتلىكتىن خەۋەردار قىلدى.

**أَبْجَدِيٌّ:** ئېلىپبە، ئېلىپبە تەرتىپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرپ تەرتىپىگە ئاساسلىنىش، ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەرپلىك.

**أَبْجَدِيٌّ:** ئەرەب تىلىدا ئېلىپبە ھەرپلىرى جەملەنگەن سۆزلەرنىڭ بېشى، بۇ سۆزلەر.

**«أَبْجَدْ، هَوَّزْ، حَطِّي، كَلَمَنْ، سَعَفَصْ، قَرَشَتْ، ثَخَذْ ضَظَّغْ» :** بۇ سۆزلەردىكى ھەربىر ھەرپ تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك مەلۇم سانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ :

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ا | 1 | ح | 8 | س | 60 | ت | 400 |
| ب | 2 | ط | 9 | ع | 70 | ث | 500 |
| ج | 3 | ي | 10 | ف | 80 | خ | 600 |
| د | 4 | ك | 20 | ض | 90 | ذ | 700 |
| ه | 5 | ل | 30 | ق | 100 | ض | 800 |
| و | 6 | م | 40 | ر | 200 | ظ | 00 |
**«أَرْجَعَ اللّٰهُ الْمَيِّتَ»:** ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى.

**أَرْجَفَ يُرْجِفُ إِرْجَافًا الشَّخْصُ:** مىدىرلىدى، تەۋرىدى.

**أَرْجَفَتِ الْأَرْضُ:** يەر تەۋرىدى.

**أَرْجَلَ يُرْجِلُ إِرْجَالًا الْمَرْأَةُ:** ئايال ئوغۇل تۇغدى.

**أَرْجَلَ فُلَانًا:** پىيادە قويدى، پىيادە ماڭغۇزدى.

**أَرْجَلَهُ:** مۆھلەت بەردى.

**أُرْجُوَانٌ:** توق قىزىل رەڭ؛ مەرتىۋىلىك كىشىلەر كىيىدىغان كىيىم؛ قىزىل بوياق؛ سۆسۈن رەڭ، بىنەپشەرەڭ.

**أُرْجُوَانِيٌّ:** سۆسۈن رەڭلىك، بىنەپشە رەڭلىك.

**أَحْمَرُ أُرْجُوَانِيٌّ:** توق قىزىل.

**أُرْجُوحَةٌ ج أَرَاجِيحُ:** ئەلەڭگۈچ؛ لىڭگىرتاقتاق.

**أُرْجُوحَةُ الطِّفْلِ:** بۆشۈك، تەۋرەنمە كارىۋات.

**أُرْجُوزَةٌ ج أَرَاجِيزُ:** رەجەز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر قەسىدە.

**أَرْجَى يُرْجِي إِرْجَاءً الشَّيْءَ:** كېچىكتۈردى، كەينىگە سۈردى.

**«تُرْجِي مَنْ تَشَاءُ مِنْهُنَّ وَتُؤْوِي إِلَيْكَ مَنْ تَشَاءُ»** ‹قرآن›: ئاياللىرىڭلاردىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ.

**أَرْحَبَ يُرْحِبُ إِرْحَابًا الْمَكَانُ:** ئورۇن كېڭەيدى.

**أَرْحَبَ الْمَكَانَ:** ئورۇننى كېڭەيتتى.

**أَرْحَضَ يُرْحِضُ إِرْحَاضًا:** يۇدى.

**أَرْحَلَ يُرْحِلُ إِرْحَالًا الشَّخْصُ:** يۈك تۆگىلىرى كۆپەيدى.

**أَرْحَلَ الْمُسَافِرَ:** يولۇچىغا ئۇلاغ بەردى.

**أَرْحَلَهُ:** ئۇنى سەپەرگە ماڭدۇردى.

**أَرْخَصَ يُرْخِصُ إِرْخَاصًا السِّعْرَ:** باھانى تۆۋەنلەتتى، باھانى چۈشۈردى.

**أَرْخَصَ لَهُ:** ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى.

**أَرْخَصَ الشَّخْصُ نَفْسَهُ:** ئۆزىنى ئۆزى خار قىلدى.

**إِرْخَامُ الْبَيْضِ:** تۇخۇم باستۇرماق.

**أَرْخَمَ يُرْخِمُ إِرْخَامًا الدَّجَاجَةَ عَلَى بَيْضِهَا:** مېكىيان تۇخۇم باستۇردى.

**أَرْخَى يُرْخِي إِرْخَاءً الشَّخْصُ:** باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

**أَرْخَى الشَّيْءَ:** يۇمشاتتى؛ ساڭگىلاتتى؛ كېڭەيتتى، ئۇزارتتى.

**أَرْخَى السِّتْرَ:** پەردىنى چۈشۈردى.

**أَرْخَى عِمَامَتَهُ:** خاتىرجەم بولدى.

**أَرْخَى لَهُ الْقَيْدَ:** كىشەننى بوشىتىۋەتتى، باغلاقنى بوشىتىۋەتتى.

**أَرْخَى الدَّابَّةَ:** چۇلۋۇرنى قويۇۋەتتى.

**«أَرْخَى اللَّيْلُ سُدُولَهُ» :** قاراڭغۇ چۈشتى.

**أَرْخَى لَهُ الْعِنَانَ:** ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى.

**أَرْخِيَةٌ ج أَرَاخٍ:** چۈشۈرۈۋېتىلگەن پەردە.

**أَرْدَأَ يُرْدِئُ إِرْدَاءً:** ناچارلاشتۇردى، يامانلاشتۇردى.

**إِرْدَبٌّ ج أَرَادِبُ:** مىسىرنىڭ جىڭ بىرلىكى 1050 كىلوگراملىق ئاشلىق-ئۆلچەيدىغان كەمچەن.

**أَرْدَفَ يُرْدِفُ إِرْدَافًا الشَّيْءُ:** داۋاملاشتى، ئارقىمۇ ئارقا بولدى.

**أَرْدَفَ الشَّخْصَ:** ئۇنىڭدىن كېيىن كەلدى.

**«أَرْدَفَ خَيْلَهُ بِخَيْلٍ أُخْرَى» :** ئېتىغا ئىككىنچى ئاتنى ئەگەشتۇردى.

**أَرْدَفَهُ الرَّاكِبُ:** مىنگەشتۇردى، كەينىگە مىندۇردى.

**أُرْدُمٌ ج أَرْدَمُونَ:** ئۇستا ماتروس، چېچەن دېڭىزچى.

**اَلْأُرْدُنُّ:** ئىئوردانىيە.

**أُرْدُنِيٌّ:** ئىئوردانىيىلىك.

**أَرْدَى يُرْدِي إِرْدَاءً ـــ هُ الدَّهْرُ:** زامان ئۇنى هالاك قىلدى.

**«وَذَلِكُمْ ظَنُّكُمُ الَّذِي ظَنَنْتُمْ بِرَبِّكُمْ أَرْدَاكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ مِنَ الْخَاسِرِينَ» ‹قرآن›:** پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇمانىڭلار سىلەرنى هالاك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار.

**«قَالَ تَاللَّهِ إِنْ كِدْتَ لَتُرْدِينَ» ‹قرآن›:** ئۇ (يەنى مۆمىن) ئېيتىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) هالاك قىلغىلى تاسقىلىپتىكەنسەن».

**أَرْدَاهُ قَتِيلاً:** ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردى.

**أَرْدَاهُ فِي الْبِئْرِ:** قۇدۇققا ئىتتىرىۋەتتى.

**اَلْأُرْدِيَّةُ:** ئوردۇ مىللىتى، پاكىستانلىق.

**اَللُّغَةُ الْأُرْدِيَّةُ:** ئوردۇ تىلى.

**أَرَذَّ يُرِذُّ إِرْذَاذًا السَّمَاءُ:** سىم - سىم يامغۇر ياغدى.

**أَرْذَلُ ج أَرْذَلُونَ وأَرَاذِلُ:** خار، پەس، زاتى پەس، تېگى پەس، ئەڭ تۆۋەن.

**«وَمَا نَرَاكَ اتَّبَعَكَ إِلاَّ الَّذِينَ هُمْ أَرَاذِلُنَا» ‹قرآن›:** بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر ساڭا ئەگەشكەن.

**أَرْذَلُ الْعُمُرِ:** قېرىلىق، قاتتىق قېرىلىق.

**«وَمِنْكُمْ مَنْ يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ» ‹قرآن›:** ئاراڭلاردا ئۆمرىنىڭ يامان (يەنى ئەڭ قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار.

**أَرْذَمَ يُرْذِمُ إِرْذَامًا الْإِنَاءُ:** قاچا توشتى، قاچا تولدى.

**أَرَّثَ يُؤَرِّثُ تَأْرِيثًا النَّارَ:** ئوت ياقتى، ئوت ياندۇردى.

**أَرَّثَ بَيْنَ الْقَوْمِ:** ئىختىلاپ سالدى، پىتنە ـ پاسات تۇغدۇردى، ئىغۋا ئۇرۇقىنى چاچتى.

**أَرَّخَ يُؤَرِّخُ تَأْرِيخًا:** تارىخ يازدى، خاتىرىلىدى.

**أَرَّشَ يُؤَرِّشُ تَأْرِيشًا:** كۈشكۈرتتى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

**أَرَّشَ النَّارَ:** ئوت ياقتى.

**أَرَّشَ الْحَرْبَ:** ئۇرۇش قوزغىدى.

**أَرَّشَ بَيْنَهُمْ:** ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، ئارىنى بۇزدى، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى.

**أَرَّفَ يُؤَرِّفُ تَأْرِيفًا الْأَرْضَ:** چېگرا بەلگىلىدى.

**أَرَّقَ يُؤَرِّقُ تَأْرِيقًا:** ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

**«أَرَّقَهُ صَوْتُ الْمِذْيَاعِ» :** رادىئونىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى.

**أَرَمٌ:** ئېزىق چىشى.

**إِرِّيسٌ ج إِرِّيسُونَ و أَرَارِيسُ:** دېھقان؛ ئاگرانوم.

**أَرْزٌ:** شەمشاد.

**أُرْزٌ:** گۈرۈچ.

**أُرْزٌ بِلَبَنٍ:** ئاق ئاش.

**أَرْزَمَ يُرْزِمُ إِرْزَامًا الرَّعْدُ:** هاۋا گۈلدۈرلىدى.

**أُرْزُنٌ:** قاتتىق ياغاچ.

www.uyghurkitap.com



**أَرْزِيز:** تېلېفون.

**أَرَسَ يَأْرِسُ أَرْسًا:** تېرىقچىلىق قىلدى.

**إِرْسَالٌ:** ئەۋەتمەك، يوللىماق.

**إِرْسَالٌ تِلْفِزْيُونِيٌّ:** تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىش.

**جِهَازُ الْإِرْسَالِ:** تارقىتىش ئەسۋابى، تارقىتىش ئۈسكۈنىسى.

**اِنْقِطَاعُ الْإِرْسَالِ:** ئاڭلىتىشنىڭ توختاپ قېلىشى، ئاڭلىتىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى.

**إِرْسَالِيَّةٌ ج إِرْسَالِيَّاتٌ:** ئۆمەك (بولۇپمۇ خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئۆمەككە ئېيتىلىدۇ.)

**أَرْسَبَ يُرْسِبُ إِرْسَابًا:** چۆكتۈردى، تىندۈردى.

**أَرْسَلَ يُرْسِلُ إِرْسَالًا الشَّيْءَ:** مەيلىگە قويۇۋەتتى.

**«يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْهِمْ مِدْرَارًا» ‹قرآن›:** ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

**«هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ» ‹قرآن›:** ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.

**أَرْسَلَ فِي طَلَبِهِ:** چاقىرتتى.

**أَرْسَلَ نُقُودًا:** پۇل ئەۋەتتى، پۇل پېرىۋۇت قىلدى.

**أَرْسَلَ حُكْمًا:** ھۆكۈم چىقاردى.

**أَرْسَلَ الصَّوْتَ:** ئاۋازنى قويۇۋەتتى، ئاۋازنى چىقاردى.

**أَرْسَلَ الدُّخَانَ:** تۈتۈن چىقاردى.

**أَرْسَلَ نَظْرَةً إِلَى:** قارىدى، نەزەرىنى تىكتى.

**أَرْسَلَ يَدَهُ عَنْ يَدِهِ:** كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن قولىنى قويۇۋەتتى.

**أَرْسَلَ شَعْرَهُ:** چېچىنى قويۇۋەتتى.

**أَرْسَلَ الطَّائِرَ:** قۇشنى قويۇۋەتتى.

**أَرْسَلَهُ:** ئەۋەتتى.

**أَرْسَلَ إِشَارَةَ إِسْتِغَاثَةٍ:** قۇتقۇزۇۋېلىش سىگنالىنى چالدى.

**أَرْسَلَ إِنْذَارًا:** ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

**أَرْسَنَ يُرْسِنُ إِرْسَانًا الدَّابَّةَ:** ئۇلاغقا يۈگەن سالدى، نوقتا سالدى.

**أُرْسُوسَةٌ:** ئېگىز قالپاق، ئۇزۇن قالپاق.

**أَرْسَى يُرْسِي إِرْسَاءً السَّفِينَةَ:** كېمە توختىدى، لەڭگەر تاشلىدى.

**«وَالْجِبَالَ أَرْسَاهَا» ‹قرآن›:** تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى.

**أَرْسَى حَجَرَالْأَسَاسِ:** ئۇل تاشنى بېكىتتى.

**«أَرْسَى قَوَاعِدَ الْعَدْلِ»:** ئادالەت ئاساسلىرىنى تىكلىدى.

**أَرْسَى الْمَلَّاحُ السَّفِينَةَ:** كېمىچى كېمىنى توختاتتى.

**أَرْسَى الْبَنَّاءُ دَعَائِمَ الْبِنَاءِ:** قۇرغۇچى بىنانىڭ تۈۋرۈكلىرىنى پۇختا بەرپا قىلدى، پۇختا ئورناتتى.

**أَرْسَى الْقَوَاعِدَ:** قائىدىلەرنى مۇقىملاشتۇردى.

**إِرْشَاءٌ:** پارا بەرمەك.

**إِرْشَادٌ ج إِرْشَادَاتٌ:** يېتەكچىلىك قىلماق، باشلامچىلىق قىلماق، تەلىم بەرمەك، يېتەكلىمەك؛ مەسلىھەت، نەسىھەت.

**هَيْئَةُ الْوَعْظِ وَالْإِرْشَادِ:** ۋەز – نەسىھەت ھەيئىتى.

**إِرْشَادَاتُ الْمُرُورِ:** قاتناش بەلگىلىرى.

**أَرْشَحَ يُرْشِحُ إِرْشَاحًا الْمَاءَ:** سۇ تەپچىتىردى.

**أَرْشَدَ يُرْشِدُ إِرْشَادًا إِلَى الشَّيْءِ أَوْ عَلَى الشَّيْءِ أَوْلِلشَّيْءِ:** يېتەكلىدى، كۆرسەتتى، توغرا يولغا باشلىدى.

**«أَرْشَدَهُ اللّٰهُ»:** ئاللاھ ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى، ھىدايەت قىلدى.

**أَرْشَدَهُ لِلصَّوَابِ:** توغرا يول كۆرسەتتى.

**أَرْشَدَهُ إِلَى الصَّوَابِ:** توغرا يول كۆرسەتتى.

**أَرْشَدِيَّةٌ:** ۋايىغا يەتمەك، ياش قورامىغا يەتمەك.

**أَرَشَّ يُرِشُّ إِرْشَاشًا ـــ تِ السَّمَاءُ:** ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغدى، سىم – سىم يامغۇر ياغدى.

**أَرْشَقَ يُرْشِقُ إِرْشَاقًا الْمَاءَ:** سۇنى سۈمۈردى، سۇنى ئۇتلىدى.

**أَرْشَقَ يُرْشِقُ إِرْشَاقًا الشَّيْءَ:** ئاتتى.

**أَرْشَقَ إِلَيْهِ:** تىكىلىپ قارىدى.

**أَرْشَى يُرْشِي إِرْشَاءً الدَّلْوَ:** سوغىنىنى ئارغامچىدا باغلىدى.

**أَرْصَدَ يُرْصِدُ إِرْصَادًا لَهُ شَيْئًا:** تەييارلىدى، ھازىرلىدى، مەبلەغ چىقاردى.

**أَرَضُّ م رَضَّاءُ ج رُضٌّ:** چىشلىرى زىچ.

**أَرْصَعَ يُرْصِعُ إِرْصَاعًا بِالرُّمْحِ:** نەيزە ئۇردى، نەيزە سانجىدى.

**أُرْضُوضَةٌ:** دوبۇلغا.

**أَرْضٌ ج أُرُوضٌ و أَرْضُونَ وأَرَاضٍ وآرَاضٍ:** زېمىن، يەر، قۇرۇقلۇق، يەر يۈزى.

**«وَلِلّٰهِ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضِ» (قرآن):** ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر.

**كُرَةُ الْأَرْضِ:** يەر شارى.

**أَرْضٌ رَاعِيَّةٌ:** تېرىلغۇ يەر.

**أَرْضٌ بِكْرٌ. أَرْضٌ عَذْرَاءُ:** بوز يەر، بىنام، ئېچىلمىغان يەر.

**أَرْضٌ خِصْبَةٌ:** بولۇق يەر، مۇنبەت يەر.

**أَرْضٌ فَضَاءٌ:** بوش يەر، بىكار يەر.

**اَلْأَرْضُ الْمُقَدَّسَةُ:** مۇقەددەس زېمىن، پەلەستىن.

**«لَاتَرَى لَهُ مَثِيْلًا عَلَى وَجْهِ الْأَرْضِ»:** يەر يۈزىدە ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق.

**طَابِقُ أَرْضٍ:** يەر ئاستى قەۋىتى، بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى.

**«اَلْأَرْضُ مُغَطَّاةٌ بِالثَّلْجِ»:** زېمىن قار بىلەن قاپلانغان.

**«اِشْتَرَى قِطْعَةً مِنَ الْأَرْضِ لِبِنَاءِ دَارٍ عَلَيْهَا»:** ئۇ ئۆي سېلىش ئۈچۈن بىر پارچە زېمىن سېتىۋالدى.

**أَرْضُ الْوَطَنِ:** ۋەتەن زېمىنى.

**اِبْنُ الْأَرْضِ:** يانچى، مەدىكار.

**إِرْضَاعٌ:** ئېمىتمەك، سۈت بەرمەك.

**أَرْضَبَ يُرْضِبُ إِرْضَابًا الْمَطَرُ:** يامغۇر ياغدى.

**أَرَضَةٌ ج أَرَضٌ:** ياغاچ يەيدىغان قۇرت؛ ئاق چۈمۈلە.

**«أَصَابَتِ الْأَرَضَةُ هٰذِهِ الْكُتُبَ»:** بۇ كىتابلارنى قۇرت يەپ كەتتى.

**أَرَضَّ يُرِضُّ إِرْضَاضًا:** ھۆركۈپ كەتتى، ئۇچۇپ كەتتى.

**أَرْضَعَ يُرْضِعُ إِرْضَاعًا الْأُمُّ:** ئېمىتتى، سۈت بەردى.

**«وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ» (قرآن):** ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىنى) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم.

**أَرْضَعَتِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا:** ئايال بالىسىنى ئېمىتتى.

**«وَأَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّ مُوسَى أَنْ أَرْضِعِيْهِ» (قرآن):** مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى، «مۇسانى ئېمىتكىن».

**أَرْضَى يُرْضِي إِرْضَاءً:** ئۇنى رازى قىلدى، ئۇنى خۇشال قىلدى.

**«يَحْلِفُوْنَ بِاللّٰهِ لَكُمْ لِيُرْضُوْكُمْ» (قرآن):** ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ.

**أَرْضِيٌّ:** يەر شارى خاراكتېرلىك دۇنياۋى، يەر - جاھان؛ تېرىلغۇ؛ تېررىتورىيە.

**أَرْضِيَّةٌ:** يەر ھەققى؛ ئارقا كۆرۈنۈش.

**«رَفَعَ الْأَرْضِيَّةَ قَبْلَ إِخْرَاجِ سَيَّارَتِهِ مِنَ الْمِينَاءِ»:** ئۇ ماشىنىنى توختىتىش مەيدانىدىن چىقىشتىن بۇرۇن يەر ھەققىنى تۆلىدى (تاپشۇردى).

**«يُمْكِنُ أَنْ نَفْهَمَ الْقَرَارَ إِذَا عَرَفْنَا أَرْضِيَّتَهُ»:** ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلەلىسەك، قارارنى چۈشىنەلەيمىز.

**أَرْضِيَّةُ الْحُجْرَةِ:** ئۆينىڭ يەر يۈزى (تورۇسنىڭ ئەكسى).

**أَرْضِيَّاتٌ:** كىشىلەر ئارىسىدىكى گۈزەل ئەخلاق؛ دۇنياۋى بەخت - سائادەت.

**أَرْطَبَ يُرْطِبُ إِرْطَابًا الْبُسْرُ:** خورمىغا ئايلاندى.

**أَرْطَبَ الثَّوْبَ:** كىيىمنى ھۆل قىلىۋەتتى.

**أَرْطَبَ النَّخْلُ:** خورمىغا ئايلاندى.

**أَرْطَبَ الْبَلَحُ:** غورا خورمىغا ئايلاندى.

www.uyghurkitap.com



**أُرْطَةٌ. أُورْطَةٌ ج أُرْطٌ:** پولك، باتالىيون، تۈمەن.

**أَرْعَبَ يُرْعِبُ إِرْعَابًا:** قورقاتتى، چۆچۈتتى.

**أَرْعَدَ يُرْعِدُ إِرْعادًا السَّحابُ:** ھاۋا گۈلدۈرلىدى.

**أَرْعَدَ الشَّخْصُ:** تىترىتىۋەتتى.

**أَرْعَدَ لَهُ وَ أَبْرَقَ:** قاتتىق غەزەپلەندى، تەھدىت سالدى، ۋارقىراپ ـ جارقىرىدى.

**أَرْعَشَ يُرْعِشُ إِرْعاشًا الْكِبَرُ:** قېرىلىق ئۇنى تىترەتتى.

**أُرْعِشَتْ يَدَاهُ:** يېشى چوڭىيىپ كەتتى، ياشىنىپ قالدى.

**أَرْعَصَ يُرْعِصُ إِرْعَاصًا:** نەرسىنى مىدىرلاتتى، نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈردى.

**أَرْعَفَ يُرْعِفُ إِرْعَافًا الْإِنَاءَ:** قاچىنى تاشقىچە تولدۇردى.

**أَرْعَفَ الْقَلَمَ:** قەلەمگە سىياھنى كۆپ ئىچۈردى.

**أَرْعَفَهُ:** ئۇنى ئالدىراتتى.

**أَرْعَلَ يُرْعِلُ إِرْعَالاً:** ئۇنىڭغا قاتتىق نەيزە سانجىدى.

**أَرْعَلُ م رَعْلاَءُ ج رُعْلٌ:** ئەخمەق؛ ئۆسۈپ ئېگىلىپ كەتكەن ئوت ـ چۆپ.

**أَرْعَمَ يُرْعِمُ إِرْعَامًا:** ئورۇقلاپ ماڭقا بولۇپ قالدى.

**أَرْعَنَ يُرْعِنُ إِرْعَانًا الْمَاشِيَةَ:** باقتى.

**أَرْعَنُ م رَعْنَاءُ ج رُعْنٌ:** ئەخمەق، ھاماقەت، دۆت، قاپاقباش؛ ئۇزۇن بۇرۇن.

**رَجُلٌ أَرْعَنُ:** ئەخمەق ئادەم.

**جَبَلٌ أَرْعَنُ:** ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ئېگىز تاغ.

**جَيْشٌ أَرْعَنُ:** زور قوشۇن.

**أُرْعُوفَةٌ:** رىشاتكا.

**اِرْعَوَى يَرْعَوِي اِرْعِوَاءً عَنْ غَيِّهِ:** ئازاشلىقتىن قايتتى، گۇمراھلىقتىن ياندى.

**أَرْ أَرْعَى يُرْعِي إِرْعَاءً الْمَكَانَ:** ئوتلاققا ئايلاندۇردى.

**أَرْعَى فُلاَنٌ سَمْعَهُ:** قۇلاق سالدى، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

**أَرْعَتِ الْأَرْضُ:** سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول بولدى.

**إِرْغَامٌ:** زورلىماق، مەجبۇرلىماق.

**أَرْغَبَ يُرْغِبُ إِرْغَابًا فِيهِ:** ئىلھام بەردى، رىغبەتلەندۈردى، ئىلھاملاندۇردى.

**أَرْغَبَهُ عَنِ الشَّيْءِ:** سوۋۇتتى، يۈز ئۆرۈگۈزدى.

**أَرْغَبَ:** مەيلى كۆپەيدى.

**أَرْغَبَ الشَّيْءَ:** كېڭەيتتى.

**أَرْغَدَ يُرْغِدُ إِرْغَادًا الشَّخْصُ:** باياشات ياشىدى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

**«أَرْغَدَ اللهُ عَيْشَهُمْ»:** ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلسۇن.

**أَرْغَفَ يُرْغِفُ إِرْغَافًا فِي الْمَشْيِ:** تېز ماڭدى.

**أَرْغَفَ إِلَيْهِ:** تىكىلىپ قارىدى.

**أَرْغَلَ يُرْغِلُ إِرْغَالاً إِلَيْهِ:** مايىل بولدى، ئېغىپ كەتتى، قىيسايدى.

**أَرْغَمَ يُرْغِمُ إِرْغَامًا ـ هُ:** زورلىدى، بويسۇندۇردى؛ خورلىدى.

**أَرْغَمَ أَنْفَهُ:** خارلىدى، خار قىلدى.

**أَرْغُنٌ ج أَرَاغِنُ:** ئارگون (چالغۇ).

**أَرْغَى يُرْغِي إِرْغَاءً الْمَاءُ:** سۇ كۆپۈكلەشتى.

**أَرْغَى خَصْمَهُ:** دۈشمەننى باستى.

**أَرْغَى وَ أَزْبَدَ:** غەزەپتىن چېچىلدى، تەھدىت سالدى، ھەيۋە قىلدى.

**أَرْغَى الصَّابُونُ:** سوپۇننىڭ كۆپۈكى چىقتى.

**أَرْغَى الْبَعِيرَ:** تۆگىنى بوقىراتتى.

**أَرْغَى الرَّجُلُ:** كۆز ئالايتتى، ھۆرپەيدى.

**أَرْفَأَ يُرْفِئُ إِرْفَاءً الْمَلاَّحُ السَّفِينَةَ:** كېمىچى كېمىنى يېقىنلاشتۇردى.

**أَرْفَأَتِ السَّفِينَةُ:** كېمە پرىستانغا يېقىنلاشتى.

**أُرْفَةٌ ج أُرَفٌ:** چېگرا.

**أَرْفَدَ يُرْفِدُ إِرْفَادًا:** ياردەم بەردى، يۆلىدى، مەدەت بەردى.

**اِرْفَضَّ يَرْفَضُّ اِرْفِضَاضًا النَّاسُ عَنْهُ:** كىشىلەر ئۇنىڭدىن تاراپ كەتتى، تارقىلىپ كەتتى.

**اِرْفَضَّ الْمَجْلِسُ:** مەجلىس تارقالدى.

**اِرْفَضَّ الدَّمْعُ أَوِ الْعَرَقُ أَوْنَحْوُهُمَا:** قان ۋە ياش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئاقتى، تۆكۈلدى؛ قۇيۇلدى.

**أَرْفَغُ:** راھەتلىك تۇرمۇش.

**أَرَقَّ يُرِقُّ إِرْقَاقًا الرَّايَةَ:** بايراق لەپىلدىدى.

**أَرْفَقَ يُرْفِقُ إِرْفَاقًا:** پايدا يەتكۈزدى، مەنپەت بەردى، ياردەم قىلدى، مۇلايىم بولدى.

**أَرْفَقَ كَذَا بِكَذَا:** كىرگۈزدى، قوشتى، تىركەپ قويدى.

**«أَرْفَقَ طَلَبَهُ بِشَهَادَةِ الْإِجَازَةِ»:** تەلىپىنى رۇخسەت سوراش قەغىزىگە تىركەپ قويدى.

**أَرْفَقُ:** ئەڭ پايدىلىق.

**أَرْفَلَ يُرْفِلُ إِرْفَالاً:** مەغرۇرانە ماڭدى، كۆرەڭلەپ ماڭدى.

**أَرْفَهَ يُرْفِهُ إِرْفَاهًا:** راھەت كۆرسەتتى، ئەيش ــ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى.

**أَرْفَهَ عَنْ نَفْسِهِ:** ئۆزىنى خۇشال قىلدى.

**أَرْفَى يُرْفِي إِرْفَاءً الرُّبَّانُ السَّفِينَةَ:** ماتروس كېمىنى پرىستانغا يېقىنلاشتۇردى.

**أَرْفَتِ السَّفِينَةُ:** كېمە پرىستانغا يېقىنلاشتى.

**أَرِقَ يَأْرَقُ أَرَقًا:** ئۇيقۇسى قاچتى، بىدار بولدى.

**أَرِقٌ، أَرُقٌ:** ئۇيقۇسى قاچقان.

**أَرَقٌ:** ئۇيقۇسىزلىق، ئوخلىيالماسلىق كېسىلى.

**«أَصَابَهُ أَرَقٌ فَلَمْ يَسْتَطِعْ أَنْ يَنَامَ»:** ئۇ، ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمىدى.

**اِرْقَاطَّ يَرْقَاطُّ اِرْقِيطَاطًا:** چەل بولدى.

**اِرْقَانٌ:** خېنە، زەپە، سېرىق كېسەل.

**أَرْقَأَ يُرْقِئُ إِرْقَاءً الدَّمَ أَوِالدَّمْعَ:** قاننى ياكى ياشنى توختاتتى.

**«لاَ أَرْقَأَ اللّٰهُ دَمْعَتَهُ أَوْعَيْنَهُ»:** ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرىمىسۇن (بەد دۇئا).

**أَرْقَةٌ:** كېپىنەك لىچىنكىسى.

**أَرْقَبَ يُرْقِبُ إِرْقَابًا دَارًا:** قورۇنى كۆزىتىشكە قويدى.

**أَرْقَدَ يُرْقِدُ إِرْقَادًا:** ئۇنى ئۇخلاتتى.

**أَرْقَدَ الْأَعْصَابَ:** نېرۋىنى تىنچلاندۇردى.

**أَرْقَدَتِ الْأُمُّ طِفْلَهَا:** ئانا بالىسىنى ئۇخلاتتى.

**أَرْقَدَتِ الدَّجَاجَةَ عَلَى الْبَيْضِ:** توخۇغا تۇخۇم باستۇردى.

**أَرْقَدَتِ النَّبَاتَ:** ئۆسۈملۈكنى كۆمدى.

**أَرْقَشُ م رَقْشَاءُ ج رُقْشٌ:** ئالا ــ بۇلىماچ، چار، چىپار.

**أَرْقَصَ يُرْقِصُ إِرْقَاصًا ـــ تِ الْأُمُّ وَلَدَهَا:** ئانا بالىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئويناتتى.

**أَرْقَطُ ج أَرَاقِطُ:** ئالا ــ بۇلىماچ، چىپار، شىر.

**أَرْقَطُ م رَقْطَاءُ ج رُقْطٌ:** چار يىلان.

**اِرْقَطَّ يَرْقَطُّ اِرْقِطَاطًا:** چەل بولدى، داغ چۈشتى.

**أَرَقَّ يُرِقُّ إِرْقَاقًا الشَّيْءَ:** نازۇكلاشتى، ئىنچىكىلەشتى.

**أَرَقَّ الْخَابِزُ الرَّغِيفَ:** ناۋاي ناننى نېپىز قىلدى.

**أَرَقَّ فُلاَنٌ:** قولى قىسقىراپ ھالى ناچارلاشتى.

**أَرَقَّ الْوَعْظُ قَلْبَهُ:** ۋەز ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتى، ئۇنىڭ دىلىنى يۇمشاتتى، ئۇنى تەسىرلەندۇردى.

**أَرْقَلَ يُرْقِلُ إِرْقَالاً:** ئالدىرىدى.

**أَرْقَمُ ج أَرَاقِمُ:** ئەڭ زەھەرلىك يىلان؛ قەلەم.

**أَرْقَنَ يُرْقِنُ إِرْقَانًا:** سۈركىدى، سۈرتتى، بويىدى.

**إِرْكَانٌ:** ئىشەنچ، تايانچ.

**أَرْكَبَ يُرْكِبُ إِرْكَابًا الشَّخْصَ:** مىندۇرۇۋالدى.

**أَرْكَبَهُ خَلْفَهُ:** ئۇنى ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى.

**أَرْكَسَ يُرْكِسُ إِرْكَاسًا اللّٰهُ عَدُوًّا:** ئاللاھ دۈشمەننى قايتۇردى.

**«كُلَّمَا رُدُّوالَى الْفِتْنَةِ أُرْكِسُوافِيهَا» (قرآن):** ئۇلار ھەرقاچان پىتنە ــ پاساتقا چاقىرىلسا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن تارتىدۇ.

**«أَرْكَسَهُ فِي الشَّرِّ»:** ئۇنى يامانلىققا قايتۇردى، ئۇنى يامانلىققا چۈشۈرۈپ قويدى.

**أَرْكَعَ يُرْكِعُ إِرْكَاعًا ـــ هُ:** ئۇنى رۇكۇ قىلدۇردى.

أَرْكَنَ يُرْكِنُ إِرْكَانًا عَلَى: پاناھ ئىزدىدى، پاناھ ئىزدەپ باردى، يۆلەنچۈك ئىزدىدى.

أَرْكَنَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا يۆلەندى، ئۇنىڭغا ئىشەندى.

أَرْكُونٌ ج أَرَاكِيْنُ وَأَرَاكِينَةٌ: شاھزادە، يول باشچى، رەھبەر، داھى، سەردار.

إِرَمٌ ج آرَامٌ وَ أُرُومٌ: قۇملۇق دالالاردىكى بەلگە تاش (يول بەلگىسى).

أَرْمَةٌ ج أُرَمٌ: ۋۇيسكا، تاختا، ئىزناك، بەلگە.

أَرْمَدُ م رَمْدَاءُ ج رُمْدٌ: كۆز ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئادەم.

رَجُلٌ أَرْمَدُ: كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان ئادەم.

ثَوْبٌ أَرْمَدُ: كىر كىيىم، پاسكىنا كىيىم.

اِرْمَدَّ يَرْمَدُّ اِرْمِدَادًا: كۆلرەڭگە ئۆزگەردى.

اِرْمَدَّتِ الْعَيْنُ: كۆز ئاغرىدى.

أَرْمَسَ يُرْمِسُ إِرْمَاسًا: كۆمدى، دەپنە قىلدى، يەرلىككە قويدى.

أَرْمَشُ م رَمْشَاءُ ج رُمْشٌ: كۆزى قىزارغان، كىرپىكلىرى چۈشۈپ كەتكەن.

أَرْمَضَ يُرْمِضُ إِرْمَاضًا الْحَرُّ: ئىسسىق كۆيدۈردى، ئىسسىق كۆيدۈرۈۋەتتى.

أَرْمَضَهُ الشَّيْءُ: ئاغرىق پەيدا قىلدى، ئاغرىتتى.

أَرْمَضَهُ التَّعَبُ: قاتتىق ھاردۇردى، قاتتىق چارچاتتى.

اِرْمَكَّ يَرْمَكُّ اِرْمِكَاكًا: ئىنچىكىلەپ كەتتى.

اِرْمَكَّ الْجَمَلُ: تۆگە كۆلرەڭگە كىردى.

أَرْمَلَ يُرْمِلُ إِرْمَالاً الشَّخْصُ: نامراتلاشتى، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ كەتتى.

«كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللّٰهِ فِي غَزَاةٍ فَأَرْمَلْنَا وَأَنْفَضْنَا» ‹حديث›: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر غازاتتا بولۇپ ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز تۈگەپ كەتكەنىدى.

أَرْمَلَ الْمَكَانُ: قۇملۇققا ئايلاندى.

أَرْمَلَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال تۇل قالدى.

أَرْمَلُ م رَمْلاَءُ ج رُمْلٌ: قۇملۇق.

أَرْمَلُ ج أَرَامِلُ: بويتاق ئەر.

أَرْمَلَةٌ ج أَرَامِلُ: تۇل ئايال، تۇل خوتۇن.

أَرْمَلَةُ الْمَلِكِ: خان ئانا، پادىشاھنىڭ ئانىسى.

أَرَمَّ يُرِمُّ إِرْمَامًا الْعَظْمُ: سۆڭەك چىرىدى.

أَرَمَّ إِلَى اللَّهْوِ: ئويۇنغا بېرىلدى؛ لام ـ جىم دېمىدى، جىم تۇردى.

«أَيُّكُمُ الْمُتَكَلِّمُ بِكَذَا وَكَذَا فَأَرَمَّ الْقَوْمُ» ‹حديث›: ... قايسىڭلار ئۇنداق ـ مۇنداق دېدىڭلار؟ جامائەت لام ـ جىم دېمىدى.

أَرَمَّ الشَّخْصُ: جىم بولدى، سۈكۈت قىلدى.

أَرْمَى يُرْمِي إِرْمَاءً عَنْ ظَهْرِ فَرَسِهِ: ئات ئۈستىدىن ئېتىپ چۈشۈردى.

أَرِنَ يَأْرَنُ أَرَنًا وَ أَرِينًا وَإِرَانًا الْبَعِيرُ: تۆگە جانلاندى، روھلاندى، ئېتىكلەشتى، شوخلاشتى.

أَرْنَبٌ ج أَرَانِبُ: توشقان.

أَرْنَبٌ بَيْتِيٌّ: ئۆي توشقىنى.

أَرْنَبٌ بَرِّيٌّ: ياۋا توشقان.

أَرْنَبٌ هِنْدِيٌّ: دېڭىز چوشقىسى.

أَرْنَبَةُ الْأَنْفِ: بۇرۇننىڭ ئۇچى.

«لاَيُرَى أَبْعَدَ مِنْ أَرْنَبَةِ أَنْفِهِ»: بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرەلمىگەن كالتە پەم.

«فَلَقَدْ رَأَيْتُ عَلَى أَنْفِ رَسُولِ اللّٰهِ وَأَرْنَبَتِهِ أَثَرَ الطِّينِ» ‹حديث›: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرنىدا ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىدا لايىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم.

جَدَعَ أَرْنَبَةً: خورلىدى.

قَطَعَ أَرْنَبَةَ فُلاَنٍ: خورلىدى.

«هُمْ شُمُّ الْأَرَانِبِ»: ئۇلار ئابرۇيلۇق ئادەملەر، ئۇلار ئىززەتلىك ئادەملەر، ئۇلار شەرەپلىك ئادەملەر.

أَرْنَبَةٌ ج أَرَانِبُ: چىشى توشقان، ئانا توشقان.

أَرْنَقَ يُرْنِقُ إِرْنَاقًا الْمَاءَ: سۇنى لېيىتتى.

أَرَنَّ يُرِنُّ إِرْنَانًا الشَّيْءُ: جاراڭلىدى.

**أَرَنَّ الْمَاءُ فِي خَرِيرِهِ:** سۇ يېقىملىق شىرىلدىدى، سۇ شىر - شىر ئاۋاز چىقاردى.

**أَرَنَّتِ الْمَرْأَةُ فِي نَوْحِهَا:** ئايال مۇڭلۇق يىغلىدى.

**أَرَنَّتِ الْحَمَامُ فِي سَجْعِهَا:** كەپتەر مۇڭلۇق سايرىدى.

**أَرَنَّتِ السَّحَابَةُ فِي رَعْدِهَا:** بۇلۇت ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىدى.

**أَرْنَى يُرْنِي إِرْنَاءً ہ حُسْنُ مَنْظَرِهِ:** ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

**إِرْهَابٌ:** قورقۇتماق، تەھدىت سالماق، ھەيۋە قىلماق.

**اَلْإِرْهَابُ الْأَبْيَضُ:** ئاق تېررورلۇق.

**إِرْهَابِيٌّ:** تېررورچى.

**حُكْمٌ إِرْهَابِيٌّ:** تېررورلۇق ھاكىمىيەت، ئىستىبدات ھاكىمىيەت.

**«قَامَ فَرِيقٌ مِنَ الْإِرْهَابِيِّينَ بِاخْتِطَافِ طَائِرَةٍ أَمْسِ»** : بىر گۇرۇھ زوراۋانلار تۈنۈگۈن ئايروپىلان بۇلىدى.

**إِرْهَاصٌ:** پەيغەمبەر پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار، بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ.

**إِرْهَاقٌ:** ئېغىر يۈك ئارتماق.

**«لَا يُبَالِي بِالتَّعَبِ وَالْإِرْهَاقِ»** : ھېرىش - چارچاشتىن ۋە ئېغىر يۈكتىن قورقمايدۇ.

**أَرْهَبَ يُرْهِبُ إِرْهَابًا ـــ ہ:** ئۇنى قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

**«تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللّٰهِ وَعَدُوَّكُمْ» «قرآن»** : بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتىسىلەر.

**«لَمْ تُرْهِبْهُمُ الصِّعَابُ»** : ئۇلارنى قىيىنچىلىقلار قورقۇتالمىدى.

**أَرْهَجَ يُرْهِجُ إِرْهَاجًا:** چاڭ - توزان چىقاردى، توپا توزۇتتى.

**أَرْهَجَ بَيْنَهُمْ:** ئېغۋاگەرلىك قىلدى.

**أَرْهَصَ يُرْهِصُ إِرْهَاصًا الْحَائِطَ:** تامغا ئۇل سالدى، مۇستەھكەملىدى.

**أَرْهَصَ بِالشَّيْءِ:** ئالدىن خەۋەر بەردى.

**أَرْهَفَ يُرْهِفُ إِرْهَافًا أُذُنَيْهِ:** دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئەستايىدىل قۇلاق سالدى.

**أَرْهَفَ جِسْمَهُ:** بەدىنىنى ئورۇقلاتتى.

**أَرْهَفَ سَيْفَهُ:** قىلىچىنى بىلىدى؛ قىلىچىنى چاقلىدى.

**أَرْهَقَ يُرْهِقُ إِرْهَاقًا ہ:** ئۇنىڭغا كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتتى، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا زورلىدى.

**«لَا تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْرًا» «قرآن»** : ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما.

**أَرْهَقَنَا السَّهَرُ:** بىزنى ئۇيقۇسىزلىق ھالسىرىتىۋەتتى.

**أَرْهَقَهُ الدَّيْنُ:** ئۇنى قەرز بېسىۋالدى.

**أَرْهَقَ الذَّاكِرَةَ:** ئۆلۈك يادلىدى.

**أَرْهَقَهُ طُغْيَانًا:** سىقتى، باستى، قىستى، بوغدى.

**أَرْهَنَ يُرْهِنُ إِرْهَانًا ـــ ہ الشَّيْءَ:** رەنىگە قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەردى.

**أَرْهَنَ عَقَارًا:** كۆچمەس مۈلۈكنى رەنىگە قويدى.

**أَرْهَنَ لِلْمَوْتِ:** ئۆلۈمگە تاپشۇردى، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى.

**أَرْوَحَ يُرْوِحُ إِرْوَاحًا اللَّحْمُ:** گۆش سېسىپ قالدى.

**أَرْوَحَ الشَّيْءَ:** ھىدىنى پۇردى.

**أَرْوَحَ عَلَيْهِ حَقَّهُ:** ھەققىنى قايتۇردى.

**أَرْوَعُ ج رُوعٌ و أَرْوُعٌ:** قالتىس؛ كېلىشكەن، كىشىنى قايىل قىلىدىغان، ئىنتايىن ئېسىل، چېچەن، زېرەك.

**أُرُومَةٌ وَ أَرُومٌ ج أُرُمٌ:** دەرەخ يىلتىزى؛ كېلىپ چىقىشى، نەسلى.

**طَيِّبُ الْأُرُومَةِ:** تېگى ئېسىل.

**أَرْوَنَانٌ:** قىيىن كۈن، قاتتىق كۈن؛ ئاۋاز.

**يَوْمٌ أَرْوَنَانٌ:** قاتتىق كۈن.

**أَرْوَى يُرْوِي إِرْوَاءً إِبِلَهُ:** تۆگىسىنى سۇغاردى.

www.uyghurkitap.com

**أُرْوِيَّةٌ** ج **أَرَاوِيّ وَأَرَاوٍ وَ أَرْوَى**: چىشى تاغ ئېچكىسى، چىشى تاغ ئۆچكىسى.

**أَرَى يُرِي إِرَاءَةً الشَّيْءَ**: كۆرسەتتى.

**«فَأَرَاهُ الْآيَةَ الْكُبْرَى»** ‹قرآن›: مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى.

**أَرَى اللّٰهُ بِفُلَانٍ**: پالاننى جازالىدى.

**«أَرَى عَلَى جَفْنِهِ الْكَرَى فَنَامَ»**: ئۇ چارچاپ كېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

**«أَرَاهُ طَرِيقَ الصَّوَابِ»**: ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.

**أَرَاهُ الْمِرْآةَ**: ئۇنىڭغا ئەينەكنى تەڭلىدى.

**أَرَاهُ**: ئويلايمەن، قارايمەن، ھېسابلايمەن.

**أَرِيبٌ** م **أَرِيبَةٌ**: ئۇستا، ماھىر، پىتىنشكەن؛ زېرەك، ئەقىللىق، ئۆتكۈر.

**أَرِيجٌ**: خۇش پۇراق، خۇش ھىد.

**حَدِيقَةٌ يَفُوحُ أَرِيجُهَا**: خۇش ھىد چىچىپ تۇرغان باغچا.

**أَرْيَحِيٌّ** ج **أَرْيَحِيُّونَ**: مەرد، ئالىيجاناب، ئېسىل؛ كەڭ قورساق، مەردانە، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ.

**«أَنْتَ رَجُلٌ أَرْيَحِيٌّ فَلَاتَبْخَلْ بِمُسَاعَدَتِكَ لِهٰذَا الْمَشْرُوعِ الْخَيْرِيِّ»**: سەن ئالىيجاناب ئادەم- سەن، بۇ خەيرىيەت ئىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە بېخىللىق قىلمىغىن.

**أَرْيَحِيَّةٌ**: مەردلىك، كەڭ قورساقلىق، ئالىيجا- نابلىق، ئېسىللىك.

**«فِيكَ أَرْيَحِيَّةٌ»**: سەن ئالىيجانابلىق خىسلە- تىگە ئىگە.

**أَرِيسٌ** ج **أَرِيسُونَ**: دېھقان؛ ئاگرانوم.

**أَرْيَقَ يُرْيِقُ إِرْيَاقًا**: يېزىغا باردى.

**أَرْنِيكٌ**: جەدۋەل، سخېما، گراف.

**أَرِيكَةٌ** ج **أَرَائِكُ وَ أَرِيكٌ**: ساپا، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، تەخت.

**«مُتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ»** ‹قرآن›: ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

**أَرْيَى يُرْيِي إِرْيَاءً الرَّايَةَ**: بايراق چىقاردى.

**أَرْيَى الصَّمْتَ**: ئۇ جىمىپ كەتتى.

**أَرِسْتُوقْرَاطِيٌّ**: ئاق سۆڭەك.

**«لَمْ يَعُدِ الشِّعْرُ أَرِسْتُوقْرَاطِيًّا كَمَا كَانَ الشَّأْنُ فِي الْقَدِيمِ بَلْ أَصْبَحَ دِيمُقْرَاطِيًّا...»**: قەدىمكى زامانلاردا ئوخشاش شېئىر ئاق سۆڭەكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولماي، بەلكى دېموكراتىكلىق ئەركىن ھالەتكە قايتتى....

**إِزَاءَ**: ئۇدۇلىدا، روبروسىدا، قارشىسىدا.

**«جَلَسَ إِزَاءَهُ/بِإِزَائِهِ»**: ئۇ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

**أَزَاحَ يُزِيحُ إِزَاحَةً**: چېكىندۈرۈۋەتتى، يوقاتتى، يۆتكىۋەتتى.

**أَزَاحَ**: يىراقلاشتۇردى، ئايرىدى، يۆتكىۋەتتى، يوق قىلدى، ئېلىۋەتتى.

**أَزَاحَ اللِّثَامَ عَنْ**: پاش قىلدى، ئاشكارىلىدى، ئېچىپ تاشلىدى.

**«أَزَاحَ اللِّثَامَ عَنْ وَجْهِهِ»**: يۈزىدىن چۈمبەلنى ئېلىۋەتتى.

**«أَزَاحَ اللّٰهُ عِلَّتَهُ»**: ئاللاھ ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى.

**إِزَاحَةٌ**: يۆتكىۋېتىش، نېرى قىلىۋېتىش، يىراقلاشتۇرماق.

**أَزَادَ يُزِيدُ إِزَادَةً**: تەمىنات بەردى.

**أَزَارَ يُزِيرُ إِزَارَةً الرَّجُلَ**: زىيارەت قىلغۇزدى، يوقلاتقۇزدى.

**أَزَارَهُ الْمَرِيضَ**: كېسەلنى يوقلاتقۇزدى.

**إِزَارٌ** ج **آزِرَةٌ وَأُزُرٌ**: چاپان، تون، پۈركەنجە، خالات، پىلاش، پەلتو، تاشقى كىيىم.

**أَزَاغَ يُزِيغُ إِزَاغَةً**: ئاداشتۇردى، ئازدۇردى.

**«رَبَّنَالَا تُزِغْ قُلُوبَنَابَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا»** ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭ- دىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇر- ۋەتمىگىن.

**«أَزَاغَهُ عَنْ طَرِيقِ السَّوِيِّ»**: ئۇنى توغرا يولدىن ئازدۇردى.

**أَزَالَ يُزِيلُ إِزَالَةً**: يوقاتتى، تۈگەتتى، نېرى قىلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى، چەتلەشتۈردى.

**أَزَالَهُ عَنْ وَظِيفَتِهِ**: ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

**أَزَالَ شُكُوكَهُ:** گۇمانىنى تۈگەتتى.

**«أَزَالَ اللّٰهُ زَوَالَهُ»:** ھالاك بولسۇن، يوقالسۇن، بېشىنى يېسۇن، ئۆلسۇن.

**أَزْأَرَ يُزْئِرُ إِزْآرًا الْأَسَدُ:** شىر ھۆركۈرىدى.

**أَزَبَ يَزِبُ أَزْبًا الْمَاءُ:** سۇ سىرغىپ ئاقتى، سۇ سىرغىپ چىقتى.

**إِزْبٌ:** دوغلاق.

**أَزَبٌ:** تۈكلۈك، چاچلىق، ساقاللىق.

**أَزْبَدَ يُزْبِدُ إِزْبَادًا الْبَحْرُ:** دېڭىز كۆپۈك چىقاردى.

**«هَاجَ الْبَحْرُ وَأَزْبَدَ»:** دېڭىز دولقۇنلىدى ۋە كۆپۈك چىقاردى.

**أَزْبَدَ الرَّجُلُ:** غەزەپلەندى، تەھدىت سالدى.

**أَزْبَدَ الْفَلَّاحُ:** دېھقاننىڭ قايمىقى كۆپەيدى.

**أَزِجَ أَزَجًا الْعُشْبُ:** چۆپ ئۆستى.

**أَزَجٌ ج أَزُجٌ وَ أَزَاجٌ وَإِزْجَةٌ:** ئەگمە ئىشىك.

**أَزَجٌّ م زَجَّاءُ ج زُجٌّ:** قەلەم قاش.

**حَاجِبٌ أَزَجُّ وَعَيْنٌ سَوْدَاءُ:** قەلەم قاش ۋە قارا كۆز.

**اِمْرَأَةٌ جَمِيلَةٌ ذَاتُ حَاجِبٍ أَزَجَّ:** قەلەم قاشلىق چىرايلىق ئايال.

**أَزْجَى يُزْجِي إِزْجَاءً:** سۈرىدى، ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئالدىراتتى، ئالغا ئىتتىردى، ئىلگىرى سۈردى، سىلجىتتى.

**أَزْجَى الْأَمْرَ:** كېچىكتۈردى، كەينىگە سۈردى.

**أَزْجَى التَّحِيَّةَ:** تەبرىكلىدى، ئېھتىرام بىلدۈردى، تەشەككۈر ئېيتتى، مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

**أَزْجَى الثَّنَاءَ:** ماختىدى، مەدھىيىلىدى، كۆيلىدى.

**أَزْجَى الشَّيْءَ:** ئاۋات قىلدى، راۋاجلاندۇردى.

**أَزَحَ أُزُوحًا:** كېچىكتى.

**أَزَحَ الْعِرْقُ:** تومۇر ئېگىز - پەس سوقتى.

**أَزَحَ الْقَدَمُ أَوِالنَّعْلُ:** تېيىلىپ كەتتى.

**أَزْحَفَ يُزْحِفُ إِزْحَافًا الْقَوْمُ:** دۈشمەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

**أَزْحَفَ الصَّبِيَّ:** بوۋاقنى ئۆمىلەتتى.

**أَزْحَفَهُ:** ئۇنى ئۆمىلەتتى.

**أَزْحَلَ يُزْحِلُ إِزْحَالًا الشَّيْءَ:** يۆتكىۋەتتى، يىراقلىتىۋەتتى.

**أَزْحَلَ فُلَانًا:** يىراقلاشتۇردى.

**أَزْحَلَ إِلَيْهِ:** ئىلتىجا قىلدۇردى، قىندى، ھامىلە قىلغۇزدى.

**أَزْخَمَ يُزْخِمُ إِزْخَامًا اللَّحْمُ:** گۆش پۇراپ قالدى، سېسىپ قالدى.

**أَزْخَمُ ج زَخْمَاءُ وَ زُخْمٌ:** سېسىپ قالغان، پۇراپ قالغان.

**اِزْدَادَ يَزْدَادُ اِزْدِيَادًا:** كۆپەيدى، ئارتتى، ئاشتى.

**«هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوا إِيمَانًا مَعَ إِيمَانِهِمْ» ‹قرآن›:** مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى.

**«اِزْدَادَ الطِّفْلُ بُكَاءً»:** بوۋاقنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى.

**«اِزْدَادَتْ لَهُ بِنْتٌ»:** ئۇنىڭغا قىز تۇغۇلدى.

**اِزْدَادَ الْمَوْلُودُ:** بالا تۇغۇلدى.

**اِزْدَادَ سُوءًا:** يامانلاشتى، ئېغىرلاشتى، ناچارلاشتى.

**اِزْدَانَ يَزْدَانُ اِزْدِيَانًا:** ياساندى، چىرايلىق بولدى، گۈزەل تۈسكە كىردى.

**«اِزْدَانَ فِرَاشُهُ بِمَوْلُودٍ»:** يېڭى بوۋاق بىلەن نېسىۋدار قىلىندى.

**«اِزْدَانَتِ الْحَدِيقَةُ بِالْأَزْهَارِ»:** باغ چېچەكلەر بىلەن گۈزەل تۈسكە كىردى.

**اِزْدَبَرَ يَزْدَبِرُ اِزْدِبَارًا الْكِتَابَ:** كىتاب يازدى.

**اِزْدَجَّ يَزْدَجُّ اِزْدِجَاجًا حَاجِبُهُ:** قېشى ئىنچىكە بولدى.

**اِزْدَجَرَ يَزْدَجِرُ اِزْدِجَارًا:** توستى، چەكلىدى، مەنئى قىلدى.

**«وَقَالُوا مَجْنُونٌ وَازْدُجِرَ» ‹قرآن›:** ئۇلار (نۇھنى) مەجنۇن دېدى ئۇ (دىنغا دەۋەت قىلىشتىن) ھەيۋە بىلەن مەنئى قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

**اِزْدَجَى يَزْدَجِي اِزْدِجَاءً:** سۈردى، ئالدىراتتى؛ ھەيدەكچىلىك قىلدى، سىلجىتتى، ئالغا سۈردى.

**اِزْدِحَامٌ:** قىستاڭچىلىق، تىقىنچىلىق.

**«تَجَنَّبْ سَاعَةَ الْإِزْدِحَامِ لِلطُّرُقَاتِ»:** يوللارنىڭ قىستاڭچىلىق ۋاقىتلىرىدىن يىراق بول.

**اِزْدَحَقَ يَزْدَحِقُ اِزْدِحَاقًا:** ئىلگىرىلىدى.

**اِزْدَحَمَ يَزْدَحِمُ اِزْدِحَامًا الْمَكَانُ:** ئورۇن قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى.

**اِزْدَحَمَ الْقَوْمُ:** قىستاشتى، بىر - بىرىنى قىستاشتى.

**اِزْدَحَمَتِ الْأَفْكَارُ فِي ذِهْنِهِ:** خىياللار چىرمىشىۋالدى، تەپەككۇرى قالايمىقانلاشتى.

**اِزْدَحَمَتِ الْأَمْوَاجُ:** دولقۇنلار كۆتۈرۈلدى.

**«يَزْدَحِمُ النَّاسُ فِي الْأَسْوَاقِ»:** كىشىلەر بازاردا قىستى - قىستاڭ بولۇشىدۇ.

**اِزْدِرَاءٌ:** كەمسىتمەك، كۆزگە ئىلماسلىق.

**اِزْدِرَاءٌ بِالْخَطَرِ:** خەۋپ - خەتەرنى كۆزگە ئىلماسلىق.

**«نَظَرَ إِلَيْهِ بِازْدِرَاءٍ»:** ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدى.

**«كَانَتْ نَظْرَتُهُ إِلَيْهِ تَنُمُّ عَنِ ازْدِرَاءٍ»:** ئۇنىڭ ئۇنىڭغا قارىشى ئۇنى كەمسىتكەنلىكىتىن دېرەك بېرەتتى.

**اِزْدَرَدَ يَزْدَرِدُ اِزْدِرَادًا اللُّقْمَةَ:** يالماپ يۇتىۋەتتى.

**«اِزْدَرَدَ الطِّفْلُ الثَّرِيدَ»:** بالا شورپىغا چىلانغان ناننى يالماپ يۇتىۋەتتى.

**اِزْدَرَى يَزْدَرِي اِزْدِرَاءً:** كەمسىتتى، كۆزگە ئىلمىدى.

**اِزْدَرَى بِالْخَطَرِ:** خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمىدى.

**«اِزْدَرَى الشَّابُّ بِالْخَطَرِ»:** يىگىت خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمىدى.

**اِزْدَرَى كَلَامَهُ:** ئۇنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىدى.

**اِزْدَعَقَ يَزْدَعِقُ اِزْدِعَاقًا:** دەرھال ئۆلتۈردى.

**اِزْدَقَّ يَزْدَقُّ اِزْدِقَاقًا الشَّيْءَ:** تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى.

**اِزْدَقَمَ يَزْدَقِمُ اِزْدِقَامًا الطَّعَامَ:** تاماقنى تېز يەپ يۇتتى، يالماپ يۇتىۋەتتى.

**اِزْدَلَفَ يَزْدَلِفُ اِزْدِلَافًا إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلدى، ئۇنىڭغا خۇشامەتچىلىك قىلدى.

**«يَكْرَهُ كُلَّ مَنْ يَزْدَلِفُ إِلَيْهِ»:** ئۆزىگە خۇشامەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرمايدۇ.

**اِزْدَمَلَ يَزْدَمِلُ اِزْدِمَالًا بِثَوْبِهِ:** كىيىمى بىلەن يۆگىنىۋالدى، كىيىمى بىلەن ئورىنىۋالدى.

**اِزْدَمَّ يَزْدَمُّ اِزْدِمَامًا بِأَنْفِهِ:** كۆرەڭلەپ كەتتى، گېدىيىۋالدى.

**اِزْدِهَاقٌ:** ئۆلۈم يېقىنلاشماق.

**اِزْدَهَرَ يَزْدَهِرُ اِزْدِهَارًا السِّرَاجُ:** چىراغ يورۇپ كەتتى.

**اِزْدَهَرَ الشَّيْءُ:** سۈزۈلۈپ كەتتى، تېخىمۇ سۈزۈك بولدى؛ گۈللەندى.

**اِزْدَهَرَتِ الشَّرِكَةُ:** شىركەت گۈللەندى.

**اِزْدَهَرَ الْوَرْدُ:** قىزىل گۈلنىڭ رەڭگى سۈزۈك بولدى.

**«يَزْدَهِرُ الْاِقْتِصَادُ يَوْمًا فَيَوْمًا»:** ئىقتىساد كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىمەكتە.

**«اَلصِّنَاعَاتُ تَزْدَهِرُ فِي رُبُوعِ الْبِلَادِ»:** دۆلەتنىڭ جاي - جايلىرىدا سانائەت گۈللىنىمەكتە.

**اِزْدَهَقَ يَزْدَهِقُ اِزْدِهَاقًا الْمَوْتُ:** ئۆلۈم يېقىنلاشتى.

**اِزْدَهَى يَزْدَهِي اِزْدِهَاءً الشَّخْصُ:** مەغرۇرلاندى.

**«اِزْدَهَاهُ مَنْصِبُ صَدِيقِهِ فِي الْإِدَارَةِ»:** ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئىدارىسىدىكى مەنسىپى ئۇنى مەغرۇرلاندۇردى.

**اِزْدَهَاهُ عَلَى الْأَمْرِ:** مەجبۇرلىدى.

**«يَزْدَهِي عُمَّالَهُ عَلَى الْاِشْتِغَالِ لَيْلًا»:** ئۇ ئىشچىلىرىنى كېچىسى ئىشلەشكە مەجبۇرلايدۇ.

**اِزْدِوَاجٌ:** جۈرە بولماق، بىر جۈپ بولماق.

**اِزْدِوَاجُ الضَّرَائِبِ:** باجنى ئىككى جايدا ياكى ئىككى مەملىكەتتە تاپشۇرماق.

**اِزْدِوَاجِيَّةُ اللُّغَةِ:** ئەدەبىي تىل بىلەن خەلق ئېغىز تىلىنىڭ بىرلىكتە ئىشلىتىلىشى.

**اِزْدَوَجَ يَزْدَوِجُ اِزْدِوَاجًا الشَّيْءُ:** بىر جۈپ بولدى، قوشماق بولدى.

**اِزْدَوَجَ الْقَوْمُ:** ئۆزئارا قىز ئېلىشىپ ـ بېرىشتى، قايچا قۇدا بولۇشتى.

**اِزْدَوَجَ لِسَانُهُ:** ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتتى.

**اِزْدِيَادُ الْإِنْتَاجِ فِي الشَّرِكَةِ:** شىركەتتە ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئېشىشى.

**شَهَادَةُ الْإِزْدِيَادِ:** تۇغۇلۇش ئىسپاتنامىسى.

**أَزَرَ يَأْزِرُ أَزْرًا الشَّيْءَ:** كۈچەيتتى.

**أَزْرٌ:** كۈچ ـ قۇۋۋەت.

**«شَدَّ أَزْرَهُ/شَدَّ مِنْ أَزْرِهِ»:** كۈچەيتتى، كۈچلەندۈردى.

**«أُشْدُدْ بِهِ أَزْرِي»** ‹قرآن›: ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن.

**إِزْرٌ:** پەلتۇ، خالات، پىلاش.

**أَزْرَقُ م زَرْقَاءُ ج زُرْقٌ:** كۆك، كۆك رەڭ، هاۋا رەڭ، كۆكۈش.

**أَزْرَقُ سَمَاوِيٌّ:** هاۋا رەڭ، ئاسمان كۆكى.

**اَلْعَدُوُّ الْأَزْرَقُ:** ئەشەددى دۈشمەن.

**دَمُهُ أَزْرَقُ:** ئاقسۆڭەك، ئېسىلزادە.

**اِزْرَقَّ يَزْرَقُّ إِزْرِقَاقًا الشَّيْءُ:** كۆكەردى.

**«اِزْرَقَّ الْبَحْرُ وَصَفَا»:** دېڭىز كۆپكۆك ۋە سۈپسۈزۈك بولدى.

**أَزْرَى يُزْرِي إِزْرَاءً ـــ هُ وَ بِهِ وَ عَلَيْهِ:** ئۇنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇنى كەمسىتتى، ئۇنى مەنسىتمىدى، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىدى.

**أَزْرَى بِكَلَامِهِ:** ئۇنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىدى.

**أَزْرَى بِالْأَمْرِ:** سەل قارىدى.

**أَزَّ يَؤُزُّ وَ يَئِزُّ أَزًّا وَ أَزَازًا وَ أَزِيزًا الطَّبْخُ عَلَى النَّارِ:** پىتىق ـ پىتىقلىدى، پورۇقلىدى (قايىندى)، قىزىدى.

**«أَلَمْ تَرَ أَنَّا أَرْسَلْنَا الشَّيَاطِينَ عَلَى الْكَافِرِينَ تَؤُزُّهُمْ أَزًّا»** ‹قرآن›: بىزنىڭ شەيتانلارنى كۇففارلارغا ئەۋەتكەنلىكىمىزنى بىلمەمسەن؟ شەيتانلار ئۇلارنى قىزىقتۇرىدۇ.

**أَزَّ الْقِدْرُ:** قازان پورۇقلاپ قايىندى.

**أَزَّ الطَّائِرَةُ:** ئايروپىلان غوڭۇلدىدى.

**أَزَّ الرَّعْدُ:** هاۋا گۈلدۈرلىدى.

**أَزَّجَ يُؤَزِّجُ تَأْزِيجًا الْبَيْتَ:** ئۆيگە ئەگمە ئىشىك ئورناتتى.

**أَزَّرَ يُؤَزِّرُ تَأْزِيرًا:** كۈچەيتتى.

**اِزَّمَّلَ يَزَّمَّلُ اِزَّمَّالاً:** ياپتى، ئورىدى، يۆگىدى.

**اِزَّيَّنَ يَزَّيَّنُ اِزَّيُّنًا:** ياساندى، چىرايلىق بولدى، گۈزەل تۈسكە كىردى.

**«حَتَّى إِذَا أَخَذَتِ الْأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَازَّيَّنَتْ»** ‹قرآن›: هەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان...

**إِزْعَاجٌ:** پاراكەندە قىلماق، ئاۋارە قىلماق، هودۇقتۇرماق، قالايمىقان قىلماق.

**إِزْعَاجُ النَّاسِ فِي اللَّيْلِ:** كېچىدە كىشىلەرنىڭ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈشى.

**بِدُونِ إِزْعَاجٍ أَرْجُوكَ أَنْ:** ئاۋارىچىلىق كۆرمىسىڭىز ئىلتىماسىم شۇكى (تەكەللۇپ سۆزى).

**إِزْعَاجُ السُّلُطَاتِ:** هۆكۈمەت دائىرىلىرىنى چۆچۈتمەك.

**«وُجِّهَتْ إِلَيْهِ تُهْمَةُ الْبَلَاغِ الْكَاذِبِ وَإِزْعَاجِ السُّلُطَاتِ»:** ئۇنىڭغا يالغان مەلۇمات بېرىش ۋە هۆكۈمەت دائىرىلىرىنى چۆچۈتۈش تۆهمىتى چاپلاندى.

**أَزْعَجَ يُزْعِجُ إِزْعَاجًا ـــ هُ:** پاراكەندە قىلدى، چۆچۈتتى.

**أَزْعَجَهُ مِنْ بَلَدِهِ:** ئۇنى يۇرتىدىن مەجبۇرىي چىقىرىۋەتتى.

**«أَزْعَجَ الْمُسْتَعْمِرُ فَلَّاحِي الْبَلَدِ»:** مۇستەملىكىچىلەر يۇرتنىڭ دېهقانلىرىنى هەيدەپ چىقاردى.

**«أَخْشَى أَنْ أَكُونَ قَدْ أَزْعَجْتُكَ»:** سىزنى بىئارام قىلىپ قويدۇممىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

**«لَاتَتَكَلَّمْ بِصَوْتٍ مُرْتَفِعٍ فِي قَاعَةِ الْمُطَالَعَةِ حَتَّى لَاتُزْعِجَ الْآخَرِينَ»:** باشقىلارنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن قىرائەتخانىدا يۇقىرى ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

بىلەن سۆزلىمە.

أَزْعَرُ ج زُعْرٌ: چېچى شالاڭ.

رَجُلٌ أَزْعَرُ: چېچى شالاڭ ئادەم.

شَابٌّ أَزْعَرُ: بەدقىلىق ياش، بەد ئەخلاق ياش، قىلىقسىز ياش.

أَزْعَقَ يُزْعِقُ إِزْعَاقًا عَلَى الْجَرِيحِ: ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردى.

أَزْعَقَ يُزْعِقُ إِزْعَاقًا: چۆچۈتتى، قورقۇتتى، چۆچۈتىۋەتتى، قورقۇتىۋەتتى.

«أَزْعَقَ الرَّضِيعَ بِصِيَاحِهِ»: بوۋاقنى توۋلاپ قورقۇتتى.

أَزْعَلَ يُزْعِلُ إِزْعَالاً: ئاۋارە قىلدى، مالال قىلدى.

أَزْعَلَهُ بِكِذْبِهِ: يالغانچىلىق بىلەن ئۇنى پاراكەندە قىلدى.

أَزْعَمَ يُزْعِمُ إِزْعَامًا الْأَمْرُ: مۇمكىن بولدى.

أَزْعَمَ إِلَيْهِ: بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى، باش ئەگدى.

إِزْعِيلٌ: ئەنسىز، پاراكەندە، نارازى، خاپا، بىئارام.

أَزْغَبُ م زَغْبَاءُ ج زُغْبٌ: سېرىق تۈكلۈك.

طَائِرٌ أَزْغَبُ: پەي چىقارغان قۇش.

أَزِفَ يَأْزَفُ أَزْفًا وَ أُزُوفًا الْوَقْتُ: ۋاقىت يېقىنلاشتى.

«أَزِفَتِ الْآزِفَةُ» «قۇرئان»: قىيامەت يېقىنلاشتى.

أَزِقٌ: ئىتتىك، تېز، چاققان.

أَزَقَ يَأْزُقُ وَيَأْزِقُ أَزْقًا وَأَزِقَ يَأْزَقُ أَزَقًا: تارلاشتى، تار بولدى.

إِزْقَامٌ: يۇتقۇزۇش، نەيچە ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش.

أَزْقَمَ يُزْقِمُ إِزْقَامًا الشَّيْءَ: يۇتقۇزدى.

أَزْكَمَ يُزْكِمُ إِزْكَامًا: زۇكامدىتىپ قويدى، زۇكام تەگكۈزۈپ قويدى.

أَزْكَى يُزْكِي إِزْكَاءً الشَّيْءُ: ئۆستى، ئاۋۇدى، كۆپەيدى.

«ذَلِكُمْ أَزْكَى لَكُمْ وَأَطْهَرُ» «قۇرئان»: بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر.

«أَزْكَى ثَرْوَتَهُ بِمَشْرُوعَاتٍ اِقْتِصَادِيَّةٍ مُتَنَوِّعَةٍ»: ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىلانلار ئارقىلىق كۆپەيتتى.

أَزْكَى الشَّيْءَ: ئۆستۈردى، ئاۋۇتتى.

أَزَلٌ: باشلىنىشى يوق، ئەۋۋىلى يوق، قەدىم.

أَزْلَجَ يُزْلِجُ إِزْلاَجًا الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى.

أَزْلَحُ م زَلْحَاءُ ج زُلْحٌ: تاقىر باش، پايتەكباش، ئايپاڭ باش.

أَزْلَعُ م زَلْعَاءُ ج زُلْعٌ: يېرىلغان، يېرىق.

كَفٌّ أَزْلَعُ: يېرىق ئالقان.

أَزْلَفَ يُزْلِفُ إِزْلاَفًا الشَّيْءَ: يېقىنلاشتۇردى.

«وَأُزْلِفَتِ الْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ» «قۇرئان»: جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

أَزْلَقَ الشَّيْءَ: جەملىدى، توپلىدى، يىغدى.

أَزْلَقَ يُزْلِقُ إِزْلاَقًا فُلاَنًا بِبَصَرِهِ: تىكىلىپ قارىدى.

«وَإِنْ يَكَادُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَيُزْلِقُونَكَ بِأَبْصَارِهِمْ» «قۇرئان»: (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ.

أَزْلَقَتِ الْحَامِلُ: بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

أَزْلَقُ م زَلْقَاءُ: يېڭىدىن چاچ چىققان ئادەم.

أَزَلَّ يُزِلُّ إِزْلاَلاً ـ هُ: تېيىلدۇرۇۋەتتى.

«فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ» «قۇرئان»: شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى) تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى.

أَزَلَّ إِلَيْهِ النِّعْمَةَ: ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلدى.

«أَزَلَّهُ فِي أَثْنَاءِ اللَّعِبِ فَزَلَقَتْ قَدَمُهُ»: ئويۇن ۋاقتىدا ئۇنى تېيىلدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇتى تېيىلىپ كەتتى.

أَزَلُّ م زَلاَّءُ ج زُلٌّ: ئىككى يوتىسى ۋە ساغرىسى ئورۇق.

أَزَلِيٌّ. أَزَلِيَّةٌ: قەدىمدىن، ئەزەلدىن، بۇرۇندىن، ئەسلىدىن، ھەمىشە بار بولۇپ كەلگەن، باشلىنىش يوق، ئەبەدىي.

**أَزَمَ يَأْزِمُ أَزْمًا وَأُزُومًا عَلَى الشَّيْءِ:** چىشلىدى.

**أَزَمَ الْفَرَسُ عَلَى اللِّجَامِ:** ئات يۈگەننى چىشلىدى.

**أَزَمَ الْحَبْلَ:** ئارغامچىنى يەشتى.

**أَزَمَ الْبَابَ:** ئىشىكنى ئەتتى.

**أَزَمَتِ السَّنَةُ:** قەھەتچىلىك بولدى.

**أَزْمَةٌ ج أَزَمَاتٌ وَأَزْمٌ وَأَوَازِمُ:** كرىزىس، بوھران، جىددىي پەيت.

**أَزْمَةٌ اِقْتِصَادِيَّةٌ:** ئىقتىسادىي كرىزىس.

**أَزْمَةٌ قَلْبِيَّةٌ:** يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىشى.

**أَزْمَةٌ نَقْدِيَّةٌ:** پۇل پاخاللىقى.

**أَزْمَةٌ وَزَارِيَّةٌ:** ئىچكى كابىنېت كرىزىسى.

**أَزْمَةٌ سِيَاسِيَّةٌ:** سىياسىي كرىزىس.

**أَزْمَةٌ نَفْسِيَّةٌ:** كېسەللىك بوھرانى.

**أَزْمَعَ يُزْمِعُ إِزْمَاعًا الْأَمْرَ وَبِهِ وَعَلَيْهِ:** بەل باغلىدى، ئىرادە باغلىدى، بىر نىيەتكە كەلدى.

**«أَزْمَعَ عَلَى السَّفَرِ غَدًا»:** ئەتە سەپەر قىلىشقا بەل باغلىدى.

**أَزِمَّةُ الْأُمُورِ:** ھوقۇق، ھاكىمىيەت، ئىشلارنىڭ چۇلۋۇرى.

**أَزْمَنَ يُزْمِنُ إِزْمَانًا الشَّيْءُ:** ۋاقتى ئۇزىراپ كەتتى.

**أَزْمَنَ فِي الْمَكَانِ:** بىر مەزگىل تۇردى.

**أَزْمَنَ عَلَيْهِ الْمَرَضُ:** كېسىلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى.

**«أَزْمَنَ الْمُعَلِّمُ فِي الْمَدَارِسِ الْاِبْتِدَائِيَّةِ»:** مۇئەللىم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى.

**اِزْمَهَرَّ يَزْمَهِرُّ اِزْمِهْرَارًا ـــ تِ الْعَيْنُ:** ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى.

**اِزْمَهَرَّتِ الْيَوْمُ:** بۈگۈن سوغۇق كۈچىيىپ كەتتى.

**إِزْمِيلٌ ج أَزَامِيلُ:** موزدوز پىچىقى، ئىسكىنە (نەيزىنىڭ ئۇچىدىكى ھىلال شەكىللىك تۆمۈر بولۇپ، بۆكەن ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ) رەندە يۈنۈش سايمىنى.

**إِزْمِيلُ الْمَعَادِنِ:** ئويمىچىلىق پىچىقى، ئويۇش پىچىقى.

**«قَطَعَ الْجِلْدَ بِالْإِزْمِيلِ»:** ئۇ تېرىنى قىرىش پىچىقى بىلەن كەستى.

**أَزْنَدَ يُزْنِدُ إِزْنَادًا الشَّيْءُ:** ئاشتى، كۆپەيدى، ئۆستى.

**أَزْنَقَ يُزْنِقُ إِزْنَاقًا عَلَى أَوْلَادِهِ:** بالىلىرىغا پىخسىقلىق قىلدى.

**أَزْنَمُ:** ئەن ـ بەلگە، نىشان، قولىقى كېسىك.

**أَزْنَى يُزْنِي إِزْنَاءً:** ئۇنى زىناغا زورلىدى؛ ئۇنى زىنا بىلەن قارىلىدى.

**«أَزْنَى الْفَاجِرُ رَفِيقَهُ»:** پاسىق ئادەم بۇرادىرىنى زىناغا زورلىدى.

**«أَزْنَى الرَّجُلَ فَهُوَ بَرِيءٌ»:** پاك بولسىمۇ زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىدى.

**أَزْهَدَ يُزْهِدُ إِزْهَادًا الشَّخْصُ:** مېلى ئاز بولدى.

**أَزْهَدَ الشَّيْءَ:** ئۇنى ئاز ھېسابلىدى.

**أَزْهَدَ الْغَنِيُّ:** باينىڭ مېلى ئاز بولدى.

**«أَزْهَدَتِ الْبِنْتُ الْهَدِيَّةَ»:** قىز سوۋغىنى ئاز كۆردى.

**أَزْهَرَ يُزْهِرُ إِزْهَارًا النَّارَ وَغَيْرَهَا:** ئوتنى يورۇتتى.

**أَزْهَرَ النَّبَاتُ أَوِالشَّجَرُ:** ئۆسۈملۈك چېچەكلىدى.

**«تُزْهِرُالْأَشْجَارُ فِي الرَّبِيعِ»:** دەرەخلەر ئەتىيازدا چېچەكلەيدۇ.

**أَزْهَرُ ج زُهْرٌ:** نۇرلۇق، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، روشەن؛ رەڭگى پارقىراپ تۇرىدىغان، پارلاق، سۈپسۈزۈك؛ گۈلچېھرە، رەڭگى سۈزۈك، چىرايلىق.

**اَلْجَامِعُ الْأَزْهَرُ:** ئەزھەر جامەسى.

**فَرَسٌ أَزْهَرُ:** يالتىراپ تۇرغان ئاق ئات.

**«وَافَقَ فَضِيلَةُ الدُّكْتُورْ . . . شَيْخُ الْأَزْهَرِعَلَى إِيفَادِ بَعْثَةٍأَزْهَرِيَّةٍ مِنَ الْعُلَمَاءِ»:** ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەكنى ئەۋەتىشكە قوشۇلدى.

**اَلْأَزْهَرُ:** جۈمە كۈنى.

**إِزْهِرَارٌ:** چېچەكلىمەك، چېچەك چىقارماق.

uyghurkitap.com



**اَلْأَزْهَرانِ:** ئاي بىلەن كۈن، قۇياش بىلەن ئاي.

**إِزْهَرَّ يَزْهَرُّ إِزْهِرارًا اَلنَّباتُ أَوِالشَّجَرُ:** چېچەكلىدى، كۆپ چېچەكلىدى.

**أَزْهَرِيٌّ ج أَزْهَرِيُّونَ:** ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئەزھەرگە ئائىت.

**تَعْلِيمٌ أَزْهَرِيٌّ:** ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكىسى.

**اَلْجَامِعَةُ الْأَزْهَرِيَّةُ:** ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى.

**«طَهَ حُسَيْن مِنَ الْأَزْهَرِيِّينَ»:** دوكتور تاھا ھۆسەيىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلاردىن.

**أَزْهَقَ يُزْهِقُ إِزْهَاقًا الْبَاطِلَ:** يوقاتتى، تۈگەتتى.

**أَزْهَقَ اللّٰهُ رُوحَهُ:** ئاللاھ ئۇنى قەبزى روھ قىلدى (جېنىنى ئالدى).

**أَزْهَقَ الْإِنَاءَ:** قاچىنى تولدۇردى.

**أَزْهَقَ فِي السَّيْرِ:** تېز ماڭدى، ئالدىرىدى.

**«أَزْهَقَ الْحَاكِمُ الْبَاطِلَ بِعَدْلِهِ»:** ھاكىم ئۆزىنىڭ ئادالەتچىلىكى بىلەن باتىلنى يوق قىلدى.

**أَزْهَمَ يُزْهِمُ إِزْهَامًا الْعَظْمُ:** ئىلىك تولدى.

**أَزْهَى يُزْهِي إِزْهَاءً الشَّخْصُ:** مەغرۇرلاندى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى، پەخىرلەندى.

**أَزْهَى الْبُسْرُ:** غورا رەڭگە كىردى.

**أَزْهَى عَلَى جِيرَانِهِ:** قوشنىلارغا چوڭچىلىق قىلدى.

**«مَا رَأَيْتُ أَزْهَى مِنْ هَذَا الرَّجُلِ»:** بۇ ئادەمدىنمۇ مەنمەنچى ئادەمنى كۆرمىدىم.

**«اَلنَّبَاتُ فِي الرَّبِيعِ أَزْهَى مِنْهُ فِي الْخَرِيفِ»:** باھار ئۆسۈملۈكلىرى كۈز ئۆسۈملۈكلىرىگە قارىغاندا كۆركەم.

**أَزُوتَاةٌ:** ئازوت كىسلاتاسى.

**أَزْوَحُ:** كېچىككۈچى، زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالغۇچى.

**أَزْوَرُ ج زُورٌ:** ئەگرى، قىڭغىر؛ يىراق؛ ئەلەس.

**حَائِطٌ أَزْوَرُ:** قىڭغىر تام.

**اِزْوَرَّ يَزْوَرُّ اِزْوِرَارًا عَنْهُ:** ئاغدى، قىيسايدى، مايىل بولدى، ئۆزىنى قاچۇردى؛ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**«اِزْوَرَّ عَنْ طَرِيقِ الصَّوَابِ»:** توغرا يولدىن ئېزىپ كەتتى.

**اِزْيَانَّ يَزْيَانُّ اِزْيِينَانًا:** بېزەلدى، زىننەتلەندى.

**أَزْيَدُ:** تېخىمۇ كۆپ.

**«ثَمَنُ الْقَمِيصِ أَزْيَدُ مِنْ ثَمَنِ الْجَوَارِبِ»:** كۆڭلەكنىڭ باھاسى پايپاقنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى.

**أَزِيزٌ:** قاتتىق ئاۋاز، گۈلدۈرماما ئاۋازى، قازاننىڭ قاينىغان ئاۋازى، مىلتىق ئاۋازى، ئايروپىلان ماتورى ئاۋازى.

**«سَمِعَ أَزِيزَ الطَّائِرَةِ الْحَرْبِيَّةِ»:** ئۇ ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

**أَزِيزُ النَّفْسِ:** ھۆشتۇرتماق، ئىسقىرتماق.

**أَسَا يَأْسُو أَسْوًا وَأَسًا:** تەسەللى بەردى، كۆڭلىنى ياسىدى، بەزلىدى.

**أَسَاءَ يُسِيءُ إِسَاءَةً:** يامان ئىش قىلدى، زىيان يەتكۈزدى، نابۇت قىلدى.

**«صِلْ مَنْ قَطَعَكَ وَأَحْسِنْ إِلَى مَنْ أَسَاءَ إِلَيْكَ»** ‹حديث›: سېنى تاشلىۋەتكەنگە سىلە رەھىم قىلغىن، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلغىن.

**«مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ أَسَاءَ فَعَلَيْهَا»** ‹قرآن›: كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە كىمكى يامانلىق قىلسا زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر.

**أَسَاءَ مِنْهُ:** خاپا بولدى، رەنجىدى، ئاغرىندى.

**أَسَاءَ اسْتِعْمَالَ الشَّيْءِ:** سۇيىئىستېمال قىلدى، جايىدا ئىشلەتمىدى.

**أَسَاءَ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا يامانلىق قىلدى، ئۇنى كۆڭۈلسىز قىلدى.

**أَسَاءَ مُعَامَلَةَ شَخْصٍ:** ياخشى مۇئامىلىدە بولمىدى، چەقىشالمىدى.

**أَسَاءَ مِنَ الْعَمَلِ:** غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى، قاينىدى، چىچىلدى.

**أَسَاءَ التَّصَرُّفَ:** ياخشى باشقۇرمىدى، مۇۋاپىق ئىشلەتمىدى، قول ئۇچىدا ئىشلەپ قويدى.

**أَسَاءَ الْفَهْمَ:** خاتا چۈشىنىپ قالدى، چۈشىنەلمىدى، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدى، يېڭىلىشتى.

**أَسَاءَ التَّعْبِيرَ:** ياخشى ئىپادىلىيەلمىدى.

**إِسَاءٌ ج أَسِيَةٌ:** دورا.

**إِسَاءَةٌ:** گۇناھ، جىنايەت، يامانلىق قىلماق، رەنجىتمەك، چېقىلماق، خاپا قىلىپ قويماق، كۆڭلىنى ئاغرىتماق، چىشىغا تېگىپ قويماق.

**«إِنْ تُقَابِلَ الْإِسَاءَةَ بِالْعَفْوِ يَحْمَدُكَ النَّاسُ»:** باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقىنى كەچۈرسەڭ، كىشىلەر سېنى مەدھىيىلەيدۇ.

**إِسَاءَةُ الْاِسْتِعْمَالِ:** خاتا ئىشلەتمەك، كەلسە – كەلمەس پايدىلانماق، سۇيىئىستېمال قىلماق.

**إِسَاءَةُ الْمُعَامَلَةِ:** يامان مۇئامىلىدە بولماق، ھاقارەتلىمەك، خورلىماق.

**أَسَاحَ يُسِيحُ إِسَاحَةً الْمَاءَ:** سۇنى ئاققۇزدى، ئېرىتتى.

**أَسَارَ يُسِيرُ إِسَارَةً:** ماڭغۇزدى، يولغا سالدى، ھەرىكەتلەندۈردى.

**إِسَارٌ ج أُسُرٌ:** كىشەن، ئارغامچا.

**وَقَعَ فِي إِسَارِهِ:** كىشەن سېلىندى.

**اَلْأَسَارِيرُ:** پۇرۇك، قورۇق (يۈز ۋە پېشانىدىكى)؛ چىراي، قىيapەت، ئىككى مەڭزى.

**«ظَهَرَ السُّرُورُ فِي أَسَارِيرِ وَجْهِهِ»:** ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدە خۇشاللىق جىلۋىلەندى.

**أَسَاسٌ و أُسَسٌ ج أُسُسٌ و آسَاسٌ:** ئاساس، بىنانىڭ ھۇلى؛ ئەسلى، تېگى؛ نېگىزى؛ سەۋەب؛ مەنبە، پوندامېنت.

**لَا أَسَاسَ لَهُ:** ئاساسسىز.

**حَجَرُ الْأَسَاسِ:** ئۇل تاش.

**مِنْ حَيْثُ الْأَسَاسِ:** ئاساسىي جەھەتتىن.

**«أُقِيمَ احْتِفَالٌ لِوَضْعِ حَجَرِ الْأَسَاسِ»:** ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

**خَبَرٌ لَاأَسَاسَ لَهُ مِنَ الصِّحَّةِ:** ئاساسىي يوق خەۋەر، يالغان خەۋەر.

**«لَمْ يَكُنِ الرَّجُلُ عَلَى حَقِّ أَسَاسًا»:** بۇ كىشى ئەزەلدىن ھەقتە تۇرۇپ باقمىغان.

**«اَلْعَدْلُ أَسَاسُ الْمُلْكِ»:** ئادالەت سەلتەنەتنىڭ ئاساسىدۇر.

**«اِنْتَهَى الْعُمَّالُ مِنْ وَضْعِ أَسَاسِ الْمَصْنَعِ»:** ئىشچىلار زاۋۇتنىڭ ئۇلىنى قويۇشنى تاماملىدى.

**«مَا هُوَ الْأَسَاسُ الَّذِي بُنِيَ عَلَيْهِ نَظَرِيَّتُهُ»:** ئۇنىڭ نەزەرىيىسى قۇرۇلغان پرىنسىپ قايسى؟

**«إِنَّ التَّعَاوُنَ أَسَاسُ النَّجَاحِ»:** ھەمكارلىشىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسىدۇر.

**فِي الْأَسَاسِ:** ئەسلىدە.

**عَلَى أَسَاسِهِ:** ئۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا بىنائەن.

**«وَاصَلَ الْمُؤْتَمَرُ دِرَاسَةَ الْمَوْضُوعِ عَلَى أَسَاسِ مُقَرَّرَاتِ وُزَرَاءِ الْخَارِجِيَّةِ»:** قۇرۇلتاي ماۋزۇنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىنىڭ قارارلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

**أَسَاسِيٌّ:** ئاساسلىق، ماھىيەتلىك، تۈپلۈك، مۇھىم.

**«اَلْقُرْآنُ وَالشِّعْرُ الْجَاهِلِيُّ مَادَّتَانِ أَسَاسِيَّتَانِ فِي دِرَاسَةِ الْعَرَبِيَّةِ»:** قۇرئان بىلەن جاھىلىيەت دەۋرى شېئىرلىرى ئەرەب تىلىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق ماتېرىيالدۇر.

**اَلْقَانُونُ الأَسَاسِيُّ:** ئاساسىي قانۇن.

**اَلتَّعْلِيمُ الْأَسَاسِيُّ:** ئاساسىي مائارىپ، ئاساسىي تەربىيە، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچى.

**اَلْحَجَرُ الْأَسَاسِيُّ:** ئۇل تاش.

**اَلْقَانُونُ الْأَسَاسِيُّ:** ئاساسىي قانۇن.

**اَلنِّظَامُ الْأَسَاسِيُّ:** ئاساسىي قانۇن.

**أَسَاسِيًّا:** ئاساسەن.

**اَلتَّرْبِيَةُ الْأَسَاسِيَّةُ:** ئاساسىي مائارىپ، ئاساسىي تەربىيە، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچى.

**أَسَاسِيَّاتُ الْمَوْضُوعِ:** ماۋزۇنىڭ پرىنسىپلىرى.

**أَسَاغَ يُسِيغُ إِسَاغَةً:** يېقىشلىق قىلدى، مۇۋاپىق

قىلدى.

**أَسَاغَ الطَّعَامَ أَوِ الشَّرَابَ:** سىلىق يۇتتى، سۇ بىلەن يۇتتى.

**«يَتَجَرَّعُهُ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُ» ‹قرآن›:** (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ.

**أَسَالَ يُسِيلُ إِسَالَةً:** ئاققۇزدى.

**«وَأَسَلْنَا لَهُ عَيْنَ الْقِطْرِ» ‹قرآن›:** ئۇنىڭغا (سۇلايمانغا) مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق.

**أَسَالَ الدَّمْعَ:** ياش ئاققۇزدى.

**أَسَالَ اللُّعَابَ:** شالىنى ئاققۇزدى، شۆلگىيىنى ئېقىتتى.

**أَسَامَ يُسِيمُ إِسَامَةً الْمَاشِيَةَ:** ئۇلاقنى ئوتلاققا قويۇۋەتتى، ئوتلاققا ھەيدىدى.

**«يُسِيمُونَ أَغْنَامَهُمْ حَيْثُ يُوجَدُ الْكَلَأُ»:** ئۇلار قويلىرىنى قەيەردە ئوتلاق بولسا شۇ يەردە باقىدۇ.

**أُسَامَةُ:** شىر (ئادەم ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ).

**«إِنَّ أُسَامَةَ سَيُرَشَّحُ لِمَنْصِبٍ جَدِيدٍ هَامٍّ فِي مَعْهَدِنَا»:** ئۇسامە ئىنىستىتۇتىمىزدا مۇھىم يېڭى ۋەزىپىگە نامزات قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

**أَسْأَدَ يُسْئِدُ إِسْآدًا:** كېچىچە يول يۈردى.

**أَسْأَرَ يُسْئِرُ إِسْآرًا مِنَ الطَّعَامِ وَالشَّرَابِ:** ئاشۇرۇپ قويدى، قالدۇرۇپ قويدى.

**«إِذَا شَرِبْتُمْ فَأَسْئِرُوا» ‹حديث›:** سۇ ئىچسەڭلار ئازراق قالدۇرۇپ قويۇڭلار.

**أَسْأَمَ يُسْئِمُ إِسْآمًا:** زېرىكتۈردى.

**أَسْأَمَنِي حَدِيثُهُ:** ئۇنىڭ سۆزى مېنى زېرىكتۈردى.

**أَسْبَتَ يُسْبِتُ إِسْبَاتًا:** شەنبىگە داخىل بولدى، شەنبىگە ئۇلاشتى.

**أَسْبَحَ يُسْبِحُ إِسْبَاحًا:** سۇ ئۈزدۈردى، سۇ ئۈزگۈزدى.

**«أَسْبَحَ إِبْنَهُ الصَّغِيرَ فِي الْبِرْكَةِ»:** كىچىك ئوغلىنى كۆلچەكتە سۇ ئۈزگۈزدى.

**أَسْبَخَتْ يُسْبِخُ إِسْبَاخًا الْأَرْضُ:** يەر شورلىشىپ كەتتى.

**أَسْبَرَ يُسْبِرُ إِسْبَارًا الْمَاءَ:** سۇنىڭ چوڭقۇرلىقىنى تەكشۈردى.

**أَسْبَطَ يُسْبِطُ إِسْبَاطًا:** داڭ قېتىپ تورۇپ قالدى، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تورۇپ قالدى.

**أَسْبَعَ يُسْبِعُ إِسْبَاعًا الشَّيْءَ:** يەتتىگە ئايلاندۇردى، يەتتە قىلدى.

**أَسْبَعَ الْمَكَانُ:** يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ بولدى.

**أَسْبَعَتِ الْحَامِلُ:** يەتتە ئايدا تۇغدى.

**أَسْبَعُوا:** يەتتىگە ئايلاندى، يەتتە بولدى.

**أَسْبَغَ يُسْبِغُ إِسْبَاغًا الشَّيْءَ:** كېڭەيتتى.

**«وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً» ‹قرآن›:** سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى.

**أَسْبَغَ وُضُوءَهُ:** تاھارەتنى تولۇق ئالدى.

**أَسْبَغَ اللهُ عَلَيْهِ نِعْمَتَهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

**أَسْبَغَ عَلَيْهِ الْمَدِيحَ:** ئۇنى تازا مەدھىيىلىدى، ئۇنى راسا مەدھىيىلىدى.

**أَسْبَغَ الثَّوْبَ:** كىيىمنى كەڭ قىلدى.

**أَسْبَغَ عَلَيْهِ صِفَةً شَرْعِيَّةً:** ئۇيغۇنلاشتۇردى، قانۇنلاشتۇردى، مۇۋاپىقلاشتۇردى.

**أَسْبَغَ لَهُ فِي الْعَطَاءِ أَوِالنَّفَقَةِ:** ئۇنىڭغا كۆپلەپ بەردى، ئۇنىڭغا كۆپلەپ خەجلىدى.

**أَسْبَقَ يُسْبِقُ إِسْبَاقًا إِلَى الْأَمْرِ:** ئالدىرىدى.

**أَسْبَقَ الرَّأْيَ أَوِالْقَرَارَ أَوْنَحْوَهُمَا:** پىكىر ياكى قارارنى بېكىتىشتىن بۇرۇن بىرلىككە كەلتۈرۈۋالدى.

**«أَسْبِقْ إِلَى الْخَيْرِ»:** ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىرا.

**أَسْبَقِيَّةٌ:** ئەۋزەللىك، ئۈستۈنلۈك؛ ئۆتۈپ كەتمەك.

**أَسْبَلَ يُسْبِلُ إِسْبَالًا:** (پەردىنى) چۈشۈرۈۋەتتى؛ (پەردىنى) ياپتى.

**أَسْبَلَ السِّتْرَ:** پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

**أَسْبَلَ الْمَاءَ:** تۆكتى، كۆمتۈردى.

**أَسْبَلَ الدَّمْعَ:** ياش تۆكتى.

**أَسْبَلَ الزَّرْعُ:** زىرائەت باشاق چىقاردى.

**أَسْبَلَ أَهْدَابَهُ:** قاپىقىنى تۈردى.

**أَسْبَلَ الْمَطَرُ:** يامغۇر چۈشتى، يامغۇر تۆكۈلدى.

**أَسْبَلَتِ الْعَيْنُ:** كۆزىدىن ياش ئاقتى، كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى.

**أَسْبَلَتِ السَّمَاءُ:** يامغۇر تۆكتى، يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

**أَسْبَلَتِ الطَّرِيْقُ:** ئۆتكۈچىلەر كۆپ بولدى، يولۇچىلار كۆپ بولدى.

**زَرْعٌ أَسْبَلُ:** ئۇزۇن باشاقلىق زىرائەت.

**أُسْبُوعٌ ج أَسَابِيْعُ:** ھەپتە، بىر ھەپتە.

**«قَضَيْنَا أُسْبُوعًا فِي مِصْرَ»:** بىر ھەپتىنى مىسىردا ئۆتكۈزدۇق.

**«فِي كُلِّ أُسْبُوعٍ أُطَالِعُ كِتَابًا عِلْمِيًّا ثُمَّ قِصَّةً»:** ھەر ھەپتىدە بىر ئىلمىي كىتاب ئاندىن بىر ھېكايە ئوقۇپ تۇرىمەن.

**أُسْبُوعِيٌّ . أُسْبُوعِيًّا:** ھەر ھەپتە، ھەپتىسىگە، ھەپتىدە بىر قېتىم.

**أَسْبِيدَاجٌ:** قوغۇشۇن، قىرىنداشنىڭ سىياھى.

**اِسْتٌ ج أَسْتَاهٌ:** مەقئەت.

**كَانَ كَذَا عَلَى اسْتِ الدَّهْرِ:** ئەۋۋەلدە، ئاۋۋالقى زاماندا.

**اِسْتُ الشَّخْصِ:** مەقئىتى.

**اِبْنُ اسْتِهَا:** دېدەكنىڭ بالىسى، ھارامدىن بولغان، يوتقان تېشىدىن بولغان.

**اِسْتَاءَ يَسْتَاءُ اِسْتِيَاءً:** رەنجىدى، ئاغرىندى، خاپا بولدى، نارازى بولدى.

**«اِسْتَاءَ مِنْ تَصَرُّفِكَ»:** سېنىڭ قىلىقىڭدىن يۈرىكى سىقىلدى.

**أُسْتَاذٌ ج أَسَاتِذَةٌ وَأَسَاتِيْذُ:** مۇئەللىم، ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى، پروفېسسور؛ ئەپەندى.

**أُسْتَاذٌ مُسَاعِدٌ:** دوتسېنت.

**اَلْأُسْتَاذُ الْأَكْبَرُ:** ئەزھەر داشۆسىنىڭ مۇدىرى.

**«هَذَا الْعَامِلُ أُسْتَاذٌ فِي تَصْلِيْحِ السَّيَّارَاتِ»:** بۇ ئىشچى ماشىنىلارنى رېمونت قىلىشقا ماھىر.

**«اَلْأَسَاتِذَةُ لَا يَنْكِثُونَ الْعَهْدَ أَبَدًا»:** ئوقۇتقۇچىلار ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ.

**أُسْتَاذِيَّةٌ:** پروفېسسورلۇق ئورۇن.

**«مَنْصِبُ الْأُسْتَاذِيَّةِ فَوْقَ كُلِّ الْمَنَاصِبِ الْمَدَنِيَّةِ»:** ئۇستازلىق مەرتىۋە بولسا بارلىق مەمۇرىي مەنسەپلەردىن ئۈستۈندۇر.

**اِسْتَافَ يَسْتَافُ اِسْتِيَافًا:** قىلىچۋازلىق قىلدى، قىلىچۋازلىق قىلىشتى، قىلىچۋازلىق جېڭى قىلىشتى.

**اِسْتَاقَ يَسْتَاقُ اِسْتِيَاقًا الْمَاشِيَةَ:** ئۇلاغنى ھەيدىدى.

**اِسْتَاكَ يَسْتَاكُ اِسْتِيَاكًا:** مىسۋاك قىلدى، چوتكىلىدى.

**اِسْتَامَ يَسْتَامُ اِسْتِيَامًا بِالسِّلْعَةِ:** سودىلاشتى، باھا ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى.

**اَلْأَسْتَانَةُ الْعَلِيَّةُ:** ئىستانبول.

**اِسْتِئْثَارٌ:** ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق، ئەپساندىيەتچىلىك، ماختانچاقلىق، مەنپەئەتپەرەستلىك، شەخسىيەتچىلىك.

**اِسْتَأْثَرَ يَسْتَأْثِرُ اِسْتِئْثَارًا بِكَذَا:** يالغۇز ئىگىلىۋالدى، ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى.

**اِسْتَأْثَرَ اللّٰهُ بِهِ:** ئۆلدى، ۋاپات بولدى.

**«يَسْتَأْثِرُ الْبَخِيْلُ بِمَالِهِ»:** بېخىل قولىدىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

**اِسْتِئْجَارٌ:** ياللىماق.

**اِسْتِئْجَارُ الْأَيْدِي الْعَامِلَةِ:** ئەمگەك كۈچى ياللاش.

**اِسْتَأْجَرَ يَسْتَأْجِرُ اِسْتِئْجَارًا:** ياللىدى.

**«إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِيْنُ» ‹قرآن›:** بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك ئىشەنچلىكتۇر.

**اِسْتَأْجَرَ الْبَيْتَ:** ئۆينى ئىجارىگە ئالدى.

**«اِسْتَأْجَرْتُ شُقَّةً مَفْرُوشَةً مُتَكَوِّنَةً مِنْ أَرْبَعِ غُرَفٍ»:** تۆت بۆلمىدىن تەركىب تاپقان، جاھازلانغان بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم.

**اِسْتَأْجَلَ يَسْتَأْجِلُ اِسْتِئْجَالًا:** ئۆزارتىشنى تەلەپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

«اِسْتَأْجَلَ الطُّلَّابُ الْإِمْتِحَانَ» : ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاننى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَأْخَرَ يَسْتَأْخِرُ اِسْتِئْخَارًا:** كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

«فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ» ‹قرآن› : ئۇلارنىڭ ئەجىلى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ ۋە قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ.

**اِسْتَأْذَنَ يَسْتَأْذِنُ اِسْتِئْذَانًا:** ئىجازەت سورىدى، رۇخسەت سورىدى.

**أَسْتَأْذِنُكُمْ:** سىلەر بىلەن خوشلىشاي، خەير - خوش.

«فَإِذَا اسْتَأْذَنُوكَ لِبَعْضِ شَأْنِهِمْ فَأْذَنْ لِمَنْ شِئْتَ مِنْهُمْ» ‹قرآن› : بەزى شەخسى ئىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئىجازەت سورىسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەمگە ئىجازەت بەرگىن.

«عَلَيْكَ أَنْ تَسْتَأْذِنَ قَبْلَ أَنْ تَدْخُلَ» : كىرىشتىن بۇرۇن ئىجازەت سورىشىڭ كېرەك.

**اِسْتَأْسَدَ يَسْتَأْسِدُ اِسْتِئْسَادًا الرَّجُلُ:** يولۋاستەك باتۇر بولدى.

**اِسْتَأْسَدَ عَلَيْهِ:** جۈرئەتلىك بولدى، ھۇجۇم قىلدى.

**اِسْتَأْسَدَ الْقَوْمَ:** مەسلىھەت سالدى، مەسلىھەت بەردى.

**اِسْتَأْسَرَ يَسْتَأْسِرُ اِسْتِئْسَارًا:** ئەسىر ئالدى.

**اِسْتَأْشَمَ يَسْتَأْشِمُ اِسْتِئْشَامًا:** ئۈمىدسىزلەندى.

**اِسْتَأْصَلَ يَسْتَأْصِلُ اِسْتِئْصَالًا:** يۇلىۋەتتى، قومۇرۇۋەتتى.

«اِسْتَأْصَلَ الزَّائِدَةَ الدُّودِيَّةَ» : سوقۇر ئۈچەينى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتتى.

«اِسْتَأْصَلَ شَأْفَةَ الْمُتَمَرِّدِينَ» : توپىلاڭچىلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى.

**اِسْتَأْصَلَ الشَّجَرَةَ:** قومۇردى، دەرەخنى قومۇردى.

«اِسْتَأْصَلَ الطَّبِيبُ الْوَرَمَ» : دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتتى.

**اِسْتَأْصَلَ الْعِلَّةَ:** تۈپتىن ساقايتتى، تۈپتىن ئېلىپ تاشلىدى.

«لَقَدِ اسْتُؤْصِلَتِ الْأَعْشَابُ كُلُّهَا مِنَ الْفَنَاءِ» ھويلىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسى قومۇرۇپ تاشلاندى.

**اِسْتِئْمَارَةٌ ج اِسْتِئْمَارَاتٌ:** جەدۋەل، سىخېما.

«إِمْلَأْ هَذِهِ الْإِسْتِئْمَارَةَ مِنْ فَضْلِكَ» : جەدۋەلنى تولدۇرۇۋەتسىڭىز.

**اِسْتَأْنَفَ يَسْتَأْنِفُ إِسْتِئْنَافًا الْحُكْمَ:** ئۇ، ھۆكۈمگە قايتا قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

«صَمَتَ لَحْظَةً ثُمَّ اسْتَأْنَفَ الْحَدِيثَ» : بىر سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن سۆزنى قا باشلىدى.

**مَحْكَمَةُ الْاِسْتِئْنَافِ:** يۇقىرى سوت.

**قَاضِي اسْتِئْنَافٍ:** يۇقىرى كوللېگىيە ئەزاسى.

**اِسْتِئْنَافِيٌّ:** شىكايەت خاراكتېرلىك.

**جُمْلَةٌ اِسْتِئْنَافِيَّةٌ ‹فِي النحو›** : جۈملە ئىس ئىنافىيە (ئىستىئنافنىڭ «واو» سى مەي كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن يېڭىدىن باشلان جۈملە).

**اِسْتَأْنَسَ يَسْتَأْنِسُ اِسْتِئْنَاسًا:** كۆندى، مۇلاي لاشتى، ياۋاشلاشتى.

«لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِ وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا» ‹قرآن› : باشقىلارن ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگ سىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار.

**اِسْتَأْنَسَ الْحَيَوَانُ:** ھايۋان كۆندى.

**اِسْتَأْنَسَ الزَّائِرُ:** رۇخسەت سورىدى، ئىجاز سورىدى.

**اِسْتَأْنَسَ بِرَأْيِهِ:** پىكرىنى ئالدى، مەسلىھ سورىدى.

**اِسْتَأْنَسَ لَهُ:** زەن قويۇپ ئاڭلىدى.

**اِسْتَأْنَى يَسْتَأْنِي اِسْتِئْنَاءً:** كۈتتى، كۈتر تۇردى، ساقلاپ تۇردى، مۇنتەزىر بولد سۆرەلمىلىك قىلدى، ئېغىرلىق قىلد ئالدىراقسانلىق قىلمىدى.

**اِسْتَأْهَلَ يَسْتَأْهِلُ اِسْتِئْهَالًا الشَّيْءَ:** تېگىشلى بولدى، لايىق بولدى.

**اِسْتَبَاحَ يَسْتَبِيحُ اِسْتِبَاحَةً دَمَهُ:** ئۆلتۈرد قېنىنى تۆكتى، قانۇنلۇق ئۆلتۈردى، ئۆلت

رۇشكە رۇخسەت قىلدى.

**اِسْتَبَاحَ مَالَهُ:** مۇسادىرە قىلدى.

**اِسْتَبَاحَ الْقَوْمَ:** قىرىپ تاشلىدى.

**اِسْتِبَاحَةُ الْأَمْوَالِ:** مۇسادىرە قىلماق، تارتىۋال-ماق.

**اِسْتَبَالَ يَسْتَبِيلُ اِسْتِبَالَةً:** سىيگۈزدى، توستى.

**اِسْتَبَالَ الطَّبِيبُ الْمَرِيضَ:** تەكشۈرۈش ئۈچۈن سۈيدۈك بېرىشنى بۇيرىدى.

**اِسْتَبَانَ يَسْتَبِينُ اِسْتِبَانَةً الشَّيْءَ:** روشەن بولدى، ئېنىق بولدى.

**«وَكَذٰلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ»** «قرآن»: گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز.

**اِسْتَبَأَ يَسْتَبِئُ اِسْتِبَاءً الْجِلْدُ:** تېرە سويۇلدى.

**اِسْتِبْدَادٌ:** ئىستىبداتلىق قىلماق، زورلۇق قىلماق.

**اِسْتِبْدَادِيٌّ:** مۇستەبىتلىك.

**حُكْمٌ اِسْتِبْدَادِيٌّ:** ھاكىممۇتلەقلىق.

**اِسْتِبْدَادِيَّةٌ:** مۇستەبىتلىك.

**اِسْتِبْدَالٌ:** ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرماق، يەڭگۈش-لىمەك.

**اِسْتَبَدَّ يَسْتَبِدُّ اِسْتِبْدَادًا:** زالىملىق قىلدى، زورلۇق قىلدى، ئىستىبداتلىق قىلدى.

**«مَنِ اسْتَبَدَّ بِالرَّأْيِ هَلَكَ»:** كىمكى ئىستىب-داتلىق قىلسا ھالاك بولىدۇ، كىمكى زورلۇق بىلەن ئىش قىلسا، ھالاك بولىدۇ.

**اِسْتَبْدَلَ يَسْتَبْدِلُ اِسْتِبْدَالًا:** ئۆزگەرتتى، ئالماش-تۇردى، يەڭگۈشلىدى.

**اِسْتَبْدَلَ مَلَابِسَهُ:** كىيىمنى يەڭگۈشلىدى.

**اِسْتَبَرَ يَسْتَبِرُ اِسْتِبَارًا الْجُرْحَ:** يارىنى تەكشۈر-دى.

**اِسْتَبْرَأَ يَسْتَبْرِئُ اِسْتِبْرَاءً:** ئاقلاشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَبْرَأَ مِنَ الْبَوْلِ:** تازىلىدى.

**اِسْتَبْرَأَ مِنَ الدَّيْنِ:** قەرزدىن خالاس بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَبْرَقٌ:** گۈللۈك تاۋار، دۇردۇن، چۇچۇنچە.

**«وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ»** «قرآن»: نېپىز ۋە قېلىن يېپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ.

**اِسْتَبْرَكَ يَسْتَبْرِكُ اِسْتِبْرَاكًا بِالشَّيْءِ:** ياخشى پ ئالدى، بەرىكەت تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَبْسَلَ يَسْتَبْسِلُ اِسْتِبْسَالًا:** جان پىدا قىلدى؛ جان تىكتى.

**اِسْتَبْشَرَ يَسْتَبْشِرُ اِسْتِبْشَارًا:** خۇش بولدى، خۇش-لاندى.

**اِسْتَبْشَرَ صَدِيقَهُ:** دوستىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى

**«يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللّٰهِ وَ فَضْلٍ وَ أَنَّ ا لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ»** «قرآن»: ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلىن مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قى ۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش تىلەيدۇ.

**«اِسْتَبْشَرَ بِهِ خَيْرًا»:** ياخشىلىقنى باي ئۇنىڭدىن ياخشى پال ئالدى.

**اِسْتَبْشَعَ يَسْتَبْشِعُ اِسْتِبْشَاعًا الشَّيْءَ:** سەت قارىدى.

**اِسْتَبْصَرَ يَسْتَبْصِرُ اِسْتِبْصَارًا الشَّخْصَ:** كۆردى.

**اِسْتَبْصَرَ فِي الْأَمْرِ:** تەكشۈرۈپ تەتقىق قىل دىققەت قىلىپ كۆزەتتى.

**اِسْتَبْضَعَ يَسْتَبْضِعُ اِسْتِبْضَاعًا فِي الْمَرْأَةِ:** جو ئالدى.

**اِسْتَبْضَعَ الشَّيْءَ:** مالنى ئۆزىنىڭ قىلدى.

**اِسْتَبْطَأَ يَسْتَبْطِئُ اِسْتِبْطَاءً:** ئاستا بولۇشنى ت قىلدى؛ ئاستا دەپ قارىدى.

**اِسْتَبْطَنَ يَسْتَبْطِنُ اِسْتِبْطَانًا الْأَمْرَ:** ئىچكى يىنى توندى، بىلدى.

**اِسْتَبْطَنَ بِالْوَادِي:** جىلغىنى كەزدى.

**اِسْتَبْطَنَ السِّرَّ:** سىرنى يوشۇردى.

**اِسْتَبْعَدَ يَسْتَبْعِدُ اِسْتِبْعَادًا الْمَكَانَ:** يى ھېسابلىدى، يىراق ساناندى؛ ئېلىپ تاشل چىقىرىپ تاشلىدى، قىسقارتتى.

**اِسْتَبَقَ يَسْتَبِقُ اِسْتِبَاقًا:** مۇسابىقىلەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«وَاسْتَبَقَاالْبَابَ وَقَدَّتْ قَمِيْصَهُمِنْ دُبُرٍ» ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۇسۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى، (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇپنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى.

«قَالُوا يَا أَبَانَا إِنَّا ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ» ‹قرآن›: ئۇلار: ئى ئاتىمىز! بىز يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق... دېيىشتى.

**اِسْتِبْقَاءٌ:** قالدۇرماق، ساقلىماق.

**اِسْتَبْقَى يَسْتَبْقِي اِسْتِبْقَاءً:** ساقلىدى، داۋام قىلدۇردى.

**اِسْتَبْكَى يَسْتَبْكِي اِسْتِبْكَاءً:** يىغا ـ زاره قىلدى، يىغلاشقۇلۇق قىلدى.

**اِسْتَبْكَى الشَّخْصَ:** يىغلاتتى.

**اِسْتَبْهَمَ يَسْتَبْهِمُ اِسْتِبْهَامًا عَلَيْهِ الْكَلَامُ:** سۆز ئۇنىڭغا مۈجمەل بولۇپ قالدى، سۆز ئۇنىڭغا ئېنىق بولمىدى.

**اِسْتَبَى يَسْتَبِي اِسْتِبَاءً الْعَدُوَّ:** دۈشمەننى ئەسىر ئالدى.

**اِسْتَبَى الْعَقْلَ:** مەپتۇن قىلدى، ئەقلى-ھوشىنى كەتكۈزۈۋەتتى، ھەيرەتتە قالدۇردى.

**اِسْتَبَى الرَّجُلَ:** پالىدى، سۈرگۈن قىلدى.

**اِسْتَتَابَ يَسْتَتِيْبُ اِسْتِتَابَةً:** تۆۋە قىلىشقا ئۈندىدى، تۆۋە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَتَبَّ يَسْتَتِبُّ اِسْتِتَابًا الْأَمْرُ:** مۇقىملاشتى، تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى، ئوڭشالدى.

«اِسْتَتَبَّ الْأَمْنُ وَالنِّظَامُ فِي الْبِلَادِ بَعْدَ وُقُوعِ الْاِضْطِرَابَاتِ الْأَخِيْرَةِ» : كېيىنكى مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن مەملىكەتتە تىنچلىق ۋە تەرتىپ ئورنىدى.

**اِسْتَتْبَعَ يَسْتَتْبِعُ اِسْتِتْبَاعًا:** ئەگىشىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَتْبَعَ الشَّيْءَ:** تەقەززا قىلدى، زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

**اِسْتَتَرَ يَسْتَتِرُ اِسْتِتَارًا:** يوشۇرۇندى.

«وَمَا كُنْتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَنْ يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَا أَبْصَارُكُمْ» ‹قرآن› : سىلەر (دۇنيادىكى

چېغىڭلاردا) قولۇڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار...

**اِسْتَتَلَ يَسْتَتِلُ اِسْتِتَالًا الْقَوْمُ:** ئارقىمۇ ئارقا چىقتى، كەينى ـ كەينىدىن چىقتى.

**اِسْتَتَلَ الدَّمْعُ:** ياش تامچىلىدى.

**اِسْتَتْلَى يَسْتَتْلِي اِسْتِتْلَاءً الشَّخْصَ:** تەلەپ قىلدى.

**اِسْتِتْلَاهُ الشَّيْءَ:** ئۇنىڭغا ئەگەشتۈردى.

**اِسْتَتَمَّ يَسْتَتِمُّ اِسْتِتْمَامًا:** تۈگەتتى، تاماملىدى، تولۇقلىدى، تاماملاشنى تەلەپ قىلدى.

«اَلْمَسْرَحِيَّةُ الْعَرَبِيَّةُ الْحَدِيْثَةُ لَمْ تَسْتَتِمَّ جَمِيعَ عَنَاصِرِهَا» : ئەرەب يېڭى تىياتىرچىلىقى ئۆزىنىڭ ھەممە ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكىنى يوق.

**اِسْتَثَابَ يَسْتَثِبُ اِسْتِثَابًا الْمَالَ:** مالنى قايتۇرۇۋالدى.

**اِسْتَثَابَ الرَّجُلُ:** ھەق تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَثَارَ يَسْتَثِيرُ اِسْتِثَارَةً:** قوزغىدى.

«لَانَدِمَ مَنِ اسْتَشَارَ وَلَا عَالَ مَنِ اقْتَصَدَ» ‹حديث› : مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغان ئادەم پۇشايمانغا قالمايدۇ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش قىلغان ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ.

**اِسْتِثَارَةٌ:** قوزغاش.

**اِسْتَثَارَ غَضَبَهُ:** غەزىپىنى قوزغىدى، غەزىپىنى كەلتۈردى.

«دَعَا إِلَى مَنْعِ الْأَفْلَامِ الَّتِي تَعْتَمِدُ الْاِسْتِثَارَةَ الْجِنْسِيَّةَ» : جىنسىي شەھۋەتنى قوزغايدىغان فىلىملەرنى چەكلەشكە دەۋەت قىلدى.

**اِسْتَثْبَتَ يَسْتَثْبِتُ اِسْتِثْبَاتًا فِي الْأَمْرِ أَوْمِنْهُ:** كېڭەشتى، تەتقىق قىلدى، قاراپ چىقتى.

**اِسْتَثْخَنَ يَسْتَثْخِنُ اِسْتِثْخَانًا مِنْهُ الْمَرَضُ:** غالىپ كەلدى، بېسىپ چۈشتى.

**اِسْتَثْقَلَ يَسْتَثْقِلُ اِسْتِثْقَالًا الشَّيْءُ:** ئېغىر بولدى، ئېغىرلاشتى.

**اِسْتَثْقَلَ الشَّيْءَ:** ئېغىرسانىدى.

**اِسْتَثْقَلَ فِي النَّوْمِ:** ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى.

**اِسْتَثْقَلَ الشَّخْصَ:** ئۇنىڭدىن تويۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىن زېرىكىپ كەتتى.

**اِسْتِثْمَارٌ:** پايدىلانماق، مەبلەغ سالماق، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق.

**اِسْتِثْمَارُ الْإِنْسَانِ لِإِنْسَانٍ:** ئادەمنىڭ ئادەمنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى.

**اِسْتِثْمَارُ الْقُوَّةِ الْعَامِلَةِ:** ئەمگەك كۈچىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش.

**مَصَارِيْفُ اِسْتِثْمَارٍ:** چىقىم، خىراجەت، راسخوت.

**«يَحْرِصُ جِدًّا الْحِرْصَ عَلَى اسْتِغْلاَلِهِ وَاسْتِثْمَارِهِ»:** ئۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ۋە ئۇنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا تولىمۇ ئامراق.

**اِسْتَثْمَدَ يَسْتَثْمِدُ اِسْتِثْمَادًا الْمَاءَ:** كۆلاپ سۇ چىقاردى.

**اِسْتَثْمَدَهُ:** تىلەمچىلىك قىلدى، دەۋانىچىلىك قىلدى، قەلەندەرچىلىك قىلدى.

**اِسْتَثْمَرَ يَسْتَثْمِرُ اِسْتِثْمَارًا الْمَالَ فِي كَذَا:** مەبلەغ سالدى.

**«اِسْتَثْمَرَ رَأْسَ مَالِهِ فِي التِّجَارَةِ»:** ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنى تىجارەتكە مەبلەغ قىلىپ سالدى.

**اِسْتَثْمَرَ الْجُهْدَ:** پايدىلاندى، ئىشلەتتى، ئىشقا سالدى، سۇيىئىستېمال قىلدى.

**«اِسْتَثْمَرَ بَعْضُ الْحُكَّامِ مَفْهُومَ الْخِلاَفَةِ الدِّينِيَّةِ أَبْشَعَ اِسْتِثْمَارٍ»:** بەزى ھۆكۈمرانلار دىنىي خەلىپىلىكنى سۇيىئىستېمال قىلدى.

**اِسْتَثْمَرَ الْمَرْءُ:** مەبلەغ سالدى.

**اِسْتِثْنَاءٌ:** چىقىرىۋېتمەك، ئاجرىتىۋەتمەك.

**«تُفْحَصُ نَوْعِيَّةُ الْمُنْتَجَاتِ كُلِّهَا بِلاَاسْتِثْنَاءٍ قَبْلَ أَنْ تُغَادِرَ الْمَصْنَعَ»:** زاۋۇتتىن چىقىشتىن بۇرۇن مۇستەسناسىز رەۋىشتە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلىدۇ.

**«أَدْرُسُ سَاعَةً وَنِصْفَ كُلَّ يَوْمٍ مَسَاءً بِاسْتِثْنَاءِ يَوْمِ السَّبْتِ»:** شەنبە كۈنىنى ھېسابلىمىغاندا ھەر كۈنى كەچ بىر يېرىم سائەت ئۆگىنىمەن.

**حَادِثٌ اِسْتِثْنَائِيٌّ:** پەۋقۇلئاددە ۋەقە.

**اِسْتَثْنَى يَسْتَثْنِي اِسْتِثْنَاءً الشَّيْءَ:** مۇستەسنا قىلدى، ئايرىۋەتتى، چىقىرىۋەتتى.

**«إِذْ أَقْسَمُوا لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِيْنَ وَلاَ يَسْتَثْنُوْنَ» ‹قرآن›:** ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچنەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەنىدى. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەنىدى.

**اِسْتَثْنَى فُلاَنًا وَعَلَى فُلاَنٍ:** خالاس قىلدى، ئازاد قىلدى، كەچۈرۈم قىلدى، ئېلىپ تاشلىدى.

**اِسْتَجَابَ يَسْتَجِيبُ اِسْتِجَابَةً لَهُ:** ھاجىتىنى راۋا قىلدى.

**«إِذْ تَسْتَغِيثُوْنَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلاَئِكَةِ مُرْدِفِيْنَ» ‹قرآن›:** ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.

**اِسْتَجَابَ اللّٰهُ فُلاَنًا:** ئاللاھ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

**«فَلْيَسْتَجِيْبُوا لِي» ‹قرآن›:** ئۇلار مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن.

**اِسْتِجَابَةٌ:** ئاۋاز قوشۇش، قوشۇلۇش، جاۋاب تەلەپ قىلماق، ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن، قوشۇلۇش يۈزىسىدىن، جاۋاب تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن.

**اِسْتِجَابَةً لِطَلَبِهِ:** تەلىپىگە ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن، قوشۇلۇش يۈزىسىدىن.

**اِسْتَجَادَ يَسْتَجِيدُ اِسْتِجَادَةً الشَّيْءَ:** ياخشى ھېسابلىدى، ياخشى دەپ بايقىدى؛ سېخىلىقنى تەلەپ قىلدى.

**«رَأَيْتُ مِنْ عُلَمَائِنَا مَنْ يَسْتَجِيْدُ الشِّعْرَ السَّخِيْفَ لِتَقَدُّمِ قَائِلِهِ»:** ئۆلىمالىرىمىز ئارىسىدا شېئىردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ناچار شېئىرنىمۇ ياخشى ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆردۈم.

**اِسْتَجَارَ يَسْتَجِيرُ اِسْتِجَارَةً:** پاناھلىق تىلىدى، ئامانلىق تىلىدى.

**«وَإِنْ أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِيْنَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلاَمَ اللّٰهِ» ‹قرآن›:** ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە،

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com



تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن.

**اِسْتَجَازَ يَسْتَجِيزُ اِسْتِجَازَةً الرَّجُلَ:** رۇخسەت سورىدى.

**اِسْتَجَاشَ يَسْتَجِيشُ اِسْتِجَاشَةً:** قوشۇننى يىغدى، قوشۇننى توپلىدى، ئەسكەر ئالدى.

**«اِسْتَجَاشَ أَقْطَارَ أَرْضِهِ فَجَمَعَ جَيْشًا جَرَّارًا»:** ئۆز يېرىنىڭ ئەتراپىدىن قوشۇن ئالدى، شۇنىڭ بىلەن زور قوشۇن يىغدى.

**اِسْتَجْدَى يَسْتَجْدِي اِسْتِجْدَاءً:** مەنپەئەت تەلەپ قىلدى.

**«يُؤْلِمُنِي مَنْظَرُ الْفُقَرَاءِ يَسْتَجْدُونَ النَّاسَ فِي الشَّوَارِعِ وَالْمَحَلَّاتِ الْعَامَّةِ»:** كوچىلاردا ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا تىلەمچىلىك قىلىدىغان نامراتلارنىڭ كۆرۈنىشى مېنى ئازابلايدۇ.

**«طَرَحَ النِّقَاشَ جَانِبًا اِسْتِجْلَابًا لِرَاحَةِ النَّفْسِ»:** جانىنىڭ راھىتىنى تىلەش يۈزىسىدىن دە تالاش-نى قايرىپ قويدى.

**اِسْتَجْلَبَ يَسْتَجْلِبُ اِسْتِجْلَابًا السِّلَعَ:** ئىمپورت قىلدى، سىرتتىن كىرگۈزدى.

**اِسْتَجْلَى يَسْتَجْلِي اِسْتِجْلَاءً الشَّيْءَ:** يورۇتتى، ئاچتى، روشەنلەشتۈردى.

**دَارُ الْاِسْتِجْمَامِ:** دەم ئېلىش ئۆيى، ساناتورىيە.

**اِسْتَجْمَرَ يَسْتَجْمِرُ اِسْتِجْمَارًا الرَّجُلُ:** چوڭ تاھارەت قىلغاندىن كېيىن تاش ئىشلەتتى.

**اِسْتَجْمَعَ يَسْتَجْمِعُ اِسْتِجْمَاعًا السَّيْلُ:** سەل توپلاندى، يىغىلدى، سۇ جاي - جايدىن كېلىپ توپلاندى.

**اِسْتَجْمَعَ الْقَوْمُ:** ئەتراپتىن يىغىلدى.

**«كَانَ يَشْعُرُ بِتَعَبٍ شَدِيدٍ وَلَكِنَّهُ اسْتَجْمَعَ قُوَاهُ وَوَاصَلَ السَّيْرَ»:** ئۇ قاتتىق چارچىغانىدى، لېكىن ئۇ كۈچىنى توپلاپ مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى.

**اِسْتَجْمَلَ يَسْتَجْمِلُ اِسْتِجْمَالًا الشَّيْءَ:** چىرايلىق ساندى.

**اِسْتَجَمَّ يَسْتَجِمُّ اِسْتِجْمَامًا:** دەم ئالدى، ئارام ئالدى.

**اِسْتَجَمَّ عَافِيَتَهُ:** سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**اِسْتَجَمَّ الشَّيْءُ:** كۆپەيدى.

**«آنَ لَهُ أَنْ يَسْتَجِمَّ قَلِيلًا بَعْدَ طُولِ الْعَنَاءِ»:** ئۇ ئۇزۇن جاپا تارتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاز تولا دەم ئېلىش ۋاقتى كەلدى.

**اِسْتَجْهَلَ يَسْتَجْهِلُ اِسْتِجْهَالًا:** نادان ساندى، نادان دەپ قارىدى، بىلىمسىز دەپ قارىدى، بىلىمسىز ھېسابلىدى.

**اِسْتَجْوَبَ يَسْتَجْوِبُ اِسْتِجْوَابًا:** سوراق قىلدى.

**«يَتَعَرَّضُ الْمُعْتَقِلُونَ لِأَنْوَاعِ التَّعْذِيبِ وَالْمَهَانَةِ خِلَالَ عَمَلِيَّاتِ اسْتِجْوَابِهِمْ»:** قولغا ئېلىنغانلار سوراق قىلىنىش جەريانىدا تۈرلۈك قىيىن-قىستاق ۋە خورلۇقلارغا ئۇچرايدۇ.

**اِسْتَحَا يَسْتَحِي اِسْتِحَاءً:** چاچنى ئالدى، چاچنى چۈشۈرۈۋەتتى.

**اِسْتَحَاثَ يَسْتَحِيثُ اِسْتِحَاثَةً:** ئاچتى، كولىدى، قارىدى.

**اِسْتَحَاثَ الشَّيْءَ:** چىقاردى.

**اِسْتَحَالَ يَسْتَحِيلُ اِسْتِحَالَةً الشَّيْءُ:** ئۆزگەردى.

**اِسْتَحَالَ الْأَمْرُ:** مۇمكىن بولمىدى.

**اِسْتِحَالَةٌ:** مۇمكىن بولماسلىق؛ ئۆزگەرمەك، ئۆزگەرتمەك.

**اِسْتَحَانَ يَسْتَحِينُ اِسْتِحَانَةً:** پۇرسەت كۈتتى.

**اِسْتَحَبَ يَسْتَحِبُ اِسْتِحَابًا:** بىللە بولدى، ھەمراھ بولدى.

**اِسْتَحَبَ الْكَسَلَ:** ھورۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋالدى.

**اِسْتَحَبَّ يَسْتَحِبُّ اِسْتِحْبَابًا:** ياخشى كۆردى، خۇشتار بولدى.

**«ذَلِكَ بِأَنَّهُمُ اسْتَحَبُّوا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ»**

**(قرآن):** بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر.

**اِسْتَحَبَّ الشَّيْءَ:** ئۇنى ئارتۇق كۆردى، ئەۋزەل كۆردى.

**اِسْتَحَثَّ يَسْتَحِثُّ اِسْتِحْثَاثًا عَلَى الْأَمْرِ:** ھەرىكەتلەندۈردى، سەپەرۋەر قىلدى، رىغبەتلەندۈردى، قىزىقتۇردى، ئىلھاملاندۇردى، قوزغىدى، قۇتراتتى.

**«اِسْتَحَثَّ حَمَاسَةَ النَّاسِ»**: كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

**«اِسْتَحَثَّ تَلاَمِيذَهُ عَلَى السَّعْيِ الْجَادِّ»**: شاگىرتلىرىنى ئەستايىدىل تىرىشىشقا ھەرىكەتلەندۈردى.

**اِسْتَحْجَرَ يَسْتَحْجِرُ اِسْتِحْجَارًا الشَّيْءُ**: تاشقا ئايلاندى، تاشتەك قېتىپ كەتتى.

**اِسْتَحْدَثَ يَسْتَحْدِثُ اِسْتِحْدَاثًا**: پەيدا قىلدى، ئىجاد قىلدى، پاراتتى، ياسىدى.

**«اِسْتَحْدَثَ الْاِسْتِعْمَارُ حُدُودًا جَدِيدَةً»**: جاھانگىرلىك يېڭى چېگرىلارنى پەيدا قىلدى.

**اِسْتَحْدَثَ الْأَمْرَ**: يېڭى دەپ قارىدى، يېڭى ھېسابلىدى.

**اِسْتَحَرَّ يَسْتَحِرُّ اِسْتِحْرَارًا الْقِتَالُ**: جەڭ قاتتىق بولدى، ئۇرۇش كەسكىن بولدى (كەسكىنلەشتى).

**اِسْتَحْرَمَ يَسْتَحْرِمُ اِسْتِحْرَامًا**: ھارام ھېسابلىدى.

**«يَسْتَحْرِمُ الْمُسْلِمُ شُرْبَ الْخَمْرِ وَالْقِمَارَ وَأَخْذَ الرِّبَا»**: مۇسۇلمان ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش ۋە جازانە ئېلىشنى ھارام ھېسابلايدۇ.

**اِسْتَحْسَنَ يَسْتَحْسِنُ اِسْتِحْسَانًا**: ياخشى ساندى، ياخشى ھېسابلىدى، ياخشى دەپ بىلدى.

**اِسْتَحْصَلَ يَسْتَحْصِلُ اِسْتِحْصَالاً**: ئىگە بولدى، ئېرىشتى، ھاسىل بولدى؛ خۇلاسىلىدى.

**اِسْتِحْضَارٌ**: چاقىرماق، ھازىر قىلماق، تەييارلىماق.

**اِسْتِحْضَارُ الْأَرْوَاحِ**: ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى چاقىرماق.

**اِسْتَحْضَرَ يَسْتَحْضِرُ اِسْتِحْضَارًا**: ھازىرلىدى، ھازىر بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

**«اِسْتَحْضَرَهُ أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ بَيْنَ يَدَيْهِ بِمَحْضَرٍ مِنَ الْفُقَهَاءِ»**: ئەمىرۇل مۇئمىنىين ئۇز ھۇزۇرىدىكى فىقھە ئۆلىمالىرى يىغىلىشىغا ئۇنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

**«نَسْتَحْضِرُ الْمَاضِيَ لِنَسْتَخْلِصَ مِنْهُ الْعِبَرَ»**: بىز ئۆتمۈشنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئەسلەيمىز.

**«اِسْتَحْضَرَ الْمَعَانِيَ»**: مەنىلەرنى ئەسلىدى.

**اِسْتَحَطَّ يَسْتَحِطُّ اِسْتِحْطَاطًا**: قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَحَطَّ مِنَ الثَّمَنِ**: باھا چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَحْفَظَ يَسْتَحْفِظُ اِسْتِحْفَاظًا**: ساقلاشنى تەلەپ قىلدى، ساقلاشنى سورىدى.

**«اِسْتَحْفَظْتُ صَدِيقِي سِرِّي»**: مەن دوستۇمدىن سىرىمنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدىم.

**اِسْتِحْقَاقٌ**: سالاھىيەت، لاياقەت؛ تېگىشلىك ھوقۇق.

**تَارِيخُ الْاِسْتِحْقَاقِ**: قەرزنى بېرىش ۋاقتى، قايتۇرۇش ۋاقتى، ئاخىرقى كۈن.

**مَدَالِيَّةُ الْاِسْتِحْقَاقِ**: خىزمەت كۆرسىتىش مېدالى.

**اِسْتِحْقَاقُ دَفْعِ الدَّيْنِ**: قەرز تۆلەش ۋاقتىنىڭ توشۇشى، قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنىڭ توشۇشى.

**بِلاَ اسْتِحْقَاقٍ**: تېگىشلىك بولمىغان ھالدا، لايىق بولمىغان ئەھۋالدا.

**بِغَيْرِ اسْتِحْقَاقٍ**: ھەقسىز رەۋىشتە، لايىق بولمىغان ھالدا.

**عَنِ اسْتِحْقَاقٍ**: مۇقەررەر، ئۇيغۇن، مۇۋاپىق، تېگىشلىك.

**وَقْتُ الْاِسْتِحْقَاقِ**: قەرەلى توشۇش.

**بِدُونِ اِسْتِحْقَاقٍ**: ھەقسىز، ئادالەتسىز؛ ھەقسىز رەۋىشتە.

**اِسْتَحْقَرَ يَسْتَحْقِرُ اِسْتِحْقَارًا**: كەمسىتتى.

**«مَا يَزَالُ بَيْنَنَا مَنْ يَسْتَحْقِرُ الْقِيَامَ بِأَعْمَالٍ يَدَوِيَّةٍ وَيُفَضِّلُ التَّعْلِيمَ النَّظَرِيَّ عَلَى التَّعْلِيمِ الصِّنَاعِيِّ أَوِ الْمِهَنِيِّ»**: بىزنىڭ ئارىمىزدا قول بىلەن قىلىدىغان ئىشلارنى كەمسىتىدىغان، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى سانائەت ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشتىن ئارتۇق كۆرىدىغانلار يەنىلا بار.

**اِسْتَحَقَّ يَسْتَحِقُّ اِسْتِحْقَاقًا**: ئېرىشتى، ئىگە بولدى، لايىق بولدى، تېگىشلىك بولدى.

**«فَإِنْ عُثِرَ عَلَى أَنَّهُمَا اسْتَحَقَّا إِثْمًا فَآخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا»** (قرآن): ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك

www.uyghurkitap.com

ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولىدۇ.

**اِسْتَحَقَّ لَهُ كَذَا:** ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولدى.

**«هَذَا كِتَابٌ يَسْتَحِقُّ الْقِرَاءَةَ»:** بۇ ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتاب.

**«هَذَا لاَيَسْتَحِقُّ الذِّكْرَ»:** بۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

**اِسْتَحَقَّ الذِّكْرَ:** تىلغا ئېلىشقا لايىق بولدى.

**اِسْتَحَقَّ الاِهْتِمَامَ:** كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ.

**اِسْتَحَقَّ الدَّيْنَ:** بېرىش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

**اِسْتِحْكَامٌ ج اِسْتِحكَامَاتٌ:** قورغان، ئىستىھكام، مۇداپىئە قۇرۇلۇشى.

**«عَزَّزَ الْجَيْشُ اِسْتِحْكَامَاتِهِ عَلَى الْحُدُودِ لِمُوَاجَهَةِ الْهُجُومِ الْمُتَوَقِّعِ»:** ئارمىيە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھۇجۇمغا قارشى چېگرا ئۈستىدە ئىستىھكامنى كۈچەيتتى.

**اِسْتَحْكَمَ يَسْتَحْكِمُ اِسْتِحْكَامًا الأَمْرُ:** پۇختا بولدى، مۇستەھكەم بولدى.

**اِسْتَحْكَمَ الشَّخْصُ:** تادان بولدى.

**«اِسْتَحْكَمَ عَلَيْهِ الْكَلاَمُ»:** سۆز ئۇنىڭغا مۇجمەل بولدى، چۈشىنىكسىز بولدى.

**اِسْتَحْلَبَ يَسْتَحْلِبُ اِسْتِحْلاَبًا:** سىقىپ چىقاردى.

**اِسْتَحْلَبَ الدَّوَاءَ:** دورىنى شورىدى.

**اِسْتَحْلَفَ يَسْتَحْلِفُ اِسْتِحْلاَفًا:** قەسەم قىلدۇردى، قەسەم ئىچكۈزدى، قەسەم ئىچىشنى تەلەپ قىلدى.

**«لاَ تَسْتَحْلِفْنِي بِالأَشْيَاءِ الْمُقَدَّسَةِ لِأَنِّي أَعْرَفُ مِنْكَ بِأَسْرَارِهَا وَخَبَايَاهَا»:** سەن مەندىن مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلما، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە ئۇلاردا يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى سەندىن ئوبدان بىلىمەن.

**اِسْتَحْلَكَ يَسْتَحْلِكُ اِسْتِحْلاَكًا:** قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى، قاراڭغۇ چۈشتى، زۇلمەت باستى.

**اِسْتَحَلَّ يَسْتَحِلُّ اِسْتِحْلاَلاً:** ھالال سانىدى، قانۇنلۇق سانىدى.

**«تَسْتَحِلُّ قُوَى الشَّرِّ كُلَّ مُحَرَّمٍ فِي سَبِيلِ تَحْقِيقِ مَصَالِحِهَا وَأَطْمَاعِهَا»:** يامان كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ۋە مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بارلىق ھارام ئىشلارنى ھالال دەپ ھېسابلايدۇ.

**اِسْتَحْلَى يَسْتَحْلِي اِسْتِحْلاَءً الشَّيْءَ:** ياخشى دەپ ھېسابلىدى، ياخشى دەپ قارىدى؛ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلدى، تاتلىق ھېسابلىدى.

**اِسْتِحْمَامٌ:** يۇيۇنماق، مۇنچىغا چۈشمەك.

**اِسْتَحْمَسَ يَسْتَحْمِسُ اِسْتِحْمَاسًا:** تەسىرلەندى ھاياجانلاندى.

**اِسْتَحْمَقَ يَسْتَحْمِقُ اِسْتِحْمَاقًا:** ئەخمەق بولدى.

**اِسْتَحْمَلَ يَسْتَحْمِلُ اِسْتِحْمَالاً:** چىدامىلىق بولدى. ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

**اِسْتَحْمَلَهُ:** باشقىلارنىڭ كۆتۈرۈۋېلىشىنى، يۈدۈۋېلىشىنى سورىدى.

**اِسْتَحَمَّ يَسْتَحِمُّ اِسْتِحْمَامًا:** يۇيۇندى.

**اِسْتَحْوَذَ يَسْتَحْوِذُ اِسْتِحْوَاذًا:** ئىگىلىۋالدى، ئىشغال قىلىۋالدى.

**اِسْتَحْوَذَ عَلَى فُلاَنٍ:** يېڭىۋالدى، ئۈستۈن كەلدى.

**اِسْتَحْوَذَ عَلَى الإِعْجَابِ:** ئالقىشقا ئېرىشتى.

**«اِسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ الشَّيْطَانُ فَأَنْسَاهُمْ ذِكْرَاللّٰهِ»** ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلدى، (شەيتان) ئۇلارغا ئاللاھنىڭ زىكرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

**اِسْتَحْوَزَ يَسْتَحْوِزُ اِسْتِحْوَازًا:** خەۋەردار بولدى، ئىگىلىدى.

**اِسْتَحَى يَسْتَحِي اِسْتِحَاءً:** خىجىل بولدى، ئىزا تارتتى.

**اِسْتَحَى مِنْهُ:** ئۇنىڭدىن خىجىل بولدى.

**«وَاللَّهُ لاَيَسْتَحْيِي مِنَ الْحَقِّ»** ‹قرآن›: ئاللاھ ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ.

**اِسْتَحْيَا يَسْتَحْيِي اِسْتِحْيَاءً الرَّجُلُ:** تارتىندى، ھايا قىلدى، خىجىل بولدى.

**«إِنَّ اللَّهَ لاَ يَسْتَحْيِي اَنْ يَضْرِبَ مَثَلاً مَا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا»** ‹قرآن›: ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال

قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ.

**إِسْتَحْيَا غَيْرَهُ:** تىرىك قالدۇردى.

**«وَإِذْ نَجَّيْنَٰكُمْ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ»**

‹قرآن›: ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىيىنىغان ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق.

**عَلَى اسْتِحْيَاءٍ:** ئۇيۇلۇپ، خىجىل هالدا، ئىزا تارتىپ.

**«فَجَاءَتْهُ إِحْدَاهُمَا تَمْشِي عَلَى اسْتِحْيَاءٍ»**

‹قرآن›: ئۇلارنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كەلدى.

**إِسْتَحْيَنَ يَسْتَحْيِنُ اِسْتِحْيَانًا:** پۇرسەت كۈتتى.

**إِسْتَخَارَ يَسْتَخِيرُ اِسْتِخَارَةً:** ياخشىلىقنى تەلەپ قىلدى، تاللىدى.

**إِسْتَخَارَ اللّٰهَ:** ئاللاھ تائالادىن پايدىلىق ئىشقا مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى.

**صَلَاةُ الْإِسْتِخَارَةِ:** ئىستىخارە نامىزى.

**إِسْتِخْبَارٌ:** تىڭ - تىڭلىماق.

**قَلَمُ الْإِسْتِخْبَارَاتِ:** ئاخبارات ئىدارىسى.

**اَلْإِسْتِخْبَارَاتُ الْعَسْكَرِيَّةُ:** هەربىي ئاخبارات.

**إِدَارَةُ الْإِسْتِخْبَارَاتِ:** ئاخبارات ئىدارىسى.

**إِسْتَخْبَرَ يَسْتَخْبِرُ اِسْتِخْبَارًا الشَّخْصَ عَنْ كَذَا:** سۈرۈشتۈردى، ئىشنىڭ ماهىيىتىنى سورىدى.

**إِسْتِخْدَامٌ:** قوللانماق، ئىشلەتمەك، خىزمەتكە سالماق، ئىشقا سالماق.

**إِسْتِخْدَامُ الطَّاحُونَةِ الْيَدَوِيَّةِ:** يارغۇنچاق ئىشلىتىش.

**إِسْتَخْدَمَ يَسْتَخْدِمُ اِسْتِخْدَامًا:** قوللاندى، ئىشلەتتى، خىزمەتكە سالدى.

**«مِنَ السَّهْلِ أَنْ تَفْهَمَ هَٰذِهِ الْكَلِمَةَ وَلَٰكِنْ مِنَ الصَّعْبِ أَنْ تَسْتَخْدِمَهَا»:** بۇ سۆز چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىش قىيىن.

**إِسْتِخْرَاجٌ:** چىقارماق، چىقىشنى تەلەپ قىلماق؛ قازماق، ئاچماق.

**اَلصِّنَاعَةُ الْإِسْتِخْرَاجِيَّةُ:** كانچىلىق.

**إِسْتَخْرَجَ يَسْتَخْرِجُ اِسْتِخْرَاجًا:** چىقاردى، چىقىرىشقا ئۇرۇندى.

**«فَأَرَادَ رَبُّكَ أَنْ يَبْلُغَا أَشُدَّهُمَا وَيَسْتَخْرِجَا كَنْزَهُمَا»** ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى.

**إِسْتَخْرَجَ الْمَعْدِنَ:** مەدەننى تازىلىدى، توپا تاشلاردىن ئىلغىۋالدى.

**إِسْتَخْرَجَ الْمَسْأَلَةَ:** مەسىلىنى هەل قىلدى، مەسىلىنى چۈشەندۈردى.

**إِسْتَخْرَطَ يَسْتَخْرِطُ اِسْتِخْرَاطًا فِي الْبُكَاءِ:** ئىسەدەپ يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى.

**إِسْتَخْزَى يَسْتَخْزِي اِسْتِخْزَاءً الرَّجُلُ:** خىجىل بولدى، ئۇيالدى، ئىزا تارتتى.

**إِسْتِخْفَاءٌ:** باشقىچە ياسانماق، مەخپىي ۋە يوشۇرۇن گىرىم قىلماق؛ غۇۋا، تۇتۇق.

**إِسْتِخْفَافٌ:** سەل قارىماق، سەل چاغلىماق، كۆزگە ئىلماسلىق، مەنسىتمەسلىك.

**إِسْتَخْفَرَ يَسْتَخْفِرُ اِسْتِخْفَارًا الْمَالِكُ حَارِسًا:** خوجايىن مۇهاپىزەتچىدىن ئۆزىنى مۇهاپىزەت قىلىشنى سورىدى.

**إِسْتَخَفَّ يَسْتَخِفُّ اِسْتِخْفَافًا:** سەل قارىدى، يەڭگىل سانىدى؛ ئۆگمىدى.

**«فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ»** ‹قرآن›: پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

**إِسْتَخَفَّ الشَّيْءَ:** يەڭگىل سانىدى.

**إِسْتَخَفَّ بِهِ:** كۆزگە ئىلمىدى، مەنسىتمىدى.

**إِسْتَخْفَى يَسْتَخْفِي اِسْتِخْفَاءً مِنْهُ:** غايىب بولدى، يوشۇرۇندى.

**«يَسْتَخْفُونَ مِنَ النَّاسِ وَلَا يَسْتَخْفُونَ مِنَ اللَّهِ»**

‹قرآن›: ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، ئاللاھدىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

**إِسْتِخْلَاصٌ:** تاللىماق، ئىلغىماق؛ خۇلاسىلىماق.

**إِسْتِخْلَاصُ الطَّاقَةِ الذَّرِّيَّةِ:** ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى ئايرىپ چىقىماق.

**إِسْتَخْلَصَ يَسْتَخْلِصُ إِسْتِخْلَاصًا:** ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى؛ تاللىۋالدى، ئىلغىۋالدى.

**«وَقَالَ الْمَلِكُ ائْتُونِي بِهِ أَسْتَخْلِصْهُ لِنَفْسِي»** ‹قرآن›: پادىشاھ: «يۇسۇپنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى.

**إِسْتَخْلَصَ الشَّيْءَ:** تاللىۋالدى، ئىلغىۋالدى.

**إِسْتَخْلَصَ نَتِيجَةً:** نەتىجىنى يەكۈنلىدى.

**إِسْتَخْلَصَ الصَّدِيقَ:** دوستىنى تاللىۋالدى.

**إِسْتَخْلَفَ يَسْتَخْلِفُ إِسْتِخْلَافًا:** ئورۇن باسار قىلدى، ئورۇن باسار قىلىپ بېكىتتى، ۋارىس قىلدى.

**«وَعَدَ اللّٰهُ الَّذِيْنَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِهِمْ»** ‹قرآن›: ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى ۋەدە قىلدى.

**إِسْتَخْلَفَتِ الْأَرْضَ:** زېمىنغا ئورۇن باسار بولدى.

**إِسْتَخْوَنَ يَسْتَخْوِنُ إِسْتِخْوَانًا الشَّخْصَ:** خائىن ھېسابلىدى.

**إِسْتَدَارَ يَسْتَدِيرُ إِسْتِدَارَةً الشَّخْصُ:** ئايلاندى، چۆرگىلىدى.

**إِسْتَدَارَ الشَّيْءُ:** يۇمىلاق بولدى، دۈگىلەك بولدى.

**إِسْتَدَارَ لَهُ:** ... غا بۇرۇلدى.

**إِسْتَدَارَ عَلَى:** قايتتى.

**«بَعْدَ أَنْ تَحَدَّثَ مِنَ الشَّخْصِ الْوَاقِفِ خَلْفَهُ إِسْتَدَارَ وَتَابَعَ طَرِيْقَهُ»:** ئۇ ئارقىسىدا تۇرغان ئادەم بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

**إِسْتِدَارَةٌ:** دۈگىلەك، يۇمىلاق.

**إِسْتَدَامَ يَسْتَدِيمُ إِسْتِدَامَةً الشَّيْءَ:** داۋاملاشتۇردى، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇردى.

**إِسْتَدَامَ الرَّجُلُ الْأَمْرَ:** ئېغىر - بېسىق بولدى، سالماق بولدى، تەمكىن بولدى.

**إِسْتَدَامَهُ:** داۋاملىشىشىنى تەلەپ قىلدى، داۋاملىشىشنى تىلىدى.

**«فَلَا تَعْجَلْ بِأَمْرِكَ وَاسْتَدِمْهُ»:** ئىشىڭغا ئالدىرىماي، تەمكىن بولغىن.

**إِسْتَدَانَ يَسْتَدِينُ إِسْتِدَانَةً الشَّخْصُ:** نېسىگە ئالدى، قەرزگە ئالدى، قەرزدار بولدى.

**إِسْتَدْبَرَ يَسْتَدْبِرُ إِسْتِدْبَارًا:** ئارقىسىدىن كەلدى.

**إِسْتَدْبَرَ الْأَمْرَ:** خۇلاسە چىقاردى، يەكۈنلىدى.

**إِسْتِدْرَاكٌ:** تۈزەتمەك.

**إِسْتَدْرَجَ يَسْتَدْرِجُ إِسْتِدْرَاجًا:** ئالدىدى، گوللىدى.

**«سَنَسْتَدْرِجُهُمْ مِنْ حَيْثُ لَا يَعْلَمُونَ»** ‹قرآن›: بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز.

**إِسْتَدْرَجَ إِلَى الْإِقْرَارِ بِالْحَقِيْقَةِ:** ھەقىقەتنى تونۇشقا ئاستا - ئاستا ئىقرار قىلدۇردى.

**إِسْتَدْرَجَ الرَّجُلَ:** مۆھلەت بەردى، ئازابلاشنى كېچىكتۈردى.

**إِسْتَدَرَّ يَسْتَدِرُّ إِسْتِدْرَارًا اللَّبَنَ:** سۈت ساغدى.

**إِسْتَدَرَّ عَطْفَهُ:** مېھىر - شەپقەت تىلىدى، يېلىندى، يالۋۇردى.

**«إِسْتَدَرَّتْ شَفَقَتُهُ بِبُكَائِهِ»:** ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن ئىچى ئاغرىدى.

**إِسْتَدَرَّ النَّاقَةَ:** تۆگىنى ساغدى.

**إِسْتَدَرَّ الْبَوْلَ:** سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇردى.

**إِسْتَدْرَكَ يَسْتَدْرِكُ إِسْتِدْرَاكًا عَلَيْهِ الْقَوْلَ:** خاتالىقىنى تۈزەتتى، مۇجمەللىكنى تۈزەتتى.

**إِسْتَدْرَكَ مَا فَاتَ:** تولۇقلىدى، تولدۇرۇۋالدى.

**إِسْتَدْرَكَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ:** ئېرىشىشكە ئۇرۇندى، بىر ۋاسىتە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

**إِسْتَدْعَى يَسْتَدْعِي إِسْتِدْعَاءً:** چاقىردى، تۇۋلى-

دى؛ تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَدْعَى الْإِعْجَابَ:** قايىل قىلدى.

**اِسْتَدْعَى إِلَى الْمَحْكَمَةِ:** سوراققا قىلىشقا چاقىرتتى.

**«هَذَالْأَمْرُ يَسْتَدْعِي أَنْ نَهْتَمَّ بِهِ دَائِمًا»:** بۇ ئىش كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**اِسْتِدْفَاءٌ:** ئىسسىنىشنى تەلەپ قىلماق.

**«يَلْبَسُ النَّاسُ الْمَعَاطِفَ فِي الشِّتَاءِ لِاسْتِدْفَاءِ أَنْفُسِهِمْ»:** كىشىلەر قىشتا تونلىماسلىق ئۈچۈن پەلتو كىيىدۇ.

**اِسْتَدْفَأَ يَسْتَدْفِئُ اِسْتِدْفَاءً الرَّجُلَ:** ئىسسىنىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَدْفَعَ يَسْتَدْفِعُ اِسْتِدْفَاعًا:** ئاللاھ تائالادىن يامانلىقتىن ساقلاشنى تىلىدى.

**اِسْتَدْفَقَ يَسْتَدْفِقُ اِسْتِدْفَاقًا الْمَاءُ:** سۇ تۆكۈلدى.

**اِسْتَدَقَّ يَسْتَدِقُّ اِسْتِدْقَاقًا الشَّيْءُ:** ئىنچىكە بولدى، ئىنچىكىلەشتى؛ نازۇك بولدى؛ ئۆتكۈرلەشتى؛ نېپىزلەشتى.

**اِسْتَدَقَّ الشَّيْءَ:** ئىنچىكە سانىدى، كىچىك ھېسابلىدى، سەل چاغلىدى.

**اِسْتِدْلَالٌ:** يەكۈن چىقارماق، ھۆكۈم چىقارماق، نەتىجە چىقارماق، دەلىللىمەك.

**اِسْتَدَلَّ يَسْتَدِلُّ اِسْتِدْلَالًا:** ئىسپات تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَدَلَّ بِكَذَا عَلَى الْأَمْرِ:** نەقىل كەلتۈردى، دەلىل كەلتۈردى.

**اِسْتَدَلَّ عَلَيْهِ:** يېتەكلىدى، رەھبەرلىك قىلدى.

**اِسْتَدْمَى يَسْتَدْمِي اِسْتِدْمَاءً الْجُرْحُ:** قان تامدى.

**اِسْتَدْنَى يَسْتَدْنِي اِسْتِدْنَاءً الشَّخْصَ:** يېقىنلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَدَى يَسْتَدِي اِسْتِدَاءً بِيَدِهِ:** قول سۇندى.

**اِسْتَدَى الْفَرَسَ:** ئات مىندى.

**اِسْتَذَابَ يَسْتَذِيبُ اِسْتِذَابَةً:** ئېرىدى؛ ئۆزگەردى.

**اِسْتَذْرَى يَسْتَذْرِي اِسْتِذْرَاءً:** ساقلاشنى ئىلتىجا قىلدى، ساقلاشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَذْرَى بِالشَّجَرَةِ:** دەرەخ ئاستىدا سايىدىدى.

**اِسْتَذْكَرَ يَسْتَذْكِرُ اِسْتِذْكَارًا الشَّيْءَ:** ياد ئەتتى؛ يادىغا كەلتۈردى، ئەسلىدى.

**اِسْتَذْكَرَ الطَّالِبُ الدَّرْسَ:** يادلىدى، يادىغا ئالدى؛ ئەسلىدى، ياد ئەتتى، يادىدا تۇتتى.

**«وَاسْتَذْكَرَهَا جَيِّدًا»:** ئۇنى ئوبدان يادلىدى.

**«تَعِبْنَا مِنْ شِدَّةِ الْإِسْتِذْكَارِ»:** تولا تەكرارلاپ ھېرىپ كەتتۇق.

**اِسْتَذْكَى يَسْتَذْكِي اِسْتِذْكَاءً النَّارَ:** ئوت ياقتى.

**اِسْتَذْكَتِ النَّارُ:** ئوت يالقۇنجىدى.

**اِسْتَذَلَّ يَسْتَذِلُّ اِسْتِذْلَالًا عَدُوَّهُ:** دۈشمىنىنى بويسۇندۇردى.

**اِسْتَذَلَّهُ:** ئۇنى خورلىدى.

**اِسْتَذْنَبَ يَسْتَذْنِبُ اِسْتِذْنَابًا:** جىنايەتچى دەپ قارىدى، گۇناھ ئۆتكۈزدى دەپ قارىدى.

**اِسْتَرَابَ يَسْتَرِيبُ اِسْتِرَابَةً بِهِ:** گۇمانلاندى، خەۋپسىرىدى.

**اِسْتِرَاتِيجِيٌّ:** ستراتېگىيىلىك.

**«لِلشَّرْقِ الْأَوْسَطِ مَوْقِعٌ اِسْتِرَاتِيجِيٌّ مُهِمٌّ»:** ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم.

**«لِهَذَا الْحَاكِمِ اِسْتِرَاتِيجِيَّةٌ سِيَاسِيَّةٌ وَاقْتِصَادِيَّةٌ وَاضِحَةٌ»:** بۇ ھاكىمنىڭ سىياسىي ستراتېگىيىسى ۋە روشەن ئىقتىسادىي ئېڭى بار.

**اِسْتَرَاحَ يَسْتَرِيحُ اِسْتِرَاحَةً الرَّجُلُ:** دەم ئالدى، ئارام ئالدى.

**اِسْتَرَاحَ فِي عَمَلِهِ:** راھەتلەندى.

**اِسْتَرَاحَ الْمُتْعَبُ:** چارچىغان ئادەم دەم ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتِرَاحَةٌ ج اِسْتِرَاحَاتٌ:** دەم ئالماق، ئىستىراھەت.

**«اِنْتَظَرَ وُصُولَ الْقِطَارِ فِي اِسْتِرَاحَةِ الْمَحَطَّةِ»:** ئۇ پويىزنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ۋوگزالنىڭ دەم ئېلىش زالىدا كۈتتى.

**«تُوجَدُ اِسْتِرَاحَةٌ فِي مُنْتَصِفِ الْفِلْمِ»:** كىنو يېرىملاشقاندا دەم ئېلىنىدۇ.

**اِسْتَرَادَ يَسْتَرِيدُ اِسْتِرَادَةً الرَّجُلُ:** كۆڭ كەچۈردى،

www.uyghurkitap.com

جان باقتى، تىرىكچىلىك قىلدى.

**اِسْتَرَادَتِ الدَّابَّةُ:** ئۇلاغ ئوتلىدى، ياپلىدى.

**اِسْتَرَاضَ يَسْتَرِيضُ اِسْتِرَاضَةً:** ئاماشا قىلدى، ئايلىنىپ يۈردى.

**اِسْتَرَاضَ النَّفْسَ:** كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلدى.

**اِسْتَرْأَفَ يَسْتَرْئِفُ اِسْتِرْءَافًا الطِّفْلُ أَبَاهُ:** بالا ئاتىسىدىن كۆيۈنۈشنى تەلەپ قىلدى، بالا ئاتىسىدىن كۆيۈنۈشنى تىلىدى.

**اِسْتَرْأَلَ يَسْتَرْئِلُ اِسْتِرْآلاً:** پىشىپ يېتىلدى، ئۆسۈپ يېتىلدى.

**اِسْتَرْأَى يَسْتَرْئِي اِسْتِرْآءً:** كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْأَى الشَّيْءَ:** كۆرسەتتى.

**اِسْتَرْأَى الشَّخْصَ:** ئۆزىنى رىياكار ھېسابلىدى.

**اِسْتَرْأَى هُ:** مەسلىھەت سورىدى.

**اِسْتَرْبَعَ يَسْتَرْبِعُ اِسْتِرْبَاعًا الرَّجُلُ:** دۆۋىلىنىپ كەتتى.

**اِسْتَرْبَعَ الْغُبَارُ:** چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى.

**اِسْتِرْجَاعٌ:** قايتۇرماق، چېكىندۈرمەك، قايتۇرۇۋالماق.

**اِسْتَرْجَعَ يَسْتَرْجِعُ اِسْتِرْجَاعًا حَقَّهُ:** ھەققىنى قايتۇرۇۋالدى.

**اِسْتَرْجَعَ الْحَادِثَةَ:** ۋەقەنى ئەسلىدى.

**اِسْتَرْجَعَ الْأَمْرَ:** ئەمەلدىن قالدۇردى، بىكار قىلدى.

**اِسْتَرْجَعَ مَاضَاعَ:** يۈتكەننى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**اِسْتَرْجَعَ عَافِيَتَهُ:** سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**اِسْتَرْجَعَ عِنْدَ الْمُصِيبَةِ:** مۇسىبەتكە يولۇققان چاغدا «إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دېدى.

**اِسْتَرْجَفَ يَسْتَرْجِفُ اِسْتِرْجَافًا:** چايقىلدى، لىڭشىتتى (باشنى).

**اِسْتَرْجَلَ يَسْتَرْجِلُ اِسْتِرْجَالاً:** ئەرەنچە ياساندى.

**اِسْتَرْجَمَ يَسْتَرْجِمُ اِسْتِرْجَامًا الرَّجُلَ:** چالما - كېسەك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْحَلَ يَسْتَرْحِلُ اِسْتِرْحَالاً صَدِيقَهُ:** دوستىدىن ئۇلاغ تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْحَلَ الزَّائِرَ:** كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْحَمَ يَسْتَرْحِمُ اِسْتِرْحَامًا:** مېھىر - شەپقەت تەلەپ قىلدى، ئەپۇ سورىدى، كەچۈرۈم سورىدى.

**«اِسْتَرْحَمَ الْمُذْنِبُ الْقَاضِيَ»:** گۇناھكار سوتچىدىن رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتِرْخَاءٌ:** يۇمشاپ كەتمەك، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەك، بوشاڭلىق قىلماق، بوشاشماق.

**اِسْتَرْخَصَ يَسْتَرْخِصُ اِسْتِرْخَاصًا الشَّخْصُ:** ئەرزاننى تەلەپ قىلدى، ئەرزاننى ئىزدىدى.

**اِسْتَرْخَصَ الْمُشْتَرِي السِّلْعَةَ:** خېرىدار مالنى ئەرزان ھېسابلىدى، ئەرزان دەپ قارىدى.

**اِسْتَرْخَى يَسْتَرْخِي اِسْتِرْخَاءً الشَّخْصُ:** بوشاپ قالدى، ئوڭدىسىغا راھەتلىنىپ ياتتى؛ چارچىدى.

**اِسْتَرْخَى بِهِ الْأَمْرُ:** ئوڭۇشلۇق بولدى.

**اِسْتِرْدَادٌ:** قايتۇرۇۋالماق، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلماق.

**«يَجِبُ أَنْ نَعْمَلَ لِاسْتِرْدَادِ أَرْضِنَا السَّلِيبَةِ»:** تارتىۋېلىنغان زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

**اِسْتَرَدَّ يَسْتَرِدُّ اِسْتِرْدَادًا الشَّيْءَ:** قايتۇرۇۋالدى، ياندۇرۇۋالدى.

**اِسْتَرَدَّ أَنْفَاسَهُ:** چارچىغاندىن كېيىن ئارام ئالدى، دېمىنى ئېلىۋالدى.

**اِسْتَرَدَّ خَسَارَةً:** تولدۇرۇۋالدى، تولۇقلىۋالدى.

**اِسْتَرَدَّ حُرِّيَّتَهُ:** ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**اِسْتَرَدَّ هُدُوءَهُ:** تىنچلاندى.

**اِسْتَرَدَّهُ الشَّيْءَ:** قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْذَلَ يَسْتَرْذِلُ اِسْتِرْذَالاً هُ:** تاشلىۋەتتى، تەرك ئەتتى؛ ھاقارەتلىدى، كەمسىتتى، پەسكەش سانىدى، پەسكەش ھېسابلىدى.

**اِسْتَرْزَقَ يَسْتَرْزِقُ اِسْتِرْزَاقًا:** رىزقى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْزَقَ الشَّخْصُ:** تەمىننات سورىدى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىزدىدى.

**اِسْتَرْسَلَ يَسْتَرْسِلُ اِسْتِرْسَالاً الشَّعْرُ:** چاچ ساڭگىلاپ تۇردى.

**اِسْتَرْسَلَ الْحَدِيْثُ:** سۆز يېقىملىق داۋاملاشتى.

**اِسْتَرْسَلَ الشَّخْصُ فِى حَدِيْثِهِ:** كەڭ دائىرىلىك سۆزلىدى.

**اِسْتَرْسَلَتْ فِى أَفْكَارِهَا:** چوڭقۇر ئويلاندى، ئەتراپلىق پىكىر قىلدى.

**اِسْتَرْسَلَتِ الدُّمُوعُ فِى عُيُونِهَا:** كۆزىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى، ياش قۇيۇلدى.

**اِسْتَرْسَلَ فِى الْكَلاَمِ:** گەپ ساتتى، گەپدانلىق قىلدى، ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقتۇەردى.

**اِسْتَرْشَدَ يَسْتَرْشِدُ اِسْتِرْشَادًا بِكَذَا:** ھىدايەت تاپتى، توغرا يولغا كىردى.

**اِسْتَرْشَدَ الشَّخْصُ فُلاَنًا:** يېتەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْشَى يَسْتَرْشِى اِسْتِرْشَاءً ہُ الْعَامِلُ:** پارا تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْضَى يَسْتَرْضِي اِسْتِرْضَاءًالرَّجُلُ:** ئەپلەشتى، ياراشتى، ياخشىچاق بولدى، كېلىشتى، رازى بولۇشتى.

**اِسْتِرْضَاءً لَهُ:** رازى قىلىش ئۈچۈن.

**اِسْتَرْضَعَ يَسْتَرْضِعُ اِسْتِرْضَاعًا الْآبُ وَلَدَهُ:** ئاتا بالىسى ئۈچۈن ئىنىك ئانا ئىزدىدى.

**«وَإِنْ أَرَدْتُمْ أَنْ تَسْتَرْضِعُوا أَوْلاَدَكُمْ فَلاَجُنَاحَ عَلَيْكُمْ اِذَا سَلَّمْتُمْ مَا آتَيْتُمْ بِالْمَعْرُوفِ»**

‹قرآن›: ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىك ئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**اِسْتَرْضَعَ الطِّفْلُ أُمَّهُ:** ئانىسىنى ئېمىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرَطَ يَسْتَرِطُ اِسْتِرَاطًا الشَّيْءَ:** يۇتتى.

**اِسْتَرْعَى يَسْتَرْعِى اِسْتِرْعَاءً ہُ الشَّيْءَ:** كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْعَى الْإِنْتِبَاهَ:** دىققەتنى قوزغىدى.

**«مَنِ اسْتَرْعَى الذِّئْبَ فَقَدْ ظَلَمَ» ‹مثل›:** بۆرىنى باققان ئادەم ناتوغرا ئىش قىلغان بولىدۇ.

**اِسْتَرْغَدَ يَسْتَرْغِدُ اِسْتِرْغَادًا الْعِيْشَ:** باياشات ھېس قىلدى، پاراۋان ھېس قىلدى.

**اِسْتَرْفَدَ يَسْتَرْفِدُ اِسْتِرْفَادًا الْمُحْتَاجُ الْغَنِيَّ:** موھتاج ئادەم بايدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، ياردەم سورىدى.

**اِسْتَرْفَقَ يَسْتَرْفِقُ اِسْتِرْفَاقًا:** ياردەم سورىدى، ياردەم تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرَقَ يَسْتَرِقُ اِسْتِرَاقًا النَّظَرَ:** ئوغرىلىقچە قارىدى.

**اِسْتَرَقَ السَّمْعَ:** ئوغرىلىقچە ئاڭلىدى.

**اِسْتِرْقَاقٌ:** قۇللۇق، قۇللۇق تۈزۈم.

**اِسْتَرْقَعَ يَسْتَرْقِعُ اِسْتِرْقَاعًا الثَّوْبُ:** كىيىم يامىغىدەك بولۇپ قالدى.

**اِسْتَرَقَّ يَسْتَرِقُّ اِسْتِرْقَاقًا الْأَسِيْرَ:** ئەسىرگە ئىگە بولدى.

**اِسْتَرَقَّ الْحُرَّ:** ئەركىن ئادەمگە قۇلغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى.

**اِسْتَرْقَنَ يَسْتَرْقِنُ اِسْتِرْقَانًا:** سۇركىدى، سۇرتتى، بويىدى.

**اِسْتَرْكَبَ يَسْتَرْكِبُ اِسْتِرْكَابًا شَخْصًا:** مىنىشنى تەلەپ قىلدى.

**«اِسْتَرْكَبْتُهُ فَأَرْكَبَنِى»:** ئۇنىڭدىن مىندۈرۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىدىم، ئۇ مېنى مىندۈرۈۋالدى.

**اِسْتَرْهَبَ يَسْتَرْهِبُ اِسْتِرْهَابًاهُ:** ئۇنى چۆچۈتتى، قورقۇتتى.

**«وَاسْتَرْهَبُوهُمْ وَجَاؤُوا بِسِحْرٍ عَظِيمٍ» ‹قرآن›:** ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتتۈەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى.

**اِسْتَرْهَنَ يَسْتَرْهِنُ اِسْتِرْهَانًا الشَّيْءَ:** گۆرۈ تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَرْوَحَ يَسْتَرْوِحُ اِسْتِرْوَاحًا إِلَى حَدِيْثِهِ:** ئۇنىڭ سۆزىدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلدى، ئۇنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولدى.

**اِسْتَرْوَحَ الْغُصْنُ:** شاخ ئىرغاڭلىدى.

**اِسْتَزَادَ يَسْتَزِيدُ اِسْتِزَادَةً:** ئاشۇرۇشنى تەلەپ

www.uyghurkitap.com

قىلدى، ئۇنىڭدىن ئوزۇق تەلەپ قىلدى.

**«اِسْتَزَادَ رَئِيسَهُ فِي تَحْسِينِ مُرَتَّبِهِ»** : باشلىقىدىن مائاشىنى ئۆستۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

**لَمْ يَبْقَ لِمُسْتَزِيدٍ اِسْتَزَادَةٌ:** ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى.

**اِسْتَزَارَ يَسْتَزِيرُ اِسْتِزَارَةً:** يوقلاشنى تەلەپ قىلدى، زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**«اِسْتَزَارَ الْمَرِيضُ أَصْدِقَاءَهُ»** : كېسەل دوستلىرىدىن يوقلاشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَزْرَعَ يَسْتَزْرِعُ اِسْتِزْرَاعًا الْأَرْضَ:** يەر تېرىشنى تەلەپ قىلدى، بوز يەر ئاچتى.

**«اِسْتَزْرَعَ الْأَرْضَ الْمَتْرُوكَةَ»** : ئاختاما يەرنى تېرىدى.

**اِسْتَزْرَى يَسْتَزْرِي اِسْتِزْرَاءً:** كەمسىتتى، سەل قارىدى، مەنسىتمىدى.

**اِسْتَزْرَى بِالْخَطَرِ:** خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمىدى.

**اِسْتَزَلَّ يَسْتَزِلُّ اِسْتِزْلَالًا:** ئۇنى تېيىلدۇرۇۋەتتى؛ ئاستا - ئاستا خاتالىققا باشلىدى.

**«إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا»** ‹قرآن› : بەزى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، شەيتان ئۇلارنى تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى.

**«اِسْتَزَلَّ الشِّرِّيرُ الْوَلَدَ فَسَقَطَ فِي الْخَطِيئَةِ»** : قۇلاق كەستى، بالىنى ئازدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزدى.

**اِسْتَسَاغَ يَسْتَسِيغُ اِسْتِسَاغًا الطَّعَامَ أَوِ الشَّرَابَ:** يېمەك ياكى ئىچىملىكنى سىلىق ئۆتىدىغان دەپ ھېسابلىدى.

**«لَا أَسْتَسِيغُ هَذَا الطَّعَامَ وَلَا هَذَا الْكَلَامَ»** : بۇ تاماقنىمۇ ۋە بۇ سۆزنىمۇ ياقتۇرمايمەن.

**اِسْتَسْخَرَ يَسْتَسْخِرُ اِسْتِسْخَارًا مِنْهُ:** زاڭلىق قىلدى، مەسخىرە قىلدى.

**«وَإِذَا رَأَوْا آيَةً يَسْتَسْخِرُونَ»** ‹قرآن› : ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسە مەسخىرە قىلىشىدۇ.

**اِسْتَسْخَفَ يَسْتَسْخِفُ اِسْتِسْخَافًا:** ئەھمىيەتسىز دەپ قارىدى، مەنسىز دەپ قارىدى.

**اِسْتَسَرَّ يَسْتَسِرُّ اِسْتِسْرَارًا:** يوشۇرۇن بولدى، مەخپى بولدى، ئۇنىڭغا سىر بەردى.

**«اِسْتَسَرَّ أَمْرَهُ عَنْ أَقْرَبِ النَّاسِ إِلَيْهِ»** : ئۇنىڭ ئىشى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ مەخپى.

**اِسْتِسْقَاءٌ:** سۇلۇق ئىششىق، ئىششىق (قورساق بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىش كېسىلى).

**دُعَاءُ الْاِسْتِسْقَاءِ:** ئاللاھدىن يامغۇر تىلەپ ئوقۇلىدىغان دۇئا.

**صَلَاةُ الْاِسْتِسْقَاءِ:** ئاللاھدىن يامغۇر تىلەپ ئوقۇلىدىغان ناماز.

**اِسْتِسْقَائِيٌّ:** سۇلۇق ئىششىق كېسىلىگە ئائىت.

**اِسْتَسْقَى يَسْتَسْقِي اِسْتِسْقَاءً مِنْهُ:** ئۇنىڭ سۇغۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

**«وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى إِذِ اسْتَسْقَاهُ قَوْمُهُ أَنِ اضْرِبْ بِعَصَاكَ الْحَجَرَ»** ‹قرآن› : مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

**اِسْتِسْلَامٌ:** بويسۇنماق، باش ئەگمەك.

**اِسْتِسْلَامِيٌّ:** تەسلىمچىلىك.

**اِسْتِسْلَامِيَّةٌ:** تەسلىمچىلىك.

**اِسْتَسْلَمَ يَسْتَسْلِمُ اِسْتِسْلَامًا لَهُ:** بويسۇندى، تەسلىم بولدى.

**«اِسْتَسْلَمَتِ الْمَدِينَةُ بَعْدَ حِصَارٍ طَوِيلٍ»** : ئۇزۇن مۇددەت قورشىۋېلىنغاندىن كېيىن شەھەر تەسلىم بولدى.

**اِسْتَسْمَجَ يَسْتَسْمِجُ اِسْتِسْمَاجًا:** سەت دەپ قارىدى، كۆرۈمسىز دەپ قارىدى.

**اِسْتَسْمَحَ يَسْتَسْمِحُ اِسْتِسْمَاحًا:** كەچۈرۈم سورىدى، ئەپۇ سورىدى، ناماقۇل بولدى.

**اِسْتَسْمَنَ يَسْتَسْمِنُ اِسْتِسْمَانًاهُ:** سېمىز ھېسابلىدى.

**اِسْتَسْمَى يَسْتَسْمِي اِسْتِسْمَاءَهُ:** ئىسمىنى سورىدى، ئىسمىنى سورۇشتە قىلدى.

**«اِسْتَسْمَيْتُهُ فَقَالَ عُمَرُ»** : ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىسام «ئۆمەر» دېدى.

**اِسْتَسَنَّ يَسْتَسِنُّ اِسْتِسْنَانًا:** يېشى چوڭىيىپ قالدى، قېرىپ قالدى.

**اِسْتَسَنَّ الطَّرِيقَةَ:** ماڭدى.

**اِسْتَسْهَلَ يَسْتَسْهِلُ اِسْتِسْهَالاً الشَّيْءَ:** ئاسان دەپ قارىدى، ئاسان ھېسابلىدى، سەل چاغلىدى.

**«اِخْتَارَ هَذِهِ الْوَظِيفَةَ لِأَنَّهُ اسْتَسْهَلَ الْعَمَلَ فِيهَا»:** ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىشلەشنى ئاسان چاغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تاللىدى.

**اِسْتَشَارَ يَسْتَشِيرُ اِسْتِشَارَةً مَعَهُ:** ئۇنىڭغا مەسلەھەت سالدى، مۇراجىئەت قىلدى، پىكىر سورىدى.

**اِسْتَشَارَ نَفْسَهُ:** ئويلاندى.

**اِسْتَشَارَ فُلَانًا فِي كَذَا:** مەسلىھەتلەشتى، ئۇنىڭ پىكرىنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتِشَارَةٌ:** كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك، پىكرىنى ئالماق، مۇھاكىمە قىلماق.

**اِسْتِشَارَةٌ طِبِّيَّةٌ:** تېببىي مەسلىھەت.

**اِسْتِشَارَةٌ قَانُونِيَّةٌ:** قانۇنىي كېڭەش.

**اِسْتِشَارِيٌّ:** كېڭەشلىك، مەسلىھەتلىك.

**رَأْيٌ اِسْتِشَارِيٌّ:** تەكلىپ.

**اَلْمَجْلِسُ الْاِسْتِشَارِيُّ:** مەسلىھەت كېڭىشى، كېڭەش يىغىنى.

**اَلْمَجْلِسُ الْاِسْتِشَارِيُّ السِّيَاسِيُّ:** سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى.

**لَجْنَةٌ اِسْتِشَارِيَّةٌ:** كېڭەش كومىتېتى، مەسلىھەت كومىتېتى.

**اِسْتَشَاطَ يَسْتَشِيطُ اِسْتِشَاطَةً عَلَيْهِ غَضَبًا:** غەزىپى تاشتى، قاتتىق ئاچچىقلاندى، سەپراسى ئۆرلىدى.

**اِسْتَشْرَفَ يَسْتَشْرِفُ اِسْتِشْرَافًا:** يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆرلىدى.

**اِسْتَشْرَفَ الشَّيْءَ:** ئالقىنىنى چېكىسىگە قويۇپ نېرىدىن قارىدى.

**اِسْتَشْرَقَ يَسْتَشْرِقُ اِسْتِشْرَاقًا:** شەرق تىلى ۋە ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى ئۆگەندى.

**اِسْتَشْرَقَ الْأُورُبِّيُّ:** شەرقنى تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدى.

**حَرَكَةُ الْاِسْتِشْرَاقِ:** شەرقشۇناسلىق ھەرىكىتى.

**اِسْتَشْرَى يَسْتَشْرِي اِسْتِشْرَاءً الشَّرُّ أَوِ الدَّاءُ:** يامانلىق ياكى دەرد چوڭىيىپ كەتتى، يامراپ كەتتى.

**اِسْتَشْرَى الرَّجُلُ:** خاپا بولدى، ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

**اِسْتَشْرَتِ الْأُمُورُ:** كېڭىيىپ كەتتى.

**اِسْتَشْرَتِ الْفَسَادُ:** پىتنە - پاسات ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

**اِسْتَشْرَتِ الرِّشْوَةُ:** پارا يامراپ كەتتى.

**اِسْتِشْعَارٌ عَنْ بُعْدٍ:** زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش.

**قَرْنَا الْاِسْتِشْعَارِ (فِي بَعْضِ الْحَشَرَاتِ):** ھاشاراتلارنىڭ بېشىدىن ئۈنۈپ چىققان مۈڭگۈزسىمان بىر جۈپ سەزگۈ ئەزاسى.

**اِسْتَشْعَرَ يَسْتَشْعِرُ اِسْتِشْعَارًا الشَّيْءَ:** سەزدى، ھېس قىلدى، بايقىدى.

**اِسْتَشْعَرَ الطِّفْلُ الْخَوْفَ:** بوۋاق قورقۇمسىرىدى، قورقۇنچ ھېس قىلدى.

**اِسْتِشْفَاءٌ:** دوختۇرغا كۆرۈنمەك، دوختۇر تەلەپ قىلماق، دوختۇردىن تەكشۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنمەك.

**مَدِينَةُ الْاِسْتِشْفَاءِ:** ساناتورىيە.

**آلَاتُ الْاِسْتِشْفَاءِ:** داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى.

**مِيَاهُ الْاِسْتِشْفَاءِ:** داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان مىنېرال سۇ.

**اِسْتَشْفَعَ يَسْتَشْفِعُ اِسْتِشْفَاعًا إِلَى فُلَانٍ:** ئىلتىجا قىلدى، شاپائەت قىلىشنى ئۆتۈندى.

**فُلَانٌ يُسْتَشْفَعُ بِهِ:** شاپائەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئادەم.

**اِسْتَشَفَّ يَسْتَشِفُّ اِسْتِشْفَافًا الشَّيْءَ:** كۆزى يەتتى، تېگىگە يەتتى، تونۇپ يەتتى، ياخشى چۈشەندى؛ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى.

**اِسْتَشَفَّ الثَّوْبَ:** كىيىمنىڭ بىرەر ئەيىبى بارلىقىنى يورۇققا تۇتۇپ تەكشۈردى.

**اِسْتَشَفَّ الْأَمْرَ:** ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ ماھىيىتىگە يەتتى.

**اِسْتَشْفَى يَسْتَشْفِي اِسْتِشْفَاءً:** شىپا تەلەپ قىلدى، داۋالاندى، دوختۇرغا كۆرۈندى، دوختۇردىن تەكشۈرۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى.

**«مِنَ الْأَفْضَلِ أَنْ تَسْتَشْفِيَ فِي مِنْطَقَةٍ خَلَوِيَّةٍ»:**

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ياخشىسى سەن سەھرادا داۋالانغىن.

**اِسْتَشْفَى بِكَذَا:** ... دىن ساقايدى، ... سەۋەبتىن شىپالىق تاپتى.

**اِسْتَشْفَى قَلْبُهُ:** ئۇنىڭ ئارزۇسى قاندى.

**اِسْتَشْكَلَ يَسْتَشْكِلُ اِسْتِشْكَالاً:** ئارىلىشىپ كەتتى.

**اِسْتَشْكَلَ الْأَمْرُ:** غۇۋالاشتى، مۇجمەل بولدى.

**اِسْتَشْكَلَ عَلَى الْحُكْمِ أَوْ فِى تَنْفِيذِ الْحُكْمِ:** ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى.

**اِسْتَشَمَّ يَسْتَشِمُّ اِسْتِشْمَامًا:** پۇرىدى.

**اِسْتَشْنَعَ يَسْتَشْنِعُ اِسْتِشْنَاعًا الْأَمْرَ:** قەبىھ ساندى، يىرگىنىشلىك دەپ قارىدى.

**«أَنَا أَسْتَشْنِعُ فَعْلَتَكَ هَذِهِ»:** مەن سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى قەبىھ ھېسابلايمەن.

**اِسْتَشَنَّ يَسْتَشِنُّ اِسْتِشْنَانًا:** ئۇرىدى، خورىدى.

**اِسْتِشْهَادٌ:** نەقىل كەلتۈرمەك، دەلىل كەلتۈرمەك، دەلىل قىلماق.

**اِسْتَشْهَدَ يَسْتَشْهِدُ اِسْتِشْهَادًا:** گۇۋاھلىق بەرگۈزدى، ئىقرار قىلدۇردى، گۇۋاھچى قىلدى.

**اِسْتَشْهَدَ الشَّخْصَ:** گۇۋاھلىق تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَشْهَدَ بِقَوْلٍ:** نەقىل كەلتۈردى، دەلىل كەلتۈردى.

**«وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيدَيْنِ مِنْ رِجَالِكُمْ» ‹قرآن›:** سىلەر ئەركىشىلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار.

**اِسْتَشْهَدَ عَلَى رَأْيِهِ وَنَحْوِهِ بِكَذَا:** دەلىل كەلتۈردى، گۇۋاھ قىلدى.

**«اِسْتَشْهَدَ عَلَى رَأْيِهِ بِآيَةٍ مِنَ الْقُرْآنِ الْكَرِيمِ»:** ئۆز پىكرىگە قۇرئان كەرىمدىن بىر ئايەتنى دەلىل كەلتۈردى.

**«اِسْتَشْهَدَ عَدَدٌ مِنْ جُنُودِنَا فِى سَاحَةِ الشَّرَفِ»:** قوشۇنىمىزدىن بىرقانچە نەپەر ئادەم شان ـ شەرەپ يولىدا قۇربان بولدى.

**أُسْتُشْهِدَ الرَّجُلُ:** ئاللاھ يولىدا قۇربان بولدى، شېھىت بولدى.

**اِسْتَصَابَ يَسْتَصِيبُ اِسْتِصَابَةً الرَّأْيَ:** پىكرىنى توغرا تاپتى.

**اِسْتَصْبَحَ يَسْتَصْبِحُ اِسْتِصْبَاحًا الرَّجُلُ:** چىراغ ياقتى.

**اِسْتَصْبَحَ بِالزَّيْتِ:** چىراغقا ماي قۇيدى.

**اِسْتَصْبَرَهُ يَسْتَصْبِرُ اِسْتِصْبَارًا:** ئۇنىڭدىن سەۋر قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭدىن چىداملىق بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَصْبَى يَسْتَصْبِى اِسْتِصْبَاءً:** كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلدى.

**اِسْتِصْبَاءٌ:** كىچىك بالىدەك مۇئامىلە قىلدى، گۆدەكلىك قىلدى.

**اِسْتَصْحَبَ يَسْتَصْحِبُ اِسْتِصْحَابًا:** ھەمراھ بولۇشنى ئۆتۈندى، بىللە بولۇشنى سورىدى، ھەمسۆھبەت بولۇشنى سورىدى.

**اِسْتَصْحَبَهُ الشَّيْءَ:** بىللە ئېلىۋالدى.

**اِسْتَصْحَبَ فُلاَنًا:** ئۇنى سۆھبىتىگە چاقىردى.

**اِسْتَصْحَبَ الْأَبُ اِبْنَهُ:** دادا ئوغلىنى سۆھبەتكە چاقىردى.

**اِسْتَصَحَّ يَسْتَصِحُّ اِسْتِصْحَاحًا:** ساقايدى، شىپا تاپتى.

**اِسْتَصْدَرَ يَسْتَصْدِرُ اِسْتِصْدَارًا الْأَمْرَ:** بۇيرۇق چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

**«اِسْتَصْدَرَتِ الْحُكُومَةُ مِنَ الْبَرْلَمَانِ قَانُونَ الْمُرُورِ»:** ھۆكۈمەت پارلامېنتتىن قاتناش قانۇنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

**اِسْتَصْرَخَ يَسْتَصْرِخُ اِسْتِصْرَاخًا:** ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى.

**«فَإِذَا الَّذِى اسْتَنْصَرَهُ بِالْأَمْسِ يَسْتَصْرِخُهُ» ‹قرآن›:** ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى.

**اِسْتَصْرَخَ:** نالە قىلدى، پەرياد چەكتى.

**«اِسْتَصْرَخَ بِجَارِهِ عِنْدَمَا هَاجَمَهُ السَّارِقُ»:** ئۇ ئوغرى ھۇجۇم قىلغان چاغدا قوشنىسىدىن ياردەم تىلىدى.

**اِسْتَصْرَفَ يَسْتَصْرِفُ اِسْتِصْرَافًا اللّٰهَ الْمَكَارِهَ:** ئاللاھدىن بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشنى ئىلتىجا قىلدى.

**اِسْتَصْعَبَ يَسْتَصْعِبُ اِسْتِصْعَابًا الْأَمْرَ:** ئىشنى قىيىن دەپ قارىدى، ئىشنى مۇشكۈل ھېساب

لىدى.

**اِسْتَصْعَبَ الْأَمْرُ:** قىيىنلاشتى، تەسلەشتى.

**اِسْتَصْعَبَ الْعَمَلُ فِي الْخَارِجِ:** سىرتتا ئىش قىيىنلاشتى.

**اِسْتَصْعَبَ رُكُوبَ الْبَحْرِ فَاخْتَارَ الطَّائِرَةَ:** دېڭىز سەپىرىنى قىيىن ساناپ ئايروپىلاننى تاللىدى.

**اِسْتَصْغَرَ يَسْتَصْغِرُ اِسْتِصْغَارًاهُ:** ئۇنى كىچىك كۆردى، كىچىك ھېسابلىدى، كەمسىتتى، كۆزگە ئىلمىدى، خورلىدى، مەنسىتمىدى.

**اِسْتَصْغَرَ نَفْسَهُ:** ئۆزىنى كەمسىتتى، ئۆزىنى تۆۋەن كۆردى، كىچىك سانىدى.

**اِسْتَصْغَرَ الْوَلَدَ:** بالىنى كىچىك ھېسابلىدى.

**اِسْتَصْغَرَتِ الْهَدِيَّةَ:** سوۋغىنى كىچىك سانىدى.

**يَسْتَصْغِرُ آرَاءَهُ:** ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى مەنسىتمەيدۇ.

**«لَيْسَ عَلَيْكَ أَنْ تَسْتَصْغِرَ نَفْسَكَ»:** ئۆزۈڭنى كەمسىتمەسلىكىڭ كېرەك، ئۆزۈڭنى تۆۋەن چاغلىماسلىقىڭ كېرەك.

**اِسْتَصْفَحَ يَسْتَصْفِحُ اِسْتِصْفَاحًا:** كەچۈرۈم سورىدى، گۇناھىنى تىلىدى.

**«اِسْتَصْفَحَ التِّلْمِيذُ مُعَلِّمَهُ»:** شاگىرت مۇئەللىمدىن كەچۈرۈم سورىدى.

**إِعَانَةٌ دِرَاسِيَّةٌ:** ئوقۇش ياردەم پۇلى.

**«حَصَلَ عَلَى إِعَانَةِ غَلَاءِ الْمَعِيشَةِ»:** مال باھاسى ئۆسۈپ كېتىش يۈزىسىدىن بېرىلگەن ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى.

**أَعْبَلُ ج أَعْبِلَةٌ:** گرانىت.

**حَجَرٌ أَعْبَلُ:** گرانىت تاش.

**أُعْبُوثَةٌ ج أَعَابِيثُ:** چاقچاق، كۈلكە، قىزىق گەپ، كۈلكىلىك گەپ.

**إِعْتَادَ يَعْتَادُ إِعْتِيَادًا:** ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى؛ كۆنۈپ قالدى، ئادەتنى قوبۇل قىلدى.

**إِعْتَاصَ يَعْتَاصُ إِعْتِيَاصًا عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** قىيىنلاشتى، مۇشكۈل بولدى.

**إِعْتَاضَ يَعْتَاضُ إِعْتِيَاضًا عَنْهُ:** تۆلەتتى، تۆلىتىۋالدى، تولدۇرۇۋالدى.

**إِعْتَاضَ مِنَ الشَّيْءِ:** تۆلىتىۋالدى، ئورنىغا تۆلەتكۈزدى، ئورنىغا دەسسەتتى.

**إِعْتَاقَ يَعْتَاقُ إِعْتِيَاقًا عَنْ كَذَا:** كېچىكتۈردى، ھايال قىلدى، ئارقىغا سوزدى، ئاستىلاتتى، سۇسلۇق قىلدى، كېچىكتى.

**إِعْتِبَارٌ:** ھۆرمەتلىمەك، ئىززەتلىمەك، قەدىرلىمەك، ئەتىۋارلىماق؛ ئېتىبار، مۇھاكىمە قىلماق، ئويلىماق، مۇلاھىزە قىلماق؛ مۇناسىۋەت، ئالاقە سەۋەب، ۋەج.

**إِعْتِبَارُ الشَّيْءِ:** ئويلىماق، مۇلاھىزە قىلماق، كۆزدە تۇتماق، ھېسابقا ئالماق.

**يَسْتَحِقُّ الْإِعْتِبَارَ:** ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھۆرمەتكە لايىق؛ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، مۇھىم، قىممەتلىك، كۆزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك.

**«رَجُلٌ لَهُ إِعْتِبَارُهُ وَمَكَانَتُهُ فِي الْمُجْتَمَعِ»:** جەمئىيەتتە ھۆرمىتى ۋە ئورنى بار ئادەم.

**رَدُّ الْإِعْتِبَارِ إِلَى الشَّخْصِ (في القضاء):** كىشىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

**إِعْتِبَارًا لـ ...:** ... نى كۆزدە تۇتۇپ، ... نى ھېسابقا ئېلىپ.

**أَخَذَهُ فِي الْإِعْتِبَارِ:** ئۇ ھەقتە ئويلاندى، ئۇنى ئېتىبارغا ئالدى.

**أَخَذَهُ بِعَيْنِ الْإِعْتِبَارِ:** ئۇ توغرىلىق ئويلاندى، ئۇنى كۆزدە تۇتتى.

**إِعْتِبَارًا مِنْ هَذَا التَّارِيخِ:** مۇشۇ تارىختىن ئېتىبارەن (باشلاپ).

**«سَتُبَاعُ تَذَاكِرُ عَرْضِ الْفُنُونِ الْجَمِيلَةِ إِعْتِبَارًا مِنَ الْيَوْمِ»:** بۈگۈندىن باشلاپ گۈزەل - سەنئەت كۆرگەزمىسىنىڭ بېلىتى سېتىلىدۇ.

**بِإِعْتِبَارِهِ مُدِيرًا و نَحْوِهِ:** ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ.

**إِعْتِبَارَاتٌ:** سەۋەب، ۋەج.

**«تَخَلَّفَ عَنِ الْحُضُورِ لِإِعْتِبَارَاتٍ شَخْصِيَّةٍ»:** شەخسى سەۋەب بىلەن كېچىكىپ كەلدى.

**إِعْتِبَارِيٌّ:** مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، باغلىنىشلىق، چېتىشلىق.

**أَمْرٌ إِعْتِبَارِيٌّ:** ئالاقىدار ئىش.

**إِعْتِبَاطٌ:** سەۋەبسىز.

**فَعَلَ ذَلِكَ إِعْتِبَاطًا:** ئۇنى سەۋەبسىز قىلدى.

**إِعْتِبَاطِيٌّ:** سەۋەبسىز، چۈشەندۈرۈشسىز.

**«هَذَا حُكْمٌ إِعْتِبَاطِيٌّ لَا يُقْنِعُ أَحَدًا»:** بۇ چۈشەندۈرۈشى يوق ھۆكۈم ھېچ ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

**إِعْتَبَدَ يَعْتَبِدُ إِعْتِبَادًا:** قۇل قىلدى، قۇللۇققا چۈشۈردى.

**إِعْتَبَرَ يَعْتَبِرُ إِعْتِبَارًا الشَّيْءَ:** دەپ قارىدى، دەپ ھېسابلىدى، دەپ ئېتىبارغا ئالدى؛ تەكشۈردى، كۆزەتتى؛ ئويلاندى، مۇلاھىزە قىلدى.

**إِعْتَبَرَ الرَّجُلَ:** ھۆرمەتلىدى، ئىززەتلىدى، قەدىرلىدى، ئەتىۋارلىدى.

**إِعْتَبَرَ بِهِ:** ئىبرەت ئالدى.

**«فَاعْتَبِرُوا يَا أُولِي الْأَبْصَارِ» (قرآن):** ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار.

www.uyghurkitap.com

**«اِعْتَبِرْ بِمَا حَدَثَ لِغَيْرِكَ»**: باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلاردىن ئىبرەت ئالغىن.

**«اِعْتَبَرَهُ الْقَاضِي مُذْنِبًا»**: قازى ئۇنى گۇناھكار دەپ قارىدى.

**«اَلْأَطْفَالُ الصِّغَارُ كُلُّهُمْ يُحِبُّونَ حَيَوَانَ الْبَنْدَا الَّذِي يُعْتَبَرُحَقًّاحَيَوَانًامَحْبُوبًا»**: راستتىنلا ئەتىۋارلىق ھايۋان مۈشۈك ئېيىقنى كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى ئامراق.

**اِعْتَبَطَ يَعْتَبِطُ اِعْتِبَاطًا الذَّبِيحَةَ**: سېمىز، ياش، ساغلام قۇربانلىقنى بوغۇزلىدى.

**اِعْتَبَطَهُ الْمَوْتُ**: ئۇ ياش، ساغلام تۇرۇپ ھېچقانداق ئاغرىقسىز ئۆلدى.

**اِعْتَبَطَهُ**: ئۇنى ناھەق ئۆلتۈردى.

**اِعْتَبَطَ الْعِرْضَ**: ئابرۇيىنى تۆكتى.

**أَعْتَدَ يُعْتِدُ إِعْتَادًا الشَّيْءَ**: تەييارلىدى، ھازىرلىدى.

**«وَأَعْتَدْنَالِلظَّالِمِينَ عَذَابًاأَلِيمًا» ‹قرآن›**: زالىملارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق.

**اِعْتِدَاءٌ ج اِعْتِدَاءَاتٌ**: دەخلى قىلماق، چېقىلماق، تاجاۋۇز قىلماق، ھۇجۇم قىلماق، دەخلى - تەرۇز قىلماق.

**اِعْتِدَاءٌ عَسْكَرِيٌّ**: ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق.

**مُعَاهَدَةُ عَدَمِ اعْتِدَاءٍ**: ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى.

**اَلْإِعْتِدَادُ بِنَفْسِهِ**: ئۆزىگە ئىشەنمەك، مەغرۇرلانماق.

**بَالَغَ فِي الْإِعْتِدَادِ بِنَفْسِهِ**: ئۆزىنىڭ راست دەپ تۇرىۋالدى.

**أَفْرَطَ فِي الْإِعْتِدَادِ بِنَفْسِهِ**: ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كەتتى.

**«فَمَالَكُمْ عَلَيْهِنَّ مِنْ عِدَّةٍ تَعْتَدُّونَهَا» ‹قرآن›**: بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك.

**اِعْتِدَالٌ**: توغرا، ئادىل، دۇرۇس، ھەققانىي، راۋۇرۇس، بىجىرىم؛ تۈز؛ مۇۋاپىق، لايىق، جايىدا، دەل، ماس.

**اِعْتِدَالُ الْخُلُقِ**: راۋۇرۇس، بىجىرىم؛ تۈز، سەممىي، ھالال، راستچىل، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىي.

**عَلَى وَجْهِ الْإِعْتِدَالِ**: مۇۋاپىق، لايىق، دەل، جايىدا، ماس؛ مۆتىدىل.

**اِعْتِدَالٌ خَرِيفِيٌّ**: كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلىشىشى.

**اِعْتِدَالُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ**: كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تەڭلىشىشى.

**زَمَنُ الْإِعْتِدَالِ الشَّمْسِيِّ**: كۈن - تۈننىڭ تەڭلەشكەن ۋاقتى.

**«أَلْحَمْدُ لِلّٰهِ إِنِّى فِى غَايَةِ الْإِعْتِدَالِ»**: خۇداغا شۈكرى، مەن ناھايىتى نورمال.

**اِعْتَدَّ يَعْتَدُّ اِعْتِدَادًا بِنَفْسِهِ**: ئۆزىگە ئىشەندى، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلدى.

**اِعْتَدَّ بِالشَّيْءِ**: كۆڭۈل بۆلدى، ھېسابقا كىرگۈزدى، سانغا كىرگۈزدى.

**يُعْتَدُّ بِهِ**: مۇھىمى، مۇھىم، جىددىي؛ ھېسابقا ئۆتىدىغان، قاتاردا بار.

**لَايُعْتَدُّ بِهِ**: ئەرزىمەس، كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدىغان.

**هَذَا الشَّيْءُ لَايُعْتَدُّ بِهِ**: بۇ ھېسابتا يوق نەرسە.

**اِعْتَدَلَ يَعْتَدِلُ اِعْتِدَالًا**: توغرا بولدى، تۈزۈك بولدى؛ مۆتىدىل بولدى.

**اِعْتَدَلَ فِي جِلْسَتِهِ**: ئۇ ئۆلتۈردى.

**«إِنَّهُ الْآنَ فَصْلُ الرَّبِيعِ فَقَدِ اعْتَدَلَ الْجَوُّ وَتَفَتَّحَتِ الْأَزْهَارُ»**: ھازىر ئەتىياز پەسلى بولۇپ ھاۋا نورماللىشىپ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلدى.

**اِعْتَدَى يَعْتَدِي اِعْتِدَاءً عَلَى**: زۇلۇم قىلدى، ئازابلىدى؛ زىيانكەشلىك قىلدى، تاجاۋۇز قىلدى، ئىشغال قىلدى.

**«فَمَنِ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدُوْا عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَااعْتَدَى عَلَيْكُم» ‹قرآن›**: بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار.

**اِعْتَدَى عَلَى حَيَاةِ فُلَانٍ**: پالانىنى قەستلىدى.

**اِعْتَدَى عَلَيْهِ**: خارلىدى، زۇلۇم قىلدى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

**اِعْتَدَى عَلَى عِرْضِ مَرْأَةٍ**: نومۇسىغا تەگدى،

باسقۇنچىلىق قىلدى.

**اِعْتَدَى عَلَيْهِ بِالضَّرْبِ:** ئۇنى ئۇردى.

**اِعْتَدَتْ دَوْلَةٌ عَلَى أُخْرَى:** بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە ھەربىي ھۇجۇم قىلدى؛ بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلدى.

**اِعْتِذَارٌ:** ئۆزرە بايان قىلماق، كەچۈرۈم سورىماق؛ ئاقلىماق.

**اِعْتَذَرَ يَعْتَذِرُ اِعْتِذَارًا عَنْ و مِنْ فِعْلِهِ:** ئاقلىدى، يان باستى؛ ناماقۇل بولدى.

**اِعْتَذَرَ عَنْ فُلاَنٍ:** ئەپۇ سورىدى.

**«هَذَا يَوْمُ لاَيَنْطِقُوْنَ وَلاَيُؤْذَنُ لَهُمْ فَيَعْتَذِرُوْنَ» ‹قرآن›:** بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ.

**«اِعْتَذَرَ عَنْ نَشْرِ الْمَقَالَةِ كَامِلَةً»:** ماقالىنى تولۇق باسمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە بايان قىلدى.

**اِعْتَذَرَ عَنْ غِيَابِهِ:** ئۆزىنىڭ ھازىر بولالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى.

**اِعْتَذَرَ اِلَيْهِ:** ئۆزرىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**«اِعْتَذَرْتُ اِلَيْهِ عَمَّا فَعَلْتُ فَقَبِلَ اِعْتِذَارِى»:** مەن ئۇنىڭغا قىلمىشلىرىم ھەققىدە ئۆزرە ئېيتتۇم، ئۇ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلدى.

**اِعْتِرَاضٌ ج اِعْتِرَاضَاتٌ:** قارشى تۇرماق، باشقىچە پىكىردە بولماق، ئېتىراز بىلدۈرمەك، نارازىلىق، قارشىلىق، ئېتىراز.

**اِعْتِرَافٌ:** ئىقرار قىلماق، ئېتىراپ قىلماق.

**كُرْسِيُّ الْاِعْتِرَافِ:** ناسارا (خرىستىيان)لارنىڭ ئىستىغپارخانىسى، ناسارالارنىڭ تۆۋەخانىسى.

**اَلْاِعْتِرَافُ بِالْوَاقِعِ:** بىرەر ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان يەنە بىر ھۆكۈمەتنى ئۆز ئارا ئەلچى ئالماشتۇرۇشتىن بۇرۇن رىئاللىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ۋاقتىنلىق ئېتىراپ قىلىشى.

**اِعْتِرَافًا لِكَذَا:** ...نى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن.

**اِعْتَرَضَ يَعْتَرِضُ اِعْتِرَاضًا:** توسقۇنلۇق قىلدى، توسالغۇ بولدى.

**اِعْتَرَضَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭ سۆز ياكى ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلدى.

**اِعْتَرَضَ سَبِيلَهُ:** توسقۇنلۇق قىلدى، توسالغۇ بولدى.

**«تَعْتَرِضُنِى مَسْئَلَةٌ صَعْبَةٌ»:** مەن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتىمەن.

**اِعْتَرَفَ يَعْتَرِفُ اِعْتِرَافًا:** ئېتىراپ قىلدى، ئىقرار قىلدى، بويىنىغا ئالدى؛ تونىدى.

**«وَآخَرُونَ اِعْتَرَفُوْا بِذُنُوبِهِمْ خَلَطُوا عَمَلاً صَالِحًا وَآخَرَ سَيِّئًا» ‹قرآن›:** يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى.

**اِعْتَرَفَ بِاِبْنِهِ:** ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

**اِعْتَرَفَ لَهُ بِالْجَمِيلِ:** ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى بىلدى.

**«اِعْتَرَفَ بِذَنْبِهِ فَعَفَا الْقَاضِى عَنْهُ»:** ئۇ گۇناھىنى بويىنىغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن قازى ئۇنى ئەپۇ قىلدى.

**«اِعْتَرَفَتِ الدَّوْلَةُ بِدَوْلَةٍ أُخْرى»:** بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

**اِعْتَرَكَ يَعْتَرِكُ اِعْتِرَاكًا الْقَوْمُ:** ئۇرۇشتى، سوقۇشتى، ئېلىشتى.

**اِعْتَرَى يَعْتَرِى اِعْتِرَاءً:** ئۇچرىدى، دۇچار بولدى، يولۇقتى، دۇچ كەلدى.

**«اِنْ نَقُوْلُ اِلاَّ اعْتَرَاكَ بَعْضُ آلِهَتِنَا بِسُوْءٍ» ‹قرآن›:** بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز.

**اِعْتَرَاهُ الْهَمُّ:** ئۇنى غەم بېسىۋالدى.

**اِعْتَرَتْهُ الْأَمْرَاضُ:** ئۇنىڭغا كېسەل چاپلىشىۋالدى.

**اِعْتِزَازٌ:** پەخىرلەنمەك، شەرەپ قازانماق.

**اَلْاِعْتِزَازُ بِالنَّفْسِ:** ئالىيجانابلىق تۇيغۇسى بولۇش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىش.

**اِعْتَزَرَ يَعْتَزِرُ اِعْتِزَارًا:** خالات كىيدى، چاپان كىيدى، پەلتۇ كىيدى، تاشقى كىيىم كىيدى.

**اِعْتَزَّ يَعْتَزُّ اِعْتِزَازًا بِهِ:** پەخىرلەندى، شەرەپ ھېس قىلدى.

www.uyghurkitap.com

**اَعْتَزَّ بِصَدَاقَتِكَ:** سىنىڭ دوستلۇقۇڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن.

**اِعْتَزَلَ يَعْتَزِلُ اِعْتِزَالاً عَنْ مَنْصَبِهِ:** خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى، مەنسىپىدىن ئايرىلدى.

**«اِعْتَزَلَ الْعَمَلَ السِّيَاسِيَّ لِأَسْبَابٍ صِحِّيَّةٍ»:** سالامەتلىك تۈپەيلىدىن سىياسىي خىزمەتتىن ئايرىلدى.

**اِعْتَزَلَ وَظِيفَتَهُ:** ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

**اِعْتَزَلَ الْعَالِمُ:** ئالىم يالغۇزلۇقتا ياشىدى؛ مۆتەزىلەر مەزھىپىگە كۆڭۈل بۆلدى.

**«فَإِنْ لَمْ يَعْتَزِلُوكُمْ وَيُلْقُوا إِلَيْكُمُ السَّلَمَ وَيَكُفُّوا أَيْدِيَهُمْ فَخُذُوهُمْ وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ ثَقِفْتُمُوهُمْ» (قۇرئان):** ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تەسلىم بولمىسا، (سىلەر بىلەن) ئۇرۇشۇشتىن قول يىغمىسا، بۇ چاغدا ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە (ئەسىر ئېلىڭلار) تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار.

**اِعْتَزَمَ يَعْتَزِمُ اِعْتِزَامًا الْأَمْرَ:** نىيەت قىلدى، بەل باغلىدى، ئىرادىگە كەلدى، تەكىتلىدى.

**اِعْتَزَمَ أَنْ يَفْعَلَ كَذَا أَوْعَلَى كَذَا:** نىيەت قىلدى، بەل باغلىدى، ئىرادىگە كەلدى، ئىرادە تىكلىدى.

**اِعْتَزَى يَعْتَزِي اِعْتِزَاءً إِلَيْهِ:** ئېتىراپ قىلدى، بويىنىغا ئالدى، تەن ئالدى، خاتالىقنى ئارتىپ قويدى.

**اِعْتَزَى الرَّجُلُ:** سەۋر قىلدى، چىداشلىق بەردى، سەۋر - تاقەت قىلدى، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

**اِعْتِسَافٌ:** زۇلۇم قىلماق، ئۆكتەملىك قىلماق، زورلۇق قىلماق، شەپقەتسىزلىك، ياۋۇزلۇق.

**اِعْتَسَفَ يَعْتَسِفُ اِعْتِسَافًا الْأَمْرَ:** ئىشنى ئويلىمايلا قىلدى، قالايمىقان ئىش قىلدى، كەلسە - كەلمەس ئىش قىلدى، قارىغۇلارچە ئىش قىلدى.

**اِعْتَسَفَ عَنِ الطَّرِيقِ:** يولدىن ئازدى، چېكىندىن ئاشتى، يولدىن چىقىپ كەتتى.

**اِعْتَشَّ يَعْتَشُّ اِعْتِشَاشًا الطَّائِرُ:** قۇش ئۇۋا ياسىدى، ئۇۋا سالدى.

**اِعْتِصَابٌ:** ئىش تاشلىماق.

**اِعْتِصَابٌ ج اِعْتِصَابَاتٌ:** ئىش تاشلاش.

**اَلْإِعْتِصَابُ الْعَامُّ:** ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش.

**اِعْتِصَابُ الْعُمَّالِ:** ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى.

**اِعْتِصَامٌ ج اِعْتِصَامَاتٌ:** جىم تۇرۇۋېلىپ ئىش تاشلىماق.

**اِعْتَصَبَ يَعْتَصِبُ اِعْتِصَابًا الْقَوْمُ:** ئىش تاشلىدى.

**اِعْتَصَبَ الْعُمَّالُ:** ئىشچىلار ئىش تاشلاشتى.

**اِعْتَصَرَ يَعْتَصِرُ اِعْتِصَارًا الشَّيْءَ:** سىقتى، باستى؛ ساغدى.

**اِعْتَصَرَهُ الْهَمُّ:** ئۇنى قايغۇ جۇدەتتۈۋەتتى.

**اِعْتَصَرَ الْحُبُوبَ:** ياغ تارتتى.

**اِعْتَصَمَ يَعْتَصِمُ اِعْتِصَامًا بِهِ:** ئۇنىڭغا سىغىندى، تاياندى، ئىلتىجا قىلدى، ئۈمىد باغلىدى، يۆلەندى.

**«وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا» (قۇرئان):** ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار.

**اِعْتَصَمَ بِالصَّمْتِ:** جىم تۇردى، لام - جىم دېمىدى.

**اِعْتَصَمَ بِالْمَكَانِ:** تەلىپى ئورۇندالمىغىچە مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى.

**اِعْتَصَمَ بِالصَّبْرِ:** ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، سەۋر قىلدى، بەرداشلىق بەردى، چىڭ تۇردى، قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

**«اِعْتَصَمَ الْعُمَّالُ بِالْمَصْنَعِ اِحْتِجَاجًا عَلَى قِلَّةِ أُجُورِهِمْ»:** ئىشچىلار ئىش ھەققىنىڭ ئازلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن زاۋۇتتا مىدىرلىماي چىڭ تۇرۇۋالدى.

**اِعْتَصَى يَعْتَصِي اِعْتِصَاءً الْأَمْرُ:** قىيىنلاشتى، مۈشكۈل بولدى، تەس بولدى.

**اِعْتَضَدَ يَعْتَضِدُ اِعْتِضَادًا بِهِ:** ياردەم تىلىدى، ياردەم تەلەپ قىلدى، ياردەم سورىدى.

**اِعْتَطَفَ يَعْتَطِفُ اِعْتِطَافًا:** پەلتو كىيدى.

**اِعْتِقَادٌ:** ئىشەنچ، ئېتىقاد، ئىشىنىش، ئىخلاس؛ كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەر.

**اِعْتِقَالٌ:** قاماق، نەزەربەنت قىلماق.

**أَعْتَقَ يُعْتِقُ إِعْتَاقًا الْعَبْدَ:** قۇلنى ئازاد قىلدى.

**«حَثَّ الْإِسْلَامُ عَلَى إِعْتَاقِ الْعَبِيدِ» :** ئىسلام دىنى قۇللارنى ئازاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

**أَعْتَقَ الْأَسِيرَ:** ئەسىرنى قويۇۋەتتى.

**اِعْتَقَدَ يَعْتَقِدُ اِعْتِقَادًا:** ئىشەندى، ئېتىقاد قىلدى.

**أَعْتَقِدُ أَنَّهُ عَلَى خَطَإٍ:** ئۇنى خاتا قىلدى دەپ قارايمەن.

**اِعْتَقَرَ يَعْتَقِرُ اِعْتِقَارًا ظَهْرَ الدَّابَّةِ:** ئۇلاغنىڭ دۈمبىسىنى غاجاپ يارا قىلىۋەتتى، سۈركەپ يارا قىلىۋەتتى.

**اِعْتَقَلَ يَعْتَقِلُ اِعْتِقَالًا:** قاماپ قويدى، نەزەربەنت قىلدى، تۈرمىگە سولىدى.

**اِعْتَقَلَ أَوِاعْتُقِلَ لِسَانُهُ:** تىلى تۇتۇلدى.

**اِعْتَقَلَ الْبُنْدُقِيَّةَ:** مىلتىق ئاتتى.

**«اِعْتَقَلَتِ الشُّرْطَةُ اللِّصَّ» :** ساقچى ئوغرىنى سولاپ قويدى.

**اِعْتِكَافٌ:** ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش.

**اِعْتَكَرَ يَعْتَكِرُ اِعْتِكَارًا:** دۇغ بولدى، بۇلغاندى.

**اِعْتَكَرَ الْجَوُّ:** هاۋا چاڭ ـ توزان بولدى.

**اِعْتَكَفَ يَعْتَكِفُ اِعْتِكَافًا فِي الْمَكَانِ:** يوشۇرۇندى، خىلۋەتتە ياشىدى، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى.

**اِعْتَكَفَ فِي الْمَسْجِدِ:** مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇردى.

**اِعْتَكَفَ الْقَوْمُ حَوْلَهُ وَبِهِ:** ئايلاندى، چۆرگىلىدى، ئورىۋالدى.

**اِعْتَكَفَ فِي غُرْفَتِهِ:** ئۆيىدە ئېتىكاپتا ئولتۇردى، ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ سىرتقا چىقمىدى، بېكىنىۋالدى.

**اِعْتَكَفَ مُدَّةَ ثَلَاثَةِ أَيَّامٍ:** ئۈچ كۈنلۈك ئېتىكاپتا ئولتۇردى.

**«اِعْتَكَفَ فِي الْمَكْتَبَةِ يَوْمًا كَامِلًا» :** ئۇ كۇتۇپخانىدا تولۇق بىر كۈن ئولتۇردى.

**اِعْتِلَالُ الصِّحَّةِ:** ئاغرىپ قالماق، بىتاپ بولماق، كېسەل بولماق.

**اِعْتَلَجَ يَعْتَلِجُ اِعْتِلَاجًا الْقَوْمُ:** ئورۇشتى.

**اِعْتَلَجَتِ الْأَرْضُ:** زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى ئۆستى.

**اِعْتَلَجَتِ الْأَمْوَاجُ:** دولقۇنلار گىرەلىشىپ كەتتى.

**اِعْتَلَجَتِ الْهُمُومُ فِي صَدْرِهِ:** يۈرىكىدە غەم ـ قايغۇلار ئۆركەشلىدى؛ ھەرخىل خىياللارغا چۆمدى، تەشۋىشلەندى، خىلمۇ خىل ئىشلار كۆڭلىگە كەچتى.

**اِعْتَلَجَ الْأَمْوَاجُ:** دولقۇنلىدى، ئۆركەشلىدى.

**اِعْتَلَفَ يَعْتَلِفُ اِعْتِلَافًا ـــ تِ الدَّابَّةُ:** ئۇلاغ يەم ـ خەشەك يېدى، بوغۇز يېدى.

**اِعْتَلَّ يَعْتَلُّ اِعْتِلَالًا بِشَيْءٍ:** سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

**أَكْثَرَ مِنَ التَّدْخِينِ فَاعْتَلَّ:** تاماكىنى كۆپ چېكىپ كېسەل بولۇپ قالدى.

**«اِعْتَلَّ بِحَاجَتِهِ إِلَى الْمَالِ يُبَرِّرُ تَوَقُّفَهُ عَنِ الدِّرَاسَةِ» :** ئۇ ئۆزىنىڭ دەرستىن توختاپ قالغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن پۇل ـ مالغا بولغان ئېھتىياجىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

**اِعْتَلَّتِ الْكَلِمَةُ:** سۆز «حرف العلة» لىك بولدى.

**اِعْتَلَنَ يَعْتَلِنُ اِعْتِلَانًا الْأَمْرُ:** روشەنلەشتى، ئايدىڭلاشتى، ئاشكارا بولدى، ئېنىق بولدى، ئاپئاشكارا بولدى؛ چاۋىسى چىقتا يېيىلدى.

**اِعْتَلَى يَعْتَلِي اِعْتِلَاءً:** ئۆرلىدى، كۆتۈرۈلدى، يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تىكلەندى، ئېگىز بولدى.

**اِعْتَلَى الطَّائِرُ فِي الْفَضَاءِ:** قۇش ئاسماندا پەرۋاز قىلدى.

**اِعْتَلَى الشَّيْءَ:** ئۆرلىدى.

**اِعْتَلَى ظَهْرَ جَوَادِهِ:** ئېتىغا مىندى.

**اِعْتَلَى الْمَكَانَ:** چىقتى، ئاشتى.

**اِعْتَلَى الْعَرْشَ:** تەختكە چىقتى.

**اِعْتَلَى الدَّابَّةَ:** ئۇلاغقا مىندى.

**أَعْتَمَ يُعْتِمُ إِعْتَامًا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى.

**اِعْتِمَادٌ:** يۆلەنمەك، تايانماق، بېقىندى بولماق؛ ئىشەنچ، ئىشەنمەك، تەستىقلىماق.

**«إِنَّ الْاِعْتِمَادَعَلَى النَّفْسِ صِفَةٌحَمِيدَةٌ» :** ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

تايىنىش ھەقىقەتەن ياخشى خىسلەتتۇر.

**اِعْتِمَادٌ عَلَى الْغَيْرِ:** باشقىلارغا تايانماق.

**اِعْتِمَادٌ ج اِعْتِمَادَاتٌ:** ئامانەت قەرز.

**اِعْتِمَادٌ اِضَافِيٌّ:** قوشۇمچە باج (قەرز).

**اِعْتِمَادُ ذَاتِ الْأَعْجَالِ الطَّوِيلَةِ:** ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز.

**وَثَائِقُ الْاِعْتِمَادِ:** قوماندانلىق، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى.

**اِعْتِمَادٌ مَالِيٌّ:** مەبلەغ، فوند، ئاجرىتىلغان پۇل.

**أَوْرَاقُ اِعْتِمَادٍ:** دۆلەت خېتى، دۆلەت مەكتۇبى.

**طَلَبَ اِعْتِمَادًا اِضَافِيًّا:** قوشۇمچە قەرز تەلەپ قىلدى.

**«قَدَّمَ السَّفِيرُ أَوْرَاقَ اِعْتِمَادِهِ إِلَى رَئِيسِ الدَّوْلَةِ» :** باش ئەلچى دۆلەت رەئىسىگە دۆلەت مەكتۇبى تاپشۇردى.

**اِعْتِمَادٌ مالِيٌّ:** مەبلەغ.

**اِعْتِمَادَاتٌ مَصْرَفِيَّةٌ:** بانكا ئامانەت قەرزى.

**اِعْتِمَارٌ:** ئانانىزم قىلماق، قولدا زىننا قىلماق، قولدا لەززەتلەنمەك.

**اِعْتَمَدَ يَعْتَمِدُ اِعْتِمَادًا عَلَى:** يۆلەندى، تاياندى؛ ئۈمىد باغلىدى.

**اِعْتَمَدَ الْأَمْرَ:** قوشۇلدى، ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى.

**اِعْتَمِدْ عَلى نَفْسِكَ:** ئۆز كۈچۈڭگە يۆلەن.

**اِعْتَمَدَ عَلى عَصَاهُ:** ھاسىسىغا تاياندى.

**«اِعْتَمَدَ الرَّئِيسُ قَرَارَ الْمَحْكَمَةِ» :** رەئىس مەھكىمىنىڭ قارارىغا قوشۇلۇپ، ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى.

**اِعْتَمَدَ لـ:** ئاجراشتى.

**اِعْتَمَرَ يَعْتَمِرُ اِعْتِمَارًا الرَّجُلُ:** ئۆمرە ھەجنى ئادا قىلدى؛ سەللە، تاج قاتارلىقلارنى كىيدى.

**«فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا» «قرآن» :** ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق.

**اِعْتَمَقَ يَعْتَمِقُ اِعْتِمَاقًا:** چوڭقۇر كولىدى، چوڭقۇرلاشتۇردى، ئويدى.

**اِعْتَمَلَ يَعْتَمِلُ اِعْتِمَالًا:** قىلىندى، ئىشلەندى، ئورۇنلاندى.

**اِعْتَمَّ يَعْتَمُّ اِعْتِمَامًا:** سەللە كىيدى، سەللە ئورىدى، سەللە يۆگىدى.

**اِعْتَنَقَ يَعْتَنِقُ اِعْتِنَاقًا دِيْنًا أَوْ مَذْهَبًا:** ئىشەندى، ئېتىقاد قىلدى.

**اِعْتَنَقَ الْإِسْلَامَ:** ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

**«هَذَا الرَّجُلُ اِعْتَنَقَ الْإِسْلَامَ» «حَدِيث» :** بۇ ئادەم ئىسلامنى يېڭىدىن قوبۇل قىلدى.

**اِعْتَنَى يَعْتَنِي اِعْتِنَاءً بِالْأَمْرِ:** كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى، جىددىي قارىدى، غەمخورلۇق قىلدى، دىققەت قىلدى، ئەھمىيەت بەردى.

**اِعْتَنَى بِالطِّفْلِ:** كىچىك بالىغا غەمخورلۇق قىلدى.

**اِعْتَنَى بِالْحَدِيْقَةِ:** باغقا ئەھمىيەت بەردى.

**«مَدْرَسَتِي تَعْتَنِي بِصِحَّتِي» :** مەكتىپىم تەن سالامەتلىكىمگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

**اِعْتَهَدَ يَعْتَهِدُ اِعْتِهَادًا:** ئەھدىلەشتى، ۋەدىلەشتى، قەسەم بېرىشتى.

**أُعْتُوبَةٌ ج أَعَاتِيبُ:** بەس مۇنازىرىلىك سوئال، ئەيىبلەشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى.

**اِعْتَوَنَ يَعْتَوِنُ اِعْتِوَانًا الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** ھەمكارلاشتى، بىر - بىرىگە ياردەملەشتى.

**اِعْتِيَادٌ:** ئادەت، خۇسۇسىيەت.

**اِعْتِيَادِيٌّ:** ئادەت، ئادەتتىكى، ئادەتتىكىچە، ئادەتتىكىدەك، نورمال.

**غَيْرُ اِعْتِيَادِيٍّ:** ئادەتتىن تاشقىرى، پەۋقۇلئاددە.

**كَسْرٌ اِعْتِيَادِيٌّ:** ئاددى كەسىر.

**اِعْتِيَاضٌ:** ئورنىغا قويماق، ئورنىغا دەسسەتمەك، ئورنىنى ئالماق؛ ئورنىدا، ۋاكالەتەن.

**أَعْثَرَ يُعْثِرُ إِعْثَارًا:** يىقىتتى، پۇتلىشۋەتتى، پۇتلىدى.

**اِعْجَابٌ:** ھەيران قالدۇرماق، ئەجەبلەندۇرمەك، قىزىقسىندۇرماق، ئالقىشلىماق، زوقلانماق، تەئەججۇپلەنمەك.

**اَلْإِعْجَابُ بِمَاهُوَ أَجْنَبِيٌّ:** چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىگە زوقلانماق.

«كَانَ مَحَلَّ إِعْجَابِ الْجَمِيعِ» : ھەممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**إِعْجَازُ الْقُرْآنِ:** قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى، ئىنسانلارنىڭ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىشى.

**أَعْجَبَ يُعْجِبُ إِعْجَابًا:** ئەجەبلەندۈردى، ھەيران قالدۇردى، ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى، مەپتۇن قىلدى.

«وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ» «قرآن» : (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر.

«قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الْخَبِيثُ وَالطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ الْخَبِيثِ» «قرآن» : ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھالال بىلەن ھارام باراۋەر ئەمەس.

**أُعْجِبَ بِالشَّيْءِ:** خۇشاللاندى، ئەجەبلەندى.

«قَدْ أُعْجِبَ بِالْمَدْرَسَةِ كُلُّ مَنْ زَارَهَا» : مەكتەپنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغانلار ھەيران قالدى.

**أُعْجِبَ بِنَفْسِهِ:** ئۆزىنى چوڭ تۇتتى، ئۆزىنى قالتىس چاغلىدى، مەغرۇرلاندى.

«أُعْجِبْتُ بِشَجَاعَتِهِ وَذَكَائِهِ» : ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە زېرەكلىكىدىن خۇشاللاندىم.

**أَعْجَرُ م عَجْرَاءُ ج عُجْرٌ:** سېمىز ئادەم، بەستىلىك ئادەم.

**أَعْجَزَ يُعْجِزُ إِعْجَازًا:** ئاجىزلاتتى، ئامالسىز قالدۇردى.

**أَعْجَزَهُ الشَّيْءُ:** ئۇنى ئامالسىز قالدۇردى.

«وَمَا كَانَ اللّٰهُ لِيُعْجِزَهُ مِنْ شَيْءٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ» «قرآن» : ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ.

**أَعْجَزَ فِي الْقَوْلِ:** پاساھەت بىلەن سۆزلىدى، ئەدەبىي ئۇسلۇبتا سۆزلىدى.

«أَعْجَزَهُ الْمَرَضُ عَنْ مُتَابَعَةِ دِرَاسَتِهِ» : كېسەل ئۇنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىنى ئاقسىتىپ قويدى.

«أَعْجَزَ مَرَضُهُ الْأَطِبَّاءَ» : ئۇنىڭ كېسىلى دوختۇرلارنى ئامالسىز قالدۇردى.

**أَعْجَفَ يُعْجِفُ إِعْجَافًا الدَّابَّةَ:** ھايۋاننى ئورۇقلىتىۋەتتى، ھايۋاننى يادىتىۋەتتى.

**أَعْجَفُ ج عُجْفٌ وَعِجَافٌ م عَجْفَاءُ ج عُجَافٌ وَعَجْفَوَاتٌ:** ئورۇق، جۇدەڭگۈ، ياداڭغۇ.

«لَيْسَ عِنْدِي سِوَى ثَوْرٍ أَعْجَفَ وَبَقَرَةٍ عَجْفَاءَ» : مېنىڭ پەقەتلا بىر ئورۇق ئۆكۈزۈم ۋە بىر جۇدەڭگۈ ئىنىكىم بار.

**أَعْجَلَ يُعْجِلُ إِعْجَالًا:** ئالغا سۈردى، ئالدىراتتى، ئىلگىرىلەتتى.

«وَمَا أَعْجَلَكَ عَنْ قَوْمِكَ يَامُوسَى» «قرآن» : ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇرسىناغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

«أَعْجَلَهُ الْوَقْتُ عَنْ عَمَلِ كَذَا» : يېتەرلىك ۋاقىت تاپالمىدى.

**أَعْجَلَ الشَّيْءَ:** مەلۇم ئىشقا ئالدىرىدى، ھاپىلا ـ شاپىلا قىلدى.

**أَعْجَلَتِ النَّاقَةُ:** تۆگە چالا تۇغۇپ قويدى.

**أَعْجَمَ يُعْجِمُ إِعْجَامًا:** چۈشەندۈردى، چۈشەنچە بەردى، ئىزاھات بەردى، شەرھلىدى، ئۇقتۇردى.

**أَعْجَمَ الْحَرْفَ أَوِ الْكِتَابَ:** ھەرپ ياكى كىتابقا چېكىت ياكى ھەرەكە قويدى.

**أَعْجَمُ م عَجْمَاءُ ج عُجْمٌ وَأَعْجَمُونَ و أَعَاجِمُ و أَعْجَمِيٌّ:** تىلسىز، گاچا.

**اَلْحَيَوَانُ مَخْلُوقٌ أَعْجَمُ:** ھايۋان تىلسىز مەخلۇق.

**أَعْجَمِيٌّ:** پارس؛ چەت ئەللىك، غەيرىي ئەرەب.

«أَأَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ آمَنُوا هُدًى وَشِفَاءٌ» «قرآن» : ئۇلار «پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟» دېيىشىدۇ، ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر.

**لِسَانٌ أَعْجَمِيٌّ:** پارسچە سۆز؛ ئەرەبچە بولمىغان سۆز.

**أَعْجَمِيَّةٌ:** چەت ئەل تەلەپپۇزى، چەت ئەلچە ئاھاڭ.

**أُعْجُوبَةٌ ج أَعَاجِيبُ:** مۆجىزە، ئاجايىبات، ئاجايىپ نەرسە.

«اِسْتَطَاعَ أَنْ يُحَقِّقَ بِذَكَائِهِ وَاجْتِهَادِهِ الْأَعَاجِيبَ» : ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن مۆجىزىلەرنى ياراتالىدى.

**إِعْدَادٌ:** تەييارلىماق، ھازىرلىماق، ھازىرلانماق.

«لَا تَضَعْ كَثِيرًا مِنَ الْمِلْحِ فِي الطَّبَقِ الَّذِي تَقُومُ بِإِعْدَادِهِ» : تەييارلاۋاتقان تاماقىڭغا تۇزنى كۆپ سېلىۋەتمە.

**إِعْدَادُ الْبَرَامِجِ:** پروگرامما تەييارلىماق.

**إِعْدَادُ الْعُدَّةِ:** ھازىرلىماق، سايمانلارنى تەقلەش.

**إِعْدَادِيٌّ:** تەييارلىق، ھازىرلىق.

**إِعْدَامٌ:** يوق قىلماق، قىرىپ تاشلىماق، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماق، ئۆلتۈرمەك، ئۆلۈم جازاسى بەرمەك؛ غۇربەتچىلىك، نامراتلىق، كەمبەغەللىك.

**تَنْفِيذُ حُكْمِ الْإِعْدَامِ:** ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلماق.

**اَلْحُكْمُ بِالْإِعْدَامِ:** ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماق.

**أَعَدَّ يُعِدُّ إِعْدَادًا:** تەييارلىدى؛ تەييارلاندى، ھازىرلىق كۆردى.

«وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ» ‹قۇرئان› : دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار.

**أَعَدَّ الْعُدَّةَ لِلْأَمْرِ:** يېتەرلىك تەييارلىقلارنى ئىشلىدى، يېتەرلىك ھازىرلىق قىلدى.

**أَعْدَدْتُ نَفْسِي لِلْامْتِحَانِ:** ئىمتىھانغا ھازىرلىق كۆردۈم.

**أَعْدَلَ يُعْدِلُ إِعْدَالًا:** ئوڭشىدى، تۈزەتتى، تۈزىدى.

**أَعْدَمَ يُعْدِمُ إِعْدَامًا الرَّجُلُ:** نامرات بولۇپ قالدى، كەمبەغەل بولۇپ قالدى، غۇربەتچىلىكتە قالدى.

**أَعْدَمَ الشَّخْصَ:** يوقاتتى؛ ئۆلۈم جازاسى بەردى.

**أَعْدَمَهُ الشَّيْءَ:** ئېلىۋالدى، تارتىۋالدى، مەھرۇم قىلدى.

**أَعْدَمَ الْحَيَاةَ:** ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

**أَعْدَمَهُ:** ئۇنى يوق قىلدى، يوقاتتى، گۇمران قىلدى، قىرىپ تاشلىدى، تۈگەتتى.

**أَعْدَمَهُ رَمْيًا بِالرَّصَاصِ:** ئاتتى، ئېتىپ ئۆلتۈردى.

«أُعْدِمَ رَمْيًا بِالرَّصَاصِ» : ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

**أَعْدَى يُعْدِي إِعْدَاءً الْمَرِيضَ:** كېسەلنى يۇقتۇردى، تارقاتتى.

**أَعْذَرَ يُعْذِرُ إِعْذَارًا فِي أَوْ عَلَى مَا صَنَعَ:** كەچۈردى، كەڭچىلىك قىلدى.

**أَعْذَرَ الشَّخْصَ:** ئۆزىنى كەچۈردى، ئۆزىگە ئۆزى كەڭ قورساق بولدى.

«أَعْذَرْتُهُ بَعْدَ أَنْ عَرَفْتُ مُشْكِلَتَهُ» : ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى كەچۈردۈم.

**أَعْذَرَ الْغُلَامَ:** بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلدى.

**اِعْذَوْذَبَ يَعْذَوْذِبُ اِعْذِيذَابًا الشَّرَابُ:** تاتلىق بولدى، شېرىن بولدى، تەملىك بولدى.

**إِعْرَابٌ:** ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «رَفْع، نَصْب، جَرّ، جَزْم» قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى.

**اَلْأَعْرَابُ:** قىرلىق، سەھرالىق.

«مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنْ رَسُولِ اللّٰهِ» ‹قۇرئان› : مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابلارنىڭ رەسۇلۇللا بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى توغرا ئەمەس...

**اَلْأَعْرَابِيُّ ج أَعْرَابٌ وَ أَعَارِيبُ:** قىرلىق ئەرەب، سەھرالىق ئەرەب.

**إِعْرَاضٌ:** يۈز ئۆرۈمەك، ئۆزىنى چەتكە ئالماق، ئۆزىنى قاچۇرماق.

**أَعْرَاضٌ:** خاراكتېر، ئالامەت.

**أَعْرَاضُ الْمَرَضِ:** كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى.

«بَدَتْ عَلَيْهِ أَعْرَاضُ الْمَرَضِ فَذَهَبَ إِلَى الطَّبِيبِ» : كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندى، دوختۇرغا كەتتى.

**اَلْأَعْرَافُ:** جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل.

«وَعَلَى الْأَعْرَافِ رِجَالٌ يَعْرِفُونَ كُلًّا بِسِيمَاهُمْ» ‹قۇرئان› : ئەئرافتا (ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى

دوزاخنى) ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر بولىدۇ.

**أَعْرَبَ يُعْرِبُ إِعْرَابًا:** ئىپادىلىدى، بايان قىلدى.

**أَعْرَبَ عَنْ نَوَايَاهُ:** كۆڭلىگە پۈككىنىنى بايان قىلدى.

**أَعْرَبَ عَنْ نَفْسِهِ:** كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى، كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلدى.

**أَعْرَبَ الْكَلَامَ:** سۆزنى بايان قىلدى.

**أَعْرَبَ عَنْ حَاجَتِهِ:** ھاجىتىنى ئىپادىلىدى، ئىزھار قىلدى، كۆرسەتتى.

**أَعْرَبَ اللَّفْظَ الْأَعْجَمِيَّ:** چەت ئەل تىلىنى ئەرەبچىگە ئۆردى.

**أَعْرَبَ الْكَلَامَ «فِى النَّحْوِ»:** گراماتىكا قائىدىسى بويىچە سۆزلىدى.

**«يُسْعِدُنِى أَنْ أُعْرِبَ لَكُمْ عَنْ خَالِصِ التَّمَنِّيَاتِ»:** سىلەرگە سەممىمىي ئارزۇلىرىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بەختىيارمەن.

**«أَعْرِبِ الْجُمْلَةَ الْآتِيَةَ»:** تۆۋەندىكى جۈملىنىڭ ئىئرابىنى بايان قىل.

**أَعْرَجَ يُعْرِجُ إِعْرَاجًا:** توكۇر قىلىپ قويدى، ئاقساتتى، ئاقسىتىپ قويدى.

**أَعْرَجُ م عَرْجَاءُ ج عُرْجٌ وَعُرْجَانٌ:** توكۇر، ئاقساق.

**«لَيْسَ عَلَى الْأَعْمَى حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى الْمَرِيضِ حَرَجٌ» «قرآن»:** (جىھادقا چىقمىسا) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ.

**أَعْرَسَ يُعْرِسُ إِعْرَاسًا بِالْمَرْأَةِ:** توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، نىكاھىغا ئالدى.

**أَعْرَضَ يُعْرِضُ إِعْرَاضًا عَنْهُ:** يۈز ئۆردى، ئۆزنى چەتكە ئالدى، ئۆزنى دالدىغا ئالدى.

**«وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنْ ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ ثُمَّ أَعْرَضَ عَنْهَا» «قرآن»:** پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟

**أَعْرَضَ عَنِ الشَّيْءِ:** ۋاز كەچتى، تاشلىدى، تاشلىۋەتتى.

**أَعْرَضَ الشَّيْءُ:** ئاشكارا بولدى، مەيدانغا كەلدى.

**أَعْرَقَ يُعْرِقُ إِعْرَاقًا الشَّجَرُ:** دەرەخ يىلتىز تارتتى.

**أَعْرَقَ الْخَمْرَ:** ھاراققا سۇ قۇيۇپ سۇيۇلدۇردى.

**أَعْرَقَ الرَّجُلُ:** ئىراققا كەلدى؛ ئالىيجاناب بولدى، شەرەپلىك بولدى.

**أَعْرَى يُعْرِى إِعْرَاءً:** يالىڭاچلىدى، كىيىمنى سالدۇردى.

**أَعْزَبَ يُعْزِبُ إِعْزَابًا:** يىراقلاپ كەتتى، ئۇزاپ كەتتى.

**أَعْزَبُ م عَزْبَاءُ ج عُزْبٌ م عَزْبَاوَاتٌ:** بويتاق.

**أَعَزَّ يُعِزُّ إِعْزَازًا:** كۈچەيتتى، كۈچلەندۈردى.

**أَعَزَّهُ:** ئۇنى ھۆرمەتلىدى، ياخشى كۆردى، كۆيۈندى.

**هُوَ يُعِزُّ أَصْدِقَائَهُ:** ئۇ ئادەم دوستلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

**«وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ» «قرآن»:** خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن (قۇرئان).

**اَلْأَعَزُّ:** ئەڭ ئەزىز، ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەم.

**«يَقُولُونَ لَئِنْ رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ الْأَعَزُّ مِنْهَا الْأَذَلَّ» «قرآن»:** ئۇلار: (يەنى مۇناپىقلار): مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ دېيىشىدۇ.

**أَعْزَلُ ج عُزْلٌ وَأَعْزَالٌ وَ عُزَّلٌ و عُزْلَانٌ م عَزْلَاءُ ج عَزْلَاوَاتٌ وَعُزْلٌ:** قورالسىز، قۇرۇق قول، قورالى يوق، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق.

**اَلسِّمَاكُ الْأَعْزَلُ وَالسِّمَاكُ الرَّامِحُ:** ئىككى يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئىسمى، بىرى «السِّمَاكُ الرَّامِحُ» بولۇپ، شىمال تەرەپكە توغرا كېلىدۇ، يەنە بىرى «السِّمَاكُ الْأَعْزَلُ» بولۇپ، جەنۇب تەرەپكە توغرا كېلىدۇ.

**أَعْسَرَ يُعْسِرُ إِعْسَارًا الْغَرِيمَ:** قەرزدارنى قىستىدى.

**أَعْسَرَ الشَّخْصُ:** غۇربەتچىلىكتە ياشىدى، موھتاج بولۇپ قالدى، نامراتچىلىقتا ياشىدى؛ بەرباد بولدى، بىتچىت بولدى.

**أَعْسَرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايالنىڭ تۇغۇتى قىيىنلاشتى.

**أَعْسَرُ م عَسْرَاءُ ج عُسْرٌ:** سولخاي، سولچى.

**أَعْسَرُ وأَيْسَرُ:** ئوڭ ۋە سول قولى بىلەن ئوخشاش ئىشلەيدىغان ئادەم.

**يَوْمٌ أَعْسَرُ:** قىيىن كۈن.

**اَلْأَعْسَرُ مِنَ الْأَيَّامِ:** قاتتىق كۈن.

**اَلْأَعْسَرُ مِنَ الرِّجَالِ:** سولخاي.

**أَعْسَقَ يُعْسِقُ إِعْسَاقًا:** ئېغىر ئىش يۈكلىدى، مۈشكۈل ئىشقا زورلىدى، ھەددىدىن ئارتۇق ئىشنى قىلدۇردى، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئارتتى.

**اَعْشَارِيٌّ:** ئونلۇق كەسىر، ئونلۇق سىستېما بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى.

**كَسْرٌ اَعْشَارِيٌّ:** ئونلۇق كەسىر.

**كَسْرٌ اَعْشَارِيٌّ دَائِرٌ:** دەۋرىي ئونلۇق كەسىر، بۆلۈنمەس كەسىر.

**أَعْشَبَ يُعْشِبُ إِعْشَابًا الْمَكَانُ:** ئوت - چۆپلۈك بولدى، ئوت - چۆپ ئۈندى.

**أَعْشَبَ الْإِبِلُ:** تۆگە ئوتلىدى.

**أَعْشَرَ يُعْشِرُ إِعْشَارًا الْقَوْمُ:** ئون بولدى، ئونغا يەتتى.

**أَعْشَرَ الْعَدَدَ:** سانىنى ئوندىن قىلدى.

**أَعْشَرَتِ النَّاقَةُ:** تۆگە ئون ئايلىق قورساق كۆتۈردى.

**اِعْشَوْشَبَ يَعْشَوْشِبُ اِعْشِيشَابًا الْمَكَانُ:** ئوت - چۆپلەر قاپلاپ كەتتى، ئوت بېسىپ كەتتى.

**أَعْشَى يُعْشِي إِعْشَاءً:** نامازشام قارىغۇسى قىلىپ قويدى، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويدى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

**أَعْشَى الرَّجُلَ:** كەچلىك تاماق بەردى.

**أَعْشَى م عَشْوَاءُ عُشْيٌ:** نامازشام قارىغۇسى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئادەم.

**إِعْصَارٌ ج أَعَاصِرُ وَأَعَاصِيرُ:** قۇيۇن، چاپقۇن، قارا بوران.

**«فَأَصَابَهَا إِعْصَارٌ فِيهِ نَارٌ فَاحْتَرَقَتْ» «قرآن» :** (بۇ باغ) ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بوراندا كۆيۈپ كەتتى.

**«تَكْثُرُ الْأَعَاصِرُ فِي ذَلِكَ الْبَلَدِ» :** ئۇ يۇرتتا بوران كۆپ چىقىدۇ.

**أَعْصَفَ يُعْصِفُ إِعْصَافًا الرِّيحُ:** بوران چىقتى، بوران سوقتى.

**أَعْصَلُ م عَصْلَاءُ ج عُصْلٌ:** ئەگرى، قىڭغىر.

**أَعْصَمَ يُعْصِمُ إِعْصَامًا الْقِرْبَةَ:** تۇلۇمنى باغلىدى، تاڭدى، ئورىدى، يۆگىدى، چەگدى.

**أَعْصَمَ مِنَ الشَّرِّ:** قاچتى، ئۆزىنى قاچۇردى، ئۆزىنى چەتكە ئالدى، يوشۇرۇندى.

**أَعْصَمَ بِهِ:** چىڭ تۇتتى، ئېسىلىۋالدى، يېپىشتى.

**أَعْصَمُ ج عُصْمٌ م عَصْمَاءُ ج عَصْمَوَاتٌ:** ئالا ئاياغ.

**حَيَوَانٌ أَعْصَمُ:** ئالا ئاياغ ھايۋان.

**أَعْضَلَ يُعْضِلُ إِعْضَالًا الْأَمْرُ:** مۇرەككەپلەشتى، قىيىنلاشتى، چىگىشلەشتى.

**أَعْضَلَ الدَّاءُ الْأَطِبَّاءَ:** دوختۇرلارغا كېسەلنى داۋالاشتىن ئاجىز كەلدى.

**أَعْطَبَ يُعْطِبُ إِعْطَابًا:** بۇزدى، ۋەيران قىلدى، كاردىن چىقاردى، زىيان سالدى.

**أَعْطَشَ يُعْطِشُ إِعْطَاشًا:** ئۇسساتتى، تەشنا قىلدى.

**أَعْطَى يُعْطِي إِعْطَاءَ الدَّوَاءَ:** دورا بەردى.

**أَعْطَاهُ الشَّيْءَ:** ئۇنىڭغا بەردى، تەقدىم قىلدى، ئاتا قىلدى.

**أَعْطَاهُ دَرْسًا:** ئۇنىڭغا تەلىم بەردى، ئۇنى ساۋاقتا ئىگە قىلدى.

**أَعْطَى ثِمَارَهُ:** مېۋە بەردى.

**أَعْطَى لَهُ الْكَلِمَةَ:** سۆزلەشكە يول قويدى، سۆز بەردى.

**أَعْطَاهُ اللّٰهُ عِلْمًا وَحِكْمَةً:** ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلدى.

**أَعْطَاهُ الضَّوْءَ الْأَخْضَرَ:** يول قويدى، يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى.

**«فَأَمَّا مَنْ أَعْطَى وَاتَّقَى وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى» «قرآن» :** (پۇل - مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان،

تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەڭ، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز.

**أَعْطَاهُ مَالاً:** مال تەقدىم قىلدى، سوۋغا قىلدى.

**أَعْطَاهُ مَثَلاً:** مىسال كەلتۈردى، مىسال قىلدى.

**أُعْطِيَةٌ ج أَعْطِيَاتٌ:** ھەربىي تەمىنات.

**أَعْظَمَ يُعْظِمُ إِعْظَامًا:** چوڭايتتى، چوڭايتىپ كۆرسەتتى، مۇبالىغە قىلدى، كۆپتۈردى، ئاشۇرۇۋەتتى.

**أَعْظَمَ اللّٰهُ أَجْرَكَ:** ئاللاھ ئەجرىڭنى بۈيۈك قىلسۇن.

**أَعْظَمَهُ الْأَمْرُ:** چۆچىتىۋەتتى، قورقۇتىۋەتتى.

**أَعْظَمُ م عُظْمَى ج أَعَاظِمُ:** ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭ، كاتتا، ئەڭ زور، ئەڭ مۇھىم.

**«يُعْتَبَرُ فُلاَنٌ أَعْظَمَ قَائِدٍ عَسْكَرِيٍّ فِي الْعَصْرِ الْحَدِيثِ» :** پالانى يېڭى دەۋردىكى ئەڭ زور ھەربىي قوماندان ھېسابلىنىدۇ.

**اَلسَّوَادُ الْأَعْظَمُ مِنَ النَّاسِ:** كىشىلەرنىڭ تولىسى، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى.

**أَعَاظِمُ النَّاسِ:** مەشھۇر زاتلار، مەشھۇر ئەربابلار.

**إِعْفَاءٌ:** كەچۈرۈم قىلماق، ئازاد قىلماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق، ئېلىپ تاشلىماق، بىكار قىلماق؛ قۇتۇلدۇرماق، قۇتقۇزماق.

**«قَرَّرَ الرَّئِيسُ إِعْفَاءَ الْوَزِيرِ مِنْ مَنْصِبِهِ» :** رەئىس ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

**أَعْفَرُ م عَفْرَاءُ ج عُفْرٌ:** خورما رەڭ.

**أَعْفَى يُعْفِي إِعْفَاءً:** بىكار قىلدى، ئازاد قىلدى.

**أَعْفَاهُ مِنَ الْمَسْؤُولِيَّةِ:** مەسئۇلىيەتتىن ئازاد قىلدى.

**أَعْفَتْهُمُ الْحُكُومَةُ مِنَ الْعُقُوبَةِ:** ھۆكۈمەت ئۇلارنى جازالاشتىن كەچۈرۈم قىلدى.

**أَعْفِنِي مِنْ هٰذَا الْأَمْرِ رَجَاءً:** بۇ ئىشتىن مېنى ئازاد قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

**إِعْفَاءُ اللِّحْيَةِ:** ساقال قويماق.

**أَعْقَبَ يُعْقِبُ إِعْقَابًا:** ئەگەشتى، ئەگىشىپ كەلدى، ئارقىدىنلا كەلدى، ئۇلىشىپلا كەلدى، سوڭىدىنلا كەلدى.

**أَعْقَبَ الرَّجُلُ:** ياخشى ئادەمگە ئايلاندى.

**أَعْقَبَ أَبَاهُ فِي مَنْصِبِهِ:** دادىسىنىڭ ئورنىنى باستى.

**أَعْقَبَ بَيْنَ الشَّيْئَيْنِ:** بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى كەلتۈردى.

**أَعْقَبَ نَسْلاً:** پەرزەنت كۆردى، نەسىل قالدۇردى.

**أَعْقَبَ الْأَمْرُ:** ئاقىۋىتى ياخشى بولدى.

**«مَاتَ دُونَ أَنْ يُعْقِبَ» :** ئەۋلاد قالدۇرماي ئۆلۈپ كەتتى.

**أَعْقَدُ:** ئەڭ قالايمىقان، ئەڭ مۇرەككەپ، چىگىش.

**اَلْمَسْأَلَةُ أَعْقَدُ مِنْ ذَنَبِ الضَّبِّ:** بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەن.

**أَعْقَرَ يُعْقِرُ إِعْقَارًا:** ھەيزانلىقتا قالدۇردى، ھاڭ تاڭ قالدۇردى.

**أَعْقَفُ م عَقْفَاءُ ج عُقْفٌ:** ئەگرى ـ بۈگرى ئەگرى ـ توقاي، ئىلمەكتەك.

**أَنْفٌ أَعْقَفُ:** ئىلمەك بۇرۇن.

**عُودٌ أَعْقَفُ:** ئەگرى ياغاچ.

**قَرْنٌ أَعْقَفُ:** ئەگرى مۈڭگۈز.

**أَعْقَمَ يُعْقِمُ إِعْقَامًا الْمَرْأَةَ:** تۇغماس قىلدى، تۇغماس قىلىۋەتتى.

**أَعْكَرَ يُعْكِرُ إِعْكَارًا:** بۇلغىدى، لېيىتتى، پاسكىنا قىلىۋەتتى.

**أَعْكَرَ الْمَاءَ:** سۇنى بۇلغىدى، پاسكىنا قىلدى.

**إِعْلاَلٌ:** ئىللەتلىك ھەرپلەرنى ئالماشتۇرماق.

**إِعْلاَمٌ ج إِعْلاَمَاتٌ:** ئۇقتۇرۇش، ئېلان، خەۋەر، دوكلات، مەلۇمات.

**وِزَارَةُ الْإِعْلاَمِ:** ئاخبارات مىنىستىرلىكى.

**إِعْلاَمٌ شَرْعِيٌّ:** گۇۋاھنامە، گۇۋاھلىق.

**إِعْلاَنٌ ج إِعْلاَنَاتٌ:** ئېلان قىلماق، جاكارلىماق، بىلدۈرمەك، بايان قىلماق، ئىپادىلىمەك، ئېيتماق؛ ئېلان، ئۇقتۇرۇش؛ مۇراجەت، خەۋەر؛ خىتابنامە.

**إِعْلاَنٌ صَغِيرٌ:** تەشۋىقات ۋەرەقىسى، تەشۋىقنامە.

**إِعْلاَنُ حُضُورٍ إِلَى الْمَحْكَمَةِ:** چاقىرىقنامە.

www.uyghurkitap.com

**إِعْلاَنْ إِلاَهِيٌّ:** ۋەھيي، ۋەھيي ئىلھام.

**إِعْلاَنْ حُقُوقِ الْإِنْسَانِ:** كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى.

**شِرْكَةُ إِعْلاَنَاتٍ:** ئېلان شىركىتى.

**لَوْحَةُ عَرْضِ الْإِعْلاَنَاتِ:** ئېلان تاختىسى.

**«تُخَصِّصُ بَعْضُ الصُّحُفِ صَفَحَاتٍ كَامِلَةً لِلْإِعْلاَنَاتِ»:** بەزى گېزىتلەر ئېلان ئۈچۈن تولۇق بەتلەرنى ئاجرىتىدۇ.

**أَعْلَقَ يُعْلِقُ إِعْلاَقًا الدَّابَّةَ:** ئۇلاغقا بوغۇز بەردى، ئۇلاغقا يەم ـ خەشەك بەردى، ئۇلاغقا ھەلەپ بەردى.

**أَعْلَقَ يُعْلِقُ إِعْلاَقًا ــ هُ:** ئاستى، ئېسىپ قويدى، ئېلىپ قويدى.

**أَغْلَقَ الْبَابَ:** ئىشىكنى تاقىدى، ياپتى، ئەتتى.

**أَعْلَقُ:** ئەڭ قىممەتلىك.

**هَذَا أَهَمُّ وأَعْلَقُ مِنْ...:** بۇ ... غا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ قىممەتلىك.

**أَعَلَّ يُعِلُّ إِعْلاَلاً:** كېسەل قىلىپ قويدى، ئىللەتلىك ھەرپلەرگە ئالماشتۇردى.

**أَعَلَّهُ الْهَوَاءُ الْفَاسِدُ:** بۇزۇق ھاۋا ئۇنى كېسەل قىلىپ قويدى.

**أَعْلَمَ يُعْلِمُ إِعْلاَمًا:** ئۇقتۇردى، خەۋەر قىلدى، ئېيتتى، دەپ قويدى، بىلدۈردى، دوكلات قىلدى، مەلۇم قىلدى، مەلۇمات بەردى.

**«وَلَوْكُنْتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لَاسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ»** «قرآن»: ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم.

**أَعْلَمْتُهُ بِمَا حَدَثَ:** يۈز بەرگەن ئىشنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم.

**أَعْلَمُ:** ئەڭ ئالىم، ئەڭ بىلىملىك.

**وَاللَّهُ أَعْلَمُ:** ئاللاھ ئەڭ ئالىم، خۇدا بىلىدۇ.

**أَعْلَنَ يُعْلِنُ إِعْلاَنًا الْأَمْرَ وَبِهِ:** ئېلان قىلدى، جاكارلىدى، بىلدۈردى.

**«رَبَّنَا إِنَّكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِي وَمَا نُعْلِنُ»** «قرآن»: پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن.

**أَعْلَنَهُ:** ئاشكارلىدى، ئېلان قىلدى، جاكارلىدى، بايان قىلدى، ئىپادىلىدى.

**«كُلُّ شَيْءٍ سَيُعْلَنُ فِي حِينِهِ»:** ھەممە نەرسە ۋاقتى كەلگەندە ئاشكارلىنىدۇ.

**أَعْلَنَ الْحَرْبَ:** ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

**أَعْلَنَ الْحُكْمَ:** ھۆكۈم ئېلان قىلدى، ھۆكۈم چىقاردى.

**«أَعْلَنَ مَوْقِفَهُ مِنْ هَذِهِ الْقَضِيَّةِ»:** بۇ مەسىلىدىكى ئۆز مەيدانىنى بايان قىلدى.

**أُعْلُومَةٌ ج أَعَالِيمُ:** يول بەلگىسى، كۆرسەتكۈچ بەلگىسى، ئالامەت؛ نومۇر؛ سورەت.

**أَعْلَى يُعْلِي إِعْلاَءً:** كۆتۈردى، ئېگىزلەتتى، يۇقىرى كۆتۈردى.

**أَعْلَى قَدْرَهُ:** قەدر ـ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

**أَعْلَى م عُلْيَا ج أَعَالٍ:** ئەڭ ئېگىز، ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ يۈكسەك، ھەممىدىن ئەلا، بۈيۈك، ئېگىزرەك، يۇقىرىراق، ئۈستۈنرەك، يۇقىرى دەرىجىلىك.

**«سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى»** «قرآن»: ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن.

**أَعْلَى دَرَجَةٍ:** ئەڭ ئالىي، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، ئەڭ چوڭ.

**أَعْلَى مَنْزِلٍ:** ئەڭ ئالىي ئورۇن، ئەڭ ئېگىز جاي.

**«نَظَرْتُ إِلَى الْأَعْلَى فَرَأَيْتُ حَمَامَةً تُحَلِّقُ فِي السَّمَاءِ الزَّرْقَاءِ»:** مەن ئېگىزگە قارىدىم، كۆك ئاسماندا كەپتەرنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

**هَذَا الْجَبَلُ أَعْلَى مِنْ ذَلِكَ:** بۇ تاغ ئۇ تاغدىن ئېگىز.

**الْقَائِدُ الْأَعْلَى لِلْجَيْشِ:** ئەڭ ئالىي قوماندان.

**الْمَجْلِسُ الْأَعْلَى لِلْقَضَاءِ:** يۇقىرى سوت مەھكىمىسى.

**«اِنْعَقَدَ الْمُؤْتَمَرُ عَلَى أَعْلَى مُسْتَوًى»:** ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلتاي ئېچىلدى.

**بِأَعْلَى صَوْتٍ:** يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

**سَقَطَ مِنْ أَعْلَى إِلَى الْأَسْفَلِ:** يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

**مَذْكُورٌ أَعْلَى:** يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

**صَرَخَ بِأَعْلَى صَوْتِهِ:** ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلىدى.

**«ثَمَنُ الْبَضَائِعِ الْمَذْكُورَةِ أَعْلَاهُ أَلْفُ دِينَارٍ»:** يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماللارنىڭ باھاسى مىڭ دىنار.

**مِنَ الْأَعْلَى:** ئېگىزدىن، يۇقىرىدىن، ئۈستۈندىن، تۆپىدىن.

**أَعْمَدَ يُعْمِدُ إِعْمَادًا:** قوللىدى، تۈرتۈپ تۇردى، چىدىدى، چىداشلىق بەردى، بەرداشلىق بەردى.

**أَعْمَدَ السَّقْفَ:** تورۇسقا تىرەك قويدى، تىرەپ قويدى.

**أَعْمَرَ يُعْمِرُ إِعْمَارًا الْمَنْزِلَ:** ئۆي ياسىدى؛ ئاۋات قىلدى.

**أَعْمَشُ م عَمْشَاءُ ج عُمْشٌ:** كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز، كۆپ چاغلاردا كۆزى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان ئادەم.

**أَعْمَصُ م عَمْصَاءُ ج عُمْصٌ:** چاپاق، چاپاق كۆز.

**أَعْمَقَ يُعْمِقُ إِعْمَاقًا:** چوڭقۇر كولىدى، چوڭقۇرلاشتۇردى، ئويدى.

**أَعْمَلَ يُعْمِلُ إِعْمَالًا الْآلَةَ:** ئىشلەتتى، ئىشقا سالدى، قوللاندى، تەتقىق قىلدى.

**أَعْمَلَ ذِهْنَهُ أَوْفِكْرَهُ فِي الْأَمْرِ:** ئويلاندى، پىكىر قىلدى، ئەقلىنى ئىشلەتتى.

**أَعْمَلَ السَّيْفَ فِيهِمْ:** قىرىپ تاشلىدى، بوغۇزلاپ تاشلىدى.

**أَعْمَلَ الْهِمَّةَ:** كۈچ چىقاردى، تىرىشتى.

**أَعْمَهُ ج عُمْهٌ م عَمْهَاءُ ج عَمْهَوَاتٌ وَ عُمْهٌ:** يولنى تاپالماي ئادىشىپ قالغان، ئېزىپ قالغان ئادەم، توغرىسىنى تاپالماي تېڭىرقاپ قالغۇچى.

**أَعْمَى يُعْمِي إِعْمَاءً الرَّجُلَ:** قارىغۇ قىلىۋەتتى، كۆزنى كۆرمەس قىلىۋەتتى.

**«أُولَئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ» «قرآن»:** ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى.

**«أَعْمَاهُ الْحِقْدُ أَوِالْغَضَبُ أَوِالْحُبُّ»:** ئۆچمەنلىك ياكى غەزەپ، ياكى مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ ھەقىقەتنى كۆرەلمەس قىلىپ قويدى.

**أَعْمَى ج عُمْيٌ م عَمْيَاءُ ج عَمْيَاوَاتٌ:** قارىغۇ، كور، ئەما.

**«قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ» «قرآن»** ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟»

**أَعْمَى الْقَلْبِ:** دىلى كور، ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان.

**أَبُو أَعْمَى:** قارىغۇ چاشقان.

**إِعْنَاتٌ:** مەجبۇرلىماق، زورلىماق، قىينىماق، مەجبۇرىي.

**أَعْنَتَ يُعْنِتُ إِعْنَاتًا:** قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، پەرىشان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئېغىرچىلىقتا قالدۇردى، گۇناھقا دۇچ قىلدى.

**«وَلَوْشَاءَ اللهُ لَأَعْنَتَكُمْ» «قرآن»:** ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالاتتى.

**أَعْنَسَ يُعْنِسُ إِعْنَاسًا الْجَارِيَةَ:** قېرى قىز بولۇپ قالدى.

**أَعْنَشُ م عَنْشَاءُ عُنْشٌ:** ئالتە بارماقلىق ئادەم.

**أَعْنَقُ م عَنْقَاءُ ج عُنْقٌ:** بويىنى ئۇزۇن.

**أَعْنَى يُعْنِي إِعْنَاءً الْأَمْرَ:** مۇھىم بولدى، چارچىتىۋەتتى، مالال قىلدى، ئاۋارە قىلدى، ھالسىرلاندۇردى؛ كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى.

**إِعْوَازٌ:** ھاجەت، تەلەپ، ئېھتىياج؛ كەمبەغەللىك، نامراتلىق، موھتاجلىق، غۇربەتچىلىك؛ كەمچىل، يېتەرسىز.

**أَعْوَجُ م عَوْجَاءُ ج عُوجٌ:** ئەگرى، ئەگرى بۈگرى، ئەگرى - توقاي، يىغىلىۋالىدىغان، تۈگۈلۈۋالىدىغان، ئۆمىلەپ ماڭىدىغان.

**سُلُوكٌ أَعْوَجُ:** ناتوغرا مەسلەك.

**طَرِيقٌ أَعْوَجُ:** ئەگرى يول.

**كَلَامٌ أَعْوَجُ:** قىڭغىر گەپ.

**عُودٌ أَعْوَجُ:** ئەگرى ياغاچ.

**اِعْوَجَّ يَعْوَجُّ اِعْوِجَاجًا:** ئېگىلدى، ئەگرى بول

www.uyghurkitap.com

قىلغىن بولدى.

**إِعْوَجَّتِ الْعَصَا:** هاسا ئەگرى بولدى.

**أَعْوَدُ:** ئەڭ پايدىلىق.

**«اَلْعِلْمُ أَعْوَدُ عَلَيْكَ مِنَ الْمَالِ»:** ئىلىم ساڭا مالدىن پايدىلىق.

**أَعْوَذَ يُعْوِذُ إِعْوَاذًا الرَّجُلُ:** پاناھ تىلىدى، پاناھ ئىزدىدى.

**أَعْوَرُ ج أَعَاوِرُ:** قاغا؛ نىشانسىز يول، بەلگىسىز يول.

**اَلْأَعْوَرُ:** سوقۇر ئۈچەي، قارىغۇ ئۈچەي.

**اَلْمَصِيرُ الْأَعْوَرُ:** سوقۇر ئۈچەي، قارىغۇ ئۈچەي.

**اِلْتِهَابُ الْأَعْوَرِ:** سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى، قارىغۇ ئۈچەي ياللۇغى.

**أَعْوَرُ م عَوْرَاءُ ج عُورٌ وَعُورَانٌ وَعِيرَانٌ:** يەكچەشمە.

**«اَلْأَعْوَرُ فِي بَلَدِ الْعُمْيَانِ مَلِكٌ»:** كورلار مەملىكىتىدە يەكچەشمە پادىشاھ ھېسابلىنىدۇ.

**إِعْوَرَّ يَعْوَرُّ إِعْوِرَارًا:** ئالىغاي بولۇپ قالدى، يەكچەشمە بولۇپ قالدى، بىر كۆزىدىن ئايرىلدى.

**أَعْوَزَ يُعْوِزُ إِعْوَازًا الرَّجُلُ:** كەمبەغەل بولۇپ قالدى، نامرات بولۇپ قالدى، موھتاج بولۇپ قالدى.

**أَعْوَزَهُ الدَّهْرُ:** پەلەك ئۇنى نامرات قىلىپ قويدى.

**أَعْوَزَ الشَّيْءُ:** كەملىك قىلدى، يېتىشمىدى، كېمىيىپ قالدى، يەتمىدى.

**أَعْوَزَتْهُ الشَّجَاعَةُ:** ئۇنىڭغا باتۇرلۇق كەملىك قىلىپ قالدى.

**أَعْوَزُ ج عُوزٌ م عَوْزَاءُ ج عَوْزَاوَاتٌ و عُوزٌ:** نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل، گاداي.

**«خَسِرَ ثَرْوَتَهُ كُلَّهَا وَ أَصْبَحَ أَعْوَزَ»:** بايلىقىنىڭ ھەممىسى قولىدىن كېتىپ نامرات بولۇپ قالدى.

**أَعْوَلَ يُعْوِلُ إِعْوَالًا:** قاتتىق يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى، ھۆكرەپ يىغلىدى.

**أَعْيَا يُعْيِي إِعْيَاءً الْمَاشِي فِي سَيْرِهِ:** ھاردى، چارچىدى، كۈچى قالمىدى، دەرمانىدىن كەتتى.

**أَعْيَاهُ:** چارچاتتى، ھالىدىن كەتكۈزدى، ھاردۇردى، ھالسىزلاندۇردى.

**أَعْيَا الدَّاءُ الطَّبِيبَ:** كېسەلنى داۋالاشتىن دوختۇر ئاجىز كەلدى.

**أَعْيَاهُ السَّيْرُ:** سەپەر ئۇنى قاتتىق ھاردۇرۇۋەتتى.

**أَعْيَا عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** ھەل قىلىشنى تاپالمىدى، چارىسىز قالدى.

**أَعْيَتْهُ الْحِيلَةُ:** ھېچ يول تاپالمىدى، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

**أَعْيَانٌ:** ئاقسۆڭەك، مەشھۇرزات، ئاتاقلىق ئەرباب، كۆزگە كۆرۈنگەن تۆرە، ئېسىلزادە، ئاتاقلىق شەخسلەر.

**مَجْلِسُ الْأَعْيَانِ:** ئالىي پالاتا.

**أَعْيَسُ م عَيْسَاءُ ج عِيسٌ:** نەسىللىك تۆگە.

**أَعْيَلَ يُعْيِلُ إِعْيَالًا:** ئائىلىدە جان سانى كۆپەيدى.

**أَعْيَلَ عِيَالَهُ:** باقتى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى، قاردى، تەربىيىلىدى.

**أَغَاثَ يُغِيثُ إِغَاثَةً:** ياردەم بەردى، مەدەت بەردى.

**أَغَاثَهُ اللّٰهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

**«أَغَاثَهُمُ اللّٰهُ بِرَحْمَتِهِ»:** ئاللاھ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتتى.

**أَغَاثَ الشَّخْصَ:** ياردەم قىلدى، ياردەملەشتى.

**إِغَاثَةٌ:** ياردەم بەرمەك، قۇتقۇزماق، بىرونىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتمەك.

**وَكَالَةُ إِغَاثَةِ اللَّاجِئِينَ:** مۇساپىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسى (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تەۋە بىر ئورۇن بولۇپ مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ).

**«نِعْمَ خَلَّةُ إِغَاثَةِ الْمَلْهُوفِ»:** دەردمەنىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش نېمىدېگەن ياخشى خىسلەت.

**أَغَارَ يُغِيرُ إِغَارَةً وَ غَارَةً وَمُغَارًا عَلَيْهِمْ:** ھۇجۇم قىلدى.

**أَغَارَ الْجَيْشُ عَلَى الْعَدُوِّ:** قوشۇن دۈشمەنگە زەربە بەردى.

**«أَغَارَتِ الطَّائِرَاتُ عَلَى الْمَدِينَةِ»:** ئايروپىلانلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

**أَغَاضَ يُغِيضُ إِغَاضَةً الْمَاءَ:** سۇ تۇتتى، سۇ قويدى.

**أَغَاضَ الثَّمَنَ:** باھانى چۈشۈردى.

**أَغَاظَ يُغِيظُ إِغَاظَةً ـ هُ:** ئاچچىقىنى كەلتۈردى، تېرىكتۈردى.

**«أَغَاظَهُ مَا فَعَلْتَ»:** قىلغانلىرىڭ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

**أَغَالَ يُغِيلُ إِغَالَةً ـ تِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا:** ئايال بالىسىنى ئېمىتتى، بالىنى ئەمدۈردى.

**أَغَبَّ يُغِبُّ إِغْبَابًا الْقَوْمَ:** بىر كۈن كېلىپ بىر كۈن كەلمىدى.

**أَغَبَّتْهُ الْحُمَّى وَعَلَيْهِ:** كۈن ئارىلاپ قوزغىدى.

**أَغْبَرَ يُغْبِرُ إِغْبَارًا:** خۇنۇكلەشتۈردى، توپا-زەڭگە كىردى؛ توپا توزۇتتى.

**أَغْبَرُ ج غُبْرٌ م غَبْرَاءُ ج غَبْرَاوَاتٌ وَغُبْرٌ:** توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن، توپا زەڭگە كىرگەن، كۈلرەڭگە ئۆزگەرگەن.

**«رَأَى ذِئْبًا أَغْبَرَ»:** كۈلرەڭ بۆرىنى كۆردى.

**اِغْبَرَّ يَغْبَرُّ اِغْبِرَارًا الشَّيْءُ:** كۈلرەڭ بولدى، غۇۋالاشتى، خۇنۇكلەشتى.

**اِغْبَرَّ الْيَوْمُ:** بۈگۈن چاڭ - توزانلىق كۈن بولدى.

**اِغْبَرَّ الْجَوُّ:** ئاسماننى چاڭ - توزان قاپلىدى.

**أَغْبَسَ يُغْبِسُ إِغْبَاسًا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى، غۇۋالاشتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

**اِغْبَسَّ يَغْبَسُّ اِغْبِسَاسًا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى، غۇۋالاشتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

**أَغْبَشَ يُغْبِشُ إِغْبَاشًا اللَّيْلُ:** كېچە خىرەلەشتى، غۇۋالاشتى.

**أَغْبَشُ م غَبْشَاءُ ج غُبْشٌ:** قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، قاپقاراڭغۇ، قاپقارا.

**زُجَاجٌ أَغْبَشُ:** خىرە ئەينەك، تۇتۇق ئەينەك.

**اِغْتَابَ يَغْتَابُ اِغْتِيَابًا:** غەيۋەت قىلدى، شىكايەت قىلدى.

**«وَلاَ يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا»** (قرآن): بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار.

**اِغْتَاظَ يَغْتَاظُ اِغْتِيَاظًا:** چېچىلدى، ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

**لِمَاذَا اغْتَظْتَ؟:** نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلاندىڭ؟

**«اِغْتَاظَ كَثِيرًا وَلَكِنَّهُ كَظَمَ غَيْظَهُ»:** ئۇ كۆپ ئاچچىقلاندى، لېكىن ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

**اِغْتَالَ يَغْتَالُ اِغْتِيَالاً:** يوشۇرۇن ئۆلتۈردى، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى.

**اِغْتَالَ الْأَمْوَالَ:** پۇل - مالنى ئالداپ ئېلىۋالدى، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، تۇيۇقسىز ئۆلتۈردى.

**اِغْتَالَتْهُ الْمَنُونُ:** ئۇ ئۆلدى.

**«اِغْتَالَ الرَّئِيسَ أَحَدُ حُرَّاسِهِ»:** رەئىسنى قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى.

**اِغْتِبَاطٌ:** خۇشاللىق، خۇشال - خۇراملىق، كۆڭۈللۈك، شاد - خۇراملىق، خۇش بولماق؛ ئارزۇ قىلماق.

**اِغْتَبَطَ يَغْتَبِطُ اِغْتِبَاطًا:** خۇشال بولدى، شادلاندى.

**اِغْتَبَقَ يَغْتَبِقُ اِغْتِبَاقًا الْخَمْرَ:** كەچتە ھاراق ئىچتى.

**اِغْتَدَى يَغْتَدِي اِغْتِدَاءً:** ئەتىگەندە يولغا چىقتى.

**اِغْتِرَابٌ:** غېرىبسىنماق، غېرىبلىق ھېس قىلماق، مۇساپىر بولماق، ياقا - يۇرتتا بولماق، غېرىب بولماق.

**اَلْاِغْتِرَابُ النَّفْسِيُّ:** روھىي غېرىبلىق.

**«اِنْتَابَهُ شُعُورٌ بِالْاِغْتِرَابِ رَغْمَ وُجُودِهِ فِي بَلَدِهِ»:** ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدا بولۇشىغا قارىماي غېرىبسىنىش ھېسسىياتىدا بولدى.

**اَلْاِغْتِرَابُ الثَّقَافِيُّ:** مەدەنىيەت جەھەتتىكى غېرىبلىق.

**اَلْاِغْتِرَابُ الذِّهْنِيُّ:** ئەقلىي غېرىبلىق (بىر خىل روھىي كېسەللىك بولۇپ، كېسەلنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى نورمال بولمايدۇ، جەمئىيەتنى ياد ھېسابلاپ ھەمىشە خىلۋەت جايدا بولۇشقا ئىنتىلىدۇ).

**اِغْتَرَبَ يَغْتَرِبُ اِغْتِرَابًا:** ۋەتەنىدىن ئايرىلدى يۇرتتىن ئايرىلدى، غېرىبسىندى.

**اِغْتَرَّ يَغْتَرُّ اِغْتِرَارًا:** تۇيۇقسىز كەلدى، ئۇشتۇمتۇت كەلدى؛ ئالداندى.

**اِغْتَرَّ بِظَهْرٍ:** سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ قالدى.

**اِغْتَرَّ بِنَفْسِهِ:** ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلەندى

uyghurkitap.com

چوڭچىلىق قىلدى، مەغرۇرلاندى؛ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىدى.

**اِغْتَرَفَ يَغْتَرِفُ اِغْتِرَافًا الْمَاءَ بِيَدِهِ**: سۇنى ئۇچۇملاپ ئىچتى.

**«وَمَنْ لَمْ يَطْعَمْهُ فَاِنَّهُ مِنِّيْ اِلاَّ مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ» ‹قرآن›** : كىمىكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىر ئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ).

**اِغْتَرَقَ يَغْتَرِقُ اِغْتِرَاقًا النَّفَسَ**: تىندى، نەپەس ئالدى.

**اِغْتِسَالٌ**: يۇيۇنماق، غۇسلى قىلماق، بوينىنى سۇغا سالماق.

**اِغْتَسَلَ يَغْتَسِلُ اِغْتِسَالاً**: غۇسلى قىلدى، يۇيۇندى، سۇغا چۈشتى.

**«يَغْتَسِلُ كُلَّ صَبَاحٍ بِالْمَاءِ الْبَارِدِ»** : ھەر كۈنى ئەتىگىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنىدۇ.

**«لاَ تَنْسَ أَنْ تَغْتَسِلَ يَدَيْكَقَبْلَالْأَكْلِو بَعْدَهَ»** : تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىككى قولۇڭنى يۇيۇشنى ئۇنتۇمىغىن.

**اِغْتَشَّ يَغْتَشُّ اِغْتِشَاشًا**: ساختىپەز دەپ ھېسابلىدى.

**اِغْتِصَابِيٌّ**: مەجبۇريي، زورمۇ زور، زورلۇققا ئائىت.

**اِغْتَصَبَ يَغْتَصِبُ اِغْتِصَابًا الشَّيْءَ**: بۇلىۋالدى، تالىۋالدى.

**اِغْتَصَبَ السُّلْطَةَ**: ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى.

**اِغْتَصَبَ الْأَرْضَ**: زېمىننى تارتىۋالدى.

**اِغْتَصَبَ الْمَرْأَةَ**: باسقۇنچىلىق قىلدى.

**اِغْتَصَّ يَغْتَصُّ اِغْتِصَاصًا الْمَكَانَ**: ئورۇن قىستاڭچىلىق بولدى، تىقىمچىلىق بولدى.

**اِغْتَطَى يَغْتَطِي اِغْتِطَاءً**: يۆگەلدى، پۈركەندى، يوشۇرۇندى.

**اِغْتَفَرَ يَغْتَفِرُ اِغْتِفَارًا**: كەچۈرۈم سورىدى.

**جَرِيْمَةٌ لاَ تُغْتَفَرُ**: كەچۈرۈم قىلغىلى بولمايدىغان جىنايەت، كەچۈرگۈسىز گۇناھ.

**«اِرْتَكَبَ جَرَائِمَ لاَ تُغْتَفَرُ»** : ئۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى.

**اِغْتَفَلَ يَغْتَفِلُ اِغْتِفَالاً**: دىققەتسىزلىكنى كۈتتى.

**اِغْتَلَمَ يَغْتَلِمُ اِغْتِلاَمًا**: كۈيلىدى؛ جىنسىي ھەۋىسىنى باسالمىدى، دىخسىرىدى.

**اِغْتَلَى يَغْتَلِي اِغْتِلاَءً**: كۆپەيدى.

**اِغْتَمَزَ يَغْتَمِزُ اِغْتِمَازًا**: قارىلىدى، ئەيىبلىدى، بوھتان چاپلىدى، غەيۋەت قىلدى.

**اِغْتَمَسَ يَغْتَمِسُ اِغْتِمَاسًا فِي كَذَا**: كەينىگە كىرىپ كەتتى، چۆكۈپلا كەتتى.

**اِغْتَمَضَ يَغْتَمِضُ اِغْتِمَاضًا طَرْفُهُ**: كۆزى يۇمۇلدى، ئۇخلىدى.

**اِغْتَمَّ يَغْتَمُّ اِغْتِمَامًا**: قايغۇردى، ھەسرەت چەكتى، مەيۇسلەندى.

**اِغْتِنَامٌ**: غەنىيمەت ئالماق، غەنىيمەت بىلمەك.

**اِغْتَنَمَ يَغْتَنِمُ اِغْتِنَامًا الْفُرْصَةَ**: پۇرسەتتىن پايدىلاندى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

**«اِغْتَنَمَ الْفُرْصَةَ لِتَحْقِيقِ أَهْدَافِهِ»** : مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

**اِغْتَنَى يَغْتَنِي اِغْتِنَاءً**: باي بولدى، بېيىدى، پۇل-مېلى كۆپەيدى.

**اِغْتِيَابٌ**: غەيۋەت قىلماق.

**اِغْتِيَاظٌ**: غەزەپلەنمەك، دەرغەزەپ بولماق.

**اِغْتِيَالٌ ج اِغْتِيَالاَتٌ**: قەستلەپ ئۆلتۈرمەك، سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەك، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش.

**«اِرْتَفَعَ عَدَدُ الْاِغْتِيَالاَتِ السِّيَاسِيَّةِ»** : سىياسىي خاراكتېرلىك قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتتى.

**أَغْدَرَ يُغْدِرُ إِغْدَارًا** : قالدۇردى، تاشلىۋەتتى.

**أَغْدَقَ يُغْدِقُ إِغْدَاقًا الْمَطَرُ**: يامغۇر شارقىراپ ياغدى.

**«أَغْدَقَ عَلَيْهِ وَابِلاً مِنَ الثَّنَاءِ»** : ئۇنى مەدھىيە ئالقىشقا كۆمۈۋەتتى.

**أَغْدَقَ عَلَيْهِ الْعَطَاءَ**: ئۇنىڭغا كۆپ بەردى.

**أَغْدَقَ عَلَيْهِ الْهَدَايَا**: ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالامنى كۆپ بەردى.

أَغْدَقَتْ عَيْنُ الْمَاءِ: بۇلاق سۈيى كۆپەيدى.

أَغَذَّ يُغِذُّ إِغْذَاذًا الْجُرْحُ: جاراھەت يىرىڭلىدى، يىرىڭ ئاقتى.

أَغَذَّ السَّيْرَ: يۈگۈردى، چاپتى.

«أَغَذُّوا السَّيْرَ فِي طَلَبِهِ وَلَكِنَّهُمْ لَمْ يُدْرِكُوهُ»: ئۇلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن تېز يۈگۈرۈشتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى.

إِغْرَاءٌ: قۇتراتماق، ئاداشتۇرماق، قىزىقتۇرماق، قوزغىماق، تەرغىب قىلماق.

إِغْرَاقٌ: مۇبالىغە قىلماق، كۆپتۈرمەك.

أَغْرَبَ يُغْرِبُ إِغْرَابًا: غەربكە كەلدى؛ غەربكە كەتتى؛ پاساھەتلىك سۆزلىدى؛ قىزىقارلىق ئىشلارنى قىلدى.

أَغْرَبَ فِي الْبِلَادِ: ئېچكىرىلەپ كىردى، چوڭقۇرلاپ كىردى.

أَغْرَبَ فِي الضِّحْكِ: غەلىتە كۈلدى، كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

أَغْرَدَ يُغْرِدُ إِغْرَادًا الطَّائِرُ: قۇش سايرىدى، قۇش ۋىچىرلىدى.

أَغَرُّ: ئاق قاشقىلىق ئات.

أَغْرَزَ يُغْرِزُ إِغْرَازًا الْإِبْرَةَ فِي الشَّيْءِ: يىڭنىنى سانجىدى، كىرگۈزدى.

أَغْرَزَ عُودًا بِالْأَرْضِ: چىرىم تىكتى.

أَغْرَسَ يُغْرِسُ إِغْرَاسًا الشَّجَرَ: دەرەخ تىكتى، كۆچەت تىكتى، ئورمان ئەھيا قىلدى.

أَغْرَضَ يُغْرِضُ إِغْرَاضًا الشَّخْصُ: (سۆز ياكى ھەرىكەتنى) غەرەزلىك قىلدى.

أَغْرَضَ الْغَرَضَ: مەقسەتكە يەتتى.

**«نَحْنُ مُسْتَعِدُّونَ لِمُسَاعِدَتِكُمْ إِذَا اقْتَضَى الْأَمْرُ»:** زۆرۈر تېپىلغاندا بىز سىلەرگە ياردەم بېرىشكە تەييار.

**اِقْتَضَى الْحَالُ ذَلِكَ:** ئەھۋال مۇشۇنى تەقەززا قىلدى.

**اِقْتِطَافٌ:** (مېۋىنى) ئۈزمەك.

**اِقْتَطَّ يَقْتَطُّ اِقْتِطَاطًا:** ئۈچلىدى، قىرقىدى، ياسىدى، پۈتىدى.

**اِقْتَطَعَ يَقْتَطِعُ اِقْتِطَاعًا الشَّيْءَ:** ئۈزۈۋالدى، بۆلۈۋالدى، ئېلىۋالدى.

**اِقْتَطَعَ الْحَجَرَ مِنَ الْجَبَلِ:** تاغدىن تاشنى قومۇرۇۋالدى.

**اِقْتَطَفَ يَقْتَطِفُ اِقْتِطَافًا الثَّمَرَ:** مېۋە ئۈزدى، يىغدى، توپلىدى.

**اِقْتَطَفَ الشَّيْءَ:** ئېلىۋالدى، تارتىۋالدى، بۇلىۋالدى.

**اِقْتَطَفَ مِنَ الْأَشْيَاءِ كَذَا:** تاللىۋالدى، ئىلغىۋالدى.

**اِقْتَطَفَ الْقَوْلَ:** سۆزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئالدى، سۆزنىڭ مېغىزىنى چاقتى.

**«اِقْتَطَفَ مِنَ الْقَصِيدَةِ بَيْتَيْنِ»:** ئۇ قەسىدىدىن ئىككى بېيىتنى تاللىۋالدى.

**اِقْتَعَدَ يَقْتَعِدُ اِقْتِعَادًا:** ئېگىلىۋالدى، بېسىۋالدى، ئىشغال قىلدى.

**اِقْتَعَدَ الدَّابَّةَ:** مىنىدىغان ئۇلاغ قىلىۋالدى.

**اِقْتَعَدَ الْكُرْسِيَّ:** ئورۇندۇقنى ئولتۇرىدىغان جاي قىلىۋالدى.

**اِقْتِفَاءُ الْأَثَرِ:** ئىزىغا چۈشمەك، ئىز قوغلىماق، ئارقىسىدىن ئەگەشمەك.

**اِقْتَفَرَ يَقْتَفِرُ اِقْتِفَارًا الشَّخْصَ الْأَثَرَ:** ئىز قوغلىدى، ئىزىغا چۈشتى، پېيىغا چۈشتى.

**اِقْتَفَى يَقْتَفِى اِقْتِفَاءً:** ئەگەشتى.

**اِقْتَفَى بِفُلَانٍ:** ئۈرنەك قىلدى، ئۈلگە قىلدى.

**«اِقْتَفَى أَثَرَ اللِّصِّ»:** ئۇ ئوغرىنىڭ ئىزىدىن قوغلىدى.

**اِقْتِلَاعٌ:** قومۇرماق، يۇلماق.

**اِقْتَلَعَ يَقْتَلِعُ اِقْتِلَاعًا:** يۇلىۋەتتى، قومۇرۇۋەتتى.

**اِقْتَلَعَ الشَّجَرَةَ:** دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى.

**«اِقْتَلَعَ الدَّاءَ مِنْ أَصْلِهِ»:** ئۇ كېسەلنى تۈپتىن ساقايتتى.

**أَقْتَمُ م قَتْمَاءُ ج قُتْمٌ:** قىزغۇچ، ساغۇچ.

**اِقْتَمَّ يَقْتَمُّ اِقْتِمَامًا:** قارايدى.

**اِقْتِنَاءٌ:** ئىگە بولماق، قولغا كەلتۈرمەك، مالىك بولماق.

**اِقْتِنَاعٌ:** مەمنۇن بولماق، رازى بولماق، قانائەت قىلماق، مەمنۇنىيەت.

**اِقْتَنَصَ يَقْتَنِصُ اِقْتِنَاصًا الصَّيْدَ:** ئوۋ ئوۋلىدى، شىكارغا چىقتى.

**اِقْتَنَصَ الْفُرْصَةَ:** پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى، پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

**اِقْتَنَعَ يَقْتَنِعُ اِقْتِنَاعًا بِخَطِئِهِ:** خاتالىقىغا قايىل بولدى.

**«اِقْتَنَعَ بِصِحَّةِ رَأْيِ خَصْمِهِ»:** دۈشمىنىنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىغا قايىل بولدى.

**«قَدِاقْتَنَعَ الطَّرَفَانِ تَمَامًا بِنَتِيجَةِ الْمُحَادَثَاتِ»:** سۆھبەت نەتىجىسىدىن ئىككى تەرەپ تولۇق مەمنۇن بولدى.

**اِقْتَنَّ يَقْتَنُّ اِقْتِنَانًا الرَّجُلُ:** قول قىلىۋالدى، قولغا ئىگە بولدى، قول قىلىپ ئىشلەتتى؛ سۈكۈت قىلدى.

**اِقْتَنَى يَقْتَنِى اِقْتِنَاءَ الشَّيْءَ:** ئىگە بولدى، ھاسىل بولدى، قولغا كەلتۈردى.

**اِقْتَنَى السَّيَّارَةَ:** ماشىنىغا ئېرىشتى.

**اِقْتَوَّرَ يَقْتَوِّرُ اِقْتِوَّارًا الشَّيْءَ:** ئويدى، كولىدى، ئويۇپ ئېلىۋەتتى.

**أَقْحَطَ يُقْحِطُ إِقْحَاطًا:** قەھەتچىلىك بولدى، قۇرغاقچىلىق بولدى.

**أَقْحَطَ الْعَامُ:** بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى.

«أَقْحَطَتْ بُلْدَانُ السَّاحِلِ فِى إِفْرِيقِيَا» : ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەردە قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى.

أَقْحَلَ يُقْحِلُ إِقْحَالاً الشَّيْءَ: قۇرۇتىۋەتتى، سولاشتۇردى.

«أَقْحَلَ الْقَحْطُ الْأَرْضَ» : قۇرغاقچىلىق زېمىننى قۇرۇتىۋەتتى.

أَقْحَمَ يُقْحِمُ إِقْحَامًا فُلَانًا فِى الْأَمْرِ: ئويلىمايلا كىرگۈزىۋەتتى، ئېتتىرىۋەتتى.

أَقْحَمَ نَفْسَهُ فِيمَا لَا يَعْنِيهِ: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشتى.

إِقْدَامٌ: قەھرىمانلىق قىلماق، باتۇرلۇق قىلماق، قەيسەرلىك، جۈرئەتلىك.

إِقْدَامُ رِجَالِ الْأَعْمَالِ: كارخانىچىلارنىڭ دادىللىقى.

إِقْدَامُ الْجُنْدِيِّ: جەڭچىنىڭ باتۇرلۇقى.

«اَلْمَوْتُ مَعَ الْإِقْدَامِ وَالشَّجَاعَةِ خَيْرٌ مِنَ الْحَيَاةِ مَعَ الذُّلِّ وَالْاِسْتِعْبَادِ» : ... قەھرىمانلىق ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئۆلۈش خارلىق ۋە قۇللۇق ئاستىدا ياشىغاندىن ئەلا.

أَقْدَرَ يُقْدِرُ إِقْدَارًا هُ: ئۇنى ئىقتىدارلىق ھېسابلىدى، ئۇنى كۈچى يېتىدۇ دەپ بىلدى، ئۇنى قولىدىن كېلىدىغان كۆردى.

أَقْدَرَهُ عَلَى كَذَا: ئۇنى كۈچى يېتىدىغان قىلدى، ئۇنى قىلالايدىغان قىلدى.

أَقْدَرَهُ كَذَا: سېلىشتۇرىدىغان قىلدى، تەڭلەشتۈرىدىغان قىلدى.

«أَقْدَرَ الْمُوَظَّفَ عَلَى تَحَمُّلِ مَهَامِّهِ» : خىزمەتچىنى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان دەپ بىلدى.

اَلْأَقْدَرُ: پاكار ئادەم، بويىنى كالتا ئادەم.

اَلْأَقْدَرُ مِنَ الْخَيْلِ: قەدىمى چوڭ ئات.

أَقْدَمَ يُقْدِمُ إِقْدَامًا عَلَى قِرْنِهِ: جۈرئەت قىلدى، پېتىندى، جاسارەتلىك بولدى.

أَقْدَمَ عَلَى الْعَمَلِ: شۇغۇللاندى، ئۈستىگە ئالدى، مەسئۇل بولدى؛ باشلىدى؛ ئورۇنداشقا ئالدىرىدى.

«أَقْدَمَ عَلَى فِلَاحَةِ أَرْضِهِ» : ئۇ زېمىنىنى تېرىشقا كىرىشتى.

أَقْدَمَ عَلَى الشَّيْءِ: كىرىشتى، باشلىدى.

أَقْدَمَ عَلَى الْأَمْرِ: توختىماي ھۇجۇم قىلدى.

«أَقْدَمَ عَلَى مُوَاجَهَةِ خُصُومِهِ بِكُلِّ شَجَاعَةٍ» : ئۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلدى.

أَقْدَمُ: ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ كونا.

اَلْأَقْدَمُونَ: قەدىمكىلەر، قەدىمكى كىشىلەر، پېشقەدەملەر، ئالدىنقىلار، كونىلار.

«أَنْتُمْ وَ آبَاؤُكُمُ الْأَقْدَمُونَ» (قرآن) : سىلەرنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىڭلار (نىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟)

أَقْدَمِيَّةٌ: پېشقەدەملىك، ستاژى ئۇزۇن.

تَرْقِيَةٌ بِالْأَقْدَمِيَّةِ: ستاژىغا قاراپ ئۆستۈرۈش.

«مُوَظَّفٌ لَهُ أَقْدَمِيَّةٌ فِى الْإِدَارَةِ» : ئۇ باشقۇرۇشتا ئالدىدا تۇرىدىغان خىزمەتچى.

«طَبِيبٌ مُمْتَازٌ لَهُ أَقْدَمِيَّةٌ» : ئۇ پېشقەدەم مۇنەۋۋەر دوختۇر.

أَقْذَعَ يُقْذِعُ إِقْذَاعًا فُلَانًا: يامان گېپىنى قىلدى.

أَقْذَعَ الْقَوْلَ: سەت گەپ قىلدى، قەبىھ سۆز قىلدى، ئاغزىنى بۇزدى.

أَقْذَى يُقْذِى إِقْذَاءً عَيْنَهُ: كۆزىگە توپا چاچتى.

إِقْرَارٌ ج إِقْرَارَاتٌ: ئىقرار قىلماق، ئېتىراپ قىلماق، تونۇماق.

إِقْرَاضٌ: قەرز بەرمەك.

أَقْرَأَ يُقْرِئُ إِقْرَاءً الشَّخْصَ: ئوقۇتتى.

أَقْرَأَهُ السَّلَامَ: ئۇنىڭغا سالام يوللىدى.

«سَنُقْرِئُكَ فَلَا تَنْسَى إِلَّا مَا شَاءَ اللّٰهُ» (قرآن) : (ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، ئاللاھ (نەسخى) قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن.

أَقْرَأَهُ الْقُرْآنَ: ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگەتتى، قۇرئان ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى تەلىم بەردى.

أَقْرَأَتِ الْمَرْأَةُ: ھەيز كۆردى؛ پاك بولدى.

أَقْرَبَ يُقْرِبُ إِقْرَابًا السَّيْفَ: قىلىچىنى قىنىغا سالدى.

www.uyghurkitap.com

**أَقْرَبَتِ الْحُبْلَى:** ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاپ قالدى.

**أَقْرَبُ:** ئەڭ يېقىن.

**«اِعْدِلُوْا هُوَ اَقْرَبُ لِلتَّقْوَى» ‹قرآن›** : (دۈشمەنلىرىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر.

**اِهْتَمَّ بِشُؤُونِ الْأَقْرَبِ فَالْأَقْرَبِ:** ئۇ يېقىنلىرىغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە كۆڭۈل بۆلدى.

**أَقْرَبُ ج أَقَارِبُ:** قانداش تۇغقانلار.

**أَقْرَبُ ج أَقْرَبُونَ:** يېقىنلار.

**«لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ» ‹قرآن›** : ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار.

**أَقَرَّ يُقِرُّ إِقْرَارًا:** مەمنۇن بولدى، رازى بولدى، قوبۇل بولدى، قوشۇلدى، ئىسپاتلىدى، تەستىقلىدى.

**أَقَرَّهُ:** مۇقىملاشتۇردى، تۇراقلاشتۇردى.

**«قَالُوْا أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُوْا وَ اَنَا مَعَكُمْ مِنَ الشَّاهِدِيْنَ» ‹قرآن›** : ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ «(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى.

**أَقَرَّ الْمُعَاهَدَةَ:** كېلىشىمنى تەستىقلىدى.

**أَقَرَّ بِالشَّيْءِ:** ئېتىراپ قىلدى.

**أَقَرَّ فُلاَنًا:** ئورۇنلاشتۇردى، ماكانلاشتۇردى.

**أَقَرَّ الْعَامِلَ عَلَى الْعَمَلِ:** ئىشچىنىڭ ئىشىدىن رازى بولدى.

**«وَ نُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى اَجَلٍ مُسَمًّى» ‹قرآن›** : بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز.

**أَقَرَّ اللّٰهُ عَيْنَهُ:** خۇشال قىلدى، مەمنۇن قىلدى، ئاتا قىلدى، رازى قىلدى، قانائەتلەندۈردى.

**أَقَرَّ بِالْجَمِيْلِ لَهُ:** مىننەتدارلىق بىلدۈردى، تەشەككۈر ئېيتتى.

**«أَقَرَّ الْمُوَظَّفَ فِي وَظِيفَتِهِ»** : ئۇ خىزمەتچىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى ۋەزىپىسىدە قالدۇردى.

**«أَقَرَّ بِانْتِصَارِ خَصْمِهِ عَلَيْهِ»** : ئۇ دۈشمىنىدىن يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

**«مَنْ أَقَرَّ بِذَنْبِهِ فَلاَ ذَنْبَ لَهُ»** : گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان كىشى گۇناھسىز ھېسابلىنىدۇ.

**«أَقَرَّتِ الدَّوْلَتَانِ السِّلْمَ»** : ئىككى دۆلەت تىنچلىقنى مۇقىملاشتۇردى.

**أَقْرَسَ يُقْرِسُ إِقْرَاسًا الْمَاءَ:** سۇنى قاتتىق مۇزلىتىۋەتتى.

**أَقْرَسَ الْبَرْدُ أَصَابِعَهُ:** سوغۇق ئۇنىڭ بارماقلىرىنى ئۈششۈتىۋەتتى.

**أَقْرَضَ يُقْرِضُ إِقْرَاضًا:** قەرز بەردى، ئارىيەت بەردى، ئۆتنە بەردى.

**أَقْرَضَ مِنْهُ:** ئۇنىڭدىن قەرز ئالدى.

**«وَاَقْرِضُوا اللّٰهَ قَرْضًا حَسَنًا» ‹قرآن›** : ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار.

**«أَقْرَضَهُ أَلْفَ دِينَارٍ»** : ئۇ ئۇنىڭغا مىڭ دىنار قەرز بەردى.

**أَقْرَطُ م قَرْطَاءُ ج قُرْطٌ:** ھالقىلىق، ھالقا سالغان.

**أَقْرَعُ م قَرْعَاءُ قُرْعٌ:** پايىنەكباش، ئايپاڭباش.

**أَقْرَنَ يُقْرِنُ إِقْرَانًا الْأَمْرَ:** ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈردى، ئىككى ئىشنى بىر ۋاقىتتا قىلدى.

**أَقْرَنُ م قَرْنَاءُ ج قُرْنٌ:** مۈڭگۈزلۈك، قوشۇما قاش.

**أَقْرَى يُقْرِي إِقْرَاءً:** مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

**أَقْزَلُ م قَزْلَاءُ ج قُزْلٌ:** ئاقساق، توكۇر.

**إِقْسَامٌ:** قەسەم قىلماق، قەسەم ئىچمەك، قەسەمياد قىلماق.

**أَقْسَطَ يُقْسِطُ إِقْسَاطًا الشَّخْصُ:** ئادىل ئىش قىلدى، توغرا ئىش قىلدى، ھەققانى ئىش قىلدى.

**أَقْسَطَ فِي حُكْمِهِ:** توغرا ھۆكۈم چىقاردى.

**«فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا» ‹قرآن›** : ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، ئادىل بولۇڭلار.

**أَقْسَمَ يُقْسِمُ إِقْسَامًا:** قەسەمياد قىلدى، قەسەم بەردى.

**«وَاَقْسَمُوْا بِاللّٰهِ جَهْدَ اَيْمَانِهِمْ لَئِنْ أَمَرْتَهُمْ لَيَخْرُجُنَّ» «قرآن»:** (مۇناپىقلار) ئەگەر سەن ئۇلارنى (جىھادغا) چىقىشقا ئەمر قىلساڭ، چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ.

**«لاَ أُقْسِمُ بِهَذَا الْبَلَدِ» «قرآن»:** بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن.

**«أَقْسَمَ بِاللّٰهِ أَلاَّ يَقُولَ إِلاَّ الْحَقَّ»:** ئۇ پەقەت ھەقتىن باشقىنى سۆزلىمەسلىككە قەسەم قىلدى.

**أَقْسَى يُقْسِى إِقْسَاءً الشَّيْءَ:** قاتتىقلىق قىلدى، شەپقەتسىزلىك قىلدى، باغرى تاشلىق قىلدى.

**أَقْشَعَ يُقْشِعُ إِقْشَاعًا الْقَوْمُ:** تارقاپ كەتتى.

**أَقْشَعَتِ السَّمَاءُ:** ھاۋا ئېچىلدى.

**اِقْشَعَرَّ يَقْشَعِرُّ اِقْشِعْرَارًا جِلْدُهُ:** قورقۇنچتىن بەدىنىنى تىترەك باستى.

**«اَللّٰهُ نَزَّلَ اَحْسَنَ الْحَدِيْثِ كِتَابًا مُتَشَابِهًا مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِيْنَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ» «قرآن»:** ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى، (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ.

**شَيْءٌ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ الأَبْدَانُ:** بەدەنگە تىترەك ئولتىشىپ كېتىدىغان ئىش.

**أَقْصَدَ يُقْصِدُ إِقْصَادًا:** شېئىر يازدى، قەسىدە يازدى.

**أَقْصَدَهُ إِلَى:** قىلدۇردى، قىلىشقا زورلىدى، مەجبۇرلىدى.

**أَقْصَدُ:** ئەڭ تېجەشلىك، ئەڭ ئىقتىسادچىل.

**أَقْصَرَ يُقْصِرُ إِقْصَارًا الشَّيْءَ:** قىسقارتتى، كېمەيتتى، چىقىرىپ تاشلىدى.

**أَقْصَرَ عَنِ الشَّيْءِ:** كارى بولمىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى، سەل قارىدى، پەرۋاسىز قارىدى.

**«وَاِخْوَانُهُمْ يُمِدُّونَهُمْ فِى الْغَيِّ ثُمَّ لاَ يُقْصِرُوْنَ» «قرآن»:** شەيتانلار (كۇففار) بۇرادەرلىرىنى بولۇشچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ.

**أَقَصَّ يُقِصُّ إِقْصَاصًا الشَّخْصُ مِنْ نَفْسِهِ:** باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن قىساس ئېلىشىغا يول قويدى.

**أُقْصُوصَةٌ ج أَقَاصِيْصُ:** ھېكايە، قىسقا ھېكايە، چۆچەك.

**«مَحْمُوْدُ تَيْمُورُ كَاتِبٌ لِلأُقْصُوصَةِ»:** مەھمۇد تەيمۇر ھېكايە يازىدىغان يازغۇچىدۇر.

**أَقْصَى يُقْصِى إِقْصَاءً:** قوغلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

**أَقْصَى الشَّيْءَ:** ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكۈزدى، يۇقىرى پەللىگە چىقاردى.

**«أَقْصَاهُ عَنْ عَمَلِهِ»:** ئۇنى خىزمىتىدىن ھەيدىدى.

**أَقْصَى ج أَقَاصٍ م قَصْوَى:** ئەڭ يىراق.

**«وَجَاءَمِنْ اَقْصَى الْمَدِينَةِرَجُلٌ يَسْعَى» «قرآن»:** شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كەلدى.

**مِنْ أَقْصَاهَا إِلَى أَقْصَاهَا:** ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە.

**«عَمِلَ بِأَقْصَى جُهُودِهِ»:** ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە ئىشلىدى.

**«عِنْدَمَا تُلقِى كَلِمَةً لِيَكُنْ حَدُّهَا الأَقْصَى خَمْسَ عَشَرَةَ دَقِيْقَةً»:** سۆز قىلغىنىڭدا ئۇنىڭ يۇقىرى چېكى 15 مىنۇت بولسۇن.

**اَلأَقْصَى:** ئېرۇسالىم (قۇددۇس شەھىرى) دىكى چوڭ مەسچىت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلىپىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان.

**اَلْمَسْجِدُ الأَقْصَى:** ئەقسا مەسچىتى.

**«سُبْحَانَ الَّذِى أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلاً مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الأَقْصَى» «قرآن»:** ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ (قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) بەندىسىنى بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسچىتى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى.

**أَقَضَّ يُقِضُّ إِقْضَاضًا الشَّخْصُ:** ئۇخلىمىدى.

**أَقَضَّ الْهَمُّ مَضْجَعَهُ:** بىئارام قىلدى، پاراكەندە

www.uyghurkitap.com

قىلدى، ئىچىنى پۇشۇردى، ئىچى تىتىلدى.

**أَقْطْ. إِقْطْ. أُقْطْ. أَقِطْ. أُقُطْ:** قۇرت، ئىرىمچىك.

**إِقْطَاعْ وَإِقْطَاعَةٌ ج إِقْطَاعَاتْ:** يەر - زېمىننى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىش.

**هُوَ مِنْ ذَوِى الْإِقْطَاعِ:** ئۇ سۇيۇرغاللىققا ئىگە بولغان كىشىلەردىن.

**طَبَقَةُ الْإِقْطَاعِ:** سۇيۇرغاللىقتىن بەھرىمەن بولغۇچى سىنىپ، فېئوداللار سىنىپى.

**حُكْمُ الْإِقْطَاعَاتِ:** فېئودال ھۆكۈمرانلىق، فېئوداللىق.

**اِنْقَضَى عَهْدُ الْإِقْطَاعِ:** سۇيۇرغاللىق دەۋرى تۈگىدى.

**إِقْطَاعِيٌّ ج إِقْطَاعِيُّونَ:** زېمىننى سۇيۇرغال قىلىش تۈزۈمى، فېئودالىزملىق.

**نِظَامْ إِقْطَاعِيٌّ:** فېئوداللىق تۈزۈم.

**حُكْمْ إِقْطَاعِيٌّ:** فېئوداللىق ھاكىمىيەت.

**إِقْطَاعِيَّةٌ ج إِقْطَاعِيَّاتٌ:** فېئودالىزم.

**أَقْطَرَ يُقْطِعُ إِقْطَارًا الْمَاءَ:** سۇنى سۈزۈلدۈردى.

**أَقْطَعَ يُقْطِعُ إِقْطَاعًا مِنْهُ:** ۋاز كەچتى، تاشلىۋەتتى، ئۈزۈۋەتتى.

**أَقْطَعَ الشَّخْصُ:** مات بولدى، مۇلزەم بولدى.

**أَقْطَعَهُ الرَّئِيسُ الْأَرْضَ:** باشلىق زېمىننى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەتتى.

**أَقْطَعَتِ السَّمَاءُ:** يامغۇر توختىدى.

**«سَتُقْطَعُ أُجْرَةُ الْمَسْكَنِ مِنْ رَاتِبِ كُلِّ شَهْرٍ» :** ئۆي ئىجارىسى ھەر ئايلىق ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ ئېلىنىدۇ.

**أَقْطَفَ يُقْطِفُ إِقْطَافًا الثَّمَرُ:** مېۋىنىڭ ئۈزۈش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

**أَقْطَفَ الرَّجُلُ:** مېۋە ئۈزدى.

**«فِى فَصْلِ الصَّيْفِ يُقْطَفُ الْعَسَلُ» :** ياز پەسلىدە ھەسەل يىغىۋېلىنىدۇ.

**أَقْعَدَ يُقْعِدُ إِقْعَادًا:** چەكلىدى، مەنئى قىلدى، تىزگىنلىدى.

**أَقْعَدَهُ عَنِ الْعَمَلِ:** ئۇنى ئەمگەكتىن ئايرىدى.

**«أَقْعَدَهُ عَنْ وَظِيفَتِهِ» :** ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

**أَقْعَدَ فُلَانْ:** ئولتۇرۇپ قالدى، ئورۇن تۇتۇپ قالدى.

**أَقَامَ الدُّنْيَا وَأَقْعَدَهَا:** ئالەمنى مالەم قىلدى، جاھاننى بېشىغا كىيدى.

**أَقْعَدَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ:** تۇرۇپ قالدى، ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى.

**أَقْعَدَهُ:** ئولتۇرغۇزدى.

**أَقْعَرَ يُقْعِرُ إِقْعَارًا الْبِئْرَ:** قۇدۇقنى چوڭقۇر كولىدى، قۇدۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

**أَقْعَسُ م قَعْسَاءُ ج قُعْسْ:** كۆكرىكى چىقىپ تۇرغان، دەمكۆتە.

**أَقْعَى يُقْعِى إِقْعَاءً الْكَلْبُ فِى جُلُوسِهِ:** ئىت زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

**أَقْفَرَ يُقْفِرُ إِقْفَارًا الْمَكَانُ:** جاي چۆل - باياۋانغا ئايلاندى، چۆللىشىپ قالدى.

**أَقْفَرَ الرَّأْسُ مِنَ الشَّعْرِ:** چېچى چۈشۈپ كەتتى، تاقىر باش بولۇپ قالدى، پايىنەك باش بولۇپ قالدى.

**«أَقْفَرَ الْحَيُّ بَعْدَ الْقَصْفِ الْجَوِيِّ» :** ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن شەھەر رايونى چۆللىشىپ كەتتى.

**أَقْفَعُ م قَفْعَاءُ ج قُفْعْ:** قورۇلۇپ قالغان قولاق، بېشى ساڭگىلاپ قالغان.

**أَقْفَلَ يُقْفِلُ إِقْفَالاً الْبَابَ:** ئىشىكنى ئەتتى، تاقىدى، قۇلۇپلىدى.

**أَقْفَلَ الْكَهْرَبَاءَ:** توكنى ئۆچۈردى.

**أَقَّتَ يُؤَقِّتُ تَأْقِيتًا الْأَمْرَ:** ۋاقىتنى توغرىلىدى، ۋاقىتنى بېكىتتى.

**أُقَّةٌ ج أُقَّاتْ وَ أُقَقْ:** مىسىردا قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، 1248 گرامغا تەڭ كېلىدۇ.

**اَلْإِقْلَاعُ:** كۆتۈرۈلمەك، چەكلەنمەك.

**إِقْلَاعُ الْحُمَّى:** قىزىتمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى.

**اَلْإِقْلَاعُ عَنِ التَّدْخِيْنِ:** تاماكا تاشلاش.

**إِقْلَاقْ:** چۆچۈتىۋەتمەك، ئۈركۈتىۋەتمەك.

**أَقْلَصَ يُقْلِصُ إِقْلَاصًا ـ تِ النَّاقَةُ:** تۆگىنىڭ سۈتى سوغۇلۇپ كەتتى، تۆگىنىڭ سۈتى تارتى-

لىپ كەتتى.

**أَقْلَعَ يُقْلِعُ إِقْلاَعًا:** قوزغالدى، قەلئە سالدى، قورغان بىنا قىلدى.

**أَقْلَعَتِ الطَّائِرَةُ:** ئايروپىلان قوزغالدى.

**أَقْلَعَتِ السَّمَاءُ:** يامغۇر توختىدى.

**«وَقِيْلَ يَاأَرْضُ ابْلَعِي مَاءَكِ وَيَاسَمَاءُأَقْلِعِي»** ‹قرآن› : «ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن» دېيىلدى.

**أَقْلَعَ السَّحَابُ:** بۇلۇت تارقىدى.

**أَقْلَعَ عَنِ الشَّيْءِ:** چەكلەندى، تاشلىدى، ساقلاندى، قول ئۈزدى، توختىدى.

**«أَقْلَعَ عَنْ شُرْبِ الْخَمْرِ»** : ئۇ هاراق ئىچىشتىن قول ئۈزدى.

**أَقْلَعَ الْمَلاَّحُ السَّفِيْنَةَ:** ماتروس كېمىنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن يەلكەننى كۆتۈردى.

**أَقْلَعَتِ الْحُمَّى:** قىزىتما ياندى.

**اِقْلَعَطَّ يَقْلَعِطُّ اِقْلِعْطَاطًا:** (چاچنى) بۇدرە قىلدى.

**أَقْلَفُ:** خەتنە قىلىنمىغان ئادەم.

**هُوَ أَقْلَفُ الْقَلْبِ:** ياخشى ئاڭقىرالمايدىغان ئادەم.

**عَامٌ أَقْلَفُ:** مەمۇرچىلىق يىل.

**أَقْلَقَ يُقْلِقُ إِقْلاَقًا ـ هُ:** ئۇنى چۆچىتىۋەتتى، ئۈركىتىۋەتتى، بىئارام قىلدى، ئەنسىرەتتى.

**«أَقْلَقَ الرَّاحَةَ الْعَامَّةَ»** : جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى.

**«أَقْلَقَ الضَّجِيجُ النَّائِمَ»** : ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى بىئارام قىلدى.

**أَقْلَقَ بَالَهُ:** خاتىرجەمسىزلەندۈردى.

**أَقْلَقَ الْخَبَرُ الْعَائِلَةَ:** خەۋەر ئائىلىنى ئەنسىرەتتى.

**أَقَلَّ يُقِلُّ إِقْلاَلاً الشَّيْءَ:** كۆتۈردى، ئۈستىگە ئېلىۋالدى.

**أَقَلَّ الشَّيْءَ إِلَى:** يەتكۈزۈپ بەردى.

**«حَتَّى إِذَاأَقَلَّتْ سَحَابًاثِقَالاًلِبَلَدٍمَيِّتٍ»** ‹قرآن› : شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (ياكى قاغجىراپ ياتقان گىياهسىز) جايلارغا سۈرىمىز.

**أَقَلَّهُ:** كېمەيتتى، قىسقارتتى، ئازايتتى.

**أَقَلَّ الرَّجُلُ:** كەمبەغەللىشىپ قالدى.

**أَقَلُّ:** ئاز، كەم، ئەڭ ئاز، ئازراق، نىسبەتەن ئاز.

**أَقَلُّ مِنَ الْقَلِيْلِ:** ئەڭ ئاز، كەمدىن - كەم.

**«ثَرْوَتُهُ أَقَلُّ مِنْ ثَرْوَةِ شَقِيقِهِ»** : ئۇنىڭ بايلىقى قېرىندىشىنىڭ بايلىقىغا قارىغاندا ئازدۇر.

**«جِسْرٌ كَبِيْرٌ مِثْلُ هَذَا سَيَحْتَاجُ إِلَى سَنَتَيْنِ عَلَى الأَقَلِّ حَتَّى يُنْجَزَتَمَامًا»** : مۇنداق چوڭ كۆۋرۈكنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 2 يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

**بِأَقَلِّ التَّكَالِيْفِ:** ئەڭ تۆۋەن سەرپىيات بىلەن.

**اَلأَقْطَارُ الأَقَلُّ تَطَوُّرًا:** تەرەققىياتى ئەڭ تۆۋەن رايونلار.

**فِي أَقَلَّ مِنْ لَمْحِ الْبَصَرِ:** كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە.

**لاَ أَقَلَّ وَلاَ أَكْثَرَ:** كەم - زىيادە ئەمەس، چەكلىك دائىرە.

**أَقَلِّيَّةٌ جِ أَقَلِّيَاتٌ:** ئاز سانلىق.

**قَوْمٌ أَقَلِّيَّةٌ:** ئاز سانلىق مىللەت.

**أَقَلِّيَّةٌ ضَئِيْلَةٌ جِدًّا:** ناهايىتى ئاز سانلىق.

**«اَلأَقْبَاطُ أَقَلِّيَّةٌ فِي مِصْرَ»** : قىبتىلار مىسىردا ئاز سانلىقتۇر.

**أَقْلَمَ يُقْلِمُ إِقْلاَمًا نَفْسَهُ:** ئۆزىنى ئادەتلەندۈردى، كۆندۈردى.

**«كَانَتِ الْبِيْئَةُ غَرِيبَةً عَلَيْهِ وَلَكِنَّهُ اِسْتَطَاعَ أَنْ يُقْلِمَ نَفْسَهُ وَيُكَيِّفَهَا»** : شارائىت ئۇنىڭغا يات ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئادەتلەندۈرۈپ كېتەلىدى ۋە كۆندۈرەلىدى.

**إِقْلِيبُ:** ئاچقۇچ.

**إِقْلِيمٌ جِ أَقَالِيمُ:** ئىقلىم، رايون، يەر جاي.

**«كَانَتْ الْخِلاَفَةُ الْعَبَّاسِيَّةُ تَضُمُّ عَدَدًا مِنَ الأَقَالِيمِ»** : ئاbbasيلار خەلىپىلىكى بىرقانچە ئىقلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**إِقْلِيمٌ مُنَاخِيٌّ:** هاۋا كېلىماتى ئالاهىدە بولغان ئىقلىم.

www.uyghurkitap.com

**إِقْلِيمِىٌّ:** ئىقلىمغا تەۋە، ئىقلىمغا مەنسۇپ.

**إِقْلِيمِيَّةٌ:** يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تەكىتلەيدىغان خاھىش.

**إِقْلِيْمِيَّةٌ:** مەلۇم رايوندىكى تۇرمۇشنى مىللىي ئەدەبىيات رامكىسى دائىرىسىدە تەسۋىرلەيدىغان خاھىش (ئەدەبىياتتا).

**إِقْلِيْمِيَّةٌ:** مەركەزسىزلىك تۈزۈمى (ھاكىمىيەتتە).

**حُكُومَةٌ إِقْلِيمِيَّةٌ:** يەرلىك ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت.

**اَلْمِيَاهُ الْإِقْلِيمِيَّةُ:** مەلۇم ئىقلىمغا تەۋە سۇ.

**أَقْمَحَ يُقْمِحُ إِقْمَاحًا السُّنْبُلُ:** باشاق دان تۇتتى.

**أَقْمَرَ يُقْمِرُ إِقْمَارًا الْهِلَالُ:** ئاي تولدى، ئاي تولۇپ بولدى.

**أَقْمَرَ اللَّيْلُ:** كېچە ئايدىڭ بولدى.

**أَقْمَرُ م قَمْرَاءُ ج قُمْرٌ:** ئايدەك، يورۇق، نۇرلۇق.

**وَجْهٌ أَقْمَرُ:** نۇرلۇق يۈز.

**أَقْمَسَ يُقْمِسُ إِقْمَاسًا ـ هُ الْمَاءَ:** سۇغا چىلىۋەتتى، ھۆل قىلىۋەتتى.

**أَقْمَعَهُ يُقْمِعُ إِقْمَاعًا:** بويسۇندۇردى، توختاتتى، كونترول قىلدى، باشقۇردى، ئۇچۇردى.

**أَقْمَعَ الثَّوْرَةَ:** ئىنقىلابنى باستۇردى، ئىنقىلابنى ئۇجۇقتۇردى.

**إِقْنَاعٌ:** رازى قىلماق، مەمنۇن قىلماق، قانائەتلەندۈرمەك، قايىل قىلماق.

**«لَاتُضِعْ وَقْتَكَ فِى الْحَدِيْثِ مَعَهُ لِأَنَّكَ لَنْ تَكُونَ قَادِرًا فِى النِّهَايَةِ عَلَى إِقْنَاعِهِ»:** ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقتىڭنى زايا قىلما، چۈنكى ئاخىر ئۇنى قايىل قىلالمايسەن.

**أَقْنَطَ يُقْنِطُ إِقْنَاطًا ـ هُ:** مەيۈسلەندۈردى، ئۈمىدسىزلەندۈردى.

**«أَقْنَطَهُ مِنَ الْمُسَاعَدَةِ»:** ياردەم بېرىشتىن ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى.

**أَقْنَعَ يُقْنِعُ إِقْنَاعًا:** قانائەتلەندۈردى، رازى قىلدى، مەمنۇن قىلدى، قايىل قىلدى.

**أَقْنَعَ الْإِنَاءَ:** قاچىدىكى سۇنى كۆمتۈرۈپ تۆكتى.

**«أَقْنَعَهُ بِالْحُجَّةِ وَالدَّلِيلِ»:** ئۇنى دەلىل ئىسپات بىلەن قايىل قىلدى.

**«أَقْنَعْتُهُ بَعْدَ جَهْدٍ جَهِيْدٍ»:** مەن ئۇنى ئاران قانائەتلەندۈردۈم.

**أَقْنُومٌ ج أَقَانِيمُ:** ناسارالارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، خۇدا، ئىسا ۋە جىبرىئىلدىن ئىبارەت «ئۈچىنىڭ بىرلىشىشى».

**اَلْأَقَانِيمُ الثَّلَاثَةُ:** ناسارالارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، خۇدا ئىسا ۋە جىبرىئىلدىن ئىبارەت «ئۈچىنىڭ بىرلىشىشى»، «ئۈچ بىر تەن» تەلىماتى.

**أَقْنَى يُقْنِى إِقْنَاءً:** ھايالىق بولدى، ئۇياتچان بولدى.

**أَقْنَاهُ اللَّهُ:** ئاللاھ ئۇنى باي قىلدى، مەمنۇن قىلدى.

**«وَاَنَّهُ هُوَ اَغْنَى وَاَقْنَى» ‹قرآن›:** ئاللاھ ئىنساننى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ.

**أَقْنَى م قَنْوَاءُ:** ئەگرى، دوناي.

**أَقْنَى الْأَنْفِ:** ئىلمەك بۇرۇن.

**أَقْهَى يُقْهِى إِقْهَاءً الشَّخْصُ:** قەھۋە ئىچتى، قەھۋە ئىچىشنى داۋاملاشتۇردى.

**إِقْوَاءٌ:** چۆلدەرەپ قالماق.

**«اَلْإِقْوَاءُ مِنْ عُيُوبِ الشِّعْرِ»:** بىر مىسرانىڭ ئاخىرىنىڭ پەش بىلەن، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرىنىڭ زىر بىلەن تۈگىشى شېئىردىيەتتە ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

**أَقْوَرُ م قَوْرَاءُ ج قُورٌ:** كەڭ، كەڭچىلىك، ئازادە.

**أَقْوَسُ م قَوْسَاءُ ج قُوسٌ:** دوك، دوڭغاق.

**أَقْوَلَ يُقْوِلُ إِقْوَالاً فُلَانًا:** تۆھمەت قىلدى، بوھتان چاپلىدى.

**أَقْوَمُ:** ئەڭ توغرا.

**هَذَا الرَّأْىُ أَقْوَمُ مِنْ غَيْرِهِ:** بۇ پىكىر باشقىسىغا قارىغاندا ئەڭ توغرا.

**«اِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِى لِلَّتِى هِىَ اَقْوَمُ» ‹قرآن›:** بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ.

**أَقْوَى يُقْوِى إِقْوَاءً الشَّخْصُ:** كەمبەغەللىشىپ قالدى، يوقسۇل بولۇپ قالدى.

**أَقْوَى الدَّارُ:** قورۇ چۆلدەرەپ قالدى.

**أُقْيَانُوس:** ئوكيان.

**أَكَادِيمِيٌّ ج أَكَادِيمِيُّونَ:** ئاكادېمىك (ئىلمىي ياكى ئەدەبىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى).

**«كَانَ بَحْثُهُ أَكَادِيمِيًّا»:** ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئىلمىي ئىدى.

**أَكَادِمِيَّةٌ. أَكَادِيْمِيَّةٌ:** ئاكادېمىيە، ئىلمىي جەمئىيەت.

**أَكَادِمِيَّةُ الْعُلُوْمِ الْإِجْتِمَائِيَّةِ:** ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

**«لَقَدْ قُدِّرَتْ مُنْجَزَاتُ هَذَا الْبَاحِثِ الرِّيَاضِيِّ تَقْدِيرًا عَالِيًا فِى الْأَوْسَاطِ الْأَكَادِمِيَّةِ»:** ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن بۇ ماتېماتىكا ئالىمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى يۇقىرى باھالاندى.

**أُكَافْ ج أُكُفْ و آكِفَةٌ:** ئۇچۇلۇق.

**أَكْأَبَ يُكْئِبُ إِكْئَابًا:** غەم ـ قايغۇغا دۇچارقىلدى، پەرىشان قىلدى، غەمگە قالدۇردى.

**أَكَبَّ يُكِبُّ إِكْبَابًا عَلَى وَجْهِهِ:** يۈزىچە يىقىلىپ چۈشتى، دۈم چۈشتى.

**أَكَبَّ عَلَى الْأَمْرِ:** پۈتۈن دىققىتىنى يىغدى، بېرىلىپ كەتتى.

**أَكَبَّ عَلَى الْبَحْثِ:** بېرىلىپ تەتقىق قىلدى، قېتىرقىنىپ ئىزدەندى.

**أَكْبَرَ يُكْبِرُ إِكْبَارًا الْأَمْرَ:** چوڭ بىلدى، چوڭ ھېسابلىدى.

**أَكْبَرَ الشَّخْصَ:** چوڭ كۆردى، ئەتىۋا بىلدى، قەدىرلىدى.

**«فَلَمَّا رَأَيْنَهُ اَكْبَرْنَهُ وَقَطَّعْنَ أَيْدِيَهُنَّ» ‹قرآن›:** ئۇلار يۈسۈپنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى.

**«أَكْبَرَ الْمُشْكِلَةَ وَهِىَ صَغِيرَةٌ»:** ئۇ كىچىك مەسىلىنى چوڭ دەپ ھېسابلىدى.

**«نُكْبِرُهُ لِمَوَاقِفِهِ الشَّرِيفَةِ»:** ئىشلاردا ئۇنىڭ تۇتقان ياخشى پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئۇنى چوڭ بىلىمىز.

**أَكْبَرُ ج أَكَابِرُ و أَكْبَرُونَ م كُبْرَى ج كُبَرُ وَ كُبْرَيَاتُ:** ئۇلۇغ، ئەڭ زور، يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرگە قارىتىلىپ ئىشلىتىلىدىغان لەقەم.

**هُوَ أَكْبَرُ مِنْهَا:** ئۇ ئۇنىڭدىن چوڭراق.

**«وَالْفِتْنَةُ اَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ» ‹قرآن›:** پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھدۇر.

**اَلْوَزِيْرُ الْأَكْبَرُ:** ئەڭ چوڭ ۋەزىر، باش ۋەزىر.

**اَلْمُفْتِى الْأَكْبَرُ:** ئەڭ كاتتا مۇپتى، شەيخ.

**أَكَابِرُ الْقَوْمِ:** يۇرت كاتتىلىرى.

**هُوَ مِنْ أَبْنَاءِ الْأَكَابِرِ:** ئۇ ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئۇ چوڭ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئەۋلادى.

**«اِرْتَقَى اللَّاعِبُ مِن صِنْفِ الْأَصَاغِرِ إِلَى صِنْفِ الْأَكَابِرِ»:** تەنھەرىكەتچى كىچىكلەر قاتارىدىن چوڭلار قاتارىغا ئۆتتى.

**اَلْأَكْبَرُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە.

**اِكْتَالَ يَكْتَالُ اِكْتِيَالاً الشَّخْصُ مِنْه:** ئۆلچەپ ئالدى.

**«وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِيْنَ الَّذِيْن إِذا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ» ‹قرآن›:** (ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ.

**«كَالَ الْمُعْطِى وَاكْتَالَ الْآخِذُ»:** بەرگۈچى ئۆلچەپ بەردى، ئالغۇچى ئۆلچەپ ئالدى.

**اِكْتِئَابْ:** قايغۇرماق، غەمگە پاتماق، ھەسرەت چەكمەك، پەرىشان بولماق.

**إِكْتِئَابُ الْمَهْمُومِ:** غەمكىنىنىڭ ھەسرەت چېكىشى.

**اِكْتَئَبَ يَكْتَئِبُ اِكْتِئَابًا الشَّخْصُ:** قايغۇردى، ئىچى پۇشتى، بىئارام بولدى، ھەسرەت چەكتى.

**اِكْتَئَبَ اللَّوْنُ:** قارايدى، قارامتۇل بولدى.

**أَكْتَبَ يُكْتِبُ إِكْتَابًا ـ هُ:** يازدۇردى، يازغىلى سالدى.

**اِكْتِتَابْ:** كۆچۈرۈپ يازماق، قاتناشماق.

**اِكْتِتَابْ لِإِعَانَةِ الْيَتَامَى:** يېتىملەرگە ئىئانە قىلماق.

**اِكْتِتَامْ:** يوشۇرماق.

**اِكْتَتَبَ يَكْتَتِبُ اِكْتِتَابًا:** كۆچۈردى، كۆچۈرۈپ يازدى، قاتناشتى، ئىئانە قىلدى.

**«وَقَالُوا اَسَاطِيرُ الْأَوَّلِيْنَ اكْتَتَبَهَا» ‹قرآن›:** ئۇلار ئېيتتى: (بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان.

**«اِكْتَتَبَ فِى بِنَاءِ مَسْجِدٍ»:** ئۇ مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى.

**اِكْتِحَالْ:** سۈرمە تارتماق، سۈرمە سۈرمەك.

**اِكْتَحَلَ يَكْتَحِلُ اِكْتِحَالاً ـ تِ عَيْنُهُ بِرُؤْيَةِ أَهْلِهِ:** ئۇنىڭ كۆزى بالا ـ چاقىلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى.

**مَا اكْتَحَلَتْ عَيْنَاهُ بِالنَّوْمِ:** ئۇخلىمىدى.

**اِكْتَدَحَ يَكْتَدِحُ اِكْتِدَاحًا لِعِيَالِهِ:** ئائىلىسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىدى.

**اِكْتَدَّ يَكْتَدُّ اِكْتِدَادًا ـ هُ:** ھەيدەكچىلىك قىلدى، رىغبەتلەندۈردى.

**اِكْتِرَاءْ:** ئىجارىگە ئالماق، كىراغا ئالماق.

**اِكْتِرَاثْ:** دىققەت قىلماق، كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق.

**إِنَّكَ قَلِيْلُ الْاِكْتِرَاثِ بِهَذَا الْمَوْضُوعِ:** بۇ مەسىلىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيسەن؟

**عَدَمُ اِكْتِرَاثٍ:** كۆڭۈل بۆلمەسلىك، پەرۋا قىلماسلىق.

**اِكْتَرَبَ يَكْتَرِبُ اِكْتِرَابًا:** قايغۇردى، غەم قىلدى، ھەسرەت چەكتى، مەيۈسلەندى.

**«اِكْتَرَبَ الْأَبُ لِإِخْفَاقِ وَلَدِهِ»:** بالىسى مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن دادا غەمگە چۆمدى.

**اِكْتَرَثَ يَكْتَرِثُ اِكْتِرَاثًا لِلْأَمْرِ:** دىققەت قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى.

**اِكْتَرَثَ لَهُ:** ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇردى.

**اِكْتَرَى يَكْتَرِى اِكْتِرَاءً الدَّارَ:** ئۆي ئىجارىگە ئالدى.

**«اِكْتَرَى سَيَّارَةً لِمُدَّةِ أُسْبُوعٍ»:** ئۇ ماشىنىنى بىر ھەپتىلىك كىراغا ئالدى.

**إِكْتِسَابْ:** ئېرىشمەك، ھاسىل قىلماق، قولغا كەلتۈرمەك.

**اِكْتِسَابُ الْوَقْتِ:** ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرمەك.

**اِكْتِسَابِىٌّ:** كېيىن شەكىللەنگەن، كېيىن پەيدا بولغان.

**اِكْتَسَبَ يَكْتَسِبُ اِكْتِسَابًا مَالاً:** مال توپلىدى، پايدىغا ئېرىشتى، نەپ ئالدى، كەسىپ قىلدى.

**اِكْتَسَبَ الشَّخْصُ:** تەسەررۇپ قىلدى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

**اِكْتَسَبَ الْإِثْمَ:** گۇناھ ئارتتۇالدى.

**«لَهَا مَاكَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَااكْتَسَبَتْ» ‹قرآن›:** كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر.

**«اِكْتَسَبَ اللَّوْنُ صِبْغَةً زَرْقَاءَ»:** رەڭ كۆك رەڭگە كىردى.

**اِكْتَسَحَ يَكْتَسِحُ اِكْتِسَاحًا الشَّيْءَ:** يوقاتتى، تازىلىدى، تۈگەتتى، قومۇرۇپ تاشلىدى.

**اِكْتَسَحَ الشَّخْصُ:** ھۇجۇم قىلدى.

**«اِكْتَسَحَ الرِّيَاحُ الْأَشْجَارَ»:** بوران دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىدى.

**«اِكْتَسَحَ الْعَدُوُّ الْأَرَاضِيَ»:** دۈشمەن زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى.

**«اِكْتَسَحَ الْبَالُوعَةَ»:** يەر ئاستى ئېرىقىنى تازىلىدى.

**اِكْتَسَى يَكْتَسِى اِكْتِسَاءً الشَّخْصُ:** كىيىم كىيدى.

**«اِكْتَسَتِ الْأَرْضُ بِالنَّبَاتِ»:** زېمىن ئۆسۈملۈك بىلەن يېپىلدى.

**«لَمْ أَغِبْ عَنْ مَسْقَطِ رَأْسِى سِوَى عَامَيْنِ غَيْرَأَنَّ مَلاَمِحَهُ الْقَدِيْمَةَ قَدْتَغَيَّرَتْ وَاكْتَسَى بِمَلاَمِحَ جَدِيْدَةٍ»:** يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى پەقەت ئىككى يىل بولدى، لېكىن ئۇنىڭ كونا قىياپىتى ئۆزگىرىپ يېڭى تۈس ئېلىپتۇ.

**اِكْتِشَافْ ج اِكْتِشَافَاتْ:** كەشپىيات، ئىختىرا، ئىجادىيەت، كەشىپ قىلماق، ئىختىرا قىلماق.

**اِكتِشَافُ كَنْزٍ:** خەزىنە تاپماق.

**اِكْتِشَافُ الْحِجَابِ:** يوپۇق ئاچماق.

**اِكْتَشَفَ يَكْتَشِفُ اِكْتِشَافًا الْأَمْرَ:** ئاشكارىلىنىدى،

ئېچىپ تاشلىدى، پاش قىلدى.

**اِكْتَشَفَ السِّرَّ:** سىرنى پاش قىلدى.

**«اِكْتَشَفَ الْقَاضِي مُلاَبَسَاتِ الْقَضِيَّةِ» :** سوتچى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئاچتى.

**«اِكْتَشَفَ كُولُومْبُوسْ أَمْرِيكَا سَنَةَ ٨٩٨ هـ ١٤٩٢م» :** كولۇمبو ئامېرىكىنى ھىجرىيە 898 ـ يىلى يەنى مىلادىنىڭ 1492 ـ يىلى تاپقان.

**اِكْتَشَمَ يَكْتَشِمُ اِكْتِشَامًا الْأَنْفَ:** بۇرنىنى كەستى.

**اِكْتَظَّ يَكْتَظُّ اِكْتِظَاظًا الْمَكَانُ:** جاي تولۇپ كەتتى.

**اِكْتَظَّ مِنَ الطَّعَامِ:** تاماققا تويۇپ كەتتى، چىڭقىدلىپ كەتتى.

**«تَكْتَظُّ الشَّوَارِعُ بِالْمُتَظَاهِرِينَ» :** كوچىلار نامايىشچىلار بىلەن تولۇپ كەتمەكتە.

**أَكْتَعُ م كَتْعَاءُ ج كُتْعٌ:** بارمىقى مېيىپ بولۇپ قالغان.

**اِكْتِفَاءٌ:** قانائەتلەنمەك، كۇپايىلەنمەك.

**اَلْاِكْتِفَاءُ الذَّاتِيُّ:** ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش.

**«اَلْاِكْتِفَاءُ الذَّاتِيُّ فِي الْمَوَادِّ الْغِذَائِيَّةِ» :** ئاشلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش.

**اِكْتَفَأَ يَكْتَفِئُ اِكْتِفَاءً الْإِنَاءَ:** قاچىنى ئۆرىدى، كۆمتۈردى.

**أَكْتَفُ م كَتْفَاءُ ج كُتْفٌ:** دولىسى ئاغرىق ئادەم.

**اَلْأَكْتَفُ مِنَ الْخَيْلِ:** ئاقساق ئات.

**اِكْتَفَى يَكْتَفِي اِكْتِفَاءً بِكَذَا:** كۇپايىلەندى، قانائەتلەندى، كۇپايە قىلدى، يېتەرلىك بولدى.

**اِكْتَفَى بِالْأَمْرِ:** ئۈستىگە ئالدى.

**«اِكْتَفَى بِأَجْرٍ زَهِيدٍ» :** ئۇ ئازغىنا ھەق بىلەن كۇپايىلەندى.

**اِكْتَلَأَ يَكْتَلِئُ اِكْتِلاَءً ـ تِ الْعَيْنُ:** بىدار بولدى، ئۇخلىمىدى.

**اِكْتَمَلَ يَكْتَمِلُ اِكْتِمَالاً الشَّيْءُ:** تولۇقلاندى، تاكامۇللاشتى.

**اِكْتَمَنَ يَكْتَمِنُ اِكْتِمَانًا:** يوشۇرۇندى، مۆكۈۋالدى، بېكىنىۋالدى.

**اِكْتِنَازٌ:** توپلىماق، يىغماق، يىغىلماق.

**اِكْتِنَازُ الْمَالِ:** مال توپلاش.

**أَكْتَنَ يُكْتِنُ إِكْتَانًا الشَّيْءَ:** يەملىدى، چاپلىدى، يېپىشتۇردى.

**اِكْتَنَزَ يَكْتَنِزُ اِكْتِنَازًا:** توپلاندى، يىغىلدى، جۇغلاندى، ساقلاندى.

**اِكْتَنَزَ اللَّحْمُ:** گۆش يىغىلدى، سەمرىدى.

**اِكْتَنَزَ الْمَالَ:** مال توپلىدى.

**«اِكْتَنَزَ الْمَالَ كَهْلاً لِيَجِدَهُ شَيْخًا» :** ئۇ قېرىغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن قىران ۋاقتىدا مال توپلىدى.

**اِكْتَنَفَ يَكْتَنِفُ اِكْتِنَافًا الشَّيْءَ:** ئورىۋالدى، قورشىۋالدى، مۇھاسىرىگە ئالدى.

**اِكْتَنَفَ الشَّخْصَ:** ھىمايىسىگە ئالدى، تەربىيىسىگە ئالدى.

**تَكْتَنِفُهُ الْمَصَائِبُ:** قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى.

**اِكْتَنَّ يَكْتَنُّ اِكْتِنَانًا:** يوشۇرۇندى، مۆكۈۋالدى.

**اِكْتَنَهَ يَكْتَنِهُ اِكْتِنَاهًا الْأَمْرَ:** پۈتۈنلەي چۈشەندى، ماھىيىتىگە يەتتى.

**اِكْتَنَى يَكْتَنِي اِكْتِنَاءً بِكَذَا:** لەقەم قويۇلدى، باشقا ئىسىم بىلەن ئاتالدى.

**اِكْتَهَفَ يَكْتَهِفُ اِكْتِهَافًا الشَّخْصُ:** غارغا ماكانلاشتى.

**اِكْتَهَفَ الْمُتَصَوِّفُ:** سوپى غارنى ماكان قىلىۋالدى.

**اِكْتَهَلَ يَكْتَهِلُ اِكْتِهَالاً الشَّخْصُ:** ئوتتۇرا ياش بولدى.

**أُكْتُوبَرْ:** ئۆكتەبىر (مىلادىيە 10 ـ ئاي).

**اِكْتَوَى يَكْتَوِي اِكْتِوَاءً:** كۆيدى، قىزىتىلدى، داغلاندى.

**اِكْتَوَى الشَّخْصُ:** ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدى.

**أَكْثَرَ يُكْثِرُ إِكْثَارًا الرَّجُلُ:** كۆپ نەرسە كەلتۈردى.

**أَكْثَرَ الشَّيْءَ:** كۆپەيتتى، جىقلاتتى.

**«قَالُوا يَا نُوحُ قَدْ جَادَلْتَنَا فَأَكْثَرْتَ جِدَالَنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَا إِنْ كُنْتَ مِنَ الصَّادِقِينَ»**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

‹قرآن› : ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى) : «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ، ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابىنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى.

«اَلَّذِينَ طَغَوا فِي الْبِلاَدِ فَاَكْثَرُوافِيهَا الْفَسَادَ» ‹قرآن› : ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى، ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى.

**أَكْثَرَ مِنَ الصَّدَقَةِ:** سەدىقىنى كۆپ بەردى.

**هُوَ يُكْثِرُ مِنَ الْإِبْتِسَامِ:** ئۇ تولا كۈلىدۇ.

**أَكْثَرُ:** ئەڭ كۆپ، تولاراق.

«مَا أَكْثَرَ الْأَعْمَالَ الَّتِي تَحْتَاجُ إِلَيْهَا تَحْوِيلُ الْقُطْنِ إِلَى قُمَاشٍ» : پاختىنىڭ رەخت بولۇپ چىقىشىغا نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك كېتىدۇ.

**أَكْثَرُ عَدَدًا:** سان جەھەتتىن بەك كۆپ.

«إِنَّ اللّٰهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُوْنَ» ‹قرآن› : ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ.

**عَلَى أَكْثَرِ تَقْدِيرٍ:** ئەڭ كۆپ مۆلچەرلىگەندە، ئەڭ كۆپ بولغاندا.

**أَكْثَرُ أَهَمِّيَّةً:** ئەھمىيىتى تېخىمۇ كۆپ.

**أَكْثَرِيَّةٌ ج أَكْثَرِيَّاتٌ:** كۆپچىلىك، كۆپ سانلىق.

«نَجَحَ فِيالْاِنْتِخَابَاتِ بِأَكْثَرِيَّةِ الثُّلُثَيْنِ» : سايلامدا ئۈچتىن ئىككى قىسىم كۆپ سانلىق بىلەن غەلىبە قىلدى.

«تَلْقَى مُعَارَضَةَ الْأَكْثَرِيَّةِ» : ئۇ كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

**أَكْحَلَ يُكْحِلُ إِكْحَالاً ــ تِ السِّنُونُ الْقَوْمَ:** قەۋمگە قەھەتچىلىك يەتتى.

**أَكْحَلَتِ الْأَرْضُ بِالْخُضْرَةِ:** زېمىندا يېشىللىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

**أَكْحَلُ م كَحْلاَءُ ج كُحْلٌ:** سۈرمە تارتىۋالغان كىشى.

**أَكْحَلُ م كَحْلاَءُ ج كُحْلٌ و كَحْلاَوَاتٌ:** كۆزى، قارا كۆز؛ قان ئېلىنىدىغان ياكى ئوكۇل قىلىنىدىغان بىلەكتىكى تومۇر.

**هَذَا عَامٌ أَكْحَلُ:** بۇ قۇرغاقچىلىق يىل.

**أَكْدَى يُكْدِي إِكْدَاءً:** بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى، نامراتلىشىپ كەتتى، مەغلۇپ بولدى، يېڭىلدى.

**أَكْدَى الْعَامُ:** يىل قۇرغاقچىلىقى بولدى، يىل قەھەتچىلىك بولدى (قۇرغاقچىلىق يىلى بولدى، قەھەتچىلىك يىلى بولدى).

«أَفَرَأَيْتَ الَّذِي تَوَلَّى وَأَعْطَى قَلِيْلاً وَأَكْدَى» : (ئى مۇھەممەد!) ئىماندىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدىن خەۋەر بەرگىن، ئۇ (شەرت قىلىنغان مالدىن) ئازغىنا بەردى، قالغىنىنى بەرمىدى.

**أَكْذَبَ يُكْذِبُ إِكْذَابًا ــ هُ:** يالغان ئېيتقۇزدى، يالغان گەپ قىلدۇردى.

**أُكْذُوبَةٌ ج أَكَاذِيْبُ:** يالغان - ياۋىداق، يالغان خەۋەر.

**إِكْرَاءٌ:** ئىجارىگە بەرمەك، كىراغا بەرمەك.

**إِكْرَامٌ:** ھۆرمەتلىمەك، ئىززەتلىمەك، قەدىرلىمەك، ئىكرام قىلماق.

**إِكْرَامُ الضَّيْفِ:** مېھمان قوبۇل قىلماق، كۈتمەك.

**إِكْرَامًا لِخَاطِرِ فُلاَنٍ:** ... گە يۈز خاتىرە قىلىپ، ... نىڭ يۈزىنى قىلىپ، ... نىڭ يۈزىدىن.

**إِكْرَامًا لِوُجُودِهِ:** ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىپ.

«قَامَ بِهَذَا الْعَمَلِ إِكْرَامًا لَهُ» : ئۇ بۇ خىزمەتنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلدى.

**إِكْرَامِيٌّ:** شەرەپلىك، شان - شەرەپلىك، ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتلىك.

**إِكْرَامِيَّةٌ ج إِكْرَامِيَّاتٌ:** مۇكاپات پۇل ، ئىنئام پۇل.

**إِكْرَامِيَّةُ الْمُحَامِي:** ئادۋوكاتلىق ھەققى.

**إِكْرَاهٌ:** زورلىماق، مەجبۇرلىماق، بېسىم ئىشلەتمەك.

**مِنْ غَيْرِ إِكْرَاهٍ:** زورلىماستىن، مەجبۇرلىماستىن، ئىختىيارى.

**اِعْتَرَفَ تَحْتَ الْإِكْرَاهِ:** مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىقرار قىلدى.

**إِكْرَاهِيٌّ:** زورلۇق، مەجبۇرىي، زاورمۇ زور، مەجبۇرەن.

**أَكَرَ يأْكُرُ أَكْرًا الْأَرْضَ:** يەر تېرىدى، دېھقانچىلىق قىلدى.

**أَكَرَ النَّهْرَ:** ئۆستەڭ قازدى.

**أَكْرَبَ يُكْرِبُ إِكْرَابًا فِى السَّيْرِ:** تېز ماڭدى، ئالدىراپ ماڭدى، يېقىنلاشتى، يېقىن كەلدى.

**أَكْرَبَ الْأَمْرُ:** يۈز بەرگىلى تاس قالدى.

**أُكْرَةٌ ج أُكَرٌ:** ئورا، ئازگال، خەندەك، گوداڭ؛ شار.

**أُكْرَةُ الْبَابِ:** ئىشىكنىڭ تۇتقۇچى.

**أَكْرَثَ يُكْرِثُ إِكْرَاثًا الْغَمُّ فُلاَنًا:** غەم بېسىۋالدى، غەم ـ قايغۇدا قالدى.

**أَكْرَجَ يُكْرِجُ إِكْرَاجًا الْخُبْزُ:** نان بۇزۇلۇپ قالدى، نان كۆكىرىپ قالدى.

**أَكْرَشُ م كَرْشَاءُ ج كُرْشٌ و كَرْشَوَاتٌ:** يوغان قورساق، باداڭ قورساق.

**أَكْرَفَ يُكْرِفُ إِكْرَافًا الشَّيْءَ:** پۇرىدى، ھىدلىدى.

**أَكْرَفَ الْحِمَارُ:** ئېشەك سۇيدۇكىنى پۇراپ تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قىلدى.

**أَكْرَمَ يُكْرِمُ إِكْرَامًا الشَّخْصَ:** ھۆرمەتلىدى، قەدىرلىدى، ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى.

**أَكْرَمَ اللّٰهُ مَثْوَاهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن.

**«فَاَمَّا الْاِنْسَانُ اِذَا مَاابْتَلاَهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُوْلُ رَبِّى اَكْرَمَنِ» ‹قرآن›:** پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى دەيدۇ».

**«أَكْرَمَ نَفْسَهُ عَنِ الْمَعَاصِي»:** ئۇ گۇناھلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتتى.

**«أَكْرَمَ نَفْسَهُ عَنْ سَيِّ الأَفْعَالِ»:** ناچار قىلمىشلاردىن يىراق بولدى، ناچار قىلمىشلاردىن پاك بولدى.

**أَكْرَمَ اللّٰهُ وَجْهَهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا شەرەپ ئاتا قىلسۇن.

**أَكْرَمُ:** ئەلا، سېخى، ئەڭ مەرد، ئەڭ ئېسىل.

**«اِنَّ اَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللّٰهِ اَتْقَاكُمْ» ‹قرآن›:** ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.

**أَكْرَهَ يُكْرِهُ إِكْرَاهًا عَلَى الْأَمْرِ:** زورلىدى، مەجبۇرلىدى، قىستىدى.

**أَكْرَهَهُ عَلَى الطَّاعَةِ:** مەجبۇرىي باش ئەگدۇردى، بېسىم ئىشلەتتى، بويسۇندۇردى.

**«أَفَأَنْتَ تُكْرِهُ النّاسَ حَتَّى يَكُونُوا مُؤْمِنِيْنَ» ‹قرآن›:** سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟

**«إِلاَّمَنْ أُكْرِهَو قَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيْمَانِ» ‹قرآن›:** قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەربۇنىڭدىن مۇستەسنا.

**أَكْرَى يُكْرِى إِكْرَاءً دَارَهُ:** ئۆيىنى ئىجارىگە بەردى.

**أَكْسَبَ يُكْسِبُ اِكْسَابًا فُلاَنًا مَالاً:** پايدىغا ئېرىشتۈردى، نەپ بەردى.

**أَكْسَبَ حَقًّا:** ھوقۇقدار قىلدى.

**«أَكْسَبَ الأُسْتَاذُ تِلْمِيذَهُ الْعِلْمَ»:** ئۇستاز شاگىرتىنى ئىلىمگە ئىگە قىلدى.

**«يُكْسِبُ التَّطْعِيْمُ الْجِسْمَ مَنَاعَةً ضِدَّ الْمَرَضِ»:** بەدەنگە ئوكۇل سېلىش كېسەلىگە قارشى كۈچ پەيدا قىلىدۇ.

**أَكْسَحُ م كَسْحَاءُ ج كُسْحٌ و كُسْحَانٌ:** راخىت كېسىلىگە دۇچار بولغۇچى، پارالىچ كېسىلىگە دۇچار بولغۇچى.

**رَجُلٌ أَكْسَحُ:** پالەچ ئادەم.

**أَكْسَدَ يُكْسِدُ إِكْسَادًا الْقَوْمُ:** بازىرى كاساتلاشتى، راۋاج تاپمىدى.

**أَكْسَدَتِ السُّوقُ:** بازار كاساتلاشتى، روناق تاپالمىدى.

**أَكْسَدَهُ:** تاشلىۋەتتى، تاشلاتقۇزىۋەتتى، ئۇنى داتلاشتۇردى.

**أَكْسَدَ الْمَادَّةَ:** ماددىنى ئوكسىدلاشتۇردى، دات باستۇردى.

**أَكْسَدَ يُكْسِدُ أَكْسَدَةً:** ئوكسىگېن ئارىلاشتۇردى.

**أُكْسِيدُ الْحَدِيدِ:** تۆمۈر ئوكسىدى، دات.

**أُكْسِيدُ الرَّصَاصِ:** ئالىيۇمىن ئوكسىدى.

uyghurkitap.com

**أَكْسَلَ يُكْسِلُ إِكْسَالاً الْأَمْرُ فُلَانًا:** ھورۇن قىلىپ قويدى، ھالىنى قويمىدى.

**أَكْسَى يُكْسِي إِكْسَاءً الثَّوْبَ:** كىيىم كىيگۈزدى.

**«أَكْسَى حَدِيثَهُ مُلَحًا وَنَوَادِرَ»:** ئۇ سۆزىگە يۇمۇر ۋە لەتىپىلەرنى قوشتى.

**أُكْسِيْجِين:** ئوكسىگېن.

**إِكْسِيْر:** ئارىلاشما ماددا (قەدىمقىلار ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر، مىستەك مەدەن مەھسۇلاتلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى، يەنە ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدىغان ئىچىملىك).

**إِكْسِيرُ الْحَيَاةِ:** قېرىماسلىق دورىسى.

**أَكْفَأَ يُكْفِئُ إِكْفَاءً الْإِنَاءَ:** قاچىنى ئۆرىدى، كۆمتۈردى، سىندۇردى.

**أَكْفَرَ يُكْفِرُ إِكْفَارًا الرَّجُلَ:** كاپىر دەپ قارىدى، كاپىرغا چىقاردى، كۇپۇرغا نىسبەت بەردى.

**أَكْفَرَهُ:** گۇناھقا مەجبۇرلىدى.

**أَكْفَسُ م كَفْسَاءُ ج كُفْسٌ:** مايماق پاچاق، پۇتى قىڭغىر.

**أَكْفَلَ يُكْفِلُ إِكْفَالاً:** كېپىل قىلدى، كاپالەتلىك قىلدى، كېپىل قىلدۇردى.

**أَكْفَلَ فُلَانًا مَالَهُ:** مېلىنى كېپىللىككە بەردى، ساقلاپ بېرىشكە بەردى.

**«فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِي فِي الْخِطَابِ» (قۇرئان):** قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقىنىمۇ ماڭا بەرگىن دەيدۇ، (ئارىمىزدا بۇ توغرىلىق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى.

**إِكْفِهْرَار:** قاراڭغۇ، تۇتۇق.

**إِكْفَهَرَّ يَكْفَهِرُّ إِكْفِهْرَارًا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇ بولدى، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

**إِكْفَهَرَّ السَّحَابُ:** بۇلۇت قويۇقلىشىپ ھاۋا قاراڭغۇلاشتى.

**إِكْفَهَرَّ وَجْهُهُ:** قاپىقى تۈرۈلدى، چىرايى تۇتۇلدى.

**أَكَّار ج أَكَرَة وَأَكَّارُونَ:** دېھقان، تېرىقچى.

**أَكَّاف:** ئۇچۇلۇقچى.

**أَكَّال:** قارنى يامان، كۆزى ئاچ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچكۈچى، ئوبقان.

**«سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ أَكَّالُونَ لِلسُّحْتِ» (قۇرئان):** ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، ھارامنى يېگۈچىلەردۇر.

**أَكَّدَ يُؤَكِّدُ تَأْكِيدًا الْأَمْرَ:** تەكىتلىدى، كۈچەيتتى.

**أَكَّدَ الْفَرَسَ:** ئاتنى ئېگەرلىدى.

**أَكَّدَ الْخَبَرَ:** تەكىتلىدى.

**أَكَّدَ صِحَّةَ النَّبَأِ:** ئۇ خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى تەكىتلىدى.

**أَكَّدَ الشَّائِعَاتِ:** ئۇ ئەپقاچتى گەپلەرنى ئىسپاتلىدى.

**«أَكَّدَ عَلَيْهِ ضَرُورَةَ حُضُورِهِ قَبْلَ مَوْعِدِ السَّفَرِ»:** ئۇنىڭغا سەپەرگە چىقىش ۋاقتىدىن بۇرۇن ھازىر بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

**أَكَّفَ يُؤَكِّفُ تَأْكِيفًا الْحِمَارَ:** ئېشەككە ئۇچۇلۇق توقۇدى.

**أَكَّلَ يُؤَكِّلُ تَأْكِيلًا الطَّعَامَ:** تاماقنى يېگۈزۈپ تويغۇزدى.

**أَكَلَ يَأْكُلُ أَكْلًا و مَأْكَلًا الطَّعَامَ:** تاماقنى چايناپ يۇتتى.

**أَكَلَ حَقَّهُ:** ھەققىنى يەۋالدى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئىگىلىۋالدى.

**أَكَلَتِ النَّارُ الشَّيْءَ:** ئوت بەربات قىلىۋەتتى.

**«وَ مِنْ كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا» (قۇرئان):** ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يېڭى گۆشلەرنى يەيسىلەر.

**«حَتَّى يَأْتِيَنَا بِقُرْبَانٍ تَأْكُلُهُ النَّارُ» (قۇرئان):** ئوت يەپ كېتىدىغان بىر قۇربانلىق كەلتۈرمىگۈچە...

**«أَكَلْتُ بِالْعُودَيْنِ»:** چوكا بىلەن تاماق يېدىم.

**أَكَلَ عَلَيْهِ الدَّهْرُ وَشَرِبَ:** ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى، كونىلىقتىن چىرىپ كەتتى.

**أَكَلَ الْمَالَ:** مالنى يەۋالدى.

**أَكَلَتِ الْأَرَضَةُ الْخَشَبَ:** ياغاچنى قۇرت يېدى.

**أَكَلَ عُمْرَهُ:** قېرىپ كەتتى.

**أَكَلَ لَحْمَهُ:** غەيۋىتىنى قىلدى.

**«يَعْلَمُ أَوْيَعْرِفُ مِنْ أَيْنَ تُؤْكَلُ الْكَتِفُ»:** ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ، ئىشنى ئەپلىيە-

لەيدۇ.

**أَكَلَ يَأْكُلُ أَكْلاً و أُكَالاً رَأْسُهُ:** بېشى قىچىشتى.

**أَكِلَ يَأْكَلُ أَكَلاً السِّنُّ:** قۇرت يېدى، چىرىدى.

**أَكْلٌ:** يېمەك.

**غُرْفَةُ الْأَكْلِ:** تاماقخانا، تاماق يەيدىغان ئۆي.

**قَاعَةُ الْأَكْلِ:** تاماقخانا.

**أُكُلٌ. أُكْلٌ ج آكَالٌ:** مېۋە، يېمەككلىكلەر، كەڭ رىزىق.

**«أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللّٰهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ» «قرآن»:** ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى – ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ.

**«آتَى أُكُلَهُ»:** مېۋە بەردى.

**أَكْلَأَ يُكْلِئُ إِكْلاءً الْمَكَانُ:** جاي ئوت – چۆپلۈك بولدى، ئوت – چۆپى مول بولدى.

**أَكْلَأَتِ النَّاقَةُ:** تۆگە ئوتلىدى.

**أُكَالٌ:** يەل تاشما، قىچىشقاق، قوتۇر.

**أَكْلَةٌ:** بىر ۋاقلىق.

**أُكْلَةٌ:** بىر چىشلەم، بىر پارچە، بىر لوقما.

**أَكَلَةٌ:** قارنى يامان، تويماس، ئوپقان.

**أَكْلَفُ م كَلْفَاءُ ج كُلْفٌ:** سەپكۈنلۈك، سەپكۈنى بار.

**أَكَلَّ يُكِلُّ إِكْلالاً الْعَمَلُ فُلاَناً:** خىزمەت ھارغۇزىۋەتتى، چارچىتىۋەتتى.

**أَكَلَّ الْبُكَاءُ بَصَرَهُ:** يىغا ئۇنىڭ كۆزىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

**إِكْلِيلٌ ج أَكَالِيلُ:** تاج؛ تىرناقنىڭ ئەتراپىدىكى گۆش؛ گۈلچەمبىرەك، گۈل ياپراقلىرى توپى؛ كۈن تۇتۇلغاندا قۇياش كۆرۈنىدىغان گەردىش.

**إِكْلِيلُ الزَّوَاجِ:** توي مۇراسىمىدا قىز بېشىغا كىيىدىغان گۈلچەمبىرەك.

**إِكْلِيلِيٌّ:** تاجلىق.

**اَلْعَظْمُ الْإِكْلِيلِيُّ:** ماڭلاي سۆڭىكى.

**شَرْيَانٌ إِكْلِيلِيٌّ:** ئارتېرىيە، قىزىل قان تومۇرى.

**إِكْمَالٌ:** تاماملىماق، تۈگەتمەك، كامالەتكە يەتكۈزمەك، ئورۇنلىماق.

**«سَتُرْسِلُنِي الْجَامِعَةُ لِإِكْمَالِ دِرَاسَتِي فِي الْخَارِجِ»:** ئۇنىۋېرسىتېت مېنى بىلىم ئاشۇرۇشقا چەتكە ئەۋەتىدۇ.

**أَكَمَةٌ ج أَكَمَاتٌ و أَكَمٌ ج آكَامٌ و أُكُمٌ وَإِكَامٌ:** دۆڭ، دۆڭلۈك، تۆپىلىك.

**وَرَاءَ الْأَكَمَةِ مَا وَرَاءَهَا:** بۇ يەردە ئويۇن بار (گۇمانلىق ئىش ياكى سۈيىقەست).

**«قَدْ أَيْقَنْتُ أَنَّ مَاوَرَاءَ الْأَكَمَةِ مَاوَرَاءَهَا»:** بۇنىڭدا ئويۇن بارلىقىغا تامامەن ئىشەندىم.

**أَكْمَدَ يُكْمِدُ إِكْمَادًا الْعُضْوَ:** ئەزاغا قىزىق لاتا بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزدى.

**أَكْمَدَ الْهَمُّ فُلاَنًا:** ھەسرەت چەكتۈردى، ئېچىندۇردى، ئازابلىدى.

**إِكْمَدَّ يَكْمَدُّ اِكْمِدَادًا:** ئۆڭدى، رەڭگى ئۆچتى، رەڭگى ئۆزگەردى.

**أَكْمَلَ يُكْمِلُ إِكْمَالاً الشَّيْءَ:** تاماملىدى، ئورۇنلىدى، تۈگەتتى، مۇكەممەللەشتۈردى.

**«اَلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ» «قرآن»:** بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم.

**أَكْمَلُ:** ئەڭ تولۇق، ئەڭ مۇكەممەل.

**«حَضَرَ الْأَنْصَارُ بِأَكْمَلِهِمْ»:** ياردەمچىلەر تولۇق ھازىر بولدى.

**بِأَكْمَلِهِ:** تولۇقى بىلەن، تولۇق رەۋىشتە، تامامەن، تەلتۆكۈس.

**«أَدَّاهُ عَلَى أَكْمَلِ وَجْهٍ»:** ئۇ تولۇق ئادا قىلدى.

**«عَمَّ الْبَرْدُ الْبِلاَدَ بِأَكْمَلِهَا»:** سوغۇق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بولدى.

**أَكَمَّ يُكِمُّ إِكْمَامًا الْقَمِيصَ:** كۆڭلەككە يەڭ ئورناتتى.

**أَكَمَّتِ النَّخْلَةُ:** خورما بوغۇن چىقاردى.

**أَكْمَنَ يُكْمِنُ إِكْمَانًا الشَّيْءَ:** يوشۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com

**أَكْمَهُ ج كَمْهَاءُ ج كُمْهٌ:** تۇغما كور، ئەما.

**كَلَأٌ أَكْمَهُ:** كۆز يەتمەس ئوتلاق.

**«وَتُبْرِئُ الْأَكْمَهَ وَالْأَبْرَصَ بِإِذْنِي» ‹قرآن›:** مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ.

**أُكْنَةٌ ج أُكَنٌ:** قۇش ئۇۋىسى.

**أَكْنَفَ يُكْنِفُ إِكْنَافًا الرَّجُلَ:** ياردەم قىلدى، ياردەم بەردى.

**أَكَنَّ يُكِنُّ إِكْنَانًا الشَّيْءَ:** يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

**«هُوَ لاَ يُكِنُّ لَكَ خَيْرًا»:** ئۇ ساڭا ياخشىلىقتىن باشقىنى كۆڭلىگە پۈكمەيدۇ.

**«وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَعْلَمُ مَا تُكِنُّ صُدُورُهُمْ وَمَا يُعْلِنُونَ» ‹قرآن›:** پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى شەك ـ شۈبھىسىز بىلىدۇ.

**«وَلاَجُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيْمَا عَرَّضْتُم بِهِ مِنْ خِطْبَةِ النِّسَاءِ اَوْ اَكْنَنْتُم فِى اَنْفُسِكُمْ» ‹قرآن›:** ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى پۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**أَكْنَى يُكْنِى إِكْنَاءً:** لەقەم قويدى، باشقا ئىسىم بىلەن ئاتىدى.

**أَكْوَعُ م كَوْعَاءُ ج كُوْعٌ:** جەينىكى چوڭ، مايماق جەينەك.

**أَكُوْلٌ:** قارنى يامان، كۆزى ئاچ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچكۈچى.

**أَكُولَةٌ ج أَكَائِلُ:** مەخسۇس سەمرىتىپ ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن بېقىلىدىغان ھايۋان، بورداق مال.

**أَكْوَمُ م كَوْمَاءُ ج كُومٌ:** لوككىسى چوڭ تۆگە.

**أَكِيْدٌ:** ئېنىق، مۇھەققەق.

**«هَذَا أَمْرٌ أَكِيْدٌ»:** بۇ بولسا ئېنىق بىر ئىش.

**«إِنَّهُ قَادِمٌ أَكِيدًا»:** ئۇ جەزمەن كېلىدۇ.

**أَكْيَسُ م كِيسَى وكُوسَا ج كِيسٌ:** ئەڭ چېچەن، ئەڭ زېرەك، ئەڭ ياخشى.

**أَكِيْلٌ:** قارنى يامان، تويماس، كۆزى ئاچ.

**أَلاَ:** ئەجەبا... ئەمەسمۇ؟ ... مۇ، قايتۇرما سوراقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ، ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

**«أَلاَ تَتَفَضَّلُ بِقَبُوْلِ دَعْوَتِنَا»:** تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلسىڭىزكەن.

**«أَلاَ تَتَوَحَّدُوْنَ لِمُقَابَلَةِ عَدُوِّكُمْ»:** دۈشمىنىڭلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشمەمسىلەر.

**«أَلاَ إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللّٰهِ لاَخَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُوْنَ» ‹قرآن›:** راستىنلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر.

**«أَلاَ تَكُفُّ عَنِ الْإِسَاءَةِ إِلَى أَهْلِكَ؟»:** سەن ئۆز ئائىلەڭلەردىكىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن توسالمامسەن.

**أَلاَ يَأْلُو أَلْوًا و أُلُوًّا وأَلِيًّا:** بوشاڭلىق قىلدى، بىپەرۋالىق قىلدى، ھورۇنلۇق قىلدى.

**«لاَ آلُوكَ نُصْحًا وَإِرْشَادًا»:** سەندىن نەسىھەت ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئايىمايمەن.

**«لاَ يَأْلُو خَيْرًا»:** ئۇ ياخشىلىق قىلىشقا سەل قارىمايدۇ.

**«لاَ يَأْلُو جُهْدًا»:** ئۇ تىرىشچانلىقنى ئايىمايدۇ.

**أَلاَحَ يُلِيْحُ إِلاَحَةً الشَّيْءُ:** ئايان بولدى، روشەن كۆرۈندى، كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى، ئاشكارا بولدى.

**أَلاَحَ الْبَرْقُ:** چاقماق چاقتى.

**أَلاَحَ النَّجْمُ:** يۇلتۇز پارلىدى.

**أَلاَحَ الْفَجْرُ وَالنَّهَارُ:** تاڭ ئاتتى، تاڭ يورىدى.

**أَلاَحَ الشَّخْصُ بِثَوْبِهِ:** باشقىلار يىراقتىن ئۇنى كۆرسۇن دەپ كىيىمىنى پۇلاڭلاتتى.

**أَلاَحَ بِسَيْفِهِ اَوْعَصَاهُ:** قىلىچى ياكى ھاسىسىنى پۇلاڭلاتتى.

**أَلاَحَ بِيَدِهِ أَوْ بِمِنْدِيْلِهِ:** قولىنى ياكى ياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى.

**أَلاَحَ الشَّيْءَ بِالنَّارِ:** ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتتى، پىشۇردى، كاۋاپ قىلدى.

**أَلاَمَ يُلِيمُ إِلاَمَةً الشَّخْصُ:** ئەيىبلىنىدىغان

ئىشنى قىلدى، مالامەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدى.

**أَلاَمَ الشَّخْصَ:** ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

**أَلاَنَ يُلِيْنُ إِلاَنَةً الشَّيْءَ:** يۇمشاتتى، سىلىقلاتتى، نازاكەتلىك قىلدى.

**«وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيْدَ» ‹قرآن›:** تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق.

**أَلاَنَ الْبَطْنَ:** قورسىقىنى بوشاتتى، ئىچىنى سۈردى.

**أَلاَنَ الْمَعْدَنَ:** مەدەننى يۇمشاتتى.

**«أَلاَنَ لِلْقَوْمِ جَنَاحَهُ»:** قەۋمىگە مۇلايىم بولدى، قەۋمىگە سىلىق مۇئامىلە قىلدى.

**«أَلاَنَ مَوْقِفَهُ مِنْ خَصْمِهِ»:** ئۇ دۈشمىنىگە بولغان مەيدانىنى يۇمشاتتى.

**إِلاَهٌ. إِلَهٌ ج آلِهَةٌ:** مەبۇد، تەڭرى، خۇدا.

**«وَلاَتَدْعُ مَعَ اللَّهِ اِلَهًا آخَرَ» ‹قرآن›:** ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلما.

**«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ»:** بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

**إِلَهُ الشِّعْرِ وَالْمُسِيقَى:** شېئىر، مۇزىكا ئىلاھى (قەدىمكى يۇنان ئېتىقادىدا).

**إِلَهُ الْخَصْبِ:** 7-ئاي (بابىللارنىڭ ئېتىقادىدا).

**إِلاَهَةُ الْخَصْبِ وَ الأُمُومَةِ:** قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ئېتىقادىدىكى ئىزىس ناملىق خۇداسى.

**إِلاَهِيٌّ:** ئىلاھىي، دىنىي؛ ئىلاھقا مەنسۇپ.

**اَلْحَقُّ الإِلاَهِيُّ:** ئىلاھىي ھوقۇق.

**اَلإِلاَهِيَّاتُ:** ئاللاھنىڭ زاتى ۋە سۈپىتىگە ئائىت نەرسىلەر.

**عِلْمُ الإِلاَهِيَّاتِ:** تېئولوگىيە، ئىلاھىيەت ئىلمى، ئىلاھشۇناسلىق.

**أَلأَمَ يُلْئِمُ اِلْئَامًا:** رەزىللىك قىلدى، پەسكەشلىك قىلدى، ئىپلاسلىق قىلدى، رەسۋالىق قىلدى.

**أَلأَمَ الشَّخْصُ:** پەسلىك قىلدى، بېخىللىق قىلدى؛ پەس باللارنى تۇغدى، بېخىل باللارنى تۇغدى.

**أَلأَمَ الشَّيْءَ:** تۈزەتتى، ساقايتتى.

**«أَلأَمَ الْمُمَرِّضُ الْجُرْحَ بِالدَّوَاءِ»:** سېستىرا يارىنى دورا بىلەن ساقايتتى.

**أَلَبَ يَأْلُبُ أَلْبًا:** يىغىلدى، توپلاندى.

**إِلْبٌ:** دۈشمەنلىشىش، ئۆچلىشىش.

**هُمْ عَلَيَّ إِلْبٌ:** ئۇلار بىرلىكتە ماڭا قارشى تۇردى.

**أَلَبَّ يُلِبُّ إِلْبَابًا الْغَرْسُ وَنَحْوُهُ:** دەرەخ مېۋىگە كىرىپ غورا بولدى، مېۋىگە كىرىپ ئۈچكە تۈگتى.

**أَلَبَّ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ:** تۇردى.

**«أَلَبَّ الْمُهَاجِرُونَ فِي ضَوَاحِي الْمَدِينَةِ»:** كۆچمەنلەر شەھەر ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى.

**أَلْبَتَّةَ:** قەتئىي، ئەلۋەتتە، ھەرگىز.

**أَلْبَثَ يُلْبِثُ إِلْبَاثًا:** ساقلاتتى.

**«أَلْبَثَهُ عَلَى بَابِ مَكْتَبِهِ طَوِيلاً»:** ئۇ ئۇنى ئىشخانىسى ئالدىدا ئۇزۇن ساقلاتتى.

**أَلْبَسَ يُلْبِسُ إِلْبَاسًا الشَّخْصَ ثَوْبًا:** كىيدۈردى، تون كىيدۈردى.

**أَلْبَسَ الشَّيْءُ الشَّيْءَ:** ياپتى، قاپلىدى، پۈركىدى، ئورىدى، يۆگىدى.

**أَلْبَسَ عَلَيْهِ الأَمْرُ:** مۇجمەل بولۇپ قالدى، ئېنىقسىز بولۇپ قالدى.

**«أَلْبَسَ النَّبَاتُ الأَرْضَ»:** زېمىننى ئۆسۈملۈك قاپلىدى.

**أَلْبَنَ يُلْبِنُ إِلْبَانًا الْقَوْمُ:** سۈتى كۆپەيدى.

**«يُلْبِنُ الْفَلاَّحُونَ فِي الرَّبِيعِ»:** باھار پەسلىدە دېھقانلارنىڭ سۈتى كۆپ بولىدۇ.

**اِلْتَاثَ يَلْتَاثُ اِلْتِيَاثًا الشَّخْصُ بِرِدَائِهِ:** رىداسىغا يۆگىنىۋالدى، چۈمكىنىۋالدى، ئورىنىۋالدى.

**اِلْتَاثَ الأَمْرُ:** قالايمىقان بولۇپ كەتتى، مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى، چىگىللىشىپ كەتتى، پاراكەندە بولۇپ كەتتى.

**«اِلْتَاثَ الثَّوْبُ بِالدَّمِ»:** كىيىم قان بىلەن بۇلغاندى.

**اِلْتَاعَ يَلْتَاعُ اِلْتِيَاعًا قَلْبُهُ:** سېغىنىش ياكى غەمدىن يۈرىكى كۆيدى، قەلبى ئۆرتەندى.

«اِلْتَاعَتْ لِفِرَاقِ زَوْجِهَا» : ئۇ ئېرىدىن ئايرىلـغانلىقى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئۆرتەندى.

**اِلْتِئَام:** زىچ بىرلەشمەك، چاپلاشماق، يېپىشماق.

**اِلْتَأَمَ يَلْتَئِمُ اِلْتِئَامًا:** چاپلاشتى، يېپىشتى، زىچ بىرلەشتى، تولۇقلاندى، تولدۇرۇلدى.

**اِلْتَأَمَ الشَّيْءُ الْفَاسِدُ:** ئوڭشالدى، تۈزەلدى.

**اِلْتَأَمَ الْجُرْحُ:** يارا ساقايدى، جاراھەت پۈتتى.

**اِلْتَأَمَ الشَّيْئَانِ:** بىر – بىرىگە ماس كەلدى، بىر – بىرىگە ئۇيغۇن كەلدى، بىر – بىرىگە لايىق كەلدى.

**اِلْتَأَمَ الْمَجْلِسُ:** ئېچىلدى، يىغىن ئېچىلدى.

**اِلْتَأَمَ الْقَوْمُ:** جەم بولدى، توپلاندى.

**اِلْتَأَمَ الثُّوَّارُ:** قوزغىلاڭچىلار توپلاندى.

«لَقَدْ اِلْتَأَمَ جُرْحُهُ أَخِيرًا» : ئۇنىڭ يارىسى ئاخىر ساقايدى.

«لَمْ يَلْتَئِمْ جُرْحُ رِجْلِهِ» : ئۇنىڭ پۇتىنىڭ جاراھىتى ساقايمىدى.

**اِلْتِبَاس:** تۇتۇق، ئېنىقسىز، خۇنۇك، مۇجمەل، غۇۋا، خىرە.

**اِلْتَبَدَ يَلْتَبِدُ اِلْتِبَادًا الشَّعْرُ وَالصُّوفُ:** يۇڭ چىگىلىشىپ كەتتى، چىرمىشىپ كەتتى.

**اِلْتَبَدَ الشَّجَرُ:** دەرەخنىڭ يوپۇرقى كۆپ بولدى.

**اِلْتَبَسَ يَلْتَبِسُ اِلْتِبَاسًا الشَّيْءُ بِالشَّيْءِ:** ئارىلاشتى، ئارىلىشىپ كەتتى، قوشۇلۇپ كەتتى، چىگىشلەشتى.

**اِلْتَبَسَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** ئۇنىڭغا مۇجمەل بولۇپ قالدى، چىگىش بولۇپ قالدى.

«اِلْتَبَسَ عَلَيْهِ الْحَقُّ بِالْبَاطِلِ» : ھەق – ناھەق ئارىلىشىپ كەتتى.

**اِلْتَبَسَ الظَّلَامُ:** قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

**اُلْتُبِسَ بِهِ:** ئېلىشىپ قالدى، ئەقلىدىن ئازدى.

**اِلْتَبَكَ يَلْتَبِكُ اِلْتِبَاكًا الْأَمْرُ:** قالايمىقان بولۇپ كەتتى، پاراكەندە بولۇپ كەتتى، ئارىلىشىپ كەتتى، چېچىلىپ كەتتى، ئېنىقسىز بولۇپ كەتتى.

«اِلْتَبَكَتْ عَلَيْهِ السُّبُلُ» : يوللار ئۇنىڭغا ئېنىقسىز بولۇپ قالدى.

**اِلْتَبَنَ يَلْتَبِنُ اِلْتِبَانًا:** سۈت ئەمدى.

«اِلْتَبَنَ الرَّضِيعُ مِنْ ثَدْيِ أُمِّهِ» : بوۋاق ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئەمدى.

**اِلْتَثَمَ يَلْتَثِمُ اِلْتِثَامًا الرَّجُلُ:** دالدا قىلدى، توسىۋالدى، ئورىۋالدى، شارپا بىلەن يۈزىنى يۆگىۋالدى.

**اِلْتِجَاءٌ:** ئىلتىجا قىلماق، سىغىنماق، پاناھ تىلىمەك.

**اِلْتَجَأَ يَلْتَجِئُ اِلْتِجَاءً إِلَى الْحِصْنِ أَوْ غَيْرِهِ:** پاناھلاندى، يوشۇرۇندى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، مۆكتى.

**اِلْتَجَأَ الشَّخْصُ إِلَى الْمَكَانِ:** پاناھلاندى، مۆكتى، يوشۇرۇندى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

**اِلْتَجَأَ الشَّخْصُ إِلَيْهِ:** تاياندى، يۆلەندى، ئىلتىجا قىلدى.

«اِلْتَجَأَتْ إِلَى جَارَتِهَا لِكَيْ تُسَاعِدَهَا» : ئۇ ياردەم بېرىشنى تىلەپ قوشنىسىغا ئىلتىجا قىلدى.

**اِلْتَجَّ يَلْتَجُّ اِلْتِجَاجًا الْبَحْرُ:** دېڭىز دولقۇنلىنىدى، مەۋج ئۇردى، ئۆركەشلىدى.

**اِلْتَجَّتِ الْأَصْوَاتُ:** ئاۋاز قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

**اِلْتَجَمَ يَلْتَجِمُ اِلْتِجَامًا الْحِصَانَ:** ئاتنى يۈگەنلىدى، نوقتىلىدى.

**اِلْتِحَام:** چاپلاشماق، يېپىشماق.

**اِلْتَحَدَ يَلْتَحِدُ اِلْتِحَادًا عَنِ الدِّينِ:** كاپىر بولدى، دىندىن چىقتى، مۇرتەد بولدى، ئاسىيلىق قىلدى.

**اِلْتَحَدَ الشَّخْصُ إِلَيْهِ:** ئاغدى، مايىل بولدى، بۇرالدى، تاياندى، يۆلەندى.

**اِلْتَحَدَ فِي الدِّينِ:** ئاسىيلىق قىلدى، دىندىن يۈز ئۆرۈدى.

**اِلْتَحَدَ السَّهْمُ عَنِ الْهَدَفِ:** ئوق نىشانغا تەگمىدى، نىشاندىن چەتنەپ كەتتى.

**اِلْتَحَدَ إِلَى الشَّيْءِ:** مايىل بولدى، يان باستى.

**اِلْتَحَفَ يَلْتَحِفُ اِلْتِحَافًا الشَّخْصُ:** يۆگىنىۋالدى، يېپىنىۋالدى.

«اِلْتَحَفَتِ الْمَرْأَةُ عِنْدَ خُرُوجِهَا مِنَ الْبَيْتِ» : ئايال ئۆيدىن چىققان چاغدا يۆگىنىۋالدى.

**اِلْتَحَقَ يَلْتَحِقُ اِلْتِحَاقًا بِهِ:** يېتىشىۋالدى، قوشۇلدى، كىردى، ئىشتىراك قىلدى، ئۇلگۇردى.

**«اِلْتَحَقَ الْمُسَافِرُ بِالْقِطَارِ»:** يولۇچى پويىزغا ئۇلگۇردى.

**«اِلْتَحَقَ بِكُلِّيَّةِ الطِّبِّ»:** ئۇ تېبىبىي فاكۇلتېتقا كىردى.

**اِلْتَحَقَتْ أَخْبَارُ الْعَائِلَةِ:** ئائىلىنىڭ خەۋەرلىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

**«اِلْتَحَقَتْ بِهِ الْمَصَائِبُ»:** ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتتى.

**اِلْتَحَقَتْهُ الْخَسَارَةُ:** زىيان تارتتى، زىيانغا ئۇچرىدى.

**اِلْتَحَمَ يَلْتَحِمُ اِلْتِحَامًا الْجُرْحُ:** يارا ساقايدى، پۈتتى.

**اِلْتَحَمَ الْحَرْبُ:** ئۇرۇش كۈچەيدى.

**اِلْتَحَمَ الْجَيْشَانِ:** ئىككى قوشۇن گىرەلىشىپ كەتتى.

**اِلْتَحَمَ الْمُوَاطِنُونَ:** ۋەتەنداشلار بىرلەشتى، ئىتتىپاقلاشتى.

**اِلْتَحَى يَلْتَحِي اِلْتِحَاءً الشَّابُّ:** يىگىت ساقال قويۇۋالدى.

**اِلْتَخَى يَلْتَخِي اِلْتِخَاءً الشَّخْصُ:** بۇرنى ياكى ئاغزىغا دورا تېمىتتى.

**«اِلْتَخَتْ وِقَايَةً مِنَ الزُّكَامِ»:** ئۇ زۇكامدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇرنىغا دورا تېمىتتى.

**اِلْتَذَّ يَلْتَذُّ اِلْتِذَاذًا الشَّيْءَ وَبِهِ:** تەمىنى تېتىدى، ھۇزۇرلاندى، لەززەتلەندى، لەززەتلىك ھېس قىلدى، مەززە قىلدى.

**اِلْتَذَذْتُ بِالْعَشَاءِ:** كەچلىك تاماق بىلەن مەززە قىلدىم.

**«تَلْتَذُّ بِحَدِيثِ اِبْنِهَا»:** ئۇ ئوغلىنىڭ سۆزى بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

**اِلْتَذَعَ يَلْتَذِعُ اِلْتِذَاعًا الشَّخْصُ:** كۆيدۈرۈپ ئاغرىدى.

**اِلْتَذَعَ الْجُرْحُ:** جاراھەت ئېچىشىپ ئاغرىدى.

**اِلْتِزَامٌ:** ئىلاجسىز، ئامالسىز، نائىلاج، مەجبۇرىي، زورمۇ زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە [illegible] ۋەزىپە يۈكلىمەك.

**وَفَّى بِالْتِزَامِهِ:** ئۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى.

**اِلْتِزَامُ الْأَدِيبِ:** ئەدىبنىڭ مەسئۇلىيىتى.

**اِلْتِزَامًا:** ھۆددە قىلىپ، ھۆددىگە ئېلىپ، كۆتۈرىگە ئېلىپ.

**«أَخَذَتْ عَلَى نَفْسِهَا اِلْتِزَامًا كِتَابِيًّا»:** ئۇ يازما مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

**اِلْتِزَامَاتٌ:** ۋەزىپە، بۇرچ، مەجبۇرىيەت، تېگىشلىك ئىش، تەنھا ئىگىلىۋالماق، مەخسۇس پايدىلىنىش ھوقۇقى، ھۆددىگە ئالماق.

**اِلْتَزَّ يَلْتَزُّ اِلْتِزَازًا بِهِ:** يېپىشتۇرۇلدى، چاپلاشتۇرۇلدى.

**اِلْتَزَقَ يَلْتَزِقُ اِلْتِزَاقًا بِالشَّيْءِ:** چاپلىنىشىپ قالدى.

**اِلْتَزَمَ يَلْتَزِمُ اِلْتِزَامًا الشَّخْصُ الْأَمْرَ أَوْ بِالْأَمْرِ:** مەجبۇر بولدى، چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ئۈستىگە ئالدى.

**اِلْتَزَمَ بِنَاءَ مَسْجِدٍ فِي حَيِّهِ:** ئۇ ئۆز رايونىدا مەسچىت سېلىشنى ئۈستىگە ئالدى.

**اِلْتَزَمَ الْعَمَلَ وَالتِّجَارَةَ:** ئەمگەك ۋە تىجارەتنى ئۈستىگە ئالدى.

**«اِلْتَزَمَ بِدَفْعِ مَبْلَغٍ مِنَ الْمَالِ كُلَّ شَهْرٍ لِلْفُقَرَاءِ»:** ئۇ كەمبەغەللەرگە ئېيىغا مۇئەييەن مىقداردا پۇل ـ مال بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى.

**اِلْتَزَمَ الْكِتْمَانَ:** مەخپىيەتلىكنى ساقلىدى.

**«حَانَ لَنَا أَنْ نَلْتَزِمَ بِمَا نُصْدِرُهُ مِنْ قَرَارَاتٍ»:** بىز چىقارغان قارارلىرىمىزغا ئەمەل قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

**اِلْتَصَقَ يَلْتَصِقُ اِلْتِصَاقًا الشَّيْءُ بِالشَّيْءِ:** يېپىشتى، چاپلاشتى.

**اِلْتَصَقَ بِالشَّيْءِ:** تۇتاشتى، چاپلاشتى، يېپىشتى، بىرىكتى، ئۇيۇشتى، بىرلەشتى.

**اِلْتَصَقَ الشَّخْصُ بِهِ:** يېپىشتى.

**«اِلْتَصَقَتْ أَجْزَاءُ الطَّاوِلَةِ بِبَعْضِهَا»:** ئۈستەلنىڭ بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتى.

**«يَلْتَصِقُ الصَّبِيُّ بِأُمِّهِ»:** بالا ئاپىسىغا چاپلىشىۋالىدۇ.

**اِلْتَطَعَ يَلْتَطِعُ اِلْتِطَاعًا:** يالىدى.

**اِلْتَطَمَ يَلْتَطِمُ اِلْتِطَامًا الْأَمْوَاجُ:** دولقۇنلار گىرەلىشىپ كەتتى.

**«اِلْتَطَمَ التَّلَامِيذُ فِي سَاحَةِ الْمَدْرَسَةِ»:** مەكتەپ مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار ئۇرۇشتى.

**اِلْتَطَمُوا:** بىر ـ بىرىنى كاچاتلىدى.

**اِلْتَظَى يَلْتَظِي اِلْتِظَاءً النَّارُ:** ئوت لاۋۇلدىدى، قاتتىق قىزىپ كەتتى.

**اِلْتَعَجَ يَلْتَعِجُ اِلْتِعَاجًا:** بېشىغا كەلگەن غەمدىن بىئارام بولدى.

**اِلْتِفَاتٌ:** بۇرۇلۇپ قارىماق، ئەتراپقا نەزەر سالماق، ئۇيان ـ بۇيان قارىماق؛ دىققەت قىلماق، قارىماق، ھالىدىن خەۋەر ئالماق، كۈتمەك، باقماق، غەمخورلۇق قىلماق.

**عَدَمُ الْاِلْتِفَاتِ:** كۆڭۈل بۆلمەسلىك، كارى بولماسلىق، بىپەرۋالىق، دىققەتسىزلىك، بىخەستەلىك قىلماق.

**بِلاَ اِلْتِفَاتٍ:** كۆڭۈل بۆلمەي، دىققەت قىلماي، پەخەس بولماي.

**«نَظَرَ إِلَيْهِ بِعَيْنِ الْاِلْتِفَاتِ»:** ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆزى بىلەن قارىدى.

**بِلاَ اِلْتِفَاتٍ إِلَى:** ... غا قارىماستىن، مەيلى ... بولسۇن... بىلەنمۇ... بولسىمۇ، ... دىن قەتئىينەزەر.

**أَمْرٌ جَدِيرٌ بِالْاِلْتِفَاتِ:** كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدىغان ئىش.

**اِلْتِفَاتَةٌ ج اِلْتِفَاتَاتٌ:** بۇرۇلۇپ قاراش، كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا قاراش، بىر قاراش، بىرنەزەر تاشلاش.

**اِلْتِفَاتَةٌ كَرِيمَةٌ مِنْ جَلاَلَةِ الْمَلِكِ:** پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قىممەتلىك غەمخورلۇقى.

**أَعَارَهُ اِلْتِفَاتَةً:** ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش يۈزىسىدىن ئارىيەت بەردى.

**اِلْتِفَافٌ:** ئورىۋالماق، يۆگىۋالماق.

**اِلْتَفَتَ يَلْتَفِتُ اِلْتِفَاتًا الشَّخْصُ:** بۇرۇلۇپ قارىدى، ئوڭ ـ سولغا قارىدى.

**«فَاسْرِ بِأَهْلِكَ بِقِطْعٍ مِنَ اللَّيْلِ وَلاَ يَلْتَفِتْ مِنْكُمْ أَحَدٌ» ‹قرآن›:** ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن.

**«اِلْتَفِتْ قَبْلَ أَنْ تَجْتَازَ الطَّرِيقَ»:** يولدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئوڭ ـ سول تەرىپىڭگە قارا!

**«اِلْتَفَتَ الْوَزِيرُ إِلَى تَحْسِينِ الْوَضْعِ الصِّحِّيِّ فِي الْمُسْتَشْفَيَاتِ»:** مىنىستىر دوختۇرخانىلاردىكى ساقلىقنى ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلدى.

**«أَسَاءَ إِلَيْهِ فَالْتَفَتَ عَنْهُ»:** ئۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىۋىدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.

**«اِلْتَفَتَ يَمْنَةً و يَسْرَةً»:** ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى، ئۇيان ـ بۇيان قارىدى، ئوڭ ـ سولغا قارىدى.

**اِلْتَفَتَ إِلَى كَذَا:** دىققەت قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى؛ قارىدى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى، كۈتتى، باقتى، باشقۇردى، غەمخورلۇق قىلدى، كۆيۈندى.

**«اِلْتَفَتَ الشَّخْصُ إِلَى الشَّيْءِ»:** كۆڭۈل بۆلدى.

**اِلْتَفَتَ الشَّخْصُ عَنْهُ:** ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.

**اِلْتَفَعَ يَلْتَفِعُ اِلْتِفَاعًا الْأَرْضُ:** مايسا تەكشى بولدى.

**اِلْتَفَّ يَلْتَفُّ اِلْتِفَافًا الشَّيْءُ:** قويۇق بولدى، غۇجىمەك بولۇۋالدى، توپ بولۇۋالدى.

**«اِلْتَفَّ الشَّجَرُ بِالْحَدِيقَةِ»:** باغدىكى دەرەخ بۈك ـ باراقسان بولۇپ كەتتى.

**اِلْتَفَّ الشَّخْصُ بِثَوْبِهِ:** شەخس كىيىمىگە يۆگىنىۋالدى، ئورىنىۋالدى.

**اِلْتَفَّ بِعَبَائَتِهِ:** تونىغا يۆگىنىۋالدى.

**اِلْتَفَّ حَوْلَهُ الْقَوْمُ:** قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى، مەدەتكار بولدى، مەدەت قىلدى، ياردەم بەردى.

**«اِلْتَفَّ حَوْلَهُ أَتْبَاعُهُ فِي الْاِنْتِخَابَاتِ»:** سايلامدا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى.

**اِلْتَفَّ عَلَيْهِ الْقَوْمُ:** ئەتراپىغا يىغىلدى، ئەتراپىغا ئولاشتى، ئەتراپىغا توپلاندى.

**اِلْتِقَاءٌ:** ئۇچراشماق.

**اِلْتِقَاطٌ:** تېرىۋالماق، يىغىۋالماق.

**اِلْتِقَاطُ صُورَةٍ جَمَاعِيَّةٍ:** كوللېكتىپ رەسىمگە تارتىش.

uyghurkitap.com

**اِلْتِقَامٌ:** يۇتماق، يېمەك.

**اِلْتَقَحَ يَلْتَقِحُ اِلْتِقَاحًا الأُنْثَى:** چىشى هايۋان بوغاز بولدى، ئۇرۇقلاندى.

**اِلْتَقَطَ يَلْتَقِطُ اِلْتِقَاطًا:** يەردىن تېرىۋالدى، توپلىدى، جۇغلىدى.

**«يَلْتَقِطْهُ بَعْضُ السَّيَّارَةِ» ‹قرآن›:** ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن.

**«فَالْتَقَطَهُ آلُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّاوحَزَنًا» ‹قرآن›:** پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى.

**«اِلْتَقَطَ الدِّيكُ الْحَبَّ»:** خوراز دان تېرىپ يېدى.

**اِلْتَقَطَ الزَّيْتُونَ:** زەيتۇننى يىغدى.

**اِلْتَقَطَ الإِذَاعَةَ:** رادىئو ئاڭلىدى.

**اِلْتَقَطَ الصُّورَةَ:** سۈرەت تارتتى، رەسىم تارتتى.

**«اِلْتَقَطَ لَهَا صُورَةً جَمِيلَةً»:** ئۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر سۈرەت تارتىپ بەردى.

**«لَمْ تُتَحْ لَهُ فُرْصَةٌ لِيَلْتَقِطَ أَنْفَاسَهُ»:** ئۇنىڭغا تىنغۇدەك پۇرسەت بولمىدى.

**اِلْتَقَفَ يَلْتَقِفُ اِلْتِقَافًا الشَّيْءَ:** قولغا ئالدى، تۇتتى، تۇتىۋالدى، تېز تۇتىۋالدى.

**«يَلْتَقِفُونَ كُرَةَ السَّلَّةِ»:** ئۇلار ۋاسكېتبولنى تۇتىۋالماقتا.

**اِلْتَقَمَ يَلْتَقِمُ اِلْتِقَامًا:** يۇتتى.

**«فَالْتَقَمَهُ الْحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٌ» ‹قرآن›:** ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتىۋەتتى، ئۇ ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى.

**اِلْتَقَمَ الشَّخْصُ الطَّعَامَ:** تاماقنى يۇتتى.

**اِلْتَقَمَ أُذُنَهُ:** كۇسۇلداشتى، پىچىرلاشتى، قۇلىقىغا گەپ قىلدى.

**اِلْتَقَى يَلْتَقِي اِلْتِقَاءً:** يولۇقۇپ قالدى، ئۇچرىشىپ قالدى، كۆرۈشتى، ماس كەلدى، يىغىلدى، توپلاندى.

**اِلْتَقَى الْحَبِيبَانِ:** ئىككى دوست ئۇچراشتى.

**«مَرَجَ الْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ بَيْنَهُمَا بَرْزَخٌ لاَ يَبْغِيَانِ» ‹قرآن›:** ئۇ ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

**اِلْتَقَى الْجَيْشَانِ:** ئىككى قوشۇن توقۇنۇشۇپ قالدى، ئۇرۇشۇپ گىرەلىشىپ كەتتى.

**اِلْتَقَى الشَّيْئَانِ:** ئۇچراشتى، روبىرو بولۇشتى، جەم بولدى.

**اِلْتَكَّ يَلْتَكُّ اِلْتِكَاكًا الْعَسْكَرُ:** ئەسكەر زىچ توپلاندى، گىرەلىشىپ كەتتى، قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتتى.

**اِلْتَكَّ الشَّخْصُ فِي كَلاَمِهِ:** سۆزىدە خاتالاشتى.

**اِلْتِمَاسٌ:** تەلەپ قىلماق، ئىلتىماس قىلماق.

**اِلْتَمَحَ يَلْتَمِحُ اِلْتِمَاحًا الشَّيْءَ:** نەزەر تاشلىدى، قاراپ قويدى.

**اِلْتَمَسَ يَلْتَمِسُ اِلْتِمَاسًا الشَّخْصُ الشَّيْءَ مِنْ:** ئىلتىماس قىلدى، ئۆتۈندى، ئۆتۈنۈپ سورىدى، مۇراجىئەت قىلدى، تەلەپ قىلدى، تىلىدى.

**«قِيلَ ارْجِعُوا وَرَاءَكُمْ فَالْتَمِسُوا نُورًا» ‹قرآن›:** ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ.

**«تَلْتَمِسُ مِنْهَا مُسَاعَدَةً»:** ئۇ ئۇنىڭدىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى.

**اِلْتَمَسَ مِنْهُ عَمَلاً:** ئۇنىڭدىن خىزمەت تەلەپ قىلدى.

**اِلْتَمَسَ لَهُ عُذْرًا:** ئۆزرە ئېيتتى.

**اِلْتَمَعَ يَلْتَمِعُ اِلْتِمَاعًا الْبَرْقُ:** چاقماق يورىدى، چاقماق ۋالىلدىدى.

**اِلْتَمَعَ الشَّخْصُ الشَّيْءَ:** ئوغرىلىقچە ئېلىۋالدى.

**«اِلْتَمَعَ لَوْنُهَا خَوْفًا»:** ئۇ قورقۇنچتىن تاتىرىپ كەتتى.

**اِلْتَمَّ يَلْتَمُّ اِلْتِمَامًا فُلاَنًا:** زىيارەت قىلىدى، يوقلىدى.

**اِلْتِهَابٌ:** كۆيمەك، يانماق، قىزىپ كەتمەك، بىردىنلا ئوت ئېلىپ كەتمەك، ياللۇغلانماق، شەلۋەرىمەك.

**اِلْتِهَابُ الْعَيْنِ:** كۆز ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الأُذُنِ:** قۇلاق ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْمَفَاصِلِ:** بوغۇم ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْبِلْيُورَا:** كۆكرەك پەردە ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْجُفُونِ:** كۆز قاپىقى ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الرِّئَةِ:** ئۆپكە ياللۇغى، زاتىل.

**اِلْتِهَابُ الزَّائِدَةِ الدُّودِيَّةِ:** سوقۇرئۈچەي ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْكِلَي:** بۆرەك ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْأَدَمَةِ:** تېرە ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ بِطَانَةِ الْقَلْبِ:** يۈرەك ئىچكى پەردە ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ التَّأْمُورِ:** يۈرەك قېپى ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الشُّعَبِ:** كاناىچە ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ اللَّوْزَتَيْنِ:** ئانگىنا، بادامسىمان بەز ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْمَعِدَةِ:** ئاشقازان ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ اللَّوْزَتَيْنِ التَّقَيُّحِيُّ:** يىرىڭلىق بادام بەز ياللۇغى.

**اِلْتِهَابُ الْكَبَدِ الْمُزْمِنُ:** ئاستا خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى.

**قَابِلُ الْاِلْتِهَابِ:** ئوت ئالىدىغان، يانىدىغان.

**سَرِيعُ الْاِلْتِهَابِ:** ئاسان ئوت ئالىدىغان، تېز يانىدىغان.

**اِلْتِهَابِيٌّ:** ياللۇغلىنىشچانلىق، ئاسان ياللۇغلىنىدىغان.

**اِلْتَهَبَ يَلْتَهِبُ اِلْتِهَابًا النَّارُ:** ئوت ياندى، كۆيدى، لاۋۇلدىدى، يالقۇنلىدى.

**اِلْتَهَبَ غَيْظًا:** قاتتىق ئاچچىقلاندى، چىچاڭشىپ كەتتى.

**اِلْتَهَبَتِ الْأُذُنُ:** قۇلاق ياللۇغلاندى.

**اِلْتَهَبَ عَطَشًا:** قاتتىق ئۇسسىدى، چاڭقاپ كەتتى.

**فُلَانٌ يَلْتَهِبُ جُوعًا:** پالانىنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتتى.

**اِلْتَهَمَ يَلْتَهِمُ اِلْتِهَامًا الشَّيْءَ:** بىر يولىلا يۇتىۋەتتى، يالماپلا يۇتىۋەتتى.

**«يَلْتَهِمُ الْجَوْعَانُ الطَّعَامَ اِلْتِهَامًا»:** ئاچ ئادەم تاماقنى يالماپ يۇتىدۇ.

**اِلْتَهَى يَلْتَهِي اِلْتِهَاءً بِكَذَا:** كۆڭۈل ئاچتى، تاماشا قىلدى، ئوينىدى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى.

**اِلْتَهَى عَنْ كَذَا:** دىققىتى بۆلۈندى، دىققىتى باشقا ياققا بۇرالدى.

**اِلْتِوَاءٌ:** ئەگرى، ئەگرى ـ بۈگرى؛ قىڭغىر ـ سىڭغىر، تۈگۈلمەك، تولغانماق، چىقىش (سۆڭەك بوغۇملىرىنىڭ ئورنىدىن ) چىقىپ كېتىشى.

**اِلْتَوَى يَلْتَوِي اِلْتِوَاءً عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** قىيىنلىشىپ كەتتى، تەسلىشىپ كەتتى، چىگىش بولۇپ كەتتى، مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

**اِلْتَوَى الثُّعْبَانُ:** يىلان يۆگەلدى، تۈگۈلدى، ئورالدى، چىرماشتى، يىغىلدى، تولغاندى.

**اِلْتَوَى الْحَبْلُ:** ئارغامچا ئېشىلدى.

**اِلْتَوَى الشَّيْءُ:** قىڭغىر بولدى، ئەگرى بولدى، قىيسايدى، سىڭايان بولدى.

**«اِلْتَوَتِ الطَّرِيقُ عِنْدَ سَفْحِ الْجَبَلِ»:** تاغ باغرىدىكى يول ئەگرى بولدى.

**اِلْتَوَتْ عَلَيْهِ السُّبُلُ:** يوللار قىيىنلاشتى، تەسلەشتى.

**أَلْثَغُ م لَثْغَاءُ ج لُثْغٌ:** تىلى كەمتۈك، كېكەچ، دۇدۇقلىغۇچى.

**أَلْثَى يُلْثِي إِلْثَاءً:** يېلىم ئاقتى.

**إِلْجَاءٌ:** ساقلىماق، ئاسرىماق؛ زورلىماق؛ قانات ئاستىغا ئالماق.

**أَلْجَأَ يُلْجِئُ إِلْجَاءً:** قوغدىدى، مۇھاپىزەت قىلدى، هامىيلىق قىلدى، قانات ئاستىغا ئالدى، يان باستى؛ زورلىدى، مەجبۇرلىدى.

**أَلْجَأَ الشَّخْصَ إِلَى كَذَا:** مەجبۇرلىدى، بېسىم قىلدى، زورلىدى.

**أَلْجَأَ أَمْرَهُ إِلَى اللّٰهِ:** ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردى.

**أَلْجَأَهُ فِي الْحِصْنِ:** ئۇنى قورغاندا قوغدىدى.

**«أَلْجَأَهُ مِنَ الْجُوعِ»:** ئۇ ئۇنى ئاچلىقتىن ساقلىدى.

**«أَلْجَأَ الدَّائِنُ فُلَانًا إِلَى بَيْعِ دَارِهِ لِخَلَاصِ دَيْنِهِ»:** قەرز ئىگىسى پالانىنى قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قورۇسىنى سېتىشقا زورلىدى.

**أَلَجَّ يَلِجُّ إِلْجَاجًا الْقَوْمُ:** دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە سەپەر قىلدى.

**أَلْجَمَ يُلْجِمُ إِلْجَامًا الدَّابَّةَ:** ئۇلاغنى يۈگەنلىدى، نوقتىلىدى.

**أَلْجَمَ الشَّخْصَ عَنْ حَاجَتِهِ:** توستى، چەكلىدى، جىم تۇرغۇزدى.

**«تَكَلَّمَ فَأَلْجَمْتُهُ» :** ئۇ سۆزلىگەندى، مەن ئۇنى سۈكۈت قىلدۇردۇم، سۆزلىگەندى، مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدۇم.

**إِلْحَاحٌ:** قاتتىق تەلەپ قىلماق، تەلەپىدە چىڭ تۇرۇۋالماق.

**إِلْحَادٌ:** ھەقىقەتتىن چەتنەش، دىندىن يۈز ئۆرۈش، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىش.

**«وَمَنْ يُرِدْ فِيهِ بِإِلْحَادٍ بِظُلْمٍ» «قرآن» :** كىمكى (مەسچىتى ھەرەمدە) زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن.

**إِلْحَادِيٌّ:** كاپىرلىق قىلماق، دەھرىيلىك قىلماق؛ مېيىتنى كۆممەك.

**إِلْحَافٌ:** چۆمكىمەك، يۆگىمەك؛ تەكرار سوراپ تۇرۇۋالماق.

**«تَعْرِفُهُمْ بِسِيْمَاهُمْ لاَيَسْئَلُوْنَ النَّاسَ إِلْحَافًا» «قرآن» :** ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ.

**إِلْحَاقٌ:** ئۇلىماق، تۇتاشتۇرماق، بىرلەشتۇرمەك.

**إِلْحَاقَاتٌ:** قوشۇمچە، تولۇقلىما.

**أَلَحَّ يُلِحُّ إِلْحَاحًا فِي السُّؤَالِ:** ... دەپ تۇرۇۋالدى، قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى، بىزەڭلىك بىلەن سورىدى.

**أَلَحَّ الشَّخْصُ عَلَى الشَّيْءِ:** داۋاملاشتۇردى، چىڭ تۇردى.

**أَلَحَّ فِي الْمُطَالَبَةِ بِدَيْنٍ:** قەرزنى سۈيلەپ كەتتى، ھەيدەكچىلىك قىلدى، قىستىدى.

**أَلَحَّ السَّحَابُ:** يامغۇر توختىماي ياغدى.

**«أَلَحَّ عَلَى طَلَبِ عَمَلٍ» :** ئۇ ئىش تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالدى.

**أَلَحُّ م لَحَّاءُ ج لُحٌّ:** چاپاق.

**أَلْحَدَ يُلْحِدُ إِلْحَادًا الْمَيِّتَ:** مېيىتنى كۆمدى، دەپنە قىلدى، يەرلىككە قويدى.

**أَلْحَدَ الشَّخْصُ عَنِ الدِّيْنِ:** دىندىن چىقتى، دىنسىز بولدى.

**أَلْحَدَ الشَّخْصُ عَنِ الْحَقِّ:** ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتتى، ئېزىپ كەتتى.

**«إِنَّ الَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِي آيَاتِنَا لاَ يَخْفَوْنَ عَلَيْنَا» «قرآن» :** شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار بىزگە مەخپىي قالمايدۇ.

**أَلْحَفَ يُلْحِفُ إِلْحَافًا الشَّخْصُ فِي الطَّلَبِ:** قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى، قەتئىي تەلەپ قىلدى.

**أَلْحَفَهُ الثَّوْبَ:** ئۇنىڭغا كىيىم كىيدۈردى، ئۇنى چۆمكىدى، ئۇنى يۆگىدى.

**أَلْحَقَ يُلْحِقُ إِلْحَاقًا بِهِ:** يېتىشىۋالدى.

**أَلْحَقَهُ بِهِ:** قوشتى، قوشۇۋەتتى.

**«رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ» «قرآن» :** پەرۋەردىگارىم! ماڭا ـ ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن.

**أَلْحَقَ بِهِ عِقَابًا:** ئۇنى جازالىدى.

**أَلْحَقَ بِهِ الضَّرَرَ:** ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزدى.

**أَلْحَقَ الْعَدَّاءُ بِزَمِيلِهِ:** يۈگۈرگۈچى ھەمراھىغا يېتىشىۋالدى.

**«أَلْحَقَهُ بِقَائِمَةِ الْمُرَشَّحِيْنَ» :** ئۇنى نامزاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

**«أَلْحَقَ الْمُدِيرُ فُلاَنًا بِإِدَارَةِ الْحِسَابَاتِ» :** مۇدىر پالانىنى بوغالتىرلىق ئىدارىسىغا كىرگۈزدى.

**أَلْحَنَ يُلْحِنُ إِلْحَانًا الشَّخْصُ فِى كَلاَمِهِ:** خاتا سۆزلىدى.

**«كَثِيرًا مَا يُلْحِنُ فِى خُطَبِهِ» :** ئۇ نۇتۇقلىرىدا كۆپىنچە خاتا تەلەپپۇز قىلىدۇ.

**أَلْحَى:** ئۇزۇن ساقال.

**رَجُلٌ أَلْحَى:** ئۇزۇن ساقال ئادەم.

**أَلْخَصُ م لَخْصَاءُ ج لُخْصٌ:** قاپىقى يوغان، قاپىقى ساڭگىلاپ قالغان، غورا قاپاق.

**أَلْخَنُ م لَخْنَاءُ ج لُخْنٌ:** بەدىنى پۇرايدىغان

www.uyghurkitap.com

ئادەم.

**أَلَدَّ يُلِدُّ إِلْدَادًا ـ هُ:** قاتتىق دۈشمەن ھېسابلىدى.

**أَلَدُّ م لَدَّاءُ ج لُدٌّ ولِدَادٌ:** ئەشەددى رەقىب.

**«وَيُشْهِدُ اللّٰهَ عَلَى مَا فِي قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ» ‹قرآن›:** ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا، تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ (ساختا ۋە ساختا ئەگۈشكۈچىلەرگە) ئەشەددى دۈشمەندۇر.

**عَدُوٌّ أَلَدُّ:** ئەشەددى دۈشمەن.

**أَلْدَغُ م لَدْغَاءُ ج لُدْغٌ:** كېكەچ، تىلى كەمتۈك.

**أَلْدَى يُلْدِى إِلْدَاءً الشَّخْصُ:** تەك تۇغۇشلىرى كۆپ بولدى.

**إِلْزَامٌ:** مەجبۇر قىلماق، زورلىماق، تاڭماق، قىستىماق.

**إِلْزَامُ الشَّبَابِ بِالْخِدْمَةِ الْعَسْكَرِيَّةِ:** ياشلارنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇرلاش.

**إِلْزَامِيٌّ:** مەجبۇرلۇق، زورلۇق، بۇرچ، ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت.

**اَلتَّعْلِيمُ الْإِلْزَامِيُّ:** مەجبۇرىي مائارىپ.

**إِلْزَامِيَّةٌ:** ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت، بۇرچ، جاۋابكارلىق، مەسئۇلىيەت، مەسئۇلىيەتچانلىق.

**اَلْخِدْمَةُ الْإِلْزَامِيَّةُ:** مەجبۇرىي خىزمەت.

**أَلْزَقَ يُلْزِقُ إِلْزَاقًا:** يېپىشتۇردى، چاپلاشتۇردى، يەملىدى.

**أَلْزَمَ يُلْزِمُ إِلْزَامًا خَصْمَهُ:** رەقىبىنى مات قىلدى، دۈشمىنىنى پاكىت بىلەن يەڭدى.

**«وَأَلْزَمَهُمْ كَلِمَةَ التَّقْوَى وَكَانُوا أَحَقَّ بِهَا وَأَهْلَهَا» ‹قرآن›:** ئۇلارغا تەقۋا كەلىمىسىنى (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى) ئىختىيار قىلدى، مۆمىنلەر تەقۋا كەلىمىسىگە ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى.

**أَلْزَمَ الشَّخْصَ الشَّيْءَ:** مەجبۇرلىدى، زورلىدى، قىستىدى، مەجبۇر قىلدى.

**«أَلْزَمَ الطَّبِيبُ الْمَرِيضَ الْفِرَاشَ»:** دوختۇر كېسەلنى ئورنىدىن تۇرماسلىققا مەجبۇرلىدى.

**أَلْزَمَهُ بِكَذَا:** مەسئۇلىيەتنى ئارتتى، جاۋابكارلىقنى ئارتتى.

**أَلْزَمَهُ الْمَالَ وَبِهِ:** پۇل تاپشۇردى، پۇل بەردى.

**أَلْزَمَ الْعَمَلَ وَبِهِ:** تاپشۇردى، بۇيرىدى، ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىدى.

**أَلْزَمَهُ دَفْعَ دَيْنِهِ:** ئۇنى قەرزىنى تۆلەشكە قىستىدى.

**أَلْسَنُ م لَسْنَاءُ ج لُسْنٌ و لَسْنَاوَاتٌ:** پاساھەتلىك، سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا، ناتىق.

**أَلْسُنِيٌّ ج أَلْسُنِيُّونَ:** تىلشۇناس.

**بَحْثٌ أَلْسُنِيٌّ:** تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى.

**أَلْسُنِيَّةٌ:** تىلشۇناسلىق.

**قِسْمُ الْأَلْسُنِيَّةِ فِى الْجَامِعَةِ:** ئۇنىۋېرسىتېت تىلشۇناسلىق فاكۇلتېتى.

**اَلْأَلْسُنِيُّونَ الْمَغَارِبَةُ:** شىمالىي ئافرىقا تىلشۇناسلىرى.

**إِلْصَاقٌ:** چاپلىماق، يېپىشتۇرماق، يەملىمەك.

**إِلْصَاقُ طَابِعِ الْبَرِيْدِ:** پوچتا ماركىسى چاپلىماق.

**أَلْصَقَ يُلْصِقُ إِلْصَاقًا بِالشَّيْءِ:** چاپلىدى، يېپىشتۇردى، چاپلاشتۇردى، يەملىدى.

**أَلْصَقَ النَّجَّارُ قِطْعَتَيِ الْخَشَبِ:** ياغاچچى ئىككى پارچە ياغاچنى يەملىدى.

**أَلْصَقَ بِهِ تُهْمَةً خَطِيرَةً:** ئۇنىڭغا چوڭ تۆھمەت چاپلىدى.

**«أَلْصَقَتْ صُوْرَةً عَلَى الْحَائِطِ»:** ئۇ تامغا رەسىم چاپلىدى.

**أَلْصَقَهُ بِالْأَمْرِ:** مەجبۇرىي قىلدى، مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇردى.

**أَلْطَعُ م لَطْعَاءُ ج لُطْعٌ وَلَطْعَوَاتٌ:** چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئادەم، كومداك ئادەم.

**أَلْطَفَ يُلْطِفُ إِلْطَافًا الشَّخْصَ بِكَذَا:** ھۆرمەتلىدى، ئىززەتلىدى.

**أَلْطَفَ لَهُ فِي الْقَوْلِ:** سىلىق سۆز قىلدى، مۇلايىم سۆز قىلدى.

**أَلْطَفَ لِلْيَتِيمِ:** يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىدى.

**كَمْ أَتْحَفَ وَأَلْطَفَ:** كۆپ ئىنئاملارنى بەردى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلدى.

**أَلْعَبَ يُلْعِبُ إِلْعَابًا:** ئويناتتى، تاماشا قىلدۇردى، كۆڭۈل ئاچتۇردى.

**أَلْعَجَ يُلْعِجُ إِلْعَاجًا النَّارَ فِي الْحَطَبِ:** ئوت ياقتى، ئوت تۇتاشتۇردى.

**أَلْعَسُ م لَعْسَاءُ ج لُعْسٌ:** لېۋىنىڭ ئىچى تەردەپى قارامتۇل ئادەم (ئەرەبلەر بۇنى چىرايلىق دەپ قارايدۇ).

**أَلْعَقَ يُلْعِقُ إِلْعَاقًا الْعَسَلَ:** ھەسەل يالاتتى.

**«أَلْعَقَتِ الْأُمُّ رَضِيعَهَا طَعَامَهُ» :** ئانا بوۋىقىغا تاماق يېگۈزدى.

**أَلْعَقَ النَّسَّاجُ الثَّوبَ:** توقۇمىچى رەختنى نېپىز توقىدى، يۇققا توقىدى.

**أُلْعُوبَةٌ ج أَلَاعِيبُ:** ئويۇنچۇق، قورچاق.

**فُلَانٌ أُلْعُوبَةٌ فِي يَدِفُلَانٍ:** پالانى پالانىنىڭ قولىدىكى قورچاق.

**أَلْعَى يُلْعِى إِلْعَاءً ثَدْيُ الْمَرْأَةِ:** ئايالىنىڭ ئەمچىكى ھامىلدارلىق تۈپەيلىدىن ئۆزگەردى.

**إِلْغَاءٌ:** بىكار قىلماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق، ئىناۋەتسىز قىلماق.

**إِلْغَاءُ السَّفَرِ:** سەپەرنى بىكار قىلماق.

**إِلْغَاءُ الْحُكْمِ الْعَسْكَرِيِّ:** ھەربىي ھاكىمىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرماق.

**أَلْغَبَ يُلْغِبُ إِلْغَابًا:** چارچىتىۋەتتى، ھارغۇزدى، ھالىدىن كەتكۈزىۋەتتى.

**أَلْغَتَ يُلْغِتُ إِلْغَاتًا الشَّيْءَ:** ئايلاندۇردى، بۇردى، چۆرگىلەتتى، پىرقىراتتى، ئۆزگەرتتى.

**أَلْغَزَ يُلْغِزُ إِلْغَازًا الشَّخْصُ الْكَلَامَ وَفِيهِ:** گەپ يورغىلاتتى، مۇجمەل گەپ قىلدى، چالغىتىپ گەپ قىلدى، گەپ قاچۇردى.

**«يُلْغِزُ السِّيَاسِيُّ فِي كَلَامِهِ» :** سىياسەتچى گەپ يورغىلىتىدۇ.

**أَلْغَطَ يُلْغِطُ إِلْغَاطًا الْقَوْمُ:** ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈردى، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈردى، جار سالدى.

**«أَلْغَطَ الْمُتَظَاهِرُونَ» :** نامايىشچىلار ۋارقىراپ - جارقىرىدى.

**أَلْغَطَ الْحَمَامُ:** كەپتەر بۇقۇلدىدى.

**أُلْغُوزَةٌ ج أَلَاغِيزُ:** تېپىشماق، سىرلىق قىيىن مەسىلە، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مەخپىيەت.

**أَلْغَى يُلْغِى إِلْغَاءً الشَّيْءَ:** ئەمەلدىن قالدۇردى، بىكار قىلدى، ئېلىپ تاشلىدى.

**أَلْغَى الْمَوْعِدَ:** ۋەدىلەشكەن ۋاقىتنى ياكى ۋەدىنى بىكار قىلدى.

**أَلْغَى الْمَرْسُومَ:** مۇراسىمنى بىكار قىلدى.

**«أَلْغَى الْبَرْلِمَانُ الْقَانُونَ» :** پارلامېنت قانۇننى بىكار قىلدى.

**«أَلْغَى مِنَ الْفَاتُورَةِ عُشْرَهَا» :** ھۆججەتنىڭ ئوندىن بىرى (1/10) نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

**أَلْغَى مِنَ الشَّيْءِ كَذَا:** ئېلىپ تاشلىدى.

**أُلْغِيَ الْحُكْمُ بِالْإِعْدَامِ:** ئۆلۈم جازاسى بىكار قىلىندى.

**أَلِفَ يَأْلَفُ أَلْفًا:** ئادەتلەندى؛ ياخشى كۆردى، بويسۇندى؛ كۆندى.

**أَلِفَ الرَّجُلُ صَدِيقَهُ:** دوستىنى ياخشى كۆردى.

**أَلِفَ الْمَكَانَ:** جايغا ئادەتلەندى، كۆندى.

**أَلْفٌ:** كۆنمەك، ئادەتلىنىپ قالماق.

**أَلْفٌ ج آلَافٌ و أُلُوفٌ:** مىڭ، مىڭلار (بىر نەچچە مىڭ).

**أَلْفُ لَيْلَةٍ وَلَيْلَةٌ:** مىڭبىر كېچە.

**اَلْأُلُوفُ «اَلْآلَافُ» الْمُؤَلَّفَةُ:** مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان.

**أَلْفٌ مُؤَلَّفٌ:** تولۇق مىڭ.

**«وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُوا أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللّٰهِ» «قرآن» :** ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىككى مىڭ (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ.

**«أُضِيفَتْ إِلَى الْعَرَبِيَّةِ آلَافٌ مُؤَلَّفَةٌ مِنَ الْمُصْطَلَحَاتِ الْعِلْمِيَّةِ الْحَدِيثَةِ» :** ئەرەب تىلىغا ھازىرقى زامان ئىلمىي ئاتالغۇلىرىدىن مىڭلىغان سۆزلەر قوشۇلدى.

**إِلْفٌ ج آلَافٌ:** دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ئۈلپەت.

**«حَنَّ حَنِينَ الْإِلْفِ إِلَى إِلْفِهِ» :** ئۇ دوست دوستىنى سېغىنغاندەك سېغىندى.

**أَلِفٌ:** ئېلىپ ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنىڭ نامى، بەزىدە ھەمزە «ء» ئەرەب ئېلىپ-

uyghurkitap.com


بەسنىڭ 1 ـ ھەرپى ھېسابلىنىدۇ.

**مِنْ أَلِفِهِ إِلَى يَائِهِ:** باشتىن ـ ئاخىرغىچە.

**أَلِفْبَاءُ:** ئېلىپبە.

**أَلِفْبَائِيٌّ:** ئېلىپبەلىك.

**أَلِفْبَائِيًّا:** ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە.

**أَلَفْتُ م لَفْتَاءُ ج لُفْتٌ:** سولچى.

**أُلْفَةٌ:** دوستلۇق، بۇرادەرچىلىك، دوستانىلىق، يېقىنچىلىق، ئۈلپەتچىلىك، چۈشقۇر ئالاقە.

**اَلْأُلْفَةُ تَرْفَعُ الْكُلْفَةَ:** ھەقىقى دوستلۇق تەكەللۇپقا موھتاج ئەمەس.

**أَلَقَّ يُلِقُّ إِلْقَاقًا الشَّخْصُ رَأْسَهُ:** بېشىنى ئېچىگە تىقىۋالدى.

**«أَلَقَّ رَأْسَهُ فِي رِدَائِهِ»:** ئۇ بېشىنى يەكتەكىگە تىقىۋالدى.

**أَلَقَّ الطَّائِرُ رَأْسَهُ:** قۇش بېشىنى قانىتى ئاستىغا تىقىۋالدى.

**أَلَقُّ م لَقَّاءُ ج لُقٌّ:** تىلى ئېغىر، سۆزنى راۋان قىلالمايدىغان، مىس ـ مىس؛ قاشاڭ؛ ئاھالىسى زىچ جاي.

**حَيٌّ أَلَقُّ:** ئاھالىسى زىچ رايون.

**اَلْأَلَقُّ:** ھايۋاننىڭ ئالدى قولىدىكى تومۇر.

**أَلْفَى يُلْفِي إِلْفَاءً الشَّيْءَ:** تاپتى، بايقىدى، ئۇچراتتى.

**«إِنَّهُمْ أَلْفَوْا آبَاءَهُمْ ضَالِّينَ» «قرآن»:** ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنى گۇمراھ بىلدى.

**«زَارَهُ فَأَلْفَاهُ يَسْقِي الْأَزْهَارَ»:** ئۇ ئۇنى يوقلىغىلى بېرىپ، ئۇنىڭ گۈل سۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

**أَلْفِيٌّ:** مىڭ يىللىق.

**أَلْفِيَّةٌ:** مىڭ يىل.

**«عُقِدَ احْتِفَالٌ بِالذِّكْرَى الْأَلْفِيَّةِ لِتَأْسِيسِ جَامِعَةِ الْأَزْهَرِ»:** ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

**أَلَقَ يَأْلِقُ أَلْقًا:** چاقنىدى، پىلىلدىدى، جىلۋىلىنىپ تۇردى.

**أَلَقَ الْبَرْقُ:** چاقماق يورىدى.

**إِلْقَاءٌ:** تاشلىماق، ئاتماق، چۆرۈۋەتمەك، نۇتۇق سۆزلىگەن چاغدىكى ئىما ـ ئىشارەت.

**إِلْقَاءُ الْكَلَامِ أَوِ الْخُطَبِ:** نۇتۇق سۆزلىمەك، سۆزگە چىقماق.

**إِلْقَاءُ الشَّيْءِ الْمَحْفُوظِ:** ياد ئوقۇماق، يادلىماق، دېكلاماتسىيە قىلماق، ئۈنلۈك ئوقۇماق.

**إِلْقَاءُ الْقَبْضِ:** قولغا ئالماق.

**عِلْمُ الْإِلْقَاءِ:** نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتى، نۇتۇق سۆزلەش ئىلمى.

**أَلْقَاطٌ:** لۈكچەك، ساياق.

**«جَاءَنَا أَسْقَاطٌ مِنَ النَّاسِ وَأَلْقَاطٌ»:** بىزگە چۈپرەندە ۋە ساياق ئادەملەر كەلدى.

**أَلْقَحَ يُلْقِحُ إِلْقَاحًا:** چاڭلاشتۇردى، ئۇرۇقلاندۇردى، ئۆلىدى.

**أَلْقَحَ الْفَحْلُ النَّاقَةَ:** ئەركەك تۆگە چىشى تۆگىنى بوغاز قىلىپ قويدى.

**أَلْقَحَ الْفَلَّاحُ النَّخْلَةَ:** دېھقان خورمىنى ئۆلىدى.

**أَلْقَحَتِ الرِّيحُ الْأَشْجَارَ:** شامال دەرەخلەرنى چاڭلاشتۇردى.

**«أُلْقِحَتْ شَجَرَةُ التِّينِ»:** ئەنجۈر دەرىخى ئۆلاندى.

**أَلْقَمَ يُلْقِمُ إِلْقَامًا الطَّعَامَ:** تاماق يېگۈزدى، تاماق بەردى.

**أَلْقَمَهُ الْحَجَرَ:** جېدەللەشكەندە ئاغزىنى تۇۋاقلىدى، لام ـ جىم دېگۈزمىدى، ئېغىز ئاچۇرمىدى.

**أَلْقَنَ يُلْقِنُ إِلْقَانًا الْكَلَامَ:** تېز يادلىۋالدى.

**أَلْقَى يُلْقِي إِلْقَاءً الشَّيْءَ:** تاشلىدى، ئاتتى، چۆرىدى، ئىرغىتىپ تاشلىدى.

**«فَأَلْقَى عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُبِينٌ» «قرآن»:** مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.

**«فَأَلْقَوْا إِلَيْهِمُ الْقَوْلَ إِنَّكُمْ لَكَاذِبُونَ» «قرآن»:** بۇتلىرى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «شۈبھىسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ.

**أَلْقَى قُرْعَةً:** چەك تارتتى، چەك ئالدى، چەك تاشلىدى.

**أَلْقَى الدَّرْسَ:** دەرس ئۆتتى، دەرس بەردى.

**أَلْقَى خُطْبَةً:** نۇتۇق سۆزلىدى، سۆزگە چىقتى، سۆزلىدى.

**«أَلْقَى إِسْمَاعِيلُ كَلِمَةَ الاِفْتِتَاحِ فِى الْحَفْلِ نِيَابَةً عَنْ عَمِيْدِ الْكُلِيَّةِ» :** ئىسمائىل فاكۇلتېت باشلىقى نامىدىن يىغىندا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

**أَلْقَى إِلَيْهِ السَّمْعَ:** كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، زەن قويۇپ ئاڭلىدى، تىنچ ئاڭلىدى.

**«يُلْقُوْنَ السَّمْعَ وَأَكْثَرُهُمْ كَاذِبُوْنَ» ‹قرآن› :** ئۇلار (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە) ئاڭلايدۇ، ئۇلار (يەنى شەيتانلار) نىڭ تولىسى يالغانچىلاردۇر.

**أَلْقَى إِلَيْهِ الْقَوْلَ أَوْبِالْقَوْلِ:** سۆزنى يەتكۈزدى، يەتكۈزۈپ قويدى، خەۋەر قىلدى، ئۇقتۇردى.

**«وَلاَتَقُولُوا لِمَنْ اَلْقَىإِلَيْكُمُ السَّلاَمَلَسْتَمُؤْمِنًا» ‹قرآن› :** سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە سەن مۆمىن ئەمەس دېمەڭلار.

**اَلْقَى بَالَهُ إِلَى:** دىققەت قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى، كۆيۈندى.

**أَلْقَاهُ عَلَى الأَرْضِ:** ئۇنى يەرگە تاشلىۋەتتى، ئۇنى يەرگە ئۇردى.

**أَلْقَى عَلَيْهِ الْقَوْلَ:** ئېغىزچە يېشىپ بەردى، سۆزلەپ بەردى، ئاغزاكى ئېيتتى، يەتكۈزدى، خەۋەر بەردى، خەۋەر قىلدى.

**أَلْقَى الْقَبْضَ عَلَيْهِ:** قولغا ئالدى، تۇتتى.

**أَلْقَى الْحَبْلَ عَلَى الْغَارِبِ:** يولىغا قويدى، مەيلىگە قويۇپ بەردى، بولۇشىغا تاشلىۋەتتى، ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

**«أَلْقَى قُنْبُلَةً عَلَى جَيْشِ الْعَدُوِّ» :** دۈشمەن قوشۇنىغا بومبا تاشلىدى.

**أَلْقَى بِنَفْسِهِ فِي الْخَطَرِ:** ئۆزىنى خەتەرگە ئاتتى.

**أَلْقَى بِهِ مِنَ النَّافِذَةِ:** ئۇنى دېرىزىدىن تاشلىۋەتتى.

**أَلْقَى اِلَيْهِ اَوْ عَلَيْهِ الأَمْرَ:** ئىش تاپشۇردى، تەكلىپ قىلدى.

**أَلْقَى الَيْهِ مَقَالِيدَ الأُمُورِ:** ئىشلارنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

**أَلْقَى الرُّعْبَ فِى قَلْبِهِ:** ئۇنىڭغا قورقۇنچ سالدى.

**أَلْقَى سَلاَحَهُ:** تەسلىم بولدى.

**أَلْقَى الضَّوْءَ عَلَيْهِ:** روشەنلەشتۈرۈپ بەردى، بايان قىلىپ بەردى، شەرھلەپ بەردى.

**أَلْقَى عَلَيْهِ سُؤَالاً:** ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى، ئۇنىڭغا سوئال قويدى.

**أَلْقَى عَلَيْهِ الْقَبْضَ:** ئۇنى تۇتىۋالدى، ئۇنى سولاپ قويدى.

**أَلْقَى عَلَيْهِ مُتَلَبِّسًا:** ئۇنى گۇمان بىلەن قولغا ئالدى.

**أَلْقَى نَظْرَةً عَلَى الشَّيْءِ:** خەۋەردار بولدى، خەۋەر تاپتى، قاراپ چىقتى، مەلۇمات ئالدى.

**أَلْقَى نَظْرَةً عَلَى الصَّحِيفَةِ:** گېزىتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، گېزىتنى ئوقىدى.

**أَلْقَتْ مُحَاضَرَةً:** لېكسىيە سۆزلىدى.

**أَلْقَتِ الْبَاخِرَةُ مَرَاسِيَهَا:** پاراخوت پورتتا توختىدى.

**سَيُلْقِي بَيَانًا:** بايانات ئېلان قىلىدۇ.

**أُلْقِيَّةٌ ج أُلاَقِيٌّ:** ياپتا گەپ، تېپىشماق، مۇشكۈل مەسىلە.

**«أَلْقَيْتُ عَلَيْهِ أُلْقِيَّةً عَجَزَ عَنْ فَكِّهَا» :** ئۇنىڭغا بىر تېپىشماقنى دېۋىدىم، ئۇ يېشىپ بېرەلمىدى.

**أَلَكَ يَأْلِكُ أَلْكًا و أُلُوكَةٌ و أُلُوكًاو مَأْلَكًا:** ئەۋەتتى (ئادەمگە قارىتىلىدۇ).

**أَلْكَعُ م لَكْعَاءُ ج لُكْعٌ:** پەسكەش، رەزىل، ئەخمەق.

**أَلْكَنُ م لَكْنَاءُ ج لُكْنٌ:** كېكەچ.

**«لَهُ وَلَدٌ أَلْكَنُ» :** ئۇنىڭ بىر كېكەچ بالىسى بار.

**إِلٌّ:** ئەھدۇ پەيمان، ئەھدىنامە، توختامنامە (قەسەم بىلەن قىلىنغان چىڭ ۋەدە)، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

**«لاَ يَرْقُبُونَ فِى مُؤْمِنٍ إِلاًّ وَلاَ ذِمَّةً» ‹قرآن› :** ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى ۋە نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com



**إِلَّا**: باشقا، سىرت، تاشقىرى، پەقەت، لېكىن.

**لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ**: بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق.

**«وَعَدَ بِالْحُضُورِ إِلَّا أَنَّهُ لَمْ يَفْعَلْ»**: كېلىشكە ۋەدە قىلدى، لېكىن كەلمىدى، شەرت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ:

**«إِنْ تَذْهَبْ أَذْهَبْ وَ إِلَّا تَذْهَبْ فَلَاأَذْهَبْ»**: سىز بارسىڭىز مەنمۇ بارىمەن، ئەگەر بارمىسىڭىز مەنمۇ بارمايمەن.

**«كُلُّ شَيْءٍ يَنْقُصُ بِالْإِنْفَاقِ إِلَّا الْعِلْمَ»**: ئىلىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە خەجلىسە كېمىيىدۇ.

**لَيْسَ إِلَّا**: پەقەت، باشقا ئەمەس.

**كَانَ غَرَضُهُ أَنْ يُذَكِّرَكَ لَيْسَ إِلَّا**: ئۇنىڭ مەقسىتى ساڭا ئەسلىتىپ قويۇشتىن باشقا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت ساڭا ئەسلىتىپ قويۇش ئىدى.

**أَللّٰهُمَّ إِلَّا**: بىرەر شەك بولغان نەرسىنى ئىستىسنا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**أَلَّا ـ أَنْ ـ لَا**: 1. رىغبەتلەندۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ 2. ئەيىبلەشنى بىلدۈرىدۇ.

**أَلَا آمَنْتَ**: ئىمان ئېيتساڭ بولماسمىدى.

**أَلَا تُكْرِمُ أَبَوَيْكَ**: ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەتلىمەمسەن!

**وَدِدْتُ أَلَّا أَرَاكَ**: سېنى كۆرگۈم يوق.

**اَللَّتِى**: ئۇلانما ئالماش تۈرىنىڭ مۇئەننەس شەكلى.

**«وَاللَّائِى يَئِسْنَ مِنَ الْمَحِيضِ مِنْ نِسَائِكُمْ إِنِ ارْتَبْتُمْ»** «قۇرئان»: ئاياللىرىڭلار ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن شۈبھىدە بولساڭلار...

**لَاتُ**: جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر بۇتنىڭ ئىسمى.

**«أَفَرَأَيْتُمُ اللَّاتَ وَالْعُزَّى وَمَنَاةَ الثَّالِثَةَ الْأُخْرَى»** «قۇرئان»: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (ئاللاھ تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)

**أَلَقَ**: پارقىراق، يالتىراق، يارقىن.

**أَلَّبَ يُؤَلِّبُ تَأْلِيبًا**: توپلىدى، جەملىدى.

**أَلَّبَ الْقَوْمَ**: توپلىدى.

**أَلَّبَ عَلَيْهِ النَّاسَ**: ئۇنىڭغا قارشى كىشىلەرنى كۈشكۈرتتى.

**أَلَّةٌ**: بىسى كەڭ ياكى يالتىراپ تۇرىدىغان نەيزە.

**أَلَّةٌ**: نەيزە.

**اَلَّذِى «مثناه» اَللَّذَانِ اَللَّذَيْنِ ج اَلَّذِينَ**: ئۇلانما ئالماش تۈرىنىڭ مۇزەككەر شەكلى.

**«اَلَّذِيْنَ يَحْتَرِمُونَ النَّاسَ يَحْتَرِمُهُمُ النَّاسُ»**: كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلغانلارنى كىشىلەر ھۆرمەت قىلىدۇ.

**أَلَّفَ يُؤَلِّفُ تَأْلِيفًا بَيْنَهُمْ**: بىرلەشتۈردى، ئەپلەشتۈردى، كېلىشتۈردى.

**أَلَّفَ الْكِتَابَ**: كىتاب يازدى، كىتاب تۈزدى.

**أَلَّفَ وِزَارَةً**: كابىنېت تەشكىل قىلدى.

**أَلَّفَ الرَّجُلُ**: مىلى مىڭغا يەتتى.

**«لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلٰكِنَّ اللّٰهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ»** «قۇرئان»: سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلساڭمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى ئىناق قىلدى.

**«كَانَ الْعَرَبُ يَعِيشُونَ قَبَائِلَ مُتَفَرِّقَةً فَأَلَّفَ الْإِسْلَامُ بَيْنَهُمْ وَجَعَلَهُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً»**: ئەرەبلەر تارقاق قەبىلىلەر شەكلىدە ياشايتتى، ئىسلام دىنى ئۇلارنى بىرلەشتۈردى ۋە ئۇلارنى بىر ئۈممەت قىلدى.

**أَلَّفَ الْعَمَلَ الْمُوْسِيقِيَّ**: مۇزىكا ئىجاد قىلدى.

**«أَلَّفَ مَسْرَحِيَّةً جَدِيدَةً»**: يېڭى سەھنە ئەسىرى يازدى.

**أَلَّمَ يُؤَلِّمُ تَأْلِيمًا**: ئاغرىتتى، ئازابلىدى، قىيىن-دى.

**أَلَّهَ يُؤَلِّهُ تَأْلِيهًا**: ئىلاھ قىلىۋالدى، ئىلاھلىق ئورۇنغا كۆتۈردى.

**«تُؤَلِّهُ بَعْضُ الشُّعُوبِ حُكَّامَهَا»**: بەزى خەلقلەر ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنى خۇدا قاتارىدا كۆرىدۇ.

**اَللّٰهُ**: ئاللاھ، خۇدا.

**«أَشْهَدُ أَنْ لَاإِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ»**: «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرە-

مەن».

«قَالَ اللّٰهُ تَعَالَى» : ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى.

«مَاشَاءَ اللّٰهُ» : قىزىقسىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«وَاللّٰهُ أَعْلَمُ» : ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

بِاللّٰهِ عَلَيْهِ: ئاللاھ كۆرۈپتۇرۇپتۇ، خۇدا ھەققى، ساڭا ئىلتىماس قىلىمەنكى.

بِاللّٰهِ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى.

وَاللّٰهِ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى.

لِلّٰهِ: نېمىدېگەن ياخشى.

لِلّٰهِ أَنْتَ: سىز نېمىدېگەن ياخشى.

لِلّٰهِ دَرُّكَ: نېمىدېگەن بەلەن.

أَللّٰهُمَّ: ئى خۇدا، ئى ئاللاھ.

«مِنَ الْمُقَرَّرِ أَنْ يُسَافِرَ الْيَوْمَ أَللّٰهُمَّ إِلَّا أَنْ يَكُونَ قَدْ غَيَّرَ رَأْيَهُ» : ئەگەر ئۇ پىكرىنى ئۆزگەرتمىگەن بولسىلا، ئۇ بۈگۈن چوقۇم سەپەر قىلىدۇ.

أَلَّى يُؤَلِّي تَأْلِيَةً: بوشاڭلىق قىلدى، بىپەرۋالىق قىلدى، ھورۇنلۇق قىلدى.

أَلِمَ يَأْلَمُ أَلَمًا: دەرد تارتتى، ئەلەم چەكتى، جاپا چەكتى.

«يُعْنَى الْكَاتِبُ الْاِجْتِمَاعِيُّ بِهُمُومِ أُمَّتِهِ فَيَأْلَمُ لِمَا يُؤْلِمُهَا وَيُسَرُّ لِمَا يَسُرُّهَا» : ئىجتىمائىي يازغۇچى مىللىتىنىڭ غەم - قايغۇسى بىلەن بولىدۇ، مىللىتى يىغلىسا يىغلايدۇ، كۈلسە كۈلىدۇ.

أَلَمٌ ج آلَامٌ: ئاغرىق، دەرد، ئازاب - ئوقۇبەت.

أَلَمُ الْأَسْنَانِ: چىش ئاغرىقى.

زَهْرَةُ الْآلَامِ: مېھرىگۈل (بىدە غوللۇق ئۆسۈملۈك).

بِمَزِيدٍ مِنَ الْأَلَمِ: قاتتىق ئەلەم بىلەن، قاتتىق دەرد، قاتتىق ھەسرەت.

«تَلَقَّيْتُ بِمَزِيدٍ مِنَ الْأَلَمِ نَبَأَ وَفَاةِ الْمَرْحُومِ...» : ... مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇردۇم.

«قَاسَى كَثِيرًا مِنْ آلَامِ الْمَرَضِ» : ئۇ كېسەل دەردىنى، كۆپ تارتتى.

أَلِمٌ: ئاغرىتقۇچى، ئەلەم تارتقۇزغۇچى.

أَلْمَاسٌ: ئالماس، بىرلىيانت.

إِلْمَاعَةٌ: ئىشارەت، ئىشارەت قىلماق، بېشارەت بەرمەك؛ دارتىملىماق، پۇرتىپ قويماق، كۆرسەتمەك.

إِلْمَامٌ: بىلمەك، تېگى - تەكتىگە يەتمەك.

إِلْمَامَةٌ: بىر قېتىم بىلمەك، تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقماق.

«أَعْطِنِي إِلْمَامَةً عَاجِلَةً عَنِ الْقَضِيَّةِ» : مەسىلە ئۈستىدە ماڭا بىرەر تېز مەلۇمات بەرسىڭىز!

أَلْمَانٌ: گېرمان، نېمىس.

أَلْمَانِيَا: گېرمانىيە.

أَلْمَحَ يُلْمِحُ إِلْمَاحًا الشَّيْءَ: كۆزىگە چېلىقىپ قالدى، قاراپ قويدى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

أَلْمَحَ إِلَيْهِ: ماردى، ئوغرىلىقچە قاردى.

أَلْمَحَ إِلَيْهِ بِأَنَّهُ مُخْطِئٌ: ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقىنى پۇرتىپ ئۆتتى.

أَلْمَحَ إِلَيْهِ شَيْئًا وَبِهِ: كۆرسەتتى.

أَلْمَعَ يُلْمِعُ إِلْمَاعًا إِلَى فُلَانٍ: ئىشارەت قىلدى، دارتىملىدى، پۇرتىپ قويدى.

«أَلْمَعَ فِي حَدِيثِهِ إِلَى الْمَوْضُوعِ الْفُلَانِيِّ» : ئۇ سۆزىدە پالانى ماۋزۇنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتتى.

أَلْمَعَتِ الْأُنْثَى: قورساقتىكى بالا مىدىرلىدى.

أَلْمَعَتِ الشَّخْصُ فِي حَدِيثِهِ: سۆزىدە پۇرتىپ ئۆتتى.

أَلْمَعُ. أَلْمَعِيٌّ: دانا، دانىشمەن، ئەقىللىق، ئەقىل - پاراسەتلىك، چېچەن، زېرەك، زېھنى ئۆتكۈر.

رَجُلٌ أَلْمَعِيٌّ: زېرەك ئادەم.

أَلْمَعِيَّةٌ: دانالىق، دانىشمەنلىك، پەم - پاراسەت، زېرەكلىك، چېچەنلىك، ئەقىللىق.

شَابٌّ ذُو أَلْمَعِيَّةٍ وَقَّادَةٍ: زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۆتكۈر ياش.

أَلَمَّ يُؤَلِّمُ إِلْمَامًا الرَّجُلَ: سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى.

أَلَمَّ بِالْمَعْنَى: چۈشەندى، ئۇقتى، بىلدى.

uyghurkitap.com



**أَلَمَّ الْغُلَامُ:** ياش - قۇرامىغا يەتتى، بالاغەتكە يەتتى.

**أَلَمَّ بِهِ الْمَرَضُ:** كېسەل بولدى.

**أَلَمَّ بِالْمَوْضُوعِ اَوْكَادَ:** ماۋزۇ ئۈستىدە چوڭقۇرلاشماي ئومۇمەن توختالدى.

**«أَلَمَّ بِأَطْرَافِ الْمُشْكِلَةِ» :** قىيىن مەسىلە ئۈستىدە ئومۇمەن توختىلىپ ئۆتتى.

**أَلَمَّ بِالذَّنْبِ:** جىنايەت ئۆتكۈزدى، گۇناھ قىلدى، جىنايەت سادىر قىلدى.

**أَلَمَّ بِالْأَمْرِ:** قول ئۇچىدا ئىشلىدى، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزىۋەتتى، يۈزەكى ئىشلىدى.

**أَلَمَّ بِهِ أَمْرٌ:** بىرەر ئىشقا دۇچار بولدى.

**أَلَمَّ بِهِ مَرَضٌ:** كېسەلگە دۇچار بولدى، كېسەل بولۇپ قالدى.

**أَلْمَى م لَمْيَاءُ لُمْيٌ:** بۇغداي ئۆڭلۈك، قوڭۇر.

**رُمْحٌ أَلْمَى:** قوڭۇر نەيزە.

**أَلَهَ يَأْلَهُ إِلَاهَةً وَأُلُوهَةً وَأُلُوهِيَّةً :** چوقۇندى، ئىبادەت قىلدى.

**أَلَهَ إِلَيْهِ:** ئىلتىجا قىلدى.

**أَلِهَ فُلَانٌ أَلَهًا:** تېڭىرقاپ قالدى.

**إِلْهَابٌ:** ئوت ياقماق، ئوت تۇتاشتۇرماق.

**إِلْهَاجُ اللَّبَنِ:** سۈتنىڭ ئۇيۇشى، قېتىشى، قېتىپ قېلىشى، قويۇقلىشىشى.

**إِلْهَامٌ:** ۋەھىي، ئىلھام، چۈشەنچە، بېشارەت، كۆرسەتمە، رىغبەتلەندۈرۈش.

**أَلْهَبَ يُلْهِبُ إِلْهَابًا النَّارَ:** ئوت ياقتى، ئوت تۇتاشتۇردى، كۆيدۈردى.

**أَلْهَبَ الْبَرْقُ:** چاقماق چاقتى.

**أَلْهَبَ الْحِصَانُ:** ئايغىر توپا - چاڭ توزۇتۇپ چاپتى.

**أَلْهَبَ دِمَاغَهُ بِالرَّصَاصِ:** مىلتىق بىلەن ئېتىپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى.

**أَلْهَجَ يُلْهِجُ إِلْهَاجًا بِالشَّيْءِ:** خۇمار بولدى، ياخشى كۆردى، مەستانە بولدى، خۇشتار بولدى، مېھرىنى ئۈزەلمىدى، مەپتۇن بولدى.

**«أَلْهَجَ لِسَانَهُ بِالشُّكْرِ» :** ئۇ ھەمىشە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ تۇردى.

**أَلْهَجَ الْفَصِيلَ:** كالىنىڭ موزىيىنى ياكى تۆگىنىڭ بوتىلىقىنى ئانىسىنى ئېمىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئاغزىغا ئېغىز دۇرۇق سېلىپ قويدى.

**أَلْهَجَ الشَّخْصَ بِالْأَمْرِ:** بېرىلىپ داۋاملاشتۇردى، دائىم قىلدى.

**أَلْهَجَ بِذِكْرِهِ:** توختىماي ئەسلىدى، داۋاملىق تىلغا ئالدى.

**أَلْهَمَ يُلْهِمُ إِلْهَامًا:** ئىلھام بەردى، ئىلھاملاندۇردى.

**«وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا» «قرآن» :** روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىقىنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى.

**أَلْهَمَهُ اللهُ خَيْرًا:** ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىغا ياخشىلىقنى ئىلھام قىلدى.

**أَلْهَمَهُ شَيْئًا:** بېشارەت بەردى، ئىلھام بەردى، كۆڭلىگە سالدى، ۋەھىي قىلدى.

**«أَلْهَمَهُ الْمَوْقِفُ قَصِيدًا رَائِعًا» :** شارائىت ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۈزەل قەسىدىنى ئىلھام ئارقىلىق سالدى.

**أَلْهَى يُلْهِي إِلْهَاءً فُلَانًا عَنْ كَذَا:** مەشغۇل قىلدى، ئۇنۇتتۇردى؛ توسقۇنلۇق قىلدى، دەخلى قىلدى، توسالغۇ بولدى، كاشىلا قىلدى.

**«أَلْهَاكُمُ التَّكَاثُرُ حَتَّى زُرْتُمُ الْمَقَابِرَ» «قرآن» :** تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل - مال، باللار بىلەن) پەخىرلەنمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى.

**أَلْهَاهُ الشَّيْءُ:** كۆڭۈل ئاچتى، ئەمەك بولدى.

**«يُلْهِيهِ لَعِبُ الشِّطْرَنْجِ» :** شاھمات ئويۇنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

**أَلْهَاهُمُ الْكَلَامُ عَنْ وَقْتِ الصَّلَاةِ:** پاراڭ ئۇلارغا ناماز ۋاقتىنى ئۇنۇتتۇردى.

**أُلْهِيَّةٌ ج أُلْهِيَّاتٌ:** تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق.

**أَلْوَةٌ. أُلْوَةٌ:** ئەھدە، قەسەم.

**أَلُوثٌ م لَوْثَاءُ ج لُوثٌ:** ئەخمەق، دۆت.

**أَلُوقٌ ج أُلُقٌ:** يېقىن، سىرداش (دوست).

**اَلْأُلُوْفُ «اَلْآلَافُ» اَلْمُؤَلَّفَةُ:** مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان، ھەددى - ھېسابسىز، سان - ساناقسىز.

**أُلُوكَةٌ ج أَلَائِكُ:** خەت - ئالاقە، خەت - چەك.

**أُلُوهَةٌ. أُلُوهِيَّةٌ:** ئىلاھلىق، ئىلاھلىق سۈپەت.

**أُلُوهِيَّةٌ:** ئىلاھلىق، ئىلاھنىڭ سۈپىتى.

**«يُؤْمِنُ الْمَسِيْحِيُّونَ بِأُلُوهِيَّةِ الْمَسِيْحِ وَنَاسُوتِيَّتِهِ مَعًا» :** ناسارالار مەسىھنى ھەم ئىلاھ ھەم ئىنسان دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

**أَلْوَى يُلْوِى إِلْوَاءً بِيَدِهِ:** قول ئىشارىتى قىلدى، قول پۇلاڭلاتتى.

**أَلْوَى الشَّخْصُ:** ئارزۇ - ئارمانىنى كۆپ قىلدى، ئۆزى ئۈچۈن ياكى مېھمان ئۈچۈن ساقلاپ قويغان نەرسىنى يېدى.

**أَلْوَى بِهِ:** ئېلىپ كەتتى، ئايرىپ بەردى.

**أَلْوَى الشَّخْصُ بِحَقِّهِ:** ھەققىنى ئىنكار قىلدى، ھەققىدىن تېنىۋالدى.

**أَلْوَى الشَّخْصُ بِرَأْسِهِ:** بېشىنى ئەگدى، بېشىنى سائڭىلاتتى.

**أَلْوَى الشَّخْصُ بِيَدِهِ اَوْبِثَوْبِهِ:** قولى ياكى كىيىمىنى پۇلاڭلاتتى.

**أَلْوَى الْبَقْلُ:** ئوت - چۆپ قۇرۇپ قالدى.

**أَلْوَى الشَّخْصُ اللِّوَاءَ:** تۇغ ياسىدى، تۇغنى كۆتۈردى.

**أَلْوَى بِهِمُ الدَّهْرُ:** زامان ئۇلارنى ھالاك قىلدى.

**أَلْوَى الْعُودَ:** ياغاچنى ئەگدى، قىڭغايتتى، ئەگرى قىلدى.

**إِلَى:** غا، قا، گە، كە.

**إِلَى آخِرِهِ «اِلَخْ» :** قاتارلىقلار ۋە باشقىلار.

**«هُنَاكَ كَلِمَاتٌ تَجْرِى عَلَى أَلْسِنَتِنَا الْيَوْمَ مِثْلُ الشَّعْبِ وَالْحُرِّيَّةِ وَالْمُسَاوَاةِ وَحَقِّ الْاِنْتِخَابِ إِلَى آخِرِهِ أَوْإِلَخ» :** بۇ يەردە بۈگۈنكى كۈندە ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان خەلق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، سايلاش ھوقۇقى قاتارلىق سۆزلەر بار.

**إِلَى أَيْنَ:** قەيەرگە، نەگە.

**إِلَى أَنْ:** ... غىچە، گىچە.

**إِلَى مَتَى:** قاچانغىچە، نەۋاققىچە.

**«إِلَى مَتَى نَبْقَى وَنَنْتَظِرُ الْحَلَّ الْمَوْعُودَ» :** ۋەدە قىلىنغان جاۋابنى ساقلاپ قاچانغىچە قالىمىز.

**وَمَاإِلَى ذَلِكَ:** قاتارلىقلار، دېگەنلەرگە ئوخشاش ۋە باشقىلار.

**«اِنْتَظَرَهُ مِنَ السَّاعَةِ الثَّانِيَةِ إِلَى الرَّابِعَةِ» :** ئۇ ئۇنى سائەت ئىككىدىن تۆتكىچە ساقلىدى.

**«اَلشِّعْرُ أَحَبُّ إِلَيَّ مِنَ النَّثْرِ» :** شېئىر مەن ئۈچۈن نەسرى ئەسەردىن ياخشى، شېئىر ماڭا نەسرگە قارىغاندا يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.

**«اَلْقَلِيْلُ إِلَى الْقَلِيْلِ كَثِيْرٌ» :** تاما - تاما كۆل بولۇر (ئازغا - ئاز قوشۇلسا كۆپ بولىدۇ).

**«يَقَعُ الْمَصْنَعُ إِلَى الْجَنُوبِ مِنْ مَدِيْنَةٍ كَبِيْرَةٍ» :** زاۋۇت چوڭ شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان.

**إِلَى جَانِبِ ذَلِكَ:** شۇنىڭ بىلەن بىللە.

**إِلَى غَيْرِ ذَلِكَ:** شۇنىڭ بىلەن بىللە.

**إِلَى يَمِينِهِ:** ئوڭ تەرىپىدە.

**جَلَسَ إِلَى الْمَائِدَةِ:** داستىخاندا ئولتۇردى.

**«دَخَلْتُ عَلَى الْمُدِيرِ وَ جَلَسْتُ إِلَيَمِيْنِهِ» :** مەن مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردىم، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردۇم.

**هَذَا إِلَى أَنَّ الْأَمْرَ:** شۇنىڭ بىلەن بىللە.

**إِلَى غَدٍ:** ئەتە كۆرۈشەرمىز.

**إِلَى الْجَنُوبِ مِنْهُ:** جەنۇبقا.

**إِلَى اللِّقَاءِ:** خەير- خوش، ئەتە كۆرۈشەرمىز.

**إِلَامَ / إِلَامَا:** قاچانغىچە، نەۋاققىچە.

**«إِلَامَ/إِلَامَا الْخُلْفُ بَيْنَكُمَا ؟» :** سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىختىلاپ قاچانغىچە تۈگىمەيدۇ.

**إِلْىٌ. إِلًى ج آلَاءٌ:** ئىلتىپات، مەرھەمەت، نېمەت.

**«فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ» «قرآن» :** (ئى ئىنسانلار! جىنلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

**أَلْيَةٌ ج أَلَايَا وَأَلْيَاتٌ:** قوينىڭ قۇيرۇقى؛ ساغرا، كاسا.

www.uyghurkitap.com

**أَلْيَسْ م لَيْسَاءُ لِيْسْ لُوْسْ:** قەھرىمان، باتۇر، ئەزىمەت، مەرد.

**أَلِيْقْ:** كۆنۈك، كۆندۈرۈلگەن، ياۋاش، ئۆلپەتـ ـلەشكەن، چىقىشقاق.

**أَلِيْفْ ج أَلَائِفُ:** دوست، ئاغىنە، بۇرادەر، ئۆلپەت.

**إِلَيْكَ لَكَ:** ئىختىيارىڭىز، مەيلىڭىز.

**إِلَيْكَ هَذَا الْكِتَابَ:** بۇ كىتابنى ئالە، ئال بۇ كىتابنى.

**اَلْأَمْرُ إِلَيْكَ:** بۇ ئىشقا سىز ئىگە بولۇڭ.

**إِلَيْكَ هَذَا:** بۇنى ئېلىڭ.

**إِلَيْكَ عَنِّي:** نېرى كەت، نېرى تۇر.

**إِلَيْكَ الْبَيَانَ:** چۈشەندۈرۈشكە قۇلاق سېلىڭ.

**وَمَا إِلَيْهِ:** شۇنىڭغا ئوخشاش، قاتارلىق.

**«تَنَاوَلَ الْكَاتِبُ الْفَقْرَ وَ الْجَهْلَ وَالْمَرَضَ وَمَا إِلَى ذَلِكَ ‹إِلَيْهِ› مِنْ عَوَامِلِ التَّأَخُّرِ» :** يازغۇچى قالاقلىقنىڭ ئامىللىرىغا كەمبەغەلـ ـلىك، بىلىمسىزلىك (مەدەنىيەتسىزلىك) ۋە كېسەللىككە ئوخشاش سەۋەبلەرنى كەلتۈردى.

**أَلْيَلُ:** زۇلمەتلىك، قاپقاراڭغۇ.

**لَيْلٌ أَلْيَلُ:** زۇلمەتلىك كېچە.

**أَلِيْمْ:** ئاغرىتقۇچى، ئەلەم تارتقۇزغۇچى، ئەلەمـ ـلىك.

**«فَوَيْلٌ لِلَّذِيْنَ ظَلَمُوامِنْ عَذَابِ يَوْمٍ أَلِيْمٍ» ‹قرآن› :** زالىملارغا قاتتىق كۈن ئازابىدىن ۋاي!

**أَلْيَنُ:** ئەڭ يۇمشاق، ئەڭ مۇلايىم.

**فُلَانٌ أَلْيَنُ مِنْ فُلَانٍ:** پالانى پوكۇنىدىن مۇلايىمـ ـراق.

**«هُوَ أَلْيَنُ قَوْمِهِ» :** ئۇ قەۋمى ئىچىدە ئەڭ رايىش.

**أَلِيٌّ:** قەسەمخور.

**أَلِيَّةٌ ج أَلَايَا:** ئەھدە، قەسەم.

**أَمْ:** تاللاش باغلىغۇچىسى بولۇپ، ياكى، يا دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**أَقَرِيْبٌ أَمْ بَعِيْدٌ:** يېقىنمۇ يا يىراقمۇ؟

**«هَلْ يَسْتَوِى الْأَعْمَى وَ الْبَصِيْرُ أَمْ هَلْ تَسْتَوِى الظُّلُمَاتُ وَالنُّورُ» ‹قرآن› :** قارىغۇ بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم تەڭ تۇرامدۇ يا قاراڭغۇـ ـلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئوخشاشمۇ؟

**«سَوَاءٌ عِنْدِى حَضَرْتَ أَمْ لَمْ تَحْضُرْ» :** مەيلى كەل، مەيلى كەلمە، مەن ئۈچۈن بەرىبىر.

**أَمَا:** سۆزنىڭ بېشىدا سۆزگە كىرىش ھەرپ بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەسەم ئىچىلىدۇ.

**«أَمَا أَنَّكَ كَرِيْمٌ» :** سەن راستىنلا مەرد.

**«أَمَا وَاللّٰهِ مَاقَصَدْتُ الْإِسَاءَةَ إِلَيْكَ» :** ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا يامانلىق قىلىشنى ئويلىمىدىم.

**أَمَاتَ يُمِيتُ إِمَاتَةً غَيْرَهُ:** ئۆلتۈردى.

**أَمَاتَ نَفْسَهُ:** ئۆزىنى تىزگىنلىدى، ئۆزىنى توختىتىۋالدى.

**أَمَاتَ غَضَبَهُ:** غەزىپىنى بېسىۋالدى.

**أُمِيتَتِ الْكَلِمَةُ:** ئەمەلدىن قالدى.

**«رَبِّىَ الَّذِى يُحْيِ وَ يُمِيْتُ قَالَ أَنَا أُحْيِ وَ أُمِيْتُ» ‹قرآن› :** «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى، ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى.

**إِمَاتَةٌ:** ئۆلتۈزمەك، ھاياتىدىن ئايرىماق.

**إِمَاتَةُ الشَّهَوَاتِ:** شەھۋانىي نەپسىنى باسماق، ھاۋاـ ـيى – ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك.

**أَمَارَ يُمِيرُ إِمَارَةً:** تەمىنلىدى، باقتى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

**أَمَارَتِ الرِّيْحُ التُّرَابَ:** شامال توپا ـ چاڭ توزۇتـ ـتى.

**إِمَارَةٌ ج إِمَارَاتٌ:** كىنەزلىك، بەگلىك، ئەمىرلىك، شاھزادىلىك، مەرتىۋە.

**أَلْإِمَارَاتُ الْعَرَبِيَّةُ الْمُتَّحِدَةُ:** ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكى.

**أَمَارَةٌ ج أَمَارَاتٌ:** ئالامەت، نىشان، بەلگە؛ قوماندا، شوئار.

**«بَدَتْ عَلَيْهِ أَمَارَاتُ التَّعَبِ» :** ئۇنىڭدا چارچىـ ـغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

**اَلْغَيْمُ أَمَارَةُ الْمَطَرِ:** بۇلۇت يامغۇرنىڭ ئالامىتى.

**أَمَازَ يُمِيزُ إِمَازَةً:** تاللىۋالدى، خىللىۋالدى.

**أَمَاطَ يُمِيطُ إِمَاطَةً:** يىراقلاشتۇردى، نېرى قىلدۇەتتى، چەتنەتتى.

**أَمَاطَ اللِّثَامَ عَنْ وَجْهِهِ:** چۈمپەردىنى ئېلىۋەتتى.

**إِمَاطَةٌ:** نېرى قىلماق، يىراق قىلماق، چەتنەشتۈرمەك.

**«إِمَاطَةُ الْأَذَى عَنِ الطَّرِيْقِ صَدَقَةٌ» ‹حديث›:** يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىنى ئېلىۋېتىش سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.

**أَمَاعَ يُمِيعُ إِمَاعَةً الْجَامِدَ:** ئېرىتتى، سۇيۇقلۇقتا ئايلاندۇردى.

**إِمَاعَةٌ:** ئېرىتمەك، سۇيۇقلاندۇرماق.

**أَمَالَ يُمِيلُ إِمَالَةً الشَّيْءَ:** قىڭغايتتى، قىيسايتتى، ئاغدۇردى.

**أَمَالَ قَارِئُ الْقُرْآنَ:** قارى قۇرئاننى ئىمالە بىلەن ئوقۇدى.

**أَمَالَهُ:** مال بەردى.

**إِمَالَةٌ ‹فى التجويد›:** ئېلىپنى ئېلىپ بىلەن يانىڭ ئوتتۇرىسىدا تەلەپپۇز قىلىش، فەتھەنى كەسرىگە مايىلراق قىلىپ ئوقۇش.

**اَلْأَمَالِيُّ:** خاتىر؛ خاتىرە يازماق، خاتىرىلىمەك.

**إِمَامٌ ج أَئِمَّةٌ و أَيِمَّةٌ:** ئىمام، رەھبەر، يېتەكچى، داھىي، باشلىق، يولباشچى؛ چوڭ يول؛ خەلىپە، يۇرت چوڭى؛ بىرەر پەندە كامالەتكە يەتكەن زات؛ دەپتەر.

**«قَالَ اِنِّى جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ اِمَامًا» ‹قرآن›:** ئاللاھ (ئۇنىڭغا: «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى).

**«وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِى اِمَامٍ مُبِيْنٍ» ‹قرآن›:** ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز.

**إِمَامُ الْمَسْجِدِ:** مەسچىتنىڭ ئىمامى.

**أَئِمَّةِ الْمَذَاهِبِ:** مەزھەپ ئىماملىرى.

**أَئِمَّةٌ أَرْبَعَةٌ:** تۆت ئىمام (سۈننى مەزھىپىنىڭ ئىماملىرى).

**اَلْإِمَامُ الْأَكْبَرُ:** جامىئۇل ئەزھەر شەيخى.

**إِمَامٌ ‹عند الشيعة›:** شىئەلەردە خەلىپە ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاتىلىشى.

**«يُعْتَبَرُ سِيبَوَيْهِ مِنْ أَئِمَّةِ النَّحْوِ الْعَرَبِيِّ»:** سىيبەۋەيھى ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنىڭ پېشۋاسى ئىدى.

**«لِكُلِّ جَامِعٍ إِمَامٌ يَأْتَمُّ بِهِ الْمُصَلُّونَ»:** ھەر بىر جامەئەنىڭ ناماز ئۆتۈگۈچىلەر ئىقتىدا قىلىدىغان ئىمامى بار.

**«مَنْ ذَالَّذِى يَسْتَطِيْعُ أَنْ يَفْصِلَ عَلِيَّ بْنَ أَبِى طَالِبٍ إِمَامَ الْمُسْلِمِيْنَ عَنْ عَلِيٍّ إِمَامِ الْبَلَاغَةِ وَالْفَصَاحَةِ الْعَرَبِيَّةِ؟»:** كىممۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان ئەلى بىن تالىبنى ئەرەب تىلىدىكى پاساھەت بالاغەتنىڭ پېشۋاسى بولغان ئەلىدىن ئايرىپ قارىيالايدۇ؟

**أَمَامَ:** ئالدىدا، ئالدى تەرەپتە، ئۇدۇلىدا.

**أَمَامَ عَيْنَيْهِ:** كۆز ئالدىدا.

**إِلَى الْأَمَامِ:** ئالغا، ھۇررا.

**«وَقَفَ أَمَامَ الْحَاضِرِيْنَ يَخْطُبُ فِيْهِمْ»:** ئۇ مەيداندىكى كىشىلەر ئارىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ تۇردى.

**أَمَامَكَ:** ئېھتىيات قىل، ھېزى بول.

**إِمَامَةٌ:** رىياسەتچىلىك، قوماندانلىق، يېتەكچىلىك.

**أَمَامِيٌّ:** ئالدىنقى، ئالدىدا، ئالدىغا تەۋە.

**مَقْعَدٌ أَمَامِيٌّ:** ئالدىنقى رەت، ئالدىنقى ئورۇن.

**اَلْخُطُوطُ الْأَمَامِيَّةُ:** ئالدىنقى سەپ.

**أَمَانٌ:** ئامانلىق، تىنچلىق، بىخەتەرلىك.

**«لاَ يَحُسُّ النَّاسُ بِأَمَانٍ إِلَّا فِي ظِلِّ حُكْمٍ عَادِلٍ»:** كىشىلەر پەقەت ئادىل ھاكىمىيەت سايىسىدىلا ئامانلىق ھېس قىلىدۇ.

**بِكُلِّ أَمَانٍ:** تامامەن بىخەتەر.

**حِزَامُ أَمَانٍ:** بىخەتەرلىك تاسمىسى.

**فِى أَمَانِ اللّٰهِ:** ئاللاھ ئامان قىلسۇن، خۇدا ساقلىسۇن.

**أَمَانُ الْمُرُورِ:** قاتناش بىخەتەرلىكى.

**«طَلَبَتِ السُّلْطَاتُ إِلَى الْمُتَمَرِّدِيْنَ أَنْ يُسَلِّمُوا**

uyghurkitap.com

أَنْفُسَهُم وَوَعَدَتْهُم بِالْأَمَانِ» : هۆكۈمەت دائىرىلىرى توپىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا ئامانلىق بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

**أَمَانَةٌ:** سادىقلىق، راستچىللىق، سەمىمىيلىك.

«لَا إِيمَانَ لِمَنْ لَا أَمَانَةَ لَهُ» ‹حديث› : راستچىللىق بولمىغان كىشىدە ئىمان بولمايدۇ.

«قَامَ بِأَدَاءِ وَاجِبِهِ بِكُلِّ إِخْلَاصٍ وَأَمَانَةٍ» : ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي سەمىمىيلىك ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلدى.

**أَمَانَةٌ ج أَمَانَاتٌ:** ئامانەت، ساقلىغىلى بەرگەن مال، ئامانەت قويۇلغان نەرسە؛ كاتىبات باشقارمىسى.

**أَمَانَةُ الْعَاصِمَةِ:** شەھەرلىك هۆكۈمەت (ئىراقنىڭ).

«إِنَّ اللّٰهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا» ‹قرآن› : شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

**اَلْأَمَانَةُ الْوَطَنِيَّةُ:** مىللىي غۇرۇر.

**اَلْأَمَانَةُ الْعَامَّةُ لِلْجَامِعَةِ الْعَرَبِيَّةِ:** ئەرەب ئىتتىپاقى كاتىبات باشقارمىسى.

**اَلْأَمَانَةُ الْعَامَّةُ لِمُنَظَّمَةِ الْوَحْدَةِ الْإِفْرِيقِيَّةِ:** ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى باش سېكرېتارىياتى.

**اَلْأَمَانَةُ الْعَامَّةُ لِلْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش سېكرېتارىياتى.

**مَخْزَنُ الْأَمَانَاتِ:** يۈك تاق ـ ساقلاش ئورنى.

**أَمَاهَ يُمِيهُ إِمَاهَةً الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ:** ئارىلاشتۇردى.

**أَمَاهَ السِّكِّينَ:** پىچاقنى سۇغاردى.

**أَمَاهَتِ الْأَرْضُ:** زېمىنىنىڭ سۈيى كۆپ بولدى، زېمىنىنىڭ سۈيى ئەلۋەك بولدى.

**إِمْبِرَاطُورٌ ج أَبَاطِرَةٌ:** ئىمپېراتور، ئىمپېراتورلار.

**إِمْبِرَاطُورُ الْحَبَشَةِ:** ھەبەشىستان ئىمپېراتورى.

**إِمْبِرَاطُورُ الْيَابَانِ:** ياپون ئىمپېراتورى.

«تَقَلَّدَ إِمْبِرَاطُورٌ جَدِيدٌ زِمَامَ الْحُكْمِ» : يېڭى ئىمپېراتور ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى.

**إِمْبِرَاطُورِيَّةٌ:** ئىمپېراتورلۇق.

**إِمْبِرِيَالِيٌّ:** جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك.

**حُكْمٌ إِمْبِرِيَالِيٌّ:** جاھانگىرلىك ھاكىمىيىتى.

**إِمْبِرِيَالِيَّةٌ:** مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك.

**أَمْبِيرٌ:** ئامپېر.

**أَمْتٌ ج أُمُوتٌ وَإِمَاتٌ:** تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

«فَيَذَرُهَا قَاعًا صَفْصَفًا لَا تَرَى فِيهَا عِوَجًا وَلَا أَمْتًا» ‹قرآن› : ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن.

**أَمَةٌ ج إِمَاءٌ و أَمَوَاتٌ وآمٌ:** دېدەك، چۆرە، ئايال قۇل.

«لَا تَضْرِبُوا إِمَاءَ اللّٰهِ» ‹حديث› : ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدىن بولغان ئاياللارنى ئۇرماڭلار.

**اِمْتَاحَ يَمْتَاحُ اِمْتِيَاحًا الْمَاءَ:** سۇنى ئۇچۇملاپ ئالدى.

**اِمْتَارَ يَمْتَارُ اِمْتِيَارًا:** سەپەر ئوزۇقى تەييارلىدى؛ ئاشلىق جۇغلىدى.

**اِمْتَازَ يَمْتَازُ اِمْتِيَازًا:** پەرقلىق بولدى، ئايرىم بولدى، ئالاھىدە بولدى.

«وَامْتَازُو الْيَوْمَ اَيُّهَاالْمُجْرِمُونَ» ‹قرآن› : (گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ).

**اِمْتَازَ الشَّخْصُ:** ئۈستۈن بولدى، ئالاھىدە بولدى، يېگانە بولۇۋالدى؛ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**اِمْتَازَ لِكِبْرِيَائِهِ:** چوڭچىلىقتىن ئايرىم بولۇۋالدى.

**اِمْتِثَالٌ:** بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق؛ بەجا كەلتۈرمەك.

**اِمْتَثَلَ يَمْتَثِلُ اِمْتِثَالاً الْأَمْرَ:** باش ئەگدى، ئىتائەت قىلدى.

**اِمْتَثَلَ الْمَثَلَ:** ئۆلگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**اِمْتَثَلَ طَرِيْقَةَ فُلَانٍ:** پالانىنىڭ يولىغا ئەگەشتى.

**اَلْبَقَرَةُ الْوَحْشِيَّةُ:** بۆكەن، ياۋا كالا.

**اَلْبَقَرَةُ:** قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسىنىڭ نامى.

**بَقْشِيشَةٌ:** سوۋغات بېرىش.

**بَقْشِيشٌ ج بَقَاشِيشُ:** سوۋغات، ھەدىيە، چاي پۇلى.

**بَقَعَ يَبْقَعُ بَقْعًا الطَّيْرُ:** قۇشنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى.

**بُقْعَةٌ ج بِقَاعٌ:** ماكان، يەر، جاي، نۇقتا، مەيدان، ئورۇن، ئوچاستكا؛ تۆپىلىك.

**اَلْبِقَاعُ الْمُقَدَّسَةُ:** مۇقەددەس جايلار.

**«لِلْإِسْلَامِ أَتْبَاعُهُ فِي مُخْتَلِفِ بِقَاعِ الْعَالَمِ»:** دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار.

**بُقْعَةٌ ج بُقَعٌ:** داغ، كىر، چەل.

**بُقَعُ الدَّمِ:** قان دېغى.

**بُقْعَةُ الزَّيْتِ:** ياغنىڭ دېغى.

**بُقْعَةُ الْحِبْرِ:** سىياھ دېغى.

**اَلْبُقَعُ الشَّمْسِيَّةُ:** قۇياشتىكى داغلار.

**بَقَّ يَبُقُّ بَقًّا الْمَاءَ مِنْ فِيهِ:** سۇ پۈركىدى، چاچتى.

**بَقٌّ. بَقَّةٌ ج بَقَّاتٌ:** چۈشا.

**بَقَّارٌ ج بَقَّارَةٌ:** پادىچى.

**بَقَّاقٌ:** كاسكاس، جاپ - جاپ، كوت - كوت، ۋات - ۋات.

**بَقَّالٌ ج بَقَّالُونَ:** كۆكتات سودىگىرى، كۆكتاتچى.

**بَقَّعَ يُبَقِّعُ تَبْقِيعًا الثَّوْبَ:** كىيىمنى بويىدى.

**بَقَّى يُبَقِّي تَبْقِيَةً الشَّيْءَ:** تەرك ئەتتى، تاشلىۋەتتى.

**بَقَلَ يَبْقُلُ بَقْلاً وَ بُقُولاً النَّبْتُ:** ئوت -چۆپ بىخ سۈردى، بىخ چىقاردى.

**بَقْلٌ ج بُقُولٌ و أَبْقَالٌ:** كۆكتات، ئوت ياش، ئوت-چۆپ.

**بَقْلَاوَةٌ:** خېمىر؛ شېكەر ۋە سېرىق مايدىن قىلىنغان نېپىز بىر تۈرلۈك تاتلىق يېمەكلىك.

**بَقْلَةٌ حَمْقَاءُ:** سېمىز ئوت.

**بَقْلَةٌ مُبَارَكَةٌ:** كاسنە، كۆك چېچەك.

**بَقْلُولَةٌ:** كۆپۈك، كۆپۈكچە.

**بُقُولٌ:** پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دانلىقلار.

**بَقِيَ يَبْقَى بَقَاءً وَ بَقِيَ يَبْقَى بَقْيًا:** قالدى، داۋام قىلدى، تۇردى.

**بَقِيَ فِي مَكَانِهِ لَا يَتَحَرَّكُ:** جايىدا مىدىرلىماي تۇردى، قېتىپ قويغان قوزۇقتەك تۇردى.

**بَقِيَ حِبْرًا عَلَى وَرَقٍ:** ئىجرا بولمىدى، ئەمەلگە ئاشمىدى، ئاق قەغەز، قارىسى سىياھ تۇردى.

**«صُدِرَتْ قَرَارَاتٌ كَثِيرَةٌ لِحَلِّ الْمُشْكِلَةِ وَلَكِنَّهَا فِي الْغَالِبِ بَقِيَتْ حِبْرًا عَلَى وَرَقٍ»:** مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قارارلار چىقىرىلدى، لېكىن كۆپىنچە ئۇلار ئىجرا بولماي، ئاق قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ تۇرىۋەردى.

**بَقِيَ عَلَى حَالِهِ:** ئۆزگەرمىدى، ئۆز پېتىچە تۇردى.

**بَقِيَ مِنَ الشَّيْءِ:** ئېشىپ قالدى.

**«بَدَّرَ ثَرْوَتَهُ وَلَمْ يَبْقَ لَهُ مِنْهَا سِوَى مَبْلَغٍ ضَئِيلٍ»:** بايلىقنى بۇزۇپ چېچىۋەتتى، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ـدىن پەقەت ئازغىنا پۇل قالدى.

**بُقْيَةٌ:** ئېشىپ قالغىنى، زاپاس ساقلانغىنى.

**اَلْبَقِيعُ:** دەرەخزارلىق كەڭ جاي؛ مەدىنىدە مۇنەۋۋەرەدىكى مەشھۇر قەبرىستانلىق.

**بَقِيَّةٌ ج بَقَايَا:** قالدۇقى، ئېشىپ قالغىنى.

**لَهُ بَقِيَّةٌ:** داۋامى بار، تۈگىمىگەن.

**«عَثَرَ عُلَمَاءُ الْآثَارِ بَقَايَا إِنْسَانٍ قَدِيمٍ» :** ئارخېئولوگلار قەدىمكى ئىنسان قالدۇقلىرىنى تاپتى.

**أَلْبَقِيَّةُ الْبَاقِيَةُ:** ئاخىردا قالغىنى، كېيىن قېلىپ قالغىنى.

**«وَافَقَ الْعِرَاقُ وَبَقِيَّةُ الدُّوَلِ الْعَرَبِيَّةِ عَلَى الْمَشْرُوعِ الْجَدِيدِ» :** ئىراق ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى يېڭى پىلانغا قوشۇلدى.

**بُكَاءٌ:** يىغا، يىغا ـ زارە.

**«اِنْفَجَرَ بِالْبُكَاءِ حِيْنَ عَرَفَ بِمَوْتِ أَبِيْهِ» :** ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى.

**بُكَائِيَّةٌ ج بُكَائِيَّاتٌ:** مەرسىيە.

**بَكَارَةٌ:** قىزلىق.

**«فَضَّى بَكَارَةَ الْفَتَاةِ» :** قىزنىڭ قىزلىقىنى ئالدى.

**بَكَتَ يَبْكُتُ بَكْتًا:** ئۇردى، چاپتى، ئەيىبلىدى.

**بَكْتِيرِيَا:** مىكروب، باكتېرىيە.

**بَكَرَ يَبْكُرُ بُكُورًا:** ئەتىگەن تۇردى، بالدۇر كەلدى، ئىشنى بالدۇر باشلىدى، ئالدىرىدى.

**بَكَرَ إِلَيْهِ:** ئالدىرىدى.

**«بَكَرَ إِلَى قَاعَةِ الْإِجْتِمَاعِ قَبْلَ غَيْرِهِ» :** يىغىن زالىغا باشقىلاردىن ئىلگىرى ئالدىرىدى.

**بِكْرٌ ج أَبْكَارٌ:** تۇنجى بالا؛ يۈزى ئېچىلمىغان قىز، ياتلىق بولمىغان قىز؛ يېڭى، ئىشلىتىلمىگەن؛ پېچىتى بۇزۇلمىغان.

**«إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌ بَيْنَ ذَلِكَ» ‹قرآن› :** ئۇ قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھالدۇر.

**«فَجَعَلْنَا هُنَّ أَبْكَارًا عُرُبًا أَتْرَابًا» ‹قرآن› :** ئۇلارنى پاكىز ئەرلەرگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق.

**مُحَاوَلَةُ بِكْرٍ:** تۇنجى ئۇرۇنۇش.

**طَعْنَةُ بِكْرٍ:** قالتىس سانجىش، ئەجەللىك سانجىش، مىسلىسىز سانجىش.

**نَارُ بِكْرٍ:** بىرەر ئوتتىن ئېلىنغان بولماستىن، ئۆز ئالدىغا يېقىلغان ئوت.

**اَلْأَرْضُ الْبِكْرُ:** بوز يەر، ئېچىلمىغان يەر، بىنام يەر.

**بَكْرٌ م بَكْرَةٌ:** ياش تۆگە.

**بُكْرَةً:** ئەتە، ئەتە ئەتىگەندە، ئەتە سەھەردە.

**فِي بُكْرَةِ النَّهَارِ:** تاڭ يورىغاندا، تاڭ سەھەردە.

**«فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ أَنْ سَبِّحُوا بُكْرَةً وَعَشِيًّا» ‹قرآن› :** ئۇ ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى.

**بَعْدَ بُكْرَةٍ:** ئۆگۈنلۈككە.

**بَعْدَ بَعْدَ بُكْرَةٍ:** ئىندىللىقا.

**بُكْرَةً وَعَشِيًّا:** ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا، شامۇ سەھەر.

**اَلْبَكْرَةُ:** كۆپچىلىك، جامائە.

**عَلَى بَكْرَةِ أَبِيهِمْ. عَنْ بَكْرَةِ أَبِيْهِم. عَنْ بُكْرَتِهِمْ :** ھەممىسى، پۈتۈنلەي، تامامەن.

**«خَرَجَتِ الْجَمَاهِيْرُ عَنْ بَكْرَتِهَا لِتَحِيَّةِ أَبْطَالِ الْقَادِسِيَّةِ» :** ئاممىنىڭ ھەممىسى قادىسىيە قەھرىمانلىرىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىقتى.

**بَكْرِيَّةُ الْوِلَادَةِ:** تۇنجى تۇغۇتلۇق ئايال.

**بَكَّاءٌ ج بَكَّاؤُونَ:** يىغلاڭغۇ، يىغلىغاق.

**بَكَّتَ يُبَكِّتُ تَبْكِيتًا:** ئۇردى، چاپتى؛ ئەيىبلىدى.

**بَكَّتَ الْمُذْنِبَ:** گۇناھكارنى مالامەت قىلدى.

**بَكَّتَ الضَّمِيرَ:** ۋىجدان ئازابىغا قويدى، پۇشايمان قىلدى، نادامەت چەكتى.

**بَكَّةُ:** مەككە مۇكەررەمەنىڭ قەدىمكى ئىسمى.

**بَكَّرَ يُبَكِّرُ تَبْكِيرًا:** ئالدىدا بولدى، ئىشنى بالدۇر باشلىدى.

**بَكَّى يُبَكِّي تَبْكِيَةً:** يىغلاتتى.

**بَكِمَ يَبْكِمُ بَكَمًا وَبَكَامَةً:** گاچا بولۇپ قالدى.

**بَكُمَ يَبْكُمُ بَكَامَةً:** سۈكۈت قىلدى.

**صُمٌّ بُكْمٌ:** ئاڭلىمايدىغان ۋە ھىدايەت تاپمايدىغان كىشى.

**«وَالَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا صُمٌّ وَبُكْمٌ فِي الظُّلُمَاتِ»** ‹قرآن›: بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار گاسلاردۇر، گاچىلاردۇر، ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانلاردۇر.

**فِتْنَةٌ بَكْمَاءُ:** ئۇچىغا چىققان پىتنە - پاسات.

**بَكَى يَبْلِى بُكَاءً و بُكًى:** يىغلىدى.

**بَكَى الْفَقِيْدَ:** ئۆلگەن ئادەمگە ئىچىنى ئاغرىتتى.

**«بَكَى صَدِيْقَهُ/ عَلَى صَدِيْقِهِ/ لِفَقْدِ صَدِيْقِهِ»:** دوستىنىڭ ۋاپاتىغا يىغلىدى.

**بُكًى:** يىغا، يىغا - زارە.

**بَكِيْءٌ ج بِكَاءٌ مِنَ الْآبَارِ:** سۈيى ئاز قۇدۇق.

**بَكِيرَةٌ ج بَكَائِرُ:** بالدۇر پىشقان مېۋە.

**بَكِيمٌ ج بُكْمَانٌ:** گاچا.

**بَكِيٌّ ج بَكَايَا مِنَ الْآبَارِ:** سۈيى ئاز قۇدۇق.

**بَكِيٌّ:** يىغلاڭغۇ، كۆپ يىغلايدىغان.

**بَلْ:** بەلكى، بولسا، لېكىن، ھەم.

**مَا حَضَرَ الطَّالِبُ بَلْ أَبُوهُ:** ئوقۇغۇچى ھازىر بولمىدى، بەلكى ئۇنىڭ دادىسى ھازىر بولدى.

**«أَمْ يَقُولُونَ بِهِ جِنَّةٌ بَلْ جَاءَهُمْ بِالْحَقِّ»** ‹قرآن›: ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى.

**«أَنَا لَا أَظْلِمُ بَلْ أُدَافِعُ عَنِ الْمَظْلُومِ»:** مەن زۇلۇم قىلمايمەن، بەلكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى قوغدايمەن.

**وَجْهُكَ الْبَدْرُ لَا بَلِ الشَّمْسُ:** سېنىڭ يۈزۈڭ ئايدۇر، بەلكى قۇياشتۇر.

**بَلَا يَبْلُو بَلَاءً وَبَلْوًا:** سىنىدى، تەجرىبە قىلدى، سىناق قىلدى، چارچىتىۋەتتى، ھارغۇزۇۋەتتى.

**«وَنَبْلُوكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً»** ‹قرآن›: سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز.

**«بَلَا السَّفَرُ فُلَانًا»:** سەپەر چارچاتتى، سەپەر

ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

**بَلَاءٌ:** بالايىئاپەت، ھادىسە، كۆڭۈلسىزلىك؛ سىنىماق، ئىمتىھان ئالماق.

**بَلَادَةٌ:** دۆتلەشمەك، گالۋاڭلاشماق، مەتۇ بولماق، ھاڭۋاقتى بولماق.

**بَلَادَةُ الشُّعُورِ:** زېھنىنىڭ ئېغىرلىقى، دۆتلۈك.

**كِيْسٌ مِنَ الْبَلَاسْتِيك:** سۇلياۋ خالتا.

**بَلَاطٌ. بَلَاطَةٌ ج بَلَاطَاتٌ:** تاختا تاش، تاش دوسكا، خىش، گۈللۈك خىش.

**بَلَاطُ الشُّهَدَاءِ:** قۇربانلار قەبرە تېشى.

**بَلَاطُ الْمَلِكِ:** ئوردا، خان سارىيى، ھەرەم، پادىشاھنىڭ تەختى، خان ئوردىسى.

**بَلَاطٌ قَاشَانِيٌّ:** پار - پۇرخىش، ساپال خىش، گۈللۈك خىش، كاھىش.

**بَلَاطَةُ الضَّرِيحِ:** قەبرە تېشى.

**بَلَاطَةٌ مُلَوَّنَةٌ:** پار - پۇر خىش، گۈللۈك خىش، رەڭدار خىش.

**بَلَاغٌ ج بَلَاغَاتٌ:** خەۋەر، مەلۇمات، دوكلات، ئاخبارات، ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بايانات؛ نوتا؛ ئولتىماتۇم؛ تەبلىغ.

**«هَذَا بَلَاغٌ لِلنَّاسِ وَلِيُنْذَرُوا بِهِ وَلِيَعْلَمُوا أَنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُولُوا الْأَلْبَابِ»** ‹قرآن›: كىشىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، بۇ تەبلىغدۇر.

**«جَاءَ فِي الْبَلَاغَاتِ الْعَسْكَرِيَّةِ الْحَرْبِيَّةِ الْأَخِيْرَةِ أَنَّ الْعَدُوَّ تَكَبَّدَ خَسَائِرَ فَادِحَةً»:** كېيىنكى ھەربىي ئاخباراتتا ئېيتىلىشىچە، دۈشمەنلەر ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچرىغان.

**بَلَاغٌ مُشْتَرَكٌ:** بىرلەشمە ئاخبارات، قوشما بايانات.

**«إِنَّ هَذَا لَبَلَاغًا لِقَوْمٍ عَابِدِيْنَ»** ‹قرآن›: بۇ (قۇرئان) دا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى قەۋم ئۈچۈن (خەۋەرلەر، ۋەز - نەسىھەتلەردىن) ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار.

**بَلَاغَةٌ:** سۆز قابىلىيىتى، ناتىقلىق، سۆزمەنلىك، پاساھەت، بالاغەت.

**عِلْمُ الْبَلَاغَةِ:** بالاغەت ئىلمى، ئىستىلىستىكا.

uyghurkitap.com



**بَلَاغِيٌّ**: ئىستىلىستىكىلىق.

**«يُكْثِرُ فِي نَثْرِ الزِّيَّاتِ اِسْتِخْدَامُ الْمُحَسِّنَاتِ الْبَلَاغِيَّةِ»** : زەيياتنىڭ نەسرى ئەسەرلىرىدە گۈزەل بالاغەت قائىدىلىرى كۆپ قوللىنىلغان.

**بَلَاهَةٌ**: دۆتلۇك، مەتۇلۇق، گالۋاڭلىق، دەلدۈشلۈك.

**اَلْبَلْبَالُ ج بَلَابِلُ**: قاتتىق غەم، قاتتىق قايغۇ، ئەندىشە، بىئاراملىق؛ قىيىن، مۈشكۈل، تەرتىپسىز؛ بۆرە.

**بَلْبَلَ يُبَلْبِلُ بَلْبَلَةً و بِلْبَالاً الْقَوْمَ**: قوزغىدى، ھەرىكەتلەندۈردى.

**بَلْبَلَ الْآرَاءَ**: بۆلگۈنچىلىك سالدى.

**بَلْبَلَ الشَّخْصَ**: پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويدى.

**بُلْبُلٌ ج بَلَابِلُ**: بۇلبۇل.

**بَلْبَلَةٌ ج بَلَابِلُ**: قالايمىقانچىلىق، مالىماتاڭچىلىق، بىسەرەمجانلىق، تەرتىپسىز، رەتسىز.

**قَرَّتْ بَلَابِلُهُ**: خاتىرجەمسىزلەنمەيدىغان بولدى.

**بُلْبُلَةٌ**: تۇروبا، نەيچە.

**بُلْبُوعَةٌ**: كومىلاچ دورا.

**بَلَجَ يَبْلُجُ بُلُوجًا الصُّبْحُ**: تاڭ يورۇدى.

**بَلِجَ يَبْلَجُ بَلَجًا الْحَقُّ**: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى.

**بَلِجَ وَجْهُهُ**: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

**بَلِجَ بِهِ**: خۇشاللاندى، شادلاندى.

**بَلَحٌ. بَلَحَةٌ ج بَلَحَاتٌ**: پىشمىغان خورما، خورما غورىسى.

**بَلَحُ الْبَحْرِ**: سەدەپ قۇلۇلىسى.

**بَلُدَ يَبْلُدُ بَلَادَةً**: ئەقلىي - ھوشى كەم بولدى، دۆت بولدى، كاللىسى ئادى بولدى.

**بَلُدَ الشَّخْصُ**: دۆت بولۇپ قالدى.

**بَلَدَ يَبْلُدُ بُلُودًا بِالْمَكَانِ**: ماكانلىشىپ قالدى، يەرلىشىپ قالدى.

**بَلَدٌ ج بِلَادٌ و بُلْدَانٌ**: يەر، رايون، دۆلەت، دۆلەت زېمىنى، يۇرت.

**«وَالْبَلَدُ الطَّيِّبُ يَخْرُجُ نَبَاتُهُ بِإِذْنِ رَبِّهِ»** «قۇرئان» : مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى پەرۋەردىگارنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ.

**مُعَارَضَةُ التَّدَخُّلِ فِي الشُّؤُونِ الدَّاخِلِيَّةِ لِلْبُلْدَانِ الْأُخْرَى**: باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇش.

**اَلْبِلَادُ الْعَرَبِيَّةُ**: ئەرەب دۆلەتلىرى، ئەرەب يۇرتلىرى.

**«اِنْتَشَرَتِ الْمَدَارِسُ فِي جَمِيعِ أَنْحَاءِ الْبِلَادِ»** : مەكتەپلەر مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان.

**«بِلَادِي وَ إِنْ جَارَتْ عَلَيَّ عَزِيزَةٌ»** : يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلسىمۇ، مەن ئۈچۈن يەنىلا قىممەتلىكتۇر.

**بَلَدٌ م بَلْدَةٌ ج بِلَادٌ**: شەھەر، بازار.

**«وَأَحْيَيْنَا بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا»** «قۇرئان» : ئۇنىڭ بىلەن بىز ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق.

**بَلَدِيٌّ**: يەرلىك، شەھەرلىك، مۇشۇ يەرلىك، شۇ دۆلەتلىك.

**رَقْصٌ بَلَدِيٌّ**: خەلق ئۇسسۇلى.

**مَجْلِسٌ بَلَدِيٌّ**: شەھەرنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئورگان، شەھەرلىك كومىتېت.

**بَلَدِيَّةٌ ج بَلَدِيَّاتٌ**: ئاپتونوم شەھەر، شەھەرلىك ھۆكۈمەت.

**رَئِيسُ الْبَلَدِيَّةِ**: شەھەر باشلىقى.

**شُؤُونٌ بَلَدِيَّةٌ**: شەھەر ئىشلىرى.

**وِزَارَةُ الْبَلَدِيَّاتِ**: شەھەر ئىشلىرى مىنىستىرلىكى.

**بَلْسَمَ يُبَلْسِمُ بَلْسَمَةً الْجُرْحَ**: يارىنى داۋالىدى.

**بَلْسَمٌ ج بَلَاسِمُ**: ئاغرىق توختىتىش دورىسى؛ يۇزماي، خۇشبۇي يېلىم، يېلىمى بىلەن يارىنى ساقايتىدىغان بىر خىل دەرەخ.

**بَلْسَمٌ شَافٍ**: شىپالىق مەلھەم دورا.

**بَلْشَقَ يُبَلْشِقُ بَلْشَقَةً الْبَلَدَ**: بولشېۋىك قىلدى، بولشېۋىكلاشتۇردى.

**بُلْشُفِيٌّ ج بَلَاشِفَةٌ**: بولشېۋىك.

**بُلْشُفِيَّةٌ**: بولشېۋىكلىك، بولشېۋىكلار ھەرىكىتى.

**بَلَصَ يَبْلَصُ بَلَصًا:** قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېلىۋالدى، تەھدىت سېلىپ ئېلىۋالدى.

**بَلْصَمَ يُبَلْصِمُ بَلْصَمَةً الْجُرْحَ:** داۋالىدى، يارىنى داۋالىدى.

**بَلْطَةٌ ج بَلَطَاتٌ:** پالتا.

**بَلِعَ يَبْلَعُ بَلْعًا:** يۇتتى، يۇتىۋەتتى.

**بَلَعَ رِيقَهُ:** تۈكۈرۈكىنى يۇتتى.

**بَلْعَةٌ ج بَلَعَاتٌ:** بىر يۇتۇم.

**بُلْعُمٌ ج بَلاَعِمُ و بَلاَعِيمُ:** يۇتقۇنچاق، كېكىرتەك، گال.

**بَلْعَمَةٌ م بَلاَعِمُ:** ئاق قان دانچىلىرى.

**بُلْعُمِيٌّ:** بوغۇز (گال) غا خاس.

**بَلَغَ يَبْلُغُ بُلُوغًا:** يەتتى، يېتىپ باردى.

**بَلَغَ الْوَلَدُ:** بالا بالاغەتكە يەتتى، بويىغا يەتتى.

**بَلَغَ أَشُدَّهُ:** قىرانىغا يەتتى، كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىن ۋايىغا يەتتى.

**«وَلاَ تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلاَّ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ»** «قرآن»: يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار.

**«بَلَغَ مِنَ الْعُمْرِ السَّابِعَةَ»** : ئۇ يەتتە ياشقا ئۇلاشتى.

**«بَلَغَ مُسْتَوَى الْمَدْرَسَةِ الثَّانَوِيَّةِ»** : تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتتى.

**«بَلَغَ الْأَمْرُ ذُرْوَتَهُ»** : ئىش يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئىش ئەڭ چېكىگە يەتتى.

**«وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ»** «قرآن» : بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان . . .

**بَلَغَ غَايَتَهُ:** مەقسىتىگە يەتتى، غايىسىگە يەتتى.

**«يَبْلُغُ عَدَدُ الطُّلاَّبِ فِي الْجَامِعَةِ أَكْثَرَ مِنْ ثَلاَثِينَ أَلْفًا»** : ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشىدۇ.

**«بَلَغَ بِهِ التَّشَاؤُمُ إِلَى حَدِّ الْيَأْسِ»** : ئۇ شۇم پال ئېلىپ، ئۈمىدسىزلىك دەرىجىسىگە يەتتى.

**«بَلَغَ السَّيْلُ الزُّبَى»** : يۇقىرى چەككە يەتتى، يۇقىرى پەللىگە يەتتى، چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

**بَلَغَ بِهِ الْجُهْدُ:** كۈچەپ كەتتى، زورۇقتى.

**بَلَغَ الْكَلاَمُ مِنْهُ:** قاتتىق تەسىرلەندى.

**بَلَغَ الْمَكَانَ:** يېتىپ باردى، ئۇلاشتى.

**بَلَغَ مِنِّي التَّعَبُ كُلَّ مَبْلَغٍ:** قاتتىق چارچاپ كەتتىم.

**بَلُغَ يَبْلُغُ بَلاَغَةً:** ناتىق بولدى، سۆزگە ماھىر بولدى، پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بولدى.

**بُلْغَةٌ:** قەدىر ئەھۋال (ئائىلە تۇرمۇشى)، غورىگىل تۇرمۇش.

**بَلْغَمٌ:** بەلغەم، خەپرۇك، تۈكۈرۈك.

**بَلْغَمِيٌّ:** بەلغەمگە خاس، بەلغەمگە مەنسۇپ.

**بَلْغَمِيُّ الْمِزَاجِ:** بەلغەم مىجەزلىك.

**بَلَقَ بَلْقًا:** دوق قىلدى، ھەيۋە قىلدى، تىرە تاراقشىتتى.

**بَلِقَ يَبْلَقُ و بَلُقَ يَبْلُقُ بَلَقًا:** داغ چۈشتى، ئالا-چىپار بولۇپ قالدى.

**بَلَقٌ:** مەر مەر تاش.

**بَلْقَعٌ. بَلْقَعَةٌ ج بَلاَقِعُ:** بوز يەر، قاقاس يەر، بىنام يەر.

**بَلَّ يَبِلُّ بَلاًّ و بَلَلاً و بُلُولاً مِنْ مَرَضِهِ:** كېسەلدىن ساقايدى، شىپا تاپتى.

**بَلَّ الشَّيْءَ بِالْمَاءِ:** سۇ بىلەن ھۆل قىلدى، نەمدىدى.

**«لاَتَبُلَّ إِبْهَامَكَ لِتَقْلِبَ صَحَائِفَ الْكِتَابِ»** : كىتابنىڭ ۋاراقلىرىنى ئۆرۈگەندە بارماقلىرىڭنى ھۆل قىلما.

**بِلَّ مِنْ مَرَضٍ:** ساقايماق، شىپا تاپماق.

**بَلَلٌ:** ھۆل، نەم، نەملىك.

**بَلاَّصٌ. بَلاَّصِي ج بَلاَلِيصُ:** كۆپ، ئىدىش، كومزەك، ئاپقۇر.

**بَلاَّعَةٌ ج بَلاَّعَاتٌ:** يېپىق ئېرىق، يۇندا سۇ يولى.

**بَلاَّنٌ:** ھامام خىزمەتچىسى، مۇنچا خىزمەتچىسى.

www.uyghurkitap.com

**بَلَّدَ يُبَلِّدُ تَبْلِيدًا الشَّخْصُ:** بوشىشىپ كەتتى، ئىشنى بىر باشقا ئىلىپ چىقالمىدى.

**بَلَّطَ يُبَلِّطُ تَبْلِيطًا:** تاش تاختا ياتقۇزدى، ياتقۇزدى.

**بَلَّطَ الطَّرِيقَ أَوِالشَّارِعَ:** سېمونت ياتقۇزدى.

**«بَلَّطَتِ الْحُكُومَةُ عَدَدًا كَبِيْرًا مِنْ شَوَارِعِ الْمُدُنِ وَ طُرُقِهَا»:** ھۆكۈمەت شەھەر كوچىلىرىنىڭ يوللىرىنى سېمونت قىلدى.

**بَلَّعَ يُبَلِّعُ تَبْلِيعًا:** يۇتقۇزدى (تائام ياكى سۇنى).

**بَلَّغَ يُبَلِّغُ تَبْلِيغًا:** يەتكۈزدى، خەۋەر قىلدى، دوكلات قىلدى، نوتا تاپشۇردى.

**بَلَّغَهُ الْخَبَرَ وَ بِهِ:** خەۋەر يەتكۈزدى.

**«أَرْجُوأَنْ تُبَلِّغَ سَلاَمِي إِلَى الْأَهْلِ وَ الْأَصْدِقَاءِ»:** مەندىن ئائىلىدىكىلەرگە ۋە دوستلارغا سالام ئېيتىپ قويۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن.

**«بَلَّغَ الشُّرْطِيُّ الْمُتَّهَمَ أَمْرَ الْحُضُورِ إِلَى الْمَحْكَمَةِ»:** ساقچى جاۋابكارغا سوتقا ھازىر بولۇشنى ئۇقتۇردى.

**بَلَّغَ شَفَوِيًّا:** ئاغزاكى يەتكۈزدى.

**«يَاأَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ» ‹قرآن›:** ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن.

**بَلَّلَ يُبَلِّلُ تَبْلِيلاً:** ھۆل قىلىۋەتتى، نەم قىلىۋەتتى.

**بِلَّوْرٌ ج بِلَّوْرَاتٌ:** كرىستال، جەۋھەر، بىللور.

**بَلُّورٌ صَخْرِيٌّ:** خىرۇستال.

**عِلْمُ الْبَلُّورَاتِ:** خىرۇستالچىلىق سەنئىتى.

**بَلُّوطٌ:** كاۋچۇك دەرىخى، دۇب دەرىخى.

**بَلُّوعَةٌ ج بَلُّوعَاتٌ و بَلاَلِيعُ:** ئۆستى يېپىق ئېرىق، پاسكىنا سۇ ئېرىقى.

**بَلُّونٌ ج بَلُّونَاتٌ:** گاز شارى، ھاۋا كېمىسى، ئۇچار كېمە.

**بَلَّى يُبَلِّى تَبْلِيَةً:** كونىرىتىۋەتتى.

**بَلِهَ يَبْلَهُ بَلْهًا وَبَلاَهَةً:** مەتۇ بولۇپ قالدى، دۆت بولۇپ قالدى، دەلدۈش بولۇپ قالدى، ھاڭۋاقتى بولۇپ قالدى.

**بَلَهْ:** دۆتلۈك، گالۋاڭلىق، دەلدۈشلۈك.

**بَلْهَ:** تاشلا.

**بَلْهَاءُ:** گالۋاڭ، گومۇش، مەتۇ، ھاڭۋاقتى.

**«كَانَ يَنْظُرُ إِلَيْنَا نَظْرَةً بَلْهَاءَ»:** بىزگە مەتۇلارچە قارايتتى.

**بِلْهَارِسِيَا:** قان سىيىشنى ۋە باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مىكروب.

**بُلَهْنِيَةُ الْعَيْشِ:** تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى، تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى.

**بَلْوَرَ يُبَلْوِرُ بَلْوَرَةً:** ساپلاشتۇردى، كرىستاللاشتۇردى.

**بَلْوَرَ الْمَسْأَلَةَأَوِالْفِكْرَةَ:** خۇلاسىلىدى، يىغىنچاقلىدى.

**«أَلْقَي الْقَائِدُ الْمُؤَسِّسُ خِطَابًا بَلْوَرَ فِيْهِ مَبَادِيءَ الْحِزْبِ»:** پارتىيە قۇرغۇچى يېتەكچى نۇتۇق سۆزلەپ، پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىنى يىغىنچاقلاپ بەردى.

**بَلْوَرَةٌ:** بايان قىلماق، ئىزاھلىماق.

**«اَلْمُفَكِّرُ الْمُبْدِعُ يَتَمَيَّزُ بِقُدْرَتِهِ عَلَى بَلْوَرَةِ آرَائِهِ وَأَفْكَارِهِ»:** يېڭىلىق ياراتقۇچى مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە پىكىرلىرىنى روشەن ۋە مۇئەييەن شەكىلگە كىرگۈزەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**بَلُوزَةٌ:** مۇرابىا.

**بُلُوغٌ:** يەتمەك، ئۇلاشماق.

**سِنُّ الْبُلُوغِ:** بالاغەت يېشى.

**بَلْوَى ج بَلاَيَا:** ئاپەت، مۇسىبەت.

**«لاَيَغْلِبُ الْبَلْوَى سِوَى الصَّبْرِ وَ الْإِيْمَانِ»:** باشقا كەلگەن كۆلپەتنى سەۋرچانلىق ۋە ئىماندىن باشقا نەرسە يېڭەلمەيدۇ.

**بَلِيَ يَبْلَى بِلًى وَبَلاَءً الثَّوْبُ:** كىيىم كونىراپ كەتتى.

**بَلِيَ الشَّيْءُ:** ھالاك بولدى، تۈگەپ كەتتى، يوق بولدى.

«وَمُلْكٍ لاَ يَبْلَى» «قرآن» : زاۋال تاپماس پادىشاھ-
لىق.

بِلًى: كونىرىماق، چىرىمەك، ئەسكىرىمەك.

بَلَى: ھەئە؛ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بولمىسا.

بَلِيدٌ ج بُلَدَاءُ: دۆت، مەتۇ، گالۋاڭ، ھاڭۋاقتى.

بَلِيدُ الذِّهْنِ: گالۋاڭ، دۆت، ئەقلىي كۈچى ئاجىز.

بَلِيغٌ ج بُلَغَاءُ: سۆز قابىلىيىتى يۇقىرى كىشى،
ناتىق؛ پاساھەتلىك.

شَاعِرٌ بَلِيغٌ: ئۇستا شائىر، پاساھەتلىك شائىر.

خِطَابٌ بَلِيغٌ: تەسىرلىك نۇتۇق.

أَثَرٌ بَلِيغٌ: چوڭقۇر ئىز، چوڭقۇر تەسىر.

جُرْحٌ بَلِيغٌ: ئېغىر يارا، خەتەرلىك يارا، ئېغىر
جاراھەت.

نَصٌّ أَدَبِيٌّ بَلِيغٌ: نەپىس ئەدەبىي تېكىست.

بَلِيلٌ: نەم ھاۋا.

بَلِيلَةٌ: سۇدا قاينىتىلغاندىن كېيىن شېكەر
قوشۇپ يېيىلىدىغان بۇغداي ياكى تېرىق.

بِلْيُونٌ ج بَلاَيِينُ: مىليارد.

بَلِيَّةٌ ج بَلاَيَا: ئاپەت، مۇسىبەت.

بِنَاءٌ: قۇرماق، ياسىماق، بىنا قىلماق؛ بىنا،
قۇرۇلۇش، ئىمارەت.

بِنَاءٌ تَحْتَانِيٌّ: يەر ئاستى ئۆي.

بِنَاءً عَلَى: ... گە ئاساسەن، ... بويىچە، ...
گە بىنائەن.

بِنَاءً عَلَيْهِ: شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن.

بِنَاءً عَلَى طَلَبٍ: تەلەپكە ئاساسەن، تەلەپ بويى-
چە.

«بِنَاءً عَلَى مَا جَاءَ فِي قَرَارِ مَجْلِسِ الأَمْنِ
تَقَرَّرَ وَقْفُ إِطْلاَقِ النَّارِ» : خەۋپسىزلىك
كېڭىشى ھەيئىتىنىڭ قارارىغا بىنائەن ئۇرۇش
توختىتىش مۇقىملاشتى.

بِنَاءٌ ج أَبْنِيَةٌ: قۇرۇلۇش، بىنا، ئىمارەت.

«مِنَ الْحِكْمَةِ أَن يَعْنِيَ الْمَسْئُولُونَ بِصِيَانَةِ
الأَبْنِيَةِ التَّارِيخِيَّةِ الْقَدِيمَةِ» : مەسئۇللارنىڭ
قەدىمكى تارىخى بىنالارنى قوغداشقا كۆڭۈل

بۆلۈشى ئاقىلانىلىقتۇر.

اَلْبِنَاءُ الاِجْتِمَاعِيُّ: ئىجتىمائىي تەرتىپ.

اَلْبِنَاءُ الْفَوْقِيُّ. اَلْبِنَاءُ الْعَلَوِيُّ: ئۈستقۇرۇلما.

عَامِلُ بِنَاءٍ: قۇرۇلۇش ئىشچىسى، تامچى.

«تَمَّ بِنَجَاحٍ بِنَاءُ الْجِسْرِ الْكَبِيرِ» : چوڭ
كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاما-
ملاندى.

«وَعَدَتِ الْحُكُومَةُ بِبِنَاءِ عَدَدٍ مِنَ الْمَدَارِسِ
وَدُورِ السُّكْنَى فِي الأَرْيَافِ» : ھۆكۈمەت يېزى-
لاردا بىرقانچە مەكتەپ بىناسى ۋە تۇرالغۇ
جايلارنى سېلىنىشنى ۋەدە قىلدى.

«فِي الْعَرَبِيَّةِ أَبْنِيَةٌ لَمْ يَلْتَفِتْ إِلَيْهَا الصَّرْفِيُّونَ
مِنْ قَبْلُ» : ئەرەبچىدە بۇرۇن مورفولوگىيە-
شۇناسلار دىققەت قىلمىغان سۆز شەكىللىرى
بار.

بِنَائِيٌّ: قۇرۇلۇشقا مەنسۇپ، قۇرۇلۇشقا تەۋە.

مَوَادٌّ بِنَائِيَّةٌ: قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى.

بَنَادُرَةٌ: شوخلا، پەمىدۇر.

عَصِيرُ الْبَنَادُرَةِ: پەمىدۇر قىيامى.

بَنَانٌ: بارماق ئۇچى.

طَوْعُ بَنَانِهِ: ئۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ باشقۇرۇ-
شى ئاستىدا.

عَضَّ بَنَانَ النَّدَمِ: پۇشايمان قىلدى، قاتتىق
ئۆكۈندى.

يُشَارُ إِلَيْهِ بِالْبَنَانِ: ئۇ ئىنتايىن مەشھۇر، ئۇ
داڭلىق، ئۇ ھەممىدىن داڭدار.

بِنَايَةٌ ج بِنَايَاتٌ: قۇرۇلۇش، بىنا، ئىمارەت.

«لَقَدْ تَمَّ بِنَاءُ هَذِهِ الْبِنَايَةِ حَدِيثًا لِذَا لَمْ
يَسْكُنْهَا أَحَدٌ بَعْدُ» : بۇ بىنا ئەمدىلا پۈتتى،
تېخى ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم كۆچۈپ كىرمىدى.

«تَوْزِيعُ بِنَايَاتِ هَذِهِ الْمِنْطَقَةِ مُنْتَظِمٌ جِدًّا» :
بۇ رايوننىڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى تولىمۇ رەتلىكتۇر.

بِنْتٌ ج بَنَاتٌ: قىز، قىز بالا.

بِنْتُ الشَّفَةِ: سۆز، بىر كەلىمە.

بِنْتُ الأَمْسِ: ئۆزاق بولمىغان ئىش، يېقىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىش.

**بِنْتُ الْحَانِ:** هاراق.

**بِنْتُ الْعِنَبِ:** هاراق.

**«سَأَلْتُهُ بِإِلْحَاحٍ عَنْ ذَلِكَ الْمَوْضُوعِ وَلَكِنَّهُ لَمْ يَنْبِسْ بِبِنْتِ شَفَةٍ»** : ... بۇ ماۋزۇ توغرىلىق ئۇنىڭدىن قايتا ـ قايتا سورىساممۇ ئۇ لام ـ جىم دېمىدى.

**بِنْتُ الْوَدْنِ:** بادام بەز، بادام تەنچە.

**بِنْتُ الْيَمَنِ:** قەھۋە، كافى.

**بَنَاتُ الْأَرْضِ:** ئۆستەڭلەر، تاغ جىلغىسىدىكى ئېقىنلار، جىرا سۇلىرى.

**بَنَاتُ الدَّهْرِ:** ئېغىرچىلىق، ئاپەت، بالا ـ قازا.

**بَنَاتُ الطَّرِيقِ:** ئەگرى ـ توقاي يول.

**بَنَاتُ الظُّنُونِ:** پەرەز، مۆلچەر، قىياس.

**بَنَاتُ الْهَوَى:** پاھىشە ئايالالار.

**بَنَاتُ الْأَفْكَارِ:** خاتىرىلەر.

**بَنَاتُ الصَّدْرِ:** غەم ـ قايغۇ.

**بَنَاتُ اللَّيْلِ:** غەم ـ قايغۇ؛ پاھىشە ئايالار.

**بِنْتِيٌّ:** قىزلىق خاراكتېر، قىزچە.

**بَنَجَ يَبْنُجُ بَنْجًا:** ئەسلىگە قايتتى، ئەسلىگە كەلدى.

**بَنْجٌ:** مىڭدۇانە (بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى).

**بَنْجَرٌ ج بَنَاجِرُ:** قىزىلچا.

**بَنْدٌ ج بُنُودٌ:** تۇغ، ئەلەم، بايراق؛ (قانۇن ياكى شەرتنامىنىڭ) ماددىسى، تارمىقى؛ (كىتابنىڭ) ئابزاسى.

**اَلْبَنْدُ الثَّالِثُ مِنَ الْمَادَّةِ الثَّانِيَةِ:** 2 ـ ماددىنىڭ 3 ـ تارمىقى.

**اَلْبَنْدُ:** ئەرەب تىلىدىكى مىسرا بىلەن چەكلەنمەيدىغان بىر خىل ئەركىن شېئىر شەكلى.

**بَنْدَرٌ ج بَنَادِرُ:** پورت، دېڭىز بويىدىكى شەھەر، سودا شەھىرى، مەركىزىي شەھەر.

**بَنْدَقَ يُبَنْدِقُ بَنْدَقَةً:** ھالاك قىلدى، قىردى، ئۆلتۈردى، ئاتتى، ئوققا تۇتتى، ئوت ئاچتى.

**بُنْدُقٌ:** ئورمان ياڭىقى.

**خَشَبُ بُنْدُقٍ:** ياڭاق ياغىچى.

**بُنْدُقَةٌ:** ئورمان ياڭىقى؛ مىلتىق ئوقى، ئوق.

**بُنْدُقِيَّةٌ ج بَنَادِقُ:** مىلتىق.

**بُنْدُقِيَّةُ رَشٍّ:** ئوۋ مىلتىقى.

**بُنْدُقِيَّةُ رَصَاصٍ:** تاللىق مىلتىق.

**بُنْدُقِيَّةُ ضَغْطٍ:** گاز مىلتىق.

**بُنْدُقِيَّةُ هَوَاءٍ:** يەل مىلتىق.

**بُنْدُقِيَّةٌ كَارْبِين:** ئاتلىق ئەسكەر مىلتىقى، كارابىن مىلتىق.

**بُنْدُقِيَّةٌ سَرِيعَةُ الطَّلَقَاتِ:** پىلىموت، ئاپتومات.

**سَرِيَّةُ الْبَنَادِقِ:** پىيادە ئەسكەرلەر لېيەنى.

**بَنْدُورَةٌ:** پەمىدور، شوخلا.

**بَنْدُولٌ:** ئۇيۇق سىزىقى مەركىزىي ئەتراپىدا توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان جىسىم.

**بَنْدُولُ السَّاعَةِ:** ماياتنىك، سائەتنىڭ ماياتنىكى.

**بَنْدِيرٌ:** داپ؛ چوڭ دومباق.

**بَنْذَهِيرٌ:** زەھەر قايتۇرغۇچى دورا.

**بِنْزِينٌ، بَنْزِينٌ:** بېنزىن.

**بَنِسَ يَبْنَسُ بَنَسًا:** يامانلىقتىن قاچتى.

**بِنِسِلِينٌ:** پېنىسىلىن.

**بِنْصِرٌ ج بَنَاصِرُ:** نامسىز بارماق.

**بَنْطَةٌ:** بورغا، ئۆشكە.

**بَنْطَلُونٌ ج بَنْطَلُونَاتٌ:** شىم، ئىشتان.

**بَنْطَلُونٌ تَحْتَانِيٌّ:** ئىچ ئىشتان، تامبال.

**بَنْطَلُونٌ قَصِيرٌ:** كالتا ئىشتان.

**بَنْطَلُونُ الرُّكُوبِ:** گەلەپى شىم (ئاتلىقلار كىيىدىغان شىم).

**بَنَفْسَجٌ ج بَنَفْسَجَاتٌ:** ۋىئولېت گۈلى.

**اَلْأَشِعَّةُ فَوْقَ بَنَفْسَجِيَّةِ:** ئۇلترا بىنەپشە نۇر.

**بَنْكٌ ج بُنُوكٌ:** بانكا.

**اَلْبَنْكُ الْأَهْلِيُّ:** يەرلىك بانكا.

**بَنْكُ التَّسْلِيفَاتِ:** قەرز بېرىش بانكىسى.

**بَنْكُ التَّوْفِيرِ:** ئامانەت بانكىسى.

**بَنْكُ الْحُكُومَةِ:** دۆلەت بانكىسى.

**بَنْكُ الرُّهُونَاتِ:** گۆرۈخانا.

**بَنْكُ الْعَقَارِيِّ:** يېزا ئىگىلىك بانكىسى.

**اَلْبَنْكُ الدَّوْلِيُّ لِلتَّعَاوُنِ الْاِقْتِصَادِيِّ:** خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق بانكىسى.

**اَلْبَنْكُ الْاِسْلَامِيُّ لِلتَّنْمِيَةِ:** ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى.

**بَنْكُ الْاِسْتِثْمَارِ الْآسِيَوِيِّ:** ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى.

**بَنْكُ التُّجَّارِ:** روستەك، پانا (رەندىنىڭ شىنىسى).

**بُنْكٌ:** توپ، مەنبە، ئاساس؛ ۋاقىت، (كېچىنىڭ بىر ۋاقتى)

**بُنْكُ الْعُمْرِ:** ياشلىق باھارى.

**مَضَى بُنْكٌ مِنَ اللَّيْلِ:** كېچىدىن بىر ۋاقىت ئۆتتى.

**بَنْكِنُوتٌ ج بَنْكِنُونَاتٌ:** زايوم.

**بُنٌّ:** قەھۋە ئۇرۇقى، قەھۋە دېنى، قەھۋە پۇرچىقى.

**بُنٌّ مَسْحُوقٌ:** قەھۋە تالقىنى.

**بَنَّاءٌ ج بَنَّاؤُونَ:** قۇرغۇچى، تامچى، قۇرۇلۇش ئۇستىسى؛ تاشچى؛ ئىجابىي، تۈرتكىلىك.

**«يُسْهِمُ الْمُعَلِّمُ اِسْهَامًا بَنَّاءً فِي تَقَدُّمِ مُجْتَمَعِهِ»:** ئوقۇتقۇچى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي ھەسسە قوشماقتا.

**بَنَّجَ يُبَنِّجُ تَبْنِيجًا:** ھوشسىزلاندۇردى، ناركوز قىلدى.

**بَنَّسَ يُبَنِّسُ تَبْنِيسًا عَنْهُ:** كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

**بَنَّنَ يُبَنِّنُ تَبْنِينًا الشَّاةَ:** قوي بوردىدى.

**بَنُّورٌ:** پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەينەك، يۇقىرى سورتلۇق ئەينەك.

**بَنُّورَةٌ ج بَنُّورَاتٌ:** كىچىك دورا قۇتىسى، كىچىك شىشە.

**بُنِّيٌّ:** كافىي رەڭ، جىگەررەڭ، بېغىررەڭ.

**بُنِّيٌّ مِنَ الْأَلْوَانِ:** زىغىررەڭ، قوڭۇررەڭ؛ بىر خىل بېلىق.

**بَنُو آدَمَ:** ئادەم باللىرى، ئىنسان باللىرى.

**بَنُو أُمَيَّةَ:** ئۇمەييە سۇلالىسى.

**بَنُو الْعَبَّاسِ:** ئابباسىيلار سۇلالىسى.

**بُنُوَّةٌ:** ئوغۇللۇق.

**بَنَوِيٌّ:** ئوغۇلغا مەنسۇپ، ئوغۇلغا تەۋە.

**بَنَى يَبْنِي بِنَاءً و بُنْيَانًا و بَنْيًا و بِنْيَةً و بِنَايَةً:** قۇردى، ياسىدى، بىنا قىلدى.

**بَنَى الْبَيْتَ:** ئۆي سالدى، ئۆي بىنا قىلدى.

**بَنَى عَلَى كَلَامِهِ:** ئۇنىڭ سۆزىگە ئاساسلاندى، ئۇنىڭ سۆزىگە تەقلىد قىلدى.

**بَنَى عَلَى الْمَرْأَةِ وَبِهَا:** ئاياللىنى (نىكاھىغا) ئالدى.

**بَنَى الْكَلِمَةَ «فى اللغة»:** سۆزنى مەبنى قىلدى، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى ئۆزگەرمەس قىلدى.

**«مَنْشَاءَ أَنْ يَبْنِيَ لِلْإِنْسَانِ عَالَمًا يَسُودُهُ الْعَدْلُ وَالْحُرِّيَّةُ عَلَيْهِ أَنْ يَبْنِيَهُ أَوَّلاً فِي قَلْبِ الْإِنْسَانِ وَفِكْرِهِ»:** كىمكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئادالەت ۋە ئەركىنلىك، ئۈستۈنلۈك قازانغان جاھان بەرپا قىلماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۇنى ئىنساننىڭ دىلى ۋە ئىدىيىسىدە بەرپا قىلىشى كېرەك.

**بُنْيَانٌ:** قۇرماق، ياسىماق، بىنا قىلماق؛ بىنا، قۇرۇلۇش، ئىمارەت.

**شَجَرَةُ الْبُنْيَانِ:** ياۋا ئەنجۈر.

**«اَلْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا» «حديث»:** مۆمىنلەر بىلەن مۆمىن خۇددى ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىر - بىرىگە زىچ تۇتاشتۇرۇلغان بىر ئىمارەتكە ئوخشايدۇ.

**«اَلطَّبِيعَةُ تَكْرَهُ الْهَدْمَ مِنْ غَيْرِ بُنْيَانٍ»:** تەبىئەت قۇرۇشنى ئەمەس، بۇزۇشنى يامان كۆرىدۇ.

**بِنْيَةٌ ج بُنًى وبِنًى:** تەن، جىسىم، تەركىب؛ ئورگانىزم.

**بِنْيَةُ الْجِسْمِ:** بەدەن قۇرۇلۇشى.

**سَلِيمُ الْبِنْيَةِ:** ساغلام بەدەن.

صَحِيحُ الْبِنْيَةِ: تېنى ساغلام.

ضَعِيفُ الْبِنْيَةِ: تېنى ئاجىز، سالامەتلىكى ناچار.

قَوِيُّ الْبِنْيَةِ: بەدىنى كۈچلۈك.

«عَاشَ الْمُجْتَمَعُ الْعَرَبِيُّ أَمَدًا طَوِيلًا ثَابِتًا فِي بِنْيَتِهِ الْاِجْتِمَاعِيَّةِ وَنُظُمِهِ الْاِقْتِصَادِيَّةِ»: ئەرەب جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي شارا-ئىتى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىگە تايىنىپ مۇستەھكەم ھالدا ئۇزۇن مۇددەت ياشىدى.

بِنْيَةُ الْكَلِمَةِ: سۆز قۇرۇلمىسى.

فُلَانٌ صَحِيحُ الْبِنْيَةِ: تېنى ساغلام.

بُنْيَةٌ ج بُنًى: بىنا قىلىنغان، سېلىنغان، بىنا، قۇرۇلۇش.

بَنِيقَةٌ ج بَنَائِقُ: ياقا.

بَنِيقَةٌ مَقْلُوبَةٌ: قايرىما ياقا.

بَنِيْنٌ: سېمىز؛ چوڭقۇر پىكىرلىك.

بُنَيَّ: ئوغلۇم، بالام.

يَابُنَيَّ: ئوغۇلچىقىم.

«يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللهِ» ‹قرآن›: ئى ئوغلۇم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمە!

بُنَيَّاتُ الطَّرِيقِ: كىچىك يوللار.

بَهَا يَبْهُو بَهَاءً بَهَاةً: چىرايلىق بولدى، گۈزەل-لەشتى، كۆركەم بولدى.

بَهَاءٌ: گۈزەللىك، كۆركەملىك.

بَهَائِيٌّ: بەھائىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ ئادەم.

بَهَائِيَّةٌ: بەھائىيە مەزھىپى.

بَهَارٌ: گۈزەل شەيئى، خۇشبۇي ئۇسۇملۇك.

بُهَارٌ ج بُهَارَاتٌ: دورا - دەرمان؛ خۇش پۇراق؛ ئۇپا - ئەڭلىك.

بَهَارُ النَّاعِمِ: قارامۇچ.

بُهَارٌ: ساپ پاختا؛ ئاق بېلىق؛ بۇت، بوك؛ سۇ قاچىسى.

بَهَارَاتٌ: تاماقنىڭ تەمىنى تەڭشەيدىغان دورا - دەرمەكلەر.

بُهَاقٌ: بەھەق تېرە كېسەلى، ئاق كېسەل.

بِهَامٌ: موزاي؛ قوزا؛ ئوغلاق.

بَهِتَهُ يَبْهَتُ بَهْتًا الشَّيْءُ: ھەيران قالدۇردى، ھەيرەتتە قالدۇردى.

«بَلْ تَأْتِيهِمْ بَغْتَةً فَتَبْهَتُهُمْ فَلَايَسْتَطِيعُونَ رَدَّهَا وَلَا هُمْ يُنْظَرُونَ» ‹قرآن›: لېكىن قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ - دە، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەي-دۇ.

بَهَتَ يَبْهَتُ بَهْتَةً وَ بُهْتَانًا و بَهْتًا: قارىلىدى، بوھتان چاپلىدى.

بَهِتَ يَبْهَتُ بَهْتًا: تېڭىرقاپ قالدى، ئاغزىنى ئاچالماي قالدى.

بَهِتَ اللَّوْنُ: رەڭگى ئۆچتى، ئۆڭۈپ كەتتى.

بُهِتَ الرَّجُلُ: تېڭىرقاپ قالدى.

«فَبُهِتَ الَّذِى كَفَرَ» ‹قرآن›: كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى.

«اَلشِّعْرُ إِذَا تُرْجِمَ نَثْرًا ذَهَبَ بَهَاؤُهُ وَضَاعَ رُوَاؤُهُ وَبَهِتَ رَوْنَقُهُ»: شېئىر نەسىر شەكلى-دە تەرجىمە قىلىنغاندا، ئۇنىڭ كۆركەملىكى تۆكۈلىدۇ. گۈزەللىكى يوقىلىدۇ، جۇلاسى خۇنۇكلىشىدۇ.

بُهْتٌ، بُهْتَانٌ: يالغان، بوھتان، تۆھمەت، يالغان-ياۋىداق.

«هَذَا بُهْتَانٌ عَظِيمٌ» ‹قرآن›: بۇ چوڭ بوھتان-دۇر.

«مِنَ النَّاسِ مَنْ يَدَّعِي التَّقْوَى زُورًا وَبُهْتَانًا»: بەزى كىشىلەر يالغان تەقۋادارلىق دەۋاسىنى قىلىدۇ.

بَهَجَ يَبْهَجُ بَهْجًا: خۇشال قىلدى، خۇرسەن قىلدى، خۇش قىلدى.

بَهِجَ يَبْهَجُ بَهَجًا بَهْجَةً: شادلاندى، خۇرسەن بولدى، خۇش بولدى.

بَهِجَ الشَّيْءُ: چىرايلىق بولدى، گۈزەل بولدى.

«بَلَغَنِي نَبَأُ نَجَاحِكَ فَبَهِجْتُ بِهِ»: مەن سېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ خۇشاللاندىم.

بَهِجٌ ج بَهِجُونَ: خۇشال قىلغۇچى.

**بَهْجَةٌ:** خۇشاللىق، شادلىق، نۇرلۇق، پارلاق، يايراش، شادلىنىش، گۈزەللىك.

**«فَأَنْبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ» (قرآن):** بىز ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈردۇق.

**غَرِقَ فِي بَهْجَةِ الْعِيدِ:** ئۇ بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى.

**«كَانَ الْمُمَثِّلُ يَعْرِفُ كَيْفَ يُدْخِلُ الْبَهْجَةَ فِي قُلُوبِ النَّاسِ» :** ئارتىس كىشىلەرنىڭ دىلىنى قانداق خۇشال قىلىشنى بىلەتتى.

**بَهْدَلَ يُبَهْدِلُ بَهْدَلَةً فِي مَشْيِهِ:** تېز ماڭدى.

**بَهْدَلٌ:** سىرتلان كۈچۈكى؛ يېشىل قۇش.

**بَهَرَ يَبْهَرُ بَهْرًا بُهُورًا النَّظَرَ:** كۆزنى چاقناتتى، كۆزنى قاماشتۇردى، ھالسىراتتى.

**«بَرِيقُ الْأَحْجَارِ الْكَرِيمَةِ الْمُلَوَّنَةِ يَبْهَرُ الْأَنْظَارَ» :** رەڭدار ئېسىل تاشلارنىڭ يالتىرىشى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

**بَهَرَ بَصَرَهُ:** كۆزىنى ئىمىر - چىمىر قىلىۋەتتى.

**بَهَرَهُ الْأَمْرُ:** چارچىتىۋەتتى، ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى.

**بَهَرَهُ الشَّيْءُ:** ھاڭ - تاڭ قالدۇردى، ھەيران قالدۇردى.

**بَهَرَ أَصْدِقَاءَهُ:** دوستلىرىنى ھەيران قالدۇردى.

**«بَهَرَتْنِي طَرِيقَتُهُ فِي الْبَحْثِ» :** ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى مېنى ھەيران قالدۇردى.

**بُهِرَ:** چارچاپ نەپسى سىقىلىپ كەتتى.

**بَهْرٌ:** ھاسىراش، ھۆمىدەش.

**بَهْرُ الظَّلَامِ:** قاپقاراڭغۇ، تۇمان.

**بَهْرًا لَهُ:** قىزىقارلىق، ئاجايىپ.

**بَهْرًا لَهُ مَا أَسْخَاهُ:** ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ نېمىدېگەن سېخى.

**بَهْرٌ «طِبِّيًّا» :** نەپەسنىڭ توختاپ قېلىشى.

**بُهْرَةٌ:** ئوتتۇرىسى، مەركىزى.

**بُهْرَةُ الشِّتَاءِ:** قىشنىڭ ئوتتۇرىسى.

**بَهْرَجَ يُبَهْرِجُ بَهْرَجَةً:** ياساندى، زىننەتلەندى، سۆلەتۋازلىق قىلدى.

**بَهْرَجَ الشَّيْءَ:** زىننەتلىدى، چىرايلىق قىلدى، بېزىدى.

**بَهْرَجٌ:** ساختا، يالغان، ياسالما.

**«لَا يَعْرِفُ جَيِّدَ الرَّأْيِ مِنْ بَهْرَجِهِ» :** ئۇ پىكىرنىڭ ياخشى - يامىنىنى پەرق قىلمايدۇ.

**بَهْرَمَانُ:** سېرىق بوياق.

**بَهَظَ يَبْهَظُ بَهْظًا:** ئېغىرلاشتۇردى، چارچىتىۋەتتى، ئارتۇق قاچىلاندى، تەس بولدى، قىيىنلاشتى.

**بَهَظَهُ الْحِمْلُ:** يۈك ئېغىر كەلدى.

**بَهَقٌ:** ئاق كېسەل بەھەق.

**بَهَقُ الصَّخْرِ:** مۇخ، تاش قىنا، شاينىك.

**بَهَلَ يَبْهَلُ بَهْلاً اللّٰهُ:** ئاللاھ لەنەت قىلسۇن.

**بَهْلَةٌ:** لەنەت، قارغىش.

**بَهْلَوَان ج بَهْلَوَانَاتٌ:** دارۋاز، سېرك ئارتىسى؛ سپورتچى؛ بوكسچى.

**بَهْلَوَانِيٌّ ج بَهْلَوَانِيَّاتٌ:** سېركچىلىك، دارۋازلىق.

**بَهْلَوَانِيَّةٌ ج بَهْلَوَانِيَّاتٌ:** سېركچى، دارۋاز، پەھلىۋان.

**حَرَكَاتٌ بَهْلَوَانِيَّةٌ:** سېرك ئويۇنى، دارۋازلىق ئويۇنى.

**بُهْلُولٌ ج بَهَالِيلُ:** كۈلگۈنچەك، قىزىقچى، خۇش چاقچاق؛ ئېسىلزادە.

**بَهَمٌ. بَهْمٌ:** موزاي؛ تورپاق؛ قوزا، پاقلان؛ ئوغلاق.

**بَهْمَةٌ ج وَبِهَامٌ:** قوزا.

**بَهَّتَ يُبَهِّتُ تَبْهِيتًا:** ھەيران قالدۇردى، ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

**بَهْوٌ ج أَبْهَاءٌ:** مېھمانخانا، مېھمان كۈتۈش ئۆيى، كەڭ جاي، كەڭ ئورۇن، زالى.

**«لِلْمَنْزِلِ بَهْوٌ فَسِيحٌ يُوَصِّلُ إِلَى الْمَطْبَخِ» :** ئۆينىڭ ئاشخانىغا تۇتاشتۇرۇلغان چوڭ بىر زالى بار.

**بَهُورَ يَبْهُورُ بَهُورَةً الْجُرْحَ:** يارىنى كېڭەيتتى.

**بَهِيَ يَبْهَى بَهَاءً:** چىرايلىق بولدى، گۈزەللەشتى، كۆركەم بولدى.

www.uyghurkitap.com



**بَهِيجٌ:** چىرايلىق، كۆركەم.

**وَجْهٌ بَهِيجٌ:** خۇشال چىراي.

**مَنْظَرٌ بَهِيجٌ:** چىرايلىق مەنزىرە.

**بَهِيمٌ ج بُهْمٌ و بُهُمٌ:** قاپقارا، تۇم قارا.

**لَيْلٌ بَهِيمٌ:** قاپقاراڭغۇ كېچە.

**فَرَسٌ بَهِيمٌ:** قارا ئات.

**اَلْبَهِيمُ مِنَ الْأَصْوَاتِ:** ئەكس ساداسىز ئاۋاز.

**بَهِيمَةٌ ج بَهَائِمُ:** ھايۋان، ئۆي ھايۋانلىرى، مال- چارۋا، ئۇلاق.

**«كَانَ الْحُكْمُ الْإِقْطَاعِيُّ يُعَامِلُ الْفَلَّاحِينَ مُعَامَلَةَ الْبَهَائِمِ»:** فېئوداللىق ھاكىمىيەت دېھقانلارغا ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى.

**بَهِيمِيٌّ:** ھايۋانىي، ھايۋان تەبىئەتلىك، ھايۋان سۈپەت، ياۋايى.

**بَهِيمِيَّةٌ:** ۋەھشىيلىك، ھايۋانىي تەلەپ، شەھۋانىي تەلەپ.

**شَهْوَةٌ بَهِيمِيَّةٌ:** ھايۋانىي شەھۋەت.

**بَهِيمِيَّةُ الْمَزْرَعَةِ:** ئىش ھايۋانلىرى، ئۆي ھايۋانلىرى، ئات - ئۇلاق.

**بَهِيٌّ ج أَبْهِيَاءُ م بَهِيَّةٌ ج بَهَايَا:** چىرايلىق، گۈزەل، نۇرانە، نۇرلۇق.

**بَوَاءٌ:** بوغما يىلان.

**بِوَابَةٌ:** دەرۋازىۋەنلىك.

**بَوَارٌ ج بُورٌ:** ئاقتاما يەر.

**بَوَارٌ:** ھالاك بولۇش، يوقۇلۇش، مۇنقەرز بولۇش، خاراب بولۇش؛ تاشلىنىپ قالغان، ئاق قالغان.

**دَارُالْبَوَارِ:** دوزاخ، جەھەننەم، ھالاكەت مەۋقەسى.

**«وَأَحَلُّوا قَوْمَهُمْ دَارَ الْبَوَارِ» «قرآن»:** ئۇلار ئۆز قەۋمىنى ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويىدى.

**بَوَاكِي:** ئاسما كۆۋرۈك.

**بُوَالٌ:** شېكەر سىيىش كېسەللىكى، دىئابېت.

**بُوتَقَةٌ. بَوْتَقَةٌ ج بَوَاتِقُ و بَوْتَقَاتٌ:** تىگىلچە، بوتا (زەرگەرنىڭ ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچىسى).

**لِلصَّائِغِ بُوتَقَةٌ خَاصَّةٌ لِصَهْرِ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَغَيْرِهِمَا مِنَ الْمَعَادِنِ:** زەرگەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا مەدەنلەرنى ئېرىتىدىغان مەخسۇس ئوچىقى بار.

**بَوْحٌ:** ئاشكارىلاپ قويماق، دەپ قويماق.

**بُوذِيٌّ:** بۇددىست، بۇددا دىنى ئېتىقادچىسى.

**بُوذِيَّةٌ:** بۇددا دىنى، بۇددىزىم.

**بُورٌ:** بۇزۇق، ئەسكى، ھالاك بولغان.

**«وَكَانُوا قَوْمًا بُورًا» «قرآن»:** ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم ئىدى.

**بُورْصَةٌ ج بُرْصَاتٌ:** سودا - سېتىق ئورنى، يەرمەنكە؛ بىرژا.

**بُورْصَةُ الْأَوْرَاقِ الْمَالِيَّةِ:** ئاكسىيە بازىرى.

**بُورْصَةُ الْبِضَاعَةِ:** تاۋار سودا بازىرى.

**بُورْصَةُ الْغَلَّاتِ:** ئاشلىق بازىرى، ئوزۇق - تۈلۈك بازىرى.

**بُوسَةٌ ج بُوسَاتٌ:** سۆيۈش، ئۆپۈش، بوسە قىلىش.

**بَوْشٌ ج أَبْوَاشٌ:** بىر توپ مۇتتەھەم، قۇلاق كەستى، لۈكچەك، كاللا كېسەر، جېدەلخور.

**بُوصٌ:** يىپەك ياكى كەندىر توقۇلما.

**بُوصَاءُ:** پوجاڭزا.

**بُوصَةٌ ج بُوصَاتٌ:** قومۇش.

**بُوصَةٌ هِنْدِيَّةٌ:** بامبۇك.

**بُوصَةٌ:** ئىنگلىز مىلى.

**بُوصَةٌ مُكَعَّبَةٌ:** كۇپ؛ سۆك (ھەجىم).

**بُوصِلَةٌ. بُوصَلَةٌ ج بُوصَلَاتٌ:** كومپاس، قىبلىنامە.

**«كَانَ الْمَلَّاحُونَ قَبْلَ اكْتِشَافِ الْبُوصِلَةِ يَهْتَدُونَ بِالنُّجُومِ»:** كومپاس كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن كېمىچىلەر يۇلتۇزلارغا قاراپ توغرا يولنى بەلگىلەيتتى.

**بُوعٌ:** ئوشۇق سۆڭىكى.

**بُوقٌ ج أَبْوَاقٌ:** بۇرغا، كاناي، سۇناي.

**أَصْبَحَ بُوقًا:** ... نىڭ كانىيى بولۇپ قالدى، ... نىڭ گۇپپاڭچىسى بولۇپ قالدى.

**هُوَ بُوقٌ لِلْحُكْمِ:** ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ جارچىسى، ھاكىمىيەتنىڭ كانىيى، ھاكىمىيەتنىڭ تەشۋىقاتچىسى.

**«لَقَدْ أَصْبَحَ الْأَدَبُ عِنْدَ بَعْضِ الْكُتَّابِ بُوقًا لِهَذَا الْمَذْهَبِ أَوْذَاكَ» :** بەزى يازغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە ئەدەبىيات بۇ مەسلەك ياكى ئۇ مەسلەكنىڭ كۇپپاچىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

**بُوقَالٌ:** كوزا.

**بَوْلٌ ج أَبْوَالٌ:** سۈيدۈك، ئىدرا.

**مَجْرَى الْبَوْلِ:** سۈيدۈك يولى.

**بَوْلٌ سُكَّرِيٌّ:** قەنت سىيىش كېسىلى، دىئابىت كېسىلى.

**بُولِيسٌ:** ساقچى؛ ساقچى ئىدارىسى، ساقچىخانا.

**اَلْبُولِيسُ الْجِنَائِيُّ:** جىنايى ئىشلار ساقچىسى.

**بُولِيسُ الْآدَبِ:** تەرتىپ ساقچىسى.

**اَلْبُولِيسُ السِّرِّيُّ:** رازۋېدكا ساقچىسى، پايلاقچى، مەخپى ساقچى، ئىشپىيون.

**اَلْبُولِيسُ الْعَسْكَرِيُّ:** ژاندارما.

**بُولِيسُ الْمُرُورِ:** قاتناش ساقچىسى.

**بُولِيسُ الْمَبَاحِثِ:** قوغلاپ تۇتۇش ئەترىتى، يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش ئەترىتى.

**رِوَايَةٌ بُولِيسِيَّةٌ:** رازۋېدكا ھېكايىلىرى، رازۋېدكا ھەققىدە يېزىلغان رومان.

**حُكْمٌ بُولِيسِيٌّ:** ژاندارما خاراكتېرلىك ھاكىمىيەت.

**بَوْلِيٌّ:** سۈيدۈككە ئائىت.

**تَسَمُّمٌ بَوْلِيٌّ:** سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش.

**مَسَالِكُ بَوْلِيَّةٌ:** سۈيدۈك يوللىرى.

**أَمْرَاضٌ بَوْلِيَّةٌ:** سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرى.

**بُومٌ ج أَبْوَامٌ:** ھۇقۇش، ئۆكە.

**بَوْنٌ:** ئارىلىق، مۇساپە، يىراقلىق، پەرق؛ ئوخشىماسلىق.

**بَوْنٌ شَاسِعٌ:** ناھايىتى زور پەرق.

**«مِنَ الصَّعْبِ تَجَاهُلُ الْبَوْنِ الشَّاسِعِ بَيْنَ الْمُعَسْكَرِيِّ الشَّرْقِيِّ وَالْغَرْبِيِّ فِي الْهَدَفِ وَالْمَنْهَجِ» :** شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى لاگېر ئارىسىدىكى غايە ۋە مەسلەك جەھەتتىكى پەرقنى بىلمەسكە سېلىش قىيىن.

**بَوٌّ:** تايلاق؛ موزاي؛ قوزا.

**فُلَانٌ أَخْدَعُ مِنَ الْبَوِّ:** پوكونى قوزىدىنمۇ ياۋاش.

**بَوَّابٌ:** دەرۋازىۋەن، ئىشىك باققۇچى.

**بَوَّابُ الْمَعِدَةِ:** ئاشقازاننىڭ چىقىش ئېغىزى.

**«أَخْبِرِ الْبَوَّابَ مِنْ فَضْلِكَ أَنْ يَتَّصِلَ بِي هَاتِفِيًّا إِذَا جَاءَ أَحَدٌ يَطْلُبُنِي» :** ئىشىك ساقلىغۇچىغا ئېيتىپ قويغىن، بىر كىشى مېنى ئىزدەپ كەلسە مەن بىلەن تېلېفون بىلەن ئالاقىلەشسۇن.

**بَوَّابَةٌ:** دەرۋازا، شەھەر دەرۋازىسى، قوۋۇق.

**بَوَّابَةُ السَّدِّ لِدُخُولِ الْمِيَاهِ:** چۆشۈرگە، توما.

**بَوَّابَةُ الْقَنْطَرَةِ:** جومەك؛ توما، چۆشۈرگە.

**بَوَّاقٌ ج بَوَّاقُونَ:** كانايچى، سۇنايچى.

**بَوَّأَ يُبَوِّئُ تَبْوِيئًا الرَّجُلَ مَنْزِلًا:** كىشىنى قوندۇرۇپ قالدى.

**«تَحْتَاجُ التَّرْجَمَةُ إِلَى دَفْعٍ جَدِيدٍ يُبَوِّؤُهَا الْمَكَانَةَ الَّتِي تَسْتَحِقُّهَا» :** تەرجىمىگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىش ئۇچۇن ئۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈشكە موھتاج.

**«وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ» «قرآن» :** ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللانىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ بەردۇق.

**بَوَّأَ الْمَكَانَ:** ئورۇنلاشتۇردى.

**بَوَّبَ يُبَوِّبُ تَبْوِيبًا الْكِتَابَ:** كىتابنى بابقا بۆلدى، بابقا تەقسىم قىلدى، بابقا ئايرىدى.

**بَوَّبَ الْأَشْيَاءَ:** نەرسىلەرنى رەتلىدى، نەرسىلەرنى تۈرگە بۆلدى.

**بَوَّرَ يُبَوِّرُ تَبْوِيرًا الْأَرْضَ:** يەرنى ئاق قالدۇردى، تاشلىۋەتتى.

**بَوَّرَ السِّلْعَةَ:** تاۋارنى كاساتلاشتۇرۇۋەتتى.

**بَوَّزَ يُبَوِّزُ تَبْوِيزًا:** چىرايىنى تۈردى، قاپىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇردى.

**بَوَّشَ يُبَوِّشُ تَبْوِيشًا الْقَوْمُ:** ئارىلىشىپ كەتتى، چۇقان - سۈرەن كۆتۈردى، ئاللا - توۋا كۆتۈردى.

**بَوَّقَ يُبَوِّقُ تَبْوِيقًا:** بۇرغا چالدى، كاناي چالدى.

**بَوَّلَ يُبَوِّلُ تَبْوِيلاً الطِّفْلَ:** كىچىك بالىنى سىيگۈزدى، تۇتتى، كىچىك تاھارەت قىلدۇردى.

**بُويَةٌ ج بُويَاتٌ:** بوياق، رەڭ.

**بُويَةٌ جَاهِزَةٌ:** ماي بوياق.

**بُويَةُ جِزَمٍ:** ئاياغ مېيى.

**بُوَيْخِرَةٌ:** كىچىك پاراخوت.

**بُوَيْضَةٌ ج بُوَيْضَاتٌ:** تۇخۇم ھۈجەيرىسى.

**اَلْبَيَاتُ:** كېچىدە باسقۇن قىلىش، ئۇشتۇمتۇت بېسىۋېلىش؛ مۇزىكىنىڭ بىر خىل نامى.

**«وَكَمْ مِنْ قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَاهَا فَجَاءَهَا بَأْسُنَا بَيَاتًا أَوْهُمْ قَائِلُونَ» ‹قرآن›:** بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق. بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى.

**اَلْبَيَاتُ الشَّتَوِيُّ:** ھايۋاننىڭ قىشلىق ئۇيقۇسى، ھايۋانلارنىڭ ئۇچەككە كىرىشى.

**اَلْبَيَاتُ الصَّيْفِيُّ:** ھايۋاننىڭ ئىسسىقتىن قورقۇپ ئارام ئېلىشقا كىرىۋېلىشى، ھايۋاننىڭ يازلىق ئۇيقۇسى.

**بَيَاضٌ:** ئاق، ئاقلىق؛ بوي.

**بَيَاضُ الْبَيْضِ:** تۇخۇم ئېقى.

**ظَلَّ يَعْمَلُ بَيَاضَ يَوْمِهِ:** كۈنبويى ئىشلىدى.

**بَيَاضُ الْعَيْنِ:** كۆزنىڭ ئېقى.

**بَيَاضُ الْيَوْمِ:** كۈندۈز.

**بَيَاضُ الْحَائِطِ:** ھاك سۈيى.

**عَلَى بَيَاضٍ:** ئاق، ئاق قەغەز؛ قار.

**مَرَضُ الْبَيَاضِ:** ئاق كېسەل.

**بَيَاضٌ بِالْأَصْلِ:** بوش قالغان يەر، بوش قالغان ئورۇن (كىتاب بەتلىرىدىكى).

**أَلدِّفَاعُ عَنْ بَيَاضِ الْوَطَنِ:** ۋەتەننىڭ ئېگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش.

**«تَرَكَ بَيَاضًا بَيْنَ الْكَلِمَاتِ» :** سۆزلەر ئارىسىنى ئاق قالدۇردى.

**«كَتَبَ لَهُ شَيْئًا عَلَى بَيَاضٍ» :** ئاق چەك يېزىپ بەردى.

**بَيَاضُ النَّهَارِ:** كۈندۈز يورۇقى.

**«كَانَ مِنْ عَادَتِهِ أَنْ يَقْطَعَ بَيَاضَ نَهَارِهِ فِي دَارِهِ» :** كۈندۈزنى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

**بَيَانٌ:** ئاشكارىلاش، ئىزاھلاش، شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش، ئېلان، دوكلات، مەلۇمات، لايىھە، پروگراما، پىلان.

**«هَذَا بَيَانٌ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِلْمُتَّقِينَ» ‹قرآن› :** بۇ قۇرئان ئىنسانلارغا باياندۇر. تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە نەسىھەتتۇر.

**«مَنِ ادَّعَى فَعَلَيْهِ الْبَيَانُ» :** دەۋاگەر پاكىت كۆرسىتىشى كېرەك.

**بَيَانٌ رَسْمِيٌّ:** ئۇقتۇرۇش، رەسمى ئۇقتۇرۇش؛ باياناتى، ئاخبارات.

**بَيَانٌ وِزَارِيٌّ:** ھۆكۈمەت باياناتى، ھۆكۈمەت تەرەپ باياناتى.

**بَيَانٌ صَحَفِيٌّ:** ئاخبارات.

**اَلْبَيَانُ الْمُشْتَرَكُ:** بىرلەشمە ئاخبارات.

**«أَصْدَرَتْ دُوَلُ الْخَلِيْجِ بَيَانًا مُشْتَرَكًا حَوْلَ حُرِّيَّةِ الْمَلاَحَةِ فِي الْخَلِيْجِ» :** دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرى ئۆز رايونىدىكى ئەركىن دېڭىز قاتنىشى توغرىسىدا ئورتاق بايانات ئېلان قىلدى.

**بَيَانٌ اِجْمَالِيٌّ:** ئومۇمىي بايان.

**عِلْمُ الْبَيَانِ:** ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭ 2 - قىسمى.

**حُسْنُ الْبَيَانِ:** پاساھەتلىك، ناتىقلىق.

**«إِنَّ مِنَ الْبَيَانِ لَسِحْرًا» ‹حديث› :** پاساھەت بىلەن قىلىنغان سۆز كىشىگە سېھىردەك تەسىر قىلىدۇ.

**غَنِيٌّ عَنِ الْبَيَانِ:** ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم، چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز، چۈشىنىشلىك، ئېنىق.

**«وَمِمَّا هُوَ غَنِيٌّ عَنِ الْبَيَانِ أَنَّ الْمُسْلِمِيْنَ مَهْمَا كَانَتْ لُغَتُهُمْ يَحْرُصُونَعَلَى تَعَلُّمِالْعَرَبِيَّةِ»** : مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىللىرى بولسىمۇ، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

**بَيَانَاتٌ:** بايانات، مەلۇمات، ماتېرىيال.

**بَيَانِيٌّ:** ئىبلانغا مەنسۇپ، دوكلاتقا مۇناسىۋەتلىك، مەلۇماتقا مەنسۇپ.

**رَسْمٌ بَيَانِيٌّ:** رەسمىي بايان.

**بِيَانُو ج و بِيَانُوهَاتٌ:** پىئانىنو.

**بِيْئَةٌ ج بِيئَاتٌ:** ئورۇن، تۇرالغۇ؛ مۇھىت، شارائىت، ھال، ئەھۋال؛ ھويلا - ئارام.

**«أَقَرَّ الْجَمِيعُ بِأَنَّهُ خَبِيرٌ فِى حِمَايَةِ الْبِيئَةِ الطَّبِيعِيَّةِ»** : ئۇنىڭ مۇھىتنى قوغداش مۇتەخەسسىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

**عِلْمُ الْبِيْئَةِ:** مۇھىتشۇناسلىق.

**«عَلَيْنَا أَنْ نَحْتَفِظَ بِنَظَافَةِ الْبِيْئَةِ»** : بىز مۇھىت تازىلىقىنى ساقلىشىمىز كېرەك.

**اَلْبِيْئَةُ الْإِجْتِمَاعِيَّةُ:** ئىجتىمائىي مۇھىت.

**اَلْبِيْئَةُ الثَّقَافِيَّةُ:** مەدەنىيەت مۇھىتى.

**بِيْئِيٌّ:** مۇھىتقا خاس، مۇھىتقا مەنسۇپ، مۇھىتقا ئائىت.

**تَلَوُّثٌ بِيْئِيٌّ:** مۇھىت بۇلغىنىش.

**«هُنَاكَعَوَامِلُبِيْئِيَّةٌتَحُدُّمِنْ حُرِّيَّةِالْإِنْسَانِ»** : ئۇ يەردە كىشىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىللار مەۋجۇت.

**بَيْتٌ ج بُيُوتٌ و أَبْيَاتٌ:** ئۆي، جاي، تۇرالغۇ، ئائىلە؛ دائىرە؛ قونالغۇ.

**بَيْتُ اللّٰهِ:** كەئبە، بەيتۇللا.

**«حَجَجْتُ بَيْتَ اللّٰهِ سَبْعَ حَجَّاتٍ»** : مەن بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ھەج قىلدىم.

**بَيْتُ الْحَرَامِ:** كەئبە، بەيتۇللا.

**بَيْتُ الْمُقَدَّسِ:** قۇددۇس شەرىف، بەيتۇلمۇقەددەس، ئېرۇسالىم.

**بَيْتُ شِعْرٍ:** شېئىرنىڭ ئىككى مىسراسى.

**بَيْتُ مَدَرٍ:** بىنا، ئىمارەت، ئۆي.

**بَيْتُ شَعْرٍ:** چېدىر، كىگىز ئۆي.

**بَيْتُ الْخَلَاءِ:** خالاجاي، ھاجەتخانا، تازىلىق ئۆيى.

**بَيْتُ الرَّاحَةِ:** ھاجەتخانا، خالاجاي.

**بَيْتُ الْإِبْرَةِ:** كومپاس، قىبلىنامە.

**بَيْتُ الْأَوَّلِ:** كىيىم يەڭگۈشلەش ئۆيى، گىرىمخانا.

**بَيْتٌ تِجَارِيٌّ:** دوكان، ماگىزىن، سودا مەركىزى.

**بَيْتٌ زُجَاجِيٌّ:** پارنىك.

**بَيْتُ الْفَسَادِ:** پاھىشىخانا.

**بَيْتُ الْمَاءِ:** ھاجەتخانا؛ سۇخانا.

**بَيْتُ الْمَالِ:** دۆلەت خەزىنىسى.

**«كَانَ بَيْتُ الْمَالِ يُعْتَبَرُ فِي صَدْرِ الْإِسْلَامِ مِلْكًا لِلْمُسْلِمِيْنَ عَامَّةً»** : ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا دۆلەت خەزىنىسى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئورتاق مۈلكى ھېسابلىناتتى.

**بَيْتُ الْعَنْكَبُوتِ:** ئۆمۈچۈك تورى.

**هَذَا هُوَ بَيْتُ الْقَصِيدِ:** قەسىدە ياكى شېئىر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى بېيىت، شائىرنىڭ مەقسىتى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن بېيىت.

**أَهْلُ الْبَيْتِ:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بالا - چاقىلىرى، ئەۋلادى.

**اَلْبَيْتُ الْأَبْيَضُ:** ئاق ساراي.

**اَلْبَيْتُ الْعَتِيقُ:** كەئبە، بەيتۇللاھ.

**بَيْتُ الْأُمَّةِ:** كىشىلەر تۇرالغۇسى.

**بَيْتُ الْحِكْمَةِ:** خەلىفە مەئمۇن تەسىس قىلغان ئىلمى ئورگان بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈتۈپخانىسى ۋە تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن داڭق چىقارغان.

**بَيْتُ الدَّاءِ:** ئەسلى يىلتىزى، كېلىپ چىققان جايى.

**بَيْتٌ مَتِينُ الْبِنَاءِ:** پۇختا ئۆي، مۇستەھكەم ئۆي.

**«أَتَى الْبُيُوتَ مِنْ أَبْوَابِهَا»** : ئىشنى ئۆز يولى بىلەن قىلدى.

uyghurkitap.com

**بُيُوتُ الشَّبَابِ:** ئازغىنە ھەق ئېلىپ ياش مۇساپىرلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ئورۇن.

**بُيُوتُ الْعِلْمِ:** ئالىملار يېتىشىپ چىققان داڭلىق ئائىلىلەر.

**«ثَلَّثٌ بُيُوتُ الْعِلْمِ الْمَشْهُورَةِ تَبُثُّ عُلُومَهَا الدِّينِيَّةَ فِي الْمَسَاجِدِ أَوْ فِي بُيُوتِهَا الْخَاصَّةِ»:** ئالىملار يېتىشىپ چىققان ئائىلىلەر دىنىي ئىلىملەرنى مەسچىتلەردە ياكى خاس ئۆيلەردە تارقىتاتتى.

**بَيْتِيٌّ:** ئۆيگە تەۋە، ئائىلىگە ئائىت.

**أَدَوَاتٌ بَيْتِيَّةٌ:** ئائىلە سايمانلىرى.

**وَاجِبَاتٌ بَيْتِيَّةٌ:** ئائىلە يۈكى.

**وَظِيفَةٌ بَيْتِيَّةٌ:** ئائىلە تاپشۇرۇقى.

**«هَلْ أَنْجَزْتَ كُلَّ الْوَظِيفَةِ الْبَيْتِيَّةِ الَّتِي عَيَّنَهَا الْأُسْتَاذُ»:** ئۇستاز تاپشۇرغان ئائىلە تاپشۇرۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ؟

**بَيْدَ:** باشقا، ئۈچۈن، بولغانلىقى ئۈچۈن.

**بَيْدَ أَنَّ:** لېكىن، بىراق، ئەمما، باشقا.

**إِنَّهُ غَنِيٌّ بَيْدَ أَنَّهُ بَخِيلٌ:** ئۇ باي، لېكىن بېخىلدۇر.

**«أَنَا أَفْضَلُ مَنْ نَطَقَ بِالضَّادِ بَيْدَ أَنِّي مِنْ قُرَيْشٍ» (حديث):** مەن قۇرەيشتىن بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەرەب تىلىدا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىمەن.

**بَيْدَاءُ ج بِيدٌ و بَيْدَاوَاتٌ:** چۆل ـ جەزىرە، قاقاسلىق، ساي، دالا.

**اَلْبِيدَاجُوجِيَا:** پېداگوگىكا.

**بَيْدَرَ يُبَيْدِرُ بَيْدَرَةً الْحِنْطَةَ وَنَحْوَهَا:** بۇغداينى خامانغا توپلىدى.

**بَيْدَرٌ ج بَيَادِرُ:** خامان.

**بَيْدَقُ الشِّطْرَنْجِ ج بَيَادِقُ:** پىشكا، پىيادە، ئارمىيە، قىسىم، ئەسكەر.

**بَيْذَارٌ بَيْذَارَةٌ:** بەتخەج، ئىسراپخور.

**بَيْذَقٌ ج بَيَاذِقُ:** پىشكا، پىيادە ئەسكەر، ئارمىيە، قىسىم، (دامكىدا بىر پىيادە ئەسكەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ).

**بِيرَةٌ:** پىۋا.

**بَيْرَقٌ ج بَيَارِقُ:** تۇغ، ئەلەم، بايراق.

**بَيْرَمٌ:** ئۆشكە، بۇرغا، بىگىز.

**بِيرُوقْرَاطِيٌّ:** بيۇروكرات.

**بِيرُوقْرَاطِيَّةٌ:** بيۇروكرات ھاكىمىيەت.

**بَيْزَرَةٌ:** ئوۋ قۇشلىرىنى كۆندۈرۈش.

**بِيشَةٌ:** ئەدىيال، كىرلىك، ياپقۇچ.

**بَيْضٌ ج بُيُوضٌ وَبِيضَاتٌ:** تۇخۇم.

**بَيْضٌ جَامِدٌ:** پىششىق تۇخۇم.

**بَيْضٌ مَقْلُوٌّ:** قورۇلغان تۇخۇم، ياغدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم.

**بَيْضٌ مَقْلِيٌّ:** تۇخۇم پوشكىلى، قورۇلغان تۇخۇم.

**بَيْضُ الْأَنُوقِ:** خوراز تۇخۇمى (ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان ئىش).

**بَيْضَاءُ:** ئاق.

**يَدٌ بَيْضَاءُ:** ئىلتىپات، ئېھسان، نېمەت، شەپقەت.

**اَلرَّايَةُ الْبَيْضَاءُ:** ئاق بايراق.

**رَفَعَ الرَّايَةَ الْبَيْضَاءَ:** ئاق بايراق چىقاردى.

**اَلصَّفْحَةُ الْبَيْضَاءُ:** نۇقسانسىز تەرجىمىھال.

**اَلصَّحِيفَةُ الْبَيْضَاءُ:** نۇقسانسىز تەرجىمىھال.

**كِذْبَةٌ بَيْضَاءُ:** زىيىنى يوق يالغان.

**بَيْضَةٌ ج بَيْضَاتٌ:** دۇبۇلغا؛ تاشاق، ئۇرۇقدان.

**بَيْضَةُ الدِّيكِ:** خوراز تۇخۇمى (مۇمكىن بولمايدىغان ئىش).

**بَيْضَةُ الْخِدْرِ:** ئەپچە ئايال، پاك ئايال، ئىپپەتلىك ئايال.

**بَيْضَةُ الشَّيْءِ:** ئەسلى، يىلتىزى.

**بَيْضَوِيٌّ:** تۇخۇمغا ئائىت، تۇخۇم شەكىللىك.

**«لَا يَهُمُّنَا الشَّكْلُ الْهَنْدَسِيُّ الَّذِي تَأْخُذُهُ الْمَدِينَةُ هَلْ هُوَ مُسْتَدِيرٌ تَمَامًا أَمْ بَيْضَوِيٌّ أَمْ مُرَبَّعٌ»:** شەھەرنىڭ گېئومېتىرىيىلىك شەكلىنىڭ يۇمىلاق ياكى ئېللىپس ۋە ياكى

چاسا شەكلىدە بولۇشى بىزگە مۇھىم ئەمەس.

**بَيْطَارٌ ج بَيَاطِرَةٌ:** مال دوختۇرى.

**بَيْطَرَ يُبَيْطِرُ بَيْطَرَةً الْحِصَانَ:** ئاتنى تاقىلىدى.

**بَيْطَرَةٌ:** مال دوختۇرلۇق.

**بَيْطَرِيٌّ:** مال دوختۇرلۇق.

**«اَلطَّبِيبُ الْبَيْطَرِيُّ يُعَالِجُ الْحَيَوَانَاتِ» :** مال دوختۇرى ھايۋانلارنى داۋالايدۇ.

**بَيْضٌ:** چۈمۈلە تۇخۇمى؛ مەنى (ئەر ـ ئايال ياكى بۇغرا تۆگىنىڭ).

**بَيْعٌ ج بُيُوعٌ:** ساتماق.

**بَيْعٌ جَبْرِيٌّ:** زورلاپ سېتىش.

**بَيْعٌ عَلَنِيٌّ:** ئاشكارا سېتىش.

**بَيْعٌ بِالْمُنَادَاةِ:** توۋلاپ سېتىش، چاقىرىپ سېتىش.

**اَلْبَيْعُ بِالنَّسِيئَةِ:** نىسى سودا، نىسى تىجارەت.

**اَلْبَيْعُ وَالشِّرَاءُ:** ئېلىش ـ سېتىش، تىجارەت.

**بَيْعٌ اِخْتِيَارِيٌّ:** ئىختىيارىي سېتىش.

**اَلْبَيْعُ بِالْمَزَادِ:** كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش.

**بِيعَةُ النَّصَارَى ج بِيَعَاتٌ:** چېركاۋ، ئىبادەتخانا.

**بِيعَةُ الْيَهُودِ:** يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەتخانىسى.

**بَيْقُورٌ:** كالا توپى، كالا پادىسى، بىر توپ كالا.

**بِيكَةُ النُّورِ الْكَهْرَبَائِيَّةِ:** لامپۇچكا.

**بَيْلَسَانٌ:** بوزۇن دەرىخى.

**بَيْنَ:** ئوتتۇرا، ئوتتۇرىسى، ئارىسى، ئوتتۇرىسىدا، ئارىسىدا.

**«وَأَصْلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكُمْ» «قرآن» :** سىلەر ئاراڭلارنى تۈزەڭلار!

**وَقَفْتُ بَيْنَ النَّاسِ:** كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇردۇم.

**لَيْسَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ اِخْتِلاَفٌ كَبِيرٌ:** ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا چوڭ ئىختىلاپ يوق.

**بَيْنَ:** ئارقىلىق، دا، دە، تا، تە.

**مِنْ بَيْنِ:** ئارقىلىق، دا، دە، تا، تە.

**بَيْنَ يَدَيْهِ:** ئۇنىڭ ئالدىدا.

**بَيْنَ حِينٍ وَ حِينٍ، بَيْنَ الْفَيْنَةِ وَ الْفَيْنَةِ بَيْنَ فَتْرَةٍ وَأُخْرَى، بَيْنَ سَاعَةٍ و أُخْرَى:** ھەرقاچان، ھەممە ۋاقىت، ئۆز ۋاقتىدا، پات ـ پات.

**يَزُورُنَا مَابَيْنَ الْفَيْنَةِ وَالْفَيْنَةِ:** ئۇ، بىزنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىدۇ.

**بَيْنَ سَمْعِ النَّاسِ وَبَصَرِهِمْ:** ئاشكارا، ئوپ ـ ئوچۇق، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا.

**مَابَيْنَ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ:** تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت.

**مَابَيْنَ نَهْرَيْنِ:** دەجلە دەرياسى بىلەن فۇرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسى.

**غُرَابُ الْبَيْنِ:** شۇملۇق ئېلىپ كېلىدىغان قاغا. (بۇرۇنقى ئەرەبلەر قاغىنى شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايتتى).

**فِيمَا بَيْنَ ذَلِكَ:** ئەينى ۋاقىتتا، شۇ چاغدا.

**حَالَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ...:** ئارىلىقتا، ... ئارىدا.

**بَيْنَ الشَّكِّ وَالْيَقِينِ:** گۇمان بىلەن ئىشەنچتە ئارىلىقىدا، بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي.

**مَابَيْنَ كَبِيرٍ وَصَغِيرٍ:** چوڭ ـ كىچىك بولۇپ.

**كَانَ بَيْنَ الْغَافِي وَالْوَاعِي:** ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغاننىڭ ئارىلىقىدا.

**بَيْنَ بَيْنَ:** ئوتتۇراھال، نورمال، يامان ئەمەس، ئادەتتىكىدەك.

**«لَيْسَ الْمَوْضُوعُ بِصَعْبٍ وَلاَ بِسَهْلٍ وَلَكِنَّهُ بَيْنَ بَيْنَ» :** بۇ ماۋزۇ قىيىنمۇ ئەمەس، ئاسانمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال ئىكەن.

**بَيْنِي وَ بَيْنَكَ:** ئارىمىزدا، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

**بَيْنَ وَقْتٍ و آخَرَ:** ھەممە ۋاقىت، دائىم، ھەرقاچان.

**ذَاتُ الْبَيْنِ:** تۇغقان، نەسەب، دوستلۇق، ئۆچمەنلىك، زىددىيەت.

**«لاَ تَرَى فِي الْمَسْجِدِ إِلاَّ السَّاجِدَ بَيْنَ يَدَيْ رَبِّهِ» :** مەسچىتتە پەقەت پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلغۇچىدىن باشقىنى كۆرمەيسەن.

**بَيْنَا:** تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، توساتتىن.

**«بَيْنَا مُحَمَّدٌ فِي الْمَكْتَبَةِ إِذْ دَخَلَ عَلَيْهِ أَبُوهُ» :** مۇھەممەد كىتابخانىدا تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت

يېنىغا دادىسى كىرىپ كەلدى.

**بَيْنَمَا، بَيْنَا:** ... غان چاغدا، ... ئارىلىقىدا.

«بَيْنَمَا أَنَا سَائِرٌ لَمَحْتُ شَبَحًا مُقْبِلاً»: مېڭىپ كېتىۋېتىپ توساتتىن ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان سايىنى كۆرۈپ قالدىم.

**بُيُوتَاتٌ:** ئېسىلزادىلەر ئۆيى.

**بُيُوضٌ:** تۇخۇمدىن تۇغۇلغان، تۇخۇم ئارقىلىق كۆپەيگەن.

**بُيُوضِيٌّ:** ئاق قوتان، قاقىر.

**هَيٌّ مِن بَيٍّ:** ئەسلى ـ پەسلى نامەلۇم.

**بَيَاتٌ:** كېچىلىك ھۇجۇم، تۇيۇقسىز ئېلىشىش.

**بَيَّارَةٌ:** مېۋىلىك باغ.

**بَيَّاضٌ:** ئاقلامچى؛ قەلەيچى؛ تۇخۇمچى.

**دَجَاجٌ بَيَّاضٌ:** تۇغۇدىغان مېكىيان.

**بَيَّاعٌ ج بَيَّاعُونَ:** چار بازارچى، ساتقۇچى، سودىگەر، پىركازچىك.

**بَيَّتَ يُبَيِّتُ تَبْيِيتًا الضَّيْفَ:** مېھماننى قوندۇرۇۋالدى.

**بَيَّتَ الْعَدُوَّ:** دۈشمەنگە كېچىدە ھۇجۇم قىلدى.

**بَيَّتَ رَأْيَهُ:** ئويغا چۆشتى، پىيىگە چۆشتى، قەسلىدى، پىلانلىدى.

**بَيَّتَ فِي الصَّفِّ:** سىنىپتىن كۆچەلمىدى.

**بَيَّتَهُ:** كېچىسى نىيەت قىلدى.

**بَيَّتَ الشَّيْءَ:** نەرسە مۆلچەرلەندى.

«هَذَا أَمْرٌ بُيِّتَ بِلَيْلٍ»: بۇ كېچىسى چارە ـ تەدبىر كۆرۈلگەن ئىش.

**بَيَّتَ الْأَمْرَ:** پىلانلىدى، چوڭقۇر ئويلاندى.

«لاَ صِيَامَ لِمَنْ لَمْ يُبَيِّتِ الصِّيَامَ» (حديث): روزىنى كېچىسى نىيەت قىلىپ تۇتمىغان ئادەمنىڭ روزىسى قوبۇل بولمايدۇ.

**بَيَّضَ يُبَيِّضُ تَبْيِيضًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئاقارتتى.

**بَيَّضَ الْحَائِطَ:** تامنى ئاقارتتى.

**بَيَّضَ الْآنِيَةَ:** قاچىغا كۈمۈش رەڭ ھەل بەردى.

**بَيَّضَ الْمَكْتُوبَ:** ئاققا كۆچۈردى.

**بَيَّضَ الْوَجْهَ:** ئۇنى تەقدىرلىدى، ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدى.

**بَيَّضَ الْأَرُزَّ:** گۈرۈچنى ئاقلىدى، شال سوقتى.

**بَيَّضَ اللّٰهُ صَفْحَتَهُ:** ئاللاھ ئۇنى نۇقسانلاردىن پاك قىلسۇن.

**بَيَّضَ قَلْبَهُ:** ئۇنى پاك قىلدى.

**بَيَّضَ النَّجَاحُ وَجْهَهُ:** مۇۋەپپەقىيەتتىن چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

**بَيَّضَ الرِّسَالَةَ و نَحْوَهَا:** خەتنى تۈزىتىپ قايتا يازدى.

**بُيَيْضَةٌ:** تۇخۇم ھۈجەيرىسى.

**اَلْبَيِّعَانِ:** ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى.

«اَلْبَيِّعَانِ بِالْخِيَارِ مَالَمْ يَتَفَرَّقَا» (حديث): ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايىدىن يۆتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ.

**بَيَّنَ يُبَيِّنُ تَبْيِينًا:** ئاشكارا قىلدى، ئاشكارىلىدى، بايان قىلدى، ئىزاھلىدى.

«كَذٰلِكَ يُبَيِّنُ اللّٰهُ لَكُمُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَتَفَكَّرُونَ»

(قرآن): تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

«بَيَّنَ الْكَاتِبُ أَهَمَّ الْأَسْبَابِ الَّتِي أَدَّتْ حَرْبَ حَزِيرَانِ ١٩٦٧»: يازغۇچى 1967 ـ يىلىدىكى 6 ـ ئاي ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەرنى ئېنىق بايان قىلدى.

**بَيِّنٌ:** ئاشكارا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك.

**بَيِّنٌ ج أَبْيِنَاءُ وَبُيَنَاءُ و أَبْيَانٌ:** ئۆتكۈر تىل، پاساھەتلىك تىل.

«يَنْزَعُ هَذَا الشَّاعِرُ نُزُوعًا بَيِّنًا إِلَى التَّجْدِيدِ وَ الْإِبْتِكَارِ»: بۇ شائىرنىڭ يېڭىلىق ۋە ئىجادچانلىق خاھىشى ئېنىق.

**بَيِّنَةٌ ج بَيِّنَاتٌ:** دەلىل، ئىسپات، ھۆججەت، پاكىت.

«أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ» (قرآن): رامىزان ئېيىدا

قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسان-
لارغا يېتەكچىدۇر. ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق
بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر.

**عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْهُ:** تولۇق بىلىدىغان، ئىشەنچىسى
كامىل.

**«كُنْتُ عَلَى بَيِّنَةٍ مِنَ الْأَمْرِ فَلَمْ أَقْتَنِعْ بِمَا رَوَاهُ
الْمُغْرِضُونَ»** ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەتتىم،
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يامان غەرەزدىكى كىشىلەر-
نىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدىم.

**بَيِّنَةٌ ظَرْفِيَّةٌ:** ۋاسىتىلىق دەلىل، ۋاسىتىلىق
ئىسپات.

**«اَلْبَيِّنَةُعَلَى مَنْ ادَّعَى وَالْيَمِينُ عَلَى مَنْ أَنْكَرَ»** : دەۋا
قىلغۇچى پاكىت كۆرسىتىشى، ئىنكار
قىلغۇچى قەسەم ئىچىشى كېرەك.

**كَانَ عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْ أَمْرِهِ:** ئۆز ئىشلىرىنى
ئېنىق بىلىدۇ، ئۆز ئىشىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**بَيَّى يُبَيِّى تَبْيِيًّا و تَبْيِيَّةً الشَّئَ:** بايان قىلدى،
ئىزاھلىدى.

**بَيَّاكَ اللّٰهُ:** ئاللاھ مەرتىۋەڭنى يۇقىرى قىلسۇن.

www.uyghurkitap.com

# ت

ت «اَلتَّاءُ»: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 3 ـ ھەرپى بولۇپ ئەبجەد ھېسابىدا «400» نى بىلدۈرىدۇ.

**تَاغَمَ يُتَاغِمُ مُتَاغَمَةً أَخَاهُ:** قوشكېزەك تۇغۇلدى.

**تَاغَمَ بَيْنَ مَدِينَةٍ وَأُخْرَى:** ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدا، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتتى.

**تَابَ يَتُوبُ تَوْبًا و تَوْبَةً و تَابَةً و مَتَابَةً و مَتَابًا و تَتْوِبَةً:** تەۋبە قىلدى، گۇناھىنى تىلىدى، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىدى، پۇشايمان قىلدى.

«ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا» «قۇرئان»: ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى.

**تَابَ اللّٰهُ عَلَيْهِ:** ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلدى.

«عَسَى اللّٰهُ أَنْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ» «قۇرئان»: ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر.

**تَابَعَ يُتَابِعُ مُتَابَعَةً:** ئەگەشتى، كەينىگە كىردى.

**تَابَعَ الرَّئِيسَ عَلَى الأَمْرِ:** رەئىس قوشۇلدى.

**تَابَعَ الدَّرْسَ:** دەرسنى داۋاملاشتۇردى.

**تَابَعَ الأَمْرَ:** تەكشۈردى، سۈرۈشتۈردى.

«لاَ يَعْلَمُ مَاذَا حَلَّ بِطَلَبَتِهِ إِذْ لَمْ يُتَابِعْهُ شَخْصِيًّا مِنْ دَوَائِرِ الْوِزَارَةِ»: مىنىستىرلىك ئورگانلىرىدىن شەخسەن ئۆزى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىسە ئوقۇغۇچىلىرىغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

«لَقَدْ أَنْهَى دِرَاسَتَهُ فِي الْمَدْرَسَةِ الإِعْدَادِيَّةِ وَسَيُتَابِعُ دِرَاسَتَهُ الثَّانَوِيَّةَ»: ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتتى، تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوقۇيدۇ.

«دَعْنَا نَسْتَرِحْ قَلِيلاً قَبْلَ أَنْ نُتَابِعَ الْعَمَلَ»: ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئىشنى داۋاملاشتۇرايلى.

**تَابِعٌ ج تَبَعٌ و تَبَعَةٌ م تَابِعَةٌ ج تَوَابِعُ:** ئەگەشكۈچى؛ قول ئاستىدىكى؛ شاگىرتى؛ خىزمەتچى؛ بويسۇنغۇچى؛ ئارقىدىكى؛ كەينىدىكى، تەۋە.

**تَابِعَةٌ:** نەتىجە، ئۇنۇم، مەسئۇلىيەت.

**اَلدَّوْلَةُ التَّابِعَةُ:** تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى دۆلەت.

«اِشْتَرَى الْبَيْتَ بِتَوَابِعِهِ»: ئۆينى شۇ ئۆيگە تەۋە بولغان نەرسىلىرى بىلەن بىللە سېتىۋالدى، ئۆينى ئىسكىلاتلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋالدى.

**اَلدُّوَلُ التَّوَابِعُ:** تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى دۆلەتلەر.

**تَابِعِيٌّ:** مۇسۇلمان بولغان ھالدا بىرەر ساھابىگە مۇلاقات بولۇپ، مۇسۇلمان پېتى ۋاپات بولغان كىشى.

**تَابِعُ التَّابِعِيِّ:** تابىئىنلارغا مۇلاقات بولغانلار.

**تَابِعِيَّةٌ:** قاراشلىق، تەۋەلىك؛ دۆلەت تەۋەلىكى.

**تَابِلٌ:** دورا ـ دەرمان.

**تَابُوتٌ ج تَوَابِيتُ:** ساندۇق، تاۋۇت، ساندۇقچە.

**تَابُوتُ الْمَوْتَى:** ئۆلۈك ساندۇقى.

«إِذْ أَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّكَ مَا يُوحَى أَنِ اقْذِفِيهِ فِي التَّابُوتِ» «قۇرئان»: ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق. ئۇنى ساندۇققا سالغىن.

**تَابُوتُ السَّاقِيَةِ:** سوۋغا.

**تَابُورٌ ج تَوَابِيرُ:** كالوننا؛ سەپ.

**اَلتَّابُورُ الْخَامِسُ:** بەشىنچى باشقارما (بىرەر دۆلەتنىڭ دۈشمەن دۆلەتتە يوشۇرۇنغان جاسۇسلىرى ۋە تەرەپدارلىرى)

**تَاجٌ ج تِيجَانٌ:** تاج.

**تَاجُ الْعَرَبِ:** ئەرەبلەرنىڭ باش ياغلىقى، سەللە، رومال.

**تَاجُ الْأُذُنِ:** قۇلاق گىچىكى (قۇلاق سۇپىرىسىنىڭ ئىگىلىپ تۇرغان قىسمى).

**تَاجُ الْعَمُودِ:** تۈۋرۈكنىڭ بېشىدىكى نەرسە.

**حُرُوفُ التَّاجِ:** ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشى.

**«تَاجُ الْمُرُوَّةِ التَّوَاضُعُ»:** ئادىمىگەرچىلىكنىڭ تاجى كەمتەرلىكتۇر.

**تَاجَ يَتُوجُ تَوْجًا:** يولۇقتى، ئۇچرىدى، ئوخشاشلۇق بولدى.

**تَاجَرَ يُتَاجِرُ مُتَاجَرَةً:** سودا قىلدى، تىجارەت قىلدى.

**تَاجَرَ فِي بَيْعِ الْبَضَائِعِ الْمُسْتَوْرَدَةِ:** ئىمپورت قىلىنغان ماللار سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى.

**تَاجِرٌ ج تُجَّارٌ و تِجَارٌ و تَجْرٌ:** سودىگەر، تىجارەتچى.

**تُجَّارُ الْحَرْبِ:** ئۇرۇشخۇمارلار.

**تَاجِرٌ بِالْعُمُولَةِ:** ۋاكالەتچى، سودىگەر.

**تَاجِرُ الْجُمْلَةِ:** توپ ساتقۇچى سودىگەر، دۆڭ ساتقۇچى سودىگەر.

**تَاجِرُ الْمُفَرَّقِ أَوِالْقَطَّاعِيِّ أَوِالتَّجْزِئَةِ:** پارچە سېتىش سودىگىرى.

**تَاجِرُ دِينٍ:** شەخسىي پايدا مەنپەئەت يولىدا ئىنساپ ۋىجدانىنى ساتىدىغان ئادەم.

**تَاجِرُ سِيَاسَةٍ:** سىياسەت بەدىكى.

**تَاجِرُ مَبَادِئَ:** پىرىنسىپ بىلەن سودىلاشقۇچى.

**تَاجِرَةٌ ج تَوَاجِرُ:** ئايال سودىگەر.

**تَاجِيُّ الشَّكْلِ:** تاجسىمان، تاج شەكىللىك.

**اَلشِّرْيَانُ التَّاجِيُّ:** تاجسىمان يۈرەك قان تومۇرى.

**تَاحَ يَتِيحُ تَيْحًا فِي مَشْيِهِ:** ھازىرلاندى، تەييارلاندى، تەق بولدى، ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

**تَاخَمَ يُتَاخِمُ مُتَاخَمَةً الْمَكَانَ:** جاي چېگرىلاندى، تۇتاشتى.

**«تُتَاخِمُ حُدُودَ الْعِرَاقِ الشَّرْقِيَّةَ جِبَالٌ عَالِيَةٌ»:** ئىراقنىڭ شەرقى چېگرىسىغا ئېگىز تاغلار تۇتىشىپ كېتىدۇ.

**تَارَ يَتِيرُ تَيَرَانًا الْبَحْرُ:** دېڭىز دولقۇنلىدى، مەۋج ئۇردى.

**تَارَةً:** بىر قېتىم؛ گاھى، بەزىدە؛ كۆپ چاغلاردا.

**«فَعَلْتُهُ تَارَةً بَعْدَ أُخْرَى»:** مەن ئۇنى ئارقا – ئارقىدىن قىلدىم.

**تَارٌّ:** سېمىز.

**تَارِزٌ:** چىڭ، قاتتىق.

**تَارِسٌ:** برونىۋلىك.

**تَارِعٌ ج تَوَارِعُ:** يەر كۆلىمى.

**تَارَكَ يُتَارِكُ مُتَارَكَةً:** سۈلھ قىلدى، ئۇرۇش توختاتتى.

**تَارِيخٌ ج تَوَارِيخُ:** ئاي – كۈن، ۋاقىت، مەزگىل، دەۋر، يىلنامە، ۋەقەلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى خاتىرىلەش.

**تَارِيخُ شَخْصٍ:** تەرجىمىھال، بىرەر شەخسنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى خاتىرە.

**بِلَا تَارِيخٍ:** ئاي – كۈنى يوق، تارىخىي يېزىلمىغان.

**شَخْصِيَّاتٌ تَارِيخِيَّةٌ:** تارىخىي شەخسلەر.

**اَلْمَادِّيَّةُ التَّارِيخِيَّةُ:** تارىخىي ماتېرىيالىزم.

**تَاسِعٌ:** توققۇزىنچى.

**تَاسِعَ عَشَرَةَ:** ئون توققۇزىنچى.

**«حَضَرَ فِي الْيَوْمِ التَّاسِعِ مِنَ الشَّهْرِ»:** ئۇ مۇشۇ ئاينىڭ 9 – كۈنى كەلدى.

**تَاسُوعَاءُ:** مۇھەررەم (ھىجرىيىنىڭ 1 – ئېيى) نىڭ 9 – كۈنى.

**تَافِرٌ:** مەينەت، پاسكىنا، نىجىس، يىرگىنىشلىك.

**اَلرَّجُلُ التَّافِرُ:** مەينەت ئادەم، پاسكىنا ئادەم.

**تَافِهٌ ج تَوَافِهُ:** ئاددىي؛ ئازغىنە؛ ئاجىز، زەئىپ، ناچار، ئەرزىمەس؛ تەمسىز، مەززىسى يوق، لاۋزا.

**تَافِهٌ مِنَ الْأَشْيَاءِ:** ئەرزىمەس، ئازراقمۇ قىممىتى يوق، ئەرزان.

**«اِشْتَرَى الثَّوْبَ بِسِعْرٍ تَافِهٍ»:** كىيىمنى ئەرزا

www.uyghurkitap.com

باھادا سېتىۋالدى.

**تَافِهٌ مِنَ النَّاسِ:** ئەرزىمەس ئادەم، پەس ئادەم.

**تَافِهٌ مِنَ الْكَلَامِ:** ئەھمىيەتسىز گەپ، تېتىقسىز گەپ.

**«مِنَ النَّاسِ مَنْ يُضَيِّعُ وَقْتَهُ وَجُهْدَهُ فِي تَوَافِهِ الْأُمُورِ»:** كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋاقتىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئەرزىمەس ئىشلارغا زايا قىلىۋاتىدىغانلارمۇ بار.

**«لَيْسَ هَذَا سِوَى أَمْرٍ تَافِهٍ وَعَلَيْنَا أَلَّا نُزْعِجَ الْكَثِيرِيْنَ بِهِ»:** بۇ بىر ئەرزىمەس ئىش، ئۇنى دەپ كۆپچىلىكنى چۆچىتىۋەتمەيلى.

**تَاقَ يَتُوقُ تَوْقًا و تُؤُوقًا و تَوْقَانًا و تِيَاقَةً الرَّجُلَ و إِلَيْهِ:** سېغىندى، كۆرگۈسى كەلدى، ئارزۇمەند بولدى، تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى.

**«كُلُّ جِيْلٍ جَدِيْدٍ يَتُوقُ إِلَى تَبْدِيْلِ بَعْضِ الْأَوْضَاعِ الْمَوْرُوثَةِ»** ھەربىر يېڭى ئەۋلاد ئەنئەنىۋى ھالەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە خۇشتار.

**تَاكَ:** بۇ، ئاۋۇ، ماۋۇ، بۇياق (مۇئەننەس بىرلىك كۆرسىتىش ئالماشلىرى).

**تَالَ يَتُولُ تَوَلًا:** كۆز باغلاپ قايمۇقتۇردى، جادۇ قىلدى.

**تَالِدٌ ج تَوَالِدُ:** ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان، ئەجدادلاردىن قالغان.

**«ذَهَبَ بِالتَّالِدِ وَالطَّرِيْفِ»:** كونا - يېڭى ھەممىنى ئېلىپ كەتتى.

**تَالِفٌ ج تَوَالِفُ:** بۇزۇلغان، ۋەيران قىلىنغان.

**تَالِهٌ:** تېڭىرقاپ قالغۇچى، بىئەپ ھالەتتە قالغۇچى.

**تَالِهُ الْعَقْلِ:** ھەيرەتتە قالغۇچى، ئەقلىي قاچقۇچى، پىكرى بۆلۈنگۈچى.

**تَالٍ ج تَالِيَاتٌ:** ئات بەيگىسىدە 4 - بولۇپ چىققۇچى.

**تَالٍ م تَالِيَةٌ ج تَوَالٍ:** ئەگەشكۈچى، ئىز باسقۇچى؛ تۆۋەندىكى؛ ۋارىس؛ داۋامى، داۋاملاشتۇرغۇچى.

**«يَجِبُ أَنْ نَقِيْسَ الْأَدَبَ بِمَقَايِيْسِ عَصْرِهِ لَا بِمَقَايِيْسِ عَصْرٍ تَالٍ»:** بىز ئەدەبىياتنى كېلىدىغان ئەسىرنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچىمەي، ئۇنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىشىمىز كېرەك.

**بِالتَّالِي:** شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭا، مۇقەررەر، ئارقىدىنلا، ئىككىنچى، تۆۋەندە.

**«أَنَا أَذْهَبُ مَعَكَ فِي صَبَاحِ الْيَوْمِ التَّالِي إِنْ شَاءَاللّٰهُ»:** خۇدا خالىسا ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەن سەن بىلەن بىللە بارىمەن.

**تَامَهُ يَتِيمُ تَيْمًا الْحُبُّ:** ئۇنى ئىشق - مۇھەببەت چىرمىۋالدى، ئاشىقى بىقارار بولدى.

**تَامٌّ:** پۈتۈنلەي، تولۇق، پۈتۈن.

**بَدْرٌ تَامٌّ:** تولۇن ئاي، تولغان ئاي.

**تَامُولٌ:** ئالقات مۇرابباسى، ستىرات مۇرابباسى.

**تَانِ:** ئىككىسى، ئىككى، بۇ ئىككىسى (ئايال) مۇئەننەس ئىككىلىك كۆرسىتىش ئالماشلىرى.

**تَانَبُولُ:** ئالقات مۇرابباسى، ستىرات مۇرابباسى.

**تَانِكَ و تَانِّكَ:** بۇ ئىككىسى (ئايال) مۇئەننەس ئىككىلىك كۆرسىتىش ئالماشلىرى.

**تَاهَ يَتِيهُ تَيْهًاو تَيَهَانًا:** ئازدى، ئاداشتى، يولدىن ئازدى؛ ھالاك بولدى.

**تَاهَ فِي الْأَرْضِ:** ئېزىپ قالدى، ئادىشىپ قالدى.

**«قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيْهِمْ أَرْبَعِيْنَ سَنَةً يَتِيهُونَ فِي الْأَرْضِ» (قرآن):** ئاللاھ دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ...»

**تَاهَ الْفِكْرُ:** ئىدىيە قالايمىقانلىشىپ كەتتى، گاڭگىراپ قالدى، پاراكەندە بولدى.

**تَاهَ يَتِيهُ تِيْهًا:** كۆرەڭلىدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى، خۇدىنى بىلمەي قالدى.

**تَاهَ بَصَرُهُ عَنِ الشَّيْءِ:** كۆزىگە چېلىقماي قالدى.

**تَاهَ فِي مَشْيِهِ:** غادايدى، گىدەيدى.

**تَائِبٌ:** تەۋبە قىلغۇچى، قايتقۇچى، يانغۇچى.

**تَائِجٌ:** تاجدار، تاج كىيگۈچى.

**تَائِقٌ:** سېغىنغۇچى، ئىنتىزار بولغۇچى،

ئىشتىياق باغلىغۇچى، ئارزۇمەن.

**أَنَا تَائِقٌ لِلِقَاءِكَ:** مەن سىنى كۆرۈشكە خۇشتار، سېغىنغۇچى، ئىنتىزار بولغۇچى، ئىشتىياق باغلىغۇچى، ئارزۇمەن.

**تَائِهٌ:** يولدىن ئاداشقۇچى، تېڭىرقاپ قالغۇچى، سەرگەردان.

**تَآخَى يَتَآخَى تَآخِيًا:** قېرىنداش بولۇشتى.

**تَآزَرَ يَتَآزَرُ تَآزُرًا:** ياردەملەشتى؛ ئىتتىپاقلاشتى.

**تَآسَى يَتَآسَى تَآسِيًا الْقَوْمُ:** ئۇلار ئۆز ئارا تەسەللى بېرىشتى.

**تَآكَلَ يَتَآكَلُ تَآكُلاً الْحَدِيدُ:** كۆمۈر دات بېسىش ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئۇۋۇلىپ كەتتى.

**تَآكُلٌ:** ئازابلىنىش، قىينىلىش.

**تَآلَفَ يَتَآلَفُ تَآلُفًا الْقَوْمُ:** بىرلەشتى، ئۈم بولدى، ئىتتىپاقلاشتى.

**تَآلَفَتِ الْأَصْوَاتُ:** ئاۋازلار ماس كەلدى، ماسلاشتى.

**تَآلُفٌ:** بىرلىشىش، دوستلىشىش.

**تَآمَرَ يَتَآمَرُ تَآمُرًا بِهِ:** زىيانكەشلىك قىلدى، سۇيىقەست قىلدى.

**تَآمَرَ الشَّخْصُ:** تىل بىرىكتۈردى، سۇيىقەست پىلانلىدى.

**«تَآمَرَ عَدَدٌ مِنَ الضُّبَّاطِ عَلَى قَلْبِ الْحُكْمِ»:** ئوفىتسېرلاردىن بىرقانچىسى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا تىل بىرىكتۈردى.

**تَآمُرٌ:** سۇيىقەست پىلانلىماق، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتمەك، تىل بىرىكتۈرمەك.

**تَآنَسَ يَتَآنَسُ تَآنُسًا الْقَوْمُ:** ئىناق ئۆتۈشتى.

**«كَانَتِ الْمَقَاهِي مُلْتَقًى لِأَبْنَاءِ الْبَلَدِ يَجْلِسُونَ فِيهَا يَتَآنَسُونَ بِالْأَحَادِيثِ»:** قەھۋەخانىلار يۇرتداشلار ئۇچرىشىدىغان جاي بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەردە ئولتۇراتتى، گىڭى ـ مىڭى مۇڭدىشاتتى.

**تَأَبَّدَ يَتَأَبَّدُ تَأَبُّدًا:** ياۋايىلاشتى، ۋەھشىلەشتى.

**تَأَبُّرٌ:** چاڭلاشماق.

**تَأَبَّطَ يَتَأَبَّطُ تَأَبُّطًا الشَّيْءَ:** قولتۇقلىدى، قولتۇقىغا قىستى.

**تَأَبَّطَ كُتُبَهُ:** ئۇ كىتابلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇ-رۇۋالدى.

**تَأَبَّى يَتَأَبَّى تَأَبِّيًا الشَّخْصُ:** باش تارتتى، ئۇنىمىدى.

**تَأَبَّى عَنِ الدَّنِيَّةِ:** ئالىيجاناب بولدى.

**تَأَبَّى عَلَيْهِ:** غادىيىۋالدى، ھاكاۋۇر بولدى.

**تَأْبِينٌ:** تەزىيە بىلدۈرمەك، مېيىتنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى تەرىپلەپ يىغلىماق.

**«شَارَكَ عَدَدٌ مِنَ الشُّعَرَاءِ فِي تَأْبِينِ الرَّئِيسِ الرَّاحِلِ»:** مەرھۇم رەئىسنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا بىر تۈركۈم شائىرلار قاتناشتى.

**حَفْلَةٌ تَأْبِينِيَّةٌ:** ماتەم مۇراسىمى.

**تَأْتَأَ يُتَأْتِئُ تَأْتَأَةً و تَأْتَاءً الرَّجُلُ:** دائىم تانى تەلەپپۇز قىلىپ كېكەچلەپ سۆزلىدى.

**تَأَتَّى يَتَأَتَّى تَأَتِّيًا الشَّيْءُ لَهُ:** مۇيەسسەر بولدى، ئوڭۇشلۇق بولدى.

**تَأَتٍّ:** تەييارلانماق، ئېلىنىش.

**حُسْنُ التَّأَتِّي:** بىرەر شەيئى بىلەن ئېلىنىش ياكى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىنىش.

**تَأَثَّثَ يَتَأَثَّثُ تَأَثُّثًا الْبَيْتُ:** ئۆي جاھازلاندى، سەرەمجانلاشتى.

**تَأَثَّرَ يَتَأَثَّرُ تَأَثُّرًا مِنْ كَذَا أَوْبِكَذَا:** تەسىرلەندى، ھاياجانلاندى.

**تَأَثَّرَ بِهِ:** تەسىرلەندى، ئۇنىڭ مەسلىكىدە ماڭدى.

**«تَأَثَّرَ كَثِيرًا عِنْدَمَا عَلِمَ بِوَفَاةِ صَدِيقِهِ»:** دوستىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ كۆپ تەسىرلەندى.

**تَأَثَّرَ مِنْ كَلَامٍ أَوْ فِعْلٍ:** كۆڭلى خۇش بولدى؛ خاپا بولدى.

**تَأَثَّرَ مِنْهُ:** غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

**تَأَثَّرَ الْكَاتِبُ بِأَسَالِيبَ الْأَدَبِ الْغَرْبِيِّ:** يازغۇچى غەرب ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

**تَأَثَّرَ مِنْ كَلَامِهِ:** ئۇنىڭ سۆزىدىن غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

**تَأَثَّرَتْ عَوَاطِفُهُ:** تەسىرلەندى، ھاياجلاندى.

**تَأَثَّمَ يَتَأَثَّمُ تَأَثُّمًا:** يامان يولدىن قايتتى.

**تَأَثَّمَ الْوَرِعُ:** گۇناھتىن ساقلاندى.

www.uyghurkitap.com

**تَأْثِيرٌ**: تەسىر، تەسىرات، رول، تەسىر كۈچ، كۈچ.

**«اِقْتَرَفَ جَرِيْمَتَهُ تَحْتَ تَأْثِيْرِ الْغَضَبِ»**: ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويدى.

**«فَقَدَ وَعْيَهُ بِتَأْثِيْرِ الْمُخَدِّرِ»**: مەست قىلغۇچى دورىنىڭ تەسىرى بىلەن ھوشىنى يوقاتتى.

**فُلاَنْ ذُوتَأْثِيرٍ كَبِيْرٍ**: پالانىنىڭ تەسىرى چوڭ.

**تَأَجَّجَ يَتَأَجَّجُ تَأَجُّجًا**: پالىلدىدى، يالتىرىدى.

**تَأَجَّجَتِ النَّارُ**: ئوت يالقۇنجىدى، ياندى.

**تَأَجَّجَ فُلاَنْ غَضَبًا**: پالانىنىڭ غەزەپ ئوتى ياندى.

**تَأَجَّجَ فُلاَنْ ذَكَاءً**: پالانىنىڭ ئەقلى يورۇپ كەتتى.

**تَأَجَّجَتِ النَّهَارُ**: كۈن قىزىپ كەتتى، كۈن ئىسسىپ كەتتى.

**تَأَجَّرَ يَتَأَجَّرُ تَأَجُّرًا**: ئىجارىگە بەردى.

**تَأَجَّلَ يَتَأَجَّلُ تَأَجُّلاً**: كېچىكتى، ئارقىغا سوزۇلدى.

**تَأَجَّلَ الْاِجْتِمَاعُ**: يىغىن كېچىكتى.

**«عَرَفْتُ قَبْلَ لَحْظَةٍ أَنَّ الْمُؤْتَمَرَ قَدْ تَأَجَّلَ اِنْعِقَادُهُ»**: بايىلا قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش ۋاقتىنىڭ كېچىككەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم.

**تَأْجِيرٌ**: ئىجارىگە بەرمەك.

**تَأْجِيلٌ**: ئارقىغا سۈرمەك.

**تَأَخَّرَ يَتَأَخَّرُ تَأَخُّرًا**: كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

**تَأَخَّرَ الشَّئُ عَنْ غَيْرِهِ**: ئۇنىڭدىن كېيىن كەلدى.

**«لِيَغْفِرَلَكَ اللّٰهُ مَاتَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَاتَأَخَّرَ»** ‹قۇرئان›: ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن...

**«تَأَخَّرَتِ الطَّائِرَةُ عَنْ مَوْعِدِ وُصُولِهَا»**: ئايروپىلان يېتىپ بارىدىغان ۋاقتىتىن كېچىكتى.

**«أَنْتَ تَأَخَّرْتَ كَثِيرًا الْيَوْمَ»**: بۈگۈن كۆپ كېچىكتىڭ.

**تَأَخُّرٌ**: كېچىكمەك، كېيىن قالماق

**«كَانَتِ الْبِلاَدُفِي حَالَةِتَأَخُّرٍمِنَ النَّوَاحِي الْاِقْتِصَادِيَّةِ وَ الْعِلْمِيَّةِ وَغَيْرِهَا»**: مەملىكەت ئىقتىسادى ۋە ئىلمىي ۋە باشقا جەھەتلەردە قالاق ھالەتتە ئىدى.

**«مَا زَالَتْ دُوَلُ الْعَالَمِ الثَّالِثِ تُعَانِي مِنْ حَالَةِ التَّأَخُّرِ»**: ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى يەنىلا قالاقلىق ھالىتىگە دۇچ كەلمەكتە.

**تَأَخَّى يَتَأَخَّى تَأَخِّيًا الْأَمْرَ**: كۆزلىدى، دىلىغا پۈكتى، ئىنتىلدى.

**تُؤَدَةٌ**: ۋەزمىنلىك، تەمكىنلىك، ئېغىر - بېسىقلىق.

**«قَامَ بِعَمَلِهِ فِي تُؤَدَةٍ»**: ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلدى.

**«تَكَلَّمَ بِكُلِّ تُؤَدَةٍ وَرَوِيَّةٍ»**: تەمكىنلىك ۋە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزلىدى.

**تَأَدَّبَ يَتَأَدَّبُ تَأَدُّبًا الرَّجُلُ**: ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلىدى ، مەمەدانلىق قىلدى، يېتىم ئاقساقاللىق قىلدى.

**تَأَدَّبَ بِهِ**: ئەگەشتى، ئۈلگە قىلدى.

**«تَأَدَّبَ بِأَدَبِ الْقُرْآنِ»**: ئۇ قۇرئان ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلدى.

**تَأَدُّبٌ**: ئەدەپلىك بولماق، نازاكەتلىك بولماق، تەربىيە ئالماق، ئەدەپ ئۆگەنمەك، سىپايە بولماق، مەدەنىيەتلىك بولماق.

**تَأَدَّى يَتَأَدَّى تَأَدِّيًا**: يەتتى، باردى، يېتىپ باردى، ئۇلاشتى.

**تَأَدَّى إِلَى الْفَنَاءِ**: ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى.

**تَأْدِيْبٌ**: جازالىماق، ئەدەپلىمەك، تەلىم - تەربىيە بەرمەك.

**تَأْدِيْبِيٌّ**: تەربىيىۋى، مەدەنىي، تەربىيە خاراكتېرلىك.

**حَمْلَةٌ تَأْدِيْبِيَّةٌ**: جازا يۈرۈشى، قارشى يۈرۈش قىلىش.

**مَجْلِسُ تَأْدِيْبٍ**: جازالاش ئىشلىرىنى قاراپ چىقىدىغان ھەيئەت.

**إِجْرَاءٌ تَأْدِيْبِيٌّ**: جازالاش چارىلىرى.

**تَأْدِيَةٌ**: ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق، بېجىرمەك.

**تَأَذَّنَ يَتَأَذَّنُ تَأَذُّنًا**: ئۇقتۇردى، بىلدۈردى.

**تَأَذَّنَ بِالشَّرِّ:** ئاگاھلاندۇردى.

**«وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ» (قرآن):** ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار «نېمىتىمگە شۈكرى قىلساڭلار» (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن ... دەپ جاكارلىدى.

**تَأَذَّى يَتَأَذَّى تَأَذِّيًا:** ئەزىيەت يېدى، زەخمەت يېدى، ئازار يېدى.

**«لَمْ يَتَأَذَّ بِالْحَادِثِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ»:** خۇداغا شۈكرى، ھادىسىدە زىيان – زەخمەتكە ئۇچرىمىدى.

**تَأَرْجَحَ يَتَأَرْجَحُ تَأَرْجُحًا الرَّجُلُ:** تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى، سىلكىندى.

**تَأَرَّجَ يَتَأَرَّجُ تَأَرُّجًا:** خۇش ھىد پۇرىدى.

**تَأْرِيخٌ ج تَوَارِيخُ:** ئاي – كۈن، ۋاقىت، مەزگىل، دەۋر، يىلنامە، ۋەقەلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى خاتىرىلەش.

**بِلَا تَأْرِيخٍ:** ئاي – كۈنى يوق، تارىخى يېزىلمىغان.

**تَأْرِيخُ شَخْصٍ:** تەرجىمىھال، بىرەر شەخسنىڭ ھاياتى توغرىسىدا خاتىرە

**«يَنْتَهِي الْعَمَلُ بِتَأْرِيخِ ١٥/٣/١٩٨٣»:** ئىش 1983 – يىل 3 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئاياغلىشىدۇ.

**تَأَزَّحَ يَتَأَزَّحُ تَأَزُّحًا:** كېچىكتى.

**تَأَزَّمَ يَتَأَزَّمُ تَأَزُّمًا:** ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى.

**تَأَزَّمَ الْمَوْقِفُ:** ۋەزىيەت يامانلاشتى.

**تَأَسَّسَ يَتَأَسَّسُ تَأَسُّسًا:** قۇرۇلدى.

**تَأَسَّسَ الْمَرْكَزُ وَنَحْوُهُ:** مەركەز قۇرۇلدى.

**«تَأَسَّسَتْ هَذِهِ الْجَامِعَةُ سَنَةَ ١٣٩٥ هـ»:** بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھىجرىيىنىڭ 1390 – يىلى قۇرۇلغان.

**تَأَسَّفَ يَتَأَسَّفُ تَأَسُّفًا:** ئەپسۇسلاندى، خىجىل بولدى.

**تَأَسَّفَ عَلَيْهِ وَلَهُ:** ئەپسۇسلاندى.

**«تَأَسَّفَ عَلَى وُقُوعِ الْحَادِثِ»:** ئۇ ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندى.

**تَأَسُّفٌ:** پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق، ھەسرەتلەنمەك، قايغۇرماق.

**تَأَسَّلَ يَتَأَسَّلُ تَأَسُّلًا أَبَاهُ:** ئاتىسىغا ئوخشىدى.

**تَأَسَّى يَتَأَسَّى تَأَسِّيًا:** تەسەللى تاپتى.

**تَأَسَّى بِهِ:** ئەگەشتى.

**تَأْسِيَةٌ:** تەزىيە، تەسەللى.

**تَأْسِيسٌ:** قۇرماق، بەرپا قىلماق، تىكلىمەك، تەسىس قىلماق.

**تَأْسِيسَاتٌ حُكُومِيَّةٌ:** ھۆكۈمەت ئورگانلىرى.

**مَجْلِسٌ تَأْسِيسِيٌّ:** قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى.

**جَمْعِيَّةٌ تَأْسِيسِيَّةٌ:** قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى.

**هَيْئَةٌ تَأْسِيسِيَّةٌ:** ھەيئەت.

**«قَدَّمَتِ الْهَيْئَةُ التَّأْسِيسِيَّةُ لِلشَّرِكَةِ الْجَدِيدَةِ طَلَبًا لِلسَّمَاحِ لَهَا بِالْبَدْءِ فِي مَشَارِيعِهَا»:** ھەيئەت يېڭى شىركەتكە ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى باشلاشقا رۇخسەت قىلىش تەلىپىنى قويدى.

**تَأَشَّبَ يَتَأَشَّبُ تَأَشُّبًا الْقَوْمُ:** ئارىلاشتى، گىرەلەشتى، يىغىلدى.

**تَأَشَّرَ يَتَأَشَّرُ تَأَشُّرًا:** ئىمزا قويدى.

**تَأْشِيرٌ ج تَأْشِيرَاتٌ:** ۋىزا، ۋىزا بەرمەك، ئىمزا قويماق.

**تَأَصَّلَ يَتَأَصَّلُ تَأَصُّلًا:** ئەسلىنى ئېنىقلاپ بەردى، كېلىش مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

**عِلْمُ التَّأْصِيلِ:** سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، ئېتىمولوگىيە.

**تَأْصِيلَةٌ:** قانداشلىق.

**تَأَقْلَمَ يَتَأَقْلَمُ تَأَقْلُمًا الْغَرِيبُ:** چەتتىن كەلگەن كىشى يېڭى مۇھىتقا كۆندى.

**«تَأَقْلَمَ مَعَ هَذِهِ الْحَيَاةِ الْجَدِيدَةِ»:** ئۇ بۇ يېڭى ھاياتقا كۆنۈپ كەتتى.

**تَأَكْسَدَ يَتَأَكْسَدُ تَأَكْسُدًا:** دات باستى، ئوكسىدلاشتى.

**تَأَكْسَدَ الْحَدِيدُ:** تۆمۈر داتلاشتى.

**تَأَكَّدَ يَتَأَكَّدُ تَأَكُّدًا:** چىڭىدى، پۇختىلاندى، ئىسپاتلاندى.

**تَأَكَّدَ مِنْهُ:** ئېنىقلىۋالدى، ئېنىقلىدى.

**تَأَكَّدَ لَهُ:** ئېنىق بولدى.

**«تَأَكَّدَ أَنَّهُ سَيُسَافِرُ غَدًا»:** ئۇ ئەتە سەپەر قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**«تَأَكَّدَ لِي أَنَّهُ لَا يَبْغِي سِوَى الْخَيْرِ»:** ئۇنىڭ ياخشىلىقتىن باشقىنى تىلىمەيدىغانلىقى ماڭا ئېنىق بولدى.

**«عَلَيْكَ أَنْ تَتَأَكَّدَ مِنْ سَلَامَةِ الْمَشْرُوعِ قَبْلَ أَنْ تُقْدِمَ عَلَيْهِ»:** پىلانغا كىرىشىشتىن بۇرۇن پۇختا بولغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىشىڭ كېرەك.

**تَأَكَّلَ يَتَأَكَّلُ تَأَكُّلًا الشَّيْءُ:** يېيىلدى؛ خورىدى، ئۆز – ئۆزىدىن چىرىدى.

**تَأَكَّلَتِ الصُّخُورُ:** قورام تاش ئۈزۈلۈپ كەتتى.

**بَدَأَتْ أَسْنَانُهُ تَتَأَكَّلُ:** ئۇنىڭ چىشلىرىنى قۇرت يېگىلى تۇردى.

**تَأَكَّلَ الْحَدِيدُ:** تۆمۈر داتلىشىپ ئۈزۈلۈشكە باشلىدى.

**تَأْكِيدٌ:** تەكىتلەش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئېنىقلاش.

**بِالتَّأْكِيدِ:** سۆزسىز، جەزمەن، مۇقەررەر، راستىنلا، ھەقىقەتەن.

**«اَلْجَوُّ خَانِقٌ وَحَارٌّ لِذَا فَإِنَّ الْمَطَرَ سَيَنْزِلُ بَعْدَ قَلِيلٍ بِالتَّأْكِيدِ»:** ھاۋا تىنجىق ۋە ئىسسىق، قارىغاندا بىرئازدىن كېيىن چوقۇم يامغۇر ياغىدۇ.

**بِكُلِّ تَأْكِيدٍ:** جەزمەن، راستىنلا، ھەقىقەتەن.

**لَامُ التَّأْكِيدِ:** تەكىتلەش ئۈچۈن كېلىدىغان «ل» (سۆزنى تەكىتلەش ئۈچۈن سۆزگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان لام).

**اَلتَّأْكِيدَاتُ الْقَاطِعَةُ:** سەپسەتە، نەيرەڭ، مۇقام.

**تَأَلَّبَ يَتَأَلَّبُ تَأَلُّبًا الْقَوْمُ:** توپلاشتى.

**«لَمْ يُصَدِّقْهُ بِالرَّغْمِ مِنَ التَّأْكِيدَاتِ الَّتِي قَدَّمَهَا لَهُ»:** ئۇ ئۆزىگە بەرگەن كاپالەتلەرگە قارىماي ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى.

**تَأَلَّبُوا عَلَى الْأَمْرِ:** ھەمكارلاشتى، ئۇيۇم بولۇشتى.

**تَأَلَّفَ يَتَأَلَّفُ تَأَلُّفًا مِنْ كَذَا:** ... دىن تەركىب تاپتى، ... تەشكىل قىلىندى، ... دىن قۇرۇلدى.

**«كَانَ الْوَفْدُ يَتَأَلَّفُ مِنْ خَمْسَةِ أَعْضَاءٍ»:** ئۆمەك بەش ئەزادىن تەركىب تاپقانىدى.

**«يَتَأَلَّفُ الْمَبْنَى مِنْ أَرْبَعَةِ أَدْوَارٍ وَاسِعَةِ الْأَرْجَاءِ»:** بۇ بىنا كەڭ – كۇشادە تۆت ئېغىز چوڭ ئۆيدىن تەركىب تاپقان.

**تَأَلَّقَ يَتَأَلَّقُ تَأَلُّقًا الْبَرْقُ:** چاقماق چاقنىدى.

**تَأَلَّقَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ياساندى.

**تَأَلَّقَ نَجْمُهُ:** داڭ چىقاردى، شۆھرەت قازاندى.

**تَأَلُّقٌ حَرَارِيٌّ:** بەزى مەدەنلەرنىڭ قىزىتقان چاغدىكى چاقنىشى.

**تَأَلَّمَ يَتَأَلَّمُ تَأَلُّمًا الْمَرِيضُ:** ئاغرىق ئازابلاندى.

**تَأَلَّمَ مِنْ فُلَانٍ:** شىكايەت قىلدى، داتلىدى.

**«تَأَلَّمَ الْجُنُودُ لِمَا أَصَابَهُمْ مِنْ هَزِيمَةٍ»:** ئەسكەرلەر يېڭىلىش سەۋەبىدىن دۇچ كەلگەن نەرسىلەردىن ئەلەم چەكتى.

**تَأَلَّهَ يَتَأَلَّهُ تَأَلُّهًا:** ئىلاھقا ئايلاندى، ئىلاھلىق دەۋاسى قىلدى؛ ئىبادەت قىلدى.

**تَأَلَّهَ الشَّخْصُ:** زاھىد بولدى.

**تَأَلَّهَ الْعَاتِيُّ:** خۇدالىق دەۋاسى قىلدى.

**تَأَلَّى يَتَأَلَّى تَأَلِّيًا:** قەسەم قىلدى، قەسەمىياد قىلدى.

**تَأْلِيفٌ ج تَآلِيفُ وَتَأْلِيفَاتٌ:** كىتاب، ئەسەر.

**«عُرِفَ السُّيُوطِي بِتَآلِيفِهِ الْكَثِيرَةِ فِي اللُّغَةِ وَ الْأَدَبِ»:** سيۇتى تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن تونۇلدى.

**تَأْلِيفُ الْكِتَابِ:** كىتاب يېزىش، كىتاب تۈزۈش.

**تَأْلِيفُ الْحَيَوَانِ:** ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش.

**تَأْلِيَةٌ:** بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش.

**تَأَمْرَكَ يَتَأَمْرَكُ تَأَمْرُكًا الشَّخْصُ:** ئامېرىكىلىق بولۇپ كەتتى، ئامېرىكىلىشىپ كەتتى.

**تَأَمُّرٌ:** زورلۇق قىلىش، ئۆكتەملىك قىلىش.

**تَأَمَّلَ يَتَأَمَّلُ تَأَمُّلًا:** سىنچىلاپ قارىدى، دىققەت بىلەن قارىدى، سەپسېلىپ قارىدى.

**تَأَمَّلَ الْأَمْرَ وَ فِيهِ:** چارە – تەدبىر ئويلىدى، قايتا قاراپ چىقتى.

**«وَقَفْتُ مَرَّةً بِبَابِ مَكْتَبَةٍ أَتَأَمَّلُ مَعْرُوضَاتِهَا»**: بىر قېتىم ئىشخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قويۇلغان نەرسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتىم.

**«تَأَمَّلَ فِي الْمَوْضُوعِ قَبْلَ أَنْ يَصْدُرَ حُكْمُهُ عَلَيْهِ»**: ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇ مەسىلىگە قايتا قاراپ چىقتى.

**تَأَمُّلٌ ج تَأَمُّلَاتٌ**: پىكىر قىلىش، چوڭقۇر ئويلىنىش، مۇلاھىزە قىلىش.

**«كُنْتُ أَحْسِبُ التَّأَمُّلَ كُلَّ شَيْءٍ فِي حَيَاةِ الْأَدِيبِ وَكُنْتُ أَعْتَقِدُ أَنَّ حَيَاتِي سَتَمْضِي قِرَاءَةً كُلُّهَا وَتَفْكِيرًا»**: مەن ئەدىبنىڭ ھاياتىدا ھەممە نەرسىنى چوڭقۇر ئويلىنىشتىنلا كېلىدۇ، دەپ بىلەتتىم ۋە شۇنداقلا ھاياتىمنىڭ ھەممىسى ئوقۇش بىلەن ۋە پىكىر قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم.

**مِنْ غَيْرِ تَأَمُّلٍ**: ئويلىماستىن، يېنىكلىك بىلەن.

**تَأَمَّمَ يَتَأَمَّمُ تَأَمُّمًا بِالشَّيْءِ**: ئەگەشتى، ئىقتىدا قىلدى، دورىدى، كۆزلىدى.

**تَأْمُورٌ ج تَآمِرُ**: يۈرەك قېپى.

**إِلْتِهَابُ التَّأْمُورِ**: يۈرەك قېپى ياللۇغى.

**تَأْمُورَةٌ ج تَأْمُورَاتٌ**: مۇناستىر.

**تَأْمِينٌ ج تَأْمِينَاتٌ**: گۆرۈ، رەنە؛ سۇغۇرتا؛ كاپالەت پۇل؛ كاپالەت راسخوتى، تۆلەم.

**تَأْمِينٌ اِجْتِمَاعِيٌّ**: سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، سىتراخوۋانىيە.

**تَأْمِينٌ عَلَى الْحَيَاةِ**: ئۆمۈر سۇغۇرتىسى.

**صَكُّ التَّأْمِينِ**: سۇغۇرتا ھۆججىتى.

**تَأْمِينٌ**: كېپىللىك قىلىش؛ خاتىرجەم قىلىش؛ «ئامىن» دەپ دۇئا قىلىش؛ سۇغۇرتا قىلىش؛ ھۆددە قىلىش.

**تَأَنَّثَ يَتَأَنَّثُ تَأَنُّثًا الشَّخْصُ**: زەيپانە بولۇۋالدى.

**تَأَنَّسَ يَتَأَنَّسُ تَأَنُّسًا بِهِ**: كۆندى، دوستلاشتى، ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئالدى.

**تَأَنَّسَ الْحَيَوَانُ**: ھايۋان كۆندى.

**تَأَنَّقَ يَتَأَنَّقُ تَأَنُّقًا فِي عَمَلِهِ**: ئىشىدا ئېھتىيات قىلدى، پەخەس بولدى، پۇختا بولدى.

**«كَانَ شَاعِرًا يَتَأَنَّقُ فِي اخْتِيَارِ كَلِمَاتِهِ»**: ئۇ سۆز تاللاشتا پىشقان شائىر ئىدى.

**تَأَنُّقٌ**: نەپىس، نازۇك، پۇزۇر.

**شَدِيدُ التَّأَنُّقِ فِي مَلْبَسِهِ**: پۇزۇر كىيىنگەن، ياسانچۇق.

**تَأَنَّى يَتَأَنَّى تَأَنِّيًا**: ئېغىرلىق قىلدى، سۆرەلمىلىك قىلدى، ئېغىر ـ بېسىقلىق قىلدى.

**تَأَنَّى فِي أَمْرِهِ**: تەمكىن بولدى.

**تَأَنٍّ**: تەمكىنلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق.

**«اَلتَّأَنِّي مَحْمُودَةٌ عَوَاقِبُهُ»**: تەمكىن بولۇشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىدۇر.

**«فِي التَّأَنِّي السَّلَامَةُ وَ فِي الْعَجَلَةِ النَّدَامَةُ»**: ئېغىر ـ بېسىقلىق كىشىگە ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئالدىراقسانلىق كىشىگە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ.

**تَأْنِيبُ الضَّمِيرِ**: ئۆزىنى ئەيىبلەش، پۇشايمان قىلىش.

**عَلَامَاتُ التَّأْنِيثِ**: مۇئەننەسلىك بەلگىلىرى.

**تَأْنِيثٌ «فِي النَّحْوِ»**: مۇزەككەر ئىسمنى مۇئەننەس ئالامەتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق مۇئەننەس ئىسمغا ئايلاندۇرۇش.

**تَأَهَّبَ يَتَأَهَّبُ تَأَهُّبًا**: تەييارلاندى، تەييارلىق قىلدى.

**تَأَهَّبَ لِلْأَمْرِ**: تەييارلاندى، ھازىرلاندى.

**«عَلَيْنَا أَنْ نَتَأَهَّبَ لِلسَّفَرِ فَقَدْحَانَ مَوْعِدُهُ»**: بىز سەپەرگە تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان يېتىپ كەلدى.

**«كَانَ الْجَيْشُ فِيحَالَةِ تَأَهُّبٍ لِلْحَرْبِ»**: ئارمىيە ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇرماقتا.

**تَأَهَّلَ يَتَأَهَّلُ تَأَهُّلًا**: ئۇيغۇن كەلدى، باب كەلدى، لايىق كەلدى.

**تَأَهَّلَ الرَّجُلُ**: ئۆيلەندى، توي قىلدى.

**تَأَهَّلَ لَهُ**: لايىق بولدى.

**«تَأَهَّلَ الْمُوَظَّفُ لِلتَّرْقِيَةِ»**: خىزمەتچى ئۆسۈشكە لايىق بولۇپ قالدى.

**تَأْهِيلٌ أَكَادِيمِيٌّ وَتَأْهِيلٌ مِهَنِيٌّ**: ئىلمىي ۋە

كەسپى جەھەتتىن ئىقتىدارلىق قىلىپ يېتىشتۈرمەك.

**تَأَوَّدَ يَتَأَوَّدُ تَأَوُّدًا الْعُودُ:** ياغاچ ئەگرى بولدى، قىڭغىر بولدى.

**تَأَوَّلَ يَتَأَوَّلُ تَأَوُّلاً:** چۈشەندۈردى، شەرھلىدى.

**تَأَوَّهَ يَتَأَوَّهُ تَأَوُّهًا:** ئاھ ئۇردى، ئۇھ تارتتى، خۇرسىندى.

**تَأَوُّهٌ ج تَأَوُّهَاتٌ:** ئاھ ئۇرماق، ئۇھ تارتماق، خۇرسىنماق.

**«تَأَوَّهَ آهَةَ الرَّجُلِ الْحَزِيْنِ»:** قايغۇغا چۆمگەن ئادەمدەك ئاھ چەكتى.

**تَأْوِيلٌ ج تَأْوِيلاتٌ:** ئىزاھ، شەرھ

**تَأْوِيْلُ الرُّؤْيَا:** چۈش تەبىرى.

**تَأَيَّدَ يَتَأَيَّدُ تَأَيُّدًا:** كۈچەيتىلدى، مەدەت بېرىلدى، ياردەم بېرىلدى.

**تَأَيَّمَ يَتَأَيَّمُ تَأَيُّمًا:** بويتاق يۈردى.

**تَأْيِيْدٌ:** قوللىماق، ھىمايە قىلماق، ياردەم بەرمەك، ئىسپاتلىماق.

**«تَلَقَّى الرَّئِيْسُ بَرْقِيَّاتِ التَّأْيِيْدِ مِنْ مُخْتَلَفِ الْهَيْئَاتِ وَالنَّقَابَاتِ»:** رەئىس تۈرلۈك ھەيئەت ۋە جەمئىيەتلەردىن قوللاش تېلېگراممىلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

**تَبَابٌ:** زىيان؛ ھالاكەت، ئۆلمەك؛ يېتەرسىزلىك، كەمچىلىك.

**«وَمَاكَيْدُ فِرْعَوْنَ إِلاَّفِي تَبَابٍ» ‹قرآن›:** پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكرى پەقەت بىكاردۇر.

**تَبَاثَّ يَتَبَاثُّ تَبَاثًّا الْقَوْمُ الْاَسْرَارَ:** سىرلارنى ئېچىۋېتىشتى.

**تَبَاثَّ:** قايغۇردى.

**تَبَاحَثَ يَتَبَاحَثُ تَبَاحُثًا:** مۇنازىرىلەشتى، مۇھاكىمە قىلىشتى، پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

**«اِجْتَمَعَ أَعْضَاءُ الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ وَتَبَاحَثُوا حَوْلَ مُشْكِلَةِ تَلَوُّثِ الْبِيْئَةِ»:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى يىغىلىپ مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

**تَبَاخَسَ يَتَبَاخَسُ تَبَاخُسًا الْقَوْمُ:** بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلدى، بىر ـ بىرىنى ئەزدى؛ ساختىـ

پەزلىك قىلىشتى.

**تَبَادَرَ يَتَبَادَرُ تَبَادُرًا:** ئالدىرىدى، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، بەس ـ بەس بىلەن، بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىدى.

**تَبَادَرَ إِلَى ذِهْنِهِ:** دەرھال كۆڭلىگە كەچتى.

**تَبَادَرَ الْقَوْمُ:** ئالدىراشتى.

**تَبَادَرَ إِلَيْهِ:** تۇيۇقسىز كەلدى.

**«أَوَّلُ مَا تَبَادَرَ إِلَى ذِهْنِهِ أَنَّهُ لَمْ يَكُنْ مَعَهُ الْمَالُ الْكَافِى»:** ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچكىنى يېتەرلىك مالنىڭ ئۆزىدە بولماسلىقى بولدى.

**تَبَادَلَ يَتَبَادَلُ تَبَادُلاً:** نۆۋەتلىشىپ ئىشلىدى، نۆۋەت ئالماشتى، ئىسمىنا ئالماشتى.

**تَبَادَلَ الْآرَاءَ:** پىكىر ئالماشتۇردى.

**«كُنَّا نَتَبَادَلُ الرَّسَائِلَ ثُمَّ انْقَطَعَتِ الصِّلَةُ بَيْنَنَا»:** بىز ئۆز ئارا خەت ئەۋەتىشىپ تۇرىدىغان، كېيىن ئوتتۇرىمىزدا ئالاقە ئۈزۈلدى.

**تَبَادُلٌ:** ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك، يەڭگۈشلىمەك.

**تَبَادُلٌ ثَقَافِيٌّ أَوْ تِجَارِيٌّ:** مەدەنىيەت ياكى سودا ئالماشتۇرۇش.

**تَبَادُلُ الْعُمْلاَتِ الْأَجْنَبِيَّةِ:** چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش.

**سِعْرُ التَّبَادُلِ:** بىر خىل پۇلنى ئىككىنچى بىر خىل پۇلغا ئالماشتۇرۇش باھاسى.

**اَللُّغَةُ وَسِيْلَةٌ لِتَبَادُلِ الْأَفْكَارِ:** تىل ـ پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسىدۇر.

**تَبَادُلُ الْأَسْرَى:** ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش.

**تَبَادَى يَتَبَادَى تَبَادِيًا الرَّجُلُ:** سەھرالىقلا ئوخشاپ قالدى.

**تَبَادَى الْقَوْمَ بِالْعَدَاوَةِ:** ئاشكارا دۈشمەنلەشتى.

**تَبَارٌ:** ھالاكەت، يوقىلىش، گۇمران بولۇش.

**«وَلاَ تَزِدِ الظَّالِمِيْنَ إِلاَّ تَبَارًا» ‹قرآن›:** زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن.

**تَبَارَدَ يَتَبَارَدُ تَبَارُدًا:** سوغۇق مۇئامىلە قىلدى.

**تَبَارَزَ يَتَبَارَزُ تَبَارُزًا:** ئېلىشتى، كۈرەش قىلدى، تۇتۇشتى.

**تَبَارَكَ يَتَبَارَكُ تَبَارُكًا:** ئۇلۇغ بولدى، بۈيۈك بولدى، بەرىكەتلىك بولدى، ئۇنىڭدىن ياخشى پال ئالدى، ئۈمىدۋار بولدى.

**«تَبَارَكَ الَّذِى بِيَدِهِ الْمُلْكُ»** «قرآن» : پادىشاھلىق ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.

**«تَبَارَكَ اسْمُ رَبِّكَ ذِي الْجَلَالِ وَالإِكْرَامِ»** «قرآن» : ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى مۇبارەكتۇر.

**تَبَارَكَ بِالشَّيْئِ:** ياخشى پال ئالدى، ئۈمىدۋار بولدى.

**تَبَارَكَ وَتَعَالَى:** (ئاللاھنىڭ نامى زىكرى قىلىنغاندا ياكى ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئاللاھ ئۇلۇغ ۋە ئۇستۇن دېگەن مەنىدە).

**تَبَارَكَ اللّٰهُ:** ئاللاھ تائالا مۇقەددەس ۋە بۈيۈك بولدى.

**تَبَارَى يَتَبَارَى تَبَارِيًا:** مۇسابىقىلەشتى.

**«تَبَارَى الْفَرِيْقُ السُّعُودِيُّ لِكُرَةِ السَّلَّةِ مَعَ الْفَرِيْقِ الْكُوَيْتِيِّ»** : سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋاسكېتبول كوماندىسى كۇۋەيت كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلەشتى.

**تَبَارِيْحُ:** خاپىلىق، كۆلپەت.

**تَبَارِيحُ الشَّوْقِ:** سېغىنىش ئازابى، سېغىنىش دەردى، قاتتىق سېغىنىش.

**تَبَاشَرَ يَتَبَاشَرُ تَبَاشُرًا:** خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

**تَبَاشِيرُ:** خۇش خەۋەر، يېڭى شەيئى، يېڭى پەيدا بولغان نەرسە، ھەر نەرسىنىڭ دەسلەپكى.

**تَبَاشِيرُ الْفَجْرِ. تَبَاشِيرُ الصَّبَاحِ:** تاڭنىڭ دەسلەپكى يورۇشى.

**«بَدَتْ تَبَاشِيْرُ النَّهْضَةِ»** : تەرەققىيات كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

**تَبَاطَأَ يَتَبَاطَأُ تَبَاطُأً:** كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

**«عَلَى الْحُكُومَةِ أَنْ تَعْمَلَ بِصُوْرَةٍ جِدِّيَّةٍ لَاتَقْبَلُ التَّبَاطُأَ وَالتَّأْجِيْلَ، عَلَى مَحْوِ الأُمِّيَّةِ»** : ھۆكۈمەت ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە سۆرەلمىلىك قىلماستىن، ئارقىغا سوزماستىن جىددىي كىرىشىشى لازىم.

**تِبَاعٌ:** ئەگەشمەك، كەينىگە كىرمەك

**تِبَاعًا:** ئارقىمۇ ئارقا، كەينى ـ كەينىدىن، ئۈزلۈكسىز، ئۇدا.

**«يَنْشُرُ بَعْضُ الْكُتَّابِ أَعْمَالَهُمْ تِبَاعًا فِي الصُّحُفِ الْيَوْمِيَّةِ وَالْمَجَلَّاتِ»** : بەزى يازغۇچىلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى كۈندىلىك گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

**تَبَاعَثَ يَتَبَاعَثُ تَبَاعُثًا:** ئەۋەتتى.

**تَبَاعَدَ يَتَبَاعَدُ تَبَاعُدًا:** يىراق بولدى.

**تَبَاعَدَ عَنِ الشَّيْءِ:** چەتكە ئالدى.

**تَبَاعَدَ عَنِ الإِثْمِ:** گۇناھدىن ساقلاندى.

**تَبَاعَدَتْ زِيَارَاتُهُ:** ئۇنىڭ زىيارەتلىرى يىراقلاشتى.

**«اَلْمُسْلِمُونَ أُمَّةٌ وَاحِدَةٌ مَهْمَا اخْتَلَفَتْ أَجْنَاسُهُمْ وَتَبَاعَدَتْ أَوْطَانُهُمْ»** : مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، تىلى پەرقلىق بولسىمۇ ۋە يۇرتلىرى يىراق بولسىمۇ ئۇلار بىر ئۈممەت ھېسابلىنىدۇ.

**تَبَاغَضَ يَتَبَاغَضُ تَبَاغُضًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا يامان كۆرۈشتى. دۈشمەنلەشتى.

**تَبَاكَى يَتَبَاكَى تَبَاكِيًا:** يىغلاشتى.

**تَبَالَدَ يَتَبَالَدُ تَبَالُدًا:** گالۋاڭ بولىۋالدى، مەتۇ بولىۋالدى، ساراڭ بولىۋالدى، بىلمەس بولىۋالدى.

**تَبَالَهَ يَتَبَالَهُ تَبَالُهًا:** دۆت بولىۋالدى ، گالۋاڭ بولىۋالدى.

**تَبَاهَلَ يَتَبَاهَلُ تَبَاهُلًا:** لەنەت ئوقۇشتى.

**تَبَاهَى يَتَبَاهَى تَبَاهِيًا الْقَوْمُ:** پەخىرلىنىشتى.

**«كَانَ صَاحِبُنَا يَتَبَاهَى بِأَنَّهُ قَدْ حَازَ أَعْلَى شَهَادَةٍ فِي مَيْدَانِ اخْتِصَاصِهِ»** : بىزنىڭ دوستىمىز ئۆز كەسپىدە ئەڭ يۇقىرى گۇۋاھلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى.

**تَبَايَعَ يَتَبَايَعُ تَبَايُعًا:** سودىدا پۈتۈشتى، سودىدا كېلىشتى.

**تَبَايَنَ يَتَبَايَنُ تَبَايُنًا الصَّدِيقَانِ:** ئىككى دوست ئايرىلدى، ئايرىلىپ كەتتى.

**تَبَايَنَ مَابَيْنَهُمَا:** ئايرىلىپ كەتتى.

**تَبَايَنَتِ الأَسْبَابُ:** سەۋەبلەر ئوخشىمىدى.

www.uyghurkitap.com



**تَبَايُنْ:** پەرق، زىددىيەت، توقۇنۇش، ئىختىلاپ، ئايرىملىق.

**تَبَّ يَتُبُّ و يَتِبُّ تَبًّا و تَبَبًا و تَبَابًا وتَبِيْبًا الرَّجُلُ:** هالاك بولدى، يوقالدى.

**«تَبًّا لِلظَّالِمِيْنَ الْمُعْتَدِينَ»:** تاجاۋۇزچى زالىملار هالاك بولسۇن!

**تَبًّا لَهُ:** بېشىنى يەيدىغان، بېشىنى يېسۇن، ئۆلگۇر.

**تَبًّا لَكَ:** ئۆلگۇر، بېشىڭنى يەيدىغان، چاچاڭنى يەيسەن.

**تَبَّالْ:** دورا ـ دەرمەك ساتقۇچى، سەكسەن خالتا.

**تَبَّانْ:** يەم ـ خەشەك سودىگىرى.

**تُبَّانْ:** كالتا ئىشتان، كۇسار.

**تَبَّانَةْ:** سامانلىق، يەم ـ خەشەك قويىدىغان جاي.

**«وَكُلًّاضَرَبْنَالَهُ الْأَمْثَالَ وَكُلًّا تَبَّرْنَا تَتْبِيْرًا»** ‹قرآن›: هەر بىر قەۋمگە نۇرغۇن مىساللارنى بايان قىلدۇق، (ۋەز ـ نەسىھەت ئۇنىۇم بەرمىگەنلىكتىن) هەر بىر قەۋمنى هالاك قىلدۇق.

**تَبَّعَ يُتَبِّعُ تَتْبِيْعًا:** ئەگەشتى، كەينىگە كىردى.

**تَبَّلَ يُتَبِّلُ تَبْتِيلًا الطَّعَامَ:** دورا ـ دەرمەك قوشۇلغان تاماق ئەتتى، تاماققا دورا ـ دەرمەك قوشتى.

**تَبُّوْلَةْ:** سوغۇق سەينىڭ بىر خىلى.

**تَبَتَّلَ يَتَبَتَّلُ تَبَتُّلًا:** ئىبادەتكە بېرىلدى، پۈتۈنلەي ئىبادەت بىلەن بولدى.

**تَبَتَّلَ إِلَى اللّٰهِ:** ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە يۈزلەندى.

**«وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا»** ‹قرآن›: (ئىبادىتىڭدە) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن.

**تَبَتَّلَ عَنِ الزَّوَاجِ:** تەنها يۈردى، بويتاق ياشىدى.

**تَبَثَّرَ يَتَبَثَّرُ تَبَثُّرًا وَجْهُهُ:** يۈزۈمگە دانىخورەك چىقتى.

**تَبَجَّحَ يَتَبَجَّحُ تَبَجُّحًا:** ئۆزىنى داڭلىدى، ئۆزىنى ماختىدى، پەخىرلەندى.

**«اَلْعَالِمُ الْحَقُّ يُنْتِجُ وَلَايَتَبَجَّحُ بِعِلْمِهِ»:** هەقىقى ئالىم نەتىجە يارىتىدۇ، ئۆز ئىلمى بىلەن ماختانمايدۇ.

**تَبَجَّدَ يَتَبَجَّدُ تَبَجُّدًا بِالْمَكَانِ:** مەلۇم جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى، تۇرۇپ قالدى.

**تَبَجَّسَ يَتَبَجَّسُ تَبَجُّسًا الْمَاءُ:** سۇ ئېتىلىپ چىقتى، چاچرىدى.

**تَبَجَّلَ يَتَبَجَّلُ تَبَجُّلًا:** هۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

**تَبَحْبَحَ يَتَبَحْبَحُ تَبَحْبُحًا:** كەڭ بولدى، راھەتلەندى، هۇزۇرلاندى.

**تَبَحْبَحَ الشَّخْصُ:** باياشات بولدى، توقچۇزى تەل بولدى، پاراۋان بولدى.

**تَبَحْثَرَ يَتَبَحْثَرُ تَبَحْثُرًا:** تارقالدى، ئىسراپ قىلىندى، چېچىلدى.

**تَبَحَّرَ يَتَبَحَّرُ تَبَحُّرًا الْعَالِمُ فِي الدَّرْسِ:** ئالىم چوڭقۇر ئۆگەندى، چوڭقۇر ئىزدەندى.

**تَبَخْتَرَ يَتَبَخْتَرُ تَبَخْتُرًا:** گىدىيىۋالدى، غادىيىۋالدى.

**تَبَخْتُرِيَّةْ:** تەكەببۇرلۇق، هاكاۋۇرلۇق.

**تَبَخَّرَ يَتَبَخَّرُ تَبَخُّرًا:** هورغا ئايلاندى، پارغا ئايلاندى، ئىسرىق سالدى.

**تَبَخَّرَ الشَّيْءُ:** پارغا ئوخشاش يوقالدى.

**«تَبَخَّرَ رَجُلٌ يَوْمًا فَاحْتَرَقَتْ ثِيَابُهُ»:** كىشى بىر كۈنى ئىسرىق سېلىۋىدى، كىيىمى كۆيۈپ كەتتى.

**تَبَخَّرَ بِالْبَخُورِ:** ئىسرىق سالدى، كۆجە ياقتى.

**تَبَخُّرْ:** پارغا ئايلاندۇرماق، سۇسىزلاندۇرماق.

**دَرَجَةُ التَّبَخُّرِ:** قايناش دەرىجىسى، پارغا ئايلىنىش دەرىجىسى.

**تَبَخَّلَ يَتَبَخَّلُ تَبَخُّلًا:** بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى.

**تَبَخْنَقَ يَتَبَخْنَقُ تَبَخْنُقًا:** ياغلىق چەگدى، رومال ئارتتى.

**تَبَدَّدَ يَتَبَدَّدُ تَبَدُّدًا الشَّيْءُ:** چېچىلىپ كەتتى، تارىلىپ كەتتى.

**تَبَدَّلَ يَتَبَدَّلُ تَبَدُّلًا:** بەدەل قىلىۋالدى، ئالماشتى، ئۆزگەردى.

**«وَلَاتَتَبَدَّلُوا الْخَبِيْثَ بِالطَّيِّبِ»** ‹قرآن›: ياخشىنى يامانغا تېگىشىۋالماڭلار.

**تَبَدَّلَ الْأَمْرُ:** ئۆزگەردى.

**«تَبَدَّلَ الْوَضْعُ تَبَدُّلاً جِذْرِيًّا» :** ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەردى.

**تَبَدَّلَ الشَّيْءَ وَ بِهِ:** بەدەل قىلىنىۋالدى.

**اَلْمَوَاسِمُ وَالْفُصُولُ تَتَبَدَّلُ:** مەۋسۇم ۋە پەسىللەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**تَبَدُّلٌ ج تَبَدُّلاَتٌ:** ئۆزگەرمەك، ئالماشماق؛ ئۆزگىرىش.

**«طَرَأَتْ تَبَدُّلاَتٌ جَدِيدَةٌ فِي الْوَضْعِ الْاِقْتِصَادِيِّ» :** ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

**تَبَدَّى يَتَبَدَّى تَبَدِّيًا:** ئاشكارا بولدى؛ سەھرادا تۇردى، كۆرۈندى.

**«كَانَ يَتَبَدَّى لَنَا مُهَرِّجًا لاَ شَرِّيرًا» :** قارىماققا ئۇ ئالاقانات ئەمەس، قىزىقچىدەك كۆرۈنەتتى.

**تَبْدِيدٌ:** چېچىۋەتمەك، ئىسراپچىلىق قىلماق.

**تَبْدِيدُ الطَّاقَةِ:** كۈچنى بۇلۇۋېتىش.

**تَبْدِيدُ الْوَقْتِ:** ۋاقىتنى زايا قىلىش.

**تَبْدِيلٌ:** ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرماق، تېگىشمەك.

**«تَرْمِي بَعْضُ الْحَرَكَاتِ السِّيَاسِيَّةِ إِلَى تَبْدِيلِ الْأَوْضَاعِ الْإِجْتِمَاعِيَّةِ وَ الْاِقْتِصَادِيَّةِ» :** بەزى سىياسىي ھەرىكەتلەر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**تَبْدِيدُ الْوَقْتِ:** ۋاقىتنى زايا قىلىش.

**تِبْذَارٌ:** بەتخەج، ئىسراپخور.

**تَبَذَّخَ يَتَبَذَّخُ تَبَذُّخًا:** تەكەببۇرلۇق قىلدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى.

**تَبَذَّلَ يَتَبَذَّلُ تَبَذُّلاً:** كىيىنىم - كېچەكتە ئۆزىنى تۈزىمەي ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، ساڭگىل - سوڭگىل كىيىنىپ يۈردى.

**تَبَذَّرَ يَتَبَذَّرُ تَبَذُّرًا الشَّيْءُ:** چېچىلدى، تارالدى، يېيىلدى.

**تَبْذِيرٌ:** ئىسراپ قىلماق.

**تَبِرَ يَتْبَرُ تَبَارًا الشَّخْصُ أَوِ الشَّيْءُ:** ھالاك بولدى.

**تِبْرٌ:** ئالتۇن - كۈمۈش رودىسى؛ تەبىئىي كان، تەبىئىي رودا.

**تَبْرِئَةٌ:** كەچۈرۈم قىلىش، بىكار قىلىش.

**تَبَرَّأَ يَتَبَرَّأُ تَبَرُّؤًا:** تۆھمەتتىن پاكلىقىنى ئىلان قىلدى، تۆھمەتنى ئىنكار قىلدى، ئادا - جۇدا بولدى.

**«فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ أَنَّهُ عَدُوٌّ لِلّٰهِ تَبَرَّأَ مِنْهُ» «قرآن» :** ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا - جۇدا بولدى.

**«وَقَالَ الَّذِينَ اتَّبَعُوا لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّؤُوا مِنَّا» «قرآن» :** ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا - جۇدا، بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ.

**تَبَرَّأَ مِنْ أَصْحَابِهِ:** مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

**تَبَرَّجَتْ يَتَبَرَّجُ تَبَرُّجًا السَّمَاءُ:** ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەندى.

**تَبَرَّجَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ياساندى.

**«وَلاَ تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى» «قرآن» :** ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك چىقماڭلار.

**تَبَرَّدَ يَتَبَرَّدُ تَبَرُّدًا:** سالقىنلىدى، سوۋۇدى.

**تَبَرَّدَ بِالْمَاءِ:** يۇيۇندى.

**تَبَرَّزَ يَتَبَرَّزُ تَبَرُّزًا:** چوڭ تەرەت قىلدى، ئىچىنى بوشاتتى.

**تَبَرَّعَ يَتَبَرَّعُ تَبَرُّعًا:** ئىختىيار قىلدى، تەلەپكار بولدى؛ ئىئانە قىلدى، ياردەم بەردى، تەقدىم قىلدى.

**«تَبَرَّعَ بِمَبْلَغٍ كَبِيرٍ لِلْمَشَارِيعِ الْخَيْرِيَّةِ» :** ياخشىلىق يوللىرىغا كۆپ پۇل ياردەم قىلدى.

**تَبَرُّعٌ ج تَبَرُّعَاتٌ:** ئىئانە، ئىئانە پۇل، ماددى ياردەم.

**تَبَرُّعٌ:** ئىئانە قىلماق، ماددى ياردەم بەرمەك.

**«هُوَ فِي حَاجَةٍ إِلَى الدَّعْمِ وَالتَّبَرُّعِ» :** ئۇ قوللاشقا ۋە ئىقتىسادىي ياردەمگە موھتاج (ئىئانىگە).

**«قَامَ الطُّلاَّبُ بِجُمْلَةِ تَبَرُّعَاتٍ مِنْ أَجْلِ ضَحَايَا الزِّلْزَالِ» :** يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغانلار

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن ئۇقۇغۇچىلار ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى.

«يَتَلَقَّى الصُّنْدُوقُ التَّبَرُّعَاتِ مِمَّا تُقَدِّمَهُ الْحُكُومَةُ وَالْأَفْرَادُ وَالْهَيْئَاتُ» : ئىئانە ساندۇقى ھۆكۈمەت، شەخسلەر ۋە ھەيئەتلەر تەقدىم قىلغان ئىئانىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

تَبَرَّكَ يَتَبَرَّكُ تَبَرُّكًا بِالشَّيْءِ: بەرىكەت تىلىدى، ئامانلىق تىلىدى، ئاق يول تىلىدى.

تَبَرَّمَ يَتَبَرَّمُ تَبَرُّمًا: بىزار بولدى، زېرىكتى، مالال بولدى.

تَبَرُّمٌ: زېرىكمەك، ئىچى پۇشماق.

«كَانَ كَسُولاً يَتَبَرَّمُ بِتَأْدِيَةِ مَا يُكَلَّفُ بِهِ مِن وَاجِبَاتٍ» : ئۇ ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىلەرنى بىجىرىشتىن زېرىكىدىغان ھورۇن ئىدى.

تَبَرْطَلَ يَتَبَرْطَلُ تَبَرْطُلاً: پارا ئالدى، پارا يېدى.

تَبَرْعَمَ يَتَبَرْعَمُ تَبَرْعُمًا الشَّجَرُ: دەرەخ پوتلا چىقاردى، غۇنچىلىدى.

تَبَرْقَشَ يَتَبَرْقَشُ تَبَرْقُشًا الشَّيْءُ: تۈرلۈك رەڭلەر بىلەن بېزەلدى، نەقىشلەندى.

تَبَرْقَعَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال يۈزىنى ياپتى، چۈمبەل تارتتى.

تَبَرْهَنَ يَتَبَرْهَنُ تَبَرْهُنًا: ئىسپاتلاندى، تەستىقلاندى.

تَبْرِيحٌ ج تَبَارِيحُ: قاتتىقچىلىق، ئېغىرچىلىق، كۈلپەت.

تَبْرِيدٌ: سوۋۇتماق، مۇزلاتماق.

تَبْرِيدُ الْأَلَمِ: ئاغرىقنى پەسەيتمەك، ئاغرىقنى يېنىكلەتمەك.

أَجْهِزَةُ التَّبْرِيدِ: توڭلىتىش ئۈسكۈنىلىرى.

فَرْطُ التَّبْرِيدِ: مۇز قاتماس دەرىجىدە سوۋۇتۇش.

تَبْرِيرٌ ج تَبْرِيرَاتٌ: ئاقلىماق، ئاقلاش.

تَبْرِيرِيٌّ: ئاقلىماق، ئاقلاشقا مەنسۇپ.

تَبْرِيكٌ ج تَبْرِيكَاتٌ: تەبرىكلەش، بەخت تىلەش، تەبرىك.

تِبْرِيَةٌ: باش كېپىكى.

تَبَسَّطَ يَتَبَسَّطُ تَبَسُّطًا الشَّخْصُ: ئاددى - ساددا بولدى.

تَبَسَّطَ فِي كَلَامِهِ: ئېنىق سۆزلىدى، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىدى.

تَبَسَّطَ فِي الْحَدِيثِ: تەكەللۇپسىز سۆزلىدى؛ تارتىنماستىن سۆزلىدى.

تَبَسَّلَ يَتَبَسَّلُ تَبَسُّلاً الشَّخْصُ: قەھرىمان بولدى، باتۇرلۇق قىلدى، قاپىقىنى تۈردى، قوشۇمىسىنى تۈردى.

تَبَسَّمَ يَتَبَسَّمُ تَبَسُّمًا: تەبەسسۇم قىلدى، كۈلۈمسىرىدى.

«فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِنْ قَوْلِهَا» ‹قرآن›: ئۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى.

تَبَسُّمٌ: كۈلۈمسىرىمەك، تەبەسسۇم قىلماق.

تَبْشِيرٌ: خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش؛ خىرىستىئان دىنىغا ئۈندەش.

تَبْشِيرِيٌّ: خىرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك.

بَعْثَةٌ تَبْشِيرِيَّةٌ: خىرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۆمىكى.

تَبَصْبَصَ يَتَبَصْبَصُ تَبَصْبُصًا الْكَلْبُ بِذَنَبِهِ: ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى.

تَبَصَّرَ يَتَبَصَّرُ تَبَصُّرًا: پۇختا ئويلاندى، پىششىق ئويلاندى، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلدى.

تَبَصَّرَ الْأَمْرَ: ئويلاندى، مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

تَبَصَّرَ فِي الْأَمْرِ: ئويلاندى، مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

تَبَصُّرٌ: چوڭقۇر ئويلانماق، پۇختا ئويلانماق، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلماق.

«أَقْدَمَ عَلَى فِعْلَتِهِ بِدُونِ تَبَصُّرٍ» : چوڭقۇر ئويلانمايلا قىلىپ تاشلىدى.

تَبَصَّصَ يَتَبَصَّصُ تَبَصُّصًا: رازۋېدكا قىلدى، چارلىدى.

تَبَضَّعَ يَتَبَضَّعُ تَبَضُّعًا: مال سېتىۋالدى، سودا قىلدى.

تَبَطَّأَ يَتَبَطَّأُ تَبَطُّأً الشَّخْصُ: كېچىكتى، ئارقىدا قالدى، سۆرەلمىلىك قىلدى.

تَبَطَّحَ يَتَبَطَّحُ تَبَطُّحًا: ئوڭدىسىغا ياتتى؛ سايغا چۈشتى.

تَبَطَّلَ يَتَبَطَّلُ تَبَطُّلاً: ئىشسىز قالدى، ئىشتىن مەھرۇم قالدى.

**تَبَطَّنَ يَتَبَطَّنُ تَبَطُّنًا الأَمْرَ:** يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى بىلدى ، ئىچكى تەرەپلىرىنى تونۇپ يەتتى.

**تَبَطَّنَ الْوَادِيَ:** جىلغىنى كەزدى.

**تَبِعَ يَتْبَعُ تَبْعًا و تَبَاعًا و تَبَاعَةً:** ئەگەشتى، كەينىگە كىردى.

**تَبِعَ التَّعْلِيمَاتِ:** تەلىماتقا ئەمەل قىلدى.

**تَبِعَهُ:** ئەگەشتى، يېتىشىۋالدى.

**يَتْبَعُ:** گېزىتنىڭ سول ئاستىنقى تەرىپىگە يېزىلغان سۆز بولۇپ، داۋامى بار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تَبَعٌ:** ئەگەشمەك، ئارقىدىن ماڭماق، ئىزىدىن ماڭماق، قوغلىماق؛ بويسۇنماق، تەۋە بولماق.

**تَبَعًا لَهُ:** قاراپ، بويىچە.

**«سَتُقَرِّرُ الْحُكُومَةُ سِيَاسَتَهَا تَبَعًا لِظُرُوفِ الْبِلَادِ» :** هۆكۈمەت ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى مەملىكەتنىڭ شەرت – شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ.

**تَبَعٌ ج أَتْبَاعٌ:** شاگىرت، مۇرىت، ئەگەشكۈچى، مۇخلىس.

**«كَانَ لِهَذَا الْحِزْبِ أَتْبَاعُهُ بَيْنَ الطَّلَبَةِ وَالْعُمَّالِ» :** بۇ پارتىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلار ئارىسىدا ئەگەشكۈچىلىرى بار.

**تَبِعَةٌ ج تَبِعَاتٌ:** نەتىجە، ئۇنۇم، ئاقىۋەت؛ مەسئۇلىيەت؛ مەجبۇرىيەت، بۇرچ.

**«أَدَّى الْجَيْشُ بِأَمَانَةٍ كُلَّ مَا عُهِدَ إِلَيْهِ مِنْ تَبِعَاتٍ جَسِيمَةٍ» :** قوشۇن تاپشۇرۇلغان بۈيۈك مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ساداقەت بىلەن ئورۇندىدى.

**أَلْقَى التَّبِعَةَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەتنى ئارتتى.

**تَبَعْثَرَ يَتَبَعْثَرُ تَبَعْثُرًا الشَّيْءُ:** چېچىلدى، تارقىلىپ كەتتى.

**«لَقَدْ تَبَعْثَرَ الْجُزْءُ الأَخِيرُ مِنَ الْمَخْطُوطَةِ وَ ضَاعَ» :** قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى قىسمى چېچىلىپ يوقاپ كېتىپتۇ.

**تَبَعْثَرَ الْعِقْدُ:** بويۇنچاقنىڭ مارجانلىرى چېچىلىپ كەتتى.

**«تَبَعْثَرَتِ الْجُهُودُ بِسَبَبِ إِهْمَالِنَا التَّخْطِيطَ» :** پىلانلىق قىلمىغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن تىرىشچانلىقلار بىكارغا كەتتى.

**تَبَعَّقَ يَتَبَعَّقُ تَبَعُّقًا:** ئېتىلىپ چىقتى، ئۇرغۇپ چىقتى.

**تَبَعَّدَ يَتَبَعَّدُ تَبَعُّدًا مِنَ الدَّنَايَا:** ناچار قىلىقلاردىن يىراق بولدى.

**تَبَعِيَّةٌ:** تەۋەلىك، بېقىندىلىق، قارىمىقىندىكى؛ دۆلەت تەۋەلىكى.

**«لاَ نُؤْمِنُ بِسِيَاسَةِ التَّبَعِيَّةِ لِأَيَّةِ كُتْلَةٍ غَرْبِيَّةٍ أَوْ شَرْقِيَّةٍ» :** غەرب ياكى شەرق گۇرۇھىغا ئەگىشىش سىياسىتىگە ئىشەنمەيمىز.

**بِالتَّبَعِيَّةِ:** باشقىغا ئەگىشىش، باشقىغا تەۋە بولۇش يۈزىسىدىن.

**«سَيُحَاسَبُ ابْنُكَ لِقِيَادَتِهِ سَيَّارَتَكَ بِدُونِ تَرْخِيصٍ وَسَتُحَاسَبُ أَنْتَ بِالتَّبَعِيَّةِ» :** سېنىڭ ئوغلۇڭ سېنىڭ ماشىناڭنى كىنىشكىسىز ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن.

**تَبْغٌ ج تُبُوغٌ:** تاماكا، كۆك تاماكا.

**تَبَغْدَدَ يَتَبَغْدَدُ تَبَغْدُدًا:** باغدادقا ئۆزىنى نىسبەت بەردى، باغدادلىق قىياپىتىگە كىرىۋالدى، ئۆزىنى باغدادلىققا ئوخشاتتى.

**تَبَغْدَدَ عَلَيْهِ:** كىردەيدى، غادايدى، چوڭچىلىق قىلدى.

**تَبَقَّمَ يَتَبَقَّمُ تَبَقُّمًا:** مەرىدى.

**تَبَقَّعَ يَتَبَقَّعُ تَبَقُّعًا الثَّوْبُ:** كىيىم بۇلغاندى، كىر بولۇپ كەتتى، كىر بولدى.

**تَبَقَّى يَتَبَقَّى تَبَقِّيًا:** قېلىپ قالدى، قالدى.

**تَبَقَّى مِنْهُ:** قېلىپ قالدى، ئېشىپ قالدى.

**«تَبَقَّى مِنْ دَخْلِهِ بِضْعَةُ قُرُوشٍ» :** ئۇنىڭ كىرىمىدىن بىرقانچە تەڭگىلا قېلىپ قالدى.

**تَبَقَّى الرَّجُلَ:** كىشىنى قالدۇرۇپ قېلىشقا ئورۇندى.

**تَبَلَ يَتْبُلُ تَبْلاً الطَّعَامَ:** تاماققا دورا – دەرمەك قوشتى.

**تَبَلَ الْحُبُّ الْمَرْءَ:** ئىشق – مۇھەببەت كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلدى.

**تَبَلَ الدَّهْرُ الْقَوْمَ:** زامان قەۋمىنى مۇسىبەتكە

www.uyghurkitap.com

دۇچار قىلدى.

**تَبَلْبَلَ يَتَبَلْبَلُ تَبَلْبُلاً:** تىنچسىزلاندى، ئەنسىرىدى، خاتىرجەمسىزلەندى.

**تَبَلْبَلَتِ الْأَفْكَارُ:** پىكىرلەر قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

**تَبَلْبَلَتِ اللُّغَاتُ:** تىللار ئارىلىشىپ كەتتى.

**تَبَلَّجَ يَتَبَلَّجُ تَبَلُّجًا الصُّبْحُ:** تاڭ يورىدى.

**تَبَلَّدَ يَتَبَلَّدُ تَبَلُّدًا:** دۆتلىشىپ كەتتى، مەتۇ بولۇپ قالدى، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**تَبَلَّدَ الْمَحْزُونُ:** غەمكىن ئادەم بوشاپ كەتتى، سولىشىپ كەتتى.

**تَبَلَّرَ يَتَبَلَّرُ تَبَلُّرًا:** ساپلاشتۇردى؛ كونكرېتلاشتۇردى، ئېنىق ئايرىدى.

**تَبَلَّغَ يَتَبَلَّغُ تَبَلُّغًا:** قانائەت قىلدى، رازى بولدى، كۇپايىلەندى.

**«حِيْنَ أَحَسَّ بِالْجُوعِ فِى بَعْضِ النَّهَارِ تَبَلَّغَ بِشَىْءٍ مِمَّا يَطُوفُ بِهِ بَاعَةُ السُّوقِ» :** كۈندۈزى قورساق ئاچقان چاغدا كوچمە يېمەكلىك ساتقۇچىلاردىن ئازراق نەرسە ئېلىپ يېيىش بىلەن كۇپايىلەندى.

**«تَبَلَّغَ بِشَىْءٍ مِنَ الطَّعَامِ» :** ئازغىنە تاماق بىلەن قانائەتلەندى.

**تَبَلَّغَ بِالْيَسِيرِ:** ئاز بىلەن كۇپايىلەندى.

**تَبَلَّغَ الشَّىْءَ:** ياقتۇرۇپ ئىچتى.

**تَبَلَّغَ بِالْأَمْرِ:** يەتكۈزۈلدى.

**تَبَلَّلَ يَتَبَلَّلُ تَبَلُّلاً:** نەملەشتى، نەم بولدى، ھۆل بولدى.

**تَبَلُّلْ:** ھۆل، نەم، نەملىك.

**تَبَلَّى يَتَبَلَّى تَبَلِّيًا عَلَى:** تۆھمەت چاپلىدى.

**تَبَلْوَرَ يَتَبَلْوَرُ تَبَلْوُرًا:** ساپلاشتۇردى؛ كونكرېتلاشتۇردى، ئېنىق ئايرىدى.

**تَبَلْوَرَ الْأَمْرُ:** ئېنىق بولدى، دۇشمەن بولدى.

**«تَبَلْوَرَ التَّفْكِيْرُ الدِّيْنِيُّ فِيالْقُرْآنِوَالْحَدِيثِ» :** قۇرئان ۋە ھەدىستە دىنىي ئىدىيە مۇئەييەن ۋە روشەن شەكىلگە كىرگەن.

**تَبْلِيطْ:** تاش ياتقۇزۇش.

**تَبْلِيغْ ج تَبْلِيغَاتْ:** ئۇقتۇرماق، يەتكۈزمەك؛ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش، ئېلان، مۇراجىئەت ، ئۇقتۇرۇش.

**«وَصَلَهُ كِتَابُ التَّبْلِيْغِ الَّذِى يُعْلِمُهُ بِمَوْعِدِ الْمُحَاكَمَةِ» :** سوت ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقتۇرۇش خېتى ئۇنىڭغا تەگدى.

**تَبَنَ يَتْبِنُ تَبْنًا الْمَاشِيَةَ:** چارۋىغا ھەلەپ ئېتىپ بەردى.

**تِبْنُ:** سامان، يەم ــ خەشەك، ئوت ــچۆپ.

**تَبَنَّجَ يَتَبَنَّجُ تَبَنُّجًا:** ھوشىنى يوقاتتى، ھوشسىزلاندى.

**تَبَنَّى يَتَبَنَّى تَبَنِّيًا:** بېقىۋالدى.

**«تَبَنَّى الْفِكْرَةَ أَوْ نَحْوَهَا» :** بىرەر خىل ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلدى.

**«مِنَ الضَّرُورِيِّ أَنْ تَتَبَنَّى الْحُكُومَةُ الْعَرَبِيَّةُ سِيَاسَةً مُوَحَّدَةً لِاسْتِرْدَادِ حُقُوقِ الْعَرَبِ فِي فِلَسْطِيْنَ» :** پەلەستىندىكى ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەرەب ھۆكۈمەتلىرى بىرلىككە كەلگەن سىياسەت يۈرگۈزۈشى لازىم.

**تَبَنَّى الْجِسْمُ:** بەدەن سەمرىدى.

**تَبَنَّى اِقْتِرَاحًا:** تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، قوشۇلدى.

**تَبَنَّى قَرَارًا:** قارار ماقۇللىدى.

**تَبَنَّى الطِّفْلَ:** بوۋاقنى بېقىۋالدى.

**تَبَهْرَجَ يَتَبَهْرَجُ تَبَهْرَجَةً الْمَكَانُ:** جاي ياسىداق بولدى، زىننەتلەندى.

**تَبَهْرَجَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ياساندى.

**تَبَهَّلَ يَتَبَهَّلُ تَبَهُّلاً:** لەنەت ئوقۇشتى.

**تَبَوَّأَ يَتَبَوَّأُ تَبَوُّءًا الْمَكَانَ:** جايغا ئورۇنلاشتى، چۈشتى.

**تَبَوَّأَالْعَرْشَ:** تەختكە چىقتى، تەختكە ئولتۇردى.

**تَبَوَّأَ الْحُكْمَ:** ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى، ھاكىمىيەتنى تەسەررۇپ.

**«وَكَذَلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي الْأَرْضِ يَتَبَوَّأُ مِنْهَا**

حَيْثُ يَشَاءُ» ‹قرآن›: بىز يۇسۇپنى (مىسىر زېمىنىدا) خالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە) تەسەررۇپ قىلىدىغان قىلىپ يەرلەشتۇردۇق.

«تَبَوَّأَ مَنْصِبًا مُهِمًّا فِي وِزَارَةِ التَّرْبِيَةِ»: ئۇ مائارىپ مىنىستىرلىكىدە مۇھىم مەنسەپنى ئىگىلىدى.

«وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ...» ‹قرآن›: ئۇلاردىن مەدىنىدە يەرلىك بولغانلار ۋە ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار...

**تَبَوَّأَ مَكَانَةً:** نوپۇزنى ئىگىلىدى.

**تَبَوَّبَ يَتَبَوَّبُ تَبَوُّبًا الرَّجُلُ:** دەرۋازىۋەنلىك قىلدى، ئىشىك باقار بولدى.

**تَبَوَّغَ يَتَبَوَّغُ تَبَوُّغًا الدَّمُ:** ئوغىسى قايىنىدى، ئاچچىقى كەلدى، تەرىكتى.

**تَبَوَّلَ يَتَبَوَّلُ تَبَوُّلاً:** سىيدى، كىچىك تاھارەت قىلدى.

**تَبَوُّلٌ:** سىيمەك، كىچىك تەرەت قىلماق.

**تَبَوُّلٌ دَمَوِيٌّ:** قان سىيىش، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلى.

**عَدَمُ التَّبَوُّلِ:** سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سىيەلمەسلىك.

**تَبَوُّلٌ لَا إِرَادِيٌّ:** سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسىلى.

**تَبْوِيبٌ:** بابلارغا ئايرىماق.

«بَوَّبَ الْكِتَابَ تَبْوِيبًا حَسَنًا»: كىتاب بابلارغا ياخشى ئايرىلغان.

**تِبْيَانٌ:** ئېنىق، ئاشكارا، چۈشىنىشلىك.

«وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ» ‹قرآن›: ساڭا بىز كىتابنى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق.

**تَبِيعٌ ج تِبَاعٌ و تَبَائِعُ:** شاگىرت؛ تەرەپدار، ھىمايە قىلغۇچى.

**تَبَيَّضَ يَتَبَيَّضُ تَبَيُّضًا:** ئاقلاندى؛ قەلەي يالاتتى.

**تَبْيِيضٌ:** ئاقارتماق.

**تَبْيِيضُ الْجُدْرَانِ:** تام ئاقارتماق.

**تَبَيَّنَ يَتَبَيَّنُ تَبَيُّنًا الْأَمْرُ:** ئايدىڭلاشتى، روشەنلەشتى.

«قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ» ‹قرآن›: ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى.

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا» ‹قرآن›: ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار!

**تَتَابَعَ يَتَتَابَعُ تَتَابُعًا:** ئارقىمۇ ئارقا كەلدى، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلدى، كەينى - كەينىدىن كەلدى، ئۈزۈلدۈرمەي كەلدى.

**تَتَابَعَتِ الْأَخْبَارُ:** ئارقىمۇ ئارقا خەۋەرلەر كېلىپ تۇردى.

«تَتَابَعَ سُقُوطُ الْمَطَرِ»: يامغۇر توختىماي ياغدى.

**تَتَابُعٌ:** ئارقىمۇ ئارقا، ئۇلاپلا، كەينى - كەينىدىن.

**عَلَى التَّتَابُعِ:** ئارقىمۇ ئارقا، كەينى - كەينىدىن.

**بِالتَّتَابُعِ:** ئارقىمۇ ئارقا، كەينى - كەينىدىن.

**تَتَابُعِيٌّ:** ئۇدا.

**تَتَالَتْ يَتَتَالَى تَتَالِيًا الْأُمُورُ:** ئۈزۈلمىدى كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇردى، داۋاملاشتى.

«تَتَالَتِ الْحُرُوبُ وَ الْهَزَّاتُ السِّيَاسِيَّةُ فِي الشَّرْقِ الْأَوْسَطِ مُنْذُ أَنْ أُقِيمَتْ إِسْرَائِيلُ»: ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئوتتۇرا شەرقتە ئۇرۇشلار ۋە سىياسىي داۋالغۇشلار ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى.

**بِالتَّتَالِي:** ئارقا - ئارقىدىن، ئۈزۈلمەي، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ.

**تَتَبَّعَ يَتَتَبَّعُ تَتَبُّعًا الْأَمْرَ:** ئۈزلۈكسىز ئىزدىدى، تەكشۈردى.

**تَتَبَّعَ الْهَارِبَ:** قاچقۇننى قوغلىدى.

«كَانَتِ السُّلْطَاتُ تَتَتَبَّعُ مُعَارِضِيهَا حَيْ يُقِيمُونَ»: ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلە ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى قەيەردە بولسىمۇ ئ قوغلاپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

**تَتَبَّعَ خُطَاهُ:** ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئۇن ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

«قَدْ يَكُونُ مِنَ الصَّعْبِ أَنْ نَتَتَبَّعَ أَحْوَالَ الْمـ تَتَبُّعًا مُثْمِرًا فِي مُخْتَلِفِ أَنْحَاءِ الْعَالَمِ

uyghurkitap.com



دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىگىلەشنىڭ ئۆزى قىيىن مەسىلە بولۇشى مۇمكىن.

**تَتَبَّعَ:** ئىزدىمەك، تەكشۈرمەك.

**«اَلتَّارِيخُ هُوَ تَتَبُّعُ الْحَيَاةِ الْبَشَرِيَّةِ فِي تَطَوُّرِهَا إِلَى حَالَتِهَا الْحَاضِرَةِ» :** تارىخ دېگەن ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ھازىرغا قەدەر بولغان تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت.

**تَتَرْتَرَ يَتَتَرْتَرُ تَتَرْتُرًا:** ئىككىلەندى ، ئارسالدى بولدى.

**تَتَرَّبَ يَتَتَرَّبُ تَتَرُّبًا:** توپىغا ئايلاندى؛ توپا يۇقتى.

**تَتَرَّبَ الشَّخْصُ:** توپىغا مىلەندى.

**تَتَرَّحَ يَتَتَرَّحُ تَتَرُّحًا:** غەم - قايغۇدا قالدى.

**تَتَرَّسَ يَتَتَرَّسُ تَتَرُّسًا:** قالقان بىلەن قوغداندى.

**تَتَرَّسَ الشَّخْصُ:** قالقان ۋە دۇبۇلغا بىلەن قوغداندى.

**تَتَرَّسَ الْمُحَارِبُ:** جەڭچى ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ئىستىھكام ئارقىسىدا قوغداندى.

**تَتَرَّفَ يَتَتَرَّفُ تَتَرُّفًا الْمَرْءُ:** ھۇزۇرلاندى، باياشات ياشىدى، راھەت - پاراغەتتە ياشىدى.

**تَتْرَى:** ئارقىمۇ ئارقا، كەينى - كەينىدىن، ئۈلىنىپ، ئۈزۈلدۈرمەي.

**«ثُمَّ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا تَتْرَى» «قرآن» :** ئاندىن بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇ ئارقا ئەۋەتتۇق.

**تُتْفُلٌ:** تۈلكە؛ قورۇق ئوت - چۆپ.

**تَتَلْمَذَ يَتَتَلْمَذُ تَتَلْمُذًا:** شاگىرت بولدى.

**تَتَلْمَذَ لَهُ أَوْ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىردى.

**«تَتَلْمَذَ عَلَيْهِ عَدَدٌ كَبِيرٌ مِنَ الْأُدَبَاءِ وَالْكُتَّابِ» :** ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەدىبلەر ۋە يازغۇچىلار شاگىرت بولدى.

**تَتِمَّةٌ:** تولۇقلىماق، تولدۇرماق.

**«هٰذِهِ الدَّرَاهِمُ تَتِمَّةُ الْمِائَةِ» :** بۇ يۈزىنچى دىرھەمدۇر.

**تَتْمِيمٌ:** ئاخىرلاشتۇرماق، تۈگەتمەك.

**تَتَوَّجَ يَتَتَوَّجُ تَتَوُّجًا:** تاج كىيدى.

**تَتَوَّقَ يَتَتَوَّقُ تَتَوُّقًا:** تەلپۈندى.

**«يَتَتَوَّقُ الْمُغْتَرِبُ إِلَى وَطَنِهِ» :** مۇساپىر ئادەم ئۆز يۇرتىغا تەلپۈنىدۇ.

**تَثَاءَبَ يَتَثَاءَبُ تَثَاؤُبًا الرَّجُلُ:** ئەسنىدى، ئەسنەك تۇتتى.

**تَثَاقَبَ الْأَخْبَارَ:** رازۋېدكىچىلىق قىلدى، چارلىدى، تەكشۈردى.

**تَثَاؤُبٌ. تَثَاءَبَةٌ:** ئەسنەك.

**«كَانَتِ الْمُحَاضَرَةُ مُمِلَّةً تَبْعَثُ عَلَى التَّثَاؤُبِ» :** لېكسىيە زېرىكەرلىك بولۇپ، كىشىنى ئەسنىتەتتى.

**تَثَاقَلَ يَتَثَاقَلُ تَثَاقُلاً الشَّخْصُ:** ئېغىر - بېسىق بولۇۋالدى، تەمكىن بولۇۋالدى.

**تَثَاقَلَ عَلَى الشَّيْءِ:** ئارتىلىۋالدى، يۆلىنىۋالدى.

**تَثَاقَلَ عَنْ صَدِيقِهِ:** دوستىغا ياردەم بېرىشنى ئارقىغا تارتتى، دوستىغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتتى، دوستىغا ياردەم بېرىشتە سۆرەلمىلىك قىلدى.

**«يَتَثَاقَلُ بَعْضُ الْمُوَظَّفِينَ عَنْ إِنْجَازِ أَعْمَالِهِمْ فِي مَوَاعِيدِهَا» :** بەزى خىزمەتچىلەر خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتا سۆرەلمىلىك قىلدى.

**تَثَبُّتٌ:** قەتئىي ئىشەنمەك، چىن پۈتمەك.

**عَنْ تَثَبُّتٍ:** قەتئىي ئىشەنچ بىلەن.

**«يَحْرِصُ الْمُسْلِمُونَ عَلَى التَّثَبُّتِ مِنْ رُؤْيَةِ الْهِلَالِ قَبْلَ الْبَدْءِ فِي الصَّوْمِ» :** مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇشتىن بۇرۇن ئاي كۆرۈشنى ئېنىقلىۋېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

**تَثْرِيبٌ:** مالامەت، كايىش، ئەيىبلەش.

**«لَا تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ» «قرآن» :** بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر.

**تَثَقَّبَ يَتَثَقَّبُ تَثَقُّبًا الشَّيْءُ:** يىرتىلدى، تېشىلدى.

**تَثَقَّفَ يَتَثَقَّفُ تَثَقُّفًا الطَّالِبُ:** ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى.

**«تَثَقَّفَ ثَقَافَةً إِسْلَامِيَّةً وَ ثَقَافَةً غَرْبِيَّةً» :** ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەندى.

**تَثَقَّفَ عَلَى يَدِ أُسْتَاذِهِ:** ئۇستازىدىن ئىلىم ئالدى.

**تَثْقِيفٌ:** تەربىيىلىمەك.

**تَثْقِيفٌ ذَاتِيٌّ:** ئۆزىنى تەربىيىلەش.

**تَثَلَّمَ يَتَثَلَّمُ تَثَلُّمًا:** پۇچۇق بولدى، يېرىق بولدى.

**تَثْلِيثٌ:** ئۈچ ھەسسە قىلماق؛ (يەرنى) ئۈچ قېتىم ئاغدۇرماق؛ خىرىستىئانلارنىڭ ئەقىدىسىدە ئاتا-بالا ۋە روھۇلقۇددۇستىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىرگەۋدە بولۇش پرىنسىپى، ئۈچ بىرلىك قارىشى.

**تَثْلِيجٌ:** مۇزلاتماق، توڭلاتماق.

**تَثَمَّلَ يَتَثَمَّلُ تَثَمُّلاً مَا فِي الْإِنَاءِ:** قاچىدىكى نەرسىنى ئوتلاپ ئىچتى.

**تَثَنَّى يَتَثَنَّى تَثَنِّيًا الشَّجَرُ:** دەرەخ ئىرغاڭلىدى.

**تَثَنَّى الشَّخْصُ فِي مَشْيِهِ:** ئىرغاڭلاپ ماڭدى، غادايدى، گىدەيدى.

**«كَانَتِ الْفَتَاةُ تَتَثَنَّى فِي مَشْيِهَا دَلاَلاً»:** قىز نازلىنىپ ئىرغاڭلاپ ماڭاتتى.

**تَثَوَّبَ يَتَثَوَّبُ تَثَوُّبًا:** نەپلە ناماز ئوقىدى، ساۋاپ تاپتى.

**تَثَوَّلَ يَتَثَوَّلُ تَثَوُّلاً النَّاسُ:** كىشىلەر يىغىلدى.

**تَثَوَّلَ عَلَيْهِ الْقَوْمُ:** ھەممە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى.

**تَثْوِيبٌ:** نامازغا چاقىرىش.

**تَثْوِيرٌ:** قوزغاش.

**«لَمْ يَكُنْ مِنَ الْيَسِيرِ تَثْوِيرُ الْفَلاَّحِين بَعْدَ قُرُونٍ مِنَ الْحُكْمِ الْإِقْطَاعِيِّ»:** فېئودالىزىم ھۆكۈمرانلىقىدا ئەسىرلەر ياشىغان دېھقانلارنى قوزغاش ئانچە ئوڭاي ئەمەس.

**تَثَيَّبَ يَتَثَيَّبُ تَثَيُّبًا الْمَرْأَةُ:** ئايال چوكان بولدى.

**تَجَادَلَ يَتَجَادَلُ تَجَادُلاً:** مۇنازىرىلەشتى؛ دۈشمەنلەشتى، جېدەللەشتى.

**تَجَاذَبَ يَتَجَاذَبُ تَجَاذُبًا:** ئۆزئارا ئىنتىلدى، ئۆزئارا تۇتاشتى، ئۆزئارا بىرىكتى.

**تَجَاذَبَ الْقَوْمُ الشَّيْءَ:** تالىشىشتى.

**تَجَاذَبَ أَطْرَافَ الْحَدِيثِ:** بەس-بەس بىلەن سۆزلەپ كەتتى، ھەممە ئۆز ئالدىغا پاراڭ سالدى، پىكىر ئالماشتۇردى.

**«إِنَّ هَذَا الْجِيلَ الْجَدِيدَ لاَ يَقْوَى عَلَى مُقَاوَمَةِ الْأَفْكَارِ وَالْاِتِّجَاهَاتِ الَّتِي تَتَجَاذَبُهُ مِنْ كُلِّ مَكَانٍ»:** بۇ يېڭى ئەۋلاد ئۆزىنى تەرەپ-تەرەپتىن تالىشىۋاتقان ئىدىيە ۋە خاھىشلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كەلمەكتە.

**«يَسُرُّنِي أَنْ نَتَجَاذَبَ أَطْرَافَ الْحَدِيثِ»:** پاراڭلاشساق خۇش بولىمەن.

**تَجَاذُبٌ:** تالاشماق، تارتىشماق.

**تَجَاذُبٌ طَبِيعِيٌّ:** تەبىئىي ئارىلاشماق، تەبىئىي بىرىكمەك، تەبىئىي ئاشماق.

**تَجَاذُبٌ كِيمِيَاوِيٌّ:** خىمىيۋى بىرىكمە.

**تِجَارَةٌ:** تىجارەت قىلماق، سودا قىلماق.

**بَيْتُ التِّجَارَةِ:** ماگىزىن، سودا دۇكىنى.

**تِجَارَةٌ خَاسِرَةٌ:** زىيانلىق سودا.

**غُرْفَةُ التِّجَارَةِ:** سودىگەرلەر بىرلەشمىسى.

**تَجَارَى يَتَجَارَى تَجَارِيًا:** ماسلاشتى، مۇۋاپىقلاشتى، ئويغۇنلاشتى.

**تَجَارَى الْعَادَةَ:** ئادەتكە ئويغۇنلاشتى، ئادەتكە ماسلاشتى.

**تِجَارِيٌّ:** سودا خاراكتېرلىك، سودىغا مەنسۇپ، سودا ئىشلىرىغا مەنسۇپ.

**اِتِّفَاقٌ تِجَارِيٌّ:** سودا كېلىشىمى.

**اَلرَّأْسَمَالُ التِّجَارِيُّ:** سودا كاپىتالى.

**حَرَكَةٌ تِجَارِيَّةٌ:** سودا-سېتىق ئىشى.

**«اِزْدَهَرَتِ الْحَرَكَةُ التِّجَارِيَّةُ فِي الْبِلاَدِ بِفَضْلِ الْاِسْتِقْرَارِ وَ زِيَادَةِ الدَّخْلِ الْقَوْمِيِّ»:** مۇقىملىق ۋە مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىشى بىلەن مەملىكەتتە سودا-تىجارەت ھەرىكىتى گۈللەندى.

**غُرْفَةٌ تِجَارِيَّةٌ:** سودا ئىدارىسى، تىجارەتچىلەر جەمئىيىتى، تىجارەتچىلەر ئۇيۇشمىسى.

**شِرْكَةٌ تِجَارِيَّةٌ:** سودا شىركىتى.

**تَجَافَى يَتَجَافَى تَجَافِيًا عَنْ:** قارارلاشمىدى، يىراق بولدى.

www.uyghurkitap.com

«تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ» ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ.

تَجَالَدَ يَتَجَالَدُ تَجَالُدًا عَلَى: قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشى كۈرەش قىلدى، قارشىلاشتى.

تَجَالَسَ يَتَجَالَسُ تَجَالُسًا الْقَوْمُ: ئولتۇرۇشتى، يىغىن ئاچتى، مەجلىس ئاچتى.

تَجَانَسَ يَتَجَاهَلُ تَجَانُسًا الْأَمْرَانِ: ئىككىسىنىڭ تۈرى ئوخشاپ قالدى، ئوخشىشىپ كەتتى.

تُجَاهَ: ئالدى تەرەپ، ئالدى، ئۇدۇل، روبىرو، ئالدىدا، ھۇزۇرىدا.

«لَاتَكُنْ مُتَعَجْرِفًا تُجَاهَ النَّصْرِ»: غەلىبە ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ كەتمە.

قَعَدَ تُجَاهِي: مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇردى.

تَجَاهَلَ يَتَجَاهَلُ تَجَاهُلاً: بىلمەس بولۇۋالدى، كۆز يۇمۇۋالدى.

«كَيْفَ يُرِيدُونَ تَحْقِيقَ السَّلَامِ وَهُمْ يَتَجَاهَلُونَ حُقُوقَ الْفِلَسْطِينِيِّينَ الْمَشْرُوعَةَ»: ئۇلار پەلەستىنلىكلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا كۆز يۇمۇۋېلىۋاتسا، قانداقمۇ تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ.

تَجَاوَزَ يَتَجَاوَزُ تَجَاوُزًا عَنِ الشَّيْءِ: كۆز يۇمدى.

تَجَاوَزَ عَنِ الرَّجُلِ: ئەپۇ قىلدى، كەچۈردى.

«أُولَئِكَ الَّذِيْنَ نَتَقَبَّلُ عَنْهُمْ أَحْسَنَ مَاعَمِلُوا وَ نَتَجَاوَزُ عَنْ سَيِّئَاتِهِمْ» ‹قرآن›: ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز.

تَجَاوَزَ الْمَكَانَ: جايدىن ئۆتۈپ كەتتى.

تَجَاوَزَ الْمُدَّةَ الْمُحَدَّدَةَ: بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتتى.

تَجَاوَزْنَا التَّقْلِيْدَ إِلَى الْإِبْتِكَارِ: تەقلىد قىلىشتىن ئىجاد قىلىشقا ئۆتتۇق.

كُلُّ وَاحِدَةٍ مِنْ هَاتَيْنِ الْأُخْتَيْنِ قَدْ تَجَاوَزَتِ الثَّمَانِيْنَ عَامًا: بۇ ئىككى ھەمشىرىنىڭ ھەر بىرى 80 ياشتىن ھالقىغان.

تَجَحْفَلَ يَتَجَحْفَلُ تَجَحْفُلاً: يىغىلدى، توپلاندى.

تَجَدَّدَ يَتَجَدَّدُ تَجَدُّدًا: يېڭىلاندى.

«تَتَجَدَّدُ حَاجَاتُ الْإِنْسَانِ وَالْمُجْتَمَعِ وَفْقًا لِسُنَّةِ التَّطَوُّرِ»: تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

تَجْدِيْدٌ: يېڭىلىماق، ئىسلاھ قىلماق.

تَجْدِيدِيٌّ: يېڭىلىق، گۈللىنىش، جەدىدىزىملىق.

تَجْدِيْرٌ: پۈتۈنلەي يوقاتماق، تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتماق.

تَجْدِيفٌ ج تَجَادِيفُ: كۇپۇرلۇق قىلىش، ئاللاھقا تىل تەگكۈزۈش.

مَرْكَبٌ تَجْدِيْفٍ: قېيىق، قولۋاق.

تَجَذَّمَ يَتَجَذَّمُ تَجَذُّمًا: ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

تَجِرَ يَتْجَرُ تَجْرًا و تِجَارَةً الرَّجُلُ: سودا قىلدى، تىجارەت قىلدى.

تَجْرِبَةٌ ج تَجَارِبُ: سىناق، تەجرىبە، سىناپ كۆرۈش.

تَحْتَ التَّجْرِبَةِ: سىناق ئاستىدا، سىناقتا.

اَلتَّجَارِبُ النَّوَوِيَّةُ الذَّرِّيَّةُ: ئاتوم يادرو سىنىقى.

تَجَرْثَمَ يَتَجَرْثَمُ تَجَرْثُمًا: يىغىلىۋالدى، تۈگۈلىۋالدى، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

تَجَرَّحَ يَتَجَرَّحُ تَجَرُّحًا: ئېغىر يارىلاندى.

تَجَرَّدَ يَتَجَرَّدُ تَجَرُّدًا لَهُ: پۈتۈنلەي بېرىلدى، پۈتۈن زېھنىنى قويدى.

«تَجَرَّدَ عَنِ اللَّذَّاتِ الدُّنْيَوِيَّةِ»: دۇنيانىڭ نازۇ نېمەتلىرىدىن ۋاز كەچتى.

تَجَرَّدَ مِنْ مَالِهِ: پۈتۈن مېلىدىن ۋاز كەچتى، پۈتۈن مېلىنى سەدىقە قىلدى.

تَجَرَّعَ يَتَجَرَّعُ تَجَرُّعًا الْمَاءَ: سۇنى ئوتلاپ - ئوتلاپ ئىچتى.

«يَتَجَرَّعُهُ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُ» ‹قرآن›: ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ.

تَجَرَّعَ غُصَصَ الْغَيْظِ: ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى.

تَجَرَّمَ يَتَجَرَّمُ تَجَرُّمًا عَلَيْهِ: قىلمىغان جىنايەت

بىلەن قارلىدى.

**تَجْرِيبٌ:** تەجرىبە، سىناق.

**اَلتَّجْرِيبِيَّةُ:** تەجرىبىچىلىك.

**تَجْزِأَةٌ:** تەقسىم قىلماق، بۆلمەك.

**بَيْعٌ بِالتَّجْزِأَةِ:** پارچە سودا، پارچە سېتىش.

**تَاجِرُ التَّجْزِأَةِ:** پارچە سېتىش سودىگىرى.

**تَجَزَّأَ يَتَجَزَّأُ تَجَزُّأً الشَّيْءُ:** بۆلۈندى، تەقسىم قىلىندى.

**«فِلَسْطِينُ جُزْءٌ لَايَتَجَزَّأُ مِنَ الْوَطَنِ الْعَرَبِيِّ» :** پەلەستىن ئەرەب يۇرتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

**تَجَزَّءَ الْقَوْمُ الشَّيْءَ:** تەقسىم قىلىشۋالدى، بۆلۈشۋالدى.

**«تَصَرَّفَ النَّاسُ اِلَى غَنِيْمَةٍ فَتَجَزَّؤُوهَا» :** كىشىلەر غەنىيمەتكە تارالدى ـ دە، ئۇنى بۆلىشىۋالدى.

**تَجَسَّدَ يَتَجَسَّدُ تَجَسُّدًا:** گەۋدىلەندى.

**تَجَسَّسَ يَتَجَسَّسُ تَجَسُّسًا:** ئاخبارات ئىگىلىدى، رازۋېدكا قىلدى.

**«وَلَاتَجَسَّسُواوَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا» ‹قرآن› :** (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار.

**«كَانَ يَنْطَلِقُ إِلَى الْمَدِيْنَةِ يَتَجَسَّسُ الْأَخْبَارَ» :** ئۇ شەھەرگە بېرىپ تىڭ ـ تىڭلايتتى ۋە ئاخباراتلارنى ئوغرىلىقچە يەتكۈزەتتى.

**تَجَسَّمَ يَتَجَسَّمُ تَجَسُّمًا:** گەۋدىلەندى، چوڭ كۆرۈندى.

**«تَذَكَّرَ وَالِدَهُ وَقَدْ تَجَسَّمَتْ أَمَامَهُ صُورَتُهُ وَهُوَ يَعْمَلُ فِي الْحَقْلِ» :** ئۇ دادىسىنى ئەسلىدى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سۈرىتى ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا گەۋدىلەندى.

**تَجَسُّسِيٌّ:** ئىشپىيونلۇق، جاسۇسلۇققا تەۋە، ئاخباراتچىلىق.

**«أَثَارَالْحَادِثُ التَّجَسُّسِيُّ الْأَخِيْرُ ضَجَّةً كَبِيْرَةً» :** كېيىنكى جاسۇسلۇق ۋەقەسى زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

**تَجَشَّأَ يَتَجَشَّأُ تَجَشُّأً:** ھىق تۇتتى، كېكەردى.

**«مَلَأَ بَطْنَهُ بِمَا لَذَّ وَطَابَ ثُمَّ خَرَجَ يَتَجَشَّأُ نَشْوَانَ»** قورسىقىنى لەززەتلىك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇردى، ئاندىن كېكىرىپ خۇش كەيىپ ھالدا چىقتى.

**تَجَشَّعَ يَتَجَشَّعُ تَجَشُّعًا عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا قاتتىق بېرىلدى، ھېرىسمەن بولدى.

**تَجَشَّمَ يَتَجَشَّمُ تَجَشُّمًا:** جاپا چەكتى، مۇشەققەت تارتتى.

**«تَجَشَّمَ عَنَاءَ السَّفَرِ لِزِيَارَةِ ابْنِهِ» :** ئوغلىنى يوقلاش ئۈچۈن سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى تارتتى.

**تَجَعَّدَ يَتَجَعَّدُ تَجَعُّدًا الْوَجْهُ:** يۈز قورۇلۇپ كەتتى.

**تَجَعَّدَ الشَّعْرُ:** چاچ بۇدرە بولدى.

**تَجَعُّدٌ ج تَجَعُّدَاتٌ:** يۈزگە چۈشكەن قورۇقلار.

**«خَالَ أَنَّ وَجْهَ أُمِّهِ يَشِيخُ لَحْظَةً بَعْدَ لَحْظَةٍ وَأَنَّ تَجَعُّدَاتِهِ تَتَضَاعَفُ...» :** ئۇ ئانىسىنىڭ بارغانسىرى ياشىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلدى.

**تَجْعِيدٌ ج تَجَاعِيدُ:** قورۇق، پۈرۈك، قاتلاق.

**تِجْفَافٌ ج تَجَافِيْفُ:** ساۋۇت، پولات قالپاق.

**تَجِلَّةٌ:** ھۆرمەتلىمەك، ئۇلۇغلىماق، ئىززەتلىمەك.

**«فَعَلْتُ هَذَا مِنْ تَجِلَّتِكَ» :** مەن بۇنى سىنىڭ ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن قىلدىم.

**تَجَلَّدَ يَتَجَلَّدُ تَجَلُّدًا:** باش ئەگمىدى، قەتئىي بويسۇنمىدى، ساباتلىق بولدى.

**«لَوْلَا إِيمَانُهُ لَمَا اسْتَطَاعَ أَنْ يَتَجَلَّدَ عَلَى فَقْدِ ابْنِهِ الْوَحِيْدِ بِمِثْلِ هَذَا الْهُدُوءِ وَرِبَاطَةِ الْجَأْشِ» :** ئەگەر ئۇنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا بۇنداق ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە ساباتلىق بىلەن چىدىمىغان بولاتتى.

**تَجَلَّطَ يَتَجَلَّطُ تَجَلُّطًا الدَّمُ:** قان ئۇيۇپ قالدى.

**تَجَلَّلَ يَتَجَلَّلُ تَجَلُّلاً:** ئۇلۇغلىندى، ئورالدى، كىيدى.

www.uyghurkitap.com

«تَجَلَّلَتْ بِالسَّوَادِ حُزْنًا عَلَى فَقْدِ زَوْجِهَا» : ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ قارىلىق تۇتتى.

**تَجَلَّى يَتَجَلَّى تَجَلِّيًا:** يورۇدى، روشەن بولدى، نامايەن بولدى، ئايدىڭلاشتى.

«وَالنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّى» «قۇرئان» : يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى.

**تَجَلَّى الْأَمْرُ:** ئىش ئايدىڭلاشتى.

«تَتَجَلَّى الْمُسَاوَاةُ بِأَجْلَى صُوَرِهَا أَيَّامَ الْحَجِّ» : ھەج قىلىش كۈنلىرىدە باراۋەرلىك ئەڭ روشەن شەكىلدە نامايەن بولىدۇ.

«إِذَانْبَطَرْتَ إِلَى الْمُسْتَقْبَلِ فَسَتَرَى مَشْهَدًا مُشْرِقًا يَتَجَلَّى لِلْعَيَانِ» : كېلەچەككە قارىساڭ، پارلاق ئىستىقبال ئالدىڭدا نامايەن بولىدۇ.

**تَجَمَّدَ يَتَجَمَّدُ تَجَمُّدًا:** توڭلىدى، قاتتى، ئۇيۇدى.

**تَجَمَّدَ الرَّجُلُ فِى مَكَانِهِ:** ئورنىدا قېتىپ قالدى.

**تَجَمَّدَ الدَّمُ فِى عُرُوقِهِ:** قورقۇپ تىترەپ كەتتى، قورقۇپ چۆچۈپ كەتتى.

«تَجَمَّدَ مَاءُ النَّهْرِ» : دەريا سۈيى مۇز تۇتتى.

«تَجَمَّدَتْ قَطَرَاتُ الْمَاءِ بِسُرْعَةٍ» : سۇ تامچىلىرى تېزدىن توڭلاپ قالدى.

**تَجَمَّرَ يَتَجَمَّرُ تَجَمُّرًا الْقَوْمُ:** توپلاندى، يىغىلدى.

**تَجَمَّعَ يَتَجَمَّعُ تَجَمُّعًا:** يىغىلدى، توپلاندى.

«تَجَمَّعَ الْمُتَظَاهِرُونَ أَمَامَ مَبْنَى السَّفَارَةِ» : نامايىشچىلار كونسۇلخانا ئالدىغا توپلاشتى.

«سَأَزُورُكَ حَيْثُ تَتَجَمَّعُ أُسْرَتُكَ» : مەن سېنى سېنىڭ ئائىلەڭ جەم بولغان جايدا يوقلايمەن.

**تَجَمُّعٌ ج تَجَمُّعَاتٌ:** توپلاشماق، بىرلەشمەك.

«اِنْتَشَرَتِ الْمَدَارِسُ الْقُرْآنِيَّةُ وَسَطَ التَّجَمُّعَاتِ الْإِسْلَامِيَّةِ فِي إِفْرِيقِيَا» : ئافرىقىدا مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا قارىخانىلار بىرقەدەر ئومۇملاشقان.

**تَجَمَّلَ يَتَجَمَّلُ تَجَمُّلًا:** بېزەلدى، زىننەتلەندى، چىرايلىق بولدى.

**تَجَمْهَرَ يَتَجَمْهَرُ تَجَمْهُرًا الْقَوْمُ:** قەۋم يىغىلدى، قەۋم توپلاندى.

«تَجَمْهَرَ الْآلَافُ مِنَ الْمُوَاطِنِيْنَ إِحْتِجَاجًا عَلَى رَفْعِ الْأَسْعَارِ» : مىڭلىغان ۋەتەنداشلار باھانىڭ ئۆرلەپ كەتكىنىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن توپلاندى.

**تَجْمِيدٌ:** توڭلاتماق.

**تَجْمِيدُ الْأَسْعَارِ:** باھانى مۇقىملاشتۇرۇش، باھانىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

**تَجْمِيشٌ:** غىدىقلىماق.

**تَجْمِيلٌ:** گۈزەللەشتۈرمەك، چىرايلىق قىلماق، پەرداز قىلماق، بېزىمەك.

«تَقُومُ بَعْضُ الْمُدُنِ بِحَمَلَاتٍ تَجْمِيلِيَّةٍ لِإِظْهَارِ الْمَدِينَةِ بِأَحْسَنِ وَجْهٍ مُمْكِنٍ» : بەزى شەھەرلەردە مۇمكىنقەدەر شەھەرنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن گۈزەللەشتۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلماقتا.

**مُسْتَحْضَرَاتُ التَّجْمِيلِ:** گىرىم بۇيۇملىرى، پەرداز بۇيۇملىرى.

**تَجَنَّبَ يَتَجَنَّبُ تَجَنُّبًا:** ساقلاندى، يىراق بولدى.

«كُلُّ حَضَارَةٍ تَأْتِي تَأْخُذُ مَزَايَا مَا قَبْلَهَا وَ تَتَجَنَّبُ عُيُوبَهَا» : ھەر بىر مەدەنىيەت ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىدىن ساقلىنىدۇ.

**تَجَنَّدَ يَتَجَنَّدُ تَجَنُّدًا:** سەپەرۋەر بولدى، تەييارلاندى، تەييارلىق قىلدى؛ ئەسكەر بولدى

«تَجَنَّدَ مُتَعَلِّمُو الْقَرْيَةِ لِمَحْوِ الْأُمِّيَّةِ بَيْنَ أَبْنَاءِ قَرْيَتِهِمْ» : يېزا ئاھالىسى ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن يېزا ئوقۇغۇچىلىرى سەپەرۋەر بولدى.

**تَجَنَّدَ لِلْأَمْرِ:** تەييارلاندى، تەييارلىق قىلدى.

**تَجَنَّدَ الشَّابُّ:** يىگىت ھەربىيگە كىردى، ئەسكەر بولدى، ھەربىيلىككە قاتناشتى.

**تَجَنَّسَ يَتَجَنَّسُ تَجَنُّسًا فُلَانٌ:** دۆلەت تەۋەلىكىگە ئېرىشتى، تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

**تَجَنُّسٌ:** تەۋەلىكىگە ئۆتۈش.

«اَلْهِجْرَةُ مِنْ بَلَدٍ إِلَى بَلَدٍ وَالتَّجَنُّسُ بِجِنْسِيَّتِهِ

أَصْبَحَتْ ظَاهِرَةً مَأْلُوفَةً فِى هَذَا الْعَصْرِ» : بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە كۆچۈپ بېرىپ ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈش بۇ ئەسىردە ھەممىگە تونۇش ھادىسىگە ئايلاندى.

**تَجَنَّى يَتَجَنَّى تَجَنِّيًا:** جىنايەت ئۆتكۈزدى ، يامانلىق قىلدى ، يولسىزلىق قىلدى.

**«يَتَجَنَّى الْمُغْرِضُ عَلَى النَّاسِ بِاتِّهَامَاتِهِ الْبَاطِلَةِ» :** يامان غەرەزلىك ئادەم كىشىلەرگە يامانلىق قىلىپ بىكارلا تۆھمەت چاپلايدۇ.

**تَجْنِيدٌ:** ئەسكەرلىككە ئېلىش.

**تَجْنِيدُ الْجَمَاهِيرِ:** ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئاممىنى قوزغاش.

**تَجْنِيدٌ إِجْبَارِيٌّ:** مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش.

**إِدَارَةُ التَّجْنِيدِ:** ئەسكەر ئېلىش ئىدارىسى.

**تَجَهَّمَ يَتَجَهَّمُ تَجَهُّمًا:** قاپىقىنى تۈرۈۋالدى.

**«هُنَالِكَ سَاعَاتٌ تَتَجَهَّمُ لَهُ فِيهَا الْحَيَاةُ وَتَقْسُو عَلَيْهِ» :** ئۇنىڭغا ھايات قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالىدىغان ۋە قوپاللىق قىلىدىغان چاغلارمۇ بار.

**تَجْوَابٌ:** كىرىش؛ ئايلىنىش.

**تَجْوَالٌ:** سەيلە قىلماق، جەۋلان قىلماق.

**تَجَوَّزَ يَتَجَوَّزُ تَجَوُّزًا فِي الصَّلاَةِ:** نامازنى يەڭگىل ئوقۇدى.

**تَجَوَّزَ عَنِ الرَّجُلِ:** كەچۈردى، ئەپۇ قىلدى.

**تَجَوَّفَ يَتَجَوَّفُ تَجَوُّفًا:** بوش قالدى، كاۋاك قالدى.

**تَجَوَّلَ يَتَجَوَّلُ تَجَوُّلاً:** بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەلدى، ئايلاندى، كەزدى.

**تَجَوُّلٌ:** سەيلە قىلماق، ئايلانماق

**حَصْرُ التَّجَوُّلِ. مَنْعُ التَّجَوُّلِ:** يۇرۇشنى مەنئى قىلىش.

**تَجْوِيفٌ ج تَجَاوِيفُ:** كولاش، قېزىش، ئىچكى بوشلۇق.

**تَجْوِيفُ الْقَلْبِ:** كۆكرەك بوشلۇقى.

**تَحَابَّ يَتَحَابُّ تَحَابًّاالْقَوْمُ:** كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ياخشى كۆرۈشتى، دوستلاشتى.

**تَحَاتَّ يَتَحَاتُّ تَحَاتًّا الشَّعْرُ:** چاچ چۈشۈپ كەتتى، تۆكۈلۈپ كەتتى، تۇزۇپ كەتتى.

**تَحَاتَّ الشَّيْءُ:** چېچىلىپ كەتتى.

**تَحَاتَّتِ الْأَسْنَانُ:** چىشلار چۈشۈپ كەتتى.

**تَحَاجَّ يَتَحَاجُّ تَحَاجًّا الْقَوْمُ:** جېدەللەشتى، مۇنازىرىلەشتى.

**«وَإِذْيَتَحَاجُّونَ فِي النَّارِفَيَقُولُ الضُّعَفَاءُ لِلَّذِيْنَ اسْتَكْبَرُوا إِنَّا كُنَّالَكُمْ تَبَعًا» «قرآن» :** ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ. ئاجىز (ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەنىدۇق. . .» دەيدۇ.

**تَحَاجَى يَتَحَاجَى تَحَاجِيًا الْقَوْمُ:** تېپىشتى ، ئېيتىشتى.

**تَحَادَبَ يَتَحَادَبُ تَحَادُبًا:** دوك بولۇپ قالدى.

**تَحَادَثَ يَتَحَادَثُ تَحَادُثًا الْقَوْمُ:** پاراڭلاشتى، ئۆزئارا سۆزلەشتى.

**تَمَادَلَ يَتَمَادَلُ تَمَادُلاً:** ئېگىلدى.

**تَحَاذَى يَتَحَاذَى تَحَاذِيًا:** بىر -بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا بولدى، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇردى.

**تَحَارَبَ يَتَحَارَبُ تَحَارُبًا:** جەڭ قىلدى، ئۇرۇش قىلدى.

**تَحَارَضَ يَتَحَارَضُ تَحَارُضًا عَلَى الْعَمَلِ:** ئۆزئارا ئىلھام بېرىشتى.

**تَحَارِيقُ:** قۇرغاقچىلىق، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى.

**تَحَاسَدَ يَتَحَاسَدُ تَحَاسُدًا:** ئۆز ئارا ھەسەت قىلىشتى، بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشتى.

**«لاَ تَحَاسَدُوا وَلاَ تَبَاغَضُوا وَلاَتَدَابَرُوا وَكُونُوا عِبَادَاللّٰهِ إِخْوَانًا» «حديث» :** ئۆز ئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، ئۆز ئارا ئاغرىق - ئاداۋەتتە بولماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.

**تَحَاشَدَ يَتَحَاشَدُ تَحَاشُدًا:** توپلاندى، يىغىلدى، جەم بولدى.

**تَحَاشَى يَتَحَاشَى تَحَاشِيًا:** ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**تَحَاشَى عَنْ كَذَا:** قاچتى، نېرى تۇردى، ساقلاندى.

**«غَادَرْتُ الْمَكَانَ لِكَيْ أَتَحَاشَى الْجِدَالَ مَعَهُ» :**

uyghurkitap.com



ئۇنىڭ بىلەن جىھەتلىشىشتىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ ئورنۇمدىن ئايرىلدىم.

**تَحَاقَدَ يَتَحَاقَدُ تَحَاقُدًا الْقَوْمُ:** ئۆچەكەشتى، دۈشمەنلەشتى.

**«عَجَبِي لِقَوْمٍ يَتَحَاقَدُونَ وَهُمْ هَدَفٌ لِحَقْدِ الْأَعْدَاءِ»** : دۈشمەنلەرنىڭ دۈشمەنلىك نىشانى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان قەۋمدىن ھەيرانمەن.

**تَحَاكَّ يَتَحَاكُّ تَحَاكًّا:** مۇسابىقىلەشتى؛ سۆركۈلۈشتى.

**تَحَاكَمَ يَتَحَاكَمُ تَحَاكُمًا الطَّرَفَانِ:** دەۋالاشتى، ئەرز قىلدى.

**«يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ»** ‹قرآن›: ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان.

**تَحَالَفَ يَتَحَالَفُ تَحَالُفًا الْقَوْمُ:** ئىتتىپاق تۈزدى، ئىتتىپاق تۈزۈشتى.

**تَحَالُفٌ:** ئىتتىپاق تۈزمەك ، كېلىشىم تۈزمەك، بىرلىك، ئۇيۇشما، بىرلەشمە.

**اَلتَّحَالُفُ الْوَطِيدُ:** مۇستەھكەم ئىتتىپاق.

**تَحَامَقَ يَتَحَامَقُ تَحَامُقًا:** ئەخمەق بولۇۋالدى.

**تَحَامَلَ يَتَحَامَلُ تَحَامُلًا عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدى، ئادىل بولمىدى، ھەققانىي بولمىدى.

**تَحَامَلَ عَلَى نَفْسِهِ:** ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى.

**تَحَامَلَ عَلَى فُلَانٍ:** ھۇجۇم قىلدى، زىيانكەشلىك قىلدى.

**«تَحَامَلَ عَلَيْهِ فِي الْأَمْرِ»** : ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا زورلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتتى.

**تَحَامَى يَتَحَامَى تَحَامِيًا الشَّيْءَ:** ... دىن ساقلاندى.

**تَحَاوَرَ يَتَحَاوَرُ تَحَاوُرًا الْقَوْمُ:** پاراڭلاشتى.

**تَحَاوُرٌ:** مۇنازىرىلەشمەك.

**«وَاللّٰهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا»** ‹قرآن›: ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

**تَحَايَدَ يَتَحَايَدُ تَحَايُدًا:** بىتەرەپ تۇردى، بىتەرەپلىكنى ساقلىدى.

**تَحَايَلَ يَتَحَايَلُ تَحَايُلًا عَلَى الرَّجُلِ:** ھۈنەر ئىشلەتتى، ئۇستىلىق ئىشلەتتى، ھىيلىگەرلىك قىلدى.

**تَحَايُلٌ:** ھىيلە ئىشلەتمەك، ئالدامچىلىق قىلماق.

**تَحَايَصَ يَتَحَايَصُ تَحَايُصًا عَنْ كَذَا:** ئۆزىنى چەتكە ئالدى، نېرى تۇردى، قېچىۋالدى.

**تَحَبَّبَ يَتَحَبَّبُ تَحَبُّبًا:** خۇشامەت قىلدى، ياخشىچاق بولماقچى بولدى، كۆيۈكلەندى، مۇھەببەت ئىزھار قىلدى.

**تَحَبَّبَ إِلَيْهِ:** يېقىنلاشتى، دوستلاشتى؛ مۇھەببەت ئىزھار قىلدى، ئىشقىۋازلىق قىلدى، تەلەپ قويدى، خۇشامەت قىلدى، كۆيۈكلەندى.

**«كَانَ يَتَحَبَّبُ إِلَيْهَا وَهِيَ تَصُدُّ عَنْهُ»** : قارىمىسمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى.

**تَحَبَّرَ يَتَحَبَّرُ تَحَبُّرًا السَّحَابُ:** ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى.

**تَحَبَّسَ يَتَحَبَّسُ تَحَبُّسًا:** توختاپ قالدى، كېكەچلىدى.

**تَحَبَّسَ فِي الْكَلَامِ:** سۆزدە توختۇۋالدى، كېكەچلىدى، دۇدۇقلىدى.

**تَحْتَ:** تېگىدە، ... نىڭ ئاستىدا.

**تَحْتَ إِشْرَافِ فُلَانٍ:** پالانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە.

**تَحْتَ التَّجْرِبَةِ:** تەجرىبە قىلىنىۋاتىدۇ.

**تَحْتَ أَعْيُنِ النَّاسِ:** كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا.

**تَحْتَ الطَّبْعِ:** بېسىلىۋاتىدۇ.

**تَحْتَ التَّمْرِينِ:** مەشىق قىلىش جەريانىدا.

**تَحْتَ طَيِّ الْخَفَاءِ:** مەخپىي، يوشۇرۇن، ئاستىرتىن.

**تَحْتَ عُنْوَانٍ:** ماۋزۇلۇق، سەرلەۋھەلىك.

**تَحْتَ الصِّفْرِ:** نۆلدىن تۆۋەن.

**مِنْ تَحْتِ:** تۆۋەندىن، پەستىن، ئاستىدىن.

**«لَأَكَلُوا مِنْ فَوْقِهِمْ وَمِنْ تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ»** ‹قرآن›: ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى).

**لَا طَائِلَ تَحْتَهُ:** پايدىسىز.

**«هٰذَا أَمْرٌ لَا طَائِلَ تَحْتَهُ»:** بۇ پايدىسىز ئىش.

**وَقَفَ تَحْتَ الْخَيْمَةِ:** چېدىر ئاستىدا تۇردى.

**إِشْعَاعٌ تَحْتَ الْأَحْمَرِ:** كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نۇر (فىزىكىدا).

**أَشِعَّةٌ تَحْتَ الْحَمْرَاءِ:** كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نۇر.

**تَحْتَ التَّحْضِيرِ:** تەييارلاۋاتىدۇ.

**تَحْتَ الدَّرْسِ:** دەرس تەييارلاۋاتىدۇ.

**تَحْتَ تَصَرُّفِهِ:** ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا.

**تَحْتَ أَمْرِهِ:** ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا.

**تَحْتَ يَدِهِ:** ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا.

**تَحْتَ السِّلَاحِ:** قوراللىق قوشۇن ئىچىدە.

**تَحْتَ ضَغْطِ الظُّرُوفِ:** شەرت ـ شارائىتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، شەرت ـ شارائىتنىڭ تەسىرى بىلەن.

**تَحْتَ الْمُعَدَّلِ:** دەرىجىدىن تۆۋەن، ئۆلچەمدىن تۆۋەن.

**تَحْتَ الْيَدِ:** قولاي، ئوڭاي.

**تَحْتَانِيٌّ:** تۆۋەن تەرەپتە، ئاستىنقى.

**تَحْتِيٌّ:** تۆۋەن تەرەپتە.

**مَلَابِسُ تَحْتَانِيَّةٌ:** ئىچ كۆڭلەك، روباشكا، ئىچ كىيىم.

**دَوْرٌ تَحْتَانِيٌّ:** يەر ئاستى ئۆيى.

**طَابِقٌ تَحْتَانِيٌّ:** ئاستىنقى قەۋەت.

**تَحَتَّمَ يَتَحَتَّمُ تَحَتُّمًا الشَّيْءُ عَلَى:** لازىم بولدى، زۆرۈر بولدى، تېگىشلىك بولدى، كېرەك بولدى، زۆرۈر.

**«يَتَحَتَّمُ عَلَيْهِمُ الْيَوْمَ أَلَّا يَتَرَاجَعُوا عَنْ مَعْرَكَةِ مَصِيرِهِمْ»:** ئۇلار تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان جەڭدىن قايتماسلىقى كېرەك.

**تَحْتَحَةٌ:** ھەرىكەت.

**تَيَّارٌ تَحْتِيٌّ:** يۇقىرى دولقۇننىڭ ئاستىنقى تەرەپى.

**تَحَجَّبَ يَتَحَجَّبُ تَحَجُّبًا:** يوشۇرۇندى، ياپتى، غايىب بولدى، پەردىلەندى.

**تَحَجَّبَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ھىجاپلاندى، ھىجاپلىق بولدى، چۈمپەردە ئارتتى.

**تَحَجَّجَ يَتَحَجَّجُ تَحَجُّجًا:** گۇۋاھلىق بەردى، ئىسپاتلىدى، تەستىقلىدى.

**تَحَجُّجٌ:** تالاشماق، تاكاللاشماق.

**دِينُ التَّحَجُّجِ:** پىروتىستانت دىنى.

**تَحَجُّجِيُّ الْعَقِيدَةِ:** پىروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى.

**تَحَجَّرَ يَتَحَجَّرُ تَحَجُّرًا الشَّيْءُ:** تاشقا ئايلاندى، تاشتەك قېتىپ كەتتى.

**تَحَجَّرَ الْمَكَانُ:** تاشلىق بولۇپ كەتتى.

**تَحَجَّرَ قَلْبُهُ:** ئۇنىڭ يۈرىكى قېتىپ كەتتى.

**تَحَجَّرَ عَلَيْهِ:** قىستىدى، قىيىن ـ قىستاققا ئالدى.

**تَحَجُّرٌ:** تاشقا ئايلانماق.

**عِلْمُ التَّحَجُّرِ:** خالىئونتىرولوگىيە (يەر ئاستىدا تاشقا ئايلانغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن).

**تَحْجِيلٌ:** قاشقا (ئاتنىڭ).

**تَحَدَّبَ يَتَحَدَّبُ تَحَدُّبًا الشَّخْصُ:** دوك بولۇپ قالدى.

**تَحَدَّبَ عَلَيْهِ:** ھېسداشلىق قىلدى، كۆڭۈل بۆلدى.

**تَحَدُّبٌ:** چوخچىيىپ چىقىپ قالماق، پولتىيىپ چىقماق.

**تَحَدَّثَ يَتَحَدَّثُ تَحَدُّثًا:** سۆزلىدى، ئېيتتى، دېدى، تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

**«تَحَدَّثَ إِلَيْهِ حَوْلَ مَوْضُوعِ زِيَارَتِهِ»:** زىيارىتى توغرىسىدا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

**«سَيَتَحَدَّثُ الْمُحَاضِرُ عَمَّا يَتَعَلَّقُ بِالْوَضْعِ الدُّوَلِيِّ»:** لېكسىيە سۆزلىگۈچى خەلقئارا ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

**«لِنُحَدِّدْ وَقْتًا نَتَحَدَّثُ فِيهِ جَيِّدًا»:** ئوبدان سۆزلىشىۋېلىشقا ۋاقىت ئاجرىتايلى.

**تَحَدَّدَ يَتَحَدَّدُ تَحَدُّدًا الْمَوْعِدُ:** ۋاقىت بەلگىلەن-

uyghurkitap.com

دى، بېكىتىلدى، تايىن بولدى.

**تَحَدَّرَ يَتَحَدَّرُ تَحَدُّرًا:** چۈشتى، سىيرىلدى، دومىلىدى، تۆكۈلدى.

**تَحَدَّرَ الدَّمْعُ:** ياش تۆكۈلدى.

**تَحَدَّرَ مِنْ فَوْقِ الْجَبَلِ:** تاغ ئۈستىدىن دۇمۇلىدى.

**تَحَدَّرَ الرَّجُلُ مِنْ أُسْرَةٍ عَرِيقَةٍ:** ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىقتى.

**تَحَدَّسَ يَتَحَدَّسُ تَحَدُّسًا الخَبَرَ وَ عَنْهُ:** تىڭشىدى، ئاڭلىدى.

**تَحَدَّمَ يَتَحَدَّمُ تَحَدُّمًا:** ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى، چېچىلدى.

**تَحَدَّى يَتَحَدَّى تَحَدِّيًا:** مۇسابىقىلەشتى، رىقابەتلەشتى.

**تَحَدَّى الرَّجُلَ:** جەڭ ئېلان قىلدى، مۇسابىقىگە چاقىردى؛ يەڭدى، قارشىلاشتى.

**«تَحَدَّى الشَّعْبُ قُوَى الشَّرِّ الَّتِي أَرَادَتْ تَمْزِيقَ وَحْدَتِهِ» :** خەلق ئۇنىڭ بىرلىكىنى بۇزماقچى بولغان ئەسەبى كۈچلەر بىلەن قارشىلاشتى.

**تَحَدٍّ:** چىشىغا تەگمەك، قارشىلاشماق.

**فِي تَحَدٍّ:** ئىغۋاگەرچىلىك قىلماق.

**تَحْدِيثٌ:** زامانىۋىلاشتۇرماق.

**«تَمَيَّزَتِ الْيَابَانُ بِقُدْرَتِهَا عَلَى تَحْدِيثِ مَصَانِعِهَا» :** ياپونىيە ئۆز زاۋۇتلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

**تَحْدِيدٌ:** چەكلىمەك؛ بەلگىلىمەك؛ تەرىپلىمەك؛ چېگرا ئايرىماق.

**تَحْدِيدُ النَّسْلِ:** تۇغۇتنى چەكلىمەك.

**عَلَى وَجْهِ التَّحْدِيدِ:** مۇئەييەن، ئېنىق، مۇقەررەر.

**«لَقَدْ أَخْطَأَ فِي تَحْدِيدِ مَوْعِدِ الْاِجْتِمَاعِ لِذَلِكَ ذَهَبْتُ إِلَى هُنَاكَ سُدًى» :** ئۇ، يىغىن ۋاقتىنى خاتا بەلگىلەپ قويۇپتۇ، شۇڭا مەن بۇ يەرگە بىكارغا كەپتىمەن.

**تَحْدِيدُ وَقْتِ الدِّرَاسَةِ:** ئۆگىنىش ۋاقتىنى مۇقىملاشتۇرۇش.

**تَحَذَّرَ يَتَحَذَّرُ تَحَذُّرًا:** ساقلاندى، ھەزەر قىلدى، ئالدىنى ئالدى، ئېھتىيات قىلدى.

**تَحَذَّقَ يَتَحَذَّقُ تَحَذُّقًا:** ئۇستا بولدى، ئۇستا بولىۋالدى، ئۇستىلىقنى دەۋا قىلدى.

**تَحَذْلَقَ يَتَحَذْلَقُ تَحَذْلُقًا:** ئۆزىنى ماھىر ساندۇالدى، ئۆزىنى بىلىمدار كۆرسەتتى، كۆز ـ كۆز قىلدى.

**تَحَذْلُقٌ:** ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسەتمەك، ئۆزىنى ماھىر ھېسابلىۋالماق.

**تَحْذِيرٌ:** ئاگاھلاندۇرماق، تەنبىھ بەرمەك.

**تَحَرَّجَ يَتَحَرَّجُ تَحَرُّجًا الْحَرَجَ:** گۇناھتىن ساقلاندى، قىيىن ئەھۋالدىن ساقلاندى.

**تَحَرَّرَ يَتَحَرَّرُ تَحَرُّرًا:** ئازاد بولدى، ئەركىنلىككە چىقتى؛ تەھرىرلەندى؛ يېزىلدى.

**تَحَرُّرٌ:** ئازاد بولماق، ئەركىنلىككە چىقماق، تەھرىرلەنمەك.

**تَحَرَّزَ يَتَحَرَّزُ تَحَرُّزًا مِنْ:** ساقلاندى، پەخەس بولدى.

**تَحَرَّسَ يَتَحَرَّسُ تَحَرُّسًامِنَ الشَّيْءِ:** ساقلاندى، مۇداپىئەلەندى، پەخەس بولۇپ تۇردى.

**تَحَرَّشَ يَتَحَرَّشُ تَحَرُّشًا:** ئارىلاشتى، قول تىقتى.

**تَحَرَّشَ بِهِ لِلْخِصَامِ:** ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

**تَحَرُّشٌ:** ئارىلاشماق، قول تىقماق، ئىغۋاگەرچىلىك قىلماق.

**«يُرِيدُ الْعَدُوُّ بِتَحَرُّشَاتِهِ أَنْ يَجُرَّنَا إِلَى حَرْبٍ لَسْنَا مُسْتَعِدِّينَ لَهَا» :** دۈشمەن ئىغۋاگەرچىلىكى ئارقىلىق، بىزنى تەييارلىقىمىز يوق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرمەكچى.

**تَحَرَّضَ يَتَحَرَّضُ تَحَرُّضًا:** كۈشكۈرتىلدى، رىغبەتلەندۈرۈلدى، قىزىقتۇرۇلدى.

**تَحَرَّفَ يَتَحَرَّفُ تَحَرُّفًا:** بۇرمىلاندى، ساختىلاشتۇرۇلدى، بۇرۇۋېتىلدى، ئۆزگەرتىلدى.

**تَحَرَّقَ يَتَحَرَّقُ تَحَرُّقًا:** كۆيدى، كۆيۈپ كەتتى.

**تَحَرَّقَ شَوْقًا إِلَيْهِ:** قاتتىق سېغىندى، قاتتىق كۆيدى.

**تَحَرَّكَ يَتَحَرَّكُ تَحَرُّكًا:** ھەرىكەتلەندى، تەۋرىدى، مىدىرلىدى.

**تَحَرَّكَ الْقِطَارُ فِي مَوْعِدِهِ»** : پويىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قوزغالدى.

**«لاَ يَزَالُ هُنَاكَ مُتَّسَعٌ مِنَ الْوَقْتِ قَبْلَ أَنْ يَتَحَرَّكَ الْقِطَارُ»** : پويىزنىڭ قوزغىلىشىغا تېخى بالدۇر.

**تَحَرُّكٌ:** ھەرىكەتلەنمەك، تەۋرىمەك، مىدىرلىماق.

**«لاَ بُدَّ مِنَ الْقِيَامِ بِتَحَرُّكٍ إِيْجَابِيٍّ»** : چوقۇم ئىجابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

**تَحَرَّمَ يَتَحَرَّمُ تَحَرُّمًا:** ھارام بولدى، چەكلەندى، قانۇنسىز بولدى، چېقىلىشقا بولمايدىغان بولدى، دەخلىسىز بولدى.

**تَحَرَّى يَتَحَرَّى تَحَرِّيًا الْأَمْرَ:** ئىزدىدى، تەكشۈردى، سۈرۈشتۈردى.

**«فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُولَئِكَ تَحَرَّوْا رَشَدًا» ‹قرآن›** : مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ.

**«قَبْلَ أَنْ نَحْكُمَ عَلَى فِعْلِهِ عَلَيْنَا أَنْ نَتَحَرَّى الْأَسْبَابَ الَّتِي دَفَعَتْهُ إِلَيْهِ»** : بىز ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتكە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك.

**تَحَرٍّ ج تَحَرِّيَاتٌ:** تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش.

**رِجَالُ التَّحَرِّي:** پايلاقچى، تىڭ - تىڭچى، ئىشپىيون.

**تَحْرِيجٌ:** سىقماق، قىسماق (روھى جەھەتتە)

**تَحْرِيْجُ الْأَرْضِ:** كۆچەت تىكمەك، ئورمان بىنا قىلماق.

**تَحْرِيْرٌ ج تَحْرِيْرَاتٌ و تَحَارِيْرُ:** ئازاد قىلماق، قويۇۋەتمەك؛ تەھرىرلىمەك.

**تَحْرِيْرُ الْأَرِقَّاءِ:** قۇللارنى ئازاد قىلماق.

**إِدَارَةُ التَّحْرِيرِ:** تەھرىر بۆلۈمى.

**رَئِيسُ التَّحْرِيرِ:** باش مۇھەررىر.

**جَيْشُ التَّحْرِيرِ:** ئازادلىق ئارمىيە.

**تَحْرِيرِيٌّ:** تەھرىرلىمەك، مۇھەررىرلىك.

**تَحْرِيرِيٌّ:** يازما نۇسخا، قەغەز يۈزىدە، خەت يۈزىدە.

**إِمْتِحَانٌ تَحْرِيرِيٌّ:** يازما ئىمتىھان، قەغەزچە ئىمتىھان.

**تَحْرِيْرِيًّا:** تەھرىرلەش يۈزىسىدىن، قەغەز يۈزىدە، يازما.

**حَرَكَةٌ تَحْرِيرِيَّةٌ:** ئازادلىق ھەرىكىتى.

**تَحْرِيْشٌ:** يامانلىققا ئۈندەش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش.

**تَحْرِيشٌ بَيْنَ الْقَوْمِ:** ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش.

**تَحْرِيشُ الْأَرْضِ:** كۆچەت تىكمەك.

**تَحْرِيضٌ:** قوزغىماق، قۇتراتماق، كۇشكۇرتمەك، قىزىقتۇرماق.

**«اِرْتَكَبَ جَرِيمَتَهُ بِتَحْرِيضٍ مِنْ أَصْدِقَاءِ السُّوْءِ»** : ناچار دوستلىرىنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزدى.

**«قَامَتِ الْحُكُومَةُ بِتَحْرِيْكِ الْأَسْعَارِ»** : ھۆكۈمەت مال باھاسىدا تەۋرىنىش ئېلىپ باردى.

**تَحْرِيمٌ:** چەكلىمەك، مەنئى قىلماق، توسۇماق.

**تَحَزَّبَ يَتَحَزَّبُ تَحَزُّبًا الْقَوْمُ:** گۇرۇھلارغا بۆلۈندى.

**تَحَزَّبُوا ضِدَّهُ:** ئۇنىڭغا قارشى ئۇيۇشتى.

**«شَرَعَ كُلُّ قُطْرٍ عَرَبِيٍّ يَتَحَزَّبُ لِزَعِيمٍ مِنْ زُعَمَائِهِ»** : ھەر بىر ئەرەب دۆلىتى ئۆزىنىڭ كاتىۋىشى تەرەپدارى بولۇشقا باشلىدى.

**تَحَزُّبٌ:** بىر تەرەپلىمە قاراش، پارتىيە گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشماق.

**عَدَمُ التَّحَزُّبِ:** ئادىل، خالىس، تەرەپباز بولماسلىق.

**تَحَزُّبِيٌّ:** تەرەپبازلىق، يان بېسىش.

**تَحَزَّقَ يَتَحَزَّقُ تَحَزُّقًا:** تارايدى، قىسقاردى، قۇرۇلدى.

**تَحَزَّمَ يَتَحَزَّمُ تَحَزُّمًا لِلْأَمْرِ:** تەييارلاندى، ئىراد باغلىدى، بەل باغلىدى؛ كەمەر باغلىدى.

**تَحَزَّنَ يَتَحَزَّنُ تَحَزُّنًا عَلَيْهِ وَلَهُ:** ئىچىنى ئاغرىتتى، قايغۇردى.

**تَحَسْحَسَ يَتَحَسْحَسُ تَحَسْحُسًا:** ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

**تَحَسَّبَ يَتَحَسَّبُ تَحَسُّبًا الْأَمْرَ:** بىلمەكچى بولدى

كۆپايلەندى.

**تَحَسَّرَ يَتَحَسَّرُ تَحَسُّرًا عَلَى الشَّيْءِ:** قايغۇردى، ھەسرەت چەكتى.

**«يَتَحَسَّرُ عَلَى مَا أَضَاعَ مِنَ الْفُرَصِ»:** ئۇ پۇرسەتلەرنى زايا قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىدۇ.

**تَحَسَّسَ يَتَحَسَّسُ تَحَسُّسًا الْخَبَرَ:** تىڭ - تىڭلىدى، بىلىشكە ئۇرۇندى، ئىزدىدى.

**تَحَسَّسَ الشَّيْءَ:** تەكشۈردى، بىلىش ئۈچۈن سىلىدى.

**«تَحَسَّسَ طَرِيقَهُ فِي الظَّلاَمِ»:** قاراڭغۇدا تەمتىسقىلاپ ماڭدى.

**«يَا بُنَيَّ اذْهَبُوا فَتَحَسَّسُوا مِنْ يُوسُفَ وَأَخِيهِ»**

«قرآن»: ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار يۇسۇپنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار.

**تَحَسَّفَ يَتَحَسَّفُ تَحَسُّفًا الْجِلْدُ:** پوست تاشلىدى، قاسراق تاشلىدى.

**تَحَسَّنَ يَتَحَسَّنُ تَحَسُّنًا:** ياخشىلاندى.

**تَحَسَّنَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ياساندى.

**«تَحَسَّنَ الْوَضْعُ الاِقْتِصَادِيُّ فِي الْبِلاَدِ»:** دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلاندى.

**«لَقَدْ تَحَسَّنَ الْعَمَلُ تَحَسُّنًا كَبِيرًا»:** خىزمەت زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

**«بَعْدَمَا عَالَجَنِي الطَّبِيبُ تَحَسَّنَتْ حَالَتِي»:** دوختۇر داۋالىغاندىن كېيىن ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ قالدى.

**تَحَسَّى يَتَحَسَّى تَحَسِّيًا الْمَاءَ:** سۇنى بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچتى، بىر ئوتلام - ئوتلامدىن ئىچتى.

**تَحْسِينٌ ج تَحْسِينَاتٌ:** ياخشىلىماق، ئىسلاھ قىلماق، ئۆزگەرتمەك، تۈزىمەك؛ پەرداز قىلماق.

**تَحْسِينُ النَّسْلِ:** نەسلىنى ياخشىلاش.

**تَحْسِينُ ظُرُوفِ الْمَعِيشَةِ:** تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش.

**أَدْخَلَ عَلَيْهِ تَحْسِينَاتٍ:** ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى.

**«لَقَدْ طَرَأَتْ تَحْسِينَاتٌ كَبِيرَةٌ عَلَى ظُرُوفِ الْعَمَلِ فِي بِئْرِ الْمَنْجَمِ»:** كان قۇدۇقىنىڭ ئىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

**تَحَشَّدَ يَتَحَشَّدُ تَحَشُّدًا:** توپلاندى، يىغىلدى، جەم بولدى.

**تَحَشَّفَ يَتَحَشَّفُ تَحَشُّفًا:** كونا كىيىم كىيدى.

**تَحَشَّمَ يَتَحَشَّمُ تَحَشُّمًا:** ئىزا تارتتى، خىجىل بولدى، ئۇيالدى.

**تَحَشَّى يَتَحَشَّى تَحَشِّيًا مِنْ كَذَا:** قاچتى، ساقلاندى، نېرى تۇردى.

**تَحْشِيَةٌ ج تَحْشِيَاتٌ:** ھاشىيە.

**تَحَصَّلَ يَتَحَصَّلُ تَحَصُّلاً الشَّيْءُ:** توپلاندى، يىغىلدى.

**تَحَصَّلَ لَهُ:** ھاسىل بولدى، يۈز بەردى.

**تَحَصَّلَ الْعِلْمَ:** ئىلىمنى ئوبدان ئىگىلىدى.

**تَحَصَّلَ عَلَى:** ئىگە بولدى، ئېرىشتى.

**تَحَصَّنَ يَتَحَصَّنُ تَحَصُّنًا:** مۇستەھكەملەندى، قوغدالدى.

**تَحَصَّنَ الْجَيْشُ:** ئارمىيە قوغداندى، ئىستىھكام قۇردى.

**تَحْصِيلٌ:** ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك، ئىگە بولماق، يىغماق، توپلىماق.

**«أَقْعَدَهُ الْمَرَضُ عَنْ تَحْصِيلِ قُوتِهِ»:** كېسەل ئۇنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا توسالغۇ بولدى.

**سَنَوَاتُ تَحْصِيلٍ:** ئوقۇش يىللىرى، ئوقۇش مۇددىتى.

**شَهَادَةُ التَّحْصِيلِ:** شاھادەتنامە، دىپلوم.

**تَحْصِينٌ ج تَحْصِينَاتٌ:** مۇداپىئەلىنىش؛ ھەربىي شەھەر قۇرۇش.

**خَطُّ التَّحْصِينِ وَالدِّفَاعِ:** مۇداپىئە لىنىيىسى.

**تَحَضَّرَ يَتَحَضَّرُ تَحَضُّرًا:** شەھەرلەشتى، مەدەنىيلەشتى.

**«مَاتَزَالُ هُنَاكَ أَقْوَامٌ بَدَائِيَّةٌ لَمْ تَتَحَضَّرْ»:** ئۇ يەردە يەنىلا مەدەنىيلەشمىگەن ئىپتىدائىي قەۋملەر بار.

**تَحْضِيرٌ:** ھازىرلىماق، تەييارلىماق، تەخ قىلماق.

**«قَامَتِ اللَّجْنَةُ بِالتَّحْضِيرَاتِ اللاَّزِمَةِ لِعَقْدِ**

**الْمُؤْتَمَرِ»**: ھەيئەت قۇرۇلتاي ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىقلارنى ئېلىپ باردى.

**تَحْضِيرِيٌّ**: تەييارلىق، ھازىرلىق.

**«تَكَوَّنَتْ لَجْنَةٌ تَحْضِيرِيَّةٌ لِغَرَضِ الْإِعْدَادِ لِلْمُؤْتَمَرِ»**: قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق ھەيئىتى تەشكىللەندى.

**مَعَاهِدُ تَحْضِيرِيَّةٌ لِلْمُعَلِّمِينَ**: پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرى.

**تَحَطَّمَ يَتَحَطَّمُ تَحَطُّمًا**: پاچاقلاندى، يىمىرىلدى، گۇمران بولدى.

**«أَخَذَتِ السُّدُودُ بَيْنَ الْجَزَائِرِ وَ الْأَقْطَارِ الْعَرَبِيَّةِ تَتَحَطَّمُ»**: ئالجىرىيە بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توساقلار يىمىرىلىشكە باشلىدى.

**تَحْطِيبٌ**: ئوتۇن يىغماق، چاۋا تەرمەك.

**«اِعْتَدَوا عَلَى الْحَطَّابَاتِ وَمَنَعُوهُنَّ مِنَ التَّحْطِيبِ»**: ئۇلار ئايال چاۋا تەرگۈچىلەرگە چېقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتۇن يىغىشىنى توستى.

**تَحْطِيمٌ**: بۇزماق، تارمار قىلماق، يوقاتماق، پاچاقلىماق، يىمىرمەك.

**سَفِينَةُ تَحْطِيمِ الْجَلِيدِ**: مۇز يارغۇچى پاراخوت، مۇز پارچىلىغۇچى پاراخوت.

**تُحْفَةٌ ج تُحَفٌ**: سوۋغات.

**تُحْفَةٌ أَدَبِيَّةٌ**: نادىر ئەسەر، ئېسىل ئەسەر؛ ئاسارە‍ـ ئەتىقە.

**تُحْفَةٌ فَنِّيَّةٌ**: قىممەتلىك سەنئەت ئەسىرى.

**دَارُ التُّحَفِ**: مۇزېي، ئاسارە‍ـ ئەتىقىلەر قويۇلغان جاي.

**تَحَفَّزَ يَتَحَفَّزُ تَحَفُّزًا**: تۇگۇلىۋالدى، يىغىلىۋالدى؛ تەييارلاندى.

**تَحَفَّزَ لِلْأَمْرِ**: تەييارلاندى.

**تَحَفَّزَ فِي مَشْيِهِ**: تېز ماڭدى.

**تَحَفَّظَ يَتَحَفَّظُ تَحَفُّظًا**: دىققەت قىلدى، پەخەس بولدى، ئېھتىيات قىلدى؛ ساقلاندى، ساقلاپ قويدى، ساقلىدى.

**«تَحَفَّظَ عَلَى النُّقُودِ حَتَّى يَعْرِفَ صَاحِبَهَا»**: پۇلنىڭ ئىگىسى چىققىچە ئۇنى ساقلاپ قويدى.

**تَحَفَّظَ بِالشَّيْءِ**: كۆڭۈل بۆلدى.

**تَحَفَّظَ فِي قَوْلِهِ أَوْ رَأْيِهِ**: سۆزى ياكى پىكرىدە قېلىپ قالدى.

**تَحَفُّظٌ**: ئېھتىيات قىلماق، دىققەت قىلماق، ئالدىنى ئالماق، كونسېرۋاتىپلىق.

**مَعَ تَحَفُّظٍ**: ئېھتىيات بىلەن.

**بِتَحَفُّظٍ**: ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

**بِلاَ تَحَفُّظٍ**: شەرتسىز، قىلچە يوشۇرماي.

**بِدُونِ تَحَفُّظٍ**: شەرتسىز، قىلچە يوشۇرماي.

**بِكُلِّ تَحَفُّظٍ**: قاتتىق مەخپى.

**تَحَفَّى يَتَحَفَّى تَحَفِّيًا بِهِ**: قىزغىن كۈتۈۋالدى.

**تَحَقَّدَ يَتَحَقَّدُ تَحَقُّدًا**: ئاداۋەت ساقلىدى، ئۆچ كۆردى.

**تَحَقَّقَ يَتَحَقَّقُ تَحَقُّقًا الْخَبَرُ**: خەۋەر ئىسپاتلاندى، ئېنىق بولدى، ئايدىڭلاشتى، ئىشقا ئاشتى.

**«كَانَ يُرِيدُ بَثَّ الْخِلاَفِ بَيْنَنَا وَتَحَقَّقَ لَهُ مَا أَرَادَ»**: ئۇ ئارىمىزغا ئىختىلاپ سالماقچى بولغانىدى، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغىنى ئەمەلگە ئاشتى.

**«لَيْسَ مِنَ الْحِكْمَةِ أَنْ تُعَلِّقَ عَلَى هَذَا الْخَبَرِ قَبْلَ أَنْ تَتَحَقَّقَ مِنْ صِحَّتِهِ»**: بۇ خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى ئېنىقلىۋالماي تۇرۇپ، بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشىڭ ئاقىلانىلىق ئەمەس.

**تَحَقُّقٌ**: مۇئەييەنلەشتۇرمەك، تەكشۈرمەك.

**تَحْقِيرٌ**: مەنسىتمەسلىك، كەمسىتمەك، ھاقارەتلىمەك، پەس كۆرمەك، كۆزگە ئىلماسلىق.

**تَحْقِيقٌ**: ئەمەلگە ئاشۇرماق؛ تەكشۈرمەك، مۇئەييەنلەشتۇرمەك.

**«لَقَدْ حُظِيَتْ هَذِهِ الْمُنْتَجَاتُ وَفْقًا لِتَحْقِيقَاتِنَا»**: تەكشۈرۈشىمىزچە بۇ مەھسۇلاتلار ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن.

**عَلَى وَجْهِ التَّحْقِيقِ**: ھەقىقەتەن، دەرۋەقە.

**اَلتَّحْقِيقُ مَعَ الْجَانِي**: جىنايەتچىنى سوراق قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

**تَحْقِيقٌ قَضَائِيٌّ:** سوت قىلماق، سوراق قىلماق.

**تَحَكَّرَ يَتَحَكَّرُ تَحَكُّرًا:** مونوپول قىلىۋالدى، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالدى.

**تَحَكَّرَ السِّلْعَةَ:** مونوپول قىلدى، يالغۇز ئىگىلىۋالدى.

**تَحَكَّرَ السُّوقَ:** بازارنى ئىگىلىۋالدى، بازارنى مونوپول قىلىۋالدى.

**تَحَكَّكَ يَتَحَكَّكُ تَحَكُّكًا بِهِ:** ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، تىركىشتى.

**تَحَكَّكَتِ الْعَقْرَبُ بِالْأَفْعَى:** ئەسكىنىڭ قاياشى ئەسكى، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، ئىككى دۆلەت ئۆز ئارا تىركىشىشتى.

**تَحَكَّمَ يَتَحَكَّمُ تَحَكُّمًا:** يالغۇز ئىگىلىۋالدى، مونوپول قىلىۋالدى.

**تَحَكَّمَ فِي الْأَمْرِ:** مۇستەبىتلىك قىلدى، ئىستىبداد بولۇۋالدى.

**تَحَكُّمٌ:** مۇستەبىتلىك قىلماق، ئۆز بېشىمچىلىك قىلماق، ئۆزخاھىشى بويىچە ئىش قىلماق.

**«اَلْحَزْمُ فِي الْإِدَارَةِ لَايَعْنِي التَّحَكُّمَ فِي إِصْدَارِ الْقَرَارَاتِ وَ التَّعْلِيمَاتِ»:** باشقۇرۇشتا كەسكىن بولۇش قارار ـ كۆرسەتمىلەرنى چىقىرىشتا ئىستىبداتلىق قىلىش دېگەنلىك ئەمەس.

**تَحَكُّمِيٌّ:** ئۆز مەيلىچە، ئىستىبدادلارچە، مۇستەبىتلەرچە.

**«قَرَارُهُ تَحَكُّمِيٌّ لَا يَسْتَنِدُ إِلَىعَقْلٍأَوْ مَنْطِقٍ»:** ئۇنىڭ قارارى ئۆز بېشىمچى بولۇپ، ئەقىلگە ياكى لوگىكىغا تايانمىغان.

**تَحْكِيمٌ:** مۇرەسسە قىلماق، كېلىشتۈرمەك، ئەپلەشتۈرمەك، ئارىدا ھۆكۈم چىقارماق.

**«نَظَرَتْ هَيْئَةُ التَّحْكِيمِ الدُّوَلِيَّةُ فِي النِّزَاعِ بَيْنَ الْقُطْرَيْنِ الشَّقِيقَيْنِ»:** خەلقئارا ياراشتۇرۇش كومىتېتى ئىككى قېرىنداش دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا قاراپ چىقتى.

**صَكُّ التَّحْكِيمِ:** مۇرەسسە لايىھىسى.

**هَيْئَةُ التَّحْكِيمِ:** رېفېرلار ھەيئىتى، مۇرەسسە ھەيئىتى، كېسىم كېسىش ھەيئىتى.

**لَجْنَةٌ تَحْكِيمِيَّةٌ:** مۇرەسسە ھەيئىتى.

**تَحَلْحَلَ يَتَحَلْحَلُ تَحَلْحُلاً الشَّيْءُ وَالشَّخْصُ:** مىدىرلىدى، ئۆز جايىدىن يۆتكەلدى.

**تَحَلَّبَ يَتَحَلَّبُ تَحَلُّبًا الْعَرَقُ:** تەر ئاقتى.

**«تَحَلَّبَ فَمُهُ وَ رِيقُهُ»:** تاماقنى يېگۈسى كېلىپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى.

**«يَسْتَنْشِقُ عَبِيرَ تِلْكَ الْمَطَاعِمِ الَّتِي تَحَلَّبَ لَهَا رِيقُهُ»:** ئۇ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرىدىغان شۇ ئاشخانىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى پۇرىماقتا.

**تَحِلَّةُ الْأَيْمَانِ:** كەففارات بېرىپ قەسەمدىن چىقىش.

**«قَدْ فَرَضَ اللّٰهُ لَكُمْ تَحِلَّةَ أَيْمَانِكُمْ» ‹قرآن›:** ئاللاھ سىلەرگە (كەففارات) بىلەن قەسەمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى.

**تَحَلَّسَ يَتَحَلَّسُ تَحَلُّسًا بِالْمَكَانِ:** بىر جايدا دائىم تۇردى، مۇقىم تۇردى.

**تَحَلَّقَ يَتَحَلَّقُ تَحَلُّقًا الْقَوْمُ:** چۆرىدەپ ئولتۇردى، ھالقا بولۇپ ئولتۇردى؛ ئەگىدى.

**«كَانَ طُلَّابُ الْأَزْهَرِ يَتَحَلَّقُونَ حَوْلَ هَذَا الْعَمُودِ أَوْ ذَاكَ»:** ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ تۈۋرۈك ياكى ئاۋۇ تۈۋرۈك ئەتراپىدا ھالقا تۈزۈشۈپ ئولتۇراتتى.

**«تَحَلَّقَ الطَّائِرَةُ عَلَى اخْتِفَاعٍ مُنْخَفِضٍ»:** ئايروپىلان ئەگىپ پەس ئۇچتى.

**تَحَلَّلَ يَتَحَلَّلُ تَحَلُّلاً فِي يَمِينِهِ:** قەسەمدىن چىقتى.

**تَحَلَّلَ مِنْ:** ئازاد بولدى، قۇتۇلدى، چىقتى.

**تَحَلَّلَ مِنَ الْقُيُودِ:** كىشەندىن ئازاد بولدى.

**«تَحَلَّلُوا مِنَ الْقِيَمِ الْأَخْلَاقِيَّةِ السَّائِدَةِ»:** ئۇلار يۈكسەك ئەخلاقىي قاراشلاردىن مەھرۇم قالدى.

**تَحَلُّلٌ:** يېشىلمەك، يىمىرىلمەك، پارچىلانماق، بوشىماق، تارالماق.

**تَحَلَّمَ يَتَحَلَّمُ تَحَلُّمًا:** مۇلايىم بولدى.

**تَحَلَّى يَتَحَلَّى تَحَلِّيًا بِمَا لَيْسَ فِيهِ:** ئۆزىدە يوق نەرسىنى دەۋا قىلدى؛ سۈپەتلەندى؛ زىننەتـ

لەندى، تاتلىق بولدى، شېرىن بولدى.

**تَحَلَّتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال زىبۇ زىننەت بىلەن ياساندى.

**تَحْلِيلٌ ج تَحَالِيلُ:** يەشمەك؛ ئېرىتماق؛ تارقاتماق؛ ھەل قىلماق.

**تَحْلِيلُ الْوَرَمِ:** ئىششىقنى ياندۇرماق.

**تَحْلِيلُ الْكَلَامِ:** تەھلىل قىلماق، ئانالىز قىلماق.

**تَحْلِيلٌ نَفْسِيٌّ:** پىسخىك ئانالىز، پسىخولوگىيىلىك ئانالىز.

**تَحْلِيلِيٌّ:** ئانالىزغا مەنسۇپ، تەتقىقاتقا ئائىت، ئانالىتىك.

**تَحَمْحَمَ يَتَحَمْحَمُ تَحَمْحُمًا الْحِصَانُ:** ئايغىر كىشنىدى.

**تَحَمَّرَ يَتَحَمَّرُ تَحَمُّرًا:** قىزىل بولدى، قىزىلغا ئايلاندى، قىزىل بويالدى؛ لاك سۇركىدى.

**تَحَمَّسَ يَتَحَمَّسُ تَحَمُّسًا:** قىزغىنلىقى كۆچەيدى، ھەۋىسى ئاشتى.

**تَحَمَّصَ يَتَحَمَّصُ تَحَمُّصًا اللَّحْمُ:** گۆش قورۇلدى، قۇرۇپ قالدى.

**تَحَمَّقَ يَتَحَمَّقُ تَحَمُّقًا:** ئەخمەق بولدى.

**تَحَمَّلَ يَتَحَمَّلُ تَحَمُّلاً الشَّخْصُ:** ئۆزىنى تۇتىۋالدى، تەمكىن بولدى، سەۋرچان بولدى.

**تَحَمَّلَ الْأَمْرَ:** بەرداشلىق بەردى، ئاران كۆتۈردى، چىدىدى.

**تَحَمَّلَ الْمَسْئُولِيَّةَ:** مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

**تَحَمُّلٌ:** چىدىماق، غەيرەت قىلماق، بەرداشلىق بەرمەك.

**تَحَمَّمَ يَتَحَمَّمُ تَحَمُّمًا الشَّخْصُ:** يۇيۇندى، مۇنچىغا چۈشتى.

**تَحْمِيلٌ:** كۆتۈرگۈزمەك، ئارتماق (يۈك قاتارلىقلارنى).

**تَحْنَانٌ:** رەھىم قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش؛ سېغىنىش.

**تَحَنْبَلَ يَتَحَنْبَلُ تَحَنْبُلاً:** ھەنبەلى مەزھىپىگە ئەگەشتى؛ دىندا قاتتىق بولدى.

**تَحَنَّأَ يَتَحَنَّأُ تَحَنُّؤًا:** خېنە قويدى، ياقتى.

**تَحَنَّبَ يَتَحَنَّبُ تَحَنُّبًا:** مۈكچىيىپ قالدى، دوك بولۇپ قالدى.

**تَحَنَّثَ يَتَحَنَّثُ تَحَنُّثًا:** ئىستىقامەت قىلدى، ئىبادەت قىلدى؛ قەسەمدىن چىقتى.

**«كَانَ النَّبِيُّ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَحَنَّثُ فِي غَارِ حِرَاءَ قَبْلَ أَنْ يُوْحَى إِلَيْهِ»:** پەيغەمبەر مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ۋەھى كېلىشتىن بۇرۇن ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلاتتى.

**تَحَنَّطَ يَتَحَنَّطُ تَحَنُّطًا:** مومىيا قىلدى.

**تَحَنَّفَ يَتَحَنَّفُ تَحَنُّفًا:** ئىبادەت قىلدى، ئىستىقامەت قىلدى؛ بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولدى؛ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپىگە تەۋە بولدى؛ مۇسۇلمان بولدى.

**تَحَنَّفَ إِلَى الشَّيْءِ:** مايىل بولدى، ئاغدى.

**تَحَنَّكَ يَتَحَنَّكُ تَحَنُّكًا:** سەللىنى ئېڭەك ئاستىدىن يۆگىدى.

**تَحَنَّكَ فِي الْكَلَامِ:** سۆزنى تۈجۈپىلىدى، سۆزدە ئىنچىكىلىدى.

**تَحَنَّنَ يَتَحَنَّنُ تَحَنُّنًا:** ھېسداشلىق قىلدى، ئىچ ئاغرىتتى، كۆيۈندى.

**تَحَنَّى يَتَحَنَّى تَحَنِّيًا الشَّيْءُ:** قىيسايدى، ئېگىلدى، قىڭغىر بولدى.

**تَحَنَّى عَلَيْهِ:** ئىچ ئاغرىتتى، ھېسداشلىق قىلدى، سېغىندى.

**اَلتُّحُوتُ:** تۆۋەن قاتلامدىكىلەر، چۈپرەندىلەر، قاتاردا يوقلار.

**تَحَوَّبَ يَتَحَوَّبُ تَحَوُّبًا:** ئىبادەت قىلدى.

**تَحَوَّبَ مِنَ الْإِثْمِ:** گۇناھدىن ساقلاندى.

**تَحَوَّجَ يَتَحَوَّجُ تَحَوُّجًا:** كېرەكلىك نەرسىنى تەلەپ قىلدى، ھاجىتىنى تىلىدى.

**«خَرَجَ إِلَى السُّوقِ يَتَحَوَّجُ»:** بازارغا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالغىلى چىقتى.

**تَحَوَّرَ يَتَحَوَّرُ تَحَوُّرًا الْكَلَامُ:** سۆز ئۆزگەردى.

**تَحَوَّزَ يَتَحَوَّزُ تَحَوُّزًا كَالْأَفْعَى:** يىلاندەك چىرماشتى.

**تَحَوَّسَ يَتَحَوَّسُ تَحَوُّسًا:** سۆزلەشكە جۈرئەت قىلدى.

uyghurkitap.com


**تَحَوَّسَ فِي الْكَلَامِ:** سۆزلەشكە تەييارلاندى.

**تَحَوَّشَ يَتَحَوَّشُ تَحَوُّشَامِنْهُ:** تارتىندى، خىجىل بولدى، ھايا قىلدى، ئۇيالدى.

**تَحَوَّشَ عَنْهُ:** ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**تَحَوَّطَ يَتَحَوَّطُ تَحَوُّطًا:** (نەرسىنى) باشقۇردى، ھېزى بولدى، قاربدى ساقلىدى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

**تَحَوُّطٌ ج تَحَوُّطَاتٌ:** دىققەت قىلماق، ھەزەر ئېلىمەك، ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق.

**تَحَوَّلَ يَتَحَوَّلُ تَحَوُّلاً الرَّجُلُ:** يۆتكەلدى، كۆچتى، ئايلاندى.

**تَحَوَّلَ الْحَالُ:** ئەھۋال ئۆزگەردى.

**«تَحَوَّلَتِ الْمَدِينَةُ إِلَى خَرَائِبَ نَتِيجَةَ الْقَصْفِ الْجَوِّيِّ»** : ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ نەتىجىسىدە شەھەر خارابىلىققا ئايلاندى.

**تَحَوُّلٌ:** ئۆزگىرىش، بۇرۇلۇش؛ چېكىنىش؛ ئۆزگەرمەك.

**نُقْطَةُ التَّحَوُّلِ:** بۇرۇلۇش نۇقتىسى.

**تَحَوَّى يَتَحَوَّى تَحَوِّيًا:** چىرماشتى، ئورالدى، يۆگەلدى؛ تۈگۈلدى، قورۇلۇپ قالدى.

**تَحَوَّتِ الْحَيَّةُ:** يىلان تۈگۈلۈۋالدى.

**تَحْوِيشٌ:** توپلىماق، جەملىمەك.

**تَحْوِيطَةٌ:** كۆز تۇمار.

**تَحْوِيلٌ ج تَحْوِيلَاتٌ وَتَحَاوِيلُ:** ئەگرى يول، ئاساسلىق بولمىغان ۋاقىتلىق ئىشلىتىلىدىغان يول؛ تۇمۇر يولنىڭ لىنىيىلەرگە بۆلۈنىدىغان جايى، ئاچال.

**تَحْوِيلُ الْأَرْضِ:** يەرنى بىر يىل تېرىپ، بىر يىل ئاق قالدۇرماق.

**تَحْوِيلُ النُّقُودِ:** پۇل ئەۋەتمەك، پۇل يوللىماق.

**اَلصِّنَاعَاتُ التَّحْوِيلِيَّةُ:** پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى.

**تَحِيَّةٌ ج تَحِيَّاتٌ:** سالام، تەبرىك، ھۆرمەت.

**«وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَامٌ»** «قۇرئان» : ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر - بىرىگە) بېرىدىغان سالامى (ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) دېيىش-

تىن ئىبارەتتۇر.

**تَحِيَّةٌ عَسْكَرِيَّةٌ:** ھەربىيچە سالام، چاس.

**تَحِيَّةً لِذِكْرَاهُ:** ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن.

**«وَلَمَّا صَارَ أَمَامَهُ انْحَنَى تَحِيَّةً كَأَنَّهُ حِيَالَ مَلِكٍ»** : ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا گويا پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ئېگىلىپ سالام قىلىپ كەتتى.

**تَحِيَّاتٌ:** تەبرىك سۆزى، سالام.

**تَحَيَّرَ يَتَحَيَّرُ تَحَيُّرًا:** ئېڭىرقاپ قالدى، ئېزىپ قالدى، تەمتىرەپ قالدى.

**تَحَيَّرَ السَّحَابُ:** بۇلۇت بىر جايدا تۇرۇپ يامغۇر ياغدۇردى.

**تَحَيَّرَ الْمَاءُ فِي الْمَكَانِ:** سۇ يىغىلىپ قالدى، سۇ تولدى.

**تَحَيَّزَ يَتَحَيَّزُ تَحَيُّزًا إِلَى:** قوشۇلدى، ماقۇللىدى، مايىل بولدى.

**تَحَيُّزٌ:** ئاغماق، يان باسماق؛ بىر تەرەپلىمە قاراش.

**دِرَاسَةٌ بِلَاتَحَيُّزٍ:** ئېغىپ كەتمەي تەتقىق قىلدى، توغرا مەيداندا تۇرۇپ تەھلىل قىلدى.

**تَحَيَّضَتْ يَتَحَيَّضُ تَحَيُّضًا الْمَرْأَةُ:** ئايال ھەيز كۆردى، ئادەت كۆردى.

**تَحَيَّقَ يَتَحَيَّقُ تَحَيُّقًا:** پىلە قۇرتىدەك يېدى.

**تَحَيَّلَ يَتَحَيَّلُ تَحَيُّلاً:** ھىيلە ئىشلەتتى، چارە - تەدبىر ئىزدىدى.

**تَحَيَّنَ يَتَحَيَّنُ تَحَيُّنًا الْفُرْصَةَ:** پۇرسەت كۈتتى، پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

**«تَحَيَّنَ الْفُرْصَةَ لِلْاِنْقِضَاضِ عَلَى خَصْمِهِ»** : ئۇ رەقىبىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى.

**تَحَيُّنٌ:** (ۋاقىت) كۈتمەك.

**تَحَيُّنُ الْفُرَصِ:** پۇرسەتتىن پايدىلانماق.

**تَخَابَثَ يَتَخَابَثُ تَخَابُثًا:** ئەسكىلىك قىلدى، يامانلىق قىلدى.

**تَخَابُثٌ:** ناچار، يامان.

**«تَخَابُثُكَ لَا يَخْفَى عَلَى أَحَدٍ»** : سېنىڭ ئەسكىلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

**تَخَابَرَ يَتَخَابَرُ تَخَابُرًا الْقَوْمُ:** بىلىشتى، تونۇش-

تى؛ خەۋەرلىشىشتى.

**تَخَاجَلَ يَتَخَاجَلُ تَخَاجُلاً:** نومۇس قىلدى، ئۇيالدى.

**تَخَادَعَ يَتَخَادَعُ تَخَادُعًا:** بىر - بىرىنى ئالداشتى؛ ئالدانغان بولۇۋالدى.

**تَخَاذَلَ يَتَخَاذَلُ تَخَاذُلاً الْقَوْمُ:** بىر - بىرىدىن ۋاز كەچتى، بىر - بىرىنى تاشلىۋەتتى.

**تَخَاذَلَتْ رِجْلاَهُ:** پۇتى ئاجىزلاپ كەتتى (قورقۇنچاقلىقتىن كىنايە).

**تَخَاذُلٌ:** بىر - بىرىنى رەسۋا قىلىشماق.

**«اَلتَّخَاذُلُ عَنْ مُجَابَهَةِ الْعَدُوِّ نَذِيرُ هَدْمٍ لِلْوَطَنِ» :** دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئىزىلەڭگۈلۈك قىلىش ۋەتەننى ۋەيران قىلىشنىڭ سىگنالىدۇر.

**تَخَارَجَ يَتَخَارَجُ تَخَارُجًا عَنْ حَقٍّ:** ھەقىقەتتىن ۋاز كەچتى، ھوقۇقتىن ۋاز كەچتى.

**تَخَارَجَ الشُّرَكَاءُ:** ئۆز ئارا بۆلۈشۈۋالدى ، (شىركەتتىكى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى باشقا پايچىكقا سېتىپ بەردى).

**تَخَاشَعَ يَتَخَاشَعُ تَخَاشُعًا:** كەمتەرلىك قىلدى، ئاۋازىنى پەسلەتتى؛ ھۆرمەت بىلدۈردى، تىكىلىپ قارىماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

**تَخَاصَرَ يَتَخَاطَبُ تَخَاصُرًا:** پاتروشكىلاپ ماڭدى، قولتۇقلاپ ماڭدى.

**تَخَاصَمَ يَتَخَاصَمُ تَخَاصُمًا:** جاڭجاللاشتى.

**«إِذَا تَخَاصَمَ اللِّصَّانِ ظَهَرَ الْمَسْرُوقُ» :** ئىككى ئوغرى جېدەللەشسە ئوغرىلانغان نەرسە چىقىدۇ، ئىككى قاغا تالاشسا ئوۋچىغا پايدا.

**تَخَاطَبَ يَتَخَاطَبُ تَخَاطُبًا مَعَهُ:** سۆزلەشتى.

**تَخَاطُبٌ:** خىتاب قىلىشماق، سۆزلەشمەك.

**لُغَةُ التَّخَاطُبِ:** جانلىق تىل، ئېغىز تىلى، ئاغزاكى تىل.

**تَخَاطَرَ يَتَخَاطَرُ تَخَاطُرًا عَلَى:** باغلاشتى.

**تَخَاطَفَ يَتَخَاطَفُ تَخَاطُفًا الشَّيْءَ:** ئېرىشىشكە ئالدىراپ كەتتى، قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتتى.

**«ظَهَرَتْ طَبْعَةٌ مُفَسَّرَةٌ مِنَ الْقُرْآنِ الْكَرِيمِ فَتَخَاطَفَتْهَا الْأَيْدِي» :** قۇرئان كەرىم تەپسىرىنىڭ يېڭى باسمىسى چىقىۋىدى، كىشىلەر ئۇنى تالاپ كەتتى.

**تَخَافَتَ يَتَخَافَتُ تَخَافُتًا الشَّخْصَانِ:** پىچىرلاشتى، شىۋىرلاشتى.

**«يَتَخَافَتُونَ بَيْنَهُمْ إِنْ لَبِثْتُمْ إِلاَّ عَشْرًا» «قرآن» :** (قىيامەتنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ.

**تَخَالَجَ يَتَخَالَجُ تَخَالُجًا فِي صَدْرِهِ شَيْءٌ:** شۈبھىلەندى، گۇمان پەيدا بولدى، گۇمان قىلدى.

**تَخَالَجَتْهُ الْهُمُومُ:** ئۇنى غەم - قايغۇلار ئورىۋالدى.

**تَخَالَطَ يَتَخَالَطُ تَخَالُطًا الشَّيْئَانِ:** ئارىلاشتى، ئارىلىشىپ كەتتى.

**تَخَالَطَ الرَّجُلاَنِ:** ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە بولدى، ئالاقىلەشتى.

**تَخَالَعَ يَتَخَالَعُ تَخَالُعًا الزَّوْجَانِ:** پۇل - مال ئېلىش بەدىلىگە، خوتۇن خېتىنى ئېلىشقا كېلىشتى.

**تَخَامَرَ يَتَخَامَرُ تَخَامُرًا:** ئارىلاشتى، قاتناشتى.

**تَخَانَقَ يَتَخَانَقُ تَخَانُقًا الشَّخْصَانِ:** تاكاللىشىپ قالدى، جاڭجاللىشىپ قالدى.

**تَخَايَلَ يَتَخَايَلُ تَخَايُلاً الشَّخْصُ:** مەغرۇرلاندى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى، غادايدى.

**تَخَايَلَ لَهُ الشَّيْءُ:** ئوخشاش بولۇپ قالدى.

**تَخْبِئَةٌ:** يوشۇرۇپ قويماق.

**«لَيْسَ بُخْلاً تَخْبِئَتُكَ بَعْضَ مَالِكَ لِلطَّوَارِيِّ» :** بىر قىسىم مېلىڭنى تاسادىپىيلىقلار ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويۇش بېخىللىق ھېسابلانمايدۇ.

**تَخَبَّثَ يَتَخَبَّثُ تَخَبُّثًا:** ئەسكىلىشىپ كەتتى.

**تَخَبَّطَ يَتَخَبَّطُ تَخَبُّطًا فِي عَمَلِهِ:** قارىسىغا ئىش قىلدى.

**تَخَبَّطَ الشَّيْطَانُ فُلاَنًا:** شەيتان پالانىنى ساراڭ قىلىپ قويدى، جىن چاپلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالدى.

**«لاَ يَقُومُونَ إِلاَّ كَمَا يَقُومُ الَّذِى يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ» «قرآن» :** جازانە،

ئۇسسۇم يېگەن ئادەملەر جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ.

**تَخَبَّطَ فِي قَوْلِهِ:** قارىسىغا گەپ قىلدى، كەلسە-كەلمەس گەپ قىلدى.

**تَخَبَّطَتِ الْبِلاَدُ:** يۇرت قوزغالدى، قالايمىقان بولۇپ كەتتى.

**تَخَبَّلَ يَتَخَبَّلُ تَخَبُّلاً:** ساراڭ بولدى، ئەقلىدىن ئازدى، نېرۋىسىدىن ئاداشتى، قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

**تَخَبَّى يَتَخَبَّى تَخَبِّيًا الْخِبَاءَ:** چېدىر تىكتى.

**تَخْبِيرٌ:** خەۋەر يەتكۈزمەك.

**«تَخْبِيرُكَ إِيَّايَ أَنْبَاءَ الْوَطَنِ أَثْلَجَ صَدْرِي»:** سېنىڭ ۋەتەن خەۋىرىنى ماڭا يەتكۈزۈشۈڭ مېنى مەمنۇن قىلدى.

**تَخْتٌ ج تُخُوتٌ:** ئورۇندۇق، قارا تاختا.

**تَخْتُ الرُّقَادِ:** كارىۋات.

**تَخْتُ الثِّيَابِ:** كىيىم ئىشكاپى.

**تَخْتُ الْمَمْلَكَةِ:** پايتەخت.

**تَخْتُ الْغِنَاءِ:** كونسېرت زالى.

**تَخْتَةٌ:** دوسكا، قارا تاختا؛ ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ياغاچ ئورۇندۇق.

**تَخْتَاخٌ:** كېكەچ.

**تَخْتَةُ الْكِتَابَةِ:** يېزىق ئۈستىلى.

**تَخْتَخَةٌ:** كېكەچ؛ كېكەچلىمەك، دۇدۇقلىماق.

**تَخَتَّمَ يَتَخَتَّمُ تَخَتُّمًا:** ئۈزۈك سالدى.

**تَخَثَّرَ يَتَخَثَّرُ تَخَثُّرًا اللَّبَنُ:** سۈت ئۇيۇپ قالدى، قېتىپ قالدى، قويۇقلىشىپ كەتتى، ئېرىپ قالدى.

**«لَقَدْ تَخَثَّرَ السُّكَّرُ فِي قِطْعَةٍ وَاحِدَةٍ»:** شېكەر قېتىپ گادا بولۇپ قاپتۇ.

**تَخَثَّرَ السَّائِلُ:** سۇيۇقلۇق ئۇيۇپ قالدى، قويۇلدى، قويۇلۇپ قالدى.

**تَخَثُّرٌ:** قاتماق، قېتىپ قالماق.

**اَلتَّخَثُّرُ التَّاجِيُّ:** تاجسىمان يۈرەك تومۇرلىرىنىڭ قېتىشى.

**تَخَّ يَتُوخُّ تَخًّا وَ تُخُوخَةً الْعَجِينُ:** خېمىر ئېچىدى، بولدى.

**تَخٌّ:** خېمىر تورۇچ، ئېچىتقۇ (خېمىر).

**تَخَدَّدَ يَتَخَدَّدُ تَخَدُّدًا الْجِلْدُ:** تېرە پۈرلاشتى، پۈرۈلدى، قاتلاشتى.

**تَخَدَّرَ يَتَخَدَّرُ تَخَدُّرًا الْمَرِيضُ:** كېسەل ناركوز توپەيلىدىن، مەست بولدى.

**تَخَدَّرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال مەستۇرە بولدى (چۈمبەل تارتتى).

**تَخَدُّرٌ:** بوشاپ كەتمەك، سېزىمى يوق بولماق.

**«طُولُ الْجِلْسَةِ مِنْ أَسْبَابِ تَخَدُّرِ الرِّجْلِ»:** ئۇزۇن ئولتۇرۇش پۇتنىڭ قۇۋلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تَخَدَّلَ يَتَخَدَّلُ تَخَدُّلاً:** سېزىمنى يوقاتتى.

**«تَخَدَّلَ الْأَعْضَاءُ وَلاَ تَبَلَّدَ الْإِحْسَاسُ»:** ئەزالار سېزىمىنى يوقاتتى، تۇيغۇ سۇسلىشىپ قالغىنى يوق.

**تَخْدِيرٌ:** ناركوز قىلماق.

**تَخْدِيرٌ عَامٌ:** ھوشسىزلاندۇرماق، پۈتۈن ناركوز قىلماق.

**تَخْدِيرٌ مَحَلِّيٌّ:** قىسمەن ناركوز قىلماق.

**تَخْدِيرٌ مَوْضِعِيٌّ:** قىسمەن ناركوز قىلماق.

**تَخْدِيمٌ:** خىزمەتكە تونۇشتۇرماق.

**مَكْتَبُ التَّخْدِيمِ:** ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئورنى.

**تَخِذَ يَتْخَذُ تَخْذًا:** ئالدى، تۇتتى.

**تَخِذَهُ صَدِيقًا:** ئۇنى دوست تۇتتى.

**تَخَرْبَطَ يَتَخَرْبَطُ تَخَرْبُطًا:** كاردىن چىقتى.

**تَخَرَّبَ يَتَخَرَّبُ تَخَرُّبًا الْبَيْتُ:** ئۆي خاراب بولدى، ۋەيران بولدى، بۇزۇلدى.

**تَخَرَّجَ يَتَخَرَّجُ تَخَرُّجًا:** ئوقۇش پۈتتۈردى.

**«تَخَرَّجَ أَخِي فِي الرِّيَاضِيَّاتِ»:** مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم ماتېماتىكا كەسپىنى تاماملىدى.

**«أَقَامَتْ كُلِّيَّةُ الْآدَابِ حَفْلَ التَّخَرُّجِ السَّنَوِيِّ»:** ئەدەبىيات فاكۇلتېتى يىللىق مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

**تَخَرَّدَ يَتَخَرَّدُ تَخَرُّدًا ـ تِ الْبِنْتُ:** قىز قىز پېتى تۇردى.

**تَخَرَّصَ يَتَخَرَّصُ تَخَرُّصًا:** بوھتان چاپلىدى، تۆھمەت چاپلىدى.

**«تَخَرَّصَ عَلَى الْأَمْوَاتِ وَكَذَّبَ عَلَى الْأَحْيَاءِ» :** ئۇ ئۆلگەنلەرگە يالغاننى چاپلىدى ۋە تىرىكلەرنى ئالدىدى.

**تَخَرُّصٌ ج تَخَرُّصَاتٌ:** بوھتان چاپلاش، تۆھمەت قىلىش، بىلجىرلاش، قارىلاش؛ ئويدۇرما، تۆھمەت.

**تَخَرَّطَ يَتَخَرَّطُ تَخَرُّطًا:** سۇرگە ئارقىلىق ئىچى تازىلاندى؛ تەنتەكلىك قىلدى، ئالدىراقسانلىق قىلدى.

**تَخَرَّقَ يَتَخَرَّقُ تَخَرُّقًا الثَّوْبُ:** كىيىم يىرتىلدى، سۆكۈلۈپ كەتتى.

**تَخَرُّقٌ:** يىرتىلماق، سۆكۈلۈپ كەتمەك.

**تَخَرَّمَ يَتَخَرَّمُ تَخَرُّمًا الْوَبَاءُ الْقَوْمَ:** ۋابا ھالاك قىلدى، ۋابا ئۆلتۈردى.

**تُخْرُوبٌ ج تَخَارِيبُ:** يۇمۇلاق تۆشۈك.

**تَخْرِيبٌ:** ۋەيران قىلماق.

**تَخْرِيبُ الْآثَارِ الْقَدِيمَةِ:** قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلماق.

**تَخْرِيمٌ:** تۆشۈك تەشمەك.

**آلَةُ التَّخْرِيمِ:** تېشىش ماشىنىسى، ئۆشكە.

**تَخْرِيمَةٌ:** يېقىن يول.

**تَخْزِيرٌ:** سىنچىلاپ قارىماق.

**تَخْزِينٌ:** خەزىنىگە كىرگۈزمەك؛ ساقلىماق، غەملىمەك.

**أُجْرَةُ التَّخْزِينِ:** ساقلاش ھەققى.

**تَخَشَّبَ يَتَخَشَّبُ تَخَشُّبًا:** قاتتىق بولدى.

**تَخَشَّعَ يَتَخَشَّعُ تَخَشُّعًا الشَّخْصُ:** كەمتەرلىك قىلدى، ھۆرمەت بىلدۈردى، تىكىلىپ قارىماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، ئاۋازىنى پەسلەتتى.

**تَخَشَّنَ يَتَخَشَّنُ تَخَشُّنًا الشَّخْصُ:** ئاددى ـ ساددا غورىگىل تۇرمۇشقا ئادەتلەندى.

**تَخَصَّصَ يَتَخَصَّصُ تَخَصُّصًا فِي كَذَا:** خاس قىلدى، ئايرىم قىلدى، ئاتىدى؛ مۇتەخەسسىسلەشتى.

**لَقَدْ تَخَصَّصَ لَكَ هَذَا الْمَنْزِلُ:** بۇ ئۆي ساڭا تەئەللۇق بولدى، بۇ ئۆي ساڭا تەۋە بولدى.

**تَخْصِيصٌ:** ئالاھىدە قىلماق، بەلگىلىمەك، كۆرسەتمەك، خاس قىلماق.

**تَخْصِيصُ الْأَهْدَافِ:** ۋەزىپە دائىرىسىنى بېكىتمەك، خىزمەت دائىرىسىنى بېكىتمەك، نىشان بەلگىلىمەك.

**عَلَامَةُ تَخْصِيصٍ:** قوش پەش ("").

**بِالتَّخْصِيصِ:** ئالاھىدە.

**عَلَى التَّخْصِيصِ وَعَلَى الْعُمُومِ:** خۇسۇسى ۋە ئومۇمى.

**تَخَضَّبَ يَتَخَضَّبُ تَخَضُّبًا الْجَرِيحُ بِدَمِهِ:** ياردار قېنىغا بويالدى.

**تَخَضَّبَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال كىشى بوياق بىلەن پەرداز قىلدى.

**تَخَضَّبَتْ يَدَاهُ بِالدِّمَاءِ:** ئىككى قولى قان بىلەن بويالدى.

**تَخَطَّرَ يَتَخَطَّرُ تَخَطُّرًا فِي مَشْيِهِ:** ئىرغاڭلاپ ماڭدى، كۆرەڭلەپ ماڭدى.

**تَخَطَّفَ يَتَخَطَّفُ تَخَطُّفًا الشَّيْءَ:** تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى، بۇلىۋالدى.

**«وَاذْكُرُوا إِذْ أَنْتُمْ قَلِيلٌ مُسْتَضْعَفُونَ فِي الْأَرْضِ تَخَافُونَ أَنْ يَتَخَطَّفَكُمُ النَّاسُ» «قرآن» :** ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر مەككە زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغانىدىڭلار، كىشىلەرنىڭ مۇشرىكلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار.

**تَخَطَّى يَتَخَطَّى تَخَطِّيًا الْمُوَظَّفُ زَمِيلَهُ:** خىزمەتچى، خىزمەتدىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

**تَخَطَّى الصُّعُوبَاتِ وَالْمَشَاكِلَ:** قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى.

**«بِالْمُثَابَرَةِ تَخَطَّيْنَا الصُّعُوبَاتِ الَّتِي وَاجَهْتْنَا» :** بىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى چىدامچانلىق بىلەن يەڭدۇق.

**«مِنْ طَبِيعَةِ حَرَكَاتِ التَّجْدِيدِ أَنْ تَتَخَطَّى الْمَفَاهِيمَ التَّقْلِيدِيَّةَ» :** يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈشتۇر.

**تَخَطَّى الْحُدُودَ:** چېگرىدىن ھالقىپ كەتتى.

**تَخَطَّى الْبَائِعُ الرَّجُلَ:** ساتقۇچى بىراۋنىڭ نۆۋىتىنى بىلمەسكە سېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىگە بېرىۋەتتى.

**تَخَطَّى الشَّخصُ التُّرْعَةَ:** ئۆستەڭنى ئاتلاپ ئۆتتى.

**تَخَطَّتْهُ الْأَحْدَاثُ:** ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

**تَخْطِيطُ الْحُدُودِ:** چېگرا ئايرىماق، چېگرا سىزىقىنى بەلگىلىمەك، پىلانلىماق.

**تَخْطِيطُ الْبُلْدَانِ:** جۇغراپىيە.

**تَخْطِيطُ الْأَرَاضِي:** يەر كۆلىمى.

**تَخَفَّرَ يَتَخَفَّرُ تَخَفُّرًا الْخَائِفُ بِالشُّرْطِيِّ:** قورققان ئادەم ساقچىدىن ياردەم تىلىدى.

**تَخَفَّرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ئىزا تارتتى، خىجىل بولدى.

**تَخَفَّقَ يَتَخَفَّقُ تَخَفُّقًا:** يەڭگىللىدى، يېنىكلىدى.

**تَخَفَّى يَتَخَفَّى تَخَفِّيًا الشَّخْصُ:** يوشۇرۇندى؛ گىرىم قىلدى، باشقىچە ياسىنىۋالدى.

**«تَخَفَّى اللِّصُّ فِي مَلَابِسِ شُرْطِيٍّ»:** ئوغرى ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋالدى.

**«تَخَفَّى الصَّائِدُ لِلصَّيْدِ»:** ئوۋچى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

**تَخَفٍّ:** گىرىم قىلماق، باشقىچە ياسانماق.

**تَخْفِيضٌ:** تۆۋەنلەتمەك، پەسلەتمەك.

**تَخْفِيضُ الْأَسْعَارِ:** باھانى چۈشۈرمەك.

**تَخْفِيضُ النَّفَقَاتِ:** خىراجەتنى يېنىكلەتمەك.

**تَخْفِيضُ السِّلَاحِ:** ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتماق.

**تَخْفِيفٌ:** يېنىكلەتمەك، يەڭگىللەتمەك.

**«ذَلِكَ تَخْفِيفٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَرَحْمَةٌ»** «قرآن»: بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر.

**تَخْفِيفُ الضَّرَائِبِ:** باجنى كېمەيتىش.

**تَخْفِيفُ الْعُقُوبَةِ:** جازانى يېنىكلىتىش.

**ظُرُوفُ التَّخْفِيفِ:** جازانى يېنىكلىتىش شەرتلىرى.

**تَخْفِيفُ عُقُوبَةِ الْإِعْدَامِ إِلَى عُقُوبَةِ السِّجْنِ مَدَى الْحَيَاةِ:** ئۆلۈم جازاسىنى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا يېنىكلىتىش.

**تَخْفِيفُ حِدَّةِ التَّوَاتُرِ:** جىددىيلىكنى پەسەيتىش.

**تَخَلْخَلَ يَتَخَلْخَلُ تَخَلْخُلًا الشَّيْءُ:** ئاران بولۇپ قالدى.

**تَخَلْخَلَ مِنْ مَكَانِهِ:** ئورنىدىن قوزغالدى.

**تَخَلْخَلَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال پۇتىغا ھالقا سالدى، پۇت بىلەيزۈكى سالدى.

**تَخَلْخُلٌ:** شالاڭ بولماق؛ (ئاياللار) پۇت بىلەيزۈكى سالماق.

**«تَخَلْخُلُ صُفُوفِ الْجُنُودِ يُنْذِرُ بِنَفَاذِ الْعَدُوِّ مِنْهَا»:** ئەسكەر سەپلىرىنىڭ زىچ بولماي يوچۇق قېلىشى، دۈشمەنلەرنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**تَخَلَّجَ يَتَخَلَّجُ تَخَلُّجًا:** تەۋرەندى، داۋالغۇدى، پاراكەندە بولدى، قالايمىقانلاشتى.

**تَخَلَّدَ يَتَخَلَّدُ تَخَلُّدًا:** مەڭگۈلۈك قېلىپ قالدۇردى، ئۆلمەس قىلدى.

**تَخَلَّصَ يَتَخَلَّصُ تَخَلُّصًا مِنَ الْوَرْطَةِ:** پاتقاقتىن قۇتۇلدى، قېچىپ قۇتۇلدى.

**تَخَلُّصٌ:** قۇتۇلماق، خالاس تاپماق.

**حُسْنُ التَّخَلُّصِ. بَرَاعَةُ التَّخَلُّصِ:** (شائىر يازغان شېئىرنىڭ مۇقەددىمىسىدىن مەقسەتكە يۆتكىلىشتە تەكەللۇپ چەكمەستىن ئۇستىلىق بىلەن مەقسەتكە يۆتكىلىش).

**اَلتَّخَلُّصُ فِي الْأَدَبِ وَالْبَلَاغَةِ:** (بىر سۆزدىن ئىككىنچى بىر سۆزگە يۆتكىلىشتە ئالدىنقى سۆز بىلەن كېيىنكى سۆزنىڭ ئارىسىدا ماسلىشىشچانلىقى بولغان بىر ئۇسۇلنى قوللىنىش).

**تَخَلَّعَ يَتَخَلَّعُ تَخَلُّعًا:** يىمىرىلدى، پارچىلاندى.

**تَخَلَّعَ الشَّيْءُ:** ئاجراپ كەتتى، پارچىلىنىپ كەتتى، چۇۋالچاق بولۇپ قالدى.

**تَخَلَّعَ فِي الشَّرَابِ:** ئىچىملىككە بېرىلدى، ئىچكۈلۈككە بېرىلدى.

**تَخَلَّفَ يَتَخَلَّفُ تَخَلُّفًا عَنِ الْقَوْمِ أَوْ عَنِ الْعَمَلِ:** قەۋمىدىن ياكى ئىشتىن ئارقىدا قېلىپ قالدى،

بارمىدى.

**«مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِيْنَةِ وَمَنْ حَوْلَهُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنْ رَسُولِ اللّٰهِ»** (قرآن) : مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى ... توغرا ئەمەس ئىدى.

**تَخَلَّقَ الطِّفْلُ:** بالىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستا بولدى.

**تَخَلَّقَ الشَّعْبُ:** خەلق ئارقىدا قالدى.

**«تَخَلَّفَ عَنِ الْمُحَاضَرَةِ»** : لېكسىيىگە قاتناشمىدى.

**تَخَلَّفَ عَنِ الْمَجِيْءِ:** كەلمىدى.

**تَخَلَّقَ يَتَخَلَّقُ تَخَلُّقًا الْجَنِيْنُ فِى بَطْنِ أُمِّهِ:** بالا ئانىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلدى.

**«تَخَلَّقَ بِأَخْلَاقِ الْعُلَمَاءِ»** : ئالىملارنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈردى.

**تَخَلَّلَ يَتَخَلَّلُ تَخَلُّلاً الْقَوْمَ:** ۋاسىتىچىلىك قىلدى.

**تَخَلَّلَ بَعْدَ الْأَكْلِ:** تاماقتىن كېيىن چىشىنى كولىدى.

**تَخَلَّى يَتَخَلَّى تَخَلِّيًا عَنْ أَوْ مِنَ الدُّنْيَا:** دۇنيادىن ۋاز كەچتى، قىزىقمىدى.

**«عَلَيْنَا أَلَّا نَتَخَلَّى عَنِ الْمَبَادِئِ تَحْتَ أَيِّ ظَرْفٍ مِنَ الظُّرُوفِ»** : ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا پرىنسىپتىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك.

**تَخَلَّى لِكَذَا:** بېرىلدى، پۈتۈنلەي بېرىلدى.

**«عَلَى الْمَرْءِ أَلَّا يَتَخَلَّى عَنْ مَبَادِئِهِ»** : ئىنسان پرىنسىپتىن ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك.

**اَلتَّخَلِّي:** خالى قىلماق، خىلۋەت ئىزدىمەك، ۋاز كەچمەك.

**اَلتَّخَلِّي عَنِ الرَّأْيِ الشَّخْصِيِّ:** شەخسىي پىكىردىن ۋاز كېچىش.

**تَخْلِيَةٌ:** قويۇپ بەرمەك، قويۇۋەتمەك؛ تاشلىۋەتمەك.

**تَخْلِيْصٌ:** قۇتقۇزماق، خالاس قىلماق.

**تَخْلِيْطٌ:** ئارىلاشتۇرماق.

**تَخْلِيطُ الْحُمَّى:** جۆيلىمەك.

**تَخَمَ يَتْخِمُ تَخْمًا:** چېگرا بەلگىلىدى.

**تَخِمَ يَتْخَمُ تَخَمًا:** تويدى، قورساق بەك تويۇپ كەتتى.

**تَخِمَ الشَّخْصُ:** قورساق ئېسىلدى، سىڭدۈرەلمىدى، ھەزىم قىلالمىدى.

**تَخْمٌ ج تُخُومٌ:** پاسىل، چېگرا، دۆلەت چېگرىسى.

**تُخَمَةٌ:** قورسىقى ئېسىلىپ كېتىش، تاماق سىڭمەي قېلىش، ھەزىم بولماسلىق؛ ھەزىم قىلالماسلىق.

**«تَنَاوَلْ قَلِيْلاً مِنَ الْأَطْعِمَةِ حَتَّى لَا تُصَابَ بِالتُّخْمَةِ»** : قورسىقىڭ ئېسىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئازراق تاماق يېگىن.

**تَخَمَّرَ يَتَخَمَّرُ تَخَمُّرًا عَصِيْرُ الْعِنَبِ:** ئۈزۈم سۈيى ئېچىدى.

**تَخَمَّرَ الْعَجِيْنُ:** خېمىر بولدى.

**تَخَمَّرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال رومال ئارتتى.

**«لَقَدْ حَضَرَ الشَّايُ وَلَكِنْ دَعْهُ يَتَخَمَّرُ قَلِيْلاً»** : چاي تەييار بولدى، لېكىن ئازراق تەمى چىقسۇن.

**تَخَمَّرَ الْفِكْرَةُ:** ئوي - پىكىر، ئىدىيە پىشىپ يېتىلدى.

**تَخَمُّرٌ:** ئېچىماق.

**تَخْمِيْرٌ:** ئېچىتماق.

**تَخْمِيْرُ الْعَجِيْنِ:** خېمىر تۇرۇچ قىلماق.

**تَخْمِيْرُ الْخُمُورِ:** ھاراق ئىشلىمەك.

**تَخْمِيسٌ:** شېئىرنى مۇخەممەس قىلماق، باشقىلارنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىغا ئۆزى ئۈچ مىسرا قوشۇپ بەش مىسرا قىلماق.

**تَخْمِيْنٌ:** پەرەز قىلماق، مۆلچەرلىمەك، تەخمىن قىلماق.

**عَلَى سَبِيْلِ التَّخْمِيْنِ:** مۆلچەرلەش، تەخمىنەن.

**تُخْنٌ:** يوغان؛ چىڭ؛ قاتتىق.

**تَخَنَّثَ يَتَخَنَّثُ تَخَنُّثًا الرَّجُلُ:** ئەر كىشى ئايال مىجەز بولۇپ قالدى، زەيپانە بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



**تَخَوَّقَ يَتَخَوَّقُ تَخَوُّقًا عَلَى:** ئەنسىرەپ كەتتى.

**تَخَوَّفَ مِنْ كَذَا:** قورقتى، قورقۇنچ باستى؛ كېمەيتتى، ئۈپراتتى.

**تَخْوِيفٌ:** قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

**«وَمَا نُرْسِلُ بِالآيَاتِ إِلاَّ تَخْوِيفًا» «قرآن»:** بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز.

**تَخَيَّبَ يَتَخَيَّبُ تَخَيُّبًا:** مەقسەتكە يېتەلمىدى، ئۈمىدسىزلەندى، زىيان تارتتى.

**تَخَيَّرَ يَتَخَيَّرُ تَخَيُّرًا:** تاللىدى؛ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تاللىدى، ئىختىيار قىلدى.

**«وَ فَاكِهَةٍ مِمَّا يَتَخَيَّرُونَ» «قرآن»:** ئۇلارغا ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ.

**تَخَيُّرٌ:** تاللاش.

**تَخَيَّطَ يَتَخَيَّطُ تَخَيُّطًا رَأْسُهُ:** بېشىغا ئاق سانجىدى، بېشىغا ئاق كىردى.

**تَخَيَّلَ يَتَخَيَّلُ تَخَيُّلاً الشَّيْءَ:** تەسەۋۋۇر قىلدى، كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، خىيال قىلدى.

**تَخَيَّلَ الْخَيْرَ فِي فُلاَنٍ:** ياخشىلىقنى مۆلچەرلىدى، ياخشىلىقنى ئويلىدى، ياخشىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

**تَخَيُّلٌ ج تَخَيُّلاَتٌ:** خىيال، تەسەۋۋۇر.

**تَخَيُّلٌ جَامِعٌ:** رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەسەۋۋۇر، خىيال، ئىشقا ئاشمايدىغان خىيال، خام خىيال.

**تَخَيُّلاَتٌ أَدَبِيَّةٌ:** ئەدەبىي تەسەۋۋۇرلار.

**تَخَيَّمَ يَتَخَيَّمُ تَخَيُّمًا الْيَأْسُ فِي رُوحِهِ:** ئۈمىد ئۈزدى.

**تَخَيَّمَ:** چېدىرغا كىردى، چېدىردا تۇردى.

**تَدَابَرَ يَتَدَابَرُ تَدَابُرًا:** دۈشمەنلىشىشتى.

**«وَلاَ تَدَابَرُوا وَلاَ تَقَاطَعُوا» «حديث»:** دۈشمەنلەشمەڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويماڭلار.

**تَدَاخَلَ يَتَدَاخَلُ تَدَاخُلاً الشَّيْءُ:** كىرىشىپ كەتتى، ئارىلىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى.

**تَدَاخَلَ بَيْنَهُمْ:** ياراشتۇردى، ئەپلەشتۈردى، ئارىغا كىردى.

**تَدَاخَلَتِ الأُمُورُ:** ئىشلار ئارىلىشىپ مۇجىمەل بولۇپ كەتتى.

**تَدَاخَلَنِي مِنَ الْقَلَقِ شَيْءٌ:** ئىچىم پۇشتى، ئىچىم تىت ـ تىت بولدى.

**تَدَاخُلٌ:** ئارىلاشماق، قول تىقماق.

**خَاصِيَّةُ التَّدَاخُلِ:** ئۆتكۈزۈشچانلىق، سىڭدۈرۈشچانلىق.

**تَدَارَأَ يَتَدَارَأُ تَدَارُؤًا الشَّخْصَانِ:** ئۆز ئارا قارشىلاشتى.

**تَدَارَسَ يَتَدَارَسُ تَدَارُسًا الْمَسْأَلَةَ:** مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتى، مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتى.

**تَدَارَكَ يَتَدَارَكُ تَدَارُكًا مَا فَاتَهُ:** تولۇقلىۋالدى؛ قوغلاپ يېتىشىۋالدى.

**«لَوْلاَ أَنْ تَدَارَكَهُ نِعْمَةٌ مِنْ رَبِّهِ لَنُبِذَ بِالْعَرَاءِ وَهُوَ مَذْمُومٌ» «قرآن»:** ئەگەر ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ (قىلمىشىغا) مالامەت قىلىنغان ھالدا (دەرەخمۇ يوق، تاغمۇ يوق) بىر دالىغا تاشلانغان بولاتتى.

**تَدَارَكَ الأَمْرَ:** ئوڭشىدى، تۈزەتتى؛ ئېرىشتى، يەتتى.

**تَدَارَكَ الْخَطَأَ بِالصَّوَابِ:** خاتالىقنى تۈزەتتى، خاتالىقنى ئوڭشىدى.

**تَدَارَكَ اللهُ بِرَحْمَتِهِ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

**تَدَاعَى يَتَدَاعَى تَدَاعِيًا:** يىقىلاي دەپ قالدى؛ بىر ـ بىرىنى چاقىرىشتى.

**تَدَاعَى الْبِنَاءُ:** ئىمارەت چاك كەتتى، ئىمارەت يىقىلاي دەپ قالدى.

**تَدَاعَتِ الأَفْكَارُ:** ئېسىگە كېلىۋالدى، يادىغا كەچتى.

**تَدَاعَتْ عَلَيْهِمُ الْقَبَائِلُ:** قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ باردى.

**تَدَاعَبَ يَتَدَاعَبُ تَدَاعُبًا:** چاقچاق قىلىشتى.

**تَدَافَعَ يَتَدَافَعُ تَدَافُعًا الْقَوْمُ:** ئالغا سۈرۈشتى، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشتى.

**تَدَافَعَ عَلَى:** ئىلگىرى سۈردى، ئىلگىرىلەتتى.

**تَدَافَعَ السَّيْلُ:** كەلكۈن ئۆركەشلەپ ئاقتى.

**تَدَانَى يَتَدَانَى تَدَانِيًا:** بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى، ئۆز ئارا يېقىنلاشتى.

**تَدَاهَى يَتَدَاهَى تَدَاهِيًا الشَّخْصُ:** بىلەرمەن بولۇۋالدى، دانا قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَدَاوَلَ يَتَدَاوَلُ تَدَاوُلاً:** قولدىن ـ قولغا بەردى.

**تَدَاوَلَتِ الأَلْسُنُ:** ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقالدى.

**تَدَاوَلَتِ الأَيْدِي:** قولدىن ـ قولغا ئۆتتى.

**تَدَاوَلُوا الشَّيْءَ:** قولدىن ـ قولغا بەردى.

**بِالتَّدَاوُلِ:** رەت بويىچە، تەرتىپ بىلەن.

**تَدَاوُلٌ:** تاراتماق، تارقاتماق.

**تَدَاوَى يَتَدَاوَى تَدَاوِيًا الْمَرِيضُ:** كېسەل دورا يېدى، دورا ئىستېمال قىلدى.

**تَدَايَنَ يَتَدَايَنُ تَدَايُنًا الرِّجَالُ:** قەرز بېرىشتى، ئۆتنە بېرىشتى.

**«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا تَدَايَنْتُمْ بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى فَاكْتُبُوهُ» «قرآن»:** ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار.

**تَدَبَّرَ يَتَدَبَّرُ تَدَبُّرًا فِي الأَمْرِ:** ئويلاندى، ئەستايىدىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزدى.

**«أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا» «قرآن»:** ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ).

**تَدَبَّرَ فِي مَالِهِ:** تېجىدى، ئىقتىساد قىلدى.

**تَدَبَّقَ يَتَدَبَّقُ تَدَبُّقًا بِالْعَرَقِ:** تەرگە چاپلاشتى.

**تَدَبَّقَ الطَّائِرُ:** قۇش يېلىم بىلەن تۇتۇلدى.

**تَدَبَّقَ الشَّيْءُ:** چاپلىشىپ قالدى.

**تَدْبِيرٌ:** ئورۇنلاشتۇرماق، باشقۇرماق، بېجىرمەك، بىر تەرەپ قىلماق، رەتكە سالماق؛ تېجىمەك.

**تَدْبِيرُ الْمَنْزِلِ:** ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرماق.

**تَدْبِيرُ مَكَايِدَ:** ھىيلە ـ مىكىر پىلانلىماق؛ قەست قىلماق.

**«اَلْمَرْءُ فِي تَفْكِيرٍ وَ اللهُ فِي تَدْبِيرٍ»:** تەدبىر كىشىدىن، تەقدىر ئاللاھتىن؛ تەقدىر باشقا، تەدبىر باشقا؛ خۇدانىڭ تەقدىرى بەندىسىنىڭ تەدبىرىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ.

**تَدْبِيرٌ ج تَدَابِيرُ:** چارە، ئۇسۇل، تەدبىر، ئامال، ئىلاج.

**«اِنْدَفَعَ دُونَ تَفْكِيرٍ أَوْ تَدْبِيرٍ»:** ئويلىماستىنلا چالۋارقىدى.

**اِتَّخَذَ التَّدْبِيرَ:** تەدبىر قوللاندى.

**«اِتَّخَذَ التَّدَابِيرَ اللاَّزِمَةَ»:** زۆرۈر چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى.

**تَدَابِيرُ الْحَيْطَةِ:** ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى.

**تَدَابِيرُ اِسْتِثْنَائِيَّةٌ:** پەۋقۇلئاددە ئۇسۇل، ئادەتتىن تاشقىرى چارە.

**تَدَثَّرَ يَتَدَثَّرُ تَدَثُّرًا الشَّخْصُ:** يۆگىنىۋالدى، كىيىنىۋالدى.

**تَدَثَّرَ الْفَارِسُ فَرَسَهُ:** چەۋەنداز ئېتىغا سەكرەپ مىندى.

**تَدَجَّجَ يَتَدَجَّجُ تَدَجُّجًا فِي السِّلاَحِ:** قوراللاندى.

**تَدَحْدَرَ يَتَدَحْدَرُ تَدَحْدُرًا الشَّيْءُ:** نەرسە دومىلىدى، يۇمىلىدى.

**تَدَحْرَجَ يَتَدَحْرَجُ تَدَحْرُجًا الشَّيْءُ:** نەرسە دومىلىدى، نەرسە يۇمىلىدى.

**«يَتَدَحْرَجُ الأَطْفَالُ فِي حُفْرَةِ الرِّمَالِ»:** باللار قۇم ئورەكتە يۇمۇلىماقتا.

**تَدَخَّلَ يَتَدَخَّلُ تَدَخُّلاً:** ئارىغا كىردى، ئارىلاشتى.

**تَدَخَّلَ الشَّخْصُ:** پەيدىنپەي كىردى، ئاستا ـ ئاستا كىردى.

**تَدَخَّلَ فِي الشُّؤُونِ الدَّاخِلِيَّةِ:** ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشتى.

**تَدَخَّلَ فِي الْحَدِيثِ:** گەپنىڭ بېلىگە تەپتى، سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ ئۇلارغا ئورتاقلاشتى.

**تَدَخَّلَ فِي الأَمْرِ:** ئارىلاشتى، ئورتاقلاشتى.

**تَدَخَّلَ فِي الْخُصُومَةِ:** دەۋاغا ئارىلاشتى.

**«عَلَى كُلِّ شَخْصٍ أَنْ يَتَدَخَّلَ فِي الْقَضَايَا الَّتِي تُبَذَّرُ فِيهَا أَمْوَالُ الدَّوْلَةِ وَ مُمْتَلَكَاتُهَا»:**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى ئىسراپ بولىدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىشتا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

**تَدَخُّلٌ:** ئارىلاشماق، قول تىقماق.

**سِيَاسَةُ عَدَمِ التَّدَخُّلِ:** باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتى.

**«يُقَاوِمُ الْعَرَبُ التَّدَخُّلَ الْأَجْنَبِيَّ»:** ئەرەبلەر چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

**تَدَخَّنَ يَتَدَخَّنُ تَدَخُّنًا:** ئىسرىق سالدى.

**«تَدَخَّنَ فُلَانٌ بِالدُّخْنَةِ»:** خۇش پۇراقلار بىلەن ئىسرىق سالدى.

**تَدْخِينٌ:** تاماكا چەكمەك.

**اَلرَّجَاءُ عَدَمُ التَّدْخِينِ/مَمْنُوعُ التَّدْخِينِ:** تاماكا چەكمەڭ (ئاممىۋى سورۇنلارغا يېزىپ قويۇلىدىغان ئىبارە).

**أُوضَةُ التَّدْخِينِ:** تاماكا چېكىش ئۆيى.

**تَدَرَّبَ يَتَدَرَّبُ تَدَرُّبًا:** مەشىق قىلدى.

**«اَلتَّلَامِيذُ يَتَدَرَّبُونَ عَلَى الْأَلْعَابِ الرِّيَاضِيَّةِ»:** ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە ئويۇنلىرى مەشىقى قىلىۋاتىدۇ.

**تَدَرَّجَ يَتَدَرَّجُ تَدَرُّجًا فِي وَظِيفَتِهِ:** ۋەزىپىسى ئۆستى.

**«تَدَرَّجَ فِي سُلَّمِ الْحَضَارَةِ»:** پەيدىنپەي تەرەققى تاپتى.

**اَلتَّدَرُّجُ:** ئاستا ـ ئاستا، تەدرىجىي؛ پراكتىكا قىلماق.

**بِتَدَرُّجٍ:** تەدرىجى، ئاستا ـ ئاستا، پەيدىنپەي.

**تَدَرَّعَ يَتَدَرَّعُ تَدَرُّعًا الْفَارِسُ الدِّرْعَ أَوْ بِالدِّرْعِ:** چەۋەنداز ساۋۇت كىيدى.

**تَدَرَّعَ بِالصَّبْرِ:** سەۋرى ـ تاقەتلىك بولدى، چىدامىلىق بولدى.

**تَدَرَّقَ يَتَدَرَّقُ تَدَرُّقًا الْفَارِسُ بِالدَّرْقَةِ:** چەۋەنداز قالقان بىلەن قوغداندى.

**تَدَرَّنَ يَتَدَرَّنُ تَدَرُّنًا:** سىل كېسىلى بولۇپ قالدى.

**تَدَرُّنٌ:** تۇبېركۇليوز كېسەللى.

**تَدَرُّنُ الرِّئَتَيْنِ:** تۇبېركۇليوز كېسىلى.

**تَدَرُّنِيٌّ:** سىل، ئۆپكە تۇبېركۇليوز.

**تَدَرَّى يَتَدَرَّى تَدَرِّيًا:** ئالدىدى، قىلتاقىقا چۈشۈردى.

**تَدَرْوَشَ يَتَدَرْوَشُ تَدَرْوُشًا الشَّخْصُ:** دەرۋىشلەردەك ئىش قىلدى.

**تَدْرِيبٌ ج تَدْرِيبَاتٌ:** مەشىق، كۆنۈكمە.

**تَدْرِيبٌ عَسْكَرِيٌّ:** ھەربىي مەشىق.

**تَدْرِيبٌ مِهَنِيٌّ:** كەسپىي مەشىق.

**تَدْرِيبٌ رِيَاضِيٌّ:** تەنتەربىيە مەشقى.

**إِدَارَةُ التَّدْرِيبِ:** تەربىيىلەشكە مەسئۇل ئورگان.

**تَدْرِيبٌ فَنِّيٌّ:** سەنئەت مەشقى.

**دَوْرَةٌ تَدْرِيبِيَّةٌ:** تەربىيىلەش كۇرسى.

**تَدْرِيجًا، بِالتَّدْرِيجِ:** قەدەممۇ ـ قەدەم، پەيدىنپەي.

**تَعَلَّمَ الشَّيْءَ بِالتَّدْرِيجِ:** قەدەممۇ قەدەم ئۆگەندى.

**تَدْرِيجِيٌّ:** تەدرىجى، قەدەممۇ قەدەم.

**تَدْرِيجِيًّا:** تەدرىجى، پەيدىنپەي، قەدەممۇ قەدەم.

**تَدْرِيسٌ:** تەربىيىلەش.

**سِلْكُ التَّدْرِيسِ:** ئوقۇتۇش كەسپى، ئوقۇتۇش ساھەسى.

**طُرُقُ التَّدْرِيسِ:** ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى.

**أَعْضَاءُ هَيْئَةِ التَّدْرِيسِ، هَيْئَةُ التَّدْرِيسِ:** ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى.

**«نَسْتَعْمِلُ الْآلَةَ الْكَاتِبَةَ دَائِمًا فِي أَعْمَالِنَا التَّدْرِيسِيَّةِ»:** بىز ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزدە دائىم خەت بېسىش ماشىنىسى ئىشلىتىمىز.

**تَدَسَّسَ يَتَدَسَّسُ تَدَسُّسًا فِي:** يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

**تَدَسَّى يَتَدَسَّى تَدَسِّيًا:** ئوغرىلىقچە كىردى، شۇڭغىدى.

**تَدَشَّى يَتَدَشَّى تَدَشِّيًا:** ھىق تۇتتى، كېكىردى.

**تَدَفَّأَ يَتَدَفَّأُ تَدَفُّؤًا:** ئىسسىندى، ئىسسىندى.

**«جَلَسَ قُرْبَ الْمَوْقِدِ لِيَتَدَفَّأَ»:** ئۇ ئىسسىنىش ئۈچۈن ئوچاق يېنىدا ئولتۇردى.

**تَدْفِئَةٌ:** ئىسسىنىش.

**تَدْفِئَةٌ مَرْكَزِيَّةٌ:** ئىسسىتىش مەركىزى.

**«لَقَدْ أَصْبَحَ الْجَوُّ دَافِئًا لِذَلِكَ أُوْقِفَتِ التَّدْفِئَةُ الْمَرْكَزِيَّةُ»** : هاۋا ئىسسىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پار توختىتىلدى.

**تَدَفَّقَ يَتَدَفَّقُ تَدَفُّقًا السَّائِلُ:** سۇيۇقلۇق ئاقتى، ئېتىلىپ چىقتى.

**«تَدَفَّقَ السُّيَّاحُ عَلَى الشَّاطِئِ»** : ساياھەتچىلەر قىرغاققا قاراپ ئاقتى.

**«تَدَفَّقَتِ الْعَوَاطِفُ»** : ھېسسىيات دولقۇنلاندى.

**«تَدَفَّقَ الْمَاءُ مِنَ الْعَيْنِ»** : سۇ بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىقتى، ئوخچۇپ چىقتى.

**تَدَفُّقٌ:** ئېتىلىپ چىقماق، ئۇرغۇپ چىقماق، ئوخچۇپ چىقماق.

**صُنْدُوقُ التَّدَفُّقِ:** رادىئاتور.

**تَدَفُّقُ رُؤُسِ الْأَمْوَالِ:** كاپىتالنىڭ كۆپلەپ كىرىشى.

**تَدْقِيقٌ:** پۇختىلىماق، مۇستەھكەملىمەك، ئىنچىكىلىمەك.

**إِدَارَةُ التَّدْقِيقِ:** تەتقىقات ئىدارىسى.

**تَدَلْدَلَ يَتَدَلْدَلُ تَدَلْدُلاً الشَّخْصُ:** ئەزالىرىنى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ ماڭدى.

**تَدَلَّثَ يَتَدَلَّثُ تَدَلُّثًا إِلَى:** ... غا ئۆزىنى ئاتتى، ... غا ئۆزىنى ئۇردى، ... غا ئېتىلدى.

**تَدَلَّعَ يَتَدَلَّعُ تَدَلُّعًا:** ئەركە چوڭ بولدى، ئەركىلەندى، شوخلۇق قىلدى.

**تَدَلَّلَ يَتَدَلَّلُ تَدَلُّلاً:** ئەركىلىدى، غىلجىڭلىدى، ناز قىلدى.

**«تَدَلَّلَتِ الْمَرْأَةُ عَلَى زَوْجِهَا»** : ئايال ئېرىگە ئەركىلىدى (ناز قىلدى).

**تَدَلُّلٌ:** نازلىنىش؛ خۇشامەت قىلىش، ياغلىمىچىلىق قىلىش.

**تَدَلَّهَ يَتَدَلَّهُ تَدَلُّهًا فِي حُبِّهَا:** گاڭگىراپ قالدى، تەمتىرەپ قالدى، ئەقلىنى يوقاتتى.

**تَدَلَّى يَتَدَلَّى تَدَلِّيًا الثَّمَرُ:** مېۋە ساڭگىلىدى.

**«ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْأَدْنَى»** «قرآن» : ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى.

**«كَانَتْ أَغْصَانُ الْعِنَبِ تَتَدَلَّى عَلَى جُدْرَانِ الْحَدِيقَةِ»** : ئۈزۈم تاللىرى باغچا تاملىرىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**تَدَلَّى إِلَى:** چۈشتى.

**تَدَلَّى مِنَ الْجَبَلِ:** تاغدىن چۈشتى.

**تَدَلَّى مِنَ الْخَيْلِ:** ئاتتىن چۈشتى.

**تَدَلَّى عَلَيْنَا مِنْ أَرْضِ كَذَا:** كەلدى.

**تَدْلِيسٌ:** ئالدامچىلىق قىلماق، ساختىلىق قىلماق، مەككارلىق قىلماق.

**بِالتَّدْلِيسِ:** ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىق.

**تَدْلِيكٌ:** ئۇۋۇلاش.

**تَدْلِيكٌ صِحِّيٌّ:** ساغلاملىق، ئۇۋۇلاش، ئۇۋۇلاش تېخنىكىسى، ئۇچىنى تۇتۇش تېخنىكىسى.

**«إِنَّهُ حَقًّا إِنْسَانٌ مَاهِرٌ فِي عَمَلِيَّةِ التَّدْلِيكِ»** : ئۇ ئۇۋۇلاش تېخنىكىسى ئۇستۇن ئادەم.

**تَدْلِيلٌ:** نەقىل كەلتۈرۈش، دەلىل كۆرسىتىش؛ ئەركىلىتىش.

**«لاَتُفْسِدْ وَلَدَكَ بِالْإِفْرَاطِ فِى تَدْلِيلِهِ»** : بالاڭنى ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىپ بۇزۇپ قويمىغىن.

**تَدْلِيلاَتٌ:** ئاساس، سەۋەب، ئىسپات، پاكىت، ھۆججەت.

**تَدْمِيرٌ:** ۋەيران قىلماق، خاراب قىلماق، بۇزماق.

**تَدَنَّأَ يَتَدَنَّأُ تَدَنُّؤًا الشَّخْصُ:** پەسلەشتى، چاكىنىلاشتى؛ چۈشكۈنلەشتى.

**تَدَنَّسَ يَتَدَنَّسُ تَدَنُّسًا الشَّيْءُ:** پاسكىنا بولدى، كىر بولدى.

**تَدَنَّى يَتَدَنَّى تَدَنِّيًا الشَّخْصُ:** ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى، چاكىنىلاشتى، چۈشتى، تۆۋەنلىدى.

**تَدَنَّى مُسْتَوَاهُ:** سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى.

كتاب تور بېتى kurkitap.com



**تَدَنِّي:** چاكىنىلاشتى، چۈشۈردى، تۆۋەنلەتتى.

**تَدَهَّنَ يَتَدَهَّنُ تَدَهُّنًا:** مايلىدى، ماي سۈركىدى.

**تَدَهْوَرَ يَتَدَهْوَرُ تَدَهْوُرًا الشَّيْءُ:** چۈشۈپ كەتتى.

**تَدَهْوَرَ الْأَمْرُ:** تۆۋەنلەپ كەتتى، يامانلاشتى.

**تَدَهْوَرَتْ صِحَّتُهُ:** كېسەللىك ئەھۋالى يامانلاشتى.

**«تَدَهْوَرَتْ حَالَةُ الْمَرِيضِ الصِّحِّيَّةُ»** : ئاغرىقنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى يامانلاشتى.

**«تَدَهْوَرَ مُسْتَوَى الْمَعِيشَةِ فِي الدُّوَلِ النَّامِيَةِ»** : تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى.

**تَدَهْوُرٌ:** چۈشكۈنلەشمەك، پەسلەشمەك، چاكىنىلاشماق.

**تَدَوَّرَ يَتَدَوَّرُ تَدَوُّرًا:** يۇمىلاق بولدى، يۇمىلاقلاندى، دۈپ دۈگىلەك بولدى.

**تَدْوِيرٌ:** ئايلاندۇرماق، چۆرگىلەتمەك.

**تَدْوِيرُ الْآلَاتِ:** ماشىنىنى ئايلاندۇرماق.

**تَدْوِيلٌ:** تارقاتماق؛ يۆرۈشتۈرمەك.

**تَدَيَّنَ يَتَدَيَّنُ تَدَيُّنًا الشَّخْصُ بِكَذَا:** دىنىدا ئىخلاسمەن بولدى، دىيانەتلىك بولدى، دىنغا كىردى.

**تَدَيُّنٌ:** دىنغا ئىخلاسمەنلىك قىلماق، تەقۋا بولماق، دىنىي ئىشلاردا ئىخلاسمەن بولماق.

**تَذَاءَبَ يَتَذَاءَبُ تَذَاؤُبًا الرِّيحُ:** شامال چىقتى.

**تَذَاءَبَتِ الرِّيحُ الشَّيْءَ:** شامال نەرسىنى ئۇچاردى، ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇچۇرۇپ كەلدى.

**تَذَاءَبَتْهُ الْجِنُّ:** جىن ئۇنى قورقۇتتى.

**تَذَابَحَ يَتَذَابَحُ تَذَابُحًا الْمُتَقَاتِلُونَ:** جەڭچىلەر بىر - بىرىنى قىرىشتى.

**تَذَابَحَ الْأَصْدِقَاءُ:** دوستلار بىر - بىرىنى مەدھىيىلىدى.

**«اَلتَّمَادُحُ التَّذَابُحُ»** : ئۆزئارا مەدھىيىلەش ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا باراۋەر.

**تَذَارَعَ يَتَذَارَعُ تَذَارُعًا الْقَوْمُ الطَّرِيقَ:** تېز مېڭىشتا مۇسابىقىلەشتى.

**تَذَامَّ يَتَذَامُّ تَذَامًّا الْقَوْمُ:** بىر - بىرىنى ئەيىبلەشتى، بىر - بىرىنى مالامەت قىلىشتى.

**تَذَامَرَ يَتَذَامَرُ تَذَامُرًا الْقَوْمُ:** بىر - بىرىگە مالامەت قىلىشتى.

**تَذَاكَرَ يَتَذَاكَرُ تَذَاكُرًا الْأَمْرَ أَوْ فِي الْأَمْرِ:** كېڭەشتى، ئويلاشتى؛ ئەسلەشتى.

**تَذَاهَلَ يَتَذَاهَلُ تَذَاهُلًا:** ئۇنتۇغان بولۇۋالدى، ئۇنتۇغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَذَبَّلَ يَتَذَبَّلُ تَذَبُّلًا:** تۈگۈلۈۋالدى.

**تَذَبَّلَ فِي مَشْيِهِ:** گىدەيدى، غادىيىۋالدى.

**تَذَبْذَبَ يَتَذَبْذَبُ تَذَبْذُبًا الشَّيْءُ الْمُعَلَّقُ فِي الْهَوَاءِ وَنَحْوِهِ:** بوشلۇقتا مىدىرلىدى، تەۋرەندى، لىڭشىدى.

**تَذَبْذَبَ الشَّخْصُ:** ئىككىلەندى، ئارىسالدى بولدى.

**تَذَبْذَبَ فِي وَلَائِهِ:** دوستلىشىشتا ئارىسالدى بولۇپ قالدى.

**تَذَرَّعَ يَتَذَرَّعُ تَذَرُّعًا الشَّخْصُ بِحُجَّةٍ:** پاكىتقا ئېسىلدى، پاكىتنى شىپى كەلتۈردى.

**«خَطَأُكَ وَاضِحٌ فَلَا تَتَذَرَّعْ بِجَهْلِكَ بِالْقَانُونِ»** : خاتالىقىڭ ئېنىق، نادانلىق قىلىپ قانۇننى شىپى كەلتۈرمە.

**تَذَرَّى يَتَذَرَّى تَذَرِّيًا بِالشَّيْءِ:** دالدا قىلدى.

**«تَذَرَّى بِالْحَائِطِ مِنَ الرِّيحِ»** : شامالدىن تامنى دالدا قىلدى.

**تَذَرَّى الْجَبَلَ:** تاغقا چىقتى، تاغقا ياماشتى.

**تَذَرَّى الشَّخْصُ الذُّرْوَةَ:** مەرتىۋىسى ئۈستى، قەدىر قىممىتى يۇقىرى بولدى، ئابرۇي قازاندى.

**تَذْكَارٌ ج تَذْكَارَاتٌ:** خاتىرە، ئەسلىك، يادىكار.

**«قَدَّمَ لَهُ هَدِيَّةً عَلَى سَبِيلِ التَّذْكَارِ»** : خاتىرە يۈسۈندا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

**تَذْكَارًا لِكَذَا:** خاتىرىلەش ئۈچۈن، خاتىرىلەش يۈزىسىدىن.

**«أَرْجُو أَنْ تَقْبَلَ قَلَمَ الْحِبْرِ هَذَا تَذْكَارًا»** : بۇ قەلەمنى خاتىرە ئۈچۈن قوبۇل قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تَذْكَارِيٌّ:** خاتىرە.

**اِحْتِفَالٌ تَذْكَارِيٌّ:** خاتىرىلەش يىغىنى.

**صُورَةٌ تَذْكَارِيَّةٌ:** خاتىرە رەسىم.

**نُصْبٌ تَذْكَارِيٌّ:** خاتىرە مۇنار.

**تَذْكِرَةٌ:** ئىبرەت.

**«لِنَجْعَلَهَا لَكُمْ تَذْكِرَةً» ‹قرآن›:** سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ...

**تَذْكِرَةٌ ج تَذَاكِرُ:** بىلەت؛ كىنىشكا؛ ئەسلىمە؛ كارتا، كارتوچكا.

**تَذْكِرَةٌ طِبِّيَّةٌ:** رېتسىپ.

**تَذْكِرَةُ الْعِلاَجِ:** كېسەل تارىخى.

**تَذْكِرَةُ الْبَرِيدِ:** ئاتكرىتكا.

**تَذْكِرَةُ السَّفَرِ:** سەپەر بىلىتى (پاراخوت ياكى ماشىنا بىلىتى).

**تَذْكِرَةُ الرَّصِيفِ:** ۋوگزال بىلىتى.

**تَذْكِرَةُ ذِهَابٍ وَإِيَابٍ:** بېرىش - كېلىش بىلىتى.

**تَذْكِرَةُ مُرُورٍ:** يول خېتى، پاسپورت.

**اَلتَّذْكِرَةُ الاِنْتِخَابِيَّةُ:** سايلام بىلىتى.

**تَذْكِرَةُ الدَّعْوَةِ:** تەكلىپنامە، چاقىرىق قەغىزى، باغاق.

**تَذْكِرَةُ الْهَوِيَّةِ:** سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، كىملىك.

**تَذْكِرَةُ الشَّخْصِيَّةِ:** سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، كىملىك.

**مَكَانُ صَرْفِ التَّذْكِرَةِ:** بىلەت سېتىش ئورنى.

**شُبَّاكُ التَّذَاكِرِ:** بىلەت سېتىش ئورنى.

**تَذَكَّرَ يَتَذَكَّرُ تَذَكُّرًا الشَّيْءَ:** پەند - نەسىھەت ئالدى، ياد ئەتتى، ئەسلىدى.

**«إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ» ‹قرآن›:** (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند - نەسىھەت ئالىدۇ.

**تَذَكَّرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ئەركەكزەدەك بولۇۋالدى.

**تَذَكُّرٌ:** خاتىرىلەش، ئەسلەش.

**تَذْكِيرٌ:** ئەسلەتمەك، ئېسىگە سالماق، يادىغا يەتكۈزمەك.

**تَذَلَّلَ يَتَذَلَّلُ تَذَلُّلاً لَهُ:** بويسۇندى، بويىنىنى قىسىپ تۇردى، خارلاندى، خوش - خوش دەپ تۇردى، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى، كەمتەر بولدى.

**تَذْلِيلُ الصُّعُوبَاتِ:** قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش؛ توسالغۇلارنى يېڭىش.

**تَذَمَّرَ يَتَذَمَّرُ تَذَمُّرًا الرَّجُلُ:** زېرىكتى، غۇدىردى، مالال بولدى.

**«لاَ تَتَذَمَّرْ مِنْ كَثْرَةِ الْعَمَلِ»:** ئىشنىڭ كۆپلىكىدىن زېرىكمىگىن.

**تَذَمَّرَ عَلَيْهِ:** تەھدىت سالدى.

**«ظَلَّ يَتَذَمَّرُ عَلَى فُلاَنٍ»:** تەھدىت سالغىلى تۇردى.

**تَذْهِيبٌ:** ئالتۇن ھەل بەرمەك، ئالتۇن ھەل بىلەن قاپلىماق، قول يازمىلارنى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن رەسىملەر بىلەن بېزەش سەنئىتى.

**تَذَوَّقَ يَتَذَوَّقُ تَذَوُّقًا الطَّعَامَ:** تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىدى، تەمىنى تېتىپ كۆردى.

**تَذَوَّقَ الْمُسِيقَى:** مۇزىكىدىن ھوزۇرلاندى.

**تَذَوَّقَ الْعَمَلَ الْفَنِّيَّ:** گۈزەل سەنئەتتىن بەھرىمەن بولدى.

**تَذْوِيبٌ:** ئېرىتمەك.

**تَذْوِيبُ الْفَوَارِقِ:** پەرقلەرنى تۈگىتىش.

**تَذْوِيبُ الْفَوَارِقِ بَيْنَ الطَّبَقَاتِ:** سىنىپلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى تۈگىتىش.

**تَرَاعَفَ يَتَرَاعَفُ تَرَاعُفًا الْقَوْمُ:** ئىچ ئاغرىتىشتى.

**تَرَائَى يَتَرَائَى تَرَائِيًا الْقَوْمُ:** ئاشكارا بولدى، (بىر - بىرى بىلەن) كۆرۈشتى.

**«فَلَمَّا تَرَاءَى الْجَمْعَانِ قَالَ أَصْحَابُ مُوسَى إِنَّا لَمُدْرَكُونَ» ‹قرآن›:** ئىككى توپ (پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى «ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى» دېدى.

**«فَلَمَّا تَرَاءَتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ» ‹قرآن›:** ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى.

**تَرَاءَتْ لَهُ فُلاَنَةٌ:** پالانى ئۇنىڭغا ئاشكارا بولدى.

**تَرَائَى الشَّيْءُ:** كۆرۈندى، ئاشكارا بولدى.

«يَتَرَاءَى لِي أَنَّ مَصْلَحَتَكَ فِي إِكْمَالِ تَعْلِيمِكَ» : مېنىڭچە، ئوقۇشۇڭنى ۋايىغا يەتكۈزۈشۈڭ ساڭا پايدىلىق.

**تُرْبٌ**: توپا، تۇپراق.

**تُرَابٌ ج أَتْرِبَةٌ و تِرْبَانٌ**: توپا، تۇپراق.

**تُرَابُ الْوَطَنِ**: ۋەتەن تۇپرىقى.

«يُدَافِعُ الْمُخْلِصُونَ عَنْ تُرَابِ الْوَطَنِ» : سەمىمىي ئادەملەر ۋەتەننى قوغدايدۇ.

**اَلتُّرَابُ الْوَطَنِيُّ**: ۋەتەن، ۋەتەن تۇپرىقى.

«يُرَحِّبُ الْمُجَاهِدُونَ بِالْمَوْتِ دِفَاعًا عَنِ التُّرَابِ الْوَطَنِيِّ» : ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا جەڭچىلەر ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئاتىدۇ.

**تُرَابُ الْأَجْدَادِ**: ۋەتەن تۇپرىقى.

«تَغْسِلُ بَعْضُ الْمُدُنِ شَوَارِعَهَا لِإِزَالَةِ مَا يَكْسُوهَا مِنْ أَتْرِبَةٍ» : بەزى شەھەرلەر ئۈستىنى بېسىپ كەتكەن توپىلارنى تازىلاش ئۈچۈن يۇيۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

**تُرَابَةٌ**: سېمونت.

**تُرَابِيٌّ**: تۇپراق سۈپەتى؛ يەر، زېمىن؛ توپىغا ئائىت.

**تَرَابَطَ يَتَرَابَطُ تَرَابُطًا**: ئالاقىلەشتى، ئالاقە باغلىدى، باغلاندى.

«تَرَابَطَ الْمُسْلِمُونَ بِفَضْلِ عَقِيدَتِهِمْ» : مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى ئارقىلىق بىر – بىرىگە باغلاندى.

**تَرَابُطٌ**: ئىتتىپاقلاشماق، ھەمكارلاشماق، ئالاقىلاشماق، باغلانماق.

**تَرَابُطُ الْأَفْكَارِ**: ئىدىيىلەرنىڭ باغلىنىشى.

**تَرَابُطُ الذَّرَّاتِ**: زەرەتلەرنىڭ بىرىكىشى (خىمىيىدە).

**تَرَاتِرُ**: بەختسىزلىك، بالا – قازا، ئاپەت؛ چوڭ ئىشلار.

**تُرَاثٌ**: مىراس، ئەگىدارچىلىق قىلىنىدىغان ھەرقانداق نەرسە، يادىكارلىق.

**اَلتُّرَاثُ الْعِلْمِيُّ الْعَرَبِيُّ**: ئەرەب ئىلمى مىراسلىرى.

**اَلتُّرَاثُ الْإِسْلَامِيُّ**: ئىسلام يادىكارلىقلىرى.

**اَلتُّرَاثُ الثَّقَافِيُّ**: مەدەنىي يادىكارلىقلار.

**اَلتُّرَاثُ الشَّعْبِيُّ**: مىللىي يادىكارلىقلار.

**تَرَاجَزَ يَتَرَاجَزُ تَرَاجُزًا الشُّعَرَاءُ**: شائىرلار مۇشائىرە قىلىشتى.

**تَرَاجَعَ يَتَرَاجَعُ تَرَاجُعًا الشَّخْصُ**: بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى.

**تَرَاجَعَ الزَّوْجَانِ**: تالاقتىن كېيىن يارىشىۋالدى.

«فَإِنْ طَلَّقَهَا فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا أَنْ يَتَرَاجَعَا» «قرآن» : كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ) بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا يارىشىشا ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**تَرَاجَعَ إِلَى مَكَانِهِ**: ئورنىغا قايتتى.

**تَرَاجَعَ إِلَى الْوَرَاءِ**: چېكىنىدى، ياندى، ئارقىغا قايتتى.

**تَرَاجَعَ عَنْ قَوْلِهِ**: سۆزىدىن قايتتى، سۆزىدىن يېنىۋالدى.

**تَرَاجَعَ عَنْ رَأْيِهِ**: پىكرىدىن ياندى.

**تَرَاجُعٌ**: چېكىنمەك، ئارقىغا قايتماق.

**تَرَاجَمَ يَتَرَاجَمُ تَرَاجُمًا الْقَوْمُ بِالْحِجَارَةِ**: بىر – بىرىگە تاش ئېتىشتى.

**تَرَاجَمَ بِالْكَلَامِ**: تىللاشتى.

**تَرَاحَبَ يَتَرَاحَبُ تَرَاحُبًا**: كېڭەيدى.

**تَرَاحَمَ يَتَرَاحَمُ تَرَاحُمًا النَّاسُ**: ئۆز ئارا كۆڭۈل بۆلۈشتى، مېھرىبان بولۇشتى، كۆيۈنۈشتى.

«لَوْ تَرَاحَمَ النَّاسُ مَا كَانَ بَيْنَهُمْ جَائِعٌ وَلَا عُرْيَانٌ» : كىشىلەر بىر – بىرىگە كۆيۈنىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئاچ ئادەمنى، بىرەر يالىڭاچ قالغان ئادەمنى تاپقىلى بولمايتتى.

**عُمَّالُ التَّرَاحِيلِ**: سەرگەردان ئىشچىلار.

**تَرَاخَى يَتَرَاخَى تَرَاخِيًا عَنْهُ**: سۇسلاشتى، بوشاشتى، يىراقلاشتى، كېچىكتى.

**تَرَاخَى عَنِ الْأَمْرِ**: چەتنىدى.

**تَرَاخَى مَا بَيْنَهُمَا**: يىراقلاشتى.

**تَرَاخَتِ السَّمَاءُ**: يامغۇرنىڭ يېغىشى كېچىكتى.

**تَرَاخٍ . اَلتَّرَاخِي:** ئاجىزلىق، زەئىپلىك، هارماق، چارچىماق، بوشىماق، سۇسلاشماق.

**تَرَادَفَ يَتَرَادَفُ تَرَادُفًا الشَّخْصَانِ:** ئەگەشتى، بىر-بىرىدىن كېيىن كەلدى.

**تَرَادَفَ الْمُسَافِرَانِ:** نۆۋەت بىلەن مىنگەشتى.

**تَرَادَفَ اللَّفْظَانِ (فِي عِلْمِ الدَّلاَلَةِ) :** مەنىداش كەلدى.

**تَرَادَفَ الْكَلِمَتَانِ:** مەنىداش بولدى، بىر مەنىدە كەلدى.

**تَرَادُفٌ:** ئەگەشمەك، مۇۋاپىقلاشماق.

**تَرَادُفُ الْكَلاَمِ:** سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ ئوخشاپ قېلىشى.

**تَرَادَّ يَتَرَادُّ تَرَادًّا:** قايتتى، چېكىندى، داجىدى.

**تَرَادَّ فِي الْجَوَابِ:** جاۋاب بېرىشتە دۇدۇقلىدى، كېكەچلىدى.

**تَرَادَّ الشَّخْصَانِ الْبَيْعَ:** سودىنى بۇزۇشقا بىرلىككە كەلدى.

**تُرَازٌ:** ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم، تاسادىپىي ئۆلۈم.

**تِرَاسَةٌ:** قالقان ياساش كەسپى، قالقانچىلىق.

**تَرَاسَلَ يَتَرَاسَلُ تَرَاسُلاً الشَّخْصَانِ:** خەت يېزىشتى، ئالاقىلىشىپ تۇردى.

**تَرَاسَلاَ بِالأَلْحَاظِ:** كۆز بېقىشتى.

**تَرَاسَلَ النَّاسُ فِي الْغِنَاءِ:** نۆۋەت بىلەن ناخشا ئېيتىشتى.

**تَرَاسُلٌ:** خەت ئالاقە قىلىشماق.

**«اِنْقَطَعَ التَّرَاسُلُ بَيْنَهُمَا مُنْذُ مُدَّةٍ» :** ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

**تَرَاشَقَ يَتَرَاشَقُ تَرَاشُقًا بِالسِّهَامِ:** ئوق ئېتىشتى.

**تَرَاشَقُوا بِالسِّهَامِ:** قارا چاپلاشتى.

**تَرَاشَقُوا بِأَعْيُنِهِمْ:** كۆز تاشلاشتى.

**تَرَاصَّ يَتَرَاصُّ تَرَاصًّا الْمُصَلُّونَ:** ناماز ئوقۇغۇچىلار سەپ بولۇپ تۇردى.

**تَرَاضَعَ يَتَرَاضَعُ تَرَاضُعًا الطِّفْلاَنِ:** ئىككى بوۋاق بىرلىكتە ئەمدى، ئېمىشتى.

**تَرَاضَى يَتَرَاضَى تَرَاضِيًا الرَّجُلاَنِ:** بىر-بىرىنى رازى قىلدى، بىر-بىرىنى مەمنۇن قىلدى.

**«وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا تَرَاضَيْتُمْ بِهِ مِنْ بَعْدِ الْفَرِيضَةِ» (قرآن) :** مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا (يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مەھرى ئۈچۈن) سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**تَرَاضٍ (التَّرَاضِي) :** ئۆز ئارا رازى بولۇشماق، ئۆز ئارا ماقۇللاشماق.

**«اِتَّفَقَا عَلَى حَلِّ الْخِلاَفِ بَيْنَهُمَا بِالتَّرَاضِي» :** ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى رازىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا بىرلىككە كەلدى.

**تَرَاطَنَ يَتَرَاطَنُ تَرَاطُنًا الشَّخْصَانِ:** چۈشەنگىلى بولمايدىغان سۆز بىلەن سۆزلەشتى.

**تَرَافَأَ يَتَرَافَأُ تَرَافُأً الْقَوْمُ عَلَى الشَّيْءِ:** ماقۇل بولۇشتى، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشتى.

**تَرَافَدَ يَتَرَافَدُ تَرَافُدًا الأَصْدِقَاءُ:** دوستلار ئۆز ئارا ياردەمدە بولۇشتى، يار-يۆلەك بولۇشتى.

**تَرَافَعَ يَتَرَافَعُ تَرَافُعًا إِلَى الْحَاكِمِ:** ئەرز قىلدى.

**تَرَافَقَ يَتَرَافَقُ تَرَافُقًا الشَّخْصَانِ:** يولداش بولۇشتى، دوست بولۇشتى.

**تَرْقُوَةٌ ج تَرَاقِي:** ھەلقۇم.

**«إِذَا بَلَغَتِ التَّرَاقِي» (قرآن) :** جان ھەلقۇمغا يەتكەندە.

**تَرَاكَبَ يَتَرَاكَبُ تَرَاكُبًا الشَّحْمُ و نَحْوُه:** ماي يىغىلىپ قالدى.

**تَرَاكَبَ الشَّيْءُ:** ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى.

**تَرَاكَزَ يَتَرَاكَزُ تَرَاكُزًا:** مەركەزلەشتى.

**تَرَاكُزٌ:** مەركەزلەشمەك.

**تَرَاكَضَ يَتَرَاكَضُ تَرَاكُضًا الشَّخْصَانِ:** يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلەشتى، چېپىشىشتا مۇسابىقىلەشتى.

**تَرَاكَلَ يَتَرَاكَلُ تَرَاكُلاً الطِّفْلاَنِ:** بىر-بىرىنى تېپىشتى.

**تَرَاكَمَ يَتَرَاكَمُ تَرَاكُمًا الشَّيْءُ:** توپلاندى، يىغىلدى، دۆۋىلەندى.

**تَرَاكَمَتِ الْأَعْمَالُ:** ئىشلار دۆۋىلىنىپ كەتتى.

**تَرَاكَمَ شَحْمُ النَّاقَةِ:** تۆگە سەمرىپ ماي قاپلاپ كەتتى.

**«تَرَاكَمَ الدُّيُونُ» :** قەرز بېسىۋالدى.

**تَرَاكُمٌ:** دۆۋىلەنمەك، توپلانماق.

**اَلتَّرَاكُمُ الْإِبْتِدَائِيُّ:** ئىپتىدائى جۇغلانما.

**تَرَاكُمُ الثَّرْوَةِ:** بايلىق جۇغلانمىسى.

**تَرَاكُمُ الْأَعْمَالِ:** ئىشلارنىڭ دۆۋىلىنىپ قېلىشى.

**تَرَاكَى يَتَرَاكَى تَرَاكِيًا:** تاياندى، يۆلەندى.

**تَرَامَزَ يَتَرَامَزُ تَرَامُزًا الْمُجْتَمِعُونَ:** توپلانغۇچىلار ئۆزئارا كۆز ئىشارىسى قىلىشتى.

**«دَخَلْتُ عَلَيْهِمْ فَتَغَامَزُوا وَتَرَامَزُوا» :** ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرسەم ئۆزئارا ئىشارەت قىلىشىپ كەتتى.

**تَرَامَى يَتَرَامَى تَرَامِيًا إِلَيْهِ خَبَرُ كَذَا:** خەۋەر ئۇنىڭغا يەتتى، ئۇنىڭغا يېتىشتى.

**تَرَامَى الْقَوْمُ:** ئېتىشتى.

**تَرَامَتِ السَّحَابُ:** بۇلۇت توپلاندى.

**تَرَامَتْ عَلَى:** باش قويدى، سەجدە قىلدى.

**تَرَامَتْ بِهِ الْبِلَادُ:** چېگرىدىن قوغلاندى.

**تَرَامَتِ الْأَمْرُ:** سۇسلاشتى، ئاستىلاشتى، ئارقىغا سۈرۈلدى.

**تَرَانْزِيتٌ:** چېگرا بېجى، چېگرىدىن ئۆتۈش بېجى.

**تَرَاهَبَ يَتَرَاهَبُ تَرَاهُبًا:** ئۆزئارا قورقۇشتى.

**تَرَاهَنَ يَتَرَاهَنُ تَرَاهُنًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا شەرتلەشتى، بىر ـ بىرى بىلەن باغلاشتى.

**تَرَاوَحَ يَتَرَاوَحُ تَرَاوُحًا الرَّجُلَانِ الْأَمْرَ:** نۆۋەتلىشىپ ئىشلىدى.

**تَرَاوَحَ عَلَى:** نۆۋەتلەشتى، ئۆزئارا ئالماشتى.

**تَرَاوَحَتِ الْأَيَّامُ:** كۈنلەر نۆۋەتلىشىپ ئۆتۈپ تۇردى.

**تَرَاوَحَ بَيْنَ كَذَا وَ كَذَا:** ئىككىلىنىپ تۇردى.

**«تَرَاوَحَ عَدَدُ الْمُتَظَاهِرِينَ بَيْنَ ٦ و ٧٠٠ مِائَةِ شَخْصٍ» :** نامايىشچىلارنىڭ سانى ئالتە ـ يەتتە يۈز ئەتراپىدا.

**تَرَاوَضَ يَتَرَاوَضُ تَرَاوُضًا:** باھاسىنى توختاتتى، سودىلاشتى؛ مۇساپىقىلەشتى، بەسلەشتى.

**تَرَاوَغَ يَتَرَاوَغُ تَرَاوُغًا الشَّخْصَانِ:** بىر ـ بىرىنى ئالداشتى؛ بىر ـ بىرى بىلەن چېلىشتى.

**تَرَبَّدَ يَتَرَبَّدُ تَرَبُّدًا:** تىتىردى، سىلكىندى.

**تَرَأَّسَ يَتَرَأَّسُ تَرَؤُّسًا الشَّخْصُ عَلَيْهِمْ:** ئۇلارغا باشلىق بولدى، يېتەكچىلىك قىلدى، رىياسەتچىلىك قىلدى.

**«تَرَأَّسَ الْوَزِيرُ الْإِجْتِمَاعَ» :** مىنىستىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

**«دَعَوْتُهُ لِيَتَرَأَّسَ الْإِجْتِمَاعَ غَدًا» :** ئۇنى ئەتىكى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم.

**تَرَأَّفَ يَتَرَأَّفُ تَرَأُّفًا الشَّخْصُ بِخَصْمِهِ:** دۈشمىنىگە ئىچىندى.

**تَرَأَّفَ الْوَالِدُ بِوَلَدِهِ:** دادا بالىسىغا ئىچ ئاغرىتتى.

**تَرَأَّى يَتَرَأَّى تَرَئِّيًا:** ئايان بولدى، روشەن كۆرۈندى، كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى.

**تَرِبَ يَتْرَبُ تَرَبًا الْمَكَانُ:** جاي چاڭ باستى، توپا بېسىپ كەتتى.

**تَرِبَ الشَّخْصُ:** چاڭ باستى، توپا بولۇپ كەتتى، توپا يۇقتى (خەيرلىك دۇئا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

**«فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ » «حديث» :** دىندار ئايالنى ئالغىن، ئىككاھىڭ خەيرلىك بولىدۇ.

**تِرْبٌ ج أَتْرَابٌ:** رەقىب، دۈشمەن؛ تەڭتۇش، دوست، زاماندىش، تەڭ دىمەتلىك.

**«وَ عِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ أَتْرَابٌ» «قرآن» :** ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن غەيرىگە كۆز سالمايدىغان، ياش ـ قۇرامى ئوخشاش جۈپتىلىرى بولىدۇ.

**«إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا» «قرآن» :** شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ. (ئۇ نېمەت) باغلار ۋە ئۈزۈملەردۇر، تەڭتۇش قىزلاردۇر.

**تَرِبٌ:** چاڭ باسقان، توپا يۇقۇپ قالغان.

**تَرْبَاءُ:** توپا، تۇپراق.

**تِرْبَاسٌ:** تاقاق، دەم.

**تَرَبَّبَ يَتَرَبَّبُ تَرَبُّبًا الْوَلَدَ:** بالىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، تەربىيىلەپ ئۆستۈردى.

**تَرَبَّبَ الْقَوْمُ:** قەۋم توپلاندى.

**تَرَبَّحَ يَتَرَبَّحُ تَرَبُّحًا بِهِ الشَّخْصُ:** پايدا تەلەپ قىلدى.

**تَرَبَّدَ يَتَرَبَّدُ تَرَبُّدًا السَّمَاءُ:** ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلاندى.

**تَرَبَّدَ وَجْهُهُ مِنَ الْغَضَبِ:** غەزەپتىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى.

**تَرَبَّصَ يَتَرَبَّصُ تَرَبُّصًا الأَمْرَ:** كۈتتى، ساقلىدى.

**«اَلَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمْ فَإِنْ كَانَ لَكُمْ فَتْحٌ مِنَ اللّٰهِ قَالُوا أَلَمْ نَكُنْ مَعَكُمْ» «قرآن»** : ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەرگە ھادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟» دەيدۇ.

**«وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنْفُسِهِنَّ ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ» «قرآن»** : تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ.

**تَرَبَّصَ بِهِ رَيْبَ الْمَنُونِ:** بالا ـ قازاغا يولۇقۇشنى كۈتتى.

**تَرَبَّصَ بِالسِّلْعَةِ:** يۇقىرى باھادا سېتىش ئۈچۈن مالنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتتى.

**تَرَبَّصَ بِهِ:** ياخشىلىق ياكى يامانلىققا يولۇقۇشنى كۈتتى.

**تَرَبَّصَتِ الْمُطَلَّقَةُ بِنَفْسِهَا:** تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەت تۇتتى.

**تَرَبَّعَ يَتَرَبَّعُ تَرَبُّعًا الشَّخْصُ فِي جُلُوسِهِ:** باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

**تَرَبَّعَتِ الْمَاشِيَةُ:** چارۋا ئەتىيازدا ئوتلىدى.

**تَرَبَّعَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ:** ئەتىياز ۋاقتىدا تۇردى.

**تَرَبَّعَ الأَمِيرُ عَلَى الْعَرْشِ:** ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى، ھۆكۈمرانلىق قىلدى، تەختتە ئولتۇردى.

**«تَرَبَّعَ عَلَى الْعَرْشِ أَكْثَرَ مِنْ عِشْرِينَ عَامًا»** : ئۇ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە 20 يىلدىن ئارتۇق ـ راق ئولتۇردى.

**تَرَبَّقَ يَتَرَبَّقُ تَرَبُّقًا الشَّيْءَ:** ئاستى، ئېسىپ قويدى.

**تَرَبَّى يَتَرَبَّى تَرَبِّيًا الْوَلَدُ:** بالا ئۆگەندى، تەربىيىلەندى.

**تُرْبَةٌ:** توپا، تۇپراق.

**تُرْبَةٌ سَوْدَاءُ:** قارا توپا، قارا تۇپراق، چىملان تۇپراق.

**تُرْبَةٌ صَفْرَاءُ:** سېرىق توپا، سېغىز توپا.

**تُرْبَةٌ خَصْبَةٌ:** بولۇق يەر، مۇنبەت يەر.

**«وَجَدَ النَّبِيُّ مُحَمَّدٌ فِي مَكَّةَ تُرْبَةً خَصْبَةً لِدَعْوَتِهِ»** : پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۆزىنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن مۇنبەت زېمىننى تاپتى.

**«يَلْعَبُ نَوْعُ التُّرْبَةِ دَوْرًا كَبِيرًا فِي نُمُوِّ النَّبَاتِ»** : تۇپراقنىڭ سۈپىتى ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىدە زور رول ئوينايدۇ.

**عِلْمُ التُّرْبَةِ:** تۇپراقشۇناسلىق، تۇپراق ئىلمى.

**تُرْبَةٌ ج تُرَبٌ:** قەبرىستانلىق، زاراتگاھلىق، تۇپراق بېشى.

**تَرْبَسَ يُتَرْبِسُ تَرْبَسَةً:** تاقىدى، تاقاق سالدى، دەم سالدى (دەرۋازىغا).

**تَرْبَوِيٌّ:** مائارىپقا ئالاقىدار، مائارىپنىڭ.

**مُدَرِّسٌ تَرْبَوِيٌّ:** پېداگوگىكا ئوقۇتقۇچىسى.

**تَرْبِيَةٌ:** تەربىيىلىمەك، پەرۋىش قىلماق، باقماق.

**تَرْبِيَةٌ خُلُقِيَّةٌ:** ئەخلاقىي تەربىيە.

**تَرْبِيَةٌ جِسْمَانِيَّةٌ:** جىسمانىي تەربىيە.

**تَرْبِيَةٌ عَقْلِيَّةٌ:** ئەقلىي تەربىيە.

**تَرْبِيَةُ الأَوْلَادِ:** بالىلار تەربىيىسى.

**اَلتَّرْبِيَةُ الْبَدَنِيَّةُ:** تەنتەربىيە، تەنھەرىكەت.

**«إِنَّهُ جَيِّدٌ فِي كُلِّ الْمَوَادِّ الدِّرَاسِيَّةِ مَا عَدَا التَّرْبِيَةِ الْبَدَنِيَّةِ»** : ئۇ تەنھەرىكەتتىن باشقا ھەممە دەرسلەردە ياخشى.

**عَدِيمُ التَّرْبِيَةِ:** تەربىيىسىز، ئەدەپسىز.

**قَلِيلُ التَّرْبِيَةِ:** تەربىيىسىز، ئەخلاقسىز، مەدەنـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يەتسىز، ئەدەپسىز، قىلىقسىز، بەتقىلىق.

**اَلتَّرْبِيَةُ الرِّيَاضِيَّةُ ، تَرْبِيَةٌ بَدَنِيَّةٌ:** تەنتەربىيە.

**عِلْمُ التَّرْبِيَةِ:** پېداگوگىكا.

**كُلِّيَّةُ التَّرْبِيَةِ:** پېداگوگىكا فاكۇلتېتى.

**أُصُولُ التَّرْبِيَةِ:** پېداگوگىكا ئۇسۇلى.

**وِزَارَةُ التَّرْبِيَةِ:** مائارىپ مىنىستىرلىكى.

**تَرْبِيَةُ النَّبَاتَاتِ:** ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش.

**تَرْبِيعٌ:** دەرىجىگە كۆتۈرمەك.

**تَرْبِيعٌ ج تَرَابِيعُ:** كۇۋادىرات.

**تَرْبِيعَةٌ ج تَرْبِيعَاتٌ:** چاسا، رامكا، كاتەكچە.

**تَرْبِيعِيٌّ:** كۇۋادىراتلىق.

**اَلْجَذْرُ التَّرْبِيعِيُّ:** كۇۋادىرات يىلتىزى.

**تُرَبِيٌّ ج تُرَبِيَّةٌ:** قەبرىستانلىقتا قارىغۇچى.

**تَرَتَّبَ يَتَرَتَّبُ تَرَتُّبًا:** رەتلەندى، ئورۇنلاشتۇ-رۇلدى.

**تَرَتَّبَ صُفُوفًا:** رەتكە تىزىلدى، رەتكە تۇردى، قاتار تۇردى.

**تَرَتَّبَ عَلَى كَذَا:** ... غا باشلىدى.

**«تَرَتَّبَ عَلَى إِهْمَالِكَ أَنْ رَسِبْتَ فِي الْإِمْتِحَانِ» :** سىنىڭ بىپەرۋالىقىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەس-لىكىڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**تَرْتَرَ يُتَرْتِرُ تَرْتَرَةً:** قۇرۇق پاراڭلاشتى.

**تِرْتِرٌ. تِرْتِرَةٌ ج تِرْتِرَاتٌ:** ئالتۇنرەڭ پار ـ پۇر قەغەز، كۈمۈشرەڭ پار ـ پۇر قەغەز.

**تَرْتِيبٌ:** ئورۇنلاشتۇرماق، سەرەمجانلاشتۇرماق، رەتلىمەك؛ تەرتىپ، رەت.

**«لَنْ يَسْتَغْرِقَ تَرْتِيبُ مَحَاضِرِ الْإِجْتِمَاعِ كَثِيرًا مِنَ الْوَقْتِ» :** يىغىن خاتىرىلىرىنى رەتلەشكە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ.

**«نَجَحَ وَلَدُهُ وَكَانَ تَرْتِيبُهُ الْأَوَّلَ فِي فَصْلِهِ» :** ئۇنىڭ بالىسى ئىمتىھاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ئۆز سىنىپىدا بىرىنچى بولدى.

**«دَخَلُوا بِالتَّرْتِيبِ وَخَرَجُوا مِنْ غَيْرِ تَرْتِيبٍ» :** كىرىشتە تىزىلىپ كىردى، چىقىشتا رەتسىز چىقتى.

**تَرْتِيبٌ هِجَائِيٌّ:** ئېلىپبە تەرتىپى، تەرتىپ.

**بِتَرْتِيبٍ:** تەرتىپلىك، رەتلىك، تەرتىپ بىلەن، قائىدىلىك، ئىدىتلىق.

**«اَلْكُتُبُ عَلَى الرُّفُوفِ مُلَخْبَطَةٌ وَ غَيْرُ مُنْتَظِمَةٍ، قُمْ بِتَرْتِيبِهَا مِنْ فَضْلِكَ» :** كىتاب جازىسى-دىكى كىتابلار قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇنى رەتلىۋەتسىڭىز.

**تَرْتِيبِيٌّ:** تەرتىپلىك، رەتلىك.

**عَدَدٌ تَرْتِيبِيٌّ:** دەرىجە سان.

**تَرْتِيلٌ:** يېقىملىق ئاۋاز بىلەن قائىدىلىك ئوقۇش.

**«كَانَ الشَّيْخُ حَسَنَ التَّرْتِيلِ لِلْقُرْآنِ» :** ئۇستاز قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد بىلەن چىرايلىق ئوقۇيتتى.

**تَرْتِيلَةٌ ج تَرَاتِيلُ:** خرىستىئانلارنىڭ چېركاۋدا ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىغان ناخشىسى.

**تَرَجَ يَتْرِجُ تَرَجًا:** يوشۇرۇندى، بېكىندى.

**تَرِجَ يَتْرَجُ تَرَجًا الرَّجُلُ:** سىرلىق بولدى.

**تَرْجٌ:** شىر كۆپ جاي.

**تَرَجَّحَ يَتَرَجَّحُ تَرَجُّحًا الْمِيزَانُ:** جىڭ بېسىپ كەتتى، ئېغىر كەلدى.

**تَرَجَّحَ الرَّأْيُ:** كۆز قاراش بېسىپ كەتتى، كۈچلۈك بولدى.

**تَرَجَّحَتِ الْأُرْجُوحَةُ بِالْغُلَامِ:** ئېلەڭگۈچ بالىنى ئىرغاڭلاتتى.

**تَرَجَّلَ:** مېدىرلىماق، لىڭشىماق.

**تَرَجَّلَ يَتَرَجَّلُ تَرَجُّلًا الْمُسَافِرُ:** پىيادە ماڭدى.

**تَرَجَّلَ الرَّاكِبُ:** ماشىنىدىن چۈشتى؛ ئاتتىن چۈشتى.

**رَآهُ فَتَرَجَّلَ لَهُ:** ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن چۈشتى.

**تَرَجَّلَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ئەركەكزەدەك بولۇۋالدى.

**تَرَجَّى يَتَرَجَّى تَرَجِّيًا:** ئۆتۈندى، يالۋۇردى.

**«تَرَجَّاهُ أَنْ يَصْفَحَ عَنْ زِلَّتِهِ» :** خاتالىقىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى.

**تَرَجْرَجَ يَتَرَجْرَجُ تَرَجْرُجًا الشَّيْءُ:** تىترىدى،

مـدىرلـىدى، لـىكشـىدى، تـەۋرىدى.

**تَرْجَمَ يُتَرْجِمُ تَرْجَمَةً:** تەرجىمە قىلدى.

**تَرْجَمَ عَنْ:** ئىپادىلىدى، بىلدۈردى.

**تَرْجَمَ عَنْ شُعُورِهِ:** ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

**تَرْجَمَ لَهُ:** تەرجىمىھالىنى بەردى، تەرجىمىھالىنى ئىشلىدى.

**تَرْجَمَ الْكِتَابَ:** كىتابنى تەرجىمە قىلدى.

**«تَرْجَمَ الْعَرَبُ عَنِ الْيُونَانِيَّةِ كُتُبًا كَثِيرَةً فِي الْفَلْسَفَةِ وَالطِّبِّ» :** ئەرەبلەر يۇنانچىدىن نۇرغۇنلىغان پەلسەپە ۋە تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

**تَرْجَمَ عَنْ آمَالِهِ:** ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى، ئارزۇسىنى بايان قىلدى.

**تَرْجَمَ الْقَرَارَ إِلَى عَمَلٍ:** قارارنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇردى.

**«هَذِهِ الْقَصِيدَةُ مَاهِيَ إِلَّاحَدِيثُ نَفْسٍ تُتَرْجِمُ عَنْ دَخَائِلِهَا وَآلَامِهَا وَآمَالِهَا» :** بۇ قەسىدە پەقەت دەرد ـ ئەلەملىرىنى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان يۈرەك سۆزىدىن ئىبارەتتۇر.

**تُرْجُمَانٌ ج تُرَاجِمُ و تَرَاجِمَةٌ:** تەرجىمان، تۇۋچى، تىلماچ.

**«شَارَكَ التَّرَاجِمَةُ مِنَ النَّسَاطِرَةِ وَ السِّرْيَانِ فِي نَقْلِ الْفِكْرِ الْيُونَانِيِّ إِلَى الْعَرَبِيَّةِ» :** نېستورى ۋە سۈريان تەرجىمانلىرى يۇنان ئىدىئولوگىيىسىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى.

**تَرْجَمَةٌ:** تەرجىمە قىلماق، ئىزاھلىماق، شەرھلىمەك، تەرجىمە.

**تَرْجَمَةُ الْحَيَاةِ ج تَرَاجِمُ:** تەرجىمىھال، تەزكىرە.

**«اَلْمُعَلِّمُ هُوَ الْوَسِيطُ الْقَادِرُ عَلَى تَرْجَمَةِ أَهْدَافِ الْمَدْرَسَةِ إِلَى وَاقِعٍ فِعْلِيٍّ مَلْمُوسٍ» :** مۇئەللىم مەكتەپنىڭ غايىلىرىنى كونكرېت ۋە ئەمەلىي رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا قۇدرەتلىك ۋاسىتىدۇر.

**تَرْجَمَةٌ ذَاتِيَّةٌ:** تەرجىمىھال، شەخسى تەرجىمىھال، ئاپتوبىئوگرافىيە.

**تَرْجَمَةٌ حَرْفِيَّةٌ:** خەتمۇ خەت تەرجىمە، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە، ئۆلۈك تەرجىمە.

**تَرْجَمَةٌ تَفْسِيرِيَّةٌ:** مەنەن تەرجىمە، مەزمۇنەن تەرجىمە.

**تَرْجَمَةٌ آنِيَّةٌ:** ئۇدۇللۇق تەرجىمە.

**تَرْجَمَةٌ فَوْرِيَّةٌ:** ئۇدۇللۇق تەرجىمە ، تېز تەرجىمە.

**تَرْجَمَةٌ حُرَّةٌ:** ئەركىن تەرجىمە.

**تَرْجَمَةٌ بِتَصَرُّفٍ:** ئەركىن تەرجىمە.

**تَرْجِيحٌ:** بىر تەرەپكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرمەك، بىر تەرەپنى كۈچلەندۈرمەك، يان باسماق.

**تَرْجِيعٌ:** قايتىلىماق، تەكرارلىماق، سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتماق، خور ئېيتماق.

**تَرِحَ يَتْرَحُ تَرَحًا:** قايغۇردى.

**تَرَحٌ ج أَتْرَاحٌ:** قايغۇ ـ ھەسرەت.

**«صَدِيقِي مَنْ يُقَاسِمُنِي أَتْرَاحِي قَبْلَ أَفْرَاحِي» :** دوستۇم مېنىڭ خۇشاللىقىمدىن بۇرۇن قايغۇلىرىمغا ئورتاقلىشىدۇ.

**تَرْحَابٌ:** قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

**«لَقِيتُهُ بِالْبِشْرِ وَالتَّرْحَابِ» :** مەن ئۇنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدىم.

**تَرْحَالٌ:** سەپەر قىلماق، كۆچمەك، ھىجرەت قىلماق، كۆپ كۆچۈش.

**«صَحِبَتْكَ السَّلَامَةُ فِي حِلِّكَ وَتَرْحَالِكَ» :** تۇرغۇنىڭدا بولسۇن يا سەپىرىڭدە بولسۇن، ساڭا سالامەتلىك يار بولسۇن.

**تَرَحَّبَ يَتَرَحَّبُ تَرَحُّبًا بِهِ:** قارشى ئالدى، كۈتۈۋالدى.

**تَرَحَّلَ يَتَرَحَّلُ تَرَحُّلاً الْقَوْمُ:** كەزدى، ئايلاندى، ساياھەت قىلدى، سەيلە قىلدى، كۆچتى.

**تَرَحَّمَ تَرَحُّمًا عَلَى صَدِيقِهِ:** دوستىغا ئىچى ئاغرىدى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، (كۆپرەك ئۆلگەنلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ).

**تَرْحِيبٌ:** قارشى ئالماق.

**خِطَابُ التَّرْحِيبِ:** قارشى ئېلىش نۇتقى، قارشى ئېلىش سۆزى.

**«اِسْتَقْبَلَ ضَيْفَهُ بِالتَّرْحِيبِ» :** ئۇ مېھمىنىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



**تَرْجِيلٌ ج تَرَاجِيلُ:** توشۇماق، كۆچۈرۈۋەتمەك، يۆتكىمەك، كۆچمەك.

**تَرَخَ يَتْرَخُ تَرْخًا:** قان ئالدى.

**تَرَخَّشَ يَتَرَخَّشُ تَرَخُّشًا:** چۆچۈپ كەتتى، ئۈركۈپ كەتتى.

**تَرَخَّصَ يَتَرَخَّصُ تَرَخُّصًا الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ:** كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى، سەل قارىدى.

**تَرَخَّصَ لَهُ:** ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.

**تَرَخَّصَ فِي حَقِّهِ:** ئۇنىڭغا سەل قارىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى، ئەھمىيەت بەرمىدى.

**تَرَخَّصَ الشَّخْصُ:** ئىجازەت سورىدى، رۇخسەت سورىدى.

**تَرْدَادٌ:** تەكرارلىماق، ياندۇرماق، قايتا - قايتا زىيارەت قىلماق.

**تَرَدَّأَ يَتَرَدَّأُ تَرَدُّءًا:** يامانلاشتى، ناچارلاشتى.

**تَرَدَّدَ يَتَرَدَّدُ تَرَدُّدًا فِي الْجَوَابِ:** ئۆزىنى قاچۇردى، ئارىسالدى بولدى، ئىككىلەندى.

**«لَا تَتَرَدَّدْ فِي طَرْحِ الْأَسْئِلَةِ الَّتِي تَبْدُو لَكَ»:** مەسىلە بولسا ئىككىلەنمەي ئوتتۇرىغا قوي.

**تَرَدَّدَ فِي الْأَمْرِ:** شەكلەندى، بىر قارارغا كېلەلمىدى، ئارىسالدى بولدى.

**تَرَدَّدَ فِي كَلَامٍ:** تىل چايندى، دۇدۇقلىدى.

**تَرَدَّدَ إِلَى الْمَكَانِ:** كېلىپ تۇردى، دائىم بېرىپ تۇردى.

**«تَرَدَّدَ اِسْمُهُ عَلَى الشِّفَاهِ»:** ئۇنىڭ ئىسمى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى.

**«كُنْتُ أَتَرَدَّدُ إِلَيْهِ فِي الْأَيَّامِ الْمَاضِيَةِ»:** ئۆتكەن كۈنلەردە ئۇنىڭغا كېلىپ تۇراتتىم.

**تَرَدَّدَ إِلَى مَجْلِسِ الْعِلْمِ:** ئىلىم سورۇنلىرىغا كېلىپ تۇردى.

**تَرَدَّدَ عَلَى الْأَلْسِنَةِ:** بەس - مۇنازىرە، دە - تالاش نۇقتىسى بولدى.

**تَرَدُّدٌ:** ئىككىلەنمەك، ئارىسالدا بولماق، رەت قىلماق، باش تارتماق.

**لَاتَكُنْ دَائِمَ التَّرَدُّدِ:** ئىككىلىنىپ يۈرۈۋەرمە.

**تَرَدَّى يَتَرَدَّى تَرَدِّيًا:** چۈشۈپ كەتتى.

**«وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّى» (قرآن):** ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

**تَرَدَّى فِي الْإِثْمِ:** گۇناھ ئۆتكۈزدى.

**تَرَدَّى مِنَ الْجَبَلِ:** تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

**تَرَدَّى فِي الْهُوَّةِ:** ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

**تَرَدٍّ:** چوڭقۇر ئويلىماق، باش قاتۇرماق، پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇلاھىزە قىلماق.

**تَرَّ يَتُرُّ و يَتِرُّ تَرَارَةً الرَّجُلُ:** سەمرىدى.

**تَرَّ يَتُرُّ و يَتِرُّ تَرًّا و تُرُورًا الْعَظْمُ:** سۆڭەك ئاجراپ كەتتى، سۇندى.

**تُرٌّ:** يىلتىز، تومۇر، ئاساس.

**تَرَّاعٌ:** دەرۋازىۋەن.

**تَرَّاسٌ ج تَرَّاسَةٌ:** قالقان ياسىغۇچى، قالقانچى.

**تَرَّبَ يُتَرِّبُ تَتْرِيبًا الشَّيْءَ:** چاڭ - توزانغا كۆمۈۋەتتى.

**تَرَّبَ الْمَكَانَ:** جايىغا توپا تۆكتى.

**تَرَّحَ يُتَرِّحُ تَتْرِيحًا ـ هُ الْهَمُّ:** غەم ئۇنى قايغۇغا سالدى.

**تَرَّسَ يُتَرِّسُ تَتْرِيسًا:** قالقان بەردى.

**تَرَّسَ الشَّخْصُ:** قالقان ۋە دوبۇلغا بىلەن قوغدالدى.

**تَرَّصَ يُتَرِّصُ تَتْرِيصًا الْمِيزَانَ:** تارازىنى تەڭپۇڭلاشتۇردى.

**تَرَّفَ يُتَرِّفُ تَتْرِيفًا:** ھەددىدىن ئاشتى، بىشەملىك قىلدى.

**تَرَّفَ الشَّخْصَ:** باياشات قىلىۋەتتى، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە چۆمدۈردى.

**تُرَّهَةٌ ج تُرَّهَاتٌ:** قۇرۇق گەپ، بىكار گەپ؛ ئاسارەت؛ كىچىك ئىش، ئەرزىمەس ئىش.

**«جَاءَ مَقَالُهُ حَافِلًا بِالْأَبَاطِيلِ وَالتُّرَّهَاتِ»:** ئۇنىڭ ماقالىسى يالغان - ياۋىداق يارامسىز نەرسىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان.

**تَرَزَ يَتْرِزُ تَرْزًا و تُرُوزًا الشَّيْءُ:** قۇرۇدى، قاتتى، چىڭىدى.

**تَرَزَ يَتْرِزُ تَرْزًا:** يىقىتتى، بىسىۋالدى، باستى.

**تَرِزَ يَتْرَزُ تَرَزًا:** ۋاپات بولدى، قورسىقى ئاچتى.

**تَرِزَ الْمَاءُ:** سۇ مۇز تۇتتى.

**تَرِزَ اللَّحْمُ:** گۆش قېتىپ قالدى.

**تَرَزَّنَ يَتَرَزَّنُ تَرَزُّنًا فِي الْأَمْرِ:** ئېغىر - بېسىق بولدى، سالماق بولدى، ئېھتىياتچان بولدى.

**تُرْسٌ ج أَتْرَاسٌ و تِرَاسٌ و تُرُوسٌ و تِرَسَةٌ:** قالقان، دۇبۇلغا.

**كَانَ الْفَارِسُ يَحْمِلُ الرُّمْحَ وَالتُّرْسَ:** چەۋەنداز نەيزە ۋە قالقاننى كۆتۈرۈۋالاتتى.

**سَمَكُ التُّرْسِ:** بىر خىل دېڭىز بېلىقى، قالقان بېلىقى.

**تَرَسٌ:** ئالىقانات، لۇكچەك، ساياق.

**تَرْسَانَةٌ:** قورال - ياراغ ئىسكىلاتى؛ كېمىسازلىق زاۋۇتى.

**تِرْسَةٌ ج تِرْسَاتٌ:** دېڭىز تاشپاقىسى.

**تَرَسَّبَ يَتَرَسَّبُ تَرَسُّبًا الْمَوَادُّ الْمُعَلَّقَةُ فِي الْمِيَاهِ أَوِ الْهَوَاءِ أَوْنَحْوِهِمَا:** سۇ ياكى ھاۋادا چۆكۈپ قالغان ماددىلار تىندى، چۆكتى.

**تَرَسَّخَ يَتَرَسَّخُ تَرَسُّخًا الشَّيْءُ:** پۇختا بولدى، مۇستەھكەم بولدى، يىلتىز تارتتى.

**تَرَسَّلَ يَتَرَسَّلُ تَرَسُّلاً الْقَارِئُ فِي قِرَائَتِهِ:** قارى ئالدىرىماي تەمكىن ئوقۇدى.

**تَرَسَّلَ الْكَاتِبُ:** يازغۇچى قايىپىسىز ئۇدۇل سۆزلەۋەردى.

**تَرَسَّمَ يَتَرَسَّمُ تَرَسُّمًا:** چېرتيوژ سىزدى، خەرىتە سىزدى، سخېما سىزدى.

**تَرَسَّمَ الْمَنْزِلَ:** ئۆينىڭ خەرىتىسىنى سىزدى.

**تَرَسَّمَ خُطَاهُ:** ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

**تَرَسَّمَ الْقَوَاعِدَ:** تەرتىپكە رىئايە قىلدى، پرىنسىپقا رىئايە قىلدى.

**تَرَسَّمَ الْآثَارَ:** ئىزىغا چۈشتى، ئىز قوغلىدى، پېيىگە چۈشتى.

**تَرَسَّمَ خُطَّةً:** پىلان تۈزدى.

**تَرْشَرَشَ يَتَرْشَرَشُ تَرْشُرُشًا الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى.

**تَرِشَ يَتْرَشُ تَرَشًا:** بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، تەبىئىتى بۇزۇلدى.

**تَرِشٌ:** يوچۇن ئادەم، بىر قىسمىلا ئادەم.

**تَرَشَّحَ يَتَرَشَّحُ تَرَشُّحًا لِمَنْصَبٍ:** نامزاتلىققا كۆرسىتىلدى.

**تَرَشَّحَ الشَّخْصُ لِوَظِيفَةٍ:** ئەمەلگە قويۇشقا كۆرسىتىلدى.

**تَرَشَّحَ الْمَاءُ:** سۇ سىرغىپ چىقتى، تەپچىرەپ چىقتى.

**تَرَشَّحَ فِي الْإِنْتِخَابَاتِ:** سايلامدا نامزاتلىققا كۆرسىتىلدى.

**تَرَشَّحَ الشَّيْءُ:** تەپچىرىدى، سىرغىدى، ئاقتى.

**تَرَشَّشَ يَتَرَشَّشُ تَرَشُّشًا السَّائِلُ:** سۇيۇقلۇق چېچىلدى، يامرىدى.

**تَرَشَّفَ يَتَرَشَّفُ تَرَشُّفًا الْمَاءَ وَ نَحْوَهُ:** سۇنى سۈمۈردى، ئوتلىدى.

**تَرْشِيحٌ:** نامزاتلىققا كۆرسىتمەك.

**«تَرَاجَعَ عَنْ تَرْشِيحِ نَفْسِهِ»:** ئۆزىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىشتىن ۋاز كەچتى.

**تَرْشِيحٌ لِمَنْصَبٍ:** نامزات قىلىپ كۆرسەتمەك.

**بِطَاقَةُ تَرْشِيحٍ:** سايلام بېلىتى.

**سَحَبَ تَرْشِيحَهُ:** ئۇنىڭ نامزاتلىقىنى ئېلىپ تاشلىدى.

**تَرْشِيدٌ:** يېتەكلىمەك.

**تَرْشِيدُ الْإِنْفَاقِ:** تېجەشلىك بولۇش، ئىقتىسادچىل بولۇش؛ تەربىيە بېرىش.

**تَرْشِيدُ الْاِسْتِهْلَاكِ:** تېجەشلىك بولۇش، ئىقتىسادچىل بولۇش.

**تَرُصَ يَتْرُصُ تَرَاصَةً الشَّيْءُ:** توغرىلاندى، تۈزەلدى، ئوڭشالدى.

**تَرَصَّدَ يَتَرَصَّدُ تَرَصُّدًا لَهُ:** كۆزەتتى، مارىلىدى.

**تَرْصِيدُ الدَّفَاتِرِ:** ھېسابنى بوغماق.

**تَرَضْرَضَ يَتَرَضْرَضُ تَرَضْرُضًا:** پاچاقلىنىپ كەتتى، سۇندى، يەنچىلدى، پارە - پارە بولۇپ كەتتى، داۋالاندۇردى، لىكشىدى.

**تَرَضَّخَ يَتَرَضَّخُ تَرَضُّخًا الْخُبْزَ:** ناننى سۇندۇرۇپ يېدى، ناننى پارچىلاپ يېدى.

**تَرَضَّفَ يَتَرَضَّفُ تَرَضُّفًا:** سۇندى، يەنچىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى، پاچاقلىنىپ كەتتى.

**تَرَضَّى يَتَرَضَّى تَرَضِّيًا:** ياراشتى، ئەپلىنىشىپ قالدى، كېلىشتى، رازى بولۇشتى.

**تَرْضِيعٌ:** ئېمىتمەك، سۈت بەرمەك.

**تَرَطَّبَ يَتَرَطَّبُ تَرَطُّبًا الثَّوْبُ:** كىيىم ھۆل بولدى.

**تَرَطَّبَ الْجَوُّ:** ھاۋا نەملەشتى.

**تَرِعَ يَتْرَعُ تَرَعًا الْكُوزُ:** كوزا تولدى.

**تَرِعَ الْإِنَاءُ:** قاچا تولدى، تولۇپ كەتتى، تېشىپ كەتتى.

**تُرْعَةٌ ج تُرَعٌ:** قانال؛ ئۆستەڭ؛ ئېرىق؛ ئېشىك، توغان دەرۋازىسى؛ دەريا.

**تُرْعَةُ السُّوَيْسِ:** سۇۋەيش قانىلى.

**تُرْعَةٌ عُمُومِيَّةٌ:** غول ئۆستەڭ.

**تُرْعَةٌ فَرْعِيَّةٌ:** تارماق ئۆستەڭ، تارماق ئېرىق.

**تُرْعَةٌ مُشْتَرَكَةٌ:** ئاممىۋى ئۆستەڭ.

**«هُنَاكَ ثَغْرَةٌ فِي جِدَارِ التُّرْعَةِ فَأَسْرِعْ وَ أَصْلِحْهَا»:** ئۆستەڭنى يا ئېلىپ كېتىپتۇ، تېزدىن كېلىپ ئوڭشىۋەت.

**تَرَعْرَعَ يَتَرَعْرَعُ تَرَعْرُعًا الصَّبِيُّ:** نارەسىدە بالا ئۆسۈپ يېتىلدى.

**«اَلْجِيلُ النَّاشِئُ يَنْمُو وَ يَتَرَعْرَعُ»:** يېڭى بىر ئەۋلاد ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

**تَرَعَّصَ يَتَرَعَّصُ تَرَعُّصًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى مىدىر-لاتتى، ھەرىكەتلەندۈردى.

**تُرْغُلَّةٌ. تِرْغَلَّةٌ:** پاختەك.

**تَرِفَ يَتْرَفُ تَرَفًا:** راھەت ـ پاراغەتتە ياشىدى.

**تَرِفَ النَّبَاتُ:** ئۆسۈملۈك كۆكەردى، ياپيېشىل بولدى.

**تَرِفَ الْمَرْءُ:** كىشى باياشات بولدى.

**تَرَفٌ. تُرْفَةٌ:** باياشاتلىق، پاراۋانلىق؛ ھەشەمەت، راھەت ـ پاراغەت، كەيپى ـ ساپا.

**«كَانَ يَعِيشُ عِيشَةً وَسَطًا لَا تَرَفَ فِيهَا وَلَا بُؤْسَ»:** ئۇ باياشاتمۇ ئەمەس، غورىگۈلمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال تۇرمۇشتا ياشىدى.

**تَرَقٌ:** زۆرۈر بولمىغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش.

**تِرْفَاسٌ:** بۇغداي مايىسى.

**تَرَفَّعَ يَتَرَفَّعُ تَرَفُّعًا الْبِنَاءُ:** بىنا ئېگىزلىدى.

**«تَرَفَّعَ عَنِ الدَّنَايَا»:** ناچار قىلىقلاردىن پاك ـ پاكىز بولدى. يامان كىشىلەردىن ھېزى بولدى.

**تَرَفَّعَ الشَّخْصُ عَنِ الشَّيْءِ:** پاك بولدى.

**تَرَفُّعٌ:** باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق.

**تَرَفَّقَ يَتَرَفَّقُ تَرَفُّقًا بِهِ:** مۇلايىم بولدى، يۇمشاق بولدى، سىلىق مۇئامىلە قىلدى.

**تَرَفَّهَ يَتَرَفَّهُ تَرَفُّهًا الشَّخْصُ:** راھەت تۇرمۇش كەچۈردى، باياشات ياشىدى.

**تَرْفِيهٌ عَنِ النَّفْسِ:** ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق، تاماشا قىلماق، كۆڭۈل ئاچماق.

**تَرْقَاءُ. تَرْقَاةٌ:** ئوخرەك سۆڭىكىنى زەخمىلەن-دۈرۈش.

**تَرَقْرَقَ يَتَرَقْرَقُ تَرَقْرُقًا:** يالتىرىدى، ۋال ـ ۋۇل قىلدى، پارقىرىدى، پىلدىرلىدى، چاقنىدى.

**تَرَقْرَقَ النَّجْمُ أَوِ السَّرَابُ:** يۇلتۇز ياكى ئېزىتقۇ چاقنىدى، جىلۋىلىنىپ تۇردى.

**تَرَقْرَقَتِ الْعَيْنُ بِالدُّمُوعِ:** كۆزىگە ياش ئالدى، كۆزى ياش بىلەن تولدى.

**تَرَقَّبَ يَتَرَقَّبُ تَرَقُّبًا الرَّجُلُ:** كۈتتى، كۆزەتتى، ئەتراپقا باقتى.

**«فَأَصْبَحَ فِى الْمَدِينَةِ خَائِفًا يَتَرَقَّبُ» ‹قرآن›:** مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى.

**«تَرَقَّبَ طُلُوعَ الْفَجْرِ»:** تاڭ ئېتىشنى كۈتتى.

**تَرَقُّبٌ:** ئىنتىزار بولماق، كۈتمەك، قارىماق.

**تَرَقَّصَ يَتَرَقَّصُ تَرَقُّصًا ـ تِ الْفَتَاةُ:** قىز ئۇسسۇل ئوينىدى، تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى، لىڭشىدى؛ غىلجىڭلىدى؛ ناز قىلدى.

**«مَا لِهَذِهِ الْفَتَاةِ تَتَرَقَّصُ فِي مَشْيَتِهَا»:** بۇ قىز نېمىشقا ناز قىلىپ ماڭىدىغاندۇ؟

**تَرَقَّصَتِ الْأَرْضُ:** ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ كەتتى.

**تَرَقَّقَ يَتَرَقَّقُ تَرَقُّقًا لَهُ:** كۆيۈندى، ئىچى ئاغرى-

دى، خەير خاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى.

**تَرَقَّنَ يَتَرَقَّنُ تَرَقُّنًا:** سۈركىدى، سۈرتتى، يۇدى.

**تَرْقُوَةٌ ج تَرَاقٍ وَتَرَائِقُ:** ئومراۋ سۆڭىكى.

**بَلَغَتْ رُوحُهُ التَّرَاقِيَ:** ئۆلەي دەپ قالدى؛ سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، ھالاكەتكە يۈزلەندى.

**تَرَقَّطَ يَتَرَقَّطُ تَرَقُّطًا:** چەل بولدى، داغ چۈشتى.

**تَرَقَّى يَتَرَقَّى تَرَقِّيًا:** ئۆرلىدى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تەرەققىي قىلدى، ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئالغا باستى، ئۆستى.

**تَرَقَّى فِي الْعِلْمِ:** بىلىمدە ئىلگىرىلىدى.

**تَرَقٍّ:** ئىلگىرىلىمەك.

**تَرْقِيَةٌ:** ئۆستۈرمەك، ئىلگىرىلەتمەك، تەرەققىي قىلدۇرماق.

**تَرْقِيَةُ الْكَمِّيَّةِ:** دەرىجىگە كۆتۈرمەك، مىقدارنى ئاشۇرماق.

**تَرْقِيَةٌ بِالِاخْتِبَارِ:** ئىمتىھان ئارقىلىق ئۆستۈرۈش، سىناش ئارقىلىق ئۆستۈرۈش.

**«نَالَ الْمُوَظَّفُ تَرْقِيَةً بِالِاخْتِبَارِ لِكَفَاءَتِهِ»:** خىزمەتچى لاياقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن سىناش ئارقىلىق ئۆستۈرۈلدى.

**تَرْقِيدٌ:** ئىنچىلاندۇرماق، ئۇخلاتماق.

**وَقْتُ التَّرْقِيدِ:** ئۇخلاش ۋاقتى، ئارام ئېلىش ۋاقتى.

**تَرْقِيدُ النَّبَاتِ:** كۆمۈلگەن قەلەمچە، شاخ باستۇرۇپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى.

**تَرْقِيدُ الْبَيْضِ:** تۇخۇم باسماق.

**تَرْقِيعٌ:** ياسىماق، تۈزىمەك.

**تَرْقِيعُ الثِّيَابِ:** كىيىم ياماش.

**تَرْقِيعُ الْجُرُوحِ:** تېرە يۆتكەش ئوپېراتسىيىسى.

**جِرَاحَةٌ تَرْقِيعِيَّةٌ:** ھۆسن تۈزەش تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى.

**تَرْقِيمٌ:** بەلگە قويۇش، نومۇر قويۇش.

**عَلَامَةُ التَّرْقِيمِ:** تىنىش بەلگىلىرى.

**نِظَامُ التَّرْقِيمِ:** ھېسابلاش قائىدىلىرى.

**تَرَكَ يَتْرُكُ تَرْكًا وَتِرْكَانًا:** ۋاز كەچتى، تاشلىۋەتتى، چۆرۈۋەتتى، كۆز يۇمدى، قول ئۈزدى، قالدۇردى.

**«لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ»** «قرآن»: ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار.

**تَرَكَ الْمَيِّتُ مَالًا:** ئۆلگەن ئادەم مال ـ مۈلۈك قالدۇردى، مىراس قالدۇردى.

**تَرَكَ إِرْثًا:** مىراس قالدۇردى.

**تَرَكَهُ يَفْعَلُ:** رۇخسەت قىلدى، ئىجازەت قىلدى، قىلىشقا قويۇۋەتتى.

**تَرَكَهُ وَ شَأْنَهُ:** يول قويدى، مەيلىگە قويۇپ بەردى.

**تَرَكَهُ عَلَى حَالِهِ:** ئۆز پېتىچە قويدى، ئۆز پېتىچە قالدۇردى.

**تَرَكَ الْحَبْلَ عَلَى الْغَارِبِ:** مەيلىگە قويۇۋەتتى، بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

**تَرَكَ الْبَابَ مَفْتُوحًا:** ئىشىكنى ئوچۇق قويدى.

**تَرَكَ لَهُ الْخِيَارَ:** ئىختىيارىغا قويدى، ئۆز مەيلىگە قويدى.

**تَرَكَ عَمَلَهُ:** ئىشنى تاشلىۋەتتى، ئىشنى تەرك ئەتتى.

**«تَرَكَ الْعَمَلَ مُؤَقَّتًا»:** ۋاقىتلىق ئىشنى تاشلىدى.

**تَرَكَ الشَّخْصَ:** كىشىنى ئۆز مەيلىگە قويدى، كىشىنى يالغۇز قويدى.

**«لَا تَتْرُكُ الْحَرْبُ لَنَا سِوَى الْخَرَابِ»:** ئۇرۇش بىزگە ۋەيرانچىلىقتىن باشقىنى قالدۇرمايدۇ.

**«لَا تَتْرُكِ الْمَشَاكِلَ تَتَرَاكَمْ»:** قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلماي يىغىپ قويمىغىن.

**«أُتْرُكْنِي أُفَكِّرْ قَلِيلًا ثُمَّ أُجِيبُكَ»:** مېنى ئازراق ئويلىنىۋېلىشقا قويغىن، ئاندىن ساڭا جاۋاب بېرەي.

**تَرْكٌ:** قويماق، تەرك ئەتمەك، قالدۇرماق، تاشلىماق.

**تُرْكٌ ج أَتْرَاكٌ. تُرْكِيٌّ:** تۈرك.

**تَرِكَةٌ. تِرْكَةٌ ج تَرِكَاتُ الْمُتَوَفَّى:** ۋاپات بولغان ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مىراس، تەرەكە.

www.uyghurkitap.com



«**خَلَّفَ الْإِسْتِعْمَارُ تِرْكَةً ثَقِيْلَةً مِنَ الْفَسَادِ وَالْفِرْقَةِ**» : مۇستەملىكىچىلىك پىتنە ـ پاسات ۋە تەپرىقىچىلىكتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى قالدۇردى.

**تَرَكَّبَ يَتَرَكَّبُ تَرَكُّبًا الشَّيْءُ مِنْ كَذَا وَ كَذَا:** تەركىب تاپتى، قۇراشتۇرۇلدى.

**تَرَكَّزَ يَتَرَكَّزُ تَرَكُّزًا ـ تِ هَذِهِ الْفِكْرَةُ فِي الْعُقُولِ:** بۇ قاراش دىللاردا ئورناشتى.

**تَرْكِيبٌ:** ياسىماق، قۇراشتۇرماق، قۇرماق.

**تَرْكِيبُ تِلْفُون:** تېلېفون قۇراشتۇرۇش.

**دَوَاءُ تَرْكِيبٍ:** تەييارلانغان دورا.

**عِلْمُ التَّرْكِيْبِ:** گراماتىكا (نەھۋى ئىلمى).

**لُعْبَةُ تَرْكِيبٍ:** قۇراشتۇرۇش ئويۇنى.

**تَرْكِيْبُ الذَّرَّةِ:** ئاتومنىڭ قۇرۇلمىسى، ئاتومنىڭ تەركىب تېپىشى.

**تَرْكِيبُ الْجِسْمِ:** بەدەننىڭ تۈزۈلىشى.

**تَرْكِيزٌ:** مەركەزلەشتۈرمەك، يىغماق، توپلىماق.

**تَرَمَّزَ يَتَرَمَّزُ تَرَمُّزًا:** ھەرىكەتلەندى، داۋالغۇدى، تەييارلاندى، تەييارلىق قىلدى.

**تَرَمَّقَ يَتَرَمَّقُ تَرَمُّقًا الشَّرَابَ:** شارابنى ئوتلاپ ئىچتى، ئاز ـ ئازدىن ئىچتى.

**تَرَمَّلَ يَتَرَمَّلُ تَرَمُّلاً ـ تِ الْمَرْأَةُ:** ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى، تۇل بولۇپ قالدى.

**تَرَمُّلٌ :** تۇل ئۆتمەك، تۇل ياشىماق.

**تَرَمَّمَ يَتَرَمَّمُ تَرَمُّمًا الشَّيْءَ:** رېمونت قىلدى، ئىسلاھ قىلدى، تۈزىدى، ئوڭشىدى.

**تَرْمِيدٌ:** كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىش.

**تَرْمِيدُ الْمَوْتَى:** جەسەت كۆيدۈرۈش.

**تَرْمِيمَاتٌ:** رېمونت ئىشلىرى، رېمونتچىلىق.

**تَرَنَّحَ يَتَرَنَّحُ تَرَنُّحًا الشَّخْصُ:** دەلدەڭشىدى، سەنتۈرۈلدى.

**تَرَنَّحَ بِالْمَكَانِ:** ئۇزاق مۇددەت تۇردى، ئۇزاق مۇددەت ياشىدى.

**تَرَنَّحَ مِنَ التَّعَبِ:** چارچاپ دەلدەڭشىپ كەتتى.

**تَرَنَّحَ مِنَ النُّعَاسِ:** مۈگدەپ دەلدەڭشىپ كەتتى.

**تَرَنَّحَ زَهْوًا وَتِيهًا:** كۆرەڭلىدى، غادىيىۋالدى.

**تَرَنَّمَ يَتَرَنَّمُ تَرَنُّمًا:** ناخشا ئېيتتى، غەزەل تولۇلدى.

**تَرْنِيْمَةٌ ج تَرَانِيْمُ و تَرْنِيْمَاتٌ:** يېنىك ناخشا، مەدھىيە ناخشا.

**تَرْنِيمَةٌ دِينِيَّةٌ:** دىنىي ناخشا (خرىستىئانلارنىڭ)

«**تُعْجِبُنِي هَذِهِ التَّرَانِيمُ الشَّجِينَةُ**» : بۇ مۇڭلۇق ناخشا ماڭا يارايدۇ.

**تَرِهَ يَتْرَهُ تَرَهًا:** لاغايلاپ يۈردى، بىكار يۈردى، ئويناپ يۈردى.

**تَرَهَّبَ يَتَرَهَّبُ تَرَهُّبًا الرَّاهِبُ:** راھىب ئىستىقامەت قىلدى، پۈتۈنلەي ئىبادەتكە بېرىلدى.

**تَرَهَّبَ الرَّجُلُ:** ئىبادەتكە بېرىلدى، ئىبادەت قىلدى، راھىب بولدى.

**تَرَهَّبَتِ الْمَرْأَةُ:** راھىبە بولدى.

**تَرَهَّفَ يَتَرَهَّفُ تَرَهُّفًا:** بوزەك بولدى.

**تَرَهَّلَ يَتَرَهَّلُ تَرَهُّلاً الشَّخْصُ:** بوشاشتى.

**تَرَهُّلٌ:** بوشاشماق.

**تَرَهْوَنَ يَتَرَهْوَنُ تَرَهْوُنًا الْحِصَانُ:** ئات يورغىلاپ ماڭدى، سوكۇلدىدى.

**تَرَوْبُصُ:** تۇن سەيلىسى كېسىلى (ئۇيقۇلۇق ھالەتتە مېڭىپ كېتىش).

**تَرَوَّحَ يَتَرَوَّحُ تَرَوُّحًا بِالْمِرْوَحَةِ:** يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈدى.

**تَرَوَّحَ الْمَاءُ:** سۇ سېسىپ قالدى؛ پۇراپ قالدى.

**تَرَوَّقَ يَتَرَوَّقُ تَرَوُّقًا:** ئەتىگەنلىك تاماق يېدى.

**تَرَوَّمَ يَتَرَوَّمُ تَرَوُّمًا بِهِ:** زاڭلىق قىلدى، مازاق قىلدى، كۈلدى.

**تَرَوَّى يَتَرَوَّى تَرَوِّيًا فِي الْأَمْرِ:** چوڭقۇر پىكىر قىلدى، تەپەككۇر قىلدى.

«**تَرَوَّى مِنَ الْمَاءِ**» : سۇغا قاندى.

**تَرَوَّى الْحَدِيْثَ:** ھەدىس رىۋايەت قىلدى.

**تَرَوٍّ:** چوڭقۇر ئويلانماق، تەپەككۇر قىلماق، پىكىر قىلماق، پىكىر يۈرگۈزمەك.

**تَرْوِيَةٌ:** سۇغارماق.

**يَوْمُ التَّرْوِيَةِ:** زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى.

**تَرْوِيجٌ:** ساتماق، يايماق، راۋاجلاندۇرماق، ئاۋات قىلماق، ئاقتۇرماق.

**تَرْوِيحُ الْقَلْبِ:** كۆڭۈل ئارامى، كۆڭۈل ئازادىلىكى.

**تَرْوِيحَةٌ ج تَرْوِيحَاتٌ:** تەراۋىھ، تەراۋىھ نامىزى.

**تَرْوِيقَةٌ:** ناشتا، ئەتىگەنلىك تاماق.

**تِرْيَاقٌ:** زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

**تِرْيَاقٌ فَارُوقِيٌّ:** ئىشەنچلىك زەھەر قايتۇرىدىغان دورا، ئۆتكۈر تىرياق.

**«بَعْضُ السُّمِّ تِرْيَاقٌ لِبَعْضٍ»:** بەزى زەھەرلەر بەزى زەھەرلەرگە قارشى شىپالىق دورىدۇر؛ زەھەر زەھەرنى ئالار.

**تَرِيبَةٌ ج تَرَائِبُ:** كۆكرەك، تۆش سۆڭىكى، قوۋۇرغا سۆڭىكى.

**«فَلْيَنْظُرِ الْإِنْسَانُ مِمَّ خُلِقَ خُلِقَ مِنْ مَاءٍ دَافِقٍ يَخْرُجُ مِنْ بَيْنِ الصُّلْبِ وَالتَّرَائِبِ» «قرآن»:** ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن، ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى، ئۇ مەنى ئومۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ.

**تَرِيحٌ:** ساغلام؛ تېمەن، كۈچلۈك.

**تَرِيجَةٌ مِنَ الرِّيَاحِ:** قاتتىق شامال.

**تَرِيصٌ:** ئۆڭشالغان.

**تَرِيقَةٌ:** كايىماق، ئەيىبلىمەك، تاپا ـ تەنە قىلماق.

**تَرِيكَةٌ:** قېرى قىز، ئولتۇرۇپ قالغان قىز.

**تَرَيَّبَ يَتَرَيَّبُ تَرَيُّبًا بِهِ:** گۇمانلاندى، خەۋپسىرىدى.

**تَرَيَّثَ يَتَرَيَّثُ تَرَيُّثًا عَلَيَّ خَبَرُكَ:** سېنىڭ خەۋىرىڭ ماڭا كېچىكىپ كەلدى، كېچىكىپ يەتتى.

**تَرَيَّشَ يَتَرَيَّشُ تَرَيُّشًا الشَّخْصُ:** ھالى ياخشىلاندى، ۋە ياخشىلانغانلىقى كۆرۈلدى.

**تَرَيَّضَ يَتَرَيَّضُ تَرَيُّضًا الشَّخْصُ:** سەيلە قىلدى، ئايلاندى.

**تَرَيَّضَ عَلَى الْجَلِيدِ:** مۇز تېيىلدى.

**تَرَيَّقَ يَتَرَيَّقُ تَرَيُّقًا:** يېزىغا باردى.

**تَرَيَّقَ يَتَرَيَّقُ تَرَيُّقًا الطَّعَامَ أَوِالْمَاءَ:** ئاچ قورساققا يېدى ياكى ئىچتى.

**تَرَيُّقُ السَّرَابِ:** تومۇز ۋىلىلدىدى.

**تَرَيَّهَ يَتَرَيَّهُ تَرَيُّهًا السَّرَابُ:** تومۇز ۋىلىلدىدى، تومۇز داۋالغۇدى، ئالۇۋۇن پىلىلدىدى.

**تَزَاجَرَ يَتَزَاجَرُ تَزَاجُرًا الْقَوْمُ عَنِ الشَّرِّ:** بىر ـ بىرىنى يامانلىقتىن توسۇشتى.

**تَزَاجَرُوا عَنِ الْمُنْكَرِ وَ نَحْوِهِ:** بىر ـ بىرىنى توسۇشتى.

**تَزَاحَمَ يَتَزَاحَمُ تَزَاحُمًا الْقَوْمُ:** بىر ـ بىرىنى قىستاشتى.

**تَزَاحُمٌ:** قىستاشماق، قىستاڭچىلىق.

**«يَتَزَاحَمُ الرُّكَّابُ فِي عَرَبَاتِ الْقِطَارِ»:** پويىز ۋاگونلىرىدا يولۇچىلار قىستىبى ـ قىستاڭ بولۇپ كېتىدۇ.

**تَزَاحُمُ الرُّكَّابِ:** يولۇچىلارنىڭ قىستاڭچىلىقى.

**تَزَامَلَ يَتَزَامَلُ تَزَامُلًا الرَّجُلَانِ:** ھەمراھ بولۇشتى، يولداش بولۇشتى.

**تَزَامَنَ يَتَزَامَنُ تَزَامُنًا الشَّيْئَانِ:** بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالدى.

**«تَزَامَنَ وُصُولُ الطَّائِرَتَيْنِ»:** ئىككى ئايروپىلاننىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتى بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالدى.

**تَزَامُنِيٌّ:** ۋاقىتلىق.

**دِرَاسَةٌ تَزَامُنِيَّةٌ:** ۋاقىتلىق ئۆگىنىش، ۋاقىت بەلگىلەپ ئۆگىنىش.

**تَزَاوَجَ يَتَزَاوَجُ تَزَاوُجًا:** توي قىلىشتى، ئېلىپ تېگىشتى؛ جۈپلەشتى.

**تَزَاوَجَ أَفْرَادُ الْأُسْرَتَيْنِ:** ئىككى ئائىلە كىشىلىرى قۇدا ـ باجا بولۇشتى.

**تَزَاوَجَتِ الْكَلِمَتَانِ:** ئىككى سۆز جۈپلەشتى.

**تَزَاوَرَ يَتَزَاوَرُ تَزَاوُرًا النَّاسُ:** ئۆزئارا زىيارەت قىلىشتى.

**«وَتَرَى الشَّمْسَ إِذَا طَلَعَتْ تَزَاوَرُ عَنْ كَهْفِهِمْ ذَاتَ الْيَمِينِ» «قرآن»:** كۈن چىققان چاغدا، كۈننىڭ ئۇلارنىڭ غارىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ... كۆرسەن.

«تَزَاوَرَ الْأَقْرِبَاءُ» : تۇغقانلار بىر ـ بىرىنى يوقلاشتى.

تَزَاوَرَ عَنْهُ: ئېغىپ كەتتى، مايىل بولدى، قىيسايدى.

تَزَايَدَ يَتَزَايَدُ تَزَايُدًا النَّاسُ فِي ثَمَنِ السِّلْعَةِ: كىشىلەر مالنىڭ باھاسىدا رىقابەتلەشتى.

تَزَايَدَ عِلْمُهُ: بىلىمى قەدەممۇ قەدەم كۆپەيدى، تەدرىجى كۆپەيدى.

«تَزَايَدَتْ مَعَارِفُ الطَّالِبِ» : ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىمى تەدرىجى كۆپەيدى.

تَزَايَدَ فِي قَوْلِهِ وَ فِعْلِهِ: سۆزى ۋە ھەرىكىتىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

تَزَايَلَ يَتَزَايَلُ تَزَايُلاً الْقَوْمُ: بۆلۈنۈپ كەتتى، ئايرىلىپ كەتتى، چېچىلىپ كەتتى.

تَزَأَّرَ يَتَزَأَّرُ تَزَأُّرًا الْأَسَدُ: شىر ھۆركىرىدى.

تَزَجَّى يَتَزَجَّى تَزَجِّيًا بِالشَّيْءِ: قانائەتلەندى، رازى بولدى، مەمنۇن بولدى.

تَزَحَّرَ يَتَزَحَّرُ تَزَحُّرًا: ئۇھ تارتتى، ئىڭرىدى، نالە قىلدى.

تَزَحْزَحَ يَتَزَحْزَحُ تَزَحْزُحًا عَنْ مَكَانٍ: سۈرۈلدى، سانجىلدى.

«دَخَلْتُ عَلَى فُلاَنٍ فَتَزَحْزَحَ لِي عَنْ مَجْلِسِهِ إِكْرامًا لِي» : پالانىنىڭ يېنىغا كىرىۋىدىم، مېنى ھۆرمەتلەپ ئۆز جايىدىن سۈرۈلدى.

تَزَحْزَحَ الشَّخْصُ: يىراقلاشتى، نېرى سۈرۈلدى.

تَزَحَّفَ يَتَزَحَّفُ تَزَحُّفًا إِلَيْهِ: ئىلگىرىلىدى.

تَزَحَّلَ يَتَزَحَّلُ تَزَحُّلاً: يۆتكەلدى، يىراقلاشتى، چەتنىدى.

تَزَحْلَقَ يَتَزَحْلَقُ تَزَحْلُقًا الشَّخْصُ: مۇز تېيىلدى.

«شَارَكْتُ فِي مُسَابَقَةِ التَّزَحْلُقِ عَلَى الثَّلْجِ أَوِ الْجَلِيدِ» : مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتى.

تَزَحْلُقٌ: مۇز تېيىلماق.

قَبْقَابُ التَّزَحْلُقِ: كانكى، مۇز تېيىلغاندا كىيىدىغان ئاياغ.

تَزْخَارٌ: لىقمۇ لىق، لەبىالەب، تولۇق.

تَزَخْرَفَ يَتَزَخْرَفُ تَزَخْرُفًا: بېزەلدى، زىننەتلەندى، ياساندى.

«تَزَخْرَفَتِ الْغُرْفَةُ بِأَثَاثٍ نَفِيسٍ» : ئۆي قىممەتلىك ئۆي سايمانلار بىلەن بېزەلدى.

تَزَرْبَنَ يَتَزَرْبَنُ تَزَرْبُنًا: تېرىكتى، ئاچچىقلاندى، خاپا بولدى.

تَزَرَّعَ يَتَزَرَّعُ تَزَرُّعًا إِلَى الشَّرِّ: يامان ئىش قىلىشقا ئالدىرىدى.

تَزَعْزَعَ يَتَزَعْزَعُ تَزَعْزُعًا الشَّيْءُ: قاتتىق لىڭشىدى، قاتتىق تەۋرەندى.

تَزَعْزَعَ فُلاَنٌ فِي آرَائِهِ: ئارىسالدى بولدى، ياقىسام پۇشارمۇ، كۆمىسەم پۇشارمۇ دەپ تۇرۇپ قالدى.

هَذَا الرَّجُلُ لاَ يَتَزَعْزَعُ: بۇ ئۆز پىكرىدە ئىزچىل ئادەم.

تَزَعَّمَ يَتَزَعَّمُ تَزَعُّمًا بَيْنَ النَّاسِ: كىشىلەر ئارىسىدا يالغان ـ ياۋىداق تارقاتتى، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتتى.

تَزَعَّمَ الْقَوْمَ وَعَلَى الْقَوْمِ: يېتەكچىلىك قىلدى، باشچىلىق قىلدى.

«تَزَعَّمَ حِزْبَ الْإِسْتِقْلاَلِ» : مۇستەقىللىق پارتىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

تَزَفَّرَ يَتَزَفَّرُ تَزَفُّرًا الْمَسِيْحِيُّ: گۆش، سۈت قاتارلىقلارنى يېدى (خىرىستىئان دىنىدا).

تَزَفَّقَ يَتَزَفَّقُ تَزَفُّقًا الشَّيْءَ: تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى.

تَزْكَةٌ ج تَزَكَاتٌ: ئىش ئۈستىلى.

تَزَكَّى يَتَزَكَّى تَزَكِّيًا الشَّخْصُ: سەدىقە بەردى، پاك بولدى، پاكلاندى.

«وَمَنْ تَزَكَّى فَإِنَّمَا يَتَزَكَّى لِنَفْسِهِ» ‹قرآن› : كىمىكى گۇناھلىرىدىن پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ.

تَزْكِيَةٌ: پاكلىماق، تازىلىماق، ئادالىماق؛ يان باسماق؛ نامزات كۆرسەتمەك؛ تونۇشتۇرماق.

اَلْفَوْزُ بِالتَّزْكِيَةِ: سايلامدا غەلىبە قىلىش (بىرەر نامزاتنىڭ سايلامدا ھېچقانداق رىقابەتسىز غەلىبە قىلىشى).

تَزْكِيَةٌ أَوْتَزْكِيَةُ الْمُتَعَبِّدِ: پاكلىنىش (تەسەۋۋۇپ تىلىدا بەدەن بىلەن بولغان پۈتۈن ئالاقىنى ئۈزۈش ئارقىلىق پاكلىنىش).

**تَزَلْزَلَ يَتَزَلْزَلُ تَزَلْزُلاً:** قاتتىق تەۋرىدى.

**«تَزَلْزَلَتِ الْأَرْضُ بِالْقُرْبِ مِنَ الْبُرْكَانِ»:** يانار تاغ يېنىدا يەر تەۋرىدى.

**تَزَلْزَلَتِ الْأَرْضُ:** يەر قاتتىق تەۋرىدى.

**تَزَلَّجَ يَتَزَلَّجُ تَزَلُّجًا الرَّجُلُ:** تېيىلىپ كەتتى.

**تَزَلَّجَ عَلَى الثَّلْجِ:** مۇز تېيىلدى.

**تَزَلَّجَ عَلَى الْجَلِيدِ:** مۇز تېيىلدى.

**تَزَلَّجَ عَلَى الْمَاءِ:** سۇ ئۈستىدە تېيىلدى.

**تَزَلُّجٌ:** قار ياكى مۇز ئۈستىدە تېيىلىش.

**ذَهَبَ لِلتَّزَلُّجِ عَلَى الْجَلِيْدِ:** مۇز تېيىلىشقا باردى.

**تَزَلَّحَ يَتَزَلَّحُ تَزَلُّحًا الشَّيْءَ:** تەمىنى تېتىدى.

**تَزَلَّعَ يَتَزَلَّعُ تَزَلُّعًا الْجِلْدُ:** تېرە يېرىلدى.

**تَزَلَّفَ يَتَزَلَّفُ تَزَلُّفًا إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلدى.

**تَزَلَّقَ يَتَزَلَّقُ تَزَلُّقًا:** سىلىقلىدى، پارقىراتتى، تەكشىلىدى.

**تَزَلَّقَ عَلَى الْجَلِيدِ:** مۇز تېيىلدى.

**تَزَمَّلَ يَتَزَمَّلُ تَزَمُّلاً الشَّخْصُ بِثَوْبِهِ:** كىيىمىگە ئورۇنىۋالدى.

**تَزَمَّلَ الشَّخْصُ:** بېشىنى سەللە بىلەن ئورىۋالدى؛ (ماراكەش ئەرەبلىرى بېشىغا ئورىۋالىدىغان بىرخىل سەللە ئورىۋالدى).

**تَزَمَّتَ يَتَزَمَّتُ تَزَمُّتًا الشَّخصُ:** كەسكىن بولدى؛ سۈرلۈك بولدى؛ ئۆز ئەقىدىسى ۋە پىكرىدە ياكى يۈرۈش - تۇرۇشىدا چىڭ تۇردى، تەئەسسۇبلىق قىلدى.

**تَزَنْبَرَ يَتَزَنْبَرُ تَزَنْبُرًا عَلَيْهِ:** چوڭچىلىق قىلدى، مەنمەنچىلىك قىلدى، قاپىقىنى تۈرىۋالدى.

**تَزَنْتَرَ يَتَزَنْتَرُ تَزَنْتُرًا:** غادىيىۋالدى، كۆرەڭلەپ ماڭدى.

**تَزَنْدَقَ يَتَزَنْدَقُ تَزَنْدُقًا الشَّخْصُ:** دىنسىز بولدى، خۇداسىز بولدى، كۇپۇرلۇق قىلدى.

**«تَزَنْدَقَ فُلاَنٌ»:** دەھرىيلەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

**تَزَنَّرَ يَتَزَنَّرُ تَزَنُّرًا الشَّخْصُ:** بېلىگە بەلباغ باغلىدى، كەمەر باغلىۋالدى.

**تَزْنِيدَةٌ:** كېشەك.

**تَزَهَّدَ يَتَزَهَّدُ تَزَهُّدًا الشَّخْصُ:** زاھىد بولدى، دەرۋىش بولدى، تەركىدۇنيا بولدى.

**تَزَهَّدَ الْمُتَصَوِّفُ:** تەرىقەتچى تەركىدۇنيا بولدى.

**«تَزَهَّدَ الْحَاجُّ وَتَقَشَّفَ»:** ھاجى زاھىد بولدى ۋە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى.

**تَزَهَّدَ الشَّخْصُ:** ئىبادەت ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولدى.

**تَزَهُّدٌ:** زاھىدلىق، تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەت قىلماق.

**تَزْهِيرٌ:** چېچەكلىمەك، گۈللىمەك.

**تَزَوَّجَ يَتَزَوَّجُ تَزَوُّجًا إِمْرَأَةً:** ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى، خوتۇن قىلىپ ئالدى.

**«مَا إِنْ تَخَرَّجَ حَتَّى تَزَوَّجَ»:** ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا ئۇزۇنغا قالماي ئۆيلەندى.

**تَزَوُّجٌ:** ئۆيلەنمەك، خوتۇن ئالماق.

**تَزَوَّدَ يَتَزَوَّدُ تَزَوُّدًا:** غەملىنىۋالدى، ئوزۇق راسلىۋالدى.

**«وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى» ‹قرآن›:** زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار ۋە ئەڭ ياخشى زاد - زاھىلە تەقۋادارلىقتۇر.

**تَزَوَّدَ بِكَذَا:** ئېھتىياجلىقلارنى ئالدى.

**«تَزَوَّدَ الطَّالِبُ بِالْكُتُبِ»:** ئوقۇغۇچى ئېھتىياجلىق كىتابلارنى ئالدى.

**تَزَوَّدَ بِالسِّلاَحِ:** قوراللاندى.

**تَزَوَّقَ يَتَزَوَّقُ تَزَوُّقًا:** بېزەلدى، زىننەتلەندى.

**تَزَوَّى يَتَزَوَّى تَزَوِّيًا:** يوشۇرۇندى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

**تَزْوِيرٌ:** ساختىلىق، ئويدۇرۇپ چىقارماق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك؛ دورامچىلىق، ياسالمىلىق.

**تَزْوِيقٌ ج تَزَاوِيقُ:** بېزەك، زىننەت بۇيۇملىرى، زىننەتلىمەك.

**تَزَيَّا يَتَزَيَّى تَزَيِّيًا بِزِيِّ غَيْرِهِ:** باشقىلاردەك ياساندى.

**«تَزَيَّا بِزِيِّ الْأَمِيرِ فِي الْمَسْرَحِيَّةِ»:** تىياتىردا ئەمىرلەرچە ياساندى.

uyghurkitap.com

تَزَيَّا بِكَذَا: ياساندى.

«تَزَيَّا بِزِيِّ أَهْلِ الرِّيفِ» : سەھرالىقلارچە كىيىندى.

تَزَيَّبَ يَتَزَيَّبُ تَزَيُّبًا الْعِنَبُ: ئۈزۈم قۇرىدى.

تَزْيِيتُ السِّرَاجِ: چىراغقا ماي قۇيۇش.

تَزْيِيتُ السَّيَّارَةِ: ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاش.

تَزَيَّدَ يَتَزَيَّدُ تَزَيُّدًا السِّعْرُ: باھا ئۆرلەپ كەتتى.

تَزَيَّدَ الشَّخْصُ فِى كَلَامِهِ: كۆپتۈرۈۋەتتى، مۇبالىغىلەشتۈردى، ئاشۇرۇۋەتتى.

تَزَيَّدَ الشَّخْصُ فِى الْحَدِيثِ: سۆزگە يالغاننى قوشتى.

تَزَيَّدَ الشَّخْصُ مِنَ الشَّيْءِ: كۆپەيتىۋەتتى، قوشتى.

«تَزَيَّدَ الطَّالِبُ مِنَ الْعِلْمِ» : ئوقۇغۇچى ئىلىمنى كۆپ ئۆگەندى.

تَزَيَّنَ يَتَزَيَّنُ تَزَيُّنًا: ياساندى، چىرايلىق بولدى.

تَزَيَّنَتِ الْمَدِينَةُ: شەھەر چىرايلىق تۈسكە كىردى، شەھەر بېزەلدى.

تَزَيَّنَتِ النِّسَاءُ: ئاياللار ياساندى.

تَسَاءَلَ يَتَسَاءَلُ تَسَاؤُلاً: ئۆز ئارا سوراشتى، ئۆزىگە سوئال قويدى، ئۆزىدىن سورىدى.

«عَمَّ يَتَسَاءَلُونَ عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ» ‹قرآن› : (مۇشرىكلار ئۆز ئارا نېمە توغرىلىق) سورىشىدۇ. ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرىلىق) سورىشىدۇ.

تَسَاؤُلِيٌّ: سوئال سوراشقا مەنسۇپ، سوئالغا ئائىت.

«وَجَّهَ إِلَيْهِ نَظَرَاتٍ تَسَاؤُلِيَّةً» : ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

تَسَابَّ يَتَسَابُّ تَسَابًّا: تىللاشتى.

تَسَابَقَ يَتَسَابَقُ تَسَابُقًا: مۇسابىقىلەشتى.

اِسْتَمَرَّ الطَّلَبَةُ يَتَسَابَقُونَ فِى الْحَدِيثِ: ئوقۇغۇچىلار تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى.

تَسَاتَلَ يَتَسَاتَلُ تَسَاتُلاً الْقَوْمُ: ئارقىمۇ ئارقا چىقتى، كەينىمۇ كەينى چىقتى.

تَسَاجَلَ يَتَسَاجَلُ تَسَاجُلاً: مۇسابىقىلەشتى، رىقابەتلەشتى.

تَسَاخَى يَتَسَاخَى تَسَاخِيًا: سېخى بولىۋالدى.

تَسَارَّ يَتَسَارُّ تَسَارًّا الْقَوْمُ: كۇسۇلداشتى، پىچىرلاشتى.

تَسَارَعَ يَتَسَارَعُ تَسَارُعًا: سۈرئەتنى تېزلەتتى، ئالدىراشتى.

«بَدَأَتِ الْكُرَةُ فِي الْإِنْحِدَارِ مِنْ قِمَّةِ الْجَبَلِ بَطِيئَةً ثُمَّ تَسَارَعَتْ» : توپ تاغ چوققىسىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ ئاندىن كېيىن تېز دومىلىدى.

تُسَاعَ: توققۇزدىن - توققۇزدىن.

تُسَاعِيٌّ: توققۇزدىن تەركىب تاپقان.

تَسَاعَى يَتَسَاعَى تَسَاعِيًا: مۇسابىقىلەشتى.

تَسَافَعَ يَتَسَافَعُ تَسَافُعًا الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن نىكاھسىز بىر يەردە بولدى، بۇزۇقچىلىق قىلدى.

تَسَاقَطَ يَتَسَاقَطُ تَسَاقُطًا الشَّخْصُ: تۈگىشىپ كەتتى، كاردىن چىقتى، ھالى خارابلاشتى، يىمىرىلدى، خاراب بولدى.

تَسَاقَطَ الْمَطَرُ: يامغۇر توختىماي ياغدى.

تَسَاقَطَ عَلَى نَفْسِهِ: ئۆرۈلۈپ چۈشتى، غۇلاپ چۈشتى.

تَسَاقَطَ الدَّمُ: قان تامچىلىدى، تامدى.

«لَقَدْ حَلَّ الرَّبِيعُ وَلَكِنَّ الثَّلْجَ لَايَزَالُ يَتَسَاقَطُ» : باھار كېلىپ بولدى، ئەمما ھېلىمۇ قار ياغماقتا.

تَسَاقَى يَتَسَاقَى تَسَاقِيًا: بىرلىكتە ئىچىشتى.

تَسَاكَرَ يَتَسَاكَرُ تَسَاكُرًا: مەستنى دورىدى.

تَسَاكَنَ يَتَسَاكَنُ تَسَاكُنًا فِى الدَّارِ: بىر ئۆيدە بىللە ياشىدى.

تَسَالَفَ يَتَسَالَفُ تَسَالُفًا الرَّجُلَانِ: ئىككىسى باجا بولۇشتى.

تَسَالَمَ يَتَسَالَمُ تَسَالُمًا الْقَوْمُ: ئەپلەشتى، ياردشىشتى، سۈلھى قىلىشتى.

تَسَامَحَ يَتَسَامَحُ تَسَامُحًا فِي أَمْرٍ: سەل قارىدى، بوشاڭلىق قىلدى، كۆڭۈل بۆلمىدى.

«لَا تَتَسَامَحُ الدَّوْلَةُ مَعَ الْجَوَاسِيسِ وَالْخَوَنَةِ» :

دۆلەت جاسۇس ۋە خائىنلارغا يول قويمايدۇ.

**تَسَامُحٌ:** كەچۈرۈۋەتمەك، ئەپۇ قىلماق، كەڭ قورساقلىق قىلماق، كەتتى قىلماق، سەل قارىماق، بولدى قىلماق.

**اَلتَّسَامُحُ الدِّيْنِيُّ:** باشقىلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلىش.

**تَسَامَرَ يَتَسَامَرُ تَسَامُرًا الْقَوْمُ:** كېچىدە مۇڭداشتى، پاراڭلاشتى.

**تَسَامَعَ يَتَسَامَعُ تَسَامُعًا بِهِ النَّاسُ:** دەستەك قىلىنىۋالدى.

**تَسَامَى يَتَسَامَى تَسَامِيًا الْقَوْمُ:** كۆتۈردى، ئۆرلەتتى، ئۆزىنى كۆتۈردى.

**تَسَامَى الْقَوْمُ عَلَى الخَيْلِ:** ئاتلاندى، ئات مىندى، ئات ئۈستىدە مۇسابىقىلەشتى.

**تَسَانَدَ يَتَسَانَدُ تَسَانُدًا:** ياردەملەشتى، قوللاشتى، يۆلىنىشتى.

**تَسَاهَلَ يَتَسَاهَلُ تَسَاهُلاً الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ:** يول قويدى، كەڭچىلىك قىلدى، كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

**«لاَ تَتَسَاهَلُ الْحُكُومَةُ مَعَ الْمُجْرِمِيْنَ» :** ھۆكۈمەت جىنايەتچىلەرگە يول قويمايدۇ.

**تَسَاهُلٌ:** كەڭ قويىۋەتمەك، كەڭ قورساقلىق قىلماق؛ سۈكۈت قىلماق، بولدى قىلىۋەتمەك.

**تَسَاهُلِيٌّ:** مۇرەسسەچىلىك، مۇرەسسە.

**تَسَاوَقَ يَتَسَاوَقُ تَسَاوُقًا الشَّيْئَانِ:** بىر - بىرىگە يېقىن ماڭدى.

**تَسَاوَلَ يَتَسَاوَلُ تَسَاوُلاً:** سورىدى، سوراشتى.

**تَسَاوَمَ يَتَسَاوَمُ تَسَاوُمًا بِالسِّلْعَةِ:** سودىلاشتى، باھاسىنى تالاش - تارتىش قىلىشتى.

**تَسَاوَى يَتَسَاوَى تَسَاوِيًا:** تەڭلەشتى، باراۋەر بولۇشتى، باراۋەرلەشتى.

**«تَسَاوَى الرَّجُلاَنِ فِي الْعِلْمِ وَالْفَضْلِ» :** بۇ ئىككى ئادەم ئىلىم ۋە پەزىلەتتە باراۋەر بولۇپ قالدى.

**«فِي الْخَرِيْفِ يَتَسَاوَى اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ مَرَّةً أُخْرَى ثُمَّ يَبْتَدِئُ اللَّيْلُ بِالزِّيَادَةِ» :** كۈزدە كېچە بىلەن كۈندۈز يەنە بىر قېتىم تەڭلىشىدۇ ئاندىن كېچە ئۇزىراشقا باشلايدۇ.

**تَسَاوٍ:** باراۋەرلىك، تەڭلىك، تەڭ ھوقۇقلۇق، ئوخشاشلىق.

**بِالتَّسَاوِي:** تەڭ، باراۋەر، توغرا.

**«وَزَّعَ الأَرْضَ عَلَى التَّسَاوِي» :** زېمىننى تەڭ بۆلدى.

**تَسَايَرَ يَتَسَايَرُ تَسَايُرًا:** بىللە ماڭدى، بىرگە ماڭدى.

**تَسَايَفَ يَتَسَايَفُ تَسَايُفًا:** قىلىچۋازلىق قىلدى، قىلىچۋازلىق قىلىشتى، قىلىچۋازلىق جېڭى قىلىشتى.

**تَسَايَلَ يَتَسَايَلُ تَسَايُلاَ الْقَوْمُ:** كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلدى.

**تَسَايَلَتِ الدُّمُوعُ:** ياش قۇيۇلدى، ياش تۆكۈلدى.

**تَسَبَّبَ يَتَسَبَّبُ تَسَبُّبًا الأَمْرَ:** پەيدا قىلدى، سەۋەبچى بولدى.

**تَسَبَّبَ مِنْ كَذَا و عَنْ كَذَا:** مەلۇم ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**تَسَبَّجَ يَتَسَبَّجُ تَسَبُّجًا:** قارا كىيىم كىيدى.

**تَسْبِيْحٌ ج تَسَابِيْحُ:** تەسبىھ ئېيتماق، مەدھىيىلىمەك، تەسبىھ.

**تَسَابِيْحُ الْقُبَّرَاتِ:** بوز تورغاي ناخشىسى.

**تَسْبِيْحَةٌ ج تَسْبِيْحَاتٌ و تَسَابِيْحُ:** تەسبىھ ئېيتماق.

**«تُلاَ تَسْبِيحَاتٍ بَعْدَ أَدَاءِ الصَّلاَةِ» :** نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەسبىھ ئېيتتى.

**تَسَتَّرَ يَتَسَتَّرُ تَسَتُّرًا:** يوشۇرۇندى.

**تَسَتَّرَ عَلَى مُجْرِمٍ:** جىنايەتچىنى يوشۇردى، گۇناھكارنى يوشۇردى.

**تَسَتَّرَ عَلَيْهِ:** يوشۇردى.

**«تَسَتَّرَ بِعَبَاءَتِهِ» :** تونىغا ئورۇنۇۋالدى.

**«اِلْتَجَأَ الْقَاتِلُ إِلَيْهِم فَتَسَتَّرُوا عَلَيْهِ» :** قاتىل ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پاناھلانغاندى، ئۇلار ئۇنى يوشۇرۇپ قويدى.

**تَسَتُّرٌ:** يۆگىنىۋالماق، خۇپىيانە بولىۋالماق.

**تَحْتَ طَيِّ التَّسَتُّرِ:** مەخپىي، خۇپىيانە، يوشۇرۇن.

**تَسَجَّى يَتَسَجَّى تَسَجِّيًا:** ياپتى، ئورنىۋالدى، ئورالدى.

**تَسَجَّى بِعَبَاءَتِهِ:** تونى بىلەن ئورىۋالدى، تونغا ئورۇنۇۋالدى.

**تَسْجِيلٌ ج تَسْجِيلاتٌ:** خاتىرىلىمەك، تىزىملىماق، دەپتەرگە ئورناتماق، لېنتىغا ئالماق، ھۆكۈم قىلماق.

**تَسْجِيلُ الْأَصْوَاتِ:** ئۈنئالغۇغا ئالماق، رويخەتكە ئالماق.

**آلَةُ التَّسْجِيلِ:** ئۈنئالغۇ.

**تَسْجِيلُ الزَّلَازِلِ:** سېيسموگراف (يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ دىئاگراممىسا شەكلىدە خاتىرىلىغۇچى ئاپتوماتىك ئەسۋاب).

**جِهَازُ التَّسْجِيلِ:** ئۈنئالغۇ.

**تَسْجِيلُ الْعُقُودِ:** تىزىمغا ئالماق، قەيت قىلماق، خاتىرىلىمەك، رويخەتكە ئالماق.

**مَكْتَبُ تَسْجِيلِ الْعُقُودِ:** تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنى.

**إِدَارَةُ التَّسْجِيلِ:** ئوقۇتۇش باشقارمىسى، (ئۇنىۋېرسىتېت قاتارلىقلاردا).

**«سَيَنْتَهِي تَسْجِيلُ أَسْمَاءِ الطَّلَبَةِ الْجُدُدِ فِي الْعَاشِرِ مِنْ أُغُسْطُسْ»:** ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىشقا تىزىملىتىش 10 ـ ئاۋغۇست ئاياغلىشىدۇ.

**تَسَحَّبَ يَتَسَحَّبُ تَسَحُّبًا عَلَيْهِ:** يېقىنچىلىق قىلدى.

**تَسَحَّرَ يَتَسَحَّرُ تَسَحُّرًا:** سوھۇرلۇق يېدى.

**«يَتَسَحَّرُ النَّاسُ قَبْلَ ظُهُورِ الْفَجْرِ»:** كىشىلەر تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن سوھۇرلۇق يېيدۇ.

**تَسَحْسَحَ يَتَسَحْسَحُ تَسَحْسُحًا الْمَاءُ:** سۇ قويۇلدى، ئاقتى، تۆكۈلدى.

**تَسَحْلَبَ يَتَسَحْلَبُ تَسَحْلُبًا:** ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتتى، تىكىۋەتتى، سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

**تَسَخَّرَ يَتَسَخَّرُ تَسَخُّرًا:** ھەقسىز ئىشقا سالدى، ھاشاغا سالدى، بىكارغا ئىشقا سالدى.

**تَسَخَّطَ يَتَسَخَّطُ تَسَخُّطًا:** ئۆچ كۆردى، يامان كۆردى، نەپرەتلەندى، نارازى بولدى.

**تَسَخَّمَ يَتَسَخَّمُ تَسَخُّمًا عَلَيْهِ:** ئۆچ كۆردى، ئۆچمەنلىك قىلدى.

**تَسَخَّنَ يَتَسَخَّنُ تَسَخُّنًا:** ئىسسىندى، قىزىدى.

**تَسَخَّى يَتَسَخَّى تَسَخِّيًا:** سېخى بولۇۋالدى.

**تَسَدَّجَ يَتَسَدَّجُ تَسَدُّجًا:** يالغان ئېيتتى، يالغانچىلىق قىلدى.

**تَسَدَّى يَتَسَدَّى تَسَدِّيًا:** مىندى.

**تَسْدِيدٌ:** قايتۇرۇش، تۆلەش؛ قارىغا ئېلىش، چەنلىمەك، نىشانلىماق، توغرىلىماق.

**تَحْتَ التَّسْدِيدِ:** تۆزىتىلىۋاتىدۇ.

**تَسَرْبَلَ يَتَسَرْبَلُ تَسَرْبُلًا بِالسِّرْبَالِ:** كىيىم كىيدى.

**تَسَرَّبَ يَتَسَرَّبُ تَسَرُّبًا الشَّيْءُ:** يوشۇرۇن چىقتى، غىپ قىلىپ تىكىۋەتتى، سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

**تَسَرَّبَ فِي الشَّيْءِ:** سىڭىپ كەتتى، ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كەتتى.

**«شَعَرْتُ بِخُيُوطِ النُّورِ تَتَسَرَّبُ وَرَاءَ سِتَارِ النَّافِذَةِ»:** مەن نۇر شولىسىنىڭ دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

**تَسَرَّبَ الْخَبَرُ:** خەۋەر چىقىپ كەتتى، تارىلىپ كەتتى.

**تَسَرَّبَ الْمَاءُ وَنَحْوُهُ:** سۇ ئاقتى.

**«تَسَرَّبَ مَاءُ الْمَطَرِ فِي الْأَرْضِ»:** يامغۇر سۈيى يەرگە سىڭىپ كەتتى.

**«تَسَرَّبَ الْمَاءُ مِنَ الْأُنْبُوبِ»:** تۇرۇبىدىن سۇ تەپچىرىدى.

**«لَمْ يَتَسَرَّبْ إِلَى نَفْسِكَ الْيَأْسُ»:** ساڭا ئۈمىدسىزلىك يۈزلەنمىدى.

**تَسَرُّبٌ:** سىڭىپ كىرمەك، ئاشكارىلاپ قويماق، پاش قىلىپ قويماق.

**مَنْعُ تَسَرُّبِ الْأَخْبَارِ:** خەۋەرلەرنى قامال قىلماق.

**تَسَرَّجَ يَتَسَرَّجُ تَسَرُّجًا الْمَرْأَةُ:** ئايال چىچىنى تارىدى.

**تَسَرَّحَ يَتَسَرَّحُ تَسَرُّحًا عَنْهُ:** كەتتى، چىقتى.

**تَسَرَّرَ يَتَسَرَّرُ تَسَرُّرًا بِنْتَ فُلَانٍ:** كېنىزەك خوتۇن ئالدى، پالانىنىڭ قىزىنى كېنىزەك خوتۇنلۇققا ئالدى.

www.uyghurkitap.com

**تَسَرَّطَ يَتَسَرَّطُ تَسَرُّطًا الشَّيْءَ:** يۇتتى، يالماپ يۇتىۋەتتى.

**تَسَرَّعَ يَتَسَرَّعُ تَسَرُّعًا:** ھاپىلا - شاپىلا قىلدى، ئالمان - تالمان قىلدى، ئالدىرىدى.

**«لاَ تَتَسَرَّعْ فَكِّرْ جَيِّدًا قَبْلَ اتِّخَاذِ الْقَرَارِ» :** ئالدىراقسانلىق قىلما، قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن ياخشى ئويلان.

**تَسَرَّى يَتَسَرَّى تَسَرِّيًا:** كىچىك خوتۇن ئالدى.

**تَسَرْوَلَ يَتَسَرْوَلُ تَسَرْوُلاً:** ئىشتان كىيدى.

**تَسْرِيحٌ:** تارىتىش، قويۇۋېتىش.

**تَسْرِيحُ الْجُيُوشِ:** ھەربىي سەپتىن قايتماق، ھەربىي خىزمەتتىن قايتماق.

**تَعْوِيضَاتُ التَّسْرِيحِ:** پېنسىيە پۇلى.

**تَسْرِيحَةٌ ج تَسْرِيحَاتٌ:** گىرىم ئۇستىلى، چاچ تاراشنىڭ كۆرۈنۈشى.

**لِلتَّسْرِيحِ و التَّسْلِيَةِ:** ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، تاماشا قىلىش ئۈچۈن.

**تَسَطَّحَ يَتَسَطَّحُ تَسَطُّحًا الشَّيْءُ:** يېيىلدى، ياپپاڭ بولدى.

**تَسَطُّحٌ:** تۈزلەنمەك، يېيىلماق.

**تَسَعَ يَتْسَعُ وَ يَتْسِعُ تَسْعًا الْقَوْمَ:** قەۋمىگە توققۇزىنچى ئادەم بولدى.

**تَسَعَ الْقَوْمَ:** ئۆزىنى قوشۇپ توققۇز قىلدى.

**تَسَعَ الشَّيْءَ:** توققۇزدىن بىرنى ئالدى.

**تُسْعٌ ج أَتْسَاعٌ:** توققۇزدىن بىر.

**تِسْعَةٌ ج تِسْعَاتٌ م تِسْعٌ:** توققۇز.

**تِسْعَةَ عَشَرَ م تِسْعَ عَشْرَةَ:** ئون توققۇز.

**تَسَعَّرَ يَتَسَعَّرُ تَسَعُّرًا:** كۆيدى، ياندى، ئوت تۇتاشتى.

**تَسَعَّرَتِ الْحَرْبُ:** ئۇرۇش ئوتى ياندى.

**تِسْعُونَ:** توقسان.

**تَسْعِيرٌ:** باھا بەلگىلىمەك، باھاغا چەك قويماق.

**تَسْعِيرَةٌ ج تَسْعِيرَاتٌ:** بەلگىلەنگەن باھا.

**تِسْعِينِيَّاتٌ:** 90 - يىللار.

**«عَلَيْنَا أَنْ نَسْتَعِدَّ فِي التِّسْعِينِيَّاتِ لِاسْتِقْبَالِ الْقَرْنِ الْحَادِي وَالْعِشْرِيْنَ» :** 90 - يىللاردا 21 - ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

**تَسَفَّلَ يَتَسَفَّلُ تَسَفُّلاً:** چۈشكۈنلەشتى، تۆۋەنلىدى، پەسلەشتى.

**تَسَفَّهَ يَتَسَفَّهُ تَسَفُّهًا:** ئەقىلسىز بولدى، مەتۇ بولدى، گالۋاڭ بولدى.

**تَسَفَّهَتِ الرِّيحُ:** قالايمىقان شامال چىقتى.

**تَسَقَّطَ الْأَخْبَارَ:** خەۋەر ئۇقۇشتى، تىڭ تىڭلىدى.

**تَسَقَّطَ يَتَسَقَّطُ تَسَقُّطًا:** خاتالىق ئۆتكۈزدى.

**تَسَقَّفَ يَتَسَقَّفُ تَسَقُّفًا:** ئېپىسكوپلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

**تَسْكَابٌ:** قويۇلماق.

**تَسَكْسَكَ يَتَسَكْسَكُ تَسَكْسُكًا إِلَيْهِ:** يالۋۇردى، يېلىندى، ئۆتۈنۈپ سورىدى.

**تَسَكْسَكَ عَلَى أَقْدَامِهِمْ:** يالۋۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

**تَسَكَّعَ يَتَسَكَّعُ تَسَكُّعًا:** لەيلەپ يۈردى، لاغايلاپ يۈردى، قارىسىغا ماڭدى، سەيلە قىلدى.

**تَسَكَّعَ فِي الظَّلاَمِ:** قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈردى.

**«مَلَّ مِنَ الْجُلُوسِ فِي الْبَيْتِ فَخَرَجَ يَتَسَكَّعُ فِي الشَّوَارِعِ» :** ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كېتىپ كوچىلارغا چىقىپ لاغايلاپ يۈردى.

**تَسْكِيرُ الْعَيْنِ:** كۆز تورلاشماق، كۆز ئېمىر - چىمىر بولماق، كۆزى ئالاق - جالاق بولماق.

**تَسَلْسَلَ يَتَسَلْسَلُ تَسَلْسُلاً الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى، سۇ لەرزان ئاقتى.

**تَسَلْسَلَ الثَّوْبُ:** كىيىم جۇل - جۇل بولۇپ كەتتى.

**تَسَلْسَلَتِ الْأَشْيَاءُ:** ئۇلاندى، باغلاندى، ئۇلاشتى.

**تَسَلْسُلٌ:** ئۈزۈلمەسلىك، تۇتۇشۇپ كەتمەك.

**بِالتَّسَلْسُلِ:** ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە، داۋاملىق، توختىماي، ئارقىمۇ ئارقا، كەينى - كەينىدىن، ئۇدا.

**«أُكْتُبْ هَذِهِ الْأَرْقَامَ بِالتَّسَلْسُلِ» :** بۇ سانلارنى تەرتىپ بويىچە يازغىن!

**تَسَلْسُلُ الْأَحْيَاءِ:** جانلىق ئورگانىزملارنىڭ

زەنجىرسىمان داۋاملىشىشى.

**تَسَلْطَنَ يَتَسَلْطَنُ تَسَلْطُنًا:** سۇلتان بولدى، تەختكە ئولتۇردى، تەختىگە چىقتى.

**تَسَلَّحَ يَتَسَلَّحُ تَسَلُّحًا بِالسِّلَاحِ:** قوراللاندى.

**«تَسَلَّحْنَا لِمُوَاجَهَةِ الْعَدُوِّ» :** دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوراللاندۇق.

**تَسَلَّخَ يَتَسَلَّخُ تَسَلُّخًا الْجِلْدُ:** تېرە سويۇلدى، ئېچىلىپ قالدى.

**تَسَلَّخَ الثُّعْبَانُ مِنْ قِشْرِهِ:** يىلان قاسرىقىنى تاشلىدى، قاسراق تاشلىدى.

**تَسَلُّخٌ ج تَسَلُّخَاتٌ:** تاتۇق، يارا، جاراھەت.

**تَسَلَّطَ يَتَسَلَّطُ تَسَلُّطًا عَلَى الشَّخْصِ:** ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇستىدىن ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

**تَسَلَّطَ عَلَيْهِ:** يەڭدى، غالىب بولدى، بېسىپ چۈشتى، غەلىبە قىلدى، ئىدارە قىلدى، باشقۇردى، ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**تَسَلَّطَ عَلَى الْعَقْلِ:** قەلبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، قەلبىنى ئىگىلىۋالدى.

**«تَسَلَّطَ الْمُسْتَعْمِرُونَ عَلَى مَوَارِدِ الدُّوَلِ الْمُسْتَعْمَرَةِ» :** مۇستەملىكىچىلەر مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىۋالدى.

**تَسَلُّطٌ:** ھاكىمىيەت، يەڭمەك، غەلىبە قىلماق.

**«هُوَ رَجُلٌ قَادِرٌ عَلَى التَّسَلُّطِ عَلَى نَفْسِهِ» :** ئۇ ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىشقا قادىر ئادەم.

**تَسَلَّعَ يَتَسَلَّعُ تَسَلُّعًا الْجِلْدُ:** تېرە يېرىلىپ كەتتى.

**تَسَلَّفَ يَتَسَلَّفُ تَسَلُّفًا الْمَالَ:** مالنى قەرز بەردى، ئۆتنە بەردى.

**تَسَلَّقَ يَتَسَلَّقُ تَسَلُّقًا الشَّجَرَةَ:** دەرەخقە ئېسىلدى.

**«تَسَلَّقَ الْجَبَلَ حَتَّى وَصَلَ إِلَى قِمَّتِهِ» :** تاغقا يامىشىپ چوققىسىغا يېتىپ باردى.

**تَسَلَّقَ السُّلَّمَ:** شوتىغا چىقتى.

**تَسَلَّقَ النَّبَاتُ:** ئۆسۈملۈك پەلەك تارتىپ ياماشتى.

**تَسَلَّقَ الشَّيْءَ:** ياماشتى، ئۆرلىدى.

**تَسَلُّقٌ:** ياماشماق، ئېسىلماق، چىقماق.

**تَسَلُّقُ الْجَبَلِ:** تاغقا ياماشماق.

**حَبْلُ التَّسَلُّقِ:** مەخسۇس يامىشىدىغان ئارغامچا.

**تَسَلَّلَ يَتَسَلَّلُ تَسَلُّلًا:** خۇپىيانە كەلدى، ئوغرىلىقچە كەلدى؛ سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى، غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

**«قَدْ يَعْلَمُ اللّٰهُ الَّذِيْنَ يَتَسَلَّلُونَ مِنْكُمْ لِوَاذًا»**

«قرآن» : سىلەردىن (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سوغۇرۇلۇپ غىپپىدە چىقىپ كېتىدىغانلارنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

**تَسَلَّلَ فِي الظَّلَامِ:** قاراڭغۇلۇقتا خۇپىيانە كىردى.

**«تَسَلَّلَ فِدَائِيٌّ شُجَاعٌ إِلَى مُعَسْكَرِ الْعَدُوِّ» :** شىجائەتلىك پىدائىي ئەسكەر دۈشمەننىڭ ھەربىي تۇرالغۇسىغا يوشۇرۇنچە كىردى.

**تَسَلَّمَ يَتَسَلَّمُ تَسَلُّمًا الشَّيْءَ:** تاپشۇرۇپ ئالدى.

**«تَسَلَّمَ الْمَبْلَغَ الَّذِى أُرْسِلَ إِلَيْهِ» :** ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن مەبلەغنى تاپشۇرۇۋالدى.

**تَسَلَّمَ مَقَالِيدَ الْحُكْمِ:** ھۆكۈمران بولدى، ھاكىمىيەت تەختىگە چىقتى.

**تَسَلُّمٌ:** قوبۇل قىلماق، تاپشۇرۇۋالماق.

**تَسَلَّى يَتَسَلَّى تَسَلِّيًا:** ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى، كۆڭلىنى ئاچتى، تەسەللى تاپتى، كۆڭلىنى خۇش قىلدى.

**تَسْلِيَةٌ:** ئويۇن - تاماشا، كۈلكە - چاقچاق، خۇشاللىق؛ ئىچ پۇشقىنى چىقارماق، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەك، كۆڭۈل ئېچىش.

**تَسْلِيمٌ:** قوبۇل قىلماق، رۇخسەت قىلماق، بويسۇنماق، ئېتىراپ قىلماق، تەسلىم بولماق، تاپشۇرماق، سالام بەرمەك، جاۋاب بەرمەك؛ يول قويماق، باش ئەگمەك.

**تَسْلِيمٌ إِلَى الْعَدُوِّ:** دۈشمەنگە تەسلىم بولماق.

**تَسْلِيمُ الْمُجْرِمِينَ إِلَى حُكُومَتِهِمْ:** جىنايەتچىلەرنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەك.

**شُرُوطُ التَّسْلِيمِ:** تەسلىم بولۇش شەرتلىرى، ئەل بولۇش شەرتلىرى.

**تَسَمَّدَ يَتَسَمَّدُ تَسَمُّدًا:** ئوغۇتلاندى، ئوغۇت بېرىلدى.

**تَسَمَّرَ يَتَسَمَّرُ تَسَمُّرًا الشَّخْصُ فِى مَكَانِهِ:** ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، دادىل تۇردى، ئىزچىل

تۇردى، ئورنىدىن مىدىرلىماي ئىزچىل تۇردى.

**تَسَمَّرَ الشَّيْءُ:** مۇستەھكەم بولدى.

**تَسَمَّعَ يَتَسَمَّعُ تَسَمُّعًا لَهُ أَوْ إِلَيْهِ:** قۇلاق سالدى، ئاڭلىدى.

**تَسَمَّعَ الطَّبِيبُ:** دوختۇر كېسەلنى تىڭشىغۇچ بىلەن تەكشۈردى.

**تَسَمُّعْ:** قۇلاق سالماق، ئاڭلىماق، تىڭشىماق.

**تَسَمَّمَ يَتَسَمَّمُ تَسَمُّمًا الرَّجُلُ:** زەھەرلەندى.

**تَسَمَّمَ الْجُرْحُ:** يارا يىرىڭلىدى.

**تَسَمَّمَ الطَّعَامُ أَوِ الشَّرَابُ:** تاماق ياكى ئىچىملىك زەھەرگە ئارىلىشىپ قالدى.

**تَسَمُّمْ:** زەھەرلەنمەك.

**تَسَمُّمْ بَوْلِيٌّ:** سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلى.

**تَسَمُّمْ دَمَوِيٌّ:** قاندىن زەھەرلىنىش كېسىلى.

**تَسَمُّمْ ذَاتِيٌّ:** ئۆز ـ ئۆزىدىن زەھەرلىنىش.

**أَعْرَاضُ التَّسَمُّمِ:** زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى.

**حَالَةُ التَّسَمُّمِ:** زەھەرلىنىش ئەھۋالى.

**تَسَمَّنَ يَتَسَمَّنُ تَسَمُّنًا:** سەمرىدى، سەمرىپ كەتتى.

**تَسَمَّى يَتَسَمَّى تَسَمِّيًا بِكَذَا:** ئاتالدى.

**عِيدُ تَسْمِيَةٍ:** ئات قويغان كۈن، ئات قويۇلغان كۈنگە ئاتاپ قىلىنغان زىياپەت.

**تَسْمِيَةٌ عِلْمِيَّةٌ:** ئىلمىي ئۇنۋان، ئىلمىي ئاتاق؛ نام بەرمەك، ئات قويماق.

**تَسَنَّتَ يَتَسَنَّتُ تَسَنُّتًا:** ئېسىلزادىنىڭ قىزىنى ئالدى، ئاقسۆڭەكنىڭ قىزىنى ئالدى.

**تَسَنَّمَ يَتَسَنَّمُ تَسَنُّمًا النَّاقَةَ:** تۆگىنى مىندى.

**تَسَنَّمَ الشَّيْءَ:** ياماشتى، يامىشىپ چىقتى، ئېسىلىپ چىقتى.

**تَسَنَّهَ يَتَسَنَّهُ تَسَنُّهًا الطَّعَامُ أَوِ الشَّرَابُ:** تاماق ياكى ئىچىملىك كونىراپ قالدى؛ بۇزۇلۇپ قالدى.

**«فَانْظُرْ إِلَى طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ»**

**‹قرآن›:** يېمەك ـ ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان...

**تَسَنَّى يَتَسَنَّى تَسَنِّيًا الْأَمْرُ:** ئىشنى ئاسانلاشتۇردى.

**«تَسَنَّى لَهُ الْقِيَامُ بِعَمَلٍ مَا»:** چامىسى يەتتى، قولىدىن كەلدى.

**«لَمْ يَتَسَنَّ لِي أَنْ أَزُورَكَ»:** سىزنى يوقلىيالمىدىم.

**تَسْنِيمْ:** جەننەتتىكى بىر بۇلاق.

**«وَمِزَاجُهُ مِنْ تَسْنِيمٍ عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا الْمُقَرَّبُونَ»**

**‹قرآن›:** ئۇنىڭغا (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان، تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ.

**تَسْنِيمَةُ السَّقْفِ:** ئۆگزە.

**تَسْنِينْ:** چىشى چىقماق.

**تَسْنِينُ الشَّرَائِعِ:** قانۇنلارنى ئورناتماق، قانۇنلارنى چىقارماق.

**تَسَهَّدَ يَتَسَهَّدُ تَسَهُّدًا:** ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇيقۇسىرىدى، بىدار بولدى.

**تَسَهَّلَ يَتَسَهَّلُ تَسَهُّلاً الْأَمْرُ:** ئاسانلاشتى، يەڭگىللەشتى، قولاي بولدى.

**تَسْهِيلَاتْ:** ۋاستە؛ تەدبىر، چارە، ئۇسۇل؛ قۇتقۇزۇش پۇلى، نەپىقە، ياردەم پۇلى.

**تَسَوَّخَ يَتَسَوَّخُ تَسَوُّخًا فِي الطِّينِ:** لايغا پېتىپ قالدى.

**تَسَوَّدَ يَتَسَوَّدُ تَسَوُّدًا:** توي قىلدى، تۇرمۇش قۇردى؛ باشلىق بولدى.

**تَسَوَّرَ يَتَسَوَّرُ تَسَوُّرًا الْحَائِطَ:** تامغا ياماشتى، ئۆرلىدى، ئېسىلىپ چىقتى.

**«وَهَلْ أَتَاكَ نَبَأُ الْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا الْمِحْرَابَ»**

**‹قرآن›:** (ئى مۇھەممەد!) دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىۋاتقان) مەسچىتنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتى.

**تَسَوَّرَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال بىلەيزۈك سالدى، بىلەيزۈك تاقىدى.

**تَسَوَّسَ يَتَسَوَّسُ تَسَوُّسًا الطَّعَامُ:** ئاشلىق قۇرتلاپ كەتتى، ئاشلىققا قۇرت چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

**تَسَوَّقَ يَتَسَوَّقُ تَسَوُّقًا:** سودا قىلدى، بازاردىن نەرسە سېتىۋالدى، بازار قىلدى.

**تَسَوَّكَ يَتَسَوَّكُ تَسَوُّكًا:** مىسۋاك قىلدى، چوتكىلىدى.

**تَسَوَّلَ يَتَسَوَّلُ تَسَوُّلاً:** تىلەمچىلىك قىلدى، دىۋانىلىك قىلدى، سەدىقە سورىدى.

**«لَمْ يَجِدْ عَمَلاً فَأَخَذَ يَتَسَوَّلُ»:** ئىش تاپالماي تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

**تَسَوُّلٌ:** تىلەمچىلىك، قەلەندەرچىلىك.

**تَسْوِيَةٌ:** تۈزلىمەك، سىلىقلىماق، پىشۇرماق؛ باراۋەرلىك، رەتكە تۇرغۇزماق، ئورۇنلاشتۇرماق، تەرتىپكە سالماق؛ ئەپلەشتۈرمەك، ھەل قىلماق، تەكشىلىمەك، قۇرماق، رەتكە چۈشۈرمەك، مۇۋاپىقلاشتۇرماق، ئۇيغۇنلاشتۇرماق.

**«تَوَصَّلْنَا إِلَى تَسْوِيَةٍ وَافَقَ عَلَيْهَا الْفَرِيقَانِ»:** ئىككى تەرەپ قوشۇلغان باراۋەرلىككە ئېرىشتۇق.

**«يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ الَّذِيْنَ كَفَرُوا وَعَصَوُا الرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّى بِهِمُ الْأَرْضُ» ‹قرآن›:** كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

**تَسْوِيدَةٌ ج تَسَاوِيدُ:** دەسلەپكى نۇسخا، كۆپىيە، ئەسەرنىڭ كۆپىيىسى، كوررېكتورلۇق قىلىنىدىغان نۇسخا.

**تَسْيَارٌ:** ماڭماق، ساياھەت قىلماق، كەزمەك، سەپەر قىلماق.

**فِيهَا أَلْقَى عَصَا التَّسْيَارِ:** سەپەرنى ئاياغلاشتۇردى.

**تَسَيْطَرَ يَتَسَيْطَرُ تَسَيْطُرًا عَلَيْهِ:** باشقۇردى، ئىدارە قىلدى، ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**تَسْيِيحٌ:** ئاققۇزماق، ئېرىتمەك.

**تَسَيَّرَ يَتَسَيَّرُ تَسَيُّرًا بِسُنَّةٍ أَوْسِيْرَةٍ:** ئىزىدىن ماڭدى، ئەگەشتى، ئىقتىدا قىلدى.

**تَسَيَّعَ يَتَسَيَّعُ تَسَيُّعًا الْمَاءُ:** سۇ قالايمىقان ئاقتى.

**تَسَيَّفَ يَتَسَيَّفُ تَسَيُّفًا:** قىلىچ بىلەن چاپتى.

**تَشَاءَمَ يَتَشَاءَمُ تَشَاؤُمًا الشَّخْصُ:** ئۈمىدسىز قارىدى، روھى چۈشتى، ئۈمىدسىزلەندى، شۇم پال ئالدى.

**تَشَاءَمَ بِهِ أَوْ مِنْهُ:** شۇملۇق دەپ قارىدى.

**تَشَاؤُمٌ:** ئۈمىدسىزلىك، روھى چۈشكۈنلۈك.

**«يَنْظُرُ نَظْرَةَ تَشَاؤُمٍ إِلَى الْمُسْتَقْبَلِ»:** كەلگۈسىگە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ.

**تَشَاؤُمِيٌّ:** ئۈمىدسىزلىك.

**نَزْعَةٌ تَشَاؤُمِيَّةٌ:** ئۈمىدسىزلىك خاھىشى.

**تَشَابُكٌ:** مۇرەككەپلىشىپ كېتىش، كىرىشىپ كېتىش، ئارىلىشىپ كېتىش.

**«يَجْمَعُهُمْ تَشَابُكُ مَصَالِحِهِمْ»:** ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشى ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ.

**تَشَابَكَ يَتَشَابَكُ تَشَابُكًا الشَّيْئَانِ:** ئىككى نەرسە بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتتى، ئارىلىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى، چىتىشىپ كەتتى، مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

**تَشَابَكَتِ الْأُمُورُ:** ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئارىلىشىپ كەتتى، مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

**تَشَابُهٌ:** ئوخشىشىپ كەتمەك، ئوخشاش بولماق.

**«كَذَلِكَ قَالَ الَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِهِمْ مِثْلَ قَوْلِهِمْ تَشَابَهَتْ قُلُوبُهُمْ» ‹قرآن›:** ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. . .

**تَشَابَهَ هَذَانِ التَّوْءَمَانِ:** بۇ ئىككى قوشكېزەك بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كەتتى.

**«إِنَّ الْبَقَرَ تَشَابَهَ عَلَيْنَا» ‹قرآن›:** كالا ھەقىقەتەن بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى.

**تَشَابَهَ يَتَشَابَهُ تَشَابُهًا الشَّيْئَانِ:** ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشاپ كەتتى، ئوخشاش بولدى، ئوخشاپ قالدى، ئوخشىشىپ كەتتى، مۇجمەل بولدى.

**تَشَاتَمَ يَتَشَاتَمُ تَشَاتُمًا:** تىللاشتى، جېدەللەشتى، جاڭجاللاشتى.

**تَشَاجَّ يَتَشَاجُّ تَشَاجًّا الْقَوْمُ:** ئۇرۇشتى، سوقۇشتى، باش - كۆزىنى يېرىشتى.

**تَشَاجَرَ يَتَشَاجَرُ تَشَاجُرًا الرَّجُلاَنِ:** دە تالاش قىلىش-

تى، جاڭجال قىلىشتى، جېدەل قىلىشتى.

**«تَشَاجَرَ الْاِثْنَانِ»:** ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالدى.

**تَشَاحَّ يَتَشَاحُّ تَشَاحًّا الْخَصْمَانِ:** ئىككى رەقىب تىركىشىپ كەتتى، قارشى تەرەپنى يېڭىشقا تىرىشتى.

**تَشَاحَنَ يَتَشَاحَنُ تَشَاحُنًا الْقَوْمُ:** تاكاللاشتى، تىللاشتى، دۈشمەنلەشتى، ئاداۋەتلەشتى.

**تَشَاخَزَ يَتَشَاخَزُ تَشَاخُزًا الْقَوْمُ:** تىللاشتى، جېدەللەشتى.

**تَشَادَقَ يَتَشَادَقُ تَشَادُقًا:** تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى، پۇلاڭلىدى؛ پۇلاڭلاتتى.

**تَشَارَسَ يَتَشَارَسُ تَشَارُسًا الْقَوْمُ:** دۈشمەنلەشتى، ئاداۋەتلەشتى، بىر - بىرىگە يامان مۇئامىلىدە بولۇشتى، ئەسكىلىك قىلىشتى.

**تَشَارَطَ يَتَشَارَطُ تَشَارُطًا الرَّجُلَانِ:** شەرتلەشتى، ۋەدىلەشتى.

**تَشَارَكَ يَتَشَارَكُ تَشَارُكًا مَعَهُ:** ھەمكارلاشتى، ئورتاقلاشتى، تەڭ بەھرىمەن بولدى، ياردەملەشتى.

**تَشَارَكَ فِي جَمْعِيَّةٍ:** جەمئىيەت ئەزاسى بولدى، ئىتتىپاققا كىردى، جەمئىيەتكە قاتناشتى.

**تَشَازَرَ يَتَشَازَرُ تَشَازُرًا الْقَوْمُ:** كۆز قىرى بىلەن قارىدى، بىر - بىرىگە قاراشتى.

**تَشَاعَرَ يَتَشَاعَرُ تَشَاعُرًا الرَّجُلُ:** ئۆزىنى شائىر قىلىپ كۆرسەتتى، شائىرلىقنى دەۋا قىلدى.

**تَشَاغَبَ يَتَشَاغَبُ تَشَاغُبًا الشَّخْصُ:** پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى، غەۋغا چىقاردى، غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

**تَشَاغَبَ الرَّجُلَانِ:** جېدەللەشتى، چاتاق چىقىرىشتى.

**«طَلَبْتُ مِنْهُ حَقِّي فَتَشَاغَبَ وَامْتَنَعَ»:** مەن ئۇنىڭدىن ھەققىمنى تەلەپ قىلغانىدىم، ئۇ جېدەللىشىپ ھەققىمنى بېرىشتىن باش تارتتى.

**تَشَاغَلَ يَتَشَاغَلُ تَشَاغُلًا بِهِ:** مەشغۇل بولدى، شۇغۇللاندى.

**تَشَاغَلَ بِكَذَا:** كۆڭۈل ئاچتى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى.

**تَشَاغَلَ الشَّخْصُ عَنْهُ:** ئۆزىنىڭ ئىشتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى؛ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ... بىلەن بولۇپ كەتتى.

**تَشَاقَّ يَتَشَاقُّ تَشَاقًّا الرَّجُلَانِ:** دۈشمەنلەشتى، ئۆچلىشىشتى.

**تَشَاقَى يَتَشَاقَى تَشَاقِيًا الْوَلَدُ:** بالا كەپسىزلىك قىلىپ غەلۋە قىلدى.

**تَشَاكَسَ يَتَشَاكَسُ تَشَاكُسًا الرَّجُلَانِ:** زىتلاشتى، قىرىشتى، تالاشتى.

**تَشَاكَلَ يَتَشَاكَلُ تَشَاكُلًا الشَّيْئَانِ:** ئوخشىشىپ كەتتى، بىر - بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشىدى.

**تَشَاكَى يَتَشَاكَى تَشَاكِيًا:** دەرد تۆكتى، شىكايەت قىلدى، ھال ئېيتتى.

**تَشَاكَى الْقَوْمُ:** بىر - بىرى ئۈستىدىن داتلىدى، ئۆز ئارا داتلاشتى، شىكايەت قىلىشتى.

**تَشَامَخَ يَتَشَامَخُ تَشَامُخًا:** مەغرۇرلاندى، ھاكاۋۇرلاشتى، تەكەببۇرلاشتى، چوڭچىلىق قىلدى، مەنمەنچىلىك قىلدى؛ قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

**تَشَاوَرَ يَتَشَاوَرُ تَشَاوُرًا مَعَهُ:** مەسلىھەتلەشتى، كېڭەشتى.

**تَشَاوَرَ الْقَوْمُ:** مەسلىھەتلەشتى، كېڭەشتى.

**«أُرِيدُ أَنْ أَتَشَاوَرَ مَعَهُ فِي هَذَا الْأَمْرِ»:** بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن.

**تَشَايَعَ يَتَشَايَعُ تَشَايُعًا الرَّجُلَانِ فِي الْأَمْرِ:** تارقىتىشتا ئورتاقلاشتى، تارقالدى، تارالدى.

**تَشَايَعَ الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** بىر - بىرىنىڭ گېپىگە كىردى، ئۆزئارا ئەپلەشتى.

**تَشَايَعَ الْقَوْمُ:** گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى، فىرقىلارغا بۆلۈندى.

**تَشَايَعَتِ الْجِمَالُ:** تۆگىلەر تاراپ كەتتى.

**تَشَبَّبَ يَتَشَبَّبُ تَشَبُّبًا:** ياشلىقىدا ئويىنىغان كۆنلىرىنى كۈيلىدى.

**تَشَبَّبَتِ النَّارُ:** ئوت ياندى.

**تَشَبُّبٌ:** ياشارماق.

**تَشَبَّثَ يَتَشَبَّثُ تَشَبُّثًا بِكَذَا:** چىڭ ئېسىلىۋالدى، چاپلاشتى، يېپىشتى، چىڭ تۇرىۋالدى؛ قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

**تَشَبَّثَ بِالشَّيْءِ:** يۆلەندى، تاياندى؛ تەۋە بولدى؛ يېپىشتى، ئېسىلىۋالدى، چىڭ تۇرىۋالدى.

**«تَشَبَّثَ الْغَرِيْقُ بِطَوْقِ النَّجَاةِ»**: سۇغا غەرق بولغان ئادەم قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىگە ئېسىلىۋالدى.

**تَشَبَّثَ بِرَأْيِهِ**: پىكرىدە چىڭ تۇردى.

**تَشَبَّطَ يَتَشَبَّطُ تَشَبُّطًا فِي الشَّيْءِ**: يۆلەندى، تاياندى؛ بېقىندى؛ تەۋە بولدى.

**تَشَبَّعَ يَتَشَبَّعُ تَشَبُّعًا السَّائِلَ**: سۇيۇقلۇقنى شورىۋالدى، سۈمۈرىۋالدى.

**«تَشَبَّعَتِ السُّوْقُ بِكَثِيرٍمِنَ الْمَوَادِّالْاِسْتِهْلاَكِيَّةِ»**: بازار نۇرغۇن ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تويۇندى.

**تَشَبَّكَ يَتَشَبَّكُ تَشَبُّكًا**: ئارىلىشىپ كەتتى، مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، چىرمىشىپ كەتتى، گىرەلەشتى.

**تَشَبَّهَ يَتَشَبَّهُ تَشَبُّهًا بِهِ و بِغَيْرِهِ**: دورىدى، تەقلىد قىلدى، ئۈلگە ئالدى.

**«مَنْ تَشَبَّهَ بِقَوْمٍ فَهُوَ مِنْهُمْ» ‹حديث›**: كىمكى بىرەر قەۋمنى دورايدىكەن، ئۇ شۇ قەۋمدىن سانىلىدۇ.

**تَشْبِيحْ**: قول ئىشارىتى قىلماق، قولنى چەكمەك.

**تَشْبِيهٌ ‹فِي الْبَلاَغَةِ›**: ئىككى نەرسىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقى بولغانلىقتىن بىرىنى يەنە بىرىگە ياتقۇزۇۋېتىش، ئوخشىتىش.

**تَشْبِيهٌ ‹فِي الْفَلْسَفَةِ›**: ئىلاھلارنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرىدە ئۇلارنى ئىنسانغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىش.

**تَشْبِيهٌ ج تَشْبِيهَاتٌ وَتَشَابِيهُ**: ئوخشىتىش، تەمسىل قىلىش.

**تَشَتَّتَ يَتَشَتَّتُ تَشَتُّتًا**: تارقالدى، چېچىلدى، پارە-پارە بولۇپ كەتتى.

**تَشَتَّتَ الْقَوْمُ**: قەۋم تارىلىپ كەتتى، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

**تَشَتَّتَ شَمْلُهُم**: بىرلىك بۇزۇلدى، تارقاق بولۇپ كەتتى، ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلدى.

**تَشَتَّتَ أَيْدِي سَبَا**: ئىستەك تارقالدى، يوقالدى، غايىب بولدى، قىلچە ئەسەر قالمىدى، كۆلى كۆككە سورۇلدى، پارە - پارە بولۇپ كەتتى، چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى.

**تَشَتُّتٌ**: ئايرىلماق، چېچىلماق، ئاجراشماق.

**تَشَتُّتُ الْأَفْكَارِ**: پىكر چېچىلاڭغۇلىقى.

**تَشَتُّتٌ ‹فِي عِلْمِ الضَّوْءِ›**: نۇرنىڭ سۇنىشى.

**تَشَتُّتُ الذِّهْنِ**: پىكىرنىڭ چېچىلىپ كېتىشى، پىكىرنىڭ مەركەزلەشمەسلىكى.

**تَشَتُّتُ الشَّمْلِ**: پارچىلانماق، تارقالماق، تاراپ كەتمەك.

**تَشَتَّى يَتَشَتَّى تَشَتِّيًا**: قىشلىدى، قىشنى ئۆتكۈزدى.

**تَشْتِيتٌ**: پارچىلىماق، پارە - پارە قىلىۋەتمەك، بۆلىۋەتمەك.

**تَشْتِيَةٌ**: پادىلارنى قىشلاقتا قىشلاتماق.

**تَشَجَّبَ يَتَشَجَّبُ تَشَجُّبًا**: ئۆلدى، هالاك بولدى؛ ئازابلاندى.

**تَشَجَّجَ يَتَشَجَّجُ تَشَجُّجًا**: چاقتى، بۇزۇپ تاشلىدى، سۇندۇردى.

**تَشَجَّعَ يَتَشَجَّعُ تَشَجُّعًا**: روھلاندى، جانلاندى، غەيرەتكە كەلدى، ئىلھاملاندى.

**تَشَجَّعَ الْمُحَارِبُ**: جەڭچى كۆچلەندى، غەيرەتكە كەلدى، جۈرئەتلىك بولدى.

**تَشَجَّعَ الْجَبَانُ**: قورقۇنچاق باتۇر قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**«تَشَجَّعُوا فَحَمَلُوا عَلَى الْعَدُوِّ»**: ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ دۈشمەنگە هۇجۇم قىلدى.

**تَشَجَّنَ يَتَشَجَّنُ تَشَجُّنًا الْأَمْرَ**: ئەسلىدى، ئەسكە ئالدى، يادىغا ئالدى، قايغۇردى.

**تَشْجِيرٌ**: كۆچەت تىكمەك، ئورمان بىنا قىلماق.

**تَشْجِيعٌ**: روھلاندۇرماق، جانلاندۇرماق، ئىلھام بەرمەك، ئىلھاملاندۇرماق، ئىشەنچىنى ئاشۇرماق.

**تَشْحِيمٌ**: مايلىماق، ياغلىماق.

**زَيْتُ تَشْحِيمٍ**: مايلايدىغان ماي، سىلىقلاش مېيى.

**تَشَخْبَطَ يَتَشَخْبَطُ تَشَخْبُطًا**: تېز يازدى.

**تَشَخَّصَ يَتَشَخَّصُ تَشَخُّصًا لَهُ**: كۆرۈندى، پەيدا بولدى، ئېنىق بولدى، ئايان بولدى، روشەن كۆرۈندى، كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى.

**تَشَخَّصَ الْأَمْرُ**: تەيىن تاپتى، مەلۇم بولدى، روشەنلەشتى.

**تَشْخِيصٌ:** دىئاگنوز قويماق، تەكشۈرمەك، دىئاگنوز.

**تَشْخِيصِيٌّ:** تىياتىرچىلىق؛ دىئاگنوز.

**تَشَدَّخَ يَتَشَدَّخُ تَشَدُّخًا الْبِنَاءُ:** بىنا يىرىلىپ كەتتى، چاك كەتتى.

**تَشَدَّدَ يَتَشَدَّدُ تَشَدُّدًا:** كۈچەيدى، كەسكىنلەشتى، قاتتىق قول بولدى.

**تَشَدَّدَ فِي الأَمْرِ:** چىڭىدى، قاتتىق قول بولدى.

**تَشَدَّقَ يَتَشَدَّقُ تَشَدُّقًا بِكَلاَمِهِ و فِي الْكَلاَمِ:** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىدى، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلىدى، ئاغزىغا باقماي بىلجىرلىدى.

**تَشَدَّقَ الرَّجُلُ:** چايناش ئۈچۈن قوۋزىنى مىدىرلاتتى.

**تَشْدِيدٌ:** كۈچەيتمەك، مۇستەھكەملىمەك؛ بېسىم كۈچ باسماق، ئەزمەك، زۇلۇم قىلماق؛ چىڭ تۇرماق، قەتئىي داۋاملاشتۇرماق.

**تَشَذَّبَ يَتَشَذَّبُ تَشَذُّبًا:** ئاجرالدى، ئايرىلدى، تارقالدى، چېچىلدى.

**تَشَذَّبَ الْعُودُ:** دەرەخنىڭ سويىپىقى سويۇلدى.

**تَشَذَّبَ الْقَوْمُ:** قەۋم تارقىلىپ كەتتى.

**تَشَذَّرَ يَتَشَذَّرُ تَشَذُّرًا الْقَوْمُ:** ئايرىلدى، تارقالدى، چېچىلدى؛ ئاجرالدى، بۆلۈندى.

**تَشْذِيبُ الشَّجَرِ:** دەرەخنى چاتىماق.

**تَشَرْدَقَ يَتَشَرْدَقُ تَشَرْدُقًا:** بوغۇلدى، تۇنجۇقتى.

**تَشَرْذَمَ يَتَشَرْذَمُ تَشَرْذُمًا:** يىرتىلدى.

**تَشَرَّبَ يَتَشَرَّبُ تَشَرُّبًا الْمَاءَ وَنَحْوَهُ:** سۇنى ئىچىۋالدى، سۈمۈرۈۋالدى، ئىچىگە تارتتى؛ چەكتى؛ نەپەس ئالدى.

**تَشَرَّبَ الثَّوْبُ الْعَرَقَ:** كىيىم تەرنى سۈمۈرۈۋالدى.

**تَشَرَّبَ الدِّقَّةَ مِنْ أَبِيهِ:** ئىنچىكىلىكنى دادىسىدىن سىڭدۈردى.

**تَشَرَّبَ بِكَذَا:** ھۆل ئۆتۈپ كەتتى، ھۆل بولۇپ كەتتى؛ ھۆل تەپچىرەپ چىقتى، تولدى؛ سىڭدى.

**تَشَرُّبٌ:** سۈمۈرۈۋالماق، شورىۋالماق، ئەممەك، ئىچىگە تارتماق.

**تَشَرَّجَ يَتَشَرَّجُ تَشَرُّجًا الشَّيْءُ:** كىرىشىپ كەتتى، گىرەلىشىپ كەتتى، قوشۇلدى، جىپسىلاشتى.

**تَشَرَّجَ الشَّيْءُ بِالشَّيْءِ:** ئارىلاشتى.

**تَشَرَّخَ يَتَشَرَّخُ تَشَرُّخًا:** چېقىلدى، بۇزۇلدى.

**تَشَرَّدَ يَتَشَرَّدُ تَشَرُّدًا الْقَومُ:** سەرسان بولۇپ يۈردى، سەرگەردان بولۇپ يۈردى؛ تارقىلىپ كەتتى، توزۇپ كەتتى، چېچىلىپ كەتتى، پارچىلىنىپ كەتتى، بۆلۈنۈپ كەتتى.

**تَشَرَّدَ الرَّجُلُ:** كىشى تەمتىرەپ يۈردى؛ گاڭگىراپ يۈردى، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەردە يۈردى، سەرگەردان بولۇپ يۈردى.

**تَشَرُّدٌ:** سەرسانلىق، سەرگەردانلىق.

**تَشَرَّطَ يَتَشَرَّطُ تَشَرُّطًا فِى عَمَلِهِ:** ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىدى.

**تَشَرَّطَ عَلَيْهِ:** شەرتلەرنى قويدى.

**تَشَرَّفَ يَتَشَرَّفُ تَشَرُّفًا الرَّجُلُ:** شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى، بەختكە ئېرىشتى.

**تَشَرَّفَ لِلشَّيْءِ:** ئىنتىزار بولدى، تەشنا بولدى، قارىدى، نەزەر تاشلىدى.

**تَشَرَّفَ بِهِ:** شان ـ شەرەپ ھېسابلىدى، شەرەپ دەپ بىلدى.

**«يَتَشَرَّفُ بِدَعْوَتِكُمْ إِلَى حُضُورِ...» :** ... قاتنىشىپ بېرىشكە سىلەرنى چاقىرىشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ.

**تَشَرَّقَ يَتَشَرَّقُ تَشَرُّقًا:** ئاپتاپسىندى، ئاپتاپقا سالدى، ئاپتاپقا قاقلاندى؛ شەرقلەشتى، شەرقنىڭ ئادىتىنى ئۆزلەشتۈردى.

**تَشَرْزَمَ يَتَشَرْزَمُ تَشَرْزُمًا:** يىرتىلدى.

**تَشْرِيحٌ:** يارماق، ئىچ باغرىنى يارماق، ئوپېراتسىيە قىلماق.

**تَشْرِيحُ الْجُثَّةِ:** جەسەتنى يارماق، جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلماق.

**تَشْرِيحُ الْمُقَابَلَةِ:** سېلىشتۇرما ئاناتومىيە.

**عِلْمُ التَّشْرِيحِ:** ئاناتومىيە.

**تَشْرِيحِيٌّ:** ئانوتومىيىلىك.

**اَلصِّفَةُ التَّشْرِيحِيَّةُ لِلْمَوْتِ:** جەسەتنى يېرىپ كۆرۈش.

uyghurkitap.com



**تَشْرِيْعٌ:** قانۇن چىقارماق، قانۇن تۈزمەك.

**سُلْطَةُ التَّشْرِيعِ:** قانۇن چىقىرىش هوقۇقى.

**اَلتَّشْرِيْعُ الدُّوَلِيُّ:** خەلقئارا قانۇن.

**إِدَارَةُ الْفَتْوَى وَالتَّشْرِيعِ:** قانۇن چىقىرىش ۋە دۆلەت چىقارغان قانۇنلارنى نازارەت قىلىش ئورگىنى.

**تَشْرِيْعُ الْعَمَلِ:** ئەمگەك قانۇنى.

**تَشْرِيعِيٌّ:** قانۇنى، قانۇنلۇق.

**جَمْعِيَّةٌ تَشْرِيعِيَّةٌ:** قانۇن چىقىرىش هەيئىتى.

**سُلْطَةٌ تَشْرِيعِيَّةٌ:** قانۇن چىقىرىش هوقۇقى.

**تَشْرِيْفٌ ج تَشَارِيفُ:** نام، ئابروي، شەرەپ، شەرەپلىك، شان ـ شەرەپ، شانلىق، پەخىر.

**تَشْرِيْفَةٌ ج تَشْرِيْفَاتٌ:** مۇراسىم، توي، زىياپەت، هۆكۈمەت زىياپىتى، قانۇن-قائىدىلەر، ئەدەب-قائىدە، قائىدە ـ يوسۇن.

**سِجِلُّ التَّشْرِيفَاتِ:** مۇراسىملارنى خاتىرىلەش دەپتىرى، مۇراسىملارنى تىزىملاش دەپتىرى.

**دِيوَانُ التَّشْرِيفَاتِ:** تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق ئورگان بولۇپ، ئۇ هۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن ياكى هۆكۈمەتنىڭ بىرەر ئورگان تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتىۋېلىشقا ئائىت ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

**رَئِيْسُ التَّشْرِيْفَاتِ:** پادىشاھ ۋە هۆكۈمەت سارايلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مەسئۇل ئەمەلدار.

**مُدِيْرُ التَّشْرِيفَاتِ:** پادىشاھ ۋە هۆكۈمەت سارايلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مەسئۇل ئەمەلدار.

**تَشْرِيفَاتِيٌّ:** مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەلدار، مۇراسىم رىياسەتچىسى.

**«تَشْرِيفَاتِيُّ الْقَصْرِ الْمَلِكِيِّ»:** پادىشاھ سارىيىدىكى مۇراسىملارنىڭ رىياسەتچىسى، پادىشاھ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مەسئۇل ئەمەلدار.

**تَشْرِيْقٌ:** ئاپتاپقا سالماق، قاقلىماق.

**«لَا ذَبْحَ إِلَّا بَعْدَ التَّشْرِيقِ» (حديث):** هېيت نامىزىدىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ (قۇربانلىقنى پەقەت هېيت نامىزىدىن كېيىن قىلىشقا بولىدۇ).

**أَيَّامُ التَّشْرِيْقِ:** قۇربان هېيتىنىڭ 2ـ، 3ـ، 4ـ كۈنلىرى.

**تِشْرِيْنُ الْأَوَّلِ:** ئۆكتەبىر (مىلادى 10 ـ ئاي).

**تِشْرِيْنُ الثَّانِي:** نويابىر (مىلادى 11 ـ ئاي).

**تَشْطِيْبٌ:** تىلماق، يارماق، پىچماق.

**تَشْطِيبُ الْحِسَابِ:** هېساباتنى مۇئامىلىدارغا يوللاپ بەرمەك.

**تَشْطِيْبُ الْجِلْدِ:** تېرىنى تىلماق.

**أَجَادَ تَشْطِيْبَ اللَّوْحَةِ:** تاختىنى ماهارەت بىلەن تىلدى.

**تَشْطِيفٌ:** يۇيماق؛ يۈز يۇيىدىغان داس.

**حَوْضُ التَّشْطِيفِ:** يۈز يۇيىدىغان داس.

**تَشَظَّى يَتَشَظَّى تَشَظِّيًا الشَّيْءُ:** يېرىلدى، پارچىلاندى، چېچىلدى.

**تَشَظٍّ:** پارچىلانماق، يېرىلماق.

**تَشَعَّبَ يَتَشَعَّبُ تَشَعُّبًا الشَّيْءُ:** چېچىلىپ كەتتى، تارىلىپ كەتتى؛ تەقسىم قىلىندى؛ ئەۋەتىلدى.

**تَشَعَّبَتِ الْأَرَآءُ:** پىكىرلاردا ئىختىلاپ كۆرۈلدى، شاخلاپ كەتتى.

**تَشَعَّبَ الْقَوْمُ:** بۆلۈنۈپ كەتتى.

**تَشَعُّبٌ:** شاخلىماق، بۆلۈنمەك، ئايرىلماق.

**تَشَعَّثَ يَتَشَعَّثُ تَشَعُّثًا الشَّعْرُ:** چاچ پاخپايدى، چاچ يېيىلدى.

**تَشَعَّثَ مِنَ الطَّعَامِ:** ئازراق بىر نەرسە يېدى.

**تَشَعَّثَ رَأْسُ الْمِسْوَاكِ:** مىسۋاكنىڭ ئۇچى تىتىلىپ كەتتى، مىسۋاك ئۇچى پۇرۇلۇپ كەتتى.

**تَشَعَّعَ يَتَشَعَّعُ تَشَعُّعًا النُّورُ:** تەرەپ ـ تەرەپكە نۇر چېچىلدى.

**تَشَعَّلَ يَتَشَعَّلُ تَشَعُّلًا النَّارُ:** ئوت يالقۇنجىدى، ئوت تۇتاشتى، ئوت ياندى.

**تَشَعْلَقَ يَتَشَعْلَقُ تَشَعْلُقًا:** يېپىشتى، چاپلاشتى، چىرماشتى.

**تَشْغِيلٌ:** ئەمگەككە سالماق، ئىشقا سالماق، ئىش

بەرمەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرماق.

**مَكْتَبُ التَّشْغِيلِ:** ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى.

**اَلْحَبْسُ مَعَ التَّشْغِيلِ:** قولغا ئېلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىش.

**تَشَفَّعَ يَتَشَفَّعُ تَشَفُّعًا لَهُ:** ۋاسىتىچىلىك قىلدى، ياراشتۇردى، مۇرەسسە قىلدى، تىلىۋالدى، ئۆتۈندى، شاپائەت قىلدى.

**تَشَفَّعَ بِهِ:** ئۇنى ۋاسىتە قىلىپ يېلىندى، يالۋۇردى، ئىلتىجا قىلدى.

**تَشَفَّعَ الرَّجُلُ:** شافىئى مەزھىپىگە كىردى.

**تَشَفَّعَ عِنْدَ فُلَانٍ فِي الْأَمْرِ:** پالانى ئىشتا پوكوندغا ئىلتىجا قىلدى، ئىشتا باشقىلاردىن ئۆتۈندى، باشقىلارنى ۋاسىتىچى قىلدى.

**تَشَفَّى يَتَشَفَّى تَشَفِّيًا بِكَذَا:** ... دىن ساقايدى، ... سەۋەبىدىن شىپالىق تاپتى.

**تَشَفَّى مِنْ خَصْمِهِ:** دۈشمىنىدىن ئەنتىنى ئالدى، ئۆچىنى ئالدى، قىساس ئالدى.

**تَشَفَّى مِنْ عَدُوِّهِ:** دۈشمىنىدىن ئەنتىنى ئالدى، ئۆچىنى ئالدى، قىساس ئالدى.

**تَشَقَّقَ يَتَشَقَّقُ تَشَقُّقًا الْمَنْزِلُ:** ئۆينىڭ تېمىغا چاك كەتتى.

**تَشَقَّقَ الْحَطَبُ:** ئوتۇن كەسلەندى.

**تَشَقَّقَ الْأَرْضُ:** يەر يېرىلدى.

**«يَوْمَ تَشَقَّقُ الْأَرْضُ عَنْهُمْ سِرَاعًا» (قرآن):** ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ.

**تَشَكَّرَ يَتَشَكَّرُ تَشَكُّرًا لَهُ:** رەھمەت ئېيتتى، تەشەككۈر بىلدۈردى، مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

**تَشَكُّرٌ ج تَشَكُّرَاتٌ:** تەشەككۈر، رەھمەت، ھەشقاللا.

**«عَبَّرَ لَهُ عَنْ تَشَكُّرَاتِهِ الْحَارَّةِ»:** ئۇنىڭغا قىزغىن تەشەككۈرلىرىنى بايان قىلدى.

**تَشَكَّكَ يَتَشَكَّكُ تَشَكُّكًا فِي الْأَمْرِ:** گۇمان قىلدى، شۈبھىلەندى.

**«تَشَكَّكْتُ فِي صِحَّةِ أَقْوَالِكَ»:** سېنىڭ سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلاندىم.

**تَشَكَّلَ يَتَشَكَّلُ تَشَكُّلًا:** شەكىلگە كىردى، سۈرەتكە كىردى، شەكىللەندى.

**«تَشَكَّلَ الْجَنِينُ فِي بَطْنِ أُمِّهِ»:** بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا شەكىلگە كىردى.

**تَشَكَّى يَتَشَكَّى تَشَكِّيًا إِلَيْهِ:** دەرد تۆكتى، ھال ئېيتتى، شىكايەت قىلدى؛ كېسەل بولدى، ئاغرىپ قالدى.

**تَشَكَّى الْأَمْرَ:** ئىزھار قىلدى، بايان قىلدى.

**تَشَكَّى مِنَ الدَّاءِ:** كېسەلدىن شىكايەت قىلدى، كېسەلدىن داتلىدى، كېسەلدىن ھال ئېيتتى، كېسەلدىن ئىڭرىدى.

**تَشْكِيلٌ ج تَشْكِيلَاتٌ:** بىرەر نەرسىنىڭ بىرقانچە خىللىرى بىر يۇرۇش نەرسە، خىلمۇخىل نەرسە؛ بىرلەشمە، تەشكىلات، ئۇيۇشما، تەشكىل.

**تَشْكِيلٌ سِرِّيٌّ:** مەخپى تەشكىلات.

**«هَاجَمَ تَشْكِيلٌ مِنَ الطَّائِرَاتِ أَهْدَافًا لِلْعَدُوِّ»:** ئايروپىلانلار توپى دۈشمەن نىشانىغا ھۇجۇم قىلدى.

**«أَحْضِرْ تَشْكِيلَةً مِنَ الْمُقَبِّلَاتِ»:** ئىشتەي ئاچىدىغان دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ بىرقانچە خىلىنى كەلتۈر.

**تَشْكِيلٌ:** زىر ـ زەبەر قويماق؛ سۈرەتلىمەك؛ سىزماق؛ شەكىللەندۈرمەك.

**تَشْكِيلُ النَّصِّ:** تېكىستكە زىر ـ زەبەر قويماق.

**تَشْكِيلُ الْوَزَارِي:** مىنىستىرلىقلارنى تەشكىللىمەك.

**تَشْكِيلِيٌّ:** تەشكىللىك.

**اَلْفُنُونُ التَّشْكِيلِيَّةُ:** رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، فوتوگرافىيە سەنئىتى.

**تَشَمَّرَ يَتَشَمَّرُ تَشَمُّرًا:** ئالدىراپ ماڭدى، تېز ماڭدى، ھاپىلا ـ شاپىلا ماڭدى.

**تَشَمَّرَ لِلْأَمْرِ:** تەييارلاندى، ھازىرلاندى.

**تَشَمَّزَ يَتَشَمَّزُ تَشَمُّزًا وَجْهُهُ:** قوشۇمىسى تۈرۈلدى، چەكچەيدى، كۆز ئالايتتى.

**تَشَمَّسَ يَتَشَمَّسُ تَشَمُّسًا الرَّجُلُ:** ئاپتاپقا قاقلاندى، ئاپتاپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتى.

**تَشَمُّسٌ:** ئاپتاپقا قاقلانماق؛ ھەركۈنى زېمىن قوبۇل قىلىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسى.

**تَشَمَّعَ يَتَشَمَّعُ تَشَمُّعًا:** سىرلاندى، بويالدى، سۈرتۈلدى.

**تَشَمَّلَ يَتَشَمَّلُ تَشَمُّلاً بِالشَّمْلَةِ:** يېپىنىۋالدى، ئورىنىۋالدى.

**تَشَمَّمَ يَتَشَمَّمُ تَشَمُّمًا الشَّيْءَ:** ئالدىرىماي پۇرىدى.

**تَشَمَّمَ الْأَخْبَارَ:** خەۋەرلەرنى سۈرۈشتە قىلدى، سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى، دېرىكىنى ئاڭلىدى، تىڭ-تىڭلىدى؛ تەكشۈردى، ئىزدەندى.

**تَشَمَّمَهُ:** تۈيدى، كۆزى يەتتى، تېگىگە يەتتى؛ ياخشى چۈشەندى.

**تَشْمِيتٌ:** چۈشكۈرگۈچىگە «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ»: دېمەك.

**«مِنَ السُّنَّةِ تَشْمِيتُ الْعَاطِسِ»:** چۈشكۈرگۈچىگە «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ»؛ دېيىش سۈننەتتۇر.

**تَشَنَّجَ يَتَشَنَّجُ تَشَنُّجًا:** تارايدى، يىغىلىپ قالدى، تارتىشىپ قالدى، كىرىشىپ كەتتى، قورۇلدى.

**تَشَنَّجَتْ عَضَلاتُهُ:** بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشتى.

**تَشَنَّجَ الشَّخْصُ «فِي الطِّبِّ»:** نېرۋا پائالىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن پۇت - قول ۋە يۈزلىرى تارتىشتى.

**تَشَنُّجٌ:** تارتىشىش.

**تَشَنَّنَ يَتَشَنَّنُ تَشَنُّنًا:** ئۈپرىدى، خورىدى.

**تَشَهَّدَ يَتَشَهَّدُ تَشَهُّدًا الرَّجُلُ:** «أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللّٰهِ»: دېدى؛ كەلىمە شاھادەت ئېيتتى، تەشەھھۇد ئوقۇدى.

**تَشَهَّدَ الْمُصَلِّي:** ناماز ئوقۇغۇچى تەشەھھۇد «اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ...»: نى ئوقۇدى.

**تَشَهَّى يَتَشَهَّى تَشَهِّيًا الشَّيْءَ:** بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلدى، تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى، ئارزۇ قىلدى، سېغىندى، ئەسلىدى ... دىن خۇشاللىق ھېس قىلدى.

**تَشَوَّرَ يَتَشَوَّرُ تَشَوُّرًا:** خىجىل بولدى، ئۇيالدى، نومۇس قىلدى، ئىزا تارتتى.

**تَشَوَّشَ يَتَشَوَّشُ تَشَوُّشًا عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** قالايمىقانلاشتى، ئارىلىشىپ كەتتى، پاراكەندە بولدى.

**تَشَوَّفَ يَتَشَوَّفُ تَشَوُّفًا مِنَ السَّطْحِ:** ئۆگزىدىن ئېگىلىشىپ قارىدى، ئېگىزدىن نەزەر سالدى، تەكشۈردى، كۆزەتتى.

**تَشَوَّفَ إِلَى فُلانٍ:** قارىدى، نەزەر سالدى، سېغىندى.

**تَشَوَّقَ يَتَشَوَّقُ تَشَوُّقًا الشَّيْءَ:** تەشنا بولدى، سېغىندى، ئەسلىدى، ئارزۇ قىلدى.

**تَشَوَّقَ إِلَى الشَّيْءِ:** ئىشتىياقى كۆچەيدى، سېغىندى، زوقمەن بولدى.

**تَشَوَّنَ يَتَشَوَّنُ تَشَوُّنًا:** ئەقىلسىزلىق قىلدى، ناداںلىق قىلدى، قابىلىيەتسىز بولدى.

**تَشَوَّهَ يَتَشَوَّهُ تَشَوُّهًا:** سەت بولدى، كۆرۈمسىز بولدى؛ بۇزدى، بۇزۇپ كۆرسەتتى؛ بۇرمىلىدى.

**تَشَوَّهَ سُمْعَتَهُ:** ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزدى، نامىنى بۇلغىدى.

**تَشَوُّهٌ:** مېيىپ بولماق، مەجرۇھ بولماق؛ غەيرىي نورماللىق، قىڭغىر - سىڭغىر.

**تَشْوِيشٌ:** قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك، تەرتىپسىزلىك.

**تَشَيْطَنَ يَتَشَيْطَنُ تَشَيْطُنًا:** شەيتانغا ئوخشاپ قالدى، شەيتان بولۇپ قالدى، ئالۋاستىغا ئايلاندى، شەيتاننىڭ قىلىقىنى قىلدى.

**تَشَيَّخَ يَتَشَيَّخُ تَشَيُّخًا:** قېرىدى، ياشاندى، قېرى بولۇۋالدى.

**تَشْيِيدٌ:** قۇرماق، ياسىماق، بەرپا قىلماق.

**تَشَيَّطَ يَتَشَيَّطُ تَشَيُّطًا الشَّيْءُ:** كۆيدى.

**تَشَيَّطَ دَمُهُ:** قېنى قىزىدى.

**تَشَيَّعَ يَتَشَيَّعُ تَشَيُّعًا:** شىئە بولدى.

**تَشَيَّعَ الرَّجُلُ:** شىئە مەزھىپىگە كىردى.

**تَشْيِيعٌ:** ئۇزۇتۇش، ئەگىشىپ ماڭماق، پىكىر بىرلىكىگە كېلىش.

**تَشْيِيعُ الْجَنَازَةِ:** جىنازا ئۇزىتىش.

**تَصَاءَى يَتَصَاءَى تَصَائِيًا:** تۇۋلىدى، ۋارقىرىدى، جارقىرىدى؛ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

**تَصَابَى يَتَصَابَى تَصَابِيًا الشَّخْصُ:** كىچىك بالا بولۇۋالدى، تەنتەكلىك قىلدى، كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلدى؛ بالىلىق قىلدى.

**شَيْخٌ يَتَصَابَى:** كىچىك بالىنىڭ قىلىقلىرىنى قىلىدىغان بوۋاي.

**تَصَابَى الْمَرْأَةَ:** ئايالنى يولدىن چىقاردى، ئايالنى ئېزىقتۇردى، ئازدۇردى.

**تَصَاحَبَ يَتَصَاحَبُ تَصَاحُبًا الشَّخْصَانِ:** ھەمراھ بولدى، دوستلاشتى، دوست بولدى، دوست تۇتتى، مۇناسىۋەتلەشتى.

**تَصَاحَبَ الْقَوْمُ:** ئورتاقلاشتى.

**تَصَاحَبُوا فِي زِرَاعَةِ الْقُطْنِ:** پاختا تېرىشتا ئورتاقلاشتى.

**تَصَاخَبَ يَتَصَاخَبُ تَصَاخُبًا الْقَوْمُ:** داۋراڭ سېلىشتى، قىيا - چىيا قىلىشتى، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈردى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشتى.

**تَصَادَفَ يَتَصَادَفُ تَصَادُفًا الشَّخْصَانِ:** تۇيۇقسىز ئۇچراشتى، يولۇقۇشتى.

**تَصَادَفْنَا فِى الشَّارِعِ:** كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

**تَصَادَقَ يَتَصَادَقُ تَصَادُقًا الشَّخْصَانِ:** دوستانە سۆھبەتلەشتى.

**تَصَادَقَ الشَّخْصَانِ الْحَدِيثَ:** ئۆزئارا ئەستايىدىل بولدى.

**تَصَادَقَ الشَّخْصَانِ عَلَى الْأَمْرِ:** ئېتىراپ قىلىشتى.

**تَصَادَقَا عَلَى شُرُوطِ الْبَيْعِ:** سودا - سېتىقنىڭ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىشتى.

**تَصَادُقٌ:** دوستلۇق، مېھرىبانلىق، دوستانە.

**تَصَادَمَ يَتَصَادَمُ تَصَادُمًا:** ئۈرۈلدى، سوقۇلدى، تېگىپ كەتتى، توقۇنۇشتى.

**تَصَادَمَ السَّفِينَتَانِ:** ئىككى پاراخوت سوقۇلۇپ كەتتى.

**تَصَادَمَ الْوَلَدَانِ:** بالا بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى.

**تَصَادَمَتِ الْآرَاءُ:** پىكىرلەر توقۇنۇشۇپ قالدى.

**«تَصَادَمَ شَهَادَتُهُ مَعَ أَقْوَالِ الشُّهُودِ الْآخَرِينَ:»** ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن قارشىلىشىپ قالدى.

**تَصَادُمٌ:** سوقۇلۇشۇپ كەتمەك، توقۇنۇشۇپ قالماق.

**تَصَادُمُ قِطَارَيْنِ:** ئىككى پويىزنىڭ سوقۇلۇپ كېتىشى.

**تَصَادُمُ الْأَحْزَابِ فِي الْإِنْتِخَابَاتِ:** سايلامدا پارتىيىلەرنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىشى.

**تَصَارَحَ يَتَصَارَحُ تَصَارُحًا:** ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەشتى، سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.

**تَصَارَخَ يَتَصَارَخُ تَصَارُخًا الْقَوْمُ:** ئۆز ئارا تولىشىپ ياردەمگە چاقىرىشتى.

**تَصَارَعَ يَتَصَارَعُ تَصَارُعًا:** ئۆز ئارا ئېلىشتى، تۇتۇشتى، چېلىشتى.

**تَصَاعَبَ يَتَصَاعَبُ تَصَاعُبًا مَعَهُ:** تەڭلىكتە قويدى، قىيىنچىلىققا سالدى.

**تَصَاعَدَ يَتَصَاعَدُ تَصَاعُدًا الشَّيْءُ:** يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۆرلىدى.

**تَصَاعَدَ الدُّخَانُ:** تۈتۈن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

**تَصَاعَدَتِ الْأَسْعَارُ:** باھار ئۆرلەپ كەتتى.

**تَصَاعَدَتِ الْحَرْبُ بَيْنَ الْأَشِقَّاءِ:** قېرىنداشلار ئارىسىدا جېدەل كېڭەيدى.

**تَصَاعَدَتْ أَصْوَاتُ الْمُتَظَاهِرِينَ:** نامايىشچىلارنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

**تَصَاعُدٌ:** پەيدىنپەي كۆتۈرۈلمەك، ئاستا - ئاستا ئۆرلىمەك.

**«شَاهَدْنَا فِي التِّلْفِزْيُونِ تَصَاعُدَ الْمُتَسَلِّقِينَ عَلَى الْجِبَالِ الشَّامِخَةِ»:** بىز تېلېۋىزوردا تاغقا چىققۇچىلارنىڭ ئېگىز تاغلارغا ئاستا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

**تَصَاعُدِيٌّ:** پەيدىنپەي ئۆرلەشكە مەنسۇپ، تەدرىجى ئۆرلەشكە مەنسۇپ؛ تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە ئىلغارلىققا مەنسۇپ.

**عَدٌّ تَصَاعُدِيٌّ:** بىردىنبىر ساناش، پەيدىنپەي ساناش.

**مَوَاقِفُ حِزْبِيَّةٌ تَصَاعُدِيَّةٌ:** پارتىيىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك مەيدانى.

**ضَرَائِبُ تَصَاعُدِيَّةٌ:** ھەسسىلەپ ئېشىپ بارىدىغان باج.

**ضَرِيبَةٌ تَصَاعُدِيَّةٌ:** پەيدىنپەي ئېشىپ بارىدىغان باج.

**تَصَاغَرَ يَتَصَاغَرُ تَصَاغُرًا الشَّيْخُ:** بوۋاي كىچىك بالا بولىۋالدى، كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلدى.

**تَصَاغَرَ الرَّجُلُ:** بالىلىق قىلدى، كىچىك بالىلار-

نىڭ قىلىقىنى قىلدى.

**تَصَاغَرَتْ إِلَيْهِ نَفْسُهُ:** روھسىزلاندى، روھى چۈشتى، كەيپى ئۆچتى، ئىشەنچىسىنى يوقاتتى.

**تَصَاغَرَ ذُلًّا أَمَامَ أَهْلِ السُّلْطَةِ:** ھۆكۈمرانلار ئالدىدا خورلاندى.

**تَصَافَحَ يَتَصَافَحُ تَصَافُحًا:** قول ئېلىشتى، قول سىقىشتى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

**تَصَافَحَ الْخَصْمَانِ:** ئىككى رەقىب بىر ـ بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

**تَصَافَحَتِ الْأَجْفَانُ:** كۆز يۇمۇلدى.

**تَصَاقَّ يَتَصَاقُّ تَصَاقًّا:** سەپكە تۈرۈشتى، رەتكە تۈرۈشتى، باراۋەر تۇرۇشتى، قاتارغا تۇرۇشتى، رەتكە تىزىلدى.

**تَصَافَقَ يَتَصَافَقُ تَصَافُقًا الْبَائِعُ وَالْمُشْتَرِي:** سودا-سېتىقنى پۈتتۈردى.

**تَصَافَى يَتَصَافَى تَصَافِيًا الشَّخْصَانِ:** دوست بولۇشتى، ئىناق بولۇشتى.

**تَصَالَحَ يَتَصَالَحُ تَصَالُحًا الْقَوْمُ:** يارىشىپ قالدى، كېلىشىپ قالدى، مۇرەسسە قىلىشتى، ئەپلەشتى.

**تَصَالَحَتِ الدَّوْلَتَانِ:** ئىككى دۆلەت يارىشىپ قالدى.

**تَصَامَّ يَتَصَامُّ تَصَامًّا عَنِ الْحَدِيثِ:** ئاڭلىماس بولۇۋالدى، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى.

**تَصَامَّ الشَّخْصُ:** گاس بولۇۋالدى.

**«يَتَصَامُّ الْوَلَدُ عَنْ نَصِيحَةِ جَدِّهِ»:** بالا بوۋىسىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمايۋاتىدۇ.

**تَصَاهَرَ يَتَصَاهَرُ تَصَاهُرًا الْقَوْمُ:** قۇدىلاشتى، قۇدا-باجا بولۇشتى.

**تَصَاوَلَ يَتَصَاوَلُ تَصَاوُلًا:** زەربە بېرىشتى، جەڭدە ھۇجۇم قىلىشتى، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشتى.

**تَصَايَحَ يَتَصَايَحُ تَصَايُحًا:** توۋلاشتى، ۋارقىراشتى، جارقىراشتى، چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈردى.

**تَصَايَحَ التَّلَامِيذُ فِي سَاحَةِ الْمَدْرَسَةِ:** مەكتەپ مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار ۋارقىراشتى.

**تَصَبَّبَ يَتَصَبَّبُ تَصَبُّبًا:** ئاقتى، قۇيۇلدى، ئېقىپ كىردى؛ ئىشق ـ مۇھەببەت دەۋاسىنى قىلدى.

**تَصَبَّبَ الْعَرَقُ مِنْ جَبِينِهِ:** پېشانىسىدىن تەر ئاقتى؛ ئۇ يالدى، خىجىل بولدى.

**تَصَبَّبَ الشَّابُّ لِإِغْرَاءِ الْفَتَاةِ:** يىگىت قىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئىشق ـ مۇھەببەت دەۋاسى قىلدى، قىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ساقال تاشلىدى.

**تَصَبَّبَ وَجْهُهُ عَرَقًا:** تەرگە چۆمۈلدى، يۈز ـ كۆزىدىن تەر ئاقتى؛ ئۇيالدى، خىجىل بولدى.

**تَصَبَّحَ يَتَصَبَّحُ تَصَبُّحًا:** ناشتا قىلدى، ئەتىگەنلىك تاماق يېدى؛ تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن كۈن چىقىشنىڭ ئارىلىقىدا ئۇخلىدى.

**تَصَبَّحَهُ:** ئەتىگەندە ئۇچراشتى، ئەتىگەندە قوبۇل قىلدى.

**«لَقَدْ اِنْتَهَى مِنَ الْعَمَلِ لِذَلِكَ يَتَصَبَّبُ وَجْهُهُ عَرَقًا»:** ئۇ ئەمگەكتىن ئەمدى چۈشتى، شۇڭا ئۇنىڭ يۈزىدىن تەر ئاقماقتا.

**تَصَبَّرَ يَتَصَبَّرُ تَصَبُّرًا عَلَى الْأَمْرِ:** چىداشلىق بەردى، بەرداشلىق بەردى، سەۋرى ـ تاقەت قىلدى.

**تَصَبَّرَ لَهُ:** كۈتتى، ساقلاپ تۇردى.

**تَصَبَّرَ عَنْهُ:** رەت قىلدى، باش تارتتى.

**تَصَبَّرَ عَلَى الْجُوعِ:** ئاچلىققا چىدىدى.

**تَصَبَّرَ فُلَانٌ:** سەۋرچانلىق كۆرسەتتى.

**تَصَبَّرَ الْجَرِيحُ:** يارىدار چىدىدى، يارىدار چىدامىلىق بولدى.

**تَصَبَّى يَتَصَبَّى تَصَبِّيًا:** ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى، ياشاردى.

**تَصَبَّى الْمَرْأَةَ:** ئايالنى يولدىن چىقاردى، ئازدۇردى.

**تَصْبِيرٌ:** سەۋرى ـ تاقەت قىلىشقا ئۈندىمەك، تاقەت قىلىشنى كۈتمەك.

**تَصْبِيرَةٌ:** ئاچ قورساق ئادەم تاماق تەييار بولغىچە يەپ تۇرىدىغان ئازغىنا يېمەكلىك.

**تَصَحَّبَ يَتَصَحَّبُ تَصَحُّبًا:** خىجىل بولدى، ھايا قىلدى.

**تَصَحَّحَ يَتَصَحَّحُ تَصَحُّحًا بِكَذَا:** داۋالاندى.

**تَصَحَّرَ يَتَصَحَّرُ تَصَحُّرًا الْمَكَانُ:** جاي چۆللىشىپ كەتتى.

**تَصَخُّرٌ:** چۆللەشمەك.

**مُقَاوَمَةُ التَّصَخُّرِ:** چۆللىنىشكە قارشى كۈرەش قىلماق.

**تَصَحَّفَ يَتَصَحَّفُ تَصَحُّفًا الْقَارِئُ:** كىتابخان خاتا ئوقۇدى، خاتا تەلەپپۇز قىلدى.

**تَصْحِيحٌ:** (خاتانى) تۈزەتمەك؛ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك؛ ئىمزا قويماق؛ ئەسلىگە كەلتۈرمەك؛ توغرىلىماق.

**جَمْعُ التَّصْحِيحِ:** ساغلام شەكىلدىكى كۆپلۈك.

**إِجْرَاءَاتُ التَّصْحِيحِ:** تۈزىتىش تەدبىرلىرى.

**تَصْحِيحِيٌّ:** ئىمزا قويماق.

**حَرَكَةٌ تَصْحِيحِيَّةٌ:** ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى.

**ثَوْرَةٌ تَصْحِيحِيَّةٌ:** ئۆزگەرتىش ئىنقىلابى.

**تَصْحِيفٌ ج تَصْحِيفَاتٌ:** مەتبەئەدە ھەرىپ خاتالىقىنى سادىر قىلىش؛ گېزىت قاتارلىقلارنى خاتا ئوقۇش.

**تَصْحِيفٌ فِي الطِّبَاعَةِ:** باسما خاتالىقى.

**وَرَقُ التَّصْحِيفِ:** ماتىرىيالنى ئىلىش قەغىزى.

**تَصَخَّرَ يَتَصَخَّرُ تَصَخُّرًا ـ تِ الْمَادَّةُ:** تاشقا ئايلاندى.

**تَصَدَّرَ يَتَصَدَّرُ تَصَدُّرًا:** قارشى تۇردى، توسقۇنلۇق قىلدى، ئېتىراز بىلدۈردى.

**تَصَدَّرَ الشَّخْصُ:** تۆردە ئولتۇردى.

**تَصَدَّرَ الْمَجْلِسَ:** يىغىننى باشقۇردى، رىياسەتچىلىك قىلدى.

**تَصَدَّرَ الْحَفْلَةَ:** سورۇن تۆرىدە ئولتۇردى.

**«تَصَدَّرَتِ الْعَرُوسُ حَفْلَ الزِّفَافِ:»** قىز توي مۇراسىمىنىڭ تۆرىدە ئولتۇردى.

**تَصَدَّرَ الْوَزِيرُ الْإِجْتِمَاعَ:** مىنىستىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

**تَصَدَّعَ يَتَصَدَّعُ تَصَدُّعًا:** يېرىلدى، دەز كەتتى.

**تَصَدَّعَ الْجِدَارُ:** تام يېرىلدى، دەز كەتتى.

**تَصَدَّعَ الصَّبَاحُ:** تاڭ يورىدى.

**تَصَدَّعَتِ الْقُوَى الْحِزْبِيَّةُ:** پارتىيىنىڭ كۈچى بۆلۈنۈپ كەتتى.

**مَنْظَرٌ يَتَصَدَّعُ لَهُ الْقُلُوبُ:** كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان كۆرۈنۈش، دىللارنى ئېزىدىغان كۆرۈنۈش.

**تَصَدَّعَ الْقَوْمُ:** بۆلۈندى، پارچىلاندى.

**تَصَدَّفَ يَتَصَدَّفُ تَصَدُّفًا:** قاچتى، ئۆزىنى قاچۇردى، باش تارتتى.

**تَصَدَّقَ يَتَصَدَّقُ تَصَدُّقًا:** سەدىقە بەردى.

**تَصَدَّقَ عَلَيْهِ بِكِسَاءٍ:** كىيىمنى سەدىقە قىلدى.

**«فَأَوْفِ لَنَا الْكَيْلَ وَتَصَدَّقْ عَلَيْنَا» ‹قرآن›:** بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن.

**تَصَدَّقَ عَلَى الْفَقِيرِ بِكَذَا:** پېقىرغا سەدىقە بەردى.

**تَصَدَّى يَتَصَدَّى تَصَدِّيًا لَهُ:** ئارىلاشتى ، مۇداخىلە قىلدى؛ قارشى تۇردى، توسقۇنلۇق قىلدى، قارشىلاشتى.

**تَصَدَّى لِلْأَمْرِ:** دىققىتىنى يىغدى، بېرىلىپ ئىشلىدى.

**تَصَدَّى لَهُ:** ئارىلاشتى، مۇداخىلە قىلدى، قارشى تۇردى؛ توغرىلاندى، يۈزلەندى.

**«أَمَّا مَنِ اسْتَغْنَى فَأَنْتَ لَهُ تَصَدَّى» ‹قرآن›:** ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن.

**«تَصَدَّى الْغَزَّالِيُّ لِلرَّدِّ عَلَى الْأَفْكَارِ الْفَلْسَفِيَّةِ»:** غەززالى پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە زەربە بېرىشكە يۈزلەندى.

**تَصَدٍّ ‹اَلتَّصَدِّي›:** قارشىلىشىش.

**جَبْهَةُ الصُّمُودِ وَالتَّصَدِّي:** قارشىلىشىش سېپى (ئىسرائىلىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىگە قارىتا قويۇلغان مەخسۇس ئىسىم).

**تَصْدِيَةٌ:** چاۋاك چالماق.

**«وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمْ عِنْدَ الْبَيْتِ إِلَّا مُكَاءً وَتَصْدِيَةً» ‹قرآن›:** ئۇلارنىڭ مەسجىتى ھەرەم يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى.

**تَصْدِيرٌ:** ئېكىسپورت قىلماق، سىرتقا چىقارماق؛ باشلىماق، تۈتۈش قىلماق؛ مۇقەددىمە، سۆز بېشى، كىرىش سۆز.

www.uyghurkitap.com

**تَصْدِيرِيٌّ:** ئېكسپورتقا ئائىت.

**صِنَاعَاتٌ تَصْدِيرِيَّةٌ:** ئېكسپورت سانائىتى.

**تَصْدِيعٌ:** قاتتىق باش ئاغرىماق.

**تَصْدِيقٌ:** ئىشەنمەك، تەستىقلىماق؛ ئىشەنچ قىلماق، ئېتىقاد قىلماق، تونۇماق.

**سُرْعَةُ التَّصْدِيقِ:** ئاسان ئىشەنمەك.

**اَلتَّصْدِيقُ عَلَى نَتِيْجَةِ الْإِنْتِخَابَاتِ:** سايلام نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلماق.

**«كَلَامُكَ غَيْرُ قَابِلٍ لِلتَّصْدِيقِ:»** سېنىڭ سۆزۈڭ ئىشەنچسىز.

**تَصْدِيقُ رَئِيْسِ الْبَلَدِيَّةِ عَلَى صِحَّةِ الْإِمْضَاءِ:** قول قويغاننىڭ راستلىقىغا شەھەر باشلىقىنىڭ ئىسپاتى.

**سَرِيعُ التَّصْدِيقِ:** ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغان.

**فُلَانٌ سَرِيعُ التَّصْدِيقِ:** پالانى ئاسان ئىشىنىپ كەتكۈچى.

**تَصَرَّحَ يَتَصَرَّحُ تَصَرُّحًا:** تىندى، سۈزۈلدى؛ تىندۇردى.

**تَصَرَّفَ يَتَصَرَّفُ تَصَرُّفًا:** ئورۇنلاشتۇردى، جايلاشتۇردى، بىر تەرەپ قىلدى.

**تَصَرَّفَ فِي الْأَمْرِ:** بىر تەرەپ قىلدى، باشقۇردى.

**تَصَرَّفَتِ الْكَلِمَةُ:** سۆز تۈرلەندى.

**تَصَرَّفَ الشَّخْصُ:** ھەرىكەت قىلدى، مۇئەييەن يۈرۈش - تۇرۇشتا بولدى.

**تَصَرَّفَتِ الْمِيَاهُ:** سۇلار مۇئەييەن ئېقىندا ئاقتى.

**«تَصَرَّفَتْ بِهِ الْأَحْوَالُ مِنْ عُسْرٍ إِلَى يُسْرٍ»:** قىيىن شارائىت ئوڭۇشلۇق شارائىتقا ئۆزگەردى.

**«تَصَرَّفَ الشَّيْخُ تَصَرُّفَ الصِّبْيَانِ»:** بوۋاي كىچىك بالىلارنىڭ قىلىقىنى قىلدى.

**تَصَرَّفَتْ فِي إِدَارَةِ الشَّرِكَةِ:** شىركەتنى باشقۇردى.

**تَصَرُّفٌ:** ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق، نىرى - بېرى قىلماق، ھەل قىلماق، بىر تەرەپ قىلماق.

**تَصَرُّفٌ ج تَصَرُّفَاتٌ:** يۈرۈش - تۇرۇش؛ ئەخلاق؛ ھەرىكەت، ئىش.

**مُطْلَقُ التَّصَرُّفِ:** تولۇق ھوقۇقلۇق.

**تَحْتَ تَصَرُّفِهِ:** ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا.

**تَحْتَ تَصَرُّفِ الْوَزِيرِ:** مىنىستىرگە تەۋە.

**تَحْتَ تَصَرُّفِ الْإِسْتِعْمَارِ:** مۇستەملىكە ئاستىدا، جاھانگىرلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا.

**تَصَرُّفُ النَّهْرِ:** دەريا يار ئېلىپ كېتىش.

**بِتَصَرُّفٍ:** ئەركىن، ئىختىيار، مۇستەقىل، خالىغانچە.

**تَصَرُّفُ الشَّبَابِ:** ياشلىقتىكى يۈرۈش - تۇرۇش.

**اَلتَّصَرُّفُ فِي شُئُونِ الشَّرِكَةِ:** شىركەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

**وَضَعَ شَيْئًا تَحْتَ تَصَرُّفِهِ:** ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قويدى، مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى.

**اَلتَّصَرُّفُ فِي الضَّيْعَةِ «فِي الْقَانُونِ»:** تېرىلغۇ يەر ياكى تۇرالغۇ مۈلۈك باشقۇرۇش.

**نَقَلَ الْكَلَامَ بِتَصَرُّفٍ:** سۆزنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلدى.

**تَصَرُّفَاتُ الزَّمَانِ:** زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى ۋە مۇسىبەتلىرى.

**تَصْرِيحٌ ج تَصْرِيحَاتٌ و تَصَارِيحُ:** بايانات، خىتابنامە؛ رۇخسەتنامە، ئىجازەتنامە؛ باياناتنامە؛ رۇخسەت قىلماق، ئىجازەت قىلماق.

**أَدْلَى بِالتَّصْرِيحِ:** باياناتنى ئېلان قىلدى.

**تَصْرِيحٌ بِالْمُرُورِ:** قاتناش ئىجازەتنامىسى.

**«تَصْرِيحُ الزَّعِيمِ السِّيَاسِيِّ بِمَوْقِفِ حِزْبِهِ:»** سىياسى داھىينىڭ پارتىيىسىنىڭ مەيدانى توغرىسىدىكى باياناتى.

**اَلتَّصْرِيحُ الدَّوْلِيُّ لِحُقُوقِ الْإِنْسَانِ:** خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى.

**تَصْرِيفٌ ج تَصَارِيفُ:** يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش.

**تَصْرِيفُ الْكَلِمَةِ:** سۆز تۈرلەش، سىغىلىرىنى چىقىرىش.

**تَحْتَ التَّصْرِيفِ:** ۋاكالىتەن ساتماق.

**تَصْرِيفُ الْفِعْلِ:** پېئىلنىڭ تۈرلىنىشى.

**تَصْرِيفُ الْبَضَائِعِ:** مال ساتماق.

**تَصْرِيفُ الدَّهْرِ:** زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى.

**تَصْرِيفُ الْمِيَاهِ:** سۇنى چىقىرىۋېتىمەك، سۇ قويماق.

**تَصْرِيفُ الْوَرَمِ:** ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئىششىقنى تۈگىتىش، ئىششىقنى قايتۇرۇش.

**عِلْمُ التَّصْرِيفِ:** مورفولوگىيە.

**تَصَارِيفُ الدَّهْرِ:** زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى ۋە مۇسىبەتلىرى.

**تَصَارِيفُ الْمُفَاوَضَاتِ:** سۆھبەت بۇرۇلۇشى.

**تَصَرَّمَ يَتَصَرَّمُ تَصَرُّمًا:** ئۈزۈلدى، تۈگىدى، ئاياغلاشتى.

**تَصَرَّمَ الْوَقْتُ:** ۋاقىت ئۆتتى.

**تَصَعَّبَ يَتَصَعَّبُ تَصَعُّبًا الْأَمْرُ:** قىيىنلاشتى، تەسلەشتى.

**تَصَعَّبَ الْأَمْرَ:** ئىشنى قىيىن ھېسابلىدى.

**تَصَعَّبَ مَعَهُ:** تەڭلىكتە قويدى، قىيىنچىلىققا سالدى.

**تَصَعَّبَ وُجُودُ الْعَمَلِ الْيَوْمَ:** بۈگۈن خىزمەت تېپىش قىيىنلىشىپ كەتتى.

**«تَصَعَّبَ الطَّالِبُ الْمُشْكِلَةَ الرِّيَاضِيَّةَ»:** ئوقۇغۇچى تەنھەرىكەتنى مۇشكۇل كۆردى.

**تَصَعَّدَ يَتَصَعَّدُ تَصَعُّدًا:** ئۆرلىدى، يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ پارغا ئايلاندى.

**تَصَعَّدَ النَّفَسُ:** نەپەس ئېلىش قىيىنلاشتى.

**تَصَعَّدَ السَّائِلُ:** سۇيۇقلۇق پارغا ئايلاندى.

**تَصَعَّدَ الْجَبَلَ:** تاغقا ياماشتى، ئۆرلىدى.

**تَصَعَّدَتْ أَنْفَاسُ الْمُحْتَضَرِ:** سەكراتتىكى ئادەمنىڭ نەپىسى قىيىنلاشتى.

**«يَتَصَعَّدُ الْمَاءُ فِي الدَّرَجَةِ الْمِائَةِ»:** سۇ يۈز گىرادۇستا پارغا ئايلىنىدۇ.

**تَصَعَّدَ الْمُتَسَلِّقُ قِمَّةَ الْجَبَلِ:** تاغقا چىققۇچى تەنھەرىكەتچىسى تاغ چوققىسىغا چىقتى.

**تَصَعَّرَ يَتَصَعَّرُ تَصَعُّرًا:** ھاكاۋۇرلۇق بىلەن چىرايىنى تۈردى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

**تَصَعْلَكَ يَتَصَعْلَكُ تَصَعْلُكًا الشَّخْصُ:** يوقسۇل بولۇپ قالدى، نامرات بولۇپ قالدى، نامراتلىشىپ كەتتى.

**تَصَغَّرَ يَتَصَغَّرُ تَصَغُّرًا:** كىچىكلىدى، قورۇلدى.

**تَصْغِيرٌ:** ئەركىلەتمە ئىسىمغا ئايلاندۇرماق، كىچىكلەتمەك؛ ئازايتماق، كىچىكلىتىش ۋە مېھرىبانلىقنى ياكى يېقىنلىقنى بىلدۈرۈش (بىر ئىسىمنىڭ مۇئەييەن بىر ئىسىمغا ئۆزگەرتىشكە قارىتىلىدۇ).

**اِسْمُ التَّصْغِيرِ (فِي الصَّرْفِ):** ئەركىلەتمە ئىسىم، كىچىكلەتمە ئىسىم (گىراماتىكىدا).

**تَصْغِيرُ التِّمْثَالِ:** ھەيكەلنى كىچىكلەتمەك.

**تَصْغِيرُ الصُّورَةِ الشَّمْسِيَّةِ:** فوتو سۈرەتنى كىچىكلەتمەك.

**تَصَفَّحَ يَتَصَفَّحُ تَصَفُّحًا الشَّيْءَ:** دىققەت بىلەن قارىدى، ئىنچىكىلىك بىلەن قارىدى، تىكىلىپ قارىدى، ئوقۇدى.

**تَصَفَّحَ الْكِتَابَ:** كىتاب ئوقۇدى، ۋاراقلاپ ئوقۇدى.

**تَصَفَّحَ وَجْهَهُ:** يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى.

**هُوَ يَتَصَفَّحُ الْقَضِيَّةَ:** ئۇ مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايقىماقتا.

**تَصَفَّى يَتَصَفَّى تَصَفِّيًا:** تىنىدى، سۈزۈلدى، ساپ بولدى.

**تَصْفُوِيٌّ:** تازىلىماق، پاكىزلىماق، ئادالىماق.

**حَلٌّ تَصْفُوِيٌّ:** تولۇق ھەل قىلماق (سىياسىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان دەتالاشنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا قارىتىلىدۇ).

**تَصْفِيَةٌ ج تَصْفِيَاتٌ:** تىندۇرماق، سۈزۈلدۈرمەك؛ ئايرىماق، ئىلغىماق، تازىلىماق.

**تَصْفِيَةُ الْأَشْغَالِ:** تارقىتىۋەتمەك؛ ئېنىقلىماق؛ كارخانىنى تارقىتىۋەتمەك.

**عَرَبَةُ تَصْفِيَةٍ:** يۈك ۋاگونى، يۈك ئاپتوموبىلى.

**مَأْمُورُ التَّصْفِيَةِ:** (مال ـ مۈلۈكنى ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن) ساقلىغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى.

**تَصْفِيَةُ الْمِيَاهِ:** سۇنى سۈزۈلدۈرمەك.

**تَصْفِيَةُ الْحُبُوبِ:** ئاشلىقنى چەكلىمەك.

**«تَصْفِيَةُ الْخِلَافَاتِ بَيْنَ الْأَشِقَّاءِ»:** قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگەتمەك.

**تَصْفِيَةُ الْحِسَابَاتِ:** ھېساباتنى ئېنىقلىماق.

**تَصْفِيَةُ الدُّيُونِ:** قەرزنى ئېنىقلىماق.

uyghurkitap.com

**اَلتَّصْفِيَةُ الْقَضَائِيَّةُ «فِي القَانُونِ»** : بىرەر سودىگەر ياكى شىركەتنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن مال-مۈلكىنى ساتقۇزۇش تەدبىرى.

**إِمْتِحَانُ التَّصْفِيَةِ**: تاللاش ئىمتىھانى.

**تَصْفِيَةٌ جَسَدِيَّةٌ**: جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىش.

**تَصْفِيَةُ الْقَوَاعِدِ الْعَسْكَرِيَّةِ**: ھەربىي بازىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

**تَصْفِيَةُ كَأْسِ الْعَالَمِ فِي كُرَةِ الْقَدَمِ**: خەلقئارا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش.

**تَصْفِيرٌ**: ئىسقىرتماق، ئۇشتەك چالماق.

**تَصْفِيقٌ**: چاۋاك چالماق.

**اَلتَّصْفِيقُ الْحَارُّ**: گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتماق، قىزغىن چاۋاك چالماق.

**تَصَقَّرَ يَتَصَقَّرُ تَصَقُّرًا الشَّخْصُ**: قارچۇغا بىلەن ئوۋ ئوۋلىدى.

**تَصْقِيعٌ**: مۇزلاپ قالماق، توڭلاپ قالماق.

**تَصْقِيعُ الْمَشْرُوبَاتِ فِي الصَّيْفِ**: يازدا ئىچىملىكلەرنى مۇزلىتىش.

**صُنْدُوقُ التَّصْقِيعِ فِي الثَّلاَّجَةِ**: توڭلاتقۇدىكى توڭلىتىش ساندۇقى.

**تَصَلْصَلَ يَتَصَلْصَلُ تَصَلْصُلاً**: تاراقشىدى، تاراقلىدى.

**تَصَلَّبَ يَتَصَلَّبُ تَصَلُّبًا**: قاتتى، چىڭىدى.

**تَصَلَّبَ فِي الْكِفَاحِ**: كۈرەشتە تاۋلىنىپ چىڭىدى، قاتتىق سۆڭەك بولدى.

**تَصَلَّبَ عُوْدُ الشَّجَرَةِ**: دەرەخنىڭ ياغىچى قاتتىق بولدى.

**تَصَلَّبَ الشَّخْصُ فِي الرَّأْيِ**: پىكرىدە چىڭ تۇردى.

**تَصَلَّبَ فِي مَوْقِفِهِ السِّيَاسِيِّ**: سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇردى.

**تَصَلُّبٌ**: قاتماق، قېتىپ كەتمەك.

**تَصَلُّبُ الثَّلْجِ**: قارنىڭ قېتىپ قېلىشى.

**تَصَلُّبُ الْمَعْدَنِ السَّائِلِ**: سۇيۇق مەدەننىڭ ئۇيۇپ قېلىشى.

**تَصَلُّبٌ فِي الرَّأْيِ وَالْمَوْقِفِ**: پىكىر ۋە مەيداندا چىڭ تۇرماق.

**تَصَلُّبُ الشَّرَايِينِ**: ئارتېرىيە قېتىش كېسىلى، قان تومۇر قېتىش كېسەللىكى.

**تَصَلَّحَ يَتَصَلَّحُ تَصَلُّحًا**: ياخشىلاندى، ئىسلاھ قىلىندى، تۈزىتىلدى.

**تَصَلَّقَ يَتَصَلَّقُ تَصَلُّقًا**: پو ئاتتى، لاپ ئۇردى، ئۆزىنى داڭلىدى، ماختاندى، كۆپتۈردى، چوڭ گەپ قىلدى.

**تَصَلَّى يَتَصَلَّى تَصَلِّيًا بِنَارِ الْإِضْطِهَادِ**: قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

**تَصَلَّى النَّارَ**: ئوت سۇندى، ئوتقا قاقلاندى.

**تَصْلِيحٌ**: ئىسلاھ قىلماق، رېمونت قىلماق، ئوڭشىماق، ياخشىلىماق، تۈزەتمەك، ئوڭلىماق.

**تَصْلِيحُ الْبَيْتِ**: ئۆينى تۈزەشتۈرمەك.

**تَصْلِيحُ الْقَنَوَاتِ**: قانالالارنى ئوڭشىماق.

**تَصْلِيحُ الْإِمْتِحَانِ**: ئىمتىھاننى ئىسلاھ قىلماق.

**تَصْلِيحُ الْأَرْضِ**: تۇپراقنى ياخشىلىماق.

**تَصْلِيحَاتٌ كُلِّيَّةٌ**: چوڭ رېمونتچىلىق، چوڭ ئىسلاھات، چوڭ رېمونت قىلماق، ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەش.

**تَصْمِيغٌ**: يېلىم سۈرمەك (بەزى توقۇلمىلارنى پۇختىلاش ئۈچۈن يېلىملىماق).

**تَصْمِيغُ الْكَتَّانِ**: زىغىر پاختىلىدىن توقۇلغان رەختكە يېلىم سۈرمەك.

**تَصْمِيمٌ ج تَصْمِيمَاتٌ وَتَصَامِيمُ**: پىلان.

**«هَذَا الْجِسْرُ مِنْ تَصْمِيمِ الْمُهَنْدِسِ الْفُلاَنِيِّ»**: بۇ كۆۋرۈك پالانى ئىنژېنېرنىڭ لايىھىسىدە سېلىنغان.

**تَصْمِيمٌ**: پىلانلىماق، لايىھىلىمەك، قارار قىلماق.

**تَصَنَّعَ يَتَصَنَّعُ تَصَنُّعًا**: دورىدى، تەقلىد قىلدى، سۈنئىي تۇس بەردى، بېزىدى، ياساندى.

**تَصَنَّعَ الْعَطْفَ عَلَيْهِ**: ئۇنىڭغا يالغان مېھرىبانلىق قىلدى.

**تَصَنَّعَ فِي لِبَاسِهِ**: كىيىم-كېچەكتە ياسالمىلىق قىلدى.

**تَصَنَّعَ الْجُنُونَ**: ساراڭنى دورىدى، ساراڭدەك بولۇۋالدى، ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدى.

**تَصَنَّعَ الْإِبْتِسَامَةَ**: ساختا كۈلدى.

**تَصَنَّعَتِ الْبِلَادُ:** مەملىكەت سانائەتلەشتى.

**تَصَنَّعَ الْإِقْلِيمُ الْجَنُوبِيُّ:** جەنۇبىي رايون سانائەتلەشتى.

**تَصَنَّعَ الشَّخْصُ:** ياسالمىلىق قىلىپ ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى بار قىلىپ كۆرسەتتى.

**تَصَنَّعَ الْكَرَمَ:** مەرد بولۇۋالدى، سېخى بولۇۋالدى.

**تَصَنَّعَ فِي كَلَامِهِ:** چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىدى.

**تَصَنَّعَ الْخَطِيبُ:** ناتىق ئۇستىلىق بىلەن سۆزلىدى.

**تَصَنُّعٌ:** دورىماق، تەقلىد قىلماق؛ ياسالما ھەرىكەت قىلماق، ياسالمىلىق قىلماق، ساختا قىياپەتكە كىرىۋالماق.

**بِلَا تَصَنُّعٍ:** ھېچقانداق ياسالمىلىق قىلماستىن.

**تَصَنُّعِيٌّ:** سۈنئىي، ياسالما، ساختا.

**تَصْنِيعٌ:** سانائەتلەشتۈرمەك.

**تَصْنِيعُ أَقَالِيمِ الشِّمَالِ:** شىمالىي رايونلارنى سانائەتلەشتۈرمەك.

**تَصْنِيعُ الْبِلَادِ النَّامِيَةِ:** تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى سانائەتلەشتۈرۈش.

**تَقُومُ مِصْرُ الْآنَ بِتَصْنِيعِ الْأَسْلِحَةِ الثَّقِيلَةِ:** مىسىر ھازىر ئېغىر تىپتىكى قوراللارنى ياسىماقتا.

**تَصْنِيفٌ:** تۈرگە بۆلمەك، تۈرگە ئايرىماق؛ ئىجاد قىلماق، يازماق؛ تۈزمەك.

**تَصْنِيفُ الْعُلُومِ:** ئىلىملارنى تۈرلەرگە ئايرىماق.

**تَصْنِيفٌ ج تَصَانِيفُ و تَصْنِيفَاتٌ:** ئەسەر، يېزىپ قالدۇرۇلغان كىتاب.

**اَلتَّصَانِيفُ الْعِلْمِيَّةُ فِي الْقُرُونِ الْوُسْطَى:** ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىلمىي ئەسەرلەر.

**تَصْنِيفَةٌ ج تَصْنِيفَاتٌ:** تۈر، خىل.

**تَصَوَّبَ يَتَصَوَّبُ تَصَوُّبًا:** چۈشتى، تۆۋەنلىدى.

**«تَصَوَّبَ الْمَاءُ مِنَ الْجَبَلِ»:** سۇ تاغدىن چۈشتى.

**تَصَوَّرَ يَتَصَوَّرُ تَصَوُّرًا الشَّيْءَ:** تەسەۋۋۇر قىلدى، پەرەز قىلدى، كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**تَصَوَّرَ لَهُ الشَّيْءُ:** خىيالىغا كەلدى.

**تَصَوَّرَ الْحَادِثَ:** ۋەقەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**تَصَوَّرَ مَرَاحِلَ الْمَشْرُوعِ:** پىلاننىڭ باسقۇچلىرىنى پەرەز قىلدى.

**أَمْرٌ لَا يَتَصَوَّرُهُ الْعَقْلُ:** تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش، ئەقىل يەتمەيدىغان ئىش.

**تَصَوُّرٌ:** تەسەۋۋۇر قىلماق، قىياس قىلماق، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك، خىيال قىلماق.

**تَصَوُّرٌ ج تَصَوُّرَاتٌ:** تەسەۋۋۇر.

**شَيْءٌ لَا يُمْكِنُ تَصَوُّرُهُ:** تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە.

**تَصَوُّرِيٌّ:** غايىۋى، خىيالىي.

**تَصَوُّرِيَّةٌ (فِي الْفَلْسَفَةِ):** سەزگۈلى بولمايدىغان ھەقىقەتلەر، ھەقىقەت پەقەت كۆڭۈلدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدىغان بىر خىل پەلسەپىۋى مەزھەپ.

**تَصَوَّفَ يَتَصَوَّفُ تَصَوُّفًا الشَّخْصُ:** سوپى بولدى، سوپىزم يولىغا ماڭدى، تەسەۋۋۇپنى قوبۇل قىلدى.

**تَصَوُّفٌ:** سوپى بولماق، سوپىزم يولىغا ماڭماق، تەرىقەتكە كىرمەك، تەسەۋۋۇپ.

**عِلْمُ التَّصَوُّفِ:** تەسەۋۋۇپ ئىلمى، سوپىزم.

**تَصَوَّنَ يَتَصَوَّنُ تَصَوُّنًا الشَّخْصُ مِنَ الْمَعَايِبِ:** ئۆزىنى نۇقسانلاردىن ساقلىدى.

**«تَصَوَّنَتِ الْفَتَاةُ الْعَفِيفَةُ»:** ئىپپەتلىك قىز ئۆزىنى پاك ساقلىدى.

**تَصَوَّنَ الشَّيْءَ:** ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

**تَصَوَّنَ عُقُودَ أَخِيهِ:** قېرىندىشىنىڭ توختاملىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى.

**تَصْوِيبٌ ج تَصْوِيبَاتٌ:** خاتانى توغرىلىماق.

**تَصْوِيبُ لَحْنِ التَّلَامِيذِ:** ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇز خاتالىقىنى تۈزىتىش.

**تَصْوِيبُ الْأَخْطَاءِ الْمَطْبَعِيَّةِ:** مەتبەئە خاتالىقىنى تۈزىتىش.

**تَصْوِيتٌ:** ۋارقىرىماق، توۋلىماق، سورەن سالماق؛ ئاۋاز بەرمەك.

**اَلتَّصْوِيتُ عَلَى انْتِخَابِ الرَّئِيسِ:** رەئىس سايلاشقا ئاۋاز بەرمەك.

uyghurkitap.com

**لَهُ حَقُّ التَّصْوِيْتِ:** ئۇ، ئاۋاز بېرىش هوقۇقىغا ئىگە.

**إِمْتَنَعَ عَنِ التَّصْوِيتِ:** ئاۋاز بېرىشتىن ۋاز كەچتى.

**تَصْوِيتُ الْإِنْتِخَابِ:** سايلامغا ئاۋاز بەرمەك، سايلام بېلىتى تاشلىماق.

**تَصْوِيرٌ ج تَصَاوِيرُ:** رەسىم سىزماق، سۈرەتلىمەك، تەسۋىرلىمەك؛ رەسىم، هەيكەل، سۈرەت.

**اَلتَّصْوِيرُ الشَّمْسِيُّ:** فوتو سۈرەت.

**آلَةُ التَّصْوِيْرِ الشَّمْسِيِّ:** فوتو ئاپپارات.

**آلَةُ التَّصْوِيْرِ السِّيْنَمَاءِ الْفُوتُوغْرَافِيِّ:** كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى، سىنئالغۇ.

**تَصْوِيْرُ لَوْحَةٍ زَيْتِيَّةٍ:** ماي بوياق رەسىم.

**اَلتَّصْوِيْرُ الْأَشِعَّاعِيُّ:** رېنتىگىن ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارنى رەسىمگە تارتىش.

**تَصْوِيرَةٌ ج تَصْوِيرَاتٌ و تَصَاوِيْرُ:** كارتىنا، سىزما رەسىم، سۈرەت.

**تَصَيَّدَ يَتَصَيَّدُ تَصَيُّدًا:** ئوۋ قىلدى، ئوۋ ئوۋلىدى، هىيلە بىلەن تۇتىۋالدى، ئوۋغا چىقتى.

**تَصَيَّدَ الثَّعْلَبَ:** تۈلكىنى ئوۋلىدى.

**تَصَيَّدَ الْفُرْصَةَ:** پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى.

**تَصَيَّدَ أَخْطَاءَهُ:** خاتالىقىنى سۈرۈشتۈردى ۋە مۇبالىغىلەشتۈردى.

**تَصَيَّفَ يَتَصَيَّفُ تَصَيُّفًا بِالْمَكَانِ:** مەلۇم جايدا يازنى ئۆتكۈزدى، يازلىدى.

**تَصَيُّفٌ:** يازلىماق، يازنى ئۆتكۈزمەك، سالقىنلىماق.

**تَضَاءَلَ يَتَضَاءَلُ تَضَاؤُلاً:** كېمەيتتى، قىسقارتتى؛ كېمەيدى، قىسقاردى، ئازلاپ كەتتى، كىچىكلەپ كەتتى، تۈگۈلدى، قورۇلۇپ قالدى.

**«تَضَاءَلَ عَدَدُ الطُّلَّابِ فِي الْمَدَارِسِ الْأَهْلِيَّةِ» :** يەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتتى.

**«يَتَعَالَى عَلَى مَرْؤُوسِيهِ كَأَنَّهُ السَّيِّدُ الْعَظِيْمُ وَيَتَضَاءَلُ لِرَئِيْسِهِ كَأَنَّهُ الْعَبْدُ الذَّلِيْلُ» :** قول ئاستىدىكىلەرگە خۇددى چوڭ باشلىقتەك چوڭچىلىق قىلىدۇ، باشلىقىنىڭ ئالدىدا خۇددى خار قۇلدەك تۈگۈلۈپ كېتىدۇ.

**تَضَاءَلَ نُفُوذُهُ:** ئۇنىڭ نوپۇزى ئاجىزلاشتى، پەسەيدى؛ تەسىرى كىچىكلەپ كەتتى، نوپۇزى كىچىكلەپ كەتتى.

**تَضَاءَلَ الشَّيْءُ:** قورۇلۇپ قالدى، تۈگۈلدى، تۈگۈلىۋالدى.

**تَضَاؤُلٌ:** ۋىجىك، جىۋەك، ئاجىز.

**تَضَاحَكَ يَتَضَاحَكُ تَضَاحُكًا:** كۈلۈشتى، كۈلگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَضَادَّ يَتَضَادُّ تَضَادًّا الْأَمْرَانِ:** بىر - بىرى بىلەن قارشىلاشتى، بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشتى.

**تَضَادٌّ:** قارشىلاشماق، زىتلەشمەك، قارشى تۇرماق، ئاقابىل تۇرماق.

**«تَقَارَنَ بَعْضُ الْأُمُورِ أَوِ الْأَشْيَاءِ بِالتَّضَادِّ كَالسَّوَادِ و الْبَيَاضِ و الْمَوْتِ والْحَيَاةِ وَ الَّيْلِ و النَّهَارِ» :** بەزى ئىش ياكى بەزى شەيئىلەردە قارا بىلەن ئاق، ئۆلۈم بىلەن هايات ۋە كېچە بىلەن كۈندۈز قاتارلىقلارغائوخشاش قارىمۇ قارشى تەرەپلەر سېلىشتۇرۇلىدۇ.

**تَضَادٌّ «فِي عِلْمِ اللُّغَةِ» :** بىر سۆزنىڭ قارىمۇ قارشى ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرۈشى (مەسىلەن، «مَوْلَى» دېگەن سۆز خوجايىن دېگەن مەنىنىمۇ، قۇل دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ).

**تَضَارَبَ يَتَضَارَبُ تَضَارُبًا الشَّخْصَانِ:** ئۇرۇشتى، سوقۇشتى، ئېلىشتى، مۇشتلاشتى، ياقا سىقىشتى.

**«تَضَارَبَتْ بَيْنَ جَوَانِحِهِ مَشَاعِرُ الْأَسَفِ وَ الْحَيْرَةِ وَ الْقَلَقِ» :** ئەپسۇسلىنىش ۋە تېڭىرقاش ۋە ئارامسىزلىق تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئورىۋالدى.

**تَضَارَبَتِ الْأَرَاءُ:** پىكىرلەر خىلمۇ خىل بولدى، پىكىرلەر بىر يەردىن چىقمىدى.

**تَضَارُبٌ:** زىت، زىت كەلمەك؛ ئۇرۇلماق، سوقۇلماق؛ زەربە بەرمەك؛ تېگىپ كەتمەك؛ توقۇنۇش، قارشىلىق، زىددىيەت.

**تَضَارِيسُ اَلْوَاحِدَةُ تَضْرِيسٌ:** يەريۈزىدىكى ئېگىز - پەس جايلار، دۆڭ، تومپىيىپ چىققان، يەر، ئېگىزلىك، ئوي - دۆڭ، ئويمانلىق.

**تَضَارِيسُ الْوَجْهِ:** يۈزدىكى قورۇقلار.

**تَضَارِيسُ جُغْرَافِيَّةٌ:** يەر تۈزۈلۈشى، يەر شارائىتى.

**تَضَاعَفَ يَتَضَاعَفُ تَضَاعُفًا الْعَدَدُ:** سان ھەسسىلەپ ئاشتى، ئىككى باراۋەر ئاشتى، سان ئىككى قاتلاندى.

**«يُمْكِنُكَ أَنْ تُرْسِلَهَا كَبَرْقِيَّةٍ مُسْتَعْجَلَةٍ وَ لَكِنَّ أُجْرَتَهَا تَتَضَاعَفُ»:** سەن تېز سۈرئەتلىك تېلېگرام يوللىساڭ بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسسىلەپ ئىش ھەققى تۆلىنىدۇ.

**«تَضَاعَفَ عَدَدُ الْمُتَعَلِّمِيْنَ مِنَ الْكِبَارِ بَعْدَ الْبَدْءِ بِحَمْلَةِ مُكَافَحَةِ الْأُمِّيَّةِ»:** ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن چوڭلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى.

**«خَشِيَ أَنْ يَضِيعَ الْبَيْتُ فِيتَضَاعِيْفِالْقَصِيْدَةِ»:** بېيتنىڭ قەسىدە قۇرلىرى ئارىسىدا يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى.

**تَضَاغَطَ يَتَضَاغَطُ تَضَاغُطًا:** قىستاشتى.

**تَضَاغَنَ يَتَضَاغَنُ تَضَاغُنًا:** ئاداۋەت ساقلاشتى، ئۆچەكەشتى، ئۆچمەنلىك قىلىشتى.

**تَضَافَرَ يَتَضَافَرُ تَضَافُرًا الْقَوْمُ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا قارشى ياردەملەشتى، ھەمكارلاشتى.

**«تَضَافَرَتْ عَوَامِلُ عِدَّةٌ عَلَى سُقُوطِ الْخِلاَفَةِ و فِي مُقَدِّمَتِهَا الْفَسَادُ»:** خەلىپىلىكنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ بىرقانچە ئامىلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى چىرىكلىكتۇر.

**«لاَبُدَّ مِنْ تَضَافُرِ الْجُهُودِ لِإِنْجَازِ مِثْلِ هَذَا الْمَشْرُوعِ الْعَظِيْمِ»:** مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئىشلىتىش كېرەك.

**تَضَامَّ يَتَضَامُّ تَضَامًّا الْقَوْمُ:** توپلاشتى، قوشۇلۇشتى، جەم بولۇشتى، بىرلەشتى، يىغىلدى.

**تَضَامَّ عَلَى كَذَا:** ئۆز ئىچىگە ئالدى، تەركىبىدە بولدى، ئىچىدە بولدى.

**تَضَامَّ مَعَهُ:** بىللە قاتناشتى.

**«لاَنَسْتَطِيعُ بُلُوغَ أَهْدَافِنَاإِلاَّ بِالتَّضَامِّ»:** پەقەت بىرلىشىش ئارقىلىقلا كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

**تَضَامَنَ يَتَضَامَنُ تَضَامُنًا:** كاپالەتلىك قىلىشتى، ھۆددە قىلىشتى، بىرلىككە كېلىشتى.

**تَضَامُنٌ:** ھەمكارلىق، بىرلىك، بىرلەشمەك، ئورتاق مەسئۇل بولۇش.

**بِتَضَامُنٍ:** ھەمكارلىشىش بىلەن، ئورتاقلىشىش بىلەن.

**تَضَامُنٌ إِجْتِمَاعِيٌّ:** ئىجتىمائىي ھەمكارلىق.

**«تَنُصُّ إِتِّفَاقِيَّةُ التَّضَامُنِ الْعَرَبِيِّ عَلَى إِيْمَانِ الْحُكُومَةِ الْمُتَعَاقِدَةِ بِضَرُورَةِ التَّضَامُنِ لِلدِّفَاعِ عَنْ حُقُوقِ الْعَرَبِ»:** ئەرەب ھەمكارلىق ئىتتىپاقى كېلىشىم تۈزگەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش زۆرۈرلىكىگە ئىشىنىشنى قارار قىلىدۇ.

**«يَجِبُ أَنْ تَسُودَ رُوحُ التَّضَامُنِفِيالْمُجْتَمَعِ»:** جەمئىيەتتە بىرلىك روھى ئۈستۈنلۈك قازىنىشى كېرەك.

**«مِنَ الْحَاجَاتِ الرَّئِيْسِيَّةِ لِلْمُجْتَمَعِ الْعَرَبِيِّ تَوْثِيقُ عُرَى تَضَامُنِهِ»:** ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى ئۇنىڭ بىرلىك ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

**تَضَامُنًا مَعَهُ:** بىرلىك يۈزىسىدىن، ھەمكارلىق يۈزىسىدىن.

**«أَضْرَبَ الْعُمَّالُ تَضَامُنًا مَعَ أَقْرَانِهِمْ»:** ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ قاياشلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق يۈزىسىدىن ئىش تاشلىدى.

**بِالتَّضَامُنِ:** ئورتاق، بىرلىكتە، بىللە.

**عُرَى التَّضَامُنِ:** ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى.

**تَضَامُنِيٌّ:** بىرلىككە مەنسۇپ، ھەمكارلىققا مەنسۇپ.

**عَمَلٌ تَضَامُنِيٌّ:** بىرلىك ھەرىكىتى، ھەمكارلىشىپ ئىشلەش.

**تَضَامُنِيَّةٌ:** بىرلىك روھى.

**تَضَايُفٌ:** ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يەنە بىرىنىڭ سەۋەب بولۇشى (ئاتا ـ بالىلىققا ئوخشاش)؛ تارلىق، تارلاشماق.

**تَضَايَقَ يَتَضَايَقُ تَضَايُقًا فُلاَنٌ:** تىت ـ تىت

uyghurkitap.com



بولدى، بىئارام بولدى، ئىچى پۇشتى، ئازابلاندى، ئەنسىرىدى، خاتىرجەم بولالمىدى، تەشۋىشلەندى.

**تَضَايَقَ فِيهِ:** رايى يېنىپ كەتتى، كۆڭلى ياندى، زېرىكتى.

**تَضَايَقَ مِنْهُ:** ئۇنىڭدىن كۆڭلى ياندى، ئىچى پۇشتى.

**تَضَايَقَ الْقَوْمُ:** بىر - بىرىدىن زېرىكىشتى، قىستاشتى.

**تَضَايَقَ مَالِيًّا:** قولى قىسقا بولۇپ قالدى.

**تَضَايَقَ عَاطِفِيًّا:** ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولدى، ئىچى تىت - تىت بولدى.

**تَضَجَّرَ يَتَضَجَّرُ تَضَجُّرًا:** ئەنسىرىدى، تەشۋىش قىلدى، تىت - تىت بولدى، بىئارام بولدى، ئازابلاندى؛ زېرىكتى.

**تَضَحَّكَ يَتَضَحَّكُ تَضَحُّكًا:** كۈلدى، كۈلۈشتى.

**تَضَحَّى يَتَضَحَّى تَضَحِّيًا:** ناشتا قىلدى، ئەتىگەنلىك تاماق يېدى؛ كۈن چىققۇچە ئۇخلىدى، ناشتىغىچە ئۇخلىدى.

**تَضَحْضَحَ يَتَضَحْضَحُ تَضَحْضُحًا السَّرَابُ:** تومۇز يالتىرىدى، ۋال - ۋۇل قىلدى، جىلۋىلەندى، چاقنىدى، ياندى، كۆيدى، پىلىلدىدى، پارقىرىدى.

**تَضْحِيَةٌ ج تَضْحِيَاتٌ:** ئۆزىنى بېغىشلىماق، جان پىدا قىلماق، قۇربان بەرمەك؛ قۇربانلىق بەرمەك؛ پىداكارلىق.

**تَضْحِيَةُ الذَّاتِ:** ئۆزىنى بېغىشلىماق، ئۆزىنى قۇربان قىلماق، جان پىدا قىلماق.

**«قَدَّمَ شَعْبُ الْجَزَائِرِ تَضْحِيَاتٍ جَسِيمَةً مِنْ أَجْلِ تَحْقِيقِ اسْتِقْلَالِهِ»:** ئالجىرىيە خەلقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور قۇربانلىقلارنى بەردى.

**تَضَخَّمَ يَتَضَخَّمُ تَضَخُّمًا:** چوڭايدى، كېڭەيدى، زورايدى، يوغىنىدى؛ بايلىق كۆپەيدى.

**تَضَخَّمَتْ ثَرْوَتُهُ:** بايلىقى كۆپەيدى.

**تَضَخُّمٌ:** چوڭايماق، كېڭەيمەك، ئۆسمەك، ئاشماق، يېغىلىپ قالماق.

**«أَدَّى التَّضَخُّمُ الْجَامِحُ إِلَى الْإِنْخِفَاضِ الْمُسْتَمِرِّ فِي الْقُوَّةِ الشِّرَائِيَّةِ لِدُخُولِ السَّوَادِ الْأَعْظَمِ مِنَ النَّاسِ»:** جىددىي پۇل پاخاللىقى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**تَضَخُّمُ الْإِنْتَاجِ:** مەھسۇلاتنىڭ ئېشىپ قېلىشى، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئېھتىياجدىن كۆپلەپ ئېشىپ قېلىشى.

**تَضَخُّمٌ نَقْدِيٌّ:** پۇل پاخاللىقى.

**تَضَخُّمٌ مَالِيٌّ:** پۇلنىڭ پاخاللىنىشى.

**تَضَخُّمُ الْقَلْبِ:** يۈرەك كېڭەيمەك، يۈرەكنىڭ كېڭىيىشى.

**تَضَخُّمٌ مَرَضِيٌّ:** بەك سەمرىپ كەتمەك.

**تَضَخُّمِيٌّ:** چوڭىيىشقا مەنسۇپ، كېڭىيىشكە مەنسۇپ.

**تَضَخُّمِيَّةٌ:** پۇل پاخاللىقى.

**«تَتَعَرَّضُ إِقْتِصَادِيَّاتُ الدُّوَلِ الصِّنَاعِيَّةِ الْكُبْرَى لِمَوْجَاتٍ تَضَخُّمِيَّةٍ عَاتِيَةٍ»:** چوڭ سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى كەسكىن پۇل پاخاللىقى دولقۇنىغا دۇچ كەلمەكتە.

**تَضَرَّبَ يَتَضَرَّبُ تَضَرُّبًا الشَّيْءُ:** داۋالغۇدى، چايقالدى، تەۋرەندى، پۇلاڭلىدى، ئىرغاڭلىدى، مىدىرلىدى، ھەرىكەتلەندى.

**تَضَرَّجَ يَتَضَرَّجُ تَضَرُّجًا الْخَدُّ:** مەڭزى قىزىرىپ كەتتى.

**تَضَرَّجَ بِالدَّمِ:** قانغا مىلەندى.

**تَضَرَّجَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ياساندى.

**تَضَرَّرَ يَتَضَرَّرُ تَضَرُّرًا:** زىيانغا ئۇچرىدى، زىيان تارتتى.

**«تَتَضَرَّرُ مَصَالِحُ النَّاسِ بِسَبَبِ الْحَرْبِ»:** ئۇرۇش تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

**تَضَرَّعَ يَتَضَرَّعُ تَضَرُّعًا إِلَيْهِ وَلَهُ:** ئىتائەت قىلدى، بويسۇندى، باش ئەگدى؛ يېلىندى، يالۋۇردى.

**«فَأَخَذْنَاهُمْ بِالْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ لَعَلَّهُمْ يَتَضَرَّعُونَ»** (قرآن): ئۇلارنى ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن جازالىدۇق.

**«نَتَضَرَّعُ إِلَى اللّٰهِ أَنْ يُجَنِّبَ الْأُمَّةَ شَرَّ الْأَعْدَاءِ» :** پۈتۈن ئۈممەتنى دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاشنى ئاللاھتىن يالۋۇرۇپ تىلەيمىز.

**تَضَرَّعَ إِلَى اللّٰهِ:** ئۆتۈنۈپ سورىدى، چىن كۆڭلىدىن تەلەپ قىلدى؛ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى.

**تَضَرَّمَ يَتَضَرَّمُ تَضَرُّمًا النَّارُ:** ئوت ياندى، كۆيدى.

**تَضَرَّمَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى، ئۇنىڭدىن غەزەپلەندى.

**تَضْرِيسٌ ج تَضَارِيسُ:** يەر ئۈستىدىكى دۆڭ، تومپىيىپ چىققان يەر، ئېگىزلىك، ئوي ـ دۆڭ، ئويمانلىق.

**تَضَعْضَعَ يَتَضَعْضَعُ تَضَعْضُعًا:** ئاجىزلىدى، ماجالى قالمىدى، ھالىدىن كەتتى، ماغدۇرسىزلاندى؛ بويسۇندى، خار بولدى، ئازلىدى.

**تَضَعْضَعَ جِسْمُهُ:** ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىزلاشتى، زەئىپلەشتى.

**تَضَعْضَعَ مَالُهُ:** مېلى ئازلاپ كەتتى.

**تَضَعَّرَ يَتَضَعَّرُ تَضَعُّرًا وَجْهُهُ:** يۈزى ئورۇقلاپ كەتتى، ياداپ كەتتى.

**تَضْعِيفٌ ج تَضَاعِيفُ:** زىيادىلەتمەك، ئىككى قاتلىماق؛ ئاجىزلاشتۇرماق.

**تَضَاعِيفُ الْكِتَابِ:** كىتابنىڭ قۇرلار ئارىسىدىكى شەرھى.

**تَضَلَّعَ يَتَضَلَّعُ تَضَلُّعًا الرَّجُلُ:** توشتى، تولدى؛ تويدى، تويۇندى، قاندى.

**تَضَلَّعَ مِنَ الْعِلْمِ:** ئىلىم ئىگىلىدى، پۇختا بىلدى، تولۇق ئىگىلىدى.

**تَضْلِيلٌ:** ئازدۇرماق، ئېزىقتۇرماق، يولدىن چىقارماق، ئاداشتۇرماق، قايمۇقتۇرماق.

**«قَامَ بِعَمَلِيَّةِ تَضْلِيلٍ لِلْعَدُوِّ» :** ئۇ دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى.

**تَضَمَّخَ يَتَضَمَّخُ تَضَمُّخًا بِالطِّيبِ:** خۇش پۇراق ئىشلەتتى، خۇش پۇراق چاچتى.

**تَضَمَّدَ يَتَضَمَّدُ تَضَمُّدًا:** يۆگەلدى، ئورالدى، تېڭىلدى.

**تَضَمَّرَ يَتَضَمَّرُ تَضَمُّرًا وَجْهُهُ:** يۈزى ياداپ كەتتى، ئورۇقلاپ كەتتى.

**تَضَمَّنَ يَتَضَمَّنُ تَضَمُّنًا الْوِعَاءُ و نَحْوُهُ الشَّيْءَ:** قاچا ئۆز ئىچىگە ئالدى، تەركىبىدە بولدى، ئىچىدە بولدى، سىغدۇردى.

**«تَضَمَّنَتْ قَصَائِدُهُ عَنْ فِلَسْطِينَ إِحْسَاسَهُ الْعَمِيقَ بِمَأْسَاةِ قَوْمِهِ» :** ئۇنىڭ پەلەستىن توغرىسىدا يازغان قەسىدىلىرى خەلقىنىڭ تراگېدىيىسىگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**تَضَمَّنَتِ الْعِبَارَةُ مَعْنًى:** ئىبارەت مەنىنى بىلدۈردى.

**«يَتَضَمَّنُ جَدْوَلُ الْأَعْمَالِ عَشْرَةَ مَوْضُوعَاتٍ» :** ئىش جەدۋىلى ئون مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**تَضْمِينٌ:** ئۆز ئىچىگە ئالماق (بىر بېيىتنىڭ قاپىيىسى يەنە بىر بېيىتنىڭ قاپىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولماق؛ شېئىر ياكى نەسىر يازغۇچىنىڭ بىرەر ئايەت ياكى ھەدىسنى ۋە ياكى باشقا شېئىرنىڭ بىرەر بېيىتىنى لەفزەن ۋە مەنەن نەقلى قىلىپ ئېلىشى)

**تَضَوَّأَ يَتَضَوَّأُ تَضَوُّءًا الشَّيْءَ:** قاراڭغۇدا تۇرۇپ يورۇقلۇقتىكى نەرسىنى كۆردى.

**تَضَوَّرَ يَتَضَوَّرُ تَضَوُّرًا:** دەرد ـ ئەلەم ياكى ئاچلىقتىن مولاق ئاتتى، جان تالاشتى، سەكراتقا چۈشتى.

**«إِنَّ قَلْبِي لَيَتَصَدَّعُ حِينَ أُفَكِّرُ بِأَنَّ فَرِيقًا مِنَ الْخَلْقِ يَتَضَوَّرُ جُوعًا وَفِي وُسْعِي أَنْ أُسَاعِدَهُ» :** مەن ياردەم قىلالايدىغان تۇرۇپ، بىر بۆلۈك خەلقنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ.

**تَضَوَّعَ يَتَضَوَّعُ تَضَوُّعًا الْمِسْكُ:** ئىپار ھىدى ئەتراپىنى بىر ئالدى، پۇرىقى تارالدى.

**تَضَوَّعَ الرَّائِحَةُ:** ھىد تارقالدى.

**تَضَيَّفَ يَتَضَيَّفُ تَضَيُّفًا:** مېھمان قىلدى، كۈتۈۋالدى، كۈتتى.

**تَضَيَّقَ يَتَضَيَّقُ تَضَيُّقًا:** تار بولدى، تارلاشتى.

**تَضْيِيقُ الرِّبَاطِ:** چىڭىتماق، زەنجىرلىمەك، ئېلىپ قويماق، ئەتمەك، تۇگمىلىمەك.

**تَضْيِيقٌ:** تارايتماق، تارلاشتۇرماق؛ سىقىماق، باسماق، زۇلۇم قىلماق.

**تَضْيِيقُ الْخِنَاقِ:** بوزەك قىلماق، ئانى تاپماق، ئەزمەك، جەبىر قىلماق، زۇلۇم قىلماق.

**تَطَابَقَ يَتَطَابَقُ تَطَابُقًا الشَّخْصَانِ:** ماس كەلدى، باراۋەر بولدى.

**تَطَابَقَ الشَّيْئَانِ:** تەڭلەشتى، ئوخشاش بولدى، باراۋەر بولدى، ماس كەلدى.

**تَطَابَقَ الْقَوْمُ:** بىرلىككە كەلدى.

**تَطَابُقٌ:** ئۇيغۇنلاشماق، ماسلاشماق، مۇۋاپىقلاشماق، ماس كەلمەك.

**تَطَابُقٌ «فِي الرِّيَاضَةِ»:** ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر، مۇۋاپىق.

**تَطَاحَنَ يَتَطَاحَنُ تَطَاحُنًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتى، دۈشمەنلەشتى، ئۆچەكەشتى.

**تَطَارَحَ يَتَطَارَحُ تَطَارُحًا الشَّيْءَ:** ئالماشتۇرۇشتى.

**تَطَارَحَ الْحَدِيثَ:** پاراڭلاشتى، مۇزاكىرە قىلىشتى.

**تَطَارَحَ الْعِلْمَ:** ئىلىم - پەن توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشتى.

**تَطَارَشَ يَتَطَارَشُ تَطَارُشًا:** گاس بولۇۋالدى.

**تَطَاعَنَ يَتَطَاعَنُ تَطَاعُنًا وَ طِيعَانًا:** بىر - بىرىنى قىرىشتى، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، نەيزىلەشتى.

**تَطَامَنَ يَتَطَامَنُ تَطَامُنًا:** ساڭگىلىدى، پەسلىدى، تۆۋەنلىدى.

**تَطَاوَلَ يَتَطَاوَلُ تَطَاوُلًا:** سوزۇلدى، ئۇزۇن بولدى.

**«فَتَطَاوَلَ عَلَيْهِمُ الْعُمُرُ» «قرآن»:** ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى.

**تَطَاوَلَ عَلَى فُلَانٍ:** چېقىلدى، دەخلى - تەرۇز قىلدى، تاجاۋۇز قىلدى.

**تَطَاوَلَ إِلَى ...:** (كۆرۈش ئۈچۈن بوينىنى) ... غا، گە سوزدى.

**تَطَاوَلَ أَعْنَاقُهُمْ:** كۈتۈپ ئىنتىزار بولدى، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىدى.

**يَتَطَاوَلُ النَّاسُ فِي الْبُنْيَانِ:** كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ئۆي - ئىمارەت سېلىشماقتا.

**تَطَاوُلٌ:** ئۇزارماق، سوزۇلماق.

**تَطَايَرَ يَتَطَايَرُ تَطَايُرًا الشَّيْءُ:** چېچىلىپ كەتتى، تاراپ كەتتى، يېيىلىپ كەتتى.

**«تَتَطَايَرُ الثُّلُوجُ فِي الْهَوَاءِ»:** قار هاۋادا ئۇچۇپ يۇرمەكتە.

**«تَطَايَرَ قَلْبِي مِنْ أَجْلِكَ»:** سېنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم پەرىشان بولدى.

**تَطَايَرَ الشَّرَرُ:** ئوت ئۇچقۇنى چاچرىدى.

**تَطَايَرَ وَرَقُ الشَّجَرِ:** دەرەخ غازاڭلىرى چېچىلدى، دەرەخ غازاڭلىرى چۈشۈپ كەتتى.

**تَطَأْطَأَ يَتَطَأْطَأُ تَطَأْطُأً:** پەس بولدى.

**تَطَأْطَأَ رَأْسُهُ:** بېشى پەس بولدى.

**تَطَأْمَنَ يَتَطَأْمَنُ تَطَأْمُنًا:** ساڭگىلىدى، تۆۋەنلىدى، پەسلىدى.

**تَطَبَّبَ يَتَطَبَّبُ تَطَبُّبًا الرَّجُلُ:** دوختۇرلۇقنى بىلمەي تۇرۇپ دوختۇر بولۇۋالدى، دوختۇرلۇق دەۋاسى قىلدى؛ داۋالىدى؛ دوختۇرلۇق قىلدى.

**تَطَبَّعَ يَتَطَبَّعُ تَطَبُّعًا بِطِبَاعٍ مُعَيَّنٍ:** مەلۇم بىر خاراكتېرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالدى، ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالدى، تەسىرگە ئۇچرىدى، يۇقۇملاندى.

**«تَطَبَّعَ الطِّفْلُ بِطِبَاعِ وَالِدِهِ»:** بالا ئۆزىگە ئاتىسىنىڭ خاراكتېرىنى سىڭدۈرۈۋالدى.

**تَطَبُّعٌ:** سىڭدۈرمەك، ئۆزلەشتۈرمەك.

**اَلتَّطَبُّعُ الثَّقَافِيُّ:** مەدەنىيەتنى سىڭدۈرۈۋالماق.

**تَطَبَّقَ يَتَطَبَّقُ تَطَبُّقًا:** يېپىلدى، سولاندى.

**تَطَبَّقَ الْبِنَاءُ:** قۇرۇلۇش كۆمتۈرۈلدى، غۇلاپ چۈشتى، ئۆرۈلدى، بىتچىت بولدى، يىمىرىلدى، گۇمران بولدى.

**تَطَبَّلَ يَتَطَبَّلُ تَطَبُّلًا الْبَطْنُ:** قورساق ئىششىپ قالدى، مەيدە (ئاشقازان) كۆپتى.

**تَطَبُّلٌ «فِي الطِّبِّ»:** قورساق ئىششىماق.

**تَطْبِيقٌ:** ئەمەلىيلەشتۈرمەك، ئىشقا ئاشۇرماق، يولغا قويماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەك، ماسلاشتۇرماق، ئۇيغۇنلاشتۇرماق، ئىشلەتمەك، تەتبىق قىلماق، قوللانماق، مەسىلىلەرنى ئىلمىي ياكى قانۇنى ۋە گراماتىكىلىق قائىدىگە بويسۇندۇرماق، ئەمەلىيەت.

**«رَغْمَ أَنَّ هَذَا الْإِقْتِرَاحَ مَعْقُولٌ مِنَ النَّاحِيَةِ**

**التَّطْرِيَّةِ إِلاَّ أَنَّهُ سَيَكُونُ مِنَ الصَّعْبِ وَضْعُهُ مَوْضِعَ التَّطْبِيقِ»** : بۇ تەكلىپ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يولغا قويۇش قىيىن.

**«اَلتَّطْبِيقُ الْمَلْمُوسُ لِلثَّوْرَةِ»** : ئىنقىلابنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى.

**تَطْبِيقُ التَّعْلِيمَاتِ:** تەلىماتلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەك.

**بِالتَّطْبِيقِ عَلَى:** بىنائەن، ئاساسەن، بويىچە.

**اَلتَّطْبِيقُ الثَّوْرِيُّ:** ئىنقىلابى ئەمەلىيەت.

**تَطْبِيقُ الشَّيْءِ عَلَى غَيْرِهِ:** بىر نەرسىنى باشقىغا تەتبىقلىماق.

**تَطْبِيقًا لِـ:** ئاساسەن، بىنائەن، بويىچە.

**تَطْبِيقَاتٌ:** مەشىق، كۆنۈكمە، تاپشۇرۇق.

**تَطْبِيقِيٌّ:** ئەمەلىي بولغان، ئۇيغۇن بولغان، ماس كېلىدىغان.

**نَظَرِيًّا وَ تَطْبِيقِيًّا:** نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن.

**اَلْعُلُومُ التَّطْبِيقِيَّةُ:** ئەمەلىي پەن.

**اَلْفُنُونُ التَّطْبِيقِيَّةُ:** ئەمەلىي پەن.

**تَطَحَّنَ يَتَطَحَّنُ تَطَحُّنًا الْقَمْحُ:** بۇغداي ئۇن بولدى.

**تَطَرَّبَ يَتَطَرَّبُ تَطَرُّبًا:** خۇشاللىقتىن سىلكىندى، خۇشاللاندى، خۇشال بولدى، شادلاندى.

**تَطَرَّقَ يَتَطَرَّقُ تَطَرُّقًا:** چەكتىن ئېشىپ كەتتى، نورماللىقتىن ئۆتۈپ كەتتى.

**تَطَرَّقَ يَتَطَرَّقُ تَطَرُّقًا إِلَيْهِ:** ئىزدىدى، ئىزدەندى، ئىنتىلدى؛ يېتىپ كەلدى؛ سىڭدى، شورالدى؛ كېسىپ ئۆتتى.

**تَطَرَّقَ فِي الْحَدِيثِ:** سۆزلەشتى، سۆھبەتلەشتى، پاراڭلاشتى.

**تَطَرَّقَ إِلَيْهِ الْكَلَامَ عَنْ:** گەپنى بۇرىدى.

**«تَطَرَّقَ الْمُتَكَلِّمُ إِلَى مَوْضُوعِ كَذَا»** : سۆزلىگۈچى پالانى تېمىدا توختالدى.

**تَطَرَّقَ إِلَيْهِ الْعَطَبُ:** ئۇ ئۆلدى.

**تَطَرَّقَ الْيَأْسُ إِلَى نَفْسِهَا:** ئۈمىدسىزلەندى، نائۈمىد بولدى.

**تَطَرَّقَ الشَّكُّ إِلَى فِكْرِهِ:** شەكلەندى، گۇمانلاندى، گۇمان تۇغۇلدى.

**تَطَرَّمَ يَتَطَرَّمُ تَطَرُّمًا فِي الْكَلَامِ:** نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى؛ سۆغۇرۇۋېلىندى، يۇلۇۋېلىندى.

**تَطْرِيزٌ:** كەشتە، كەشتىلەش.

**«هَذِهِ الْقِطْعَةُ مِنَ التَّطْرِيزِ جَذَّابَةٌ جِدًّا»** : بۇ كەشتە تولىمۇ چىرايلىق.

**«هِوَايَتِي هِيَ التَّطْرِيزُ»** : مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم گۈل كەشتىلەش.

**تَطَعَّمَ يَتَطَعَّمُ تَطَعُّمًا:** تېتىپ كۆردى، تەمىنى تېتىدى.

**تَطْعِيمٌ:** ئەملىمەك، ئوكۇل سالماق؛ ئەزا يۆتكىمەك (تېبابەتتە)؛ ئۇلىماق (دەرەخنى)

**تَطَفَّلَ يَتَطَفَّلُ تَطَفُّلًا:** چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ قاتناشتى؛ كىچىك بالا بولۇۋالدى، كىچىك بالىلارنىڭ قىلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

**تَطَفَّلَ عَلَى الطَّبِيبِ:** دوختۇرغا كۆرۈندى.

**تَطَفَّلَ عَلَى الْقَوْمِ:** چاقىرىلمىغان مېھمان بولدى، كۈتمىگەن مېھمان بولدى، ئوسۇپلا كىردى.

**تَطَفُّلٌ:** چاقىرىلمىغان مېھمان بولماق، كۈتمىگەن مېھمان بولماق.

**تَطَلَّبَ يَتَطَلَّبُ تَطَلُّبًا:** موھتاج بولدى، ھاجىتى چۈشتى، تەلەپ قىلدى.

**«يَتَطَلَّبُ الْوَضْعُ عَمَلاً سَرِيعًا»** : ۋەزىيەت تېز ئىشلەشكە موھتاج.

**تَطَلَّعَ يَتَطَلَّعُ تَطَلُّعًا إِلَيْهِ:** قارىدى، نەزەر تاشلىدى، بىلدى، چۈشەندى.

**تَطَلَّعَ فِيهِ:** قارىدى، نەزەر تاشلىدى.

**تَطَلَّعَ إِلَى الشَّيْءِ:** تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى، ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد قىلدى.

**تَطَلَّعَ فِي وُجُوهِ النَّاسِ:** كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قارىدى.

**تَطَلَّعَ إِلَى لِقَاءِ صَدِيقِهِ:** دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىنتىزار بولدى.

**تَطَلَّعَ إِلَى حَيَاةٍ أَفْضَلَ:** تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىنتىلدى.

**تَطَلَّقَ يَتَطَلَّقُ تَطَلُّقًا:** چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، خۇش چىراي بولدى، چىرايىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇردى.

**تَطَمَّسَ يَتَطَمَّسُ تَطَمُّسًا:** يوقالدى، تۈگىدى، قىرىپ تاشلاندى.

**تَطَهَّرَ يَتَطَهَّرُ تَطَهُّرًا:** پاكلاندى، تازىلاندى، يۇيۇلدى، پاك بولدى.

**«فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَنْ يَتَطَهَّرُوا وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ»** ‹قرآن›: ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

**تَطْهِيرٌ:** پاكلىماق، تازىلىماق.

**مَحَطَّةُ التَّطْهِيرِ:** دېزىنفېكسىيە قىلىش پونكىتى.

**تَطَوَّحَ يَتَطَوَّحُ تَطَوُّحًا:** قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

**تَطَوَّحَ فِى الْبِئْرِ:** قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

**تَطَوَّحَ فِي الْبِلاَدِ:** سەرگەردان بولۇپ يۈردى، سەرسان بولۇپ يۈردى.

**تَطَوَّرَ يَتَطَوَّرُ تَطَوُّرًا:** تەرەققىي قىلدى، راۋاجلاندى، بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتتى، تەرەققىي تاپتى.

**«تَطَوَّرَتِ الْأَسْلِحَةُ الْفَتَّاكَةُ تَطَوُّرًا مُخِيفًا»:** قىرغۇچى قوراللار قورقۇنچلۇق دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

**تَطَوُّرٌ ج تَطَوُّرَاتٌ:** تەرەققىي تاپماق، تەرەققىي قىلماق؛ تەرەققىيات.

**تَطَوُّرٌ عُضْوِيٌّ:** ئەزالارنىڭ يېتىلىشى، ئورگانىزملارنىڭ تەرەققىي قىلىشى.

**تَطَوُّرُ الْعَلاَئِقِ الْإِجْتِمَاعِيَّةِ:** ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى.

**«حَدَثَتْ تَطَوُّرَاتٌ خَطِيرَةٌ عَلَى الْمَوْضُوعِ»:** ماۋزۇدا مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولدى.

**تَطَوُّرَاتٌ مُرْتَقَبَةٌ:** كۆز ئالدىدىكى تەرەققىياتلار.

**تَطَوُّرِيٌّ:** تەرەققىياتقا مەنسۇپ، تەرەققىي.

**نَظَرِيَّةٌ تَطَوُّرِيَّةٌ:** تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى.

**تَطَوَّسَ يَتَطَوَّسُ تَطَوُّسًا:** ماختاندى، كۆز ـ كۆز قىلدى، ھەممە يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىپ يۈردى.

**تَطَوَّعَ يَتَطَوَّعُ تَطَوُّعًا:** پىدائىي بولدى، بىر ئىشنى قىلىشقا ئىختىيارىي مەيدانغا چىقتى، ئىئانە قىلدى.

**«فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَخَيْرٌ لَهُ»** ‹قرآن›: كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر.

**تَطَوَّعَ بِالْعَمَلِ:** ئىختىيارىي ئەمگەك قىلدى.

**«تَطَوَّعَ كَثِيرٌ مِنَ الشَّبَابِ لِلْخِدْمَةِ فِي الْجَيْشِ»:** نۇرغۇن ياشلار ئەسكەرلىككە ئۆز ئىختىيارىي بىلەن قاتناشتى.

**تَطَوَّفَ يَتَطَوَّفُ تَطَوُّفًا بِالشَّيْءِ وَفِيهِ وَحَوْلَهُ:** تاۋاپ قىلدى.

**تَطَوَّقَ يَتَطَوَّقُ تَطَوُّقًا:** غۇژمەك بولۇۋالدى، تۈگۈلۈۋالدى؛ بويۇنچاق سېلىۋالدى.

**تَطَوَّقَتِ الْحَيَّةُ:** يىلان تۈگۈلۈۋالدى.

**تَطَوَّلَ يَتَطَوَّلُ تَطَوُّلاً عَلَيْهِ:** ياخشىلىق قىلدى، خەير ـ ئېھسان قىلدى.

**تَطَوَّى يَتَطَوَّى تَطَوِّيًا الْأَفْعَى:** يىلان تۈگۈلۈۋالدى.

**تَطَوَّى الْحَبْلُ:** ئارغامچا چىگىشلىشىۋالدى.

**تَطَوَّى الشَّيْءُ:** يۆگىلىۋالدى.

**تَطْوِيرُ التَّقَالِيْدِ الْمَجِيْدَةِ:** شانلىق ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش.

**تَطْوِيلٌ:** ئۇزارتماق، سوزماق.

**فِي هَذَا الْكِتَابِ تَطْوِيلٌ:** بۇ كىتاب ئۇزۇن يېزىلغان.

**تَطَيَّبَ يَتَطَيَّبُ تَطَيُّبًا بِالطِّيْبِ:** خۇش پۇراق ئىشلەتتى، خۇش پۇراق چاچتى.

**تَطَيَّرَ يَتَطَيَّرُ تَطَيُّرًا بِهِ أَوْ مِنْه:** شۇم پال ئالدى، شۇملۇق ھېس قىلدى.

**«إِنَّا تَطَيَّرْنَا بِكُمْ»** ‹قرآن›: بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق.

**تَظَاءَبَ يَتَظَاءَبُ تَظَاؤُبًا الرَّجُلاَنِ:** قايچا قۇدا بولدى.

**تَظَارَفَ يَتَظَارَفُ تَظَارُفًا:** قىزىقچى بولۇۋالدى؛ نازاكەتلىك بولۇۋالدى؛ مەدەنىي بولۇۋالدى؛ پاراسەتلىك بولۇۋالدى.

**تَظَافَرَ يَتَظَافَرُ تَظَافُرًا الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** ئۆزئارا ھەمكارلاشتى، ئۆزئارا ياردەملەشتى.

**تَظَالَمَ يَتَظَالَمُ تَظَالُمًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشتى، زۇلۇم سالدى، بىر - بىرىنى خورلاشتى، بىر - بىرىنى بوزەك قىلدى، ئۆزئارا زىيانكەشلىك قىلىشتى.

**تَظَاهَرَ يَتَظَاهَرُ تَظَاهُرًا بِالْأَمْرِ:** ئاشكارىلىدى، نامايەن قىلدى، كۆرسەتتى، ئىپادىلىدى؛ ئاشكارىلاندى، نامايەن بولدى، بىلدۈردى، نامايىش قىلدى.

**تَظَاهَرَ الْقَوْمُ:** نامايىش قىلىشتى، ياردەملەشتى، قوللاشتى، ياردەم بېرىشتى؛ يىراقلاشتى.

**تَظَاهَرَ بِكَذَا:** يالغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ئۆزىگە ساختا تۈس بەردى.

**«كَانَ يَعْرِفُ كُلَّ شَيْءٍ وَلَكِنَّهُ تَظَاهَرَ بِأَنَّهُ لَايَعْرِفُ شَيْئًا»:** ئۇ ھەممە نەرسىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ ھېچنەرسىنى بىلمەس بولۇۋالدى.

**تَظَاهَرَ بِالْبُكَاءِ:** يىغلىغان بولۇۋالدى.

**تَظَاهَرُوا:** نامايىش قىلىشتى.

**«تَظَاهَرَ الطُّلَّابُ اِحْتِجَاجًا عَلَى اعْتِقَالِ أَحَدِ زُمَلَائِهِمْ»:** ئوقۇغۇچىلار بىر ساۋاقدىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن نامايىش قىلىشتى.

**تَظَرَّفَ يَتَظَرَّفُ تَظَرُّفًا:** ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇۋالدى، مەدەنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى؛ نازاكەتلىك بولۇۋالدى.

**تَظَلَّلَ يَتَظَلَّلُ تَظَلُّلًا الشَّخْصُ:** سايىدا تۇردى؛ سالقىنلايدىغان جاي قىلدى.

**تَظَلَّلَ بِظِلِّ الدَّوْلَةِ:** دۆلەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

**تَظَلَّمَ يَتَظَلَّمُ تَظَلُّمًا مِنْهُ:** ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى، زارلىدى، ئاغرىندى، دەرد تۆكتى، رەنجىدى، ئۇنىڭدىن دادلاندى.

**«لَمْ يَجِدْ اَحَدًا يَتَظَلَّمُ إِلَيْهِ»:** ئۇ دادلايدىغان بىرەر ئادەم تاپالمىدى.

**تَظَلُّمٌ ج تَظَلُّمَاتٌ:** شىكايەت، شىكايەت قىلىش.

**قَدَّمَ تَظَلُّمًا:** شىكايەتنامە سۇندى.

**تَظَنَّنَ يَتَظَنَّنُ تَظَنُّنًا:** ئويلاندى، پىكىر قىلدى، مۇلاھىزە قىلدى، پىكىر يۈرگۈزدى.

**تَظَنَّى يَتَظَنَّى تَظَنِّيًا:** ئويلاندى، پىكىر قىلدى، مۇلاھىزە قىلدى، پىكىر يۈرگۈزدى.

**تَعَاتَبَ يَتَعَاتَبُ تَعَاتُبًا الشَّخْصَانِ:** ئەيىبلەشتى، كايىشتى، تاپا - تەنە قىلىشتى.

**تَعَادَلَ يَتَعَادَلُ تَعَادُلًا:** تەڭلىشىپ قالدى، تەڭلەشتى، ماسلاشتى.

**تَعَادَلَ الْفَرِيْقَانِ فِي الْمُبَارَاةِ:** مۇسابىقىدە ئىككى تەرەپ تەڭلىشىپ قالدى.

**تَعَادُلٌ:** مۇۋاپىق كەلمەك، ماس كەلمەك، بىردەك، تەڭپۇڭلۇق، تەكشىلىك، مۇۋازىنەت.

**بِالتَّعَادُلِ:** تەڭ بولماق، تەڭلىشىپ قالماق، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن.

**تَعَادُلُ الْمِيْزَانِيَّةِ:** خام چوت تەڭپۇڭلىقى.

**تَعَادُلُ الْكَفَّةِ:** تارازا تەخسىلىرىنىڭ تەڭپۇڭلىقى.

**«اِسْفَرَّالْإِقْتِرَاعُ عَنْ تَعَادُلِ الْأَصْوَاتِ»:** تاشلانغان چەك ئاۋازلارنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى بىلدۈردى.

**تَعَادَى يَتَعَادَى تَعَادِيًا الْقَوْمُ:** تاجاۋۇز قىلىشتى، دۈشمەنلەشتى، ئۆچەكەشتى.

**تَعَادَى الرَّجُلُ:** يىراقلاشتى.

**تَعَاذَلَ يَتَعَاذَلُ تَعَاذُلًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا ئەيىبلەشتى، ئۆز ئارا كايىشتى، ئۆزئارا تاپا - تەنە قىلىشتى.

**تَعَارَجَ يَتَعَارَجُ تَعَارُجًا:** توكۇر بولۇۋالدى، توكۇردەك ماڭدى.

**تَعَارَضَ يَتَعَارَضُ تَعَارُضًا:** توقۇنۇشتى، قارىمۇ قارشى كەلدى.

**تَعَارَضَ مَعَ كَذَا:** خىلاپلىق قىلدى.

**تَعَارَضَتِ الْمَصَالِحُ:** مەنپەئەتلەر توقۇنۇشتى.

**«هَذَا الْعَمَلُ يَتَعَارَضُ مَعَ الْقَانُونِ»:** بۇ ئىش قانۇنغا قارىمۇ قارشى كېلىدۇ.

**تَعَارُضٌ:** قارىمۇ قارشى كەلمەك.

**تَعَارُضُ الْآرَاءِ:** پىكىر ئىختىلاپى، پىكىر قارىمۇ قارشىلىقى.

**تَعَارُضُ الْمَصَالِحِ:** مەنپەئەت توقۇنۇشى.

**تَعَارَفَ يَتَعَارَفُ تَعَارُفًا الْقَوْمُ:** قەۋم ئۆز ئارا تونۇشتى.

www.uyghurkitap.com

**«كَأَنْ لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا سَاعَةً مِنَ النَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ»** ‹قرآن›: (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددەت) كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ.

**«لَقَدْ تَعَارَفْنَا مُنْذُ عَشَرِ سَنَوَاتٍ»**: بىز تونۇشقىلى 10 يىل بولدى.

**تَعَارَفُوا عَلَى أَمْرٍ:** بىرەر ئىشتا بىرلىككە كەلدى.

**تَعَارُفْ:** ئۆزئارا تونۇشماق، بىر ـ بىرىنى تونۇماق.

**تَعَارَكَ يَتَعَارَكُ تَعَارُكًا الْقَوْمُ:** ئۇرۇشتى، سوقۇشتى.

**تَعَازَى يَتَعَازَى تَعَازِيًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا تەزىيە بىلدۈرۈشتى.

**تَعَاسَةٌ:** بەختسىزلىك، بىچارىلىك.

**«مَا تَزَالُ نِسْبَةٌ كَبِيرَةٌ مِنَ السُّكَّانِ تَعِيشُ حَيَاةَ حِرْمَانٍ وَتَعَاسَةٍ»**: ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكى نامرات بەختسىز ياشايدۇ.

**يَا لَلتَّعَاسَةِ:** نېمىدېگەن بەختسىز.

**تَعَاسَرَ يَتَعَاسَرُ تَعَاسُرًا عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** ئىش ئۇنىڭغا قىيىن بولدى، ئىش ئۇنىڭغا تەس بولدى.

**«وَإِنْ تَعَاسَرْتُمْ فَسَتُرْضِعُ لَهُ أُخْرَى»** ‹قرآن›: ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتىسۇن.

**تَعَاشَرَ يَتَعَاشَرُ تَعَاشُرًا:** بېرىش ـ كېلىش قىلدى، ئالاقە قىلدى، باردى ـ كەلدى قىلدى.

**تَعَاضَدَ يَتَعَاضَدُ تَعَاضُدًا:** ياردەم بېرىشتى، ياردەم قىلىشتى.

**تَعَاضُدٌ:** ھەمكارلاشماق، ياردەم بەرمەك.

**جَمْعِيَّةٌ تَعَاضُدِيَّةٌ:** ھەمكارلىق جەمئىيىتى.

**تَعَاطَفَ يَتَعَاطَفُ تَعَاطُفًا:** ئۆزئارا مېھر ـ شەپقەت قىلىشتى، ھېسداشلىق قىلىشتى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشتى.

**تَعَاطَى يَتَعَاطَى تَعَاطِيًا الشَّيْءَ:** ئىستېمال قىلدى، قولىنى سوزۇپ ئالدى؛ قوبۇل قىلدى، تاپشۇرۇپ ئالدى، ئېرىشتى، ئىگە بولدى، ئالدى.

**«فَنَادَوْا صَاحِبَهُمْ فَتَعَاطَى فَعَقَرَ»** ‹قرآن›: ئۇلار بۇرادىرىنى (تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە) چاقىردى، ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى.

**«لَاتَتَعَاطَى الدَّوَاءَ لِأَنَّهَا يَئِسَتْ مِنَ الصِّحَّةِ»**: ئۇ ئايال ساقىيىش ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكتىن دورا ئىچمەيۋاتىدۇ.

**تَعَاطَى الشَّخْصُ:** پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ نەرسە ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سوزدى.

**تَعَاطَى الْقَوْمُ:** ئۆزئارا سوۋغا بېرىشتى.

**تَعَاطَى الْأَمْرَ:** شۇغۇللاندى، ئىشلىدى، مەشغۇل بولدى، ئېلىپ باردى.

**تَعَاطَى الصِّنَاعَةَ:** كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى.

**تَعَاطَى صِنَاعَةَ الصَّيْدَلِيَّةِ:** دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللاندى.

**تَتَعَاطَى السِّيَاسَةَ:** سىياسەت بىلەن ھەپىلىشىدۇ.

**تَعَاظَمَ يَتَعَاظَمُ تَعَاظُمًا الْأَمْرُ:** مۇھىم بولدى، جىددىي بولدى، زور بولدى، چوڭايدى.

**تَعَاظَمَ الْأَمْرُ فُلَانًا:** چوڭ تۇيۇلدى، ئېغىر كەلدى.

**تَعَاظَمَ الرَّجُلُ:** غادىيىۋالدى، گىدىيىۋالدى، مەيدىسىنى كېرىپ ماڭدى، كۆرەڭلەپ كەتتى.

**«يَتَعَاظَمُ الْخَطَرُ يَوْمًا بَعْدَ يَوْمٍ»**: خەتەر كۈندىن ـ كۈنگە زورايماقتا.

**تَعَاظُمْ:** ئاشۇرۇۋەتمەك، مۇبالىغىلەشتۈرمەك، كۆپتۈرمەك؛ چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، ماختانچاقلىق.

**تَعَافَى يَتَعَافَى تَعَافِيًا:** ساقايدى، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

**«أُؤَمِّلُ أَنَّهَا تَتَعَافَى عَنْ قَرِيبٍ»**: ئۇنىڭ پات ئارىدا ساقىيىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**«غَادَرَ الْمُسْتَشْفَى بَعْدَ أَنْ تَعَافَى»**: ئۇ ساقايغاندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن ئايرىلدى.

**تَعَاقَبَ يَتَعَاقَبُ تَعَاقُبًا:** ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاشتى، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتتى، كەينى ـ كەينىدىن كەلدى.

**«تَعَاقَبَ الْجُنُودُ فِي الْحَرَاسَةِ اللَّيْلِيَّةِ»**: كېچىلىك مۇھاپىزەتتە ئەسكەرلەر نۆۋەتلەشتى.

**تَعَاقَبَ اللَّيْلُ وَ النَّهَارُ:** كېچە بىلەن كۈندۈز

ئالماشتى، كېچە بىلەن كۈندۈز نۆۋەتلەشتى.

**تَعَاقَبُوا فِي الشَّيْءِ:** نۆۋەتلەشتى.

**تَعَاقُبٌ:** ئارقا ـ ئارقىدىن، كەينى ـ كەينىدىن، ئۈزۈلمەي.

**بِالتَّعَاقُبِ:** نۆۋەت بىلەن، ئارقىمۇ ئارقا، كەينىدىن ـ كەينىدىن.

**«تَوَلَّى أَعْضَاءُ رِءَاسَةَ الْمَجْلِسِ بِالتَّعَاقُبِ»:** ئەزالار مەجلىسكە نۆۋەت بىلەن رىياسەتچىلىك قىلدى.

**تَعَاقَدَ يَتَعَاقَدُ تَعَاقُدًا مَعَهُ عَلَى الْأَمْرِ:** تۈزەشتى، ئىمزالاشتى، ... بىلەن ئورناتتى.

**تَعَاقُدٌ:** توختام تۈزۈشمەك، شەرتنامە تۈزۈشمەك.

**تَعَاقَلَ يَتَعَاقَلُ تَعَاقُلًا:** ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلىدى، يېتىمئاقساقاللىق قىلدى، مەمەدانلىق قىلدى.

**تَعَاكَسَ يَتَعَاكَسُ تَعَاكُسًا:** ئەكس ئەتتى، ئارقىغا بۇرالدى، ئۆرۈلدى، ئايلاندى، ئەكسىچە بولدى.

**تَعَاكَظَ يَتَعَاكَظُ تَعَاكُظًا:** شېئىر ئېيتىشتى، مۇنازىرە قىلىشتى، دەتالاش قىلىشتى، پەخىر قىلىشتى.

**تَعَالَ:** كەل، بېرى كەل، بۇياققا كەل.

**«عِنْدَمَا تَجِدُ وَقْتًا تَعَالَ نَتَجَاذَبْ أَطْرَافَ الْحَدِيثِ»:** ۋاقتىڭ بولسا كەلگىن، پاراڭلىشايلى.

**تَعَالَجَ يَتَعَالَجُ تَعَالُجًا الْمَرِيضُ:** كېسەل داۋالاندى، دوختۇرغا كۆرۈندى.

**تَعَالَجَ الْخَصْمَانِ:** ئىككى رەقىب سوقۇشتى.

**تَعَالَى يَتَعَالَى تَعَالِيًا:** كۆتۈرۈلدى، ئۆرلىدى، يۇكسەك بولدى، ئۆستى.

**«لَا تَتَعَالَ عَلَى أَصْحَابِكَ وَإِخْوَانِكَ»:** ھەمراھلىرىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭغا چوڭچىلىق قىلما.

**تَعَالٍ:** تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، مەغرۇرلۇق.

**تَعَامَلَ يَتَعَامَلُ تَعَامُلًا الْقَوْمُ:** مۇئامىلە قىلىشتى، بېرىش ـ كېلىش قىلىشتى، ئالاقە قىلىشتى.

**تَعَامَلَ مَعَهُ:** ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

**تَعَامُلٌ:** ھەمكارلىق، ھەمكارلاشماق، ھەمكارلىشىپ ئىشلىمەك.

**اَلتَّعَامُلُ الدُّوَلِيُّ:** خەلقئارا ھەمكارلىق.

**اَلتَّعَامُلُ بِطُرُقٍ مُخْتَلِفَةٍ:** پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

**تَعَامَهَ يَتَعَامَهُ تَعَامُهًا:** ئېزىقىپ تېڭىرقاپ قالدى، ئادىشىپ قالدى، يول تاپالماي تۇرۇپ قالدى، نىشاندىن ئېزىپ قالدى.

**تَعَامَى يَتَعَامَى تَعَامِيًا:** قارىغۇ بولۇۋالدى، كۆرمەس بولۇۋالدى، كۆرمەسكە سالدى.

**«أَنْتَ تَتَعَامَى عَنِ الْحَقِيقَةِ»:** سەن ھەقىقەتنى كۆرمەس بولۇۋالىسەن.

**تَعَانَدَ يَتَعَانَدُ تَعَانُدًا:** قارشىلاشتى، ئۆزئارا قارشى تۇرۇشتى، جېدەللەشتى.

**تَعَانَقَ يَتَعَانَقُ تَعَانُقًا:** ئۆز ئارا قۇچاقلاشتى، باغرىغا باستى.

**«اِلْتَقَيَا بَعْدَ فِرَاقٍ طَوِيلٍ فَتَعَانَقَا»:** ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كەتتى.

**تَعَاهَدَ يَتَعَاهَدُ تَعَاهُدًا:** ئىتتىپاق تۈزۈشتى، كېلىشىم ئىمزالاشتى، كېلىشىم تۈزۈشتى، ۋەدىلەشتى.

**«تَعَاهَدَ الصَّدِيقَانِ عَلَى الْحِفَاظِ عَلَى السِّرِّ»:** ئىككى دوست سىر ساقلاشقا كېلىشتى.

**تَعَاهُدٌ:** پۈتۈم، كېلىشىم، شەرتنامە.

**تَعَاهُدِيٌّ:** شەرتنامىنىڭ، كېلىشىمنىڭ، پۈتۈمنىڭ، بىتىمنىڭ، ئىتتىپاقداشلىق.

**دَوْلَةٌ تَعَاهُدِيَّةٌ:** ئىتتىپاقداش دۆلەت.

**تَعَاوَرَ يَتَعَاوَرُ تَعَاوُرًا:** قەرز بېرىشتى، ئۆز ئارا ئۆتنە بېرىم قىلىشتى، ئۆز ئارا ئارىيەت ئېلىشتى.

**«تَعَاوَرَ هَذَا الْكِتَابَ كَثِيرٌ مِنَ الْأَيْدِي»:** بۇ كىتاب نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئۆتتى، بۇ كىتاب قولدىن ـ قولغا ئۆتتى.

**تَعَاوَنَ يَتَعَاوَنُ تَعَاوُنًا:** ھەمكارلاشتى، ئۆزئارا ياردەملەشتى.

**«وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ» «قرآن»:** ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار ، گۇناھقا ۋە

uyghurkitap.com



زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.

**تَعَاوَنَ الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** ھەمكارلاشتى، بىر ـ بىرىگە ياردەملەشتى.

**«تَتَعَاوَنُ أُسْرَتُنَا مَعَ الْجِيرَانِ»:** ئائىلىمىز قوشنىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تۇرىدۇ.

**تَعَاوُنٌ:** ھەمكارلاشماق، ياردەملەشمەك.

**شَرِكَةُ التَّعَاوُنِ:** ھەمكارلىق شىركىتى.

**رُوحُ التَّعَاوُنِ:** ھەمكارلىشىش روھى.

**تَعَاوُنِيٌّ:** كوپىراتسىيىلىشىش، ھەمكارلىقنىڭ، كوپىراتىپنىڭ.

**اِتِّحَادٌ تَعَاوُنِيٌّ:** ھەمكارلىشىش بىرلەشمىسى.

**اِنْتَاجٌ تَعَاوُنِيٌّ:** ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش.

**تَعَاوُنِيَّةٌ:** كوپىراتسىيىلەشتۈرمەك، كوپىراتسىيىلەشمەك، كوپىراتسىيە، كوپىراتىپ.

**جَمْعِيَّةُ التَّعَاوُنِيَّةِ الزِّرَاعِيَّةِ:** يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى.

**جَمْعِيَّةٌ تَعَاوُنِيَّةٌ:** ھەمكارلىق جەمئىيىتى.

**تَعَاوُنِيَّاتُ الْبَيْعِ وَالشِّرَاءِ:** تەمىنات سودا كوپىراتىپى.

**تَعَاوُنِيَّاتٌ لِلْإِنْتَاجِ:** ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى.

**تَعَاوَى يَتَعَاوَى تَعَاوِيًا الْكَلْبُ:** ئىت ھاۋشىدى.

**تَعَايَدَ يَتَعَايَدُ تَعَايُدًا:** ئۆزئارا ھېيتلاشتى، ئۆزئارا بايراملىرىنى تەبرىكلەشتى.

**تَعَايَرَ يَتَعَايَرُ تَعَايُرًا:** ئەيىبلەشتى، ئەيىبىنى ئاچتى.

**تَعَايَشَ يَتَعَايَشُ تَعَايُشًا:** بىرگە ياشىدى، بىرلىكتە ياشىدى، ئىناق ياشىدى.

**تَعَايُشٌ:** بىرگە ياشىماق، بىللە ياشىماق.

**اَلتَّعَايُشُ السِّلْمِيُّ بَيْنَ الدُّوَلِ:** دۆلەتلەر ئارا تىنچلىقتا بىللە ياشاش.

**تَعَايَقَ يَتَعَايَقُ تَعَايُقًا:** ناھايىتى پۇزۇر كىيىندى.

**تَعِبَ يَتْعَبُ تَعَبًا:** چارچىدى، ھاردى؛ ئەمگەك قىلدى، مېھنەت قىلدى.

**«اَلطَّمُوحُ لَا يَتْعَبُ مِنَ الْمُثَابَرَةِ عَلَى عَمَلِهِ»:** ئىرادىلىك ئادەم ئۆز ئىشىدا چىڭ تۇرۇشتىن چارچاپ قالمايدۇ.

**تَعَبٌ:** ھارماق، چارچىماق، جاپا چەكمەك.

**«لَقَدْ سِرْتُ طِوَالَ الْيَوْمِ فِي شِعَابِ الْجَبَلِ وَلَكِنَّنِي لَا أَشْعُرُ بِالتَّعَبِ»:** تاغنىڭ يولىدا كۈنبويى مېڭىپ چارچاش ھېس قىلمىدىم.

**«لَمْ يَكُنِ التَّعَبُ يُشْغِلُ بَالَهُ قَدْرَ خَوْفِهِ مِنْ أَنْ تَذْهَبَ أَتْعَابُهُ سُدًى»:** ئۇنىڭ ئەس ـ يادى چارچاپ كېتىشتە ئەمەس، چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنىڭ بىكار كېتىشىدىن ئەنسىرەشتە ئىدى.

**تَعِبٌ. تَعْبَانُ:** چارچىغان، ھارغۇچى.

**تَعْبِئَةٌ:** قوزغىماق، سەپەرۋەر قىلماق، ھەرىكەتلەندۈرمەك.

**تَعْبِئَةُ الْجَيْشِ:** ئارمىيىنى سەپەرۋەر قىلماق، ئەسكەر توپلىماق، ئەسكەر يىغماق.

**تَعْبِئَةٌ عَامَّةٌ:** ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك، دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى.

**«أَعْلَنَتِ الدَّوْلَةُ التَّعْبِئَةَ الْعَامَّةَ»:** دۆلەت ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىنى جاكارلىدى.

**عَقْدُ اجْتِمَاعٍ لِلتَّعْبِئَةِ:** سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىش.

**تَعَبَّدَ يَتَعَبَّدُ تَعَبُّدًا:** ئىبادەتكە بېرىلدى، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللاندى.

**«قَضَى مُعْظَمَ حَيَاتِهِ يَتَعَبَّدُ فِي الْمَسْجِدِ»:** ھاياتىنىڭ تولىسىنى مەسچىتتە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

**تَعَبُّدٌ:** ئىبادەت قىلماق، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانماق، راھىب بولماق، دۇئا تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللانماق.

**تَعَبَّقَ يَتَعَبَّقُ تَعَبُّقًا:** خۇش پۇراق قاپلىدى.

**تَعَبَّى يَتَعَبَّى تَعَبِّيًا:** قاچىلاندى، توشقۇزۇلدى.

**تَعَبْعَبَ يَتَعَبْعَبُ تَعَبْعُبًا الشَّيْءَ:** ھەممىنى ئىلىپ كەلدى.

**تَعْبَوِيٌّ:** ستراتېگىيە، تاكتىكا، ئۇسۇل، تەدبىر؛ سەپەرۋەرلىككە مەنسۇپ.

**«اِتَّخَذَ اِجْرَاءَاتٍ تَعْبَوِيَّةً»:** ستراتېگىيىلىك

چاره ـ تەدبىرلەرنى كۆردى.

**تَعْبِيرٌ ج تَعَابِيرُ:** چۈشەنچە، چۈشەندۈرۈش، ئىزاھات؛ تەبىر؛ ئىبارە؛ ئىزھار قىلماق، بايان قىلماق، ئىپادىلىمەك، كۆرسەتمەك.

**اَلتَّعْبِيرُ السَّائِرُ:** ئادەت سۆزى، ئادەت بولۇپ كەتكەن سۆز، دائىم قوللىنىلىدىغان ئىبارە.

**لَايُمْكِنُ التَّعْبِيرُ عَنْهُ:** ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن.

**إِنْ جَازَ التَّعْبِيرُ:** دېيىشكە بولىدىغان بولسا، ئېيتىشقا بولىدىغان بولسا.

**وَ بِتَعْبِيرٍ آخَرَ:** باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا.

**«هٰذَا رَجُلٌ يُحْسِنُ التَّعْبِيرَ عَمَّا فِي نَفْسِهِ» :** بۇ ئادەم كۆڭلىدىكىنى ئوبدان ئىپادىلەيدۇ.

**اَلتَّعْبِيرُ الْإِصْطِلَاحِيُّ (فِي عِلْمِ اللُّغَةِ) :** سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى مەسىلەن: «لَبَّى نِدَاءَ رَبِّهِ» ئۆلدى ، ۋاپات بولدى، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**«اَلتَّعْبِيرُ بِهٰذِهِ الطَّرِيقَةِ أَوْضَحُ بِكَثِيرٍ مِنْ تِلْكَ الطَّرِيقَةِ» :** مۇنداق ئىپادىلەش ئۇنداق ئىپادىلەشكە قارىغاندا كۆپ روشەن.

**تَعَابِيرُ لُغَوِيَّةٌ:** تۇراقلىق ئىبارە، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى، ئىدىئوم.

**تَعْبِيرِيٌّ:** ئىپادىلەشكە تەۋە.

**تَعَتَّهَ يَتَعَتَّهُ تَعَتُّهًا:** ساراڭ بولۇۋالدى، ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، مەتۇ بولۇۋالدى.

**تَعَتَّى يَتَعَتَّى تَعَتِّيًا:** بويسۇنمىدى، قارشىلىق قىلدى، قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشى تۇردى.

**تَعْتَعَ يُتَعْتِعُ تَعْتَعَةً:** ئىككىلەندى، قاتتىق سىلكىدى.

**تَعْتَعَ الشَّخْصُ فِي كَلَامِهِ:** سۆزىدە كېكەچلىدى، دۇدۇقلىدى.

**تَعْتِيمٌ:** كېچىكتۈرمەك، ئارقىغا تارتماق، سۆرىمەك، ئارقىغا بۇرىماق، ھايال قىلماق.

**اَلتَّعْتِيمُ عَلَى الْخَبَرِ:** خەۋەرنى بىلمەس بولۇۋېلىش ياكى يوشۇرۇش.

**نِظَامُ التَّعْتِيمِ:** يورۇقلۇقنى تىزگىنلىمەك.

**تَعَثَّرَ يَتَعَثَّرُ تَعَثُّرًا الرَّجُلُ:** پۇتلاشتى، يىقىلىپ چۈشتى.

**تَعَثَّرَ لِسَانُهُ:** دۇدۇقلىدى، كېكەچلىدى، تىلى كالۋالاشتى.

**تَعَثَّرَ الْإِنْسَانُ أَوِ الْحَيَوَانُ:** ئىنسان ياكى ھايۋان تېيىلىپ كەتتى، تېيىلدى.

**تَعَثَّرَ الْمَشْرُوعُ:** پىلان بىرەر توسالغۇغا ئۇچرىدى.

**تَعَجَّبَ يَتَعَجَّبُ تَعَجُّبًا:** ئەجەبلەندى، ھەيران قالدى.

**تَعَجُّبٌ:** ئەجەبلەنمەك، ھەيران قالماق.

**صِيغَتَا التَّعَجُّبِ (فِي النَّحْوِ) «مَا أَفْعَلَهُ وَأَفْعِلْ بِهِ» :** دىن ئىبارەت ئىككى تەئەججۇپ سىغىسى.

**تَعَجَّلَ يَتَعَجَّلُ تَعَجُّلًا فِي الْأَمْرِ:** ئالدىرىدى، تېز بولدى، جىددىيلەشتى.

**«فَمَنْ تَعَجَّلَ فِي يَوْمَيْنِ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ» (قرآن) :** مىنادىن ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

**تَعَجَّلَ الشَّخْصَ:** تېز بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

**تَعَجَّلَ الشَّيْءَ:** ۋاقتىدىن بۇرۇن ئالدى.

**تَعَجَّنَ يَتَعَجَّنُ تَعَجُّنًا:** خېمىر بولدى.

**تَعَجْرَفَ يَتَعَجْرَفُ تَعَجْرُفًا:** تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۆزىنى چوڭ تۇتتى، گىدەيدى، مەنمەنلىك قىلدى، زۇلۇم قىلدى.

**تَعَجْرَفَ الْأَمْرَ:** ئىشنى ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلدى.

**تَعَجْرَفَ عَلَى النَّاسِ:** كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلدى.

**تَعْدَادٌ:** ئىستاتىستىكا، ئومۇملاشتۇرۇپ ھېسابلىماق.

**تَعْدَادٌ عَامٌّ:** ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرمەك، ئومۇمىي تىزىملىك.

**تَعْدَادٌ ج تَعْدَادَاتٌ:** بەلگىلىك مەزگىلدە نوپۇس ئىستاتىستىكا قىلىش.

**تَعَدَّدَ يَتَعَدَّدُ تَعَدُّدًا:** ئاينىدى، كۆپەيدى، ئۆستى.

**تَعَدَّدَ عَلَى:** ئېشىپ كەتتى، بېسىپ چۈشتى.

**«تَعَدَّدَتِ الْحَوَادِثُ بِسَبَبِ السُّرْعَةِ فِي قِيَادَةِ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



السَّيَّارَةِ» : ماشىنا ھەيدەشتە سۈرئەت تېز بولۇپ كەتكەنلىكتىن ۋەقەلەر كۆپەيدى.

تَعَدُّدٌ: بىرقانچە، بىرنەچچە، كۆپچىلىك، كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ سانلىق.

«يَتَمَيَّزُ هَذَا الْجِهَازُ بِتَعَدُّدِ اسْتِعْمَالِهِ» : بۇ ئۈسكۈنە كۆپ تەرەپلىمە ئىشلىتىش ئالاھىدىلىككە ئىگە.

تَعَدُّدُ الزَّوْجَاتِ: كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش.

تَعَدُّدُ الْآلِهَةِ: كۆپ خۇدالىق دىن، مۇشرىكلىك.

تَعَدَّلَ يَتَعَدَّلُ تَعَدُّلًا: ئۆزگەردى، تۈزۈلدى.

«كَانَ الطَّقْسُ حَارًّا وَلَكِنَّهُ تَعَدَّلَ» : ھاۋا ئىسسىق ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزگەردى.

تَعَدَّى يَتَعَدَّى تَعَدِّيًا: ھالقىپ كەتتى، ئاشۇرۇۋەتتى، ھەددىدىن ئاشتى.

«وَمَنْ يَتَعَدَّ حُدُودَ اللهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ» (قرآن) : كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

تَعَدَّى عَلَيْهِ: زۇلۇم قىلدى، ئەزدى، تاجاۋۇز قىلدى.

تَعَدَّى عَلَى حَقِّهِ: ئۇنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزدى، ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، ئۇنىڭ ھەققىگە چېقىلدى.

تَعَدَّى الْفِعْلُ: پېئىل ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندى، پېئىل ئۆتۈملۈك بولدى.

«تَعَدَّى عَلَيْهِ بِالضَّرْبِ» : ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا چېقىلدى.

«لَمْ يَتَعَدَّ الْخَامِسَةَ مِنْ عُمْرِهِ» : ئۇ بەش ياشقا توشمىدى.

تَعَدٍّ ج تَعَدِّيَاتٌ: دەخلى قىلماق، تاجاۋۇز قىلماق، چېقىلماق؛ قانۇنسىزلىق، قانۇننى بۇزماق، ھالقىپ كەتمەك، ھەددىدىن ئاشماق.

«أَزَالَتِ الشُّرْطَةُ التَّعَدِّيَاتِ عَلَى الطَّرِيقِ» : ساقچى يولدىكى قانۇنسىز ئىشلارنى تۈگەتتى.

تَعْدِيَةٌ: ئۆتمەك، ئۆتكۈزمەك، كەچمەك؛ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرماق (گىراماتىكىدا)

تَعْدِيلٌ: ئۆزگەرتمەك، تۈزەتمەك، باشقىدىن ئىشلەپ چىقماق، قۇرماق، رەتلىمەك.

تَعْدِيلُ الْأَحْكَامِ: ھۆكۈمنى ئۆزگەرتمەك؛ جازانى يېنىكلەتمەك.

تَعْدِيلُ الضَّرَائِبِ: باجنى ئۆزگەرتمەك؛ باجنى يېنىكلەتمەك.

تَعْدِيلٌ وِزَارِيٌّ: ئىچكى كابىنېت تەشكىل قىلماق.

تَعَذَّبَ يَتَعَذَّبُ تَعَذُّبًا: قىينالدى، ئازابلاندى، ئەلەم تارتتى.

تَعَذَّرَ يَتَعَذَّرُ تَعَذُّرًا عَلَيْهِ الْأَمْرُ: قىيىن بولدى، مۇشكۇل بولدى، قولىدىن كەلمىدى.

«تَعَذَّرَ عَلَيَّ الذَّهَابُ بِسَبَبِ الْعَاصِفَةِ» : قارا بوران تۈپەيلىدىن ماڭا بېرىش قىيىن بولدى.

تَعَذُّرٌ: قىيىن، مۇشكۇل، تەس، مۇمكىن بولمايدىغان.

تَعْذِيبٌ: ئازابلىماق، قىينىماق.

تَعْذِيبُ الْمُتَّهَمِ بِجَرِيمَةٍ: جىنايەتچىنى قاتتىق قىينىماق.

تَعَرَّبَ يَتَعَرَّبُ تَعَرُّبًا: ئەرەبكە ئوخشىدى، ئەرەبنى دورىدى، ئەرەبلەشتى، قىردا تۇرۇپ ئەئرابى بولۇپ كەتتى.

تَعَرَّجَ يَتَعَرَّجُ تَعَرُّجًا الطَّرِيقُ أَوِ النَّهْرُ: يول ياكى دەريا ئەگىدى، قىڭغىر بولدى، ئەگرى بولدى.

تَعَرُّجٌ ج تَعَرُّجَاتٌ: دولقۇنسىمان، ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىز ـ پەس، بىر ئۆرلەپ ـ بىر پەسىيىپ تۇرىدىغان، داۋالغۇماق، بىر تەرەپكە قايرىلماق؛ ھەرە چىشسىمان.

تَعَرَّضَ يَتَعَرَّضُ تَعَرُّضًا لَهُ: ئۇنىڭغا توسالغۇ بولدى، توسقۇنلۇق قىلدى؛ دۇچ كەلدى، ئۇچرىدى، يولۇقتى.

تَعَرَّضَ الْأَمْرَ: قارشى تۇردى، قارشى چىقتى.

تَعَرَّضَ لِلْأَمْرِ: ئىشقا ئارىلاشتى.

تَعَرَّضَ لِـ : ... غا، گە كۈچ چىقاردى، ئۆزىنى بېغىشلىدى.

تَعَرَّضَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭغا زەربە بەردى.

تَعَرَّضَ لِلْمَكْرُوهِ: كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقتى.

تَعَرَّضَ لِحَادِثٍ: ۋەقەگە يولۇقتى.

تَعَرُّضٌ: دۇچكەلمەك، دوقۇرۇشماق، يولۇقماق.

تَعَرَّقَ يَتَعَرَّقُ تَعَرُّقًا الْأَمْرُ: ئىش ئېنىقلاندى،

ئىش بەلگىلەندى.

**تَعَرَّفَ الْأَمْرَ:** ئىشقا قاراپ چىقتى، مۇھاكىمە قىلدى، تەكشۈردى، قىدىردى.

**تَعَرَّفَ الشَّيْءَ:** تەكشۈردى، ئىزدىنىپ بىلىۋالدى.

**تَعَرَّفَ الضَّالَّةَ:** يوقالغان نەرسىنى تاپتى، ئىزدىدى.

**تَعَرَّفَ بِهِ:** تونىدى.

**تَعَرَّفَ الْإِسْمُ «فِي النَّحْوِ»:** ئىسىم مەئرىپە بولدى.

**تَعَرَّفَ إِلَيْهِ:** تونۇدى.

**تَعَرَّفَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتى.

**«تَعَرَّفْتُ عَلَيْهِ قَبْلَ ثَلاثِيْنَ عَامًا»:** ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز يىل بۇرۇن تونۇشقانىدىم.

**تَعَرُّفٌ:** تونۇشماق، تونۇماق.

**«أُحِبُّ التَّعَرُّفَ إِلَى أَصْدِقَائِكَ الْجُدُدِ»:** مەن سىنىڭ يېڭى دوستلىرىڭ بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى ياقتۇرىمەن.

**تَعَرَّقَ يَتَعَرَّقُ تَعَرُّقًا الْعَظْمَ:** سۆڭەك غاجىلىدى.

**تَعَرَّقَ الشَّجَرُ:** دەرەخ يىلتىز تارتتى.

**تَعَرَّقَ الْخَمْرَ:** هاراققا سۇ قۇيۇپ سۇيۇلدۇردى.

**تَعَرْقَلَ يَتَعَرْقَلُ تَعَرْقُلاً الْأَمْرُ:** ئىش مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، ئىش تەسلىشىپ كەتتى، ئىش قىيىنلىشىپ كەتتى، چىگىلەشتى.

**تَعَرَّمَ يَتَعَرَّمُ تَعَرُّمًا:** خۇشال بولدى، قىزىقتى، شادلاندى.

**تَعَرَّمَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى دۆۋىلىدى.

**تَعَرَّمَ الْعَظْمَ:** سۆڭەكتىن گۆشنى شىلىدى.

**تَعَرَّى يَتَعَرَّى تَعَرِّيًا:** يالىڭاچلاندى، ئېچىلىپ قالدى.

**تَعَرَّى مِنْ الْعَيْبِ:** ئەيىبتىن خالى بولدى.

**تَعْرِفَةٌ:** باها جەدۋىلى، توشۇش هەققى جەدۋىلى.

**تَعْرِيبٌ:** ئەرەبچىلەشتۈرمەك، ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلماق.

**تَعْرِيْبُ الْكَلِمَةِ الْأَعْجَمِيَّةِ:** غەيرىي ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلىشى.

**«هَذِهِ الْقِصَّةُ مِنْ تَعْرِيبِ فُلَانٍ»:** بۇ هېكايىنى پالانى ئەرەبچىلەشتۈرگەن.

**«قَامَتِ الدُّوَلُ الْعَرَبِيَّةُ بِتَعْرِيبِ التَّعْلِيمِ بَعْدَ اسْتِقْلَالِهَا»:** ئەرەب دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن تەلىم - تەربىيىنى ئەرەب تىلى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

**تَعْرِيَةٌ:** يالىڭاچلىماق.

**تَعْرِيجٌ ج تَعَارِيجُ:** ئەگرى - بۈگرى، ئەگرى - توقاي.

**تَعَارِيجُ ضَوْئِيَّةٌ:** يورۇقلۇق دولقۇنى.

**تَعْرِيضٌ:** پۇرىتىپ ئېيتىش، كىنايە بىلەن بىلدۈرۈش، تەرىز قىلىش.

**تَعْرِيضٌ لِلضَّغْطِ:** بېسىم ئىشلىتىش.

**تَعْرِيْفٌ:** ئۇقتۇرماق، چۈشەندۈرمەك، مەلۇم قىلماق؛ تەبىر بەرمەك، تونۇتماق، تونۇشتۇرماق.

**أَدَاةُ التَّعْرِيْفِ:** ئەرەب تىلىدا ئىسىمنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئېنىق ئىسىمغا ئايلاندۇرىدىغان «ال» قوشۇمچىسى.

**«كَتَبَ رِسَالَةَ تَعْرِيْفٍ»:** تونۇشتۇرۇش خېتى يازدى.

**اَلتَّعْرِيْفُ بِسِيْرَةِ الْكَاتِبِ وَ مُؤَلَّفَاتِهِ:** يازغۇچىنىڭ هاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش.

**تَعْرِيفَةٌ ج تَعْرِيفَاتٌ:** مال باهاسى، ئىش هەققى ياكى قاتناش رەسمىيەتلىرى يېزىلغان جەدۋەل.

**تَعْرِيفَةُ الْأُجُورِ:** مائاش جەدۋىلى.

**لَجْنَةُ التَّعْرِيْفَةِ:** باج ئىدارىسى.

**تَعْرِيفَاتٌ جُمْرُكِيَّةٌ:** تاموژنا بېجى جەدۋىلى.

**تَعْرِيْقٌ:** تەرلەتمەك؛ دولقۇنسىمان سىزىق تارتماق.

**تَعَزَّبَ يَتَعَزَّبُ تَعَزُّبًا:** ئۆيلەنمىدى، بويتاق ياشىدى.

**تَعَزَّزَ يَتَعَزَّزُ تَعَزُّزًا بِهِ:** مەغرۇرلاندى، پەخىرلەندى؛ كۈچەيدى، قۇدرەت تاپتى.

**«تَعَزَّزَ مَرْكَزُهُ بَعْدَ فَوْزِهِ فِي الْاِنْتِخَابَاتِ»:** سايلامدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنى كۈچەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى uyghurkitap.com



**تَعَزَّلَ يَتَعَزَّلُ تَعَزُّلاً الشَّيْءُ عَنْهُ:** بوشىتىلدى، قالدۇرۇلدى، ئېلىپ تاشلاندى.

**تَعَزَّى يَتَعَزَّى تَعَزِّيًا:** سەۋر قىلدى، بەرداشلىق بەردى، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، چىدىدى.

**تَعَزَّى عَنْ مُصَابِهِ:** دەرد- ئەلەمگە چىدىدى، سەۋر- تاقەت قىلدى.

**تَعَزَّى عَنْهُ:** كۆڭلىنى ياسىدى، تەسەللى بەردى.

**تَعَزْقَلَ يَتَعَزْقَلُ تَعَزْقُلاً:** جابدۇندى، چىرايلىق كىيىندى، ياساندى.

**تَعْزِيَةٌ ج تَعَازٍ:** تەسەللى، تەزىيە.

**خِطَابُ تَعْزِيَةٍ:** تەزىيە خېتى، تەزىيەنامە.

**«بَعَثَ إِلَيْهِ بِبَرْقِيَّةِ تَعْزِيَةٍ» :** ئۇنىڭغا تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىدى.

**«قَدَّمُوا لَهُ التَّعَازِيَ بِوَفَاةِ وَالِدِهِ» :** ئۇنىڭغا دادىسى ۋاپات بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە بىلدۈردى.

**تَعْزِيزٌ:** كۈچەيتمەك.

**تَعِسَ و تَعَسَ يَتْعَسُ تَعْسًا و تَعَسًا:** ئازاب چەكتى؛ بەختسىز بولدى، دۇم چۈشتى، ھالاك بولدى.

**«تَعِسَ عَبْدُالدِّيْنَارِوَالدِّرْهَمِ وَالْقَطِيفَةِإِنْ أُعْطِيَ رَضِيَ وَإِنْ لَمْ يُعْطَلَمْ يَرْضَ» ‹الحديث› :** بېرىلسە مەمنۇن بولىدىغان، بېرىلمىسە نارازى بولىدىغان تەڭگە - تىللا ۋە پەرقۇتنىڭ بەندىسى بەختسىز بولۇپ كەتسۇن.

**تَعَسَ فِي حَيَاتِهِ:** بەختسىز بولدى؛ ھالاك بولدى.

**تَعَسَهُ اللّٰهُ:** ئاللاھ ئۇنى ھالاك قىلسۇن!

**تَعْسٌ:** بەختسىزلىك، بىچارىلىك.

**تَعْسًا لَهُ:** ھالاك بولسۇن، جۇۋاينىمەك، بېشىنى يېسۇن، ئۆلگۈر.

**«وَالَّذِيْنَ كَفَرُوا فَتَعْسًا لَهُمْ وَأَضَلَّ أَعْمَالَهُمْ» ‹قرآن› :** كۇففارلارنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ.

**«لَمَّا نَبَذْنَا الْعَمَلَ بِالْكِتَابِ وَالسُّنَّةِ حَلَّ بِنَا التَّعَسُ وَالشَّقَاءُ» :** بىز ئىشنى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بويىچە ئېلىپ بارمىغاندۇق، بىزگە بەختسىزلىك ۋە بىچارە-لىك يۈزلەندى.

**تَعِسٌ ج تُعَسَاءُ:** بەختسىز، بىچارە، بىتەلەي، بەختى قارا، شۇم پېشانە.

**تَعَسَّرَ يَتَعَسَّرُ تَعَسُّرًا عَلَيْهِ الْأَمْرُ:** ئىش ئۇنىڭغا قىيىن بولدى، ئىش ئۇنىڭغا تەس بولدى.

**تَعَسَّفَ يَتَعَسَّفُ تَعَسُّفًا الْأَمْرَ:** ئىشنى ئويلىماي قىلدى، قارىغۇلارچە ئىش قىلدى، قارىسىغا ئىش قىلدى، كەلسە - كەلمەس ئىش قىلدى، يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلدى.

**تَعَسَّفَ عَنِ الطَّرِيقِ:** يولدىن ئازدى، يولدىن چىقىپ كەتتى، سىزىقتىن چىقىپ كەتتى.

**تَعَسَّفَ فِي رَأْيِهِ:** ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، ئۆزى بىلگىنىنى قىلدى، باش - باشتاقلىق قىلدى، قارىسىغا گەپ قىلدى، يولسىزلىق قىلدى.

**تَعَسَّفَهُ:** ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدى، ئۇنى ئەزدى، ئۇنى بوزەك قىلدى.

**تَعَسُّفٌ:** زۇلۇم قىلماق، ئۆكتەملىك قىلماق، زورلۇق قىلماق، يولسىزلىق قىلماق.

**تَعَسُّفِيٌّ:** زالىملىق، زورلۇق، زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك، ئۆز بېشىمچىلىق.

**رَأْيٌ تَعَسُّفِيٌّ:** يولسىز پىكىر.

**«اِتَّخَذَ ضِدَّهُ إِجْرَاءً تَعَسُّفِيًّا» :** ئۇنىڭغا قارشى يولسىزلىق قىلدى.

**أَعْمَالٌ تَعَسُّفِيَّةٌ:** زورلۇق - زومبۇلۇقلار، يولسىز ئىشلار.

**تَعَسْعَسَ يَتَعَسْعَسُ تَعَسْعُسًا الذِّئْبُ:** بۆرە ئوزۇق ئىزدەپ يۈردى، كېچىدە ئوزۇق ئىزدىدى.

**تَعَسْعَسَ الشَّيْءَ:** يىلدىدى، يۈردى.

**تَعَشَّقَ يَتَعَشَّقُ تَعَشُّقًا:** كۆيۈپ قالدى، ئاشىق بولدى، مۇھەببەت باغلىدى.

**تَعَشَّمَ يَتَعَشَّمُ تَعَشُّمًا:** ئۈمىد قىلدى، ئارزۇ قىلدى.

**تَعَشَّى يَتَعَشَّى تَعَشِّيًا:** كەچلىك تاماق يېدى.

**تُرْسٌ تَعْشِيقٌ:** چىشلىق چاق، سىستېرەنگە.

**تَعَصَّبَ يَتَعَصَّبُ تَعَصُّبًا:** بېشىنى لاتا بىلەن تېڭىۋالدى.

**تَعَصَّبَ فِي مَذْهَبِهِ:** مەزھىپىدە مۇتەئەسسىپلىك قىلدى، مەزھىپىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى.

**تَعَصَّبَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا قارشى تۇردى، قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشىلاشتى.

**تَعَصَّبَ لِشَخْصٍ أَوْ مَبْدَأٍ:** تەرىپىنى ئالدى، تەرەپدارلىق قىلدى، مەزھەپچىلىك قىلدى.

**تَعَصُّبٌ:** تەرسالىق، جاھىللىق، ئۆزۈمنىڭ توغرا دەپ تۇرىۋالماق، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق، مۇتەئەسسىپلىك، قارىغۇلارچە ئىشىنىش.

**تَعَصُّبٌ دِينِيٌّ أَوْ مَذْهَبِيٌّ:** دىن ياكى مەزھەپنىڭ بىر تەرەپلىمە قارشى، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىق.

**اَلتَّعَصُّبُ الْوَطَنِيُّ:** شوۋىنىزم.

**اَلتَّعَصُّبُ الْعُنْصُرِيُّ:** ئىرقچىلىق.

**تَعَصَّى يَتَعَصَّى تَعَصِّيًا الْأَمْرُ:** ئىش قىيىنلاشتى، ئىش مۇشكۇل بولدى، ئىش تەس بولدى.

**تَعَصَّى عَلَيْهِ:** توپىلاڭ كۆتۈردى، ئىسيان كۆتۈردى، ئاسىيلىق قىلدى.

**تَعَضَّلَ يَتَعَضَّلُ تَعَضُّلاً الدَّاءُ الْأَطِبَّاءَ:** كېسەلنى داۋالاشتىن دوختۇرلار ئاجىز كەلدى.

**تَعَضْوَنَ يَتَعَضْوَنُ تَعَضْوُنًا:** ئەزا بولدى.

**تَعْضِيدٌ:** ياردەملەشمەك، ياردەم بەرمەك، ياردەم قىلماق.

**تَعَطَّبَ يَتَعَطَّبُ تَعَطُّبًا:** بۇزۇلدى، كاردىن چىقتى، رولىنى يوقاتتى، بۇراك مالغا ئايلاندى.

**تَعَطَّرَ يَتَعَطَّرُ تَعَطُّرًا:** خۇش پۇراقلىق بولدى، خۇش پۇراق ئىشلەتتى، مۇئەتتەر بولدى.

**تَعَطَّرَتِ الْبِنْتُ:** قېرى قىز بولۇپ ئەرگە تەگمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

**تَعَطَّشَ يَتَعَطَّشُ تَعَطُّشًا الرَّجُلُ:** ئۇسسۇزلۇقتا چىدىدى، ئۇسسۇزلۇقتا سەۋر قىلدى، ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بەردى.

**تَعَطَّشَ إِلَى الشَّيْءِ:** قاتتىق قىزىقتى، قاتتىق ئىنتىلدى، تەشنا بولدى.

**تَعَطَّشَ لِـ:** تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى، ئارزۇ قىلدى، ئىنتىلدى.

**تَعَطَّشَ إِلَى الْمَالِ:** مال ـ دۇنياغا قاتتىق قىزىقتى.

**تَعَطَّشَ الْمَجْدَ:** شان ـ شەرەپكە قاتتىق ئىنتىلدى.

**تَعَطَّفَ يَتَعَطَّفُ تَعَطُّفًا:** مايىل بولدى، ئاغدى؛ پەلتو كىيدى.

**تَعَطَّفَ عَلَيْهِ:** خەيرخاھلىق قىلدى، ھېسداشلىق قىلدى، ئىچ ئاغرىتتى، كۆيۈندى، ياخشى نىيەتتە بولدى.

**«يَتَعَطَّفُ عَلَى الْفُقَرَاءِ مِنْ أَقَارِبِهِ»:** ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان نامراتلارغا ھېسداشلىق قىلدى.

**تَعَطَّلَ يَتَعَطَّلُ تَعَطُّلاً:** ئىشتىن قالدى، بىكار قالدى، ئىشسىز بولۇپ قالدى.

**«تَعَطَّلَ خَطُّ الْهَاتِفِ بِسَبَبِ الْعَوَاصِفِ»:** تېلېفون يولى بوران سەۋەبىدىن بۇزۇلدى.

**تَعَطَّلْتُ عَنْ عَمَلِي أُسْبُوعًا:** مەن بىر ھەپتە خىزمىتىمدىن قالدىم.

**تَعَطَّلَتِ الْمَدْرَسَةُ:** مەكتەپ تەتىل قويۇپ بەردى، تەتىل قىلدى.

**تَعَطَّلَتِ الْقَوَانِينُ:** قانۇنلار ئەمەلدىن قالدى.

**تَعَطَّى يَتَعَطَّى تَعَطِّيًا:** تىلىدى، قەلەندەرچىلىك قىلدى، تىلەمچىلىك قىلدى، دىۋانىچىلىك قىلدى؛ ئالدىرىدى، تاقەتسىزلەندى، تەقەززا بولدى.

**تَعْطِيلٌ:** بىكار قىلماق، ئىشتىن قالدۇرماق، ئىشتىن توختاتماق.

**مَذْهَبُ التَّعْطِيلِ:** ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ مەزھىپى.

**تَعْطِينٌ:** ئاشلىماق؛ چىلىماق، نەملىمەك؛ دەملىمەك.

**تَعَظَّمَ يَتَعَظَّمُ تَعَظُّمًا:** مەنمەنچىلىك قىلدى، چوڭچىلىق قىلدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۆزىنى چوڭ تۇتتى.

**تَعْظِيمٌ:** تەقدىرلىمەك، ماختىماق، كۈيلىمەك؛ ھۆرمەتلىمەك، ئىززەتلىمەك، ئۇلۇغلىماق.

**تَعَّ يَتَعُّ تَعَّةً و تَعًّا:** پۇت ـ قولى بوشاپ كەتتى، ھالسىزلاندى، قەي قىلدى، ياندۇردى، قۇستى.

**تَعٌّ. تَعَّةٌ:** قۇسماق، بوشىماق.

**تَعَفَّرَ يَتَعَفَّرُ تَعَفُّرًا:** چاڭ ـ توزانغا تولۇپ كەتتى، توپا بېسىپ كەتتى، توپىدا يۇمۇلاندى.

**تَعَفْرَتَ يَتَعَفْرَتُ تَعَفْرُتًا الصَّبِيُّ:** بالا شەيتانلىق قىلدى، ھەييارلىق قىلدى، قۇۋلۇق قىلدى؛

ئالۋاستىغا ئايلاندى، جىنغا ئايلاندى.

**تَعَفَّفَ يَتَعَفَّفُ تَعَفُّفًا:** ئىپپەتلىك بولدى، دىيانەتلىك بولدى، ئەدەپلىك بولدى، ئەخلاقلىق بولدى، پاك بولدى.

**تَعَفُّفٌ:** ئىپپەتلىك بولماق، نومۇسچان بولماق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولماق، يامان سۆز ھەرىكەتلەردىن يىراق بولماق.

«يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ» (قرآن): ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ.

**تَعَفَّنَ يَتَعَفَّنُ تَعَفُّنًا:** سېسىدى، چىرىدى، بۇزۇلدى، يىرىڭلىدى.

**تَعَفَّنَتِ الْجُثَّةُ:** جەسەت چىرىدى، سېسىدى.

**تَعَفُّنٌ:** چىرىمەك، سېسىماق، بۇزۇلماق؛ يىرىڭدىماق.

**مُضَادُّ التَّعَفُّنِ:** زەھەرگە قارشى دورا، چىرىشتىن ساقلاش دورىسى.

**تَعَفَّى يَتَعَفَّى تَعَفِّيًا:** ئۆچتى، يوقالدى، غايىب بولدى، يوشۇرۇندى.

**تَعَقَّبَ يَتَعَقَّبُ تَعَقُّبًا ـ هُ:** ئىزىدىن قوغلىدى، ئىزىغا چۈشتى، كەينىگە كىردى.

«تَعَقَّبَ آثَارَ اللِّصِّ حَتَّى عَثَرَ عَلَيْهِ»: ئوغرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ مېڭىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

**تَعَقُّبٌ:** ئىز باسماق، ۋارىسلىق قىلماق؛ ئارقىسىدىن قوغلىماق، ئىزىغا چۈشمەك، پېيىگە چۈشمەك.

**تَعَقَّدَ يَتَعَقَّدُ تَعَقُّدًا:** قاتتى، ئۇيۇدى.

**تَعَقَّدَ الْأَمْرُ:** ئىش مۇرەككەپلەشتى، ئىش چىگىشلەشتى؛ چىرماشتى.

**تَعَقَّدَ الْكَلَامُ:** سۆزنى چۈشىنىش قىيىن بولدى، سۆز چۈشىنىكسىز بولدى.

**تَعَقَّرَ يَتَعَقَّرُ تَعَقُّرًا ظَهْرُ الدَّابَّةِ مِنَ الرَّحْلِ أَوِالسَّرْجِ:** يۈك ـ تاق ياكى ئېگەر ئۇلاغنىڭ دۈمبىسىنى غاجاپ يارا قىلىۋەتتى، سۈركەپ يارا قىلىۋەتتى.

**تَعَقَّلَ يَتَعَقَّلُ تَعَقُّلًا:** چوڭقۇر پىكىر قىلدى، چوڭقۇر ئويلاندى، پىكىر يۈرگۈزدى.

**تَعَقَّمَ يَتَعَقَّمُ تَعَقُّمًا:** يۇقۇمسىزلاندۇرۇلدى، دېزىنفېكسىيە قىلىندى.

**تَعْقِيبَةٌ:** سۆزنەك.

**تَعْقِيدٌ:** قالايمىقانلاشتۇرماق، مۇرەككەپلەشتۈرمەك، چىگىشلەشتۈرمەك، پاراكەندە قىلدۇرمەك؛ قىيىنلاشتۇرماق.

**تَعْقِيمٌ:** مىكروب يوقاتماق، زەھەرسىزلەندۈرمەك، مىكروبسىزلاندۇرماق.

**تَعَكَّزَ يَتَعَكَّزُ تَعَكُّزًا عَلَى عُكَازَتِهِ:** ھاسىسىغا يۆلەندى، ھاسىسىغا تاياندى.

**تَعَكَّفَ يَتَعَكَّفُ تَعَكُّفًا فِي الْمَكَانِ:** يوشۇرۇندى، خىلۋەتچىلىكتە ياشىدى، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدى، تەركىدۇنيا بولدى، ئېتىكاپتا ئولتۇردى.

**تَعَكَّنَ يَتَعَكَّنُ تَعَكُّنًا الْبَطْنُ:** سېمىزلىكتىن قورساق قاتلىنىپ كەتتى.

**تَعَكَّنَ الشَّيْءُ:** دۆۋىلىنىپ كەتتى، توپلىنىپ كەتتى.

**تَعَلَّقَ يَتَعَلَّقُ تَعَلُّقًا بِشَيْءٍ:** تۇتۇۋالدى، ئېسىلىۋالدى، ئالاقىدار بولدى.

**يَتَعَلَّقُ بِالْحَيَاةِ:** تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك، ھاياتقا ئالاقىدار.

«سَنَبْحَثُ الْيَوْمَ كُلَّ مَا يَتَعَلَّقُ بِهَذِهِ الْمُشْكِلَةِ»: بۈگۈن بىز بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

**تَعَلَّقَ بِهِ:** مۇناسىۋەتلىك بولدى، ئالاقىدار بولدى.

**فِيمَا يَتَعَلَّقُ بِـ:** ... غا مۇناسىۋەتلىك، ... غا دائىر، ... غا مۇناسىۋەتلىك بولغان.

**تَعَلَّقَ أَمْرٌ بِأَمْرٍ:** بىر ئىش يەنە بىر ئىشقا باغلاندى.

**تَعَلَّقَ بِالْحِبَالَةِ:** تورغا چۈشتى.

**تَعَلَّقَ بِحُبِّهَا:** ئۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

«كَادَ يَغْرَقُ وَلَكِنَّهُ تَعَلَّقَ بِخَشَبَةٍ طَافِيَةٍ فَنَجَا»: ئۇ غەرق بولۇپ كېتىشكە تاس قالدى، لېكىن ئۇ لەيلەپ تۇرغان ياغاچقا ئېسىلىۋېلىپ ھايات قالدى.

**تَعَلَّقَتِ الْأُنْثَى:** ئايال ھامىلدار بولدى، بويىدا قالدى، ئېغىر ئاياغ بولدى.

**تَعَلُّقٌ:** ئېسىلماق.

**تَعَلَّلَ يَتَعَلَّلُ تَعَلُّلاً:** سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى، پاكىت دەپ سانىدى، دەلىل ھېسابلىدى، ئۆزرىسىنى ئېيتتى.

**تَعَلَّلَ بِالْأَمْرِ:** ئالدىرىدى.

**«تَعَلَّلَ بِالْمَرَضِ لِتَبْرِيْرِ غِيَابِهِ»:** ھازىر بولالمىغانلىقىغا كېسەللىكنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

**تَعَلَّلَ بِالْأَمَلِ:** قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى.

**تَعَلَّمَ يَتَعَلَّمُ تَعَلُّمًا الشَّيْءَ:** ئۆگەندى، ئوقىدى، تەربىيە ئالدى، تەلىم ئالدى.

**تَعَلَّمَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ:** ئەرەب تىلىنى ئۆگەندى.

**تَعَلَّمَ الْحِسَابَ:** ھېسابنى ئۆگەندى.

**تَعَلَّمَ فُنُونَ الْقِتَالِ:** ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆگەندى.

**«وَيَتَعَلَّمُونَ مَايَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنْفَعُهُمْ» ‹قرآن›:** ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى.

**تَعَلِّيٌّ:** قەدەممۇ قەدەم ئۆمىلىمەك، تەدرىجى كۆتۈرۈلمەك؛ تەكەببۇرلۇق قىلماق، ھاكاۋۇرلۇق قىلماق.

**تَعْلِيبٌ:** كونسېرۋا ياسىماق.

**تَعْلِيَةٌ:** يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك، ئۆسمەك.

**تَعْلِيْقٌ ج تَعْلِيْقَاتٌ وَتَعَالِيْقُ:** ئاسماق، ئېسىپ قويماق؛ باھا، ئىزاھ، چۈشەنچە، (كىتابنىڭ ئارىسىغا يېزىلغان شەرھى ۋە ئىزاھلار)

**مِصْبَاحُ تَعْلِيْقٍ:** ئاسما چىراغ، ئاسما پانار.

**بِدُونِ تَعْلِيْقٍ:** ئىزاھسىز، چۈشەنچىسىز، شەرھسىز.

**«نَشَرَتْ اِحْدَى الصُّحُفِ تَعْلِيْقًاعَلَىَهَذَا الْخَبَرِ»:** گېزىتلەرنىڭ بىرى بۇ خەۋەرگە باھا ئېلان قىلدى.

**تَعْلِيْلٌ ج تَعْلِيْلاَتٌ:** ئاقلاش؛ چۈشەندۈرۈش، سەۋەبىنى بايان قىلىش.

**«لَمْ يَكُنْ تَعْلِيْلُهُ لِمَا حَدَثَ مُقْنِعًا»:** يۈز بەرگەن ئىشقا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى.

**تَعْلِيْمٌ ج تَعَالِيْمُ:** تەلىم - تەربىيە، مائارىپ، تەربىيىلىمەك، يېتىشتۈرمەك، ئۆستۈرمەك، تەلىم بەرمەك، ئۆگەتمەك، ئوقۇتماق.

**التَّعْلِيْمُ الْعَالِي:** ئالىي مائارىپ.

**التَّعْلِيْمُ الرَّسْمِيُّ:** دۆلەت مائارىپى.

**التَّعْلِيْمُ الْأَهْلِيُّ:** شەخسىلەر ئاچقان مەكتەپ مائارىپى.

**تَعْلِيْمُ الْكِبَارِ:** چوڭلار مائارىپى.

**اَلتَّعْلِيْمُ الْإِلْزَامِيُّ:** مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە، مەجبۇرىي مائارىپ.

**اَلتَّعْلِيْمُ الْمُخْتَلَطُ:** قىز - ئوغۇللار بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇيدىغان مائارىپ.

**سِنُّ التَّعْلِيْمِ:** ئوقۇش يېشى.

**مَرَاحِلُ التَّعْلِيْمِ:** ئوقۇتۇش باسقۇچلىرى.

**رِجَالُ التَّعْلِيْمِ:** مائارىپچىلار، پېداگوكلار.

**فَنُّ التَّعْلِيْمِ:** ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، پېداگوگىكا.

**صَدَرَتِ التَّعْلِيْمُ بِكَذَا:** ... توغرىلىق پەرمان چۈشتى.

**تَعْلِيْمَاتٌ:** تەلىمات، يوليورۇق، كۆرسەتمە؛ بۇيرۇق، ئەمىر - پەرمان.

**تَعْلِيْمَاتٌ طِبِّيَّةٌ:** تىببىي تەلىماتلار.

**تَعْلِيْمِيٌّ:** تەربىيىگە ئائىت، مائارىپقا ئالاقىدار، تەربىيىنىڭ، مائارىپنىڭ.

**تَعَمَّدَ يَتَعَمَّدُ تَعَمُّدًا الْأَمْرَ:** قىلماقچى بولدى، قىلىشنى ئويلىدى، قىلىش نىيىتىگە كەلدى، كۆڭلىگە پۈكتى؛ خىرىستىئان دىنىغا كىرىش قائىدىسىنى قىلدى.

**تَعَمُّدٌ:** نىيەت قىلماق، ئۇرۇنماق، مەقسەت قىلماق، ئويلىماق، كۆڭلىگە پۈكمەك.

**تَعَمُّدًا:** قەستەن، مەقسەتلىك، غەرەزلىك، ئەتەي.

**تَعَمُّدِيٌّ:** قەستەن، مەقسەتلىك، ئەتەي.

**تَعَمَّقَ يَتَعَمَّقُ تَعَمُّقًا فِي الْأَمْرِ:** چوڭقۇرلاشتى، چوڭقۇر تەتقىق قىلدى، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى، چوڭقۇرلاپ كىردى.

**تَعَمَّقَ فِي الْبَحْثِ:** چوڭقۇر ئىزدەندى، چوڭقۇر تەتقىق قىلدى.

**تَعَمَّمَ يَتَعَمَّمُ تَعَمُّمًا:** سەللە كىيدى، سەللە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇردى، سەللە يۆگىدى.

**تَعَمَّمَهُ:** ئۇنى «تاغا» دەپ چاقىردى.

**تَعْمِيَةٌ:** كۆز ئىمىر ـ چىمىر بولماق، يوشۇرماق، ياپماق، بوياپ كۆرسەتمەك، نىقابلانماق، يالغاندىن بىر خىل تۇسكە كىرىۋالماق، نىقاب.

**تَعْمِيْرٌ:** تەمىر قىلماق، قۇرماق، قۇرۇلۇش قىلماق، گۈللەندۈرمەك، ئاۋات قىلماق.

**إِعَادَةُ تَعْمِيْرِ الْمَدِيْنَةِ:** شەھەرنى قايتا قۇرۇپ چىقماق، شەھەرنى گۈللەندۈرمەك.

**بَنْكُ التَّعْمِيْرِ:** قۇرۇلۇش بانكىسى.

**بَنْكُ التَّعْمِيْرِ وَالْإِنْشَاءِ الدُّوَلِيُّ:** خەلقئارا گۈللەندۈرۈش بانكىسى.

**اَلْحَاجَةُ إِلَى التَّعْمِيْرِ:** قۇرۇلۇشقا موھتاج، گۈللەندۈرۈشكە موھتاج.

**وِزَارَةُ التَّعْمِيْرِ وَالْبِنَاءِ:** قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرى مىنىستىرلىكى.

**وِزَارَةُ الْإِسْكَانِ وَالتَّعْمِيْرِ:** قۇرۇلۇش ۋە ماكانلاشتۇرۇش مىنىستىرلىكى.

**تَعْمِيْمٌ:** ئومۇملاشتۇرماق، ئېلان قىلماق، جاكارلىماق، تاراتماق، تارقاتماق.

**«تَعْمِيْمُ التَّعْلِيْمِ الثَّانَوِيِّ»:** تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش.

**تَعْمِيْمُ الْكَهْرَبَاءِ:** ئېلېكترلەشتۈرمەك.

**تَعَنْقَدَ يَتَعَنْقَدُ تَعَنْقُدًا:** بىردىن ـ بىردىن ئېسىپ قويدى؛ دۆۋىلەپ قويدى.

**تَعَنَّتَ يَتَعَنَّتُ تَعَنُّتًا:** قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇندى، چارىسىز قالدۇرۇشقا ھەرىكەتلەندى؛ تەڭقىسلىقتا قالدۇردى؛ خاتالىققا ئېلىپ كەلدى.

**تَعَنَّتَ الرَّجُلُ:** تەرسالىق قىلدى، جاھىللىق قىلدى.

**تَعَنَّتَهُ وَ عَلَيْهِ مِنَ السُّؤَالِ:** گاڭگىرىتىپ قويدى، قىيناپ قويدى، تەڭلىكتە قالدۇردى، قىيىنچىلىقتا قالدۇردى.

**تَعَنَّتَ فِي آرَائِهِ:** ئۆز پىكرىدە تەرسالىق قىلدى، يولسىزلىق قىلدى.

**تَعَنُّتٌ:** تەرسالىق، كاجلىق، تەتۈرلۈك، جاھىللىق، چىڭ تۇرىۋالماق؛ چاپلىشىۋالماق؛ قۇسۇر تاپماق، تىرناق تېگىدىن كىر ئىزدەمەك.

**تَعَنَّى يَتَعَنَّى تَعَنِّيًا:** مۇشەققەت بىلەن ئىشلىدى ، قاتتىق چارچىدى.

**«تَعَنَّى الرَّجُلُ مِنْ أَجْلِ تَحْقِيْقِ أَحْلَامِهِ»:** ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا جاپا چەكتى.

**تَعْنِيْقٌ:** كايىماق، ئەيىبلىمەك، مالامەت قىلماق.

**تَعَهَّدَ يَتَعَهَّدُ تَعَهُّدًا:** كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى، دىققەت قىلدى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى، سۈرۈشتۈردى.

**تَعَهَّدَ بِالشَّيْءِ:** ئۈستىگە ئالدى.

**تَعَهَّدَ بِإِنْجَازِ الْمُهِمَّةِ:** ۋەزىپىنى ئادا قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى.

**تَعَهَّدَ الْحَدِيقَةَ:** باغقا كۆڭۈل بۆلدى.

**تَعَهَّدَ أَمْلَاكَهُ:** مال ـ مۈلۈكلىرىنى باشقۇردى.

**تَعَهُّدٌ ج تَعَهُّدَاتٌ:** ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت، جاۋابكارلىق، مەسئۇلىيەت؛ كاپالەت، توختام، كېلىشىم، پۈتۈم.

**تَعَهُّدٌ كِتَابِيٌّ:** يازما توختام، يازما كېلىشىم.

**تَعَوَّجَ يَتَعَوَّجُ تَعَوُّجًا:** ئەگرى بولدى، قىڭغىر بولدى.

**تَعَوَّدَ يَتَعَوَّدُ تَعَوُّدًا الشَّيْءَ أَوْعَلَى الشَّيْءِ:** ئادەتلەندى، ئادىتىگە ئايلاندى، كۆندى، كۆنىۋالدى.

**تَعَوَّدَ عَلَى السَّهَرِ:** ئۇخلىماسلىقنى ئادەت قىلىۋالدى.

**تَعَوَّدَ الْكَسَلَ:** ھورۇنلۇقنى ئادەت قىلىۋالدى.

**تَعَوُّدٌ:** ئادەتلەنمەك، كۆنمەك.

**تَعَوَّذَ يَتَعَوَّذُ تَعَوُّذًا بِهِ:** پاناھ تىلىدى، پاناھ ئىزدىدى، يۆلەنچۈك ئىزدىدى.

**تَعَوَّرَ يَتَعَوَّرُ تَعَوُّرًا الْعَارِيَةَ:** ئۆتنە بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**تَعَوَّرَ الْقَوْمُ الشَّيْءَ:** قولمۇ قول ئېلىپ ـ بېرىشتى.

**تَعَوَّضَ يَتَعَوَّضُ تَعَوُّضًا الشَّيْءَ:** تۆلەتتى، تۆلىتىۋالدى، تولدۇرىۋالدى.

**تَعَوَّضَ عَنْهُ أَوْ بِهِ:** ئورنىغا قويدى، ئورنىغا دەسسەتتى، ئورنىنى ئالدى.

**تَعَوَّضَ مِنَ الشَّيْءِ:** تۆلـتىۋالدى، ئورنىغا تۆلەتـكۈزدى، ئورنىغا دەسسەتتى.

**تَعَوَّقَ يَتَعَوَّقُ تَعَوُّقًا:** هايال بولدى، كېچىكتى، توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

**تَعْوِيذٌ ج تَعَاوِيذُ:** تۇمار، تىلتۇمار.

**تَعْوِيضٌ:** ئورنىنى باسماق، ئورنىنى ئىگىلىمەك؛ تۆلەتمەك.

**تَعْوِيضٌ عَنْ ضَرَرٍ:** زىياننى تۆلىمەك.

**تَعْوِيضٌ ج تَعْوِيضَاتٌ:** هەق، تۆلەم؛ مۇكاپات.

**دَفَعَ تَعْوِيضًا:** تۆلەم تۆلىدى.

**تَعْوِيضَاتُ الْحَرْبِ:** ھەربىي تۆلەم.

**تَعْوِيمٌ:** يېنىكلىرى سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقسۇن، ئېغىرلىرى ئاستىغا چۆكسۇن دەپ مەدەنلەرنى سۇغا چىلاپ قويۇش.

**تَعِيسٌ ج تُعَسَاءُ:** بەختسىز، شور پېشانە، بىتەلەي، بىچارە.

**تَعَيَّشَ يَتَعَيَّشُ تَعَيُّشًا:** تىرىكچىلىك قىلدى، جان باقتى، تۇرمۇش كەچۈردى، جاھاندارچىلىق قىلدى.

**تَعَيَّشَ مِنْ عَمَلِ يَدِهِ:** ئەمگىكىگە يۆلىنىپ ياشىدى.

**تَعَيَّنَ يَتَعَيَّنُ تَعَيُّنًا فِي مَنْصَبٍ:** مەنسەپكە تەيىنلەندى.

**تَعَيَّنَ عَلَيْهِ:** زۆرۈر بولدى، لازىم بولدى.

**تَعَيَّنَتْ لِكَذَا:** تەيىن تاپتى، بەلگىلەندى، خاس قىلىندى.

**«تَعَيَّنَتْ هَذِهِ الْأَرْضُ لِلْبِنَاءِ وَتِلْكَ لِلزِّرَاعَةِ» :** بۇيەر قۇرۇلۇش قىلىشقا، ئاۋۇ يەر تېرىلغۇغا تەيىن تاپتى.

**«يَتَعَيَّنُ عَلَيْكَ أَنْ تَهْتَمَّ بِمَظْهَرِكَ» :** سەن سىرتقى كۆرۈنۈشۈڭگە كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ لازىم.

**«تَعَيَّنْتُ فِي هَذِهِ الْوَظِيفَةِ قَبْلَ سَنَةٍ» :** بىر يىل ئىلگىرى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەندىم.

**تَعْيِينٌ ج تَعْيِينَاتٌ:** بەلگىلىمەك، تاللىماق، تاللىۋالماق، تەيىنلىمەك، ئەۋەتمەك، كۆرسەتمەك، بەلگىلىمە.

**تَعْيِينُ الْجُنْدِيِّ:** ھەربىي تەمىنات؛ ئوزۇق - تۈلۈك.

**تَغَابَنَ يَتَغَابَنُ تَغَابُنًا الْقَوْمُ:** بىر - بىرىنى ئالداشتى.

**تَغَابُنٌ:** ئۆز ئارا ئالداشماق، بىر - بىرىنى ئالداشماق.

**اَلتَّغَابُنُ:** قۇرئاندىكى بىر سۈرىنىڭ ئىسمى.

**يَوْمُ التَّغَابُنِ:** قىيامەت كۈنى، زىيان تارتىدىغان كۈن.

**«يَوْمَ يَجْمَعُكُمْ لِيَوْمِ الْجَمْعِ ذَلِكَ يَوْمُ التَّغَابُنِ» «قرآن» :** ئۇ كۈندە ئاللاھ سىلەرنى قىيامەت ئۈچۈن توپلايدۇ، ئۇ زىيان تارتىدىغان كۈندۇر.

**تَغَابَى يَتَغَابَى تَغَابِيًا:** دۆت بولۇۋالدى، گالۋاڭ بولۇۋالدى، بىلمەس بولۇۋالدى، ھاماقەت بولۇۋالدى، مەتۇ بولۇۋالدى.

**تَغَابَى عَنْهُ:** سەل قارىدى، ئېتىبارسىز قارىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى.

**«لَيْسَ غَبِيًّا وَلَكِنَّهُ يَتَغَابَى حَتَّى لَا يُحَاسَبَ عَلَى فِعْلَتِهِ» :** ئۇ گالۋاڭ ئەمەس، لېكىن ئۇ قىلمىشىدىن جازاغا تارتىلماسلىق ئۈچۈن بىلمەس بولىۋالدى.

**تَغَاشَمَ يَتَغَاشَمُ تَغَاشُمًا:** بىلمەس بولۇۋالدى.

**تَغَاضَى يَتَغَاضَى تَغَاضِيًا عَنْهُ:** كۆرمەسكە سېلىۋالدى؛ سۈكۈت قىلدى.

**«اَلْمُدِيرُ الْجَيِّدُ لَا يَتَغَاضَى عَنْ تَقْصِيرِ مُوَظَّفِيهِ» :** ياخشى مۇدىر خىزمەتچىلىرىنىڭ كەمچىلىكىگە سەل قارىمايدۇ.

**تَغَافَلَ يَتَغَافَلُ تَغَافُلًا:** بىپەرۋا بولۇۋالدى، دىققەتسىز قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**«هَذَا الرَّجُلُ لَيْسَ مُغَفَّلًا وَلَكِنَّهُ يَتَغَافَلُ» :** بۇ ئادەم بىپەرۋا ئەمەس، لېكىن ئۇ پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

**تَغَافَلَ عَنِ الْأَمْرِ:** سەل قارىدى، بىپەرۋالىق قىلدى.

**تَغَالَبَ يَتَغَالَبُ تَغَالُبًا:** تالاشتى، تارتىشتى، تىركىششتى.

**«تَغَالَبَ الْقَوْمُ عَلَى الْبَلَدِ» :** شەھەرنى تالاشتى.

**تَغَالَى يَتَغَالَى تَغَالِيًا النَّبَاتُ:** ئۆسۈملۈك چىرمىشىپ كەتتى.

**تَغَالَى فِي الْأَمْرِ:** كۆپتۈرۈۋەتتى، مۇبالىغە قىلىۋەتتى.

**تَغَالَى فِي الْبَيْعِ:** يۇقىرى باھادا ساتتى، قىممەت ساتتى.

**تَغَالَى الْمُتَقَاتِلُونَ بِالسِّهَامِ:** جەڭچىلەر بىر - بىرىگە ئوق ئېتىشتى.

**تَغَامَزَ يَتَغَامَزُ تَغَامُزًا:** قاش ئېتىشتى، كۆز ئىشارەت قىلىشتى، قاش - كۆزلىرىنى ئېتىشتى.

**«وَإِذَامَرُّوابِهِمْيَتَغَامَزُونَ» ‹قرآن›:** (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆز ئارا كۆز قىسىشاتتى.

**تَغَانَى يَتَغَانَى تَغَانِيًا:** باي بولدى.

**تَغَانَى الْقَوْمُ:** بىر -بىرىدىن بىھاجەت بولدى.

**تَغَاوَى يَتَغَاوَى تَغَاوِيًا الْقَوْمُ:** تىل بىرىكتۈردى.

**تَغَاوَى الْقَوْمُ عَلَيْهِ:** ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى.

**تَغَاوَى الطَّائِرُ عَلَى الشَّيْءِ:** قۇش ئەگىدى.

**تَغَايَدَ يَتَغَايَدُ تَغَايُدًا فِي مَشْيَتِهِ:** دەلدەڭشىپ ماڭدى.

**تَغَايَرَ يَتَغَايَرُ تَغَايُرًا:** خىلمۇ خىل بولدى.

**تَغَايَرُوا:** ئىختىلاپ قىلىشتى.

**تَغَايَرَتِ الْأَشْيَاءُ:** شەيئىلەر خىلمۇ خىل بولدى.

**«اِتَّفَقُوا فِى صِفَاتٍ وَتَغَايَرُوافِىصِفَاتٍ أُخْرَى» :** بىر قىسىم سۈپەتلىرى ئوخشاش بولسىمۇ يەنە بىر قىسىم سۈپەتلىرى ئوخشاش بولماي قالدى.

**تَغَبَّبَ يَتَغَبَّبُ تَغَبُّبًا:** نەتىجىنى كۈتتى، ئاقىۋەتىنى كۈتتى.

**تَغَبَّرَ يَتَغَبَّرُ تَغَبُّرًا:** چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى.

**تَغَبَّرَ وَجْهُهُ:** يۈزى چاڭ - توزان بولۇپ كەتتى، يۈزىنى چاڭ - توزان بېسىپ كەتتى.

**تَغَبَّشَ يَتَغَبَّشُ تَغَبُّشًا:** ئالداندى.

**تَغَبَّى يَتَغَبَّى تَغَبِّيًا:** دۆت دەپ قارىدى، گالۋاڭ ھېسابلىدى ، دۆت بولىۋالدى.

**تَغَثَّى يَتَغَثَّى تَغَثِّيًا النَّفْسُ:** كۆڭلى ئېلىشتى، كۆڭلى ئاينىدى، قۇسقۇسى كەلدى؛ يىرگەندى.

**تَغَدَّى يَتَغَدَّى تَغَدِّيًا:** چۈشلۈك تاماق يېدى.

**«نَتَغَدَّى كُلَّ يَوْمٍ فِي السَّاعَةِ الثَّانِيَةِ بَعْدَ الظُّهْرِ» :** بىز ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە چۈشلۈك تاماق يەيمىز.

**تَغَذَّى يَتَغَذَّى تَغَذِّيًا:** تاماق يېدى، غىزالاندى.

**«قَضَى فِى الْغَابَةِ أَيَّامًا يَتَغَذَّى بِالنَّبَاتِ» :** ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنىپ ئورمانلىقتا بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزدى.

**تَغْذِيَةٌ:** ئوزۇقلىنىش.

**«ظَهَرَتْ عَلَيْهِ أَمْرَاضٌ سَبَبُهَا نَقْصُ التَّغْذِيَةِ» :** ئوزۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا نۇرغۇن كېسەل بارلىقى مەلۇم بولدى.

**«يَشْكُونَ سُوْءَ التَّغْذِيَةِ» :** ئۇلار ناچار ئوزۇقلىنىشتىن داتلىماقتا.

**تَغَرَّبَ يَتَغَرَّبُ تَغَرُّبًا :** ۋەتەنىدىن ئايرىلدى، يۇرتتىن ئايرىلدى.

**«تَغَرَّبَ طَلَبًا لِلْحَيَاةِ الْكَرِيمَةِ» :** بەختلىك ھاياتنى قوغلىشىپ يۇرتىدىن ئايرىلدى.

**تَغَرُّبٌ:** يۇرتتىن ئايرىلماق، مۇساپىر بولماق.

**تَغَرَّدَ يَتَغَرَّدُ تَغَرُّدًا الطَّائِرُ:** قۇش سايرىدى.

**تَغَرَّضَ يَتَغَرَّضُ تَغَرُّضًا الْغُصْنُ:** شاخ سۇندى، ئۈزۈلدى.

**تَغَرَّمَ يَتَغَرَّمُ تَغَرُّمًا:** جەرىمانە تۆلىدى.

**تَغَرَّمَ بِخَمْسَةِ جُنَيْهَاتٍ:** بەش فوند جەرىمانە تۆلىدى.

**تَغَرْغَرَ يَتَغَرْغَرُ تَغَرْغُرًا:** ئېغىز چايقىدى، غەر - غەر قىلدى.

**تَغَرْغَرَتْ عَيْنَاهُ:** كۆزىدە ياش ئەگىدى، كۆزىگە ياش ئالدى.

**تَغْرِيبٌ:** پالىماق، سۈرگۈن قىلماق، قوغلاپ چىقارماق، يىراقلاشتۇرماق.

**تَغْرِيدٌ:** قۇشنىڭ سايرىشى.

**تَغْرِيقٌ:** غەرق قىلىۋەتمەك، چۆكتۈرۈۋەتمەك.

**اَلتَّغْرِيقُ التِّجَارِيُّ:** تۆكمە قىلىپ ساتماق، ئەرزان ساتماق.

**تَغْرِيقٌ ‹فِى البَلاَغَةِ› :** مۇبالىغە قىلماق، كۆپتۈرمەك.

**تَغَزَّلَ يَتَغَزَّلُ تَغَزُّلاً بِالشَّيْءِ:** چېقىلدى، ئەركىلەتتى، جەلپ قىلدى، زوقىنى كەلتۈردى.

**تَغَزَّلَ الْمَرْأَةَ:** ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىدى، ئايالغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى.

**تَغَشَّمَ يَتَغَشَّمُ تَغَشُّمًا:** خورلىدى، زۇلۇم قىلدى؛ زىيانكەشلىك قىلدى.

**تَغَشَّى يَتَغَشَّى تَغَشِّيًا بِثَوْبِهِ:** كىيىمگە يۆگىنىۋالدى، كىيىنىۋالدى.

**تَغَشَّى زَوْجَتَهُ:** ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلدى.

**«فَلَمَّا تَغَشَّاهَا حَمَلَتْ حَمْلاً خَفِيفًا فَمَرَّتْ بِهِ»** ‹قرآن›: خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر ئاياغ يۈردى.

**تَغَضَّبَ يَتَغَضَّبُ تَغَضُّبًا:** ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

**تَغَضَّرَ يَتَغَضَّرُ تَغَضُّرًا:** ئارەت قىلدى، باش تارتتى، بۇزۇلۇپ كەتتى.

**تَغَضَّرَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا كۆيۈنمىدى.

**تَغَضَّنَ يَتَغَضَّنُ تَغَضُّنًا:** پۈرلاشتى؛ بۇدرە بولدى، قورۇلۇپ كەتتى.

**«شَاخَ وَتَغَضَّنَ وَجْهُهُ»:** ئۇ قېرىپ يۈزى قورۇلۇپ كەتتى.

**تَغَطْرَسَ يَتَغَطْرَسُ تَغَطْرُسًا:** مەغرۇرلاندى، تەكەببۇرلۇق قىلدى.

**تَغَطْرَسَ فِي مَشْيِهِ:** غادىيىپ ماڭدى.

**تَغَطَّسَ يَتَغَطَّسُ تَغَطُّسًا:** شۇڭغىدى، يوشۇرۇندى، چۆكتى؛ يۇيۇندى؛ خىرىستىيان دىنىغا كىردى.

**تَغَطَّشَ يَتَغَطَّشُ تَغَطُّشًا عَيْنُهُ:** كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشتى، كۆزى خىرەلەشتى.

**تَغَطَّى يَتَغَطَّى تَغَطِّيًا:** يۆگەلدى، پۈركەلدى؛ يوشۇرۇندى.

**تَغَطَّى بِعَبَاءَتِهِ:** رىداسىغا يۆگەلدى.

**تَغْطِيسٌ:** چۆكتۈرمەك، پاتۇرۇۋەتمەك، شۇڭغۇماق.

**تَغَفَّلَهُ يَتَغَفَّلُ تَغَفُّلاً:** ئۇنىڭ دىققەتسىزلىكىنى كۈتتى، ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىنى كۈتتى.

**تَلْمِيعٌ فِي الْخَيْلِ:** ئاتنىڭ بەدىنىدىكى رەڭگە ئوخشىمايدىغان ئۇ يەر بۇ يەردىكى ئالىچىپارلىق.

**تَلْمِيعُ الْأَحْذِيَةِ:** ئاياغنى مايلىماق، ئاياغنى پارقىراتماق.

**تَلِهَ يَتْلَهُ تَلَهًا:** تەڭلىكتە قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى، تېڭىرقاپ قالدى.

**تَلَهَّبَ يَتَلَهَّبُ تَلَهُّبًا ـ تِ النَّارُ:** ئوت كۆيدى، ياندى.

**تَلَهَّبَ غَيْظًا:** قاتتىق ئاچچىقلاندى، چىچاڭشىپ كەتتى.

**تَلَهَّفَ يَتَلَهَّفُ تَلَهُّفًا الشَّخْصُ عَلَى مَا فَاتَ:** قولدىن كەتكەنگە ئاھ ئۇردى، خۇرسىنىدى، ئېچىنىدى، ئىچى سىيرىلدى، ھەسرەت چەكتى، قايغۇردى.

**«يَتَلَهَّفُ عَلَى عَدَمِ مُوَاصَلَتِهِ التَّعَلُّمَ»:** ئۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىغانلىقىغا ھەسرەت چەكمەكتە.

**تَلَهَّفَ عَلَى الشَّيْءِ:** تەشنا بولدى، ئىنتىزار بولدى، ئارزۇ قىلدى.

**تَلَهَّمَ يَتَلَهَّمُ تَلَهُّمًا:** يۇتۇۋەتتى، يالماپلا يۇتۇۋەتتى.

**تَلَهَّى يَتَلَهَّى تَلَهِّيًا بِكَذَا:** كۆڭۈل ئاچتى، تاماشا قىلدى، ئوينىدى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى، بېرىلىپ كەتتى.

**تَلَهَّى الشَّخْصُ بِالشَّيْءِ:** تاماشا قىلدى، ئوينىدى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى، ھەپىلەشتى.

**تَلَهَّى الشَّخْصُ عَنْهُ:** يۈز ئۆرىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى، كارى بولمىدى، دىققىتى بۆلۈندى، دىققىتى باشقا ياققا بۇرالدى.

**«وَأَمَّا مَنْ جَاءَكَ يَسْعَى وَهُوَ يَخْشَى فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهَّى» ‹قۇرئان›:** سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھتىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن.

**«تَلَهَّتِ الْبِنْتُ بِلُعَبِهَا»:** قىز ئويۇنچۇقلىرىنى ئوينىدى.

**«يَتَلَهَّى بِالْمُوسِيقَى»:** ئۇ مۇزىكا بىلەن ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدۇ.

**تَلْهَوَجَ يَتَلْهَوَجُ تَلْهَوُجًا:** ئالدىراتتى.

**تَلْهَوَجَ اللَّحْمَ:** گۆشنى ئوبدان پۇشۇرمىدى.

**تَلْهَوَقَ يَتَلْهَوَقُ تَلْهُوقًا الرَّجُلُ:** ماختاندى، لاپ ئۇردى، ئۆزىنى داڭلىدى، ئۆزىنى كۆرسەتتى.

**تَلْهِيَةٌ ج تَلْهِيَاتٌ:** تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماق.

**«بَرْنَامَجُ الْأَطْفَالِ فِي التِّلْفَزَةِ تَلْهِيَةٌ لَهُمْ»:** تېلېۋىزىيىنىڭ ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىچ پۇشۇقىدۇر.

**تِلْوٌ ج أَتْلَاءٌ:** ئارقىسىدىن كەلگىنى، ئەگەشكىنى، ئۇلۇنۇپلا، كەينىدىنلا.

**اَلْوَاحِدُ تِلْوَ الْآخَرِ:** بىرسىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى، بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى، بىر – بىرلەپ.

**«ظَلَّ عَلَى اتِّصَالٍ بِأَهْلِهِ يُرْسِلُ إِلَيْهِمْ رِسَالَةً تِلْوَ رِسَالَةٍ»:** ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا خەت يوللاپ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى.

**تَلَوَّثَ يَتَلَوَّثُ تَلَوُّثًا الشَّيْءُ:** بۇلغاندى، داغ تەگدى، ئىپلاس بولدى، مەينەت بولدى.

**«تَلَوَّثَ الْجُرْحُ»:** جاراھەت يۇقۇملاندى.

**«تَلَوَّثَتِ الْمَدِينَةُ بِمَحْرُوقَاتِ الْمَصَانِعِ»:** شەھەر زاۋۇتلاردىن چىققان داشقاللار بىلەن بۇلغاندى.

**تَلَوَّثَ الْوَرَقُ بِالْحِبْرِ:** قەغەز سىياھ بىلەن بۇلغاندى.

**تَلَوَّثَتِ الطَّبِيعَةُ:** تەبىئەت بۇلغاندى.

**تَلَوَّثَ الشَّيْءُ بِالشَّيْءِ:** بۇلغاندى، ئارىلىشىپ كەتتى.

**«تَلَوَّثَتِ الطَّبِيعَةُ بِدُخَانِ الْمَعَامِلِ»:** ئاتموسفېرا زاۋۇتلارنىڭ ئىس – تۈتەكلىرى بىلەن بۇلغاندى.

**تَلَوَّثَتِ الْخُطُوبُ:** كۆڭۈلسىزلىك ۋە بالايىئاپەتلەر گىرەلىشىپ كەتتى.

**تَلَوُّثٌ:** بۇلغانماق، ئەخلاقى پرىنسىپلارنىڭ بۇزۇلۇشى.

**«حَافِظْ عَلَى الطَّعَامِ مِنَ التَّلَوُّثِ»:** تاماقنى بۇلغىنىپ قېلىشتىن ساقلىغىن!

**تَلَوُّثُ الْأَدْمِغَةِ بِالْآرَاءِ الْمُسْتَوْرَدَةِ:** سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن يات پىكىرلەر بىلەن ئېڭىنىڭ بۇلغىنىشى.

**تَلَوَّطَ يَتَلَوَّطُ تَلَوُّطًا:** بەچچىۋازلىق قىلدى.

**تَلَوَّمَ يَتَلَوَّمُ تَلَوُّمًا فِي الْأَمْرِ:** ئىككىلىنەندى، ئارىسالدى بولدى، تەۋرەندى.

**تَلَوَّنَ يَتَلَوَّنُ تَلَوُّنًا:** رەڭلىك بولدى، رەڭگى ئۆزگەردى، رەڭگە كىردى، ھەرخىل رەڭلىك بولدى، تۈرلۈك رەڭلەر بىلەن بېزەلدى.

**«تَلَوَّنَ وَجْهُهُ وَ احْمَرَّ مِنَ الْخَجَلِ» :** خىجىللىقتىن ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ قىزىرىپ كەتتى.

**تَلَوَّنَ فِي أَقْوَالِهِ أَوْ كَلَامِهِ:** ئۆزىنى قاچۇردى، گەپ يورغىلاتتى، رەڭۋازلىق قىلدى، ئەپلەپ - سەپلەپ قۇتۇلدى، كۆز بوياپ ئۆتۈپ كەتتى، دۆڭگەپ قويدى.

**تَلَوَّنَ الشَّخْصُ:** يۇمىلاق تاۋۇز بولدى، مەيدانسىز بولدى، شاختىن - شاخقا قوندى.

**تَلَوَّنَتِ الصُّورَةُ:** رەسىم رەڭدار بولدى.

**تَلَوَّنَتِ الْأَزْهَارُ:** چېچەكلەر رەڭگارەڭ بولدى.

**«يَتَلَوَّنُ حَسَبَ الظُّرُوفِ» :** ئۇ شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**تَلَوَّى يَتَلَوَّى تَلَوِّيًا الشَّيْءُ:** قىڭغىر كەتتى، سىڭايان كەتتى، ئەگرى بولدى، بۇرالدى، تۈرۈلدى؛ بىئارام بولدى، پاراكەندە بولدى.

**تَلَوَّتِ الْحَيَّةُ:** يىلان توگۈلۈۋالدى، يۆگەلدى.

**«يَتَلَوَّى الْمَرِيضُ مِنَ الْآلَامِ» :** كېسەل ئاغرىقتىن بىئارام بولماقتا.

**يَتَلَوَّى الشَّارِعُ:** كوچا ئەگىيدۇ.

**تَلْوِيحَةٌ ج تَلْوِيحَاتٌ:** كىتاب كانارىسىغا يېزىلغان ئىزاھ؛ چۈشەنچە، نۇقتىئىنەزەر.

**تَلْوِيمٌ:** قاتتىق ئەيىبلىمەك، قاتتىق سۆكمەك، قاتتىق كايىماق، تەنبىھ بەرمەك.

**تَلْوِينٌ:** بويىماق، رەڭ بەرمەك؛ تۈرلۈك تاماقلارنى تەييارلىماق؛ بىر ئۇسلۇبتىن ئىككىنچى ئۇسلۇبقا ئۆزگەرتمەك.

**سَيِّدَةٌ بَارِعَةٌ فِي الطَّبْخِ وَالتَّلْوِينِ:** تاماق پىشۇرۇش ۋە تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلاشقا ماھىر خانىم.

**«لَهُ مَقْدَرَةٌ عَلَى تَلْوِينِ الْحَدِيثِ مِنْ جِدٍّ إِلَى هَزْلٍ» :** ئۇ سۆزنى جىددىيلىكتىن چاقچاققا ئۆزگەرتىشكە ماھىر.

**تَلِيدٌ:** ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان، ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالغان تەۋەررۈك، ئەجدادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان.

**اِمْرَأَةٌ تَلِيدٌ:** شان - شەرەپلىك ئايال، ئېسىل ئايال.

**مَجْدٌ تَلِيدٌ:** قەدىمىي شان - شەرەپ.

**تَلِيدِيَّةٌ:** كلاسسىك.

**تِلِّيسٌ ج تَلَالِيسُ:** يانچۇق، ھەميان، پورتمال، زىغىر ۋە كەندىر پاخىلىدىن توقۇلغان توقۇلما (چىپتا ۋە قوپال كىيىملەرگە ئوخشاش)

**«لَاتَجِدُ هَذَا وَلَوْ بَذَلْتَ فِيهِ تَلَالِيسَ مِنَ الْمَالِ» :** قانچە كۆپ پۇل خەجلىسەڭمۇ بۇنى تاپالمايسەن.

**تَلِيفَةٌ:** زەخمىلەنگەن، ۋەيران قىلىنغان، بۇزۇلغان.

**تُلَيْلٌ:** كىچىك ئېگىزلىك، كىچىك دۆڭلۈك.

**تَلَيُّفٌ «فى الطب» :** قاتماق، قېتىپ قالماق، ئۇيۇپ قالماق.

**تَلَيُّفُ الْكَبِدِ:** جىگەر قېتىش كېسەللى.

**تَلَيَّنَ يَتَلَيَّنُ تَلَيُّنًا الشَّخْصُ:** مۇلايىملاشتى، سىلىق بولدى، رايىش بولدى.

**تَلَيَّنَ الشَّيْءُ:** يۇمشىدى، ئەگكىلى بولىدىغان بولدى.

**«تَلَيَّنَ الْبَدَوِيُّ بَعْدَ مُكُوثِهِ فِي الْمَدِينَةِ» :** سەھرالىق شەھەردە تۇرغاندىن كېيىن رايىش بولدى.

**«تَلَيَّنَ النُّحَاسُ فِي النَّارِ» :** تۇچ ئوتتا يۇمشىدى.

**تَمَاثَلَ يَتَمَاثَلُ تَمَاثُلًا الشَّيْئَانِ:** ئوخشىشىپ كەتتى، ئوخشاش بولدى.

**تَمَاثَلَ الْمَرِيضُ مِنْ عِلَّتِهِ:** ئاغرىق ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، كېسەل ساقىيىشقا ئاز قالدى.

**تَمَاثُلٌ:** ئوخشاشماق، ئوخشىشىپ كەتمەك؛ ساقايماق، ئەسلىگە كەلمەك.

**تَمَاثُلٌ مِنَ الْمَرَضِ:** كېسەلدىن تەدرىجىي

ئەسلىگە كەلمەك.

**تَمَاجَنَ يَتَمَاجَنُ تَمَاجُنًا:** چاقچاقلاشتى، ئويناشتى، قىزىقچىلىق قىلىشتى.

**تَمَاحَلَ يَتَمَاحَلُ تَمَاحُلاً الْمَكَانُ:** جاي يىراق بولدى.

**تَمَاحَلَ الْقَوْمُ:** جېدەللەشتى، جېدەل - ماجىرا قىلىشتى.

**تَمَاحَكَ يَتَمَاحَكُ تَمَاحُكًا الْخَصْمَانِ:** جېدەللەشتى، دەتالاش قىلىشتى.

**تَمَادَحَ يَتَمَادَحُ تَمَادُحًا:** ماختىنىشتى، ماختاشتى، كۆز - كۆز قىلىشتى.

**تَمَادَى يَتَمَادَى تَمَادِيًا:** مۆھلەتنى ئۇزارتتى، مۆھلەت بەردى، قەرەلنى سوزدى.

**تَمَادَى فِي غَيِّهِ:** گۇمراھلىقتا ئەزۋەيلىدى، گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرىۋالدى، ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇردى.

**تَمَادَى فِي الْأَمْرِ:** ئىزچىللاشتۇردى، چىڭ تۇردى، قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

**تَمَادَى فِي الشَّيْءِ:** چىڭ تۇرىۋالدى، تەرسالىق قىلدى.

**تَمَادَى فِي الظُّلْمِ:** زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشتى.

**تَمَادَى فِي الْكِذْبِ:** يالغانچىلىقتا ئۇچىغا چىقتى.

**تَمَادَى بِهِ الْأَمْرُ:** كەينىگە سۇرۇلدى، كېچىكىپ قالدى.

**تَمَادَى بِهِ السَّفَرُ:** سەپىرى ئۇزاردى، داۋاملاشتى.

**تَمَارَسَ يَتَمَارَسُ تَمَارُسًا:** ئۇرۇشتى، سوقۇشتى.

**تَمَارَضَ يَتَمَارَضُ تَمَارُضًا:** كېسەل بولۇۋالدى.

**تَمَارَضَ التِّلْمِيذُ الْكَسُولُ:** ھورۇن ئوقۇغۇچى كېسەل بولۇۋالدى.

**تَمَارُضٌ:** كېسەل بولۇۋالماق.

**تَمَارَى يَتَمَارَى تَمَارِيًا الْقَوْمُ:** جېدەللەشتى، ئۇرۇشتى، دەتالاش قىلىشتى.

**تَمَارَى فِي الشَّيْءِ:** شەك قىلدى، شەكلەندى، گۇمان قىلدى.

**«فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكَ تَتَمَارَى» «قۇرئان»:** (ئى ئىنسان!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن.

**«وَلَقَدْ أَنْذَرَهُمْ بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْا بِالنُّذُرِ» «قۇرئان»:** شۇبھىسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرۇدى، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى.

**تَمَازَجَ يَتَمَازَجُ تَمَازُجًا الْقَوْمُ:** ئارىلاشتى.

**تَمَازَحَ يَتَمَازَحُ تَمَازُحًا الشَّخْصَانِ:** چاقچاق قىلىشتى، چاقچاق پاراڭ قىلىشتى، ئويناشتى.

**تَمَازَى يَتَمَازَى تَمَازِيًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا يوغانچىلىق قىلىشتى.

**«تَمَازِى الْجَاهِلِ عَلَى الْعَاقِلِ غُرُورٌ»:** ناداننىڭ ئاقىلغا يوغانچىلىق قىلىشى مەغرۇرلۇقتىن ئىبارەتتۇر.

**تَمَاسَحَ يَتَمَاسَحُ تَمَاسُحًا الشَّخْصَانِ:** چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاشتى، بەيئەت قىلىپ قول بېرىشتى.

**تَمَاسَّ يَتَمَاسُّ تَمَاسًّا:** بىر - بىرىگە يېپىشتى، بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى، بىر - بىرى بىلەن چاپلاشتى.

**تَمَاسَّ الزَّوْجَانِ:** جىنسىي ئالاقە قىلىشتى، جىما قىلىشتى، بىر يەردە بولۇشتى.

**«فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَتَمَاسَّا» «قۇرئان»:** ئاياللى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇش لازىم.

**تَمَاسٌّ:** تېگىپ كەتمەك، يېقىنلاشماق، چاپلاشماق؛ ئالاقىلىشىش پونكىتى، ئۇچرىشىدىغان جاي.

**تَمَاسٌّ كَهْرَبَائِيٌّ:** توكنىڭ ماس بولۇپ قېلىشى.

**تَمَاسٌّ «فى الرياضة»:** توپنىڭ مەيدان دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشى.

**تَمَاسَكَ يَتَمَاسَكُ تَمَاسُكًا:** بىرلەشتى، ئۇيۇشتى، بىرىكتى، قوشۇلدى، جىپسىلاشتى.

**تَمَاسَكَ الْأَخَوَانِ:** ئىككى قېرىنداش ئىتتىپاقلاشتى.

**تَمَاسَكَ بِالشَّيْءِ:** تۇتتى، ئالدى.

**مَا تَمَاسَكَ أَنْ فَعَلَ كَذَا:** ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىلىپ قويدى.

**تَمَاسُكٌ:** بىرلەشمەك، قوشۇلماق، ئىتتىپاق-

لاشماق، بىرىكمەك، ئۇيۇشماق؛ باغلىماق، زىچ بولماق.

**اَلتَّمَاسُكُ الْإِجْتِمَاعِيُّ:** ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش-چانلىق، ئىجتىمائىي باغلىنىش.

**تَمَاشَى يَتَمَاشَى تَمَاشِيًا:** بىرگە ماڭدى، بىللە مېڭىشتى.

**تَمَالَأَ يَتَمَالَأُ تَمَالُأً الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** بىرلە-شىپ ھەمكارلاشتى، بىرلىشىپ ياردەملەشتى، تىل بىرىكتۈردى.

**تَمَالَكَ يَتَمَالَكُ تَمَالُكًا عَنِ الشَّيْءِ:** ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

**تَمَالَكَ عَنِ التَّدْخِيْنِ:** تاماكىدىن ئۆزىنى چەكلە-دى.

**«لَمْ نَتَمَالَكْ أَنْفُسَنَا عَنِ الضِّحْكِ بَعْدَ أَنِ اسْتَمَعْنَا إِلَى مَاقَالَ» :** ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي قالدۇق.

**تَمَامٌ:** تولۇق، پۈتۈنلەي، تامامەن.

**«اَلْمَسْأَلَةُ وَاضِحَةٌ تَمَامَ الْوُضُوحِ» :** مەسىلە تولۇق روشەندۇر.

**«أَنَا مَعَكَ تَمَامًا فِي هَذَا الرَّأْيِ» :** بۇ پىكىردە مەن تامامەن سەن بىلەن بىرگە.

**تَمَامًا:** دەل، تولۇق، پۈتۈنلەي.

**لَقَدْ تَلَاشَتْ هَذِهِ الْحَادِثَةُ تَمَامًا مِنْ ذَاكِرَتِي» :** بۇ ۋەقە خاتىرەمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**«نَحْنُ مُتَّفِقَانِ تَمَامًا فِي كُلِّ الْأَرَاءِ» :** بىز بارلىق پىكىرلەرگە تولۇق قوشۇلىمىز.

**فِي السَّاعَةِ الرَّابِعَةِ تَمَامًا:** دەل سائەت 4 دە.

**تَمَامَةٌ:** تولۇقلىماق، تولدۇرماق.

**تَمَامِيَّةٌ:** پۈتۈنلەي، تولۇق، مۇكەممەل.

**تَمَانَعَ يَتَمَانَعُ تَمَانُعًا:** باش تارتىشتى.

**تَمَاوَتَ يَتَمَاوَتُ تَمَاوُتًا:** ئۆلگەن بولۇۋالدى، ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَمَاوَتَ فِي عَمَلِهِ:** ئەزمىلىك قىلدى.

**تَمَايَحَ يَتَمَايَحُ تَمَايُحًا:** تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى، دەلدەڭشىدى؛ كۆرەڭلىدى.

**تَمَايَدَ يَتَمَايَدُ تَمَايُدًا:** داۋالغۇدى، چايقالدى، تەۋرەندى، تىترىدى.

**تَمَايَلَ يَتَمَايَلُ تَمَايُلًا:** تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى، پولاڭلىدى، دەلدەڭشىدى.

**«إِنَّهَا تَتَمَايَلُ فِي مَشْيَتِهَا» :** ئۇ ئايال نايناق-شىپ ماڭدى.

**تَمْتَامٌ ج تَمْتَامُونَ:** سۆزى ئېنىق ئەمەس ئادەم؛ كېكەچ.

**تَمَتَّعَ يَتَمَتَّعُ تَمَتُّعًا بِالشَّيْءِ:** ھۇزۇرلاندى، مەنپە-ئەتلەندى، بەھرىمەن بولدى.

**تَمَتَّعَ بِمَالِهِ:** مېلىدىن پايدىلاندى.

**تَمَتَّعَ بِالرَّاحَةِ:** راھەتلەندى، ھۇزۇرلاندى.

**«يَتَمَتَّعُ بِكَامِلِ قُوَاهُ الْعَقْلِيَّةِ» :** ئۇ ئەقلىي كۈچ-قۇۋۋىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا.

**«سَتَتَمَتَّعُ بِصِحَّةٍ جَيِّدَةٍ بِالتَّأْكِيْدِ مَادُمْتَ تَمُرُّعَلَى التَّمَارِيْنِ الرِّيَاضِيَّةِ كُلَّ يَوْمٍ» :** ھەركۈنى تەنھەرىكەت قىلىپ بەرسەڭ، سالامەت-لىكىڭ چوقۇم ياخشى بولىدۇ.

**«دَخَلْنَا الْحَدِيْقَةَ لِنَتَمَتَّعَ بِمَنَاظِرِهَا الْجَمِيْلَةِ» :** بىز باغچىغا گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلى-نىش ئۈچۈن كىردۇق.

**تَمَتُّعٌ:** پايدىلانماق، بەھرىمەن بولماق؛ پايدىلى-نىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ھەج ئايلى-رىدا ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاش.

**حَجُّ تَمَتُّعٍ:** ئۆمرە ھەج تۈگىگەندىن كېيىن ھەج ئۈچۈن قايتا ئېھرام باغلاش.

**رَسْمُ التَّمَتُّعِ:** تىجارەت بېجى، سودا بېجى.

**تَمَتُّعٌ بِالضَّيْعَةِ فِي الْقَانُونِ:** كۆچمەس مۈلۈك-تىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

**تَمْتَمَ يُتَمْتِمُ تَمْتَمَةً:** كېكەچلىدى، دۇدۇقلاپ قالدى.

**تَمْتَمَ الْمُتَكَلِّمُ:** دۇدۇقلاپ قالدى.

**تَمْتِيْنٌ:** مۇستەھكەملىمەك، پۇختىلىماق، چىڭىتماق.

**تِمْثَالٌ ج تَمَاثِيْلُ:** كۆرۈنۈش، قىياپەت، تۇرق، شەكىل، سۈرەت؛ ھەيكەل، بۇت، مەبۇد؛ بەدەن مودېلى.

**تِمْثَالٌ مَنْحُوتٌ:** ھەيكەل.

**تِمْثَالٌ رَاكِبٌ:** ئاتلىق ھەيكەل.

**تِمْثَالٌ نِصْفِيٌّ:** يېرىم بەدەن ھەيكەل.

**تَمَاثِيْلُ الْعُظَمَاءِ:** مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرى.

**تَمَثَّلَ يَتَمَثَّلُ تَمَثُّلاً بِهِ:** تەقلىد قىلدى، دورىدى، ئوخشاتتى، ئۈلگە قىلدى.

**تَمَثَّلَ الشَّيْءَ:** خىيال قىلدى، ئويلىدى، تەسەۋۋۇر قىلدى، پەرەز قىلدى، قىياس قىلدى.

**«فَأَرْسَلْنَا إِلَيْهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا بَشَرًا سَوِيًّا»**

«قرآن» : ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى.

**تَمَثَّلَ بِالشَّيْءِ:** مىسال قىلدى، تەمسىل قىلدى، مىسال كەلتۈردى، ئوخشاتتى.

**تَمَثَّلَ أَمَامَ عَيْنَيْهِ:** كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى، گەۋدىلەندى، پەيدا بولدى.

**«تَمَثَّلَ الْكَرَمَ فِي شَخْصِ فُلَانٍ»** : ئۇ پالانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سېخىيلىقنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

**«تَمَثَّلَ الرَّئِيسُ فِي خِطَابِهِ بِبَيْتٍ مِنَ الشِّعْرِ»** : رەئىس ئۆزىنىڭ نۇتقىدا شېئىردىن بىر بېيىتنى مىسال كەلتۈردى.

**«تَمَثَّلَ مِنْ خَصْمِهِ»** : دۈشمىنىدىن قىساس ئالدى.

**تَمَثَّلَ بِالْأَمِيْرِ:** ئەمىرنى دورىدى.

**تَمَثَّلَ مِنْهُ:** ئۇنىڭدىن قىساس ئالدى.

**«هَذَا الْبَيْتُ مَثَلٌ يُتَمَثَّلُ بِهِ»** : بۇ بېيىت مىسال كەلتۈرۈلىدىغان تەمسىلدۇر.

**تَمْثِيْلٌ:** مىسال كەلتۈرمەك.

**تَمْثِيْلُ الْمَسَارِحِ:** ئويۇن قويماق، ئويۇن كۆرسەتمەك.

**فِرْقَةُ التَّمْثِيْلِ. فِرْقَةٌ تَمْثِيلِيَّةٌ:** ئوپېرا ئۆمىكى.

**دَارُالتَّمْثِيْلِ:** تىياتىرخانا.

**تَمْثِيْلٌ نِسْبِيٌّ:** پارلامېنت، ھۆكۈمەت ياكى باشقا ۋەزىپىلەردىكى رىقابەتچى سىياسىي كۈچلەرنىڭ نىسبىتى بويىچە پارلامېنتتىكى ئورۇن ياكى مەنسەپلەرنى بۆلۈشۈشكە ئورۇنۇش.

**تَمْثِيْلٌ حَرَكَاتِيٌّ:** ئاۋازسىز تىياتىر (ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىلىدىغان تىياتىر).

**تَمْثِيلِيٌّ:** تىياتىرنىڭ، تىياتىر خاراكتېرلىك، پارلامېنتلىق تۈزۈم.

**تَمْثِيْلِيَّةٌ ج تَمْثِيْلِيَّاتٌ:** تىياتىر، دراما، سەھنە ئەسىرى.

**فِرْقَةٌ تَمْثِيْلِيَّةٌ:** تىياتىر ئۆمىكى.

**تَمْثِيْلِيَّةٌ تِلْفِزْيُونِيَّةٌ:** تېلېۋىزىيە تىياتىرى.

**تَمْثِيْلِيَّةٌ هَزَلِيَّةٌ:** كومېدىيە، كۈلدۈرگە.

**تَمْثِيْلِيَّةٌ فُكَاهِيَّةٌ:** كومېدىيە، كۈلدۈرگە.

**تَمْثِيْلِيَّةٌ غِنَائِيَّةٌ:** ئوپېرا.

**تَمَجَّدَ يَتَمَجَّدُ تَمَجُّدًا:** كاتتا بولدى، ئۇلۇغ بولدى.

**تَمَجَّسَ يَتَمَجَّسُ تَمَجُّسًا الشَّخْصُ:** مەجۇسىي بولدى، ئاتەشپەرەس بولدى.

**تَمَجَّنَ يَتَمَجَّنُ تَمَجُّنًا:** يۈزسىزلىك قىلدى، ئۇياتسىزلىق قىلدى، نومۇسسىزلىق قىلدى.

**تَمْجِيْدٌ:** ئۇلۇغلىماق، مەدھىيىلىمەك.

**تَمْجِيْدٌ ج تَمَاجِيْدُ:** مەدھىيە.

**تَمَحَّصَ يَتَمَحَّصُ تَمَحُّصًا الظَّلَامُ:** قاراڭغۇلۇق يوقالدى.

**تَمَحَّقَ يَتَمَحَّقُ تَمَحُّقًا النَّبَاتُ:** ئۆسۈملۈك قۇرۇپ كەتتى، خازان بولدى.

**تَمَحَّكَ يَتَمَحَّكُ تَمَحُّكًا الشَّخْصُ:** جېدەلخور بولدى، تالاشقاق بولدى.

**تَمَحَّلَ يَتَمَحَّلُ تَمَحُّلاً الشَّخْصُ:** ھىيلە ئىشلەتتى، ئالدامچىلىق قىلدى.

**تَمَحَّلَ الشَّيْءَ:** ئامال قىلىپ ئېلىۋالدى، ھىيلە بىلەن ئېرىشىۋالدى.

**تَمَحَّلَ الْعُذْرَ:** باش تارتتى، بانا ـ سەۋەب كۆرسەتتى.

**تَمَحَّلَ لَهُ حَقَّهُ:** ئۇنىڭ ھەققىنى تاپشۇردى.

**تَمَحَّلْ لِي خَيْرًا:** ماڭا ياخشىلىق تىلىگىن.

**تَمَحْوَرَ يَتَمَحْوَرُ تَمَحْوُرًا حَوْلَ الشَّيْءِ:** ئايلاندى، چۆرگىلىدى، پىرقىرىدى.

**تَمَخَّضَ يَتَمَخَّضُ تَمَخُّضًا عَنْ:** تۇغدى، كۆز يورۇدى، يەڭگىدى.

**تَمَخَّضَتِ الْحَامِلُ:** كالتا تولغاق تۇتتى، تۇغۇت تولغىقى تۇتتى.

**تَمَخَّضَ الْجَنِيْنُ:** قورساقتىكى بالا تەۋرىدى.

**«تَمَخَّضَ الْإِجْتِمَاعُ عَنْ مَوْقِفٍ سِيَاسِيٍّ مُوَحَّدٍ» :** يىغىن بىرلىككە كەلگەن سىياسىي مەيدان ئاساسىدا ئاياغلاشتى.

**تَمَخَّضَ الْجَبَلُ فَوَلَدَفَأْرًا:** (سۆلتىنى ئات تارتالمايدۇ، قىلغان ئىشى شۇنچىلىك) گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق.

**تَمَخَّضَ السَّمَاءُ:** يامغۇر ياغىدىغان بولدى.

**تَمَخَّطَ يَتَمَخَّطُ تَمَخُّطًا الْمُخَاطَ:** مىشقاردى، بۇرنىنى تاشلىدى.

**تَمَدَّحَ يَتَمَدَّحُ تَمَدُّحًا:** ماختاندى، ئۆزىنى داڭلىدى، لاپ ئۇردى.

**تَمَدَّحَ الشَّخْصُ:** ماختانچاقلىق قىلدى.

**«تَمَدَّحَ بِمَالَيْسَ فِيهِ» :** ئۇ ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن ماختاندى.

**تَمَدَّدَ يَتَمَدَّدُ تَمَدُّدًاالشَّيْءُ:** سوزۇلدى، ئۇزاردى، كېڭەيدى.

**تَمَدَّدَ الْجِسْمُ بِالْحَرَارَةِ:** جىسىم ئىسسىقلىقتا كېڭەيدى.

**تَمَدَّدَ عَلَى فِرَاشِهِ:** تۆشىكىدە (كارىۋىتىدا) ئۇزۇنىۋالدى.

**تَمَدَّدَ الْمَوْعِدُ:** ۋەدىلەشكەن ۋاقىت ئۇزارتىلدى.

**تَمَدَّدَ بِالْإِمْتِلَاءِ:** كېڭەيدى، كۆپۈشتى.

**تَمَدُّدٌ:** سوزۇلماق، كېڭەيمەك.

**قَابِلِيَّةُ التَّمَدُّدِ:** سوزۇلۇشچانلىق؛ سوزۇلۇش خاراكتېرى.

**تَمَدُّدُ الْحَدَقَةِ:** كۆز قارچىغى كېڭەيمەك.

**تَمَدَّنَ يَتَمَدَّنُ تَمَدُّنًا:** شەھەرلەشتى، مەدەنىيلەشتى، شەھەرلىكتەك ياشىدى.

**تَمَدَّنَ أَهْلُ الرِّيْفِ:** يېزىلىقلار شەھەرلىكلەردەك ياشىدى، يېزىلىقلار مەدەنىيلەشتى.

**تَمَدْيَنَ يَتَمَدْيَنُ تَمَدْيُنًا:** مەدەنىيلەشتى، شەھەرلەشتى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

**تَمَذْهَبَ يَتَمَذْهَبُ تَمَذْهُبًا الشَّخْصُ بِكَذَا:** مۇئەييەن مەزھەپكە ئەگەشتى.

**تِمْرَادٌ ج تَمَارِدُ:** كەپتەرخانا.

**تَمْرَةُ الْقَفِيْبِ:** زەكەر بېشى.

**تَمْرٌ ج تُمُورٌ و تُمْرَانٌ. تَمْرَةٌ ج تَمَرَاتٌ:** خورما (قۇرۇتۇلغان)

**أَلتَّمْرُ الْهِنْدِيُّ:** تەمرى ھىندى.

**«أَصْبَحَتْ هَذِهِ التُّمُورُ يَابِسَةً بِتَأْثِيْرِ أَشِعَّةِ الشَّمْسِ» :** بۇ خورمىلار كۈن نۇرىنىڭ تەسىرىدىن قۇرۇپ قالدى.

**تَمَرَّخَ يَتَمَرَّخُ تَمَرُّخًا بِالدُّهْنِ:** مايلىدى، ماي سۈركىدى.

**تَمَرَّدَ يَتَمَرَّدُ تَمَرُّدًا:** ئاسىيلىق قىلدى، يۈز ئۆرىدى، ئىسيان كۆتۈردى، توپىلاڭ كۆتۈردى.

**تَمَرَّدَ الشَّخْصُ:** يوغانچىلىق قىلدى، سەركەشلىك قىلدى، باش تارتتى.

**تَمَرَّدَ عَلَى السُّلْطَةِ:** ھاكىمىيەتكە قارشى چىقتى.

**تَمَرُّدٌ:** ئاسىيلىق قىلماق، يۈز ئۆرىمەك، قارشىلىق قىلماق، ئىسيان كۆتۈرمەك، ئىسيان.

**تَمَرَّسَ يَتَمَرَّسُ تَمَرُّسًا بِالشَّيْءِ:** سۈركەلدى؛ مەشىق قىلدى.

**«تَمَرَّسَ بِرِيَاضَةِ التَّسَلُّقِ عَلَى الْجِبَالِ» :** تاغقا يامىشىش ھەرىكىتىنى مەشىق قىلدى.

**تَمَرَّضَ يَتَمَرَّضُ تَمَرُّضًا:** ئەزمىلىك بىلەن قىلدى، سۇسلۇق بىلەن قىلدى، خۇشياقماسلىق بىلەن قىلدى.

**تَمَرَّطَ يَتَمَرَّطُ تَمَرُّطًا الشَّعْرُ:** چاچ چۈشتى، چاچ تۆكۈلدى.

**تَمَرَّغَ يَتَمَرَّغُ تَمَرُّغًا:** ئېغىنىدى، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدى.

**تَمَرَّغَ فِي الْأَمْرِ:** تەۋرەندى، ئارىسالدى بولدى.

**تَمَرَّغَتِ الْمَاشِيَةُ:** چارۋا ئۇزۇن ۋاقىت ئوتلىدى.

**تَمَرَّغَتِ الدَّابَّةُ:** ھايۋان ئېغىنىدى.

**تَمَرَّغَ الطِّفْلُ:** بالا يۇمۇلىدى.

**تَمَرَّغَ فُلَانٌ فِي النَّعِيْمِ:** باياشات تۇرمۇشقا چۆكۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تَمَرَّنَ يَتَمَرَّنُ تَمَرُّنًا الشَّخْصُ:** مەشىق قىلدى، چېنىقتى، گىمناستىكا ئوينىدى.

**تَمَرَّنَ عَلَى الشَّيْءِ:** چېنىقتى، ئادەتلەندى، مەشىق قىلدى.

**تَمَرَّنَ الشَّيْءُ:** يۇمشىدى، ئېرىدى.

**تَمَرَّنَهُ عَلَى الْأَمْرِ:** كۆندۈردى، ئۆگىنىپ قالدى؛ پىششىقلىدى، پراكتىكا قىلدى.

**تَمَرَّنَ عَلَى الرِّيَاضَةِ:** تەنھەرىكەتكە ئادەتلەندى.

**تَمَرُّنٌ:** مەشىق قىلماق.

**تَمَرْكَزَ يَتَمَرْكَزُ تَمَرْكُزًا:** مەركەزلەشتى، ئۇيۇشتى.

**تَمَرْكَزَ فِي الْمَكَانِ:** مەركەز قىلىۋالدى.

**تَمْرِيضٌ:** قارىماق، كۈتمەك، سېستىرالىق قىلماق.

**تَمْرِينٌ ج تَمْرِينَاتٌ و تَمَارِينُ:** چېنىقىش، كۆنۈكمە، مەشىق، پراكتىكا.

**تَمْرِينٌ حِسَابِيٌّ:** ماتېماتىكا مەشقى.

**تَحْتَ التَّمْرِينِ:** پراكتىكىدا.

**تَمْرِينَاتٌ عَسْكَرِيَّةٌ:** ھەربىي مەشىق.

**«فَوَائِدُ التَّمَارِينِ الرِّيَاضِيَّةِ كَثِيرَةٌ» :** بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ.

**تَمْرِينَاتٌ رِيَاضِيَّةٌ:** گىمناستىكا، تەنتەربىيە، تەنھەرىكەت.

**تَمْرِيٌّ:** خورمىغا خاس؛ خورمىنى ياخشى كۆرگۈچى، خورما مەستانىسى.

**تَمَزَّعَ يَتَمَزَّعُ تَمَزُّعًا:** يىرتىلدى، يىرىلدى، سۆكۈلدى.

**تَمَزَّعَ الرَّجُلُ غَضَبًا:** غەزەپتىن يىرىلىپ كەتتى.

**تَمَزَّقَ يَتَمَزَّقُ تَمَزُّقًا:** يىرىلدى، دەز كەتتى، سۆكۈلدى.

**تَمَزَّقَتِ الْقَبِيلَةُ:** قەبىلە بۆلۈندى، قەبىلە پارچىلاندى.

**تَمَزَّى يَتَمَزَّى تَمَزِّيًا عَلَيْهِمْ:** ئۆزىنى باشقىلاردىن ئارتۇق كۆردى.

**«يَتَمَزَّى عَلَيْهِمْ بِمَالِهِ» :** پۇلۇم بار دەپ ئۇلارغا ئوشۇقچىلىق قىلماقتا.

**تِمْسَاحٌ ج تَمَاسِحُ و تَمَاسِيحُ:** تىمساھ.

**دُمُوعُ التَّمَاسِيحِ:** يالغان يىغا، ھارامزادىلىق يىشى.

**تَمَسْخَرَ يَتَمَسْخَرُ تَمَسْخُرَةً:** مەسخىرە قىلدى، زاڭلىق قىلدى، مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

**تَمَسَّحَ يَتَمَسَّحُ تَمَسُّحًا الشَّخْصُ بِالْمَاءِ:** يۇيۇندى، سۇغا چۆمۈلدى.

**تَمَسَّحَ الشَّخْصُ لِلصَّلَاةِ:** تاھارەت ئالدى.

**تَمَسَّحَ بِالْأَرْضِ:** تەيەممۇم قىلدى.

**تَمَسَّحَ بِأَعْتَابِهِ:** يېقىنچىلىق قىلدى، قۇلچىلىق قىلدى، خۇشامەت قىلدى.

**فُلَانٌ يُتَمَسَّحُ بِهِ:** پالانى تەۋەرۈك قىلىنىدۇ؛ پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈچۈن تەۋەرۈك قىلىنىدىغان زات.

**تَمَسَّدَ يَتَمَسَّدُ تَمَسُّدًا:** ئۇۋۇلاندى، تۇتۇپ قويۇلدى، سىلاندى.

**تَمَسَّكَ يَتَمَسَّكُ تَمَسُّكًا بِهِ:** ئېسىلدى، چىڭ تۇتتى، چىڭ تۇردى.

**تَمَسُّكٌ:** چىڭ ئېسىلماق، چىڭ تۇتماق، چىڭ تۇرماق.

**تَمَشَّى يَتَمَشَّى تَمَشِّيًا الشَّخْصُ:** پىيادە ماڭدى، ئالدىرىماي ماڭدى، سەيلە قىلدى.

**تَمَشَّى مَعَهُ:** ئۇنىڭغا قوشۇلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ماڭدى.

**تَمَشَّى الدَّوَاءُ فِي جِسْمِهِ:** دورا ئۇنىڭ بەدىنىگە تارالدى.

**تَمَشَّى جِيئَةً وَذَهَابًا:** ئالدى ـ كەينىگە ماڭدى.

**«تَمَشَّتْ فِيهِ حُمَيَّا الْكَأْسِ» :** ھاراق ئۇنى مەست قىلغىلى تۇردى.

**تَمَشٍّ:** مېڭىپ سەيلە قىلماق.

**تَمَشِّيًا :** . . . بويىچە، ماس ھالدا، . . . ئاساسەن، . . . بىنائەن.

**«عَالَجَ الْمَسْئَلَةَ تَمَشِّيًا مَعَ تَوْجِيهَاتِ الْوَزِيرِ» :** مەسىلىنى مىنىستىرنىڭ يوليورۇقى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى.

**تَمَسْكَنَ يَتَمَسْكَنُ تَمَسْكُنًا الشَّخْصُ:** نامرات بولۇۋالدى، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَمْسِيدٌ:** تۇتۇش ئۇسۇلى، ئۇۋۇلاش قائىدىسى.

**التَّمْسِيْدُ يُرِيْحُ الْبَدَنَ:** ئۇۋۇلاش بەدەننى راھەتلەندۈرىدۇ.

**تَمَشَّطَ يَتَمَشَّطُ تَمَشُّطًا الشَّخْصُ:** باش تارىدى، چاچ تارىدى.

**تَمَصَّرَ يَتَمَصَّرُ تَمَصُّرًا الْمَكَانُ:** شەھەرلەشتى، شەھەرگە ئايلاندى.

**تَمَصَّرَ الشَّخْصُ:** مىسىر پۇقراسى بولدى، مىسىر تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

**تَمَصَّرَ الشَّيْءُ:** ئازايدى، ئاز بولدى.

**تَمَصَّصَ يَتَمَصَّصُ تَمَصُّصًا:** شورىدى، سۈمۈردى.

**تَمَضَّرَ يَتَمَضَّرُ تَمَضُّرًا:** مۇزەر قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولدى.

**تَمَطَّطَ يَتَمَطَّطُ تَمَطُّطًا الشَّيْءُ:** سوزۇلدى، ئۇزۇردى.

**تَمَطَّطَ فِي الْكَلَامِ:** گەپنى ئۇزارتىۋەتتى.

**تَمَطَّطَ الْقِطُّ:** مۈشۈك كېرىلدى.

**تَمَطَّعَ يَتَمَطَّعُ تَمَطُّعًا بِـ:** پايدىلاندى، بەھرىمەن بولدى.

**تَمَطَّقَ يَتَمَطَّقُ تَمَطُّقًا الطَّعَامَ:** تاماق تېتىپ كېتىپ تامىقىنى چاكىلداتتى.

**تَمَطَّى يَتَمَطَّى تَمَطِّيًا فِي مَشْيَتِهِ:** كۆرەڭلەپ ماڭدى، گىدىيىپ ماڭدى.

**تَمَطَّى:** كېرىلدى.

**«ثُمَّ ذَهَبَ إِلَى أَهْلِهِ يَتَمَطَّى» ‹قرآن›:** ئاندىن كېرىلگەن هالدا ئۆيىگە قايتتى.

**تَمَطَّى النَّهَارُ:** كۈن ئۇزۇرىدى.

**تَمَعَّرَ يَتَمَعَّرُ تَمَعُّرًا الشَّعْرُ:** چاچ چۈشۈپ كەتتى.

**تَمَعَّرَ الْوَجْهُ:** تاتىرىپ كەتتى، سارغىيىپ كەتتى.

**تَمَعَّجَ يَتَمَعَّجُ تَمَعُّجًا الْحَيَّةُ:** يىلان يەر بېغىرلاپ ماڭدى.

**تَمَعَّطَ يَتَمَعَّطُ تَمَعُّطًا:** چۈشۈپ كەتتى، تۆكۈلۈپ كەتتى.

**تَمَعَّنَ يَتَمَعَّنُ تَمَعُّنًا الشَّخْصُ:** بويسۇنۇپ خۇشامەت قىلدى، كۈچۈكلەندى.

**تَمَعَّنَ الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ:** چوڭقۇرلاپ تەكشۈردى، ئەستايىدىل قارىدى.

**«تَمَعَّنَ الْقَاضِى فِي مِلَفِّ الْقَضِيَّةِ» :** سودىيە مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈردى.

**تَمَعُّنٌ:** چوڭقۇر ئويلىماق.

**تَمَغَّصَ يَتَمَغَّصُ تَمَغُّصًا بَطْنُهُ:** قورسىقى ئاغرىپ قالدى.

**تَمَغَّصَهُ الشَّيْءُ:** زىيان ـ زەخمەت يەتتى.

**تَمَغَّصَ مِنْ ضَجِيْجِ السَّيَّارَاتِ:** ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىدىن بىئارام بولدى.

**تَمَغَّطَ يَتَمَغَّطُ تَمَغُّطًا الشَّيْءُ:** سوزۇلدى، ئۇزۇردى.

**تَمَغَّطَ الْفَرَسُ:** ئات چوڭ قەدەملەپ چاپتى.

**تَمَكَّثَ يَتَمَكَّثُ تَمَكُّثًا الشَّخْصُ:** تۇردى، بىر مەھەل كۈتتى.

**تَمَكَّكَ يَتَمَكَّكُ تَمَكُّكًا الْعَظْمَ:** يىلىكنى شوردى.

**تَمَكَّنَ يَتَمَكَّنُ تَمَكُّنًا :** مۇستەھكەملەندى، كۈچەيدى، قۇدرەت تاپتى، چىڭىدى.

**تَمَكَّنَ الشَّخْصُ الْمَكَانَ:** ئورۇنلاشتى، ماكانلاشتى.

**تَمَكَّنَ الشَّخْصُ عِنْدَالنَّاسِ:** كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە نوپۇزى ئۆستى.

**تَمَكَّنَ فِي مَجْلِسِهِ:** ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى.

**«إِنَّ الْأَجَلَ أَدْرَكَهُ دُونَ أَنْ يَتَمَكَّنَ مِنْ مُراجَعَةٍ أَخِيْرَةٍ» :** ئۇنىڭ ئەجىلى يېتىپ ئۇ ئەسەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرمەي قالدى.

**تَمَلَّأَ يَتَمَلَّأُ تَمَلُّأً الْوِعَاءُ:** قاچا توشۇپ كەتتى.

**تَمَلَّأَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال پۇركەنجە ئارتتى.

**تَمَلَّسَ يَتَمَلَّسُ تَمَلُّسًا :** يۇمشىدى، مەيدە بولدى، سىلىق بولدى.

**تَمَلَّسَ مِنَ الْأَمْرِ:** قۇتۇلدى.

**تَمَلَّصَ يَتَمَلَّصُ تَمَلُّصًا الشَّيْءُ:** تېيىلدى، سىيرىلدى، سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

**تَمَلَّصَ الشَّخْصُ مِنْهُ:** ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**تَمَلَّصَ:** يوشۇرماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق، ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتمەك.

**تَمَلَّقَ يَتَمَلَّقُ تَمَلُّقًا لَهُ:** خۇشامەت قىلدى، تەخسىكەشلىك قىلدى، ياخشىچاق بولدى.

**تَمَلُّقٌ:** خۇشامەت قىلماق، قۇللارچە باش ئەگمەك.

**تَمَلَّكَ يَتَمَلَّكُ تَمَلُّكًا الشَّيْءَ:** ئىگە بولدى، ئىگىلىدى؛ تارتىۋالدى، كۈچ بىلەن ئىگىلىدى، زورلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

**تَمَلَّكَ عَلَى الْقَوْمِ:** ھۆكۈمرانلىق قىلدى، باشقۇردى.

**تَمَلُّكٌ:** ئىگە بولماق، ئىگىلىمەك، قولغا كەلتۈرمەك.

**تَمَلَّلَ يَتَمَلَّلُ تَمَلُّلاً:** زېرىكتى، ئىچى پۇشتى، بىئارام بولدى.

**تَمَلَّى يَتَمَلَّى تَمَلِّيًا عُمْرَهُ:** ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى، ئۇزۇن ياشىدى.

**تَمَلْمَلَ يَتَمَلْمَلُ تَمَلْمُلاً الشَّخْصُ:** بىئاراملىقتىن تولغىنىپ ياتالمىدى.

**تَمَلْمَلَ مِنَ الْأَلَمِ:** ئاغرىقتىن ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ بىئارام بولدى.

**تَمَلْمُلٌ:** تىتىلداپ ئولتۇرالماي قالماق.

**تَمَّ يَتِمُّ تِمًّا و تَمَامًا و تَمَامَةً:** تۈگىدى، ئاخىرلاشتى، ئورۇندىلىپ بولدى.

**«تَمَّ تَوْزِيعُ الْأَرَاضِي عَلَى الْفَلاَّحِينَ»** : دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىنىپ بولدى.

**«تَمَّ اكْتِشَافُ دَوَاءٍ جَدِيدٍ»** : يېڭى دورا ئىجاد قىلىندى.

**تَمَّ لَهُ مَا أَرَادَ:** كۆڭۈلگە پۈككىنى ئەمەلگە ئاشتى.

**«تَجِبُ أَنْ تَتِمَّ الْخُطَّةُ الْعِلاَجِيَّةُ وَفْقًا لِحَالَةِ الْمَرِيضِ»** : داۋالاش لايىھىسى كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىشى كېرەك.

**تَمٌّ:** ئاققۇ.

**تِمٌّ ج تِمَمٌ:** بىجىرىم، تولۇق، مۇكەممەل.

**وَلَدَتْهُ أُمُّهُ لِتِمٍّ:** ئۇنى ئانىسى بىجىرىم تۇغدى.

**تَمَّارٌ:** خورمىچى، خورما سودىگىرى.

**تَمَّمَ يُتَمِّمُ تَتْمِيمًا:** ئورۇندىدى، ئاخىرلاشتۇردى، تۈگەتتى؛ تولۇقلىدى.

**تَمَّمَ عَلَى الْجَرِيحِ:** يارىدارلارنى ئۆلتۈرۈپ بولدى.

**تَمَّمَ عَلَى الْأَسْرَى:** ئەسىرلەرنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن ساندى.

**«يُتَمِّمُ هَذَا الْمَقَالُ سِلْسِلَةَ الْمَقَالاَتِ الَّتِي نُشِرَتْ مِنْ قَبْلُ»** : بۇ ماقالە بۇرۇن ئېلان قىلىنغان بىر قاتار ماقالىلەرنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر.

**تَمُّوزُ:** ئىيۇل (مىلادىيە 7 -ئاي)

**تَمَنْدَلَ يَتَمَنْدَلُ تَمَنْدُلاً بِالْمِنْدِيلِ:** ياغلىق بىلەن ئېيتتى، ياغلىق بىلەن قولنى سۈرتتى.

**تَمَنْطَقَ يَتَمَنْطَقُ تَمَنْطُقًا الرَّجُلُ:** كەمەر باغلىدى.

**تَمَنْطَقَ الشَّخْصُ:** مەنتىق ئىلمى بىلەن (لوگىكا) ھەپىلەشتى.

**تَمَنَّعَ يَتَمَنَّعُ تَمَنُّعًا عَنْهُ:** باش تارتتى، رەت قىلدى.

**تَمَنَّعَ بِقَوْمِهِ:** قەۋمى بىلەن كۈچ تاپتى، قەۋمى بىلەن قوغداندى.

**تَمَنَّعَ الشَّيْءُ:** ئېرىشىش تەس بولدى، قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى.

**تَمَنُّعٌ:** رەت قىلماق، باش تارتماق.

**تَمَنَّنَ يَتَمَنَّنُ تَمَنُّنًا الرَّجُلَ:** ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

**تَمَنَّنَهُ بِـ:** مىننەت قىلدى، مىننەت قىلىپ كۆڭلىنى رەنجىتتى.

**تَمَنَّى يَتَمَنَّى تَمَنِّيًا الشَّخْصُ الشَّيْءَ:** ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد قىلدى.

**أَتَمَنَّى لَكُمْ نَجَاحًا:** مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلارنى تىلەيمەن، سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

**تَمَنٍّ ج تَمَنِّيَاتٌ:** تىلەك، ئارزۇ، ئىستەك.

**مَعَ تَمَنِّيَاتِي الطَّيِّبَةِ:** ياخشى ئىستەكلىرىم بىلەن، ياخشى ئارزۇلىرىم بىلەن.

**تَمَنِّيَاتُ رَأْسِ الْعَامِ:** يېڭى يىل تىلەكلىرى، يېڭى يىل ئارزۇلىرى.

**تَمْنِيَةٌ:** ئۈمىدلەندۈرمەك.

**تَمَهَّدَ يَتَمَهَّدُ تَمَهُّدًا الْأَمْرُ:** ئىش ئاسان بولدى، يەڭگىل بولدى.

**تَمَهَّدَ الْفِرَاشُ:** يايدى.

**تَمَهَّرَ يَتَمَهَّرُ تَمَهُّرًا الشَّخْصُ:** ماھىر بولدى، ئۇستا بولدى.

**تَمَهَّرَ فِي صِنَاعَةِ الْخَزَفِ:** پار - پۇرچىلىقتا پۇختا بولدى.

**تَمَهَّلَ يَتَمَهَّلُ تَمَهُّلًا الشَّخْصُ فِي عَمَلِهِ:** تەمكىن بولدى، ۋەزمىن بولدى.

**تَمَهَّلَ فِي خُطَاهُ:** ئالدىرىماي ماڭدى، ئاستا قەدەم باستى.

**تَمَهُّلٌ:** سالماق بولماق، تەمكىن بولماق؛ ئاستا.

**«فِي التَّمَهُّلِ السَّلَامَةُ، فِي الْعَجَلَةِ النَّدَامَةُ»:** ئىتغىر - بېسىق ئادەم سالامەت بولىدۇ، ئالدىراڭغۇ ئادەم پۇشايماندا قالىدۇ.

**تَمْهِيدٌ ج تَمْهِيدَاتٌ:** ئورۇنلاشتۇرماق، سەرەمجانلاشتۇرماق، تەييارلىماق؛ مۇقەددىمە، كىرىش سۆز.

**تَمْهِيدُ الْكِتَابِ:** كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى.

**تَمْهِيدًا لِكَذَا:** تەييارلىق يۈزىسىدىن.

**تَمْهِيدِيٌّ:** تەييارلىققا مەنسۇپ، تەييارلىق ئوقۇتۇش.

**شَرْحٌ تَمْهِيدِيٌّ:** مۇقەددىمە خاراكتېرلىك شەرھى، كىرىش سۆز.

**اِجْتِمَاعٌ تَمْهِيدِيٌّ:** تەييارلىق يىغىنى.

**تِلْمِيذٌ بِالصَّفِّ الْأَوَّلِ تَمْهِيدِيٌّ:** بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى تەييارلىققا مەنسۇپتۇر.

**قَرَارٌ تَمْهِيدِيٌّ:** دەسلەپكى قارار.

**حُكْمٌ تَمْهِيدِيٌّ:** دەسلەپكى ھۆكۈم.

**إِجْرَاءَاتٌ تَمْهِيدِيَّةٌ:** تەييارلىق رەسمىيەتلىرى.

**هُمْ بِالْمَرْحَلَةِ التَّمْهِيدِيَّةِ:** ئۇلار تەييارلىق باسقۇچىدا.

**تَمَوَّجَ يَتَمَوَّجُ تَمَوُّجًا الْبَحْرُ:** دېڭىز دولقۇنلىدى، دېڭىز جۇش ئۇردى، دېڭىز مەۋج ئۇردى.

**تَمَوُّجٌ ج تَمَوُّجَاتٌ:** دولقۇنلىماق، دولقۇنلانماق؛ دولقۇن.

**اَلتَّمَوُّجَاتُ الْقَصِيرَةُ:** قىسقا دولقۇن.

**اَلتَّمَوُّجَاتُ الصَّوْتِيَّةُ:** ئاۋاز دولقۇنى.

**تَمَوُّجُ الْهَوَاءِ:** ھاۋا دولقۇنى.

**تَمَوَّرَ يَتَمَوَّرُ تَمَوُّرًا:** داۋالغۇدى، تەۋرەندى، دولقۇنلىدى، ئۆركەشلىدى.

**تَمَوُّرًا:** ئۇياق - بۇياققا ماڭماق.

**حَرَكَةٌ تَمَوُّرِيَّةٌ:** دولقۇنسىمان ھەرىكەت، داۋالغۇش، تەۋرىنىش.

**تَمَوَّلَ يَتَمَوَّلُ تَمَوُّلًا الشَّخْصُ:** مالدار بولدى، باي بولدى.

**تَمَوَّلَ الْمَالَ:** دەسمايىگە ئىگە بولدى، ئالدى، پۇل-مالغا ئىگە بولدى.

**تَمَوَّنَ يَتَمَوَّنُ تَمَوُّنًا:** زاپاس ئاشلىق ساقلىدى.

**تَمَوَّنَ الشَّخْصُ:** ئائىلىسىگە كەڭتاشا راسخوت قىلىپ بەردى.

**تَمْوِيلٌ:** مەبلەغ بىلەن تەمىنلىمەك، مەبلەغ يەتكۈزۈپ بەرمەك.

**تَمْوِينٌ:** تەمىنلىمەك.

**بِطَاقَةُ تَمْوِينٍ:** ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسى.

**قَطَعَ التَّمْوِينَ:** تەمىنلەشنى ئۈزۈپ قويدى.

**تَمْوِيهٌ:** ھەل بەرمەك، سىرلىماق، (ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنى يالاتماق)

**اَلتَّمِيمُ:** كەم - كۈتىسىز، نۇقسانسىز، مۇكەممەل.

**تَمِيمَةٌ ج تَمَائِمُ:** تۇمار، تىلتۇمار.

**«مَنْ عَلَّقَ تَمِيمَةً فَلَا أَتَمَّ اللّٰهُ لَهُ» «حديث»:** كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى كوتا قىلىپ قويىدۇ.

**تَمَيَّحَ يَتَمَيَّحُ تَمَيُّحًا:** تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى؛ ئىككىلەندى.

**تَمَيَّزَ يَتَمَيَّزُ تَمَيُّزًا:** پەرقلەندى، ئايرىلدى.

**تَمَيَّزَ الْقَوْمُ:** بۆلۈندى، ئايرىم بولدى.

**تَمَيَّزَ الشَّخْصُ مِنَ الْغَيْظِ:** چېچىلدى، غەزەپلەندى، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتتى.

**«تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ الْغَيْظِ» «قرآن»:** دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ.

uyghurkitap.com


**تَمْيِيزٌ:** ئايرىماق، پەرقلەندۈرمەك؛ تاللىماق.

**عَدِيمُ التَّمْيِيزِ:** پەرقسىز، پەرق ئەتمەي.

**اَلتَّمْيِيزُ الْعُنْصُرِيُّ:** ئىرقى ئايرىمىچىلىق.

**«لاَ يَزَالُ التَّمْيِيزُ الْعُنْصُرِيُّ مَوْجُودًا فِي بَعْضِ الْأَمَاكِنِ فِي الْعَالَمِ» :** دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا ئىرقى ئايرىمىچىلىق يەنىلا مەۋجۇت.

**سِنُّ التَّمْيِيزِ:** بالاغەت يېشى.

**مَحْكَمَةُ التَّمْيِيزِ:** يۇقىرى سوت.

**«يَجِبُ التَّمْيِيزُ بَيْنَ الْخَيْرِ وَالشَّرِّ» :** ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش كېرەك.

**تَمَيَّسَ يَتَمَيَّسُ تَمَيُّسًا:** غادىيىۋالدى، كېرىلىپ ماڭدى.

**تَمَيَّعَ يَتَمَيَّعُ تَمَيُّعًا الشَّيْءُ:** ئېرىدى، سۇيۇقلاندى، ئاقتى.

**تَمَيَّلَ يَتَمَيَّلُ تَمَيُّلاً:** تەۋرەندى، ئىرغاڭلىدى، پۇلاڭلىدى.

**تَنَاءَى يَتَنَاءَى تَنَائِيًا عَنْهُ:** يىراقلاشتى، ئۇزاقلاشتى، ئۇزاپ كەتتى، نېرى توردى.

**تَنَابَذَ يَتَنَابَذُ تَنَابُذًا:** مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، ئالاقىنى ئۈزۈشتى، ئايرىلىپ كېتىشتى.

**تَنَابُذٌ فِي الرَّأْيِ:** پىكىر ئىختىلاپى.

**تَنَابُذٌ:** مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، ئالاقىنى ئۈزمەك، ئالاقىنى ئۈزۈشمەك.

**تَنَابَزَ يَتَنَابَزُ تَنَابُزًا الْقَوْمُ بِالْأَلْقَابِ:** ئۆز ئارا لەقەم قويۇشتى.

**«وَلاَ تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ» «قرآن» :** بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار.

**تَنَابُزٌ:** لەقەم بىلەن چاقىرىشماق، لەقەم قويۇشماق.

**تَنَاثَرَ يَتَنَاثَرُ تَنَاثُرًا:** تارقالدى، يېيىلدى، چېچىلدى، تېرىلدى؛ تۆكۈلۈپ كەتتى.

**«تَنَاثَرَ الْجُنْدُ فِي سَاحَةِ الْقِتَالِ» :** قوشۇن ئۇرۇش مەيدانىدا تارىلىپ كەتتى.

**تَنَاجَزَ يَتَنَاجَزُ تَنَاجُزًا:** ئۇرۇشتى، ئېلىشتى، تۇتۇشتى، جەڭ قىلىشتى.

**تَنَاجَى يَتَنَاجَى تَنَاجِيًا الشَّخْصَانِ:** پىچىرلاشتى، كۇسۇلداشتى، مەخپى سۆھبەتلەشتى؛ قۇلىقىنى قۇلىقىغا يېقىپ گەپلەشتى.

**«يَأَيُّهَاالَّذِينَ آمَنُوا إِذَا تَنَاجَيْتُمْ فَلاَ تَتَنَاجَوْا بِالْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَمَعْصِيَةِ الرَّسُولِ» «قرآن» :** ئى مۆمىنلەر! سىلەر پىچىرلاشساڭلار گۇناھ، زۇلۇم ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار

**تَنَاجَى الصَّدِيقَانِ:** ئىككى دوست مەخپى سىرداشتى.

**تَنَاحَرَ يَتَنَاحَرُ تَنَاحُرًا الْقَوْمُ عَلَى الشَّيْءِ:** كۈرەش قىلىشتى، دۈشمەنلەشتى، قارشىلاشتى.

**«تَنَاحَرُوا عَلَى قِطْعَةِ أَرْضٍ وَسَالَ الدَّمُ بَيْنَهُمْ» :** بىر پارچە يەر ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قان تۆكۈلدى.

**تَنَاحُرٌ:** دۈشمەنلىك، قارىمۇ قارشىلىق، كۈرەش، كۈرەش قىلماق.

**تَنَاحُرُ الْأَحْزَابِ:** پارتىيىلەر ئارىسىدىكى كۈرەش، پارتىيىلەر كۈرىشى.

**تَنَادَّ يَتَنَادُّ تَنَادًّا الْقَوْمُ:** پىكىر بىرلىككە كېلەلمىدى، ئىختىلاپ قىلىشتى، تەرەپ ـ تەرەپكە پىتراپ كەتتى.

**تَنَادٌّ:** پىكىردە كېلىشەلمەسلىك؛ تارالماق، چېچىلماق، پىتراپ كەتمەك، تەرەپ ـ تەرەپكە توزۇپ كەتمەك.

**تَنَادَرَ يَتَنَادَرُ تَنَادُرًا عَلَيْنَا:** بىزگە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەردى، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

**تَنَادَرَ الْقَوْمُ:** قىزىق پاراڭلارنى سېلىشتى.

**يَتَنَادَرُونَ بِالْبُخَلاَءِ:** پىخسىقلار ھەققىدىكى قىزىق پاراڭلارنى سېلىشتى.

**تَنَادَمَ يَتَنَادَمُ تَنَادُمًا الْقَوْمُ:** ئۇلپەتلەشتى.

**تَنَادَى يَتَنَادَى تَنَادِيًا الْقَوْمُ:** ئۆز ئارا چاقىرىشتى، بىر ـ بىرىنى توۋلاشتى.

**«فَتَنَادَوْا مُصْبِحِينَ» «قرآن» :** ئەتىگەندە بىر ـ بىرىنى توۋلاشتى.

**تَنَادٍ:** توۋلىماق، چاقىرماق.

**يَوْمُ التَّنَادِ:** قىيامەت كۈنى.

**«وَيَاقَوْمِي إِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ يَوْمَ التَّنَادِ»**

«قرآن» : ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدىن ئەنسىرەيمەن.

**تَنَاذَرَ يَتَنَاذَرُ تَنَاذُرًا الْقَوْمُ:** بىر - بىرسىنى ئاگاھلاندۇردى.

**تَنَازَعَ يَتَنَازَعُ تَنَازُعًا:** تالاش - تارتىش قىلىشتى.

**«وَلاَ تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا» «قرآن» :** ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر.

**تَنَازَعَهُ الضِّحْكُ وَالْغَضَبُ:** تۇرۇپ كۈلۈپ، تۇرۇپ غەزەپلەندى.

**تَنَازُعٌ ج تَنَازُعَاتٌ:** تالاشماق، مۇنازىرە قىلماق، تالاش - تارتىش قىلماق، تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرە، جېدەل -ماجىرا، مۇنازىرە.

**تَنَازُعُ الْبَقَاءِ بَيْنَ الْحَيَوَانَاتِ:** ھاياتلىق رىقابىتى، ياشاش كۈرىشى، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش (ھايۋانلار ئارىسىدا)

**تَنَازُعُ الْمُحْتَضَرِ:** سەكراتتىكى ئادەمنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى.

**تَنَازُعَاتُ الأَحْزَابِ حَوْلَ السِّيَاسَةِ الإِقْتِصَادِيَّةِ:** سىياسىي ئىقتىساد توغرىسىدا پارتىيىلەرنىڭ دەتالاش قىلىشى.

**تَنَازَلَ يَتَنَازَلُ تَنَازُلاً:** كەمتەرلىك قىلدى، كىچىك پېئىل بولدى.

**تَنَازَلَ عَنِ الْعَرْشِ:** ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، ھوقۇقتىن ۋاز كەچتى، ئورنىنى بوشىتىپ بەردى. تەختتىن ۋاز كەچتى.

**تَنَازَلَ لَهُ عَنْ مِلْكٍ:** ئۆتۈنۈپ بەردى، يول قويدى.

**تَنَازَلَ عَنِ الشَّيْءِ:** باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

**تَنَازَلَ عَنْ رِئَاسَةِ الْحِزْبِ:** پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىدىن ۋاز كەچتى.

**تَنَازَلَتْ عَنْ حَقِّهَا لأَخِيهَا:** ئۇ ئايال قېرىندىشى ئۈچۈن ئۆز ھەققىدىن ۋاز كەچتى.

**«تَنَازَلَ الْمَلِكُ عَنِ الْعَرْشِ لِفَائِدَةِ ابْنِهِ» :** پادىشاھ ئوغلىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تەختىنى ئۆتۈنۈپ بەردى.

**تَنَازُلٌ:** ئۆتۈنمەك، ۋاز كەچمەك.

**تَنَاسَبَ يَتَنَاسَبُ تَنَاسُبًا الشَّيْئَانِ:** ماسلاشتى، ئۇيغۇنلاشتى، لايىقلاشتى، ئوخشىشىپ كەتتى.

**هَذِهِ الْبَدْلَةُ تُنَاسِبُ جِسْمِي:** بۇ بىر تو كىيىم مېنىڭ بەدىنىمگە لايىق كېلىدۇ.

**تَنَاسَبَتِ الْمَقَالَتَانِ فِي الْمُحْتَوَى:** ئىككى ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كەتتى.

**تَنَاسَبَ الْقَوْمُ:** نام - نەسەبىنى سۈرۈشتە قىلىشتى.

**تَنَاسَبُوا إِلَى قَبِيلَةِ رَبِيعَةَ:** ئۇلار ئۆزلىرىنى رەبىئە قەبىلىسىگە نىسبەت بېرىشتى.

**لاَ يَتَنَاسَبُ الْجُهْدُ مَعَ النَّتَائِجِ:** تارتقان جاپاغا چۇشلۇق نەتىجە يوق.

**تَنَاسُبٌ:** لايىقلاشماق، ئۇيغۇنلاشماق؛ نىسبەت، تاناسىپ؛ سىممېترىيە، مۇتاناسىپلىق ماسلىق، تەكشىلىك، رەتلىك.

**بِلاَ تَنَاسُبٍ:** ماس كەلمەيدىغان.

**عَدَمُ التَّنَاسُبِ:** ماس كەلمەسلىك؛ لايىق كەلمەسلىك.

**«فَقَدَ التَّنَاسُبَ» :** تەكشىلىكنى يوقاتتى.

**تَنَاسَخَ يَتَنَاسَخُ تَنَاسُخًا الشَّيْئَانِ:** بىرىنچىسى ئىككىنچىسىنى بىكار قىلدى، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

**تَنَاسَخَتِ الْوَرَثَةُ:** مىراسخورلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋەردى، ھالبۇكى مىراس تەقسىم قىلىنمىغىنى يوق.

**تَنَاسَخَتِ الأَزْمِنَةُ:** زامانلار ئۆتتى، ئالمىشىپ تۇردى، نۆۋەتلەشتى.

**تَنَاسُخُ الأَرْوَاحِ:** روھلارنىڭ كۆچۈشى (بەزى مىللەتلەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تېنىگە يۆتكىلىپ قايتا تۇغۇلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئەقىدە مۇخلىسلىرى ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ)

**تَنَاسَقَ يَتَنَاسَقُ تَنَاسُقًا:** تەرتىپلىك بولدى، رەتلىك بولدى، سىستېمىلىق بولدى، تەكشى بولدى.

**«تَنَاسَقَ أَعْمَالُ الشَّرِكَةِ مُنْذُ تَعْيِينِ مُدِيرٍ جَدِيدٍ لَهَا» :** شىركەتنىڭ خىزمەتلىرى يېڭى مۇدىر تەيىنلىنىشىدىن كېيىن تەرتىپكە چۈشتى.

**«تَنَاسَقَ الْكَلاَمُ» :** سۆز تەرتىپلىك بولدى.

**«تَنَاسَقَتْ خُطْبَةُ الْإِمَامِ فِي عِبَارَةٍ مُؤَثِّرَةٍ»**: ئىمامنىڭ خۇتبىسى تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن رەتلىك بولدى.

**تَنَاسُقٌ**: رەتلىك بولماق، ماسلاشماق.

**تَنَاسُقُ الْخُطَّةِ**: پىلاننىڭ ماسلىشىشى.

**تَنَاسَلَ يَتَنَاسَلُ تَنَاسُلًا الْقَوْمُ**: بالا ـ چاقىلىق بولدى، ئەۋلادلىرى كۆپەيدى.

**«تَنَاكَحُوا تَنَاسَلُوا فَإِنِّي أُبَاهِي بِكُمُ الْأُمَمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ»** «حديث»: ئۆيلىنىڭلار، بالا ـ چاقىلىق بولۇڭلار، چۈنكى مەن قىيامەت كۈنى سىلەر بىلەن باشقا ئۇممەتلەر ئالدىدا پەخىرلىنىمەن.

**تَنَاسُلٌ**: تۇغماق، نەسىل قالدۇرماق.

**أَعْضَاءُ التَّنَاسُلِ**: جىنسىي ئورگان، جىنسىي ئەزا.

**غَرِيزَةُ التَّنَاسُلِ**: نەسىل قالدۇرۇش تەبىئىتى.

**مَرَضٌ تَنَاسُلِيٌّ**: جىنسىي كېسەللىك، تاناسىل ئەزا كېسەللىكى.

**اَلْجِهَازُ التَّنَاسُلِيُّ**: نەسىل قالدۇرۇش سىستېمىسى.

**اَلْغُدَّةُ التَّنَاسُلِيَّةُ**: جىنسىي بەز.

**دِرَاسَاتٌ طِبِّيَّةٌ تَنَاسُلِيَّةٌ**: تاناسىل سىستېمىسىغا ئائىت تىببىي تەتقىقات.

**تَنَاسَى يَتَنَاسَى تَنَاسِيًا الشَّيْءَ**: ئۇنۇتقاق بولۇۋالدى، بىلمەس بولۇۋالدى، ئۇنتۇغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَنَاسَى آلَامَهُ**: دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇندى.

**تَنَاشَدَ يَتَنَاشَدُ تَنَاشُدًا الْقَوْمُ الْأَشْعَارَ**: ئۆز ئارا شېئىر ئوقۇشتى.

**«تَنَاشَدَ الشُّعَرَاءُ قَصَائِدَهُمْ فِي النَّوَادِي الْأَدَبِيَّةِ»**: ياش شائىرلار ئەدەبىي سورۇنلاردا ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتى.

**تَنَاشِيرُ**: كىچىك بالىلارنىڭ قالايمىقان يازغان خېتى.

**تَنَاصَرَ يَتَنَاصَرُ تَنَاصُرًا الْقَوْمُ**: ئۆز ئارا ياردەم بېرىشتى.

**تَنَاصُحٌ**: ئۆتكۈزۈشچانلىق، سىڭدۈرۈشچانلىق.

**تَنَاضُجِيٌّ**: سىڭىپ ئۆتۈپ كېتىش بېسىمى.

**تَنَاضَلَ يَتَنَاضَلُ تَنَاضُلًا**: مۇسابىقىلەشتى، رىقابەتلەشتى.

**تَنَاطَحَ يَتَنَاطَحُ تَنَاطُحًا الْكَبْشَانِ**: ئىككى قوشقار ئۈسۈشتى.

**تَنَاطَحَتِ الْأَمْوَاجُ**: دولقۇنلار گىرەلىشىپ كەتتى.

**هَذَا أَمْرٌ لَا يَتَنَاطَحُ فِيهِ كَبْشَانِ**: ئىختىلاپ چىقمايدىغان ئىش، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش.

**تَنَاظَرَ يَتَنَاظَرُ تَنَاظُرًا**: بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

**تَنَاظَرَ الشَّخْصَانِ**: مۇنازىرىلەشتى، دە تالاش قىلىشتى.

**تَنَاظَرَتِ الدَّارَانِ**: ئىككى قورۇ بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل تۇردى، روبىرو تۇردى.

**تَنَاظَمَ يَتَنَاظَمُ تَنَاظُمًا**: تىزىلدى، رەتلەندى.

**تَنَاظَمَتِ الْجَوَاهِرُ**: مەرۋايىت تىزىلدى.

**تَنَاصَفَ يَتَنَاصَفُ تَنَاصُفًا الْقَوْمُ**: ئۆزئارا ھەققانى بولۇشتى.

**«تَنَاظَمَ الْآجُرُّ فِي الْحَائِطِ»**: پىششىق كېسەك تامغا تىزىلدى.

**تَنَاظَمَ يَتَنَاظَمُ تَنَاظُمًا**: تىزىلدى.

**تَنَاعَسَ يَتَنَاعَسُ تَنَاعُسًا**: ئۇخلىغان بولۇۋالدى، ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَنَاعَمَ يَتَنَاعَمُ تَنَاعُمًا**: باياشات ياشىدى، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

**تَنَاعَى يَتَنَاعَى تَنَاعِيًا الْقَوْمُ**: يىغلاشتى، يىغا ـ زارە قىلىشتى، ئىنتىقام ئېلىشقا قوزغاش ئۈچۈن يىغا ـ زارە قىلىشتى.

**تَنَاغَمَ يَتَنَاغَمُ تَنَاغُمًا اللَّحْنَانِ**: ئىككى ئاھاڭ ماسلاشتى، تەڭكەش قىلدى.

**تَنَاغُمٌ**: بىرلىكتە ئورۇنلىماق، بىرلىكتە ناخشا ئېيتماق.

**تَنَاغُمُ أَلْحَانِ الْمُطْرِبَاتِ**: ناخشىچى ئاياللارنىڭ تەڭكەش قىلىشى.

**تَنَافَرَ يَتَنَافَرُ تَنَافُرًا الْقَوْمُ**: جېدەللەشتى، ماجىرالاشتى، تىركەشتى؛ پەخىرلىنىشتى.

**تَنَافَرُوا لِلْقِتَالِ**: ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

**تَنَافَرَتِ الْأَصْوَاتُ:** ئاۋاز مەخرەجدىن (جايىدىن) چىقمىدى، يېقىمسىز بولدى.

**تَنَافَرَتِ الْأَنْغَامُ:** مۇزىكا يېقىمسىز ئاڭلاندى.

**تَنَافُرٌ:** كېلىشەلمەسلىك، ماسلىشالماسلىق.

**تَنَافُرُ الْأَلْوَانِ:** رەڭلەر ماسلىشالماسلىق، رەڭ تالىشىش.

**تَنَافُرُ الْقُلُوبِ:** سىغىشالماسلىق، كېلىشەلمەسلىك.

**تَنَافَرَ الْقَوْمُ:** دەۋالاشتى.

**تَنَافَسَ يَتَنَافَسُ تَنَافُسًا الْقَوْمُ:** رىقابەتلەشتى، مۇسابىقىلەشتى.

**«فِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ» (قرآن):** قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!

**«تَنَافَسَ التُّجَّارُ فِي جَلْبِ الزَّبَائِنِ»:** سودىگەرلەر خېرىدارلارنى جەلپ قىلىشتا رىقابەتلەشتى.

**تَنَافَى يَتَنَافَى تَنَافِيًا الشَّيْئَانِ:** زىت بولۇشتى، كېلىشەلمىدى.

**تَنَافٍ:** كېلىشەلمەسلىك، چىقىشالماسلىق.

**تَنَاقَصَ يَتَنَاقَصُ تَنَاقُصًا الشَّيْءُ:** پەيدىنپەي كېمەيدى، تەدرىجىي ئازايدى.

**تَنَاقَصَ الْقَمَرُ:** ئاي بارغانسېرى كىچىكلىدى.

**تَنَاقَضَ يَتَنَاقَضُ تَنَاقُضًا:** زىتلەشتى، قارشىلاشتى.

**تَنَاقَضَ الْقَوْلَانِ:** بىر ـ بىرىگە زىت كەلدى، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولدى.

**تَنَاقَضَ الشَّخْصَانِ الْبَيْعَ:** ئىككى تەرەپ سودىنى بۇزۇشتى.

**تَنَاقُضٌ ج تَنَاقُضَاتٌ:** زىددىيەت، قارىمۇ قارشىلىق.

**مَبْدَأُ التَّنَاقُضِ:** قارىمۇ قارشىلىق پرىنسىپى.

**تَنَاقُضٌ ظَاهِرِيٌّ:** تاشقى زىددىيەت.

**«فِي أَقْوَالِهِ تَنَاقُضَاتٌ عَدِيدَةٌ»:** ئۇنىڭ سۆزلىرىدە نۇرغۇن قارىمۇ قارشىلىقلار مەۋجۇت.

**تَنَاقَلَ يَتَنَاقَلُ تَنَاقُلًا الْقَوْمُ الْحَدِيثَ بَيْنَهُمْ:** سۆزنى ئۆز ئارا يەتكۈزۈشتى، تارقىتىشتى.

**خَبَرٌ تَنَاقَلَتْهُ الْأَلْسُنُ:** تارقالغان خەۋەر، پۇر كەتكەن خەۋەر.

**«تَنَاقَلَتِ الْجَرَائِدُ خَبَرَ وَقْفِ الْقِتَالِ»:** گېزىتلەر ئۇرۇش توختىتىش خەۋىرىنى تارقاتتى.

**تَنَاكَحَ يَتَنَاكَحُ تَنَاكُحًا الْقَوْمُ:** ئۆزئارا توي قىلىشتى، ئۆزئارا قۇدا ـ باجا بولۇشتى.

**تَنَاكَرَ يَتَنَاكَرُ تَنَاكُرًا الْأَمْرَ:** بىلمەس بولۇۋالدى.

**تَنَاكَرَ الْقَوْمُ:** دۈشمەنلەشتى، ئۆزئارا ئىنكار قىلىشتى.

**تَنَاكَرَ الرَّجُلُ:** كارى بولمىدى، تەتۈر قارىۋالدى.

**تَنَاكَفَ يَتَنَاكَفُ تَنَاكُفًا الرَّجُلَانِ الْكَلَامَ:** بەس ـ مۇنازىرە قىلىشتى، جاڭجاڭلاشتى.

**تَنَاهَبَ يَتَنَاهَبُ تَنَاهُبًا الْقَوْمُ:** يۈگۈرۈشتى، ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن چېپىشتى.

**«تَنَاهَبُوا الْأَرْضَ عَدْوًا»:** يۈگۈرۈشتى، چېپىشتى.

**تَنَاهَضَ يَتَنَاهَضُ تَنَاهُضًا الْقَوْمُ:** ھەر بىر گۇرۇھ دۈشمىنىگە قارشى ئۇرۇشقا ئالدىرىدى.

**«تَنَاهَضَ الْقَوْمُ فِي الْحَرْبِ»:** بىر ـ بىرىگە قارشى ئالدىراپ ئۇرۇش قىلىشتى.

**تَنَاهَى يَتَنَاهَضُ تَنَاهِيًا الْوَقْتُ:** ۋاقىت توشتى.

**تَنَاهَى الشَّيْءُ:** چېكىگە يەتتى، ئاخىرىغا يەتتى، تۈگىدى.

**«كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ» (قرآن):** ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى.

**تَنَاهَى الْقَوْمُ عَنِ الْمُنْكَرِ:** يامان ئىشتىن بىر ـ بىرىنى توسۇشتى.

**تَنَاهَى عَنْ كَذَا:** چۆرۈۋەتتى، تاشلىۋەتتى، ۋاز كەچتى.

**تَنَاهَى عَنِ الشَّيْءِ:** چەكلەندى، توسۇلدى، ياندى.

**«تَنَاهَى الْخَبَرُ إِلَى أَسْمَاعِهِمْ»:** خەۋەر ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتتى.

**«تَنَاهَى عَنِ الْمُحَرَّمَاتِ»:** ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن چەكلەندى.

**تَنَاوَبَ يَتَنَاوَبُ تَنَاوُبًا الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** نۆۋەتلەشتى، ئارقىمۇ ئارقا كەلدى.

**تَنَاوَبَ الْأَمْرُ:** تەكرار ئىشلىدى، قايتا ـ قايتا ئىشلىدى.

www.uyghurkitap.com

**تَنَاوَبَتْهُ الْهُمُومُ:** ئۇنى غەم بېسىۋالدى.

**«تَنَاوَبَ زِيَارَةَ صَدِيْقِهِ» :** دوستىنى تەكرار يوقلىدى.

**«تَنَاوَبَ الْجُنْدُ عَلَى حِرَاسَةِ الثُّكْنَةِ» :** قوشۇن لاگېرنى ساقلاشقا نۆۋەت بىلەن دىجورنىلىق قىلدى.

**تَنَاوُبٌ:** نۆۋەتلەشمەك، ئارقىمۇ ئارقا كەلمەك.

**بِالتَّنَاوُبِ:** رەت بويىچە، تەرتىپ بويىچە، نۆۋەت بىلەن.

**تَنَاوَحَ يَتَنَاوَحُ تَنَاوُحًا الشَّيْئَانِ:** بىر ـ بىرىنىڭ قارشىسىدا تۇردى، روبىرو تۇردى.

**تَنَاوَحَ الرِّيَاحُ:** قاتتىق بوران چىقتى.

**«هُمَا جَبَلَانِ يَتَنَاوَحَانِ» :** ئۇ ئىككى تاغ بىر ـ بىرىنىڭ قارشىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

**تَنَاوَشَ يَتَنَاوَشُ تَنَاوُشًا:** ئېرىشتى، ئىگە بولدى، تەناۋۇل قىلدى، قولغا كەلتۈردى.

**«وَقَالُوا آمَنَّابِهِ وَأَنَّى لَهُمُ التَّنَاوُشُ مِنْ مَكَانٍ بَعِيْدٍ» ‹قرآن› :** ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ يىراق جايدىن ئىماننى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟

**تَنَاوَشَ الْقَوْمُ:** تۇتۇشتى، ئېلىشىشتى.

**تَنَاوَلَ يَتَنَاوَلُ تَنَاوُلاً الشَّيْءَ:** ئالدى، تاپشۇرۇپ ئالدى.

**«تَنَاوَلَ الضَّيْفُ الْعَشَاءَ عَلَى مَائِدَتِهِ» :** مېھمان كەچلىك تاماقنى ئۇنىڭ داستىخىنىدا يېدى.

**تَنَاوَلَ الْكَلِمَةَ فِي الْإِجْتِمَاعِ:** يىغىندا سۆز قىلدى، يىغىندا سۆز ئالدى.

**تَنَاوَمَ يَتَنَاوَمُ تَنَاوُمًا الشَّخْصُ:** ئۇخلىغان بولۇۋالدى، ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَنَاوَمَ الْكَلْبُ:** ئىت ئۇخلىغان بولۇۋالدى.

**تَنَبَّأَ يَتَنَبَّأُ تَنَبُّأً الشَّخْصُ بِالْأَمْرِ:** ئالدىن خەۋەر قىلدى، ئۇقتۇرۇپ قويدى، خەۋەر بەردى، دېرەك بەردى؛ بىشارەت بەردى، ئالدىن ئېيتىپ بەردى.

**تَنَبَّأَ الشَّخْصُ:** پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالدى.

**«تَنَبَّأَ رَجُلٌ فِي زَمَنِ الْمَأْمُونِ» :** مەئمۇننىڭ زامانىدا بىر ئادەم پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان.

**«تَنَبَّأَتِ النَّشْرَةُ الْجَوِّيَّةُ بِتَهَاطُلِ الْأَمْطَارِ» :** هاۋارايى خەۋىرىدە يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلدى.

**«تَنَبَّأَ مُسَيْلَمَةُ فَوُصِفَ بِالْكَذَّابِ» :** پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان «مۇسەيلەمە» كەززاب دەپ ئاتالدى.

**«إِنَّنِي أَتَنَبَّأُ بِأَنَّهُ سَيَخْفِقُ أَخِيْرًا» :** ئۇنىڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىمەن.

**تَنَبُّؤٌ ج تَنَبُّؤَاتٌ:** ئالدىن مەلۇمات بەرمەك، ئالدىن ئېيتىپ بەرمەك؛ ئالدىن بېرىلگەن مەلۇمات، بىشارەت.

**تَنَبُّؤَاتٌ جَوِّيَّةٌ:** هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات.

**تَنَبَّبَ يَتَنَبَّبُ تَنَبُّبًا الْمَاءُ:** سۇ تۇرۇبىدا ئاقتى.

**تَنَبَّطَ يَتَنَبَّطُ تَنَبُّطًا الْبِئْرَ:** (قۇدۇقتىن) سۇ تارتتى.

**تَنَبَّعَ يَتَنَبَّعُ تَنَبُّعًا الْمَاءُ:** سۇ سىرغىپ چىقتى، ئاز ـ ئازدىن چىقتى.

**تَنَبَّهَ يَتَنَبَّهُ تَنَبُّهًا لِلْأَمْرِ:** دىققەت قىلدى، پەخەس بولدى، ئېھتىيات قىلدى.

**تَنَبَّهَ الشَّخْصُ مِنْ نَوْمِهِ:** ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى.

**تَنَبَّهَ الشَّخْصُ لِلْأَمْرِ:** تۇيۇپ قالدى، بىلىپ قالدى، سېزىپ قالدى.

**تَنَبَّهَ لِخُطُورَةِ الْمَوْقِفِ:** ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى سەزدى، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى بىلىپ قالدى.

**تَنَبَّى يَتَنَبَّى تَنَبِّيًا الشَّخْصُ:** پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى.

**تَنْبَلَ يُتَنْبِلُ تَنْبَلَةً:** هورۇنلۇق قىلدى.

**تَنْبَلَةٌ:** هورۇنلۇق، ئېرىنچەكلىك، ئىش خۇشياقماسلىق.

**تِنْبَلٌ ج تِنْبَالٌ و تُنْبُولٌ ج تَنَابِيْلُ و تَنَابِلَةٌ:** هورۇن، يالقاۋ.

**تَنْبَلٌ:** ئالقات مۇراباسى، سىترات مۇراباسى.

**تَنْبِيْهٌ ج تَنْبِيْهَاتٌ:** ئويغاتماق، قوزغىماق، ئۇقتۇرۇپ قويماق؛ ئاگاھلاندۇرماق.

**تَنْبِيْهٌ مِنْ إِدَارَةِ الضَّرَائِبِ:** باج ئىدارىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش.

**«وَجَّهَ الْمُدِيْرُ تَنْبِيْهًا تَحْرِيرِيًّا إِلَى الْمُوَظَّفِ الْمُهْمَلِ»** : بوشاڭ خىزمەتچىگە مۇدىر يازما ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

**جِهَازُ التَّنْبِيْهِ:** قوڭغۇراق، سىگنال.

**آلَةُ تَنْبِيْهِ السَّيَّارَةِ:** ماشىنىنىڭ سىگنالى.

**جِهَازُ التَّنْبِيْهِ لِلْحَرِيْقِ:** ئوت ئاپىتى سىگنالى.

**جِهَازُ التَّنْبِيْهِ بِالْخَطَرِ:** خېيىم - خەتەر سىگنالى.

**تَنَجَّزَ يَتَنَجَّزُ تَنَجُّزًا الشَّيْءَ:** ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ئۆتۈندى، ئادا قىلىشنى سورىدى، ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**تَنَجَّزَ الْوَعْدَ:** ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**تَنَجَّسَ يَتَنَجَّسُ تَنَجُّسًا:** مەينەت بولۇپ كەتتى، بۇلغاندى، پاسكىنا بولۇپ كەتتى، نىجاسەتتىن ساقلاندى.

**تَنَجَّمَ يَتَنَجَّمُ تَنَجُّمًا:** مۇنەججىملىك قىلدى، يۇلتۇزغا قاراپ پال ئاچتى، رەم سالدى، ئۆيقۇسى كەلمەي، يۇلتۇز ساندى.

**تَنَجَّى يَتَنَجَّى تَنَجِّيًا الشَّخْصُ:** نىجاتلىق تاپتى.

**تَنْجِيْسٌ:** بۇلغىماق، مەينەت قىلىۋەتمەك، كىر قىلىۋەتمەك.

**تَنْجِيْمٌ:** مۇنەججىملىك، ئاسترولوگىيە.

**تَنَحَّسَ يَتَنَحَّصُ تَنَحُّسًا:** ئىزدىدى، ئىزدەندى، سۈرۈشتۈردى.

**تَنَحَّسَ لِلدَّوَاءِ:** دورا يېيىش ئۈچۈن قورساقنى ئاچ تۇتتى.

**تَنَحَّلَ يَتَنَحَّلُ تَنَحُّلاً الشَّيْءَ:** بېسىۋالدى، بېسىپ ياتتى، زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى، تارتىۋالدى.

**تَنَحَّلَ التَّأْلِيْفَ:** كۆچۈرمىچىلىك قىلدى، ئوغرىلىۋالدى، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ ئىشلەتتى.

**تَنَحْنَحَ يَتَنَحْنَحُ تَنَحْنُحًا:** ھاسىرىدى، نەپەس سىقىلدى، دىمى سىقىلدى.

**تَنَحَّى يَتَنَحَّى تَنَحِّيًا عَنْ:** ئىستىپا بەردى، چېكىندى، داجىدى، ئۆتۈندى.

**تَنَحَّى عَنْهُ:** ۋاز كەچتى؛ مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، ئالاقىنى ئۈزدى.

**تَنَحَّى عَنْ مَكَانِهِ:** ئورۇن بوشىتىپ بەردى، جاي بەردى؛ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**«تَنَحَّى عَنْ وَظِيْفَتِهِ مِنْ تِلْقَاءِ نَفْسِهِ»** : ۋەزىپىدىن ئىستىپا بەردى.

**تَنَخَّعَ يَتَنَخَّعُ تَنَخُّعًا:** تۈكۈردى، بەلغەمنى ئېغىزدىن چىقاردى.

**تَنَخَّلَ يَتَنَخَّلُ تَنَخُّلاً الشَّيْءَ:** تاللىدى، ياخشىنى تاللىدى.

**تَنَخَّلَ مَافِي الْكِتَابِ:** كىتابنىڭ مېغىزىنى تاللىدى.

**تَنَخَّمَ يَتَنَخَّمُ تَنَخُّمًا الشَّخْصُ:** تۈكۈردى، بۇرنىنى تاشلىدى.

**تَنْدَةٌ ج تَنْدَاتٌ:** چېدىر.

**تَنَدَّلَ يَتَنَدَّلُ تَنَدُّلاً بِالْمِنْدِيْلِ:** ياغلىق بىلەن ئېرتتى، ياغلىق بىلەن قولىنى سۈرتتى.

**تَنَدَّمَ يَتَنَدَّمُ تَنَدُّمًا الشَّخْصُ عَلَى الْأَمْرِ:** قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى، ھەسرەت چەكتى، ئۆكۈندى، ئەپسۇسلاندى.

**تَنَدَّمَ عَلَى مَافَعَلَهُ:** پۇشايمان قىلدى، ھەسرەت چەكتى، ئۆكۈندى، ئەپسۇسلاندى.

**«تَنَدَّمَتْ عَلَى شَبَابِهَا الضَّائِعِ»** : ئۇ ئۆزىنىڭ زايا كەتكەن ياشلىقىغا ھەسرەت چەكتى.

**«لاَ يَنْفَعُ التَّنَدُّمُ عَلَى مَافَاتَ»** : ئۆتۈپ كەتكەنگە ھەسرەت چەككەننىڭ پايدىسى يوق.

**تَنَدَّى يَتَنَدَّى تَنَدِّيًا:** سېخىلىق قىلدى، مەرد بولدى، ئوچۇق قول بولدى، ھىممەتلىك بولدى.

**تَنَدَّى الْمَكَانُ:** شەبنەم چۈشتى.

**تَنَدَّى الْعَطْشَانُ:** تەشنا قاندى.

**تَنَزَّلَ يَتَنَزَّلُ تَنَزُّلاً الشَّيْءُ:** ئاستا چۈشتى، ئارقىمۇ ئارقا چۈشتى.

**«تَنَزَّلُ الْمَلٰئِكَةُ وَالرُّوحُ فِيْهَا بِإِذْنِ رَبِّهِمْ مِنْ كُلِّ أَمْرٍ»** ‹قرآن› : پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن، (زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.

**تَنَزَّلَ عَنْ حَقِّهِ:** ھەققىنى تەرك ئەتتى، ھەققىدىن ۋاز كەچتى.

**تَنَزَّهَ يَتَنَزَّهُ تَنَزُّهًا عَنْ:** يىراق بولدى، ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

**تَنَزَّهَ الشَّخْصُ:** سەيلە ـ ساياھەتكە چىقتى.

**تَنَزَّهَ الشَّخْصُ عَنِ الْقُبْحِ:** قەبىھ ئىشلاردىن ساقلاندى، قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولدى.

**يَتَنَزَّهُ مَعَ أَوْلَادِهِ فِي الْجَبَلِ:** ئۇ بالىلىرى بىلەن تاغدا سەيلە قىلماقتا.

**تَنْزِيلٌ:** چۈشۈرمەك، كېمەيتمەك، كېمەيتىپ ھېسابلىماق.

**فِي التَّنْزِيلِ الْعَزِيزِ:** قۇرئان كەرىمدە.

**تَنْزِيلُ الدَّرَجَةِ:** دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتمەك، دەرىجىسىنى چۈشۈرمەك.

**تَنَسَّقَ يَتَنَسَّقُ تَنَسُّقًا:** تەرتىپلىك بولدى، رەتلىك بولدى، سىستېمىلىق بولدى، تەكشى بولدى.

**تَنَسَّكَ يَتَنَسَّكُ تَنَسُّكًا:** زاھىد بولدى، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

**تَنَسَّمَ يَتَنَسَّمُ تَنَسُّمًا تِ الرِّيحُ:** مەيىن شامال چىقتى، لەرزان شامال چىقتى.

**تَنَسَّمَ الْمَكَانُ بِالطِّيبِ:** خۇش پۇراققا تولدى.

**تَنَسَّمَ الْخَبَرَ:** خەۋەرنى تىڭ ـ تىڭلىدى، ئۇقۇشۇپ كۆردى.

**صَحَفِيٌّ مَاهِرٌ يَتَنَسَّمُ الْأَخْبَارَ:** ئۇستىلىق بىلەن خەۋەر ئىگىلەيدىغان ماھىر ژۇرنالىست.

**تَنْسِيقٌ:** رەتلىمەك، رەتكە سالماق، ئورۇنلاشتۇرماق، تىزماق، سىستېمىلاشتۇرماق.

**اَلتَّنْسِيقُ الدَّاخِلِيُّ:** ئىچكى قۇرۇلما، ئىچكى ئورۇنلاشتۇرۇش.

**«نَسِّقْ أَعْمَالَكَ وَأَوْقَاتَكَ تَنْسِيقًا جَيِّدًا»:** ئىشلىرىڭنى ۋە ۋاقىتلىرىڭنى ئوبدان تەرتىپكە سالغىن.

**تَنَشَّبَ يَتَنَشَّبُ تَنَشُّبًا:** چاپلاشتى، يېپىشتى.

**تَنَشَّدَ يَتَنَشَّدُ تَنَشُّدًا الشَّخْصُ الْأَخْبَارَ:** خەۋەرنى تىڭ ـ تىڭلىدى.

**«تَنَشَّدَ الصَّحَفِيُّ قَرَارَاتِ الْحِزْبِ بَيْنَ الْكَوَالِيسِ»:** مۇخبىر پارتىيىنىڭ سەھنە ئارقىسىدىكى قارارلىرىنى تىڭ ـ تىڭلىدى.

**تَنَشَّرَ يَتَنَشَّرُ تَنَشُّرًا الشَّيْءُ:** كېڭەيدى، يېيىلدى، تارالدى، چېچىلدى.

**تَنَشَّرَ التِّبْنُ فِي الْحَقْلِ:** سامان ئېتىزغا چېچىلدى.

**تَنَشَّرَتِ الْأَغْنَامُ فِي الْمَرْعَى:** قويلار يايلاقتا تارىلىپ كەتتى.

**تَنَشَّطَ يَتَنَشَّطُ تَنَشُّطًا الشَّخْصُ:** جانلاندى، روھلۇق بولدى، ئاكتىپلاشتى، تېتىكلەشتى.

**تَنَشَّطَ الشَّخْصُ لِلْعَمَلِ:** ئىشقا تەييار تۇردى، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشقا تەييارلاندى.

**«تَنَشَّطَ مُنْذُ أَنْ أَصْبَحَ يُمَارِسُ الرِّيَاضَةَ»:** ئۇ تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان تېتىكلىشىپ قالدى.

**تَنَشَّقَ يَتَنَشَّقُ تَنَشُّقًا الشَّيْءَ:** سۈمۈرۈۋالدى، ئۆزىگە تارتىۋالدى؛ سۈرتۈۋەتتى؛ ئېرتىۋەتتى.

**تَنَشَّقَ يَتَنَشَّقُ تَنَشُّقًا الْهَوَاءَ:** ھاۋانى سۈمۈردى، ئىچىگە تارتتى، نەپەس ئالدى.

**تَنَشَّقَ الرَّائِحَةَ:** پۇرىدى.

**تَنَشُّقٌ:** سۈمۈرمەك، ئىچىگە تارتماق، نەپەس ئالماق.

**تَنَشَّمَ يَتَنَشَّمُ تَنَشُّمًا فِي الْأَمْرِ:** باشلىدى، كىرىشتى، تۇتۇش قىلدى، تەرەددۇت قىلدى.

**تَنَشْنَشَ يَتَنَشْنَشُ تَنَشْنُشًا:** تېتىك بولدى، چاققان بولدى.

**تَنَشَّى يَتَنَشَّى تَنَشِّيًا الشَّخْصُ:** مەست بولدى، خۇدىنى يوقاتتى.

**تَنْشِيطٌ:** ئىلھاملاندۇرماق، رىغبەتلەندۈرمەك، قوزغىماق، جانلاندۇرماق، تېتىكلەشتۈرمەك.

**تَنَصَّتَ يَتَنَصَّتُ تَنَصُّتًا:** ئوغرىلىقچە تىڭشىدى.

**«هُوَ مِمَّنْ يَتَنَصَّتُونَ عَلَى الْأَبْوَابِ»:** ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغانلاردىندۇر.

**تَنَصَّرَ يَتَنَصَّرُ تَنَصُّرًا:** خىرىستىئان بولدى، خىرىستىئان دىنىغا كىردى.

**تَنَصَّرَ لَهُ:** ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى.

**تَنَصَّفَ يَتَنَصَّفُ تَنَصُّفًا الشَّيْءَ:** يېرىمىنى ئالدى.

**تَنَصَّفَ الْحَاكِمَ:** ھاكىمدىن ئادىل بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

**تَنَصَّفَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال رومال ئارتتى.

**تَنَصَّفَهُ الشَّيْبُ:** چېچىنىڭ يېرىمى ئاقاردى.

**تَنَصَّفَ مِنْ فُلاَنٍ:** ھەققىنى ئالدى؛ ئىنتىقام ئالدى.

**تَنَصَّلَ يَتَنَصَّلُ تَنَصُّلاً اللَّوْنُ:** ئۆڭۈپ كەتتى، رەڭگى ئۆچتى.

**تَنَصَّلَ مِنَ الشَّيْءِ:** ئۆزىنى چەتكە ئالدى، چىقىپ كەتتى.

**تَنَصَّلَ الشَّيْءَ:** چىقاردى.

**تَنَصَّلَ مِنْ ذَنْبِهِ:** گۇناھدىن ئۆزىنى ئاقلىدى، گۇناھدىن قۇتۇلدى.

**تَنَصَّلَ مِنَ الْمَسْؤُلِيَّةِ:** مەسئۇلىيەتتىن قاچتى.

**تَنَصَّلَ مِنَ الْجِنَايَةِ:** جىنايەتتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

**تَنَصَّلَ كَمَدُهُ:** غەم ـ قايغۇسى تارقالدى.

**تَنْصِيصٌ:** دۆۋىلەپ قويماق، ئۇستى ـ ئۇستىگە قويماق؛ تەيىنلىمەك، بەلگىلىمەك، چەك ـ چېگرىنى بېكىتمەك.

**عَلاَمَةُ التَّنْصِيْصِ:** قوش تىرناق.

**تَنْصِيْقٌ:** ئىككىگە بۆلمەك، يېرىمىدىن بۆلمەك.

**تَنَضَّدَ يَتَنَضَّدُ تَنَضُّدًا:** رەتلەندى، جىپسىلاشتى، سىستېمىلاشتى.

**تَنَضَّدَتْ أَسْنَانُهُ:** ئۇنىڭ چىشلىرى تەكشى بولدى.

**تَنَطَّسَ يَتَنَطَّسُ تَنَطُّسًا:** مۇھاكىمە قىلدى، تەتقىق قىلدى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى.

**تَنَطَّسَ فِي الْمَلْبَسِ:** كىيىم ـ كېچەككە ئەھمىيەت بەردى.

**تَنَطَّعَ يَتَنَطَّعُ تَنَطُّعًا الشَّخْصُ فِي الشَّيْءِ:** زورۇقتى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

**تَنَطَّعَ الشَّخْصُ فِي الْكَلاَمِ:** پاساھەتلىك ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك بولدى.

**تَنَطَّقَ يَتَنَطَّقُ تَنَطُّقًا الرَّجُلُ:** بەلۋاغ باغلىدى، كەمەر باغلىدى.

**تَنَظَّفَ يَتَنَظَّفُ تَنَظُّفًا الشَّيْءُ:** پاكىزلاندى، تازىلاندى، ساپ بولدى.

**«يَتَنَظَّفُ عَنْ مُجَارَاةِ الْأَوْبَاشِ» :** لۈكچەكلەرگە قوشۇلۇشتىن ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ.

**تَنَظَّمَ يَتَنَظَّمُ تَنَظُّمًا:** رەتلەندى، تىزىلدى، رەتكە سېلىندى.

**تَنَظَّمَ الْأَمْرُ:** توغرىلاندى.

**«تَنَظَّمَتْ حَرَكَةُ السَّيَّارَاتِ» :** ماشىنىلارنىڭ ھەرىكىتى رەتكە چۈشتى.

**تَنْظِيْفٌ:** پاكلىماق، تازىلىماق.

**تَنْظِيْفٌ جَافٌّ:** قۇرۇق يۇيۇش، قۇرۇق تازىلاش.

**تَنْظِيْمٌ:** تىزماق، رەتلىمەك، ئورۇنلاشتۇرماق، تەشكىللىمەك، تەرتىپكە سالماق.

**تَنْظِيْمُ الْمُحَارِبِيْنَ:** تاكتىكا، چارە ـ ئۇسۇل، تەدبىر، ئۇرۇش سەنئىتى.

**تَنْظِيْمٌ ج تَنْظِيْمَاتٌ:** تەشكىلات، گۇرۇھ، توپ، قۇرۇلما، ئىدارە، ئورگان، كارخانا.

**تَنْظِيْمٌ إِرْهَابِيٌّ:** زوراۋانلىق گۇرۇھى، تېررورلۇق تەشكىلاتى.

**مَصْلَحَةُ التَّنْظِيْمِ:** قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ئىسلاھات ئىدارىسى.

**تَنْظِيْمَاتٌ سِيَاسِيَّةٌ:** سىياسىي تەشكىلات، سىياسىي ئاپپارات.

**تَنَعَّلَ يَتَنَعَّلُ تَنَعُّلاً الشَّخْصُ:** ئاياغ كىيدى.

**تَنَعَّلَ الثَّوْبَ:** كىيىم تەييارلىدى.

**تَنَعَّمَ يَتَنَعَّمُ تَنَعُّمًا الرَّجُلُ:** راھەت ـ پاراغەتتە ياشىدى، باياشات تۇرمۇش كەچۈردى.

**«أَتَيْتُ أَرْضَهُمْ فَتَنَعَّمَتْنِي» :** ئۇلارنىڭكىگە كېلىۋىدىم، ئۇلارنىڭ يېرى مېنى ھۇزۇرلاندۇرۇۋەتتى.

**«يَتَنَعَّمُ بِالْهَوَاءِ الْعَلِيْلِ فِي الْجَبَلِ» :** تاغنىڭ ئىللىق شامىلىدىن ھۇزۇرلانماقتا.

**تَنَغَّشَ يَتَنَغَّشُ تَنَغُّشًا:** مىدىرلىدى، لۆمشىدى.

**تَنَغَّشَ الْمَكَانُ بِأَهْلِهِ:** قىستا ـ قىستاڭ بولدى.

**تَنَغَّصَ يَتَنَغَّصُ تَنَغُّصًا عِيْشُهُ:** تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى، تۇرمۇشى جاپالىق ئۆتتى.

**«تَنَغَّصَتْ حَيَاةُ الْعَائِلَةِ بَعْدَ غَلاَءِ الْمَعِيْشَةِ» :** مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەندىن كېيىن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى.

**تَنَغَّمَ يَتَنَغَّمُ تَنَغُّمًا الشَّخْصُ:** پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى.

**تَنَعَّمَتِ الْفَتَاةُ فِي حَيَاءٍ:** قىز تارتىنىپ ئاستا گەپ قىلدى.

**تَنَغَّمَ الشَّخْصُ فِي الْغِنَاءِ:** مۇزىكا ئورۇنلىدى.

**تَنَغْنَغَ يَتَنَغْنَغُ تَنَغْنُغًا:** ئىش ـ ئىشرەت بىلەن ياشىدى، كەيپ ـ ساپا سۈردى.

**تَنَفَّخَ يَتَنَفَّخُ تَنَفُّخًا الشَّيْءُ:** كۆپتى، كېڭەيدى، يوغىنىدى.

**تَنَفُّخ:** كۆپمەك، كېڭەيمەك.

**تَنَفَّسَ يَتَنَفَّسُ تَنَفُّسًا:** نەپەس ئالدى، نەپەسلەندى.

**تَنَفَّسَ الصُّبْحُ:** تاڭ يورىدى.

**«وَالصُّبْحِ إِذَا تَنَفَّسَ» (قرآن):** يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم.

**تَنَفَّسَ النَّهْرُ:** سۇ ئۇلغايدى، سۇ ئۆرلىدى.

**تَنَفَّسَ الْقَوْسُ:** پارچىلاندى.

**تَنَفَّسَ النَّهَارُ:** چۈش بولدى.

**تَنَفَّسَ الرَّجُلُ:** گەپنى سوزۇۋەتتى.

**تَنَفَّسَ الصُّعَدَاءَ:** چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ئاھ ئۇردى، خورسىندى.

**تَنَفَّسَ نَفَسَ الْأَخِيرِ:** ئۆلدى، جان ئۈزدى.

**يَتَنَفَّسُ الْمَرِيضُ بِصُعُوبَةٍ:** كېسەلنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشماقتا.

**تَنَفُّسٌ:** نەپەس ئالماق، تىنماق.

**أَعْضَاءُ التَّنَفُّسِ:** نەپەسلىنىش ئەزالىرى، نەپەسلىنىش ئورگانلىرى.

**تَنَفُّسٌ اِصْطِنَاعِيٌّ:** سۈنئىي نەپەسلىنىش.

**تَنَفُّسِيٌّ:** نەپەسلىنىش، نەپەسلەنمەك.

**اَلْجِهَازُ التَّنَفُّسِيُّ:** نەپەسلىنىش سىستېمىسى.

**تَنَقَّطَ يَتَنَقَّطُ تَنَقُّطًا الْيَدُ:** قول قاپاردى.

**تَنَفَّلَ يَتَنَفَّلُ تَنَفُّلًا الْمُصَلِّي:** ناماز ئوقۇغۇچى نەفلە ناماز ئوقۇدى.

**تَنَفَّلَ مِنْهُ الشَّيْءَ:** ئۇنىڭدىن نەرسە تەلەپ قىلدى.

**تَنَفَّلَ الشَّخْصُ عَلَى أَصْحَابِهِ:** غەنىيمەتنى ھەمراھلىرىدىن باشقىلاردىن ئارتۇق ئېلىۋالدى.

**تَنْفِيخ:** كۆپچەپ پۈدىمەك.

**تَنْفِيذ:** ئىجرا قىلماق، ئىزچىللاشتۇرماق، ئىشقا ئاشۇرماق، يولغا قويماق.

**قِسْمُ التَّنْفِيذِ فِي الْمُؤَسَّسَةِ:** ئورگان ئىجرائىي باشقارمىسى.

**تَنْفِيذُ الْمَشْرُوعِ:** پىلاننى ئىجرا قىلماق.

**سُلْطَةُ التَّنْفِيذِ:** ئىجرائىيە ھەيئىتى.

**اَللَّجْنَةُ التَّنْفِيذِيَّةُ لِمُنَظَّمَةِ التَّحْرِيرِ الْفِلَسْطِينِيَّةِ:** پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى.

**تَنْفِيض:** قوزغىلاڭ، توپىلاڭ، ئىسيان.

**تَنْفِيض مُسَلَّح:** قوراللىق قوزغىلاڭ.

**تَنَقَّبَ يَتَنَقَّبُ تَنَقُّبًا عَنِ الشَّيْءِ:** ئىنچىكە تەكشۈردى.

**تَنَقَّبَ الْقُمَاشُ:** رەختلەردە تۆشۈكلەر پەيدا بولدى.

**تَنَقَّبَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال چۈمبەل تارتىۋالدى.

**تَنَقَّدَ يَتَنَقَّدُ تَنَقُّدًا:** تەنقىد قىلدى.

**تَنَقَّدَ الدَّرَاهِمَ:** تەڭگىنىڭ ساختىسىنى ئايرىدى.

**تَنَقَّذَ يَتَنَقَّذُ تَنَقُّذًا مِنْ:** قۇتۇلدى، خالاس بولدى.

**تَنَقَّصَ يَتَنَقَّصُ تَنَقُّصًا الشَّيْءَ:** ئاز ـ ئازدىن ئالدى، كېمەيتىپ ئالدى.

**تَنَقَّصَ الرَّجُلَ:** ئەيىبلىدى، كەمسىتتى.

**تَنَقَّلَ يَتَنَقَّلُ تَنَقُّلًا:** يۆتكەلدى.

**«تَنَقَّلَ مِنَ الْقَرْيَةِ إِلَى الْمَدِينَةِ»:** يېزىدىن شەھەرگە كۆچتى.

**تَنَقَّلَ الْخَبَرُ:** خەۋەر تارقالدى.

**تَنَقَّلَ فِي مَدَارِجِ الْعِرْفَانِ:** مەرىپەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىدى.

**تَنَقُّل ج تَنَقُّلَات:** يۆتكىمەك؛ يۆتكەلمەك، كۆچمەك.

**تَنَقَّى يَتَنَقَّى تَنَقِّيًا الشَّيْءَ:** تاللىدى، ئىلغىدى.

**تَنْقِيَة:** پاكىزلىمەك، تازىلىماق، پاكلىماق.

**تَنْقِيَةُ الْحُبُوبِ مِنَ الْأَوْسَاخِ:** ئاشلىقنى ئۇگۇت قىلماق.

**تَنْقِيَةُ اللُّغَةِ مِنَ اللَّحْنِ:** تىلنى گرامماتىكا خاتالىقىدىن ساپلاشتۇرماق.

**تَنْقِيحٌ:** تۈزەتمەك، ئۆزگەرتمەك، تەھرىرلىمەك.

**تَنْقِيصٌ:** كېمەيتمەك، قىسقارتماق، تارايتماق؛ ئازايتماق.

**تَنْقِيطٌ:** چېكىت قويماق.

**اَلرَّيُّ بِالتَّنْقِيطِ:** تېمىتىپ سۇغۇرۇش ئۇسۇلى.

**تَنْقِيلٌ:** تاپشۇرماق، ئۆتكۈزۈپ بەرمەك.

**تَنَكٌ:** تۈنىكە، قەلەي.

**تَنَكَةٌ ج تَنَكَاتٌ:** تۈنىكە چەينەك.

**تَنَكَّبَ يَتَنَكَّبُ تَنَكُّبًا الشَّيْءَ:** ئۈستىگە ئالدى، زىممىسىگە ئالدى، مەسئۇل بولدى.

**تَنَكَّبَ الْخَطَرَ:** خەتەردىن ساقلاندى، ئۆزىنى داللىغا ئالدى.

**تَنَكَّبَهُ:** يۈز ئۆرىدى، ئۆزىنى قاچۇردى.

**تَنَكَّبَ عَلَى الشَّيْءِ:** يۆلىنىۋالدى، ئېغىرىنى سالدى.

**تَنَكَّبَ عَنْ:** بۇرۇلۇپ كەتتى، ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**تَنَكَّدَ يَتَنَكَّدُ تَنَكُّدًا:** بىئارام بولدى.

**«تَنَكَّدَ الْأَبُ مِنْ سُلُوكِ إِبْنِهِ»:** ئاتا ئوغلىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن كۆڭلى غەش بولدى.

**تَنَكَّدَ عِيْشُهُ:** تۇرمۇشى قىيىنلاشتى، تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز بولدى.

**تَنَكَّرَ يَتَنَكَّرُ تَنَكُّرًا الشَّخْصُ:** نىقابلاندى، گىرىم قىلىۋالدى، يالغاندىن باشقا قىياپەتكە كىرىۋالدى.

**تَنَكَّرَ الْإِسْمُ:** ئىسىم ئېنىقسىز بولدى.

**«تَنَكَّرَ الْمُشَارِكُونَ فِي الْحَفْلِ»:** سورۇن قاتناشچىلىرى نىقابلاندى.

**«تَنَكَّرَ فِي زِيِّ شُرْطِيٍّ»:** ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋالدى.

**تَنَكَّرَ لَهُ الدَّهْرُ:** نەس باستى، ئامىتى قاچتى.

**تَنَكَّرَ لَهُ فُلَانٌ:** يۈز ئۆرىدى، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى.

**تَنَكُّرٌ:** يالغاندىن ياسىنىۋالماق، ساختا قىياپەتكە كىرىۋالماق؛ يالغان نام قوللانماق.

**قِنَاعُ التَّنَكُّرِ:** يالغان نىقاب.

**تَنَكُّرِيٌّ:** نىقابلانغان، نىقابلاشقا مەنسۇپ.

**لِبَاسٌ تَنَكُّرِيٌّ:** نىقابلىنىش كىيىمى.

**حَفْلَةٌ تَنَكُّرِيَّةٌ:** نىقابلىق ئۇسسۇل سورۇنى.

**تَنْكِيلٌ:** جازالىماق، ئازابلىماق.

**تَنَمَّرَ يَتَنَمَّرُ تَنَمُّرًا الشَّخْصُ:** خاپا بولدى، ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى؛ يولۋاسنىڭ رەڭگىگە كىردى.

**تَنَمَّرَ لِفُلَانٍ:** پالانىنى قورقۇتتى، پالانىغا ھەيۋە قىلدى، پالانىغا خىرىس قىلدى.

**تَنَمَّصَتِ يَتَنَمَّصُ تَنَمُّصًا الْمَرْأَةُ:** ئايال پېشانىسىنىڭ تۈكىنى ئالدى.

**تَنْمِيَةٌ:** ئۆستۈرمەك، راۋاجلاندۇرماق، ئىلگىرى سۈرمەك؛ يېتىشتۈرمەك.

**مَجْلِسُ تَنْمِيَةِ التِّجَارَةِ الدُّوَلِيَّةِ:** سودا تەرەققىيات كومىتېتى.

**اَلتَّنْمِيَةُ الْاِقْتِصَادِيَّةُ:** ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش.

**تِنِّيْنٌ ج تَنَانِيْنُ:** چوڭ يىلان، ئەجدىھا.

**تِنِّيْنٌ بَرِّيٌّ:** بوغما يىلان.

**تِنِّيْنُ النَّامُوسِ:** يىڭناغۇچ.

**تَنُّورٌ ج تَنَانِيْرُ:** تونۇر؛ دوخۇپكا؛ يەريۈزى.

**«حَتَّى إِذَا جَاءَ أَمْرُنَا وَفَارَ التَّنُّورُ» ‹قرآن›:** بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا...

**تَنُّورَةٌ ج تَنُّورَاتٌ:** يوپكا.

**تَنُّورَةٌ فَوْقَانِيَّةٌ:** يوپكا.

**تَنَهَّدَ يَتَنَهَّدُ تَنَهُّدًا الشَّخْصُ:** ئاھ ئۇردى، خۇرسىندى، ئۇھ تارتتى.

**«تَنَهَّدَتِ الْمَرِيْضَةُ مِنَ الْأَلَمِ»:** كېسەل ئايال ئاغرىقتىن ئۇھ تارتتى.

**تَنَهُّدٌ:** ئاھ ئۇرماق، خۇرسىنماق، ئۇھ تارتماق.

**تَنْهِيْدٌ ج تَنْهِيْدَاتٌ:** ئاھ ئۇرۇش، ئۇھ تارتىش، خۇرسىنىش.

**تَنُوفَةٌ. تَنُوفِيَّةٌ ج تَنَائِفُ:** باياۋان، چۆل - جەزىرە، قۇملۇق.

**تَنَوَّحَ يَتَنَوَّحُ تَنَوُّحًا الشَّيْءُ:** پۇلاڭلىدى، چايقالدى، مىدىرلىدى.

**تَنَوَّحَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال يالغاندىن يىغا سالدى.

**«تَنَوَّحَ رَقَّاصُ السَّاعَةِ» :** سائەتنىڭ ماياتنىكى تەۋرىنىپ تۇردى.

**تَنَوَّرَ يَتَنَوَّرُ تَنَوُّرًا الْمَكَانُ:** جاي يورىدى، جاي يالتىرىدى، جاي نۇر چاچتى، جاي چاقنىدى.

**تَنَوَّرَ النَّارُ:** ئوت يىراقتىن كۆرۈندى.

**تَنَوَّعَ يَتَنَوَّعُ تَنَوُّعًا الشَّيْءُ:** خىلمۇ ـ خىل بولدى، ھەرخىل بولدى؛ تۈرلەرگە ئايرىلدى، خىللارغا ئايرىلدى.

**تَنَوَّعَتِ الْأَشْيَاءُ:** نەرسىلەر تۈرلەرگە بۆلۈندى.

**تَنَوَّعَ الشَّيْءُ:** مىدىرلىدى، ھەرىكەتلەندى.

**تَنَوَّعَ الْغُصْنُ:** شاخ ئىرغاڭلىدى.

**«تَنَوَّعَتِ الْحُلُولُ بِتَنَوُّعِ الْمَشَاكِلِ» :** ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

**تَنَوُّعٌ:** تۈرلەنمەك؛ خىلمۇ خىل، ھەرياڭزا، رەڭگارەڭ.

**تَنَوَّقَ يَتَنَوَّقُ تَنَوُّقًا فِي مَلْبَسِهِ:** كىيىم ـ كېچەكگە ئەھمىيەت بەردى، كۆڭۈل بۆلدى.

**تَنَوَّمَ يَتَنَوَّمُ تَنَوُّمًا الرَّجُلُ:** ئۇيقۇسى كەلدى، ئىھتىلام بولدى.

**تَنْوِيرٌ:** يورۇتماق، نۇرلاندۇرماق.

**تَنْوِيرُ الزُّهُورِ:** چېچەكلىمەك، گۈللىمەك.

**تَنْوِيمٌ:** ئۇخلاتماق.

**تَنْوِيمٌ مَغْنَطِيسِيٌّ:** گىپنوزلۇق، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى.

**تَنْوِينٌ:** ساكىنلىق ‹نْ›

**تَنْوِينٌ ‹فى النحو› :** كەلىمەنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن قوش ھەرىكەت.

**تَنْوِيهٌ:** تىلغا ئالماق، زىكىر قىلماق؛ ماختىماق، مەدھىيىلىمەك.

**تَنَيَّقَ يَتَنَيَّقُ تَنَيُّقًا فِي مَلْبَسِهِ:** كىيىم ـ كېچەككە ئەھمىيەت بەردى، كۆڭۈل بۆلدى.

**تَهَاتَرَ يَتَهَاتَرُ تَهَاتُرًا الشَّخْصَانِ:** بىر ـ بىرىگە قارشى چىقىشتى، گەپ تالاشتى، مۇنازىرىلەشتى.

**تَهَاتَرَ الشَّاهِدَانِ:** گۇۋاھچى بىر ـ بىرىنى يالغانغا چىقاردى.

**تَهَاتَنَ يَتَهَاتَنُ تَهَاتُنًا الدَّمْعُ:** ياش قويۇلدى، ياش تۆكۈلدى.

**تَهَاتَنَ الْمَطَرُ:** قارا يامغۇر ياغدى.

**تَهَاجَرَ يَتَهَاجَرُ تَهَاجُرًا:** مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، ئالاقىنى ئۈزدى، يىراقلاشتى.

**تَهَاجَرَ الْحَبِيْبَانِ:** ئىككى دوست بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتتى.

**تَهَاجَمَ يَتَهَاجَمُ تَهَاجُمًا الرَّجُلاَنِ:** ھۇجۇم قىلىشتى، زەربە بېرىشتى.

**تَهَاجَى يَتَهَاجَى تَهَاجِيًا الشَّخْصَانِ:** بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتى، بىر ـ بىرىنى ھەجۋە قىلىشتى.

**«تَهَاجَى الشَّاعِرَانِ» :** ئىككى شائىر بىر ـ بىرىنى ھەجۋە قىلىشتى.

**تَهَادَرَ يَتَهَادَرُ تَهَادُرًا الْقَوْمُ:** بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكۈشتى.

**تَهَادَنَ يَتَهَادَنُ تَهَادُنًا الْقَوْمُ:** ئۇرۇش توختاتتى، تىنچلىق ئورناتتى.

**تَهَادَى يَتَهَادَى تَهَادِيًا فِي مَشْيَتِهِ:** ئىرغاڭلاپ ماڭدى.

**تَهَادَتِ الْأُمُورُ:** ئىشلار تۈزەلدى.

**تَهَادَى الْقَوْمُ:** ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشتى.

**«يَتَهَادَى النَّاسُ فِى الْأَعْيَادِ» :** كىشىلەر بايراملاردا ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ.

**«تَهَادَوْا تَحَابُّوا» ‹حَدِيث› :** ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشساڭلار دوستلۇقۇڭلار چىڭىيدۇ.

**تَهَارَجَ يَتَهَارَجُ تَهَارُجًا:** ئۇرۇشتى، جېدەللەشتى.

**تَهَارَشَ يَتَهَارَشُ تَهَارُشًا:** چىشلەشتى، تالاشتى.

**تَهَارَشَتِ الْكِلاَبُ:** ئىت تالاشتى.

**تَهَاطَلَ يَتَهَاطَلُ تَهَاطُلاً الْمَطَرُ:** يامغۇر ئارقىمۇ ئارقا ياغدى.

**«تَهَاطَلَتِ الْقَنَابِلُ عَلَى الْمَدِيْنَةِ» :** شەھەرگە كەينى ـ كەينىدىن بومبا چۈشتى.

uyghurkitap.com

**تَهَافَتَ يَتَهَافَتُ تَهَافُتًا:** ئۆزىنى ئۇردى، ئۆزىنى ئاتتى، ئارقىمۇ ئارقا چۈشتى.

**تَهَافَتَ الثَّلْجُ:** قار لەپىلدەپ چۈشتى.

**«تَهَافَتَ الْفِرَاشُ عَلَى النُّورِ»:** پەرۋانە ئۆزىنى نۇرغا ئاتتى.

**تَهَافَتَ النَّاسُ عَلَى الْمَاءِ:** كىشىلەر بەس - بەستە سۇ ئېلىشتى.

**تَهَافُتٌ:** شىددەت بىلەن ئېتىلماق، ئۆزىنى ئۇرماق؛ چۈشۈپ كەتمەك؛ دەلىللەرنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولغان ھالدا يىمىرىلىشى.

**تَهَافُتٌ عَصَبِيٌّ:** نېرۋا ئاجىزلىق.

**تَهَالَكَ يَتَهَالَكُ تَهَالُكًا فِي مَشْيِهِ:** ئىرغاڭلاپ ماڭدى، دەلدەڭشىپ ماڭدى.

**تَهَالَكَ عَلَى الْفِرَاشِ:** تۆشەككە دۈم چۈشتى.

**تَهَالَكَ عَلَى الشَّيْءِ:** پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى.

**تَهَالَكَ الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ:** ئورۇنلاشقا تىرىشىپ ئالدىرىدى.

**تَهَالِيلُ الصِّبْيَانِ:** (ھېيت - بايراملاردا كىچىك باللارنىڭ) خۇشال - خۇرام تۈۋلاشلىرى.

**تِهَامَةٌ:** (سەئۇدى ئەرەبىستانى ھىجاز رايونىنىڭ غەربى جەنۇبىدا قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئويمان جايلار)

**تَهَامَسَ يَتَهَامَسُ تَهَامُسًا عَلَيْهِ:** پىچىرلاشتى، كۇسۇرلاشتى.

**مَالَكُمَا تَتَهَامَسَانِ:** ئىككىڭلار پىچىرلىشىۋاتىسىلەرغۇ؟

**تِهَامِيٌّ:** تىھاملىق، تىھامىگە مەنسۇپ.

**تَهَاوَنَ يَتَهَاوَنُ تَهَاوُنًا بِالْأَمْرِ:** سەل چاغلىدى، مەنسىتمىدى، كۆزگە ئىلمىدى.

**«يَتَهَاوَنُ بَعْضُ الْمُوَظَّفِيْنَ بِأَعْمَالِهِمْ»:** بەزى خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

**تَهَاوَى يَتَهَاوَى تَهَاوِيًا الشَّخْصُ:** قاتتىق ماڭدى.

**تَهَاوَى الْقَوْمُ:** ئارقىمۇ ئارقا يىقىلدى.

**تَهَاوِيْلُ:** رەڭمۇ رەڭ، رەڭدار.

**تَهَاوِيْلُ الرَّبِيْعِ:** باھارنىڭ خىلمۇ خىل كۆركەم مەنزىرىلىرى.

**تَهَبَّبَ يَتَهَبَّبُ تَهَبُّبًا الثَّوْبُ:** چىرىدى، يىرتىلدى.

**تَهَبَّلَ يَتَهَبَّلُ تَهَبُّلاً:** كەسىپ قىلدى.

**تَهَبَّلَ الْفُرْصَةَ:** پۇرسەتتىن پايدىلاندى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى.

**تَهَتَّكَ يَتَهَتَّكُ تَهَتُّكًا:** پارچىلاندى، يىرتىلدى؛ يولدىن چىقتى، بۇزۇلۇپ كەتتى.

**تَهَتَّكَ فِي سُلُوكِهِ:** يۈرۈش - تۇرۇشىدا ھاياسىزلىق قىلدى.

**تَهَتَّكَ الشَّخْصُ:** نومۇسسىزلىق قىلدى، شەرمەندىلىك قىلدى، رەسۋا بولدى.

**تَهَتَّكَ السِّكِّيرُ:** مەست ئۇياتسىزلىق قىلدى.

**تَهَتَّكَ فِي الْبِطَالَةِ:** ئىشسىزلىقتىن ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

**تَهَتُّكٌ:** نومۇسسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، شەرمەندىلىك، رەسۋالىق؛ شەھۋانىيلىق؛ بۇزۇقلۇق.

**تَهْتَهَ يُتَهْتِهُ تَهْتَهَةً:** ئىككىلەندى (يالغان ئىش ئۈستىدە)

**تَهَجَّأَ يَتَهَجَّأُ تَهَجُّأً الْكَلِمَةَ:** ھەجىلەپ ئوقۇدى، تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇدى.

**تَهَجَّدَ يَتَهَجَّدُ تَهَجُّدًا الرَّجُلُ:** كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇدى.

**«وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ» (قرآن):** ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن.

**تَهَجُّدٌ:** كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇماق.

**تَهَجَّرَ يَتَهَجَّرُ تَهَجُّرًا الشَّخْصُ:** چۈش ۋاقتىدا ماڭدى، قاتتىق ئىسسىقتا ماڭدى.

**تَهَجَّمَ يَتَهَجَّمُ تَهَجُّمًا عَلىَ:** ھۇجۇم قىلدى، زەربە بەردى؛ تىللاپ سېپسىتىۋەتتى.

**تَهَجَّمَ الزَّائِرُ عَلَى:** ئۇشتۇمتۇت زىيارەتكە كەلدى، تۇساتتىن يوقلاپ كەلدى.

**تَهَجَّى يَتَهَجَّى تَهَجِّيًا:** ھەجىلىدى، تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇدى.

**تَهَجَّى الْحُرُوفَ:** تاۋۇشلارنى چىقاردى، ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇدى.

uyghurkitap.com

**تَهَجَّى الْقُرْآنَ:** قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەندى.

**تَهَجٍّ:** تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇماق، ھەجىلىمەك؛ تاۋۇش بەلگىلىرى.

**كِتابُ التَّهَجِّى:** ئېلىپبە كىتابى.

**حُرُوفُ التَّهَجِّى:** ئېلىپبە ھەرپلىرى ( ا.ب. ت.ث.ج.ح.خ.د.ذ.ر.ز.س.ش.ص.ض.ط. ظ.ع.غ.ف.ق.ك.ل.م.ن.ه.و.ي )

**تَهْجِيَةٌ:** تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇش، ھەجىلىمەك؛ تاۋۇش بەلگىلىرى.

**تَهْجِيَةُ الْحُرُوفِ:** تەلەپپۇز قىلماق، تاۋۇش چىقارماق، تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇماق، ھەجىلىمەك.

**تَهْجِينٌ:** شالغۇتلاشتۇرۇش، ئارغۇتلاشتۇرۇش.

**تَهْدِئَةٌ:** تىنچلاندۇرماق، پەسكويغا چۈشۈرمەك.

**تَهْدِئَةُ الْخَواطِرِ:** تەسەللى بەرمەك، كۆڭۈلنى تىنچىتماق.

**تَهَدَّبَ يَتَهَدَّبُ تَهَدُّبًا الْأَغْصانُ:** شاخلار لىڭشىدى، نوتىلار ئىرغاڭلىدى.

**تَهَدَّبَتِ الْعَيْنُ:** كۆز كىرپىكلىك بولدى.

**تَهَدَّجَ يَتَهَدَّجُ تَهَدُّجًا:** تىترىدى.

**تَهَدَّجَ صَوْتُهُ مِنَ الْخَوْفِ:** قورقۇنچتىن ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

**تَهَدَّجَ الْقَوْمُ عَلَى فُلانٍ:** ئارتۇقچىلىقنى بايان قىلدى.

**تَهَدَّدَهُ يَتَهَدَّدُ تَهَدُّدًا:** قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

**«تَهَدَّدَهُ بِالسِّجْنِ»** : ئۇنى قاماقا ئالماق بولۇپ قورقۇتتى.

**تَهَدَّلَ يَتَهَدَّلُ تَهَدُّلاً:** تۆۋەن چۈشتى، ساڭگىلىدى.

**تَهَدَّلَتْ أَغْصانُ الشَّجَرَةِ:** دەرەخ شاخلىرى ساڭگىلىدى.

**«تَهَدَّلَ الشَّعْرُ»** : چاچ ساڭگىلىدى.

**تَهَدَّمَ يَتَهَدَّمُ تَهَدُّمًا:** غولىدى، ئۆرۈلدى، يىقىلدى؛ ۋەيران بولدى، يوقالدى.

**تَهَدَّمَ الْبِناءُ:** بىنا ئاستا ـ ئاستا خاراب بولدى، بىنا يىقىلدى.

**«تَهَدَّمَ سُورُ الْمَدِينَةِ»** : شەھەر سېپىللىرى ۋەيران بولدى.

**تَهَدُّمٌ:** غۇلىماق، ئۆرۈلمەك، يىقىلماق.

**تَهَدُّمُ الْقُوَى:** ئاجىزلاشماق، ھالسىزلانماق.

**تَهَدَّى يَتَهَدَّى تَهَدِّيًا:** يول تاپتى، ھىدايەت تاپتى.

**تَهْدِيدٌ ج تَهْدِيداتٌ:** تەھدىت سالماق، قورقۇتماق، ئەندىشىگە سالماق.

**اَلتَّهْدِيدُ الذَّرِّيُّ:** ئاتوم پوپوزىسى.

**تَهْدِيداتٌ بِضَرْبِ مَواقِعِ الْفِدائِيِّينَ:** پىدائىيلار بازىسىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن تەھدىت سالماق.

**تَهْدِيدِيٌّ:** قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك.

**بَيانٌ عَسْكَرِيٌّ تَهْدِيدِيٌّ:** تەھدىت خاراكتېرلىك ھەربىي بايانات.

**مُكالَمَةٌ هاتِفِيَّةٌ تَهْدِيدِيَّةٌ:** قورقۇتۇش خاراكتېرلىق تېلېفون سۆزى.

**تَكَلَّمَ بِلَهْجَةٍ تَهْدِيدِيَّةٍ:** قورقۇتۇش تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى.

**تَهْدِيمٌ:** بۇزماق، خاراب قىلماق، چېقىۋەتمەك.

**تَهَذَّبَ يَتَهَذَّبُ تَهَذُّبًا الرَّجُلُ:** تەربىيىلىك بولدى، مەدەنىيەتلىك بولدى.

**تَهَذَّبَ الشَّجَرُ:** دەرەخ قىرقىلدى، دەرەخ پۇتالدى.

**تَهْذِيبٌ:** تەلىم بەرمەك، تەربىيىلىمەك؛ تۈزەتمەك، ئۆزگەرتمەك.

**تَهْذِيبِيٌّ:** تەربىيىۋى، تەلىم ـ تەربىيىگە ئائىت.

**عَمَلٌ تَهْذِيبِيٌّ تَرْبَوِيٌّ:** تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى.

**فِتْرَةٌ إِذاعِيَّةٌ تَهْذِيبِيَّةٌ:** رادىئو تەلىم ـ تەربىيە ئاڭلىتىش ۋاقتى.

**تَهْذِيبُ اللِّحْيَةِ:** ساقال ياسىماق.

**تَهَرَّأَ يَتَهَرَّأُ تَهَرُّؤًا اللَّحْمُ:** گۆش پىشىپ سۆڭەكتىن ئاجراپ كەتتى.

**تَهَرَّبَ يَتَهَرَّبُ تَهَرُّبًا:** يوشۇرۇندى، ئۆزىنى قاچۇردى، قېچىپ كەتتى.

**تَهَرْبَدَ يَتَهَرْبَدُ تَهَرْبُدًا:** تىتىلىپ كەتتى، تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتتى.

**تَهَرَّى يَتَهَرَّى تَهَرِّيًا:** كالتەكلىدى، كالتەك بىلەن ئۇردى.

**تَهْرِيبٌ:** قاچۇرۇۋېتمەك، قېچىشقا كۈشكۈرتمەك.

**تَهْرِيبُ الْأَشْيَاءِ الْمَحْجُوزَةِ:** ئوغرىلىقچە ئۆتكۈزمەك، (مەنئى قىلىنغان نەرسىنى ئوغرىلىقچە ئۆتكۈزمەك)

**تَهْرِيبٌ مِنَ الْجُمْرُكِ:** ئەتكەسچىلىك قىلماق، تاموژنىدىن يوشۇرۇن ئۆتكۈزمەك.

**تَهَزَّأَ يَتَهَزَّأُ تَهَزُّأً بِهِ:** مەسخىرە قىلدى، زاڭلىق قىلدى، كۆزىگە ئىلمىدى، مەنسىتمىدى، كەمسىتتى.

**تَهَزَّزَ يَتَهَزَّزُ تَهَزُّزًا الشَّيْءُ:** مىدىرلىدى، تىترىدى.

**تَهَزَّمَ يَتَهَزَّمُ تَهَزُّمًا الْبِنَاءُ:** بىنا ئۆرۈلدى، بىنا يىقىلدى، پارچىلاندى.

**تَهَزَّمَتِ الْقَوْسُ:** ئوقيا ۋىژىلدىدى، ئوقيا ۋىڭىلدىدى.

**تَهَزْهَزَ يَتَهَزْهَزُ تَهَزْهُزًا الشَّيْءُ:** كۆڭلى يايراپ كەتتى، خۇشاللاندى.

**تَهَزْهَزَ إِلَيْهِ قَلْبُهُ:** مىدىرلىدى، ھەرىكەتلەندى.

**تَهْزِيمٌ:** رەيىنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازى.

**تَهَشَّمَ يَتَهَشَّمُ تَهَشُّمًا الشَّيْءُ:** سۇندى، پاچاقلاندى.

**«تَهَشَّمَتْ أَغْصَانُ الشَّجَرِ مِنْ شِدَّةِ الرِّيَاحِ»:** قاتتىق بوراندىن دەرەخنىڭ شاخلىرى ئۇششۇلۇپ كەتتى.

**تَهَصَّرَ يَتَهَصَّرُ تَهَصُّرًا:** ساڭگىلىدى.

**تَهَصَّرَتْ أَغْصَانُ الشَّجَرَةِ:** دەرەخ شاخلىرى ساڭگىلىدى.

**تَهَفْهَفَ يَتَهَفْهَفُ تَهَفْهُفًا:** غۇنچە بوي بولدى، زىلۋا بولدى.

**تَهَكَّمَ يَتَهَكَّمُ تَهَكُّمًا فُلَانًا:** مەسخىرە قىلدى، مازاق قىلدى.

**تَهَكَّمَ الْبِنَاءُ:** بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

**تَهَكَّمَ الرَّجُلُ:** مەسخىرە قىلدى، مازاق قىلدى.

**تَهَكَّمَ عَلَى فُلَانٍ:** قاتتىق غەزەپلەندى.

**تَهَكَّمَ الْمَطَرُ:** يامغۇر ياغدى.

**تَهَكَّمَ فُلَانٌ:** نەغمە قىلدى، ناخشا ئېيتتى، غەزەل ئوقۇدى.

**تَهَكَّمَ عَلَى الْأَمْرِ الْفَائِتِ:** ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلدى، ئۆتكەن ئىشقا ئۆكۈندى.

**تَهَكُّمٌ:** مەسخىرە قىلماق، ھەجۋە قىلماق، مازاق قىلماق؛ قاتتىق غەزەپلەنمەك.

**بِتَهَكُّمٍ:** مەسخىرە قىلىپ، مازاق قىلىپ، كىنايە قىلىپ.

**تَهَكُّمِيٌّ:** مەسخىرىلىك، كىنايىلىك.

**شِعْرٌ تَهَكُّمِيٌّ:** ساتىرا شېئىر.

**خُطَبٌ تَهَكُّمِيَّةٌ:** مەسخىرە خاراكتېرلىك نۇتۇق.

**تَهْلُكَةٌ:** ھالاكەت؛ ھالاك بولماق.

**«وَلَاتُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ» (قرآن):** ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار.

**تَهَلَّلَ يَتَهَلَّلُ تَهَلُّلًا السَّحَابُ بِالْبَرْقِ:** بۇلۇت چاقماق بىلەن يورۇپ كەتتى.

**تَهَلَّلَ الْوَجْهُ فَرَحًا:** چىرايى خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ كەتتى.

**تَهَلُّلٌ:** خۇشال بولماق، خۇشاللىق.

**تَهَلْهَلَ يَتَهَلْهَلُ تَهَلْهُلًا:** يىرىلدى، دەزكەتتى، بۇزۇلدى، يىرتىلدى.

**تَهَلْهَلَ الثَّوْبُ:** كىيىم كونىراپ چىرىگىلى باشلىدى.

**تَهْلِيلٌ:** ئالقىشلىماق، بارىكاللا ئېيتماق، تەنتەنە قىلماق؛ تەسبىھ ئېيتماق؛ «لَاإِلَهَ إِلَّااللّٰهُ» دېمەك.

**تُهْمَةٌ ج تُهَمَاتٌ:** تۆھمەت، بوھتان.

**تَهِمَ يَتْهَمُ تَهَمًا اللَّحْمُ:** گۆش پۇراپ قالدى.

**تَهْمِيمٌ:** ئەللەي ناخشىسى.

**تَهْمِيمَةٌ:** ئەللەي، ئەللەي ناخشىسى، بۆشۈك قوشىقى.

**تَهْنِئَةٌ ج تَهَانِئُ:** تەبرىكلىمەك، قۇتلۇقلىماق، ھال سورىماق؛ بەخت- سائادەت؛ خۇشاللىق.

**تَهْنِئَةٌ بِالزَّوَاجِ:** توينى تەبرىكلەش.

**تَهَنْدَمَ يَتَهَنْدَمُ تَهَنْدُمًا:** ياساندى، پەرداز قىلدى.

www.uyghurkitap.com

**تَهَنَّأَ يَتَهَنَّأُ تَهَنُّأً الشَّخصُ بِالشَّيْءِ:** خۇشاللاندى، شادلاندى.

**تَهَنَّأَ فُلَانٌ:** سېخى بولدى، مەرد بولدى، كەڭ قول بولدى.

**«تَهَنَّأَ بِزِيَارَةِ قَبْرِ الرَّسُولِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ» :** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش بىلەن خۇشاللاندى.

**تَهَوَّدَ يَتَهَوَّدُ تَهَوُّدًا:** يەھۇدىي دىنىغا كىردى، يەھۇدىي بولدى.

**تَهَوَّرَ يَتَهَوَّرُ تَهَوُّرًا الشَّخصُ:** شىددەت بىلەن تاشلاندى، ھۇجۇم قىلدى؛ قارامىلىق قىلدى.

**تَهَوَّرَ فِي الْكَلَامِ:** يېنىكلىك قىلدى، پەلپەتىش گەپ قىلدى.

**تَهَوَّرَ الْبِنَاءُ:** بىنا بۇزۇلدى، بىنا ئۆرۈلدى.

**تَهَوَّرَ الْوَقْتُ:** ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

**تَهَوَّرَ الشَّخصُ عَلَى غَيْرِهِ:** باشقىلارغا يېنىكلىك بىلەن چېقىلدى.

**تَهَوُّرٌ:** يېنىكلىك قىلماق، شاللاقلىق قىلماق، تەۋەككۇلچىلىق قىلماق.

**تَهَوَّسَ يَتَهَوَّسُ تَهَوُّسًا الشَّخصُ:** سەۋدايى بولۇپ قالدى، نېرۋىسىدىن ئازدى، ئېلىشىپ قالدى.

**تَهَوَّمَ يَتَهَوَّمُ تَهَوُّمًا:** مۈگدىدى، ئۈيقۇسىرىدى.

**تَهْوِيلٌ:** قورقۇتماق، ھەيۋە قىلماق؛ مۇبالىغە قىلماق.

**تَهْوِيلُ الْمُسْتَعْمِرِ لِلْمُوَاطِنِينَ:** مۇستەملىكىچىلىكنىڭ پۇقرالارغا قىلغان تەھدىت.

**تَهْيِيمٌ:** جاۋابكار؛ جىنايەت گۇماندارى.

**تَهَيَّأَ يَتَهَيَّأُ تَهَيُّأً:** تەييارلاندى، ھازىرلاندى.

**تَهَيَّأَ لِلسَّفَرِ:** سەپەرگە تەق بولدى.

**تَهَيَّأَ الشَّيْءُ لِلشَّخصِ:** ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

**تَهَيَّأَتْ لَهُ فُرْصَةُ النَّجَاحِ:** ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلدى.

**تَهَيَّبَ يَتَهَيَّبُ تَهَيُّبًا:** قورقتى، ۋەھىمىگە چۈشتى، ئەنسىرىدى، ئەيمەندى، ھېيىقتى.

**تَهَيَّبَ الطَّالِبُ مُدِيرَ الْمَعْهَدِ:** ئوقۇغۇچى ئىنىستىتۇت مۇدىرىدىن ھېيىقتى.

**تَهَيُّبَةٌ:** ھۆرمەتلىدى، ئىززەت - ئىكرام بىلدۈردى.

**تَهَيَّجَ يَتَهَيَّجُ تَهَيُّجًا:** روھلاندى، ھاياجانلاندى، قوزغالدى.

**تَهَيَّجَ الْمُتَظَاهِرُونَ:** نامايىشچىلار قوزغالدى.

**تَهَيُّجٌ:** قوزغالماق، ھاياجانلانماق؛ غەزەپلەنمەك؛ ياللۇغلانماق، ئوت ئالماق.

**اَلتَّهَيُّجُ الثَّوْرِيُّ:** ئىنقىلابىي ھەرىكەت.

**تَهْيِيجٌ:** قوزغىماق، قۇتراتماق، ھەرىكەتلەندۈرمەك.

**تَهَيَّرَ يَتَهَيَّرُ تَهَيُّرًا:** يىقىلدى، ئۆرۈلدى، غۇلىدى.

**تَوَاءَمَ يَتَوَاءَمُ تَوَاؤُمًا الشَّيْئَانِ:** بىر - بىرىگە ماسلاشتى، بىر - بىرىگە ئۇيغۇن كەلدى.

**تَوَاءَمَ الْغِنَاءُ:** ناخشا ماس كەلدى.

**تَوَاءَمَ الْفَتَيَاتُ:** قىزلار بىر - بىرىگە ماس كەلدى.

**تَوَاتُرٌ:** داۋاملىق، ئارقا - ئارقىدىن، كەينى كەينىدىن، ئۈزلۈكسىز، تۇتاشقان، ئۇلاشقان.

**تَوَاتُرُ الْأَلْفَاظِ:** سۆزلەرنىڭ كۆپ قوللىنىشى.

**اَلتَّوَاتُرُ يُفِيدُ الْقَطْعَ:** كۆپچىلىكتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس قەتئىيلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**عَلَى التَّوَاتُرِ:** ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق، ئۇدا، كەينى-كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن، ئارقىمۇئارقا، بىر تۇتاش.

**تَوَاثَبَ يَتَوَاثَبُ تَوَاثُبًا:** سەكرىدى، ئاتلىدى، ھالقىدى، سەكرەپ ئىلگىرىلىدى؛ سەكرەشتى، ھالقىشتى.

**تَوَاجَدَ يَتَوَاجَدُ تَوَاجُدًا:** ياخشى كۆردى، كۆڭلى چۈشتى، يالغاندىن مۇھەببەت ياكى قايغۇسىنى ئىزھار قىلدى؛ تېپىلدى، بايقالدى.

**تَوَاجَهَ يَتَوَاجَهُ تَوَاجُهًا:** دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئۇچرىشىپ قالدى، دىدار كۆرۈشتى، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇردى.

**تَوَادَّ يَتَوَادُّ تَوَادًّا:** دوست بولۇشتى، دوستلاشتى، ئۆزئارا دوستلۇق ئورناتتى.

**تَوَادٌّ:** ئىناق ئۆتۈشمەك، كۆڭۈللۈك ئۆتمەك، دوست بولۇشماق.

«مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِى تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ» «حديث»: مۆمىنلەر ئۆزئارا دوستلىشىشتا ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈشتە ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتا خۇددى بىر تەنگە ئوخشايدۇ.

**تَوَادَعَ يَتَوَادَعُ تَوَادُعًا الْقَوْمُ:** ۋىدالاشتى، خوشلاشتى.

**تَوَارَثَ يَتَوَارَثُ تَوَارُثًا الشَّيْءَ الْقَوْمُ:** ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراسخور بولۇشتى.

**تَوَارَثَ الْقَوْمُ:** بەزىسى بەزىسىدىن مىراس ئالدى.

**تَوَارَثَتْهُ الْحَوَادِثُ:** ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ھادىسىلەرگە يولۇقتى.

**تَوَارُثٌ (فِى عِلْمِ الْحَيَاةِ):** ئىرسىيەت، ئۇدۇم.

**تَوَارُثُ زُرْقَةِ الْعُيُونِ:** كۆك كۆزلۈك ئۇدۇمى.

**تَوَارَدَ يَتَوَارَدُ تَوَارُدًا الْقَوْمُ:** ئارقىمۇ ئارقا كەلدى.

**تَوَارَدَتِ الْأَخْبَارُ:** خەۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كەلدى.

**تَوَارُدُ الْخَوَاطِرِ:** ئالدىنئالا كېلىشىۋالمىغان پىكىرلەرنىڭ ئوخشاپ قېلىشى.

**تَوَارُدُ الشَّاعِرَانِ:** ئىككى شائىرنىڭ شېئىرىدىكى ئىككى مەزمۇن تاسادىپىي ئوخشاش بولۇپ قالدى.

**تَوَارَى يَتَوَارَى تَوَارِيًا الشَّخْصُ:** يوشۇرۇندى، كۆزدىن غايىب بولدى.

«حَتَّى تَوَارَتْ بِالْحِجَابِ» «قرآن»: ئۇلار (كۆزۈمدىن) غايىب بولغىچە (ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش) بىلەن بولدۇم.

**تَوَارَى فِي الضَّبَابِ:** تۇمانغا يوشۇرۇندى، تۇماندا قالدى.

**تَوَارَى الْقَمَرُ عَنِ الْأَنْظَارِ:** ئاي كۆزلەردىن يوشۇرۇندى.

«تَمِيلُ الشَّمْسُ نَحْوَ الْمَغِيبِ، وَيَتَوَارَى عَنَّا نُورُهَا»: قۇياش كۈن پېتىشقا قىيسايماقتا، ئۇنىڭ نۇرى بىزدىن يوشۇرۇنماقتا.

**تَوَازَنَ يَتَوَازَنُ تَوَازُنًا:** تەڭلەشتى، باراۋەر بولدى، تەڭپۇڭ بولدى.

**تَوَازُنٌ:** تەڭلەشمەك، باراۋەر بولماق، تەڭپۇڭلاشماق.

**تَوَازُنُ الْقُوَى:** كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقى.

**تَوَازُنٌ سِيَاسِيٌّ:** سىياسىي تەڭپۇڭلۇق.

**فَقَدَ تَوَازُنَهُ:** تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى.

**عِلْمُ تَوَازُنِ الْمَوَائِعِ:** ئاقار جىسىملار ستاتىستىكىسى.

**عِلْمُ تَوَازُنِ الْقُوَى:** ستاتىستىكا.

**تَوَازُنُ الْقُوَى الدَّوْلِيَّةِ:** خەلقئارا كۈچ تەڭپۇڭلۇقى.

**تَوَازُنُ الْعَقْلِ:** سالماق، تەمكىن، خاتىرجەم، خىرامان، تىنچ.

«تَوَازُنٌ بَيْنَ الدَّخْلِ وَالصَّرْفِ»: كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى.

**تَوَازَى يَتَوَازَى تَوَازِيًا الشَّيْئَانِ:** تەڭ كېلىشتى، بىر ـ بىرىگە تەڭ كەلدى، تەڭپۇڭ بولدى.

**تَوَازٍ:** تەڭ دەرىجىلىك، تەڭمۇ تەڭ، تەڭ يۈرگۈزمەك، بىللە يولغا قويماق، ياندىشىپ ماڭماق.

**تَوَاشَجَ يَتَوَاشَجُ تَوَاشُجًا الشَّيْءُ:** گىرەلىشىپ كەتتى، يۆگىشىپ كەتتى.

**تَوَاشَجَتْ عُرُوقُ الشَّجَرَةِ:** دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى چىرمىشىپ كەتتى.

**تَوَاصَلَ يَتَوَاصَلُ تَوَاصُلًا:** ئالاقىلەشتى، ئالاقە باغلاشتى، مۇناسىۋەت قىلىشتى، كەلدى ـ باردى قىلدى، داۋاملاشتى.

**تَوَاصَلَ الشَّخْصَانِ:** بىرلەشتى، كەلدى ـ باردى قىلدى، ئالاقىلەشتى.

**تَوَاصَلَتِ الدُّرُوسُ فِي الْجَامِعَةِ:** ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرسلەر داۋاملاشتى.

**تَوَاصُلٌ:** ئالاقىلەشمەك، كەلدى ـ باردى قىلماق.

**تَوَاصَى يَتَوَاصَى تَوَاصِيًا:** ئۆز ئارا تەۋسىيە قىلىشتى، ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇشتى.

«وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ» «قرآن»: ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشتى، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشتى.

**تَوَاضَعَ يَتَوَاضَعُ تَوَاضُعًا:** كەمتەر بولدى، كىچىك پېئىل بولدى.

**تَوَاضَعَ الْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** بىرلىككە كەلدى.

**تَوَاضَعَتِ الْأَرْضُ:** زېمىن ئويمان بولدى.

www.uyghurkitap.com

**مَنْ تَوَاضَعَ لِلّٰهِ رَفَعَهُ:** ئاللاھ ئالدىدا كەمتەر بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللاھ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

**تَوَاضُعْ:** كەمتەر بولماق، كىچىك پېئىل بولماق.

**تَوَاطَأَ يَتَوَاطَأُ تَوَاطُأً اَلْقَوْمُ عَلَى الْأَمْرِ:** بىرلىككە كەلدى، ئىتتىپاقلاشتى.

**تَوَاطَئَهُ عَلَى الْأَمْرِ:** مۇۋاپىقلاشتۇردى، بىرلىككە كەلتۈردى.

**تَوَاطَأَ الْمَرْأَةَ:** جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتى.

**تَوَاطُوءٌ:** تىل بىرىكتۈرمەك، گېپىنى بىر قىلىۋالماق.

**تَوَاطَسَ يَتَوَاطَسُ تَوَاطُسًا الْمَوْجُ:** دولقۇن ئۇركەشلىدى.

**تَوَاطَسَ الْقَوْمُ:** قەۋم قىستاشتى.

**تَوَاعَدَ يَتَوَاعَدُ تَوَاعُدًا الْقَوْمُ:** ۋەدىلەشتى، ۋەدە قىلىشتى.

**«وَلَوْ تَوَاعَدْتُمْ لَاخْتَلَفْتُمْ فِي الْمِيعَادِ» (قرآن):** (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار.

**تَوَافَدَ يَتَوَافَدُ تَوَافُدًا:** ئارقىمۇ ئارقا يېتىپ كەلدى.

**تَوَافَرَ يَتَوَافَرُ تَوَافُرًا الشَّيْءُ:** كۆپەيدى، كېڭەيدى.

**تَوَافَرَ الْمَالُ:** مال - دۇنيا تولۇق بولدى، كۆپەيدى.

**تَوَافَقَ يَتَوَافَقُ تَوَافُقًا الْقَوْمُ:** ئىتتىپاقلاشتى، قوشۇلۇشتى، ئۆز ئارا ياردەم قىلىشتى.

**تَوَافَقُوا فِي الْأَمْرِ:** پىكىر بىرلىككە كەلدى، پىكىر بىرلىككە كېلىشتى.

**تَوَافُقْ:** بىرلىك، بىردەكلىك، مۇناسىپ، ماس كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك.

**تَوَافَى يَتَوَافَى تَوَافِيًا الْقَوْمُ:** ھەممە تولۇق كەلدى.

**تَوَاقَحَ يَتَوَاقَحُ تَوَاقُحًا الشَّخْصُ:** يۈزى قېلىن بولۇۋالدى.

**تَوَاقَعَ يَتَوَاقَعُ تَوَاقُعًا الْخُصُومُ:** ئۇرۇشتى، جېدەللەشتى.

**تَوَاقَفَ يَتَوَاقَفُ تَوَاقُفًا فِي الْحَرْبِ:** قارشىلىق كۆرسەتتى، قارشى تۇردى، قارشىلاشتى.

**تَوَاكَلَ يَتَوَاكَلُ تَوَاكُلًا الْقَوْمُ:** بىر - بىرىگە تايىنىشتى.

**تَوَاكَلَ الْقَوْمُ عَلَى فُلَانٍ:** ياردەم قىلدى.

**تَوَاكُلْ:** ئۆزئارا تايانماق.

**تَوَالَدَ يَتَوَالَدُ تَوَالُدًا:** كۆپەيدى، كېڭەيدى، ئۆزئارا نەسىل قالدۇرۇشتى.

**تَوَالَفَ يَتَوَالَفُ تَوَالُفًا الْقَوْمُ:** ئىناق بولدى، يېقىن بولۇشتى، ئۆزئارا ئامراق بولۇشتى.

**تَوَالَى يَتَوَالَى تَوَالِيًا الشَّيْءُ:** ئەگەشتى، داۋاملاشتى، ئارقىمۇ ئارقا كەلدى.

**تَوَالَتْ عَلَيْهِ الْمَصَائِبُ:** كەلگۈلۈك ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن كەلدى.

**تَوَالَتِ السَّنَوَاتُ:** يىللار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلدى.

**تَوَالٍ:** ئارقىسىدىكى، ئەگەشكۈچى، ئىككىنچى بولۇپ كەلگۈچى، ئارقىمۇ ئارقا.

**تَوَالٍ مِنَ النُّجُومِ وَالْأُمُورِ:** ئاخىرىدىكىلەر، ئاياغدىكىلەر.

**تَوَامَقَ يَتَوَامَقُ تَوَامُقًا الرَّجُلَانِ:** دوستلاشتى، دوست بولۇشتى، يېقىن بولۇشتى.

**تَوَانَى يَتَوَانَى تَوَانِيًا فِي عَمَلِهِ:** سۇسلۇق قىلدى، بوشاپ كەتتى، سۈرەلمىلىك قىلدى.

**تَوَانٍ:** كېچىكمەك، كەينىگە سۈرمەك؛ سەل قارىماق، سۈرەلمىلىك قىلماق.

**بِغَيْرِ تَوَانٍ:** بوشاشماستىن، تەخىر قىلماستىن.

**تَوَاهَبَ يَتَوَاهَبُ تَوَاهُبًا:** ئۆزئارا سوۋغات بېرىشتى.

**تَوْءَمْ ج تَوَائِمُ و تُؤَامٌ م تَوْأَمَةٌ:** قوشكېزەك.

**تَوْءَمْ سِيَامِيٌّ:** بەدىنى بىر - بىرىگە تۇتاش قوشكېزەك بالا.

**اَلتَّوْأَمَانِ:** بىر جۈپ قوشكېزەك.

**تَوْأَمَانِ:** ئۇ ئىككىسى قوشكېزەك.

**تَوْبَةٌ:** تۇۋا قىلماق، گۇناھتىن قول ئۈزمەك، ئۆكۈنمەك، پۇشايمان قىلماق.

**«وَهُوَ الَّذِي يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ» (قرآن):**

ئاللاھ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**تَوْبَلَ يُتَوْبِلُ تَوْبَلَةً الطَّعَامَ:** تاماققا دورا ـ دەرمەك قوشتى.

**تَوْبِيخٌ:** مالامەت قىلماق، ئەيىبلىمەك.

**تُوْتٌ:** قىبتى يىلىنىڭ ئاي بېشى.

**تُوْتٌ. تُوتَةٌ. تُوتَاتٌ:** ئۈجمە.

**تُوْتٌ أَحْمَرُ أَوْ شَامِيٌّ:** قارا ئۈجمە.

**تُوتٌ أَبْيَضُ:** ئاق ئۈجمە.

**تُوت عنخ آمون:** مىلادىدىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**تَوَتَّرَ يَتَوَتَّرُ تَوَتُّرًا:** چىڭىدى، جىددىيلەشتى.

**تَوَتَّرَتِ الْعَلاَئِقُ:** جىددىيلەشتى.

**تَوَتَّرَ الْعَصَبُ:** نېرۋا جىددىيلەشتى، نېرۋا چېچىلدى.

**تَوَتُّرٌ:** جىددىيلىك، جىددىيلەشمەك.

**اَلتَّوَتُّرُ:** ئېلېكتر بېسىمى.

**خَطٌّ عَالِي التَّوَتُّرِ:** يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسى.

**أَسْلاَكٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ ذَاتُ تَوَتُّرٍعَالٍ:** يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى.

**تَوَثَّبَ يَتَوَثَّبُ تَوَثُّبًا عَلَيْهِ فِي أَرْضِهِ:** زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى، تارتىۋالدى.

**تَوَثَّبَ عَلَى:** شىددەت بىلەن ئېتىلدى، بىردىنلا تاشلاندى، ھۇجۇم قىلدى، زەربە بەردى.

**تَوَثَّقَ يَتَوَثَّقُ تَوَثُّقًا:** مۇستەھكەملەندى، پۇختىلاندى.

**تَوَثَّقَ الشَّخْصُ فِي الْأَمْرِ:** خاتىرجەم ئىشلىدى، كۆڭلى توق بولدى.

**تَوَثَّقَتِ الْعُقْدَةُ:** توقۇناق چىڭىدى.

**تَوْثِيقٌ:** پۇختىلىماق، مۇستەھكەملىمەك، چىڭىتماق.

**تَوْثِيقُ الدُّيُونِ:** قەرزنى ھۆججەتلەشتۈرمەك.

**تَوَجَّبَ يَتَوَجَّبُ تَوَجُّبًا:** كۈنىگە بىر ۋاق تاماق يېدى.

**تَوَجَّبَ الْأَمْرُ:** بولۇشى مۇقەررەر بولدى، بولۇشى زۆرۈر بولدى.

**تَوَجَّدَ يَتَوَجَّدُ تَوَجُّدًا بِهِ:** ياخشى كۆرۈپ قالدى، كۆيۈپ قالدى، قىزغىن سۆيدى.

**تَوَجَّدَ لَهُ:** ماتەم تۇتتى، تەزىيە بىلدۈردى.

**تَوَجَّسَ يَتَوَجَّسُ تَوَجُّسًا الشَّخْصُ:** يوشۇرۇن ئاۋاز ئاڭلىدى.

**تَوَجَّسَ الصَّوْتَ:** قورقۇپ ئاڭلىدى، غال ـ غال تىترىدى، دەھشەتلىك ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

**تَوَجَّسَتِ الْأُذُنُ:** شەپىنى ئاڭلىدى.

**تَوَجَّسَ مِنْهُ شَرًّا:** تەشۋىشلەندى.

**تَوَجُّسٌ:** گۇمانلىنىپ خەۋپسىرەش، تەشۋىش قىلىش.

**تَوَجَّعَ يَتَوَجَّعُ تَوَجُّعًا الشَّخْصُ:** شىكايەت قىلدى، ھال ئېيتتى، دادلىدى.

**تَوَجَّعَ الشَّخْصُ لِفُلاَنٍ مِمَّا نَزَلَ بِهِ:** پالانىغا ئىچىنى ئاغرىتتى.

**«تَوَجَّعَ الصَّدِيقُ لِصَدِيقِهِ مِنْ فُقْدَانِ اِبْنِهِ» :** دوست دوستىنىڭ ئوغلىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىگە ئىچىنى ئاغرىتتى.

**تَوَجَّهَ يَتَوَجَّهُ تَوَجُّهًا إِلَيْهِ:** يۈزلەندى، باردى، كەتتى.

**«تَوَجَّهَ إِلَى الْأَمَاكِنِ الْمُقَدَّسَةِ» :** مۇقەددەس جايلارغا باردى.

**تَوَجَّهَ الشَّخْصُ إِلَيْهِ بِطَلَبٍ:** ئىلتىماس قىلدى.

**«تَوَجَّهَتِ النِّقَابَةُ إِلَى الْحُكُومَةِبِطَلَبَاتٍمُعَيَّنَةٍ» :** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھۆكۈمەتكە مۇئەييەن تەلەپلەرنى قويدى.

**تَوْجِيهٌ ج تَوْجِيهَاتٌ:** كۆرسەتمە، يوليورۇق، پەرمان؛ يۈزلەندۈرمەك.

**اَلتَّوْجِيهُ «فِي الْبَلاَغَةِ» :** سۆزى ئىككى خىل مەنە بېرىدىغان قىلىپ بايان قىلىش ۋە ئىپادىلەش (ئىستىلىستىكىدا)

**عَجَلَةُ التَّوْجِيهِ:** رول؛ ئايلىنىدىغان چىشلىق چاق.

**تَوْجِيهٌ:** يوليورۇق بەرمەك، كۆرسەتمەك، يۈزلەندۈرمەك.

**تَوْجِيهٌ مِهَنِيٌّ:** كەسپى كۆرسەتمە.

uyghurkitap.com

**اَلتَّوْجِيهُ عَنْ بُعْدٍ:** يىراقتىن كۆرسىتىش، يىراقتىن باشقۇرۇش، يىراقتىن كونترول قىلىش.

**تَوْجِيهَاتُ الزَّعِيمِ:** داھىينىڭ يوليورۇقى.

**تَوْجِيهِيٌّ:** نىشانلىق، كۆرسەتمىلىك، يۆنىلىشلىك، يوليورۇق خاراكتېرلىك.

**اَلْفَصْلُ التَّوْجِيهِيُّ:** تەييارلىق سىنىپ، تەييارلىق كۇرس.

**آرَاءٌ تَوْجِيهِيَّةٌ:** كۆرسەتمە خاراكتېرلىك توغرا پىكىرلەر.

**اَلشَّهَادَةُ التَّوْجِيهِيَّةُ :** تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى.

**تَوَّحَ:** تەييارلىق قىلماق.

**تَوَحَّدَ يَتَوَحَّدُ تَوَحُّدًا:** يالغۇز قالدى، يەككە ـ يېگانە بولدى، يېتىم قالدى، تەنھا بولدى، بىر ئۆزى قالدى، مۇستەقىل قالدى؛ بويتاق يۈردى، تەنھا ياشىدى.

**تَوَحَّدَ الشَّخْصُ بِالشَّيْءِ:** يالغۇز ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

**تَوَحَّدَ بِرَأْيِهِ:** پىكرىدە يالغۇز قالدى، يالغۇز بولۇۋالدى.

**تَوَحَّدَهُ اللّٰهُ بِعِصْمَتِهِ:** ئاللاھ ئۇنى پاناھىغا ئالدى، ئاللاھ ئۇنى قوغدىدى.

**تَوَحَّدَ بِالْأَمْرِ:** مۇستەقىل قىلدى، تەنھا قىلدى، ئايرىم قىلدى؛ يالغۇز قىلدى، يەككە ـ يېگانە بولۇۋالدى، مۇستەقىل بولدى.

**تَوَحَّدَهُ بِعِنَايَتِهِ:** ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، دىققەت ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈردى.

**تَوَحُّدٌ:** يالغۇز، تەنھا، يالغۇز، تەنھالىق؛ بىرلەشمەك، بىرلىككە كەلمەك.

**تَوَحَّشَ يَتَوَحَّشُ تَوَحُّشًا:** ياۋۇزلاشتى، ياۋايىلاشتى، ۋەھشىيلەشتى.

**تَوَحَّشَ الْمَكَانُ:** ئادەمزاتتىن خالى بولۇپ قالدى.

**تَوَحُّشٌ:** قوپاللىق، توڭلۇق، ۋەھشىيلىك، رەھىمسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىك.

**تَوَحَّلَ يَتَوَحَّلُ تَوَحُّلًا الْمَكَانُ:** لاي بولۇپ كەتتى، پاتقاق بولۇپ كەتتى.

**تَوَحَّلَتِ الطَّرِيقُ إِثْرَ الْفَيَضَانَاتِ:** كەلكۈندىن كېيىن يول پاتقاق بولۇپ كەتتى.

**اَلتَّوْحِيدُ:** ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە، ھېچ شېرىكى يوق دەپ ئېتىقاد قىلماق؛ بىرلەشتۈرمەك، تەرتىپكە سالماق.

**عِلْمُ التَّوْحِيدِ:** تەۋھىد ئىلمى.

**مَعَالِمُ التَّوْحِيدِ:** مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت قاتارلىق ئىبادەتگاھلىرى.

**تَوَخَّى يَتَوَخَّى تَوَخِّيًا الْأَمْرَ:** كۆزلىدى، دىلىغا پۈكتى، ئىنتىلدى.

**تَوَخَّى طَرِيقَ الْخَيْرِ:** ياخشىلىق يولىنى كۆزلىدى.

**تَوَخَّى الْأَمْرَ:** كۆڭلىگە پۈكتى.

**تَوَدَّدَ يَتَوَدَّدُ تَوَدُّدًا:** دوستلۇق ئىزھار قىلدى، ياخشى تەسىر قالدۇردى، ياخشى كۆرۈشنى ئىپادىلىدى.

**تَوَدَّدَ الشَّخْصَ:** دوستلۇقنى تىلىدى، دوستلۇق ئىزھار قىلدى.

**تَوَدَّدَ إِلَى الشَّخْصِ:** دوست بولۇشقا ھەرىكەتلەندى، دوستلۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.

**تَوَدَّدَ إِلَيْهِ:** مۇھەببەت ئىزھار قىلدى.

**تَوْدِيعٌ:** خوشلاشماق، ۋىدالاشماق.

**«أَقَامَ مَأْدُبَةً لِتَوْدِيعِ فُلَانٍ» :** خوشلىشىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى.

**تَوْدِيعِيٌّ:** خوشلىشىشنىڭ، ئۇزىتىشنىڭ، ۋىدالىشىش خاراكتېرلىك.

**تَوْرٌ ج أَتْوَارٌ:** پىيالە، قۇتا، كىچىك قاچا؛ ئەلچى؛ ھورمۇن.

**اَلتَّوْرَاةُ:** تەۋرات (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان كىتاب، يەھۇدىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى)

**«إِنَّا أَنْزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَ نُورٌ» «قرآن» :** بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار.

**أَهْلُ التَّوْرَاةِ:** يەھۇدىلار، قەدىمكى ئىبرانىيلار.

**تَوَرَّدَ يَتَوَرَّدُ تَوَرُّدًا:** يېتىپ كەلدى، باردى.

**تَوَرَّدَ الْخَدُّ:** مەڭز قىزاردى، قىزىل گۈل رەڭگىگە كىردى.

**تَوَرَّدَ الشَّيْءَ:** هازىر قىلدى.

**تَوَرَّطَ يَتَوَرَّطُ تَوَرُّطًا الشَّخْصُ:** مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، نېمىنى قىلىشىنى بىلمەي قالدى، گاڭگىراپ قالدى.

**تَوَرَّطَ فِي الْحَرْبِ:** ئۇرۇشقا دۇچار بولدى، ئۇرۇشقا كىرىپ قالدى.

**تَوَرَّطَتِ الدَّابَّةُ:** هايۋان پېتىپ قالدى.

**تَوَرَّعَ يَتَوَرَّعُ تَوَرُّعًا عَنْ كَذَا:** ساقلاندى، خالى بولدى.

**تَوَرَّعَ الشَّخْصُ مِنَ الْأَمْرِ:** ساقلاندى، ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**تَوَرَّمَ يَتَوَرَّمُ تَوَرُّمًا جِلْدُهُ:** ئۇنىڭ تېرىسى ئىششىپ كەتتى، ئىششىندى.

**تَوَرَّى يَتَوَرَّى تَوَرِّيًا عَنْهُ:** يوشۇرۇندى.

**تَوْرِيَةٌ:** يوشۇرۇنماق، مۆكۈۋالماق، ئۆزىنى دالدىغا ئالماق.

**تَوْرِيَةٌ «فِي عِلْمِ الْبَلَاغَةِ»:** قوش مەنىلىك سۆز، كۆرۈنۈشتە باشقىنى دەپ، ئەسلى مەنىسىنى يوشۇرماق.

**تَوْرِيَةٌ «فِي عِلْمِ الْمَنْطِقِ»:** ئەگىتمە گەپ، ياپتا گەپ.

**تَوْرِيَةٌ «فِي عِلْمِ الْبَدِيعِ»:** يېقىن، يىراق ياكى ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىككى مەنىگە دالالەت قىلىدىغان بىرەر سۆزنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن ئىككىنچى مەنانى مەقسەت قىلماق.

**تَوْرِيدٌ:** سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىمپورت قىلىش.

**تَوْرِيدُ الْبِضَاعَةِ:** تاپشۇرۇۋالماق.

**تَوْرِيدُ السِّلْعَةِ:** ئىمپورت قىلماق.

**تَوَزَّرَ يَتَوَزَّرُ تَوَزُّرًا الشَّخْصُ لَهُ:** ئۇنىڭ ۋەزىرى بولدى، ئۇنىڭغا ۋەزىر بولدى.

**تَوَزَّعَ يَتَوَزَّعُ تَوَزُّعًا الشَّيْءُ:** چېچىلىپ كەتتى، بۆلۈنۈپ كەتتى، ئايرىلىپ كەتتى.

**تَوَزَّعَ الْقَوْمُ الشَّيْءَ بَيْنَهُمْ:** تەقسىم قىلدى، بۆلدى.

**تَوَزَّعَ عَنْهُ الْأَفْكَارُ:** پىكرى چېچىلىپ كەتتى.

**تَوْزِيعٌ:** تەقسىم قىلماق، بۆلمەك.

**تَوْزِيعُ الْمَنْشُورَاتِ:** تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقاتماق.

**سُوءُ التَّوْزِيعِ:** توغرا تەقسىم قىلماسلىق.

**تَوْزِيعُ الْأَرْبَاحِ عَلَى الْمُسَاهِمِينَ:** پايچىلارغا پايدىنى بۆلمەك.

**تَوْزِيعُ الْجَوَائِزِ:** مۇكاپات تارقاتماق.

**تَوَسَّخَ يَتَوَسَّخُ تَوَسُّخًا الشَّيْءُ:** كىر بولۇپ كەتتى، مەينەتلىشىپ كەتتى.

**تَوَسَّخَ الشَّارِعُ:** كوچا پاسكىنىلىشىپ كەتتى.

**تَوَسَّدَ يَتَوَسَّدُ تَوَسُّدًا الْوِسَادَةَ:** ياستۇق قويدى.

**تَوَسَّدَ الثَّرَى:** ئۆلدى، هالاك بولدى.

**تَوَسَّدَ الْأَرْضَ:** داق يەردە ئۇخلىدى.

**تَوَسَّدَ الْحَائِطَ:** تامغا يۆلەندى.

**تَوَسَّدَ ذِرَاعَهُ:** بىلىكىنى ياستۇق قىلدى.

**تَوَسَّدَ الطِّفْلُ صَدْرَ أُمِّهِ:** بوۋاق ئانىسىنىڭ مەيدىسىدە ئۇخلىدى.

**تَوَسَّطَ يَتَوَسَّطُ تَوَسُّطًا الْقَوْمَ:** ئوتتۇرىدا ئولتۇردى.

**تَوَسَّطَ بَيْنَ النَّاسِ:** ياراشتۇردى، ئەپلەشتۈردى، مۇرەسسە قىلدى.

**تَوَسَّطَ بَيْنَهُمْ لِإِيقَافِ النِّزَاعِ:** دەتالاشنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاسىتىچىلىق قىلدى.

**تَوَسَّطَ الشَّخْصُ بِهِ:** ئۇنى ۋاسىتە قىلدى.

**تَوَسَّعَ يَتَوَسَّعُ تَوَسُّعًا الشَّيْءُ:** كېڭەيدى، كەڭ بولدى، زورايدى؛ ماس كەلدى، ئۇيغۇن بولدى.

**تَوَسَّعَ فِي:** ئاشۇردى، كۆپەيتتى، راۋاجلاندۇردى.

**تَوَسَّعَ الْقَوْمُ فِي الْمَجْلِسِ:** قەۋم كەڭتاشا ئولتۇرۇشتى.

**تَوَسَّعَ الشَّخْصُ فِي الْعَطَاءِ:** كۆپ بەردى.

**تَوَسُّعٌ:** كېڭەيمەك؛ قانات يايدۇرماق؛ كېڭەيمىچىلىك سۆزنى ئەسلى مەنىسىدىن كەڭ دائىرىدە ئىستېمال قىلماق.

**اَلتَّوَسُّعُ الْإِسْتِعْمَارِيُّ:** جاهانگىرلىكنىڭ كېڭەيمىچىلىكى.

**تَوَسُّعٌ حَرْبِيٌّ:** ھەربىي كېڭەيمىچىلىك.

www.uyghurkitap.com

**سِيَاسَةُ التَّوَسُّعِ فِي الْإِنْتَاجِ:** ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش سىياستى.

**تَوْسِعَةٌ ج تَوْسِعَاتٌ:** كېڭەيتمەك، كەڭ تۇتماق؛ مۆھلەت.

**تَوْسِعَةُ الْبَيْتِ:** ئۆينى كېڭەيتمەك.

**مَنَحَهُ تَوْسِعَةً لِأَدَاءِ دَيْنِهِ:** ئۇنىڭغا قەرزنى تۆلەشكە مۆھلەت بەردى.

**تَوْسِيعِيٌّ:** كېڭەيمىچىلىك.

**سِيَاسَةٌ اِسْتِعْمَارِيَّةٌ تَوْسِيعِيَّةٌ:** جاھانگىرلىكنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياستى.

**اَلتَّوْسِيعِيَّةُ:** كېڭەيمىچىلىك.

**سِيَاسَةُ التَّوَسُّعِ الْإِقْلِيمِيِّ:** رايون خاراكتېرلىك كېڭەيمىچىلىك سىياستى.

**تَوَسَّلَ يَتَوَسَّلُ تَوَسُّلاً إِلَى اللّٰهِ بِعَمَلِهِ:** ياخشى ئىش قىلىپ ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلدى، ساۋاپلىق ئىش قىلدى.

**تَوَسَّلَ إِلَيهِ بِكَذَا:** ۋاستە قىلدى، ... بىلەن يېقىنچىلىق قىلدى.

**تَوَسُّلٌ ج تَوَسُّلَاتٌ:** يالۋۇرماق، ئۆتۈنمەك، ئىلتىجا قىلماق، دۇئا قىلماق.

**تَوَسَّمَ يَتَوَسَّمُ تَوَسُّمًا:** بەلگە سىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئىنچىكە كۆزەتتى، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلدى.

**تَوَسَّمَ فِيهِ خَيْرًا:** ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتتى.

**تَوَشَّجَ يَتَوَشَّجُ تَوَشُّجًا الشَّيْءُ:** گىرەلىشىپ كەتتى، يۆگىشىپ كەتتى.

**تَوَشَّجَتْ عُرُوقُ الشَّجَرَةِ:** دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى چىرمىشىپ كەتتى.

**تَوَشَّحَ يَتَوَشَّحُ تَوَشُّحًا بِكَذَا:** ئېسىۋالدى، تاقىۋالدى، ئارتىۋالدى.

**تَوَشَّحَ بِسَيْفِهِ:** قىلىچ ئېسىۋالدى.

**تَوَشْوَشَ يَتَوَشْوَشُ تَوَشْوُشًا الْقَوْمُ:** پىچىرلاشتى، يەك ئىچىدە سۆزلەشتى.

**تَوَصَّبَ يَتَوَصَّبُ تَوَصُّبًا:** ئاغرىپ قالدى.

**تَوَصَّلَ يَتَوَصَّلُ تَوَصُّلاً إِلَى كَذَا:** ھاسىل قىلدى، ئېرىشتى، ئىگە بولدى.

**تَوَصَّلَ الشَّخْصُ إِلَيْهِ:** يېتىپ باردى، يەتتى.

**تَوَصَّلَ إِلَى مَعْرِفَةِ السِّرِّ:** سىرنى تونۇپ يەتتى.

**تَوَصَّلَ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلدى.

**تَوَصَّمَ يَتَوَصَّمُ تَوَصُّمًا:** مىجەزى يوق بولۇپ قالدى.

**تَوْصِيَةٌ ج تَوْصِيَاتٌ:** بۇيرۇق، پەرمان، كۆرسەتمە، پەند ــ نەسىھەت.

**تَوْصِيَةٌ بِصُنْعِ شَيْءٍ:** زاكاز قىلماق، (مال) بۇيرۇتماق.

**تَوْصِيَةٌ بِمِيرَاثٍ:** مىراسنى ۋەسىيەت قىلماق، مىراسنى كۆرسەتمەك.

**خِطَابُ تَوْصِيَةٍ:** تونۇشتۇرۇش، تونۇشتۇرۇش خېتى، كۆرسەتمە.

**تَوْصِيلٌ ج تَوْصِيلَاتٌ:** توك ئۆتكۈزۈش قۇرۇلمىسى.

**اَلتَّوْصِيلُ عَلَى التَّوَازِي:** يانداش ئۇلانغان توك يولى.

**اَلتَّوْصِيلُ عَلَى التَّوَالِي:** ئارقىمۇ ئارقا ئۇلانغان توك يولى.

**تَوْصِيلِيَّةٌ:** ئۆتكۈزۈشچانلىق، ئۆتكۈزۈش نىسبىتى، تۇتاشتۇرغۇچى، بىرىكتۈرگۈچى.

**تَوْصِيمٌ:** مىجەزى يوق بولۇپ قالماق.

**تَوَضَّحَ يَتَوَضَّحُ تَوَضُّحًا الْأَمْرُ:** ئىش ئايدىڭلاشتى؛ ئىش روشەنلەشتى، ئىش ئېنىق بولدى، ئىش ئاشكارا بولدى.

**تَوَضَّأَ يَتَوَضَّأُ تَوَضُّؤًا:** تاھارەت ئالدى.

**«مَنْ تَوَضَّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ ثُمَّ أَتَى الْجُمُعَةَ فَاسْتَمَعَ وَأَنْصَتَ غُفِرَ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجُمُعَةِ» (حديث):** كىمكى تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ، ئاندىن كېيىن جۈمەگە كەلسە، خۇتبىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىككى جۈمە ئارىسىدىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

**تَوْطِئَةٌ ج تَوْطِئَاتٌ:** مۇقەددىمە، كىرىش سۆز؛ تۈزەنلىمەك، چۈشمەك؛ تەرتىپ، رەت.

**تَوَطَّأَ يَتَوَطَّأُ تَوَطُّأً الشَّيْءُ:** تۈز بولدى، تەكشى بولدى.

**تَوَطَّئَةُ عَلَى الْأَمْرِ:** مۇۋاپىقلاشتى، قوشۇلدى، ماقۇل بولدى.

**تَوَطَّدَ يَتَوَطَّدُ تَوَطُّدًا الشَّيْءُ:** مۇستەھكەم بولدى،

كۆچەيدى.

**تَوَطَّنَ يَتَوَطَّنُ تَوَطُّنًا الْمَكَانَ:** ماكانلاشتى، ئولتۇراقلاشتى، ماكان تۇتتى.

**تَوَطَّنَتْ نَفْسُهُ عَلَى الشَّيْءِ:** ئادەتلەندى.

**تَوْطِيَةٌ:** مۇقەددىمە، كىرىش سۆز؛ چۈشمەك، تۆۋەنلىمەك؛ تەرتىپ، رەت.

**تَوْطِيدٌ:** مۇستەھكەملىمەك، كۈچەيتمەك، چىڭىتماق، پۇختىلىماق.

**تَوْطِيدُ السِّلْمِ بَيْنَ الدُّوَلِ:** دۆلەتلەر ئارا تىنچلىقنى كۈچەيتمەك.

**تَوَظَّفَ يَتَوَظَّفُ تَوَظُّفًا الشَّخْصُ:** ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ئىشقا قويۇلدى.

**تَوَعُّدِيٌّ:** قورقۇنچلۇق، تەھدىتلىك.

**تَوَعَّدَ يَتَوَعَّدُ تَوَعُّدًا ـ هُ:** قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

**تَوَعُّدٌ:** قورقۇتماق، تەھدىت سالماق.

**تَوَعَّرَ يَتَوَعَّرُ تَوَعُّرًا الْمَكَانُ:** جاي قاتتىق بولدى.

**تَوَعَّرَ فُلَانٌ:** يىرىك بولدى، قوپال بولدى.

**تَوَعَّرَ الْأَمْرُ عَلَى فُلَانٍ:** قىيىن بولدى، تەس بولدى.

**تَوَعَّرَ فِي كَلَامِهِ:** ھودۇقتى، دۇدۇقلىدى.

**تَوَعَّكَ يَتَوَعَّكُ تَوَعُّكًا الشَّخْصُ:** تەپ كېسىلى بولدى، ساقسىز بولۇپ قالدى.

**تَوَعُّكٌ:** ساقسىزلىق، بىمارلىق.

**«تَغَيَّبَ عَنِ الْعَمَلِ لِتَوَعُّكِ مِزَاجِهِ»:** مىجەزى بولمىغانلىقتىن ئىشقا كېلەلمىدى.

**تَوَعَّى يَتَوَعَّى تَوَعِّيًا مِنْهُ:** ساقلاندى، ئېھتىيات قىلدى.

**تَوَغَّرَ يَتَوَغَّرُ تَوَغُّرًا:** غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

**تَوَغَّلَ يَتَوَغَّلُ تَوَغُّلًا فِي الْمَكَانِ:** ئىچكىرىلەپ كىردى، يىراقلىشىپ كەتتى.

**تَوَغَّلَ فِي الْعِلْمِ:** ئىلىمدا چوڭقۇرلىدى.

**«تَوَغَّلَ جُنْدِيُّ الْإِسْتِطْلَاعِ بِمُفْرَدِهِ خَلْفَ خُطُوطِ الْعَدُوِّ»:** چارلاش جەڭچىسى ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىردى.

**تَوَفَّرَ يَتَوَفَّرُ تَوَفُّرًا عَلَى الشَّيْءِ:** پۈتۈنلەي بېرىلدى، پۈتۈن ئوي - پىكرىنى مەركەزلەشتۈردى.

**تَوَفَّرَ الشَّيْءُ:** تېپىلدى، تولۇق بولدى.

**تَوَفَّرَتْ فِيهِ الصِّفَاتُ:** سۈپەتلەر ئۇنىڭدا تولۇق تېپىلدى.

**تَوَفَّرَتْ أَرْكَانُ الزَّوَاجِ:** نىكاھنىڭ ئاساسلىرى تولۇق ھازىرلاندى.

**تَوَفَّقَ يَتَوَفَّقُ تَوَفُّقًا الشَّخْصُ:** مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۇتۇق قازاندى، نەتىجە قازاندى.

**«لَايَتَوَفَّقُ عَبْدٌ حَتَّى يُوَفِّقَهُ اللّٰهُ» ‹حديث›:** ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلمىغىچە بەندە ئۇتۇق قازىنالمايدۇ.

**تَوَفَّى يَتَوَفَّى تَوَفِّيًا حَقَّهُ:** ھەققىنى تولۇق ئالدى.

**تَوَفَّاهُ اللّٰهُ:** ئاللاھ ئۇنى قەبزى روھ قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.

**«اَللّٰهُ يَتَوَفَّى الْأَنْفُسَ حِينَ مَوْتِهَا» ‹قرآن›:** ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ.

**تُوُفِّيَ:** ۋاپات بولدى، ئۆلدى.

**«تُوُفِّيَ جَمَالٌ وَتَرَكَ زَوْجَةً وَأَرْبَعَةَ أَطْفَالٍ»:** جامال ئايالىنى ۋە تۆت بالىسىنى قالدۇرۇپ ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**تَوْفِيرٌ:** ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك؛ ئىقتىساد قىلماق؛ تېجىمەك؛ ساقلىماق، ئامانەت قويماق.

**دَفْتَرُ التَّوْفِيرِ:** پۇل ئامانەت كىنىشكىسى.

**صُنْدُوقُ التَّوْفِيرِ:** پۇل ئامانەت بانكىسى.

**تَوْفِيقٌ:** مۇۋاپىقلاشتۇرماق، ياراشتۇرماق، ئەپلەشتۈرمەك، كېلىشتۈرمەك.

**لَجْنَةُ التَّوْفِيقِ:** كېلىشىم ھەيئىتى.

**تَوَقَّحَ يَتَوَقَّحُ تَوَقُّحًا الشَّخْصُ:** ھاياسىز بولدى.

**تَوَقَّحَ الشَّيْءُ:** قاتتىق بولدى.

**تَوَقَّدَ يَتَوَقَّدُ تَوَقُّدًا الْمَرْأُ:** كىشى پائالىيەتچان بولدى، چاققان، تېتىك بولدى.

**تَوَقَّدَتِ النَّارُ:** ئوت ياندى.

**تَوَقَّدَ الْكَوْكَبُ:** يۇلتۇز پارلىدى، يۇلتۇز چاقنىدى.

www.uyghurkitap.com

**تَوَقَّدَتِ النَّارُ:** ئوت يېقىلدى.

**تَوَقَّدَ الذِّهْنُ:** ئەقىللىق بولدى، زېرەك بولدى، زېھنى ئۆتكۈر بولدى، پىكرى ئوچۇق بولدى، پىكىر يورىدى.

**تَوَقُّدٌ:** يانماق، يورىماق، پارقىرىماق.

**تَوَقَّعَ يَتَوَقَّعُ تَوَقُّعًا الْأَمْرَ:** ئىشنى كۈتتى، مۆنتەزىر بولدى، كۆزەتتى.

**تَوَقَّفَ يَتَوَقَّفُ تَوَقُّفًا فِي الْمَكَانِ:** توختىدى، تۇرۇپ قالدى.

**تَوَقَّفَ فِي الْأَمْرِ:** ئىككىلەندى، ئارىسالدى بولدى.

**تَوَقَّفَ عَنِ الْأَمْرِ:** باش تارتتى.

**تَوَقَّفَ عَنِ الْكِذْبِ:** يالغانچىلىقتىن چەكلەندى.

**تَوَقَّفَ الْأَمْرُ عَلَى كَذَا:** ئىش ئۇنىڭغا باغلىق بولۇپ قالدى.

**«هَذَا يَتَوَقَّفُ عَلَى الظُّرُوفِ»** : بۇ شەرت ـ شارائىتقا باغلىق.

**تَوَقُّفٌ:** تۇرماق، توختىماق.

**مِنَ الْقَاهِرَةِ إِلَى لَنْدُنْ بِدُونِ تَوَقُّفٍ:** قاھىرەدىن لوندونغىچە توختىماستىن.

**«تَوَقَّفَتِ الْمُوَاصَلاتُ»** : قاتناش توختىدى.

**تَوَقَّلَ يَتَوَقَّلُ تَوَقُّلاً فِي الْجَبَلِ:** تاغقا چىقتى، تاغقا ئۆرلىدى.

**تَوَقَّى يَتَوَقَّى تَوَقِّيًا :** ساقلاندى، ئېھتىيات قىلدى، ھەزەر ئەيلىدى، قورقتى.

**تَوْقِيتٌ:** ۋاقىت بەلگىلىمەك، ۋاقىتنى توختاتماق.

**اَلتَّوْقِيتُ الْمَحَلِّيُّ:** يەرلىك ۋاقىت.

**تَوْقِيتُ الْعَمَلِ فِي الْإِدَارَةِ مِنَ الثَّامِنَةِ صَبَاحًا إِلَى الثَّانِيَةِ بَعْدَ الظُّهْرِ:** ئىدارىدا ئىش ۋاقتىنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن چۈش ۋاقتى 2 گىچە قىلىپ بېكىتمەك.

**تَوْقِيعٌ ج تَوْقِيعَاتٌ وَتَوَاقِيعُ الصَّكِّ:** چەككە ئىمزا قويماق.

**تَوْقِيعُ الْمُعَاهَدَةِ:** كېلىشىمگە ئىمزا قويماق.

**تَوْقِيعِيٌّ:** رىتىم، رىتىملىق، مېلودىيە، ئاھاڭ رىتىمى.

**تَوْقِيفٌ:** توختىتىپ قويماق؛ قانۇن تېكىستى؛ بېغىشتىكى بىلەيزۈك ئىزى.

**تَوَكَّأَ يَتَوَكَّأُ تَوَكُّأً عَلَى الشَّيْءِ:** يۆلەندى، تاياندى.

**«قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّأُ عَلَيْهَا» «قرآن»** : مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن».

**«لاَتَتَوَكَّؤُا عَلَى الطَّاوِلَةِ»** : ئۈستەلگە يۆلەنمەڭلار.

**تَوَكَّدَ يَتَوَكَّدُ تَوَكُّدًا:** تەكىتلەندى، پۇختىلاندى، چىڭىدى.

**تَوَكَّلَ يَتَوَكَّلُ تَوَكُّلاً فِي الْأَمْرِ:** ۋەكىللىكنى قوبۇل قىلدى، ۋاكالەتنى قوبۇل قىلدى.

**تَوَكَّلَ لَهُ بِكَذَا:** كاپالەت بەردى، ھۆددە قىلدى، كېپىل بولدى.

**«وَعَلَى اللّٰهِفَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ» «قرآن»** : مۆمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن)

**«رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا» «قرآن»** : پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق.

**تَوَكَّلَ عَلَيْهِ:** ئىشەندى، تاياندى، يۆلەندى؛ ھاۋالە قىلدى، تاپشۇردى.

**تَوَكَّلَ عَلَى اللّٰهِ:** ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدى، ئاللاھقا بويسۇندى.

**تَوَكُّلٌ:** ئىشەنمەك، تەۋەككۇل قىلماق، يۆلەنمەك، ئېتىقاد قىلماق.

**عَلَى التَّوَكُّلِ:** ئىشىنىپ، تەۋەككۇل قىلىپ.

**تَوْكِيدٌ :** تەكىتلەش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش؛ ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

**تَوْكِيدُ الْإِتِّفَاقِ:** كېلىشىمنى ئىمزالىماق.

**تَوْكِيلٌ:** ۋاكالەتچىنى بەلگىلىمەك، ۋەكىل تەيىنلىمەك؛ تاپشۇرماق، ھاۋالە قىلماق.

**تُوَلَةٌ ج تُوَلاَتٌ:** جادۇگەرلىك، سېھىرگەرلىك.

**تَوَلَّجَ يَتَوَلَّجُ تَوَلُّجًا :** داخىل بولدى، قەدەم باستى، كىردى.

**تَوَلَّدَ يَتَوَلَّدُ تَوَلُّدًا مِنَ الشَّيْءِ:** پەيدا بولدى، يۈز بەردى، بارلىققا كەلدى، سادىر بولدى.

**«تَوَلَّدَتْ تِلْكَ النَّتِيْجَةُ مِنْ هَذِهِ الْأَسْبَابِ»** : بۇ نەتىجە مۇشۇ سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقتى.

**تَوَلُّدٌ:** تۇغۇلماق، تەۋەللۇد قىلماق، نەسىل قالدۇرماق.

**تَوَلَّهَ يَتَوَلَّهُ تَوَلُّهًا:** غەم قىلدى، قايغۇردى، ھەسرەت چەكتى، روھى چۈشتى، مەيۇسلەندى، ئۈمىدسىزلەندى ئىشق- مۇھەببەتتىن ھەيرەتتە قالدى.

**تَوَلَّى يَتَوَلَّى تَوَلِّيًا الْأَمْرَ:** ئىشنى باشقۇردى، ئىشنى ئىدارە قىلدى، ئىشنى زىممىسىگە ئالدى.

**تَوَلَّاهُ الْيَأْسُ:** ئۇنى ئۈمىدسىزلىك ئورىۋالدى.

**تَوَلَّى:** يۈز ئۆرۈدى.

**تَوَلَّى عَنْهُ:** ئايرىلدى، يۈز ئۆرۈدى، تەرك ئەتتى؛ ئۆزىنى قاچۇردى.

**«وَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَا أَسَفَا عَلَى يُوسُفَ»** ‹قرآن› : ياقۇپ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئېست يۈسۈف!» دېدى.

**تَوَلَّى الرَّجُلُ هَارِبًا:** قاچتى.

**تَوَلَّى الشَّخْصُ:** ياردەم بەردى.

**تَوَلَّى الْحُكْمَ:** ھاكىم بولدى، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى.

**تَوْلِيْدٌ:** تۇغدۇرماق، تۇغۇت قوبۇل قىلماق؛ تەربىيىلىمەك، ئۆستۈرمەك (يېگانە ئەدەبىي ئىجادىيەت)

**مُسْتَشْفَى التَّوْلِيْدِ:** تۇغۇتخانا، تۇغۇت دوختۇرخانىسى.

**قِسْمُ التَّوْلِيْدِ وَالْأَمْرَاضِ النِّسَائِيَّةِ:** تۇغۇت ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى.

**تَوْلِيْدُ الْكَهْرَبَاءِ:** توك چىقىرىش.

**تَوْلِيْدٌ ‹فِي اللُّغَةِ›** : يېڭى سۆز ياسىماق.

**مَحَطَّةُ تَوْلِيْدِ الْكَهْرَبَاءِ:** ئېلېكتر ئىستانسىسى.

**تَوْلِيْفَةٌ ج تَوْلِيفَاتٌ:** ئارىلاش ماددا، ئەبجەش نەرسە.

**تُونِس:** تۇنىس (دۆلەت نامى، شىمالىي ئافرىقىدا)

**تُونِسِيٌّ:** تۇنىسلىق.

**اَلْجُمْهُورِيَّةُ التُّونِسِيَّةُ:** تۇنىس جۇمھۇرىيىتى.

**تَوَهَانَ:** سەرگەردان بولماق، يولدىن ئېزىپ يۈرمەك، سەرسان بولۇپ يۈرمەك.

**تَوَهَّجَ يَتَوَهَّجُ تَوَهُّجًا النَّهَارُ:** كۈن قىزىپ كەتتى، ئىسسىق قاتتىق بولدى.

**تَوَهَّجَتِ النَّارُ:** ئوت ياندى، كۆيدى، لاۋۇلداپ كۆيدى.

**تَوَهَّرَ يَتَوَهَّرُ تَوَهُّرًا فِي الْكَلَامِ:** تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، زۇۋان سۈرەلمىدى.

**تَوَهَّرَ الشِّتَاءُ:** قىشنىڭ تولىسى ئۆتۈپ كەتتى.

**تَوَهَّمَ يَتَوَهَّمُ تَوَهُّمًا الْأَمْرَ:** گۇمان قىلدى، شەكلەندى؛ خىيال قىلدى، ئويلىدى، تەسەۋۋۇر قىلدى.

**تَوَهَّمَ فِي الشَّيْءِ:** خاتا چۈشەندى، يېڭىلىشتى.

**تَوَهَّمَ الْخَيْرَ فِيْهِ:** ئۇنىڭدا ياخشىلىقنى بايقىدى.

**تَوٌّ:** ۋاقىت، چاغ، پەيت، سائەت.

**تَوًّا:** ئۇدۇل، بىۋاستە، توپتوغرا؛ دەرھال، ھازىر، بايا.

**ذَهَبْتُ تَوًّا إِلَى الْمُسْتَشْفَى:** مەن دەرھال دوختۇرخانىغا باردىم.

**جِئْتُ تَوًّا:** مەن بايatin كەلدىم.

**«أَيْنَ الطَّبِيْبُ؟ ذَهَبَ تَوًّا إِلَى الْمُسْتَشْفَى»** : دوختۇر قەيەردە ؟ ئۇ ھازىرلا دوختۇرخانىغا كەتتى.

**«كَانَ الْمُجْتَمَعُ الْمِصْرِيُّ خَارِجًا لِتَوِّهِ مِنْ حُكْمِ الْمَمَالِيْكِ»** : مىسىر جەمئىيىتىنىڭ مەملۇكىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىن چىققانلىقىغا ئۇزاق بولمىدى.

**«اِنْطَلَقَ إِلَى غَايَتِهِ تَوًّا»** : ئۆز غايىسىنى كۆزلەپ ماڭدى.

**تَوَّابٌ:** تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى.

**«فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا»** ‹قرآن› : رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

**«إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِيْنَ»** ‹قرآن› : ئاللاھ

www.uyghurkitap.com

هەقىقەتەن تووا قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

**تَوَّاقٌ:** ئىنتىزارلىق بىلەن سېغىنغۇچى، دائىم ئارزۇ قىلغۇچى، بەك مۇشتاق.

**«اَلْمَرْءُ تَوَّاقٌ إِلَى مَالَمْ يَنَلْ»:** كىشى ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىدۇ.

**تَوَّجَ يُتَوِّجُ تَتْوِيْجًا:** تاج كىيگۈزدى، تەختتە ئولتۇرغۇزدى.

**تَوَّجَ جِهَادَهُ بِالنَّصْرِ:** ئۆزىنىڭ جىھادىغا غەلىبە تاجىنى كىيدۈردى.

**تَوَّهَ يُتَوِّهُ تَتْوِيهًا:** ئازدۇردى، دىلىنى پەرىشان قىلدى، خىيالىنى بۆلۈۋەتتى؛ تەمتىلىكتە قالدۇردى، تۈيۈق يولغا باشلىدى.

**تُوَيْجُ الزَّهْرَةِ:** گۈل تاجى.

**تِي:** بۇ، مۇنۇ.

**تَيَاسَةٌ:** بولمىغۇر گەپ، ئەخمىقانە سۆز؛ ئەخمىقانىلىق.

**تَيَامَنَ يَتَيَامَنُ تَيَامُنًا:** ئوڭغا بۇرۇلدى، ئوڭ تەرەپكە ماڭدى.

**تَيَتَّمَ يَتَيَتَّمُ تَيَتُّمًا الصَّبِيُّ:** بالا يېتىم قالدى، بالا يېتىم بولۇپ قالدى.

**تَيْحَانٌ:** ئاقساقال، يېتىم ئاقساقال، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم.

**تَيْسٌ ج تُيُوسٌ وَأَتْيَاسٌ و تِيَسَةٌ:** تېكە.

**تَيْسٌ جَبَلِيٌّ:** تاغ تېكىسى، بۆكەن.

**تَيَسَّرَ يَتَيَسَّرُ تَيَسُّرًا الْأَمْرُ:** ئىش ئاسانلاشتى، ئىش ئوڭاي بولدى.

**تَيَسَّرَ لِلْأَمْرِ:** تەييارلاندى.

**تَيْسَنَةٌ:** جاھىللىق، كاجلىق، تەرسالىق، تەتۈرلۈك.

**تَيْسِيَّةٌ:** جاھىللىق، كاجلىق، تەرسالىق، تەتۈرلۈك.

**تَيَفَّعَ يَتَيَفَّعُ تَيَفُّعًا الْغُلَامُ:** ياش بالا بالاغەتكە يەتتى.

**تَيَقَّظَ يَتَيَقَّظُ تَيَقُّظًا مِنَ النَّوْمِ:** ئويقۇدىن ئويغاندى.

**تَيَقَّظَ الشَّخْصُ:** ئاگاھ بولدى، ھېزى بولدى، دىققەت قىلدى؛ ھوشيار بولدى، ئېھتىياتچان بولدى.

**تَيَقَّنَ يَتَيَقَّنُ تَيَقُّنًا الْأَمْرَ:** ھەقىقى ئىشەندى.

**«تَيَقَّنَ نَجَاحَهَا فِي الْإِمْتِحَانِ»:** ئۇنىڭ ئىمتىھاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا جەزم قىلدى.

**«تَيَقَّظَ الشَّابُّ مِنْ غَفْلَتِهِ فَعَادَ إِلَى رُشْدِهِ»:** يىگىت غەپلەتتىن ئەس ـ ھوشىنى تاپتى.

**تَيَقَّظَ لِلْخَطَرِ قَبْلَ وُقُوعِهِ:** خەتەرلىك يۈز بېرىشتىن بۇرۇن دىققەت قىلدى.

**تِلْكَ:** بۇ، ئاۋۇ، ماۋۇ، بۇياق (مۇئەننەس بىرلىك كۆرسىتىش ئالماشلىرى)

**تِيْلٌ:** كاناپ رەخت، چىگە رەخت.

**تِيْلَةٌ ج تِيلَاتٌ:** كاناپ رەخت، چىگە رەخت.

**طَوِيلُ التِّيْلِ:** ئۇزۇن تالالىق.

**تِيْلَةُ الْقُطْنِ:** پاختا تالاسى.

**قُطْنٌ قَصِيرُ التِّيْلَةِ:** قىسقا تالالىق پاختا.

**تِيْلِيٌّ:** كاناپ، چىگە.

**تَيْمَاءُ:** چۆل ـ جەزىرە، كەڭ دالا.

**تَيَمَّمَ يَتَيَمَّمُ تَيَمُّمًا الْأَمْرَ:** ئويلىدى، خىيال قىلدى، خالىدى.

**تَيَمَّمَ لِلصَّلَاةِ:** تەيەممۇم قىلدى.

**«فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ» «قرآن»:** پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار.

**تَيَمَّنَ يَتَيَمَّنُ تَيَمُّنًا بِهِ:** ياخشىلىق ئالامىتى دەپ بىلدى، ياخشىلىقتىن بىشارەت تونۇدى؛ ئوڭدىن باشلىدى.

**تَيَمَّنَ الشَّخْصُ:** يەمەنگە مەنسۇپ بولدى، يەمەنلىك بولدى.

**تَيَمَّنَ بِالشَّيْءِ:** تەبەررۇكەن قىلدى.

**«تَتَيَمَّنُ بِزِيَارَةِ قُبُورِ الْأَوْلِيَاءِ»:** ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش بىلەن بەرىكەت ئالىدۇ.

**تِيْنٌ:** ئەنجۈر.

**تِيْنَةٌ ج تِيْنَاتٌ:** ئەنجۈر دەرىخى، بىر تۈپ ئەنجۈر.

**تِيْهٌ ج أَتْيَاهٌ وَأَتَاوِيْهُ وَأَتَاوِهُ:** چۆل، باياۋان،

جەزىرە، جاڭگال، قاقاس دالا، ئادەم ئاياغ باسمىغان جاي.

**أَرْضٌ تِيْهَاءُ:** سىرلىق ئوردا، تىلسىمات، ئېزىتقۇ جاي، ئادىشىپ قالىدىغان يول.

**تَيْهَانٌ:** يولدىن ئاداشقۇچى، تېڭىرقاپ قالغۇچى، سەرگەردان، ئازغۇن.

**تَيُوسِيَّةٌ:** جاھىللىق، كاجلىق، تەرسالىق، تەتۈرلۈك، تىكە مىجەزلىك.

**تَيُوعٌ ج تَيُوعَاتٌ:** سۈتلۈك ئوت.

**تَيَّاحٌ:** ئاقساقال (يېتىم ئاقساقال)، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم.

**تَيَّارٌ ج تَيَّارَاتٌ:** ئېقىم؛ ئېقىن؛ تەكەببۇر ئادەم.

**تَيَّارٌ بَحْرِيٌّ:** دېڭىز دولقۇنى.

**تَيَّارُ هَوَاءٍ:** ھاۋا ئېقىمى.

**ضِدُّ التَّيَّارِ:** ئېقىمغا قارشى، تەتۈر ئېقىم.

**«يُغَامِرُ بَعْضُ السَّبَّاحِيْنَ فِي السِّبَاحَةِ ضِدَّ التَّيَّارِ»:** بەزى سۇ ئۈزگۈچىلەر دولقۇنغا قاراپ سۇ ئۈزىمەن دەپ قاراملىق قىلىدۇ.

**تَيَّارٌ شَدِيْدٌ:** جىددىي ئېقىن.

**«جَاءَ تَيَّارٌ بَارِدٌ فَأَصْبَحَ الْجَوُّ قَارِسًا حَتَّى أَنَّنَا لَمْ نَسْتَطِعْ اِحْتِمَالَهُ»:** سوغۇق ئېقىم كىردى، شۇنىڭ بىلەن ھاۋا بىز چىدىيالمىغىدەك دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ كەتتى.

**تَيَّارٌ بَطِيْءُ التَّرَدُّدِ:** تۆۋەن چاستوتا.

**تَيَّارٌ مُتَغَيِّرٌ:** تۇراقسىز توك.

**تَيَّارٌ كَهْرَبَائِيٌّ:** توك ئېقىمى.

**«اِنْقِطَاعُ التَّيَّارِ الْكَهْرَبَائِيِّ فِي الصَّيْفِ لَيْسَ بِظَاهِرَةٍ غَرِيبَةٍ»:** يازدا توكنىڭ ئېچىلىشى (ئۈزۈلۈپ قېلىشى) ئەجەبلىنەرلىك ھادىسە ئەمەس.

**اَلتَّيَّارُ الْاِسْتِوَائِيُّ:** ئېكۋاتور ئېقىمى.

**تَيَّارٌ عَالٍ:** يۇقىرى بېسىملىق توك.

**تَيَّارٌ سَرِيْعُ التَّرَدُّدِ:** يۇقىرى چاستوتا.

**سَارَ مَعَ التَّيَّارِ:** ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتتى، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلدى.

**«يَجْرِي فِي أَدَبِنَا مُنْذُ الْقَرْنِ الْمَاضِي تَيَّارَانِ عَرَبِيٌّ اِسْلَامِيٌّ أَصِيلٌ وَغَرْبِيٌّ دَخِيلٌ»:** بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆتكەن ئەسىردىن بۇيان يىلتىزى چوڭقۇر ئەرەب ئىسلام ئەدەبىياتى بىلەن غەرب ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېقىم مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

**تَيَّارَاتٌ مُعَاكِسَةٌ:** تەتۈر ئېقىملار.

**تَيَّانٌ:** ئەنجۈرچى، ئەنجۈر سودىگىرى.

**تَيَّاهٌ:** يولدىن ئاداشقۇچى، تېڭىرقاپ قالغۇچى، سەرگەردان، ئازغۇن.

**تَيِّحَانٌ:** ئاقساقال، يېتىم ئاقساقال، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم.

**تَيَّمَ يُتَيِّمُ تَتْيِيمًا:** ئاشىقى - بىقارار بولدى.

**تَيَّهَ يُتَيِّهُ تَتْيِيهًا:** ئازدۇردى، دىلىنى پەرىشان قىلدى، خىيالىنى بۇلغۇۋەتتى؛ تەڭلىكتە قالدۇردى؛ تۇيۇق يولغا باشلىدى.

**تَيَّهَ الشَّيْءَ:** زايا قىلىۋەتتى، بىكار قىلىۋەتتى.

**تَيَّهَ الرَّجُلَ:** ئازدۇردى.

**تَيَّهَ نَفْسَهُ:** ئېسىنى يوقاتتى.

**تَيُّوعٌ:** سۈتلۈك ئوت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى uyghurkitap.com

# ث

**ث «اَلثَّاءُ»:** ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىنىڭ تۆتىنچى ھەرپى بولۇپ ، ئەبجەد ھېسابىدا «500» نى بىلدۈرىدۇ.

**ثَابَ يَثُوبُ ثَوْبًا وَثَوَابًا إِلَى اللّٰهِ:** توۋا قىلدى ، قايتتى ، ياندى.

**ثَابَ إِلَى الْهُدُوءِ:** تىنچلاندى.

**ثَابَ إِلَيْهِ عَقْلُهُ:** ھوشىنى تاپتى ، ئەقلىگە كەلدى.

**ثَابَ الْحَوْضُ:** كۆل تولدى.

**ثَابَ النَّاسُ:** كىشىلەر يىغىلدى ، توپلاندى.

**ثَابَ الْمَاءُ:** قوشۇلدى ، بىرلىشىپ كەتتى.

**ثَابَ الْمَرِيْضُ:** كېسەل ساقايدى.

**ثَابَ الْمَالُ:** مال كۆپەيدى.

**ثَابَتَ يُثَابِتُ مُثَابَتَةً الشَّيْءَ:** تونۇتتى، ئېنىقلىدى.

**ثَابِتٌ م ثَابِتَةٌ ج ثَوَابِتُ :** دائىمىي، ئىزچىل؛ مۇقىم ، تەۋرەنمەس ، كۆچمەس ، مۇستەھكەم ، تۇراقلىق، ئۆزگەرمەس.

**«كَانَ الْأَقْدَمُونَ يَحْسَبُونَ الْأَرْضَ ثَابِتَةً لَا تَدُورُ» :** قەدىمكىلەر زېمىننى چۆرگىلىمەيدىغان تۇرغۇن گۇمان قىلاتتى.

**«خَطَا إِلَى الْمَعْرَكَةِ بِقَدَمٍ ثَابِتَةٍ» :** ئۇرۇش مەيدانىغا پۇختا قەدەم بىلەن ئاتلاندى.

**ثَابِتُ الْجَأْشِ:** قەھرىمان ، قورقماس ، باتۇر ، يۈرەكلىك.

**ثَابِتُ الْخُطَى:** قەدىمى ئىزچىل.

**ثَابِتُ الْعَزْمِ:** قەتئىي ، كەسكىن ، ئىرادىلىك.

**ثَابِتُ الْقَدَمِ:** تەۋرەنمەس ، مەيدانى مۇستەھكەم.

**لَوْنٌ ثَابِتٌ:** ئۆڭمەس رەڭ.

**ثَابِتُ الْأَمْوَالِ:** كۆچمەس مۈلۈك.

**ثَابِتُ الْقَلْبِ:** ئىرادىسى كۈچلۈك.

**ثَابِتُ الْغَازِ:** تۇراقلىق گاز مىقدارى.

**أَمْلَاكٌ ثَابِتَةٌ:** كۆچمەس مۈلۈك ، مۇقىم مۈلۈك.

**اَلنُّجُومُ الثَّوَابِتُ:** تۇرغۇن يۇلتۇزلار.

**ثَابَرَ يُثَابِرُ مُثَابَرَةً عَلَى الْأَمْرِ:** دائىملىق قىلدى، داۋاملاشتۇردى.

**«لَا يَجْنِى ثِمَارَ عَمَلِهِ إِلَّا مَنْ يَجِدُّ وَيُثَابِرُ» :** پەقەت تىرىشقان ۋە تىرىشىشنى ئۈزۈپ قويمىغان ئادەملا ئۆز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

**ثَارَ يَثُورُ ثَوْرَانًا وَثَوْرَةً الشَّيْءُ:** قوزغالدى ، ھاياجانلاندى ، تەۋرەندى ، چېچىلدى ، يېيىلدى ، كۆتۈرۈلدى.

**ثَارَ الْغُبَارُ شَدِيداً :** چاڭ ـ توزان بەك توزۇپ كەتتى.

**ثَارَ عَلَيْهِ:** قارشى قوزغالدى.

**ثَارَ الْحَرْبُ:** ئۇرۇش پارتلىدى.

**ثَارَ الدُّخَانُ:** ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى.

**ثَارَ الْجُنْدُ:** قوشۇن ئىسيان كۆتۈردى ؛ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ، توپىلاڭ كۆتۈردى ، مالىمانچىلىق چىقاردى.

**ثَارَ الشَّعْبُ:** خەلق قوزغالدى.

**ثَارَ الْبُرْكَانُ:** يانار تاغ پارتلىدى.

**ثَارَتْ نَفْسُهُ:** كۆڭلى ئېلىشتى ، ياندۇردى ، قۇستى ، قەي قىلدى.

**ثَارَ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا زەربە بەردى ، ھۇجۇم قىلدى.

**ثَارَتْ ثَائِرَتُهُ:** ئۇنىڭ غەزىپى تاشتى.

**ثَارَ ثَائِرُهُ:** ئۇنىڭ غەزىپى تاشتى.

**«ثَارَالْمَاءُ مِنْ بَيْنِ الْحِجَارَةِ» :** سۇ تاش

ئارىسىدىن بولىدۇقلاپ چىقتى.

**ثَارَّةٌ:** ۋاتىلداق ئايال ، ۋات - ۋات ئايال.

**ثَارَّةٌ مِنَ النُّوقِ وَالشَّاءِ:** سۈتلۈك ( تۆگە ياكى قوي ) ، سۈتى كۆپ.

**ثَاعَ يَثُوعُ ثَوْعًا الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى.

**ثَاغِمٌ:** ئاق ، ئاپئاق.

**رَأْسٌ ثَاغِمٌ:** ئاق باش.

**ثَافَلَ يُثَافِلُ مُثَافَلَةً:** ئولتۇرۇشتى.

**ثَافَنَ يُثَافِنُ مُثَافَنَةً:** ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلماي بىللە بولدى، ئولتۇرۇشتى.

**ثَافَنَهُ عَلَى الْأَمْرِ:** ياردەم قىلدى.

**ثَاقِبٌ:** ئۆتكۈر ، تېشىپ ئۆتكۈچى ؛ سۈتلۈك ، سۈتى كۆپ.

**رَأْيٌ ثَاقِبٌ:** چوڭقۇر پىكىر.

**ثَاقِبُ الرَّأْيِ:** پىكرى ئۆتكۈر.

**ثَاقِبُ الْفِكْرِ:** زېھنى ئوچۇق.

**حَسَبٌ ثَاقِبٌ:** شۆھرەت ئىگىسى ، شۆھرەتلىك.

**عِلْمٌ ثَاقِبٌ:** شانلىق ، شانلىق ئىلىم.

**ثَاقِبُ النَّظَرِ:** پاراسەتلىك.

**ثَاقِبُ الْبَصَرِ:** يىراقنى كۆرىدىغان.

**ثَاقِبُ الذِّهْنِ:** پىكرى ئوچۇق.

**ثَاقِبٌ مِنَ الْكَوَاكِبِ:** يورۇق يۇلتۇز.

**«وَالسَّمَاءِ وَالطَّارِقِ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الطَّارِقُ النَّجْمُ الثَّاقِبُ»** «قرآن» : ئاسمان بىلەن تارىق ( يەنى كېچىدە ئاشكارا بولغۇچى يۇلتۇز ) بىلەن قەسەم قىلىمەن ، تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن ؟ ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر.

**ثَاقَفَ يُثَاقِفُ مُثَاقَفَةً الشَّخْصَ:** قىلىچ تەڭلىدى.

**ثَاقَلَ يُثَاقِلُ مُثَاقَلَةً:** تەستە ھەزىم بولىدىغان تائام يېدى ، تەستە ھەزىم بولىدىغان تائام بەردى.

**ثَاقِلٌ ج ثَوَاقِلُ:** ئېغىر، قاتتىق.

**مَرَضٌ ثَاقِلٌ:** قاتتىق ئاغرىق.

**ثَاقِلٌ مِنَ الدَّنَانِيرِ:** پۈتۈن ، ساپ.

**ثَاكِلٌ:** بالىسىنى يوقاتقان ئاتا ، بالىسى ئۆلگەن ئاتا ؛ دوستىدىن ئايرىلغان كىشى.

**ثَاكِلَةٌ ج ثَوَاكِلُ:** بالىسىنى يوقاتقان ئانا.

**ثَالَ يَثُولُ ثَوْلاً:** دۆتلەشتى، كالۋالاشتى ، ساراڭلىقى تۇتتى.

**ثَالَ الشَّيْءَ:** تۆكتى.

**ثَالِثٌ:** ئۈچىنچى.

**«إِذْ أَرْسَلْنَا إِلَيْهِمُ اثْنَيْنِ فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ»** «قرآن» : ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق ، ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى ، ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارغا ياردەم قىلدۇق.

**ثَالِثُ الْإِثْنَيْنِ:** ئىككىنىڭ ئۈچىنچىسى ، ئىككىنى ئۈچ قىلغۇچى.

**ثَالِثُ ثَلَاثَةٍ:** ئۈچنىڭ ئۈچىنچىسى ؛ ئۇلارنىڭ بىرى.

**اَلثَّالِثَ عَشَرَةَ:** ئون ئۈچىنچى.

**اَلْعَالَمُ الثَّالِثُ:** ئۈچىنچى دۇنيا.

**ثَالِثًا:** ئۈچىنچىسىدىن.

**ثَالِمٌ:** گال ، ئىتتىك ئەمەس.

**ثَالُوثٌ:** ئۈچ بىرلىك ، ئۈچنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى، ئۈچ بىرلەشكەن خۇدا( ناسارالار ئېتىقادىدا.)

**ثَامِرٌ:** پىسپىۋۇرچاق ؛ مېۋىلىك، ئۈنۈملۈك.

**ثَامِرٌ مِنَ الْحَيَوَانِ:** مېۋىخور ھايۋان.

**ثَامَنَ يُثَامِنُ مُثَامَنَةً فِي السِّلْعَةِ:** باھا تالاشتى.

**ثَامِنٌ:** سەككىزىنچى.

**«وَيَقُولُونَ سَبْعَةٌ وَثَامِنُهُمْ كَلْبُهُمْ»** «قرآن» : يەنە بەزىلەر: « ئۇلار يەتتە بولۇپ ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر » دەيدۇ.

**ثَانَوِيٌّ:** ئىككىنچى ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك.

**اَلتَّعْلِيمُ الثَّانَوِيُّ:** ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى.

**مَدْرَسَةٌ ثَانَوِيَّةٌ:** تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ.

**شَهَادَةٌ ثَانَوِيَّةٌ:** تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

شَهَادَةُ دِرَاسَةِ الثَّانَوِيَّةِ: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى.

ثَانِيًا. ثَانِيَةً: ئىككىنچىدىن ، يەنە ، قايتا ، يەنە بىر قېتىم.

ثَانٍ م ثَانِيَةٌ: ئىككىنچى.

ثَانِيَةٌ ج ثَوَانٍ: سېكۇنت.

ثَانِي عَشَرَ: ئون ئىككىنچى.

ثَائِبٌ: يامغۇرلۇق بوران.

ثَائِرٌ: قىساسچى ، ئىنتىقام ئالغۇچى ، ئىنقىلابچى ، قوزغىلاڭچى.

«خَرَجَ مِنَ الْإِجْتِمَاعِ ثَائِرًا كَالْبُرْكَانِ» : ئۇ يىغىندىن يانار تاغدەك ئېتىلىپ چىقتى.

ثَائِرَةٌ ج ثَوَائِرُ: غەلىيان ، پاراكەندىچىلىك.

ثُؤَاجُ الْغَنَمِ: قوينىڭ مەرىشى.

ثَأَدَةٌ: سېمىز ، سېمىزلىك.

ثُؤَاطٌ: زۇكام.

ثَئِبَ يَثْأَبُ ثَأَبًا الرَّجُلُ: ئەسنىدى.

ثَأْبٌ. ثُؤَبَاءُ: ئەسنەك ؛ تىنجىق ؛ بورۇقتۇرمىلىق ، دىمىق.

ثَأْثَأَ يُثَأْثِئُ ثَأْثَأَةً الشَّخْصُ: پېسە بولدى؛

«ص ، س» ھەرپلىرىنى «ث» تەلەپپۇز قىلدى.

«ض ، ز» ھەرپلىرىنى «ذ» ھەرپى بىلەن تەلەپپۇز قىلدى.

ثَأْثَأَ النَّارَ: ئوتنى ئۆچۈردى.

ثَأْثَأَ الْغَضَبَ: ئاچچىقىنى باستى.

ثَأْثَأَهُ عَنِ الْأَمْرِ: ئارىلاشتى ( ئىشقا ) ، توستى ، توختىتىپ قويدى.

ثَأْثَأَ الشَّيْءَ: يۆتكىدى ، نېرى قىلدى ؛ يوقاتتى.

ثَأْثَأَ الْجِمَالَ: تۆگىلەرنى سۇغاردى.

ثَأْثَأَ الْغَضَبُ: غەزىپى تىنچلاندى ، بېسىقتى.

ثَأَجَ يَثْأَجُ ثَأْجًا الْغَنَمُ: قوي مەرىدى.

ثَئِدَ يَثْأَدُ ثَأَدًا النَّبْتُ: شەبنەم چۈشتى ؛ ھۆل بولدى.

ثَئِدَ الرَّجُلُ: كىشى توڭدى ، مۇزلىدى.

ثَئِدَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال دوتلەشتى ، كالۋالاشتى.

ثَئِدَتِ الْفَخْذُ: يوتىسى سەمرىپ تولۇپ كەتتى.

ثَأْدٌ. ثَأَدٌ: پېپىشقاق تۇپا ، سىغىز تۇپا ؛ شەبنەم ؛ سەت ئىش.

مَكَانٌ ثَأْدٌ: زەي يەر ، نەم يەر.

رَجُلٌ ثَئِدٌ: توڭغاق ئادەم.

ثَأْدَاءُ: چۆرە ، دېدەك ؛ ئاجىز ؛ ئەخمەق ؛ گالۋاڭ ، دۆت.

ثَأْدَةٌ: سېمىز ئايال.

ثَأَرَ يَثْأَرُ ثَأْرًا الْقَتِيلَ أَوْ بِهِ: قىساس ئالدى ، ئىنتىقام ئالدى.

«ثَأَرَ لِنَفْسِهِ مِنَ الْعَدُوِّ» : ئۆزى ئۈچۈن دۈشمەندىن ئۆچ ئالدى.

ثَأَرَ الْقَاتِلَ: قاتىلدىن ئۆچ ئالدى ، قىساس ئالدى.

ثَأْرٌ ج ثَأَرَاتٌ: قىساس ، ئىنتىقام ؛ خۇن تەلەپ قىلماق.

أَخَذَ بِثَأْرِهِ: ئۆچىنى ئالدى ، ئىنتىقامىنى ئالدى.

هُوَ ثَأْرُ فُلَانٍ: ئۇ پالانىنىڭ رەقىبى.

أَخَذَ مِنْهُ الثَّأْرَ: ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالدى.

«طَالِبُ الثَّأْرِ لَايَبْقَى عَلَى شَيْءٍ حَتَّى يُدْرِكَ ثَأْرَهُ» : ئۆچ ئالغۇچى ئۆچىنى ئالمىغىچە توختىمايدۇ.

ثُؤْرَةٌ: قىساس ، ئىنتىقام ، ئۆچ ئېلىش.

ثَأْرِيٌّ: قىساسچى ، قىساسچىلىق.

ثَئِطَ يَثْأَطُ ثَأَطًا اللَّحْمُ: گۆش سېسىپ قالدى ، پۇراپ قالدى ، بۇزۇلۇپ قالدى.

ثُئِطَ الرَّجُلُ: زۇكام بولۇپ قالدى.

ثَأْطَاءُ: ئەخمەق ئايال.

ثَأْطَةٌ: سېسىق پاتقاق ، قارا لاي.

ثَأْطَةٌ مُدَّتْ بِمَاءٍ: ئوت ئۆستەڭگە ياغ چاچماق ، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك.

ثَأَلَ يَثْأَلُ ثَأْلَلَهُ الْمَرَضُ: كېسەل تېپىرنىشكە

مۇدۇر چىقتى.

**ثُؤْلِلَ جَسَدُهُ:** بەدىنىگە سۆگەل چىقىپ قالدى.

**ثُؤْلُولٌ ج ثَآلِيلُ:** سۆگەل ؛ مۇدۇر ؛ ئەمچەك توپچىسى.

**ثُؤْلُولَةٌ:** مۇدۇر ؛ قاپارتقۇ ؛ ئەمچەك توپچىسى.

**ثَأَي يَثْأَى ثَأْيًا الشَّيْءَ:** بۇزۇپ قويدى.

**ثَأَيَ بَيْنَ الْقَوْمِ:** ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

**ثَأَىَ الْجِلْدَ:** تېرىنى تەشتى ، تۆشۈك ئاچتى ؛ تىلدى ، كەستى ، ياردى.

**ثَثَاهُ:** ئاجىزلاشتۇردى.

**ثَأْيٌ:** تاتۇق ، پۇچۇق ( قاچا - قۇچىنىڭ ) ؛ ئاجىز.

**ثَئِيدٌ:** توڭغاق ئادەم.

**ثَبَاتٌ:** مۇستەھكەملىك ، قەتئىيلىك ، تەۋرەنمەسلىك ، تۇراقلىق، مۇقىم، پۇختا، ئەبەدىي، چىڭ تۇرماق ، داۋاملاشتۇرماق ؛ چىداملىق.

**«يَعْمَلُ الْحُكُومَةُ عَلَى ثَبَاتِ الْأَسْعَارِ» :** ھۆكۈمەت باھانى مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا.

**ثُبَاتٌ:** باتۇر چەۋەنداز.

**دَاءٌ ثُبَاتٌ:** كىشىنى مىدىر - سىدىر قىلدۇرمايدىغان كېسەل.

**ثِبَاتٌ ج اَثْبِتَةٌ:** باغ ، تۆشلۈك.

**ثِبَانٌ ج ثُبُنٌ و ثُبُنَةٌ:** يانچۇق ، خالتا ، قاپ.

**ثَبَّ يَثُبُّ ثَبًّا وثِبَابًا:** مۇستەھكەم ئولتۇردى.

**ثَبَّ الْأَمْرُ:** تۈگىدى ، تامام بولدى ، پۈتتى.

**ثَبَّى يُثَبِّى تَثْبِيَةً الشَّيْءَ:** توپلىدى ، يىغدى ، دۆۋىلىدى.

**ثَبَّى الْجَيْشَ:** قوشۇن تەشكىللىدى.

**ثَبَّى الْمَالَ:** مالنى ساقلىدى ، كۆپەيتتى.

**ثَبَّاهُ:** مەدھىيىلىدى ، ئۇلۇغلىدى.

**ثَبَّا اللّٰهُ لَهُ النِّعَمَ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى ، ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلدى.

**ثَبَّى عَلَى الْأَمْرِ:** ئىزچىل بولدى.

**ثَبَّى فُلَانٌ:** دادىسىنىڭ ئىزىدا ماڭدى.

**ثَبَّتَ يُثَبِّتُ تَثْبِيتًا الْمُوَظَّفَ:** خىزمەتچىنى مۇقىملاشتۇردى ، تۇراقلاشتۇردى.

**ثَبَّتَ فِي وَجْهِهِ:** چىڭ تۇردى؛ كۈچەيتتى ؛ ئىسپاتلىدى ، ئېنىقلىدى ، دەلىللىدى.

**ثَبَّتَ الْأَسْعَارَ:** باھانى تۇراقلاشتۇردى.

**ثَبَّتَ قِيْمَةَ الْعُمْلَةِ:** پۇلنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇردى.

**ثَبَّتَ الشَّيْءَ :** تەۋرەنمەس قىلدى.

**ثَبَّتَ الْمِنْضَدَةَ:** ئۈستەلنى مىدىرلىماس قىلدى.

**ثَبَّتَ الشَّخْصَ:** ئىرادىلىك قىلدى.

**ثَبَّتَ الذَّنْبَ عَلَى فُلَانٍ:** جىنايەتنى ئارتتى ، جىنايەتنى ئىسپاتلىدى.

**ثَبَّتَ الذَّاتِيَّةَ أَوِ الشَّخْصِيَّةَ:** سالاھىيىتىنى ئېنىقلىدى.

**ثَبَّتَ السُّرْعَةَ:** تېزلىكنى تۇراقلاشتۇردى ، سۈرئەتنى تىزگىنلىدى.

**«يُثَبِّتُ اللّٰهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ» :** ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىماندا مەھكەم تۇرغۇزىدۇ.

**ثَبَّتَ قَلْبَهُ:** قەلبىنى تىنچلاندۇردى ، خاتىرجەم قىلدى.

**ثَبَّجَ يُثَبِّجُ تَثْبِيجًا الْخَطَّ:** خەتنى قالايمىقان يازدى، قول ئۇچىدا يازدى.

**ثَبَّجَ الْكَلَامَ:** قالايمىقان سۆزلىدى ، ئېگىز - پەس سۆزلىدى.

**ثَبَّطَ يُثَبِّطُ تَثْبِيطًا - هُ عَنِ الْأَمْرِ:** ئىشتىن توستى ، توسقۇنلۇق قىلدى ، چەكلىدى.

**ثَبَّطَ عَزْمَهُ أَوْ هِمَّتَهُ:** ئىرادىسىنى بوشىتىۋەتتى.

**«وَلَكِنْ كَرِهَ اللّٰهُ انْبِعَاثَهُمْ فَثَبَّطَهُمْ» ‹قرآن› :** لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، ( ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى.

**ثَبَّطَ عَنْ سَعْيِهِ:** تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلدى، دەخىل قىلدى.

**«يَمُرُّالْعَالَمُ الْعَرَبِيُّ بِظُرُوفٍ تُثَبِّطُ الْهِمَمَ» :** ئەرەب دۇنياسى ئىرادىنى بوشاشتۇرىدىغان ۋەزىيەتنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە.

**ثَبَتَ يَثْبُتُ ثَبَاتًا وَ ثُبُوتًا الشَّخْصُ:** مەزمۇت

www.uyghurkitap.com


بولدى ؛ بەرقارار بولدى ، مۇستەھكەم تۇردى.

**ثَبَتَ عَلَى الْعَمَلِ:** ئىشنى داۋاملاشتۇردى ؛ ئىشتا چىڭ تۇردى.

**ثَبَتَ بِالْمَكَانِ:** مۇقىم تۇردى.

**ثَبَتَ لَهُ:** دادىل تاقابىل تۇردى.

**ثَبَتَ فِي وَجْهِهِ:** دادىل تاقابىل تۇردى.

**ثَبَتَ الْخَبَرُ وَنَحْوُهُ:** خەۋىرى ئېنىق بولدى.

**ثَبَتَ عَلَى الشَّيْءِ:** داۋاملاشتۇردى.

**«إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا» ‹قرآن›** : ئى مۇمىنلەر! بىر جامائەگە ( يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا ) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار.

**«ثَبَتَتِ التُّهْمَةُ عَلَيْهِ»** : جىنايەت ئىسپاتلاندى.

**ثَبُتَ يَثْبُتُ ثُبُوتَةً وَثَبَاتَةً الْمَرْأُ:** ئىرادىلىك بولدى ، دادىل بولدى ، قەتئىي بولدى.

**ثَبَتَتْ عَلَيْهِ الْجَرِيمَةُ:** جىنايىتى بېكىتىلدى ، جىنايىتى ئىسپاتلاندى ، جىنايىتى مۇقىملاشتى.

**ثَبْتٌ:** ئىشەنچلىك ، قەتئىي ، چىڭ.

**ثَبْتُ الْجَنَانِ لَايَزِلُّ بِهِ اللِّسَانُ:** پاراسەتلىك ئادەم، سۆزىدىن كەتكۈزۈپ قويمايدۇ.

**قَائِدٌ ثَبْتٌ:** باتۇر قوماندان.

**زَعِيمٌ ثَبْتٌ:** دانا داھىي.

**ثَبَتٌ ج أَثْبَاتٌ:** پاكىت ، دەلىل ، ئىسپات ، ئىشەنچلىك؛ مۇندەرىجە.

**رَجُلٌ ثَبَتٌ:** ئىشەنچلىك ئادەم.

**ثَبَتُ الْمُحَدِّثِ:** مۇھەددىسنىڭ ئۆزى رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئىسىملىرى جەملەنگەن توپلام.

**ثَبَتُ الْكَلِمَاتِ وَ مَعَانِيهَا:** سۆزلۈكلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى.

**ثَبَتُ الْأَعْلَامِ:** ئاتاقلىق شەخسلەر مۇندەرىجىسى.

**ثُبَةٌ ج ثُبَاتٌ وَ ثُبُونٌ:** يىلقا ، ئاتلار توپى ؛ ئادەملەر توپى ؛ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى.

**ثَبَجَ يَثْبُجُ ثَبْجًا الْخَطَّ:** خەتنى قالايمىقان يازدى.

**ثَبَّجَ الْكَلَامَ:** مۇجمەل گەپ قىلدى.

**ثَبِجَ يَثْبَجُ ثَبَجًا وَثُبُوجًا:** يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ، تىزلىنىپ ئولتۇردى.

**ثَبَجٌ ج أَثْبَاجٌ:** ئوتتۇرىسى ، ئوتتۇرا قىسمى ، مەركىزى ؛ ئارىسى ، ئىچى، قالايمىقان خەت، تۇتۇق خەت، يۇقىرى قىسمى، قالايمىقان سۆز.

**ثَبَجُ الْبَحْرِ:** دېڭىز ئوتتۇرىسى ؛ دېڭىز يۈزى.

**ثَبَرَ يَثْبُرُ ثَبْرًا:** ھەيدىۋەتتى ، قوغلىۋەتتى.

**ثَبَرَهُ عَنِ الشَّيْءِ:** توستى ، مەنئى قىلدى.

**ثَبَرَ يَثْبُرُ ثُبُورًا الشَّيْءَ:** ۋەيران قىلىۋەتتى ، ھالاك قىلىۋەتتى ؛ بۇزۇۋەتتى.

**ثَبِرَ الْمَرْأُ:** ھالاك بولدى ، يوقالدى ، ۋەيران بولدى ، خاراب بولدى.

**ثَبَطَ يَثْبُطُ ثَبْطًا الشَّخْصَ عَنِ الْعَمَلِ:** توسقۇنلۇق قىلدى.

**ثَبَّطَهُ عَلَى الْأَمْرِ:** بىلدۇردى ، چۈشەندۈردى، خەۋەر قىلدى.

**ثَبَّطَ الْعَزْمَ:** ئىرادىسىنى بوشىتىۋەتتى ، بەل قويغۇزۇۋەتتى ؛ سوغۇق سۇ سەپتى ، روھىنى چۈشۈردى.

**«لَاتَسْتَطِيعُ أَيَّةُ صُعُوبَاتٍ أَنْ تُثَبِّطَ هِمَّتَنَا مَهْمَاكَانَتْ»** : ھەرقانداق قىيىنچىلىق بىزنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.

**ثَبِطَ يَثْبَطُ ثَبَطًا:** ئاجىزلىدى ؛ دىتسىز بولدى، بولۇمسىز بولدى.

**ثُبْنَةٌ ج ثُبَنٌ:** سېۋەت.

**ثُبُوتٌ:** قەتئىيلىك ، ئىشەنچلىك ، تەۋرەنمەسلىك.

**عَدَمُ الثُّبُوتِ:** تەۋرىنىش ، تۇراقسىزلىق ، ئارسالدىلىق.

**ثُبُوتُ الشَّهْرِ:** يېڭى ئاينىڭ چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

**ثُبُوتِيٌّ:** ئىشەنچلىك ، مۇستەھكەم.

**وَثَائِقُ ثُبُوتِيَّةٌ:** ئىشەنچلىك ھۆججەتلەر.

**ثُبُورٌ:** ھالاكەت ، ئۆلۈم.

**«لَاتَدْعُوا الْيَوْمَ ثُبُورًا وَاحِدًا وَادْعُوا ثُبُورًا كَثِيرًا» ‹قرآن›** : بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس ،

تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەشلار.

**نَادَى بِالْوَيْلِ وَالثُّبُورِ:** داد ـ پەرياد كۆتۈردى.

**دَعَى بِالْوَيْلِ وَالثُّبُورِ:** داد ـ پەرياد كۆتۈردى.

**ثَجَّ يَثُجُّ ثُجُوجًا الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى ، سەل كەلدى ، سۇ قۇيۇلدى.

**ثَجَ يَثُجُّ ثَجًّا الْمَاءَ:** سۇنى ئاققۇزدى.

**ثَجَّاجٌ:** قاتتىق يامغۇر ، قارا يامغۇر ، مول يامغۇر.

**«وَأَنْزَلْنَا مِنَ الْمُعْصِرَاتِ مَاءً ثَجَّاجًا» (قرآن) :** بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق.

**ثَجَّلَ يُثَجِّلُ تَثْجِيْلًا الشَّيْءَ:** يوغىناتتى.

**ثَجِلَ يَثْجَلُ ثَجَلًا :** قورسىقى يوغىناپ ساڭگىلاپ كەتتى.

**ثَجَمَ يَثْجُمُ ثَجْمًا ـ هُ:** سۆزئىتىنى ئاستىلاتتى.

**ثَجَمَتِ السَّمَاءُ:** يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

**ثَجِمَ يَثْجَمُ ثَجَمًا:** تېز بېرىپ كەلدى.

**ثَخَانَةٌ:** زىچلىق ، قويۇقلۇق.

**ثَخُنَ يَثْخُنُ ثُخُونَةً وَثَخْنًا وَثَخَانَةً الشَّيْءُ:** قاتتىق بولدى، يىرىك بولدى ؛ يىرىكلەشتى، قويۇقلاشتى.

**ثَخُنَ السَّائِلُ:** سۇيۇقلۇق قويۇقلاشتى.

**ثَخَنٌ:** هارغىنلىق ، كېسەلمەنلىك ، ئۇيقۇسىزلىق.

**ثَخِيْنٌ ج ثُخَنَاءُ:** توم ؛ قويۇق؛ قېلىن ؛ يىرىك، قوپال.

**اَلثَّخِيْنُ مِنَ الْأَثْوَابِ:** ئوبدان توقۇلغان قېلىن كىيىم.

**ثَخِيْنَةٌ ج ثَخِيْنَاتٌ:** توم ؛ قويۇق؛ قېلىن ، قوپال.

**ثَدَا يَثْدُوْ ثَدْوًا الشَّيْءَ:** هۆللىدى ، هۆل قىلدى.

**اَلثِّدَامُ:** سۈزگۈچ.

**ثَدَّمَ يُثَدِّمُ تَثْدِيْمًا الْإِبْرِيقَ:** سۈزگۈچ بېكىتتى.

**ثَدَّى يُثَدِّى تَثْدِيَةً:** ئۇزۇقلاندۇردى ، تائام بەردى.

**ثَدَقَ يَثْدُقُ ثَدْقًا الْمَطَرُ:** يامغۇر شارىلداپ ياغدى.

**ثَدَقَ السَّحَابُ:** يامغۇر قۇيۇلدى.

**ثَدَقَ الْخَيْلَ:** ئاتنى قويۇۋەتتى ، چاپتۇردى.

**ثَدَقَ بَطْنَ الشَّاةِ:** قوينىڭ قورسىقىنى ياردى.

**ثَدْمٌ:** كالامپاي ، سېمىز ؛ ئەخمەق ، دۆت ، گېپىنىڭ تۇتامى يوق.

**ثَدِنَ يَثْدَنُ ثَدَنًا اللَّحْمُ:** سېسىپ قالدى ، پۇراپ قالدى ؛ سەمرىپ كالامپايلىشىپ كەتتى.

**ثَدْيٌ ج أَثْدَاءٌ وَأَثْدٍ وَثُدِيٌّ:** ئەمچەك ، بېجىق.

**ثَدْيُ الْحَيَوَانِ:** هايۋاننىڭ يېلىنى.

**ذَوَاتُ الثَّدْيِ:** سۈت ئەمگۈزگۈچى هايۋانلار.

**ثَدْيٌ صِنَاعِيٌّ :** سوسكا.

**ثَدْيَاءُ:** كۆكسى يوغان ئايال.

**ثُدِيٌّ :** ئەمچەككە ئائىت.

**عِلْمُ الثَّدْيِيَّاتِ:** زوئولوگىيىنىڭ سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى.

**ثَرَاءٌ:** بايلىق ، پۇل ـ مال ، خەزىنە.

**«وَجَدَالْمُرْتَشُونَ فِي ظِلِّ الْحُكْمِ الْحِمَايَةَ وَالثَّرَاءَ الْفَاحِشَ» :** پارىخورلار هاكىمىيەتنىڭ سايىسى ئاستىدا قانات ئاستىغا ئېلىنىدى ۋە هارام بايلىق توپلىدى.

**ثَرَبَ يَثْرِبُ ثَرْبًا الْمَرِيضَ:** كېسەلنىڭ كىيىمىنى سالدۇردى.

**ثَرَبَهُ:** مالامەت قىلدى ، تەنقىد قىلدى.

**ثَرْثَارٌ:** جاۋۇلداق ، ۋات ـ ۋات ، كوت ـ كوت، ۋالاقتەككۇر.

**«أَبْغَضُكُمْ إِلَيَّ الثَّرْثَارُونَ الْمُتَفَيْهِقُونَ» (حديث) :** ئاراڭلاردىكى تولا گەپ قىلىدىغان كوت ـ كوتلارنى مەن ئەڭ ياقتۇرمايمەن.

**«هَذَا الرَّجُلُ حَقًّا رَجُلٌ ثَرْثَارٌ فَهُوَ دَائِمًا يَتَكَلَّمُ كَلَامًا تَافِهًا سَخِيفاً» :** بۇ ئادەم ۋالاقتەككۇر ئادەم بولۇپ ھەمىشە مەنىسىز سۆزلەرنى قىلىدۇ.

**ثَرْثَرَ يُثَرْثِرُ ثَرْثَرَةً فِي الشَّيْءِ:** ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇماچ قىلىۋەتتى.

**ثَرْثَرَ الشَّيْءَ:** چېچىۋەتتى ، تارقىتىۋەتتى.

**ثَرْثَرَ فِي الْكَلَامِ:** ۋالاقلىدى ، جاۋۇلدىدى ،

www.uyghurkitap.com

كاپشىدى.

**ثَرْثَرَ الطَّعَامَ:** يېمەكلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى.

**ثَرْثَرَ فِي الطَّعَامِ:** كۆپ تاماق يېدى.

**ثَرَدَ يَثْرُدُ ثَرْدًا الْخُبْزَ:** شورپىغا نان چىلىدى، ناننى ئۇشاتتى.

**ثَرِدَ يَثْرَدُ ثَرَدًا الشَّفَةُ:** توشقان كالپۇك بولۇپ قالدى، كالپۇك يېرىلىپ كەتتى.

**ثَرَّ يَثِرُّ ثَرًّا السَّائِلُ:** مول بولدى ؛ قاتتىق يامغۇر ياغدى.

**ثَرَّ الرَّجُلُ:** كاپشىدى ، ۋالاقشىدى.

**ثَرَّ لِشَيْءٍ:** كېڭەيدى.

**ثَرَّ الشَّيْءَ:** كېڭەيتتى ، يايدى ، تارقاتتى.

**ثَرَّتِ الْبِئْرُ:** قۇدۇق سۈيى كۆپەيدى ، سۈيى ئەلۋەك بولدى.

**ثَرَّتِ الْعَيْنُ:** يېشى مول بولدى ، يېشى كۆپەيدى.

**ثَرَّتِ السَّحَابَةُ:** كەڭ دائىرىلىك يامغۇر ياغدى ، بۇلۇت يامغۇرنى قويۇۋەتتى.

**ثَرٌّ ج ثِرَارٌ :** ۋالاقتەككۈر ، كۆپ سۆزلەيدىغان.

**فَرَسٌ ثَرٌّ:** يۈگۈرۈك ئات ، چاپقۇر ئات.

**اَلثَّرُّ:** بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغان ؛ چېچىۋېتىش ، مالىماتاڭ قىلىۋېتىش ؛ كەڭ.

**اَلثَّرُّ مِنَ السَّحَابِ:** سۈيى كۆپ بۇلۇت.

**اَلثَّرُّ مِنَ الْمَطَرِ:** تامچىلىدى؛ چوڭ يامغۇر.

**اَلثَّرُّ مِنَ الْخَيْلِ:** ئۇچقۇر ئات ، يورغا ئات.

**مَطَرٌ ثَرٌّ:** قاتتىق يامغۇر ؛ قارا يامغۇر.

**شَاةٌ ثَرَّةٌ:** سۈتلۈك ساغلىق.

**«اَلْأُمُّ يَنْبُوعٌ ثَرٌّ مِنَ الْحَنَانِ وَالْعَطَاءِ» :** ئانا كۆيۈمچانلىق ۋە سېخىيلىقنىڭ بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلىقىدۇر.

**ثَرَّبَ يُثَرِّبُ تَثْرِيبًا الْمَرْأَ أَوْ عَلَيْهِ:** ئەيىبلىدى ، مالامەت قىلدى ؛ كايىدى.

**«قَالَ لَاتَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ يَغْفِرُ اللّٰهُ لَكُمْ وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ» «قۇرئان» :** يۈسۈف ئېيتتى : «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر ، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن ، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر».

**ثَرَّبَ عَلَيْهِ فِعْلَهُ:** يامان ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈردى

**ثَرَّرَ يُثَرِّرُ تَثْرِيرًا الْمَكَانَ:** جايىنى ھۆل قىلىۋەتتى، نەم قىلىۋەتتى.

**ثَرِعَ يَثْرَعُ ثَرَعًا الرَّجُلُ:** تۇساتتىن كەلدى چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ كەلدى.

**ثُرْغُلٌ:** چىشى تۈلكە.

**ثَرَمَ يَثْرِمُ ثَرْمًاالشَّخْصَ:** ئۇرۇپ چىشىنى چۈشۈرۈۋەتتى ، چىشىنى تۆكۈۋەتتى.

**ثَرِمَ يَثْرَمُ ثَرَمًا:** چىشى چۈشۈپ كەتتى.

**ثَرْوَاءُ:** باي ئايال ، پۇلدار ئايال.

**ثَرْوَةٌ ج ثَرَوَاتٌ:** بايلىق ، پۇل ـ مال ، خەزىنە.

**ثَرْوَةٌ طَبِيعِيَّةٌ:** تەبىئىي بايلىق.

**ثَرْوَةٌ قَوْمِيَّةٌ:** دۆلەت بايلىقى ، مىللىي بايلىق.

**ثَرْوَةٌ مَائِيَّةٌ:** سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى.

**ثَرْوَةٌ مَادِّيَّةٌ:** ماددىي بايلىق.

**أَهْلُ الثَّرْوَةِ وَ أَصْحَابُهَا:** بايلار.

**ثَرْوَةٌ رُوحِيَّةٌ:** مەنىۋى بايلىق.

**ثَرْوَةٌ أَدَبِيَّةٌ:** ئەدەبىي بايلىق.

**ثَرْوَةٌ لُغَوِيَّةٌ:** تىل بايلىقى.

**«اَلْعَالَمُ الْعَرَبِيُّ غَنِيٌّ بِثَرْوَتِهِ الْمَادِيَّةِ وَالْبَشَرِيَّةِ» :** ئەرەب دۇنياسى ماددىي بايلىق ۋە ئادەم بايلىقى بىلەن باي ھېسابلىنىدۇ.

**ثَرُورٌ:** ۋاتىلداق ئايال ؛ پىتنىخور ئايال.

**ثَرِيَ يَثْرَى ثَرَاءً الشَّخْصُ:** بېيىدى ، مالدار بولدى ، پۇل ـ مېلى كۆپەيدى.

**ثَرِيَتِ الْأَرْضُ:** زېمىن ھۆللىنىشىپ يۇمشاپ كەتتى.

**ثَرِيَ بِالشَّيْءِ:** خۇشاللاندى.

**ثَرًى:** زەي يەر ، نەم يەر ، خەزىنە ، زېمىن

**«لَهُ مَافِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَاتَحْتَ الثَّرَى» «قۇرئان» :** ئاسمانلاردىكى ، زېمىنلاردىكى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ

دۇر.

«كَالْفَرْقِ بَيْنَ الثَّرَى وَالثُّرَيَّا» : ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ، ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

طَيَّبَ اللّٰهُ ثَرَاهُ: ئاللاھ ئۇنى قەبرىسىدە خاتىرجەم ياتقۇزغاي ( ئۆلگەن ئادەمگە قارىتا دۇئا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا كەڭ رەھمەت قىلسۇن دېگەن مەنىدە. )

أَيْنَ الثَّرَى مِنَ الثُّرَيَّا: ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىق.

ثَرِيدٌ. ثَرِيدَةٌ ج ثَرَائِدُ: شورپىغا چىلانغان نان ؛ شورپا ۋە گۆشنىڭ بىرلىكتە ئومۇمىي ئاتىلىشى.

ثَرِيٌّ: باي ، مالدار ، زەردار ، دۆلەتمەن.

ثُرَيَّا: يۇلتۇزلار تۈركۈمى ( ھۈكەر يۇلتۇز. )

ثُرَيَّا ج ثُرَيَّاتٌ: كۆپ لامپىلىق ئاسما چىراغ.

ثُعَالَةٌ: چىشى تۈلكە.

ثَعَبَ يَثْعَبُ ثَعْبًا الْمَاءَ: سۇنى ئاققۇزدى ؛ سۇنى تەپچىرەتتى ؛ سۇنى باشلىدى.

ثُعْبَانٌ ج ثَعَابِينُ: چوڭ ئۇزۇن يىلان ؛ ئەجدىھا.

«فَأَلْقَى عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُبِينٌ» (قرآن) : مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى ، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.

ثُعْبَانُ السَّمَكِ: يىلان بېلىق.

ثُعْبَانُ الْمَاءِ: يىلان بېلىق ؛ سۇ يىلىنى.

ثَعْلَبٌ ج ثَعَالِبُ: تۈلكە.

دَاءُ الثَّعْلَبِ: چاچ چۈشۈش كېسىلى.

ثُعْلُبَانٌ: ئەركەك تۈلكە.

ثَعْلَبَةٌ: چىشى تۈلكە.

بَنُو ثَعْلَبَةَ: ئەرەبلەرنىڭ بىر قەبىلىسى.

«بِكُلِّ وَادٍ أَثَرٌ مِنَ الثَّعْلَبَةِ» : نەگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ؛ دۇنيادىكى قاغىنىڭ ھەممىسى قارا.

ثَعْلَبِيٌّ: تۈلكىدەك.

ثَغَا يَثْغُو ثُغَاءً الْخَرُوفُ: پاخلان مەرىدى.

ثُغَاءٌ: قوينىڭ مەرىشى.

«مَا بِالدَّارِ ثَاغٍ وَلَا رَاغٍ» : ئۆيدە ھېچ ئادەم يوق.

مَا لَهُ ثَاغِيَةٌ وَلَا رَاغِيَةٌ: ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى يوق.

ثَغَبَ يَثْغِبُ ثَغْبًا الشَّاةَ: قوينى بوغۇزلىدى.

ثَغَبَهُ بِالرُّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

ثَغِبَ يَثْغَبُ ثَغَبًا الثَّلْجُ: قار ئېرىدى.

ثَغِبَ الدَّمُ: قان ئاقتى.

ثَغْثَاغٌ: بۇزۇپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن سۆزىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئادەم.

ثَغَرَ يَثْغَرُ ثَغْرًا الْإِنَاءَ: قاچىغا تۆشۈك ئاچتى، ئېغىز ئاچتى ؛ سۇندۇردى.

ثَغَرَ سِنَّهُ: چىشىنى تارتقۇزدى.

ثَغَرَ الْجِدَارَ: تۆشۈك ئاچتى.

ثَغَرَ الثُّلْمَةَ: يوچۇقنى ئەتتى ، يوچۇقنى تولدۇردى.

ثُغِرَ: ئاغزىغا ئۇرۇلۇپ ماكچايتىۋېتىلدى ؛ ئۇدۇل چىشى چۈشۈپ كەتتى.

ثُغِرَ الْوَلَدُ: ئۇدۇل چىشى چۈشۈپ كەتتى ، كاماك بولۇپ قالدى.

ثَغْرٌ ج ثُغُورٌ: ئېغىز ؛ ئۇدۇل چىش ؛ پورت ؛ بوغاز ( دېڭىزنىڭ ) ؛ چېگرىسىدىكى جاي . دېڭىز بويىدىكى شەھەر ؛ چېگرا رايون ؛ تارساي ؛ قىستاڭ ؛ قاپتال.

ثَغْرُ السَّرْجِ: قوشقۇن.

ثُغْرَةٌ ج ثُغَرٌ وَثُغْرَاتٌ: تۆشۈك ، دەز ، يوچۇق ، يېرىق ، ئاراش.

فَتَحَ ثُغْرَةً: يوچۇق ئاچتى.

«سَدَّ ثُغْرَةً فِي الْخُطُوطِ الدِّفَاعِيَّةِ» : مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى بىر يوچۇقنى ئەتتى.

«نَفْتَقِرُ إِلَى الْهَيْئَاتِ الْقَادِرَةِ عَلَى سَدِّ ثُغْرَاتٍ فِي حَيَاتِنَا الْعِلْمِيَّةِ» : بىز ئىلمىي ھاياتىمىزدىكى يوچۇقلارنى ئېتەلەيدىغان ئورگانلارغا موھتاجمىز.

ثَغِمَ يَثْغَمُ ثَغَمًا اللَّوْنُ: ئاقاردى.

ثَغِمَ الْكَلْبُ: ئىت غالجىرلاشتى.

اَلثَّغِمُ: غالجىر ئىت.

كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com


**اَلثَّغْيَةُ:** ئاچلىق ؛ چۆلدەرەپ قالغان جاي.

**ثَفَا يَثْفُو ثَفْوًا ه:** ئۇنىڭغا ئەگەشتى ؛ قوغلاپ ھەيدىۋەتتى.

**اَلثَّفَافِيدُ:** گىرەلىشىپ كەتكەن ئاق بۇلۇتلار ؛ كىيىم ئەستىرى.

**ثِفَالٌ ج ثُفُلٌ:** خامپا ( تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ئۇن چۈشىدىغان جاي. )

**ثَفَّدَ يُثَفِّدُ تَثْفِيدًا الثَّوْبَ:** كىيىمنى ئەستەرلىدى.

**ثَفَّرَ يُثَفِّرُ تَثْفِيرًا الدَّابَّةَ:** ئۇلاقنى ھەيدىدى.

**ثَفَلَ يَثْفُلُ ثَفْلاً الشَّيْءَ:** چاچتى ، توزۇتتى.

**ثُفْلٌ ج أَثْفَالٌ:** دۇغ ، تىرىپ.

**ثَفِنَ يَثْفَنُ ثَفَنًا يَدُهُ:** قولى قاپىرىپ يېرىكلىشىپ كەتتى.

**ثَفَنَ يَثْفِنُ ثَفْنًا:** ئىتتىردى ؛ ئەگەشتى، تەپتى.

**ثَفِنَتِ النَّاقَةُ:** تۆگە تەپتى.

**ثَفِينَةٌ ج ثَفِينَاتٌ:** كۆپچىلىك ؛ تىز (پۇتنىڭ).

**ثِقَابٌ. ثُقُوبٌ ج ثُقُبٌ:** سەرەڭگە.

**ثَقَافٌ:** زېرەك ئايال.

**ثَقَافَةٌ:** مەدەنىيەت.

**وَزَارَةُ الثَّقَافَةِ:** مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى.

**اَلثَّقَافَةُ الْبَدَنِيَّةُ:** تەنھەرىكەت.

**اَلثَّقَافَةُ الْمُضَادَّةُ:** ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئورنىغا دەسسەشكە ئۇرۇنغان مەدەنىيەت خاھىشى.

**اَلثَّقَافَتَانِ:** ئىلمىي ۋە ئەدەبىي مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى مەدەنىيەت.

**ثَقَافِيٌّ:** مەدەنىي ، مەدەنىيەتكە مەنسۇپ.

**تَبَادُلٌ ثَقَافِيٌّ:** مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش.

**مُلْحَقٌ ثَقَافِيٌّ:** كونسۇلخانا مەدەنىيەت ئىشلىرى بۆلۈمى ؛ كونسۇلخانىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

**مُسْتَشَارٌ ثَقَافِيٌّ:** كونسۇلخانا مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى.

**نَشَاطٌ ثَقَافِيٌّ:** مەدەنىي پائالىيەت.

**اَلْقِيَمُ الثَّقَافِيَّةُ:** مەدەنىي قىممەت.

**اَلْعَلاَقَاتُ الثَّقَافِيَّةُ:** مەدەنىيەت ئالاقىسى.

**ثَقَبَ يَثْقُبُ ثُقُوبًا ـ تِ النَّارُ:** ئوت ياندى.

**ثَقَبَ الرَّأْيُ وَنَحْوُهُ:** پىكرى توغرا بولدى.

**ثَقَبَ كَوْكَبٌ وَنَحْوُهُ:** يۇلتۇز يورۇدى.

**ثَقْبٌ ج أَثْقُبٌ و ثُقُوبٌ وَأَثْقَابٌ:** تۆشۈك ، كامار ، سۇڭگۈچ.

**ثَقْبُ الإِبْرَةِ:** يىڭنە تۆشۈكى.

**ثَقْبُ الْبَابِ:** ئىشىك يوچۇقى.

**ثِقَةٌ ج ثِقَاتٌ :** ئىشەنچلىك.

**«اَلصِّدْقُ دَاعٍ إِلَى الثِّقَةِ» :** راستچىللىق ئىشەنچكە دەۋەت قىلىدۇ.

**«لَهُ ثِقَةٌ بِالنَّجَاحِ» :** ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئىشەنچى بار.

**رَجُلٌ ثِقَةٌ :** ئىشەنچلىك ئەر.

**اِمْرَأَةٌ ثِقَةٌ :** ئىشەنچلىك ئايال.

**أَهْلُ الثِّقَةِ :** ئىشەنچلىك ئادەملەر.

**اَلثِّقَةُ بِالنَّفْسِ :** ئۆزىگە ئىشىنىش.

**عَالِمٌ ثِقَةٌ :** ئىشەنچلىك ئالىم.

**عَدَمُ الثِّقَةِ :** ئىشەنچسىز.

**ثَقِفَ يَثْقَفُ ثَقَفًا الشَّخْصُ:** زېرەك بولدى ، ماھىر بولدى، ئۇستا بولدى.

**ثَقِفَ يَثْقَفُ وَثَقِفَ يَثْقُفُ ثَقْفًا:** ئىپرىشتى ، يېتىشتى ؛ تېز چۈشىنىۋالدى.

**«فَإِمَّا تَثْقَفَنَّهُمْ فِي الْحَرْبِ فَشَرِّدْ بِهِمْ مَنْ خَلْفَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ» ‹قرآن› :** ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ ، ئارقىدىكىلەرنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن.

**ثَقِفَ الْعِلْمَ:** ئىلىمنى پۇختا ئىگىلىدى.

**ثَقِفَ الشَّيْءَ:** قولغا كەلتۈردى.

**ثَقِفَ الْخَلُّ:** سىركە ئاچچىق بولۇپ كەتتى.

**ثَقِفَ الْحَدِيثَ:** گەپنى تېز چۈشىنىۋالدى.

**ثَقِفَ الصِّنَاعَةَ:** ھۈنەرنى تېز ئۆگىنىۋالدى.

**ثَقِفٌ:** ئەقىللىق ، چېچەن ، زېھنى ئۆتكۈر.

**ثَقِفٌ:** ئەقىللىق ، چىچەن.

**ثَقَفٌ:** ئىرىشمەك، يېتىشمەك.

**ثَقَّبَ يُثَقِّبُ تَثْقِيبًا الشَّيْءَ:** تەشتى ، تۆشۈك ئاچتى.

**ثَقَّبَ النَّارَ:** ئوتنى ياندۇردى.

**ثَقَّبَ الْبِرْمِيلَ:** تۈگنى تەشتى.

**ثَقَّبَ الطَّائِرُ:** قۇش ئەگىدى ، قۇش پەرۋاز قىلدى.

**ثَقَّفَ يُثَقِّفُ تَثْقِيفًا الشَّيْءَ:** رۇسلىدى ، تۈزلىدى.

**ثَقَّفَ التِّلْمِيْذَ:** شاگىرت تەربىيىلىدى.

**ثَقَّفَ عَقْلَهُ:** ئەقلىنى ئۆستۈردى.

**ثَقَّلَ يُثَقِّلُ تَثْقِيلاً الْحِمْلَ ونَحْوَهُ:** يۈك قاتارلىقلارنى ئېغىرلاشتۇردى.

**ثَقَّلَ الْحَرْفَ:** ھەرپنى تەشدىدلىك ئوقۇپ تەلەپپۇز قىلدى.

**ثَقَّلَ عَلَيْهِ:** چۆچۈتتى ؛ زىممىسىگە ئالغۇزدى، ئۈستىگە ئارتتى.

**ثَقُلَ يَثْقُلُ ثَقَلاً و ثِقَالَةً الشَّيْءُ:** ئېغىرلاشتى، ئېغىرلىشىپ كەتتى ، ۋەزنى بېسىپ كەتتى ، ئېغىر كەلدى.

**ثَقُلَ الرَّجُلُ:** تەمكىن بولدى ، ئېغىر - بېسىق بولدى.

**ثَقُلَ الْمَرِيْضُ:** كېسەل ئېغىرلاشتى.

**ثَقُلَ الْقَوْلُ:** سۆز ئېغىر كەلدى.

**ثَقُلَ السَّمْعُ:** قۇلاق ئېغىرلاشتى.

**ثَقُلَ الأَمْرُ عَلَى النَّفْسِ:** قىيىن كەلدى ، قىيىن تۇيۇلدى ، ئېغىر كەلدى.

**ثَقُلَ لِسَانُهَ:** تىلى ئېغىرلاشتى.

**ثَقُلَ عَنِ الشَّيْءِ:** سۆرەلمىلىك قىلدى.

**ثَقُلَتْ يَدُهُ:** قولى ئاجىزلاشتى.

**ثَقُلَتِ الْحَامِلُ:** ھامىلدارلىقى بىلىندى.

**«يَثْقُلُ بَعْضُ النَّاسِ عَنِ الْعَمَلِ بِغَيْرِ رِقَابَةٍ أَوْحِسَابٍ»** : نازارەت قىلىش ياكى ھېسابلىشىش بولمىغانلىقتىن بەزىلەر خىزمەتتە سۆرەلمىلىك قىلماقتا.

**«فَأَمَّامَنْ ثَقُلَتْمَوَازِينُهُفَهُوَ فِي عِيْشَةٍ رَاضِيَةٍ»** ‹قرآن› : تارازىسى ئېغىر كەلگەن ئادەمگە كەلسەك ، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ.

**«يَثْقُلُ عَلَى الْأَبِيِّ أَنْ يَطْلُبَ الْمُسَاعَدَةَ»** : غۇرۇرى بار ئادەمگە باشقىلاردىن ياردەم تىلەش ئېغىر كېلىدۇ.

**ثَقُلَ الشَّيْءُ:** يوشۇرۇندى ، مەخپىي بولدى.

**ثِقْلٌ ج أَثْقَالٌ:** ئېغىر ، ئېغىرلىق مىقدارى ، ئېغىر يۈك ، ۋەزنى ئېغىر؛ مەسئۇلىيەت.

**اَلثِّقْلُ النَّوعِيُّ:** نىسبەت سېلىشتۇرما ئېغىرلىق.

**مِيْزَانُ الثِّقْلِ النَّوْعِيِّ:** ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچ ، بارومېتىر.

**مَرْكَزُ الثِّقْلِ:** ئېغىرلىق مەركىزى.

**رَفْعُ الأَثْقَالِ:** ئېغىرلىق كۆتۈرۈش.

**حَمْلُ الأَثْقَالِ:** ئېغىرلىق كۆتۈرۈش.

**أَثْقَالُ الأَرْضِ:** يەر ئاستى بايلىقلىرى.

**ثَقَلٌ ج أَثْقَالٌ** : يۈك - تاق.

**«وَأَخْرَجَتِ الأَرْضُ أَثْقَالَهَا»** ‹قرآن› : زېمىن ( قوينىدىكى ) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر ، ئوتلار ، ئۆلۈكلەرنى ) چىقارغاندا.

**اَلثَّقَلاَنِ:** ئىنسانلار ۋە جىنلار.

**«سَنَفْرُغُ لَكُمْ أَيُّهَا الثَّقَلاَنِ»** ‹قرآن› : ( ئى ئىنسانلار ! ۋە جىنلار جامائەسى ! )سىلەردىن ( يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ) ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز.

**ثَقَلَةٌ:** يۈك - تاق.

**ثِقْلَةٌ:** يۈك - تاق.

**اَلثَّقُوبُ:** سەرەڭگە.

**ثَقِيبٌ:** قىپقىزىل؛ سۈتلۈك تۆگە.

**ثَقِيْفٌ:** ئەقىللىق ، ماھىر ، ئۇستا ، قولى ئەپچىل.

**ثَقِيْلٌ ج ثِقَالٌ وَ ثُقَلاَءُ:** ئېغىر؛ قاتتىق ؛ سالماق؛ سۆرەلمە؛ قىيىن؛ بىر خىل يېقىملىق مۇزىكا.

**«هَذَا الشَّاىُ ثَقِيلٌ جِدًّا، فَأَضِفْ إِلَيهِ بَعْضَ الْمَاءِ**

**السَّاخِنِ مِنْ قَفِيلِكَ»** : بۇ چاي ناھايىتى قىنىق بولۇپ كېتىپتۇ ، بۇنىڭغا ئازراق قايناقسۇ قۇيۇۋەتسىڭىز.

**ثَقِيلُ الدَّمِ:** كىشىنى بىزار قىلىدىغان ، زېرىكەرلىك.

**ثَقِيلُ الرُّوحِ:** سۇرلەمە ، دۆت ، قاشاڭ.

**ثَقِيلُ الْأُذُنِ:** قۇلىقى ئېغىر.

**ثَقِيلُ السَّمْعِ:** قۇلىقى ئېغىر.

**نَوْمُهُ ثَقِيلٌ:** ئۇيقۇسى قاتتىق.

**ثَقِيلُ الظِّلِّ:** زېرىكەرلىك ، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان.

**ثَقِيلُ الْفَهْمِ:** گالۋاڭ ، گالۋا ، دۆت.

**ثَقِيلٌ عَلَى السَّمْعِ:** زېرىكەرلىك ، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ، قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك.

**ثَقِيلُ الْهَضْمِ:** ئاسان سىڭمەيدىغان ، ئاشقازانغا ئېغىر كېلىدىغان.

**ثَقِيلٌ عَلَى الْمَعِدَةِ:** تېز سىڭمەيدىغان ، ھەزىم قىلىنىشى ئېغىر.

**«وَيَذَرُونَ وَرَاءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيلًا» «قۇرئان» :** كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە ( يەنى قىيامەتكە ) سەل قارايدۇ.

**صِنَاعَةٌ ثَقِيلَةٌ:** ئېغىر سانائەت.

**ثَكِلَ يَثْكَلُ ثَكَلًا وثُكْلًا الْوَلَدَ أوِ الْحَبِيبَ:** بالىسىنى ياكى سۆيۈملۈك ئادىمىنى يوقاتتى ، ئايرىلدى.

**ثَكِلَتْهُ أُمُّهُ:** ئۆلگۈر.

**ثَكْلَانُ:** بالىسىنى يوقاتقان ئاتا، بالىسى ئۆلۈپ قالغان ئاتا.

**ثَكْلَى ج ثَكَالَى:** بالىسىنى يوقاتقان ئانا.

**ثَكَمَ يَثْكُمُ ثَكْمًا الْأَمْرَ:** بىرگە بولدى ، ئايرىلمىدى.

**ثَكِمَ بِالْمَكَانِ:** ماكانلاشتى ، ئولتۇراقلاشتى ، تۇرۇپ قالدى.

**ثَكَمَ الْآثَارَ:** ئىز قوغلىدى.

**ثَكَمَ لَهُ الْأَمْرَ:** چۈشەندۈردى.

**اَلثُّكْمَةُ ج ثُكَمٌ:** يولنىڭ ئوتتۇرىسى.

**ثُكْنَةٌ ج ثُكَنٌ و ثُكْنَاتٌ:** لاگېر ، گازارما ؛ بىر توپ ( ئادەم ) ؛ بايراق ، ئەلەم ؛ كەپتەر توپى؛ بويۇنغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى.

**ثُكْنَةُ الْجُنُودِ:** ھەربىي لاگېر.

**«عَادَتْ قُوَّاتُ الْجَيْشِ إِلَى ثُكْنَاتِهَا بَعْدَ اسْتِتْبَابِ الْأَمْنِ فِي الْبِلَادِ» :** مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن ھەربىي قوشۇن ئۆز گازارمىلىرىغا قايتتى.

**ثَلَاثٌ م ثَلَاثَةٌ:** ئۈچ.

**ثَلَاثَةُ أَضْعَافٍ:** ئۈچ ھەسسە.

**ثَلَاثَ عَشْرَةَ م ثَلَاثَةَ عَشَرَ:** ئون ئۈچ.

**مِنْ ثَلَاثِ نُسَخٍ:** ئۈچ نۇسخىدىن.

**«جَاعِلِ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ» «قۇرئان» :** پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق ، ئۈچ قاناتلىق ، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى.

**ثَلَاثًا:** ئۈچ قېتىم.

**ثُلَاثَ :** ئۈچ - ئۈچتىن.

**جَاؤُا ثُلَاثَ:** ئۈچتىن - ئۈچتىن بولۇپ كەلدى.

**اَلثُّلَاثَاءُ:** سەيشەنبە.

**ثَلَاثُونَ:** ئوتتۇز.

**«وَحَمْلُهُ وَفِصَالُهُ ثَلَاثُونَ شَهْرًا» «قۇرئان» :** ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.

**ثُلَاثِيٌّ:** ئۈچ بۇرجەكلىك ، ئۈچلۈك ، ئۈچ تەرەپلىك ، ئۈچ قاتلاملىق.

**ثُلَاثِيُّ الْأَبْعَادِ:** ئۈچ تەرەپلىك.

**ثُلَاثِيُّ الْجَوَانِبِ:** ئۈچ تەرەپلىك.

**حِلْفٌ ثُلَاثِيٌّ:** ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقداش.

**ثُلَاثِيُّ الْحُرُوفِ:** ئۈچ ھەرپلىك.

**ثُلَاثِيُّ الْخُطُوطِ:** ئۈچ سىزىقلىق.

**ثُلَاثِيُّ الزَّوَايَا:** ئۈچ بۇرجەكلىك ، ئۈچ بۇلۇڭلۇق.

**ثُلَاثِيُّ السُّطُوحِ الْمُتَسَاوِيَةِ:** ئۈچ تەكشى يۈزلۈك.

**ثُلَاثِيُّ الْأَرْجُلِ:** ئۈچ پۇتلۇق.

**ثُلاَثِيُّ الْأَلْوَانِ:** ئۈچ رەڭلىك.

**ثُلاَثِيُّ الْأَلْسُنِ:** ئۈچ تىللىق.

**ثُلاَثِيُّ الْمَقَاطِعِ:** ئۈچ بوغۇملۇق.

**اَلدَّرَّاجَةُ الثُّلاَثِيَّةُ:** ئۈچ چاقلىق رىكشا، ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت.

**خُطَّةٌ ثُلاَثِيَّةٌ:** ئۈچ يىللىق پىلان.

**ثُلاَجِيٌّ:** قاردەك ئاق، ئاپئاق، قاردەك ئاپئاق.

**ثَلَبَ يَثْلِبُ ثَلْبًا الشَّيْءَ:** ئەيىبلىدى؛ كەمسىتتى، سۇندۇردى، ئېبۇەن تاپتى.

**ثَلَبَ الرَّجُلَ:** بوھتان چاپلىدى، قارىلىدى؛ قوغلىدى.

**ثَلِبَ يَثْلَبُ ثَلَبًا الْجِلْدُ:** تېرە يېرىلدى، پۈرلاشتى، قورۇلدى.

**ثَلِبَ الثَّوبُ:** كىيىم مەينەتلىشىپ كەتتى، كىر بولدى.

**ثَلِبَ الرَّجُلُ:** ئۆگىنىپ قالدى، كۆنۈپ قالدى، ئادەتلەندى؛ يۇقتۇرۇۋالدى.

**ثَلِبَتِ الْقَدَمُ:** پۇت يېرىلدى.

**ثِلْبٌ ج ثِلَبَةٌ وَأَثْلاَبٌ:** قېرىپ چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن تۆگە.

**ثَلِبٌ:** مېيىپ؛ يېرىق نەيزە.

**ثَلَثَ يَثْلُثُ ثَلْثًا الشَّيْءَ:** نەرسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالدى.

**ثِلْثٌ ج أَثْلاَثٌ:** تەكرارلىنىش ئادەتلەنگەن نەرسىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىنىشى.

**حُمَّى الثِّلْثِ:** قىزىتمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تەكرارلىنىشى.

**سَقَى زَرْعَهُ الثِّلْثَ:** زىرائەتنى ئۈچ كۈندە بىر سۇغاردى.

**ثُلْثٌ ج أَثْلاَثٌ:** ئۈچتىن بىر.

**خَطُّ الثُّلُثِ:** خەتنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، كىتابنىڭ بابلىرىنى ۋە قىسىملىرىنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ثَلَجَ يَثْلُجُ ثُلُوجًاالْمَاءُ و نَحْوُهُ:** سۇ مۇزلىدى.

**ثَلَجَ صَدْرُهُ بِهِ وَ اِلَيْهِ:** ئىشەندى؛ خاتىرجەم بولدى؛ مەمنۇن بولدى، خۇشاللاندى.

**ثَلَجَتِ السَّمَاءُ:** قار ياغدى.

**ثَلْجٌ ج ثُلُوجٌ:** قار؛ مۇز.

**ثَلْجٌ رَخْوٌ:** ئازراق ياغقان قار.

**ثَلْجٌ جَامِدٌ:** مۇز، سۈنئىي مۇز.

**مَاءٌ ثَلْجٌ:** سوغۇق سۇ.

**ثَلِجٌ:** توڭ، مۇزلىتىلغان، سوغۇق.

**ثَلْجِيٌّ:** قاردەك، قارغا مەنسۇپ، قارغا ئائىت.

**اَلْعَصْرُ الثَّلْجِيُّ:** مۇز دەۋرى.

**ثَلَخَ يَثْلَخُ ثَلَخًا:** نىجاسەت بىلەن بۇلغاندى.

**ثَلَخَ الْحَيَوَانُ:** شاتراقلىدى.

**ثَلَّ يَثُلُّ ثَلاًّ الْقَوْمَ:** قەۋمنى ھالاك قىلدى، گۇمران قىلدى.

**ثَلَّ الْإِنَاءَ:** قاچىنىڭ ئىچىدىكىنى ئالدى.

**ثُلَّ عَرْشُهُمْ:** ئۇلارنىڭ شان ـ شەۋكىتى تۈگىدى.

**ثَلَّ عَرْشَهُ:** پادىشاھلىقىنى يوقاتتى، قولدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

**ثَلَّ الْبِئْرَ:** قۇدۇقنىڭ لېيىنى تارتتى.

**ثَلَّ اللّٰهُ عَرْشَهُمْ:** ئاللاھ تەختىنى گۇمران قىلدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى گۇمران قىلدى.

**ثَلَّ الْبَيْتَ:** ئۆيىنى بۇزدى، چېقىۋەتتى.

**ثَلَلٌ:** ھالاكەت، ھالاك؛ ( چىش ) چۈشۈپ كەتمەك.

**ثَلاَّجٌ:** مۇز ساتقۇچى.

**ثَلاَّجَةٌ ج ثَلاَّجَاتٌ:** توڭلاتقۇ، مۇزلاتقۇ.

**ثِلَّةٌ ج ثِلَلٌ:** تارمار قىلماق، يوقاتماق، ھالاك قىلماق.

**ثَلَّةٌ:** بىر پادا قوي؛ قوي يۇڭى؛ قۇدۇقتىن چىقىرىلغان لاي.

**ثُلَّةٌ ج ثُلَلٌ:** بىر توپ ئادەم، بىر جامائە.

**«ثُلَّةٌ مِنَ الْأَوَّلِينَ وَقَلِيلٌ مِنَ ٱلْآخِرِينَ» «قرآن»:** بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر.

**ثَلَّثَ يُثَلِّثُ تَثْلِيثًا الشَّيْءَ:** 3 ـ بولۇپ كەلدى؛

www.uyghurkitap.com

ئۈچكە بۆلدى.

**ثَلَّثَ الْمَسَاحَةَ:** ئۈچبۇلۇڭ سىزدى.

**ثَلَّثَ الْاِثْنَيْنِ:** ئىككى ئادەمگە ئۆزى قوشۇلۇپ ئۈچ نەپەر قىلدى.

**ثَلَّثَ الْحَرْفَ:** ھەرپكە ئۈچ چېكىت قويدى.

**ثَلَّجَ يُثَلِّجُ تَثْلِيْجًا الْمَاءَ:** مۇز بىلەن سۇنى مۇزلاتتى.

**ثَلَّمَ يُثَلِّمُ تَثْلِيمًا الْحَائِطَ:** تامغا چاك كەتكۈزۈۋەتتى.

**ثَلَّمَ الْاِنَاءَ:** قاچىنى پۇچۇق قىلىپ قويدى، چېقىپ قويدى.

**ثَلَّمَ الصِّيْتَ:** نامىغا داغ تەگكۈزدى.

**ثَلَّمَ حِدَّةَ الْمَشَاعِرِ:** تۇيغۇسىنى پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

**ثَلَّمَ السَّيْفَ:** قىلىچنى گاللاشتۇرۇۋەتتى، ئۆتمەس قىلىپ قويدى.

**ثَلَمَ يَثْلِمُ ثَلْمًا الْحَائِطَ:** تامغا چاك كەتكۈزۈۋەتتى، تامغا دەز كەتكۈزۈۋەتتى.

**ثَلَمَ الْإِنَاءَ:** قاچىنى پۇچۇق قىلىپ قويدى، چېقىۋەتتى.

**ثَلَمَ السَّيْفَ:** قىلىچنى ئۆتمەس قىلىپ قويدى، گال قىلىپ قويدى، ئۈچۈرۈۋەتتى.

**ثَلِمَ يَثْلَمُ ثَلَمًاالشَّيْءُ:** پۇچۇق بولۇپ قالدى.

**ثَلِمَ السِّكِّينُ وَ نَحْوُهُ:** پىچاقنىڭ ۋە شۇنىڭدەك نەرسىنىڭ بىسى قايرىلىپ كەتتى، ئۈچۈپ كەتتى.

**ثُلِمَ فِي مَالِهِ:** بىر قىسىم مېلى يوقالدى.

**ثُلْمَةٌ ج ثُلَمٌ:** چاك، دەز، يېرىق.

**سَدَّ ثُلْمَةً:** يېرىقنى ياكى چاكنى ئېتىش.

**ثُلْمَةٌ لَاتُسَدُّ:** تولدۇرغىلى بولمايدىغان يوچۇق.

**«أَحْدَثَ مَوْتُ أُمِّ كُلْثُومَ ثُلْمَةً لَا تُسَدُّ فِي عَالَمِ الْغِنَاءِ»:** ئۇممۇ گۈلسۇمنىڭ ئۆلۈمى ناخشا ساھەسىدە تولدۇرغىلى بولمايدىغان يوچۇق پەيدا قىلدى.

**ثَلِيثٌ:** ئۈچتىن بىر، (1/3).

**ثَلِيْجٌ:** مۇزدەك، مۇزدەك سوغۇق.

**ثِمَالٌ:** يولباشچى، يېتەكچى، ئاقساقال.

**ثِمَالُ الْقَوْمِ:** قەبىلە باشلىقى؛ قەۋمنىڭ ھال - ئەھۋالىنى خەۋەر ئالىدىغان ئادەم.

**ثُمَالَةٌ ج ثُمَالٌ و ثُمَالَاتٌ:** دۇغ، تىرىپ.

**ثُمَامٌ:** كۆمەك (شالىنىڭ ئوتى.)

**«هُوَ مِنْكَ عَلَى طَرَفِ الثُّمَامِ»:** قولى يېتىدىغان يەرگە يېقىن.

**ثُمَامَةٌ:** كۆمەك يوپۇرمىقى.

**اَلشَّيْءُ كَالثُّمَامَةِ:** پۈتلىشىپ يۇرىدىغان؛ ئوخشاي.

**«يَتَشَبَّثُ الْغَرِيْقُ بِثُمَامَةٍ»:** جان تۇمشۇققا كەلگەندە كىشى قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كىچىككىنە ئامال بولسىمۇ قىلىپ باقىدۇ.

**ثُمَانَ :** سەككىزدىن - سەككىزدىن.

**ثَمَانٍ:** سەككىز.

**ثَمَانُونَ:** سەكسەن.

**«تَجَاوَزَ الرَّجُلُ عَامَهُ الثَّمَانِينَ» :** ئۇنىڭ يېشى 80 دىن ئېشىپ كەتتى.

**ثَمَانِيَةَ :** سەككىز.

**«سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَثَمَانِيَةَ أَيَّامٍ حُسُوْمًا» «قرآن» :** ئاللاھ ئۇلارغا بورانني يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۇزۇلدۇرمەي ئاپىرىدە قىلدى.

**ثَمَانِيَ عَشَرَةَ م ثَمَانِيَةَ عَشَرَ:** ئون سەككىز.

**ثَمَانِيْنَاتُ:** 80 - يىللار.

**«جَرَى الْعَمَلُ فِي إِعْدَادِ هَذَا الْمُعْجَمِ فِي أَوَائِلِ الثَّمَانِينَاتِ» :** بۇ لۇغەتنى تەييارلاش ئىشلىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى.

**ثَمَأَ يَثْمَأُ ثَمْأً:** يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىدى.

**ثَمَأَ الرَّأْسَ:** باشنى يېرىۋەتتى.

**ثَمَأَ الْأَنْفَ:** بۇرۇننى قانىتىۋەتتى.

**ثَمَجَ يَثْمِجُ ثَمْجًا:** ئارىلاشتۇردى.

**ثَمَدَ يَثْمِدُ ثَمْدًا وَأَثْمِدَةً الْمَاءَ:** يەردىن سۇ چىقاردى.

**ثَمَدَ فُلَانًا:** تاپقان ـ تەرگىنىدىن ئايرىلدى، سورۇلۇپ كەتتى ، خانىۋەيران بولدى.

**ثَمِدَ يَثْمِدُ ثَمَدًا الْمَاءُ:** سۇ ئازىيىپ كەتتى.

**ثَمِدَ الرَّجُلُ:** پائالىيىتى ئازايدى، سۇسلىشىپ قالدى.

**ثَمْدٌ ج ثِمَادٌ وَأَثْمَادٌ:** ئاز سۇ ، سۇ يىغىلىدىغان كۆلچەك.

**ثَمَرَ يَثْمُرُ ثُمُورًا الشَّجَرُ:** دەرەخ مېۋىلىدى.

**ثَمَرَ مَالُهُ :** مېلى كۆپەيدى.

**ثَمَرَ الشَّيْءُ:** پىشتى ، پىشىپ يېتىلدى.

**ثَمَرَ لَهُ:** مېۋە يىغىپ بەردى.

**ثَمَرٌج ثِمَارٌ و أَثْمَارٌ وثُمُرٌ:** مېۋە؛ نەتىجە، پايدا ؛ پەرزەنت ؛ مەھسۇلات.

**«كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ» ‹قرآن›:** مېۋىسى پىشقاندا ، ئۇلاردىن يەڭلار.

**بِلَاثَمَرٍ:** نەتىجىسىز.

**ثَمْرَاءُ:** مېۋىلىك دەرەخ.

**أَرْضٌ ثَمْرَاءُ:** مۇنبەت يەر ، مول ھوسۇللۇق يەر ؛ مېۋىزارلىق يەر.

**ثَمَرَةٌ:** پايدا، مېۋىلىك دەرەخ.

**ثَمَرَةُ الْقَلْبِ:** دوستلۇق.

**ثَمِلَ يَثْمِلُ ثَمَلًا الرَّجُلُ:** مەست بولدى ، كەيپ بولدى.

**ثَمَلَ يَثْمَلُ ثُمُولًا:** تۇردى ، توختىدى.

**ثَمِلٌ:** مەست ئادەم ، كەيپ ئادەم.

**ثَمَلَةٌج ثُمُولٌ ثُمْلَةٌج ثُمَلٌ:** سۇنىڭ دۇغى ، قالدۇق.

**ثَمَّ يَثِمُّ ثَمًّا الشَّيْءَ:** تۈزىدى ، ئوڭلىدى ، ياخشىلىدى.

**ثَمَّتِ الشَّاةُ النَّبْتَ بِفِيْهَا:** قوي ئوتلىدى.

**ثَمَّ الْعُشْبَ:** ئوت ـ چۆپ يىغدى.

**ثَمَّ الطَّعَامَ :** ياخشىسىنى ـ ناچىرىنى ھەممىسىنى يېدى.

**ثَمَّ التُّرَابَ:** تۇپىكنى سۈپۈردى.

**ثَمَّ.ثَمَّةَ :** بۇ يەردە ، شۇ يەردە.

**«وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا» ‹قرآن› :** قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ ، بۇ يەردە نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن.

**«فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللّٰهِ» ‹قرآن›:** قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى ( يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى ) دۇر.

**مِنْ ثَمَّةَ:** بۇنىڭدىن ، شۇنىڭ ئۈچۈن.

**«جَاءَ الْبَيَانُ مُوجَزًا فِي عِبَارَتِهِ وَمِنْ ثَمَّ فَهُوَ لَايُلْقِي الضَّوْءَ عَلَى التَّفَاصِيلِ» :** باياننىڭ ئىبارىتى قىسقا ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەپسىلاتى ئۈستىدە توختالمايدۇ.

**ثُمَّ:** كېيىن ، ئاندىن كېيىن ، ئاندىن.

**ثُمَّةٌ:** بىر تۇتام ئوت ـ خەس.

**ثِمَّةٌ:** بوۋاي ، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ، ياشانغان ئادەم.

**ثَمَّرَ يُثَمِّرُ تَثْمِيْرًا الْمَالَ فِي كَذَا:** مەبلەغ سالدى.

**ثَمَّلَهُ يُثَمِّلُ تَثْمِيْلًا:** ئۇنى مەست قىلدى.

**ثَمَّنَ يُثَمِّنُ تَثْمِيْنًا السِّلْعَةَ:** تاۋارغا باھا قويدى.

**ثَمَّنَ الشَّكْلَ:** سەككىز بۇرجەكلىك قىلدى.

**ثَمَّنَ الشَّيْءَ :** توپلىدى.

**لَايُثَمَّنُ :** بىباھا ، باھاسىغا چىقىلى بولمايدىغان.

**ثَمُنَ يَثْمُنُ ثَمَانَةً الشَّيْءُ:** باھاسى ئۆستى.

**ثُمْنٌ ج أَثْمَانٌ:** سەككىزدىن بىر (1/8).

**ثَمَنٌ ج أَثْمَانٌ وأَثْمُنٌ:** باھا، قىممىتى، بەلگىلەنگەن باھاسى ؛ بەدەل.

**ثَمَنٌ أَسَاسِيٌّ:** تالونىدىكى باھا.

**ثَمَنٌ زَهِيْدٌ:** ئەرزان باھا ، تۆۋەن باھا.

**ثَمَنٌ بَاهِظٌ:** يۇقىرى باھا ؛ زور بەدەل ؛ قىممەت.

**«لَقَدْ دَفَعْنَا ثَمَنًا بَاهِظًا لِقَاءَ التَّفْكِيرِ بِعَوَاطِفِهَا» :** بىز ھېسسىياتىمىزغا بېرىلىپ

پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىمىزگە زور بەدەل تۆلىدۇق.

**ثَمَنٌ بَخْسٌ:** ئەرزان باھا، تۆۋەن باھا.

**«وَشَرَوْهُ بِثَمَنٍ بَخْسٍ دَرَاهِمَ مَعْدُودَةٍ» ‹قرآن›** : ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى.

**ثَمَنٌ مَعْقُولٌ** : ئادىل باھا.

**«إِنَّ وَحْدَةَ الْبِلَادِ لَا بُدَّ أَنْ تُصَانَ بِأَيِّ ثَمَنٍ»** : ۋەتەننىڭ بىرلىكى ھەرقانداق بەدەل تۆلەش بىلەن قوغدىلىشى كېرەك.

**ثَمَنٌ أَصْلِيٌّ:** ئەسلى باھاسى ؛ تەننەرقى.

**بِأَيِّ ثَمَنٍ:** قانداق چىقىم تارتىشتىن قەتئىينەزەر.

**ثَمُودُ:** قەدىمكى بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ نامى.

**«وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا» ‹قرآن›** : سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى ( پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. )

**ثَمِيلٌ:** قېتىق.

**ثَمِيلَةٌ ج ثَمَائِلُ:** سۈنىڭ دۇغى ، قالدۇق سۇ.

**ثَمِينٌ:** پۇللۇق ، يۇقىرى باھالىق ، قىممەتلىك.

**«يُعَدُّ كِتَابُهُ مَصْدَرًا ثَمِينًا»** : ئۇنىڭ كىتابى قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

**حَفَرَ الْكُنُوزَ الثَّمِينَةَ** : قىممەتلىك بايلىقلارنى قازدى.

**ثَنَاءٌ ج أَثْنِيَةٌ:** مەدھىيە ، تەشەككۇر.

**ثُنَاءٌ:** ئىككىدىن - ئىككىدىن.

**جَاؤُوا ثُنَاءً:** ئۇلار ئىككىدىن - ئىككىدىن كەلدى.

**ثَنَائِيٌّ:** ئالقىشقا ئائىت ، ئالقىشقا مۇناسىۋەتلىك.

**ثُنَائِيٌّ:** قوش ئاۋازلىق خور ، قوش ئاۋازلىق ناخشا، ئىككى تەرەپلىمىلىك، ئىككى ھەرپلىك، ئىككى ياقلىمىلىق.

**اِتِّفَاقٌ ثُنَائِيٌّ:** ئىككى تەرەپلىمىلىك كېلىشىم.

**اَلْحُكْمُ الثُّنَائِيُّ:** قوش نازارەتچىلىك.

**ثُنَائِيُّ الزَّوَايَا:** قوش ياقلىمىلىق.

**ثُنَائِيُّ اللُّغَةِ:** قوش تىللىق ئادەم ، قوش تىللىق لۇغەت ؛ تەرجىمىسى بېرىلگەن شېئىرلار توپلىمى.

**اَلثُّنَائِيَّةُ اللُّغَوِيَّةُ:** مۇئەييەن جەمئىيەتتە ئىككى تىلنىڭ بىرلىكتە قوللىنىلىشى.

**اَلْعَقِيدَةُ الثُّنَائِيَّةُ:** ياخشىلىق ئىلاھى ۋە يامانلىق ئىلاھى بار دەپ قارايدىغان ئەقىدە.

**اَلْمُرَاقَبَةُ الثُّنَائِيَّةُ:** قوش نازارەتچىلىك ؛ ئىككى تەرەپ بىرلىكتە نازارەتچىلىك قىلىش.

**ثِنْتَانِ:** قوشكېزەك ، بىر جۈپ.

**«لَا يَخْتَلِفُ ثِنْتَانِ فِي هَذَا الْأَمْرِ»** : بۇ ئىشتا ھەممىنىڭ پىكرى بىردەك.

**ثَنَّى يُثَنِّي تَثْنِيَةً الْعَدَدَ:** بىر ھەسسە ئاشۇردى.

**ثَنَّى عَلَى اسْتِدْعَاءٍ:** قوشۇلدى، رازى بولدى.

**ثَنَّى الثَّوْبَ:** كىيىمنى قاتلىدى ، قىرلىدى ، قىر چىقاردى.

**ثَنَّى الْعَمَلَ:** تەكرارلىدى ؛ قايتىلىدى.

**ثَنَّى الْكَلِمَةَ:** ئىككىلىك بەلگىسى قوشتى.

**ثَنَّى عَلَى الْإِقْتِرَاحِ:** تەكلىپىنى قوللىدى.

**ثَنَّى طَرَفَهُ إِلَيْهِ:** قارىدى ، بۇرۇلدى.

**ثَنَوِيٌّ:** ئىككى مەنبەچى ، ئىككى ياقلىمىچى.

**ثَنَوِيَّةٌ:** مانى دىنى ( بۇ دىندا بىرى ياخشىلىق ئىلاھى ، يەنە بىرى يامانلىق ئىلاھى دەپ ئېتىقاد قىلىنىدۇ. )

**ثَنَى يَثْنِي ثَنْيًا الشَّيْءَ** : ئەگدى.

**ثَنَى الثَّوْبَ:** قاتلىدى.

**«لَا تَثْنِ طَرَفَ الصَّحِيفَةِ الَّتِي وَصَلْتَ فِي قِرَاءَتِكَ»** : ئوقۇپ يەتكەن بەتنى قاتلاپ قويما.

**ثَنَاهُ عَنِ الشَّيْءِ:** توستى.

**«اَلطُّلَّابُ يُمَارِسُونَ رِيَاضَةَ الْجُمْبَازِ فِي الِاسْتِرَاحَةِ بَيْنَ الْحِصَّتَيْنِ»** : ئوقۇغۇچىلار دەرس ئارىسىدىكى دەم ئېلىشتا گىمناستىكا ئوينايدۇ.

**اَلْجُمْبَازُ عَلَى الْأَجْهِزَةِ** : گىمناستىكا (ياغاچ ئات، تورنىك قاتارلىق تەنتەربىيە سايمانلىرى بىلەن ئوينايدىغان گىمناستىكا).

**جُمْبَازِيٌّ** : گىمناستىكا ئوينىغۇچى، تەنھەرىكەتچى.

**جُمْبُرِيٌّ** : راك (دېڭىز ھايۋىنى).

**جَمْجَمَ يُجَمْجِمُ جَمْجَمَةً الْكَلَامَ** : ئېگىز ـ پەس سۆزلىدى، قالايمىقان سۆزلىدى، پەلىپەتىش سۆزلىدى، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىدى.

**جُمْجُمَةٌ ج جَمَاجِمُ** : باش سۆڭىكى؛ چۆچەك (ياغاچ تاۋاق)؛ قەۋمنىڭ چوڭى، بىر تۈرلۈك كەمچەن؛ تۈزلۈق زېمىنغا كولانغان قۇدۇق.

**جَمَحَ يَجْمَحُ جَمْحًا وَجِمَاحًا وَجُمُوحًا الْحِصَانُ** : ئايغىر شاشلىق قىلدى؛ يۈگۈردى، چاپتى.

**جَمَحَ الرَّجُلُ** : ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلدى؛ ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، ئۆزى بىلگەننى قىلدى، بەڭۋاشلىق، تەرسالىق قىلدى.

**جَمَحَتِ الْمَرْأَةُ زَوْجَهَا** : ئايال ئېرىنى تاشلىۋەتتى.

**جَمَحَ إِلَيْهِ** : ئالدىرىدى، يۈگۈردى.

**«لَوْيَجِدُونَ مَلْجَأً أَوْ مَغَارَاتٍ أَوْمُدَّخَلًا لَوَلَّوْا إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ» «قرآن»** : ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ يۈگۈرۈشكەن بولاتتى.

**جَمَحَ يَجْمَحُ جُمْحًا** : كونترول قىلدى، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

**«لَاأَدْرِي كَيْفَ اسْتَطَعْتُ أَنْ أَكْبَحَ جِمَاحَ غَضَبِي فِي وَجْهِ الْاِعْتِدَاءَاتِ»** : تاجاۋۇزچىلىق ئالدىدا غەزىپىمنى قانداق بېسىۋالغانلىقىمنى ئۇقمايمەن.

**جَمَدَ يَجْمُدُ جَمْدًا وَجُمُودًا** : قېتىپ قالدى، ئويۇپ قالدى، توڭلاپ قالدى.

**جَمَدَ الدَّمُ** : قان ئويۇپ قالدى.

**جَمَدَتْ يَدُهُ** : بېخىللىق قىلدى.

**«تَجْمُدُ الْأَنْهَارُ أَحْيَانًا فِي الْمَنَاطِقِ الْبَارِدَةِ»** :

سوغۇق رايونلاردا بەزىدە دەريالار توڭلايدۇ.

جَمَدٌ ج أَجْمَادٌ : مۇز ؛ قار ؛ تاش ؛ ئېگىز زېمىن.

جَمَرَ يَجْمِرُ جَمْرًا: يىغىلدى ، توپلاندى.

جَمَرَ الْقَوْمُ: ھەممىسى ئىتتىپاقلاشتى ، بىردەك ئىتتىپاقلاشتى.

جَمْرَةٌ ج جَمْرٌ و جِمَارٌ و جَمَرَاتٌ: چوغ ، يېنىپ تۇرغان ئوت.

«اِنْتَظَرَهُ عَلَى أَحَرَّ مِنَ الْجَمْرَةِ» : ئۇ ئۇنى سەبىرسىزلىك بىلەن كۈتتى (ساقلىدى).

جَمْرَةٌ : شېغىل تاش ، ئۇششاق تاش.

هُمْ جَمْرَةٌ : ئۇلار كۈچلۈكتۇر.

جَمْرَةٌ حَمِيدَةٌ : ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمە.

جَمْرَةٌ خَبِيثَةٌ : يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

جَمْرَةٌ فَارِسِيَّةٌ : غەلۋەرەك.

جُمْرُكٌ ج جَمَارِكُ : تاموژنا.

جُمْرُكِيٌّ : تاموژنىغا ئائىت ، تاموژنا بېجى.

رُسُومٌ جُمْرُكِيَّةٌ : تاموژنا بېجى ، چېگرا بېجى.

جَمَزَ يَجْمِزُ جَمْزًا الْفَرَسُ: ئات چاپتى، يۈگۈردى.

اَلْجُمْزَةُ ج جُمَزٌ : ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى جايلاشقان پورىكى (غۇنچىسى).

جَمَسَ يَجْمُسُ جُمُوسًا : ئۇيىدى ، توڭلىدى.

جَمَشَ يَجْمُشُ يَجْمِشُ جَمْشًا الرَّأْسَ: باشنى چۈشۈردى ، چاچنى ئالدى.

جَمَعَ يَجْمَعُ جَمْعًا : توپلىدى ، يىغدى ، جەملىدى ، بىرلەشتۈردى.

جَمَعَ الْقُرْآنَ : قۇرئان كەرىمنى يادلىدى ، ھېپىزى قىلدى.

جَمَعَ شَمْلَهُمْ : ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى ، جەم قىلدى.

جَمَّعَهُ : بىرلەشتۈردى ، ئومۇملاشتۇردى.

جَمَعَ الْأَرْقَامَ: سانلارنى قوشۇپ ھېسابلىدى ، جەملىدى.

جَمَعَ كِتَابًا : كىتاب تەسنىپ قىلدى ، تەھرىرلىدى ، تۈزدى.

جَمَعَ بَيْنَهُمْ : ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

جَمَعَ جَمْعِيَّةً : يىغىن چاقىردى ، يىغىن ئاچتى.

جَمَعَ الْحُرُوفَ «فِي الطِّبَاعَةِ» : ھەرپ تىزدى.

«كُنْتُ فِي الْعَاشِرَةِ مِنْ سِنِّي وَقَدْ جَمَعْتُ الْقُرْآنَ حِفْظًا» : مەن ئون ياش چېغىمدىلا پۈتۈن قۇرئاننى ياد ئېلىپ بولدۇم.

«اِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ» «قرآن» : شەك ـ شۈبھىسىزكى ، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى ، ئۇلاردىن قورقۇڭلار.

جَمْعٌ : يىغماق ، جەملىمەك ، بىرلەشتۈرمەك ، قوشماق.

جَمْعٌ ج جُمُوعٌ : جامائەت ، قوشۇن.

يَوْمُ الْجَمْعِ : قىيامەت كۈنى.

جُمْعُ الْكَفِّ: مۇشت.

«ضَرَبَهُ بِجُمْعِ يَدِهِ» : ئۇنى مۇشت بىلەن ئۇردى.

جُمْعَةٌ، جُمُعَةٌ، يَوْمُ الْجُمُعَةِ: جۈمە كۈنى.

جَمْعِيَّةٌ : توپلانغان ئاما.

جَمْعِيَّةٌ ج جَمْعِيَّاتٌ : جەمئىيەت ، بىرلەشمە ، تەشكىلات ، ئۇيۇشما.

جَمْعِيَّةٌ خَيْرِيَّةٌ : خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى.

جَمْعِيَّةُ الْإِسْعَافِ: قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى.

جَمْعِيَّةٌ عُمُومِيَّةٌ : چوڭ يىغىن ، قۇرۇلتاي.

جَمْعِيَّةُ الْهِلَالِ الْأَحْمَرِ: قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى.

جَمْعِيَّةُ الصَّلِيبِ الْأَحْمَرِ: قىزىل كرېست جەمئىيىتى.

اَلْجَمْعِيَّةُ الْإِسْلَامِيَّةُ الصِّينِيَّةُ : جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى.

اَلْجَمْعِيَّةُ الْبَشَرِيَّةُ : ئىنسانلار جەمئىيىتى.

اَلْجَمْعِيَّةُ الْعَامَّةُ لِلْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ : بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

جَمَلَ يَجْمُلُ جَمْلًا : خۇلاسىلىدى ، يىغدى ، جەملىدى ؛ قىسقارتتى ، يىغىنچاقلىدى.

جَمُلَ يَجْمُلُ جَمَالًا: چىرايلىق بولدى ، گۈزەل-

لەشتى.

**«يَجْمُلُ بِنَا أَنْ نَصْرِفَ هَمَّنَا إِلَى تَهْذِيبِ اللُّغَةِ»** : دىققىتىمىزنى تىلنى تۈزەشكە قارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**جَمَلٌ ج جِمَالٌ وأَجْمَالٌ وجُمْلٌ وَجِمَالَةٌ ج جِمَالاَتٌ و جَمَائِلُ** : تۆگە.

**«اَلْجَمَلُ يَحْمِلُ مَالاَيَقْوَى غَيْرُهُ عَلَى حَمْلِهِ»** : تۆگە باشقا ھايۋانلار كۆتۈرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ.

**جُمْلَةٌ ج جُمَلٌ**: ئىبارە، جۈملە ؛ ئومۇمىي سان؛ مىقدار ؛ بىر قانچە ؛ نۇرغۇن.

**جُمْلَةُ الْقَوْلِ**: يىغىپ ئېيتقاندا ، قىسقىسى ، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى ، گەپنىڭ پوسكاللىسى.

**جُمْلَةً وَتَفْصِيلاً** : مۇكەممەل ۋە كونكرېت ، تولۇق ۋە تەپسىلىي.

**جُمْلَةٌ بِالْجُمْلَةِ** : كۆپ ، كۆپ مىقداردا ، توپ.

**تَاجِرُ الْجُمْلَةِ** : توپ ساتقۇچى سودىگەر.

**«هَذِهِ التُّهْمَةُ مُخْتَلَقَةٌ جُمْلَةً وَتَفْصِيلاً»** : بۇ تۆھمەت ھەر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئويدۇرمىدۇر.

**«اَلشَّرِيعَةُ الإِسْلاَمِيَّةُ هِيَ جُمْلَةُ الأَوَامِرِ الإِلاَهِيَّةِ الَّتِي تُنَظِّمُ حَيَاةَ كُلِّ مُسْلِمٍ»** : ئىسلام شەرىئىتى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تۇرمۇشىنى رەتكە سالىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

**جَمَّ يَجُمُّ جُمُومًا الْمَاءُ**: سۇ توپلاندى، جىقلىدى، جىقلاپ كەتتى ، يىغىلدى.

**جَمَّ الشَّيْءُ**: كۆپەيدى ، يىغىلدى.

**جَمَّ الْبِئْرُ**: قۇدۇق سۇغا تولۇپ كەتتى.

**جَمَّ الشَّخْصُ** : ئارام ئالدى ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**جَمَّ يَجُمُّ جَمًّا وجِمَامًا الْمِكْيَالُ** : كەمچەننى تولدۇردى ، تولۇقلىدى.

**جَمَّ الْفَرَسُ**: ئات دەم ئالدى ، ئارام ئالدى.

**جَمٌّ ج جِمَامٌ وجُمُومٌ**: كۆپ ، مول ، جىق.

**جَاؤُوا جَمًّا غَفِيرًا**: ئۇلار كۆپلەپ ، توپ بولۇپ كەلدى.

**جَمُّ النَّشَاطِ** : كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان.

**«وَ تُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا»** (قرآن) : مالنى ناھايىتى دوست تۇتۇسىلەر.

**جَاءُوا جَمَّاءَ الْغَفِيرِ**: كۆپچىلىك كەلدى ، توپ ـ توپ بولۇپ كەلدى.

**جُمَّارٌ ج جُمَّارَاتٌ** : خورما يىلىمى.

**اَلْجَمَّازُ** : يۈگۈرۈك ئات.

**جُمَّازَةٌ** : ئىككى يېڭى تار يۇڭ توقۇلما تون.

**«أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَوَضَّأَ فَضَاقَ عَنْ يَدَيْهِ كُمَّا جُمَّازَةٍ كَانَتْ عَلَيْهِ»** (حديث) : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەت ئالغاندى، ئۈچىسىدىكى تار يەڭلىك يۇڭ توقۇلما تونىنىڭ ئىككى يېڭى تار كېلىپ قالدى (ئىككى بىلىكىنى يۇيۇشتا)

**جَمَّاسٌ** : پادىچى ، مالچى.

**جَمَّالٌ ج جَمَّالاَتٌ** : تۆگىچى.

**جُمَّةٌ ج جُمَمٌ** : ماڭلاي ، چاچ ؛ سۈيى كۆپ قۇدۇق.

**جَمَّدَ يُجَمِّدُ تَجْمِيدًا**: توڭلاتتى ، توڭلىتىپ قويدى.

**جَمَّدَ الأَمْوَالَ** : مەبلەغنى توڭلىتىپ قويدى.

**جَمَّرَ يُجَمِّرُ تَجْمِيرًا** : بىرلىككە كەلدى.

**جَمَّرَ الْحَاجُّ** : شەيتانغا تاش ئاتتى.

**جَمَّرَ اللَّحْمَ أَوِ الْخُبْزَ**: گۆش ياكى ناننى چوغ ئۈستىگە قويدى.

**جَمَّرَ اللَّحْمَ**: گۆشنى كاۋاپ قىلدى ، قاقلىدى، پىشۇردى.

**جَمَّرَ شَعْرَهُ** : چېچىنى ئۆرۈدى.

**جَمَّشَ يُجَمِّشُ تَجْمِيشًا**: تاتىلىدى ، قاشلىدى ، غىدىقلىدى.

**جَمَّعَ يُجَمِّعُ تَجْمِيعًا** : يىغدى ، توپلىدى.

**«جَمَّعَ ثَرْوَتَهُ مِنْ بَيْعِ الْكُتُبِ الْقَدِيمَةِ»** : قەدىمى كىتابلارنى سېتىپ يۇرۇپ پۇل ـ مال توپلىدى.

**جَمَّلَ يُجَمِّلُ تَجْمِيلاً**: زىننەتلىدى ، چىرايلىق قىلدى ، بېزىدى.

www.uyghurkitap.com



جَمَّلَ الشَّحْمَ : ياغنى ئېرىتتى.

جَمَّلَ اللّٰهُ عَلَيْكَ : ئاللاھ ساڭا گۈزەللىك ئاتا قىلسۇن.

جُمَّلٌ. حِسَابُ الْجُمَّلِ : ئەبجەد ھېسابى.

جَمَّمَ يُجَمِّمُ تَجْمِيمًا النَّبَاتُ : ئۆسۈملۈك بوك ـ باراقسان بولۇپ ئۆستى، توپ ـ توپ بولۇپ ئۆستى.

اَلْجُمَّيْزُ. اَلْجُمَّيْزَى: ئەركەك ئەنجۈر.

جَمْهَرَ يُجَمْهِرُ جَمْهَرَةً الْقَوْمَ : توپلىدى، يىغدى.

جَمْهَرَ الْقَوْمُ : يىغىلدى، توپلاندى.

جُمْهُورٌ ج جَمَاهِيرُ: ئاممىسى، خەلق ئاممىسى، كۆپچىلىك، كۆپ ساندىكى.

«مِنْ أَسْبَابِ التَّخَلُّفِ فِي التَّعْلِيمِ الْمِهَنِيِّ أَنَّ جُمْهُورَ الطَّلَبَةِ يَحْتَقِرُ الْعَمَلَ الْيَدَوِيَّ» : كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ قول ئەمگىكىنى كەمسىتىشى كەسپى مائارىپنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

حَرَكَةٌ جَمَاهِيرِيَّةٌ : ئاممىۋى ھەرىكەت.

اَلْجَمَاهِيرُ الْغَفِيرَةُ : كەڭ ئامما، خەلق ئاممىسى.

اَلْجَمَاهِيرُ الْعَامِلَةُ : ئەمگەكچىلەر ئاممىسى.

جَمَاهِيرِيٌّ: جامائەتچىلىك؛ كۆپچىلىك.

جُمْهُورِيٌّ : ئاممىنىڭ، جۇمھۇرىيەتنىڭ.

جُمْهُورِيَّةٌ ج جُمْهُورِيَّاتٌ : جۇمھۇرىيەت، رېسپۇبلىكا.

حُكُومَةٌ جُمْهُورِيَّةٌ: خەلق ھۆكۈمىتى.

حُكُومَةُ جُمْهُورِيَّةِ الصِّينِ الشَّعْبِيَّةِ : جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى.

جُمُودٌ : قېتىپ قالغان، ئۇيۇپ قالغان، ھەرىكەتسىز، جانسىز.

جُمُوشٌ : تۈك چۈشۈرىدىغان دورا.

جَمِيرٌ : يىغىلىدىغان جاي.

جَمِيرَةٌ : ئۆرۈمە چاچ.

جَمِيشٌ : تۈك چۈشۈرىدىغان دورا.

جَمِيعٌ : ھەممە، بارلىق، كۆپچىلىك، پۈتۈن، پۈتكۈل.

«أَخَذْتُ حَقِّي جَمِيعَهُ» : مەن ھەققىمنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم.

«مَا يَهُمُّ الْجَمِيعَ يَجِبُ أَنْ يَعْتَنِيَ بِهِ الْجَمِيعُ» : كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك باشقۇرۇشى كېرەك.

جَمِيلٌ : چىرايلىق، گۈزەل، كېلىشكەن؛ ئىلتىپات، مەرھەمەت.

مَعْرِفَةُ الْجَمِيلِ: ياخشىلىق قىلغاننى بىلىش، ياخشىلىققا رەھمەت ئېيتىش؛ مىننەتدارلىق.

عِرْفَانُ الْجَمِيلِ : ياخشىلىق قىلغاننى بىلىش، ياخشىلىققا رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق.

نُكْرَانُ الْجَمِيلِ : ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەسلىك، ۋاپاغا جاپا قىلىش، ناتكورلۇق قىلىش.

نَاكِرُ الْجَمِيلِ : تۇزكور، ناتكور.

جَنَابٌ ج أَجْنِبَةٌ : جانابى، ئالىي.

رَحْبُ الْجَنَابِ : سېخىي، مەرد، كەڭ قول.

جَنَابُكُمْ : ئالىيلىرى، جانابلىرى.

جُنَابٌ : كۆكرەك ۋاسپالنىيىسى.

جَنَابَةٌ : جۇنۇپ بولماق، ناپاك بولماق.

يَغْتَسِلُ الْمُسْلِمُ مِنَ الْجَنَابَةِ : مۇسۇلمان ئادەم جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا غۇسۇل قىلىدۇ.

جَنَاحٌ ج أَجْنِحَةٌ وأَجْنُحٌ وَجَنَاحَاتٌ : قانات، تەرەپ، يان تەرەپ خانە، ئۆي، ھۇجرا.

اَللَّيْلُ يَنْشُرُ جَنَاحَيْهِ : كېچە سوزۇلماقتا.

حَجَزَ جَنَاحًا فِي الْفُنْدُقِ: مېھمانخانىدا بىر ئۆينى ئالدىن تىزىملىتىپ قويىدى.

اَلْجَنَاحُ الْأَيْمَنُ: ئوڭ قانات، ئوڭ تەرەپ.

اَلْجَنَاحُ الْأَيْسَرُ: سول قانات، سول تەرەپ.

هُوَ فِي جَنَاحِ فُلَانٍ: ئۇ پالانىنىڭ ھىمايىسىدە.

جَنَاحُ الطَّائِرِ : قۇش قانىتى.

مَقْصُوصُ الْجَنَاحِ : ئاجىز، زەئىپ، بىچارە.

عَلَى جَنَاحِ الْأَثِيرِ : رادىئو ئارقىلىق.

**رَجَعَ عَلَى جَنَاحِ سُرْعَةٍ** : ناھايىتى تېزلىك بىلەن قايتىپ كەلدى.

**خَفَضَ لَهُ جَنَاحَهُ** : بويسۇندى ؛ ئېگىلدى ، كەمتەر مۇئامىلىدە بولدى.

**«وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ» «قرآن»** : ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن.

**جُنَاحٌ** : گۇناھ ، جىنايەت.

**جُنَاحُ الطَّرِيقِ** : يول بويى ، يول ياقىسى ، يول چېتى.

**لَاجُنَاحَ عَلَيْهِ** : ئۇنىڭغا كېرەك يوق ، ئۇنىڭغا باك يوق.

**«فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلَاجُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا» «قرآن»** : ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچ باك يوق.

**جَنَازَةٌ ج جَنَازَاتٌ وجَنَائِزُ** : تاۋۇت ، جىنازا؛ ماتەم مۇراسىمى.

**تَشْيِيعُ الْجَنَازَةِ** : مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئۇزىتىپ مېڭىش.

**صَلَاةُ الْجَنَازَةِ** : جىنازا نامىزى.

**اَلْجِنَاسُ**: شەكىلداش ( ئىلمىي بالاغەتتە ئىككى سۆزنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىشى ) ، قوش مەنىلىك سۆز.

**جَنَانٌ ج أَجْنَانٌ**: يۈرەك ، قەلب.

**ثَابِتُ الْجَنَانِ** : ئىرادىلىك ، يۈرەكلىك.

**جُنَانٌ. جُنَانَةٌ** : قالقان ، دوبۇلغا.

**جِنَايَةٌ ج جِنَايَاتٌ** : جىنايەت ، گۇناھ.

**جِنَائِيٌّ** : جىنايى ، گۇناھقا مەنسۇپ.

**اَلْقَانُونُ الْجِنَائِيُّ** : جىنايى ئىشلار قانۇنى.

**جَنَائِنِيٌّ ج جَنَائِنِيَّةٌ و جَنَايِنِيٌّ** : باغۋەن ، گۈل ئۆستۈرگۈچى ، گۈلچى.

**جَنَبَ يَجْنُبُ جَنْبًاهُ** : ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ، نېرى قىلىۋەتتى ، بىر تەرەپتە قويۇپ قويدى ؛ سىغىنىدى ، كۆرگۈسى كەلدى ؛ يىراقلاشتۇردى.

**«وَاجْنُبْنِي وَبَنِيَّ أَنْ نَعْبُدَ الْأَصْنَامَ» «قرآن»** : مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن.

**جَنْبٌ ج أَجْنَابٌ وَجُنُوبٌ** : يان ، يان تەرەپ ؛ قىرغاق ؛ بەل ، بىقىن ؛ چەت ياقا.

**«أَحَسَّ فِي جَنْبِهِ أَلَمًا»** : ئۇ يېنىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

**جَنْبًا لِجَنْبٍ** : مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ.

**بِجَنْبِهِ** : ئۇنىڭ يېنىدا ، يان تەرىپىدە ، ئۇنىڭغا يېقىن.

**ذَاتُ الْجَنْبِ** : كۆكرەك پەردە ياللۇغى ، كۆكرەك ۋاسپالىنىيىسى.

**عَلَى جَنْبٍ** : يېنىدا ، بىر تەرىپىدە.

**جَارُ الْجَنْبِ**: يېقىن قوشنا.

**جَنْبَكَ**: دىققەت قىل ، پەخەس بول ، چەتتە تۇر ، پەخەس بولۇڭ.

**قَرِيبُ جَنْبٍ** : يېقىن تۇغقان.

**بَيْنَ جَنْبَيْهِ**: ئىچىدە.

**جُنُبٌ**: جۇنۇپ ، ناپاك؛ يىراق؛ يېقىن؛ بويسۇنماس؛ مۇساپىر؛ سەپەردىكى ھەمراھ.

**«فَبَصُرَتْ بِهِ عَنْ جُنُبٍ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ» «قرآن»** : ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى ، ھالبۇكى ، ئۇلار تونۇمايتتى.

**جَنْبَةٌ ج جَنَبَاتٌ** : يان ، تەرەپ.

**«كَانَ لِصُرَاخِ الطِّفْلِ صَدَاهُ فِي جَنَبَاتِ الْبَيْتِ»** : كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئۆينىڭ ئەتراپىدا ياڭرايتتى.

**جَنْبِيٌّ** : يان تەرەپ.

**جَنَحَ يَجْنَحُ جَنْحًا الطَّائِرُ** : قۇش قانىتىنى يارلاندۇردى.

**جَنَحَ يَجْنَحُ جَنْحًا وجُنُوحًا**: مايىل بولدى ، قىيسايدى ، قىڭغايدى ، ئاغدى.

**جَنَحَ اللَّيْلُ** : كېچە كىردى ، كېچە يېتىپ كەلدى.

**جَنَحَتِ السَّفِينَةُ**: كېمە تېيىز سۇدا قىيشىيىپ يەرگە تېگىپ توختاپ قالدى.

**«وَإِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا» «قرآن»** : ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا ، سەنمۇ

uyghurkitap.com



تىنچلىقىقا مايىل بول.

**جِنْحٌ** : يان ، يان تەرەپ ، قوغداش، ھىمايە قىلىش.

**جُنْحٌ** : قانات ؛ تەرەپ.

**اَلطَّائِرُ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ** : قۇش ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ.

**جُنْحٌ مِنَ اللَّيْلِ** : كېچىنىڭ بىر قىسمى ؛ كېچە، تۈن.

**فِي جُنْحِ اللَّيْلِ** : كېچە قاراڭغۇلۇقىدا.

**جُنْدٌ ج جُنُودٌ وأَجْنَادٌ**: ئەسكەر ، قوشۇن ، ئارمىيە.

**جُنُودٌ نِظَامِيُّونَ** : دائىمىي ئارمىيە ، مۇنتىزىم قوشۇن.

**جِنْدَارٌ ج جَنَادِرَةٌ**: مۇھاپىزەتچى قوشۇن ، گىۋاردىيە.

**جُنْدُبٌ ج جَنَادِبُ**: چېكەتكە ، چېكەتكىنىڭ بىر تۈرى.

**جَنْدَرَ يُجَنْدِرُ جَنْدَرَةً الثَّوْبَ** : پارقىراتتى ، پارقىرىتىۋەتتى.

**جَنْدَرَةٌ ج جَنَادِرَةٌ** : پارقىرىتىش ماشىنىسى.

**جَنْدَلَ يُجَنْدِلُ جَنْدَلَةً**: يىقىتىۋەتتى.

**جَنْدَلٌ ج جَنَادِلُ**: يوغان تاش ، قورام تاش.

**جُنْدِيٌّ ج جُنُودٌ**: ئەسكەر ، ھەربىي.

**اَلْجُنْدِيُّ الْمَجْهُولُ**: قۇربان بولغان نامسىز قەھرىمان ( ئۇنىڭ قەبرىسى قۇربان بولغانلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ.)

**جُنْدِيَّةٌ** : ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى.

**جَنَزَ يَجْنِزُ جَنْزًا الشَّيْءَ** : نەرسىنى ياپتى ، ئەتتى ، يوشۇردى.

**جَنَسَ يَجْنُسُ جَنْسًا التَّمْرُ**: خورمىنىڭ ھەممەسى ئوخشاش پىششىپ كەتتى.

**جَنِسَ يَجْنَسُ جَنَسًا السَّائِلُ**: سۇيۇقلۇق قېتىپ قالدى.

**جِنْسٌ ج أَجْنَاسٌ**: تۈر، خىل ؛ ئىرق ، ئۇرۇق؛ قانداشلىق.

**«مَا إِنْ ظَهَرَ الْإِسْلَامُ حَتَّى اعْتَنَقَهُ أَقْوَامٌ مِنْ مُخْتَلِفِ الْأَجْنَاسِ»** : ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا تۈرلۈك مىللەت خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى.

**اَلْجِنْسُ**: دۆلەت تەۋەلىكى ، مىللىتى.

**اَلْجِنْسُ الْبَشَرِيُّ**: ئىنسانىيەت ، ئادەمىزات.

**اَلْجِنْسُ اللَّطِيفُ** : ئاياللار ، قىزلار.

**عِلْمُ الْأَجْنَاسِ الْبَشَرِيَّةِ**: ئىرقشۇناسلىق.

**جِنْسِيٌّ** : جىنسلىق ، ئۇرۇقلۇق ؛ تۈرلۈك.

**شُذُوذٌ جِنْسِيٌّ** : تەبىئىي جىنسىي ئالاقە قائىدىسىدىن چەتنەپ كېتىش.

**جِنْسِيَّةٌ**: دۆلەت تەۋەلىكى ؛ مىللىتى، پۇقراقلىق.

**يَحْمِلُ جِنْسِيَّةً مَغْرِبِيَّةً**: ئۇ ماراكەش پۇقراسى.

**عَلَاقَةٌ جِنْسِيَّةٌ** : جىنسىي مۇناسىۋەت.

**جَنَفَ يَجْنِفُ جُنُوفًا وجَنِفَ جَنَفًا** : بۇرۇلۇپ كەتتى ، ئادىشىپ كەتتى، خاتالاشتى، زۇلۇم قىلدى.

**«هُمْ أَهْلُنَا وَإِنْ جَنَفُوا عَلَيْنَا»** : ئۇلار بىزگە زۇلۇم قىلسىمۇ يەنە ئۆز خەلقىمىزدۇر.

**جَنَفٌ**: زۇلۇم ، ناھەقچىلىق ، ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىش ، ياۋۇزلۇق ، ۋەھشىيلىك.

**جَنَقَ يَجْنِقُ جِنْقًا الْحَجَرَ** : مەنجانىقتىن تاش ئاتتى.

**جُنْكٌ ج جُنُوكٌ**: چوڭ زىل.

**جَنَّ يَجُنُّ جَنًّا وجُنُونًا** : يېپىۋالدى ، يوشۇردى ، توسۇۋالدى ، پەردىلىدى.

**جَنَّ اللَّيْلُ**: قاراڭغۇ چۈشتى ، كېچە بولدى.

**«فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا» (قۇرئان)** : ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ . . .

**جَنَّ الْجَنِينُ**: بالىياتقۇدا تۆرەلمە پەيدا بولدى.

**جُنَّ جَنًّا**: ساراڭ بولدى.

**جُنَّ جُنُونُهُ** : ساراڭلىقى تۇتتى.

**جِنٌّ** : جىن ، ئالۋاستى.

**جَنَّازٌ** : خرىستىئان دىنىدا مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمى.

**جَنَّانٌ :** باغۋەن ، گۈل ئۆستۈرگۈچى ، گۈلچى.

**جَنَّبَ يُجَنِّبُ تَجْنِيبًاهُ :** ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ، بىر تەرەپتە قويۇپ قويدى ؛ سىغىندى ؛ يىراقلاشتى.

**جَنَّةٌ جـ جَنَانٌ وجِنَّاتٌ:** جەننەت ، بېھىش ، باغ.

**أَهْلُ الْجَنَّةِ:** ئەھل جەننەت ، جەننەت ئەھلى.

**جَنَّةُ الخُلْدِ :** مەڭگۈلۈك جەننەت.

**جَنَّاتُ عَدْنٍ:** ئەدن جەننىتى.

**جِنَّةٌ :** ساراڭلىق ، تەلۋىلىك ؛ جىن.

**جُنَّةٌ جـ جُنَنٌ :** قوغدايدىغان نەرسە ، يوشۇرۇن تۇرىدىغان نەرسە ، پەردە ، دەرپەردە ، قالقان.

**«اَلصَّومُ جُنَّةٌ» ‹حديث› :** روزا ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن ساقلايدۇ.

**جَنَّحَ يُجَنِّحُ تَجْنِيحًا الشَّيْءَ:** قاناتلاندۇردى ، قانات بەردى.

**جَنَّحَ يَدَيْهِ :** قولىنى پۇلاڭلاتتى.

**جَنَّحَهُ:** ئۇنى ئىلھاملاندۇردى ، رىغبەتلەندۈردى.

**جَنَّدَ يُجَنِّدُ تَجْنِيدًا الْعَسَاكِرَ:** ئەسكەر توپلىدى ، ئەسكەر ئالدى ، ئەسكەر يىغدى.

**جَنَّدَ فُلاَنًا :** ئەسكەر قىلدى ، ھەربىي قىلدى.

**«جُنِّدَعَدَدٌ كَبِيرٌمِنَ الْمُوَاطِنِينَ بِسَبَبِ الْحَرْبِ الْقَائِمَةِ» :** ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقتىن ، زور تۈركۈمدىكى يۇرتداشلار ئەسكەرلىككە ئېلىندى.

**جَنَّزَ يُجَنِّزُ تَجْنِيزًا :** ياپتى ، يوشۇردى.

**جَنَّزَ الْمَيِّتَ:** مېيىتنى جىنازىغا قويدى ، مېيىتنى ياپتى.

**جَنَّسَ يُجَنِّسُ تَجْنِيسًا بِهِ :** . . . غا ئوخشىدى.

**جَنَّسَهُ :** دۆلەت تەۋەلىككە كىرگۈزدى.

**جَنَّقَ يُجَنِّقُ تَجْنِيقًا الْحَجَرَ:** مەنجاناقتىن تاش ئاتتى.

**جَنَّنَ يُجَنِّنُ تَجْنِينًا :** ساراڭ قىلىپ قويدى.

**جِنِّيٌّ:** ساراڭلىق ، جىنىنى.

**جِنِّيَّةٌ جـ جِنِّيَّاتٌ :** ئايال جىن.

**جَنُوبٌ:** جەنۇب ، جەنۇب تەرەپ.

**جَنُوبٌ جـ جَنَائِبُ :** جەنۇب شامىلى ، جەنۇب ، جەنۇب تەرەپ.

**جَنُوبًا:** جەنۇب تەرەپكە ، جەنۇبتا.

**جَنُوبِيٌّ:** جەنۇبلۇق.

**جُنُونٌ:** ساراڭلىق، مەجنۇنلۇق.

**«اِتَّهَمَتْهُ الصُّحُفُ بِجُنُونِ الْعَظَمَةِ» :** مەتبۇئات ئۇنى ئەقىلگە سىغمايدىغان چوڭچىلىق قىلدى دەپ ئەيىبلىدى.

**اَلْجُنُونُ فُنُونٌ:** ساراڭلىق خىلمۇ خىل بولىدۇ.

**جُنُونِيٌّ:** ساراڭلىق.

**«يَسُوقُ بَعْضُ النَّاسِ سَيَّارَاتِهِمْ بِسُرْعَةٍ جُنُونِيَّةٍ» :** بەزى كىشىلەر ماشىنىسىنى ئادەتتىن تاشقىرى تېز ھەيدەيدۇ.

**جَنَى يَجْنِى جِنَايَةً:** گۇناھ قىلدى ، جىنايەت ئۆتكۈزدى.

**جَنَى يَجْنِى جَنْيًا الثَّمَرَ :** مېۋە ئۈزدى ، مېۋە يىغدى.

**«مَنْ يَخْلُصْ لِوَطَنِهِ فَسَيَجْنَى ثَمَرَةَ هَذَا الْإِخْلَاصِ» :** كىمكى ئۆز ۋەتىنىگە ئىخلاس قىلسا، ئۇ شۇ ئىخلاسمەنلىكىنىڭ مېۋىسىنى ئۈزىدۇ.

**جَنَى الْفَائِدَةَ:** پايدا قازاندى.

**جَنَى الذَّهَبَ :** ئالتۇن قازدى.

**اَلْجَنِيبُ :** ئىتائەتچان ، كۆنۈك ؛ ئىگىسى يېتىلەپ ماڭغان تۆگە ياكى ئات ؛ مۇساپىر ، غېرىب ؛ بىر خىل ياخشى سورتلۇق خورما.

**جَنِينٌ جـ أَجِنَّةٌ وأَجْنُنٌ:** تۆرەلمە ، ھامىلە.

**جُنَيْنَةٌ جـ جُنَيْنَاتٌ وَجَنَائِنُ :** باغچا.

**جُنَيْهٌ جـ جُنَيْهَاتٌ :** فوند ، جۇنەيھ.

**جُنَيْهٌ إِنْكِلِيزِيٌّ:** فوند ستېرلىڭ ( ئەنگلىيە پۇل بىرلىكى).

**جُنَيهٌمِصْرِيٌّ :** مىسىر فوندى ( مىسىر پۇل بىرلىكى ).

**جَنِيٌّ:** يېڭى پىشقان.

**«وَهُزِّى إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا**

uyghurkitap.com



**جَنِيًّا» «قرآن»** : خورما دەرىخىنى ئۆز تەرەپىڭگە ئىرغىتقىن ، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ.

**جِهَادٌ** : غازات ، جەڭ ، جىهاد.

**جِهَارٌ** : جاكارلىماق ، ئېلان قىلماق ، ئاشكارا ، ئوچۇق.

**لَقِيَهُ نَهَارًا جِهَارًا** : ئاشكارا ئۇچراشتى.

**«ثُمَّ إِنِّي دَعَوْتُهُمْ جِهَارًا» «قرآن»** : ئاندىن مەن ئۇلارنى توۋلاپ دەۋەت قىلدىم.

**جِهَازٌ ج أَجْهِزَةٌ** : سايمان ، جابدۇق ، ئەسۋاب ، ئۈسكۈنە ؛ ئاپپارات ، سىستېما ، ئورگان.

**جِهَازُ الْعُرُوسِ** : قىز مېلى ( ياتلىق قىلىنغان قىز ئاتا ـ ئانىسىدىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەر.)

**جِهَازُ الدَّوْلَةِ** : دۆلەت ماشىنىسى ، دۆلەت ئورگىنى ، دۆلەت ئاپپاراتى.

**جِهَازُ الْإِرْسَالِ اللَّاسِلْكِيُّ** : سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ، تېلېگراف ئاپپاراتى.

**اَلْجِهَازُ الْحُكُومِيُّ** : ھۆكۈمەت ئورگىنى.

**جِهَازُ الْأَمْنِ** : ئامانلىق ساقلاش ئاپپاراتى.

**اَلْجِهَازُ الرَّحَوِيُّ** : ئاتوم ئېنېرگىيە يەنچىش ماشىنىسى.

**جِهَازُ التَّكْيِيفِ** : ھاۋا تەڭشىگۈچ.

**«جِهَازُ التَّكْيِيفِ عَطْلَانٌ لَا يَعْمَلُ»** : ھاۋا تەڭشىگۈچ بۇزۇق ئىشلىمەيدۇ.

**جِهَازٌ صِحِّيٌّ** : ساقلىقنى ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى.

**جِهَازُ التَّنَفُّسِ** : نەپەس ئېلىش سىستېمىسى.

**جِهَازُ التَّدْفِئَةِ الْمَرْكَزِيَّةِ** : پار قازان؛ ئىسسىقلىق تارقىتىش مەركىزى.

**جِهَازٌ عَصَبِيٌّ** : نېرۋا سىستېمىسى.

**جِهَازٌ دَمَوِيٌّ** : قان ئايلىنىش سىستېمىسى.

**جِهَازُ الْهَضْمِ** : ھەزىم قىلىش سىستېمىسى.

**اَلْجِهَازُ التَّنَاسُلِيُّ** : تاناسىل ئەزا سىستېمىسى ، جىنسىي ئەزا.

**اَلْجِهَازُ الْإِقْتِصَادِيُّ** : ئىقتىسادىي ئورگان.

**أَجْهِزَةُ النَّقْلِ** : قاتناش قوراللىرى.

**أَجْهِزَةُ الْإِعْلَامِ** : ئاخبارات ئورگانلىرى.

**أَجْهِزَةُ الطَّاقَةِ الذَّرِّيَّةِ** : ئاتوم ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسى.

**جَهَالَةٌ** : بىلمەسلىك ، بىلىمسىزلىك ، نادانلىق؛ ئەخمەقلىق ، ھاماقەتلىك ، دۆتلۈك.

**جَهَامٌ** : يامغۇرسىز بۇلۇت ؛ تۇتەك.

**جَهَامَةٌ** : قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتمەك ، قاپىقى چۈشۈپ كەتمەك ، چىرايى تۇتۇلماق.

**جِهْبِذٌ . جَهْبَذٌ ج جَهَابِذَةٌ** : ئۆتكۈر ، چوڭقۇر ، پىكىرلىك.

**جَهَدَ يَجْهَدُ جَهْدًا** : تىرىشتى ، كۈرەش قىلدى ؛ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى يۈكلىدى.

**جَهَدَ يَجْهَدُ جَهْدًا الدَّابَّةَ** : ئۇلاغنى چۆدىتىۋەتتى.

**«كَانَ يَجْهَدُ لِأَنْ يُكْمِلَ دِرَاسَتَهُ فِي وَقْتٍ مُبَكِّرٍ»** : ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنى بالدۇرراق تاماملاش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

**جَهْدٌ ج جُهُودٌ** : مۇشەققەت؛ كۈچ سەرپ قىلماق ، تىرىشماق ، تىرىشچانلىق ؛ چارچاش.

**بَذَلَ جَهْدَهُ** : كۈچ سەرپ قىلدى ، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ، بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالدى.

**«لَمْ يَدَّخِرْ جَهْدًا فِي سَبِيلِ تَرْبِيَةِ أَبْنَائِهِ»** : باللىرىنى تەربىيىلەش يولىدا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشتى.

**جُهْدٌ** : قابىلىيەت ، ئىقتىدار ، كۈچ ـ قۇۋۋەت ؛ ئىمكانىيەت.

**بِجُهْدٍ جَهِيدٍ** : ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە.

**أَفْرَغَ جُهْدَهُ** : ھەر جەھەتتىن تىرىشتى.

**جُهْدَ طَاقَتِهِ** : كۈچى يېتىشىچە ، كۈچىنىڭ بارىچە ، قولىدىن كېلىشىچە.

**أَقْصَى الْجُهْدِ** : قولىدىن كېلىشىچە ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە.

**جُهْدَ الْمُسْتَطَاعِ** : ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە.

**جَهَرَ يَجْهَرُ جَهْرًا** : جاكارلىدى ، ئېلان قىلدى ، ئاشكارىلىدى ، ئۇقتۇردى.

**جَهَرَ الشَّيْءُ** : ئاشكارا بولدى.

**جَهَرَ الصَّوْتَ**: ئاۋازىنى كۆتۈردى ، توۋلىدى.

**جَهَرَ بِالْقَوْلِ** : ئاۋازلىق سۆزلىدى.

**«وإِنْ تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى» «قرآن»** : ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر) چۈنكى ئۇ، سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

**جَهُرَ يَجْهُرُ جَهَارَةً الصَّوْتُ** : ئاۋاز جاراڭلىدى ، كۆتۈرۈلدى.

**جَهْرٌ. جَهْرَةٌ** : جاكارلىماق ، ئېلان قىلماق ؛ ئاشكارا ؛ ئوچۇق.

**عَبَّرَ عَنْ رَأْيِهِ جَهْرًا**: پىكرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى.

**سِرًّا وجَهْرًا**: يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ، مەخپىي ۋە ئاشكارا.

**«لاَيُحِبُّ اللّٰهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلاَّ مَنْ ظُلِمَ» «قرآن»** : زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا (ھەرقانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ.

**«لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللّٰهَ جَهْرَةً» «قرآن»** : ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز.

**جُهُرٌ**: سالاپەت ، قىياپەت.

**جُهُرُ الرَّجُلِ**: سالاپىتى ، سىرتقى قىياپىتى ؛ قەددى ـ قامىتى ، كۆرۈنۈشى.

**جَهَزَ يَجْهَزُ جَهْزًا عَلَى الْجَرِيحِ**: ئۆلتۈرۈۋەتتى.

**جَهَشَ يَجْهَشُ جَهْشًا وجُهُوشًا وجَهْشَانًا** : يىغا تۇتتى.

**جَهَشَ إِلَيهِ** : قورقۇپ ئېتىلدى.

**جَهَشَ الصَّبِيُّ إِلَى أُمِّهِ**: كىچىك بالا قورقۇپ ئانىسىغا ئېتىلدى.

**جَهْشَةٌ ج جَهَشَاتٌ** : كۆز يېشى ، ياش.

**جَهَضَ يَجْهَضُ جَهْضًا**: توستى ، مەنئىي قىلدى ، چەكلىدى ، ئالدىنى ئالدى.

**جِهْضٌ** : چۈشۈك ، چالا تۇغۇلغان بالا.

**جَهْضٌ** : بويىدىن ئاجراش ؛ بالا چۈشۈرۈش.

**جَهِلَ يَجْهَلُ جَهْلًا وَجَهَالَةً** : بىلمىدى ، تونۇمىدى ، دۆتلۈك قىلدى ، ھاماقەتلىك قىلدى.

**«مَازِلْنَا نَجْهَلُ بِحَقَائِقِ الْعَالَمِ الْخَارِجِيِّ»** : تاشقى دۇنيانىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى يەنىلا بىلمەيمىز.

**جَهْلٌ** : بىلمەسلىك ، بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ، ئەخمەقلىق.

**جَهْلٌ مُطْبِقٌ** : قارا تۇرۇكلۇك ، ھېچنەرسىنى بىلمەسلىك ، ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەسلىك.

**جَهَمَ وجَهِمَ يَجْهَمُ جَهْمًا** : قاپىقىنى تۈرۈپ قارشى ئالدى ، چىرايى تۇتۇق قارشى ئالدى.

**جَهُمَ يَجْهُمُ جَهَامَةً**: قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى، قاپاقلىرى تۈرۈلدى ، چىرايى تۇتۇلدى.

**جَهْمٌ** : چىرايى تۇتۇق ، قاپىقى تۈرۈك ، سۈرۈن تەلەت ؛ قاپىقىنى تۈرۈپ قارشى ئالماق ؛ سوغۇق قارشى ئالماق.

**اِسْتَقْبَلَهُ بِوَجْهِ جَهْمٍ** : ئۇنى سوغۇققىنا قارشى ئالدى.

**جَهَنَّمُ** : دوزاخ ، جەھەننەم.

**جَهَنَّمِيٌّ** : دوزىخى؛ ئاقىلانە ھەرىكەت؛ ھەددىدىن زىيادە.

**رَسَمَ خُطَّةً جَهَنَّمِيَّةً** : ئۇ ئاقىلانە پىلان تۈزدى.

**«قَادَ السَّيَّارَةَ بِسُرْعَةٍ جَهَنَّمِيَّةٍ»** : ئۇ ماشىنىسىنى ئۆلگۈدەك تېز ھەيدىدى.

**جَهَنَّمِيَّةٌ** : دوزىخى.

**آلَةٌ جَهَنَّمِيَّةٌ** : قەزەللىك بومبا.

**جَهَّزَ يُجَهِّزُ تَجْهِيزًا** : تەييارلىدى ، راسلىدى ، تەييار قىلدى ، تەمىن ئەتتى.

**«جُهِّزَتِ الْمَدَارِسُ بِمَا تَحْتَاجُ مِنَ الْكُتُبِ وَالْأَدَوَاتِ»** : مەكتەپلەر ئېھتىياجلىق بولغان كىتاب ۋە قوراللار بىلەن تەمىنلەندى.

**جَهَّلَ يُجَهِّلُ تَجْهِيلًا الشَّخْصَ** : كىشىنى نادانلىقتا قالدۇردى ، ساۋاتسىز قالدۇردى.

**جَهَّى يُجَهِّي تَجْهِيَةً الْجُرْحَ** : يارا ئېغىزىنى چوڭايتىۋەتتى.

**جَهْوَاءٌ**: سۈپسۈزۈك، ئوچۇق.

**سَمَاءٌ جَهْوَاءُ**: سۇپسۇزۇك ئاسمان.

**جَهْوَرِيٌّ** : جاراڭلىق، ئاۋازلىق، ياڭراق.

**رَجُلٌ جَهْوَرِيُّ الصَّوْتِ** : يۇقىرى ئاۋازلىق ئادەم، ئاۋازى جاراڭلىق ئادەم.

**جَهُولٌ ج جُهَلَاءُ** : نادان، بىلىمسىز، ساۋاتسىز، جاھىل، ئەخمەق، گالۋاڭ، دۆت.

**جَهِيَ يَجْهَى جَهًى الْبَيْتُ** : ئۆي خاراب بولدى، خارابىلىققا ئايلاندى.

**جَهِيرٌ ج جُهَرَاءُ** : كۆرۈنەرلىك، جاراڭلىق، يۇقىرى ئاۋاز؛ لايىق.

**كَانَ جَهِيرَ الصَّوْتِ** : ئۇ يۇقىرى ئاۋازلىق ئىدى.

**هُوَ جَهِيرٌ لِلْمَعْرُوفِ**: ئۇ ياخشىلىققا لايىق.

**اَلْجَهِيزُ** : يېنىك ماڭىدىغان، تېز يۈگۈرىدىغان.

**مَوْتٌ جَهِيزٌ** : ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم.

**جَهِيضٌ** : چۈشۈك، چالا تۇغۇلغان بالا.

**جَوَابٌ ج أَجْوِبَةٌ وَجَوَابَاتٌ**: جاۋاب، جاۋاب قايتۇرۇش.

**جَوَابٌ مُسْكِتٌ** : رەت قىلغىلى بولمايدىغان جاۋاب.

**جَوَابِيٌّ** : جاۋاب.

**«رَدَّ عَلَيْهِ رِسَالَةً جَوَابِيَّةً»** : ئۇنىڭغا جاۋاب خەت قايتۇردى.

**جَوَادٌ ج جِيَادٌ وأَجْيَادٌ وأَجَاوِيدُ**: ياخشى ئات، يۈگۈرۈك ئات، چاپقۇر ئات، يورغا ئات.

**«لِلْجَوَادِ الْعَرَبِيِّ الأَصِيلِ مَكَانَةٌ مَرْمُوقَةٌ فِي الْعَالَمِ أَجْمَعَ»** : نەسىللىك ئەرەب ئېتى پۈتۈن دۇنيادا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە.

**جَوَادٌ ج أَجْوَادٌ وأَجَاوِدُ وأَجَاوِيدُ وجُودٌ وَجُودَةٌ وجُودَاءُ** : سېخى، مەرد، قولى ئوچۇق.

**جِوَارٌ**: قوشنىدارچىلىق، باشپاناھلىق.

**لَهُ حَقْلٌ بِجِوَارِ أَحَدِ الأَنْهَارِ**: ئۇنىڭ بىر ئۆستەڭ يېنىدا ئېتىزلىقى بار.

**مُعَاهَدَةُ حُسْنِ الْجِوَارِ**: ئىناق قوشنىدارچىلىق شەرتنامىسى.

**اِنْتَقَلَ إِلَى جِوَارِ رَبِّهِ**: ۋاپات بولدى، ئالەمدىن ئۆتتى:

**«شَاهَدْتُ شَيْخًا كَبِيرًا وَاقِفًا بِجِوَارِي»** : ياشانغان بىر بوۋاينىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

**سِيَاسَةُ حُسْنِ الْجِوَارِ**: ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى.

**جَوَارِشُ. جَوَارِيشُ**: قەنت ـ گېزەك، تاتلىق يېمەكلىكلەر.

**جَوَازٌ ج أَجْوِزَةٌ و جَوَازَاتٌ**: كىملىك، پۇقرالىق كىنىشكىسى.

**جَوَازٌ** : پاسپورت.

**«حَصَلْتُ عَلَى جَوَازِ الْمُرُورِ لِمُدَّةِ سَنَةٍ»** : مۇددىتى بىر يىللىق پاسپورتقا ئېرىشتىم.

**جَوَازٌ شَرْعِيٌّ**: قانۇنلۇق كىنىشكا.

**جَوَازُ السَّفَرِ** : يول خېتى؛ پاسپورت.

**جُوَالٌ ج جُوَالَاتٌ وَأَجْوِلَةٌ** : خالتا، تاغار، چىپتا.

**جُوَانِيٌّ ج جُوَانِيَّاتٌ** : پەلەي، قولقاپ.

**جَوْبٌ**: ساياھەت قىلماق، كەزمەك.

**جَوْبَةٌ ج جُوَبٌ** : ئازگال، ئورەك.

**جَوْخٌ ج أَجْوَاخٌ**: يۇڭ توقۇلما.

**اَلْجُوخَةُ**: ئورەك.

**جَوْدٌ** : مول، كۆپ.

**مَطَرٌ جَوْدٌ** : مول يامغۇر.

**جُودٌ**: مەردلىك، سېخىيلىق.

**جَوْدَةٌ. جُودَةٌ** : ياخشى، مۇنەۋۋەر، ئەۋزەل؛ ئۈنۈم، نەتىجە؛ ئالاھىدە ئېسىل، سۈپەتلىك.

**جَوْدَةُ الْكَلَامِ فِي الاِخْتِصَارِ**: سۆزنىڭ پاساھەتلىكى ئىخچاملىقتا.

**جَوْذَرٌ. جُوذَرٌ ج جَوَاذِرُ**: ياۋا كالا موزىيى.

**جَوْرٌ** : زۇلۇم، ئېزىش، خارلاش؛ ناھەقچىلىق.

**جَوْرَبٌ ج جَوَارِبُ وجَوَارِبَةٌ وجَوْرَبَاتٌ** : پايپاق، قىسقا پايپاق.

**جَوْرَبٌ قَصِيرٌ** : قىسقا پايپاق.

**أُرِيدُ أَنْ اَشْتَرِيَ جَوَارِبَ نَايْلُون:** نىلون پايپاق سېتىپ ئالماقچىمەن.

**جَوْزٌ ج أَجْوَازٌ:** ياڭاق.

**جَوْزٌ أَرْقَمُ :** خاسىڭ.

**جَوْزٌ أَمْرِيكِيٌّ:** قارا ياڭاق.

**جَوْزُ الْبَلُّوطِ:** دۈپ ياڭىقى ، توڭگۇز ياڭىقى.

**جَوْزُ جُنْدُمٍ :** مۇخ.

**جَوْزُ الْمَرَجِ:** كاكىنەچ ، شۇخلەك ، غارغار ، قىزىل قۇلاق.

**جَوْزٌ هِنْدِيٌّ :** جەۋزى ھىندى ، يېزى ، كوكۇس.

**جَوْزُ الطِّيْبِ :** جۇزبۇۋا ، جويۇز.

**جَوْزٌ أَو فَرْدٌ:** جۈپ سان ياكى تاق سان.

**خَشَبُ جَوْزٍ:** ياڭاق ياغىچى.

**أَجْوَازُ الْفَضَاءِ:** يۇقىرى ئالەم بوشلۇقى.

**«حَلَّقَ فِي أَجْوَازِ الْفَضَاءِ» :** ( قۇش ) ھاۋا بوشلۇقىدا ئەگىدى.

**اَلْجَوْزَاءُ:** جەۋزا بۇرجى ، قوش يۇلتۇز ، جورا يۇلتۇز.

**جَوْزَلُ الْحَمَّامِ ج جَوَازِلُ :** باچكا ، كەپتەر بالىسى.

**جَوْزِيٌّ :** ياڭاق رەڭ.

**جَوْسَقُ ج جَواسِقُ و جَوَاسِيقُ :** ساراي ، قەسىر ، ئوردا.

**جَوْشَنٌ ج جَوَاشِنُ :** كۆكرەك ؛ ساۋۇت ؛ يېرىم كېچە.

**جُوعٌ:** ئاچلىق ، ئاچارچىلىق.

**جَوِفَ يَجْوَفُ جَوَفًا :** بوش قالدى ، كاۋاك بولۇپ قالدى.

**جَوْفٌ ج أَجْوَافٌ:** ئىچى ، ئىچكى قىسمى ؛ قورساق.

**جَوْفُ الْأَرْضِ:** يەر ئاستى ، يەر قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمى.

**جَوْفُ الْخِضَمِّ :** ئوكيانىنىڭ چوڭقۇر يېرى.

**فِي جَوْفِ اللَّيْلِ:** يېرىم كېچە ، تۈن يېرىم.

**«وَلَمَّا كُنَّا فِي جَوْفِ اللَّيْلِ أَيْقَظَنِي لِلسُّحُورِ» :** يېرىم كېچىدە مېنى سوھۇرلۇققا ئويغاتتى.

**كَلِمَاتٌ جَوْفَاءُ :** قۇرۇق گەپ.

**جَوْفِيٌّ:** يوغان قورساق.

**مِيَاهٌ جَوْفِيَّةٌ:** يەر ئاستى سۈيى.

**جَوقٌ ج أَجْوَاقٌ :** جامائەت ، ئامما ؛ دراما مۇزىكا ئەترىتى ؛ كىچىك خور گۇرۇپپىسى.

**جَوْقَةٌ ج جَوْقَاتٌ:** دراما ئۆمىكى ، سەنئەت ئۆمىكى ، ئانسامبىل.

**جَوْقَةُ الشَّرَفِ:** ھۆرمەت قاراۋۇلى.

**جَوْقَةٌ مُوسِيقِيَّةٌ :** مۇزىكا ئەترىتى ، ئوركېستىر ، مۇزىكىچىلار ، سازەندىلەر.

**جَوْلٌ. جَوْلَانٌ :** سەيلە قىلماق ، ئايلانماق ، چۆرگىلىمەك ، جەۋلان قىلماق.

**جَوْلَةٌ:** ساياھەت قىلىش ، ئايلىنىش ، مېڭىش ، ( تەنھەرىكەتتە ) بىر مەيدان.

**جَوْلَقٌ ج جَوَالِقُ و جَوَالِيقُ:** خالتا ، تاغار ، چىپتا ، قاپ.

**اَلْجُومُرُ:** خورما يىلىمى ؛ گور ؛ باش.

**جَوْنٌ ج جُونٌ:** ئاق ؛ قارا ؛ سۇس قىزىل.

**جَوْنٌ مِنَ الْخَيْلِ:** قارا ئات.

**جُوْنٌ. جُونَةٌ ج جُوَنٌ و جَوْنٌ:** قولتۇق ، بوغۇز ؛ ( دېڭىزنىڭ ) پورت.

**جَوْهَرٌ ج جَوَاهِرُ :** ماھىيەت ، مېغىزى ، يىلىك ، قىممەتلىك تاش ، جەۋھەر.

**«كَانَ يَتَمَنَّى أَنْ يَجُودَ عَلَى زَوْجَتِهِ بِالْجَوَاهِرِ» :** ئۇ ئايالىغا قىممەتلىك تاشلارنى سوۋغا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

**اَلْجَوْهَرُ الْفَرْدُ :** ئاتوم.

**جَوْهَرَةٌ ج جَوْهَرَاتٌ :** گۆھەر ، ئۈنچە ، ياقۇت ، مەرۋايىت ، جەۋھەر.

**جَوْهَرِيٌّ :** مۇھىم ، ماھىيەتلىك ، ئاساسلىق.

**جَوْهَرِيَّةٌ :** مۇھىم ، ماھىيەتلىك ، ئاساسلىق.

**جَوٌّ ج جِوَاءٌ:** ھاۋا ، ھاۋا بوشلۇقى؛ ئاتموسفېرا.

**جَوُّ الْبَيْتِ :** ئۆينىڭ ئىچى.

**جَوُّ كُلِّ شَيْءٍ :** ئىچكى قىسىم ، ئىچىدىكى ،

www.uyghurkitap.com

ئىچى.

«جَرَتِ الْمُبَاحَثَاتُ فِي جَوٍّ وُدِّيٍّ» : مۇزاكىرە دوستلۇق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى.

«جَرَتِ الْمُنَاقَشَاتُ فِي جَوٍّ يَسُودُهُ التَّفَاهُمُ» : مۇزاكىرە ئۆزئارا چۈشىنىش كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتتى.

«كَانَ الْجَوُّ مُمْطِرًا أَوْ بَارِدًا» : ھاۋا يامغۇرلۇق ياكى سوغۇق ئىدى.

«أَلَمْ يَرَوا إِلَى الطَّيْرِ مُسَخَّرَاتٍ فِي جَوِّ السَّمَاءِ» «قۇرئان» : ئۇلار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟

جَوَّابٌ: ساياھەتچى ، سەيياھ، يۇرت كېزەر.

جَوَّادٌ: سېخىي ، قولى ئوچۇق ، مەرد.

جَوَّاسٌ : ئارسلان.

جَوَّالٌ : سەيلە قىلغۇچى ، كۆپ ئايلانغۇچى ، كۆپ كەزگۈچى ؛ سەرگەردان ، يۇرت كېزەر.

بَائِعٌ جَوَّالٌ : سەييارە سېتىقچى.

جَوَّالَةٌ: موتسىكلىت؛ سەيياھ، ساياھەتچى.

جَوَّانِيٌّ : ئىچكى قىسمى.

جَوَّدَ يُجَوِّدُ تَجْوِيدًا: ياخشىلىدى ؛ گۈزەللەشتۈردى، يۇقىرى كۆتۈردى.

جَوَّدَ الْقَارِئُ : قارىي قۇرئاننى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇدى.

«أَرَادَ بِكِتَابِهِ أَنْ يُسَاعِدَ النَّاشِئِينَ عَلَى أَنْ يُجَوِّدُوا إِنْتَاجَهُمُ الشِّعْرِيَّ وَالنَّثْرِيَّ» : ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابى بىلەن ئۆسمۈرلەرنىڭ شېئىرىيەت ۋە نەسرى ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان.

جَوَّزَ يُجَوِّزُ تَجْوِيزًا الأَمْرَ : رۇخسەت قىلدى ، جايىز قىلدى ؛ يول قويدى ؛ كەڭچىلىك قىلدى ؛ تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

جَوَّزَ الْحُكْمَ: ھۆكۈمنى جائىز قىلدى ، قوبۇل قىلدى.

جَوَّزَ لِلطَّالِبِ مَاصَنَعَ : ئوقۇغۇچىغا قىلغان ئىشىغا رۇخسەت قىلدى.

جَوَّعَ يُجَوِّعُ تَجْوِيعًا : ئاچ قويدى ، تاماقتىن توستى.

جَوِّعْ كَلْبَكَ يَتْبَعْكَ : ئىتىڭنى ئاچ قويساڭ ساڭا ئەگىشىدۇ.

جَوَّلَ يُجَوِّلُ تَجْوِيلًا الْبِلَادَ: ئايلاندى ، كەزدى ؛ سەيلە قىلدى.

جَوِّيٌّ : ھاۋالىق ، ھاۋاغا مەنسۇپ ، كەيپىيات.

أُسْطُولٌ جَوِّيٌّ : ھاۋا ئارمىيىسى.

بَرِيدٌ جَوِّيٌّ : ئاۋئاتسىيە پوچتىسى ، ھاۋا پوچتىسى.

حَجَرٌ جَوِّيٌّ : ئاسماندىن چۈشكەن تاش ، مېتېئورىت.

اَلضَّغْطُ الْجَوِّيُّ: ھاۋا بېسىمى ، ئاتموسفېرا.

شِرْكَةُ الْخُطُوطِ الْجَوِّيَّةِ: ئاۋئاتسىيە شىركىتى.

ظَاهِرَةٌ جَوِّيَّةٌ : ئاتموسفېرا ھادىسىلىرى.

عِلْمُ الظَّاهِرَةِ الْجَوِّيَّةِ : ھاۋارايى ئىلمى.

اَلأَرْصَادُ الْجَوِّيُّ: مېتېئورولوگىيە.

مَحَطَّةُ الأَرْصَادِ الْجَوِّيَّةِ: ھاۋارايى پونكىتى ، ھاۋارايى ئىستانسىسى.

قُوَّاتٌ جَوِّيَّةٌ : ھاۋا ئارمىيىسى.

غَارَةٌ جَوِّيَّةٌ: ھاۋا ھۇجۇمى.

اَلنَّشْرَةُ الْجَوِّيَّةُ: ھاۋارايى خەۋىرى ، ھاۋارايىدىن مەلۇمات.

جَوِيَ يَجْوَى جَوًى : قايغۇردى ، ھەسرەت چەكدى، ئېچىندى؛ ئىشق ئوتىدا كۆيدى.

جَوًى : كۆيۈك ، يوشۇرۇن ئىشق ـ مۇھەببەت؛ قايغۇ ـ ھەسرەت.

جُوَيْدَارٌ : قارا بۇغداي ، يالىڭاچ ئارپا.

جَيْئَةً وَذِهَابًا: ئالدى ـ كەينىگە ماڭدى.

«كَانَ يَقْطَعُ الْغُرْفَةَ جَيْئَةً وَذِهَابًا» : ئۇ ئۆيدە ئالدى ـ كەينىگە ماڭاتتى.

جَيْأَلٌ. جَيْأَلَةٌ: سىرتلان.

جَيْبٌ ج جُيُوبٌ : يۈرەك ، دىل ؛ قويۇن ؛ ياقا ؛ يانچۇق.

قَامُوسُ الْجَيْبِ : يانچۇق لۇغىتى.

سِكِّينُ الْجَيْبِ : قەلەمتىراچ ، بەكە.

مَصْرُوفُ الْجَيْبِ : پارچە ـ پۇرات چىقىم.

**سَاعَةُالْجَيْبِ:** يانچۇق سائىتى، قويۇن سائىتى.

**نَاصِحُ الْجَيْبِ :** سادىق ، سەمىمىي ، پىداكار ، ئىخلاسمەن.

**مِنْ جَيْبِهِ الْخَاصِّ :** ئۆز پۇلى بىلەن ، ئۆزنەپ‍ىقىسى بىلەن ، ئۆز خىراجىتى بىلەن ، ئۆز راسخوتى بىلەن.

**جَيْحُونْ:** ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

**جِيدٌ ج أَجْيَادٌ وَجُيُودٌ :** بويۇن.

**جِيْرٌ :** هاك ، گەج.

**طُلِيَ الْجِدَارُ بِالْجِيرِ :** تام گەج بىلەن سۇۋالدى.

**جِيرٌ حَيٌّ :** خام هاك.

**مَاءُ الْجِيْرِ :** هاك سۈيى.

**جِيرٌ مُطْفَأٌ:** پىششىق هاك.

**نِثْرَاتُ الْجِيْرِ :** ئازوتلاشتۇرۇلغان هاك.

**جِيْرَةٌ :** قوشنىدارچىلىق ؛ باشپاناھلىق قوشنا.

**جِيزٌ :** ئۈيمانلىقنىڭ ياقىسى.

**جَيْشٌ ج جُيُوشٌ :** ئارمىيە ، قوشۇن ، قىسىم.

**جَيْشٌ نِظَامِيٌّ :** مۇنتىزىم قوشۇن.

**جَيْشُ التَّحْرِيرِ الشَّعْبِيِّ الصِّيْنِيِّ :** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى.

**جَيْشٌ جَرَّارٌ :** زور قوشۇن.

**جَيْشٌ مُرَابِطٌ :** جايلاشتۇرۇلغان ، تۇرۇشلۇق قىسىم.

**جَيْشُ الْمُتَطَوِّعِيْنَ :** پىدائىي قىسىم.

**جَيْشُ الْإِحْتِلَالِ:** ئىشغالىيەتچى قوشۇن.

**وَحْدَاتُ الْجَيْشِ:** ھەربىي ئورگان ، ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ، ھەربىي تارماقلار.

**مَجْلِسُ الْجَيْشِ:** ھەربىي كېڭەش ، ھەربىي كومىتېت ، ھەربىي ئىشلار يىغىنى.

**جَيَشَانٌ :** قاينام ـ تاشقىنلىق ، قايناق ؛ جۇش ئۇرماق ، ئۇرغۇماق ؛ ئۆركەش ، دولقۇن.

**جَيَشَانُ النَّفْسِ :** كۆڭلى ئېلىشماق ، قۇسماق ، ياندۇرماق.

**جَيَشَانٌ عَالٍ :** زور داۋالغۇش.

**جَيْصٌ ج أَجْيَاصٌ :** ئوسۇرۇق ، يەل.

**اَلْجَيْعَمُ :** كۆرگەنلا نەرسىنى يېگۈسى كېلىدىغان ئادەم ، ئاچكۆز.

**جِيفَةٌ ج جِيَفٌ وأَجْيَافٌ :** پۇراپ قالغان جەسەت ؛ تاپ.

**جِيلٌ ج أَجْيَالٌ :** ئەسىرداش كىشىلەر ، زامانداش كىشىلەر ؛ ئۇرۇق ـ ئەۋلاد ؛ ئۇرۇق ، مىللەت ، قەبىلە ؛ بىر ئەۋلاد ، دەۋر.

**جِيلُ الشُّيُوخِ :** ياشانغانلار.

**«مَا أَعْلَمُ مِنْ جِيلٍ كَانَ أَخْبَثَ مِنْكُمْ» :** سىلەردىنمۇ ناچارراق بىر ئەۋلاد ئادەملەرنى كۆرگىنىم يوق.

**اَلْجِيْلُ الصَّاعِدُ:** يېڭى ئەۋلاد.

**عَلَى مَرِّ الْأَجْيَالِ:** زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن.

**مِنْ جِيْلٍ إِلَى جِيْلٍ :** ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا.

**جُيُولُوجِيَا :** گېئولوگىيە.

**جِيُولُوجِيٌّ:** گېئولوگ.

**جَيَّارٌ :** هاكچى ، هاك كۆيدۈرۈش ئىشچىسى.

**جَيَّارَةٌ ج جَيَّارَاتٌ :** هاك خۇمدىنى.

**جَيَّاشٌ :** ئۆركەشلەپ تۇرغۇچى ، دولقۇنلىغۇچى.

**جَيَّبَ يُجَيِّبُ تَجْيِيبًا الْقَمِيصَ :** كۆڭلەككە يانچۇق قىلدى.

**جَيِّدٌ :** ياخشى ، ئوبدان ، سېخىي ، قولى ئوچۇق ، مەرد.

**نَجَحَ بِدَرَجَةِ جَيِّدٍ:** ئىمتىھاندا « ياخشى » دېگەن نەتىجىگە ئېرىشتى.

**جَيِّدٌ جِدًّا :** ناھايىتى ياخشى.

**جَيِّدًا :** ياخشى ، ئوبدان ، ئەلا ، ئېسىل ، خىل ، گۈزەل ، ئەۋزەل.

**جَيَّرَ يُجَيِّرُ تَجْيِيرًا الْمَنْزِلَ :** ئۆينى ئاقارتتى ، ئۆينى ئاقلىدى.

**جَيَّرَ الْبِئْرَ :** قۇدۇقنى چوڭقۇرلاتتى.

**جَيَّرَ الصَّكَّ :** ھۆججەتكە ئىمزا قويدى.

**جَيَّصَ يُجَيِّصُ تَجْيِيصًا :** ئوسۇردى ، يەل قويۇۋەتتى.

# ح

ح «حَاءٌ»: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ ئالتىنچى ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «8» نى بىلدۈرىدۇ.

**حَابَ يَحُوبُ حَوْبًا وَ حُوبًا وَ حَوْبَةً بِكَذَا:** جىنايەت ئۆتكۈزدى، گۇناھ قىلدى.

**حَابٌ. حَابَةٌ:** گۇناھ، جىنايەت.

**حَابِلٌ:** ئوۋچى، قاپقان قۇرغۇچى، قاماق سالغۇچى؛ سېھىرگەر؛ توقۇمىچى.

**حَابِلُ النَّسِيجِ:** ئۇرۇش يىپ.

**اِخْتَلَطَ الْحَابِلُ بِالنَّابِلِ:** قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى.

**حَابَى يُحَابِي مُحَابَاةً وَ حِبَاءً:** ياردەم بەردى، يان باستى.

**حَابَى الْقَاضِي فِي الْحُكْمِ:** قازى ياكى سودىيە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئېغىپ كەتتى، قازى يان باستى، تەرەپىنى ئالدى.

**حَابَى الْوُجُوهَ:** يالاقچىلىق قىلدى، خۇشامەت قىلدى، تەخسىكەشلىك قىلدى.

**حَابَى الصَّبِيَّ:** كىچىك بالىنى ئېغىزلاندۇردى.

**حَاجَ يَحُوجُ حَوْجًا:** نامراتلاشتى، كەمبەغەللەشتى، موھتاج بولدى.

**حَاجِبٌ ج حَوَاجِبُ:** ياپقۇچى، سەتىر قىلغۇچى؛ قاش.

**حَوَاجِبُ كَثِيفَةٌ:** قويۇق قاش، قاراقاش.

**حَاجِبٌ ج حَجَبَةٌ وَ حُجَّابٌ:** زىيارەتچى ۋە مېھمانلارنى كۈتكۈچى خادىم، مۇلازىم؛ دەرۋازىۋەن؛ تۇساق؛ ھەر نەرسىنىڭ چېتى.

**حَاجَةٌ ج حَاجٌ وَ حِوَجٌ وَ حَاجَاتٌ وَ حَوَائِجُ:** ھاجەت، ئېھتىياجلىق نەرسە، نەرسە - كېرەك؛ ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت؛ ئارزۇ - تىلەك.

**قَضَى الْحَاجَةَ:** ھاجەتتىن چىقتى؛ چوڭ مەدەت قىلدى.

**«لَا حَاجَةَ لِي بِهِ»:** ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەسمەن، ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق.

**قَضَى حَاجَتَهُ:** ئارزۇسىنى قاندۇردى.

**لَا حَاجَةَ بِهِ إِلَيَّ:** موھتاج بولمايدۇ، ھاجەت ئەمەس.

**هُوَ فِي حَاجَةٍ إِلَى:** ئۇ . . . غا موھتاج.

**«لِكُلِّ إِنْسَانٍ حَاجَاتُهُ الْمَادِّيَّةُ وَ الرُّوحِيَّةُ»:** ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرى بولىدۇ.

**«خَرَجَ لِشِرَاءِ بَعْضِ الْحَوَائِجِ الْمَنْزِلِيَّةِ»:** بەزى ئائىلە لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقتى.

**حَاجَّ يُحَاجُّ مُحَاجَّةً وَحِجَاجًا:** مۇنازىرىلەشتى؛ ھۆججەتلەشتى، جېدەللەشتى، تالاش - تارتىش قىلدى.

**«أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ»** «قۇرئان»: پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەمنى كۆرمىدىڭمۇ؟

**«وَحَاجَّهُ قَوْمُهُ قَالَ أَ تُحَاجُّونِّي فِي اللّٰهِ وَقَدْ هَدَانِ»** «قۇرئان»: ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى. ئىبراھىم ئېيتتىكى: «مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن ئاللاھ (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟».

**حَاجٌّ ج حُجَّاجٌ وَحَجِيجٌ. حُجٌّ م حَاجَّةٌ ج حَوَاجٌّ:** ھەج قىلغۇچى، ھاجى.

**«أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ»** «قۇرئان»: سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسچىتى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى . . . ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟.

**حَاجَّةٌ:** قولاقنىڭ يۇمشىقى.

**حَاجِرٌ ج حُجْرَانٌ** : ئېگىزلىكتىكى ئويمان يەر ؛ هاجىلارنىڭ ئارامخانىسى.

**حَاجِرُ الْعَيْنِ** : كۆز چانىقى.

**حَاجِزٌ ج حَجَزَةٌ وَ حَوَاجِزُ** : پاسىل ، توساق ، دەرپەردە ؛ قىلىچنىڭ بېسى.

**حَاجِزُ السُّلَّمِ** : رېشاتكا ، سالاسۇن ، ۋادەك ، توساق.

**حَاجِزُ الْأَمْوَاجِ** : تىگەن ، سۇ توسمىسى.

**حَاجِزٌ جُمْرُكِيَّةٌ** : تاموژنا ، قاراۋۇلخانا ، چازا.

**حَوَاجِزُ حَرَجِيَّةٌ وَاقِيَةٌ** : ئىهاتە ئورمانلىقى.

**سِبَاقُ الْحَوَاجِزِ** : تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا سەكرەپ ئۆتىدىغان ياغاچ.

**اِجْتَازَ الْحَوَاجِزَ** : توسقۇنلۇقلاردىن ئۆتۈپ كەتتى.

**دَوْلَةٌ حَاجِزَةٌ** : توقۇنۇشنى پەسەيتكۈچى دۆلەت.

**حَاجَى يُحَاجِي مُحَاجَاةً وَ حِجَاءً** : تېپىشماق تېپىشتا يېڭىپ چىقتى.

**«اِشْتَرَى حَاجِيَاتِهِ مِنَ السُّوقِ»** : بازاردىن ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدى.

**حَاجِيَاتٌ**: لازىمەتلىك نەرسىلەر.

**حَادَيَحُودُحَوْدًا**: نېرى تۇردى، قاچتى، بۇرالدى.

**حَادَ يَحِيدُ حَيْدًا عَنْ كَذَا** : بۇرۇلۇپ كەتتى ، چەتنىدى ، چەتنەپ كەتتى.

**حَادَ بِهِ عَنِ الطَّرِيقِ** : يولدىن بۇرۇلۇپ كەتتى ، يولدىن چىقىپ كەتتى.

**حَادَ الْقِطَارُ مِنَ الْخَطِّ** : پويىز رېلىستىن چىقىپ كەتتى.

**«وَجَاءَتْ سَكْرَةُ الْمَوْتِ بِالْحَقِّ ذَٰلِكَ مَا كُنْتَ مِنْهُ تَحِيدُ»** «قرآن» : ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى ، سەن ئۇنىڭدىن قاچاتتىڭ.

**حَادَثَ يُحَادِثُ مُحَادَثَةً** : سۆزلەشتى ، سۆھبەتلەشتى، پاراڭلاشتى.

**حَادَثَ السَّيْفَ** : قىلىچنى پارقىرىتىۋەتتى.

**حَادِثٌ ج حَوَادِثُ** : يېڭى.

**حَادِثَةٌ ج حَادِثَاتٌ و حَوَادِثُ** : ۋەقە ، ھادىسە ، بالايىئاپەت ، كۈلپەت.

**حَادِثَةٌ عَرَضِيَّةٌ** : تاسادىپىي ۋەقە.

**مَكَانُ الْحَادِثَةِ** : نەق مەيدان ، ۋەقە يۈز بەرگەن جاي.

**حَادِثَةُ الْمُرُورِ** : قاتناش ۋەقەسى.

**حَوَادِثُ مَحَلِّيَّةٌ**: يەرلىك ۋەقەلەر.

**كَثِيرُ الْحَوَادِثِ**: ۋەقە كۆپ بولىدىغان ، ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان.

**«اِزْدَادَتْ حَوَادِثُ الْمُرُورِ نَتِيجَةَ السُّرْعَةِ الَّتِي يَسِيرُ بِهَا سَائِقُوا السَّيَّارَاتِ»** : شوپۇرلارنىڭ ماشىنىلارنى تېز ھەيدىشى تۈپەيلىدىن قاتناش ھادىسىلىرى كۆپەيدى.

**حَادَّ يُحَادُّ مُحَادَّةً**: دۈشمەنلەشتى.

**«لَاتَجِدُقَوْمًايُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِيُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْكَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْأَبْنَاءَهُمْ أَوْإِخْوَانَهُمْ أَوْعَشِيرَتَهُمْ»** «قرآن» : ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ، ئوغۇللىرى ، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن.

**حَادَّهُ** : تۇتاشتى ، چېگرىلاشتى ؛ ئۇنى غەزەپلەندۈردى ؛ ئاسىيلىق قىلدى.

**«أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّهُ مَنْ يُحَادِدِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ فَأَنَّ لَهُ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدًا فِيهَا»** «قرآن» : ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن ، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

**حَادٌّ ج حِدَادٌ** : ئۆتكۈر ، كەسكىن، تېز، ئىتتىك.

**حَادُّ الْبَصَرِ**: كۆزى ئۆتكۈر.

**حَادُّ الذِّهْنِ**: زېھنى ئۆتكۈر ، پىكرى ئوچۇق.

**حَادُّ الطَّبْعِ** : مىجەزى چۇس ، مىجەزى ئىتتىك.

**حَادٌّ عَلَى** : هازا ئاچماق ، ماتەم تۇتماق.

**تَضْفِيقٌ حَادٌّ** : گۈلدۈراس ئالقىش ، گۈلدۈراس چاۋاك.

www.uyghurkitap.com



أَلَمٌ حَادٌّ : قاتتىق ئاغرىق.

آلَةٌ حَادَّةٌ : ئۆتكۈر قورال؛ ئۆتكۈر تىغ.

رَائِحَةٌ حَادَّةٌ : ئۆتكۈر پۇراق.

لَهْجَةٌ حَادَّةٌ: قاتتىق غەزەپ ، قاتتىق تىل.

«أَجَابَنِي بِلَهْجَةٍ حَادَّةٍ» : ماڭا كەسكىن تەلەپ-پۇزدا جاۋاب بەردى.

حَادِرٌ : سېمىز.

حَادَلَ يُحَادِلُ مُحَادَلَةً : ھىيلىگەرلىك قىلدى ، تۈلكىلىك قىلدى.

حَادُورٌ ج حَوَادِيرُ : سۈرگە دورىسى.

حَادٍ ج حُدَاةٌ : ناخشا ئېيتىپ تۆگە ھەيدىگۈچى ؛ يۇلتۇز.

حَاذَ يَحُوذُ حَوْذًا الدَّابَّةَ : ئۇلاغنى تېز ھەيدىدى.

حَاذَ عَلَى الشَّيْءِ: قوغدىدى.

حَاذَرَ يُحَاذِرُ مُحَاذَرَةً: ساقلاندى؛ ھەزەر قىلدى، ئالدىنى ئالدى، ئېھتىيات قىلدى، پەخەس بولدى؛ ھەزەر ئەيلەشتى، ئېھتىيات قىلىشتى.

حَاذِرٌ ج حَاذِرُونَ : تەييارلانغۇچى ، تەييار تۇرغۇچى.

حَاذِقٌ ج حُذَّاقٌ وَ حِذَاقٌ : ماھىر ، ئۇستا ، ماھارەتلىك ، پۇختا بىلىدىغان.

طَبِيبٌ حَاذِقٌ: ئۇستا تېۋىپ ، ئۇستا دوختۇر.

حَاذَى يُحَاذِي مُحَاذَاةً : روبىرو بولدى ، ئۇدۇلىدا بولدى.

حَارَ يَحُورُ حَوْرًا : قايتتى.

حَارَ فِي أَمْرِهِ : تەڭلىكتە قالدى ، ھودۇقۇپ قالدى.

حَارَ الْقُمَاشَ : رەختنى تازىلىدى.

«إِنَّهُ ظَنَّ أَنْ لَنْ يَحُورَ» «قرآن» : ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلدى.

حَارَتِ الْعَيْنُ : شەھلا كۆزلۈك بولدى ، كۆزنىڭ ئېقى ئاق ، قارىچۇقى قارا ، يۇمىلاق بولدى.

حَارَ الشَّيْءُ: كېمەيدى؛ كاساتلاشتى.

حَارَ الثَّوْبَ: كىيىمنى يۇدى ، تازىلىدى.

حَارَ يَحَارُ حَيْرًا وَ حَيْرَةً : ئېزىپ قالدى ، يول تاپالمىدى ؛ ھودۇقۇپ قالدى.

حَارَ فِي أَمْرِهِ : تېڭىرقاپ قالدى ، ئالاقزادە بولۇپ قالدى.

حَارَ بَصَرُهُ : كۆزى ئېمىر - چېمىر بولۇپ كەتتى.

«حَارَ مَاذَا يَفْعَلُ وَقَدْ حَلَّتْ بِهِ مُصِيبَةٌ تِلْوَ أُخْرَى» : كەينى - كەينىدىن پېشكەللىككە ئۇچراپ ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

حَارَبَ يُحَارِبُ مُحَارَبَةً الْعَدُوَّ : دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلدى ، دۈشمەننى قىردى.

حَارَبَ اللّٰهَ : ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلدى ، گۇناھ قىلدى.

حَارَةٌ ج حَارَاتٌ : كوچا ، مەھەللە.

حَارِثٌ ج حُرَّاثٌ : دېھقان.

أَبُو الْحَارِثِ : شىر.

حَارِدٌ: ئاچچىقلانغۇچى ، غەزەپناك بولغۇچى.

حَارٌّ : ئىسسىق؛ قىزغىن ، سەممىمىي.

جَوٌّ حَارٌّ : ئىسسىق ھاۋا.

مَاءٌ حَارٌّ : ئىسسىق سۇ.

يَنْبُوعٌ حَارٌّ : ئارشاڭ.

مِنْطَقَةٌ حَارَّةٌ : ئىسسىق بەلۋاغ.

فُلْفُلٌ حَارٌّ : تىلنى قورۇغۇچى لازا.

فَوَّارَةُ مَاءٍ حَارٍّ : فونتان، ئارشاڭ.

«اِسْتَقْبَلَهُ اِسْتِقْبَالًا حَارًّا» : ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

حَارَّةٌ : رايون ، كوچا ، مەھەللە.

حَارِسٌ ج حُرَّاسٌ : قاراۋۇل ، مۇھاپىزەتچى ، قوغدىغۇچى.

حَارِسٌ قَضَائِيٌّ: مال - مۈلۈكنى پېچەتلىگۈچى ، مال - مۈلۈكنى مۇسادىر قىلغۇچى.

حَارَضَ يُحَارِضُ مُحَارَضَةً عَلَى الْعَمَلِ: داۋاملاشتۇردى ، چىڭ تۇردى ، قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

حَارِقٌ مُتَعَمِّدٌ: ئوت قويغۇچى.

**حَارِكٌ:** تاغاق ، مۈره.

**حَارِكُ الْحِصَانِ:** ئات يايلى.

**حَارُوقَةٌ:** ئۆتكۈر ، كەسكىن ، ئىتتىك.

**حَازَ يَحُوزُ حَوْزاً وَ حِيَازَةً:** ئىگىلىدى ، ئىگە بولدى ، قولغا كەلتۈردى ، ئېرىشتى.

**«حَازَتْ هَذِهِ الْمُقْتَرَحَاتُ قَبُولَ الْمُؤْتَمَرِ»:** بۇ تەكلىپلەر قۇرۇلتاي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

**حَازَ جَائِزَةً:** ئېرىشتى.

**حَازَ يَحِيزُ حَيْزًا وَ حِيَازَةً:** ئېرىشتى ؛ مايىل بولدى ؛ بۆلۈۋالدى ؛ ئىگىلىۋالدى، ئىشغال قىلىۋالدى ، ئىگە بولىۋالدى.

**حَازِبٌ ج حَوَازِبُ:** بەختسىزلىك ، پېشكەللىك.

**حَازِرٌ:** مۆلچەرلىگۈچى ، تەخمىنەنلىگۈچى ، بەلگىلىگۈچى ؛ ئېچىپ قالغان.

**حَازَّ يُحَازُّ مُحَازَّةً:** تەكشۈردى ، قاراپ چىقتى.

**حَازِقَةٌ:** جامائەت ، ئادەملەر توپى.

**حَازِمٌ ج حَزَمَةٌ و حُزَّمٌ و أَحْزَامٌ:** ئېھتىياتچان ، پۇختا ، ئىنچىكە ، ئۇزۇل - كېسىل.

**حَاسَبَ يُحَاسِبُ مُحَاسَبَةً :** ھېسابلاشتى ، ھېساب ئالدى.

**حَاسَبَهُ:** مۇكاپاتلىدى، جازالىدى.

**«وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ اللّٰهُ» «قرآن» :** دىلىڭلاردىكى ( يامانلىقنى ) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار ، مەيلى يوشۇرۇڭلار ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ.

**حَاسِبٌ ج حَسَبَةٌ:** ھېساباتچى ، ھېسابلاش ماشىنىسى.

**آلَةٌ حَاسِبَةٌ:** ھېسابلاش ماشىنىسى.

**حَاسِدٌ ج حَاسِدُونَ وَحُسَّادٌ و حَسَدَةٌ وَحُسَّدَةٌ:** ھەسەتخور ، ئىچى يامان ، كۆرەلمەس.

**«وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ» «قرآن» :** ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ)قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن.

**حَاسِرٌ ج حَوَاسِرُ:** ئوچۇق.

**حَاسِرُ الرَّأْسِ:** ياالىڭباش.

**اَلْحَاسِرُ مِنَ النِّسَاءِ:** بېشى ۋە ئىككى بىلىكى ئوچۇق ئايال ، قىپيالىڭاچ ئايال.

**اَلثَّوْبُ الْحَاسِرُ:** قىسقا يوپكا.

**حَاسِرُ الْبَصَرِ:** نەزەر دائىرىسى ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز.

**حَاسَّةٌ ج حَوَاسُ:** سېزىم ، ھېس.

**حَاسَّةُ اللَّمْسِ:** تېگىش سېزىمى.

**حَاسَّةُ الذَّوْقِ:** تېتىش سېزىمى.

**حَاسَّةُ الشَّمِّ:** پۇراش سېزىمى.

**حَاسَّةُ السَّمْعِ:** ئاڭلاش سېزىمى.

**حَاسَّةُ الْبَصَرِ:** كۆرۈش سېزىمى.

**اَلْحَوَاسُّ الْخَمْسُ:** بەش سەزگۈ ئەزا.

**حَاسِمٌ:** كەسكىن ، قەتئىي.

**نَصْرٌ حَاسِمٌ:** ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە.

**رَأْيٌ حَاسِمٌ:** كەسكىن پىكىر.

**«تَمُرُّ الدُّوَلُ الْعَرَبِيَّةُ بِمَرْحَلَةٍ حَاسِمَةٍ»:** ئەرەب دۆلەتلىرى ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلدىن ئۆتمەكتە.

**تَجْرِبَةٌ حَاسِمَةٌ:** مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە.

**حَاسَنَ يُحَاسِنُ مُحَاسَنَةً:** ياخشى مۇئامىلە قىلدى ، چىرايلىق كۈتۈۋالدى.

**حَاشَ يَحُوشُ حَوْشًا الدَّوَابَّ:** چارۋىنى يىغىپ ھەيدىدى.

**حَاشَا:** باشقا ، سىرت ، ھېسابقا ئالمىغاندا.

**«تَأَخَّرَ النَّاسُ حَاشَا زَيْدًا» :** زەيدتىن باشقا ھەممە كىشى كېچىكتى.

**«حَاشَا أَنْ تَفْعَلَ» :** سېنىڭ قىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس.

**حَاشِدٌ:** تەييار تۇرغۇچى.

**حَاشِرٌ ج حَاشِرُونَ وَ حُشَّارٌ:** باجگىر ، باج يىغقۇچى.

**«وَأَرْسِلْ فِي الْمَدَائِنِ حَاشِرِينَ» «قرآن» :** شەھەرلەرگە يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن.

**حَاشَى يُحَاشِي مُحَاشَاةً:** چىقىرىۋەتتى ، چەتتە

قالدۇردى ، ئايرىۋەتتى ، ئىستىسنا قىلدى ؛ ئازراق نەرسە بەردى.

**حَاشِيَةٌ ج حَوَاشٍ:** قىرغاق ، يان ، يان تەرىپى ، چېكى ، چەت ، ياقا؛ كىتابنىڭ چۆرىسىگە يېزىلغان شەرھى.

**حَاشِيَةُ الثَّوْبِ:** كىيىمنىڭ ياقىسى.

**حَاشِيَةُ الْقُمَاشِ:** رەختنىڭ گىرۋىكى.

**حَاشِيَةُ الْمِنْدِيلِ:** گۈللۈك جىيەك.

**حَاشِيَةُ الْكِتَابِ:** كىتابنىڭ چۆرىسىگە يېزىلغان شەرھى.

**حَاشِيَةٌ فِي خِطَابٍ:** قوشۇمچە سۆز ، ئىلاۋە.

**«قَدَّمَنِي إِلَيْهِ أَحَدُ أَفْرَادِ حَاشِيَتِهِ تَقْدِيمًا حَسَنًا» :** ئۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى مېنى ئۇنىڭغا ئوبدان تونۇشتۇردى.

**رَقِيقُ الْحَوَاشِي:** مۇڭداشقاق ، پاراڭچى ، ئاق كۆڭۈل.

**كَلَامٌ رَقِيقُ الْحَوَاشِي:** مۇلايىم سۆز ، يۇمشاق گەپ.

**عَيْشٌ رَقِيقُ الْحَوَاشِي:** باياشات تۇرمۇش.

**رَجُلٌ رَقِيقُ الْحَوَاشِي:** خۇش سۆھبەت ئادەم.

**حَاصَ يَحُوصُ حَوْصًا الثَّوْبَ:** كىيىمنى تىكتى.

**حَاصَ حَوْلَهُ:** ئايلاندى ، چۆرگىلىدى ، ئورىدى.

**حَاصَ يَحِيصُ حَيْصًا وَ مَحِيصًا عَنْهُ:** نېرى تۇردى ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى ، قېچىۋالدى.

**حَاصَ الْقَوْمُ:** قېچىشقا يۈزلەندى.

**حَاصِبٌ ج حَوَاصِبُ:** قارا بوران ، تولا ، مۆلدۈر؛ مۆلدۈر ياغدۇرىدىغان بۇلۇت.

**«إِنَّا أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ حَاصِبًا إِلَّا آلَ لُوطٍ» ‹قرآن› :** بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇردۇق ، پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر.

**حَاصِدٌ ج حُصَّادٌ وَ حَصَدَةٌ:** ئورمىچى ، ئورما ئورىغۇچى.

**حَاصَرَ يُحَاصِرُ مُحَاصَرَةً:** قورشىۋالدى ، مۇھاسىرىگە ئالدى ، ئورىۋالدى.

**حَاصَّ يُحَاصُّ مُحَاصَّةً:** ھەممىيلەن ئۆز ئۈلۈشىنى ئالدى.

**حَاصِلٌ ج حَوَاصِلُ:** نەتىجە ، ئۈنۈم ، ئاقىۋەت.

**حَاصِلُ الْجَمْعِ:** يىغىندى ( ماتېماتىكا )

**حَاصِلُ الضَّرْبِ:** كۆپەيتمە ( ماتېماتىكا )

**حَاصِلُ الْكَلَامِ:** ھاسىل كالام ، سۆزنىڭ قىسقىسى ، ئاساسىي نۇقتا ، مۇھىم نۇقتا ، سۆزنىڭ ئورامى.

**حَاصِلُ الْمَالِ:** ھېساب قالدۇقى.

**حَاصِلُ الْمَوْضُوعِ:** خۇلاسىسى.

**«تَمَيَّزَتِ الْحَاصِلَاتُ الزِّرَاعِيَّةُ هَذَا الْعَامَ بِالْجَوْدَةِ وَ الْوَفْرَةِ» :** بۇ يىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى زىيادە مول بولۇش بىلەن گەۋدىلەندى.

**«إِذَا قَسَّمْنَا أَرْبَعَةً عَلَى اثْنَيْنِ يَكُونُ حَاصِلُ الْقِسْمَةِ اثْنَيْنِ» :** تۆتنى ئىككىگە بۆلسەك ئىككىدىن تېگىدۇ.

**حَاصِلُ الْفِضَّةِ وَ نَحْوِهِ:** كۈمۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنلەرنىڭ ساپ بولغىنى.

**حَاصِنٌ م حَاصِنَةٌ ج حَوَاصِنُ وَ حَاصِنَاتٌ:** ئىپپەتلىك ئايال ، دىيانەتلىك ئايال.

**حَاضَ يَحُوضُ حَوْضًا:** كۆل چاپتى، كۆل كولىدى.

**حَاضَ الْمَاءَ:** سۇنى توپلىدى ، سۇنى يىغدى.

**حَاضَ يَحِيضُ حَيْضًا وَ مَحِيضًا السَّيْلُ:** كەلكۈن تاشتى.

**حَاضَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال ھەيز كۆردى ، ئادەت كۆردى.

**حَاضَرَ يُحَاضِرُ مُحَاضَرَةً:** لېكسىيە ئوقۇدى ، دوكلات بەردى؛ رىقابەتلەشتى ، مۇسابىقىلەشتى.

**حَاضَرَ الْجَوَابَ:** دەرھال جاۋاب بەردى.

**حَاضَرَهُ:** مۇسابىقىلەشتى ، بەسلەشتى.

**حَاضِرٌ ج حُضَّارٌ وَ حُضَّرٌ وَ حَضَرَةٌ وَ حُضُورٌ:** قاتناشقۇچى ، ھازىر بولغۇچى ، تەييار تۇرغۇچى ؛ يەرلەشكۈچى ؛ شەھەر ئاھالىسى.

**«وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِرًا وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا» ‹قرآن› :** ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە

زۇلۇم قىلمايدۇ.

**حَاضِرُ الْفِكْرِ:** پىكرى ئۆتكۈر ؛ ئەقىل ـ پاراسەتلىك.

**اَلْبَادِيَةُ وَ الْحَاضِرُ:** كۆچمەنلەر ۋە ئولتۇراقلاشقانلار؛ يېزىلىقلار ۋە شەھەرلىكلەر.

**حَاضِرُ الْبَدِيهَةِ:** پىكرى تېز ، هازىر جاۋاب.

**اَلتِّجَارَةُ الْحَاضِرَةُ:** نەق سودا.

**اَلْحَاضِرُ:** هازىرقى زامان.

**فِي الْحَاضِرِ:** هازىر ، هازىرقى.

**حَاضِرَةٌ ج حَوَاضِرُ:** پايتەخت ، ئۆلكە مەركىزى.

**حَاضِرَةُ الْمُقَاطَعَةِ:** ئۆلكە مەركىزى.

**حَاضِنٌ ج حُضَّانٌ:** تەربىيىچى ، بالا تەربىيىچىسى.

**حَاضِنَةٌ ج حَوَاضِنُ:** سۈت ئانىسى ، ئىنىك ئانا ، بالا باققۇچى ، بالا تەربىيىچىسى.

**حَاضِنَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ:** چۈجە چىقىرىش ئۈسكۈنىسى.

**حَاطَ يَحُوطُ حَوْطًا وَ حِيطَةً وَ حِيَاطَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى باشقۇردى ، نەرسىگە ھېزى بولدى ، نەرسىگە قارىدى ( ساقلىدى ) ، ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

**حَاطِبٌ:** ئوتۇنچى ، ئوتۇن ساتقۇچى.

**كَحَاطِبِ لَيْلٍ:** قارا قويۇق ، ئايىماي ، ئىلغىماي ، توجۇپىلىمەي.

شُقَّةُ الْحِيَادِ: ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ جاي.

عَلَى الْحِيَادِ : بىتەرەپ تۇرغۇچى ؛ بىتەرەپلىك ؛ ئادىل ، خالىس.

اَلْحِيَادُ الْإِيجَابِيُّ : ئادىل ؛ بىتەرەپلىك (خەلقئارا سىياسەت )

حِيَادِيٌّ : بىتەرەپلىك ؛ ئادىللىق.

سِيَاسَةٌ حِيَادِيَّةٌ: بىتەرەپ سىياسەت ، بىتەرەپلىك سىياسىتى.

حِيَازَةٌ : ئىگىلىمەك ؛ ئېرىشمەك ، قولغا كەلتۈرمەك ؛ مۈلۈك.

حِيَاصَةٌ : ئۇلاڭ (ئىگەرنىڭ) ؛ بەلۋاغ (كىيىمنىڭ ) ؛ كۆك سالماق.

حِيَاضٌ : هەيز؛ ئادەت كۆرمەك ، هەيز كۆرمەك.

حِيَاكَةٌ : توقۇش ، توقۇمىچىلىق.

«لَسْتُ مَاهِرًا فِي حِيَاكَةِ الْكَنْزَاتِ الصُّوفِيَّةِ لِذَلِكَ أَرْجُو مِنْكَ أَنْ تَبْدَأَ لِي حِيَاكَةَ هَذِهِ الْكَنْزَةِ» : يۇڭ پوپايكا توقۇشنى ئانچە ئۇقمايمەن ، شۇڭا ئۇنى باشلاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

إِبْرَةُ الْحِيَاكَةِ : توقۇش يىڭنىسى.

حِيَالَ : ئۇدۇلىدا ، روبىروسىدا ، ئۇدۇل كېلىش ، روبىرو كېلىش.

حَيْثُ : شۇ يەردە ، ئاۋۇ يەردە ؛ . . . جەهەتتىن.

بِحَيْثُ : شۇ سەۋەبتىن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، شۇڭا . . . ئۈچۈن ، . . . لىقتىن.

مِنْ حَيْثُ الْمَبْدَإِ : پرىنسىپ جەهەتتىن.

مِنْ حَيْثُ الْأَسَاسِ : ئاساسىي جەهەتتىن.

حَيْثُ كَانَ : قانداقلا بولمىسۇن ، قانداق بولۇشىتىن قەتئىينەزەر.

مِنْ حَيْثُ الْإِدَارَةِ : مەمۇرىي جەهەتتىن.

**مِنْ حَيْثُ كَوْنٍ وَ نَوْعٍ** : مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن.

**«كَثِيرًا مَا نَذْهَبُ إِلَى الْمَكْتَبَةِ حَيْثُ نَقْرَأُ الْكُتُبَ أَوِ الْمَجَلَّاتِ أَوِ الصُّحُفَ»** : بىز كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن كۇتۇپخانىغا كۆپرەك بارىمىز.

**«أَعُودُ مِنْ حَيْثُ أَتَيْتُ»** : مەن كەلگەن يېرىمدىن قايتىمەن (يانىمەن).

**حَيْثُمَا** : قەيەردە بولسۇن ، قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر.

**«حَيْثُمَا تَكْثُرُ السِّلَعُ تَنْخَفِضُ الْأَسْعَارُ»** : قەيەردە بولسۇن مال كۆپىيىدىكەن ، باھا تۆۋەنلەيدۇ.

**حَيْثِيَاتُ الْحُكْمِ** : ھۆكۈمنامە.

**حَيْثِيَّةٌ** : مۇناسىۋەت؛ شۆھرەت ، ئابرۇي ، ئىجتىمائىي ئورۇن.

**أَهْلُ الْحَيْثِيَّةِ** : مۆتىۋەرلەر ، ئابرۇيلۇقلار ، ئاتاقلىق ئەربابلار.

**مِنْ هٰذِهِ الْحَيْثِيَّةِ** : مۇشۇ جەھەتتىن ، بۇ جەھەتتىن.

**حَيْدٌ . حَيَدَانٌ . حَيْدَةٌ** : توغرا يولدىن چەتنەپ كەتمەك ، بۇرۇلۇپ كەتمەك ، ئېغىپ كەتمەك.

**حَيْدَرٌ** : شىر ؛ قىسقا.

**حَيْدَرَةٌ** : شىر ؛ ھالاكەت.

**حِيَرٌ** : كۆپ ئائىلە ئەزالىرى ؛ كۆپ مال.

**حِيَرُ الدَّهْرِ** : مەڭگۈ ، ئەبەدى.

**حَيْرَانُ م حَيْرَى ج حَيَارَى** : گاڭگىراپ قالغۇچى ، تېڭىرقاپ قالغۇچى ؛ يول تاپالماي قالغۇچى؛ سەرگەردان.

**حَيْرَةٌ** : گاڭگىراپ قالماق ، تېڭىرقاپ قالماق ، ھودۇقۇپ قالماق ؛ سەرگەردان بولماق.

**حِيرَةٌ** : خىجالەتچىلىكتە قېلىش ، گاڭگىراپ قېلىش؛ قىيىنچىلىقتا قېلىش.

**حَيِّزٌ** : جاي ، مەيدان ، سورۇن ، ماكان؛ ئۆي.

**حَيْزَبُورٌ** : قېرى ئايال ، موماي.

**حَيْزَبُونٌ** : قېرى ئايال ، موماي.

**حَيْزُومٌ ج حَيَازِيمُ السَّفِينَةِ** : كېمە تۇمشۇقى.

**حَيْشٌ** : جامائەت.

**حَيْشَانٌ** : قورقۇنچىسى كۆپ.

**حِيصٌ** : قىيىنچىلىق ، قاتتىقلىق.

**وَقَعَ فِي حَيْصَ بَيْصَ** : مۈشكۈللۈكتە قالدى.

**حَيْضٌ** : ھەيز ، ئادەت كۆرۈش.

**حِيضَةٌ** : ھەيز لاتىسى.

**حِيطَةٌ** : دىققەت قىلماق ، ئېھتىيات قىلماق ، پەخەس بولماق ، ھەزەر ئەيلىمەك.

**أَخَذَ حِيطَتَهُ** : ئېھتىيات قىلدى ، پەخەس بولدى.

**حَيْعَلَةُ الْمُؤَذِّنِ** : مۇئەززىنىنىڭ «حَيَّ عَلَى الصَّلَاةِ» ياكى «حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ» : دېيىشى.

**حَيْفٌ ج حُيُوفٌ** : زۇلۇم ، جەبىر ؛ ئادالەتسىزلىك ، ناھەقچىلىق.

**«إِنِّي لَا أُشْهِدُ عَلَى حَيْفٍ» «حديث»** : مەن ناھەقچىلىككە گۇۋاھلىق بەرمەيمەن.

**حِيفَةٌ ج حِيَفٌ مِنَ الشَّيْءِ** : بىر تەرەپ ، بىر ئۇچى، يېنى.

**حَيْقٌ** : يامان ئاقىۋەت ، يامان نەتىجە.

**حَيْقَةٌ** : بىر خىل خۇش بۇي دەرەخ.

**حَيْقَرٌ ج حَيَاقِرُ** : خار ، ئاجىز.

**حَيْقُرٌ** : خار، ئاجىز.

**حَيْلٌ ج أَحْيَالٌ وَ حُيُولٌ** : تۇرغۇن سۇ ، توختام سۇ.

**حَيْلٌ** : كۈچ - قۇۋۋەت.

**شُدَّ حَيْلَكَ** : ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، ئۆزۈڭنى ئالدىرۇپ قويما ( بىرەر ئىشقا يولۇققان ئادەمگە تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ ).

**اَللّٰهُمَّ ذَا الْحَيْلِ الشَّدِيدِ** : كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئى ئاللاھ!

**عِلْمُ الْحِيَلِ** : مېخانىك.

**حِيلَةٌ ج حِيَلٌ** : تەجرىبە ؛ چارە - ئۇسۇل؛ ھىيلە، ھىيلە - نەيرەڭ ، ئالدامچىلىق ؛

پىلان ، ۋاستە ؛ تاكتىكا.

**لَاحِيلَةَ لَهُ:** ئۇنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ، قولىدىن كەلمەيدۇ ، چارىسىز.

**«لَا حِيلَةَ لَهُ فِي الرُّجُوعِ» :** يېنىۋېلىشتا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىمكان يوق.

**حِيلَةٌ حَرْبِيَّةٌ:** تاكتىكا ، ئۇرۇش تاكتىكىسى.

**مَا بِالْيَدِ حِيلَةٌ:** ھېچ ئامال يوق.

**حَيْلَقٌ ج حَيَالِقُ:** مۇسىبەت، كۆڭۈلسىزلىك.

**حَيْلُولَةٌ:** ئايرىلىپ كېتىش ؛ ئالدىنى ئېلىش.

**حِيَلِيٌّ:** ھىيلىگەرلىك ، مەككارلىق.

**حِيَلِيَّاتٌ:** مېخانىكا.

**حِيْنٌ ج أَحْيَانٌ وَ أَحَايِينُ:** ۋاقىت، چاغ، زامان، مەزگىل.

**«هَلْ أَتَى عَلَى الْإِنْسَانِ حِيْنٌ مِنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُنْ شَيْئًا مَذْكُورًا» (قرآن):** ئىنسان (ئانىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى.

**فِي حِيْنِهِ:** ئۆز ۋاقتىدا.

**إِلَى حِيْنٍ:** ۋاقىتلىق ، ھازىرچە ، ۋاقىتىنچە.

**«كُنْتُ أَنْظُرُ بَيْنَ الْحِينِ وَالْحِيْنِ إِلَى سَاعَتِي الْيَدَوِيَّةِ» :** تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قول سائىتىمگە قاراپ قوياتتىم.

**بَعْدَ حِيْنٍ:** ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندە ، بىر مۇددەتتىن كېيىن.

**مِنْ حِينٍ إِلَى حِيْنٍ:** دائىم ، پات ـ پات.

**«بَيْنَمَا كُنْتُ أَتَمَشَّى سَقَطَتْ عَلَى رَأْسِي كُرَةٌ صَغِيرَةٌ عَلَى حِينِ غِرَّةٍ وَ جَعَلَتْنِي أَجْفَلُ» :** مەن كېتىۋاتسام بېشىمغا بىر كىچىك توپ تېگىپ ، ئويلىمىغان چاغدا مېنى چۆچۈتىۋەتتى.

**مِنْ ذَلِكَ الْحِيْنِ:** شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ.

**حِينًا:** ۋاقىتىنچە ، ھازىرچە.

**حِيْنًا بَعْدَ حِيْنٍ:** شۇ چاغدا، ئەينى ۋاقىتتا، ئاندا ـ ساندا ، گاھى ـ گاھىدا ، بەزى چاغدا.

**حِيْنَئِذٍ:** شۇ چاغدا ، ئەينى ۋاقىتتا ، ئۆز ۋاقتىدا.

**فِي بَعْضِ الْأَحْيَانِ:** بەزى چاغدا ، بەزىدە.

**فِي أَغْلَبِ الْأَحْيَانِ:** كۆپ ۋاقىتلاردا ، كۆپ چاغلاردا.

**أَحْيَانًا:** بەزىدە ، بەزى چاغدا.

**حِيْنَمَا:** شۇ ۋاقىتتا، ئۆز ۋاقتىدا، شۇ چاغدا ، . . . غان چاغدا.

**فِي الْأَحَايِيْنِ:** بەزى چاغلاردا.

**حِيْنَ ذَلِكَ:** شۇ چاغدا ، ئەينى ۋاقىتتا.

**حَيْنٌ:** ھالاكەت ، ئۆلۈم ؛ ئازاب ـ ئوقۇبەت.

**حِيْنَةٌ:** ۋاقىت ، مۇددەت ، مەزگىل.

**حَيَوَانٌ ج حَيَوَانَاتٌ:** ھايۋانلار ، ھايۋانات.

**عِلْمُ الْحَيَوَانِ:** زوئولوگىيە.

**حَدِيقَةُ الْحَيَوَانِ:** ھايۋاناتلار باغچىسى.

**حَيَوَانِيٌّ:** ھايۋانغا خاس ؛ ھايۋانلارنىڭ زوئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى.

**حَيَوَانِيَّةٌ:** ھايۋان تەبىئەت ، ھايۋان مىجەز؛ ۋەھشىيلىك.

**زِرَاعَةٌ حَيَوَانِيَّةٌ:** يەم ـ خەشەك ئۆسۈملۈكى.

**حَيَوِيٌّ:** تۇرمۇشقا دائىر ( تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى )

**اَلْمَدَى الْحَيَوِيُّ:** تۇرمۇش دائىرىسى.

**«إِنَّ مَصَالِحَنَا الْحَيَوِيَّةَ مُهَدَّدَةٌ بِخَطَرِ الْحَرْبِ» :** بىزنىڭ جانىجان مەنپەئەتىمىز ئۇرۇش خەۋپىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا.

**مُضَادٌّ حَيَوِيٌّ:** باكتېرىيىگە قارشى دورا.

**حَيَوِيَّةٌ:** ساغلاملىق ، ھاياتىي كۈچ.

**اَلْقُوَّةُ الْحَيَوِيَّةُ:** ھاياتىي كۈچ ، ياشلىق ئىقتىدارى ، ھاياتلىق.

**اَلْأَعْضَاءُ الْحَيَوِيَّةُ:** ئەجەللىك يەر ، مۇھىم يەر ،

مۇھىم ئورۇن.

**«لَقَدْ أُصِبْتُ بِالزُّكَامِ مُنْذُ يَوْمَيْنِ لِذَلِكَ أَشْعُرُ بِضَعْفِ حَيَوِيَّتِي»**: ئىككى كۈن بولدى زۇكام بولۇپ قالدىم ، شۇڭلاشقا كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس.

**«كَانَ يُرِيدُ أَنْ يَحْيَا حَيَاةً حُرَّةً كَرِيمَةً»**: ئۇ قىممەتلىك ئەركىن ھايات كەچۈرۈشنى ئويلايتتى.

**حَيَّ**: كەل ؛ ئالدىرا.

**حَيَّ عَلَى الصَّلَاةِ**: نامازغا كېلىڭلار.

**حَيَّ عَلَى العَمَلِ**: ئىشقا، خىزمەتكە تېز كېلىڭلار.

**حَيَّ الطَّرِيقُ**: يول روشەن بولدى ، ئېنىق بولدى، ئوچۇق بولدى.

**حَيَّا يُحَيِّي تَحِيَّةً**: سالام بەردى ؛ ئامانلىق تىلىدى ؛ تەبرىكلىدى.

**حَيَّا الْخَمْسِيْنَ مِنْ عُمْرِهِ**: ئۇنىڭ ئەللىككە كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

**حَيَّاكَ اللّٰهُ وَ بَيَّاكَ**: ئاللاھ سېنى ئامان قىلسۇن ، ئاللاھ ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن.

**حَيَّا الشَّعْبُ أَوِ الزَّعِيْمُ**: خەلق ياكى داھى ياشىسۇن!

**«وَإِذَا حُيِّيْتُمْ بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْرُدُّوهَا»** ‹قرآن›: سىلەرگە بىنر كىشى سالام بەرسە ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار.

**حَيٌّ ج أَحْيَاءٌ**: تىرىك ؛ جاندار؛ شوخ ، تېتىك ، ھەرىكەتچان.

**حَيٌّ بَاقٍ**: مەڭگۈ ھايات.

**عِلْمُ الأَحْيَاءِ**: بىئولوگىيە.

**حَيُّ الضَّمِيرِ**: ۋىجدانلىق.

**اَلْأَحْيَاءُ وَ الْأَمْوَاتُ**: تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەر.

**عِلْمُ الْأَحْيَاءِ الْمَائِيَّةِ**: دېڭىز ـ ئوكيان بىئولوگىيىسى.

**حَيَّةٌ ج حَيَّاتٌ وَ حَيَوَاتٌ**: يىلان.

**حَيَّةُ الْبَحْرِ**: دېڭىز يىلىنى.

**هُوَ مَوْسُوعَةٌ حَيَّةٌ**: ئۇ بىر جانلىق ئېنسىكلوپېدىيە.

**حَيَّدَ يُحَيِّدُ تَحْيِيْدًا الشَّيْءَ**: نەرسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى ، تاشلاپ قويدى.

**حَيَّرَ يُحَيِّرُ تَحْيِيْرًا**: گاڭگىرىتىپ قويدى ، تېڭىرقاپ قالدۇردى، ھەيرەتتە قالدۇردى.

**مَا الَّذِي حَيَّرَكُمْ**: سىلەرنى نېمە گاڭگىرىتىپ قويدى.

**فِي حَيْرَةٍ**: خىجالەتچىلىكتە.

**حَيِّزٌ**: بوشلۇق ، ئورۇن، جاي ، ماكان ، دائىرە ئىچىگە ئېلىنغان جاي ، سورۇن.

**لَمْ تَخْرُجْ إِلَى حَيِّزِ الْوُجُودِ**: ۋۇجۇدقا چىقمىدى.

**حَيِّزٌ مِنَ الدَّارِ**: ئۆي جاھازلىرى.

**فِي حَيِّزِ الْإِمْكَانِ**: ئىمكانىيەت دائىرىسىدە، مۇمكىنچىلىكى بار.

**فِي حَيِّزِ الصَّلَاحِيَّةِ الدَّاخِلِيَّةِ**: ئىچكى تەييارلىق دائىرىسى ئىچىدە.

**فِي حَيِّزِ هَذَا الْمَفْهُومِ**: مۇشۇ چۈشەنچە رامكىسىدا.

**حَيَّضَ يُحَيِّضُ تَحْيِيْضًا الْمَاءَ أَوِ الدَّمَ**: سۇنى ياكى قاننى ئېقىتتى.

**حَيَّقَ يُحَيِّقُ تَحْيِيقًا الطَّعَامَ**: تائامغا تەم كىرگۈزدى ، تەملىك قىلدى.

**حَيَّهَلْ**: ئۇنى قوي ، تاشلا ! بولدى قىل !

**حَيَّهَلَا**: بېرى كەل ! تېز كەل !

**حَيُّوتٌ**: ئەركەك يىلان.

**حَيِيٌّ**: ھايالىق ، نومۇسچان ، ئۇياتچان.

**حُيِيٌّ**: مىكروب ، باكتېرىيە ؛ مىكرو ئورگانىزم.

www.uyghurkitap.com

# خ

**خ ‹اَلْخَاءُ›** : ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 7-ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «600» نى بىلدۈرىدۇ.

**خَابَ يِخِيْبُ خَيْبَةً الشَّخْصُ** : مەغلۇپ بولدى ؛ نىشانغا تەگكۈزەلمىدى ؛ قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى ؛ ئۈمىدسىزلەندى.

**«وَاسْتَفْتَحُوْا وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيْدٍ» ‹قرآن›** : پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن مەدەت تىلىدى، ھەر بىر ئۆچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى.

**خَابَ سَعْيُهُ:** تىرىشچانلىقى بىكار كەتتى.

**خَابَ أَمَلُهُ:** ئۈمىدسىزلەندى.

**خَابَرَ يُخَابِرُ مُخَابَرَةً** : ئالاقە قىلىشتى، خەۋەرلەشتى.

**خَابِطٌ:** نىشانسىز ماڭغۇچى.

**خَابِطُ لَيْلٍ:** تىمىسقىلاپ ماڭغۇچى، قارىغۇلارچە ماڭغۇچى.

**خَابِلٌ:** شەيتان ، ھازازۇل ؛ بۇزغۇنچى.

**اَلْخَابِلاَنِ:** كېچە بىلەن كۈندۈز.

**خَابِيَةٌ ج خَوَابٍ:** كوزا ، كومزەك.

**خَاتِرٌ:** خائىن ، زىيانكەشلىك قىلغۇچى ، يۈز ئۆرۈگۈچى ، مەككار ، خىيانەتچى.

**خَاتِعٌ** : قاچقۇن.

**خَاتَلَ يُخَاتِلُ مُخَاتَلَةً:** ئالدامچىلىق قىلدى ، خىيانەت قىلدى ، پەللىدى.

**خَاتَمٌ ج خَوَاتِمُ** : ئۈزۈك ؛ ئاخىرقىسى ، تۈگەنچىسى.

**«مَاكَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللّٰهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ» ‹قرآن›** : مۇھەممەد ئاراڭلار-دىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر.

**خَاتَمُ الزَّوَاجِ:** توي ئۈزۈكى.

**خَاتَمُ سُلَيْمَانَ:** سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى ( رىۋايەتلەردە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۈزۈكى بولۇپ ، ئۇنى تاقاپ مىدىرلاتسا جاھاندىكى جىمى بەرسىلەر ھازىر بولىدىغانلىقى ، جىنلار ۋە شاماللار ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغانلىقى دېيىلگەن).

**خَاتِمٌ ج خَوَاتِمُ:** پوچتا ماركىسى ، تامغا ، مۆھۈر.

**خَاتِمَةٌ ج خَوَاتِمُ:** ئىشنىڭ ئاخىرى ، خۇلاسە ، يەكۈن ؛ نۇتۇق ۋە لېكسىيلەرنىڭ خاتىمىسى ( ماقالە ئاخىرىدا دېيىلىدىغان سۆز).

**خَاتِمَةُ الْخِطَابِ:** نۇتۇقنىڭ تۈگەنچىسى ، خاتىمىسى.

**خَاتِمَةُ الْكِتَابِ:** كىتابنىڭ تۈگەنچىسى ، خاتىمىسى.

**خَاتِمَةُ الْمَطَافِ:** ئاخىر.

**«اَلْأُمُورُ بِخَوَاتِمِهَا»** : ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ، ئۇلارنىڭ ئاخىرغا باغلىق.

**خَاثِرٌ:** قېتىپ قالغۇچى ، ئۇيۇپ قالغۇچى.

**خَاثِرَةٌ:** قان ئۇيۇلمىسى.

**خَادِرٌ:** ئېرىنچەك ، ھورۇن.

**خَادَعَ يُخَادِعُ مُخَادَعَةً وَ خِدَاعًا:** ئالداشقا ئۇرۇندى ، ساختىلىق قىلدى ، ئالدىدى.

**«إِنَّ الْمُنَافِقِيْنَ يُخَادِعُونَ اللّٰهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ» ‹قرآن›** : شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدام-

چىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ.

**خَادِمٌ** : خىزمەتچى ، چاكار ، ياللانغۇچى ، خادىم ، ياللانما ، مالاي.

**خَادِمِيَّةٌ** : خىزمەتچىلىك سالاھىيىتى.

**خَادَنَ يُخَادِنُ مُخَادَنَةً** : دوست تۇتۇشتى ، سىرداش بولۇشتى.

**خَاذَلَ يُخَاذِلُ مُخَاذَلَةً** : تاشلىۋەتتى ، ۋاز كەچتى ، ياردەم قولىنى سۇنمىدى.

**خَاذَلَتْهُ قُوَاهُ** : ھالىدىن كەتتى.

**خَارَ يخورُ خُوَارًا الْبَقَرُ** : كالا مۆرىدى.

**خَارَ الْغَنَمُ** : قوي مەرىدى.

**خَارَ يَخُوْرُ خُؤُورًا الرَّجُلُ** : ئىرادىسى بوشىشىپ كەتتى.

**خَارَتْ عَزِيْمَتُهُ** : ئىرادىسى بوشىشىپ كەتتى.

**خَارَتْ قُوَاهُ** : جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كەتتى.

**خَارَ يَخِيْرُ خَيْرًا** : ياخشى بولدى.

**خَارَ الشَّيْءَ عَلَى غَيْرِهِ**: باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلدى، باشقىلاردىن ئارتۇق قىلدى.

**خَارِبٌ ج خُرَّابٌ**: بۇزغۇنچى، خاراب قىلغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى.

**خَارِجٌ** : چىققۇچى ؛ تاشقىرىسى ، سىرتى ، خارىجى ، سىرتقى تەرىپى؛ چەت ئەل.

**خَارِجُ الْقِسْمَةِ** : بۆلۈنمە ( ماتېماتىكىدا)

**خَارِجُ الْقَانُونِ** : قانۇن سىرتىدا.

**فِي الْخَارِجِ** : سىرتتا ، دۆلەتنىڭ سىرتىدا ، چەتتە ، چەت ئەلدە.

**«أَمْضَيْتُ فِي الْخَارِجِ عَشَرَ سَنَوَاتٍ»** : مەن چەت ئەلدە ئون يىلنى ئۆتكۈزدۈم.

**مِنَ الْخَارِجِ**: سىرتتىن ، تاشقىرىدىن ، چەت ئەلدىن.

**هَرَعَ إِلَى الْخَارِجِ** : چەت ئەلگە قاچتى.

**خَارِجًا** : سىرتتا.

**خَارِجِيٌّ** : تاشقىرىقى ، سىرتقى ، سىرتتىن كەلگەن ؛ ئەجنەبى ، يات ئادەم ، چەت ئەللىك.

**تِلْمِيذٌ خَارِجِيٌّ** : قاتناپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

**طَالِبٌ خَارِجِيٌّ** : مەكتەپ ياتىقىدا ياتماي ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

**اَلسِّلْكُ الْخَارِجِيٌّ** : دىپلوماتىك دائىرىلەر.

**وَزَارَةُ الْخَارِجِيَّةِ** : تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى.

**وَزِيْرُ الشُّؤُونِ الْخَارِجِيَّةِ** : تاشقى ئىشلار مىنىستىرى.

**وَزِيْرُ الْخَارِجِيَّةِ** : تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ، دىپلوماتىيە ۋەزىرى.

**«سِيَاسَتُنَا الْخَارِجِيَّةُ تَلْتَزِمُ بِالْحِيَادِ»** : بىزنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىمىز بىتەرەپ تۇرۇش بويىچە بولىدۇ.

**عِيَادَةٌخَارِجِيَّةٌ** : تارماق دوختۇرخانا ، تارماق ئامبۇلاتورىيە.

**خَارِجِيٌّ ج خَوَارِجُ** : خاۋارىج مەزھىپىگە ئەگەشكۈچى ، خاۋارىجلار پىرقىسىگە مەنسۇپ.

**خَارَشَ يُخَارِشُ مُخَارَشَةً** : تاتىلاپ تاشلىدى ، يارا قىلىۋەتتى.

**خَارِطَةٌ ج خَرَائِطُ** : خەرىتە ؛ سومكا ؛ تولۇم.

**خَارِقٌ** : تەشكۈچى ، تېشىپ ئۆتۈپ كەتكۈچى ، يىرتقۇچ ، يىرتىپ ئۆتۈپ كەتكۈچى.

**سَيْفٌ خَارِقٌ** : ئۆتكۈر قىلىچ.

**خَارِقٌ ج خَوَارِقُ** : ئادەتتىن تاشقىرى ، ئاجايىپ ۋەقە.

**خَارِقُ الْعَادَةِ** : ئادەتتىن تاشقىرى.

**خَارِقُ الطَّبِيْعَةِ** : تەبىئەتتىن تاشقىرى ، ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان مۆجىزە ، ئاجايىپ ۋەقەلەر.

**خَازِقٌ** : تىغ ئۇچى ، تىغ.

**خَازِنٌ ج خَزَنَةٌ** : خەزىنە باشقۇرغۇچى ، ئامبارچى ، كاسسىر ، خەزىنىچى.

**خَازِنُ الْجَنَّةِ** : جەننەتنىڭ ئىشىك باقارى (رىزۋان)

**خَازِنُ النَّارِ** : دوزاخنىڭ ئىشىك باقارى (مالىك )

**خَازُوقٌ ج خَوَازِيقُ**: قاڭ (يەر چىگدايدىغان ) ؛ قەدىمكى بىر خىل جازا قورالى.

**أَخَذَ خَازُوقًا** : زىيان تارتتى.

خَاسَ يَخِيسُ خَيْسًا بِالْعَهْدِ : ۋەدىسىنى بۇزدى ، لەۋزىدە تۇرمىدى.

خَاسِئٌ : قوغلاندى ، قوغلانغان.

«يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِئًا وَهُوَ حَسِيرٌ» «قۇرئان» : كۆزۈڭ ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.

خَاسِرٌ : زىيان تارتقۇچى ، زىيانكەش.

«قَالُوا تِلْكَ إِذًا كَرَّةٌ خَاسِرَةٌ» «قۇرئان» : ئۇلار ئېيتتى : « ئۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ( يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ) زىيانلىق قايتىشتۇر (يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق دوزاخ ئەھلى بولىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز ) ».

خَاسِعُ الْقَوْمِ : قەۋمىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، ئەڭ ناچىرى.

خَاشِعٌ ج خُشَّعٌ : بويسۇنغۇچى ، باش ئەگكۈچى ، ئېھتىرام بىلدۈرگۈچى ، كەمتەرلىك بىلەن ئېگىلگۈچى ؛ كەمتەر ، ئەدەبلىك ، يۈزى تۆۋەن.

«لَوْ أَنْزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُتَصَدِّعًا مِنْ خَشْيَةِ اللهِ» «قۇرئان» : ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ.

خَاشِعًا خَاضِعًا : تۆۋەنچىلىك بىلەن ، كەمتەرلىك بىلەن ، بويسۇنۇپ.

خَاشَنَ يُخَاشِنُ مُخَاشَنَةً : ئەدەپسىزلىك قىلىشتى ، قوپاللىق قىلىشتى.

خَاشٍ : قورققۇچى ، ئەنسىرىگۈچى.

خَاصَرَ يُخَاصِرُ مُخَاصَرَةً : قولتۇقلىشىپ ماڭدى.

خَاصَرَ الْمَرْأَةَ فِي الرَّقْصِ : تانسىدا ئاياللىنىڭ بېقىنىنى تۇتتى ، بېقىنىنى تۇتۇپ تانسا ئوينىدى.

خَاصِرَةٌ : يان ، يان تەرەپ ، بېقىن.

خَاصٌّ : تۈرى ، خىلى ، نەۋئى ، جىنسى؛ خۇسۇسى ، مەخسۇس ، شەخسىي ، ئالاھىدە ، خاس.

«لَيْسَ عِنْدِي طَعَامٌ خَاصٌّ أُقَدِّمُهُ لَكُمْ فَلْنَأْكُلْ مَعًا طَعَامًا بَسِيطًا» : سىلەرنى كۈتىدىغان ئالاھىدە تاماقىم يوق ، بىرلىكتە بىر ئاز ئاددى غىزالىنايلى.

طَبِيبٌ خَاصٌّ : ئالاھىدە دوختۇر، شەخسىي دوختۇر، مەخسۇس دوختۇر.

مِنْ مَالِهِ الْخَاصِّ : شەخسىي مال ـ مۈلكىدىن.

«تَبَرَّعَ مِنْ مَالِهِ الْخَاصِّ لِبِنَاءِ مُسْتَشْفَى» : ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلىدىن دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى.

مَبْعُوثٌ خَاصٌّ : ئالاھىدە ۋەكىل.

خَاصَّةٌ : ئالاھىدە ، ئۆزگىچە ، مەخسۇس ، خۇسۇسەن ، بولۇپمۇ.

«وَقِّرِ الْكَبِيرَ وَ خَاصَّةً وَالِدَيْكَ» : سەن چوڭنى ھۆرمەتلە، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى.

خَاصَّةٌ ج خَوَاصُّ : خاسلىق ، ئالاھىدىلىك ، ئالاھىدە بەلگە ، خاس سۈپەت ، ئۆزگىچىلىك ؛ جەۋھەر، خۇسۇسىيەت.

«اَلصُّفُوفُ الْأُولَى مِنَ الْمَسْرَحِ مَحْجُوزَةٌ لِخَاصَّةِ الْقَوْمِ» : تىياتىرخانىدىكى ئالدىنقى ئورۇنلار ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان.

«مِنْ خَوَاصِ السُّكَّرِ الذَّوَبَانُ فِي الْمَاءِ» : شېكەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى سۇدا ئېرىشتۇر.

مَدْرَسَةٌ خَاصَّةٌ : شەخسىي مەكتەپ.

مِلْكِيَّةٌ خَاصَّةٌ : شەخسىي مۈلۈكچىلىك.

سَيَّارَةٌ خَاصَّةٌ : شەخسىي ماشىنا ، مەخسۇس ماشىنا.

خَاصَّةُ الرَّجُلِ : كىشىنىڭ يېقىنى.

خَاصَّةُ الْقَوْمِ : ياخشىسى ، چوڭى.

اَلْحَيَاةُ الْخَاصَّةُ : شەخسىي تۇرمۇش ، خۇسۇسىي تۇرمۇش.

هَذَا لَكَ بِخَاصَّةٍ : بۇ مەخسۇس ساڭا تەۋە.

ظُرُوفٌ خَاصَّةٌ : ئالاھىدە ئەھۋال.

اَلْخَاصَّةُ : خاس.

خَاصِّيَّةٌ ج خَاصِّيَّاتٌ وَخَصَائِصُ : ئالاھىدە بەلگە ، خۇسۇسىيەت.

«خَاصِّيَّةُ التَّفْكِيرِ وَالنُّطْقِ وَقْفٌ عَلَى الْإِنْسَانِ» : پىكىر قىلىش ۋە سۆزلەش ئالاھىدىلىكى ئىنسان ئۈچۈن خاس قىلىنغان.

خَاصَمَ يُخَاصِمُ خِصَامًا وَ مُخَاصَمَةً : مۇنازىرىلەشتى ، دەتالاش قىلىشتى.

**خَاضَ يَخُوضُ خَوْضًا الشَّخْصُ الْمَاءَ** : سۇغا كىردى ، سۇنى كەچتى.

**خَاضَ الْمَنَايَا:** خەتەرگە ئۆزىنى ئاتتى.

**خَاضَ فِي الْوَحَلِ:** پاتقاققا كىردى.

**خَاضَ الْقَوْمُ فِيالْحَدِيثِ:** پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، سۆھبەتلەشتى، پىكىر ئالماشتۇردى.

**«وَاِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِىآيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِى حَدِيْثٍ غَيْرِهِ»**

**‹قرآن›** : بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە ، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.

**خَاضَ غِمَارَ الْحَيَاةِ:** هاياتنىڭ قاينامىلىرىدا ئۈزدى.

**خَاضَ الْمَعْرَكَةَ:** جەڭگە كىردى ، ئۇرۇشقا قاتناشتى.

**خَاضَرَ يُخَاضِرُ مُخَاضَرَةً:** مېۋىنى توك ۋاقتىدا سېتىۋەتتى.

**خَاضِعٌ ج خُضَّعٌ:** بويسۇنغۇچى ، باش ئەگكۈچى ، ئىتائەت قىلغۇچى ، تىز پۈككۈچى.

**اَلْأَقْطَارُ الْخَاضِعَةُ:** تەۋە دۆلەت ، قاراشلىق دۆلەت.

**خَاضِلٌ** : نەم ، هۆل.

**خَاطَ يَخِيْطُ خِيَاطَةً الثَّوْبَ:** كىيىم تىكتى ، يامىدى.

**خَاطِئٌ ج خَطَأَةٌ وَ خَوَاطِئُ:** خاتالاشقان ئادەم ، گۇناهكار ، جىنايەتچى.

**«نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ» ‹قرآن›** : چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ـ يالغانچى گۇناهكارلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەهەننەمگە) سۆرەيمىز.

**«نَظْرَتُكَ لِلْأَحْدَاثِ نَظْرَةٌ خَاطِئَةٌ»** : سېنىڭ هادىسىلەرگە بولغان قارىشىڭ خاتا قاراشتۇر.

**خَاطَبَ يُخَاطِبُ مُخَاطَبَةً وَخِطَابًا الشَّخْصَ:** سۆز ئاچتى ، گەپ ئاچتى.

**«وَلَاتُخَاطِبْنِي فِىالَّذِيْنَ ظَلَمُوااِنَّهُمْ مُغْرَقُوْنَ»**

**‹قرآن›** : (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ.

**خَاطِبٌ . خَاطِبَةٌ:** تويدا ۋاستىلىق قىلغۇچى ، تونۇشتۇرغۇچى ، دەللال (تويدا) ئوتتۇرىدا ماڭغۇچى، ئەلچى، ئايالغا لايىق بولۇپ توي قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچى.

**خَاطِبٌ ج خُطَّابٌ:** سۆھبەت بايان قىلغۇچى ، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ، خۇتبە ئوقۇغۇچى ، خاتىب ؛ تەلەپ قىلغۇچى ؛ قىز ـ يىگىتنى تونۇشتۇرغۇچى.

**«مَايَزَالُ دَوْرُ الْخَاطِبَةِ مُهِمًّا فِي الْقُرَى وَبَعْضِ الْمُدُنِ»** : بەزى يېزا ۋە شەهەرلەردە قىز ـ يىگىتلەرنى تونۇشتۇرغۇچىنىڭ رولى مۇهىم بولماقتا.

**كَثُرَ خُطَّابُهَا:** ئايالنىڭ تەلەپ قويغۇچىلىرى، لايىقلىرى كۆپەيدى.

**خَاطَرَ يُخَاطِرُ مُخَاطَرَةً بِحَيَاتِهِ:** ئۆزىنى هالاكەتكە دۇچار قىلدى، قارامىلىق قىلدى ، ئۆزىنى هالاكەتكە تۇتۇپ بەردى.

**خَاطَرَهُ بِكَذَا:** زىيان يەتكۈزدى ، خەتەرگە ئۇچراشتى.

**خَاطَرَ بِنَفْسِهِ:** تەۋەككۈلچىلىك قىلدى.

**خَاطِرٌ ج خَوَاطِرُ:** قىزىقىش ، پىكىر ، ئوي ، نىيەت ، مۇددىئا.

**أَخَذَ بِخَاطِرِهِ:** تەسەللى بەردى.

**أَخَذَ عَلَى خَاطِرِهِ:** ئاچچىقلاندى.

**كَسَّرَ خَاطِرَهُ:** ئۈمىدسىزلەندۈردى.

**رَاعَى خَاطِرَهُ:** ئۇنىڭغا رىئايە قىلدى.

**عَنْ طِيْبِ خَاطِرٍ:** ئىختىيارىي ، خۇشاللىق بىلەن.

**عَفْوُ الْخَاطِرِ:** ئۆزلۈكىدىن ، تەييارلىقسىز.

**سَرِيعُ الْخَاطِرِ:** زېهنى ئۆتكۈر ، خاتىرىسى تېز ، سەگەك ، هازىر جاۋاب ، هوشيار.

**اِكْرَامًا لِخَاطِرِكَ:** سېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن.

**لِخَاطِرِكَ:** سېنىڭ هۆرمىتىڭ ئۈچۈن.

**عَلَى خَاطِرِكَ:** ئىختىيارىڭ ، دېگىنىڭدەك بولسۇن.

www.uyghurkitap.com

**مِنْ أَجْلِ خَاطِرِكَ** : سىنىڭ ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن.

**كَدَّرَ خَاطِرَهُ** : كۆڭلىنى غەش قىلدى.

**لِأَجْلِ خَاطِرِى** : مېنىڭ يۈز خاتىرەم ئۈچۈن.

**لَمْ يَدُرْ بِخَاطِرِى** : ئېسىمگە كەلمىدى ، ئويۇمغا كەلمىدى.

**مِنْ كُلِّ خَاطِرِى** : چىن قەلبىمدە.

**جَاشَ الشِّعْرُ بِخَاطِرِى** : قەلبىمدە شېئىر جۇشقۇنلىدى.

**تَوَارُدُ الْخَوَاطِرِ**: پىكرىنىڭ ئوخشاپ قېلىشى ، ھېچقانداق ئالاقىلاشمىغان كىشىلەرنىڭ پىكرىنىڭ بىر يەردىن چىقىشى ، ناتونۇش كىشىلەرنىڭ پىكرىنىڭ بىر يەردىن چىقىشى.

**خَاطِقٌ**: تېز ، چاپسان؛ نىشانغا تەگمىگەن ئوق.

**زِيَارَةٌ خَاطِفَةٌ**: قىسقا زىيارەت، تېز زىيارەت، چاپسان زىيارەت.

**اَلْحَرْبُ الْخَاطِفَةُ**: چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش.

**نَظْرَةٌ خَاطِفَةٌ**: لەپپىدە قاراپ قويۇش.

**فِكْرَةٌ خَاطِفَةٌ** : تېز تەپەككۇر.

**خَافَ يَخَافُ خَوْفًا الرَّجُلُ** : قورقتى ، قورقۇنچ باستى.

**«وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ» ‹قرآن›** : پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار.

**خَافَ الطِّفْلُ الْكَلْبَ أَوْ مِنَ الْكَلْبِ**: بوۋاق ئىتتىن قورقتى.

**خَافَ مِنْهُ** : چۆچۈپ كەتتى.

**خَافَ مِنْ** : ئەندىشە قىلدى ، ئەنسىرىدى.

**خَافَ عَلَيْهِ مِنْ كَذَا**: ئەنسىرىدى.

**«وَإِنِ امْرَأَةٌ خَافَتْ مِنْ بَعْلِهَا نُشُوزًا أَوْ إِعْرَاضًا»**

**‹قرآن›** : ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا . . .

**خَافَتَ يُخَافِتُ مُخَافَتَةً بِصَوْتِهِ** : ئاۋازىنى پەسلەتتى.

**«وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا» ‹قرآن›** : نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەرزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن ، (مۆمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىق ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن.

**خَافَتَ الْمُحَدِّثُ جَلِيْسَهُ**: سۆزلىگۈچى سورۇندىشىغا پىچىرلىدى ، شىۋىرلىدى.

**خَافِتٌ**: بوش ئاۋاز، ئاستا ئاۋاز.

**خَافِضٌ** : تۆۋەنلىگۈچى، تۆۋەنگە ساڭگىلىغۇچى.

**خَافِقٌ** : سوقۇپ تۇرغان يۈرەك؛ لەپىلدەپ تۇرغان بايراق.

**خَافِقُ الْقَلْبِ**: دەككە ـ دۈككە بولغۇچى، ئەنسىرىگۈچى.

**اَلْخَافِقَانِ** :شەرق بىلەن غەرب، مەشرىق بىلەن مەغرىب.

**«تَرَدَّدَ ذِكْرُهُ فِي الْخَافِقَيْنِ»** : داڭقى جاھانغا تارالدى.

**خَافِقَةٌ ج خَوَافِقُ** :تۇغ، ئەلەم، بايراق.

**خَافِقِيٌّ** : سېغىزلاي.

**خَافٍ**: يوشۇرۇن، مەخپىي، كۆرگىلى بولمايدىغان.

**غَيْرُ خَافٍ أَنْ** : مەخپىي ئەمەس، يوشۇرۇن ئەمەس.

**خَافِيَةٌ ج خَوَافٍ** :سىر، مەخپىي، يوشۇرۇن؛ قۇش قانىتىنى يىغقان چاغدىكى تۆت چوڭ پەيىنىڭ بىرى.

**خَالَ يَخَالُ خَيَلَانًا الشَّيْءَ** : ئويلىدى، خىيال قىلدى، تەپەككۇر قىلدى.

**خَالَ يَخَالُ خَيْلًا** : مەغرۇرلاندى، غادايدى، گىدەيدى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى.

**خَالٌ ج اَخْوَالٌ**: تاغا(ئانىنىڭ ئەر قېرىندىشى) .

**خَالٌ ج خِيلَانٌ**: بويتاق ئەر ؛ كىيپەن ؛ ھاكاۋۇر ئادەم ؛ ئېسىل ئادەم ؛ ئاجىز ئادەم؛ كىچىك دۆۋە ؛ مەڭ ، خال ، سۆگەل ؛ ئاتنىڭ يۈگىنى؛ چوڭ تاغ ؛ بايراق ؛ تۇغ ؛ خوجايىن (بىر نەرسىنىڭ) ؛ يۇمشاق كىيىم؛ ئىگىسى؛ گۇمان؛ يامغۇرسىز بۇلۇت.

**خَالَبَ يُخَالِبُ مُخَالَبَةً** : ئالدىدى، قايمۇقتۇردى.

**خَالِبٌ** : مەپتۇن قىلغۇچى؛ ھىيلىگەر، مەككار.

**خَالَةٌ ج خَالَاتٌ**: هاممَا (ئانىنىڭ ھەمشىرىسى)

**خالَجَ يُخالِجُ مُخالَجَةً نَفْسَهُ** : ئۇي پەيدا بولدى، كۆڭلىگە كىرىۋالدى.

**خالِجَةٌ ج خَوالِجُ** : پىكىر، ئوي، ھېسسىيات.

**خالِدٌ**: مەڭگۈ، ئەبەدىي، ئۆلمەس، باقىۋەند.

**خالَسَ يُخالِسُ مُخالَسَةً الرَّجُلَ**: كىشىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىراتتى.

**خالَسَ فُلانًا النَّظَرَ**: ئوغرىلىقچە قارىدى.

**خالَصَ يُخالِصُ مُخالَصَةً صَدِيقَهُ الْوُدَّ**: دوستىغا سەمىمىي، دوستانە مۇئامىلە بولدى.

**خالَصَ الدّائِنُ الْمَدِينَ**: قەرز بەرگۈچى قەرزداردىن قەرزىنى كۆتىرىۋەتتى.

**خالِصٌ ج خُلَّصٌ**: ساپ، پاكىز، خالىس ، خاس.

**«أَلا لِلّٰهِ الدِّينُ الْخالِصُ» (قرآن)** : بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر.

**خالِصُ الأُجْرَةِ** : تۆلەم.

**هُوَ خالِصٌ لَكَ** : ئۇ ساڭا ھالال.

**لَبَنٌ خالِصٌ**: ساپ سۈت.

**لَوْنٌ خالِصٌ**: ئاپئاق.

**خالِصُ الطَّوِيَّةِ**: سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق-يورۇق.

**خالِصُ الْمَصارِفِ**: ھەقسىز، پۇلسىز، مۇت، بىكارلىق.

**خالِصَةٌ** : خاس ، مەخسۇس ، خۇسۇسىي.

**«قُلْ إِنْ كانَتْ لَكُمُ الدّارُ الآخِرَةُ عِنْدَ اللّٰهِ خالِصَةً مِنْ دُونِ النّاسِ فَتَمَنَّوُا الْمَوْتَ»**

(قرآن) : ئۇلارغا : « ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى ( يەنى جەننەت ) ئاللاھنىڭ قېشىدا ( سىلەر گۇمان قىلغاندەك ) باشقىلارغا ئەمەس ، سىلەرگىلا خاس بولسا ( سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان ) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار» دېگىن.

**خالَطَ يُخالِطُ مُخالَطَةً وَ خِلاطًا**: ئارىلاشتى، ئالاقىلەشتى ، دوستلاشتى ، باردى ـ كەلدى قىلدى ، مۇناسىۋەت قىلىشتى.

**«وَإِنْ تُخالِطُوهُمْ فَإِخْوانُكُمْ فِي الدِّينِ» (قرآن)** : ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار) ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر.

**خالَطَ الرَّجُلُ زَوْجَتَهُ** : ئايالى بىلەن بىر يەردە بولدى ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى.

**خالَفَ يُخالِفُ مُخالَفَةً**: زىتلاشتى، قارشىلاشتى.

**خالَفَ الشَّيْءُ الشَّيْءَ**: قارشى كەلدى ، قارىمۇقارشى بولدى ، قارشى مەيداندا تۇردى.

**خالَفَ عَنْ أَمْرِهِ** : ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى ، دېگىنىنى قىلمىدى.

**خالَفَ الشَّخْصُ فِي الْقانُونِ**: قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى.

**خالَفَ غَيْرَهُ فِي الرَّأْيِ** : باشقىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قارشى پىكىردە بولدى.

**خالَفَ بَيْنَ الشَّيْئَيْنِ** : ئوخشىمىغان ئىككى نەرسىنى بىرلەشتۈردى.

**خالِفٌ ج خَوالِفُ** : ئارقىدا قالغۇچى ، قالاق ؛ كۆڭلى ئاماق تارتمايدىغان ؛ ئاجىز ؛ بۇزۇلۇپ قالغان شاراب.

**«رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوالِفِ» (قرآن)** : ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار ( يەنى ئاياللار ، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار ) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدۇ.

**خالَقَ يُخالِقُ مُخالَقَةً**: ياخشى مۇناسىۋەتتە بولدى ، ياخشىلىق ئاساسىدا مۇئامىلە قىلدى.

**«خالِقِ النّاسَ بِخُلُقٍ حَسَنٍ» (حديث)** : كىشىلەرگە چىرايلىقچە مۇئامىلە قىل ، كىشىلەرگە قارىتا ياخشى مۇئامىلىدە بول.

**خالِقٌ**: ئۈرنەكسىز ياراتقۇچى ، ياراتقۇچى ، پەيدا قىلغۇچى ، خەلق ئەتكۈچى.

**اَلْخالِقُ**: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «ھەممىنى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچى ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

**«فَتَبارَكَ اللّٰهُ أَحْسَنُ الْخالِقِينَ» (قرآن)** : ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ئۇلۇغدۇر.

**خالَّ يُخالُّ مُخالَّةً وَخِلالًا الرَّجُلَ**: دوستلاشتى.

**خالَلَ اِمْرَأَةً** : ئاشنا تۇتۇۋالدى ، نىكاھسىز بىللە بولۇشۇۋالدى.

**«اَلْمَرْءُ عَلَى دِينِ خَلِيلِهِ فَلْيَنْظُرِ امْرُؤٌ مَنْ**

يُخَالِلُ» «حديث» : كىشى دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ ، ئەمدى ئۇ كىشى كىمنى دوست تۇتىدىغانلىقىغا قارىسۇن.

خَالٍ م خَالِيَةٌ: بوش ، خالىي ، قۇرۇق.

«كَانَتِ الْحُرُوفُ الْعَرَبِيَّةُ تُكْتَبُ خَالِيَةً مِنَ النِّقَاطِ وَحَرَكَاتِ الشَّكْلِ» : ئەرەب تىلى ئېلىپبەپە هەرپلىرى ئۆز ۋاقتىدا چېكىت ۋە هەرەكەلەردىن خالىي يېزىلاتتى.

خَالٍ مِنَ الْعَمَلِ : ئىشسىز ، بىكارچى.

خَالٍ مِنَ الضَّرَرِ : زىياندىن خالىي ، زىيان ـ زەخمەتسىز.

خَالٍ مِنَ السُّكَّانِ : ئاهالىسىز.

خَالٍ مِنَ الْعَيْبِ : نۇقسانسىز.

خَالٍ مِنَ الْغَرَضِ : غەرەزسىز ، مەقسەتسىز.

خَالٍ مِنَ الْعَرَاقِيلِ : توسالغۇسىز.

خَالٍ مِنَ الْمَوَانِعِ : توسالغۇسىز.

مَرْكَزٌ خَالٍ : بوش ئورۇن ، خالىي جاي.

خَالِي الْبَالِ : ئارام ـ خۇدا ، غەم ـ قايغۇسىز.

خَالِي الْوِفَاضِ : قۇرۇق قول.

اَلْقُرُونُ الْخَالِيَةُ : قەدىمكى دەۋرلەر ، ئۆتكەن دەۋرلەر ، تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەر.

خَامٌ ج خَامَاتٌ : بوز ، ماتا ، خام ؛ ماتېرىيال ، خام ئەشيا.

«إِزْدَادَ إِنْتَاجُ الشَّرِكَةِ مِنَ النِّفْطِ الْخَامِ» : شىركەتنىڭ خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ئاشتى.

خَامُ الْحَدِيدِ: تۆمۈر كان ، تۆمۈر رودىسى.

اَلْمَوَادُّ الْخَامُ : خام ئەشيا ، ماتېرىيال.

مَوَارِدُ الْخَامَاتِ : خام ئەشيا مەنبەسى.

خَامِدٌ : جىمجىت ، تىمتاس ، ئۈن ـ تىنسىز.

«هَذَا الْبُرْكَانُ خَامِدٌ مُنْذُ عَامٍ» : بۇ يانار تاغ بىر يىلدىن بۇيان جىمىپ قالدى.

«إِنْ كَانَتْ إِلَّاصَيْحَةًوَاحِدَةًفَإِذَاهُمْ خَامِدُونَ»

«قرآن» : پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاهان ئۇلار قىتىپ قالدى.

خَامَرَ يُخَامِرُ مُخَامَرَةً : شەكلەندۈردى ، گۇمانلاندۇردى ؛ ئارىلىشىپ قالدى ؛ ئەنسىرەتتى ؛ ياپتى.

خَامِرٌ : ئېچىتقۇ ، خېمىرتۇرۇچ.

اَلْخَامِسُ : بەشىنچى.

اَلْخَامِسُ عَشَرَ : ئون بەشىنچى.

خَامِلٌ ج خَمَلَةٌ : نام ـ ئاتاقسىز.

خَامٌّ : ئاچچىق ، سېسىق.

خَانَ يَخُونُ خِيَانَةً الشَّخْصُ : خىيانەت قىلدى ، ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

خَانَ صَدِيقَهُ أَوْ وَطَنَهُ أَوْ قَوْمَهُ أَوْ عَهْدَهُ : دوستىنى ياكى ۋەتىنىنى ياكى خەلقىگە خىيانەت قىلدى ، ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

خَانَ الزَّوْجُ زَوْجَتَهُ : ئەر ئايالىغا خىيانەت قىلدى.

خَانَ الدَّهْرُ: مەقسىتىگە يېتەلمىدى ، مۇرادى هاسىل بولمىدى.

خَانَتْ رِجْلَاهُ: پۇتىنىڭ مادارى قالمىدى.

خَانَتْهُ ذَاكِرَتُهُ: ئېسىدە قالمىدى.

خَانِعٌ : بويسۇنغۇچى ، باش ئەگكۈچى ، تىز پۈككۈچى.

خَانَقَ يُخَانِقُ مُخَانَقَةً: تاكاللاشتى ، جاڭجاللاشتى.

خَانِقٌ : بوغقۇچى ، تۇنجۇقتۇرغۇچى ، سىرتماق سىلىپ ئۆلتۈرگۈچى.

غَازٌ خَانِقٌ : تۇنجۇقتۇرغۇچى گاز.

جَوٌّ خَانِقٌ : تىنجىق هاۋا.

هَوَاءٌ خَانِقٌ : تىنجىق هاۋا ، بۇرۇختۇم هاۋا.

خَانِقُ الْكَلْبِ : شۇمبۇيا ، زەھەرلىك ئوت ؛ زەھەرلىك ئېيىق تاپان.

خَانُوقٌ : بوغما كېسەل.

خَانُوقُ الطُّيُورِ : توخۇ ۋاباسى.

خَاوَذَ يُخَاوِذُ مُخَاوَذَةً : نۆبەت بولدى ، چەتنىدى.

خَاوَذَ إِلَى الشَّيْءِ: ئارقىسىدىن كەلدى.

خَاوَذَ عَلَى الشَّيْءِ: قوشۇلدى ؛ خىلاپلىق

قىلدى، قوشۇلمىدى.

**خَاوَذَتْهُ الْحُمَّى** : ئۇنىڭغا قىزىتما تەكرارلىنىپ تۇردى.

**خَاوَصَ يُخَاوِصُ مُخَاوَصَةً بِعَيْنِهِ** : مارىدى.

**خَاوَضَ يُخَاوِضُ مُخَاوَضَةً** : سودا ـ سېتىقتا تاكاللاشتى.

**خَاوٍ. خَاوِيٌ م خَاوِيَةٌ**: بوش ، خالىي.

**«فَتِلْكَ بُيُوتُهمْ خَاوِيَةٌ بِمَاظَلَمُوا» ‹قرآن›** :
ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ( ئادىمىزاتتىن ) خالىي بولۇپ قالدى.

**خَاوِي الْحِيْلَةِ**: چارىسىز ، ئامالسىز.

**خَايَلَ يُخَايِلُ مُخَايَلَةً**: كۆزىنى قاماشتۇردى ، كۆزىنى چاقناتتى.

**خَائِطٌ**: ماشىنىچى ، تىككۈچى ، سەيپۇڭ.

**خَائِفٌ**: قورققۇچى ، قورقىدىغان ، قورقۇنچ ھالىتىدە تۇرغۇچى.

**خَائِنٌ ج خَوَنَةٌ وَ خُوَّانٌ** : خائىن ، خىيانەتچى ، ئىشەنچسىز.

**خَائِنَةُ الْأَعْيُنِ**: كۆزلەرنىڭ خىيانىتى ، ئوغرىلىقچە قاراش ، گۇمان بىلەن قاراش.

**«يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُورُ» ‹قرآن›** :
ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.

**خَؤُونٌ** : ئالدامچى.

**خَبَا يَخْبُو خَبْوًا** : ئۆچتى.

**خَبَتِ النَّارُ** : ئوت ئۆچتى.

**خَبَا لَهَبُ فُلَانٍ** : ئاچچىقى ياندى ، جۇدۇنى پەسكويغا چۈشتى.

**خَبَا أُوَارُ الْحَرْبِ** : ئۇرۇش ئاخىرلاشتى ، ئۇرۇش ئوتى ئۆچتى.

**«مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَاهُمْ سَعِيْرًا»**
**‹قرآن›** : ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ ، ئوتى پەسلىداپ قالسا ، ئۇلارغا تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز.

**خَبَأَ يَخْبَأُ خَبْئًا الشَّيْءَ**: يوشۇردى ، مەخپىي تۇتتى ، ياپتى.

**«خَبَأَ نُقُودَهُ فِي الْخِزَانَةِ»** : ئۇ پۇللىرىنى ئىشكاپقا يوشۇردى.

**خَبْءٌ**: يوشۇرۇنغان نەرسە ، مەخپىي نەرسە.

**«اَلَّذِى يُخْرِجُ الْخَبْءَ فِي السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ»**
**‹قرآن›** : ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر.

**خِبَاءٌ ج أَخْبِيَةٌ** : چېدىر.

**خِبَاءُ الْقَمْحَةِ** : كېپەك.

**«نَصَبَ الرُّعْيَانُ أَخْبِيَتَهُمْ فِي الْمُرُوجِ الْخَضْرَاءِ»** :
پادىچىلار چېدىرلىرىنى ياپيېشىل ئورمانلىق ئىچىگە تىكتى.

**خَبَاثِ. يَا خَبَاثِ**: ھوي ئەسكى.

**خَبَاثَةٌ** : رەزىللىك ، يامانلىق ، ئەسكىلىك.

**خَبَارٌ** : دەرەخ يىلتىزىدىكى يىغىلىپ قالغان توپا ؛ مىكروب.

**خَبَارَةٌ** : مىكروب.

**خِبَازَةٌ** : ناۋايلىق ، بولكىچىلىق؛ ناۋايخانا.

**خُبَازَى** : تۆگمىگۈل.

**خُبَاسَاءُ** : غەنىيمەت.

**خُبَاطٌ** : توپا ، تۇپراق ؛ ساراڭلىق كېسىلى.

**خَبَالٌ**: بۇزۇقلۇق؛ كەمتۈكلۈك؛ مېيىپ؛ پىتنە ـ پاسات ؛ ھالاكەت ؛ ساراڭلىق ؛ ھارغىنلىق ؛ كىشىنى ئۆلتۈرىدىغان زەھەر.

**«لَوْخَرَجُوا مَازَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا» ‹قرآن›** : ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى.

**خَبَّ يَخُبُّ خَبًّا النَّبَاتُ**: ئۆسۈملۈك ئۆستى.

**خَبَّ يَخُبُّ خِبًّا وَ خِبَابًا الْبَحْرُ**: دېڭىز دولقۇنلاندى ، مەۋج ئۇردى.

**خَبَّ يَخُبُّ خَبًّا و خَبَبًا**: سوكۇلداپ ماڭدى.

**خَبَّ الْفَرَسُ**: ئات سوكۇلدىدى.

**خَبَّ يَخَبُّ خَبًّا فِي الطِّيْنِ**: لايغا پېتىپ قالدى.

**خَبَّ يَخَبُّ خِبًّا**: ئالدامچى بولدى ، ئالدامچىلىق قىلدى ، ئالدىدى ، ساختىپەزلىك قىلدى.

www.uyghurkitap.com

**خَبٌّ :** ئالدامچى ، مەككار.

**«لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ خَبٌّ وَلا خَائِنٌ» ‹حديث›:** ئالدامچى بىلەن خائىن جەننەتكە كىرمەيدۇ.

**خَبَّأَ يُخَبِّأُ تَخْبِيَةً :** يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى ، ياپتى.

**خَبَّازٌ ج خَبَّازُونَ:** ناۋاي ، بولكىچى.

**خُبَازَةٌ:** ناۋايچىلىق، ناۋايچىلىق كەسپى.

**خَبَّاصٌ :** پىتنە ـ پاساتچى ، ئىغۋاچى.

**خَبَبٌ :** يۈگۈرۈشنىڭ بىر خىلى ، سۈرئەت.

**خَبَّرَ يُخَبِّرُ تَخْبِيْرًا الشَّخْصَ :** بىلدۈردى ، ئېيتىپ بەردى ، مەلۇم قىلدى ، دوكلات قىلدى ، خەۋەر قىلدى.

**خَبَّصَ يُخَبِّصُ تَخْبِيْصًا:** ئارىلاشتۇردى.

**خَبَّطَ يُخَبِّطُ تَخْبِيْطًا:** قاقتى ، كۈچى بىلەن قاقتى.

**خَبَّلَ يُخَبِّلُ تَخْبِيْلًا:** ئالاقزادە قىلدى ، قالايمىقان قىلدى ، ساراڭ قىلىۋەتتى.

**خَبَتَ يَخْبِتُ خَبْتًا ذِكْرُهُ:** نامسىز بولدى، نامى مەخپىي بولدى، نامى چىقمىدى.

**خَبُثَ يَخْبُثُ خُبْثًا وَ خَبَاثَةً:** ناچارلاشتى ، ئەسكىلەشتى ، سەتلەشتى، رەزىللەشتى.

**«وَ الَّذِى خَبُثَ لَا يَخْرُجُ إِلَّا نَكِدًا» ‹قرآن›:** ناچار يەرنىڭ گىياھى ئاز ئۆسىدۇ.

**خَبُثَتْ رِيْحُهُ:** سېسىق پۇرىدى.

**خُبْثٌ :** يامانلىق ، رەزىللىك ، هارام ، هىيلە ـ مىكىر ، بۇزۇقلۇق؛ نىجاسەت.

**«اَلْخُبْثُ الْقَلِيْلُ فِي الثَّوْبِ يُفْسِدُ الصَّلَاةَ» :** كىيىمدىكى ئازراق نىجاسەت نامازنى بۇزىدۇ.

**خَبَثٌ :** داشقال ، كېرەكسىز نەرسە.

**خَبَثُ الْمَعَادِنِ الْمُذَابَةِ:** ئېرىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ داشقىلى.

**خَبَثُ الْبُرْكَانِ:** يانار تاغ لاتقىلىرى.

**خَبَرَ يَخْبُرُ خُبْرًا الْأَرْضَ:** يەرنى هەيدىدى.

**خَبَرَالطَّعَامَ:** تاماقنى مايلىق قىلدى.

**خَبَرَ يَخْبُرُ خُبْرًا وَ خِبْرَةً الْأَمْرَ:** ئىشنى باشتىن ئۆتكۈزدى ، تەجرىبە قىلدى ، سىناپ بىلدى.

**خَبَرَ و خَبُرَ يَخْبُرُ و خَبَرَ يَخْبَرُ خُبْرًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى تولۇق بىلدى ، ھەقىقىتىنى بىلىپ يەتتى ، ماهىيىتىنى تونىدى.

**خَبَرٌ ج أَخْبَارٌ:** خەۋەر ، ئاخبارات، مىش ـ مىش پاراڭ، مىش ـ مىش گەپ.

**خَبَرٌ جَدِيْدٌ:** يېڭى خەۋەر.

**خَبَرٌ شُؤْمٌ:** شۇم خەۋەر.

**خَبَرٌ كَاذِبٌ:** يالغان خەۋەر.

**خَبَرُ الْجُمْلَةِ:** بايان، جۈملىنىڭ خەۋىرى.

**أَصْبَحَ فِي خَبَرِ كَانَ:** ئۆتۈپ كەتتى ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۆتمۈشكە ئايلاندى ، دۇنيادىن يوقالدى.

**خَبَرُ آحَادِ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىشەنچلىك بىرلا راۋى ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان هەدىس.

**خَبَرٌ مُتَوَاتِرٌ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ ئادەم ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان هەدىس.

**«سَأَلَهُ عَنْ أَخْبَارِهِ» :** ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ، ئۇنىڭدىن هال ـ ئەھۋال سورىدى.

**نَشْرَةُ الْأَخْبَارِ :** خەۋەر ئاڭلىتىش ، خەۋەر تارقىتىش.

**وَكَالَةُ الْأَخْبَارِ :** ئاگېنتلىق ، ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

**خُبْرٌ.خِبْرَةٌ ج خِبْرَاتٌ:** تەجرىبە، سىناق؛ چوڭقۇر تونۇپ يەتمەك.

**«وَكَيْفَتَصْبِرُعَلَىَمَا لَمْ تُحِطْ بِهِ خُبْرًا» ‹قرآن›:** سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن ئىشقا قانداقمۇ سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن.

**عِنْدَهُ خِبْرَةٌ طَوِيْلَةٌ :** ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى بار.

**«اِشْتَرَكَفِي الْعَمَلِحَدِيثًا لِذَاتَنْقُصُهُ الْخِبْرَةُ» :** ئۇ خىزمەتكە يېڭى قاتناشقانلىقى ئۈچۈن تەجرىبىسى كەم.

**ذُو الْخِبْرَةِ:** تەجرىبىلىك ، كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

**عَدَمُ الْخِبْرَةِ:** تەجرىبىسىز.

**وَاسِعُ الْخِبْرَةِ:** مول تەجرىبىلىك.

«تَحَدَّثْ لَنَا مِنْ فَضْلِكَ عَنْ خِبْرَاتِكَ فِي الدِّرَاسَةِ» : بىزگە ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

تَبَادُلُ الْخِبْرَاتِ : تەجرىبە ئالماشتۇرۇش.

خَبَرِيَّةٌ: مىش ـ مىش پاراڭ، مىش ـ مىش گەپ.

خَبَزَ يَخْبِزُ خَبْزًا الْخُبْزَ : نان پىشۇردى ، بولكا ياسىدى.

خَبَزَ الْجَمَلُ الْأَرْضَ: تۆگە ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى تەپتى.

خَبَزَ الدَّوَابَّ : ئۇلاقنى قاتتىق ھەيدىدى.

خَبَزٌ : پەس تۈز يەر.

خَبْزٌ : نان پۇشۇرماق ، نان ياقماق.

خُبْزٌ : نان.

خَبَصَ يَخْبِصُ خَبْصًا الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇردى.

خَبَصَ بَيْنَهُمْ : ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى.

خَبَطَ يَخْبِطُ خَبْطًا الشَّخْصُ : قاتتىق ئۇردى.

خَبَطَ الْبَابَ : ئىشىكنى قاقتى.

خَبَطَ الشَّجَرَةَ : دەرەخنى قاقتى.

خَبَطَ فِي الطَّرِيقِ : قارىسىغا ماڭدى.

يَخْبُطُ خَبْطَ عَشْوَاءَ : قارىسىغا ئىش قىلىدۇ.

يَخْبُطُ فِي عَمْيَاءَ : قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ.

خَبْطٌ : ئۇرماق ، چەكمەك ، قاقماق.

خَبْطٌ عَشْوَاءُ : كەلسە ـ كەلمەس ئىش قىلىش ، قارىغۇلارچە ئىش قىلىش ، قالايمىقان ئىشلەش.

خَبْطَةٌ ج خَبْطَاتٌ : بىر كاچات ، بىر ئۇرۇش.

خَبَلَ يَخْبُلُ خَبْلًا الشَّخْصَ : ئالاقزادە قىلدى ، قالايمىقان قىلدى ، ساراڭ قىلىۋەتتى.

خَبِلَ يَخْبَلُ خَبَلًا وَ خَبَالًا : ساراڭ بولدى ، ئەقلىدىن ئازدى ، نېرۋىسىدىن ئاداشتى.

خَبَلَهُ الْحُبُّ: ئىشق ـ مۇھەببەت ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويدى.

خَبْلٌ: ساراڭلىق ، مەجنۇنلۇق ، بىخۇتلۇق.

خَبِلٌ: ساراڭ ، ئەقلىدىن ئازغان.

خَبْلَةٌ : مېيىپلىك ، ساراڭلىق.

خَبُورٌ : يولۋاس؛ شىر.

خَبُوسٌ : يولۋاس؛ شىر.

خَبِئٌ : يوشۇرۇنغان نەرسە ، مەخپىي نەرسە.

«أَخْرِجْ خَبِيْءَ كَلَامِكَ» : سەن سۆزۈڭنىڭ سىرىنى ئاشكارىلا.

خَبِيئَةٌ ج خَبَايَا : يوشۇرۇنغان نەرسە ، مەخپىي نەرسە.

عَرَفَ خَبِيْئَةَ أَمْرِهِ : ئۇنىڭ سىرىنى بىلدى، ئۇنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىۋالدى.

خَبَايَا الْأَرْضِ : يەر ئاستى بايلىقلىرى ، كان بايلىقلىرى ، مەدەنلەر.

خَبَايَا النَّفْسِ : كۆڭۈلدىكى سىرلار ، ئىچكى سىرلار.

خَبِيبٌ : ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسى ، ئۇزۇن ئورا.

خَبِيبَةٌ ج خَبَائِبُ : ئويمانىنىڭ ئوتتۇرىسى ؛ قول تاڭىدىغان لاتا ؛ ئۆسمە گۆش ؛ يالپاق گۆش ، دۈمبە گۆشى ، يوتا گۆشى.

خَبِيْثٌ ج خُبَثَاءُ م خَبِثَةٌ ج خَبِيثَاتٌ وَ خَبَائِثُ: ناچار ، ئەسكى ، يامان.

«وَلَا تَتَبَدَّلُوا الْخَبِيثَ بِالطَّيِّبِ» «قرآن» : ياخشىنى يامانغا تېگىشىۋالماڭلار.

خَبِيْثُ الرَّائِحَةِ : سېسىق پۇراق.

اَلشَّيْطَانُ الْخَبِيْثُ : نىجىس شەيتان، قەبىھ ئالۋاستى.

شَخْصٌ خَبِيْثٌ : ئەسكى ئادەم.

شَيْءٌ خَبِيْثٌ : ناچار ، داشقال نەرسىلەر.

فِعْلٌ خَبِيْثٌ: يامان ئىش.

«قُلْ لَا يَسْتَوِي الْخَبِيثُ وَ الطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ الْخَبِيثِ» «قرآن» : ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى ، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس.

اَلشَّجَرَةُ الْخَبِيْثَةُ : ئاچچىق تاۋۇز؛ ناچار دەرەخ.

اِبْتِسَامَةٌ خَبِيْثَةٌ : ھىيلىگەر كۈلكە.

uyghurkitap.com كىتاب تورىبېتى

أُمُّ الْخَبَائِثِ : ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسى، ھاراق.

«وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ» «قرآن» : ئۇ ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ.

خَبِيرٌ ج خُبَرَاءُ : مۇتەخەسسىس ، تېخنىك ، مېخانىك ، ئۇستا ، ماھىر.

خَبِيرٌ بِالْأَمْرِ: ئىشتىن تولۇق خەۋەردار ، ئىشنى ياخشى چۈشەنگەن.

«إِنَّ اللّٰهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ» «قرآن» : شۈبھىسىزكى ، ئاللاھ قىلمىشلاردىن خەۋەرداردۇر.

«يُقِيمُ الْخُبَرَاءُ الْأَجَانِبُ فِي فُنْدُقِ الصَّدَاقَةِ» : چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر دوستلۇق مېھمانخانىسىدا تۇرىدۇ.

خَبِيزٌ : ئوتقا قاقلاپ پۇشۇرۇلغان نان.

«خَبِيزُكَ النَّاضِجُ كَالْحَلْوَى» : سېنىڭ ياخشى پىشقان نېنىڭ خۇددى ھالۋىغا ئوخشاش.

خَبِيصٌ م خَبِيصَةٌ : ئارىلاشتۇرۇلغان ، ئارىلاشما ؛ تورت.

خِتَامٌ: خاتىمە ، ئاخىرقى نەتىجە، ئاخىرى.

«يُسْقَوْنَ مِنْ رَحِيقٍ مَخْتُومٍ خِتَامُهُ مِسْكٌ» «قرآن» : ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىردا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ.

فِي الْخِتَامِ : ئەڭ ئاخىردا.

مِسْكُ الْخِتَامِ : ياخشى ئاخىرلىشىش ، خەيرلىك ئاقىۋەت ، ئاقىۋىتى خەيرلىك بولۇش.

خِتَامِيٌّ: ئاخىر ، تۈگەنچىسى ، ئەڭ ئاخىر.

حِسَابٌ خِتَامِيٌّ: يىللىق ھېسابات.

كَلِمَةٌ خِتَامِيَّةٌ: يېپىش نۇتقى ، ئاخىرقى نۇتۇق ، ئاخىرقى سۆز.

جَلْسَةٌ خِتَامِيَّةٌ : يېپىلىش يىغىنى ، ئاخىرقى يىغىن.

خِتَانٌ: خەتنە قىلماق.

خَتَّارٌ: خائىن ، زىيانكەشلىك قىلغۇچى ، يۈز ئۆرۈگۈچى ، مەككار ، خىيانەتچى، خىيانەتكار.

«وَمَا يَجْحَدُ بِآيَاتِنَا إِلَّا كُلُّ خَتَّارٍ كَفُورٍ» «قرآن» : بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت خىيانەتكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ.

خَتَّالٌ : ئالدامچى ، قويمىچى ، خىيانەتچى، ۋاپاسىز.

اَلدُّنْيَا خَتَّالَةٌ : دۇنيا ۋاپاسىز.

خَتَّامٌ : تامغا ئويغۇچى.

خَتَّامَةٌ : سۇرۇق ، تامغا مېيى.

خَتَرَ يَخْتِرُ خَتْرًا: ئالدامچىلىق قىلدى ، مەككارلىق قىلدى ، خىيانەت قىلدى ، پەللىدى.

خَتَعَ يَخْتَعُ خَتْعًا وَ خُتُوعًا : قاچتى.

خَتَعَ عَلَى الْقَوْمِ : ھۇجۇم قىلدى.

خَتَلَ يَخْتِلُ خَتْلًا الشَّخْصَ: ئالدامچىلىق قىلدى؛ خىيانەت قىلدى ، پەللىدى.

خَتَلَ الصَّيْدَ : ئوۋنى ئالداپ تۇتۇۋالدى.

«لَيْسَ مِنْ أَخْلَاقِ الْمُؤْمِنِ الْخَتْلُ» : ئالدامچىلىق مۆمىن ( مۇسۇلمان ) نىڭ ئەخلاقلىرى جۈملىسىدىن ئەمەس.

خَتَمَ يَخْتِمُ خَتْمًا وَ خِتَامًا الشَّيْءَ : تامغا باستى، مۆھۈر باستى.

خَتَمَ بِالشَّمْعِ الْأَحْمَرِ : پۈختا رەۋىشتە پېچەتلىدى.

خَتَمَ عَلَى فَمِهِ : ئېغىز ئاچقۇزمىدى ، سۆزلەتمىدى ، سۆز قىلىشنى چەكلىدى.

خَتَمَ الْإِنَاءَ: قاچىنى ئېتىۋەتتى ، پېچەتلىۋەتتى.

خَتَمَ الْعَمَلَ : ئىشنى تاماملىدى.

خَتَمَ اللّٰهُ لَهُ بِخَيْرٍ : ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلدى.

خَتَمَ الْقُرْآنَ : قۇرئان تاماملىدى.

«خَتَمَ الْمُؤَلِّفُ بَحْثَهُ بِالنَّتَائِجِ الَّتِي تَوَصَّلَ إِلَيْهَا» : يازغۇچى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېرىشكەن نەتىجىلەر بىلەن تاماملىدى.

خَتَمَ عَلَى قَلْبِهِ : ئۇنى ھېچنەرسىنى چۈشەنمەس قىلىۋەتتى.

«خَتَمَ اللّٰهُ عَلَى قُلُوبِهِمْ» «قرآن» : ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن.

خَتْمٌ ج أَخْتَامٌ : تامغا ، مۆھۈر؛ تامغا باسماق.

خَتْمُ أَمِينِ الصُّنْدُوقِ : كاسسىر تامغىسى.

**خَتْمُ الْبَرِيْدِ** : پوچتا تامغىسى.

**خَتْمَةٌ جِ خَتَمَاتٌ** : خەتمىقۇرئان قىلماق ، قۇرئاننى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ بولماق ، ئۆلگەنلەرگە ساۋابىنى بېغىشلاپ قۇرئان ئوقۇش.

**وَالْخَتْمَةِ الشَّرِيْفِ** : قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىش.

**«إِقْرَإِ الْخَتْمَةَ وَ هَبْ ثَوَابَهَا لِوَالِدِكَ»** : سەن خەتمىقۇرئان قىلىپ ساۋابىنى مەرھۇم ئاتاڭغا بېغىشلىغىن.

**خَتَنَ يَخْتُنُ و يَخْتِنُ خَتْنًا و خِتَانًا الصَّبِيَّ** : كىچىك بالىنى خەتنە قىلدى.

**خَتْنٌ** : خەتنە قىلماق.

**خَتَنٌ جِ أَخْتَانٌ** : كۈيئوغۇل.

**خَتَنَةٌ جِ خَتَنَاتٌ** : قېينانا ( ئايالنىڭ ئانىسى )

**خَتِيْنٌ** : خەتنە قىلىنغان.

**خُثَارَةُ الشَّيْءِ** : نەرسىنىڭ قېتىپ قالغان دۇغى.

**خَثَّرَ يُخَثِّرُ تَخْثِيرًا اللَّبَنَ** : سۈتنى ئۇيۇتتى، قويۇق قىلدى، قويۇلدۇردى.

**خَثَرَ يَخْثُرُ خَثْرًا الدَّمُ** : قان ئۇيۇپ قالدى ، قېتىپ قالدى.

**خَثَرَ يَخْثِرُ خَثَرًا الرَّجُلُ**: ھايا قىلدى، ئۇيالدى، ئوڭايسىزلاندى.

**خَثُرَيَخْثُرُ خُثُورًا و خُثُورَةً اللَّبَنُ**: سۈت ئۇيۇدى، قويۇلدى ، قويۇلۇپ قالدى ، ئېرىپ قالدى.

**خَثًى. خِثْيٌ** : كالا ۋە پىلنىڭ تېزىكى.

**خَجَأَ يَخْجَأُ خُجُوءًا اللَّيْلُ** : كېچە ئۆتۈپ كەتتى.

**خَجَأَ الضَّلَّ** : خار بولدى.

**خَجِئَ يَخْجَئُ خَجَئًا** : ئاغزىنى يامان قىلدى ، ئاغزىنى بۇزدى؛ خىجىل بولدى ، تارتىندى.

**خُجَأَةٌ** : سېمىز ، ئېغىر ئادەم ؛ ئەخمەق ئادەم ، تۇتامى يوق ئادەم.

**خَجَّاجَةٌ** : ئەخمەق.

**خَجَّلَ يُخَجِّلُ تَخْجِيْلاً** : ئۇيالدۇردى ، خىجىل قىلدى ، رەسۋا قىلدى.

**خَجْقٌ** : يېنىكلىك ، ئالدىراڭغۇلۇق.

**خَجِلَ يَخْجَلُ خَجِلًا الرَّجُلُ**: ئۇيالدى ، خىجىل بولدى، ھايا قىلدى، نومۇس قىلدى ، ئىزا تارتتى.

**«خَجِلَتِ الْفَتَاةُ مِنْ خَطِيْبِهَا»** : قىزچاق لايىقىدىن خىجىل بولدى.

**خَجِلَ فُلَانٌ بِأَمْرِهِ**: قىلىقىدىن ئىزا تارتىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

**خَجِلَ النَّبَاتُ**: ئۆسۈملۈك ئوخشىدى، كۆپ بولدى، يۆگىشىپ كەتتى.

**خَجِلَ الشَّيْءُ**: نەرسە بۇزۇلۇپ قالدى.

**خَجِلَ عَلَيْهِ الْأَمْرُ**: ئىش ئۇنىڭغا مۇجىمەل بولۇپ قالدى.

**خَجِلٌ** : ھايا قىلماق ، خىجىل بولماق ، نومۇس قىلماق ، ئۇيالماق.

**خَجَلٌ**: ھايا، نومۇس.

**يَالَلْخَجَلِ**: نېمىدېگەن نومۇس ، نېمىدېگەن ئۇيات.

**خَجِلٌ. خَجْلَانٌ** : ئۇيالغۇچى ، ھايا قىلغۇچى ، خىجىل بولغۇچى ، نومۇسچان.

**خَجْلَةٌ** : ئۇيىلىش ، خىجىل بولۇش ، نومۇس قىلىش.

**خَجُولٌ** : ھايالىق ، تارتىنچاق ، ئۇياتچان ، نومۇسچان.

**«هَذَا الْوَلَدُ خَجُولٌ جِدًّا»** : بۇ بالا بەكمۇ ئۇياتـ چان.

**خِدَاجٌ** : كەمتۈكلۈك ، ناقىسلىق ، نۇقسان.

**خِدَارٌ** : يولۋاس ئۇۋىسى.

**خُدَارِيٌّ** : يىلان.

**خُدَارِيَّةٌ** : قاراقۇش ، قارچۇغا.

**خِدَاعٌ**: ئالداش ، قايمۇقتۇرۇش ، ساختىلىق قىلىش ؛ ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىش.

**خِدَاعُ الْحَوَاسِّ** : خاتا سېزىم پەيدا قىلماق.

**خِدَاعُ الْبَصَرِ** : كۆز بوياش.

**خَدَبَ يَخْدُبُ خَدْبًا**: يالغان سۆزلىدى.

**خَدَبَهُ بِالسَّيْفِ** : ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ گۆشىنى شىلدى.

uyghurkitap.com

خَدَبَتْهُ الْحَيَّةُ : ئۇنى يىلان چىقىۋالدى.

خَدَجَ يَخْدُجُ و يَخْدِجُ خِدَاجًا الشَّيْءُ: كەمتۈك بولدى ، يېتەرسىز بولدى.

خَدَجَتِ الْحَامِلُ : هامىلىنى ۋاقتىدىن بۇرۇن تۇغۇپ قويدى ، كەمتۈك تۇغۇپ قويدى.

خَدَّ يَخُدُّ خَدًّا الْأَرْضَ : ئورەك كولىدى ؛ ئاغدۇردى ، هەيدىدى.

خَدَّ الْجِلْدُ : تېرە پۈرلاشتى ، پۈرۈلدى ، قاتلاشتى.

خَدٌّ ج أَخِدَّةٌ وَ خَدَادٌ : مەڭىز ، كاچات ، قوۋۇز.

خَدٌّ أَسِيلٌ: كېلىشكەن مەڭىز.

«وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا» «قرآن» : كىشىلەرنى مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن ، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن.

خُدٌّ ج أَخِدَّةٌ و خِدَادٌ: ئورەك ، ئازگال، خەندەك، گوداڭ.

خَدَّابٌ : يالغانچى، كاززاپ.

خَدَّاعٌ : ئالدامچى ، ساختىپەز ، هىيلىگەر ، مەككار ، كۆز بويامچى.

خَدَّامٌ : چاكار ، ياللانما ، مالاي.

خُدَّةٌ : گوداڭ، ئۇزۇن ئورەك.

خَدَّدَ يُخَدِّدُ تَخْدِيْدًا الْجِلْدَ : تېرىنى قاتلىدى ، تۈردى.

خَدَّدَ لَحْمُهُ : ئورۇقلاپ كەتتى ، ئاجىزلاپ كەتتى.

خَدَّرَ يُخَدِّرُ تَخْدِيْرًا : هوشسىزلاندۇردى ، مەست قىلدى.

خَدَّرَهُ الشَّرَابُ : شاراب ئۇنى بوشىتىۋەتتى.

خَدَّرَهُ الْمَقْعَدُ : ئۇزۇن ئولتۇرۇپ پۇتى ئۇيۇشۇپ قالدى.

خَدَّرَالْمَرْأَةَ : ئايالغا چۈمبەل تارتقۇزدى.

خَدَّشَ يُخَدِّشُ تَخْدِيشًا : تاتىلىدى ، مورلىدى ، قاشلىدى.

خَدَّشَ السُّمْعَةَ : نامىغا داغ چۈشۈردى ، بۇلغىدى ، هاقارەتلىدى ، بوهتان قىلدى ، تۆهمەت قىلدى.

خَدَّشَ الْحَيَاءَ : نومۇسىنى تۆكتى ، ئۇياتقا قالدۇردى ، هاقارەتلىدى.

خَدَّمَ يُخَدِّمُ تَخْدِيْمًا : خىزمەتكە تونۇشتۇردى.

خَدَرَ يَخْدَرُ خَدْرًا : يوشۇردى ، ياپتى.

خَدَرَتِ الْمَرْأَةُ : ئايال چۈمبەل تارتتى.

خَدَرَتِ الْبِنْتُ : قىز چىمىلدىقىدىن چىقمىدى.

خَدَرَ الشَّيْءَ: ياپتى.

خَدَرَ الْأَسَدُ : يولۋاس ئۇۋىسىدىن چىقماي ياتتى.

خَدَرَ الرَّجُلُ بِالْمَكَانِ : مەلۇم ئورۇندا تۇردى.

خَدَرٌ : ئۇيۇشۇپ قالماق ، سېزىمنى يوقاتماق.

خِدْرٌ ج خُدُورٌ و أَخْدَارٌ : ئۆي ، چېدىر؛ ساتما ؛ قازناق ؛ چىمىلدىق.

بَيْضَةُ الْخِدْرِ: ئىپپەتلىك ئايال ، مەستۇرە ئايال.

رَبَّاتُ الْخُدُورِ : مەستۇرە ئاياللار.

خَدِرٌ: ئۇيۇشۇپ قالغۇچى؛ بىخوتلۇق ، سېزىمنى يوقاتقۇچى ؛ پۇت - قولىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ، هوشسىزلاندۇرۇلغان.

خَدِرٌ مِنَ الرِّجَالِ: هورۇن ، بوشاڭ ، سۇس.

خَدِرٌ مِنَ الْأَيَّامِ: يامغۇرلۇق ، بۇلۇتلۇق كۈنلەر.

خَدِرٌ مِنَ اللَّيَالِي: زۇلمەتلىك ، قاراڭغۇ كېچىلەر.

خَدَشَ يَخْدِشُ خَدْشًا الْجِلْدَ: تېرىنى تاتىلىدى ، مورلىدى ، قاشلىدى.

خَدَشَ الرَّجُلَ فِي كَرَامَتِهِ: ئەيىبلىدى ، نامىغا داغ چۈشۈردى.

خَدْشٌ ج خُدُوشٌ وخِدَاشٌ وَأَخْدَاشٌ: مورلاش ، تاتىلاش ؛ تىرناق يارىسى.

«لَيْسَ سِوَى خَدْشٍ بَسِيطٍ سَيُشْفَى بِسُرْعَةٍ وَلَا يَحْتَاجُ إِلَى أَيَّةِ عِنَايَةٍ» : ئۇ ئازراق سۈركىلىپ كېتىپتۇ ، تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ، ئەنسىرەپ كېتىش هاجەتسىز.

خَدْشَةٌ ج خَدَشَاتٌ : تاتىلاپ ، قاشلاپ قىلىنغان يارا ، تىرناق يارىسى.

خَدَعَ يَخْدَعُ خَدْعًا و خِدَعًا و خُدْعَةً و خَدِيْعَةً

**الشَّخْصُ** : ئالدامچىلىق قىلدى ، ساختىلىق قىلدى ، ئالدىدى.

**«وَإِنْ يُرِيدُوا أَنْ يَخْدَعُوكَ فَإِنَّ حَسْبَكَ اللّٰهُ»**

**‹قرآن›** : ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر.

**خُدْعَةٌ**: ئاسان ئالدىنىپ قالىدىغان ئادەم ؛ تاكتىكىچى.

**خُدْعَةٌ ج خُدَعٌ**: ئالدامچىلىق ، ھىيلىگەرلىك.

**«اَلْحَرْبُ خُدْعَةٌ» ‹حديث›** : ئۇرۇش تاكتىكا ، چارە ـ تەدبىر بىلەن بولىدۇ ، ئۇرۇش ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ.

**خَذِلَ يَخْذَلُ خِذَالَةً وَ خَذَلاً السَّاقُ** : پاچاق ئۇيۇشۇپ قالدى ، سېزىمنى يوقاتتى.

**«تَدَفَّأَمِنَ الْبَرْدِ لِيَقِيَ سَاقَهُ مِنَ الْخَذَلِ»** : سوغۇقتا پاچىقىنىڭ ئۇيۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسسىندى.

**خَدَمَ يَخْدُمُ و يَخْدِمُ خِدْمَةً غَيْرَهُ** : باشقىلارغا خىزمەت قىلدى، ئىشلىدى؛ قارىدى، كۈتتى، باقتى.

**خَدَمَ الْأَرْضَ**: يەر تېرىدى ، يەرگە ئىشلىدى.

**«اِخْدِمْ نَفْسَكَ بِنَفْسِكَ»** : ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىنى ئۆزۈڭ قىل ( خېرىدارلار ئۆزى تاللاپ ئۆزى ئەكىلىپ يەيدىغان تاماقخانىلارغا يېزىپ قويۇلىدىغان ئىبارە )

**يَخْدَمُ فِي الْقُوَّاتِ الْمُسَلَّحَةِ**: ھەربىيدە ئىشلەيدۇ.

**يَخْدَمُ مَصَالِحَهُ** : ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

**خَدَمٌ** : خىزمەتچى ، كۈتكۈچى.

**خِدْمَةٌ ج خِدْمَاتٌ** : خىزمەت ، ئەمگەك، ئىش ؛ ياردەملەشمەك ، خىزمەت قىلماق.

**أَسْدَى إِلَيْهِ خِدْمَةً** : ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

**خِدْمَةُ الْحُكُومَةِ** : ھۆكۈمەت خىزمىتى ، دۆلەت ئىشى.

**فِي خِدْمَتِكُمْ** : خىزمىتىڭگە تەييارمەن.

**قَدَّمَ لَهُ خِدْمَةً** : ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدى.

**وَضَعَهُ فِي خِدْمَتِهِ** : ئۇنى ئىشقا سالدى ، خىزمىتىگە قويدى.

**خِدْمَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ** : ھەربىي خىزمەت.

**خِدْمَةُ الْعَلَمِ** : ھەربىيدە ئىشلەش ، ھەربىي خىزمىتى ئىشلەش.

**أَدَّى خِدْمَةَ الْعَلَمِ**: ھەربىي خىزمەتنى ئۆتىدى.

**خِدْمَةٌ لَيْلِيَّةٌ** : كېچىلىك دىجورنىلىك ، كېچىلىك ئىسمېنا.

**خِدْمَةٌ مَدَنِيَّةٌ** : ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا ئىشلەش.

**فِي الْخِدْمَةِ** : تېخىچە ئىشلەۋاتىدۇ ، تېخى پېنسىيىگە چىقمىدى.

**خِدْمَاتٌ صِحِّيَّةٌ** : سەھىيە خىزمىتى.

**خِدْمَاتٌ مَكْتَبِيَّةٌ** : كۇتۇپخانا خىزمىتى.

**خِدْمَاتٌ إِذَاعِيَّةٌ** : رادىئو خىزمىتى.

**خِدْنٌ ج أَخْدَانٌ**: دوست ، ئاغىنە ، ھەمراھ ، بۇرادەر ، ئاشنا.

**خُدَنَةٌ** : دوستى كۆپ.

**خَدِيْجٌ ج خَدَائِجُ** : چۈشۈپ كەتكەن بوۋاق؛ تولۇق يېتىلەلمىگەن جانلىق.

**خَدِيْعَةٌ ج خَدَائِعُ**: ئالدامچىلىق ، ئالا كۆڭۈللۈك.

**خَدِيْنٌ**: دوست ، ھەمراھ ، ئاغىنە ، بۇرادەر ، ئاشنا.

**خِدِيْوِيٌّ** : ئوسمان خەلىپىلىكى دەۋرىدە مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانىغا قويۇلغان نام بولۇپ ، پادىشاھ، ۋەزىر دېگەن مەنىدە.

**خِدِيْوِيَّةٌ**: خىدىۋىيلىك مەنسەپ.

**خَذَا يَخْذُو خَذْوًا الشَّيْءُ**: بوشىشىپ كەتتى ، يۇمشاپ كەتتى.

**خِذَامٌ**: ياۋا ئېشەك.

**خَذَأَ يَخْذَئُ خَذَأً لَهُ**: باش ئەگدى ، بويسۇندى.

**خَذَأَ يَخْذَئُ خَذْأً** : خارلىدى ، باش ئەگدۈردى.

**خَذَّ يَخُذُّ خَذًّا الْجُرْحُ**: جاراھەت يىرىڭلىدى ، يىرىڭ ئاقتى.

**خَذَّلَ يُخَذِّلُ تَخْذِيْلاً**: ئۈمىدسىزلەندۈردى ، مەيۈسلەندۈردى ، نائۈمىد قويدى.

www.uyghurkitap.com



**خَذْرَفَ يُخَذْرِفُ خَذْرَفَةً** : تېز بولدى ، ئالدىرىدى.

**خَذْرَفَ الرَّحَى** : تۈگمەننىڭ تۆشۈكىگە غەلدىرەك سالدى.

**خَذْرَفَ السَّيْفَ أَوْ نَحْوَهُ**: قىلىچنى بىلىدى ، ئىتتىكلەتتى.

**خَذْرَفَهُ بِالسَّيْفِ** : ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى قىلىچ بىلەن كەستى.

**خَذْرَفَ الْإِنَاءَ**: قاچىنى تولدۇردى ، توشقۇزدى.

**خَذْرَفَتِ الْحَيَوَانَاتُ**: هايۋانلار تېز مېڭىپ شىغىل - تاشلارنى چاچراتتى.

**اَلْخَذْرَفَةُ** : كىيىم پارچىسى.

**خُذْرُوفٌ ج خَذَارِيفُ**: غىلدىرەك ، تېز ماڭىدىغان، ئىلدام ماڭىدىغان ، پادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان تۆگە.

**خَذَعَ يَخْذَعُ خَذْعًا اللَّحْمَ** : گۆشنى پارچىلىدى ، شىلىدى ، گۆشنى يالپاقلىدى.

**خَذْعَلَ يُخَذْعِلُ خَذْعَلَةً بِالسَّيْفِ**: قىلىچ بىلەن كەستى، پارچىلىدى.

**خَذْعَلَ الْبِطِّيخَ** : قوغۇننى تىلىملىدى.

**خِذْعِلٌ** : ئەخمەق ئايال.

**خَذَقَ يَخْذُقُ خَذْقًا الدَّابَّةَ**: ئۇلاغنى نوقىدى ، تېز مېڭىشى ئۈچۈن دۈمبىسىگە سانجىدى.

**خَذَقَ الْبَازِي**: قارچىغا چىچتى ، ماياقلىدى.

**خَذَلَ يَخْذُلُ خَذْلاً وَ خِذْلَانًا** : تاشلىۋەتتى ، ۋاز كەچتى ، ياردەم قولىنى سۇنمىدى.

**«إِنَّ اللّٰهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا» «قرآن»** : خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناهقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.

**خَوَّخَ يُخَوِّخُ تَخْوِيخًا الشَّجَرُ** : دەرەخ چىرىدى، دەرەخ سىپسىدى.

**خَوَّخَ النَّبَاتُ** : ئوت - چۆپ چىرىدى، سىپسىدى.

**خَوَّشَ يُخَوِّشُ تَخْوِيشًا الثَّقْبَ** : يوچۇق ئاچتى.

**خَوَّصَ يُخَوِّصُ تَخْوِيصًا النَّخْلَةُ** : خورما ياپراق چىقاردى.

**خَوَّضَ يُخَوِّضُ تَخْوِيضًا الْمَاءَ**: سۇغا كىردى، سۇنى كەچتى.

**خَوَّفَ يُخَوِّفُ تَخْوِيفًا** : قورقۇتتى.

**«إِنَّمَا ذَلِكُمُ الشَّيْطَانُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَاءَهُ» «قرآن»** : ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلار-نى ) قورقىتىدۇ.

**خَوَّلَ يُخَوِّلُ تَخْوِيلًا صَدِيقَهُ فِعْلَ كَذَا**: تاپشۇردى، هوقۇق بەردى.

**خَوَّلَهُ الشَّيْءَ**: ئۇنىڭغا بەردى.

**«ثُمَّ إِذَا خَوَّلْنَاهُ نِعْمَةً مِنَّا قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ» «قرآن»** : ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ بىرەر نېمىتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ: «بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) كەلدى» دەيدۇ.

**خَوَّنَ يُخَوِّنُ تَخْوِينًا الشَّخْصَ** : خىيانەتچىلىك بىلەن قارىلىدى.

**خَوَّى يُخَوِّي تَخْوِيَةً الشَّيْءُ**: بوشاپ قالدى، خالىي بولۇپ قالدى، قورسىقى تارتىشىپ كەتتى.

**خَوَّى السَّحَابُ** : بۇلۇت يامغۇرسىز بولدى.

**خَوَّى الطَّائِرُ** : قۇش قونغان چاغدا قانىتىنى يېيىپ پۇتىنى ئۇزۇن سوزدى.

**خَوَّتِ الْمَاشِيَةُ** : ئۇلاق سەمرىدى.

**خَوَّتِ النُّجُومُ** : يۇلتۇز غەربكە قىيسايدى.

**خَوِيَ يَخْوَى خَوَاءً الْمَكَانُ**: ئورۇن بوشاپ قالدى، قۇرۇقدىلىپ قالدى.

**خَوَى يَخْوِي خُوِيًّا وَ خَوَايَةً** : بوشاپ قالدى، قۇرۇقداپ قالدى.

**خَوَى بَطْنُهُ مِنَ الطَّعَامِ** : قورسىقى قۇرۇقدىلىپ بوشاپ قالدى.

**«خَوَى رَأْسُهُ مِنَ الْأَفْكَارِ»** : كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى.

**خَوِىٌ** : ئاچلىق ، بوشلۇق.

**خِيَارٌ**: تاللىماق، ئىختىيار قىلماق؛ ئىختىيار.

**خِيَارَةٌ ج خِيَارَاتٌ**: تەرخەمەك.

**خِيَارُ الْمَالِ** : مالنىڭ ياخشىسى.

**خِيَارُ الشَّرْطِ** : ئىككى كېلىشىم تۈزگۈچىنىڭ بىرى ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق مۆھلەتنى كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ شەرتى قىلىپ قويۇش.

**خِيَارُ الرُّؤْيَةِ (فِي الْفِقْهِ)** : كۆرمەي تۇرۇپ سېتىۋالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىختىيارىدا بولۇش.

**خِيَاطٌ**: يىڭنە.

**«وَلَا يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى يَلِجَ الْجَمَلُ فِي سَمِّ الْخِيَاطِ» (قرآن)**: تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ.)

**خِيَاطَةٌ**: تىككۈچىلىك، سەيپۇڭلۇق.

**خِيَاطَةُ الْمَلَابِسِ** : كىيىم تىكىش.

**مِكْنَةُ الْخِيَاطَةِ** : تىكىش ماشىنىسى.

**خَيَالٌ ج خِيَالَاتٌ وَ أَخْيِلَةٌ**: خام - خىيال، ئۇتوپىيە ، سايە ؛ گۇمان ؛ ۋەھىمە ؛ قاراڭغۇلۇق.

**رَكِبَ مَتْنَ الْخَيَالِ** :خام- خىيال قىلدى، قۇرۇق خىيال قىلدى.

**خَيَالُ الظَّنِّ** : پەرەز قىلماق ، قىياس قىلماق ، چامىلىماق ، مۆلچەرلىمەك.

**خَيَالَةٌ** : سايە؛ سۈرەت؛ كۆرۈنۈش؛ تەسۋىر؛ كىنو.

**دَارُ الْخَيَالَةِ** : كىنوخانا.

**خَيَالِيٌّ** : خىيالىي ، خىيالدىكى ، تەسەۋۋۇردىكى ، ئويدىكى.

**خَيَالِيَّةٌ** : تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى.

**خِيَامٌ** : چېدىر ، بارگاھ.

**خِيَانَةٌ** : خىيانەت قىلماق ، ئالدامچىلىق ، خىيانەتچىلىك ، ئاسىيلىق.

**خِيَانَةٌ عُظْمَى** : مىللەت دۈشمەنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش.

**خِيَانَةُ الْأَمَانَةِ** : ئامانەتكە خىيانەت قىلماق ، ۋاپاسىزلىق قىلماق ، قارا يۈزلۈك قىلماق.

**خِيَانَةُ الْعُهُودِ** : ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماق ، ۋەدىنى بۇزماق.

**خَيْبَةٌ** : مەغلۇبىيەت ، ئوڭۇشسىزلىق.

**خَيْبَةُ الْأَمَلِ** : ئۈمىدسىزلىك ، ئۈمىد ئۈزمەك.

**«أُصِيبَ بِخَيْبَةِ أَمَلٍ»** : ئۈمىدسىزلىككە دۇچار بولدى.

**خَيْرٌ ج خِيَارٌ وَ أَخْيَارٌ** : ياخشى ، ياخشىلىق ؛ ئاق كۆڭۈللۈك ؛ ساغلاملىق ؛ ياخشى ئادەم ؛ مال ، بايلىق ؛ پايدا ، پايدىلىق.

**ذَكَرَهُ بِالْخَيْرِ** : ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى.

**بِخَيْرٍ وَ الْحَمْدُ لِلّٰهِ** : قانداق ئەھۋالىڭىز دەپ سورىغۇچىغا «خۇداغا شۈكرى، ياخشى» دەپ بېرىلىدىغان جاۋاب.

**خَيْرٌ مِنْ** : ئەڭ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى.

**خَيْرٌ جَزِيلٌ** : ناھايىتى ياخشى.

**صَبَاحَ الْخَيْرِ** : ئەتىگەنلىكىڭىز ياخشى بولسۇن، خەيرلىك سەھەر.

**مَسَاءَ الْخَيْرِ** : كەچلىكىڭىز ياخشى بولسۇن، خەيرلىك كەچ.

**اَلْخَيْرُ الْعَامُّ** : ئومۇمىي مەنپەئەت.

**«رَحَّبَ بِهِمْ خَيْرَ تَرْحِيبٍ»** : ئۇلارنى ئەڭ قىزغىن قارشى ئالدى.

**فِعْلُ الْخَيْرِ** : ياخشى ئىش ، ياخشى ھەرىكەت؛ ياخشى ئىش قىلماق.

**خَيْرًا**: ناھايىتى ياخشى ، ماقۇل ، بولىدۇ.

**خِيْرَةٌ ج خِيَارٌ وَ خِيَرَةٌ** : ئەڭ ياخشى ، جەۋھىرى، مېغىزى، تاللانغان، تاللاش، تاللاش ھوقۇقى.

**«وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ وَيَخْتَارُ مَا كَانَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ» (قرآن)**: ئاللاھ (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس.

**خَيْرِيٌّ** : ياخشىلىققا مەنسۇپ ، ياخشىلىققا ئائىت.

**خَيْرِيَّةٌ** : ياخشىلىق ، خەيرىيەت ؛ مال ـ مۈلۈك.

**جَمْعِيَّةٌ خَيْرِيَّةٌ** : پاراۋانلىق جەمئىيىتى ، خەيرىيەت ئويۇشمىسى.

**سُوقٌ خَيْرِيَّةٌ** : خەيرىيەت بازىرى ( بۇ بازارنىڭ ماللىرى خەيرىيەت ئىشلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. )

**خَيْزُرَانٌ ج خَيَازِرُ** : بامبۇك قومۇش ؛ پىلەك (ئۈسۈملۈكنىڭ)

**قَضِيبُ الْخَيْزُرَانِ** : غۇنچە بوي ، نازىنىن.

**خَيْزُورٌ** : بامبۇك.

**خَيْسٌ ج أَخْيَاسٌ** : بۇك ـ باراقسان دەرەخلىق ؛ يولۋاس كۆپ جاي.

**اَلْخَيْسَرَى** : يولدىن ئازغۇچى ، زىيان تارتقۇچى؛ گۇمراھلىق ، ئازغۇنلۇق؛ ھالاك بولۇش؛ خىيانەتچىلىك ؛ بېخىللىق ؛ پەسكەشلىك.

**خَيْشٌ** : چىپتا.

**خَيْشَةٌ ج خَيْشَاتٌ** : چېدىر ؛ تاغار ، خالتا.

**خَيْشُومٌ ج خَيَاشِيمُ** : بۇرۇن تۆشۈكى ؛ دىماغ.

**قَصَّمَ خَيْشُومَهُ** : ئۇنى خورلىدى.

**خَيِصَ يَخْيَصُ خَيَصًا** : بىر كۆزى كىچىك ، يەنە بىرى چوڭ بولدى.

**خَيْصٌ** : ئازغىنا نەرسە.

**اَلْخَيْصَاءُ** : ئەرزىمەس كىچىك سوۋغا.

**اَلْخَيْصَانُ** : ئاز مال.

**اَلْخَيْضَعُ** : خورلۇققا رازى بولىدىغان ئادەم.

**اَلْخَيْضَعَةُ** : جەڭ ، ئۇرۇش ، سوقۇش؛ جەڭ مەيدانىدىكى ئاۋازلار.

**خَيْطٌ ج خُيُوطٌ** : يىپ ، تاناپ ، شوينا.

**خَيْطُ الْقِنَّبِ** : چىگە.

**خَيْطُ الْأَمَلِ** : ئۈمىد ئۈچقۇنى.

**اَلْخَيْطُ الْأَبْيَضُ** : تاڭ يورۇقى ، تاڭ شەپىقى ، تاڭ نۇرى.

**اَلْخَيْطُ الْأَسْوَدُ** : كېچە قاراڭغۇلۇقى ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنقى قاراڭغۇلۇق.

**بَكَرَةُ الْخَيْطِ** : يىپ غالتىكى.

**خَيْطِيٌّ** : يىپقا مەنسۇپ ، يىپقا ئائىت.

**خِيطٌ ج خِيطَانٌ** : تۆگە قوتىنى ياكى چېكەتكە ياكى كالىلار توپى.

**خَيْطَلٌ** : ئىت ؛ مۈشۈك ؛ چوڭ ئىش؛ ئەتىر ساتقۇچى؛ چېكەتكە توپى.

**خَيِفَ يَخْيَفُ خَيَفًا** : كۆزىنىڭ بىرى كۆك بىرى قارا بولدى.

**خَيِفَتِ النَّاقَةُ** : تۆگە يېلىنىنىڭ تېرىسى كېڭەيدى.

**خَيْفٌ ج أَخْيَافٌ وَ خُيُوفٌ** : تاغ ئېتىكىگە يامىشىش ۋە چۈشۈش ؛ بىر تەرەپ ، بىر چەت؛ ساڭگىلاپ تۇرغان يېلىنىنىڭ تېرىسى.

**اَلْخَيْفَاءُ** : چوڭ يېلىنلىق تۆگە.

**اَلْخَيْفَاءُ مِنْ أَبْيَاتِ الشِّعْرِ** : شېئىر، بېيىتلەردىكى بىر سۆزنىڭ چېكىتلىك، يەنە بىرىنىڭ چېكىتسىز بولۇشى.

**اَلْخَيْفَانُ مِنَ النَّاسِ** : كىشىلەر توپى ، كۆپ جامائەت ؛ بىر خىل تاغ ئۈسۈملۈكى.

**اَلْخَيْفَانَةُ ج خَيْفَانٌ** : قانىتى يېتىلمىگەن چېكەتكە؛ تېز ماڭىدىغان تۆگە ؛ يېنىك چاپىدىغان ئات.

**اَلْخَيْفَةُ** : پىچاق؛ يولۋاس ئۆۋىسى.

**خِيفَةٌ** : قورقۇش ، ئەندىشە ، ۋەھىمە.

**«وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً» (قۇرئان)** : پەرۋەردىگارىڭنى يېلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن.

**خَيْلٌ ج خُيُولٌ وَ أَخْيَالٌ** : يىلقا ؛ ئاتلىق قوشۇن ، ئاتلىق قىسىم ؛ چەۋەنداز.

**خَيْلٌ وَ رَجْلٌ** : ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەر.

**سِبَاقُ الْخَيْلِ** : ئات بەيگىسى.

**عَلَى الْخَيْلِ** : ئاتلىق ، ئات مىنگەن.

**خُيَلَاءُ** : ھاكاۋۇرلۇق ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، تەكەببۇرلۇق ، مەنمەنچىلىك.

**خَيْلَانٌ** : قوناق گۈل ؛ ئادەم باش بېلىق.

**خَيْلِيٌّ** : ئاتلىق قوشۇنغا ئائىت ؛ يىلقىغا ئائىت.

**خِيمٌ** : خاراكتېر ، تۇغما سۈپەت ، تۇغما خۇسۇ-

سىيەت ، تەبىئىي مىجەز.

**خَيْمَةٌ ج خَيْمَاتٌ وَ خِيَامٌ** : چېدىر ، ساتما.

**«حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ»** ‹قۇرئان› : ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر.

**خَيْمَةُ الْإِجْتِمَاعِ** : چېركاۋ ، مۇناستىر ؛ يەلكەن.

**خَيْمِيٌّ** : چېدىرچى ، چېدىر تىككۈچى.

**خَيَّاشٌ**: چىپتا توقۇغۇچى ، چىپتىچى.

**خَيَّاطٌ** : ماشىنىچى ، تىككۈچى ، سەيپۇڭ.

**خَيَّالٌ** : ئاتلىق ئەسكەر ، ئاتلىق ، چەۋەنداز.

**اَلشُّرْطَةُ الْخَيَّالَةُ** : ئاتلىق ساقچىلار قىسمى.

**اَلْمُشَاةُ وَ الْخَيَّالَةُ** : پىيادە ۋە ئاتلىق ساقچى قىسىم.

**خَيَّامٌ**: چېدىرچى؛ چېدىر تىككۈچى؛ چېدىر ساتقۇچى؛ چېدىردا ئولتۇرغۇچى.

**خَيَّبَ يُخَيِّبُ تَخْيِيبًا الشَّخْصَ** : مەغلۇپ قىلدى.

**خَيَّبَ الْأَمَلَ** : ئۈمىدسىزلەندۈردى.

**خَيَّبَ طَلَبَهُ** : تەلىپىنى رەت قىلدى.

**خَيَّبَ مَسْعَاهُ** : بىتچىت قىلدى ، تازمار قىلدى.

**خَيَّرَ يُخَيِّرُ تَخْيِيرًا صَدِيقَهُ بَيْنَ شَيْئَيْنِ** : دوستىنى ئىختىيارىغا قويدى ، تاللاش ئىختىيارىنى بەردى.

**«مَا خُيِّرَ رَسُولُ اللّٰهِ بَيْنَ شَيْئَيْنِ إِلَّا اخْتَارَ أَيْسَرَهُمَا مَا لَمْ يَكُنْ إِثْمًا»** ‹حديث› : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ بىرەرسىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە گۇناھ بولمىسىلا ئۇلارنىڭ ئاسىنىنى تاللايتتى.

**خَيِّرٌ ج خَيِّرُونَ** : ياخشى ئادەم ، مەرھەمەتلىك ئادەم ، خەير ـ ئېھسان قىلغۇچى ، ياخشىلىق قىلغۇچى.

**خَيَّسَ يُخَيِّسُ تَخْيِيسًا الدَّابَّةَ**: ئۇلاغنى بويسۇندۇردى ، كۆندۈردى ، قامىدى ، سولىدى.

**خَيَّسَ الشَّيْءَ** : يۇمشاتتى.

**خَيَّشَ يُخَيِّشُ تَخْيِيشًا الشَّيْءَ**: ئورىدى ، چىپتا بىلەن ئورىدى.

**خَيَّطَ يُخَيِّطُ تَخْيِيطًا الْخَيَّاطُ الثَّوْبَ**: ماشىنىچى كىيىم تىكتى.

**خَيَّطَ الشَّيْبُ رَأْسَهُ** : چېچى ئاقاردى ، ئاق كىردى.

**خَيَّفَ يُخَيِّفُ تَخْيِيفًا عَنِ الْقِتَالِ**: ئۇرۇشتىن چېكىندى ، داجىدى.

**خَيَّفَتِ الْمَرْأَةُ** : ئايال بالىلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

**خَيَّلَ يُخَيِّلُ تَخْيِيلاً إِلَيْهِ كَذَا**: ئوخشاتتى ، چىرايلىق كۆرسەتتى.

**خَيَّمَ يُخَيِّمُ تَخْيِيمًا الْقَوْمُ** : چېدىر تىكتى ؛ ئورۇنلاشتى ، ماكانلاشتى ، تۇردى.

**خَيَّمَ الْحُزْنُ** : قايغۇ باستى ، قايغۇ قاپلىۋالدى.

**خَيَّمَ السُّكُونُ** : جىمجىتلىق قاپلىدى.

**خَيَّمَ بِالْمَكَانِ** : مەلۇم جايدا تۇردى.

**خَيَّمَ اللَّيْلُ** : قاراڭغۇلۇق قاپلىدى ، قاراڭغۇ چۈشتى.

www.uyghurkitap.com



# د

**د «دَالْ»**: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ سەككىزىنچى ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «4» نى بىلدۈ-رىدۇ.

**دَاءٌ جـ أَدْوَاءٌ**: كېسەل، ئىللەت، ئىچكى ـ تاشقى ئەيىب، ئاغرىق.

**دَاءُ الذِّئْبِ** : ئاچلىق كېسىلى.

**دَاءُ الْفِيلِ**: پىل تاپان.

**دَاءُ الْمُلُوكِ**: بوغۇم ئاغرىش كېسىلى، يەللىك بوغۇم ئاغرىقى.

**مَيِّتُ الدَّاءِ**: ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم.

**دَاءُ الْكَلْبِ**: غالجىرلىق كېسىلى.

**دَاءُ الْمَفَاصِلِ**: رېماتىزم كېسىلى.

**دَاءُ الْأَسَدِ**: تەپ ـ قىزىتما كېسەللەر؛ كېزىك.

**دَاءُ الْحَيَّةِ**: چاچ چۈشۈش كېسىلى.

**دَاءُالثَّعْلَبِ**: چاچ چۈشۈش كېسىلى.

**دَاءُ النُّقْطَةِ**: سەكتە، مېڭىگە قان چۈشۈش.

**دَابٌّ**: ئۆمىلەپ ماڭغۇچى، تۆت ئاياغ بىلەن ماڭ-غۇچى، يەر بېغىرلاپ ماڭغۇچى، ئۆمىلىگۈچى.

**دَابَّةٌ جـ دَوَابُّ**: ئات، ئۇلاق، ئۆي ھايۋانلىرى؛ چارپاي.

**«وَمَامِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّاعَلَى اللّٰهِ رِزْقُهَا» «قرآن»** : يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممى-سىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان.

**دَوَابُّ الزِّرَاعَةِ** : تىرىلغۇ ھايۋانلىرى.

**دَابَّةُ الْأَرْضِ**: ئاق چۈمۈلە.

**دَابَرَ يُدَابِرُ مُدَابَرَةً الرَّجُلَ رَحْمَهُ**: تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى.

**دَابَرَ الرَّجُلُ**: كىشى ئۆلدى.

**دَابَرَهُ**: ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.

**دَابِرٌ جـ دَوَابِرُ**: ئاخىرى، قۇيرۇقى، يىلتىزى، تېگى، ئاساسى؛ ئۆتۈپ كەتكەن؛ ئەگەشكۈچى.

**قَطَعَ دَابِرَهُ**: يىلتىزىنى قۇرۇتتى، تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى. تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى.

**«وَقَطَعْنَا دَابِرَ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا» «قرآن»** : بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق.

**دَابِرَةٌ**: پەي، تاپان.

**دَابِرَةُ الْمِخْلَبِ**: چاڭگال، پەنج پۇت.

**دَاثَ يَدِيثُ دَيْثًا و دِيَاثَةً**: يۇمشاق باش بولدى، ئەرلىك غەيرىتىنى يوقاتتى ، شەرمى ـ ھاياىنى يوقاتتى.

**دَاثِرٌ جـ دَوَاثِرُ**: ھالاك بولغۇچى، يوقالغۇچى؛ كۆزگىلى بولمايدىغان؛ ھالاكەت، ئاپەت، بالا ـ قازا.

**دَاجَ يَدِيجُ دَيْجًا**: ئاستا ماڭدى.

**دَاجٌّ جـ دَاجَّةٌ و دَاجُّونَ**: ياللانغان ئادەم، خىزمەت-چى، ھاممال.

**دَاجَنَ يُدَاجِنُ مُدَاجَنَةً**: ئالدىدى، گۆللىدى، تەخسىكەشلىك قىلدى، خۇشامەت قىلدى.

**دَاجِنٌ م دَاجِنَةٌ جـ دَوَاجِنُ**: كۆندۈرۈلگەن ھايۋان-لار، ئائىلىدە بېقىلغان ئۆي ھايۋانلىرى.

**حَيَوَانَاتٌ دَاجِنَةٌ**: ئۆي ھايۋانلىرى؛ ئۆي قۇشلى-رى.

**دَاجِنَةٌجـ دَوَاجِنُ**: يامغۇرلۇق بۇلۇت.

**دَاجَى يُدَاجِي مُدَاجَاةً الرَّجُلَ**: مادارا قىلدى، چىقىشىپ ئۆتتى.

**دَاجٍ م دَاجِيَةٌ**: قاراڭغۇ زۇلمەت.

**لَيْلٌ دَاجٍ**: قاراڭغۇ كېچە.

**ثَوْبٌ دَاجٍ**: كەڭ كىيىم.

**عَيْشٌ دَاجٍ:** پاراۋان تۇرمۇش، كەڭتاشا تۇرمۇش.

**دَاخَ يَدُوخُ دَوْخًا الشَّجَرَةُ:** دەرەخ ئۆستى.

**دَاحَ الْبَطْنُ:** قورساق سالدى.

**دَاحِسٌ:** سەينۇگە، چىقان، ھايۋانلارنىڭ تۇۋاق ياللۇغى.

**دَاحِضٌ ج دُحَضٌ:** ئىرادىسىز، تۇراقسىز.

**اَلدَّاحِضَةُ:** باتىل، زايىل بولغۇچى.

**«حُجَّتُهُمْ دَاحِضَةٌ» «قرآن»:** ئۇلارنىڭ پاكىتى باتىلدۇر.

**دَاحُوسٌ:** سەينۇگە.

**دَاخَ يَدُوخُ دَوْخًا الرَّجُلُ:** خار بولدى، بويسۇندى، خاراب بولدى؛ بېشى قايدى، بېشى ئايلاندى.

**«دَاخَ مِنْ كَثْرَةِ الضَّوضَاءِ وَالصُّرَاخِ»:** ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن بېشى ئايلىنىپ كەتتى.

**دَاخَ الْبِلَادَ:** دۆلەتنى ئىگىلىۋالدى، ئىستىلا قىلدى.

**دَاخَلَ يُدَاخِلُ مُدَاخَلَةً و دِخَالاً فُلَانٌ الرَّجُلَ فِي أُمُورِهِ:** ئورتاقلاشتى، شېرىكلەشتى.

**دَاخِلٌ:** كىرگۈچى، قاتناشقۇچى، داخىل بولغۇچى؛ ئىچى، ئىچكى قىسمى.

**دَاخِلُ الشَّيْءِ:** نەرسىنىڭ ئىچكى قىسمى.

**«يَغْسِلُ دَاخِلَةَ إِزَارِهِ» «حديث»:** تامبىلىنىڭ ئىچىنى يۇيۇۋاتىدۇ.

**مِنَ الدَّاخِلِ:** ئىچىدىن، ئارىسىدىن.

**فَحَصَهُ مِنَ الدَّاخِلِ:** ئىچىدىن تەكشۈردى.

**دَاخِلٌ فِي اعْتِبَارِهِ:** سانىنىڭ ئىچىدە بار.

**«اَلْغُرْفَةُ مِنَ الدَّاخِلِ مُنِيرَةٌ جِدًّا»:** ئۆي ئىچى ناھايىتى يورۇق.

**دَاخِلاً:** ئىچىگە، ئىچكى تەرەپكە.

**دَاخِلَةٌ ج دَوَاخِلُ:** خىلۋەت جاي.

**دَاخِلَةُ الْإِنْسَانِ:** مەقسەت، ئىرادە.

**دَاخِلِيٌّ:** ئىچكى، ئىچكى قىسىم، ئىچى.

**شُعُورٌ دَاخِلِيٌّ:** ئىچكى ھېسسىيات.

**قَرْضٌ دَاخِلِيٌّ:** زايوم، ئىچكى قەرز.

**طَالِبٌ دَاخِلِيٌّ:** مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

**دَاخِلِيًّا:** ئىچكى، ئىچىدە.

**دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچكى، ئىچكى جەھەتتىكى.

**دَاخِلِيَّةُ الْأُمُورِ:** ئىچكى ئىشلار.

**دَاخِلِيَّةُ الْبِلَادِ:** ئىچكى قۇرۇقلۇق، ئىچكى جايلار، ئىچكى ئۆلكىلەر.

**مَلَابِسُ دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچ كىيىم.

**خِلَافَاتٌ دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچكى ئىختىلاپلار.

**حَرْبٌ دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچكى ئۇرۇش.

**مُشْكِلَةٌ دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچكى مەسىلە.

**تِجَارَةٌ دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچكى سودا، دۆلەت ئىچكى سودىسى.

**مَدْرَسَةٌ دَاخِلِيَّةٌ:** ياتاقلىق مەكتەپ.

**وَزِيرُ الدَّاخِلِيَّةِ:** ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى.

**مُشَاغَبَاتٌ دَاخِلِيَّةٌ:** ئىچكى قالايمىقانچىلىق، ئىچكى پاراكەندىچىلىك، توپىلاڭ.

**دَاخِنٌ:** ئىسلىق، ئىس چىقىۋاتقان.

**دَاخِنَةٌ ج دَوَاخِنُ:** تۇرخۇن، مورا.

**دَارَ يَدُورُ دَوْرًا بِهِ أَوْ حَوْلَهُ:** ئايلاندى، چۆرگىلىدى، دەۋرىي قىلدى، پىرقىرىدى.

**دَارَتِ الْعَيْنُ:** كۆز پىلدىرلىدى، پارقىرىدى.

**«يَنْظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَالَّذِي يُغْشَى عَلَيْهِ مِنَ الْمَوْتِ» «قرآن»:** ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

**دَارَ الْفَلَكُ فِي مَدَارِهِ:** پەلەك ئۆز ئوقىدا ئايلاندى.

**دَارَتِ الْمَسْأَلَةُ:** مەسىلە قايتىلاندى، تەكرارلاندى.

**دَارَ الْخَبَرُ عَلَى الْأَفْوَاهِ:** خەۋەر تارالدى، پۇر كەتتى.

**دَارَ الْعِمَامَةَ حَوْلَ رَأْسِهِ:** سەللىنى يۆگىدى.

**دَارَ رَأْسُهُ:** بېشى قايدى.

www.uyghurkitap.com



**دَارَتْ عَلَيْهِ الدَّوَائِرُ:** پېشكەللىكلەرگە يولۇقتى، بالا ــ قازاغا ئۇچرىدى.

**كُلٌّ دَارَ فِي عَمَلِهِ:** ھەممىسى ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**دَارَتْ رَحَى الْحَرْبِ:** ئۇرۇش قىزىدى، ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى.

**دِيْرَبِي:** بېشىم قايدى.

**دَارٌ ج دِيَارٌ و دُورٌ:** ئورۇن، جاي، قورۇ، ھويلا؛ يۇرت، خانا.

**دَارُالْآثَارِ:** مۇزېي.

**دَارُالْبَقَاءِ:** جەننەت.

**دَارُ السَّلَامِ:** جەننەت؛ باغداد.

**«وَاللّٰهُ يَدْعُوا اِلَى دَارِالسَّلَامِ» «قرآن»:** ئاللاھ (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ.

**دَارُ الْإِسْلَامِ:** ئىسلام دۆلىتى؛ تىنچ رايون.

**دَارُالْفِتَنِ:** دۇنيا، بۇ ئالەم.

**دَارُ الْفَنَاءِ:** بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

**اَلدَّارُ الْأُوْلَى:** بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

**اَلدَّارُ الْآخِرَةُ:** ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت.

**دَارُ الْقَرَارِ:** ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

**دَارُ الْخُلْدِ:** ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت.

**دَارُ الْحَرْبِ:** دۈشمەن دۆلىتى، ئۇرۇش رايونى.

**دَارُالتَّمْثِيلِ:** تىياتىرخانا.

**دَارُ الصِّنَاعَةِ:** ھەربىي زاۋۇت؛ ھەربىي قورال ئىسكىلاتى، قورال ــ ياراغ زاۋۇتى.

**دَارُالضَّرْبِ:** تەڭگە تىللا چىقىرىش زاۋۇتى، پۇل قۇيۇش زاۋۇتى.

**دَارُالْحِضَانَةِ:** يەسلى.

**دَارُالْعُلَمَاءِ:** ئىلمىي جەمئىيەت، پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

**دَارُ الْعُلُومِ:** ئالىي مەكتەپ؛ دارىلمۇئەللىمىن؛ ئۇنىۋېرسىتېت.

**دَارُ الْقَضَاءِ:** سوت، سوت مەھكىمىسى، قازىخانا.

**دَارُ الْكُتُبِ:** كۇتۇپخانا.

**دَارُ الْهِجْرَةِ:** مەدىنە مۇنەۋۋەرە.

**دَارُ النَّدْوَةِ:** يىغىن مەيدانى، مەجلىسخانا.

**دَارُ الصُّلْحِ:** ئۇرۇش توختاتقان دۆلەت، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەت.

**اَلدَّارُ الْمُفَوَّضِيَّةُ:** كونسۇلخانا.

**دَارُ السِّينَمَا:** كىنوخانا.

**دَارُ اللَّهْوِ:** تىياتىرخانا، ئويۇنخانا.

**دُورُ الْحُكُومَةِ:** ھۆكۈمەت بىناسى.

**اِخْتِلَافُ الدَّارَيْنِ:** دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ پەرقى، دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقى.

**اَلدَّارُ الْبَيْضَاءُ:** كاسابلانكا (ماراكەشنىڭ ئەڭ چوڭ تىجارەت پورت شەھىرى بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بويىغا جايلاشقان).

**دَارُ صِينِيٍّ:** دارچىن، قوۋزاقدارچىن.

**دَارَةُ الْقَمَرِ ج دَارَاتٌ:** ئاي قوتىنى، ئاي ھالقىدىسى، يورۇقلۇق گەردىشى (ئاي ئەتراپىدىكى ئاق ياكى رەڭدار چەمبەرلەر.)

**دَارَةُ الشَّمْسِ:** قۇياش قوتىنى، كۈن قوتىنى.

**دَارِجٌ:** كىشىلەر ئارىسىدىكى ئومۇمىي ئىشلىتىلىۋاتقان، ئوتتۇرىدا ئۆتۈۋاتقان، يۈرۈشۈۋاتقان، نورمال، كۆرۈلۈپ تۇرغان، ئاددىي، ئادەتتىكى، داۋاملىق.

**طِفْلٌ دَارِجٌ:** ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالا.

**اَللُّغَةُ الدَّارِجَةُ:** جانلىق تىل، ئېغىز تىلى، خەلق تىلى.

**دَارَسَ يُدَارِسُ مُدَارَسَةً:** مۇزاكىرە قىلىشتى، ئۆزئارا ئۆگىنىشتى.

**دَارِسٌ ج دَوَارِسُ:** ئۆچۈرۈلىدىغان، ئىزى يوقاپ كەتكەن، ئۆچۈپ كەتكەن.

**دَارِعٌ ج دَارِعُونَ:** ساۋۇتلۇق، ساۋۇت كىيگەن.

**رَجُلٌ دَارِعٌ:** ساۋۇتلۇق ئادەم.

**دَارِعَةٌ ج دَوَارِعُ:** بروننىك قوشۇن.

**دَارَكَ يُدَارِكُ دِرَاكًا وَمُدَارَكَةً:** يېتىشىۋالدى.

**دَارَى يُدَارِي مُدَارَاةً:** چىقىشتى، مادارا قىلىشتى، يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشتى، يول قويدى،

خۇشامەت قىلدى، تەخسكەشلىك قىلدى.

**دَارَى خَجَلَهُ:** خىجىل بولغانلىقىنى يوشۇردى.

**«دَارِ هَذَاالْأَمْرَالآنَ فَلَيْسَ مِنَالْمَصْلَحَةِإِعْلَانُهُ»:** بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتقىن، ھازىر ئاشكارىلاش پايدىسىز.

**دَارٍ بِالْأَمْرِ:** خەۋەردار، پىششىق، ماھىر.

**دَاسَ يَدُوسُ دَوْسًا وَدِيَاسًا الطَّرِيقَ:** يول باستى، يول يۇردى.

**دَاسَ عَلَى الشَّيْءِ:** ئۇستىدە ماڭدى.

**دَاسَ الْقِطَارُ فُلَانًا:** پالانىنى پويىز بېسىۋەتتى.

**دَاسَ الزَّرْعَ:** خامان تەپتى، شال سوقتى.

**دَاعَبَ يُدَاعِبُ مُدَاعَبَةً الشَّخْصَ:** ئويناشتى، چاقچاقلاشتى.

**«دَاعَبَ الرَّجُلُ زَوْجَتَهُ»:** ئايالى بىلەن چاقچاقلاشتى.

**دَاعَبَ النُّعَاسُ جُفُونَهُ:** ئۇنى ئۇيقۇ باستى.

**دَاعِبٌ:** ئويۇنچى، چاقچاقچى، ئىشرەتخور.

**دَاعِرٌ م دَاعِرَةٌ ج دُعَّارٌ:** شاللاق، بۇزۇق، پاسىق.

**دَاعِكٌ م دَاعِكَةٌ:** ئۇچىغا چىققان ئەخمەق.

**دَاعَى يُدَاعِي مُدَاعَاةً:** مۇنازىرىلەشتى، جاڭجاللاشتى، ئەرز قىلدى، دەۋا قىلدى، شىكايەت قىلدى.

**دَاعٍ (اَلدَّاعِي) ج دُعَاةٌ:** دۇئا قىلغۇچى، چاقىرىق قىلغۇچى، دەۋەت قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى؛ مەزىن، دەۋەتچى.

**«يَا قَوْمَنَا أَجِيبُوا دَاعِيَ اللَّهِ» (قرآن):** ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار.

**دُعَاةُ السَّلَامِ:** تىنچلىق تەرەپدارلىرى.

**دُعَاةُ الْحَرْبِ:** ئۇرۇش پەرەسلەر، ئۇرۇش خۇمارلار، ئۇرۇش بېدىكلىرى.

**دَاعِيَةٌ ج دُعَاةٌ:** بىرەر دىنغا ياكى بىرەر ئىدىئولوگىيىگە دەۋەت قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى.

**دَاعِيَةٌ ج دَوَاعٍ:** زامانىنىڭ بالايىئاپەتلىرى.

**دَافَ يَدُوفُ دَوْفًا الدَّوَاءَ:** دورىنى ئارىلاشتۇردى، قوچىدى.

**دَافِئٌ:** ئىسسىق، ئىللىق.

**«اَلْيَوْمَ دَافِئٌ جِدًّا كَأَنَّ الرَّبِيعَ قَدْ جَاءَ»:** بۈگۈن خۇددى باھار كەلگەندەك ناھايىتى ئىسسىق.

**دَافَعَ يُدَافِعُ مُدَافَعَةً وَ دِفَاعًا عَنْهُ:** قوغدىدى، مۇداپىئە كۆردى.

**«إِنَّ اللَّهَ يُدَافِعُ عَنِ الَّذِينَ آمَنُوا» (قرآن):** ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ.

**دَافَعَ الرَّجُلَ عَنْ حَقِّهِ:** كىشىنىڭ ھەققىنى بېرىشكە ئاغا قىلدى، ھەققىنى بېرىشنى كەينىگە سۈردى.

**دَافَعَ الرَّجُلَ:** كىشىنى چەتكە قاقتى، رىقابەتلەشتى.

**دَافِعٌ ج دَوَافِعُ:** قارشى تۇرغۇچى، رەت قىلغۇچى، چېكىندۈرگۈچى، قايتۇرغۇچى؛ ئىتتىرىش كۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

**«إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَاقِعٌ مَا لَهُ مِنْ دَافِعٍ» (قرآن):** پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ.

**«مَا الدَّافِعُ إِلَى ارْتِكَابِ هَذِهِ الْجَرِيمَةِ»:** بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟

**دَافِعُ الْمَالِ:** پۇل تۆلىگۈچى.

**دَافِعُ الضَّرَائِبِ:** باج تاپشۇرغۇچى.

**اَلْقُوَّةُ الدَّافِعَةُ:** ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

**اَلْقُوَّةُ الْمَرْكَزِيَّةُ الدَّافِعَةُ:** مەركەزدىن قېچىش كۈچى.

**دَافِقٌ:** ئېتىلىپ چىققۇچى.

**«خُلِقَ مِنْ مَاءٍ دَافِقٍ» (قرآن):** ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى.

**دَاقَّ يُدَاقُّ مُدَاقَّةً غَيْرَهُ فِي الْحِسَابِ:** ئىنچىكە ھېسابلىدى.

**دَاقَّ الرَّجُلُ:** ئېھتىياتچان بولدى.

**دَاكَ يَدُوكُ دَوْكًا الْعَطَّارُ الطِّيبَ:** خۇش پۇراق ساتقۇچى خۇش پۇراق نەرسىنى سوقتى، خۇش پۇراق نەرسىنى يەنچىدى.

**دَاكَ الْقَوْمُ:** كىشىلەر قالايمىقانلاشتى.

www.uyghurkitap.com

**دَاكِسٌ:** مۇدھىش، ياۋۇز.

**دَاكَشَ يُدَاكِشُ مُدَاكَشَةً فِي :** تېگىشتى، ئالماشتۇردى.

**دَالَ يَدُولُ دَوْلاً الدَّهْرُ:** زامان ئۆزگەردى، يۆتكەلدى.

**دَالَتِ الْأَيَّامُ:** كۈنلەر ئايلاندى.

**دَالَتِ الثَّوْبُ:** كىيىم يىرتىلدى.

**دَالَتْ لَهُ الدَّوْلَةُ:** ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى.

**دَالَسَ يُدَالِسُ مُدَالَسَةً:** خىيانەت قىلدى، ئالدىدى، ساختىپەزلىك قىلدى.

**دَالٌّ:** يېتەكچى، باشلامچى، رەھبەر، يول كۆرسەتكۈچى.

**دَالٌّ عَلَى:** كۆرسەتكۈچى.

**دَالَّةٌ ج دَوَالٌّ:** خىزمەت؛ ئىقتىدار؛ رول؛ ماھىيەت؛ ئۇنۇم.

**دَالِيَةٌ ج دَوَالٍ:** تال، ئۈزۈم دەرىخى، تېك، ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم ساپىقى؛ پاچاق، يوتىلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان تومۇر.

**دَامَ يَدُومُ دَوْمًا الشَّيْءُ:** داۋاملاشتى، ھەمىشە بولدى.

**«وَأَمَّا الَّذِينَ سُعِدُوا فَفِي الْجَنَّةِ خَالِدِينَ فِيهَا مَادَامَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ» (قۇرئان) :** سائادەتمەنلەرگە كەلسەك ، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ.

**«وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَادُمْتُ حَيًّا» (قۇرئان) :** ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

**«مَادَامَ عِنْدَكُمْ اِجْتِمَاعٌ فَإِنَّهُ مِنْ غَيْرِاللَّائِقِ أَنْ أَبْقَى هُنَا» :** سىلەر يىغىن ئېچىۋاتقان ئىكەنسىلەر، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىم مۇۋاپىق ئەمەس.

**دَامَ عَلَى الْأَمْرِ:** داۋاملاشتۇردى، قەتئىي چىڭ تۇردى.

**دَامَ الْمَاءُ:** سۇ تۇرغۇن بولدى.

**«دَامَ الطَّائِرُ حَوْلَ الْمَاءِ» :** قۇشلار سۇ ئەتراپىنى ئايلاندى.

**مَادَامَ:** پەقەت؛ ... بىلەن تەڭ؛ ... ھامان؛ ... باشقا.

**دَامَا . دَامَةٌ:** شاھمات، داما.

**لَوْحَةُ دَامَا:** شاھمات تاختىسى.

**حَجَرُ الدَّامَا:** شاھمات ئۇرۇقى.

**دَامِجٌ ج دَوَامِجُ:** قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ.

**لَيْلٌ دَامِجٌ:** قاراڭغۇ كېچە.

**دَامِسٌ:** زۇلمەت قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ.

**لَيْلٌ دَامِسٌ:** قاپقاراڭغۇ كېچە.

**يَخْتَفِي الظَّلَامُ الدَّامِسُ:** قاراڭغۇ زۇلمەت يوشۇرۇنىدۇ.

**دَامِغٌ:** قەتئىي.

**دَلِيلٌ دَامِغٌ:** قەتئىي دەلىل، كۈچلۈك دەلىل.

**حُجَّةٌ دَامِغَةٌ:** كۈچلۈك پاكىت، رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت.

**شَجَّةٌ دَامِغَةٌ:** دىماغقا كىرىپ دەرھال جان ئالىدىغان يارا.

**دَامِقٌ:** بۇزۇق.

**دَامِكَةٌ ج دَوَامِكُ:** بەختسىزلىك، ئاپەت، بالا، بالا ـ قازا.

**دَامٍ م دَامِيَةٌ:** قانلىق، قانغا بويالغان.

**جُرْحٌ دَامٍ:** قانلىق جاراھەت، قانلىق يارا.

**حَرْبٌ دَامِيَةٌ:** قانلىق جەڭ.

**دَانَ يَدِينُ دَيْنًا الشَّخْصُ:** چاكىنىلاشتى، تۆۋەن بولدى، پەس بولدى، ئەرزىمەس بولدى.

**دَانَ يَدِينُ دَيْنًا وَدِيَانَةً لَهُ:** بويسۇندى، باش ئەگدى، ئېگىلدى.

**دَانَ بِالْفَضْلِ:** ئېتىراپ قىلدى.

**دَانَ بِالْإِسْلَامِ:** ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

**دَانَ يَدِينُ دَيْنًا لَهُ بِحَيَاتِهِ:** ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا قەرزدار بولۇپ قالدى.

**دَانَ الشَّخْصُ:** قەرز بەردى.

**دَانَهُ بِمَا صَنَعَ :** ئۇنى قىلغان ئىشقا ئاساسەن مۇكاپاتلىدى.

**دَانَ نَفْسَهُ:** ئۆزىدىن ھېساب ئالدى.

**«اَلْكَيِّسُ مَنْ دَانَ نَفْسَهُ»:** ئۆزىدىن ھېساب ئالغان ئادەم ئەقىللىق ئادەمدۇر.

**«كَمَا تَدِينُ تُدَانُ» «مثل»:** قازىنىڭدا نېمە بولسا چۆمۈچۈڭگە شۇ چىقىدۇ، ئىشىڭغا يارىشا مۇكاپاتلىنىسەن ياكى جازالىنىسەن.

**دَانَةٌ ج دَانَاتٌ:** يادرو، توپ ئوقى، مەركەز.

**«تَقُومُ هَيْئَةُ التَّصْنِيعِ الْحَرْبِيِّ الْعَرَبِيَّةُ بِإِنْتَاجِ دَانَاتِ الْمَدَافِعِ الثَّقِيلَةِ»:** ئەرەب ھەربىي قورال ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى ئېغىر زەمبىرەك ئوقلىرىنى ئىشلەپچىقارماقتا.

**دَانِعٌ:** پىخسىق، بېخىل.

**دَانِقٌ ج دَوَانِقُ وَدَوَانِيقُ:** بىر دەرھەمنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ؛ ئاجىز، يادائغۇ؛ ئەرزىمەس ئادەم؛ ئەخمەق؛ ئوغرى.

**دَانَى يُدَانِي مُدَانَاةً بَيْنَ الْعَمَلَيْنِ:** يېقىنلاشتى.

**دَانَى الْقَيْدَ:** ئىشكەلنى تارايتتى، كىشەننى چىڭىتتى.

**شَيْءٌ لَايُدَانَى:** مىسلىسىز، ئوخشىشى يوق، تەڭداشسىز.

**دَانٍ:** يېقىن، يېقىندىكى، يېقىنلاشقۇچى.

**اَلْقَاصِي وَالدَّانِي:** ھەممە ئادەم، ھەممە كىشى، يىراق - يېقىن.

**دَاهَمَ يُدَاهِمُ مُدَاهَمَةً:** تۇيۇقسىز زەربە بەردى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى (ئاپەت قاتارلىقلار) تۇيۇقسىز كېسەل بولدى، ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولدى.

**«دَاهَمَتِ الشُّرْطَةُ وَكْرَ اللُّصُوصِ»:** ساقچى ئوغرىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى.

**دَاهَمَتِ الْعَدُوُّ الْمَدِينَةَ:** باسقۇن قىلدى، دۈشمەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى.

**دَاهَنَ يُدَاهِنُ مُدَاهَنَةً فُلَانًا:** خۇشامەت قىلدى، مادارا قىلدى.

**دَاهٍ «اَلدَّاهِي» ج دُهَاةٌ م دَاهِيَةٌ ج دَوَاهٍ «اَلدَّوَاهِي»:** ئۆتكۈر ئادەم.

**رَجُلٌ دَاهِيَةٌ:** دانا ئادەم.

**اِمْرَأَةٌ دَاهِيَةٌ:** دانا ئايال.

**دَاهِيَةُ السِّيَاسَةِ:** مەشھۇر سىياسىئون، ئاتاقلىق سىياسەتچى، داھى.

**دَوَاهِي الدَّهْرِ:** بالا - قازا، مۇسىبەت.

**دَاهِيَةٌ ج دَهْيَاءُ:** چوڭ بالا - قازا، بالايىئاپەت.

**فَلْيَذْهَبْ فِي دَاهِيَةٍ:** جەھەننەمگە بارسۇن، دوزاخقا بارسۇن.

**دَاوَرَ يُدَاوِرُ مُدَاوَرَةً:** ئالداشقا ئۇرۇندى، پەللىمەكچى بولدى.

**دَاوِرِيَّةٌ:** چارلاش ئەترىتى، پاترول ئەترەت.

**دَاوَلَ يُدَاوِلُ مُدَاوَلَةً:** ئايلاندۇردى، ھەرىكەتلەندۈردى، ئۆتنۈشۈپ تۇردى، ئالمىشىپ تۇردى.

**«وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ» «قرآن»:** بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز.

**دَاوَلَ بَيْنَ ... و ... :** ئالماشتۇردى.

**دَاوَلَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ:** قولدىن - قولغا ئۆتكۈزدى.

**دَاوَلَهُ مِنْ:** يەڭدى.

**دَاوَمَ يُدَاوِمُ مُدَاوَمَةً عَلَيْهِ:** داۋاملاشتۇردى.

**دَاوَمَ عَلَى الْعَمَلِ:** ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

**دَاوَمَ عَلَى الْأَمْرِ:** ئىشتا چىڭ تۇردى، ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

**دَاوَى يُدَاوِيْ مُدَاوَاةً الْمَرِيضَ:** كېسەلنى داۋالىدى، دورا يېزىپ بەردى.

**دَايَةٌ ج دَايَاتٌ:** تۇغۇت ئانىسى، كىندىك ئانىسى، دايە.

**دَايَنَ يُدَايِنُ مُدَايَنَةً الْبَائِعُ الرَّجُلَ:** سودىگەر نىسىگە بەردى.

**دَايَنَ خَصْمَهُ:** ئەرز قىلدى.

**دَائِبٌ:** قەتئىي، چىڭ، تەۋرەنمەس، چىداملىق؛ داۋاملاشتۇرغۇچى.

**دَائِبَانِ:** كېچە - كۈندۈز.

**دَائِحٌ:** چوڭقايغۇچى.

**دَائِخٌ:** قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك.

**لَيْلٌ دَائِخٌ:** قاراڭغۇ كېچە.

**دَائِرٌ:** ئايلانغۇچى، چۆرگىلىگۈچى؛ ئايلىنى-

www.uyghurkitap.com

ۋاتقان، چۆرگىلەۋاتقان.

**اَلْإِجْتِمَاعُ لَايَزَالُ دَائِرًا:** يىغىن داۋاملىشىۋاتىدۇ.

**دَائِرٌ عَلَى مِحْوَرِهِ:** ئۆز ئوقىدا ئايلانغۇچى.

**اَلْمَسْرَحُ الدَّائِرُ:** ئايلانما سەھنە.

**اَلدَّائِرَةُ ج دَوَائِرُ:** بەلباغ، ھالقا، دائىرە؛ چەمبەر، چەمبىرەك؛ رايون، جاي، يەر؛ مەغلۇبىيەت؛ بالايىئاپەت، پالاكەتچىلىك؛ مىقياس؛ چەك.

**«يُسَارِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَى أَنْ تُصِيبَنَا دَائِرَةٌ» «قرآن»:** دىللىرىدا كېسەللىك ( يەنى مۇناپىقلىق ) بارلارنىڭ ( زامان ئۆزگىرىپ كۇففار زەپەر تاپسا ) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن.

**اَلدَّائِرَةُ الْهَنْدَسِيَّةُ:** چەمبەر.

**دَائِرَةُ الْبُولِيسِ:** باش ساقچى ئىدارىسى.

**دَائِرَةُ الْحُكُومَةِ:** ھۆكۈمەت ئورگىنى.

**«أَيْنَ تَقَعُ الدَّائِرَةُ الَّتِي تَعْمَلُ فِيهَا» :** سەن ئىشلەيدىغان ئىدارە قەيەردە ؟

**دَائِرَةُ الطُّولِ:** ئۇزۇنلۇق، مېرىدىئان.

**دَائِرَةُ الْعَرْضِ:** كەڭلىك، كەڭلىك دائىرىسى، پاراللېل.

**دَائِرَةُ الْإِنْتِخَابِ:** سايلام رايونى.

**دَائِرَةٌ قُطْبِيَّةٌ:** قۇتۇپ چەمبىرىكى.

**دَائِرَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ:** قايتىش يولى؛ توك يولى، ئېلېكتىر زەنجىرى.

**دَائِرَةُ مَعَارِفَ:** قامۇس، ئېنسىكلوپېدىيە.

**دَائِرَةُ الْمَعَارِفِ الْإِسْلَامِيَّةِ:** ئىسلام دىنى قامۇسى، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى.

**دَائِرَةُ الْأَمْنِ:** خەۋپسىزلىك ئىدارىسى.

**فِي دَائِرَةِ إِخْتِصَاصِهِ:** ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى دائىرىسىدە.

**اَلدَّوَائِرُ دَارَتْ عَلَيْهِ:** تۈرلۈك بالا ــ قازاغا يولۇقتى، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقتى.

**«وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ الدَّوَائِرَ» «قرآن» :** سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ.

**اَلدَّوَائِرُ الْعُلْيَا:** دۆلەت ئەربابلىرى، يۇقىرى دائىرىدىكىلەر.

**اَلدَّوَائِرُ الرَّسْمِيَّةُ:** ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر.

**اَلدَّوَائِرُ السِّيَاسِيَّةُ:** سىياسىي ساھەدىكىلەر، سىياسىي دائىرىلەر.

**اَلدَّوَائِرُ الْمُطَّلِعَةُ:** ھۆكۈمەت دائىرىلىرى.

**دَائِرِيٌّ:** يۇمۇلاق، يۇمۇلاق شەكىللىك، دۈگىلەك.

**رُبْعٌ دَائِرِيٌّ:** چارەك ( چەمبەرنىڭ تۆتتىن بىرى )

**دَائِمٌ:** ھەمىشە، داۋاملىق، دائىم، پۈتمەس ـ تۈگىمەس، ئۇزاق، ئۇزۇن.

**«لَايَبُولَنَّ أَحَدُكُمْ فِي الْمَاءِ الدَّائِمِ» «حديث» :** سىلەرنىڭ بىرىڭلار توختام سۇغا سىيمىسۇن.

**دَائِمُ الْإِخْضِرَارِ:** ياپيېشىللىق، يېشىللىق.

**دَائِمًا:** باشتىن ــ ئاخىر، داۋاملىق، ھەمىشە، ئەبەدىي.

**«هُوَ يَزُورُنَا دَائِمًا» :** ئۇ بىزنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

**دَائِمًا أَبَدًا:** مەڭگۈ، ئەبەدىي، ئۈزلۈكسىز.

**دَائِنٌ:** قەرز بەرگۈچى، قەرز ئىگىسى.

**دَأَبَ يَدْأَبُ دَأْبًا وَدَأَبًا وَدُؤُوبًا فِي الْعَمَلِ:** جاپالىق ئىشلىدى، ئىشنى تىرىشىپ ئىشلىدى.

**دَأَبَ فِي الشَّرِّ:** يامانلىققا چۆكۈپ كەتتى.

**دَأَبَ عَلَى الشَّيْءِ:** ئادەتلەندى، داۋاملىق چىڭ تۇردى.

**«دَأَبَ عَلَى الصَّلَاةِ فِي أَوْقَاتِهَا» :** نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئادەتلەندى.

**دَأْبٌ ج دُؤُوبٌ:** خۇسۇسىيەت، ئادەت، ھال، قەتئىي ئىرادە، چىڭ ئىرادە.

**«كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا» «قرآن» :** ( بۇ كۇففارلارنىڭ ھالى ) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى.

**«مَا زَالَ الْإِخْلَاصُ دَأْبَكَ» :** سەمىمىيلىك سىنىڭ ئادىتىڭ بولۇپ كەلدى.

**دَأَبٌ:** ئۈزۈلدۈرمەي، توختاتماي، داۋاملىق.

**«قَالَ تَزْرَعُونَ سَبْعَ سِنِينَ دَأَبًا» «قرآن» :** يۇسۇف ئېيتتى : « يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي

تېرىقچىلىق قىلىشلار...».

**عَلَى دَأْبِكَ:** سېنىڭ ئادىتىڭ بويىچە.

**دَأْدَأَ يُدَأْدِأُ دَأْدَأَةً:** ئۆچقاندەك يۈگۈردى، ئۆچقاندەك چاپتى.

**دَأْدَأَةٌ مِنَ اللَّيَالِي ج دَآدِئُ:** زۇلمەت، قاراڭغۇ كېچە، تۈن.

**دَأْمَاءُ:** دېڭىز.

**دُؤُوبٌ:** قەتئىي، چىڭ، چىدىغۇچى، چىدامىلىق، داۋاملاشتۇرغۇچى.

**دَأَى يَدْأُو ويَدْأَى دَأْوًا وَ دَأْيًا:** ئالدىدى، ھىيلە-مىكىر قىلدى، ھەييارلىق قىلدى.

**دَأَى الذِّئْبُ لِلصَّيْدِ:** بۆرە ئوۋنى ئالداش ئۈچۈن چاندۇرماي ماڭدى.

**دَبَاةٌ ج دَبًى:** چېكەتكە لىچىنكىسى.

**دُبَارَةٌ:** چىگە شوينا، چىگە يىپ؛ ئالدامچىلىق.

**دِبَاغٌ:** تېرە ئاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇچ.

**دِبَاغَةٌ:** تېرە ئەيلەش ھۈنىرى.

**دُبَالٌ:** ئوغۇت، قىغ.

**دَبَّ يَدِبُّ دَبًّا و دَبِيبًا الشَّيْخُ:** بوۋاي ئاستا ماڭدى.

**«دَبَّ الشَّرَابُ فِي عُرُوقِهِ»:** تومۇرلىرىدا شاراب تەسىرىنى كۆرسەتتى.

**دَبَّ فِي أَحْشَائِهَا:** ھامىلە مىدىرلىدى (قورساقتا).

**دَبَّ فِي الشَّيْءِ:** تارالدى، يېيىلىپ كەتتى، يامراپ كەتتى.

**دَبَّ يَدَبُّ دَبَبًا و دَبَابًا وَ دَبَّانًا الْحَيَوَانُ:** ھايۋان يۈڭلۈك بولدى، تۈكلۈك بولدى.

**دَبَّ فِي نَفْسِهِ:** كۆڭلىگە كىرىۋالدى.

**دَبَّ الْخِلَافُ بَيْنَهُمْ:** ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى.

**دَبَّ الشِّقَاقُ بَيْنَهُمْ:** ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى، دەتالاش بولدى، ماجىرا تۇغۇلدى.

**أَكْذَبُ مَنْ دَبَّ وَدَرَجَ:** ئۆچىغا چىققان يالغانچى.

**دَبَّ فِيهِ الْفَسَادُ:** چىرىدى ، سېسىدى.

**دَبَّ بَيْنَ الْقَوْمِ بِالنَّمَائِمِ:** سۇخەنچىلىك قىلدى.

**دَبَّ الرَّجُلُ عَلَى الْعَصَى:** ھاسىغا چۈشۈپ قالدى.

**دَبَّتِ الْحَيَاةُ فِي جَسَدِهِ:** ئۇنىڭغا جان كىردى.

**دَبَّتْ عَقَارِبُهُ:** ئۇنىڭ تۆھمىتى ئېقىپ قالدى.

**دُبٌّ ج دِبَابٌ و أَدْبَابٌ و دِبَبَةٌ:** ئېيىق.

**اَلدُّبُّ الْأَصْغَرُ:** كىچىك ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمى.

**اَلدُّبُّ الْأَكْبَرُ:** چوڭ ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمى.

**شَجَرَةُ الدُّبِّ:** دولانا دەرىخى، دوب دەرىخى.

**مِنْ شَبٍّ إِلَى دُبٍّ:** كىچىكىدىن تارتىپ قېرىغىچە.

**دَبَّابَةٌ ج دَبَّابَاتٌ:** قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلگەن ھەربىي قورال؛ تانكا؛ ئۆمىلىگۈچىلەر.

**دَبَّاسٌ:** شىرنىچى، شىرنە ساتقۇچى.

**دَبَّاسَةٌ ج دَبَّاسَاتٌ:** تۈپلىگۈچ، مىقلىغۇچ.

**اَلدَّبَّاغُ:** تېرىچى، تېرە ئاشلىغۇچى.

**دُبَّانٌ:** چىۋىن.

**دَبَّبَ يُدَبِّبُ تَدْبِيبًا الصَّانِعُ قِطْعَةَ الْحَدِيدِ:** ھۈنەرۋەن تۆمۈرنىڭ ئۇچىنى ئۇچلىدى.

**دَبَّجَ يُدَبِّجُ تَدْبِيجًا الشَّيْءَ:** بېزىدى، زىننەتلىدى، تۈزىدى.

**دَبَّرَ يُدَبِّرُ تَدْبِيرًا الْأَمْرَ:** ئىشنى ئويلىنىپ قىلدى.

**دَبَّرَ الْحَاكِمُ أَمْرَ الرَّعِيَّةِ:** ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئادەم يۇرتنى ئوبدان سورىدى.

**«يُدَبِّرُ الْأَمْرَ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ» (قرآن):** ئاللاھ ئاسماندىن - زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ.

**دَبَّرَ تَكَالِيفَ الْعَمَلِيَّةِ:** سەپەر خىراجىتىنى تېجىدى.

**دَبَّرَ السَّيِّدُ عَبْدَهُ:** غوجىسى قۇلنىڭ ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئازاد بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى.

**دَبَّرَ الشَّخْصُ:** راسخوتنى تېجىدى.

**دَبَّرَ مُؤَامَرَةً:** سۇيىقەست پىلانلىدى.

دَبَّرَ مَكِيْدَةً: سۇيىقەست پىلانلىدى، ھىيلە ئىشلەتتى.

«سَتَكُونُ عَاقِبَةُ هَؤُلَاءِالَّذِينَ يُدَبِّرُونَ الْمُؤَامِرَاتِ وَالْمَكَايِدَ وَخِيمَةً فِي النِّهَايَةِ» : بۇ سۇيىقەستچىلەر ئاخىرى ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدۇ.

دَبَّرَ فِي الْمَالِ: پۇل ـ مالنى ئىقتىساد قىلدى، تېجىدى، پىلانلىق خەجلىدى، تېجەشلىك ئىشلەتتى.

دَبَّرَ تُهْمَةً: بەتنام چاپلىدى، قارا چاپلىدى.

دَبَّرَ خُطَّةً: پىلانلىدى، لايىھىلىدى، پىلان تۈزدى.

أَمْرٌ دُبِّرَ بِلَيْلٍ: يوشۇرۇن پىلانلانغان ئىش.

دَبَّسَ يُدَبِّسُ تَدْبِيْسًا: يوشۇردى.

دَبَّسَ الْعِنَبُ: ئۈزۈم پىشىپ مەي باغلاپ كەتتى.

دَبَّسَ الثَّوْبَ: كىيىم تىكتى.

دَبَّسَ الْوَرَقَ أَوِ الْكِتَابَ: ۋاراقنى ياكى كىتابنى مىخلىدى.

دَبَّقَ يُدَبِّقُ تَدْبِيْقًا: چاپلىدى، يېپىشتۇردى.

دَبَّقَ الطَّيْرَ: قۇشنى يېلىم بىلەن تۇتتى.

دَبَّقَ عَلَى: ئېرىشتى، تاپتى.

دَبَّكَ يُدَبِّكُ تَدْبِيْكًا: ئۇسسۇل ئوينىدى، دېسكو ئوينىدى، تانسا ئوينىدى.

دَبُّورٌ ج دَبَابِيْرُ: سېرىق ھەرە؛ نۇسخا؛ مۇناسىۋەت؛ چارە ـ تەدبىر؛ يورۇش؛ تۇتۇش.

دَبُّورَةٌ: يۇلتۇز.

دَبُّوسٌ ج دَبَابِيْسُ: ئىلمەك؛ قاداق، بۇلاپكا؛ كونۇپكا؛ قالپاقلىق مىخ؛ يىڭنە مىخ.

دَبُّوسْ إِبْرِيٌّ : يىڭنە مىخ.

دَبُّوسُ رَسْمٍ: قالپاقلىق مىخ.

دَبُّوسُ رَبْطَةِ رَقَبَةٍ: گالستۇك قىسقۇچ.

دَبُّوسُ شَعْرٍ: تۇرگۇچ، چاچ قىسقۇچ.

دَبُّوسُ الْغَسِيْلِ: كىيىم ئاسقۇچ.

دُبِّيٌّ: ئېيىقنىڭ، ئېيىققا ئائىت.

دَبَجَ يَدْبُجُ دَبْجًا الشَّيْءَ: نەرسىنى زىننەتلىدى، بېزىدى.

دَبَجَ الْمَطَرُ الْأَرْضَ: يامغۇر زېمىننى سۇغۇرۇپ يېشىلزارلىققا ئايلاندۇردى.

دَبْدَبَ يُدَبْدِبُ دَبْدَبَةً الشَّخْصُ: سۈرەن سالدى، چۇقان سالدى.

دَبْدَبَ الْحَافِرُ: تۇياق ئاۋاز چىقاردى.

دَبْدَبَ بِرِجْلِهِ: پۇتىنى يەرگە ئۇردى.

دَبْدَبَةٌ: ئاياغ تىۋىشى؛ ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى.

دَبَرَ يَدْبُرُ دَبْرًا و دُبُورًا الرَّجُلُ: قاچتى، داجىدى، چېكىندى، يۈز ئۆرۈپ ئارقىنى قىلدى.

دَبَرَ النَّهَارُ أَوِالصَّيْفُ: كۈندۈز ياكى ياز ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتتى.

دَبَرَ فُلَانٌ: قېرىپ كەتتى، ئۆلدى.

دَبَرَفُلَانًا: ئەگىشىپ ماڭدى.

دَبَرَتِ الرِّيْحُ: شامال يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە ئۆزگەردى.

دَبِرَيَدْبَرُدَبَرًاالْحَيَوَانَ: سېرىق ھەرە چېقىۋالدى.

دَبْرٌ: سېرىق ھەرە.

جَعَلَ كَلَامَهُ دَبْرَ أُذُنَيْهِ: قۇلاق سالمىدى، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى، ئاڭلىماسلىققا سالدى.

دُبُرٌ ج أَدْبَارٌ: مەقئەت؛ ساغرا؛ قۇيرۇق؛ كاسا؛ ئارقا تەرەپ، ئارقىسى، كەينى.

«وَ مِنَ اللَّيْلِ فَسَبِّحْهُ وَأَدْبَارَ السُّجُودِ» ‹قرآن› : كېچە ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن.

دُبُرُ الشَّهْرِ: ئاي ئاخىرىسى.

دُبُرُ الْبَيْتِ: ئۆينىڭ ئارقىسى.

وَلَّى دُبُرَهُ: چېكىندى، قاچتى.

أَلْقَى دُبْرَ أُذُنَيْهِ بِنَصَائِحَ: قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى، قۇلاق سالمىدى، ئاڭلىماسلىققا سالدى.

مِنْ دُبُرٍ: ئارقىدىن، كەينىدىن.

«وَقَدَّتْ قَمِيصَهُ مِنْ دُبُرٍ » ‹قرآن› : كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى.

فِي دُبُرِهِ: ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئارقىسىدىن.

دِبْرٌ ج أَدْبُرٌ وَدُبُورٌ: سېرىق ھەرىلەر توپى؛ چېكەتكە لىچىنكىلىرى.

www.uyghurkitap.com

**دَبْرَةٌ ج دِبَارٌ:** مەغلۇبىيەت، ئاقىۋەت، نەتىجە.

**دِبْسٌ:** شىرنە، خورما شىرنىسى، خورما شەربىتى.

**دُبْسَةٌ:** جىگەر رەڭ، زىغىر رەڭ.

**دَبَشَ يَدْبُشُ دَبْشًا الشَّيْءَ:** پوستىنى سويدى.

**دَبَشَ الطَّعَامَ:** تاماقلاندى.

**دَبَشٌ ج أَدْبَاشٌ:** كېرەكسىز نەرسە؛ تاشلاندۇق نەرسە؛ ئۆي سايمانلىرى؛ ئۆينىڭ كېرەكسىز نەرسىلىرى، تاشلاندۇق، ئەخلەت.

**دَبْشٌ:** قورام تاش.

**دَبَغَ يَدْبَغُ و يَدْبِغُ و يَدْبُغُ دَبْغًا و دِبَاغَةً الْجِلْدَ:** تېرىنى ئەيلىدى، ئاشلىدى.

**دَبَغَ يَدْبَغُ و يَدْبِغُ و يَدْبُغُ دِبَاغَةً الْكَلَامَ:** سۆزنى بېزىدى، سۆزنى چىرايلىق قىلدى.

**دَبِقَ يَدْبَقُ دَبَقًا بِهِ:** يېپىشتۇردى، چاپلىدى.

**دَبَقَ يَدْبِقُ دَبْقًا الطَّيْرَ:** يېلىم بىلەن قۇش تۇتتى.

**دِبْقٌ:** قۇش تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل يېلىم.

**دَبِقٌ:** چاپلىشاڭغۇ، يېپىشقاق، چاپلاشقاق.

**دَبَكَ يَدْبُكُ دَبْكًا:** ئۇسسۇل ئوينىدى، دېسكو ئوينىدى، تانسا ئوينىدى.

**دَبْكَةٌ:** بەزى ئەرەب ئەللىرىدە ئومۇملاشقان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى.

**دَبَكَةٌ:** شاۋقۇن - سۈرەن.

**دَبَلَ يَدْبُلُ دَبْلاً الْأَرْضَ:** يەرگە ئوغۇت بەردى، ئوغۇتلىدى.

**دَبَلَتْهُ الدُّبُولُ:** ئاپەتكە ئۇچرىدى.

**دَبِلَ يَدْبَلُ دَبَلاً الرَّجُلُ:** سەمرىدى.

**دَبْلٌ ج دُبُولٌ:** لىمفا تۈگۈنى ياللۇغى.

**دُبْلَةٌ ج دُبَلٌ:** بىر پارچە، بىر توپ؛ ئۈزۈك.

**دَبْلَجَ يُدَبْلِجُ دَبْلَجَةً الْفِلْمَ:** كىنو تەرجىمە قىلدى.

**دِبْلُومَاسِيٌّ:** دىپلوماتىك، دىپلوماتىيە.

**«قَطْعُ الْعَلَاقَاتِ الدِّبْلُومَاسِيَّةِ» :** دىپلوماتىك ئالاقىنى ئۈزدى.

**اَلسِّلْكُ الدِّبْلُومَاسِيُّ:** دىپلوماتىيە ساھەدىكىلەر.

**«إِنَّهُ يَسْتَخْدِمُ دِبْلُومَاسِيَّتَهُ لِتَحْقِيقِ أَهْدَافِهِ» :** غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دىپلوماتىك ھۈنىرىنى ئىشقا سالماقتا.

**اَلْحَقِيبَةُ الدِّبْلُومَاسِيَّةُ:** دىپلوماتىيە چامادانى.

**دَبُورٌ:** غەرب شامىلى.

**دَبِيبٌ:** ئۆمىلەش، مىدىرلاش، ئۆمىلەپ ماڭغۇچى، ئاستا ماڭغۇچى.

**«إِنَّ اللّٰهَ يَسْمَعُ دَبِيبَ النَّمْلَةِ السَّوْدَاءِ فِي اللَّيْلَةِ الظَّلْمَاءِ عَلَى الصَّخْرَةِ الصَّمَّاءِ» «قرآن» :** شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قاراڭغۇ تۈندە قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ مىدىرلىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

**دَبِيرٌ:** ئاخىرىدىكى ئورۇن.

**دِثَارٌ ج دُثُرٌ:** يېپىنچا، يوتقان، ئەدىيال؛ چاپان.

**دَثَّ يَدُثُّ دَثًّا السَّمَاءُ:** سىم - سىم يامغۇر ياغدى.

**دَثَّ الْحُمَّى فُلَانًا:** قىزىتما ئاغرىتتى.

**دَثٌّ ج دِثَاثٌ:** سىم - سىم يامغۇر.

**دُثَّةٌ ج دُثَثٌ:** ئاددى زۇكام، يېنىك زۇكام.

**دَثَّرَ يُدَثِّرُ تَدْثِيرًا الطَّائِرُ:** قۇش ئۇۋا ياسىدى، چاڭگا تىزدى.

**دَثَّرَهُ:** ئۇنىڭغا تون كىيگۈزدى، تون، رىدا قاتارلىقلار بىلەن يۆگىدى.

**«كَانَ إِذَا نَزَلَ عَلَيْهِ الْوَحْيُ يَقُولُ دَثِّرُونِي دَثِّرُونِي» «حديث» :** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقاندا مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار دەيتتى.

**دَثَرَ يَدْثُرُ دُثُورًا الْمَنْزِلُ:** تۇرالغۇنىڭ ئىزى ئۆچتى، ئىزى يوقالدى.

**دَثَرَ السَّيْفُ:** قىلىچ داتلىشىپ قالدى.

**«اَلْقَلْبُ يَدْثُرُ كَمَا يَدْثُرُ السَّيْفُ فَجِلَاؤُهُ ذِكْرُ اللّٰهِ» «حديث» :** دىل بولسا قىلىچ داتلىشىپ قالغاندەك داتلىشىپ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ زىكرى ئارقىلىق دىل پارقىرايدۇ.

**دَثَرَ الرَّجُلُ:** يېشى چوڭايدى، قېرىدى.

www.uyghurkitap.com

**دَثَرَ الشَّجَرُ:** دەرەخ ياپراق چىقاردى، شاخلىدى.

**دَثَرَتِ النُّفُوسُ:** نوپۇس كۆپەيدى.

**دَثْرٌ ج دُثُورٌ:** بايلىق، مال ـ مۈلۈك، بايلىق مەنبەسى؛ غەپلەتتە قالغۇچى، غاپىل بولغۇچى.

**دَثُورٌ:** ھورۇن، ئىش خۇشياقماس؛ نامسىز.

**دُثُورٌ:** يوقالماق، مۇنقەرز بولماق، ھالاك بولماق.

**دَجَا يَدْجُو دَجْوًا وَ دُجُوًّا اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇ چۈشتى.

**دَجَا عَلَيهِ الثَّوْبُ:** ئۇنىڭغا كىيىم كەڭ كەلدى.

**دَجَا الشَّيْءُ:** مۇكەممەللەشتى.

**دَجَا السَّحَابُ:** بۇلۇت تارالدى.

**دَجَاجٌ:** توخۇ.

**دَجَاجٌ رُومِيٌّ:** كۈركە توخۇ.

**دَجَاجُ الْهِنْدِ:** كۈركە توخۇ.

**دَجَاجَةٌ:** مېكىيان.

**دَجَاجَةُ فِرْعَوْنَ:** چىپار توخۇ.

**دَجَاجِيٌّ:** توخۇچى.

**دَجَالٌ:** ھەل، ئالتۇن سۈيى؛ گەندە، سۈيدۈك.

**دَجَّ يَدِجُّ دَجًّا وَ دَجِيْجًا:** ئېغىر قەدەملەر بىلەن ماڭدى.

**دَجَّ اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى.

**دَجَّ الْبَيْتُ:** ئۆگزىدىن سۇ تامچىلايدىغان بولۇپ قالدى.

**دَجَّ السِّتْرَ:** پەردىنى چۈشۈردى، تارتتى، ساڭگىلاتتى.

**دُجٌّ:** سۇرەتقاش (بىر خىل قۇش)

**دَجَّالٌ ج دَجَاجِلَةٌ و دَجَّالُونَ:** يالغانچى، كاززاپ، ئالدامچى، پوچى؛ پالچى، رەممال، ساختىپەز؛ دەججال.

**طَبِيْبٌ دَجَّالٌ:** ساختا دوختۇر، ئالدامچى تېۋىپ.

**اَلْمَسِيْحُ الدَّجَّالُ:** دەججال.

**دُجَّةٌ:** قاپقاراڭغۇ، زۇلمەت.

**دُجَّةٌ ج دُجَّاتٌ وَدُجَجٌ:** كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسى.

**دَجَّجَ يُدَجِّجُ تَدْجِيْجًا الْجَيْشَ:** قوشۇننى قوراللاندۇردى، ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيدۈردى.

**دَجَّلَ يُدَجِّلُ تَدْجِيْلاً الشَّخْصُ:** ئالدامچىلىق قىلدى، كۆز بويامچىلىق قىلدى.

**دَجَّلَ الْأَرْضَ:** يەرنى ئوغۇتلىدى.

**دَجَّلَ عَلَيْهِ:** ئالدىدى.

**دَجَّنَ يُدَجِّنُ تَدْجِينًا الْحَيَوَانَ:** ھايۋاننى كۆندۈردى، ھايۋاننى ئۆگەتتى.

**دَجْدَاجُ:** قارا نەرسە، قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك.

**دَجْدَجَ يُدَجْدِجُ دَجْدَجَةً اللَّيْلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى.

**دَجْدَجَ بِالدَّجَاجَةِ:** مېكىياننى ھەيدىۋەتتى.

**دَجِرَ يَدْجَرُ دَجَرًا:** تەڭلىكتە قالدى، چارىسىز قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

**دَجَلَ يَدْجُلُ دَجْلاً الشَّخْصُ:** يالغانچىلىق قىلدى، ئالدامچىلىق قىلدى، كۆز بويامچىلىق قىلدى.

**دِجْلَةٌ:** دىجلە دەرياسى.

**دَجَمَ يَدْجُمُ دَجْمًا و دُجْمَةً اللَّيلُ:** كېچە قاراڭغۇلاشتى، كېچىنى زۇلمەت باستى.

**دَجِمَ يَدْجَمُ دَجْمًا:** قايغۇردى، غەم قىلدى.

**دَجْمٌ ج دُجُومٌ:** يېقىن ھەمراھ، يېقىن دوست؛ خۇلق، ئەخلاق.

**اَلدَّجْمُ:** قاراڭغۇلاشماق، زۇلمەت باسماق؛ تۈر، خىل.

**دُجْمَةٌ ج دُجَمٌ:** زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق؛ يول.

**دَجَنَ يَدْجُنُ دَجْنًا و دُجُونًا بِالْمَكَانِ:** تۇردى، ماكانلاشتى.

**دَجَنَ الْيَوْمُ :** كۈن تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق بولدى.

**دَجَنَ اللَّيْلُ:** كېچە قارايدى، قاراڭغۇ چۈشتى.

**دَجَنَ السَّحَابُ:** يامغۇر ياغدۇردى.

**دَجْنٌ ج دُجُونٌ وَ اَدْجَانٌ و دَجَانٌ:** كۆپ يامغۇر.

**دُجْنَةٌ ج دُجَنٌ و دُجْنَاتٌ:** زۇلمەت، قاراڭغۇ.

**دُجُنَّةٌ ج دُجُنَّاتٌ:** قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، قاراڭغۇ.

**دَجُوجِي ج دَيَاجِيْجُ:** قاراڭغۇ كېچە.

دُجَى و دُجْيَةٌ: قاراڭغۇلۇق.

دُجَى اللَّيْلِ: كېچە قاراڭغۇلۇقى.

بَدْرُ الدُّجَى: ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي.

«هِيَ أَجْمَلُ مِنْ بَدْرِ الدُّجَى»: ئۇ ئون تۆت كۈنلۈك ئايدىنمۇ چىرايلىق.

دَجِيٌّ: قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇ، زۇلمەت.

دَحَا يَدْحُووِيَدْحَادَحْوًا اللّٰهُ الْأَرْضَ: ئاللاھ تائالا زېمىننى يايدى.

«وَالْأَرْضَ بَعْدَ ذَٰلِكَ دَحَاهَا» «قرآن»: شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى.

دُحَادِحُ: سېمىز ھەم پاكار، دۇغلاق، دىقماق.

دَحَادِيْرُ: يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر، يانتۇلۇق، قىيپاشلىق.

دُحَاسٌ: سەينۇكە.

دِحَاسٌ: قىستاڭچىلىق.

اَلدِّحَاسُ مِنَ الْبُيُوتِ: ئادەمى كۆپ ئائىلە.

دَحَّ يَدُحُّ دَحًّا الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆمدى.

دَحَّهُ: ئۇڭدىسىغا ئىتتىرىۋەتتى، تاشلىۋەتتى، ئالقان بىلەن ئۇردى.

دَحَّ الطَّعَامُ بَطْنَهُ: تويغۇزدى.

دَحَّضَ يُدَحِّضُ تَدْحِيضًا: رەت قىلدى، رەددىيە بەردى.

دَحْدَحٌ: سېمىز ھەم پاكار، دۇغلاق، دىقماق.

دَحْدَرَ يُدَحْدِرُ دَحْدَرَةً الشَّيْءَ أَوِالْحَجَرَ: نەرسىنى ياكى تاشنى يۇمىلاتتى، دۇمىلاتتى.

دَحْدُورَةٌ: يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر، يانتۇلۇق، قىيپاشلىق.

دُحْدَيْرَةٌ: يانتۇ، قىيپاش، يانتۇلۇق، يانباغرى، قىيپاشلىق.

دَحَرَ يَدْحَرُ دَحْرًا و دُحُورًا: مەغلۇپ قىلدى، يەڭدى، چېكىندۈردى، ھەيدىۋەتتى، قوغلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

«اَللّٰهُمَّ ادْحَرْ عَنَّا الشَّيْطَانَ»: ئى ئاللاھ، بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن.

«وَيُقْذَفُونَ مِنْ كُلِّ جَانِبٍ دُحُورًا» «قرآن»: ئۇلار قوغلىنىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ئاققۇچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ.

دَحْرَجَ يُدَحْرِجُ دَحْرَجَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى دومىلاتتى، نەرسىنى يۇمىلاتتى.

دَحِسَ يَدْحَسُ دَحْسًا الْإِصْبَعُ: بارماقتا سەينۇكە (بىر خىل يارا) چىقتى.

دَحَشَ يَدْحَشُ دَحْشًا: كىرگۈزدى، سانجىدى.

دَحَضَ يَدْحَضُ دَحْضًا و دُحُوضًا: رەت قىلدى، رەددىيە بەردى.

دَحَضَتِ الْحُجَّةُ: دەلىل ـ ئىسپات كارغا كەلمىدى، پاكىتقا رەددىيە بېرىلدى، پاكىت بىكار بولدى.

دَحَضَتْ رِجْلُهُ: پۇتى لايغا پېتىپ كەتتى.

دَحْضٌ: رەددىيە بەرمەك، بىكار قىلىۋەتمەك.

«حُجَّتُكَ لَايُمْكِنُ دَحْضُهَا»: پاكىتىڭنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ.

اَلدَّحَضُ ج دِحَاضٌ: تېيىلغاق.

دَحَقَ يَدْحَقُ دَحْقًا و دُحُوقًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئىتتىرىۋەتتى، يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، ھەيدىۋەتتى؛ كۆزگە ئىلمىدى، كارى بولمىدى.

دَحَلَ يَدْحَلُ دَحْلًا: ئورىغا كىردى، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىنى كولىدى.

دَحَلَ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن يىراق بولدى، يوشۇرۇنىۋالدى.

دَحِلَ يَدْحَلُ دَحَلًا: قورسىقى ساڭگىلاپ كەتتى؛ ئالدامچىلىق قىلدى.

اَلدَّحِلُ: قورسىقى ساڭگىلاپ كەتكەن، سېمىز، پاكىنەك، دىقماق؛ ئالدامچى.

اَلدَّحْلُ ج دِحَالٌ و أَدْحَالٌ وَأَدْحُلٌ وَدُحُولٌ و دُحْلَانٌ: ئاغزى كىچىك، ئاستى كەڭ ئورا.

اَلدَّحْلَاءُ ج دُحْلٌ: ئاغزى تار قۇدۇق.

اَلدَّحْلَةُ: ئاغزى تار قۇدۇق.

دَحَمَ يَدْحَمُ دَحْمًا: قاتتىق ئىتتەردى.

اَلدَّحْمُ: تۈپى، يىلتىزى، ئەسلى، ئاساسى؛ ئوخشىشى.

اَلدَّحُورُ: ئىتتىرىۋەتكۈچى، قوغلىۋەتكۈچى، يىراقلاشتۇرغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

**دُحُوضٌ:** رەددىيە بەرمەك، بىكار قىلىۋەتمەك.

**اَلدَّحُولُ:** ئاغزى كىچىك قۇدۇق.

**دَحَى يَدْحَى دَحْيًا اللّٰهُ الْاَرْضَ:** ئاللاھ تائالا زېمىننى يايدى.

**اَلدَّحْيَةُ:** مايمۇن.

**اَلدِّحْيَةُ:** ئەسكەر باشلىقى.

**دُحَيْدَحَةٌ:** سېمىز ھەم پاكار، دۇغلاق، دىقماق.

**اَلدَّحِيقُ:** يىراق، يىراقلاشتۇرۇلغان.

**دَحِيقُ الْقَومِ:** قەۋم تەرىپىدىن قوغلاندى قىلىنغان.

**دُخَانٌ:** تۈتەك، ئىس، تۈتۈن؛ موخوركا، تاماكا؛ پار، ھور.

**«فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السَّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ»** «قۇرئان» : (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن.

**«اَلدُّخَانُ فِي الْغُرْفَةِ كَثِيفٌ جِدًّا حَتَّى أَنِّي شَعَرْتُ بِأَنَّ صَدْرِي قَدْ ضَاقَ كَثِيراً»** : تۈتۈن ئۆينى بىر ئالدى، ھەتتا نەپەسىم سىقىلغاندەك بولۇۋاتىمەن.

**دَخٌّ:** تۈتۈن، ئىس.

**دُخٌّ:** تۈتۈن، ئىس.

**دَخَّلَ يُدَخِّلُ تَدْخِيلاً الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ** : كىرىشتۈردى.

**دَخَّنَ يُدَخِّنُ تَدْخِينًا الشَّخْصُ التَّبْغَ:** تاماكا چەكتى.

**دَخَّنَ الشَّجَرَ:** دەرەخنى ئىسلىتىدى.

**دَخَنَتِ النَّارُ:** ئىس چىقىپ ئۆرلىدى، ئىس تۈتەك ئۆرلىدى.

**دَخَرَ يَدْخَرُ دُخُورًا الشَّخْصُ:** خار بولدى، پەس بولدى، خورلاندى.

**دَخَسَ يَدْخَسُ دَخْسًا الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ:** كىرىشتۈردى.

**دَخَسَ يَدْخُسُ دُخُوسًا** : سەمرىدى.

**دُخَسٌ:** دېڭىز دېلفىنى.

**دَخَلَ يَدْخُلُ دُخُولاً الدَّارَ:** ھويلىغا كىردى، داخىل بولدى.

**«وَدَخَلَ مَعَهُ السِّجْنَ فَتَيَانِ»** «قۇرئان» : زىندانغا يۇسۇف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەندى.

**دَخَلَ بِهِ:** باشلىدى، ئېلىپ كىردى.

**دَخَلَ الشَّخْصُ النِّقَاشَ:** مۇھاكىمىگە، دەتالاشقا قاتناشتى.

**دَخَلَ فِي الْأَمْرِ:** ئىشقا ئارىلاشتى، قاتناشتى.

**دَخَلَ عَلَيْهِ:** ئۇنى زىيارەت قىلدى، ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى.

**دَخَلَ الْجَيْشُ الْحَرْبَ:** ئارمىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى.

**دَخَلَ وَقْتُ الصَّلَاةِ:** نامازنىڭ ۋاقتى كىردى.

**دَخَلَ عَلَى زَوْجَتِهِ:** ئايالى بىلەن بىر يەردە بولدى، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولدى.

**دَخَلَ عَلَى عَامِهِ الْعَاشِرِ:** ئون ياشقا كىرىپ قالدى.

**دَخَلَ بِلَاإِسْتِئْذَانٍ:** ئۇسۇپ كىردى.

**دَخَلَ الشَّخْصُ الْخِدْمَةَ:** خىزمەتكە قاتناشتى.

**دَخَلَ ضِمْنَ كَذَا:** ... نى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

**دَخَلَ الْوَلَدُ الْمَدْرَسَةَ:** بالا مەكتەپكە تىزىملاتتى.

**دَخَلَهُ الشَّكُّ:** ئۇنىڭغا شەك چۈشتى، گۇمان چۈشتى.

**«دَخَلَ عَلَى الْقَانُونِ تَعْدِيلٌ»** : قانۇننىڭ بەزى جايلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

**دَخَلَ فِي الدِّينِ:** دىنغا كىردى، دىننى قوبۇل قىلدى.

**دَخَلَ عَلَيْهِ الْمَكَانَ:** ئۇنىڭدىن كېيىن كىردى.

**دَخَلَ فِي عِدَادِ الْمَفْقُودِينَ:** يوقالغانلارنىڭ قاتارىغا كىردى.

**دَخَلَ فِي الْمَوْضُوعِ:** ئاساسىي تېمىغا يۆتكەلدى، ئاساسىي گەپكە يۆتكەلدى.

**«دَخَلَ الْأَسَدُ عَرِينَهُ»** : شىر ئۇۋىسىغا كىردى.

**«دَخَلَ الطُّلَّابُ مُسَابَقَةً»** : ئوقۇغۇچىلار مۇسابىقىگە قاتناشتى.

**دَخِلَ يَدْخَلُ دَخَلاً الشَّخْصُ:** ئىچىدىن بۇزۇلدى،

ئىچى چىرىپ كەتتى.

**دَخِلَ فِي عَقْلِهِ:** ئەقلىدىن ئازدى، ئېلىشىپ قالدى.

**دَخَلٌ:** تەلۋىلىك، ساراڭلىق، ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى.

**«وَلَاتَتَّخِذُوا اَيْمَانَكُمْ دَخَلاً بَيْنَكُمْ» «قرآن»:** قەسەملىرىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار.

**دَخْلٌ:** شەك ـ شۈبھە، گۇمان؛ كىرىم، دارامەت.

**اِرْتَفَعَ دَخْلُ الْبِلَادِ:** دۆلەت كىرىمى ئۆستى.

**ضَرِيبَةُ الدَّخْلِ:** كىرىمدىن ئېلىنىدىغان باج، تاپاۋەت بېجى.

**دَخْلٌ شَهْرِيٌّ:** ئايلىق كىرىم.

**مِنْ ذَوِي الدَّخْلِ الْمَحْدُودِ:** كىرىمى چەكلىك كىشىلەر.

**اَلدَّخْلُ الْقَوْمِيُّ:** مىللىي دارامەت.

**لَادَخْلَ لَهُ فِيهِ:** ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

**«كَانَ لَهُ دَخْلٌ فِى هَذَا الأَمْرِ»:** بۇ ئىش ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**دِخْلَةٌ. دَخْلَةٌ. دُخْلَةٌ:** نىيەت، غەرەز، ئوي.

**طَاهِرُ الدِّخْلَةِ:** نىيىتى پاك.

**لَيْلَةُ الدِّخْلَةِ:** توي كېچىسى.

**دَخْمَسَ يُدَخْمِسُ دَخْمَسَةً:** ئالدىدى، ئالدامچىلىق قىلدى.

**دَخْمَسَةٌ:** ئالدامچىلىق، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك.

**دَخِنَ يَدْخَنُ دَخَنًا الطَّعَامُ:** تاماققا ئىس ئۆتۈپ قالدى، ئىس پۇراپ قالدى.

**دَخَنَتِ النَّارُ:** تۈتۈن چىقتى، ئىس چىقتى.

**دَخَنَتِ الْفِتْنَةُ:** پىتنە ـ پاسات يېيىلدى، پىتنە ـ پاسات تارقالدى.

**دَخِنَ يَدْخَنُ دَخْنَةً لَوْنُهُ:** رەڭگى قارايدى.

**دُخْنٌ:** تېرىق، سۆك.

**دَخْنٌ وَ دَخَنٌ:** ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت.

**دُخْنَةٌ ج دُخَنٌ:** ئىسرىق سېلىنىدىغان خۇش پۇراق نەرسىلەر، قارامتۇل نەرسە؛ دانىخورەك.

**دُخُولٌ:** كىرمەك، داخىل بولماق، بېسىپ كىرمەك.

**اَلدَّخَى:** زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق.

**دَخِيلٌ ج دُخَلَاءُ:** چەت ئەللىك، ياقا يۇرتلۇق، يات، ناتونۇش؛ چەت ئەلدە ئىشلەنگەن، سىرتتىن كەلگەن؛ سىرداش؛ ئىچكى سىر؛ نىيەت؛ كۆڭۈل.

**«هُوَ دَخِيلٌ فِي هَذِهِ الْقَبِيلَةِ وَلَيْسَ مِنْهَا فِي الْأَصْلِ»:** ئۇ بۇ قەبىلىگە سىرتتىن كىرگەن بولۇپ، ئەسلى ئۇ يەرلىك ئەمەس.

**«يَجِبُ أَنْ نَتَعَاوَنَ لِطَرْدِ الْمُسْتَعْمِرِ الدَّخِيلِ»:** يات مۇستەملىكىچىلىكنى قوغلاپ چىقىرىشتا بىر يەكدىن باش چىقىرايلى!

**لَفْظٌ دَخِيلٌ:** چەتتىن كىرگەن تىل، چەتتىن كىرگەن سۆز.

**دَاءٌ دَخِيلٌ:** ئىچكى كېسەل.

**دَخِيلَكَ:** مەرھەمەت، ئېغىر كۆرمىسىڭىز، خاپا بولمىسىڭىز، ياردەم قىلسىڭىز.

**لَاأَعْرِفُ دَخِيلَهُ:** ئۇنىڭ ئىچ سىرىنى بىلمەيمەن.

**فُلَانٌ دَخِيلُ الْأَمِيرِ:** پالانى ئەمىرنىڭ سىرداشى.

**دَخِيلَةٌ ج دَخَائِلُ:** ئىچى، ئىچكى تەرىپى، سىرى.

**دَخِيلَةُ الْمَرْءِ:** كىشىنىڭ سىرى، كىشىنىڭ نىيىتى، كىشىنىڭ كۆڭلى، كىشىنىڭ غەرەزى.

**دَخِيلَةُ الْأَمْرِ:** ئىشنىڭ سىرى، ئىشنىڭ ئىچكى تەرىپى.

**اَصْلِحْ دَخِيلَتَكَ:** كۆڭلۈڭنى پاك تۇت.

**دَخِيلَةُ الشَّخْصِ:** ئادەمنىڭ ئىچكى تەرىپى، شەخسىنىڭ سىرى.

**كَلِمَةٌ دَخِيلَةٌ:** چەتتىن كىرگەن تىل، چەتتىن كىرگەن سۆز.

**دَخَائِلُ الْأُمُورِ:** ئىچكى ئىشلار، ئىچكى ئەھۋال، ئىچكى.

**دَخِينَةٌ:** تاماكا، سىگارت، پاپروس.

**دَدٌ:** ئويۇن ـ كۈلكە؛ ۋاقىت.

**«مَا أَنَا مِنْ دَدٍ وَلَا الدَّدُ مِنِّي» «حديث»:** مەن

ئويۇن ـ كۈلكىگە مەنسۇپ ئەمەس، ئويۇن ـ كۈلكىمۇ ماڭا مەنسۇپ ئەمەس.

**اَلدَّدَانُ:** گال قىلىچ، ئىتتىك قىلىچ.

**دَدَنٌ:** ئويۇن ـ كۈلكە.

**دَرَابْزُون:** رىشاتكا، ۋادەك، سالاسۇن.

**دَرَابُكَّةٌ:** ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەن.

**اَلدَّرَّارَةُ:** يىك.

**دَرَارِئُ:** ئىسمى نامەلۇم چوڭ يۇلتۇزلار، پىلانېتىلار.

**دِرَاسٌ:** ئۇرۇش؛ سوقۇش.

**دُمُوعُ الرِّيَاءِ:** يالغان ياش، كىشى كۆرسۇن دەپ تۆككەن ياش.

**«ذَرَفَ دُمُوعًا حَرَّى»:** ئىسسىق ياش تۆكتى.

**دَمِعٌ:** يىغلاڭغۇ.

**دَمْعَانٌ:** تولغان، تاشقان.

**قَدَحٌ دَمْعَانٌ:** تولغان قەدەھ.

**دَمْعَةٌ:** بىر تامچە ياش.

**دِمْعَةٌ:** شورپا.

**قُنْبُلَةٌ دَمْعِيَّةٌ:** ياش ئاققۇزىدىغان بومبا.

**دَمَغَ يَدْمُغُ و يَدْمَغُ دَمْغًا الْحَقُّ الْبَاطِلَ:** ھەق باتىل ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

**«بَلْ نَقْذِفُ بِالْحَقِّ عَلَى الْبَاطِلِ فَيَدْمَغُهُ» ‹قرآن›:** بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ.

**دَمَغَ الْمَعْدِنَ أَوِ الْوَرَقَةَ:** مەدەنگە ياكى قەغەزگە مۆھۆر باستى، تامغا باستى، بەلگە سالدى.

**دَمَغَهُ:** ئۇنىڭ بېشىنى دىمىغىغىچە يېرىۋەتتى.

**دَمْغَةٌ ج دَمَغَاتٌ:** تامغا، مۆھۆر، بەلگە.

**دَمْغَةُ الْمَسْكُوكَاتِ:** ھۆكۈمەت تەرەپتىن مەدەنگە (كان) ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى، دەرىجىسىنى ئۆلچەپ قويۇلغان بەلگە.

**دَمَقَ يَدْمُقُ دُمُوقًا:** بېسىپ كىردى، ھۇجۇم قىلىپ كىردى.

**دَمَقَ يَدْمُقُ و يَدْمِقُ دَمْقًا الشَّيْءَ:** ئوغرىلىدى.

**دَمَقَ فَاهُ:** چىشىنى چۇشۇرىۋەتتى.

**دَمَقْ:** شىۋىرغان، چۇدۇن.

**اَلدِّمْقَاسُ:** تاۋار ـ دۇردۇن، گۈللۈك تاۋار، ئاق تاۋار.

**دِمَقْسٌ ج دِمْقَاسٌ:** تاۋار ـ دۇردۇن، گۈللۈك تاۋار، ئاق تاۋار.

**دَمَكَ يَدْمُكُ دَمْكًا الشَّيْءَ** نەرسىنى تالقان قىلدى، مەيدىلىدى، ئۇن قىلدى.

**دَمَكَ الْحَبْلَ:** ئارغامچىنى يەشتى.

**دَمَكَتِ الشَّمْسُ فِي الْجَوِّ:** قۇياش كۆتۈرۈلدى.

**اَلدَّمَكْمَكُ:** كۈچلۈك.

**دَمَلَ يَدْمُلُ دَمَلًا الْأَرْضَ:** يەرگە ئوغۇت بەردى، ئوغۇتلىدى.

**دَمَلَ الْجُرْحُ:** يارا ساقايدى، ئەسلىگە كەلدي.

**دَمَلَ بَيْنَ الْقَوْمِ:** قەۋمنىڭ ئارىسىنى تۈزدى.

**دَمْلَجَ يُدَمْلِجُ دَمْلَجَةً و دِمْلَاجًا الشَّيْءَ:** پۇختا ئىشلىدى؛ تەپ ـ تەكشى قىلدى، تۈز قىلدى.

**دُمْلُجٌ ج دَمَالِجُ:** بىلەيزۈك، خەلخال، پۇتقا ۋە قولغا سالىدىغان بىلەيزۈك.

**دَمْلَقَ يُدَمْلِقُ دَمْلَقَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى تۈزلىدى، سىلىق قىلدى.

**اَلدُّمْلَقُ:** يۇمۇلاق سىلىق تاش؛ (هايۋاننىڭ) تۇۋۇقى قاتارلىقلار.

**دَمْلَكَ يُدَمْلِكُ دَمْلَكَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى سىلىقلاتتى، يۇمۇلاق قىلدى.

**اَلدُّمْلُوجُ ج دَمَالِيجُ:** قولغا سالىدىغان بىلەيزۈك.

**اَلدُّمْلُوكُ ج دَمَالِكُ:** يۇمۇلاق سىلىق تاش.

**دَمَّ يَدُمُّ دَمًّا رَأْسَهُ:** بېشىنى يېرىۋەتتى.

**دَمَّ يَدُمُّ و يَدِمُّ دَمَامَةً الشَّخْصُ:** سەت بولدى، كۆرۈمسىز بولدى.

**دَمٌّ:** سىر، ماي، بوياق، رەڭ.

**دِمَمٌ:** سىر، ماي، بوياق.

**دَمَّاعٌ:** يىغلاڭغۇ.

**دُمَّاعٌ:** ياش.

**دِمَّةٌ:** چۈمۈلە؛ ماياق؛ پىت؛ مۈشۈك.

**دَمَّثَ يُدَمِّثُ تَدْمِيثًا:** تەييارلىدى، هازىرلىدى.

**«مَنْ كَذَبَ عَلَيَّ فَإِنَّمَا يُدَمِّثُ مَجْلِسَهُ مِنَ النَّارِ»** ‹حديث›: كىمىكى مېنىڭ نامىمدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇ ئۆزىگە دوزاختىن جاي هازىرلايدۇ.

**«دَمِّثْ لِجَنْبِكَ قَبْلَ النَّوْمِ مُضْطَجِعًا»** ‹مثل›: سۇ كېلىشتىن بۇرۇن توغان سال، ئىشتىن بۇرۇن تەييارلىق قىلغۇال.

**دَمَّثَ الشَّيْءَ بِيَدِهِ:** سىلىدى، ئۇۋۇلىدى.

**دَمَّجَ يُدَمِّجُ تَدْمِيجًا الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ:** كىرىشتۈردى، بىرلەشتۈردى.

**«دَمَّجَ فَصْلَيِ السَّنَةِ الثَّالِثَةِ فِي فَصْلٍ وَاحِدٍ»:** ئۈچىنچى يىللىقنىڭ ئىككى سىنىپىنى بىر سىنىپ قىلىپ بىرلەشتۈردى.

**دَمَّخَ يُدَمِّخُ تَدْمِيخًا الرَّأْسَ:** بېشىنى ساڭگىلاتتى.

**دَمَّرَ يُدَمِّرُ تَدْمِيرًا الشَّيْءَ** خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى، هالاك قىلدى.

**«تُدَمِّرُ كُلَّ شَيْءٍ بِأَمْرِ رَبِّهَا»** ‹قرآن›: ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ بىر ئەمرى بىلەن هەممە نەرسىنى هالاك قىلىدۇ.

**دَمَّسَ يُدَمِّسُ تَدْمِيسًا الشَّيْءَ:** يوشۇردى.

**دَمَّقَ يُدَمِّقُ تَدْمِيقًا الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ:** كىرگۈزدى.

**دَمَّقَ الْعَجِينَ:** خېمىرغا ئۇن قوشتى.

**دَمَّقَتِ السَّمَاءُ بِالْمَطَرِ:** سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى.

**دُمَّلٌ ج دَمَامِلُ:** چاقا، چىقان، جاراھەت.

**دُمَّلٌ صَغِيرٌ:** دانىخورەك، ئەسۋە.

**دَمَّمَ يُدَمِّمُ تَدْمِيمًا:** رەڭ بەردى، بوياق بەردى.

**دَمَّمَ الْبَيْتَ:** ئۆينى ئاقارتتى، ئاقلىدى.

**دَمَّى يُدَمِّي تَدْمِيَةً الْجُرْحَ:** يارىدىن قان ئاققۇزدى، قان چىقاردى.

**دَمَّى الثَّوْبَ:** كىيىمنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى، قىپقىزىل بويىۋەتتى.

**دَمَنَ يَدْمُنُ دَمْنًا الْأَرْضَ:** يەرنى ئوغۇتلىدى، ئوغۇت بەردى.

**دِمْنٌ:** قىغ، ئوغۇت.

**دِمْنَةٌ ج دِمَنٌ:** گەندە دۆۋىسى، قىغ دۆۋىسى، قالدۇق، تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئىز ـ نىشان.

**«رَحَلَتِ الْقَافِلَةُ وَلَمْ يَبْقَ إِلاَّ آثَارُ الدِّمَنِ»** : كارۋان كۆچۈپ كەتتى، ئۇلاردىن پەقەت ئىز ـ نىشانلا قالدى.

**دَمُوعٌ:** يىغلاڭغۇ.

**دَمُوقٌ:** بۇزۇق.

**دَمُوكٌ ج دُمُكٌ:** تېز! تېز.

**دَمَوِيٌّ:** قانلىق، قانغا ئائىت.

**دَمَوِيُّ الْمِزَاجِ:** قان خىلىتى غالىب مىجەزلىك، كۆپ قانلىق.

**رَجُلٌ دَمَوِيٌّ:** قان ئىچەر، قانخور، يىرتقۇچ.

**اَلْمَعْرَكَةُ الدَّمَوِيَّةُ:** قانلىق ئۇرۇش، قانلىق جەڭ.

**اَلدَّوْرَةُ الدَّمَوِيَّةُ:** قان ئايلىنىش.

**اَلْمَجَارِي الدَّمَوِيَّةُ:** قان تومۇرلىرى.

**دَمِيَ يَدْمَى دَمْيًا و دَمًى الْجُرْحُ:** يارا قانىدى، قان چىقتى.

**دُمْيَةٌ ج دُمًى:** رەسىم، ماي بوياق رەسىم، رەڭلىك رەسىم؛ بۇت؛ قونچاق، كىچىك ھەيكەل، ئويۇنچۇق.

**نِسَاءٌ كَالدُّمَى:** سۈرەتتەك ئاياللار.

**اَلدَّمِيثُ:** قۇملۇق؛ يۇمشاق جاي؛ يۇمشاق، مۇلايىم.

**اَلدَّمِيسُ:** كىرلىشىپ كەتكەن، كىر، يېپىلغان.

**دَمِيعٌ ج دَمْعَى و دُمَعَاءُ:** يىغلاڭغۇ ئادەم، ياشاڭغۇ ئادەم.

**اَلدَّمِيغُ:** بېشى دىمىغىغىچە يېرىلغان.

**اَلدَّمِيقُ:** كىرگۈزۈلگەن نەرسە.

**دَمِيمٌ ج دِمَامٌ :** سەت، كۆرۈمسىز، قەبىھ؛ پاكار، پاكىنەك.

**«لاَيُزَوِّجَنَّ أَحَدُكُمْ اِبْنَتَهُ بِدَمِيمٍ» ‹حديث›** : سىلەرنىڭ بىرىڭلار قىزىنى سەت كىشىگە بەرمىسۇن.

**دَمِيٌّ:** قانلىق، قانغا ئائىت.

**دَنَا يَدْنُو دُنُوًّا مِنْهُ أَوْ إِلَيْهِ أَوْ لَهُ:** يېقىن بولدى، يېقىنلاشتى.

**«ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى» ‹قرآن›** : ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى.

**«دَنَتِ الشَّمْسُ لِلْغَرْبِ»:** كۈن پاتاي دەپ قالدى.

**دَنَاءَةٌ:** پەسلىك، چاكىنىلىق، چۈپەيلىك.

**دَنَاوَةٌ:** يېقىن بولماق، يېقىنلاشماق.

**دَنَايَةٌ:** پەسلىك، چاكىنىلىق.

**دَنَأَ يَدْنَأُ دَنْؤًا دَنَاءَةً الشَّخْصُ:** پەسلەشتى، چاكىنىلاشتى.

**دُنْجُلٌ ج دَنَاجِلُ:** چاق، ئوق (چاقنىڭ ئوقى)

**دَنْدَشَ يُدَنْدِشُ دَنْدَشَةً:** شاراقشىدى، شاراقلىدى.

**دَنْدَنَ يُدَنْدِنُ دَنْدَنَةً الْمُغَنِّي:** غەزەلنى غىڭشىدى، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى.

**دَنْدَنَ الْقِطُّ:** مۈشۈك مىياڭلىدى.

**دَنْدَنَ الذُّبَابُ:** چىۋىن گىژىلدىدى.

**دِنْدِنٌ:** غوڭۇلدىغان ئاۋاز، گىژىلدىغان ئاۋاز.

**دِنْدِيٌّ ج دَنَادِيُّ:** كۈركە توخۇ.

**دَنِسَ يَدْنَسُ دَنَسًا الشَّيْءُ:** پاسكىنا بولدى، كىر بولدى، بۇلغاندى.

**دَنِسَ عِرْضُهُ:** نومۇسى بۇلغاندى.

**دَنِسَ ثَوْبُهُ:** كىيىمى كىرلەشتى.

**دَنَسٌ ج أَدْنَاسٌ:** پاسكىنا، مەينەت، كىر، قاسماق، توڭرا.

**بِلاَ دَنَسٍ:** كىرسىز.

**دَنِسٌ ج دَنِسُونَ:** مەينەت، پاسكىنا.

**دَنِفَ يَدْنَفُ دَنَفًا الشَّخْصُ:** كېسەل ئېغىرلاشتى، جان بېرىش ھالىتىگە يەتتى.

**دَنِفَ يَدْنَفُ دَنَفًا:** ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئاغرىدى، مۇھەببەت شەيداسى بولۇپ كېسەل بولدى.

**دَنِفٌ ج أَدْنَافٌ:** كېسىلى ئېغىر ئادەم، خەتەر ئىچىدە قالغان ئادەم؛ شەيدا، مەستانە، مۇھەببەت شەيداسى.

**دَنْفَشَ يُدَنْفِشُ دَنْفَشَةً:** كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارى-

دى.

**دَنَقَ يَدْنُقُ دَنُوقًا:** بېخىل بولدى، پېخسىق بولدى، پېخسىقلىق قىلدى.

**دَنِقَ يَدْنَقُ دَنَقًا و دَنِيْقًا:** توڭلاپ ئۆلدى، ئۈششۈپ ئۆلدى.

**دِنَمُو:** گېنېراتور، دىنام.

**دَنَّ يَدُنُّ دَنًّا الذُّبَابُ:** چىۋىن غوڭۇلدىدى.

**دَنَّ الشَّخْصُ:** سۆزىنى چۈشەنگىلى بولمىدى.

**دَنٌّ:** غوڭۇلدىغان ئاۋاز.

**دَنٌّ ج دِنَانٌ:** ياغاچ كۈپ، كومزەك، هاراق كۈپى.

**دَنَّانٌ ج دَنَّانُونَ:** كوزىچى، ساپالچى، كۈلالچى، كۈپ ياسىغۇچى.

**دَنَّرَ يُدَنِّرُ تَدْنِيْرًا وَجْهُهُ:** يۈزى نۇرلىنىپ كەتتى، يورىدى، پارقىراپ كەتتى.

**دَنَّرَ الثَّوْبَ:** رەختنى تىللا شەكىللىك كەشتىلىدى.

**دَنَّسَ يُدَنِّسُ تَدْنِيْسًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى كىر قىلىۋەتتى.

**دَنَّسَ ثَوْبَهُ:** كىيىمىنى مەينەت قىلىۋەتتى.

**دَنَّسَ عِرْضَهُ:** ئابروييىنى تۆكتى، نامىغا داغ چۈشۈردى.

**دَنَّقَ يُدَنِّقُ تَدْنِيقًا الْوَجْهُ:** يۈز قورۇلدى، سولاشتى.

**دَنَّنَ يُدَنِّنُ تَدْنِينًا الذُّبَابُ:** چىۋىن غوڭۇلدىدى.

**دَنَّى يُدَنِّي تَدْنِيَةً:** يېقىنلاشتۇردى، يېقىن قىلدى.

**دَنَّى نَفْسَهُ:** ئۆزىنى بۇلغىدى، ئۆزىنى چاكىنىلاشتۇردى، ئۆزىنى چۈشۈردى.

**دُنُوٌّ:** يېقىن بولماق، يېقىنلاشماق، يېقىنچىلىق قىلماق.

**دَنِيَ يَدْنَى دَنًا و دِنَايَةً:** پەسەيدى، تۆۋەنلىدى، چۈشتى.

**دُنْيَا ج دُنًى:** ئالەم، دۇنيا، جاهان، ئەڭ يېقىن.

**«بَلْ تُؤْثِرُوْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَاوَ الْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَى» «قرآن»:** سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر ، ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر.

**«وَلَقَدْ زَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَابِمَصَابِيْحَ» «قرآن»:** ( بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن ) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار ( يەنى يورۇق يۇلتۇزلار ) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى ( پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان ) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق....

**اَلدُّنْيَا الْقَدِيمَةُ:** كونا دۇنيا ، كونا قۇرۇقلۇق (ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئاۋىستىرالىيە)

**اَلدُّنْيَا الْجَدِيدَةُ:** يېڭى قۇرۇقلۇق ( ئامېرىكا قىتئەسى )

**ضَاقَتِ الدُّنْيَا فِى وَجْهِهِ:** دۇنيا كۆز ئالدىدا تار بولدى، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

**اِسْوَدَّتِ الدُّنْيَا فِي عَيْنَيْهِ:** ئۇنىڭغا ئۈستى - ئۈستىلەپ مۇسىبەت كەلدى، ئارقا - ئارقىدىن پالاكەت كەلدى، پېشكەللىككە ئۇچرىدى، كەينى - كەينىدىن بېشىغا كۈن چۈشتى.

**أَقَامَ الدُّنْيَا وَ أَقْعَدَهَا:** هەيۋە قىلدى، ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى، نۇرغۇن ئىشلارنى تىرىۋەتتى.

**دَخَلَ الدُّنْيَا:** توي قىلدى، ئۆيلەندى، دۇنياغا كەلدى.

**حَيَاةُ الدُّنْيَا:** دۇنيا تىرىكچىلىكى.

**«اَلْمَالُ وَالْبَنُونُ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا» «قرآن»:** ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر.

**دَنِيئٌ ج دُنَاءُ و أَدْنِيَاءُ:** چاكىنا، پەس، ناچار، رەزىل، نامەرد.

**دَنِيءُ النَّوْعِ:** ئوسال، ناچار، سۈپەتسىز، يامان، ئەسكى.

**دَنِيئَةٌ:** ناچار ئىشلار.

**دَنِيْنٌ:** غوڭۇلدىغان ئاۋاز.

**دُنْيَوِيٌّ. دُنْيَاوِيٌّ:** دۇنيالىق، دۇنياۋى، ئالەمشۇمۇل.

**«اَلْعُقُوبَةُ الدُّنْيَوِيَّةُلاَ تُسْقِطُ الْعُقُوبَةَالأُخْرَوِيَّةَ»:** بۇ دۇنيا جازالىرى بىلەن ئاخىرەت جازالىرى ساقىت بولمايدۇ.

**لَذَّاتٌ دُنْيَوِيَّةٌ:** دۇنيانىڭ هۇزۇر - هالاۋەتلىرى.

**دَنِيٌّ ج أَدْنِيَاءُ:** پەس، تۆۋەن، يېقىن.

**دَنِيَّةٌ ج دَنَايَا:** ئەخلاقسىزلىق، رەزىللىك، پەسكەشلىك.

**«اَلْمُؤْمِنُ يَبْتَعِدُ عَنِ الدَّنَايَا»:** مۆمىن ناچار ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ.

**دَهَاءٌ:** زېرەكلىك، چېچەنلىك، مەككارلىق، ئۇسۇل - چارە.

**ذُو دَهَاءٍ:** پەم - پاراسەتلىك، دانا، زېرەك، چېچەن، مەككار، ھىيلىگەر، تەدبىرلىك.

**مَاذَا دَهَاكَ:** بېشىڭغا نېمە ئىش كەلدى؟

**دِهَاقٌ:** لىقمۇ لىق، لىق، لەبىالەب، پەۋەس، تولدۇرۇلغان.

**«اِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا حَدَائِقَ وَاَعْنَابًا وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا وَكَأْسًا دِهَاقًا» «قرآن»:** شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ، باغلار، ئۈزۈملەردۇر، تەڭتۇش قىزلاردۇر، تولدۇرۇلغان جاملاردۇر.

**دِهَانٌ ج أَدْهِنَةٌ و دِهَانَاتٌ:** (ماشىنىلارنى سىلىقلاشتۇرىدىغان) ماي، سىر؛ قىزىل خۇرۇم، قىزىل تېرە، قىزىل كۆن، قىزىل چەم.

**«فَكَانَتْوَرْدَةًكَالدِّهَانِ» «قرآن»:** خۇددى قىزىل گۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ.

**دَهْدَهَ يُدَهْدِهُ دَهْدَهَةً الْحَجَرَ:** تاشنى دومىلاتتى، يۇمىلاتتى.

**دَهْدَهٌ ج دَهَادِهُ:** كىچىك تۆگە.

**دَهَرَ يَدْهَرُ دَهْرًا الْقَوْمُ:** بالا - قازاغا ئۇچرىدى.

**دَهْرٌ ج دُهُورٌ و أَدْهُرٌ:** زامان، دەۋر؛ ئادەت.

**«وقَالُوا مَاهِيَ اِلَّاحَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَايُهْلِكُنَا اِلَّا الدَّهْرُ» «قرآن»:** ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتىشى بىزنى يوق بولىمىز» دەيدۇ.

**«أَقَمْنَا فِي هَذَا الْبَيْتِ دَهْرًا»:** بىز بۇ ئۆيدە ئۇزۇن مۇددەت تۇردۇق.

**إِلَى دَهْرِ الدَّاهِرِينَ:** ئەبەدىي، مەڭگۈ.

**بَنَاتُ الدَّهْرِ:** بالا - قازا، بالايىئاپەت، بەختسىزلىك.

**تَصَارِيفُ الدَّهْرِ:** دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، دەۋرنىڭ قىسمەتلىرى.

**أَكَلَ عَلَيْهِ الدَّهْرُ وَشَرِبَ:** چىرىپ كەتتى.

**عَضَّهُ الدَّهْرُ بِنَابِهِ:** ئۇستى - ئۇستىلەپ مۇسىبەتكە يولۇقتى.

**دَهْرُ الْإِنْسَانِ:** ئۆمۈرۋايەت، بىر ئۆمۈر.

**لَاآتِيكَ أَبَدَا الدَّهْرِ:** ساڭا مەڭگۈ كەلمەيمەن.

**مَاكَذِبَ دَهْرَهُ:** ئۇ ھېچقاچان يالغان سۆزلىگىنى يوق.

**صُرُوفُ الدَّهْرِ:** زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى، زاماننىڭ ئېغىرچىلىقلىرى.

**«مَضَتْ دُهُورٌ دَهَارِيرُ»:** ئۇزۇن زامان ئۆتۈپ كەتتى.

**دَهْرَاءُ:** ئەبەدىل - ئەبەد، مەڭگۈ.

**دَهْرِيٌّ:** ئاتېئىست، دەھرى، خۇداسىز، دىنسىز.

**دُهْرِيٌّ:** قېرى، ياشىنىپ قالغان.

**دَهَسَهُ يَدْهَسُ دَهْسًا:** ئۇنى دەسسىۋەتتى.

**«دَهَسَتْهُ السَّيَّارَةُ»:** ئۇنى ماشىنا بېسىۋالدى، بېسىۋەتتى.

**دَهِسَ يَدْهَسُ دَهَسًاالْمَكَانُ:** جاي تۇپتۈز بولدى، تەكشى بولدى.

**دَهْسٌ ج أَدْهَاسٌ:** تۈز يەر، تۈزلەڭ.

**مَكَانٌ دَهِسٌ:** تۈز يەر، تەكشى يەر.

**دُهْسَةٌ:** ئاچ قىزىل، قىزغۇچ.

**دَهَشَهُ يَدْهَشُ دَهْشًا الْأَمْرُ:** ھەيران قالدۇردى، ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

**دَهِشَ يَدْهَشُ دَهَشًا الشَّخْصُ:** چۆچۈپ كەتتى، ھودۇقۇپ كەتتى، تېڭىرقاپ قالدى.

**«لَقَدْ دَهِشَ كُلٌّ وَاحِدٍمِنَّا عِنْدَمَاسَمِعَ هَذَا الْخَبَرَ»:** بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھاڭ - تاڭ قالدۇق.

**دُهِشَ الرَّجُلُ مِنْ كَذَا أَوْلِكَذَا:** قاتتىق چۆچىدى.

**دَهِش. دَهْشَانٌ:** تېڭىرقاپ قالغۇچى، ھەيران قالغۇچى.

**دَهْشَةٌ ج دَهْشَاتٌ:** ھەيرانلىق، قورقۇنچ،

دەھشەت.

«اِسْتَوْلَتْ عَلَيْهِ الدَّهْشَةُ» : ئۇنىڭغا ھەيرانلىق يۈزلەندى.

دَهَقَ يَدْهَقُ دَهْقًا السَّاقِي الْكَأْسَ: ساقى رومكىنى تولدۇردى.

دَهَقٌ: تولدۇرماق.

دُهْقَانٌ ج دَهَاقِنَةٌ وَ دَهَاقِينُ: يېتەكچى، رەھبەر، شەھەر باشلىقى؛ سودىگەر؛ ئۆلكە ياكى ۋىلايەتنىڭ باشلىقى.

دُهْقَانُ الْقَرْيَةِ: كەنت باشلىقى.

دَهَاقِينُ السِّيَاسَةِ: سىياسىي داھىلار، سىياسىي ئەربابلار، سىياسىي يېتەكچىلەر.

دَهَكَ يَدْهَكُ دَهْكًا الشَّيْءَ: ئەزدى، ئېزىپ مىجىقىنى چىقاردى.

دِهْلِيزٌ ج دَهَالِيزُ: كارىدور، دەھلىز، ئايۋان، ئۆزۈن كارىدور.

اِبْنُ الدَّهْلِيزِ: تاشلىۋېتىلگەن بالا.

دَهِمَهُ يَدْهَمُ دَهْمًا الْأَمْرُ: ئۇشتۇمتۇت يولۇقتى، تاسادىپىي ۋەقەگە يولۇقتى.

دَهِمُوا فُلَانًا: بىراقلا يىغىلىپ كەلدى.

دَهِمَ يَدْهَمُ دُهْمَةً الْفَرَسُ: ئات قارا بولدى.

دَهْمَاءُ: ئاممىسى، پۇقرا؛ قارامتۇل.

دُهْمَةٌ: قارا، قاراڭغۇ.

دَهْمَقَ يُدَهْمِقُ دَهْمَقَةً الشَّيْءَ: چاقتى، پاچاقلىدى، سۇندۇردى.

دَهَنَ يَدْهُنُ دَهْنًا الشَّعْرَ: چاچنى مايلىدى.

دَهَنَ الشَّيْءَ: سىرلىدى.

دَهَنَ الْمَطَرُ الْأَرْضَ: يامغۇر يەرنى ھۆل قىلىۋەتتى.

دَهَنَ الرَّجُلُ اِبْنَهُ بِالْعَصَا: ئوغلىنى تاياق بىلەن ساۋىدى.

فُلَانٌ يُدْهَنُ مِنْ قَارُورَةٍ فَارِغَةٍ: كازازاپ، يالغانچى.

دُهْنٌ ج دُهُونٌ: ھايۋانات مېيى، ئۆسۈملۈك مېيى، ماي ماددىسى.

دُهْنُ اللَّحْمِ: گۆشنىڭ مېيى.

«هَذَا الطَّبَقُ مِنَ اللَّحْمِ كَثِيرُ الدُّهْنِ» : بۇ تەخسىدىكى گۆش مايلىق ئىكەن.

«وَشَجَرَةً تَخْرُجُ مِنْ طُورِ سَيْنَاءَ تَنْبُتُ بِالدُّهْنِ وَ صِبْغٍ لِلْآكِلِينَ» «قۇرئان» : (شۇ يامغۇر بىلەن) تۇرسىنادىن چىقىدىغان (زەيتۇن) دەرىخىنى (ئۆستۈرۈپ بەردۇق) يېگۈچىلەر (نانلىرىنى) مايلايدۇ.

دُهْنَاءُ ج دُهْنَاوَاتٌ: قۇملۇق.

دَهْنَجٌ: يېشىل تاش، مالاخىت، يىرلىيانت، ئالماس.

دُهْنِيَاتٌ: ياغ، ماي، ئۆچ ماي.

دُهْنِيٌّ: ياغلىق، مايلىق.

شَعْرٌ دُهْنِيٌّ: مايلىق چاچ.

غُدَّةٌ دُهْنِيَّةٌ: ماي بېزى.

«لَا تُكْثِرْ مِنْ أَكْلِ الْمَوَادِّ الدُّهْنِيَّةِ» : مايلىق نەرسىلەرنى كۆپ يېمىگىن.

دَهَّانٌ: سىرچى، مايچى، ياغچى؛ نەققاش.

دَهَّشَ يُدَهِّشُ تَدْهِيشًا : چۆچۈتىۋەتتى، ھودۇقتۇرۇۋەتتى، ھەيران قالدۇردى.

دَهَّنَ يُدَهِّنُ تَدْهِينًا: مايلىدى، ماي سۈردى.

دَهَّى يُدَهِّي تَدْهِيَةً فُلَانًا: پالاننى ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھېسابلىدى، چوڭقۇر پىكىرلىك ھېسابلىدى.

دَهْوَرَ يُدَهْوِرُ دَهْوَرَةً الشَّيْءَ: چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتتى، چۈشۈرۈۋەتتى.

دَهْوَرَ الْحَائِطَ: تامنى ئۆرۈۋەتتى.

دَهِيَ يَدْهَى دَهَاءً الشَّخْصُ: ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى، چوڭقۇر پىكىرلىك بولدى.

دَهِيَ يَدْهَى دَهْيًا وَ دَهَاءَةً وَ دَهَاءً: چوڭقۇر پىكىرلىك بولدى، ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان بولدى.

دُهَيْمٌ: ئاپەت، ھادىسە، مۇسىبەت، ئەخمەق.

دَهِينٌ: ئالدانغان؛ ئاجىز؛ سۈتى ئاز تۆگە.

دَهِينَةٌ: يۇز ماي، مەلھەم.

دَوَاءٌ ج أَدْوِيَةٌ: دورا، داۋالاش.

مَوْضِعُ الْأَدْوِيَةِ: دورىخانا، ئاپتېكا.

«لِكُلِّ دَاءٍ دَوَاءٌ إِلَّا الْمَوْتَ» «حديث» : ئۆلۈم-

دىن باشقا ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ دورىسى بار.

دَوَائِيٌّ: دورىنىڭ، دورىغا ئائىت.

دَوَاةٌ ج دَوَيَاتٌ وَ دَوِيٌّ: دۇۋەت، سىياھ قۇتىسى.

دُوَادٌ: كىچىك قۇرت.

دُوَارُ الرَّأْسِ: باش قېيىش.

دُوَارُ الْبَحْرِ: پاراخوتتا باش قېيىش.

«أُصِيبَ بِدُوَارِ الْبَحْرِ» : دېڭىزدا بېشى قايدى.

دُوَارُ الْهَوَاءِ: ئايروپىلاندا باش قېيىش.

اَلدَّوَالِي: ۋېنا ئۆسمىسى.

دَوَالَيْكَ: قايتا ـ قايتا، تەكرار.

فَعَلْنَا ذَلِكَ دَوَالَيْكَ: ئۇ ئىشنى قايتا ـ قايتا ئىشلىدۇق.

دَوَامٌ: بەلگىلەنگەن ئىش ۋاقتى، داۋاملىق، مەڭگۈ-لۈك، ھەمىشە، داۋاملاشماق، ئۈزلۈكسىز.

«يَجِبُ أَنْ يَلْتَزِمَ الْجَمِيعُ بِمَوَاعِيدِ الدَّوَامِ الرَّسْمِيِّ» : ھەممەيلەن رەسمىي خىزمەت ۋاقتىغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

دَفْتَرُ الدَّوَامِ: ئىشقا چىققىشنى تىزىملاش دەپتە-ىرى، يوقلىما دەپتىرى.

أَضْرَبَ عَنِ الدَّوَامِ: قاتناشمىدى.

خَارِجُ أَوْقَاتِ الدَّوَامِ: خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىت، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىت.

دَوَامٌ كَامِلٌ: ئەتىگەندىمۇ، ئاخشامدىمۇ ئىشلەش.

نِصْفُ دَوَامٍ: پەقەت ئەتىگەندە ياكى كەچتە ئىشلەش.

دَوَامًا. عَلَى الدَّوَامِ: ئۈزلۈكسىز، ھەمىشە، داۋام-لىق، مەڭگۈ.

اَلدَّوَامُ لِلَّهِ: مەڭگۈلۈك ئاللاھقا خاس.

دَوَايَةٌ: دۇۋەت، سىياھ قۇتىسى.

دُوبَارَةٌ: شوينا، چىگە، يىپ؛ ئالدامچىلىق.

دَوْبَلٌ ج دَوَابِلُ: چوشقا كۈچىكى، توڭگۇز كۈچى-كى.

دَوْخَةٌ ج دَوْخَاتٌ: باشنىڭ قېيىشى، باشنىڭ ئايلىنىشى.

دَوْخَةُ الْبَحْرِ: پاراخوتتا باش قېيىش.

دَوْخَةُ الْهَوَاءِ: ئايروپىلاندا باش ئايلىنىش.

دَوْدَحٌ: سېمىز ھەم دىقماق، پاكار، دوغلاق.

دُودَةٌ ج دُودٌ وَدِيدَانٌ: قۇرت، ھاشارات، لىچىنكا.

دُودَةُ الْأَرْضِ : سازاڭ.

دُودَةٌ ثُعْبَانِيَّةٌ: بۇغداي قۇرتى.

دُودَةُ الْحَرِيرِ أَوِ الْقَزِّ: پىلە قۇرتى، يىپەك قۇرتى.

دُودَةُ الْقِرْمِزِ: قىزىل بوياق بېرىدىغان ھاشارات.

دُودَةٌ قَرَنْفُلِيَّةٌ: كېۋەز قىزىل كۆسەك قۇرتى.

دُودَةُ الْقَرْعِ: تۇتۇ قۇرتى، چۇچۇك قۇرتى.

دُودَةُ الْعَلَقِ: سۇ زۇلۇكى.

حَشِيشَةُ الدُّودَةِ: داستار باش.

دُودَةُ الْجُبْنِ: چىۋىن قۇرتى، چىۋىن لىچىنكىسى.

دُودَةٌ خَيْطِيَّةٌ: سازاڭسىمان مەددە، ئاسكارىدا.

دُودَةُ الشَّرِيطِ: تاسما قۇرت.

دُودَةُ اللَّوْزِ: يېشىل قۇرت، (غوزا قۇرتى)

دُودَةُ الْقُطْنِ: غوزا قۇرتى.

دُودَةُ الْأَمْعَاءِ: مەددە قۇرت.

دُودِيٌّ: قۇرتلۇق، قۇرتقا ئوخشاش.

اَلزَّائِدَةُ الدُّودِيَّةُ: سوقۇر ئۈچەي، قارىغۇ ئۈچەي.

اِلْتِهَابُ الزَّائِدَةِ الدُّودِيَّةِ: سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى.

دَوْرٌ ج أَدْوَارٌ: بىر قېتىم، بىر مەررە، نۆۋەت، بىر ۋاقىت، مەزگىل، دەۋر، يۇمۇلاق؛ دەرىجە؛ پۇرسەت؛ رول؛ قەۋەت.

«اِنْتَظِرْ قَلِيلًا حَتَّى يَأْتِيَ دَوْرُكَ» : نۆۋىتىڭ كەلگىچە بىرئاز كۈتكىن.

«مَنْ يَلْعَبُ الدَّوْرَ الرَّئِيسِيَّ فِي هَذَا الْفِيلْمِ؟» : بۇ فىلىمدە كىم باش رول ئوينايدۇ ؟

«لَيْسَ دَوْرِي فِي الْمُنَاوَبَةِ غَدًا بَلْ دَوْرُه» : ئەتە مېنىڭ دىجورنىلىق نۆۋىتىم ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ نۆۋىتى.

دَوْرُ اللَّيْلِ وَ النَّهَارِ: كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشى، كېچىلىك ئىسمىنا ۋە كۈندۈز-لۈك ئىسمىنا.

**بِالدَّوْرِ:** نۆۋەت بىلەن، نۆۋەتلىشىپ.

**«خُذْ دَوْرَكَ فِي الصَّفِّ»:** ئۆچرەتتىكى نۆۋىتىڭنى ئېگىلىگىن.

**دَوْرُ انْعِقَادِ الْبَرْلَمَانِ:** پارلامېنت يىغىنى.

**دَوْرُ الطَّلِيعَةِ:** ئاۋانگارتلىق رول.

**دَوْرُ الْمُبَادَرَةِ الذَّاتِيَّةِ:** سۇبيېكتىپ ئاكتىپلىق رولى.

**لَعِبَ دَوْرَةً فِي ...:** ...دە رول ئالدى، ...دە رول ئوينىدى.

**«حَفِظَ الْمُمَثِّلُ دَوْرَهُ جَيِّدًا»:** ئارتىس رولىنى ئوبدان ئالدى.

**«قَامَ الْمُسْلِمُونَ بِدَوْرِهِمْ فِي خِدْمَةِ الْحَضَارَةِ الْإِنْسَانِيَّةِ»:** مۇسۇلمانلار ئىنسانلار مەدەنىيىتى خىزمىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

**دَوْرٌ مِنْ مَنْزِلٍ:** بىنانىڭ قەۋىتى.

**«أُقِيمُ بِالدَّوْرِ الثَّانِي مِنْ هَذَا الْمَبْنَى»:** بۇ بىنانىڭ 2 ـ قەۋىتىدە تۇرىمەن.

**دَوَرَانٌ:** ئايلىنىش، دەۋر قىلىش.

**دَوَرَانُ الْأَرْضِ حَوْلَ الشَّمْسِ:** زېمىننىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشى.

**دَوْرَةٌ ج دَوْرَاتٌ:** ئايلىنىش، چۆرگىلەش، دەۋر قىلىش، پىرقىراش، مەزگىل (يىغىننىڭ) قېتىملىقى، مۇددەت.

**اَلدَّوْرَةُ التَّاسِعَةُ وَالْعِشْرُونَ لِلْجَمْعِيَّةِ الْعَامَّةِ لِلْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 29 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى.

**اَلدَّوْرَةُ الدَّمَوِيَّةُ:** قان ئايلىنىش.

**دَوْرَةُ الْمِيَاهِ:** سۇخانا، يۇيۇنۇش ئۆيى، تازىلىق ئۆيى، ھاجەتخانا.

**دَوْرَةُ الْمِيَاهِ لِلرِّجَالِ:** ئەرلەر ھاجەتخانىسى.

**دَوْرَقٌ ج دَوَارِقُ:** شىشە، بوتۇلكا، سۈيۈقلۇق ئۆلچەيدىغان چوم؛ ئىككى تۇتقۇچلۇق كوزا، زاھىدلار كىيىۋالىدىغان بىر خىل كۇلا.

**اَلدَّوْرَقِيُّونَ:** كۇلالىق زاھىدلار.

**دَوْرِيٌّ:** مەزگىللىك، مەۋسۇملۇك، پەسىللىك، مۇددەتلىك، قەرەللىك.

**دُورِيٌّ:** قۇشقاچ؛ قارلىغاچ؛ ئادەم.

**مَا فِي الدَّارِ دُورِيٌّ:** ئۆيدە ھېچ ئادەم يوق.

**دَوْرِيَّةٌ ج دَوْرِيَّاتٌ:** چارلاش ئەترىتى.

**اَلْحُمَّى الدَّوْرِيَّةُ:** ئارىلاپ تۇتىدىغان قىزىتما.

**رِيحٌ دَوْرِيَّةٌ:** مەۋسۇملۇك شامال، پەسىللىك بوران.

**نَشْرَةٌ دَوْرِيَّةٌ:** پەسىللىك ژۇرنال.

**اَلدَّوْرِيَّةُ:** جىبسەكچىلىك قىلىش، قوغدىغۇچى ساقچىلار، چارلىغۇچى.

**اَلدُّوزَانُ:** تارىلىق چالغۇ ئەسۋاب.

**دَوْزَنَ يُدَوْزِنُ دَوْزَنَةً آلَةَ الطَّرَبِ الْوَتَرِيَّةِ:** تارىلىق مۇزىكا ئەسۋابىنى چالدى، تەڭشىدى.

**اَلدَّوْسَرُ:** يولۋاس؛ چوڭ تۆگە؛ كونا نەرسە؛ بۇغداي بىلەن بىرگە ئۆسىدىغان ئارپا.

**اَلدَّوْسَرِيُّ:** توم، قوپال.

**دُوسِيَّةٌ ج دُوسِيَّاتٌ:** ئارخىپ خالتىسى، ماتېرىيال ياكى ھۆججەت خالتىسى.

**دَوِشَ يَدْوَشُ دَوَشًا:** كۆزى قاراڭغۇلاشتى، كۆز ئاجىزلاشتى، ئالىغاي بولدى.

**دَوِشَتْ عَيْنُهُ:** كۆزىگە كېسەل يەتتى.

**اَلدَّوَشُ:** كۆزى قاراڭغۇلاشماق، كۆزى ئاجىزلاشماق، كۆزى ئالىغاي بولماق.

**دَوَّقَ:** ئارىلاشتۇرماق، قوچماق.

**اَلدُّوقُ:** ئەخمەقلىق؛ ياۋروپادا بۇرۇن قوللىنىلىدىغان بىر خىل شەرەپ ئۇنۋانى.

**اَلدَّوْقَةُ:** ئەخمەقلىق، بۇزۇقلۇق.

**اَلدَّوْقَانِيَّةُ:** ئەخمەقلىق، بۇزۇقلۇق.

**اَلدَّوْقَرَةُ:** تاغ ئارىسىدىكى تاقىر يەر.

**اَلدَّوْقَعَةُ:** نامراتلىق، خورلۇق، خارلىق.

**دَوْقَلُ الْمَرْكَبِ الشِّرَاعِيِّ:** يەلكەن خادىسى، ماشتا.

**دَوْكَةٌ:** ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەن.

**وَقَعَ الْقَوْمُ فِي دَوْكَةٍ:** قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى.

**اَلدُّوكَةُ:** يامانلىق، ئۇرۇش ـ تالاش، كېسەللىك، دۈشمەنلىك.

**اَلدَّوْكَسُ:** كۆپ چارۋا، يولۋاس.

**دُولَابٌ ج دَوَالِيبُ:** چاق (ماشىنا، هارۋىلارنىڭ) ئىستانوك، غالتەك؛ ئىشكاپ، چاۋن.

**دُولَابُ كُتُبٍ:** كىتاب ئىشكاپى.

**دُولَابُ الْمَاءِ:** سۇ چىغرىقى، سۇ چاقپىلىكى.

**دَوْلَةٌ ج دُوَلٌ وَدِوَلٌ:** زاماننىڭ ئۆزگىرىشى؛ دەۋرنىڭ ئايلىنىشى؛ دۆلەت، هۆكۈمەت، سۇلالە، خاندانلىق، خانلىق؛ پۇل ـ مال؛ كىندىك.

**أَرْكَانُ الدَّوْلَةِ:** دۆلەت ئەربابلىرى.

**مَجْلِسُ الدَّوْلَةِ:** دۆلەت سوۋېتى، سىياسىي بىرو، مىللىي مەجلىس.

**دَوْلَةٌ ذَاتُ أَوْلَوِيَّةٍ:** ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت.

**اَلدَّوْلَةُ الْعَلِيَّةُ:** ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى تۈركىيە هۆكۈمىتى.

**دَوْلَةُ الْحَرِيمِ:** ئاياللار سىياستى.

**دُوَلُ الْمِحْوَرِ:** ئوق مەركىزى بولغان دۆلەتلەر.

**دُوَلُ الْإِئْتِلَافِ:** ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، كېلىشىم تۈزگەن دۆلەتلەر.

**صَاحِبُ الدَّوْلَةِ:** دۆلەت باشلىقلىرى، زۆڭلى قاتار- لىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان هۆرمەت سۆزى (ئالىيلىرى).

**اَلدُّوَلُ الْعُظْمَى:** چوڭ دۆلەتلەر.

**دَوْلَةٌ ج دُوَلَاتٌ:** ئايەت، بالا، بەختسىزلىك؛ پالاكەت.

**دَوْلَيْكَ:** قايتا، تەكرار.

**دُوَلِيٌّ:** خەلقئارا، خەلقئارالىق، دۆلەتلەر ئارا.

**دُوَلِيَّةٌ:** ئىنتېرناتسىئونالىزم.

**اَلدُّوَلِيَّةُ:** خەلقئارا.

**دَوْمٌ:** داۋاملىق، ئۇزاق مۇددەتلىك؛ ھەمىشە، ئەبەدى ؛ پالما دەرىخى ؛ پالما مېۋىسى.

**«نَعْمَلُ دَوْمًا بِنَصَائِحِ الْأَسَاتِذَةِ» :** بىز دائىم ئۇستازلارنىڭ نەسىھەتى بويىچە ئىشلەيمىز.

**دُومَانُ الْمَرْكَبِ:** پاراخوتنىڭ رولى.

**دُونَ:** ... دىن باشقا، غا يەتمەيدۇ، ... نىڭ ئالدىدا، ... نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ... دىن تۆۋەن، ... نىڭ ئاستىدا، كۆرە... غىچە.

**«فُلَانٌ دُونَ خَمْسِ سَنَوَاتٍ» :** ئۇنىڭ يېشى بەش ياشتىن تۆۋەن (ئۇ بەش ياشقا توشمىدى).

**«يَغْفِرُ اللّٰهُ مَادُونَ الْكَبَائِرِ» :** ئاللاھ چوڭ گۇناھلاردىن باشقىسىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

**دُونَ أَنْ يَنْتَبِهَ لَهَا:** ئۇنىڭغا دىققەت قىلماستىن.

**«دُونَ قَدَمِكَ بِسَاطٌ» :** قەدىمىڭ ئاستىدا سېلىنچا بار.

**«جَلَسَ الْوَزِيرُ دُونَ الْأَمِيرِ» :** ۋەزىر ئەمىرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى.

**دُونَكَ:** ئالغىن، ئاله، تۇته، مە، ئال.

**دُونَكَ الْكِتَابَ:** كىتابنى ئالغىن.

**حَالَ دُونَ:** توسقۇنلۇق قىلدى، دەخىل قىلدى، توسالغۇ بولدى.

**دُونَ أَدْنَى تَأْخِيرٍ:** قىلچە كېچىكتۈرمەستىن.

**مَاتَ دُونَ أَنْ يَكْتُبَ الْوَصِيَّةَ:** ۋەسىيەت يازماستىن قازا قىلدى.

**«تَرَكَ الْمُشْكِلَةَ كَمَا هِيَ دُونَ حَلٍّ» :** مەسىلىنى ھەل قىلماي ئۆز پېتىچە تاشلاپ قويدى.

**دُونَ الْمَقْعَدِ هِرٌّ:** ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا مۈشۈك بار.

**رَأَى الطَّرِيقَ دُونَهُ:** يولنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كۆردى.

**مَشَى دُونَ أَنْ يَتْعَبَ:** چارچىماي ماڭدى.

**دُونَ النَّجَاحِ صُعُوبَاتٌ:** مۇۋەپپەقىيەتتىن بۇرۇن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار.

**هُوَ دُونَهُ مَرْتَبَةً:** ئۇنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەن.

**هُوَ دُونَ عِشْرِينَ سَنَةً:** ئۇنىڭ يېشى 20 دىن تۆۋەن.

**اَلسَّمَاءُ دُونَكَ:** ئاسمان ئۈستۈڭدە.

**بِدُونِ، مِنْ دُونِ:** يوق، ... سىز، ئەمەس، ... دىن باشقا.

**بِدُونِ أَنْ:** بۇندىن باشقا.

**دُونَمَا:** ... دىن باشقا، ... دىن تاشقىرى.

www.uyghurkitap.com

**دُونٌ:** پەس، تۆۋەن، ئەرزىمەس، ھەقىر، ئارقىسى.

**رَجُلٌ دُونٌ:** ئەرزىمەس ئادەم، چاكىنا ئادەم، قاتاردا يوق ئادەم.

**شَيْءٌ دُونٌ:** ئەرزىمەس نەرسە.

**دُونْدُورْمَةٌ:** ماروژنا، مۇزكالتەك.

**دَوَّارٌ:** كۆپ چۆرگىلىگۈچى، كۆپ ئايلانغۇچى.

**بَائِعٌ دَوَّارٌ:** سەييارە مال ساتقۇچى.

**كُرْسِيٌّ دَوَّارٌ:** ئايلانما ئورۇندۇق.

**دَوَّارٌ ج دَوَّارَاتٌ:** يېزىدىكى چوڭ ئايۋان ـ ساراي.

**دَوَّاسٌ:** قەھرىمان، باتۇر يولۋاس؛ كۈركە توخۇ.

**دَوَّاسَةٌ ج دَوَّاسَاتٌ:** پېدال، باسقۇچ، تەپكۈچ؛ ئاياغ، سۈرتىدىغان كىچىك پالاز.

**دَوَّاسَةُ الْآلَةِ:** باسقۇچ، پېدال.

**دَوَّامَةٌ ج دَوَّامَاتٌ:** قايىنام؛ نۇر؛ پىلدىراق، غىرغىرەك.

**فُلَانٌ يَعِيشُ فِي دَوَّامَةٍ:** دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ياشايدۇ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ.

**دَوَّامَةُ الْمَآءِ:** قايىنام.

**دَوَّخَ يُدَوِّخُ تَدْوِيخًا الشَّخْصَ:** ھالسىزلاندۇردى.

**«دَوَّخَنِي الْعَمَلُ الْكَثِيرُ» :** خىزمەتنىڭ كۆپلۈكى مېنى ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

**دَوَّخَ الْبِلَادَ:** دۆلەتلەرنى بويسۇندۇردى، باش ئەگدۈردى.

**دَوَّخَ الرَّأْسَ:** بېشىنى قايدۇردى.

**«دَوَّخَتِ الطَّائِرَةُ رَأْسَهُ» :** ئايروپىلان ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇردى.

**دَوَّدَ يُدَوِّدُ تَدْوِيدًا الطَّعَامُ :** ئاشلىق قۇرتلاپ قالدى، قۇرت چۈشتى.

**دَوَّرَ يُدَوِّرُ تَدْوِيرًا الْكَعْكَةَ:** پېچىنىنى يۇمۇلاقلىدى، پېچىنىگە زۇۋۇلا تۇتتى.

**دَوَّرَالْآلَةَ:** ماشىنىنى چۆرگىلەتتى.

**دَوَّلَ يُدَوِّلُ تَدْوِيلًا الْقَنَاةَ:** قانالنى خەلقئارالاشتۇردى.

**دَوَّمَ يُدَوِّمُ تَدْوِيمًا الطَّائِرُ فِي الْهَوَاءِ:** قۇش ھاۋادا ئايلاندى، پەرۋاز قىلدى.

**دَوَّمَ الْخَمْرُ بِشَارِبِهَا :** ھاراق مەست قىلىپ بېشىنى ئايلاندۇردى.

**دَوَّمَتِ السَّمَاءُ:** يامغۇر ياغدى.

**دَوَّمَ عِمَامَتَهُ:** سەللىسىنى يۆگىدى.

**دَوَّمَ الزَّعْفِرَانَ فِي الْمَاءِ:** زەپەرنى سۇغا ئارىلاشتۇردى، ئېرىتتى.

**دَوَّمَ الْقِدْرَ:** قايناتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇپ توختاتتى.

**دَوَّنَ يُدَوِّنُ تَدْوِينًا الْكُتُبَ:** خاتىرە يازدى، خاتىرىلىدى، تىزىملىدى، توپلىدى؛ رەتلىدى.

**دَوَّنَ التَّارِيخَ:** تارىخ يازدى.

**دَوَّنَ الدِّيوَانَ:** ئارخىپ تۇرغۇزدى؛ شېئىر توپلىمى تۈزدى.

**دَوَّنَ شَرْطًا :** شەرتنامە تۈزدى.

**دَوَّى يُدَوِّى تَدْوِيَةً الرَّعْدُ:** گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.

**دَوَّى الطَّائِرُ:** قۇش ئەگىدى.

**دَوِيَ يَدْوَى دَوًى:** ئاغرىپ قالدى، كېسەل بولدى.

**دَوِيَ صَدْرُهُ:** غۇم ساقلىدى، ئۆچمەنلىك ساقلىدى.

**دُوَيْبَةٌ ج دُوَيْبَاتٌ:** قۇرت ـ قوڭغۇز، ھاشارات.

**دُوَيْدٌ:** كىچىك ھاشارات، كىچىك قۇرت.

**دُوَيْلَةٌ:** كىچىك دۆلەت.

**دَوِيٌّ:** چاقماق ئاۋازى، گۈلدۈرماما ئاۋازى.

**دَوِيُّ الصَّوْتِ:** سادا، ئەكس سادا.

**«تَسْمَعُ دَوِيَّ صَوْتِهِ وَلَا تَفْقَهُ مَا يَقُولُ» «حديث» :** ئۇنىڭ ساداسىنى ئاڭلايسەن، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايسەن.

**دَوِيٌّ مِنَ الْأَمَاكِنِ:** سالامەتلىككە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جاي.

**دَوِيٌّ مِنَ الْأَمْرَاضِ:** قاتتىق كېسەل.

**مَا فِي الدَّارِ دَوِيٌّ:** قورۇدا ھېچ ئادەم يوق.

**دَيَاجٍ «الدَّيَاجِي» :** قاراڭغۇلۇق.

**دِيَاسَةٌ:** خامان تەپمەك، شال سوقماق.

**دِيَانَةٌ:** دىن، ئېتىقاد، دىيانەت، ئەقىدە.

**«دِيَانَتِي الْإِسْلاَمُ»** : مېنىڭ دىنىم ئىسلام دىنىدۇر.

**دِيْبَاجٌ ج دَيَابِيْجُ:** يىپەك رەخت، تاۋار ـ دۇردۇن.

**دِيْبَاجَةٌ ج دَيَابِيْجُ و دَبَابِيْجُ:** سۆز بېشى، كىرىش سۆز؛ يۈز، ئەپت ـ بەشىرە، چىراي، تەلەت، قىياپەت.

**«لِهَذِهِ الْقَصِيدَةِ دِيبَاجَةٌ حَسَنَةٌ»** : بۇ قەسىدىنىڭ مۇقەددىمىسى چىرايلىقتۇر.

**دِيْبَاجَةُ الْكِتَابِ:** كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى، كىتابنىڭ كىرىش سۆزى.

**دِيَةٌ ج دِيَاتٌ:** دىيەت، خۇن ھەققى ، تۆلەم ، (قاتىل ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تەرەپكە بېرىدىغان تۆلەم).

**دَيْجَاةٌ ج دَيَاجٍ:** قاراڭغۇ، جاھالەت، نادانلىق.

**دَيْجُوجٌ ج دَيَاجِيْجُ:** قاراڭغۇ، قاراڭغۇ زۇلمەت.

**لَيْلٌ دَيْجُوجٌ:** قاراڭغۇ كېچە، زۇلمەتلىك كېچە.

**دَيْجُورٌ ج دَيَاجِيْرُ:** قاراڭغۇ زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق؛ قارا تۇپراق، قارا چوڭ توزان.

**«مَاتَزَالُ بَعْضُ الشُّعُوبِ تَعِيشُ فِي دَيَاجِيرِ الظَّلاَمِ»** : بەزى مىللەتلەر ھېلىمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشىماقتا.

**دِيْدَانٌ:** پارازىت قۇرت، تەييارتاپ قۇرت (پىت، چۈشا قاتارلىق )

**دَوَاءٌ قَاتِلُ الدِّيدَانِ:** ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى.

**دَوَاءٌ طَارِدُ الدِّيْدَانِ:** مەددە چۈشۈرۈش دورىسى.

**دَيْدَانٌ:** ئادەت.

**دَيْدَبَانٌ ج دَيْدَبَانَاتٌ:** كۆزەتچى، قاراۋۇل، مۇھاپىزەتچى، ساقچى، پاسىبان.

**دَيْدَبَانُ الْمَرْكَبِ:** پورت يول باشلىغۇچىسى.

**دَيْدَبَانِيَّةٌ :** نۆۋەتچىلىك، قاراۋۇللۇق، دىجورنىلىك.

**دَيْدَنٌ:** ئادەت.

**«مِنْ دَيْدَنِهِ أَنْ يَفْعَلَ كَذَا»** : مۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئادىتى.

**دَيْرٌ ج أَدْيَارٌ و أَدْيِرَةٌ و دُيُورَةٌ:** مۇناستىر.

**دَيْرُ الرُّهْبَانِ:** مۇناستىر.

**دَيْرُ الرَّاهِبَاتِ:** چېركاۋ، مۇناستىر.

**دَخَلَ الدَّيْرَ:** راھىب بولدى.

**رَئِيسُ الدَّيْرِ:** چېركاۋ باشلىقى.

**حَيَاةُ الْأَدْيِرَةِ:** چېركاۋ تۇرمۇشى، زاھىدلىق تۇرمۇشى.

**دَيْرَانِيٌّ:** راھىب.

**دِيْرَةٌ:** ئادرېس؛ يۇرت.

**دَيْرِيٌّ:** چېركاۋنىڭ، مۇناستىرنىڭ.

**دِيْسَةٌ ج دِيَسٌ وَدِيسٌ:** ئورمان، قويۇق دەرەخزارلىق، زىچ ئورمانلىق.

**دَيْسَمٌ:** يولۋاس قانچۇقىدىن بولغان تۈلكىنىڭ بالىسى، ئىت قانچۇقىدىن بولغان بۆرىنىڭ بالىسى؛ تۈلكە ؛ ئېيىق، ئېيىقنىڭ بالىسى ؛ قاراڭغۇ زۇلمەت.

**دِيْسَمْبَرْ:** دېكابىر.

**دَيْقُوعٌ:** قاتتىق ئاچلىق.

**دِيْكٌ ج دُيُوكٌ وَ دِيكَةٌ وَ أَدْيَاكٌ:** خوراز.

**دِيكٌ رُومِيٌّ:** كۈركە توخۇ.

**دِيْكٌ بَرِّيٌّ:** قىرغاۋۇل.

**دِيْكٌ هِنْدِيٌّ:** كۈركە توخۇ.

**بَيْضَةُ الدِّيْكِ** : خوراز تۇخۇمى ( بىر قېتىم يۈز بېرىپ ئىككىنچى قېتىم ھەرگىز يۈز بەرمەيدىغان ئىشقا تەمسىل قىلىنىدۇ ).

**وَزْنُ الدِّيكِ:** بوكسيورلۇقتا ئېغىرلىقى 811 رەتل (يەنى 53kg غا تەڭ) دىن ئاشمايدىغان ئادەمگە ئېيتىلىدۇ.

**سُعَالٌ دِيْكِيٌّ:** كۆك يۆتەل.

**دَيْلَمٌ:** كۆلنىڭ بۇلۇڭىغا يىغىلىۋالغان چۈمۈلىلەر توپى؛ قوشۇن، ئەسكەر؛ ئەجەملەردىن بىر گۇرۇھ؛ ئەركەك چىل.

**دَيْمَاسٌ ج دَيَامِيسُ:** زىندان.

**دَيَامِيسُ الْأَمْوَاتِ :** قەبرە، گۆر.

**دِيْمَةٌ ج دِيَمٌ :** سىم ـ سىم يامغۇر.

**«كَانَ عَمَلُهُ دِيْمَةً»** : ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى.

**دَيْمُومٌ. دَيْمُومَةٌ ج دَيَامِيمُ:** پاياننسىز قۇملۇق.

**دَيْمُومَةٌ:** داۋاملاشتۇرماق، داۋامى؛ مېۋىسىز چۆل.

**دِينٌ ج أَدْيَانٌ:** دىن، ئېتىقاد، شەرىئەت، قانۇن؛ تەقۋادارلىق، تائەت؛ ئادەت؛ جازا؛ مۇكاپات.

**«مَاكَانَ لِيَأْخُذَ أَخَاهُ فِي دِينِ الْمَلِكِ اِلَّاَنْ يَشَاءَ اللّٰهُ» «قرآن»:** پادىشاھنىڭ قانۇنى بويىچە يۇسۇپ ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى.

**«اِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللّٰهِ الْإِسْلَامُ» «قرآن»:** ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزەرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.

**«اَفَغَيْرَ دِيْنِ اللّٰهِ يَبْغُوْنَ» «قرآن»:** ئۇلار ( يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ) ئاللاھنىڭ دىنىدىن ( يەنى ئىسلام دىنىدىن ) باشقا دىنىنى تىلەمدۇ ؟

**أُصُولُ الدِّينِ:** دىنىنىڭ ئاساسلىرى، دىنىي ئىلىم ئاساسلىرى.

**اَلدِّينُ الْحَنِيْفُ:** توغرا دىن (ئىسلام دىنى)

**رَجُلُ الدِّينِ:** دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغۇچى، دىنىي ئىلىملەرگە ماھىر، دىنىي زات.

**يَومُ الدِّينِ:** قىيامەت كۈنى.

**دَيْنٌ ج دُيُونٌ:** قەرز، ئۆتنە؛ مەجبۇرىيەت، بۇرچ، ۋەزىپە.

**«يَآيُّهَاالَّذِيْنَ آمَنُوا اِذَا تَدَايَنْتُمْ بِدَيْنٍ إِلَى اَجَلٍ مُسَمًّى فَاكْتُبُوْهُ» «قرآن»:** ئى مۆمىنلەر ! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بەرسەڭلار ، ئۇنى ( ھۆججەت قىلىپ ) يېزىپ قويۇڭلار.

**بِالدَّيْنِ:** نېسى.

**أَرْبَابُ دُيُونٍ:** قەرز ئىگىسى، قەرز بەرگۈچى.

**دَيْنٌ و دَيْنَةٌ ج دَيْنَاتٌ:** قۇلاق.

**دِينَارٌ ج دَنَانِيْرُ:** تىللا، دىنار (ئىئوردانىيە، بەھرەين، تونىس، ئىراق، لىۋىيە، كۇۋەيت قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان قەغەز پۇل)

**حَشِيْشَةُ الدِّينَارِ:** قۇلماق.

**دَيْنُونَةٌ:** قىيامەت، ئاخىرقى ھېساب.

**دِينِيٌّ:** دىنىي، دىنغا ئائىت.

**رَجُلٌ لَادِينِيٌّ:** دىنسىز.

**دِيْوَانٌ ج دَوَاوِينُ:** شېئىرلار توپلىمى؛ يۇمشاق ئورۇندۇق، سافا، دىۋان؛ مەمۇرىي ئورگان، سوت مەھكىمىسى.

**دِيوَانُ التَّفْتِيشِ:** تەپتىش ئورگىنى.

**دِيوَانُ الْمُوَظَّفِينَ:** دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئورگىنى.

**دِيوَانُ الرِّئَاسَةِ:** ھەيئەت رىياستى.

**اَلدِّيوَانُ الْعَالِيُّ الْمَلِكِيُّ:** پادىشاھلىق كابىنېت.

**اَلدِّيوَانُ الْمَلِكِيُّ:** پادىشاھ ئىشخانىسى، شاھانە ئىشخانا.

**أَرْبَابُ الدِّيوَانِ:** ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى.

**دِيوَانُ الْمَشُورَةِ:** ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى.

**دِيوَانُ الْجِهَادِيَّةِ:** دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى.

**دِيْوَانُ الْخَزَنَةِ:** مالىيە مىنىستىرلىكى.

**لُغَةُ الدَّوَاوِينَ:** دۆلەت تىلى.

**دِيْوَانَةٌ:** تاموژنا، تاموژنا بېجى.

**دِيوَانِيٌّ:** خەتتاتلىق.

**دِيوَانِيَّةٌ:** بيۇروكراتلىق، بيۇروكراتىزم.

**اَلدَّيَّارُ:** راھىب؛ ئادەم بار ھويلا.

**مَابِالدَّارِ دَيَّارٌ:** قورۇدا ھېچ ئادەم يوق.

**دَيَّثَ يُدَيِّثُ تَدْيِيثًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى يۇمشاتتى، قولايلاشتۇردى.

**دَيَّثَ فُلَانًا:** يۇمشاق باش دەپ ئاتىدى.

**دَيِّنٌ:** دىيانەتلىك، دىندار، دىندا مۇستەھكەم، تەقۋا.

**دَيُّوثٌ:** شوۋىچى، سولامچى، پاھىشىخانا خوجايىنى؛ يۇمشاقباش.

**تَحْرُمُ الْجَنَّةُ عَلَى الدَّيُّوثِ:** يۇمشاقباش ئادەمگە جەننەت ھارام بولىدۇ.

**دَيُّورٌ:** ھېچ ئادەم، ھېچ بىراۋ.

**مَا فِى الدَّارِ دَيُّورٌ:** ئۆيدە ھېچ ئادەم يوق.

# ذ

ذ «ذَالٌ» : ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ توققۇزۇنچى ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «700» نى بىلدۈرىدۇ.

ذَا : ئىگە ، ئىگە بولغۇچى ، ئىگىدارلىق قىلغۇچى.

ذَا مَسَاءٍ : كەچ.

ذَا صَبَاحٍ: ئەتىگەن.

جَاءَ ذَا صَبَاحٍ : سەھەردە كەلدى ، ئەتىگەندە كەلدى.

«رَأَيْتُهُ ذَا صَبَاحٍ» : ئۇنى بىر ئەتىگىنى كۆردۈم.

وَعَلَى ذَا وَ إِلاَّ: ئۇنداق بولمىغاندا ، ئۇنداق بولمايدىكەن.

مَاذَا : نېمە ئۇ ، ئۇ نېمە.

لِمَاذَا : نېمە ئۈچۈن ، نېمىشقا.

لِذَا : شۇڭا ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، شۇ سەۋەبتىن ، شۇنىڭ ئۈچۈن.

بِذَا : شۇڭا ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، شۇ سەۋەبتىن ، شۇنىڭ ئۈچۈن.

مَنْ ذَا : بۇ كىم ؟

هَكَذَا : شۇنداق ، ئوخشاش ، ۋەھاكازا.

كَذَا : شۇنداق ، مۇشۇنداق ، شۇنىڭدەك.

كَذَا وَ كَذَا: دېگەنلەردەك ، ۋەھاكازا.

ذَا ج أُوْلاَءِ : بۇ ، مۇشۇ.

ذَلِكَ م تَاكَ ج أُولاَئِكَ وَأُولاَءِ: ئاۋۇ ، ئاشۇ ، ئەنە شۇ ، ئاشۇلار.

بَعْدَ ذَلِكَ: شۇنىڭدىن كېيىن ، كېيىنچە ، كېيىنرەك.

مَعَ ذَلِكَ : شۇنىڭ بىلەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ.

وَذَلِكَ أَنَّ : شۇنداق قىلىپ ، شۇنداق.

كَذَالِكَ : شۇنىڭغا ئوخشاش ، شۇنداق.

وَعَلَى ذَلِكَ : شۇڭلاشقا.

ذَابَ يَذُوبُ ذَوْبًا وذَوَبَانًا الشَّحْمُ: ماي ئېرىدى.

يَذُوبُ الْمِلْحُ فِى الْمَاءِ: تۇز سۇدا ئېرىيدۇ.

ذَابَ حَيَاءً وَخَجَلاً : خىجىل بولدى ، ئۇيالدى.

ذَابَ جِسْمُ الرَّجُلِ : ئورۇقلىدى.

ذَابَ أَسًى وَحَسْرَةً : قاتتىق قايغۇردى.

ذَابِلٌ ج ذُبُلٌ و ذُبَّلٌ و ذَبْلٌ: سولاشقان ، غازاڭ بولغان ، تۆكۈلگەن ؛ ئىنچىكە ، نېپىز.

وَجْهٌ ذَابِلٌ : سولاشقان يۈز.

ذَابِلَةٌ ج ذَوَابِلُ : ئىنچىكە ، ئورۇق.

عَيْنٌ ذَابِلَةٌ : خۇنۇك كۆز.

«عَادَتْ هَذِهِ الشَّجَرَةُ الذَّابِلَةُ إِلَى حَالَتِهَا الطَّبِيعِيَّةِ بَعْدَ أَنْ سُقِيَتْ بِالْمَاءِ» : بۇ قۇرۇپ قالغان جىرىم سۇغۇرۇلغاندىن كېيىن قايتا كۆكەردى.

ذَاتٌ ج ذَوَاتٌ: ئىگە ، ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئۆزى.

«عَادَ مِنْ ذَاتِ نَفْسِهِ» : ئىختىيارىي قايتىپ كەلدى.

«يَجِبُ أَنْ تُعَوِّدَ اِبْنَكَ عَلَى أَنْ يَثِقَ بِذَاتِهِ» : ئوغلۇڭنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئادەتلەندۇرۇشىڭ كېرەك.

«سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ» «قرآن» : ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ( يەنى دوزاخقا ) كىرىدۇ.

«جَاءَ الْعَمِيدُ ذَاتُهُ/بِذَاتِهِ» : باشلىق ئۆزى كەلدى.

uyghurkitap.com

«وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ. فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ؟ ذَوَاتَا أَفْنَانٍ» «قۇرئان» : (ئى ئىنسانلار ! جىنلار !) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

**ذَاتُ الْبَيْنِ** : هال، ئەھۋال.

«وَأَصْلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكُمْ» «قۇرئان» : ئاراڭلارنى تۈزەڭلار!

**ذَاتُ الْجَنْبِ** : كۆكرەك ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى.

**ذَاتُ حُسْنٍ** : چىرايلىق.

«هَذِهِ فَتَاةٌ ذَاتُ خُلُقٍ» : بۇ ئەخلاقلىق قىز.

**ذَاتُ الرِّئَةِ** : ئۆپكە كېسىلى، ئۆپكە ياللۇغى.

**عَادَ ذَاتَ الرَّجُلِ** : ئادەمنىڭ ئۆزى قايتتى.

**اَلثِّقَةُ بِالذَّاتِ** : ئۆزىگە ئىشىنىش.

**جَاءَ مِنْ ذَاتِ نَفْسِهِ** : ئىختىيارىي كەلدى.

**اَلذَّاتُ الْإِلَاهِيَّةُ** : ئاللاھ تائالا.

**ذَاتُ الْبَطْنِ** : بوۋاق.

**ذَاتُ الشَّفَةِ** : سۆز، كەلىمە.

**ذَاتُ صِلَةٍ** : مۇناسىۋەتلىك، مۇناسىۋەتتى بار، ئالاقىسى بار.

**ذَاتُ قِيمَةٍ** : قىممىتى يۇقىرى، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

**ذَاتُ الْيَمِينِ**: ئوڭ تەرەپ.

«وَنُقَلِّبُهُمْ ذَاتَ الْيَمِينِ وَذَاتَ الشِّمَالِ» «قۇرئان» : ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز.

**ذَاتُ النِّطَاقَيْنِ** : ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما.

**ذَاتُ الشِّمَالِ** : شىمالغا.

«وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا» «قۇرئان» : ھەربىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

**ذَاتَ مَرَّةٍ** : بىر قېتىم.

**ذَاتَ يَوْمٍ** : بىر كۈنى، مەلۇم بىر كۈنى.

**فِي الْيَوْمِ ذَاتِهِ** : شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە.

**عَرَفَهُ مِنْ ذَاتِ نَفْسِهِ** : ئۇنىڭ مەخپىيىتىنى بىلدى، كۆڭلىدىكىنى بىلدى.

«وَهُوَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ» «قۇرئان» : ئۇ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

**ذَاتُ الْيَدِ** : بايلىق، مال ـ مۈلۈك.

«أَنْفَقَ فُلَانٌ ذَاتَ يَدِهِ فِي عَمَلِ الْخَيْرِ» : پالانى ياخشىلىق يوللىرىغا قولىدا بارىنى ئاتىدى.

**مَدْرَسَةٌ ذَاتُ فَصْلَيْنِ** : ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ.

**تَذْكِرَةٌ ذَاتُ قِرْشٍ** : بىر قىرىشلىق بىلەت.

**قِطْعَةٌ ذَاتُ عَشْرِ الْقُرُوشِ** : ئون قىرىشلىق تەڭگە.

**قَائِمٌ بِذَاتِهِ** : مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا.

**ذَاتُكَ** : شەخسەن ئۆزىڭىز.

**بِالذَّاتِ** : ئەمەلىيەتتە، دەل ئۆزى، ئەمەلىيەتتە.

**بِذَاتِ الْمَكَانِ** : بۇرۇنقى جايدا، ئەسلىدىكى جايدا.

**ذَاتُهُ** : دەل ئۆزى، ئۇنىڭ دەل ئۆزى.

**فِي ذَاتِهِ** : ئەسلىدە.

**فِي حَدِّ ذَاتِهِ** : ئەسلىدە.

**اِحْتِرَامُ الذَّاتِ** : ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەت قىلىش.

**اَلْإِعْتِمَادُ عَلَى الذَّاتِ** : ئۆز كۈچىگە تايىنىش.

**اَلْإِغْتِرَارُ بِالذَّاتِ**: چوڭچىلىق قىلىش، مەنمەنلىك قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش.

**اَلثِّقَةُ بِالذَّاتِ**: ئۆزىگە ئىشىنىش.

**إِنْكَارُ الذَّاتِ** : ئۆزىنى ئۇنتۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، شەخسىيەتسىز.

**حُبُّ الذَّاتِ** : شەخسىيەتچىلىك.

**مَدْحُ الذَّاتِ** : تەكەببۇرلۇق قىلماق، ئۆزىنى داڭلىماق، چوڭچىلىق قىلماق.

**مُحِبُّ ذَاتِهِ** : شەخسىيەتچى.

**ذَاتُ الْأَجْرَاسِ** : ئاۋاز چىقىرىدىغان زەھەرلىك يىلان.

**مِنْ تِلْقَاءِ الذَّاتِ:** ئىختىيارسىز، ئۆزلۈكىدىن.

**مَالَ ذَاتَ الْيَمِينِ وَذَاتَ الشِّمَالِ:** ئوڭغا ۋە سولغا بۇرالدى.

**ذَاتًا:** شەخسەن، ئۆزى، بىۋاسىتە.

**اِبْنُ الذَّوَاتِ:** مۆتىۋەرلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى.

**اَلْحَيَوَانَاتُ ذَوَاتُ الْفِقْرَةِ:** ئومۇرتقىلىق هايۋانلار.

**ذَوَاتُ الْبَلَدِ:** ئاتاقلىق مەشهۇر شەخسلەر، ئەربابلار.

**ذَوَاتُ الأَرْبَعِ:** چارپاي، ئۇلاغ.

**ذَاتِيٌّ:** شەخسى، ئۆزى، يەككە.

**«تَصَرَّفَ بِدَافِعٍ ذَاتِيٍّ»:** شەخسى تۈرتكە ئاستىدا ئىشلىدى.

**«هٰذَا الْجِهَازُ يَتِمُّ تَشْغِيلُهُ ذَاتِيًّا»:** بۇ ئۈسكۈنە ئۆزلۈكىدىن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

**ذَاتُ الْحُكْمِ الذَّاتِيِّ:** ئۆز- ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئاپتونومىيە.

**حُكْمٌ ذَاتِيٌّ:** ئاپتونومىيە.

**تَمْوِيلٌ ذَاتِيٌّ:** ئۆز كۈچىگە تايىنىش.

**عَيْبٌ ذَاتِيٌّ:** تۇغما ئەيىب.

**«هٰذَا الطِّفْلُ يُعَانِي مِنْ عَيْبٍ ذَاتِيٍّ فِي نُطْقِهِ»:** بۇ بالا سۆزلەشتە تۇغما كەمتۈك.

**اِكْتِفَاءٌ ذَاتِيٌّ:** ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش.

**ذَاتِيًّا:** شەخسىي، ئۆزلۈكىدىن، سۇبيېكتىپ.

**سِيرَةٌ ذَاتِيَّةٌ:** ئۆز تەرجىمىهالى؛ شەخسىي تەرجىمىهال.

**ذَاجَ يَذُوجُ ذَوْجًا:** تېز ماڭدى.

**ذَاجَ الْمَاءَ:** سۇ ئىچتى.

**ذَاحَ يَذُوحُ ذَوْحًا:** قاتتىق ماڭدى.

**ذَاحَ الْجِمَالَ:** تۆگىلەرنى قاتتىق هەيدىدى.

**ذَاحَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئايرىۋەتتى، بۆلىۋەتتى.

**ذَاخِرٌ:** سېمىز.

**ذَادَ يَذُودُ ذَوْدًا الرَّاعِي الإِبِلَ عَنِ الْمَاءِ:** تۆگىنى سۇدىن توستى، قوغلىۋەتتى، توستى.

**«وَوَجَدَ مِنْ دُونِهِمَا امْرَأَتَيْنِ تَذُودَانِ» (قرآن):** ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى؛

**ذَادَ عَنْ وَطَنِهِ وَ حَرِيمِهِ:** ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلدى، قوغدىدى، ساقلىدى.

**ذَادَ النَّوْمَ عَنْ عَيْنَيْهِ:** ئويغاق تۇردى.

**اَلذَّارِيُّ:** ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ياراتقۇچى ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

**ذَارَعَ يُذَارِعُ مُذَارَعَةً الْبَائِعُ الْمُشْتَرِي:** گەزلەپ ساتتى.

**اَلذَّارِيَاتُ:** شامال؛ قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسى.

**«وَالذَّارِيَاتِ ذَرْوًا» (قرآن):** (توپىراقنى) سورىغۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى.

**ذَاعَ يَذِيعُ ذُيُوعًا الْخَبَرُ:** خەۋەر تارقالدى، يېيىلدى؛ پاش بولدى، ئاشكارا بولدى.

**ذَاعَ السِّرُّ:** سىر پاش بولدى.

**ذَاعَ الْجَرَبُ فِي جِلْدِهِ:** تېرىسىدىكى قوتۇرلۇق تارقالدى.

**ذَاعِرٌ ج ذُعَّارٌ:** قورققۇچى؛ ئەسكى؛ ئەيىبى كۆپ.

**ذَاقَ يَذُوقُ ذَوْقًا و ذَوَاقًا و مَذَاقًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى تېتىدى.

**«فَذُوقُوا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ» (قرآن):** كۇففار بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار.

**«فَلَمَّا ذَاقَا الشَّجَرَةَ بَدَتْ لَهُمَا سَوْآتُهُمَا» (قرآن):** دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى.

**«ذَاقَ طَعْمَ الْحُرِّيَّةِ»:** ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىدى.

**ذَاقَ الطَّعَامَ:** تاماقنى تېتىدى، تېتىپ كۆردى.

**ذَاقَ الْعَذَابَ:** ئازاب چەكتى، جاپا تارتتى.

**ذَاقَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى تەجرىبە قىلدى، سىنىدى.

**ذَاقَ الرَّجُلَ:** كىشىنى سىنىدى.

**ذَاقَ عُسَيْلَةَ الْمَرْأَةِ:** جىما قىلدى.

**ذَاقَ مِنْهُ الذُّلَّ** : زۇلۇم چەكتى.

**مَاذَاقَ طَعْمَ النَّوْمِ** : ئۇخلىمىدى.

**ذَاقَتْ كَفُّهُ فُلَانَةً** : تۇتتى.

**ذُقْتُ فُلَانًا أَوْ مَاعِنْدَ فُلَانٍ** : تەجرىبە قىلدىم ؛ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندىم.

**ذَاكَرَ يُذَاكِرُ مُذَاكَرَةً فِي الْأَمْرِ** : مەلۇم بىر ئىش ھەققىدە سۆزلەشتى ، پاراڭلاشتى ، مەسلىھەت ئۆتكۈزدى.

**ذَاكَرَ الطَّالِبُ دَرْسَهُ** : ئوقۇغۇچى دەرسىنى چۈشەندى ، يادلىدى ، تەكرارلىدى ، مۇزاكىرە قىلدى.

**ذَاكِرَةٌ** : ئاڭ ؛ خاتىرە ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى.

**«لِفُلَانٍ ذَاكِرَةٌ قَوِيَّةٌ»** : خاتىرىسى كۈچلۈك.

**إِنْ لَمْ تَخُنِّي الذَّاكِرَةُ** : ئۇنتۇپ قالمىسام.

**مَطْبُوعٌ فِي الذَّاكِرَةِ** : ئۇنتۇلمايدۇ ، ئەستىن چىقمايدۇ.

**ذَالَ يَذِيلُ ذَيْلًا الْحَيَوَانُ** : ھايۋان قۇيرۇق چىقاردى ، قۇيرۇقى ئۇزۇردى.

**ذَالَ الشَّخْصُ** : كىشى تەكەببۇر بولدى.

**ذَالَ الشَّيْءُ** : نەرسە خار بولدى.

**ذَامٌ** : ئەيىب ، نۇقسان ، كەمچىلىك.

**ذَاهِبٌ** : كەتكۈچى ، بارغۇچى.

**ذَاهِبُ الصَّبْرِ** : سەۋرسىز ، ئىرادىسىز.

**ذَاهِلٌ**: قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچى، ئىلاجىسىز قالغۇچى، چارىسىز قالغۇچى.

**ذَاوٍ (الذَّاوِي)** : قۇرۇغۇچى ، قۇرۇپ قالغۇچى.

**ذَائِبٌ** : ئېرىتمە.

**ذَائِدٌ ج ذَادَةٌ وَ ذُوَّادٌ** : قوغدىغۇچى ، مۇھاپىزەت قىلغۇچى ، ساقلىغۇچى.

**ذَائِعٌ** : تارقاتقۇچى.

**ذَائِعُ الصِّيتِ** : مەشھۇر ، داڭلىق ، شۆھرەتلىك ، داڭدار.

**ذَائِقَةٌ** : تېتىش سېزىمى ، زوق.

**ذُؤَابَةٌ ج ذَوَائِبُ** : ماڭلاي چاچ.

**ذَئِبَ يَذْأَبُ ذَأْبًا** : قورقۇتتى ، چۆچۈتتى، ئۈركۈتتى.

**ذُئِبَ الشَّخْصُ** : بۆرىدىن چۆچىدى ، پادىسىغا بۆرە تەگدى.

**ذَئِبَ يَذْأَبُ ذَأَبًا** : بۆرىدەك غالجىرلاشتى ؛ بۆرىدىن قورقتى.

**ذَئِبَ الشَّخْصُ** : بۆرىدەك ياۋۇزلاشتى.

**ذَؤُبَ يَذْؤُبُ ذَآبَةً الشَّخْصُ** : بۆرىدەك ياۋۇزلاشتى ؛ بۆرىدىن قورقتى.

**ذِئْبٌ ج ذُؤْبَانٌ** : ئوغرى ؛ دىۋانە.

**ذِئْبٌ ج ذِئَابٌ و أَذْؤُبٌ و ذُؤْبَانٌ**: بۆرە.

**ذِئْبٌ فِي جِلْدِ حَمَلٍ** : قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان بۆرە ، مەككار ، ئالدامچى.

**«قَالُوا يَاأَبَانَا إِنَّا ذَهَبْنَا نَسْتَبِقُ وَتَرَكْنَا يُوسُفَ عِنْدَ مَتَاعِنَا فَأَكَلَهُ الذِّئْبُ» (قرآن)** : ئۇلار : « ئى ئاتىمىز ! يۇسۇفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق ، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ »دېيىشتى.

**ذَأَلَ يَذْأَلُ ذَأْلًا و ذَأَلَانًا**: چاققان ماڭدى ، يېنىك ماڭدى ، چاپسان ماڭدى.

**ذَأَمَ يَذْأَمُ ذَأْمًا** : ئەيىبلىدى ، كايىدى ، ھاقارەتلىدى ، كەمسىتتى ؛ قوغلىدى.

**ذَأْمٌ** : ئەيىب ، نۇقسان ، كەمچىلىك.

**ذُبَابٌ ج أَذِبَّةٌ وَذِبَّانٌ** : چىۋىن، كۆكۈيۈن؛ ھەرە.

**ذُبَابُ الْعَيْنِ** : كۆزنىڭ قارىچۇغىسى.

**«أَنْتَ أَعَزُّ عَلَيَّ مِنْ ذُبَابَةِ عَيْنِي»** : سەن ماڭا كۆز قارىچۇغىمدىن قىممەتلىك.

**ذُبَابُ الشَّيْءِ**: قالدۇقى.

**ذُبَابُ السَّيْفِ** : قىلىچنىڭ بىسى.

**ذُبَاحٌ** : ئانگىنا.

**ذُبَالَةُ الْمِصْبَاحِ ج ذُبَالٌ** : پىلىك ، چىراغ پىلىكى.

**ذُبَالَةُ شَمْعَةٍ**: شامنىڭ پىلىكى.

**ذَبَّ يَذُبُّ ذَبًّا عَنْهُ** : قوغدىدى ، مۇھاپىزەت قىلدى ، ساقلىدى.

**«ذَبَّ الرَّجُلُ عَنْ حَرِيمِهِ»** : كىشى ئەھرىمىنى

قوغىدى ، قورۇدى.

«ذَبَّ الْبَائِعُ الذُّبَابَ عَنِ الْحَلْوَى» : پىركاز-
چىك تاتلىق يېمەكلىكتىن چىۋىننى قورۇدى.

ذَبَّاحٌ : پوكانچى ؛ قاسساپ ؛ جاللات.

ذَبَّانَةُ الْبُنْدُقِيَّةِ : قورۇل.

ذَبَّبَ يُذَبِّبُ تَذْبِيبًا الْمُسَافِرُ فِي السَّيْرِ: مۇسا-
پىر مېڭىشنى جىدديلەشتۈردى.

ذَبَّبَ الْأُمُّ عَنْ وَجْهِ طِفْلِهَا : ئانا بالىدىن چىۋىن-
نى قورۇدى.

ذَبَّحَ يُذَبِّحُ تَذْبِيحًا : قىردى ، كۆپ ئۆلتۈردى.

«يَسْتَضْعِفُ طَائِفَةً مِنْهُمْ يُذَبِّحُ أَبْنَاءَهُمْ وَيَسْتَحِي
نِسَاءَهُمْ» «قرآن» : ئۇلاردىن بىر تائىپە( يەنى
بەنى ئىسرائىل) نى بوزەك قىلدى، ئۇلارنىڭ
ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى(خىزمەت-
كە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى.

ذَبَحَ يَذْبَحُ ذَبْحًا الْجَزَّارُ الْخَرُوفَ : قاسساپ
پاقلان بوغۇزلىدى ، زەبھى قىلدى ، ئۆلتۈردى.

«وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ إِنَّ اللّٰهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ
تَذْبَحُوا بَقَرَةً» «قرآن» : ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز
قەۋمىگە : « ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر
كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ » دېگەنىدى.

ذَبَحَتْهُ الْعَبْرَةُ : غەم ـ قايغۇ ئۇنى بوغىۋالدى ،
كانىيىدىن ئالدى.

ذَبَحَتْهُ الْعَطَشُ : ئۇسسۇزلۇق ئۇنى ھالىدىن
كەتكۈزدى.

ذَبَحَهُ بِغَيْرِ سِكِّينٍ : ئۇنى قاتتىق قىينىدى.

«مَنْ وَلِيَ قَاضِيًا فَكَأَنَّمَا ذُبِحَ بِغَيْرِ سِكِّينٍ»
«حديث» : كىمكى قازى بولىدىكەن، قاتتىق
ئازابقا قالغان بولىدۇ.

ذَبَحَ صَدِيقَهُ: دوستىنى مەدھىيىلىدى.

ذِبْحٌ : قۇربانلىق.

«وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ» «قرآن» : بىز ئۇنىڭ
ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى ( يەنى جەننەت-
تىن چىققان قوچقارنى ) بەردۇق.

ذَبْحَةٌ: بىر قېتىم، بىر قېتىم بوغۇزلاش ، زەبھى
قىلىش.

ذَبْحَةٌ صَدْرِيَّةٌ : زىققا.

ذَبْذَبَ يُذَبْذِبُ ذَبْذَبَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى تەۋرەت-
تى ، لىڭشىتتى ، مىدىرلاتتى.

ذَبْذَبَهُ الْأَمْرُ: ئۇنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى ،
ئارىسالدى قىلىپ قويدى.

ذَبَرَ يَذْبُرُ ذَبْرًا الْكِتَابَ: يازدى؛ چېكىت قويدى؛
تېز ئوقۇدى.

ذَبَرَ الْقِرَاءَةَ : يەڭگىل ئوقۇدى.

ذَبَرَ الشَّيْءَ: نەرسىنى بىلدى ، چۈشەندى.

ذَبَرَ يَذْبِرُ ذَبْرًا وذِبَارَةً : قارىدى ، سىنچىلاپ
قارىدى.

ذَبَرَ الشِّعْرَ : شېئىر ئوقۇدى.

ذَبَرَ الْخَبَرَ : خەۋەرنى چۈشەندى.

ذَبِرَ يَذْبَرُ ذَبَرًا عَلَيْهِ : غەزەپلەندى.

ذَبْرٌ ج ذِبَارٌ : كىتاب.

ذَبَلَ يَذْبُلُ ذُبُولاً النَّبَاتُ : ئۆسۈملۈك قۇرۇپ
قالدى، سولاشتى.

ذَبَلَ الْإِنْسَانُ وَالْحَيَوَانُ : ئادەم ياكى ھايۋان ئورۇق-
لاپ كەتتى.

ذَبَلَ فُوهُ : تەشنالىقتىن ئاغزى قۇرۇپ كەتتى.

ذَبَلَ شَفَتَاهُ : تەشنالىقتىن كالپۇكى قۇرۇپ
كەتتى.

ذَبَلَ لِسَانُهُ : تەشنالىقتىن تىلى قۇرۇپ كەتتى.

ذَبْلٌ: تاشپاقا قېپى.

ذَبْلٌ صِنَاعِيٌّ: سۈنئىي پىل چىشى ؛ ياشلىقنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلى.

اَلذِّبْلُ: بالىسىنى يوقاتقان ، بالىسى ئۆلۈپ
كەتكەن.

اَلذَّبْلَةُ: ماياق ؛ قۇرۇتقۇچى شامال.

ذَبُوبَةٌ : چىۋىن كۆپ جاي.

ذَبِيْحٌ ج ذَبْحَى : بوغۇزلانغان ھايۋان.

كَبْشٌ ذَبِيْحٌ: قۇربانلىق قىلىنغان قوشقار، بوغۇز-
لانغان قوشقار.

نَعْجَةٌ ذَبِيحٌ : بوغۇزلانغان ساغلىق ، قۇربانلىق
قىلىنغان ساغلىق.

ذَبِيْحَةٌ ج ذَبَائِحُ : نەزىر قىلىنغان مال ، ھەدىيە

قىلىنغان مال.

«وَزَّعَ الذَّبِيحَةَ عَلَى الْفُقَرَاءِ» : قۇربانلىقنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بەردى.

ذَجَّ يَذُجُّ ذَجًّا : سەپەردىن قايتىپ كەلدى.

ذَجَّ الْمَاءَ : سۇ ئىچتى.

ذَجَلَ يَذْجُلُ ذَجْلًا ـ هُ: ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدى.

ذَحَا يَذْحُو ذَحْوًا : تېزلەشتى ، ئىتتىكلىدى.

ذَحَا الْجِمَالَ : تۆگىلەرنى ھەيدىدى ، قوغلىدى.

ذَحْلٌ ج ذُحُولٌ و أَذْحَالٌ: ئۆچ ئالماق ، ئىنتىقام ئالماق ؛ ئۆچمەنلىك ، ئاداۋەت.

ذَخَرَ يَذْخَرُ ذَخْرًا الشَّيْءَ : نەرسىنى ساقلاپ قويدى ، زاپاس قىلىپ ساقلىدى ؛ يىغدى ، توپلىدى ، غەملەپ قويدى ، قورامساق قىلىپ قويدى.

ذُخْرٌ ج أَذْخَارٌ: غەملەنگەن نەرسە، زاپاس، قورامساق.

«أَنْتُمْ أَيُّهَا الشَّبَابُ ذُخْرُ الْوَطَنِ» : ياشلار ! سىلەر ۋەتەننىڭ بايلىقى سىلەر.

ذَخِيرَةٌ ج ذَخَائِرُ: ساقلاپ قويۇلغان نەرسە، دۇنيا ـ دەپىنە ، زاپاس نەرسە ، بايلىق ؛ كاپىتال ، دەسمايە ؛ قىممەت باھالىق بۇيۇم.

«حَفِظَكَ اللهُ ذَخِيرَةً لَنَا» : ئاللاھ سىزنى بىزگە بايلىق قىلىپ ساقلاپ بەرسۇن.

ذَخِيرَةُ الْحَرْبِ: ئوق ـ دورا ، قورال ـ ياراق ، ھەربىي لازىمەتلىكلەر ، ھەربىي تەمىنات ، ھەربىي ئوزۇق ـ تۈلۈك.

ذَخِيرَةٌ حَرْبِيَّةٌ : قورال ـ ياراغ ، ئوق ـ دورا ، ھەربىي ئەشيا.

ذَخِيرَةٌ مُقَدَّسَةٌ : خاتىرە بۇيۇم ، مۇقەددەس بۇيۇم.

اَلذَّخِيرَةُ اللُّغَوِيَّةُ : تىل بايلىقى.

ذَرْ : قويۇۋەت ، تەرك ئەت.

«فَذَرْنِي وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيدًا» (قرآن) : (ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت.

ذَرَا يَذْرُو ذَرْوًا التُّرَابَ : توپا توزىدى.

«فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ الرِّيَاحُ» (قرآن) : كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى ، شاماللار ئۇنى (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ذَرَتِ الرِّيحُ التُّرَابَ : بوران توپا توزۇتتى.

ذَرَا الزَّارِعُ الْحَبَّ: دېھقان داننى شامالدا سورىدى.

ذَرَا اللهُ الْخَلْقَ : ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ياراتتى.

ذِرَاعٌ ج أَذْرُعٌ و ذُرْعَانٌ: غۇلاچ ؛ بىلەك ؛ گەز ؛ پۇت ـ قول ؛ قويۇن.

ذِرَاعُ الْإِنْسَانِ : بىلەك.

أَنْتَ عَلَيَّ حَبْلُ الذِّرَاعِ: سەن ماڭا يېقىن.

رَحْبُ الذِّرَاعِ : كۈچلۈك.

«قَلِّدُوا أَمْرَكُمْ رَحْبَ الذِّرَاعِ» (حديث) : ئىشىڭلارنى ئىقتىدارلىق ئادەمنى ئىگە قىلىڭلار.

وَاسِعُ الذِّرَاعِ: ئىقتىدارلىق ، ئەخلاقلىق.

مَا لِي بِهِ ذِرَاعٌ: ئۇنىڭغا تاقىتىم يەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالمايمەن ، ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ.

أَنْتَ ذِرَاعِي الْيَمِينُ : باشقا كۈن چۈشكەندە ساڭا يۆلىنىمەن.

رَمَى الطِّفْلُ نَفْسَهُ بَيْنَ ذِرَاعَيْ أُمِّهِ : بالا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

بَسَطَ لَهُ ذِرَاعَيْهِ: ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ذَرَأَ يَذْرَأُ ذَرْأً اللهُ النَّاسَ : ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتتى ، خەلق ئەتتى.

«قُلْ هُوَ الَّذِي ذَرَأَكُمْ فِي الْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُونَ» (قرآن) : ئېيتقىنكى، « ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە ياراتتى كۆپەيتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر».

ذَرَأَ الزَّارِعُ الْأَرْضَ : دېھقان يەرگە ئۇرۇق چاچتى ، تېرىدى.

ذَرِئَ يَذْرَأُ ذَرَأً الشَّخْصُ : چېكىسىگە ئاق كىردى.

ذَرِبَ يَذْرَبُ ذَرَبًا الرَّجُلُ : تىلى پاساھەتلىك بولدى.

ذَرِبَ لِسَانُ الشَّخْصِ : ئاغزى بىزەپ بولدى ، تىلى سەت بولدى.

ذَرِبَ السَّيْفُ : قىلىچ ئۆتكۈر بولدى.

**ذَرَبٌ ج أَذْرَابٌ** : ساقايماس كېسەل ، داۋاسى يوق كېسەل.

**ذَرِبٌ ج ذَرِبُونَ م ذَرِبَةٌ ذَرِبَاتٌ**: سۆزى پاساھەتـلىك ئادەم ؛ تىلى ئۆتكۈر ، سۆزمەن ، گەپدان.

**رَجُلٌ ذَرِبٌ** : ئاغزى يامان ، ئاغزى بېزەپ.

**«كُنْتُ ذَرِبَ اللِّسَانِ عَلَى أَهْلِي»** : ئۆيدىكىلىرىمگە ئاغزىم بېزەپ ئىدى.

**ذُرَةٌ** : قوناق.

**ذُرَةٌ شَامِيَةٌ. ذُرَةٌ صَفْرَآءُ** : كۆممە قوناق.

**ذُرَةٌ بَلَدِيَّةٌ** : تېرىق.

**ذُرَةٌ رَفِيعَةٌ** : تېرىق ، سۆك.

**ذَرَّ يَذُرُّ ذَرًّا الشَّيْءَ**: قولىنىڭ ئۇچى بىلەن چاچتى.

**«ذَرَّ الْحَبَّ فِي الْأَرْضِ»** : يەرگە ئۇرۇق چاچتى ، تېرىدى.

**ذَرَّ الرَّجُلُ** : چېكىسى ئاقاردى.

**ذَرَّ اللّٰهُ عِبَادَهُ فِي الْأَرْضِ** : ئاللاھ بەندىلىرىنى زېمىنغا تارقاتتى.

**ذَرَّ الْمِلْحَ**: تۇز چاچتى.

**ذَرَّ الدَّوَاءَ الْعَيْنَ**: كۆزگە دورا تېمىتتى.

**اَلرَّافِدَانِ:** دىجلە ۋە فۇرات دەريالىرى.

**رَافِضَةٌ ج رَوَافِضُ:** رەت قىلغۇچى، شىئە مەزھىپىنىڭ بىر پىرقىسى.

**رَافِضِيٌّ:** رافىزىي مەزھىپىگە ئەگەشكۈچى.

**رَافَعَ يُرَافِعُ مُرَافَعَةً الْمُحَامِي عَنِ الْمُتَّهِمِ:** ئادۋوكات قارىلانغۇچىنى ئاقلىدى.

**رَافِعٌ:** راھەتلىك تۇرمۇش.

**رَافِعٌ ج رَوَافِعُ :** ئۆرلىگۈچى؛ لىفت؛ كىران؛ كۆزگە كۆرۈنگەن، مەشھۇر، ئالاھىدە.

**اَلرَّافِعُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «مەرتىۋىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى» دېگەن مەنىدە.

**رَافِعَةٌ ج رَوَافِعُ:** پىشاڭ، كۆتۈرگۈچ، كىران، لوم كالتەك، تىيەك.

**«إِزَاحَةُ هَذِهِ السَّيَّارَةِ الْمُتَعَطِّلَةِ يَسْتَدْعِي الْاِسْتِعَانَةَ بِالرَّافِعَةِ» :** بۇ بۇزۇلغان ماشىنىلارنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن كىرانغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

**رَافِعَةُ الصَّوْتِ:** مىكروفون.

**رَافِعَةُ الْأَلْغَامِ:** مىنا تازىلاش پاراخوتى.

**رَافٌّ:** غەمخورلۇق قىلغۇچى، كۆيۈنگۈچى.

**«مَا لَهُ حَافٌّ وَلاَ رَافٌّ» :** ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ئادەم يوق.

**رَافَقَ يُرَافِقُ مُرَافَقَةً الشَّخْصَ:** ئۇنىڭغا يولداش بولدى، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى ( سەپەردە ياكى يولدا).

**رَافَقَتْكَ السَّلاَمَةُ:** ئامان بولۇڭ (سەپەر قىلغۇچىغا دۇئا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ).

**«أَتَمَنَّى أَنْ أَجِدَ شَخْصًا يُرَافِقُنِي فِي السَّفَرِ» :** سەپەردە ماڭا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

**رَافِقَةٌ:** مۇلايىملىق، لېۋەنلىك، سىلىقلىق، يۇمشاقلىق، چىرايلىق قىلىقلىق.

**رَافِهٌ ج رَافِهَةٌ:** كۆڭۈللۈك، پاراۋان.

**لَيْلَةٌ رَافِهَةٌ:** كۆڭۈللۈك كېچە، كۆڭۈللۈك تۈن.

**رَافِهَةٌ:** خالىغاندا ئوتلاقتا يايلايدىغان تۆگە.

**رَافَى يُرَافِي مُرَافَاةً الرَّجُلُ:** ماقۇل بولدى، قوشۇلۇپ رازى بولدى.

**رَاقَ يَرُوقُ رَوْقًا وَ رَوْقَانًا:** كۆڭۈللۈك بولدى، خۇشاللىنارلىق بولدى.

**رَاقَهُ الشَّيْءُ:** ئۇنى ئەجەبلەندۈردى، ھەيران قالدۇردى.

**«رَاقَتْنِي هَذِهِ الْقَصِيدَةُ» :** بۇ قەسىدە مېنى ھەيران قالدۇردى.

**رَاقَ يَرِيْقُ رَوْقًا الشَّرَابُ:** ئىچىملىك سۈزۈك بولدى.

**رَاقَهُ الْأَمْرُ:** باشقىلارنىڭ رايىغا باقتى.

**رَاقَ يَرِيْقُ رِيْقًا الْمَاءُ:** سۇ قۇيۇلدى، تۆكۈلدى.

**رَاقَ السَّرَابُ:** تومۇز پىلىلدىدى، تومۇز ۋالىلدىدى.

**رَاقَ الشَّيْءُ:** يالتىرىدى، پارقىرىدى.

**رَاقَ بِنَفْسِهِ:** جان تالاشتى.

**رَاقٌ ج رَاقَاتٌ:** قوش قاتلام، تەبىقە، قات، قەۋەت،

www.uyghurkitap.com



تائىپە.

رَاقَبَ يُرَاقِبُ مُرَاقَبَةً السِّجِّينَ: جىنايەتچىگە قارـ
ـدى، جىنايەتچىنى ساقلىدى.

رَاقَبَ اللّٰهَ: ئاللاھتىن قورقتى.

رَاقَبَ الْعَمَلَ: ئىشنى نازارەت قىلدى، باشقۇردى.

رَاقَبَ النَّجْمَ: يۇلتۇز كۆزەتتى.

رَاقِدٌ: ئۇخلىغۇچى، ياتقۇچى، يېنى ياتقۇچى.

رَاقَصَ يُرَاقِصُ مُرَاقَصَةً الْفَتَاةَ: قىز بىلەن بىللە
ئۇسسۇل ئوينىدى، تانسا ئوينىدى.

رَاقِصٌ ج رَاقِصُونَ: ئۇسسۇلچى، تانسىچى.

خَيَالٌ رَاقِصٌ: ھەرىكەتلىك كىنو.

رَاقِصَةٌ ج رَاقِصَاتٌ: ئۇسسۇلچى قىز.

اَلرَّاقِصَةُ الْأُوْلَى: بالېت ئۇسسۇلىدا باش رول
ئالغۇچى.

لَيْلَةٌ رَاقِصَةٌ: تانسا كېچىلىكى، ئۇسسۇل كېچىـ
ـلىكى.

حَفْلَةٌ رَاقِصَةٌ: ئۇسسۇل كېچىلىكى ، تانسا
كېچىلىكى.

مُوسِيْقِي رَاقِصَةٌ: ئۇسسۇل مۇزىكىسى، تانسا
مۇزىكىسى.

«ذَهَبَ إِلَى الْمَرْقَصِ لِمُشَاهَدَةِ بَعْضِ الْفُنُونِ
الرَّاقِصَةِ» : ئۇسسۇل سەنئىتىنى كۆرۈش
ئۈچۈن ئۇسسۇل زالىغا باردى.

رَاقَعَ يُرَاقِعُ مُرَاقَعَةً الْخَمْرَ: ھاراق ئىچتى،
ئىچىشنى داۋاملاشتۇردى.

رَاقِعٌ ج رَاقِعُونَ: ياماقچى.

اِتَّسَعَ الْخَرْقُ عَلَى الرَّاقِعِ: مەسىلىنى ھەل
قىلىش قىيىن بولدى.

رَاقِمٌ: ھېسابلىغۇچى، خەت ئۇرغۇچى، نومۇر
قويغۇچى.

رَاقِمُ السَّيَّارَةِ: ماشىنىنىڭ سۈرئەت سائىتى،
ماشىنىنىڭ ھېسابلاش ئەسۋابى.

رَاقِنٌ ج رَاقِنُونَ: ماشىنىست.

رَاقِنَةٌ ج رَوَاقِنُ: ئايال ماشىنىست.

رَاقُودٌ ج رَوَاقِيْدُ: راك ؛ جاۋۇر، قاچا.

رَاقُولٌ ج رَوَاقِيْلُ: خورما دەرىخىگە چىقىشتا
ئىشلىتىدىغان ئارغامچا.

رَاقٍ ج رَاقُونَ: ئەپسۇنكەش، جىنكەش، داخان؛
ئالىي، يۈكسەك، ئۈرلىگۈچى، تەربىيىلىك.

«كَلَّاإِذَابَلَغَتِ التَّرَاقِيَ وَ قِيلَ مَنْ رَاقٍ» «قرآن» :
راستلا جان ھەلقۇمغا يەتكەندە « (بۇ كېسەلـ
ـگە) كىم ئىلاج قىلالايدۇ» دېيىلىدۇ.

اَلطَّبَقَةُ الرَّاقِيَةُ: يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، يۇقىرى
تەبىقىدىكىلەر.

رَاكِبٌ ج رُكَّابٌ: مىنگۈچى، ئۇلاغلىق، مۇساپىر،
يولۇچى، ئولتۇرغۇچى.

«هَذَا الْقِطَارُ مُخَصَّصٌ لِلرُّكَّابِ أَمَّا قِطَارُ
الْبَضَائِعِ فَيَأْتِي بَعْدَ سَاعَةٍ» : بۇ پويىز يولۇـ
ـچىلارغا خاس، يۈك پويىزىغا كېلىدىغان
بولساق، ئۇ بىر سائەتتىن كېيىن كېلىدۇ.

رُكَّابُ الْخَيْلِ: ئاتلىقلار.

رَاكِدٌ: مۇقىم تۇرغۇچى.

مَاءٌ رَاكِدٌ: تۇرغۇن سۇ، توختام سۇ، ئۆلۈك سۇ.

رَاكِزٌ: تىنچ.

عِزُّ بَنِي فُلَانٍ رَاكِزٌ: پالانىنىڭ شان ـ شەرىپى
ئۆچمەيدۇ.

رَاكَضَ يُرَاكِضُ مُرَاكَضَةً فَرَسُهُ فَرَسِي: ئۇنىڭ
ئېتى مېنىڭ ئېتىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

رَاكِضَةٌ ج رَوَاكِضُ: تۆگە قۇشقا ئوخشاش يۈگۈرەيـ
ـدىغان قۇش.

رَاكِعٌ ج رُكَّعٌ رَاكِعُونَ و رَوَاكِعُ: بېشىنى پەس
قىلغۇچى، ئېگىشكۈچى، رۇكۇ قىلغۇچى.

«وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ
السُّجُودِ» «قرآن» : تاۋاپ قىلغۇچىلارغا،
قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا،
سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك
قىلغىن.

رَاكَلَ يُرَاكِلُ مُرَاكَلَةً الطِّفْلُ أَخَاهُ: بوۋاق قېرىنـ
ـدىشىنى تەپتى.

رَالَ يَرِيْلُ رَيْلاً الصَّبِيُّ: بالىنىڭ شۆلگىيى
ئاقتى، شالى ئاقتى.

رَامَ يَرُومُ رَوْمًا الشَّيْءَ: ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد

قىلدى، مەقسەت قىلدى، نىيەت قىلدى، تەلەپ قىلدى، ئىلتىماس قىلدى، كۆزلىدى.

**«كُلُّ شَيْءٍ عَلَى مَا يُرَامُ»**: ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك.

**«لَقَدْ كَانَ يَرُومُ الْفَوْزَ بِالْمَرْتَبَةِ الْأُولَى»**: چېمپىيونلۇققا ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

**رَامَ يَرِيمُ رَيْمًا الْمَكَانَ**: مەلۇم جايدىن ئايرىلدى، چەتنىدى.

**رَامَ بِالْمَكَانِ**: بىر جايدا ئولتۇراقلاشتى، بىر جايدا تۇردى، بىر جايدا ماكانلاشتى.

**رَامَ عَنْهُ**: يىراقلاشتى.

**رَامَ حِمْلُ الْجَمَلِ**: تۆگىنىڭ يۈكى قىيسايدى، ئاغدى، بىر تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى (تۆگىنىڭ يۈكى).

**رَامَ الْجُرْحُ**: جاراھەت قېتىشقا باشلىدى.

**مَا رَامَ فِرَاشَهُ**: تۆشەكتىن تۇرالمىدى، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى.

**مَا رَامَ مَكَانَهُ**: ئورنىدىن ئايرىلمىدى.

**مَا يَرِيمُ يَفْعَلُ ذَلِكَ**: ئۇنى قىلىۋەردى.

**رَامَةٌ**: كۆلچەك؛ سىستىق سۇ يىغىلىدىغان جاي.

**رَامَحَ يُرَامِحُ مُرَامَحَةً**: نەيزىلەشتى، نەيزە سانجىدى.

**رَامِحٌ ج رَامِحُونَ**: نەيزىلىك ئەسكەر، مەرگەن.

**رَجُلٌ رَامِحٌ**: نەيزىلىك ئادەم.

**ثَوْرٌ رَامِحٌ**: مۈڭگۈزلۈك ئۆكۈز.

**رَامِسٌ ج رَوَامِسُ**: كېچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ھايۋان، قۇش.

**رَامِسَةٌ ج رَوَامِسُ وَ رَامِسَاتٌ**: قاتتىق شامال، توپا توزۇتۇپ ئىزلارنى كۆمۈپ تاشلايدىغان بوران.

**رَامِعٌ**: بېشىنى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرگۈچى.

**رَامَقَ يُرَامِقُ مُرَامَقَةً**: كۆزەتتى، مارىلىدى، پايلىدى.

**رَامِقٌ ج رُمُوقٌ**: يوقسۇل، كەمبەغەل، گاداي، نامرات؛ ھەسەت قىلغۇچى.

**رَامُوزٌ ج رَوَامِيزُ**: ئەۋرىشكە، نەمۇنە، ئۈلگە؛ دېڭىز؛ ئاساس.

**رَامُوسٌ ج رَوَامِيسُ**: قەبرە.

**رَامَى يُرَامِي مُرَامَاةً الْفَارِسُ خَصْمَهُ**: چەۋەنداز رەقىبى بىلەن ئېتىشتى.

**رَامٍ ج رَامُونَ و رُمَاةٌ**: مەرگەن، پالۋان؛ ئوق ئاتقۇچى يۇلتۇز.

**رَانَ يَرِينُ رَيْنًا الشَّيْءُ أَوْ عَلَيْهِ أَوْ بِهِ**: ئېگىلىۋالدى، غەلىبە قىلدى، قولغا كىرگۈزدى، يەڭدى، ئۇتتى.

**رَانَ عَلَيْهِ الْخَمْرُ**: ھاراققا بېرىلىپ كەتتى.

**رَانَ عَلَيْهِ الْحُزْنُ**: غەم بېسىۋالدى.

**رَانَ عَلَيْهِ الْهَوَى**: ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلدى.

**رَانَ عَلَيْهِ النَّوْمُ**: ئۇنى ئۇيقۇ باستى.

**«كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ»** «قرآن»: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن.

**اَلرَّانُ**: قىلىن پەردە، نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ چىققان داغ؛ كىر، مەينەت، پاسكىنا.

**رَانِجٌ ج رَوَانِجُ**: كوكوس.

**اَلرَّانِفَةُ ج رَوَانِفُ**: بۇرۇن، قاڭشانىڭ بىر تەرىپى؛ قۇلاق سۆڭىكىنىڭ بىر تەرىپى؛ كاسىنىڭ ئولتۇرغاندا يەرگە تېگىدىغان يېرى.

**رَانَى يُرَانِي مُرَانَاةً**: مادارا قىلدى.

**رَانَاهُ**: ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەشتى.

**رَاهَ يَرُوهُ رَوْهًا الْمَاءُ**: سۇ دولقۇنلىدى.

**رَاهَ السَّرَابُ**: سەراپ پىلىلدىدى، تەۋرەندى، داۋالغۇدى.

**رَاهِبٌ ج رُهْبَانٌ**: موناخ، پوپ، راھىب.

**«ذَلِكَ بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيسِينَ وَرُهْبَانًا وَأَنَّهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ»** «قرآن»: بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر.

**رَاهِبَةٌ ج رَاهِبَاتٌ**: راھىبە.

**رَاهِشٌ و رَاهِشَةٌ ج رَوَاهِشُ**: يۇقىرىنقى بىلەك قىزىل تومۇرى.

**رَاهَقَ يُرَاهِقُ مُرَاهَقَةً الْغُلَامُ**: بالا بالاغەتكە يېقىنـ

لاشتى، بالا بالاغەتكە يېتەي دەپ قالدى.

**رَاهَنَ يُرَاهِنُ مُرَاهَنَةً عَلَى كَذَا:** بەسلەشتى، شەرتلەشتى، قول بېرىپ باغلاشتى.

**رَاهِنٌ:** پۇختا، مۇستەھكەم، قەتئىي، چىڭ، مۇقىم؛ ھازىرقى، نۆۋەتتە، كۆز ئالدىمىزدا، رېئال، ۋەزىيەت، دائىملىق، ئىزچىل، گۆرۈ قويغۇچى؛ ئاجىز، ئورۇق.

**«هٰذَا رَاهِنٌ لَكَ»:** بۇ ساڭا ساقلاپ قويۇلغان.

**اَلْوَضْعُ السِّيَاسِيُّ الرَّاهِنُ:** ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت.

**طَعَامٌ رَاهِنٌ:** مۇقىم تاماق.

**اَلْحَالَةُ الرَّاهِنَةُ:** ھازىرقى ھالەت، ھازىرقى ئەھۋال، نۆۋەتتىكى ئەھۋال.

**نِعْمَةٌ رَاهِنَةٌ:** ئىزچىل نېمەت.

**حَقِيقَةٌ رَاهِنَةٌ:** تەۋرەنمەس ھەقىقەت.

**فِي الظُّرُوفِ الرَّاهِنَةِ:** ھازىرقى شارائىتتا.

**رَاهِيَةٌ:** ھەسەل ھەرىسى.

**رَاوَحَ يُرَاوِحُ مُرَاوَحَةً بَيْنَ الْعَمَلَيْنِ أَوِ الشَّيْئَيْنِ:** ئالماشتى، نۆۋەتلەشتى.

**رَاوَحَ فِي مَكَانِهِ:** ئورنىغا دەسسەپ تۇردى.

**غَادَى وَ رَاوَحَ:** ئالدى - كەينىگە ماڭدى.

**رَاوَحَهُ عَلَى:** ئالدىدى، ئازدۇردى، يولدىن چىقاردى.

**رَاوَدَ يُرَاوِدُ مُرَاوَدَةً:** ئېزىقتۇردى، يولدىن چىقاردى، ئالدىدى، ساقال تاشلىدى.

**رَاوَدَتِ الْمَرْأَةُ عَنْ نَفْسِهَا:** ئايال چېقىلدى، زىنا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئويناشنى تەلەپ قىلدى.

**رَاوَدَتْهُ الْفِكْرَةُ:** ئويى - پىكىر كۆڭلىگە كەچتى، ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى.

**«وَقَالَ نِسْوَةٌ فِي الْمَدِينَةِ امْرَأَةُ الْعَزِيزِ تُرَاوِدُ فَتَاهَا عَنْ نَفْسِهِ» (قۇرئان):** شەھەردىكى بەزى ئاياللار: «ئەزىز (يەنى مىسىر پادىشاھى) نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ...» دېيىشتى.

**«قَالُوا سَنُرَاوِدُ عَنْهُ أَبَاهُ وَإِنَّا لَفَاعِلُونَ» (قۇرئان):** ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز. بىز چوقۇم مۇشۇنداق قىلىمىز» دېدى.

**رَاوَغَ يُرَاوِغُ مُرَاوَغَةً:** ساختىپەزلىك قىلدى، ئالدىدى.

**رَاوَغَ فِي الْكَلَامِ:** ياغلىما سۆز قىلدى.

**رَاوَغَ فِي الْإِجَابَةِ:** ئەگىتىپ جاۋاب بەردى.

**رَاوُوقٌ ج رَوَاوِيقُ:** سۈزگۈچ، فىلتىر؛ قەدەھ، جام.

**«صَفَّى عَصِيرَ الْفَاكِهَةِ بِالرَّاوُوقِ»:** مېۋىنىڭ سۈيىنى سۈزگۈچ بىلەن سۈزدى.

**رَاوٍ ج رُوَاةٌ:** رىۋايەت قىلغۇچى، ھېكايە قىلغۇچى، يەتكۈزگۈچى، ئېيتىپ بەرگۈچى، نەقىل قىلغۇچى.

**رَاوِيَةٌ:** تېلېگراما ئاپپاراتى.

**رَايَةٌ ج رَايٌ و رَايَاتٌ:** تۇغ، ئەلەم، بايراق.

**رَفَعَ الرَّايَةَ بِمُفْرَدِهِ:** بايراقنى يالغۇز كۆتۈردى.

**رَاءٍ م رَائِيَةٌ رُءَاةٌ:** كۆرگۈچى، قارىغۇچى، كۆزدىن كەچۈرگۈچى، ئوبزورچى.

**رَائِبٌ:** قېتىق، قېتىپ قالغان سۈت، قايمىقى ئېلىنغان سۈت.

**رَائِجٌ:** راۋاج تاپقۇچى، بازىرى چىققۇچى، ئاققۇچى، بازىرى ئىتتىك، بازىرى چاققان.

**رَائِحٌ ج رَوَائِحُ:** ئۆتۈپ كەتكۈچى، ئۆتكۈچى.

**كُلُّ رَائِحٍ وَ غَادٍ:** كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ھەممە ئادەم.

**بِالرَّائِحِ مِنَ النَّهْرِ:** دەريانىڭ قارشى قىرغىقى.

**اَلرَّائِحَةُ:** مال، چارۋا.

**رَائِحَةٌ ج رَوَائِحُ:** ھىد، بۇي، پۇراق.

**ذَكِيُّ الرَّائِحَةِ:** خۇش پۇراق.

**«مَالَهُ سَارِحَةٌ وَ لَا رَائِحَةٌ»:** ئۇنىڭ ھېچقانداق ئات - ئۇلىغى يوق.

**«اَلْمَاءُ عَدِيمُ اللَّوْنِ وَعَدِيمُ الرَّائِحَةِ»:** سۇ رەڭسىز ۋە پۇراقسىزدۇر.

**أُغْنِيَةٌ رَائِجَةٌ:** داڭ چىقارغان ناخشا.

**رَائِحَةٌ طَيِّبَةٌ:** خۇش ھىد، خۇشبۇي.

**رَجُلٌ طَيِّبُ الرَّائِحَةِ:** خۇشبۇي ئادەم.

**رَائِحَةٌ عِطْرِيَّةٌ:** خۇشبۇي، خۇش پۇراق.

**رَدِئُ الرَّائِحَةِ:** بەتبۇي.

**عَدِيمُ الرَّائِحَةِ:** پۇراقسىز، پۇرىقى يوق.

**خَبِيثُ الرَّائِحَةِ:** سېسىق پۇراق.

**رَوَائِحُ حَادَّةٌ:** ئۆتكۇر پۇراق.

**رَائِدٌ ج رَادَةٌ و رُوَّادٌ:** رەھبەر، يول باشلىغۇچى، باشلامچى، بايراقدار، پېشۋا؛ ئالدىنقى قىسىم، ئالدىدا ماڭغۇچى.

**رَائِدُ الشَّبَابِ:** ياشلار يېتەكچىسى.

**رَائِدُ الْفَضَاءِ:** تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى.

**رَائِدٌ سَبَّاقٌ:** باشلامچى، ئالدىدا ماڭغۇچى، ھۇجۇمچى.

**رَائِدُ الْجَمْعِيَّةِ:** جەمئىيەتنىڭ يېتەكچىسى.

**«اَلرَّائِدُ لاَ يَكْذِبُ أَهْلَهُ» :** باشلامچى ئۆز ئادەملىرىنى ئالدىمايدۇ.

**خُطْوَةٌ رَائِدَةٌ:** تۇنجى قەدەم.

**صَنَاعَةٌ رَائِدَةٌ:** يېتەكچى سانائەت.

**رَائِشٌ ج رَائِشُونَ:** پارا بەرگۈچى بىلەن پارا ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىچى.

**«لَعَنَ اللّٰهُ الرَّاشِيَ وَالْمُرْتَشِيَ وَالرَّائِشَ» ‹حديث› :** پارا ئالغۇچى، پارا بەرگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاسىتىلىق قىلغۇچىغا ئاللاھ لەنەت قىلغاي.

**رَائِضٌ ج رَاضَةٌ و رُوَّاضٌ و رَائِضُونَ:** ئات كۆندۈرگۈچى.

**رَائِعٌ ج رَائِعُونَ:** كېلىشكەن، گۈزەل، ئېسىل؛ ئەجەبلىنەرلىك، ھەيران قالدۇرغۇچى؛ قالتىس، نەپىس.

**مَنْظَرٌ رَائِعٌ:** گۈزەل مەنزىرە.

**شِعْرٌ رَائِعٌ:** قالتىس شېئىر، گۈزەل شېئىر، ئاجايىپ شېئىر.

**رَائِعَةٌ ج رَوَائِعُ:** قورقۇنچلۇق، كىشىنى قورقۇتىدىغان ؛ نەپىس.

**فِكْرَةٌ رَائِعَةٌ:** شانلىق ئىدىيە، ئاجايىپ پىكىر.

**فَتَاةٌ رَائِعَةُ الْجَمَالِ:** گۈزەللىكتە تولغان قىز.

**رَائِعَةُ النَّهَارِ:** كۈندۈزنىڭ كۆپ قىسمى، كۈپكۈندۈزدە.

**فِي رَائِعَةِ النَّهَارِ:** كۈپكۈندۈزدە، خەلقئالەم ئالدىدا.

**«هِيَ كَالشَّمْسِ فِي رَائِعَةِ النَّهَارِ» :** ئۇ كۈپكۈندۈزدىكى قۇياشقا ئوخشايدۇ.

**بِصُورَةٍ رَائِعَةٍ:** شانلىق رەۋىشتە.

**حَفْلَةٌ رَائِعَةٌ:** ھەشەمەتلىك سورۇن.

**مِنْ رَوَائِعِ الْفَنِّ:** ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن.

**رَوَائِعُ الْأَدَبِ الْعَرَبِيِّ:** ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرى.

**رَائِقٌ ج رَوْقٌ وَرَوْقَةٌ:** ساپ، سۈزۈك، تازا، پاك، نۇرلۇق، شانلىق، پارلاق.

**رَائِمَةٌ:** گۈزەل، چىرايلىق.

**حَدِيْقَةٌ رَائِيَةٌ فِيهَا أَزْهَارٌ مُخْتَلِفَةٌ جَمِيلَةٌ:** رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان چىرايلىق باغچا.

**رِئَاءٌ:** ساختىپەزلىك، كۆز ـ كۆز قىلىش، رىياگەرلىك.

**رِئَاسَةٌ. رِآسَةٌ:** جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسلىك مەنسىپى؛ باشلىقلىق قىلماق، يېتەكچىلىك قىلماق، باشقۇرماق.

**مَقَرُّ الرِّئَاسَةِ:** دۆلەت باشلىقى ئىشخانىسى.

**«عُقِدَالْاِجْتِمَاعُ تَحْتَ رِآسَةِ الْمُدِيرِ الْعَامِ» :** يىغىن باش مۇدىرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلدى.

**رُؤَّامٌ:** سېرىق سۇ، ھايۋاننىڭ شالى (شۆلگەي).

**رَأَّسَ يُرَأِّسُ تَرْئِيْسًا الشَّخْصَ عَلَيْهِمْ:** باشلىق قىلدى، رەئىس قىلىپ سايلىدى.

**رَءَّفَ يُرَءِّفُ تَرْئِيْفًا:** بەزلىدى، كۆڭلىنى ياسىدى، تەسەللى بەردى.

**رَأَّبَ يُرْأِّبُ رَأْبًا الصَّدْعَ:** يوچۇقنى ئوڭشىدى، رېمونت قىلدى، تۈزىدى.

**«رَأَبَ اللّٰهُ بَيْنَهُمْ» :** ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىناقلىق سالدى.

**رَأَّبَ الْإِنَاءَ:** چىنىنى قادىدى.

**رِئْبَالٌ ج رَآبِيلُ:** شىر، ئارسلان؛ لوكچەك، ئالاقانات، ئوغرى.

www.uyghurkitap.com

**لِصُّ رِئْبَالٌ:** قولاق كەستى ئوغرى.

**رُؤْبَةٌ ج رِئَابٌ:** پارچە، ئۇۋاق؛ كېچىنىڭ بىر قىسمى؛ تەلەپ، ھاجەت.

**رِئَةٌ ج رِآتٌ:** ئۆپكە.

**اِلْتِهَابُ الرِّئَةِ:** ئۆپكە ياللۇغى.

**ذَاتُ الرِّئَةِ:** ئۆپكە ياللۇغى.

**تَنَفَّسَ بِمِلْئِ رِئَتَيْهِ:** ھۇزۇرلاندى، راھەتلەندى.

**رَأْدٌ. رَأْدَةٌ ج أَرْؤُدٌ:** چىرايلىق قىز، ساھىبجامال.

**فَتَاةٌ رَأْدَةٌ:** ساھىبجامال قىز.

**رِئْدٌ ج أَرْآدٌ:** زاماندىش.

**رُؤْدٌ رُؤْدَةٌ ج أَرْآدٌ:** چىرايلىق قىز، ساھىبجامال.

**رَأْرَأَ يُرَأْرِأُ رَأْرَأَةً بِعَيْنِهِ:** كۆز قارچۇغىنى مىدىرلاتتى.

**رَأَسَ يَرْأَسُ رِئَاسَةً و رِيَاسَةً الْقَوْمَ:** قەۋمگە يېتەكچىلىك قىلدى.

**رَأَسَ الْعَمَلَ:** ئىش باشقۇردى، ئىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى.

**رَأَسَ الْجَمْعِيَّةَ:** جەمئىيەتكە رەئىس بولدى.

**رَأَسَ الْإِجْتِمَاعَ:** يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

**رَأَسَهُ بِالْعَصَا:** تاياق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردى.

**رَئِسَ الشَّخْصُ:** بېشى ئاغرىدى.

**رَئِسَ يَرْأَسُ رَءَسًا الشَّخْصُ:** بېشى چوڭ بولدى، بېشى چوڭايدى.

**رَؤُسَ يَرْأُسُ رِئَاسَةً:** باشلىق بولدى، رەھبەر بولدى.

**رَأْسٌ ج أَرْؤُسٌ و آرَاسٌ و رُؤُوسٌ:** باش، كاللا، چوققا.

**«وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا يَسْتَغْفِرْ لَكُمْ رَسُولُ اللّٰهِ لَوَّوْا رُؤُوسَهُمْ» «قرآن»:** ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: كېلىڭلار، «رەسۇلۇللا سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ.

**«قَالَ رَبِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا» «قرآن»:** ئۇ ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى.

**أَخَذَ بِرَأْسِهِ:** بېشىنى چاڭگاللىدى.

**رَأْسُ الشَّيْءِ:** نەرسىنىڭ بېشى، يۇقىرى تەرىپى.

**رَأْسُ الزَّاوِيَةِ:** چوققا بۇلۇڭى.

**رَأْسُ السَّنَةِ:** يېڭى يىل، يىل بېشى.

**«تُعَطَّلُ الْعُمَّالُ فِي الْبِلَادِ الْعَرَبِيَّةِ يَوْمَ رَأْسِ السَّنَةِ الْهِجْرِيَّةِ»:** ھىجرىيە يىلىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئىشچىلار دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلىدۇ.

**رَأْسُ الْفِتْنَةِ:** پىتنىنىڭ بېشى، پىتنىنىڭ ئوچىقى.

**رَأْسُ الشَّهْرِ الْقَمَرِيِّ:** قەمەرىيە ئاينىڭ بېشى.

**رَأْسُ السُّلَّمِ:** شوتىنىڭ بېشى.

**رَأْسُ الْفَسَادِ:** بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى، چىرىكلىكنىڭ مەنبەسى.

**جَعَلَ رَأْسَهُ بِرَأْسِهِ:** ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى باراۋەر چاغلىدى.

**«صَبَّ غَضَبَهُ فَوْقَ رَأْسِهِ»:** ئۇنىڭغا خاتالىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئارتتى.

**عَلَى الرَّأْسِ وَالْعَيْنِ:** خۇشاللىق بىلەن تولۇق قوشۇلىمەن.

**غِطَاءُ الرَّأْسِ:** بۆك، باش كىيىم.

**فَعَلَهُ رَأْسًا:** ئۇنى باشتىن ئىشلىدى.

**قَلَّبَهُ رَأْسًا عَلَى عَقِبٍ:** ئۇنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى.

**لَوَّى رَأْسَهُ:** مەنسىتمىدى، كۆزگە ئىلمىدى.

**مَسْقَطُ الرَّأْسِ:** تۇغۇلغان جاي.

**رَأْسُ الْمَالِ الْقَوْمِيِّ:** ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك كاپىتالى.

**رَأْسُ الْمَالِ الْجَارِي:** نەق كاپىتال.

**رَأْسُ الْمَالِ الْبَشَرِيِّ:** ئەمگەك كۈچى.

**هَذَا شَيْءٌ بِرَأْسِهِ:** مۇستەقىل.

**مِنَ الرَّأْسِ إِلَى أَخْمَصِ الْقَدَمِ:** كوكۇلىسىدىن تاپىنىغىچە.

**رَأْسًا بِرَأْسٍ:** تەڭمۇ تەڭ، باراۋەر.

**عَلَى رَأْسِ كَذَا مِنَ الرِّجَالِ:** بىر قانچە كىشىنى

باشلاپ.

**رَأْسُ الْقَوْمِ:** قەۋمنىڭ باشلىقى، قەۋم رەھبىرى، قەۋم ئاقساقىلى.

**«حَضَرَ الْحَفْلَ جُمْهُورٌ كَبِيرٌ عَلَى رَأْسِهِ وَزِيرُ الثَّقَافَةِ» :** مۇراسىمغا مەدەنىيەت مىنىستىرى باشچىلىقىدا نۇرغۇن كىشى قاتناشتى.

**«أَخَذَتْ مِنْ جَارَتِهَا رَأْسًا مِنَ الثَّوْمِ» :** قوشنىسىدىن بىر باش سامساق ئېلىپ چىقتى.

**هَزَّ رَأْسَهُ بِالْمُوَافَقَةِ:** قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

**رَأْسًا:** بىۋاسىتە.

**رَأْسًا عَلَى عَقِبٍ:** تەتۈر، بېشى ئايىغىغا بولۇپ قالغان، قالايمىقان، رەتسىز.

**عَلَى رُؤُوسِ الْأَشْهَادِ:** گۇۋاھچىلار ئالدىدا.

**عَلَى رُؤُوسِ الْمَلَإِ:** كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا، جامائەت ئالدىدا، ئامما ئالدىدا، ئاشكارا.

**تَصْدِيرُ رُؤُوسِ الْأَمْوَالِ:** (سىرتقا) كاپىتال چىقارماق.

**«وَإِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُؤُوسُ أَمْوَالِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ» «قرآن» :** ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارغا زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر.

**رَأْسِمَالٌ:** كاپىتال، دەسمايە، سەرمايە، مەبلەغ.

**اَلرَّأْسِمَالُ الْمُتَدَاوَلُ:** كۆچمە كاپىتال.

**اَلرَّأْسِمَالِيُّ:** كاپىتالىست، باي، مالدار.

**«تَشْتَدُّ الْحَرْبُ الْبَارِدَةُ بَيْنَ النِّظَامَيْنِ الرَّأْسِمَالِيِّ وَالْاِشْتِرَاكِيِّ» :** كاپىتالىزم تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا سوغۇق ئۇرۇش مۇناسىۋىتى كۈچەيمەكتە.

**اَلْمُجْتَمَعُ الرَّأْسِمَالِيُّ:** كاپىتالىستىك جەمئىيەت، كاپىتالىزم جەمئىيىتى.

**اِقْتِصَادٌ رَأْسِمَالِيٌّ:** كاپىتالىستىك ئىقتىساد.

**نِظَامٌ رَأْسِمَالِيٌّ:** كاپىتالىستىك تۈزۈم، كاپىتالىزم تۈزۈمى.

**رَأْسِمَالِيَّةٌ:** كاپىتالىزم.

**اَلرَّأْسِمَالِيَّةُ الْبِيرُوقْرَاطِيَّةُ:** بيۇكرات كاپىتالىزم.

**اَلرَّأْسِمَالِيَّةُ الصِّنَاعِيَّةُ:** سانائەت كاپىتالىزمى.

**اَلرَّأْسِمَالِيَّةُ الدَّوْلِيَّةُ:** دۆلەت كاپىتالىزمى.

**رَأْسِمَالِيَّةٌ وَطَنِيَّةٌ:** مىللىي كاپىتالىزم.

**رَأْسِيٌّ:** تىك؛ كاللىنىڭ، باشنىڭ.

**رَأَفَ يَرْأَفُ رَأْفَةً بِهِ:** ئېچىندى، ئىچ ئاغرىتتى.

**رَئِفَ يَرْأَفُ رَأْفًا بِهِ:** ئىچ ئاغرىتتى.

**رَؤُفَ يَرْأُفُ رَأْفَةً وَرَآفَةً بِهِ:** ئىچ ئاغرىتتى.

**رَأْفٌ. رَؤُفٌ:** رەھىم قىلغۇچى، مەرھەمەتلىك، كۆيۈمچان، شەپقەتلىك.

**رَئِفٌ ج رَئِفُونَ:** كۆيۈمچان، مېھرىبان، شەپقەتلىك.

**رَأْفَةٌ:** مەرھەمەت، ئىچ ئاغرىتىش، رەھىمدىللىق.

**«وَلَا تَأْخُذْكُمْ بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ» «قرآن» :** ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار.

**رَأْلٌ ج أَرْؤُلٌ وَرِئْلَانٌ و رِئَالٌ و رِئَالَةٌ:** بىر ياشلىق تۆگە قۇشى.

**رَئِمَ يَرْأَمُ رَأْمًا الشَّيْءَ:** ياخشى كۆردى، كۆڭلى چۈشتى، ياراتتى.

**«تَرْأَمُهُ وَيَأْبَاهَا» :** دۇنيا ھەزرىتى ئۆمەرنى قوغلىشىدۇ ـ يۇ، ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ «ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سۆزىدىن».

**رَئِمَتِ الْأُنْثَى وَلَدَهَا:** ئايال بالىسىغا كۆيۈندى.

**رِئْمَةٌ. رِئْمٌ ج آرَامٌ:** ئاق بۆكەن، ئاھۇنىڭ بالىسى؛ ساھىبجامال ئايال (چىرايلىق ئاياللار بۇنىڭغا ئوخشىتىلىدۇ).

**رَؤُوفٌ:** رەھىم قىلغۇچى، شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك، كۆيۈمچان.

**اَلرَّؤُوفُ:** ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «رەھىم قىلغۇچى ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

**رَؤُومٌ ج رَوَائِمُ:** كۆيۈمچان، مېھرىبان.

**أُمٌّ رَؤُومٌ:** كۆيۈمچان ئانا.

**رَأَى يَرَى رُؤْيَةً الشَّيْءَ:** كۆردى، قارىدى.

**«مَاكَذَبَ الْفُؤَادُ مَارَأَى»** ‹قرآن›: ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى).

**رَآهُ رَأْيَ الْعَيْنِ:** ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

**رَآهُ بِأُمِّ عَيْنَيْهِ:** ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

**رَأَى مِنْهُ عَجَبًا:** كۈتمىگەن نەرسىنى كۆردى.

**رَأَى يَرَى رُؤْيَا:** چۈشەكىدى، چۈش كۆردى.

**«قَالَ يَابُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ»** ‹قرآن›: ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمىر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)» دېدى.

**رَأَى الْعَالِمُ شَيْئًا:** ئالىم نەرسىگە ئېتىقاد قىلدى.

**رَأَى فُلاَنًا عَالِمًا:** پالاننى ئالىم دەپ بىلدى.

**رَأَيْتُنِي عَلَى حَقٍّ:** ئۆزۈمنى ھەقلىق ھېسابلىدىم.

**تُرَى:** شۇنداق دەپ قارامسىز؟

**يَاتُرَى:** شۇنداق دەپ قارامسىز؟

**يَاهَلْ تُرَى:** شۇنداق دەپ قارامسىز؟

**أَيْنَ ذَهَبَ يَاتُرَى:** قەيەرگە كەتتى دەپ ئويلايسىز؟

**رَأْيٌ ج آرَاءٌ:** پىكىر، ئوي، كۆز قاراش، تەكلىپ، مۇلاھىزە.

**ذُو الرَّأْيِ:** چوڭقۇر پىكىرلىك، دانا.

**قِسْمُ الرَّأْيِ ‹فِي الْقَانُونِ›:** قانۇنىي مەسلىھەت ئېلىش ئىدارىسى.

**«لاَبُدَّ مِنْ أَخْذِ الرَّأْيِ عَلَى كَذَا»:** ئاۋازغا قويۇش زۆرۈر، ئاۋازغا قويماي بولمايدۇ.

**«مَا تَقُولُهُ لاَيُمَثِّلُ الرَّأْيَ الْعَامَّ»:** سېنىڭ دېگەنلىرىڭ جامائەت پىكرىنگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

**«لاَ تَتَعَجَّلْ إِصْدَارَ رَأْيٍ فِي الْمَوْضُوعِ قَبْلَ دِرَاسَتِهِ»:** بۇ جەھەتتە ئوبدان تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن پىكىر بايان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمە!

**«عَبَّرَ عَنْ رَأْيِهِ بِصَرَاحَةٍ»:** پىكرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى.

**اَلرَّأْيُ الْعَامُّ:** جامائەت پىكرى، جامائەتچىلىك.

**عَلَى رَأْيِ الْمَثَلِ:** ماقال - تەمسىلدىكىدەك.

**أَهْلُ الرَّأْيِ:** نوپۇزلۇق كىشىلەر، ئابرۇيلۇق ئەرباب (مۇئەييەن پرىنسىپلار ئاساسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بېكىتىدىغان ئۆلىمالار)

**أَخْذُ الرَّأْيِ:** پىكىر ئالماق.

**صُلْبُ الرَّأْيِ:** پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان تەرسا.

**رَأْيٌ دَبَرِيٌّ:** پۇرسەتنى قولدىن بېرىش، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىش.

**رَأْيٌ فَطِيرٌ:** پىشمىغان پىكىر.

**مَازِلْتُ عِنْدَ رَأْيِي:** ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم.

**تَبَادُلُ الْآرَاءِ:** پىكىر ئالماشتۇرماق.

**رِئَوِيٌّ:** ئۆپكىدەك، ئۆپكە خاراكتېرلىك.

**سِلٌّ رِئَوِيٌّ:** سىل كېسىلى.

**طَاعُونٌ رِئَوِيٌّ:** ئۆپكە راكى.

**رُؤْيَا ج رُؤًى:** چۈش، خىيال.

**رُؤْيَا إِلٰهِيَّةٌ:** بېشارەت.

**اَلرُّؤْيَاالصَّادِقَةُ:** راست چۈش.

**«يَاأَيُّهَاالْمَلَأُ أَفْتُونِي فِي رُؤْيَايَ إِنْ كُنْتُمْ لِلرُّؤْيَا تَعْبُرُونَ»** ‹قرآن›: ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار.

**رُؤْيَةٌ ج رُؤًى:** كۆز قاراش، پىكىر.

**لَيْلَةُ الرُّؤْيَةِ:** رامزان كىرىدىغان كېچە.

**إِخْتِلاَطُ الرُّؤْيَةِ:** مۇجمەللىك، مۇرەككەپلىك، ئېنىقسىزلىق.

**«أَنَا سَعِيدٌ لِرُؤْيَتِكَ»:** سېنى كۆرگەنلىكىمدىن بەختىيارمەن.

**رَئِيسٌ ج رُؤَسَاءُ:** باشلىق، رەھبەر، رەئىس، زۇڭتۇڭ، مۇدىر، كاتتىباش.

**رَئِيسُ إِدَارَةٍ:** ئىدارە باشلىقى.

**رَئِيسُ جَلْسَةٍ:** يىغىن رەئىسى.

**رَئِيسُ دَيْرٍ:** باش راھىب، باش مۇناخ.

**رَئِيسُ مَحْكَمَةٍ:** سوت باشلىقى.

**رَئِيسُ اللُّجْنَةِ التَّنْفِيذِيَّةِ:** ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى.

**رَئِيسٌ فَخْرِيٌّ:** پەخرىي رەئىس.

**رَئِيسٌ عَامِلٌ:** رەئىس، جەمئىيەت باشلىقى.

**رَئِيسُ أَرْكَانِ الْحَرْبِ:** باش سەنمۇجاك، باش شتاب باشلىقى.

**رَئِيسُ أَرْكَانِ الْحَرْبِ الْفِرْقَةِ:** دىۋىزىيە شتاب باشلىقى.

**رَئِيسُ التَّحْرِيرِ:** باش تەھرىر، باش مۇھەررىر.

**رَئِيسُ الْقِسْمِ السِّيَاسِيِّ:** سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى.

**رَئِيسُ مَدْرَسَةٍ:** مەكتەپ مۇدىرى.

**رَئِيسُ مَعْهَدٍ:** ئىنىستىتۇت مۇدىرى.

**رَئِيسُ الْوُزَرَاءِ:** باش مىنىستىر، مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى، زۇڭلى، ۋەزىر ئەزەم.

**رَئِيسُ مَجْلِسِ الْوُزَرَاءِ:** باش ۋەزىر، باش مىنىستىر، زۇڭلى، ۋەزىر ئەزەم.

**رَئِيسُ الْأَسَاقِفَةِ:** باش روھانىي.

**رَئِيسُ الشَّمَامِسَةِ:** مۇئاۋىن باش روھانىي.

**رَئِيسُ نَفْسِهِ:** ئۆزىنى تۇتالايدىغان ئادەم، ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ئادەم.

**رُؤَسَاءُ رُوحَانِيُّونَ:** روھانىي ئەربابلار، دىنىي ئەرباب‑لار.

**رَئِيسَةٌ:** رەئىسە، ئايال رەئىس.

**رَئِيسِيٌّ:** مۇھىمى، ئاساسلىقى.

**«هَذِهِ مَسْأَلَةٌ رَئِيسِيَّةٌ»:** بۇ ـ تۈپ مەسىلە، بۇ ـ ئاساسىي مەسىلە.

**«خِلَافُنَا عَلَى الْمَسَائِلِ الرَّئِيسِيَّةِ قَبْلَ الصَّغِيرَةِ»:** بىزنىڭ ئىختىلاپىمىز كىچىك مەسىلىلەردىن بۇرۇن ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىدۇر.

**مَقَالَةٌ رَئِيسِيَّةٌ:** باش ماقالە.

**اَلْأَعْضَاءُ الرَّئِيسِيَّةُ:** ئاساسلىق ئەزالار، مۇھىم ئەزالار.

**رَئِيفٌ:** رەھىم قىلغۇچى، مەرھەمەتلىك، كۆيۈم‑چان، شەپقەتلىك.

**رَبَا يَرْبُو رَبْوًا و رُبُوًّا الْمَالُ:** مال كۆپەيدى، ئۆستى، ئاشتى.

**«وَمَا آتَيْتُمْ مِنْ رِبًا فِي أَمْوَالِ النَّاسِ فَلَا يَرْبُوا عِنْدَ اللَّهِ» «قرآن»:** سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوۋغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ).

**رَبَا الرَّابِيَةَ:** ئېگىزلىككە چىقتى، ياماشتى، ئۆستى، ئۆرلىدى.

**رَبَا الشَّخْصُ:** زىققا كېسىلىگە دۇچار بولدى، دەم سىقىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

**رَبَا عَلَى:** ئاشتى، ئارتىپ كەتتى، ھالقىدى، ھالقىپ كەتتى.

**رَبَا الْوَلَدُ:** بالا يېتىلدى، ئۆسۈپ يېتىلدى.

**رَبَا الْعَجِينُ:** خېمىر بولدى (كۆپتى).

**رَبَا الْجُرْحُ:** يارا ئىششىدى.

**رِبًا، رِبَاءٌ:** جازانە، ئۆسۈم.

**اَلرِّبَا الْفَاحِشُ:** يۇقىرى ئۆسۈم، يۇقىرى جازانە، جازانىخورلۇق.

**«وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا» «قرآن»:** ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقتىن شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى.

**رَبَأَ يَرْبَأُ رَبْأً:** كۆتۈرۈلدى، ئۆرلىدى، كۆپتى؛ ئېگىزدىن قارىدى، ئېگىزدىن نەزەر سالدى.

**رَبَأَ الشَّيْءَ:** كۆتۈردى، ئېگىزلەتتى.

**رَبَأَ لَهُمْ:** ئۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بولدى.

**رَبَأَتِ الْأَرْضُ:** يەر كۆتۈرۈلۈپ دۆڭلەشتى.

**لَا يُرْبَأُ بِهَذَا الْأَمْرِ:** بۇ ئىش بىلەن كارى بولماي‑دۇ، بۇ ئىشنى مەنسىتمەيدۇ.

**رَبَابٌ، رَبَابَةٌ ج رَبَابَاتٌ:** راۋاب، ئىسكىرىپكا، ئاق

uyghurkitap.com



بولۇت.

«اِنْقَشَعَتِ الْغُيُومُ وَلَمْ يَبْقَ إِلاَّ شَيْءٌ مِن رَبَابٍ يُزَيِّنُ السَّمَاءَ» : قارا بۇلۇتلار تاراپ كېتىپ پەقەت ئاسماننى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان ئازغىنە ئاق بۇلۇتلارلا قالدى.

**رِبَابَةٌ:** خوجايىنلىق.

**رَبَاحٌ:** پايدا، مەنپەئەت، نەپ.

**رِبَاطٌ ج أَرْبِطَةٌ و رِبَاطَاتٌ و رُبُطٌ:** تاناق، شوينا، يىپ؛ ساراي، دەڭ، پاناھلىنىدىغان جاي، مۇساپىرخانا، رابات.

**رِبَاطُ الْحِذَاءِ:** ئاياغ بوغقۇچى، ئاياغ شوينىسى.

**رِبَاطُ الْأَوْعِيَةِ الدَّمَوِيَّةِ:** تىكىش يىپى (ئوپېراتسىيىدە).

**رِبَاطٌ عَاطِفِيٌّ:** مۇھەببەت رىشتىسى، ھېسسىيات جەھەتتىن باغلىنىش.

**رِبَاطُ الزَّوْجِيَّةِ:** ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت.

**رِبَاطُ الْجَوَارِبِ:** پايپاق بوغقۇچ ، چورۇقنىڭ بوغقۇچى.

**رِبَاطُ الْخَيْلِ:** ئاتنى غازاتقا تەييارلىماق.

«وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ» «قرآن» : دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار.

**رِبَاطٌ ج رِبَاطَاتٌ:** ھەربىي لاگېر، قوشۇن تۇرىدىغان قەلئە، لەڭگەر، تەكىيخانا.

«تَكْثُرُ الرِّبَاطَاتُ فِي الْمَغْرِبِ الْعَرَبِيِّ» : مارا كەشتە تەكىيخانىلار كۆپىيمەكتە.

**رَبَاطَةٌ:** ساباتلىق، باتۇرلۇق، جۈرئەتلىك، مۇقىملىق، تۇراقلىق.

**رَبَاطَةُ الْجَأْشِ:** ئېغىر - بېسىقلىق، يۈرەكلىك، جەسۇرلۇق.

«يَجِبُ أَنْ تَتَّصِفَ بِرَبَاطَةِ الْجَأْشِ حَتَّى تَجْتَازَ مَا يُصَادِفُكَ مِنْ مَصَاعِبَ» : دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىڭ ئۈچۈن جەسۇر ساباتلىق بولۇشۇڭ كېرەك.

**رُبَاعَ:** تۆتتىن - تۆتتىن.

«جَاعِلِ الْمَلاَئِكَةِ رُسُلاً أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلاَثَ وَرُبَاعَ» «قرآن» : پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق ، ئۈچ قاناتلىق ، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھ.

**رُبَاعِيٌّ م رُبَاعِيَّةٌ:** تۆت ھەرپلىك.

**رُبَاعِيُّ الْأَحْرُفِ :** تۆت ھەرپلىك سۆز، تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆز.

**رُبَاعِيُّ الْأَضْلاَعِ:** تۆت تەرەپلىك.

**رُبَاعِيُّ الْأَقْدَامِ:** تۆت پۇتلۇق، تۆت ئاياغلىق.

**اَلْهَرَمُ الرُّبَاعِيُّ :** سىلىندىر.

**اَلدَّوْرُالرُّبَاعِيُّ:** 4-دەرىجىلىك، 4- نۆۋەتلىك.

**رَبَاعِيَّةٌ ج رَبَاعِيَّاتٌ:** قوزۇق چىش، ئۆتتۈر چىش؛ رۇبائىي (تۆت مىسرالىق شېئىر).

«تُرْجِمَتْ رُبَاعِيَّاتُ عُمَرِ الْخَيَّامِ إِلَى أَكْثَرَ مِنْ لُغَةٍ» : ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى.

**رَبَاغَةٌ:** مول، مولچىلىق، مەمۇرچىلىق.

**رَبَالَةٌ:** سېمىزلىك.

**رَبَّ يَرُبُّ رَبًّا الْأَبُ وَلَدَهُ:** دادا بالىسىنى تەربىيىلىدى، باقتى، پەرۋىش قىلدى.

**رَبَّ الْأَمْرَ:** ئىشنى تۈزىدى، باشقۇردى.

**رَبَّ الْقَوْمَ:** قەۋمنى ئىدارە قىلدى، قەۋمنى باشقۇردى.

**رَبَّ الْبَيْضَ:** توخۇمنى سىلكىپ ئىلەشتۇردى.

**رَبَّ بِالْمَكَانِ:** بىر جايدا بېكىنىپ تۇرۇۋالدى، تۇرۇپ قالدى.

**رَبٌّ ج أَرْبَابٌ:** ھۆكۈمران، ئىگە، خوجايىن، پەرۋىش قىلغۇچى.

**رَبُّ الْمَالِ:** پۇلدار، مالدار، مال ئىگىسى.

**رَبُّ النِّعْمَةِ:** نېمەت ئىگىسى، ياخشىلىق قىلغۇچى.

**رَبُّ الْعَائِلَةِ:** ئائىلە باشلىقى، ئاياللىق ئادەم.

**رَبُّ الْعَمَلِ:** ئىش ئىگىسى، ئىش بېشى، خوجايىن، مەبلەغ ئىگىسى، كاپىتالىست، مۈلۈك ئىگىسى، كارخانا خوجايىنى.

**«أَمَّا أَحَدُكُمَا فَيَسْقِي رَبَّهُ خَمْرًا» ‹قرآن›** : سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا هاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ ).

**أَرْبَابُ الْبُنُوكِ:** بانكىرلار، بانكا ئىگىلىرى.

**أَرْبَابُ الْمَصَانِعِ:** زاۋۇت باشلىقلىرى، زاۋۇت ئىگىلىرى.

**أَرْبَابُ الأَمْلاَكِ:** يەر ئىگىلىرى، خوجايىن.

**مِنْ أَرْبَابِ السَّوَابِقِ:** هۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان، بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان.

**مِنْ أَرْبَابِ الْمَعَاشَاتِ:** پېنسىيىگە چىققانلار.

**أَرْبَابُ الصَّنَائِعِ:** قول هۈنەرۋەنلەر، قول سانائەتچىلەر.

**أَرْبَابُ الدَّوْلَةِ:** دۆلەت ئەربابلىرى، دۆلەت رەهبەرلىرى.

**أَرْبَابُ الأَقْلاَمِ:** يازغۇچىلار، قەلەمكەشلەر.

**أَرْبَابُ الْحَرْبِ:** مىللىتارىستلار.

**أَرْبَابُ الْحَيْثِيَّاتِ:** مۇهىم شەخس، چوڭ ئەرباب، نوپۇزلۇق ئەرباب، مۆتىۋەرلەر.

**مِنْ أَرْبَابِ الدُّيُونِ:** قەرز ئىگىسى، قەرز بەرگۈچى.

**رَبُّ الأَرْبَابِ:** ئاللاھ تائالا.

**اَلرَّبُّ:** پەرۋەردىگار، ئاللاھ، خۇدا.

**رَبَّاهْ:** پەرۋەردىگارىم (ئاللاھقا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلغانلىنى بىلدۈرىدۇ).

**يَا رَبِّي:** پەرۋەردىگارا، پەرۋەردىگارىم، ياپەرۋەردىگار، يائاللاھ، ياپەرۋەردىگار.

**رُبٌّ ج رُبُوبٌ وَ رِبَابٌ:** مۇراببا.

**رُبُّ سُوسٍ:** چۈچۈك بۇيا مەلهىمى.

**رُبُّ وَرَقٍ:** قەغەز بوتقىسى.

**رُبَّ:** ئېهتىمال، مۇمكىن.

**«رُبَّ ضَارَّةٍ نَافِعَةٌ»** : زىيانلىق نەرسە پايدىلىق نەرسىگە ئايلىنىش مۇمكىن.

**«رُبَّ أَخٍ لَمْ تَلِدْهُ أُمُّكَ» ‹مثل›** : سەن بىلەن بىر قورساقتا ياتمىغان قېرىنداش ئاز تېپىلىدۇ.

**رُبَّمَا:** ئېهتىمال، مۇمكىن.

**«فَرُبَّمَا تَكُونُ فِي الْمُسْتَقْبِلِ طَبِيبًا بَارِعًا»** : سەن كەلگۈسىدە ماهىر دوختۇر بولۇشۇڭ مۇمكىن.

**رُبَّاحٌ ج رَبَابِيحُ:** ئىتىباش مايمۇن.

**رَبَّانٌ ج رَبَابِنَةٌ:** پاراخوت باشلىقى، ماتروسلار باشلىقى.

**رُبَّانُ كُلِّ شَيْءٍ:** ھەممىسى، تولىسى.

**رُبَّانُ السَّفِينَةِ:** پاراخوت باشلىقى، ماتروسلار باشلىقى.

**«قِيَادَةُ السَّفِينَةِ فِي مِيَاهِ الْمُحِيطِ تَحْتَاجُ إِلَى رُبَّانٍ مَاهِرٍ»** : دېڭىزدا پاراخوت ھەيدەش ماھىر كېمە يېتەكچىسىگە موھتاج.

**رُبَّانِي ج رَبَابِنَةٌ. رَبَابِيْنُ:** كېمە باشلىقى.

**رَبَّانِيٌّ ج رَبَّانِيُّونَ:** ئاللاھقا مەنسۇپ، رەببانىي، خۇدا گۆي.

**«وَلَكِنْ كَانُوا رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنْتُم تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ» ‹قرآن›** : لېكىن (ئۇ): «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن رەببانىي بولۇڭلار» دەيدۇ.

**رَبَّانِيَّةٌ:** خۇدا گۆيلۇق.

**فِيهِ رَبَّانِيَّةٌ:** ئۇ خۇدا گۆيدۇر.

**رَبَّبَ يُرَبِّبُ تَرْبِيبًا الْوَلَدَ:** بالىنى تەربىيىلىدى، باقتى، پەرۋىش قىلدى.

**رَبَّبَ التَّمْرَ:** خورما مۇراببasى ياسىدى.

**رَبَّتَ يُرَبِّتُ تَرْبِيتًا الْوَلَدَ:** بالىنى تەربىيىلىدى، پەرۋىش قىلدى، باقتى.

**رَبَّتَتِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا:** ئايال بالىسىنى ئەللەيلىدى، پەپىلىدى.

**«رَبَّتَ عَلَى كَتِفِهِ»** : مۈرىسىگە ئاستا ئۇرۇپ قويدى.

**رَبَّةٌ ج رَبَّاتٌ:** خانىم، ئايال، خوجايىن، خېنىم، ئاغچا.

**رَبَّةُ الْمَنْزِلِ:** خوجىدار.

**رَبَّةُ الْبَيْتِ:** ئۆي ئىگىسى؛ سىرتتا ئىشلىمەيدىغان ئايال، ئايال ساھىبخان.

**رَبَّةُ الْحُسْنِ:** چىرايلىق ئايال، ساھىبجامال، نازد-

ـنىن.

**رَبَّاتُ الْحِجَالِ** : ئاياللار.

**رُبَّتَ:** ئېھتىمال، مۇمكىن.

**رُبَّتَمَا:** ئېھتىمال، مۇمكىن.

**رَبَّحَهُ يُرَبِّحُ تَرْبِيحًا:** ئۇنى پايدىغا ئېرىشتۈردى.

**رَبَّضَ يُرَبِّضُ تَرْبِيضًا فُلَانًا بِالْمَكَانِ** : مۇقىملاشتۇردى، تۇراقلاشتۇردى.

**رَبَّضَ الدَّابَّةَ:** ھايۋاننى تىزلاندۇردى، چۆكتۈردى.

**رَبَّطَ يُرَبِّطُ تَرْبِيطًا الشَّخْصُ الْحُزْمَةَ:** تېڭىقنى تاڭدى.

**رَبَّعَ يُرَبِّعُ تَرْبِيعًا الشَّيْءَ:** تۆتكە بۆلدى.

**رَبَّعَ الشَّكْلَ:** ئۇنى تۆت چاسا قىلدى.

**رَبَّعَ الْبَيْتَ** : تۆت چاسا ياسىدى، كۋادرات شەكلىدە ياسىدى.

**رَبَّعَ الْعَدَدَ (فِي الرِّيَاضَةِ)** : تۆت ھەسسە قىلدى.

**رَبَّقَ يُرَبِّقُ تَرْبِيقًا** : ئارغامچا بىلەن بويىنىنى باغلىدى.

**رَبَّى يُرَبِّي تَرْبِيَةً الْأَبُ الْوَلَدَ:** دادا بالىنى تەربىيىلىدى، باقتى.

**«وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا» (قرآن)** : ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم ! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن » دېگىن.

**رَبَّى الشَّخْصُ الْمَالَ:** مالنى ئۆستۈردى، كۆپەيتتى.

**رَبَّى يُرَبِّي تَرْبِيَةً:** كىچىك بالىنى ئەقلىي جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئۆستۈردى.

**رَبَّى الْمَاشِيَةَ:** چارۋىنى باقتى.

**رَبَّى التَّمْرَ بِالسُّكَّرِ:** مۇراببا سالدى.

**رِبِّيٌّ ج رِبِّيُّونَ:** ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە بېرىلگەن خۇداگۇي.

**«وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ» (قرآن)** : نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى.

**رُبَيْلٌ ج رَبَايِيلُ:** يولۋاس؛ ئالاقانات، لۈكچەك.

**رَبِتَ يَرْبَتُ رَبَتًا:** سۆزلەشكە قادىر بولالمىدى.

**رَبِحَ يَرْبَحُ رِبْحًا تِجَارَتُهُ:** تىجارىتىدە پايدا ئالدى.

**«أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الضَّلَالَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَتْ تِجَارَتُهُمْ» (قرآن)** : ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى، شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى.

**رَبَحٌ** : ئىتباش مايمۇن.

**رِبْحٌ ج أَرْبَاحٌ:** پايدا، مەنپەئەت، نەپ، ھايات.

**رِبْحٌ إِجْمَالِيٌّ:** ئومۇمىي پايدا.

**رِبْحٌ صَافٍ:** ساپ پايدا.

**رِبْحُ الْمَالِ:** مالنىڭ پايدىسى، ئۆسۈمى، پىرسەنتى.

**رِبْحٌ بَسِيطٌ:** مەبلەغنىڭ پايدىسى.

**رِبْحٌ مُرَكَّبٌ:** مەبلەغنىڭ پايدىسى ۋە شۇ پايدىدىن كىرگەن پايدا.

**اَلْأَرْبَاحُ الْفَاحِشَةُ:** يۇقىرى ئۆسۈم، چوڭ پايدا.

**اَلْأَرْبَاحُ الشَّرْعِيَّةُ:** قانۇنلۇق پايدا.

**اَلْأَرْبَاحُ الْمُتَوَسِّطَةُ:** ئوتتۇرىچە پايدا.

**اَلْأَرْبَاحُ الْأُسْطُورِيَّةُ:** كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك يۇقىرى پايدا.

**حِسَابُ الْأَرْبَاحِ وَالْخَسَائِرِ:** پايدا ـ زىيان ھېساباتى.

**رَبَدَ يَرْبُدُ رُبُودًا:** توختاپ قالدى، تۇرۇپ قالدى.

**رَبِدَ يَرْبَدُ رُبْدَةً:** كۈلرەڭ بولدى، قارا ئۈستىگە قىزىل ۋە ئاق چېكىتلەر ئارىلاشتى.

**رُبْدَةٌ ج رُبَدٌ:** كۈلرەڭ، خۇنۇك، توپارەڭ.

**رَبْدَاءُ:** ئالىچىپار، بوزرەڭ.

**شَاةٌ رَبْدَاءُ:** قارا، قىزىل ۋە ئاق رەڭ ئارىلاشقان ئالا قوي.

**رَبَذَ يَرْبُذُ رَبَذًا:** يېنىك ئىشلىدى، ئەپچىل ئىشلىدى.

**رَبِذَ الرَّجُلُ فِي الْمَشْيِ** : يېنىك ماڭدى.

**رَبَسَ يَرْبُسُ رَبْسًا:** ئۇردى، ئەستەك سالدى، شاپىلاقلىدى.

**رِبْسٌ:** يامان ئىش، ئەسكى ئىش؛ كۆپ، نۇرغۇن،

بىر تالاي.

**رَبَسَاءُ ج رُبْسٌ :** قاتتىق مۇسىبەت.

**رَبِشَ يَرْبِشُ رَبَشًا الْأَرْضُ:** زېمىن يېشىللىققا چۆمۈلدى، يېشىللىققا پۈركەلدى.

**اَلرَّبْشَاءُ:** يېشىللىققا چۆمۈلگەن زېمىن.

**رَبَصَ يَرْبُصُ رَبْصًا:** كۈتتى، ساقلىدى، مۆنتەزىر بولدى، پايلاپ تۇردى.

**رَبَضَ يَرْبِضُ رَبْضًا و رُبُوضًا الْحَيَوَانُ:** هايۋان تىزلاندى، چۆكتى، يۈكۈندى.

**«رَبَضَ الْأَسَدُ عَلَى فَرِيسَةٍ» :** يولۋاس ئوۋ ئۈستىگە تاشلاندى.

**رَبَضَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ أَوْ فِي الْمَكَانِ:** تۇرۇپ قالدى، يەرلىشىپ قالدى.

**رَبَضٌ ج أَرْبَاضٌ:** قوي قوتىنى، ئېغىل ئەتراپى.

**رَبَضُ الْمَدِينَةِ:** شەھەر ئەتراپى، شەھەر سىرتى.

**أَرْبَاضُ الْقَرْيَةِ:** كەنت ئەتراپى.

**رُبْضَةٌ:** ئېغىل، قوتان.

**رَبَطَ يَرْبُطُ و يَرْبِطُ رَبْطًا الدَّابَّةَ:** ئۇلاغنى باغلىدى، ئۇلىدى.

**«وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الْأَقْدَامَ» ‹قرآن› :** (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن.

**رَبَطَ الضَّرِيبَةَ عَلَى الْمُمَوِّلِ:** باجنىڭ مىقدارىنى بېكىتتى.

**رَبَطَ النَّظَرِيَّةَ بِالْعَمَلِ:** نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلىدى.

**رَبَطَ عَلَى:** باغلىدى، يۆگىدى، ئورىدى.

**رَبَطَ الْجُرْحَ:** يارىنى تاڭدى.

**رَبَطَ اللِّسَانَ:** كېكەچلىدى.

**«رَبَطَ اللّٰهُ عَلَى قَلْبِهِ» :** ئاللاھ ئۇنى سەۋرلىك قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىغا خاتىرجەملىك بېغىشلىدى.

**رَبَطَ نَفْسَهُ عَنِ الْفُجُورِ:** ئۆزىنى گۇناھدىن مەنئى قىلدى، ئۆزىنى گۇناھدىن توستى، ئۆزىنى گۇناھدىن چەكلىدى.

**رَبَطَ الشَّخْصَ عَلَى الْأَمْرِ:** ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

**«مِنَ اللَّازِمِ أَنْ يُرْبَطَ الْحَبْلُ بِشِدَّةٍ» :** ئارغامچا چىڭ چىگىلىشى كېرەك.

**اِرْبِطْ لِسَانَكَ:** تىلىڭنى تارت، جىم تۇر.

**رَبْطٌ:** باغلىماق، تاڭماق، چىگمەك، ئۇلىماق.

**رَبْطُ الْأُجْرَةِ:** مۇقىم ئىش ھەققى.

**رَبْطُ الْأَمْوَالِ:** باج ئالماق.

**رَبْطٌ ج رَبَطَاتٌ:** رايون، ئوچاستىكا، كوچا؛ رەستە، جاي، بۆلەك.

**رَبْطَةٌ ج رَبَطَاتٌ و رُبَطٌ:** باغلام، تېڭىق، دەستە، چىگىك، بوغقۇچ.

**رَبْطَةُ السَّاقِ:** پايپاق بوغقۇچ.

**رَبْطَةُ الْعُنُقِ :** گالستۇك.

**رَبَعَ يَرْبُعُ و يَرْبِعُ رَبْعًا شَخْصًا:** مېلىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالدى.

**رَبَعَ الثَّلَاثَةَ:** تۆتىنچىسى بولدى.

**رَبَعَ الشَّخْصُ الْحَجَرَ:** كۈچىنى سىناش ئۈچۈن تاشنى كۆتۈردى.

**رَبَعَ يَرْبَعُ رُبُوعًا الرَّبِيعُ:** باھار كەلدى.

**رَبَعَ الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ:** مەلۇم جايدا تۇردى، يەرلەشتى، تۇرۇپ قالدى.

**رَبَعَ الْمَكَانُ:** جاي مول بولدى، مولچىلىق بولدى، باياشات بولدى.

**رَبَعَتِ الْإِبِلُ:** تۆگە يايلاقتا ئەركىن ئوتلىدى.

**رَبَعَتِ الدَّابَّةُ:** ئۇلاغ چاپتى.

**رَبَعَتْ عَلَيْهِ الْحُمَّى:** قىزىتمىسى تۆت كۈندە بىر قوزغالدى.

**اِرْبَعْ عَلَى نَفْسِكَ:** ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇر.

**رَبْعٌ. رَبْعَةُ الْقَامَةِ:** ئوتتۇرا بوي.

**رِبْعٌ ج أَرْبَاعٌ وَ رُبُوعٌ وَرِبَاعٌ وأَرْبُعٌ:** كىشىلەر توپى، جامائە، بىر توپ كىشى.

**حُمَّى الرِّبْعِ:** قايتىلما كېزىك.

**رَبْعٌ ج رُبُوعٌ وَرِبَاعٌ:** ئەتىيازدا تۇرۇشقا خاس جاي، يازلىق ساراي؛ چوڭ ساراي، چوڭ قورۇ ۋە

ئۇنىڭ تەۋەلىكى ھەم ئەتراپى، ئائىلە ـ تاۋابىئات، قەۋم ـ قېرىنداشلار؛ مەھەللە؛ ئوتتۇرا بوي.

«أَقَمْنَا سُورًا حَوْلَ رَبْعِنَا» : بىز ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا تام ئەتتۇق.

رُبْعٌ ج أَرْبَاعٌ: تۆتتىن بىر.

«وَلَهُنَّ الرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَكُمْ وَلَدٌ» ‹قرآن› : ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن تۆتتىن بىرى تېگىدۇ.

رُبْعٌ: پەسىل.

رُبْعٌ سَنَوِيٌّ: پەسىللىك.

رُبْعُ الدَّائِرَةِ: چارەك.

«إِنَّ الْوُصُولَ إِلَى بَيْتِهِ لاَ يَسْتَغْرِقُ سِوَى رُبْعِ سَاعَةٍ» : بۇ يەردىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا پەقەت چارەك سائەتلا كېتىدۇ.

رَبْعَةٌ ج رَبَعَاتٌ: ئوتتۇرا بوي.

رُبْعَةٌ: تۆتتىن بىر.

رُبْعِيٌّ: پەسىللىك.

رُبْعِيَّةٌ: پەسىللىك.

رَبَغَ يَرْبَغُ رَبْغًا الْقَوْمُ فِى النَّعِيمِ: باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

رَبُغَ يَرْبُغُ رَبَاغَةً الشَّيْءُ: كۆپەيدى، كۆپ بولدى.

رَبِغَ يَرْبَغُ رَبَغًا عَيْشُهُ: تۇرمۇشى پاراۋانلاشتى، كەڭ بولدى.

رَبِغٌ: ھاياسىز، يۈزى قېلىن، قىلىقسىز.

رَبَقَ يَرْبُقُ و يَرِبُقُ رَبْقًا الرَّجُلُ دَابَّةً: ئارغامچا بىلەن ھايۋاننى باغلىدى.

رِبْقٌ ج أَرْبَاقٌ وَ رِبَاقٌ: سىرتماق، كەمەن، ئارقان، سالما، قاپقان.

هُوَ فِى رِبْقِ الْحَيَاةِ: ئۇ ھېلىمۇ ھايات.

رِبْقَةٌ ج رِبَاقٌ وَرِبَقٌ: ئېغىرچىلىق، قىيىن كۈنلەر، خاپىلىق.

رِبْقَةُ الْإِسْتِعْمَارِ: جاھانگىرنىڭ سىرتمىقى.

حَلَّ رِبْقَتَهُ: ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇشكۇلاتلارنى ئاسانلاشتۇردى.

رَبِكَ يَرْبَكُ رَبَكًا: قايمۇقتى، ئالاقزادە بولدى، تەمتىرەپ قالدى، گاڭگىراپ قالدى؛ مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى، قالايمىقان بولۇپ كەتتى.

رَبَكَ يَرْبُكُ رَبْكًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، نەرسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

رَبَكَهُ: ئۇنى پاتقاققا ئىتتىرىۋەتتى.

رَبَكٌ: گاڭگىراش، تەمتىرەش.

رَبَلَ يَرْبُلُ و يَرْبِلُ رَبْلاً الْقَوْمُ: كۆپەيدى، نەسلى ئاۋۇدى.

رَبَلَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال سەمرىپ كېلەڭسىز بولۇپ قالدى.

رَبِلٌ: سېمىز، سېمىزلىك.

رَبْلَةُ السَّاقِ ج رَبَلاَتٌ: پاچاق مۇسكۇلى.

رَبْوٌ ج أَرْبَاءٌ: دەم سىقىلىش كېسىلى، زىققا.

اَلرَّبْوُ الشَّعْبِيُّ: كاناي ياللۇغى.

رُبُوبَةٌ: خوجايىنلىق.

رُبُوبِيَّةٌ: پەرۋەردىگارلىق.

«لِلّٰهِ الرُّبُوبِيَّةُ الْكَامِلَةُ» : مۇكەممەل پەرۋەردىگارلىق ئاللاھقا خاستۇر.

رِبْوَةٌ ج رُبىً: تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

رِبْوَةٌ ج رِبىً: ئون مىڭ، بىر تۈمەن.

رَبْوَةٌ: بىر مىليون، مىليونلىغان؛ ئېگىز جاي، تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

«وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ ذَاتِ قَرَارٍ وَمَعِينٍ» ‹قرآن› : ئۇلارنى تۇپتۇز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

رَبُوضٌ ج رُبُضٌ: چوڭ دەرەخ، ئاھالىسى كۆپ كەنت.

رَبُونٌ: كاپالەت، كاپالەت نەرسە.

رَبَوِيٌّ: جازانىغا مەنسۇپ، ئۆسۈمگە تەۋە.

«حَرَّمَ الْإِسْلاَمُ الْمُعَامَلاَتِ الرَّبَوِيَّةَ» : ئىسلام دىنى جازانىۋىي مۇئامىلىنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان.

رَبِيَ يَرْبَى رَبْوًا و رُبُوًّا و رَبَاءً و رَبِيًّا

الصَّغِيرُ: بالا ئۆسۈپ يېتىلدى.

رَبِيبٌ ج أَرِبَّاءُ وَ أَرِبَّةٌ: ئۆگەي ئوغۇل.

رَبِيبَةٌ ج رَبِيبَاتٌ و رَبَائِبُ: ئۆگەي قىز.

«وَرَبَائِبُكُمُ اللَّاتِي فِي حُجُورِكُمْ مِنْ نِسَائِكُمُ اللَّاتِي دَخَلْتُمْ بِهِنَّ» «قرآن» : سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ ( باشقا ئەردىن بولغان ) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس ، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىشى هارام قىلىنىدى.

رَبِيثَةٌ ج رَبَائِثُ: مەقسەتكە يېتىشتە توسالغۇ بولىدىغان نەرسە؛ ئالدامچىلىق، هىيلىگەرلىك.

رَبِيحٌ: پايدىلىق مال ياكى ئىش.

رَبِيسٌ: قەهرىمان، باتۇر؛ بالايىئاپەت، بەختسىزلىك، پالاكەتچىلىك.

رَبِيضٌ: مال پادىسى، قوي پادىسى.

رَبِيطٌ: باغلاپ قويۇلغان، باغلانغان؛ زاهىد، راهىب، دانا، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى.

رَبِيطَةٌ ج رَبَائِطُ: باغلاپ قويۇلغان ئۇلاغ.

رَبِيعٌ ج أَرْبِعَةٌ: باهار پەسلى، ئەتىياز، كۆكلەم.

«فِي الرَّبِيعِ تَتَفَتَّحُ الْأَزْهَارُ» : باهاردا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىدۇ.

«أَنْبَتَ الرَّبِيعُ الزَّهْرَ» : ئەتىيازدىكى يامغۇر گۈللەرنى ئۆستۈردى.

رَبِيعُ الْأَوَّلِ: هىجرىيە 3- ئاي رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى.

رَبِيعُ الثَّانِي أَوْرَبِيعُ الْآخِرِ: هىجرىيە 4- ئاي، رەبىئۇسسانى، رەبىئۇلئاخىر.

زَهْرَةُ الرَّبِيعِ: نورۇزگۈل.

رَبِيعَةٌ: گۈللۈك، گۈللۈك باغچا.

رَبِيعِيٌّ: ئەتىياز، باهار پەسلى، باهار پەسلىنىڭ، باهار پەسىللىك.

رَبِيقَةٌ: سالما بىلەن تۇتۇلغان ياۋايى هايۋان.

رَبِيكٌ: قېتىقا سېرىق ماي، خورما ۋە سۇ قويۇلۇپ ئېتىلىدىغان ئېچىملىك.

اَلرَّبِيكُ مِنَ الرِّجَالِ: مالىماتاڭ ئادەم.

رَبِيكَةٌ ج رَبَائِكُ: لاي سۇ؛ سۇيۇق قايماق؛ مالىماتاڭ ئىش، مۇجمەل ئىش.

رَبِيلٌ: سېمىز ؛ يالغۇز بولاقچى.

رَبِيلَةٌ: باياشات، مول، سېمىزلىك، هۆلچىلىك.

رَبِيٌّ. رَبِيئَةٌ ج رَبَايَا: رازۋېدكىچى قوشۇن.

رِتَاجٌ ج رُتُجٌ: دەرۋازا، چوڭ ئىشىك، قوۋۇق، دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى.

رَتَاجَةٌ ج رَتَائِجُ: ئۆتكەل، مۇهىم ئېغىز؛ تاش؛ چىغىر يول.

رَتَبَ يَرْتُبُ رَتْبًا وَ رُتُوبًاوَرَتَابَةً فِى الصَّلَاةِ: نامازدا تۈز تۇردى؛ نامازدا قىيامدا تۇردى.

رَتَبَ الشَّيْءَ: مۇستەهكەم بولدى، مۇقىم بولدى، چىڭ تۇردى.

رَتَبَ الْأَمْرُ: ئىش مۇقىملاشتى.

رَتَبَ الشَّخْصُ بِالْبَلَدِ: مەلۇم شەهەردە تۇرۇپ قالدى، يەرلىنىپ قالدى.

رَتَبٌ: كۆتۈرۈپ چىقماق.

رَتِبٌ: ئاددى، تېتىقسىز، مەنىسىز، بىرلا خىل.

رُتْبَةٌ ج رُتَبٌ: تۇر، كاتېگورىيە؛ دەرىجە، مەرتىۋە، ئورۇن، ئۇنۋان.

«لَكَ فِي نَفْسِي رُتْبَةٌ عَالِيَةٌ» : سېنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنۇڭ يۇقىرى.

رُتْبَةُ الشَّرَفِ: ئۇستۇنلۇك دەرىجىسى.

رُتْبَةُ الْعَشَرَاتِ: ئونلار خانىسى، ئونلۇق سان.

رُتْبَةُ الْمِئَاتِ: يۈزلەر خانىسى، يۈزلۈك سان.

رُتْبَةُ الْجَامِعِيَّةِ: ئىلمىي ئۇنۋان.

رُتْبَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: هەربىي ئۇنۋان.

رَتَّ يَرَتُّ رَتَّةً وَرَتَتًا الشَّخْصُ: كېكەچلىدى، تۇتۇتلىدى.

رَتَّبَ يُرَتِّبُ تَرْتِيبًاالشَّيْءَ: ئورۇنلاشتۇردى، مۇقىملاشتۇردى.

رَتَّبَ الرَّجُلَ: ئۇز ئورنىغا قويدى، بېكىتتى.

رَتَّبَهُ: ئۇنى رەتلىدى، تەرتىپكە سالدى، ئورۇنلاشتۇردى.

«رَتَّبَ كُتُبَهُ فِي الْخِزَانَةِ» : جاۋەندىكى كىتاب-

لىرىنى رەتلىدى.

**رَتَّبَ الْجُنْدَ:** قوشۇننى تەرتىپكە سالدى.

**رَتَّبَ عَلَى الْحُرُوفِ الْهِجَائِيَّةِ:** ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزدى.

**«رُتِّبَ لَهُ مِائَةُ دِينَارٍ فِي الشَّهْرِ» :** ئۇنىڭغا ئايدا يۈز دىنار بېرىش قارار قىلىندى.

**رَتَّلَ يُرَتِّلُ تَرْتِيلاً الْقَارِئُ الْقُرْآنَ:** قۇرئاننى تەجۋىد بىلەن ئوقۇدى.

**«رَتَّلَ عَلَى مَسَامِعِكُمْ» :** قۇرئان كەرىمنى سىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بەردى، قۇرئان كەرىمنى سىلەرگە ئوقۇدى، (رادىئودا قۇرئان كەرىم ئوقۇلۇپ ئاياغلاشقاندا ئېيتىلىدىغان سۆز).

**«وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلاً» ‹قرآن› :** قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (دانە ـ دانە) ئوقۇغىن.

**رَتَجَ يَرْتُجُ رَتْجًا الْبَابَ:** ئىشىكنى تاقىدى، ئىشىكنى ياپتى.

**رَتَجَ يَرْتُجُ رَتَجَانًا الْوَلَدُ:** بالا ئاستا تەمتىرەپ ماڭدى.

**رَتِجَ يَرْتَجُ رَتَجًا:** تۇساتتىن توختاپ قالدى، سۆزلەش قىيىن كەلدى.

**رَتِجَ الْخَطِيبُ:** سۆزلىگۈچىگە سۆز قىيىن كەلدى.

**رِتْجٌ:** قاتنىغىلى بولمايدىغان يول، ماڭغىلى بولمايدىغان يول؛ ئامانەت قويۇلغان پۇل، زاپاس پۇل، ساقلانغان پۇل.

**رَتَخَ يَرْتَخُ رُتُوخًا الْعَجِينُ:** خېمىر بوش بولۇپ قالدى.

**رَتَخَةٌ:** پاتقاق.

**رَتَعَ يَرْتَعُ رَتْعًا وَ رُتُوعًا:** باياشات ياشىدى، يايرىدى، ئويناپ ـ كۈلدى، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈردى.

**«أَرْسِلْهُ مَعَنَا غَدًا يَرْتَعْ وَ يَلْعَبْ» ‹قرآن› :** ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن.

**رَتَعَتِ الْمَاشِيَةُ:** ئۇلاغ ئوتلىدى.

**رَتَقَ يَرْتُقُ و يَرْتِقُ رَتْقًا الشَّيْءَ:** ياماق سالدى، يامىدى، تۈزىدى، رېمونت قىلدى، ئوڭلىدى، تىكتى.

**رَتَقَ فَتَقَهُمْ:** ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزىدى، ئۇلارنى ئەپلەشتۈردى.

**رَتَقَ الشَّيْءَ:** ئەتتى، توستى.

**رَتْقٌ:** ياماق، يامىماق؛ پۈتۈن، تولۇق، ھىم، تۇتاش.

**«أَوَلَمْ يَرَالَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا فَفَتَقْنَاهُمَا» ‹قرآن› :** كۇففارلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق.

**رَتَكَ يَرْتُكُ و يَرْتِكُ رَتْكًا الْبَعِيرُ:** تۆگە تېز ماڭدى.

**رَتِلَ يَرْتَلُ رَتَلاً الشَّيْءُ:** تەرتىپلىك بولدى، تىزىلدى.

**رَتَلَ يَرْتَلُ رَتَلاً الْكَلاَمَ:** تەرتىپلىك سۆزلىدى.

**رَتَلٌ ج أَرْتَالٌ:** سەپ، قاتار، توپ، تۈركۈم (ئات ۋە ماشىنىلارنىڭ).

**«تَجَمَّعَتْ أَرْتَالُ السَّيَّارَاتِ فِي نُقْطَةِ الْحُدُودِ اِنْتِظَارًا لِعُبُورِهَا» :** چېگرا پونكىتىدا ئۆتۈشنى كۈتۈپ ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ كەتتى.

**رَتِلٌ:** تەرتىپلىك، رەتلىك؛ چىرايلىق سۆز؛ ياخشى نەرسە؛ ئاپئاق رەتلىك چىش.

**رَتَمَ يَرْتِمُ رَتْمًا الشَّيْءَ:** سۇندۇرۇۋەتتى.

**رَتَمَ فِى الْقَوْمِ:** قەۋمىنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلدى.

**رَتَمَةٌ ج رَتْمٌ ورِتَامٌ:** بارماققا چىگىلگەن ئەسلەش يىپى (ئىشنى بارماققا يىپ چىگىپ خاتىرىلەش).

**رَتَنَ يَرْتُنُ رَتْنًا الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ:** ئارىلاشتۇردى، ئىلەشتۈردى.

**رَتْوَةٌ:** كىچىككىنە ۋاقىت؛ يۈكسەك شەرەپ، بۈيۈكلۈك؛ ھۆكۈمدار؛ ئالدىدىكى مەرتىۋە؛ قاتتىق چىگىك؛ قەدەم.

**رُتُوعٌ:** باياشات ياشىماق، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرمەك.

**رُتُوقٌ:** شان ـ شەرەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت.

**رَتِيبٌ:** ئاددى، تېتىقسىز، مەنىسىز، بىر خىللا.

**عَيْشٌ رَتِيبٌ:** مەنىسىز تۇرمۇش، بىرخىللا

ئۆتىدىغان ئادى تۇرمۇش.

**حَرَكَةٌ رَتِيبَةٌ:** مۇقىم ھەرىكەت، بىر خىل ھەرىكەت، ئۆزگەرمەس ھەرىكەت، ئادەتلەنگەن ھەرىكەت.

**«لَقَدْ مَلَّ حَيَاتَهُ الرَّتِيبَةَ فَاعْتَزَمَ السَّفَرَ إِلَى الْخَارِجِ»:** بىرلا خىل تۇرمۇشتىن زېرىكىپ سىرتقا چىقىشقا بەل باغلىدى.

**رُتَيْلاءُ ج رُتَيْلَاوَاتٌ:** بىرخىل زەھەرلىك چوڭ ئۆمۈچۈك.

**رَتِيمَةٌ ج رَتَائِمُ:** بارماققا چىگىلگەن ئەسلەش يىپى.

**رَثَاءٌ:** ماتەم تۇتماق، (مېيىتكە) يىغلىماق.

**رَثَاثٌ:** جۇل - جۇل كىيىم، ئەبجەق ئۆي سايمانلىرى.

**«فِي هَذَا الْخَبَرِ رَثَاثَةٌ وَرَكَاكَةٌ»:** بۇ خەۋەر گۇمانلىق، راستلىقىدا شەك بار.

**رِثَانٌ:** تۇرۇپ - تۇرۇپ ياغىدىغان يامغۇر، يامغۇر تامچىسى.

**رِثَّةٌ:** مىراس.

**رَثَّ يَرِثُّ رَثَاثَةً الشَّيْءُ:** كونىرىدى، ئەسكىرىدى، چىرىدى.

**رَثَّ الْحَبْلُ:** ئارغامچا كونىرىدى.

**رَثٌّ م رِثَّةٌ ج رِثَاثٌ:** كونا كىيىم؛ كونا ئۆي سايمىنى، كونا ئۆي جاھازلىرى.

**كَلَامٌ غَثٌّ وَ رَثٌّ:** تۇترۇقسىز گەپ.

**رَثَدَ يَرْثُدُ رَثْدًا الْمَتَاعَ:** مال توپلىدى، دۆۋىلىدى، تىزدى.

**رَثَدٌ:** كونا ئۆي سايمان، كېرەكسىز نەرسە.

**رَثَعَ يَرْثَعُ رَثْعًا:** ئاچكۆز بولدى، نەپسانىيەتچىلىك قىلدى، تويمىغۇرلۇق قىلدى.

**رَثَمَ يَرْثِمُ رَثْمًا الْأَنْفَ:** بۇرنىنى قانىتىۋەتتى، كومشىرىنى يېرىۋەتتى.

**رَثْمَةٌ ج رِثَامٌ:** سىم - سىم يامغۇر.

**رَثَى يَرْثُو رَثَاءً الصَّدِيقَ الْمَيِّتَ:** مېيىتكە ماتەم تۇتتى، تەزىيە بىلدۈردى، مېيىتكە يىغلاپ ئارتۇقچىلىقىنى سانىدى.

**رَثَاهُ بِمَرْثَاةٍ:** ئۇنىڭغا مەرسىيە يازدى.

**رَثَى لِحَالِهِ:** ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

**«أَصْبَحَ فِي حَالٍ يُرْثَى لَهَا»:** كىشى ئىچى ئاغرىتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

**رَثَاهُ بِقَصِيدَةٍ:** تەزىيە قەسىدىسى يازدى، مەرسىيە يازدى.

**رَثَاهُ بِكَلِمَةٍ:** مەرسىيە نۇتقى سۆزلىدى.

**رَثِيَ يَرْثَى رَثًا:** زەئىپلىشىپ قالدى، كۆچىدىن قالدى، كۆچى يەتمىدى.

**رَثْيٌ:** ماتەم تۇتماق، (مېيىتكە) يىغلىماق.

**رَثِيئَةٌ:** ئەخمەقلىق، دۆتلۈك، دىۋەڭلىك.

**رَثْيَةٌ:** رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى، ئۆگە ياللۇغى.

**رَثِيثٌ ج رِثَاثٌ :** جۇلجۇل كىيىم، كونا ئۆي سايمانلىرى، ئەسكى - تۇسكى؛ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان يارىدار.

**رَثِيثُ الْهَيْئَةِ:** سالاپەتسىز، كىيىملىرى رەتسىز، ئۇستى - بېشى جۇل - جۇل.

**رَثِيدٌ:** كونا ئۆي سايمان، كېرەكسىز نەرسە.

**رَثِيمٌ:** يەنجىلىپ قان ئاققان بۇرۇن.

**رَثِيَّةٌ:** ئاجىزلىق، كۆچسىزلىك، زەئىپلىك، ئەخمەقلىق، رېماتىزم.

**رَجَا يَرْجُو رَجَاءً:** ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد قىلدى، ئۈمىدۋار بولدى.

**«أَرْجُو أَنْ تُتَرْجِمَ مِنَ الْفِقْرَةِ الْأُولَى حَتَّى الْخَامِسَةِ»:** بىرىنچى ئابزاستىن 5 - ئابزاسقىچە سەن تەرجىمە قىلساڭمىكىن.

**رَجَا لَهُ خَيْرًا:** ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلىدى، ئامەت تىلىدى.

**رَجَا الشَّيْءَ:** قورقتى.

**«وَمَا كُنْتَ تَرْجُو أَنْ يُلْقَى إِلَيْكَ الْكِتَابُ إِلَّا رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ» «قرآن»:** سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغانىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى.

**يُرْجَى التَّفَضُّلُ بِالْعِلْمِ:** مەلۇم بولغايكى، مەخپىي قالمىغايكى، جانابلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى.

www.uyghurkitap.com


**رَجًا. رَجَاءٌ ج أَرْجَاءٌ:** ئەتراپ، تەرەپ، دائىرە، رايون.

**«وَالْمَلَكُ عَلَى أَرْجَائِهَا» ‹قرآن›** : پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ.

**وَاسِعُ الْأَرْجَاءِ:** دائىرىسى كەڭ، كەڭ كۆلەملىك.

**فِي أَرْجَاءِ الْبِلَادِ:** مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا.

**مَكَانٌ مُتَّسَعُ الْأَرْجَاءِ:** ئەتراپى كەڭ كەتكەن جاي.

**رَجَاءٌ ج رَجَوَاتٌ:** ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

**قَطَعَ الرَّجَاءَ:** ئۈمىد ئۈزدى، نائۈمىد بولدى، ئۈمىدسىزلەندى.

**«أَتَيْتُهُ رَجَاءَ أَنْ يُحْسِنَ إِلَيَّ»** : ماڭا ياخشىلىق قىلارمىكىن دەپ كېلىۋىدىم.

**رَجَاةٌ:** ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك.

**رَجَاجٌ:** ئورۇق ئاجىز ئادەم ياكى ھايۋان.

**رَجَاجَةٌ:** ئورۇق ئاجىز ئادەم ياكى ھايۋان، يولۋاس ئۇۋىسى.

**رَجَاجِيلُ:** پىيادە ئەسكەر.

**رَجَاحَةٌ:** ئەستايىدىل، جىددىي، بېسىپ چۈشمەك، ئۈستۈن كەلمەك؛ مۇلايىم.

**رَجَاحَةُ الْعَقْلِ:** چۈشەنچىسى چوڭقۇر.

**«عُرِفَ عُمَرُبْنُ الْخَطَّابِ بِرَجَاحَةِالرَّأْيِ»** : ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن داڭلىق.

**رُجَاحَةٌ:** گۈلەڭگۈچ ئارغامچىسى.

**رِجَازَةٌ:** كاجۋا.

**رِجَالِيٌّ** : ئەرلەرنىڭ ، ئەرلەرگە خاس ، ئەرەنچە.

**«هَذَا الْمَحَلُّ لِبَيْعِ الْمَلَابِسِ الرِّجَالِيَّةِ»** : بۇ ئەرلەر كىيىمىنى ساتىدىغان دۇكان.

**رِجَامٌ:** تاش.

**«وَضَعُوا الرِّجَامَ فَوْقَ الْقَبْرِ»** : قەبرە ئۈستىگە تاش قويۇشتى.

**رَجَبَ يَرْجُبُ رَجْبًا و رُجُوبًا:** ئۇيالدى، ھايا قىلدى، خىجىل بولدى، ئىزا تارتتى، ھېيىقتى، ئەيمەندى، قورقتى.

**رَجِبَ يَرْجَبُ رَجَبًا:** ئۇيالدى، ھايا قىلدى، خىجىل بولدى، ئىزا تارتتى، ئەيمەندى، قورقتى.

**رَجَبٌ ج أَرْجَابٌ وَرِجَابٌ ورُجُوبٌ ورَجَبَاتٌ:** رەجەپ (ھىجرىيىنىڭ 7 ـ ئېيى ) رەجەپ ئاي.

**اَلرَّجَبَانِ:** رەجەپ ۋە شەئبان ئېيى.

**رُجْبَةٌ ج رُجَبٌ:** تىرەك، دىيەك.

**رَجَّ يَرُجُّ رَجًّا الشَّخْصُ الشَّيْءَ:** مىدىرلاتتى، ھەرىكەتلەندۈردى، تەۋرەتتى، سىلكىدى.

**رَجٌّ:** تەۋرەتمەك، قاتتىق سىلكىمەك.

**رَجَّاجٌ:** تىترىگۈچى، تەۋرەتكۈچى، زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگۈچى.

**رَجَّاجَةٌ:** تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى.

**رَجَّاسٌ:** شاۋقۇن ـ سۈرەن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ.

**رَجَّالَةٌ:** پىيادە، ياياق.

**رَجَّبَ يُرَجِّبُ تَرْجِيبًا:** ئەيمەندۈردى، ئۇلۇغلىدى.

**رَجَّةٌ ج رَجَّاتٌ:** سىلكىمەك، تەۋرەتمەك.

**«اِسْتَيْقَظْنَا عَلَى رَجَّةٍ عَنِيفَةٍ»** : قاتتىق تەۋرەشتىن ئويغىنىپ كەتتۇق.

**رَجٌّ:** تەۋرەتمەك، قاتتىق سىلكىمەك.

**«إِذَارُجَّتِ الْأَرْضُ رَجًّا» ‹قرآن›** : ... زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن چاغدا ...

**رَجَّحَ يُرَجِّحُ تَرْجِيحًا أَحَدَالرَّأْيَيْنِ عَلَى الْآخَرِ:** ئىككى پىكىرنىڭ بىرىنى ئىككىنچىسىدىن ئۈستۈن قويدى.

**رَجَّحَ الشَّيْءَ:** ئۇنى تاللىدى، ئارتۇق كۆردى، ئۈستۈن كۆردى، ئەھمىيەت بەردى، تەكىتلىدى.

**رَجَّعَ يُرَجِّعُ تَرْجِيعًا الشَّخْصُ:** قايتۇردى، ياندۇردى.

**رَجَّعَ الْمُؤْمِنُ عِنْدَالْمُصِيبَةِ:** مۇسىبەت كەلگەندە مۆمىن ئادەم «قَالُوا اِنَّا لِلّٰهِ وَ اِنَّا اِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دېدى.

**رَجَّعَ الْمُؤَذِّنُ فِي أَذَانِهِ:** مەزىن ئەزان ئېيتقاندا، « كەلىمە شاھادەت» نى ئاۋازىنى بىر قېتىم تۆۋەن، بىر قېتىم يۇقىرى قىلىپ ئېيتتى.

**رَجَّعَ فِي صَوْتِهِ:** خور ئېيتتى، سازغا تەڭكەش

قىلىپ ناخشا ئېيتتى.

**رَجَّلَ يُرَجِّلُ تَرْجِيلاً الشَّعْرَ:** چېچىنى تارىدى.

**رَجَّمَ يُرَجِّمُ تَرْجِيمًا الْقَبْرَ:** قەبرە ئۈستىگە تاش قويدى.

**رَجَّى يُرَجِّي تَرْجِيَةً الشَّخْصَ:** ئۈمىدلەندۈردى.

**رَجَحَ يَرْجَحُ و يَرْجُحُ و يَرْجِحُ رُجْحَانًا و رُجُوحًا الشَّيْءُ الْمِيْزَانَ:** تارازىنى بېسىپ كەتتى، ئېغىر كەلدى، ئېغىر بولدى.

**رَجَحَ الشَّيْءَ بِيَدِهِ:** نەرسىنى قولى بىلەن دەڭسەدى، بودىدى، مۆلچەرلىدى.

**رَجَحَ عَقْلُهُ:** ئەقلى توشتى.

**رَجَحَ رَأْيُهُ:** پىكرى ئۆتكۈر بولدى.

**رَجَحَ الشَّخْصُ فُلاَنًا:** تەمكىنلىكتە بېسىپ چۈشتى.

**«رَجَحَتْ كَفَّةُ الْمِيزَانِ لَنَا» :** بىز ئۈستۈنلۈك قازاندۇق.

**«رَجَحَتْ إِحْدَى كَفَّتَيِ الْمِيزَانِ الْأُخْرَى أَوْ عَلَى الْأُخْرَى» :** تارازىنىڭ بىر پەللىسى ئىككىنچى پەللىسىنى بېسىپ چۈشتى.

**رُجْحَانٌ :** بىر تەرەپكە ئاغماق، بىر تەرەپ بېسىپ كەتمەك، ئارتۇق كەلمەك.

**«يَظْهَرُ رُجْحَانُ رَأْيِكَ عَلَى رَأْيِهِ» :** سېنىڭ پىكرىڭنىڭ ئۇنىڭ پىكرىنى بېسىپ چۈشۈشى ئېنىق بولىۋاتىدۇ.

**رَجَدَ يَرْجُدُ رَجَادًا:** ئەنجىنى خامانغا توشىدى.

**رَجْرَاجٌ :** لىڭشىغۇچى، تىترىگۈچى، تەۋرىگۈچى، لاغىلدىغۇچى.

**حَوْرٌ رَجْرَاجٌ:** ئاق تېرەك.

**فَتَاةٌ رَجْرَاجَةٌ:** ئىرغاڭلىغۇچى قىز.

**رَجْرَجَ يُرَجْرِجُ رَجْرَجَةً الشَّيْءَ:** مىدىرلاتتى، لىڭشىتتى، تەۋرەتتى، ھەرىكەتلەندۈردى.

**رَجَزَ يَرْجُزُ رَجْزًا الشَّاعِرُ:** شائىر دېكلاماتسىيە قىلدى، شېئىر ئوقىدى.

**رِجْزٌ:** ئىپلاس، كىر، مەينەت، پاسكىنا، نىجىس؛ بۇتقا چوقۇنۇش؛ بالا؛ ئازاب، گۇناھ.

**«لَئِنْ كَشَفْتَ عَنَّا الرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ» «قرآن» :** ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز.

**رَجَزٌ ج أَرْجَازٌ:** شېئىرنىڭ بىر خىل قاپىيىسى، شېئىردىكى رەجەز ۋەزنى.

**رُجْزٌ:** بۇتقا چوقۇنۇش.

**«وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ» «قرآن» :** كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول.

**رَجِسَ يَرْجَسُ ورَجُسَ يَرْجُسُ رَجْسًا ورَجَاسَةً الشَّيْءُ:** سەت ئىش بولدى، مەينەت بولۇپ كەتتى، نىجىس بولدى.

**رَجَسَ يَرْجُسُ رَجْسًا وَ رَجَاسَةً الشَّخْصُ:** ئەسكى ئىش قىلدى.

**رَجَسَ السَّمَاءُ:** ھاۋا گۈلدۈرلىدى.

**رِجْسٌ ج أَرْجَاسٌ:** يامان ئەمەل، قەبىھ ئىش، ناچار قىلىق، رەسۋاچىلىق، بۇزۇقچىلىق.

**«وَيَجْعَلُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لاَيَعْقِلُونَ» «قرآن» :** (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ.

**«إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ» «قرآن» :** ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر.

**رَجِسٌ:** پاسكىنا، مەينەت، ناپاك.

**رَجَعَ يَرْجِعُ رُجُوعًا و رَجْعًا:** قايتتى، قايتىپ باردى، قايتىپ كەلدى، چېكىندى.

**رَجَعَ إِلَى الْأَمْرِ:** قايتىدىن باشلىدى.

**رَجَعَهُ إِلَى بَلَدِهِ:** ئۇنى يۇرتىغا قايتۇردى.

**رَجَعَ عَلَيْهِ :** مۇراجىئەت قىلدى.

**رَجَعَ فِي كَلاَمِهِ:** سۆزىدە تۇرمىدى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى، كېلىشىمنى بۇزدى، لەۋزىدە تۇرمىدى.

**رَجَعَ عَنْ عَزْمِهِ:** ئىرادىسىدىن ياندى.

**رَجَعَهُ عَنِ الشَّيْءِ :** ئۇنى ۋاز كەچكۈزدى.

**رَجَعَ النَّاظِرُ بَصَرَهُ:** تەكرار قارىدى، قايتا ـ قايتا

قارىدى.

**رَجَعَ الْقَهْقَرَى:** كەينىچە چېكىندى.

**رَجَعَ عَلَى فُلَانٍ:** تەلەپ قىلدى.

**رَجَعَ عَنْ غَيِّهِ:** گۇمراھلىقتىن قايتتى، ناتوغرا يولدىن قايتتى.

**رَجَعَ عَلَى عَقِبَيْهِ:** قۇرۇق قول قايتتى.

**رَجَعَ إِلَى نَفْسِهِ:** ھوشىنى تاپتى.

**رَجَعَ إِلَى الصَّوَابِ:** توغرا يولغا قايتتى، توغرا دىنىنى تاپتى.

**رَجَعَ إِلَى الْمُعْجَمِ:** لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلدى.

**رَجَعَ اللّٰهُ الْمَيِّتَ:** ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى.

**رَجَعَ بِخُفَّيْ حُنَيْنٍ** «مثل»: پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمىدى، قۇرۇق قول قايتتى، زىيان تارتتى.

**رَجَعَ إِلَيْهِ فِي الْأَمْرِ:** ئۇنىڭغا يۈزلەندى، ئۇنىڭغا تاياندى، مۇراجىئەت قىلدى.

**رَجَعَتْ بِهِ الذَّاكِرَةُ:** ئېسىگە كەلدى، يادىغا كەلدى.

**«ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ»** «قرآن»: ئاندىن ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر.

**«وَأَخَذْنَاهُمْ بِالْعَذَابِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ»** «قرآن»: ئۇلارنى (كۇفرىدىن) قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازابلار بىلەن جازالىدۇق.

**«فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِنْ فُطُورٍ»** «قرآن»: سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن.

**رَجْعٌ ج رِجَاعٌ:** يامغۇر، پايدا، مەنپەئەت، جاۋاب، قايتماق، ياغماق، چېكىنمەك.

**«لَيْسَ لِي فِي فُلَانٍ رَجْعٌ»:** مەن پالانىدىن ھېچقانداق پايدا كۆزلىمەيمەن.

**«هَذَا رَجْعُ رِسَالَتِكَ»:** بۇ سىزنىڭ خېتىڭىزنىڭ جاۋابى.

**رَجْعُ الصَّوْتِ:** ئەكس سادا.

**رَجْعُ السَّمَاءِ:** يامغۇر.

**رَجْعُ الْبَصَرِ:** كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ۋاقىت، ئازغىنە ۋاقىت، بىر دەم.

**«وَالسَّمَاءِ ذَاتِ الرَّجْعِ»** «قرآن»: يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى.

**«إِنَّهُ عَلَى رَجْعِهِ لَقَادِرٌ»** «قرآن»: شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە) قادىردۇر.

**رُجْعَانٌ:** خەتنىڭ جاۋابى.

**رَجْعَةٌ ج رَجَعَاتٌ:** بىر قېتىم قايتىش.

**لَا رَجْعَةَ لَهُ:** كەلمەسكە كېتىش، چېكىنىش، داجىش.

**خَطُّ رَجْعَةٍ:** چېكىنىش سىزىقى، چېكىنىش لىنىيىسى.

**رُجْعَةٌ، رُجُوعَةٌ:** خەتنىڭ جاۋابى.

**رُجْعَى:** خەتنىڭ جاۋابى؛ قايتىش.

**«إِنَّ إِلَى رَبِّكَ الرُّجْعَى»** «قرآن»: (ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.

**رَجْعِيٌّ:** ئەكسىيەتچىل، كونسېرۋاتىپ، كونىلىقنى ياقلىغۇچى، كونىلىققا ئېسىلىۋالغۇچى.

**قَانُونٌ رَجْعِيٌّ:** سۈرۈشتە قىلىش قانۇنى.

**فِكْرٌ رَجْعِيٌّ:** ئەكسىيەتچىل ئىدىيە.

**بِأَثَرٍ رَجْعِيٍّ:** بۇ قانۇن چىقىرىلىپ مۇئەييەن ۋاقىتقىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**«صَدَرَ هَذَا الْقَانُونُ بِأَثَرٍ رَجْعِيٍّ»:** بۇ قانۇن مۇئەييەن مۇددەتكىچە كۈچكە ئىگە دەپ چىقىرىلدى.

**شَخْصٌ رَجْعِيٌّ:** قالاق ئادەم.

**طَلَاقٌ رَجْعِيٌّ:** قويۇۋەتكەن ئايال بىلەن، ئىددەت مەزگىلىدە نىكاھ قىلماي، مەھرى بەرمەي يارىشىۋېلىش.

**«لَا رَجْعِيَّةَ فِي الْقَرَارِ»:** قارارىدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**رَجَفَ يَرْجُفُ رَجْفًا وَ رُجُوفًا الشَّيْءُ:** تەۋرىدى، لىڭشىدى، مىدىرلىدى، داۋالغۇدى.

**رَجَفَ الشَّخْصُ:** لاغىلدىدى، تىترىدى.

**رَجَفَتْ يَدُهُ:** كېسەللىك ياكى ياش چوڭلۇقتىن

قولى تىترىدى.

**رَجَفَتِ الْحُمَّى:** قىزىتمىدىن تىترەپ كەتتى.

**«يَوْمَ تَرْجُفُ الْأَرْضُ وَالْجِبَالُ» (قرآن):** ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ.

**رَجَفَ بِكَذَا:** پىتنە تېرىدى، يالغان - ياۋىداق خەۋەرلەرنى تارقاتتى.

**رَجْفَةٌ ج رَجَفَاتٌ:** تىترىمەك، سىلكىنمەك، يۈرەك سالماق، تەۋرىمەك.

**«فَأَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ» (قرآن):** ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى.

**رَجْفَةٌ تَشَنُّجِيَّةٌ:** پېيى تارتىشماق.

**رَجِلَ يَرْجَلُ رَجَلاً الْمُسَافِرُ:** مۇساپىر پىيادە ماڭدى، ياياق ماڭدى، يالاڭ ئاياغ ماڭدى، پۇتى ئاغرىدى، پۇتى چوڭقىيىپ كەتتى.

**رَجِلَ الْحَيَوَانُ:** ھايۋاننىڭ بىر پۇتىنىڭ بىر قىسمى ئاق بولدى.

**رَجُلٌ ج رِجَالٌ:** ئەركىشى، ئەركەك.

**رَجُلُ الْإِسْعَافِ:** قۇتقۇزۇش خادىمى.

**رَجُلٌ فِي الرِّجَالِ:** ئوغۇل بالا، مەرد، نوچى يىگىت.

**رَجُلُ الْبُولِيسِ:** ساقچى.

**رَجُلُ السَّاعَةِ:** مۇئەييەن ۋاقىتتا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئادەم.

**رَجُلُ الْمَطَافِىءِ:** ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى.

**رَجُلُ دَوْلَةٍ:** دۆلەت رەھبىرى.

**رَجُلُ الْعِلْمِ:** ئۆلىما، ئالىم، بىلىملىك.

**رَجُلُ السِّيَاسَةِ:** سىياسىئون.

**رَجُلُ الصَّحَافَةِ:** مۇخبىر، ئاخبارات خادىمى، ژۇرنالىست.

**رَجُلُ الْأَعْمَالِ:** كارخانىچى، سودىگەر.

**رَجُلُ نَكِرَاتٍ:** نامسىز ئادەم، ئاددى ئادەم.

**رَجُلٌ صَرِيحٌ:** ئوچۇق - يورۇق ئادەم.

**«أَنَّهُ رَجُلٌ صَرِيحٌ تَمَامًا لَايَسْتَطِيعُ أَنْ يُخْفِيَ شَيْئًا فِي قَلْبِهِ» :** ئۇ تولىمۇ ئوچۇق - يورۇق ئادەم، كۆڭلىدە گەپ ياتمايدۇ.

**رَجُلٌ جَمُوحٌ:** نەپسى - خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم.

**رَجُلٌ سَفْرٌ:** يولۇچى.

**«هَذَا أَرْجَلُ الرَّجُلَيْنِ» :** بۇ ئەركەكنىڭ ئەركىكى.

**رَجْلٌ ج رِجَالٌ:** پىيادە، پىيادە يۈرگۈچى، ياياق.

**«وَأَذِّنْ فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالاً» (قرآن):** كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ ندا قىلغىن، ئۇلار پىيادە كېلىدۇ.

**كِبَارُ رِجَالِ الدَّوْلَةِ :** دۆلەت ئەربابلىرى، دۆلەت رەھبەرلىرى.

**رِجَالٌ ج رِجَالاَتٌ:** ئەرباب.

**«أُقِيمَتْ اِحْتِفَالاَتٌ بِمُنَاسَبَةِ الْعِيدِ الْوَطَنِيِّ حَضَرَهَا رِجَالاَتُ الْبَلَدِ» :** دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشقان يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلدى.

**رِجْلٌ ج أَرْجُلٌ:** پۇت، قەدەم، پاچاق، ئاياغ.

**قَائِمٌ عَلَى رِجْلٍ:** مۇھىم ئىش ئۈچۈن تۇردى.

**اِنْقَطَعَتِ الرِّجْلُ:** يول بوشاپ قالدى.

**لَايَعْرِفُ يَدَ الشَّيْءِ مِنْ رِجْلِهِ:** ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان گول ئادەم.

**«كَانَ ذَلِكَ عَلَى رِجْلِ فُلاَنٍ» :** پالانىنىڭ دەۋرىدە بولغان.

**«يُقَدِّمُ رِجْلاً وَ يُؤَخِّرُ أُخْرَى» (مثل):** ئىككىلىنىپ تۇرغۇچى، ئارىسالدى بولۇپ تۇرغۇچى.

**«أَكَلُوا مِنْ فَوْقِهِمْ وَمِنْ تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ» :** ئۇلارغا بەخت ياغدى.

**رِجْلٌ ج أَرْجَالٌ:** توپ (بېلىق، قۇش، ھەرە قاتار- لىقلارنىڭ).

**رِجْلُ الْأَرْنَبِ:** سېرىق ئوت.

**رِجْلُ الْجَرَادِ:** زەرنەپ دەرىخى.

**رِجْلُ الذِّئْبِ:** پىلائون (ئۆسۈملۈك).

**رِجْلُ الْقِطِّ:** بارماقگۈل.

**رِجْلُ الْيَمَامَةِ:** گۈلەمبەر.

**رِجْلُ الْجَبَّارِ:** ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى.

**رِجْلُ الْجَوْزَاءِ:** ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



**رِجْلُ الْحَمَامِ:** بوياقتا خام ئەشيا قىلغىلى بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**رِجْلُ الْغُرَابِ:** ياۋروپادا ئۆسىدىغان بىر خىل كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك.

**«هَاجَمَتْ أَرْجَالُ الْجَرَادِ الزَّرْعَ فَأَهْلَكَتْهُ»:** چېكەتكىلەر توپى زىرائەتكە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى نابۇت قىلدى.

**رَجْلَانُ ج رَجْلَى و رَجَالَى:** پىيادە ماڭغۇچى.

**رِجْلَةٌ:** سېمىز ئوت.

**رُجْلَةٌ. رُجْلِيَّةٌ:** (ئەر كىشى) ياش قۇرامىغا توشماق، بالاغەتكە يەتمەك، باتۇرلۇق، ئەۋقىرانلىق.

**رَجُلَةٌ:** ئىلىم مەرتىۋەتتە يېتىلگەن ئايال.

**«كَانَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهَا رَجُلَةَ الرَّأْيِ»:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىلىم مەرتىۋەتتە يېتىلگەن ئايال ئىدى.

**رَجَمَ يَرْجُمُ رَجْمًا الشَّخْصَ بِالْحِجَارَةِ:** چالما-كېسەك قىلدى، تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

**«لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ لَأَرْجُمَنَّكَ» «قرآن»:** ئەگەر سەن (دەۋىتىڭنى) توختاتمىساڭ، سېنى چوقۇم تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن.

**رَجَمَ بِالْغَيْبِ :** قارىسىغا سۆزلىدى، پەرەز قىلدى.

**رَجَمَ بِالْقَوْلِ :** تىللىدى.

**رَجَمَ الْمُذْنِبَ:** گۇناھكارنى قوغلىۋەتتى.

**رَجَمَ الْقَبْرَ:** قەبرە ئۈستىگە تاش قويدى.

**رَجَمَ بِالظَّنِّ:** گۇمان قىلدى ، قارىسىغا سۆزلىدى.

**رَجْمٌ:** چالما - كېسەك قىلماق، تاش ئېتىپ ئۆلتۈرمەك.

**رَجْمٌ ج رُجُمٌ:** مېتورىت.

**رَجْمٌ ج رِجَامٌ:** گۆر، قەبرە؛ ئوچاق؛ قۇدۇق.

**رَجَمٌ :** گۆر، قەبرە؛ ئوچاق؛ قۇدۇق.

**رَجْمٌ ج رُجُومٌ:** تاشقا ئوخشاش ئاتىدىغان نەرسە.

**«وَجَعَلْنَاهَا رُجُومًا لِلشَّيَاطِينِ» «قرآن»:** ... ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق.

**«وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ رَجْمًا بِالْغَيْبِ» «قرآن»:** بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر).

**رُجْمَةٌ ج رِجَامٌ:** قەبرە تېشى.

**«وَضَعُوا الرِّجَامَ فَوْقَ الْقَبْرِ» :** ئۇلار قەبرە ئۈستىگە تاش قويدى.

**رَجَنَ يَرْجُنُ رُجُونًا بِالْمَكَانِ:** مەلۇم ئورۇندا تۇردى، توختىدى.

**رَجَنَ الْحَيَوَانُ:** ھايۋان كۆندى.

**رَجَنَ يَرْجُنُ رَجْنًا الدَّابَّةَ:** ئۇلاغنى قولدا ئوت بېرىپ باقتى؛ ئۇلاغنى سولاپ قويۇپ ياخشى باقماي ئورۇقلاپ كەتتى.

**رَجِنَةٌ:** ئۇنىڭدىن ئۇيالدى، خىجىل بولدى، ھايا قىلدى.

**رَجَنَ يَرْجُنُ رُجُونًا بِالْمَكَانِ:** مەلۇم ئورۇندا تۇردى.

**رَجَنَ الْحَيَوَانُ:** ھايۋان بىر ئورۇنغا كۆندى، ئۆگۈندى.

**رَجَهَ يَرْجِهُ رَجْهًا:** مىدىرلىدى، ئىرغاڭلىدى، تەۋرەندى.

**رُجُوعُ فَحْمٍ:** داشقال، ئەكس سادا، جاۋاب قايتۇرۇش.

**رُجُولَةٌ:** (ئەركىشى) ياش قۇرامىغا توشماق، بالاغەتكە يەتمەك، باتۇرلۇق، ئەۋقىرانلىق.

**رُجُولِيَّةٌ:** ياش قۇرامىغا توشماق، بالاغەتكە يەتمەك، باتۇرلۇق، ئەۋقىرانلىق، ئەركەكلىك، يىگىتلىك.

**رَجِيَ يَرْجَى رَجًا:** سۆزدىن قالدى.

**رَجِيعٌ ج رُجُعٌ:** سوۋۇپ قېلىپ قايتا ئىسسىتىلغان تاماق؛ سەپەردە چارچاپ كەتكەن تۆگە؛ قالدۇرۇلغۇچى، رەت قىلىنغان؛ كۆل؛ تەر؛ دورا ئۆسۈملۈكى؛ كونا كىيىم.

**رَجِيعُ الدَّوَابِّ:** تېزەك، ھايۋانات تېزىكى.

**كَلَامٌ رَجِيعٌ:** رەت قىلىنغان سۆز.

فَحْمٌ رَجِيعٌ: كۆيۈپ قېيىقالغان كۆمۈر.

«إِيَّاكَ وَالرَّجِيعَ مِنَ الْقَوْلِ»: رەت قىلىنىدىغان سۆزدىن ساقلان.

رَجِيعَةٌ ج رَجَائِعُ: يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن تۆگە.

رَجِيلٌ ج أَرْجِلَةٌ وأَرَاجِلُ وَأَرَاجِيلُ: پىيادە ماڭغۇچى، پىيادە كۆپ ماڭغۇچى.

اَلرَّجِيلُ فِى الْكَلَامِ: ئويلاپ يۈرمەستىن تېز پەملىك بىلەن سۆزلەنگەن سۆز.

رَجِيمٌ: لەنەتكەردى، قوغلاندى، مەلئۇن، قارغىش تەگكۈر؛ تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

«فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» «قرآن»: سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن.

رَجِينٌ: ئۆلتۈرگۈچى زەھەر.

رَجِينَةٌ ج رَجَائِنُ: قوشۇن، قىسىم، سەپ، جاماـئە، گۇرۇھ.

رَحَا يَرْحُو رَحْوًا الشَّخْصُ: ئۇن تارتتى.

رَحَا يَرْحُو رَحْوًا الْحَيَّةَ: ئىلانغا ئايلاندى.

رَحًا: يارغۇنچاق، تۈگمەن.

رَحَابَةٌ: ئازادە ۋە كەڭ.

«فُلَانٌ يَتَمَتَّعُ بِرَحَابَةِ صَدْرٍ»: پالانىنىڭ قارنى ـ كۆكسى كەڭ.

رُحَاقٌ: ئېسىل شاراب، ئالىي سورتلۇق هاراق، كۆچلۈك هاراق، شېرىن مەي.

رُحَاقِيٌّ: تاتلىق، شېرىن، مەززىلىك، نازۇ نېمەتـلىك، ئالىي سورتلۇق هاراقتا ئائىت.

رِحَالَةٌ ج رَحَائِلُ: ئىگەر، توقۇم، مۆلە، چوم.

رَحَايَةٌ ج رَحَايَاتٌ: يارغۇنچاق، تۈگمەن.

رَحُبَ يَرْحُبُ رُحْبًا الْمَكَانُ: جاي كەڭ بولدى، كېڭەيدى.

«حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ» «قرآن»: شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان. . .

رَحُبَتْكَ الدَّارُ: هويلا ـ ئارام كەڭتاشا بولدى، ئازادە بولدى.

رَحُبَ بِكَ الْمَكَانُ: جاي ساڭا كەڭتاشا بولدى.

رَحُبَتْ بِلَادُكَ: ۋەتىنىڭ كەڭ بولدى.

رَحِبَ يَرْحَبُ رَحَابَةً الْمَكَانُ: جاي كەڭ بولدى، كېڭەيدى.

رَحْبٌ: كەڭ، ئازادە.

مَكَانٌ رَحْبٌ: ئازادە جاي.

صَدْرٌ رَحْبٌ: كەڭ قورساق.

فُلَانٌ رَحْبُ الْفَمِ: پالانىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ.

رَحْبُ الذِّرَاعِ: جەسۇر، ساباتلىق.

رَحْبُ الْبَاعِ: مەرد، سېخى.

هَذَا الْفِنَاءُ رَحْبٌ جِدًّا: بۇ هويلا ناهايىتى كەڭ.

رَحَبٌ. رُحْبٌ: ئازادە، كەڭ.

عَلَى الرُّحْبِ وَالسَّعَةِ: قارشى ئالىمىز، خۇش كېلىپسىز، مەرھەمەت.

«زِيَارَتُكَ لَنَا عَلَى الرُّحْبِ وَالسَّعَةِ»: سىزنىڭ بىزگە قىلغان زىيارىتىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

رَحْبَةٌ ج رِحَابٌ و رَحَبَاتٌ وَرَحْبٌ: مەيدان، سەينا، بوش يەر، قورۇ، هويلا، بوشلۇق.

«أَخَذَ الْأَطْفَالُ يَلْعَبُونَ فِي الرَّحْبَةِ الْمُجَاوِرَةِ»: باللار يېقىن ئەتراپتىكى مەيداندا ئويناشقا باشلىدى.

رَحْبَةُ الْمَسْجِدِ: مەسچىت سەيناسى.

رِحَابُ الْكَوْنِ: ئالەم بوشلۇقى.

فِي رِحَابِ الرَّسُولِ: مەدىنە مۇنەۋۋەرە مەسچىتى.

اِنْتَقَلَ إِلَى رِحَابِ اللهِ: قازا قىلدى، ۋاپات بولدى.

رَحَّالٌ ج رُحَّلٌ وَرَحَّالٌ: كۆچمەن، ساياھەتچى، يۇرت كېزەر، سەيياھ.

رَحَّبَ يُرَحِّبُ تَرْحِيبًا: قارشى ئالدى، كۈتىۋالدى.

رَحَّبَ الْمَكَانَ: جاينى كېڭەيتتى.

رَحَّلَ يُرَحِّلُ تَرْحِيلًا الشَّخْصَ: كۆچكۈزىۋەتتى، يۆتكىۋەتتى، يولغا سالدى.

**رَحَّلَ الثَّوْبَ** : كىيىمنى بېزىدى، كىيىمگە نەقىش تۇتتى.

**رَحَّلَ الْإِبِلَ**: تۆگىگە چومنى توقىدى، چومنى ئارتتى، چوملىدى.

**رَحَّى يُرَحِّي تَرْحِيَةً الرَّحَّاءُ الرَّحَا** : تۈگمەنچى تۈگمەن ياسىدى.

**رَحْرَاحٌ**: كەڭ، تۈز.

**إِنَاءٌ رَحْرَاحٌ**: كەڭ قاچا.

**رَحَضَ يَرْحَضُ رَحْضًا**: يۇدى.

**رَحَضَ ثَوْبَهُ**: كىيىمنى يۇدى.

**رُحِضَ الْمَحْمُومُ**: قىزىتمىسى ئۆرلىگەن ئادەم تەرلەپ كەتتى.

**رُحَضَاءُ**: قىزىتمىدىن كېيىن چىققان تەر.

**«فَمَسَحَ عَنْهُ الرُّحَضَاءَ» «حديث»** : يۈزىدىن چىققان كۆپ تەرنى ئېرتتى.

**رَحَلَ يَرْحَلُ رَحْلاً و رَحِيْلاً وَتَرْحَالاً الشَّخْصُ عَنِ الْبَلَدِ**: يولغا چىقتى، ئاتلاندى، سەپەر قىلدى، كۆچتى.

**رَحَلَ إِلَى رَبِّهِ**: ۋاپات قىلدى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

**رَحَلَ عَنِ الْبَلَدِ**: كۆچۈپ كەتتى، ھىجرەت قىلدى، يۇرتىدىن ئايرىلدى.

**رَحَلَ يَرْحَلُ رَحْلاً الْبَعِيْرَ**: تۆگىگە يۈك ئارتتى.

**رَحْلٌ ج رِحَالٌ وَ أَرْحُلٌ**: توقۇم، ئېگەر، مۆلە، چوم؛ يۈك ـ تاق.

**«فَلَمَّا جَهَّزَهُمْ بِجَهَازِهِمْ جَعَلَ السِّقَايَةَ فِي رَحْلِ أَخِيْهِ» «قرآن»** : يۈسۈف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويدى.

**أَلْقَى رَحْلَهُ**: تۇرۇپ قالدى.

**شَدَّ رَحْلَهُ إِلَى**: . . . غا قاراپ ئاتلاندى.

**حَطَّ رَحْلَهُ**: تۇردى، چۈشتى، تۇرۇپ قالدى.

**أَلْقَى رِحَالَهُ**: تۇرۇپ قالدى.

**«جَمَعَ رِحَالَهُ إِسْتِعْدَادًا لِلسَّفَرِ»** : سەپەرگە تەييارلىنىپ يۈك ـ تاقلىرىنى جەملىدى.

**رِحْلَةٌ ج رِحَلٌ و رِحْلاَتٌ**: ساياھەت قىلماق، زىيارەت قىلماق، ئېكىسكۇرسىيە قىلماق، سەپەر قىلماق؛ ساياھەتنامە.

**«لِإِيْلاَفِ قُرَيْشٍ إِيلاَفِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ»**

**«قرآن»** : قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، . . .

**«هَلْ قَرَأْتَ رِحْلَةَ ابْنِ جُبَيْرٍ»** : ئىبنى جۇبەيرنىڭ ساياھەتنامىسىنى ئوقۇدىڭمۇ؟

**رِحْلَةٌ قَصِيرَةٌ لِلنُّزْهَةِ**: قىسقا ساياھەت، كىچىك سەيلە، سەيلە قىلىش.

**رَحِمَ يَرْحَمُ رَحْمَةً و رَحْمًا و مَرْحَمَةً**: ئىچى ئاغرىدى، شەپقەت قىلدى، رەھمى كەلدى.

**رَحِمَ اللّٰهُ فُلاَنًا**: ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھ مەرھەمەت قىلسۇن.

**رَحِمَهُ اللّٰهُ. اللّٰهُ يَرْحَمُهُ**: ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، رەھمەتلىك (مېيىتنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا).

**رَحِمَتِ الْمَرْأَةُ**: تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بالىياتقۇ ئاغرىدى.

**يَرْحَمُكَ اللّٰهُ**: ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، (چۈشكۈرگەن ئادەم ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز).

**«وَإِلاَّ تَغْفِرْلِي وَتَرْحَمْنِي أَكُنْ مِنَ الْخَاسِرِينَ»**

**«قرآن»** : ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن.

**رَحِمٌ. رَحْمٌ ج أَرْحَامٌ** : بالىياتقۇ، ماتكا؛ تۇغقانلىق، تۇغقانچىلىق.

**حَمْلٌ خَارِجَ الرَّحِمِ** : بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلدار بولۇش.

**قَرَابَةُ الرَّحِمِ**: ئانا تەرەپ تۇغقان، ئانا جەمەت.

**«وَأُولُو الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللّٰهِ» «قرآن»** : ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر.

**«فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ تَوَلَّيْتُمْ أَنْ تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ**

**وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ» «قرآن»** : سىلەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنـ چىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟

**«هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ» «قرآن»** : ئۇ سىلەرنى، بەچچىدانلاردا (يەنى ئانائلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ.

**رُحْمٌ:** توغقانلىق مۇناسىۋەت.

**«فَأَرَدْنَا أَنْ يُبْدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيْرًا مِنْهُ زَكَاةً وَ أَقْرَبَ رُحْمًا» «قرآن»** : شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىـ شىنى ئىراده قىلدۇق.

**رَحْمَةٌ:** مەرھەمەت، رەھمەت، ئىچ ئاغرىتىش، مېھرى ـ شەپقەت، مېھرىبانلىق.

**وَضَعَهُ تَحْتَ رَحْمَتِهِ:** ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلدى، ئۇنى شەپقىتى ئاستىغا ئالدى.

**جَعَلَهُ تَحْتَ رَحْمَتِهِ:** ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلدى.

**تَحْتَ رَحْمَتِهِ:** شەپقىتى ئاستىدا، غەمخورلۇقىدا، ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا.

**«وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً» «قرآن»** : ئۇ ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھرـ مۇھەببەت ئورناتتى.

**رَحْمُوتٌ:** رەھمەت، مېھرىبانلىق، مېھر ـ شەپقەت.

**«رَهَبُوتٌ خَيْرٌ لَكَ مِنْ رَحْمُوتٍ» «مثل»** : بىچا ره بولۇپ ياشىغىنىڭدىن، باشقىلار سەندىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ ياشىغىنىڭ ئەۋزەل.

**رَحُومٌ:** مەرھەمەتلىك، ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان، رەھمەت، مەرھەمەت، ئىچ ئاغرىـ تىش.

**رَحَوِيٌّ:** ئايلانمىلىق، ئايلانما.

**رَحًى ج أَرْحَاءٌ و أَرْحِيَةٌ:** يارغۇنچاق، تۈگمەن؛ ئېزىق چىش.

**دَارَتْ رَحَى الْحَرْبِ** : ئۇرۇش ئۇلغايدى.

**حَجَرُ الرَّحَى:** تۈگمەن تېشى.

**هُوَ رَحَى قَوْمِهِ:** ئۇ قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى.

**دَارَتْ عَلَيْهِ رَحَى الْمَوْتِ** : ئەجەل كەلدى.

**«طَحَنَ الطَّعَامَ بِأَرْحَائِهِ»** : ئۇ ئېزىق چىشلىرى بىلەن تاماقنى يۇمشاتتى.

**رَحِيبٌ:** كەڭ، ئازاده.

**رَحِيبُ الْبَاعِ:** مەرد، سېخى.

**رَحِيبُ الصَّدْرِ:** كەڭ قورساق، سەۋرچان.

**رَحِيقٌ:** ئېسىل شاراب، ئالىي سورتلۇق هاراق، كۈچلۈك هاراق، شېرىن مەي.

**«يُسْقَوْنَ مِنْ رَحِيقٍ مَخْتُومٍ خِتَامُهُ مِسْكٌ» «قرآن»** : ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، ئېچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ هىدى كېلىپ تۇرىدۇ.

**رَحِيقِيٌّ:** تاتلىق، شېرىن، مەززىلىك، نازۇ ـ نېمەتلىك، ئالىي سورتلۇق هاراققا ئائىت.

**رَحِيلٌ:** كۆچمەن؛ يولغا چىقماق، ئاتلانماق، هىجرەت قىلماق، كەتمەك، ئايرىلىپ كەتمەك.

**غَدًا يَوْمُ الرَّحِيلِ:** ئەته يولغا چىقىدىغان كۈن.

**«أَصْبَحَتِ الْقَافِلَةُ مُسْتَعِدَّةً لِلرَّحِيلِ»** : كارۋان سەپەرگە تەييار بولدى.

**اَلرَّحِيلُ عَنِ الْحَيَاةِ:** ئۆلگەن ئادەم، ئالەمدىن ئۆتكەن ئادەم.

**رَحِيمٌ ج رُحَمَاءُ:** مېھرىبان، مېھر ـ شەپقەتـ لىك، كۆڭلى يۇمشاق؛ كۆيۈمچان، مەرھەمەتـ لىك؛ مەرھۇم.

**«مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ» «قرآن»** : مۇھەممەد ئاللاهنىڭ رەسۇلىدۇر ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر ، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر.

**«أُحِبُّ أَنْ أَكُونَ طَبِيبًا رَحِيمًا يُنْقِذُ النَّاسَ مِنَ الْمَرَضِ وَالْأَلَمِ»** : كىشىلەرنى كېسەل ۋە ئازابـ تىن قۇتقۇزىدىغان كۆيۈمچان دوختۇر بولۇشنى ياقتۇرىمەن.

**اَلرَّحِيمُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاه» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**رَخَا يَرْخُو رَخَاءً وَرَخَاوَةً الشَّيْءُ:** كېڭەيدى،

يۇمشىدى، بوشىدى.

**رَخَا عَيْشُهُ:** تۇرمۇشى باياشات بولدى.

**رَخَاءٌ:** پاراۋانلىق، مولچىلىق، ئاۋاتلىق، كەڭ ـ كۇشادىلىق.

**«هُوَ فِي رَخَاءٍ مِنَ الْعَيْشِ» :** ئۇ باياشات تۇرمۇشتا.

**رُخَاءٌ:** مەيىن شامال، غۇر ـ غۇر شامال، سالقىن شامال.

**«فَسَخَّرْنَا لَهُ الرِّيحَ تَجْرِي بِأَمْرِهِ رُخَاءً» (قرآن):** بىز سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە لەرزان ماڭاتتى.

**رَخَاخٌ:** باياشاتلىق.

**عَيْشٌ رَخَاخٌ:** باياشات تۇرمۇش.

**اَلرَّخَاخُ مِنَ الْأَرْضِ:** پۇت پېتىپ كېتىدىغان يۇمشاق يەر.

**رُخَامٌ:** مەرمەر، مەرمەر تاش.

**«غَطَّى مَدْخَلَ بَيْتِهِ بِالرُّخَامِ» :** ئۆيىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى مەرمەر بىلەن قاپلىدى.

**رَخَامَةٌ:** ئاھاڭ، رىتىم، مېلودىيە، مۇقام.

**رَخَاوَةٌ:** يۇمشاقلىق، ئەۋرىشىملىك، رايىشلىق.

**رَخَاوَةُ الْأَرْضِ:** تۇپىنىڭ يۇمشاقلىقى.

**رَخَاوَةُ الْعُودِ:** يۇمشاق ياغاچ.

**رَخْتٌ ج رُخُوتٌ:** ئېگەر.

**رَخَّ يَرُخُّ رَخًّا الشَّيْءَ:** پۇتى بىلەن دەسسەپ يۇمشاتتى.

**رَخَّ الْعَجِينُ:** خېمىر سۈيۇق بولۇپ قالدى.

**رَخَّ يَرُخُّ رُخًّا الشَّرَابَ:** شارابقا سۇ ئارىلاشتۇردى، شارابقا سۇ قاتتى.

**رَخَّ الْمَطَرُ:** يامغۇر قاتتىق ياغدى.

**رَخَّتِ السَّمَاءُ:** ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغدى.

**رَخَّ يَرَخُّ رَخًّا:** قولايلاشتى، يۇمشىدى.

**رُخٌّ ج رِخَاخٌ:** سۇمرۇغ، ئەنقا (ئەرەب پارس چۆچەكلىرىدىكى)؛ توپ (شاھماتنىڭ).

**رُخٌّ مِصْرِيٌّ:** تاز قارا، تاز قوماي، تاپقۇش، غېجىر، سالۋا.

**رَخَاءٌ:** يۇمشاق يەر، پېتىق يەر.

**رَخَّامٌ:** مەرمەر تاش ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچى.

**رَخَّةٌ ج رَخَّاتٌ:** ئۆتكۈنچى يامغۇر.

**رَخَّصَ يُرَخِّصُ تَرْخِيصًا السِّعْرَ:** باھانى چۈشۈردى.

**رَخَّصَ لَهُ فِي الْأَمْرِ:** رۇخسەت بەردى، يول قويدى، ئىزنى بەردى، تەستىقلىدى.

**«رَخَّصَ لَنَا الشَّرْعُ فِي كَذَا» :** ... ھەققىدە شەرىئەت بىزگە رۇخسەت قىلدى.

**رَخَّمَ يُرَخِّمُ تَرْخِيمًا الصَّوْتَ:** ئاۋازنى يېقىملىق چىقاردى.

**رَخَّمَ الشَّيْءَ:** يۇمشاتتى، ئاسانلاشتۇردى.

**رَخَّمَ الْبَيْتَ:** ئۆيگە مەرمەر تاش ياتقۇزدى.

**رَخَّمَ الْإِسْمَ (فى النَّحْوِ):** ئىسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئاخىرىنى قىسقارتتى (بولۇپمۇ چاقىرىق ئۇندەش ئىسىملىرىدا شۇنداق، مەسىلەن: «يَا فَاطِمَةُ» دېيىشنىڭ ئورنىغا «يَا فَاطِمُ» دېيىلگەندەك).

**رَخْرَاخٌ:** خېمىر ۋە لايىنىڭ يۇمشىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**رَخْرَخَ يُرَخْرِخُ رَخْرَخَةً:** بوشاشتۇردى، سۇسلاشتۇردى.

**رَخُصَ يَرْخُصُ رَخْصًا الشَّيْءُ:** ئەرزانلاشتى.

**رَخُصَ يَرْخُصُ رَخَاصَةً و رُخُوصَةً الشَّيْءُ:** يۇمشىدى، سىلىق بولدى.

**رَخُصَتْ بَشَرَتُهَا:** تېرىسى سىلىق بولدى.

**رَخْصٌ:** يۇمشاق، ئەۋرىشىم؛ ئەرزان، باھاسى تۆۋەن؛ يېقىملىق، ئىللىق، مەيىن.

**رُخْصَةٌ ج رُخَصٌ:** رۇخسەت؛ رۇخسەت قىلماق.

**رُخْصَةُ قِيَادَةٍ:** شوپۇرلۇق كىنىشكىسى، پىراۋا.

**رُخْصَةُ بِنَاءٍ:** بىنا سېلىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى.

**رَخُفَ يَرْخُفُ رَخْفًا ورَخِفَ يَرْخَفُ رَخَفًا ورَخُفَ يَرْخُفُ رَخَافَةً الْعَجِينُ:** خېمىر بوش بولۇپ قالدى، سۈيۇق بولۇپ قالدى، يۇمشاق بولۇپ قالدى.

**رَخْوٌ ج رِخَاقٌ:** خام قايماق.

**رِخْلٌ و رَخِلٌ و رَخْلَةٌ:** چىشى ئوغلاق.

**رَخَمَ يَرْخُمُ رَخْمًا وَرَخُمَ يَرْخُمُ رَخَامَةً الصَّوْتُ:** ئاۋاز يېقىملىق ئاڭلاندى، يۇمشاق چىقتى.

**رَخَمَتِ الْمَرْأَةُ وَلَدَهَا:** ئايال بالىسىغا ئىچىندى، ئىچى ئاغرىدى.

**رَخَمَتِ الدَّجَاجَةُ عَلَى الْبَيْضِ:** توخۇ تۇخۇم باستى.

**رَخْمٌ:** تۇخۇم باسماق؛ تۇخۇم باستۇرماق.

**رَخَمٌ ج رُخْمٌ م رَخَمَةٌ ج رَخَمَاتٌ:** تاز قوماي، تازقارا، غېجىر، سالۋا، تاپقۇش.

**رَخِمٌ:** يېقىملىق، مۇڭلۇق، رىتىملىق، قۇلاققا ياقىدىغان.

**رَخُوَ يَرْخُو رَخَاوَةً الشَّيْءُ:** يۇمشىدى، يۇمشاق بولدى، ئەۋرىشىم بولدى.

**رَخُوَ يَرْخُو رَخَاءً الْعَيْشُ:** تۇرمۇش پاراۋان بولدى، كەڭتاشا بولدى.

**رِخْوٌ، رُخْوٌ، رَخْوٌ:** يۇمشاق، ئەۋرىشىم، ئاجىز.

**«عَيْشُنَا اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَخْوٌ»:** بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز خۇداغا شۈكرى قەدىر ئەھۋال.

**رَخِيَ يَرْخَى رَخًى وَرَخَاءً الشَّيْءُ:** يۇمشاق بولدى، ئەۋرىشىم بولدى.

**رَخِيَ الْعَيْشُ:** تۇرمۇش پاراۋان بولدى، باياشات بولدى.

**رَخِيصٌ:** ئەرزان، باھاسى تۆۋەن؛ يۇمشاق، ئەۋرىشىم؛ يېقىملىق، ئىللىق، مەيىن؛ يۇمران.

**سِعْرٌ رَخِيصٌ:** ئەرزان باھا.

**غُصْنٌ رَخِيصٌ:** يۇمران نوتا.

**«بَذَلَ كُلَّ رَخِيصٍ وَغَالٍ فِي سَبِيلِ شَيْءٍ»:** بىر نەرسە ئۈچۈن بار ـ يوقى ھەممىنى سەرپ قىلدى.

**رَخِيمٌ:** يېقىملىق، مۇڭلۇق، رىتىملىق، قۇلاققا ياقىدىغان.

**صَوْتٌ رَخِيمٌ:** مۇڭلۇق ئاۋاز، يېقىملىق ئاۋاز.

**رَخِيٌّ:** كەڭ، يۇمشاق، باياشات.

**عَيْشٌ رَخِيٌّ:** باياشات تۇرمۇش.

**رَخِيُّ الْبَالِ:** خاتىرجەم.

**رِدَاءٌ ج أَرْدِيَةٌ:** رىدا، خالات، يەكتەك، تون، پىلاش.

**رِدَاءُ الشَّبَابِ:** ياشلىقنىڭ گۈزەللىكى.

**غَمْرُ الرِّدَاءِ:** ساخاۋەتچى، قولى كەڭ، سېخى.

**رَدَاءَةٌ:** ناچارلىق، سۈپەتسىزلىك، يامانلىق.

**رَدَاءَةُ الْخَطِّ:** خەتنىڭ سەتلىكى.

**رَدَاءَةُ الطَّقْسِ:** ھاۋانىڭ ناچارلىقى.

**رِدَاحٌ ج رُدُحٌ:** زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق.

**اَلرَّدَاحُ مِنَ النِّسَاءِ:** ساغرىلىق ئايال.

**اَلرَّدَاحُ مِنَ الشَّجَرِ:** چوڭ دەرەخ.

**اَلرَّدَاحُ مِنَ الْكِبَاشِ:** قۇيرۇقلۇق قوشقار.

**اَلرَّدَاحُ مِنَ الْكَتَائِبِ:** چوڭ قوشۇن.

**اَلرَّدَاحُ مِنَ الْجِمَالِ:** يۈكى ئېغىر تۆگە.

**رِدَاغٌ:** سۈيۈق لاي.

**اَلرِّدَافَةُ:** پادىشاھ يوق چاغدا ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەنسەپ، پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلماق.

**رِدَافُ الدَّابَّةِ:** ھايۋاننىڭ ساغرىسى.

**رُدَافَى:** ئۇلاغلىقنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكۈچى، يارەمچىلەر.

**جَاءَ الْقَوْمُ رُدَافَى:** ئارقىمۇ ئارقا كەلدى.

**رُدَامٌ:** كېرەكسىز نەرسە، ئىشقا يارىماس، تاشلاندۇق، كېرەكسىز.

**رَدَأَ يَرْدَأُ رَدْأً الْحَائِطَ:** تامغا تىرەك تىرىدى، تامغا تىرەك قويدى.

**رَدَأَ الرَّجُلَ:** كىشىگە ياردەم بەردى.

**رَدَأَ الْمَاشِيَةَ:** ھايۋاندىن ئوبدان خەۋەر ئالدى.

**رَدُؤَ يَرْدُؤُ و يَرْدِؤُ رَدَاءَةً الشَّيْءُ:** ناچارلاشتى، بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەسكىرەپ كەتتى.

**رَدُؤَ الرَّجُلُ:** ئاجىزلاشتى، زەئىپلەشتى، كۈچىدىن قالدى؛ زەئىپلىشىپ موھتاج بولۇپ قالدى.

**رَدُؤَ الطَّقْسُ:** ھاۋا ناچارلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**رَدُؤَ خَطُّهُ:** خېتى ناچار بولدى، خېتى سەت بولدى.

**رِدْءٌ ج أَرْدَاءٌ:** قوللىغۇچى، ياردەم بەرگۈچى؛ كۈچ ـ قۇۋۋەت، تۇۋرۇك، تايانچ.

**«وَأَخِي هَارُونُ هُوَأَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِي رِدْءًا يُصَدِّقُنِي» «قرآن»:** قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن.

**رَدْبٌ:** خالتا كوچا، تويۇق يول.

**رَدَجَ يَرْدُجُ رَدْجَانًا:** ماڭدى، پۇختا قەدەم باستى.

**رَدَحَ يَرْدَحُ رَدْحًا الشَّيْءُ:** مۇقىملاشتى، پۇختىلاشتى.

**رَدَحَ بِالْمَكَانِ:** يەرلەشتى، تۇرۇپ قالدى.

**رَدَحَ لَهُ:** مۇقىم بولدى، ئىزچىل بولدى.

**رَدَحٌ:** ئۇزاق مۇددەت، ئۇزۇن زامان.

**رَدَحًا طَوِيلًا:** ئۇزۇن زامان، ئۇزاق مۇددەت.

**رَدْحٌ:** يەڭگىل كېسەل؛ تىللىماق، ئاھانەت قىلماق.

**رُدْحَةٌ:** پەردە، چېدىرنىڭ بۆلۈكىگە تارتىلىدىغان پەردە، كەڭلىك.

**رُدْحِيٌّ:** كۆكتاتچى، ئوتياشچى، سەيچى.

**رَدَّ يَرُدُّ رَدًّا:** قايتۇردى، ياندۇردى، چېكىندۈردى، رەت قىلدى، رەددىيە بەردى.

**رَدَّ الشَّيْءَ:** ئۆزگەرتتى.

**رَدَّ عَلَيْهِ بِكَذَا:** جاۋاب بەردى.

**رَدَّ سَلَامَهُ:** سالامىنى ئىلىك ئالدى.

**رَدَّ الدَّيْنَ:** قەرزنى قايتۇردى، قەرز تۆلىدى.

**رَدَّ الظَّالِمَ عَنْ ظُلْمِهِ:** زالىمنى زۇلۇم قىلىشتىن توستى.

**رَدَّ كَلَامَهُ:** ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى.

**رَدَّ شَهَادَتَهُ:** ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى رەت قىلدى.

**رَدَّ النُّورَ:** ئەكس ئەتتۈردى، ئىنكاس قىلدى.

**رَدَّ الصَّوْتَ:** ئەكس سادا قوزغىدى.

**رَدَّ عَنْ عَزْمٍ:** نەسىھەت قىلىپ توستى.

**رَدَّ إِلَيْهِ التَّصَرُّفَ:** باشقۇرۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

**رَدَّ التُّهْمَةَ:** تۆھمەتكە رەددىيە بەردى.

**رَدَّ الْهُجُومَ:** ھۇجۇمنى چېكىندۈردى.

**رَدَّ زِيَارَتَهُ:** جاۋاب زىيارىتى قىلدى.

**رَدَّ طَرَفَهُ:** ئۆيۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى.

**رَدَّ بَصَرَهُ:** ئۆيۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى.

**رَدَّ كَيْدَهُ إِلَى نَحْرِهِ:** ھىيلىسىنى بىتچىت قىلدى، سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى.

**رَدَّهُ عَلَى عَقِبَيْهِ:** ئەسلى ھالىتىگە نائۇمىد ھالدا قايتۇردى.

**«إِنْ تُطِيعُوا الَّذِينَ كَفَرُوا يَرُدُّوكُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ» «قرآن»:** ئەگەر سىلەر كۇففارلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) ياندۇرىدۇ.

**رَدَّ عَلَى الْقَوْلِ:** سۆزنى رەت قىلدى، سۆزگە رەددىيە بەردى.

**رَدَّ الْعَدُوَّ:** دۈشمەنگە قارشى تۇردى، دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسەتتى، دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى.

**رَدَّ الْبَابَ:** ئىشىكنى ياپتى.

**رَدَّ إِلَى مَرْكَزِهِ:** ئەسلىگە كەلتۈردى.

**رَدَّ إِلَى الْغَرِيقِ حَيَاتَهُ:** غەرق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدى.

**رَدَّ الْأَمَانَةَ:** ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇردى.

**رَدَّ الْعَدُوَّ إِلَى أَعْقَابِهِ:** دۈشمەننى چېكىندۈردى.

**رَدَّ الْحَقَّ:** ھەقىقىنى قايتۇرۇپ بەردى.

**رَدَّ الزَّوْجُ مُطَلَّقَتَهُ:** تالاق قىلىنغان ئايالىنى ئۆز ئىلكىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

**لَا يُرَدُّ لَهُ قَوْلٌ:** گېپى ئۆتىدىغان ئادەم.

**رَدٌّ:** قايتۇرماق، ياندۇرماق، رەت قىلماق، رەددىيە بەرمەك، جاۋاب بەرمەك، چېكىندۈرمەك؛ مەسئۇلات.

**كَلَامُكَ رَدٌّ:** سۆزۈڭ رەت قىلىنىدۇ.

**أَخْذٌ وَ رَدٌّ:** ئەتراپلىق مۇھاكىمە، مۇنازىرە، مۇزاكىرە.

**رَدُّ الْحَيَازَةِ:** ئىجارە يەرنى قايتۇرۇۋالماق.

**حَقُّ الرَّدِّ:** رەددىيە بېرىش ھوقۇقى.

**بَعْدَ أَخْذٍ و رَدٍّ:** سودىلاشقاندىن كېيىن، تەكرار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن.

**رَدُّ الصَّوْتِ:** سادا، ئەكس سادا.

**رَدُّ الْفِعْلِ:** ئەكس تەسىر كۆرسەتمەك، رېئاكسىيە بەرمەك، رېئاكسىيە كۆرسەتمەك، تەسىر.

**«جَاءَ رَدُّهُ إِيْجَابِيًّا» :** ئۇنىڭ رەددىيەسى ئىجابىي بولدى.

**«هَذِهِ مَزْرَعَةٌ كَثِيرَةُ الرَّدِّ» :** بۇ ئېتىز كۆپ مەھسۇلاتلىق.

**«اَلْمَوْضُوعُ فِي حَاجَةٍ إِلَى أَخْذٍ وَرَدٍّ» :** بۇ ماۋزۇ كەڭ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك.

**«اِحْتَفَظَ لِنَفْسِهِبِحَقِّ الرَّدِّعَلَىالْخِطَابِ» :** نۇتۇققا رەددىيە بېرىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

**«كَانَ لِهَذِهِ الْحَمْلَةِ رَدُّ فِعْلٍ قَوِيٍّ» :** بۇ ھۇجۇم كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

**رَدًّا عَلَى كَذَا:** جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن.

**رَدٌّ ج رُدُودٌ:** كېكەچلىك؛ كىرىم.

**اَلرَّدُّ مِنَ الدِّرْهَمِ:** ساختا تەڭگە.

**اَلرَّدُّ مِنَ الْأَشْيَاءِ:** ناچار نەرسە.

**رَدَّاحٌ:** جېدەلخور، ئۇرۇشقاق، سوقۇشقاق.

**رَدَّةٌ:** كېپەك ؛ قايتماق.

**رَدَّةٌ نَاعِمَةٌ:** يۇمشاق كېپەك.

**«لَنَا لِهَذَا الْمَوْضُوعِ رَدَّةٌ» :** بىز بۇ ماۋزۇغا قايتىمىز.

**رِدَّةٌ:** ئەكس سادا ؛ مۇرتەد بولۇش، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىش.

**«سَمِعْتُ رِدَّةَ صَوْتِي» :** ئاۋازىمنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلىدىم.

**رِدَّةٌ عَنِ الدِّينِ:** مۇرتەدلىك، ئىسلام دىنىدىن كۈپرىلىققا قايتىش.

**رَدَّدَ يُرَدِّدُ تَرْدِيدًا الْقَوْلَ:** سۆزنى تەكرارلىدى، قايتىلىدى.

**«رَدَّدَ نَظَرَهُ بَيْنَ كَذَا وَكَذَا» :** قايتا ـ قايتا قارىدى.

**«يُرَدِّدُ كَلَامَ الْآخَرِينَ كَالْبَبْغَاءِ» :** ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى شاتۇتىدەك تەكرارلايدۇ.

**رَدَّى يُرَدِّي تَرْدِيَةً:** ئورىغا ئىتتىرىۋەتتى.

**رَدَّاهُ:** ئۇنىڭغا تون كىيگۈزدى.

**رَدَّى عَدُوَّهُ:** دۈشمەننى يىقىتتى.

**رَدَسَ يَرْدُسُ رَدْسًا الْأَرْضَ:** يەرنى قاڭدىدى.

**رَدَسَهُ:** ئۇردى، تاش ئاتتى، كۆندۈردى، بويسۇندۇردى.

**رَدَسَ الشَّيْءَ:** قاقتى.

**رَدَسَ الشَّيْءَ بِالْحَجَرِ:** تاش بىلەن سۇندۇردى.

**رَدَعَ يَرْدَعُ رَدْعًا الْمُخْطِئَ:** توستى، توختاتتى، تىزگىنلىدى، توسۇۋالدى.

**رَدْعٌ:** توسماق، چەكلىمەك.

**رَدَغَ يَرْدَغُ رَدْغًا الْمَكَانُ:** جاي پاتقاق بولۇپ كەتتى.

**رَدْغٌ:** پاتقاق.

**رَدْغَةٌ ج رَدَغَاتٌ وَرَدَغٌ وَرِدَاغٌ:** يېپىشقاق لاي، قاتتىق پاتقاق.

**أَرْضٌ رَدْغَةٌ:** پاتقاق يەر.

**رَدَفَ يَرْدُفُ رَدْفًا الرَّجُلَ:** مىنگەشتى.

**رَدَفَهُ:** ئەگەشتى.

**رَدِفَ يَرْدَفُ رَدْفًا الرَّجُلَ:** ئەگەشتى، كەينىگە كىردى، مىندى، مىنگەشتى.

**«قُلْ عَسَى أَنْ يَكُونَ رَدِفَ لَكُمْ بَعْضُ الَّذِي تَسْتَعْجِلُونَ» «قرآن» :** سىلەر ئالدىراپ كەتكەن ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە يېقىنلاشقان بولۇشى مۇمكىن، دېگىن.

**رَدِفَ لَهُ أَمْرٌ:** بېشىغا بىر ئىش كەلدى.

**رِدْفٌ ج أَرْدَافٌ:** ئارقىسى، ئارقىسىدا، كەينىدە؛ ساغرا، كاسسا؛ ئارقىسىغا مىنگەشكۈچى.

**«أَنْتَ رِدْفِي عَلَى هَذِهِ الدَّابَّةِ» :** سەن بۇ ئۇلاغدىكى مېنىڭ مىنگەشكۈچىمسەن.

**«سَتَكُونُ رِدْفِي فِي هَذِهِ الْمُهِمَّةِ» :** بۇ ۋەزىپىدە سەن مېنىڭ ئەگەشكۈچۈمسەن.

**«كَانَ الْعَرَبُيُفَضِّلُونَ الْمَرْأَةَ السَّمِينَةَالْأَرْدَافِ» :**

www.uyghurkitap.com

ئەرەبلەر ساغرىلىق ئاياللارنى ياخشى كۆرەتتى.

**اَلرِّدْفَانِ:** كېچە ۋە كۈندۈز.

**رَدَمَ يَرْدُمُ و يَرْدِمُ رَدْمًا اَلْحُفْرَةَ:** ئورەكنى تۈزلىدى، تولدۇردى، تىندۇردى.

**رَدَمَ الْبَابَ:** ئىشىكنى ياپتى، ئەتتى.

**رَدَمَ الثَّوبَ:** كىيىمنى يامىدى.

**رَدَمَ يَرْدُمُ رَدْمًا الشَّيْءُ:** داۋاملاشتى، ئاقتى.

**رَدَمَتِ الشَّجَرَةُ:** دەرەخ قۇرۇپ قېلىپ قايتا كۆكلىدى.

**رَدَمَتِ الْحُمَّى:** قىزىتمىسى ئۆرلىدى، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىدى.

**رَدْمٌ:** توسماق، تىندۇرماق، تولدۇرماق؛ بۇزۇلغان تامدىن چۈشكەن نەرسىلەر؛ توساق.

**«فَأَعِينُونِي بِقُوَّةٍ أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا»** «قرآن» : ماڭا ئادەم كۈچى بىلەن ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي.

**رَدَنَ يَرْدِنُ رَدْنًا:** يىپ ئىگىردى.

**رَدَنَ عَلَى الْمِرْدَنِ:** يىپنى يىككە ئىگىردى.

**رَدَنَ الْمَتَاعَ:** يۈكنى تاڭدى.

**رَدِنَ يَرْدَنُ رَدَنًا الْجِلْدُ:** تېرە تارتىشتى، كىرىشتى.

**رُدْنٌ ج أَرْدَانٌ وأَرْدِنَةٌ:** يەڭ، كەڭ يەڭنىڭ ئۇچى.

**قَمِيصٌ وَاسِعُ الْأَرْدَانِ:** يەڭلىرى كەڭ كۆڭلەك.

**فُلَانٌ طَيِّبُ الْأَرْدَانِ:** پالانى ئېسىل، پاك.

**رَدَهَ يَرْدَهُ رَدْهًا غَيْرَهُ:** تاش ئاتتى.

**رَدَهَ الْبَيْتَ:** ئۆينى چوڭايتتى، كەڭرى قىلدى.

**رَدَهَ فُلَانٌ:** باشلامچى بولدى، يېتەكچى بولدى.

**رَدِهٌ:** يېڭىلمەس، جەسۇر، قەتئىي، كەسكىن.

**رَدْهَةٌ ج رَدَهَاتٌ:** زال، ساراي، دالان، كارىدور.

**رَدْهَةُ الْمُحَاضَرَاتِ:** لېكسىيە زالى.

**رَدْهَةُ الْاِسْتِقْبَالِ :** كۈتۈش ئۆيى.

**«اِنْتَظِرْنِي فِي رَدْهَةِ الْبَيْتِ سَأَحْضُرُكَ بَعْدَ الدَّقَائِقِ» :** ئۆينىڭ زالىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن يېنىڭىزدا بولىمەن.

**رَدَى يَرْدِي رَدْيًا و رَدَيَانًا:** يىقىلدى، يوقالدى، ھالاك بولدى، ئۆلدى؛ زىيادە بولدى، ئاشتى، كۆپەيدى.

**رَدَى غَيْرَهُ بِالْحَجَرِ:** تاش ئاتتى.

**رَدِيَ يَرْدَى رَدًى الشَّخْصُ:** يىقىلدى، يوقالدى، ھالاك بولدى، ئۆلدى.

**«فَلَا يَصُدَّنَّكَ عَنْهَا مَنْ لَايُؤْمِنُ بِهَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ فَتَرْدَى»** «قرآن» : قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن، ئۇنداقتا سەن ھالاك بولىسەن.

**رَدًى:** ئۆلۈم.

**«وَقَاكَ اللّٰهُ مِنَ الرَّدَى» :** ئاللاھ سېنى ئۆلۈمدىن ساقلىسۇن.

**رَدِيءٌ ج أَرْدِيَاءُ:** يامان، ناچار، ئەسكى، سۈپەتسىز، بۇزۇق.

**إِنْتَاجٌ رَدِيءٌ:** ناچار مەھسۇلات.

**رَدِيءُ التَّرْبِيَةِ:** ئەخلاقسىز، بىئەدەپ، تەربىيىسى ناچار.

**رَدِيءُ السُّمْعَةِ:** يامان ئاتاق، ئېتى يامان.

**رَدِيءُ الطَّبْعِ:** مىجەزى يامان، مىجەزى ئەسكى، يامان تەبىئەتلىك، قوپال.

**رَدِيدٌ ج رُدُدٌ:** يامغۇر قويۇلغان بۇلۇت.

**اَلرَّدِيدُ مِنَ الْوَجْهِ:** سەت يۈز، سەت چىراي.

**رَدِيغٌ:** ئەخمەق، كالۋا، دۆت.

**اَلرَّدِيغُ:** ئاجىز، ئەخمەق، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان.

**رَدِيفٌ ج رُدَفَاءُ:** ئارقىسى، ئارقىسىغا مىنگەشكۈچى، ئەگەشكەن، ئارقىسىدا كەلگۈچى، زاپاس قىسىم.

**جُنْدِيٌّ رَدِيفٌ:** ئارقا سەپ قوشۇن، زاپاس قوشۇن.

**رَدِيفًا لَهُ:** ... غا ئەگىشىپ.

**رُدَيْنِيٌّ:** نەيزە (رودەينىڭگە مەنسۇپ نەيزە )

**رَذَاذٌ:** سىم - سىم يامغۇر، ئۈتكۈنچى يامغۇر.

**«إِنَّ هَذَا الرَّذَاذَ يُنْذِرُ بِمَطَرٍ مُنْهَمِرٍ» :** بۇ ئۈتكۈنچى يامغۇر قاتتىق يامغۇردىن دېرەك بېرىدۇ.

**رُذَالٌ:** ناچار، ئەسكى، يامان.

**رَذَالَةٌ:** پەسلىك، رەزىللىك.

**رُذَالَةٌ:** ياخشىسى تۆكەپ ناچىرىنىڭ قېلىشى.

**رَذَّ يَرُذُّ و يَرِذُّ رُذَاذًا ـ تِ السَّمَاءُ:** سىم - سىم يامغۇر ياغدى.

**رَذَّلَ يُرَذِّلُ تَرْذِيلاً:** كەمسىتتى، ھاقارەتلىدى، خارلىدى.

**رَذَلَ يَرْذُلُ رَذْلاً الشَّيْءَ:** رەزىل ھېسابلىدى، ناچار ساندى، ئەسكى مىجەزگە تەۋە قىلدى.

**رَذُلَ يَرْذُلُ و رَذِلَ يَرْذَلُ رَذَالَةً الشَّيْءُ أَوِ الشَّخْصُ:** پەسكەش بولدى، نومۇسسىز بولدى، شەرمەندە بولدى، چۈپەي بولدى.

**رَذْلٌ ج أَرْذَالٌ:** پەس، رەزىل.

**رَذَمَ يَرْذُمُ و يَرْذِمُ رَذْمًا الإِنَاءُ:** قاچا توشتى، تولدى.

**رَذِمَ يَرْذَمُ رَذَمًا الإِنَاءُ:** توشتى، تولدى.

**رَذِيَ يَرْذَى رَذَاوَةً:** ھالىدىن كەتتى، ھالسىزلاندى.

**رَذِيلٌ ج رُذَلاءُ:** پەس، رەزىل، نومۇسسىز.

**رَذِيلَةٌ ج رَذَائِلُ :** ئەخلاقسىزلىق، ئەدەپسىزلىك، ناچار قىلىق.

**«تَجَنَّبِ الْكِذْبَ فَهُوَ أُمُّ الرَّذَائِلِ» :** يالغانچىلىقتىن ساقلان، چۈنكى ئۇ، يامان ئىشلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

**رَذِيٌّ ج رُذَاةٌ:** ئاجىز ئورۇقلاپ كەتكەن ئادەم، كېسەل بولۇپ ھالىدىن كەتكەن ئادەم.

**رَذِيَّةٌ ج رَذَايَا:** ئاجىز ئورۇقلاپ كەتكەن ئادەم، كېسەل بولۇپ ھالىدىن كەتكەن ئادەم.

**رَزَامٌ ج رُزَّمٌ:** پۇختا ئادەم، قاتتىق سۆڭەك ئادەم، قىيىق ئادەم.

**اَلرَّزَانُ مِنَ النِّسَاءِ:** تەمكىن، توختاملىق، ئېپپەتلىك ئايال.

**رَزَانَةٌ:** سالماقلىق، تەمكىنلىك، سالاپەتلىك، ئېغىر - بېسىقلىق.

**رَزَأَ يَرْزَأُ رَزْءًا مَالَهُ:** مېلىغا زىيان - زەخمەت يەتتى.

**رَزَأَ يَرْزَأُ رَزْءًا الشَّخْصُ:** پېشكەللىككە ئۇچرىدى، مۇسىبەتكە دۇچار بولدى.

**«مَا رَزَأْتُهُ شَيْئًا» :** ئۇنىڭ ھېچنەرسىسىگە تەگمىدىم.

**رَزِئَ الشَّخْصُ وَلَدَهُ:** بالىسىدىن ئايرىلدى.

**رُزْءٌ ج أَرْزَاءٌ:** بالايىئاپەت، مۇسىبەت، پالاكەت، بەختسىزلىك.

**«أَصَابَهُ رُزْءٌ عَظِيمٌ» :** ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ پېشكەللىك كەلدى.

**رَزَبَ يَرْزُبُ رَزْبًا الْمَكَانَ:** مەلۇم جايدا تۇردى.

**رَزَحَ يَرْزَحُ رَزْحًا وَ رُزُوحًا:** ئاجىزلىدى، ئورۇقلىقىدىن يەرگە يىقىلدى.

**«رَزَحَ الْبَعِيرُ بِحِمْلِهِ» :** تۆگە يۈكى بىلەن چارچىغانلىقتىن يەرگە يىقىلدى.

**رَزَحَتِ الأُمُّ بِوَلَدِهَا:** ئانا بالىسىنى تۇغدى.

**يَرْزَحُ تَحْتَ ذُلِّ الاِسْتِعْمَارِ:** جاھانگىرلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئىڭرىماقتا.

**يَرْزَحُ تَحْتَ نِيرِ الاِسْتِعْمَارِ:** جاھانگىرلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئىڭرىماقتا.

**يَرْزَحُ الْمَرِيضُ تَحْتَ وَطْأَةِ الْمَرَضِ:** كېسەل كېسەللىك بېسىمى ئاستىدا ئىڭرىماقتا.

**رُزْدَاقٌ ج رُزْدَاقَاتٌ و رَزَادِيقُ:** كەنت، يېزا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، شەھەر ئەتراپى رايونى؛ قارا.

**رَزَّ يَرُزُّ و يَرِزُّ رَزًّا الشَّيْءُ :** ئاۋاز چىقاردى.

**رَزَّ الْبَابَ:** ئىشىككە قاغا تۇمشۇق بېكىتتى.

**رَزَّتِ السَّمَاءُ:** ھاۋا گۈلدۈرلىدى.

**رُزٌّ:** گۈرۈچ.

**«تَحْتَاجُ زِرَاعَةُ الرُّزِّ إِلَى كَمِّيَّاتٍ وَافِرَةٍ مِنَ الْمَاءِ» :** شال كۆپ سۇغا موھتاج.

**رِزٌّ:** يوشۇرۇن ئاۋاز؛ چاقماق ئاۋازى؛ يىراقتىن كەلگەن ئاۋاز؛ قورساقنىڭ غولدۇرلىغان ئاۋازى.

**رِزُّ الرَّعْدِ:** گۈلدۈرماما ئاۋازى.

**«مَنْ وَجَدَ رِزًّا فِي بَطْنِهِ فِي الصَّلاَةِ فَلْيَنْصَرِفْ**

www.uyghurkitap.com

وَلْيَتَوَضَّأْ» «حديث» : كىمكى نامازدا تۇرۇپ قورساقتا يوشۇرۇن ئاۋازنى بايقايدىكەن، ئۇ بېرىپ تاھارەت ئالسۇن.

**رَزَّأَيُرَزِّئُتَرْزِيئًاغَيْرَهُ:** پېشكەللىككە ئۇچراتتى.

**رَزَّازٌ:** گۈرۈچ سودىگىرى، گۈرۈچ ساتقۇچى.

**اَلرَّزَّاقُ:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ»دېگەن مەنىدە.

**«اِنَّ اللّٰهَ هُوَالرَّزَّاقُ ذُوالْقُوَّةِ الْمَتِينُ» «قرآن» :** ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇدرىتى ئارتۇقتۇر.

**رَزَّامٌ:** نەرە تارتقۇچى شىر، ھۆركىرىگەن شىر.

**رَزَّةٌ ج رُزَزٌ و رُزَّاتٌ:** قاغا تۇمشۇق.

**«ثَبَّتَ الرَّزَّةَ فِي الْبَابِ» :** ئۇ ئىشىككە قاغا تۇمشۇق ئورناتتى.

**رَزَّحَ يُرَزِّحُ تَرْزِيحًا ـ هُ:** ئۇنى جۇدەتتى.

**رَزَّحَتْهُ الْأَسْفَارُ:** سەپەر ئۇنى جۇدەتتى.

**رَزَّزَ يُرَزِّزُ تَرْزِيزًا الطَّعَامَ:** گۈرۈچ تامىقى قىلدى.

**رَزَّزَ الشَّيْءَ:** مۇقىملاشتۇردى.

**رَزَّزَ الْأَمْرَ:** ئىشنى رەتلىدى، تەرتىپكە سالدى، ئورۇنلاشتۇردى.

**رَزَّمَ يُرَزِّمُ تَرْزِيمًا الْوَرَقَ:** بولاقلىدى، بىر بولاق قىلىپ تاڭدى.

**رَزَقَ يَرْزُقُ رَزْقًا ـ هُ اللّٰهُ:** ئاللاھ ئۇنىڭغا رىزىق بەردى، رىزىق ئاتا قىلدى.

**«رَزَقَهُ اللّٰهُ الْغِنَى» :** ئاللاھ ئۇنىڭغا بايلىق ئاتا قىلدى.

**رَزَقَهُ مِنَ الْمَالِ:** ئۇنىڭغا پۇل ـ مال بەردى.

**رَزَقَهُ بِمَوْلُودٍ:** ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلدى.

**مَازَالَ حَيًّا يُرْزَقُ:** ھېلىمۇ سالامەت ياشىماقتا.

**رِزْقٌ ج أَرْزَاقٌ:** رىزىق، ئوزۇق؛ ئامەت؛ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەت؛ يامغۇر؛ ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئەسكەرگە بېرىلىدىغان تەمىنات.

**«هُوَ الَّذِي يُرِيكُمْ آيَاتِهِ وَيُنَزِّلُ لَكُمْ مِنَ السَّمَاءِ رِزْقًا» «قرآن» :** ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەرگە بۇلۇتتىن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدۇ.

**«تَقَدَّمَتْ أَمَامَهُ أَسْبَابُ الرِّزْقِ» :** ئۇنىڭ رىزىق يوللىرى كېڭەيدى.

**رِزْقٌ مَوْرُوثٌ:** مىراس قالدۇرۇلغان مال ـ مۈلۈك.

**رِزْقُ الْيَوْمِ:** كۈندىلىك رىزىق ، كۈندىلىك تەمىنات.

**«قَفَلَ بَابَ الرِّزْقِ فِي وَجْهِهِ» :** ئۇنى ياشاشتىن چارىسىز قالدۇردى.

**أَسْبَابُ الرِّزْقِ :** رىزقنىڭ يوللىرى، رىزىق تەلەپ قىلىش ئۇسۇللىرى.

**رَزْقَةٌ ج رَزَقَاتٌ:** ھەربىي نەپىقە.

**رِزْقَةٌ ج رِزَقٌ:** مەسچىت ۋە مەسچىت مۇلازىملىرى ئۈچۈن توپلانغان نەپىقە.

**رَزَمَ يَرْزِمُ رَزْمًا الشَّيْءَ:** تاڭدى، باغلىدى، چەگدى.

**رَزَمَ الْوَرَقَ :** قەغەزنى توپلام قىلدى، باغلام قىلدى، چەگدى.

**رَزَمَ عَلَى عَدُوِّهِ:** دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

**رَزَمَ الشَّخْصُ:** ئۆلدى.

**رِزْمَةٌ ج رِزَمٌ:** بوغچا، تېڭىق، بوپا، بىر باغلام، بىر بولاق؛ يۈك ـ تاق.

**رِزْمَةٌ صَغِيرَةٌ مِنَ الْبَصَلِ:** بىر باغلام پىياز.

**رِزْمَةٌ كَبِيرَةٌ:** چوڭ بولاق، چوڭ تېڭىق.

**رِزْمَةُ صُحُفٍ:** بىر توپ گېزىت.

**رِزْمَةٌ مِنَ الْوَرَقِ:** بىر بولاق قەغەز.

**رِزْمَةُ أَسْلَاكٍ حَدِيدِيَّةٍ:** بىر باغلام سىم.

**رِزْمَةُ ثِيَابٍ:** بىر تېڭىق كىيىم.

**رِزْمَةٌ مِنَ الْأَقْلَامِ :** بىر باغلام قەلەم.

**رَزْمَةٌ:** بىر كۈنلۈك ئوزۇق ـ تۈلۈك، بىر كۈنلۈك نورما ئاشلىق.

**رَزَمَةٌ:** بوقۇرماق ( بوغاز تۆگە ) ؛ ئىڭىرىماق (بوۋاق).

**رَزُنَ يَرْزُنُ رَزَانَةً الشَّخْصُ:** ئېغىر ـ بېسىق بولدى، تەمكىن بولدى.

**رَزُنَ الشَّيْءُ:** ئېغىر بولدى، ئېغىرلاشتى.

**رَزَنَ يَرْزُنُ رَزْنًا الشَّيْءَ :** دەڭسىدى، مۆلچەرلىدى، بودىدى.

**رَزَنَ يَرْزُنُ رُزُونًا بِالْمَكَانِ:** مەلۇم جايدا تۇردى، ئولتۇراقلاشتى.

**رِزْنٌ ج أَرْزَانٌ:** ئېگىزلىكتىكى سۇ توختاپ قالىدىغان پەس جاي، تەرەپ، يان.

**رَزِينٌ ج رُزَنَاءُ:** سالماق، تەمكىن، ئېغىر - بېسىق.

**كَلَامٌ رَزِينٌ:** سالماق سۆز، سالمىقى بار سۆز.

**رَجُلٌ رَزِينٌ:** ئېغىر - بېسىق ئادەم.

**رَزِيئَةٌ. رَزِيَّةٌ ج رَزَايَا:** بالايىئاپەت، مۇسىبەت، پالاكەت، بەختسىزلىك.

**رَسَا يَرْسُو رَسْوًا الْمَرْكَبُ:** كېمە توختىدى، قۇرۇقلۇققا چىقتى، قىرغاققا چىقتى.

**رَسَا عَنْهُ الْحَدِيثَ:** ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلدى، ھېكايە قىلدى، سۆزنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

**رَسَا الشَّخْصُ:** تەمكىن بولدى.

**رَسَا الْبِنَاءُ:** قۇرۇلۇش مۇستەھكەم بولدى، چىڭ تۇردى.

**«رَسَتْ قَدَمَاهُ فِي الْحَرْبِ» :** ئۇرۇشتا چىڭ تۇردى.

**رَسَتِ الْقِدْرُ:** قازان ئېغىرلىشىپ كەتتى.

**رَسَتِ السَّفِينَةُ عَلَى الْمَاءِ:** پاراخوت سۇغا چۈشۈرۈلدى.

**رُسَابَةٌ:** چۆكمە، دۇغ، لاي.

**رِسَاغٌ:** چۇشەك، ئۇلاغلارنىڭ پۇتىغا باغلايدىغان ئارغامچا.

**رِسَالَةٌ ج رَسَائِلُ:** مەكتۇپ، خەت - چەك، سالام خەت، ماقالە، دەپتەر.

**رِسَالَةٌ غَرَامِيَّةٌ:** مۇھەببەت خېتى.

**اَلرِّسَالَةُ الْمُحَمَّدِيَّةُ:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى.

**حَرَّرَ رِسَالَةً:** خەت يازدى.

**رِسَالَةُ التَّحِيَّةِ:** تەبرىك خەت، سالام خەت.

**رِسَالَةُ اِعْتِذَارٍ:** ئۆزرە ئېيتىش خېتى، كەچۈرۈم سوراش خېتى.

**بَعَثَ بِرِسَالَةٍ مُسَجَّلَةٍ:** زاكاس خەت ئەۋەتتى.

**رِسَالَةٌ بَرْقِيَّةٌ:** تېلېگرامما.

**رِسَالَةُ الدُّكْتُورَاه:** دوكتۇرلۇق ئىلمىي ماقالىسى، دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيىسى.

**رِسَالَةٌ مُسْتَعْجَلَةٌ:** تېز يوللىنىدىغان خەت.

**«إِنَّهُ يَنْتَظِرُ رِسَالَةً جَوَابِيَّةً بِشَوْقٍ» :** ئۇ جاۋاب خەتنى ئىشتىياق بىلەن كۈتمەكتە.

**رِسَامَةٌ:** رەسساملىق.

**رَسَبَ يَرْسُبُ رُسُوبًا الْجِسْمُ فِي الْمَاءِ:** ماددا سۇ تېگىگە چۆكتى، تىندى.

**رَسَبَ التِّلْمِيذُ فِي الْإِمْتِحَانِ:** شاگىرت ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

**رُسْتَاقٌ:** كەنت، يېزا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، شەھەر ئەتراپى رايونى، قارا.

**رَسَخَ يَرْسُخُ رُسُوخًا الشَّخْصُ:** مۇقىم بولدى، پۇختا بولدى، يىلتىز تارتتى، چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى.

**«رَسَخَ حُبُّهَا فِي قَلْبِهِ» :** ئۇنىڭ مۇھەببىتى قەلبىگە ئورناشتى.

**رَسَخَ فِي الصُّدُورِ:** ئەستە مەھكەم تۇردى، ئۇنتۇمىدى.

**رَسَخَ فِي الْعِلْمِ:** ئىلىمدە توشتى، مۇتەخەسسىس بولدى، پۇختا بولدى.

**«وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ» (قرآن) :** ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ : « ئۇنىڭغا ئىشەندۇق ».

**رَسَخَ الْجَبَلُ:** تاغ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

**رَسَخَ فِي الذِّهْنِ:** ئېسىدە چىڭ ساقلىدى.

**رَسَخَ الْغَدِيرُ:** كۆل قۇرۇپ كەتتى.

**رِسْرَاسٌ:** يېلىم.

**رَسَّ يَرُسُّ رَسًّا الْبِئْرَ:** قۇدۇق كولىدى.

**رَسَّ لَهُ الْخَبَرَ:** ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى.

**رَسَّ بَيْنَ الْقَوْمِ:** ئارىنى كېلىشتۈردى، ئەپلەشتۈردى.

**رَسَّ الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ :** كىرگۈزدى، كىرگۈزۈۋەتتى.

رَسَّ الْمَيِّتَ: مېيىتنى دەپنە قىلدى.

رَسَّ يَرُسُّ رَسًّا ورَسِيسًا الْمَرَضُ فِي الْجَسَدِ: بەدەنگە كېسەل كىردى.

رَسٌّ ج رِسَاسٌ: مەدەن، كان مەھسۇلاتلىرى؛ بەلگە، ئالامەت، كونا قۇدۇق؛ قىزىتمىنىڭ دەسلىپى؛ مۇھەببەتنىڭ قالدۇقى.

اَلرَّسُّ مِنَ الْخَبَرِ: خەۋەرنىڭ بىر قىسمى.

«كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَأَصْحَابُ الرَّسِّ وَثَمُودُ» «قۇرئان»: ئۇلاردىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلار نوھنىڭ قەۋمى رەس ئاھالىسى ۋە سەمۇد...

رَسَّامٌ: رەسسام، رەسىمچى، سۈرەتچى، چېرتيوژچى، كارتوگراف.

رَسَّبَ يُرَسِّبُ تَرْسِيبًا: تىندۇردى، سۈزۈلدۈردى.

رُسَّةٌ: ئېگىز، قالپاق، ئۇزۇن قالپاق.

رَسَّخَ يُرَسِّخُ تَرْسِيخًا الشَّيْءَ: چىڭىتتى، مۇستەھكەملىدى.

«رَسَّخَ الْفِكْرَةَ فِي ذِهْنِهِ»: ئۇنىڭ زېھنىدا مەلۇم ئىدىيىنى مەھكەم ئورناشتۇردى.

رَسَّعَ يُرَسِّعُ تَرْسِيعًا الرَّجُلَ: ئۇيگە بېكىنىۋالدى، تالاغا چىقمىدى.

رَسَّعَ الْعَيْنُ: كۆز تومۇرى ئېتىلىپ قالدى.

رَسَّعَ الْوَلَدَ: بالىغا قولى ياكى پۇتىغا كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مارجان باغلاپ قويدى.

رَسَّغَ يُرَسِّغُ تَرْسِيغًا فِي الْكَلَامِ: ساختىلىق بىلەن سۆزلىدى، ياغلىما سۆزلىدى.

رَسَّغَ الْمَطَرُ: يامغۇر پۇتنىڭ ئوشۇقىغىچە ياغدى.

رَسَّلَ يُرَسِّلُ تَرْسِيلاً الْقَارِئُ قِرَاءَتَهُ فِي قِرَاءَتِهِ: ئالدىرىماي ئوقۇدى، سالماقلىق بىلەن ئوقۇدى.

رَسَّمَ يُرَسِّمُ تَرْسِيمًا: خەرىتە سىزدى، پىلان تۈزدى.

رَسَّى يُرَسِّي تَرْسِيَةً الْأَبُ ابْنَهُ: دادا ئوغلىنى ئەدەپلىك قىلدى، ئەخلاقلىق يېتىشتۈردى.

رَسَغَ يَرْسُغُ رَسْغًا الْبَعِيرَ: تۆگىنىڭ پۇتىنىڭ بېغىشىدىن باغلىدى.

رُسْغُ الْيَدِ ج أَرْسَاغٌ و أَرْسُغٌ: بېغىش.

سَاعَةُ رُسْغٍ: قول سائىتى.

«يَنْبَغِي قَبْلَ الْوُضُوءِ أَنْ تَغْسِلَ يَدَيْكَ إِلَى الرُّسْغَيْنِ»: تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئىككى قولۇڭنى ئىككى بېغىشىڭغىچە يۇيۇشۇڭ كېرەك.

رَسَفَ يَرْسُفُ و يَرْسِفُ رَسْفًا و رَسَفَانًا: ئىشكەل بىلەن ماڭدى، كىشەن بىلەن ماڭدى.

«خَرَجَ يَرْسُفُ فِي الْحَدِيدِ»: ئىشكەل بىلەن ئاستا ماڭدى.

رَسَلَ يَرْسَلُ رَسَلاً الشَّعْرُ: چاچ ساڭگىلاپ تۇردى.

رَسْلٌ: ئاستا، سۇس، يۇمشاق، مۇلايىم، يەڭگىل.

رِسْلٌ: ئاستا، ئالدىرىماي، سۇس، سىلىق؛ كالا سۈتى.

عَلَى رِسْلِكَ أَيُّهَا الصَّدِيقُ: بۇرادەر، ئاستاراق، بۇرادەر، ئالدىرىمايراق.

رِسْلٌ ج رِسَالٌ: تۆگىنىڭ پۇتى، تۆگە پاچىقى.

رَسَلٌ ج أَرْسَالٌ: ئادەملەر توپى، ھايۋانلار توپى.

«جَاءَتِ الْخَيْلُ أَرْسَالاً»: ئاتلار توپ - توپ بولۇپ كەلدى.

رِسْلَةٌ: ئاستا، سۇس.

رَسَمَ يَرْسُمُ رَسْمًا الرَّسْمَ: رەسىم سىزدى.

رَسَمَ الشَّيْءَ: نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزدى، نەرسىنى سۈرەتلىدى، نەرسىنى تەسۋىرلىدى.

رَسَمَ بِالْأَلْوَانِ: نەقىشلىدى، سىرلىدى، سىر بەردى.

رَسَمَ مُصَوَّرًا: لايىھە تەييارلىدى، پىلان تۈزدى.

رَسَمَ لَهُ بِكَذَا: ئالاقە يېزىپ بەردى (ھۆكۈمەت تەرتىپى).

رَسَمَ الْكِتَابَ: كىتاب يازدى.

«رَسَمَ مَعَالِمَ الطَّرِيقِ لَهُ»: ئۇنىڭغا خەرىتە سىزىپ بەردى.

**رَهَفَ يَرْهَفُ رَهْفًا السَّيْفَ:** قىلىچنى بىلىدى، قىلىچنى ئىتتىكلەتتى، قىلىچنى چاقلىدى، قىلىچنى ئىنچىكە قىلدى.

**رَهُفَ يَرْهُفُ رَهَافَةً وَرَهْفًا الشَّيْءُ:** ئىنچىكە بولدى، نازۇك بولدى، نازۇكلاشتى.

**رَهَفَ السَّيْفُ:** قىلىچ ئىتتىكلەشتى، ئۆتكۈرلەشتى.

**رَهُفَ حِسُّهُ:** سەزگۈر بولدى، ئۆتكۈر بولدى، سەزگۈرلەشتى، تۇيغۇسى نازۇكلاشتى.

**رَهِيفٌ:** ئورۇق، زىلۋا، ئىنچىكە، نازۇك؛ ئۆتكۈر، ئىتتىك.

**رَهِقَ يَرْهَقُ رَهَقًا الشَّخْصُ:** زۇلۇم قىلدى، ئەزدى، خارلىدى، ئۆكتەملىك قىلدى، ئەخمەقلىق قىلدى، نادانلىق قىلدى، ئەقىلسىزلىق قىلدى.

**رَهِقَ الشَّيْءُ الشَّخْصَ:** ئورۇۋالدى، بېسىۋالدى.

**رَهِقَ السَّفَرُ:** سەپەر يېقىنلاشتى.

«وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَا ذِلَّةٌ» «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ.

**رَهَقٌ:** گۇناھ، خاتالىق، تۆھمەت، نادانلىق.

«فَزَادُوهُمْ رَهَقًا» «قۇرئان»: شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.

**رَهَكَ يَرْهَكُ رَهْكًا الشَّيْءَ:** چېقىۋەتتى، پاچاقلىدى.

**رَهَكَ بِالْمَكَانِ:** ئولتۇراقلاشتى، ماكانلاشتى، تۇرۇپ قالدى.

**رَهَكَ الدَّابَّةَ:** ئۇلاغنى چارچىتىۋەتتى.

**رَهَكَةٌ:** ئاجىزلىق، زەئىپلىك، ئاۋاقلىق.

**رُهَكَةٌ:** ئاجىز، ئورۇق، زەئىپ، ئاۋاق.

**رَهِلَ يَرْهَلُ رَهَلًا الشَّخْصُ:** بوشىشىپ كەتتى.

**رِهْلٌ:** تۇمانلىق بۇلۇت.

**رَهِلٌ م رَهِلَةٌ:** يۇمشاق، ئەۋرىشىم، ئاجىز، زەئىپ.

**رِهْمَةٌ ج رِهَامٌ وَرِهَمٌ:** شىم ـ شىم يامغۇر.

**رَهَنَ يَرْهَنُ رُهُونًا الشَّخْصُ بِالْمَكَانِ:** مەلۇم جايدا تۇرۇپ قالدى، يەرلەشتى.

**رَهَنَ يَرْهَنُ رَهْنًا الشَّيْءَ عِنْدَ فُلَانٍ:** رەنىگە قويدى، گۆرۈگە قويدى.

**رَهْنٌ ج رُهُونٌ وَرِهَانٌ ج رُهُونَاتٌ:** گۆرۈگە قويۇلغان مال؛ گۆرۈ؛ تۇتقۇن.

**مَحَلُّ رُهُونَاتٍ:** گۆرۈخانا.

**رَهْنٌ عَقَارِيٌّ :** كۆچمەس مۈلۈك رەنىسى.

**رَهْنُ الْمَنْقُولَاتِ:** كۆچمەس مۈلۈكنى گۆرۈگە قويۇش.

**أُعْتُقِلَ رَهْنَ التَّحْقِيقِ :** سوتلاش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى، تەكشۈرۈش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى.

**أَنَا لَكَ رَهْنٌ بِكَذَا:** مەن كېپىل.

**أَنَا رَهْنُ إِشَارَتِكَ:** خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

**اَلْإِنْسَانُ رَهْنُ عَمَلِهِ:** ئىنسان قىلمىشىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

**رَهْنَامَجُ :** دېڭىز قاتنىشىغا دائىر خاتىرە، كۈندۈلۈك خاتىرە دەپتەر.

**رَهْنِيَّةٌ:** گۆرۈ ھۆججىتى.

**رَهَّبَ يُرَهِّبُ تَرْهِيبًا ـ هُ:** ئۇنى قورقۇتتى، تەھدىت سالدى.

**رَهَّلَ يُرَهِّلُ تَرْهِيلاً ـ هُ النَّوْمُ:** كۆپ ئۇخلاپ يۈز-كۆزى ئىششىپ كەتتى.

**رَهْوٌ ج رِهَاءٌ:** جىمجىت، تىنچ؛ سىلىق، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان ئويمان يەر.

**مَطَرٌ رَهْوٌ:** سىم - سىم يامغۇر.

**فَعَلَهُ رَهْوًا:** ئۇنى ئاسانلا تۈگەتتى.

**رَهْوٌ مِنَ الثِّيَابِ :** نېپىز كىيىم.

**بَحْرٌ رَهْوٌ:** تىنچ دېڭىز.

**«وَاتْرُكِ الْبَحْرَ رَهْوًا» ‹قرآن› :** دېڭىزنى تىپتىنچ (يەنى سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن.

**رَهْوَةٌ ج رِهَاءٌ:** سۇ يىغىلىپ قالىدىغان ئويمان يەر، ئېگىز جاي؛ جامائە، بىر توپ ئادەم.

**رَهْوَانٌ:** يورغا ئات، يۈگۈرۈپ ماڭىدىغان ئات؛ يورغىلاپ ماڭغان ئۇلاغ؛ تۈز يەر، تۈپتۈز يەر.

**رَهُومٌ:** ئورۇق قوي، ئورۇق قوزا.

**رَهِيبٌ:** قورقۇنچلۇق، ئادەمنى چۆچىتىدىغان، سۈرلۈك.

**خَطَأٌ رَهِيبٌ:** قورقۇنچلۇق خاتالىق، كىشىنى چۆچىتىدىغان خاتالىق.

**رَهِيصٌ:** مىدىرلىماي تۇرىدىغان.

**أَسَدٌ رَهِيصٌ:** ئورنىدىن قوزغالماس شىر.

**اَلرَّهِيصُ مِنَ الْفَرَسِ:** تۇۋىقىنىڭ ئىچى تەرەپ يارىلانغان ئات.

**رَهِيفٌ:** ئورۇق، زىلۋا، ئىنچىكە، نازۇك؛ ئىتتىك، ئۆتكۈر، زىلۋا.

**سَيْفٌ رَهِيفٌ:** ئۆتكۈر قىلىچ.

**حِسٌّ رَهِيفٌ:** نازۇك تۇيغۇ.

**رَهِينٌ ج رَهَائِنُ:** گۆرۈگە قويۇلغان مال.

**«قَضَى نِصْفَ عُمْرِهِ رَهِينَ أَسْوَارِالسِّجْنِ» :** ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى.

**أَنَا لَكَ رَهِينٌ بِكَذَا:** مەن ساڭا بۇ ئىشتا كېپىل.

**رَهِينٌ بِأَعْمَالِهِ:** ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇل.

**«كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ» ‹قرآن› :** ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.

**رَهَائِنُ الْمَلَاجِئِ:** مۇساپىرلارنى يىغىۋېلىش ئورنى، مۇساپىرلار لاگېرى.

**رَهِينَةٌ ج رَهَائِنُ:** گۆرۈگە قويۇلغان مال، رەنىگە قويۇلغان نەرسە؛ تۇتقۇن.

**هُوَ رَهِينَةُ التَّحْقِيقِ:** ئۇ تەكشۈرۈلىۋاتىدۇ.

**نَضَعُ أَنْفُسَنَا رَهِينَةَ أَوَامِرِكَ:** بىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزغا بويسۇنىمىز.

**رَوَاءٌ:** تاتلىق سۇ، قاندۇرغۇچى سۇ.

**رُوَاءٌ:** چىرايلىق، كۆركەم، كۆرۈنۈشى گۈزەل.

**كَلَامٌ لَهُ رُوَاءٌ :** چىرايلىق سۆز.

**اِمْرَأَةٌ لَهَا رُوَاءٌ:** ساھىبجامال ئايال.

**«هَذِهِ فَتَاةٌ لَهَا رُوَاءٌ حَسَنٌ» :** بۇ قىزنىڭ چىراي - شەكلى گۈزەل.

**رِوَائِيٌّ:** رىۋايەت قىلغۇچى؛ دراماتورگ، دراما يازغۇچى.

**طَرِيقَةٌ رِوَائِيَّةٌ:** بايان ئۇسۇلى.

**أَحْدَاثٌ رِوَائِيَّةٌ:** ھېكايە ۋەقەلىكلىرى.

**رَوَائِحُ:** كەچقۇرۇنلۇق يامغۇر، كەچقۇرۇن پەيدا بولىدىغان بۇلۇت.

**رَوَائِمُ:** قازاننىڭ تېگىگە قويۇلغان تاش.

**رَوَاتِبُ:** ۋەزىپىلەر.

**رَوَاتِبُ السُّنَنِ:** پەرزنىڭ سۈننەتلىرى.

**رَوَاجِبُ:** بارماق ئۇگىلىرى.

**رَوَاجٌ:** راۋاج تاپماق ، ئاقماق، يۈرۈشمەك، ئوبوروت بولماق، بازار تاپماق، تېز سېتىلماق.

**رَوَاجٌ إِقْتِصَادِيٌّ:** ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللەن-مەك، گۈللەنگەن ئىقتىساد.

**رَوَاحٌ:** ئاتلانماق، يولغا چىقماق، ماڭماق؛ كەچقۇ-رۇن؛ ئارام ئېلىش، راھەت.

**«وَلِسُلَيْمَانَ الرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهْرٌ وَرَوَاحُهَا شَهْرٌ»**

**«قرآن»:** سۇلايمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق) شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇسا-پىنى باساتتى.

**رَوَاعِقُ :** نەيزىلەر توپى.

**رَوَاغٌ:** ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، مەككارلىق، ساختىپەزلىك.

**رِوَاغَةٌ:** كۈچ سىنىشىش مەيدانى، مۇسابىقە مەيدا-نى، ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى.

**رِوَاقٌ. رُوَاقٌ ج أَرْوِقَةٌ:** ياندىكى زال، چەتتىن تىكىشىغۇچىلار ئورنى، پېشايۋان، راۋاق.

**رُوَاقٌ مِنَ الْعَيْنِ:** قاش.

**رُوَاقُ الْمَسْجِدِ:** مەسچىتنىڭ راۋىقى.

**«لِقَاؤُنَا مَسَاءَ الْيَوْمِ فِى رُوَاقِ الْمَسْجِدِ»:** بۈگۈن كەچ مەسچىتنىڭ راۋىقىدا ئۇچرىشىمىز.

**«قَعَدَ الشُّمَّارُ فِي رُوَاقِ الْبَيْتِ»:** مۇڭداشقۇ-چىلار ئۆينىڭ پېشايۋىنىدا ئولتۇردى.

**رِوَاقِيٌّ ج رِوَاقِيُّونَ:** راۋاققا مەنسۇپ.

**اَلرِّوَاقِيُّونَ:** يۇنانلىق پەيلاسوپ زىنۇننىڭ ئەگەشكۈ-چىلىرى.

**رُوَالٌ:** شۆلگەي، سېرىق سۇ، شال.

**رِوَايَةٌ ج رِوَايَاتٌ:** رىۋايەت، قىسسە، ھېكايە، رومان، بايان، بايانات، خەۋەر، نەقىل.

**«يُعَدُّ نَجِيبُ مَحْفُوظ مِنْ أَكْبَرِ كُتَّابِ الرِّوَايَةِ فِي الْوَطَنِ الْعَرَبِيِّ»:** نەجىپ مەھپۇز ئەرەب ئەللىرى بويىچە رومان يازغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**رِوَايَةٌ بُولِيسِيَّةٌ:** رازۋېدكا ھېكايىلىرى.

**رِوَايَةٌ خِيَالِيَّةٌ:** فانتازىيىلىك رومان.

**رِوَايَةٌ مُسَلْسَلَةٌ:** كۆپ قىسىملىق رومان.

**رِوَايَةٌ تَمْثِيلِيَّةٌ:** ئوپېرانىڭ سەھنە ئەسىرى.

**رِوَايَةٌ تَمْثِيلِيَّةٌ غِنَائِيَّةٌ:** ئوپېرا.

**رِوَايَةٌ هَزَلِيَّةٌ:** كومېدىيە.

**رِوَايَةٌ مُضْحِكَةٌ:** كومېدىيە، كۈلدۈرگە.

**رِوَايَةٌ مُحْزِنَةٌ:** تىراگېدىيە.

**رِوَايَةٌ مَسْرَحِيَّةٌ:** سەھنە ئەسىرى.

**رِوَايَةٌ سِينَمَائِيَّةٌ:** كىنو سېنارىيىسى.

**رِوَايَةٌ نَاطِقَةٌ:** ئاۋازلىق كىنو.

**اَلرَّوَامِسُ مِنَ الطَّيْرِ:** كېچىدە ھەرىكەت قىلىد-غان قۇشلار.

**اَلرَّوَامِسُ مِنَ الدَّوَابِّ:** كېچىدە چىقىدىغان ھايۋانلار.

**رَوْبٌ:** قېتىق، ئۇيۇپ قالغان سۈت.

**لَاشَوْبَ وَلَارَوْبَ عَلَيْكَ:** سەندە گۇناھ يوق.

**رَوْبَةُ اللَّبَنِ:** ئىرىمچىك، پىشلاق.

**رُوبَةٌ:** يېرىم كېچە؛ بىر پارچە گۆش؛ بولۇقيەر، مۇنبەت يەر، ئۈنۈملۈك يەر؛ راھەتلىك تۇرمۇش.

**رَوْبَةٌ:** كۆنەلگە، خېمىرتۇرۇچ.

**رَوْبَصَةٌ:** تۆن سەيلىسى كېسىلى (ئۇيقۇلۇق ھالەت-تە مېڭىپ ھەرىكەتلىنىش).

**رَوْثٌ ج أَرْوَاثٌ:** تېزەك؛ ماياق؛ پوق.

**رَوْثَةٌ:** بۇركۇت بۇرۇن، ئىلمەك بۇرۇن.

**رُوحٌ ج أَرْوَاحٌ:** جان، روھ، ۋەھىي، پەرىشتە، جىبرىئىل، دەم ئېلىش، ئىستىراھەت قىلىش.

**«وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ» «قرآن»:** مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەرنى بەردۇق ، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇد-دۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق.

**اَلرُّوحُ الْمَعْنَوِيَّةُ:** مەنىۋى روھ.

www.uyghurkitap.com

**«رَفَعَ الرُّوحَ الْمَعْنَوِيَّةَ لِجُنُودِهِ»**: ئەسكەرلىرىنىڭ مەنىۋى روھىنى كۆتۈردى.

**اَلرُّوحُ الْقُدُسُ**: جىبرىئىل.

**اَلرُّوحُ الْأَمِينُ**: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام.

**«يُنَزِّلُ الْمَلاَئِكَةَ بِالرُّوحِ مِنْ أَمْرِهِ عَلَى مَنْ يَشَاءُمِنْ عِبَادِهِ»** «قرآن»: ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلىدۇ.

**سَلَّمَ الرُّوحَ لِخَالِقِهِ**: ئۆلدى.

**أَسْلَمَ رُوحَهُ**: قازا قىلدى، ئۆلدى.

**عَمَلٌ لاَرُوحَ فِيهِ**: جانسىز ھەرىكەت.

**فَاضَتْ رُوحُهُ**: ئۆلدى، قازا قىلدى.

**حِرْصًا عَلَى الْأَرْوَاحِ**: كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن، جان چىقىم بولماسلىقى ئۈچۈن.

**خَسَارَةٌ فِي الْأَرْوَاحِ**: ئادەم چىقىم بولماق.

**خَفِيفُ الرُّوحِ**: تېتىك، شوخ، چاققان، خۇشال، جانلىق، يېنىك.

**طَوِيلُ الرُّوحِ**: سەۋرچان، چىدامىلىق، تاقەتلىك.

**«وَكَذٰلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِنْ أَمْرِنَا»** «قرآن»: شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق.

**«وَيَسْئَلُونَكَ عَنِ الرُّوحِ قُلِ الرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي»** «قرآن»: ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ، «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن.

**رُوحُ الزَّهْرِ**: چېچەك سۈيى، گۈل سۈيى.

**اَلرُّوحُ الْعَسْكَرِيَّةُ**: ھەربىي تۈرمۇش، ئەسكىرىي روھ.

**اَلرُّوحُ الْوَطَنِيَّةُ**: مىللىي روھ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ.

**رُوحُ الْإِنْتِقَامِ**: قىساسچىلىق.

**اَلرُّوحُ الْعَامَّةُ**: ئاممىۋى كەيپىيات، ئاممىۋى روھ.

**رُوحُ الْمُحَافَظَةِ**: كونسېرۋاتىپلىق.

**اَلرُّوحُ الشِّرِّيرُ**: ئالۋاستى، يالماۋۇز، جىن، ئىبزىتقۇ.

**رُوحُ الْأَفْيُونِ**: ئەپيۇن جەۋھىرى.

**رَوحُ اللّٰهِ**: ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

**«وَلاَ تَيْئَسُوا مِنْ رَوْحِ اللّٰهِ»** «قرآن»: سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار.

**رَوْحٌ ج أَرْوَاحٌ**: ئارام ئالماق، دەم ئالماق.

**«وَجَدْتُ رَوْحَ الشَّمَالِ»**: ئىللىق شامالنى بايقىدىم.

**«فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَ جَنَّةُ نَعِيمٍ»** «قرآن»: (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇ نېمەتلىك جەننەت بولىدۇ.

**رُوحَانِيٌّ**: روھقا مەنسۇپ، روھانىي، غەيرىي ماددا.

**«اَلْمَلاَئِكَةُ خَلْقٌ رُوحَانِيٌّ»**: پەرىشتىلەر روھانى مەخلۇقلاردۇر.

**اَلْأَبَاءُ الرُّوحَانِيُّونَ**: خىرىستىئان ئۆلىمالىرى، پوپلار.

**طَبِيبٌ رُوحَانِيٌّ**: مەنىۋى جەھەتتىن داۋالىغۇچى دوختۇر، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى.

**طِبٌّ رُوحَانِيٌّ**: مەنىۋى داۋالاش.

**رَوْحَةٌ ج رَوْحَاتٌ**: كەچلىك بېرىش ـ كېلىش.

**«لَنَا كُلَّ يَوْمٍ رَوْحَاتٌ وَغَدَوَاتٌ إِلَى الْمَسْجِدِ»**: بىز ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەسچىتكە بېرىپ تۇرىمىز.

**رَافَقَهُمْ فِي غَدَاوَتِهِمْ وَرَوْحَاتِهِمْ**: ئۇ ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئۇلارغا ھەمراھ بولدى.

**رُوحِيٌّ**: روھىي، روھقا مەنسۇپ، غەيرىي ماددا، روھانى.

**أَبٌ رُوحِيٌّ**: مەنىۋى ئاتا.

**«بَيْنَهُمَا عَلاَقَةٌ رُوحِيَّةٌ»**: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنىۋى باغلىنىش بار.

**رُوحِيُّ الْأَفْيُونِ**: ئەپيۇننىڭ جەۋھىرى.

**مَشْرُوبَاتٌ رُوحِيَّةٌ**: مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەر، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر.

**رَوْدٌ**: تەكشۈرمەك، چارلىماق، كۆرۈپ چىقماق، كۆزدىن كەچۈرمەك.

www.uyghurkitap.com

**رِيْحٌ رَوْدٌ:** سالقىن شامال.

**رَوْزَنَةٌ جـ رَوَازِنُ:** تۈڭلۈك، پەنجىرە.

**رَوْسٌ :** ئەيىب، نۇقسان؛ ھەددىدىن ئارتۇق يېيىش.

**رَوْسُ سُوءٍ:** يامان ئادەم، بۇزۇق ئادەم.

**رَوْشَنٌ جـ رَوَاشِنُ:** تۈڭلۈك، پەنجىرە.

**«فَتَحَ الرَّوْشَنَ حَتَّى يَتَجَدَّدَ الْهَوَاءُ»** : ھاۋا يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەنجىرىنى ئېچىۋەتتى.

**رَوْضَةٌ جـ رَوْضٌ ورِيَاضٌ ورَوْضَاتٌ** : باغچا، يايلاق، ئوتلاق، چىملىق، چۆپلۈك؛ كۆلدىكى سۇنىڭ قالدۇقى.

**«فَأَمَّاالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُواالصَّالِحَاتِ فَهُمْ فِي رَوْضَةٍ يُحْبَرُونَ»** «قرآن» : ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار باغچىدا (يەنى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا) يايرىتىلىدۇ.

**رَوْضَةُ الأَطْفَالِ:** بالىلار باغچىسى.

**رَوْعٌ:** ئۇرۇش، قورقۇش؛ گۈزەللىك، چىرايلىقلىق.

**يَوْمُ الرَّوْعِ:** ئۇرۇش كۈنى، مۇھارىبە كۈنى.

**شَهِدَ الرَّوْعَ:** ئۇرۇشقا قاتناشتى.

**رُوعٌ :** قەلب، زېھنى، ئەقىل، كۆڭۈل.

**هَدَأَ رُوْعُهُ:** تىنچلاندى.

**سَكَّنَ رُوعَهُ:** تىنچلاندۇردى، ئارام تاپقۇزدى.

**«ثَابَ إِلَيْهِ رُوْعُهُ»** : ھوشىنى تاپتى.

**سَكَنَ رُوعُهُ:** خاتىرجەم بولدى، كۆڭلى تىندى، تىنچلاندى.

**مَلَكَ رُوعَهُ:** ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىگىلىدى.

**أَدْخَلَ فِي رُوعِهِ كَذَا:** ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالدى.

**أَلْقَى فِي رُوعِهِ:** كۆڭلىگە سالدى، ئەسلەتكۈزدى، ئويلاندۇردى.

**وَقَعَ فِي رُوعِهِ:** خىيالىغا كەلدى، ئېسىگە كەلدى.

**خَطَرَ بِرُوعِهِ:** ئويلىدى، كۆڭلىگە كەلدى، ئەسلىدى، خىيالىغا كەلدى، ئېسىگە كەلدى.

**رَوْعَةُ رَوْعٍ:** قورقماق، چۆچۈمەك.

**«فَلَمَّا ذَهَبَ عَنْ اِبْرَاهِيْمَ الرَّوْعُ وَجَاءَتْهُالْبُشْرَى يُجَادِلُنَافِي قَوْمِ لُوطٍ»** «قرآن» : ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇشخەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى.

**رَوْعَةٌ:** چىرايلىقلىق، گۈزەللىك، ھەشەمەتلىك، پۇزۇر، شانلىق، ھەيۋەتلىك؛ تەسىرلەنمەك، ھاياجانلانماق، جۇشقۇنلاشماق.

**رَوَغَانٌ:** باش تارتماق، رەت قىلماق، ئۆزىنى قاچۇرماق.

**رَوْقٌ جـ أَرْوَاقٌ:** ئايۋان، پېشايۋان، راۋاق، كارىدور، دەھلىز.

**رَوْقُ الشَّبَابِ:** ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى.

**رَوْقُ الشَّيْءِ:** ئەۋۋىلى، دەسلىپى، تۇنجىسى.

**رَوْقُ الْمَطَرِ:** يامغۇرنىڭ دەسلىپى.

**رَوْكٌ:** ئومۇمىي، ئورتاق، بىردەك، جەمئىي.

**عَلَى الرَّوكِ:** بىللە، بىرلىكتە.

**رَوْكَاءُ وَ رَوْكَةٌ:** ئەكس سادا، ئىنكاس، ئاۋاز قايتىش.

**رَوْمٌ:** ئوي، مۇددىئا، مەقسەت، ئارزۇ، غايە، تىلەك، ئۈمىد، نىشان.

**رُومٌ :** شىكەر قومۇشىدىن ئىشلىنىدىغان ئىسپىرت تەركىبىي يۇقىرى بىر خىل هاراق؛ قۇلاقنىڭ يۇمشىقى.

**رُومٌ جـ أَرْوَامٌ:** ۋىزانتىيە (قەدىمكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى).

**بَحْرُ الرُّومِ:** ئوتتۇرا دېڭىز.

**رُومَانِيٌّ:** رىملىق؛ رومىنىيىلىك.

**اَلرُّومَانِيَّةُ:** رومىنىيە تىلى.

**رُومَةُ:** رىم؛ يىلىم.

**رُومِيٌّ:** رىمنىڭ، رىملىق ئادەم، ۋىزانتىيىلىك، گىرىتسىيىلىك.

**دَجَاجٌ رُومِيٌّ:** كۈركە توخۇ، كۈركە.

**رُومِيَّةُ:** رىم.

**رُونٌ جـ رُؤُونٌ:** كاج تەلەي، شور پېشانە،

بەختسىزلىك، ئېغىرچىلىق.

**رُونَةٌ:** نەرسىنىڭ مۇھىم قىسمى.

**رُونَةٌ مِنَ الشَّيْءِ:** نەرسىنىڭ كۆپ قىسمى، نەرسىنىڭ قاتتىقلىقى.

**رَوْنَقٌ:** گۈزەل، شانلىق، پارلاق، نۇر، ھەشەمەتلىك، گۈزەللىك.

**لَهُ رَوْنَقٌ:** ئۇ گۈزەللىككە ئىگە.

**«ذَهَبَ رَوْنَقُ شَبَابِهِ» :** ياشلىق گۈزەللىكى كېتىپ قالدى.

**رَوَّاغٌ:** مۇغەمبەر، ھىيلىگەر ، مەككار، قۇۋ.

**رَجُلٌ رَوَّاغٌ:** قۇۋ ئادەم.

**ثَعْلَبٌ رَوَّاغٌ:** ھىيلىگەر تۈلكە.

**رَوَّأَ يُرَوِّأُ تَرْوِيئًا فِي الْأَمْرِ:** چوڭقۇر ئويلاندى، مۇلاھىزە قىلدى، مۇھاكىمە قىلدى.

**رَوَّبَ يُرَوِّبُ تَرْوِيبًا اللَّبَنَ:** سۈتنى ئۇيۇتتى.

**رَوَّجَ يُرَوِّجُ تَرْوِيجًا الْأَمْرَ:** ئىشنى راۋاج تاپتۇردى، ئىشنى ئاقتۇردى.

**رَوَّجَ السِّلْعَةَ:** مالنىڭ بازىرىنى چىقاردى.

**رَوَّجَ الْعُمْلَةَ:** پۇلنى ئاققۇزدى، پۇلنى يۈرۈشتۈردى.

**رَوَّجَ الْكَلَامَ:** چىرايلىق سۆزلىدى، چىرايلىق گەپ قىلدى.

**رَوَّجَ الْخَبَرَ:** خەۋەر تارقاتتى.

**«رَوَّجَ أَخْبَارًا كَاذِبَةً» :** يالغان خەۋەرلەرنى ئۇلغايتتى.

**رَوَّحَ يُرَوِّحُ تَرْوِيحًا عَلَيْهِ بِالْمِرْوَحَةِ:** يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈدى.

**رَوَّحَ بِالْقَوْمِ:** تاراۋىھ نامىزى ئوقۇدى.

**رَوَّحَ الشَّخْصُ:** ئۆيىگە قايتتى.

**رَوَّحَ عَنْ نَفْسِهِ:** كۆڭلىنى تىنجىتتى، كۆڭۈلگە ئاراملىق بېغىشلىدى.

**رَوَّحَ الْقَلْبَ:** روھلاندۇردى، جانلاندۇردى.

**«مَنْ يُرَوِّحُ بِالنَّاسِ اللَّيْلَةَ؟» :** بۈگۈن كېچە كىشىلەرگە تاراۋىھ نامىزىنى كىم ئوقۇپ بېرىدۇ؟

**رَوَّزَ يُرَوِّزُ تَرْوِيزًا الْكَلَامَ:** سۆزنى مۆلچەرلىدى، سۆزنى باھالىدى.

**رَوَّضَ يُرَوِّضُ تَرْوِيضًا الْمَكَانَ:** جاينى باغچىلاشتۇردى.

**رَوَّضَ الْغَيْثُ الْمَكَانَ:** يامغۇر جاينى چىمەنزارلىققا ئايلاندۇردى.

**رَوَّضَ الْحَيَوَانَ:** ھايۋانلارنى كۆندۈردى.

**رَوَّضَ الْمُدَرِّبُ الْوَحْشَ:** تەربىيىچى ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈردى.

**رَوَّعَ يُرَوِّعُ تَرْوِيعًا:** چۆچۈتتى، قورقۇتتى، ھەيران قالدۇردى، ئەجەبلەندۈردى.

**رَوَّقَ يُرَوِّقُ تَرْوِيقًا الشَّرَابَ:** شارابنى تىندۇردى، سۈزۈلدۈردى.

**رَوَّقَ الْبِضَاعَةَ:** تاۋارلارنى سېتىپ تۈگەتتى.

**رَوَّقَ الْغُرْفَةَ:** ئۆينى تۈزىدى.

**رَوَّقَ بَالَهُ:** ئۇنى خاتىرجەم قىلدى، كۆڭلىنى تىندۇردى.

**رَوَّقَ الْمَكَانَ:** جاينى تەرتىپكە سالدى، رەتكە سالدى، تۈزىدى.

**رَوَّقَ خِزَانَةَ مَلَابِسِهِ:** كىيىم ئىشكاپىنى رەتكە سالدى.

**رَوَّلَ يُرَوِّلُ تَرْوِيلًا الْفَرَسُ:** ئاتنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقتى.

**رَوَّمَ يُرَوِّمُ تَرْوِيمًا:** كۈتتى، كۈتۈپ تۇردى.

**رَوَّمَ فُلَانًا بِهِ:** ئارزۇ قىلدى، ئۈمىد قىلدى.

**رَوَّمَ رَأْيَهُ:** يول كۆرسەتتى، پىلانلىدى.

**رَوَّى يُرَوِّي تَرْوِيَةً فِي الْأَمْرِ:** چوڭقۇر ئويلاندى، تەپەككۇر قىلدى.

**رَوَّى إِبِلَهُ:** تۆگىسىنى سۇغاردى.

**رَوَّاهُ الْحَدِيثَ وَالشِّعْرَ:** ھەدىس ۋە شېئىرنى رىۋايەت قىلىشنى يۈكلىدى.

**رَوَى يَرْوِي رِوَايَةً الْحَدِيثَ:** ھېكايە قىلدى، رىۋايەت قىلدى، سۆزلەپ بەردى.

**رَوَى يَرْوِي رَيًّا عَلَى الْبَعِيرِ:** تۆگىنى سۇغۇرۇشقا سۇ تەلەپ قىلدى.

**رَوَى لَهُمْ :** ئۇلارنى سۇغۇرۇشقا سۇ تەلەپ قىلدى.

**رَوَى عَنْهُ:** ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈردى، دەلىل كەلتۈردى، رىۋايەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

**رَوَى الزَّرْعَ:** زىرائەتنى سۇغاردى.

**رَوَى الْإِنْسَانُ مِنَ الْمَاءِ:** سۇ ئىچتى.

**«رَوَى الْبُسْتَانِيُّ النَّبَاتَاتِ وَالْأَزْهَارَ فِي بُسْتَانِهِ»:** باغۋەن بېغىدىكى ئۆسۈملۈك ۋە گۈللەرنى سۇغاردى.

**رَوِيَ يَرْوَى رَيًّا الْحَقْلُ:** ئېتىز سۇغا قاندى.

**رَوِيَ مِنَ الْمَاءِ:** سۇ ئىچتى.

**رَوِيَ مِنَ النَّوْمِ:** ئۇيقۇغا قاندى.

**رَوِيئَةٌ:** مۇلاھىزە، مۇھاكىمە، ئۆيلىنىش.

**رُوَيْدًا:** ئاستا ـ ئاستا، ئالدىرىماي.

**«فَمَهِّلِ الْكَافِرِيْنَ أَمْهِلْهُمْ رُوَيْدًا» «قرآن»:** (ئى مۇھەممەد!) كۇففارلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن، (ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن).

**رُوَيْغَةٌ:** ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، مەككارلىق، ساختىپەزلىك.

**رَوِيٌّ:** يامغۇرلۇق بۇلۇت؛ تاتلىق سۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان سۇ، سۇغارغۇچى، ساقى؛ ئاجىز؛ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام؛ شېئىردىكى قاپىيە ھەرپى.

**«شَرِبْتُ شَرْبًا رَوِيًّا»:** ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچى ئىچىملىكنى ئىچتىم.

**رَوِيَّةٌ:** چوڭقۇر ئويلانماق، تەپەككۇر قىلماق، پىكىر قىلماق، پىكىر يۈرگۈزمەك.

**عَنْ رَوِيَّةٍ:** چوڭقۇر ئويلىنىپ، مەقسەتلىك، قەستەن.

**«فَعَلَهُ عَنْ رَوِيَّةٍ»:** ئۇنى ئويلىنىپ قىلدى.

**رِيَاءٌ:** كۆز ـ كۆز قىلىش، رىياكەرلىك.

**رِيَادٌ:** كۆزدىن كەچۈرمەك، تەكشۈرمەك، چارلىماق.

**رِيَازَةٌ:** مىمارچىلىق، قۇرۇلۇش ئىلمىي.

**رِيَاشٌ:** ئېسىل كىيىم، سىپتا كىيىم؛ مۈلكەت؛ مال ـ مۈلۈك، ئائىلە سايمانلىرى.

**رِيَاضَةٌ ج رِيَاضَاتٌ:** گىمناستىكا، تەنھەرىكەت، تەنتەربىيە.

**رِيَاضَةٌ صُوفِيَّةٌ:** ئىبادەت قىلىش، نەپسى خاھىشلىرىدىن يىراق بولۇش ئارقىلىق ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش.

**عُلُومُ الرِّيَاضَةِ:** ماتېماتىكا، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە قاتارلىق پەنلەر.

**رِيَاضَةٌ بَدَنِيَّةٌ:** تەنھەرىكەت قىلىپ چېنىقىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش.

**رِيَاضَةٌ تَطْبِيْقِيَّةٌ:** ئەمەلىي ماتېماتىكا.

**«اَلصَّوْمُ رِيَاضَةٌ رُوحِيَّةٌ وَجَسَدِيَّةٌ مَعًا»:** روزا تۇتۇش ھەم روھىي ھەم جىسمانىي چېنىقىشتۇر.

**رِيَاضَةٌ رُوحِيَّةٌ:** مەنىۋى جەھەتتىن چېنىقىش.

**رِيَاضِيٌّ:** ماتېماتىكا ئالىمى، ماتېماتىك؛ تەنھەرىكەتچى، تەنھەرىكەتكە مەنسۇپ.

**اَلْعِلْمُ الرِّيَاضِيُّ:** ئالگېبرا، ماتېماتىكا.

**اَلرِّيَاضِيَّةُ:** ئالگېبرا، ماتېماتىكا.

**اَلْأَلْعَابُ الرِّيَاضِيَّةُ:** تەنھەرىكەت، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى، تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى.

**رِيَاغَةٌ:** كۈچ سىنىشىش مەيدانى، مۇسابىقە مەيدانى، ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى.

**رِيَالَةٌ:** تۈكۈرۈك.

**رَيْبٌ. رِيبَةٌ:** شەك، گۇمان.

**«رَبَّنَا اِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لَارَيْبَ فِيهِ» «قرآن»:** پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن.

**رَيْبُ الدَّهْرِ:** زاماننىڭ ھادىسىلىرى.

**رَيْبُ الْمَنُونِ:** زاماننىڭ ھادىسىلىرى، مۇسىبەتلىرى.

**«أَمْ يَقُولُونَ شَاعِرٌ نَتَرَبَّصُ بِهِ رَيْبَ الْمَنُونِ» «قرآن»:** ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زاماننىڭ ھادىسىلىرىگە (يولۇقۇشىنى) كۈتىمىز».

**بِلَارَيْبٍ:** بىگۇمان، شەكسىز، شۈبھىسىز.

**لَارَيْبَ فِيهِ:** ئۇنىڭدا شەك يوق.

**مَسْلَكُ الرَّيْبِ:** گۇمانىزم، سكېپتىتسىزم.

**رِيْبَةٌ ج رِيَبٌ:** ئەنسىزچىلىك ، ئەندىشە ، گۇمان ، تۆھمەت.

**«لاَيَزَالُ بُنْيَانُهُمْ الَّذِى بَنَوْا رِيْبَةًفِى قُلُوبِهِمْ» ‹قرآن›:** . . . ئۇلارنىڭ سالغان مەسچىتى (يەنى مەسچىتى زىرار) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق) نىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

**رِيَةٌ:** سۇيى كۆپ بۇلاق.

**رَيْثٌ:** كېچىكتۈرۈلگەن ۋاقىت، مۆھلەت، ئاخىرقى مۆھلەت.

**«رُبَّ عَجَلَةٍ أَعْقَبَتْ رَيْثًا» ‹مثل›:** ئالدىرىغان يولدا قالار.

**رَيْثَمَا:** ۋاقىتغىچە، غىچىلىك، . . . غان، چاققىچە.

**«مَا قَعَدَ إِلاَّ رَيْثَمَا انْصَرَفَ» :** ئازغىنا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

**اِنْتَظِرْنِى رَيْثَمَا أُغَيِّرُ ثِيَابِي:** كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ بولغىچە مېنى كۈتۈپ تۇرغىن.

**رِيْحٌ ج رِيَاحٌ وأَرْيَاحٌ وأَرْوَاحٌ:** شامال؛ يەل، بۇي، ھىد؛ كۈچ ـ قۇۋۋەت.

**«إِنّى لَأَجِدُ رِيحَ يُوسُفَ» ‹قرآن›:** مەن چوقۇم يۈسۈپنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن.

**«وَلاَتَنَازَعُوافَتَفْشَلُواوَتَذْهَبَ رِيْحُكُمْ» ‹قرآن›:** ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.

**«فَسَخَّرْنَا لَهُ الرِّيْحَ تَجْرِى بِأَمْرِهِ رُخَاءً حَيْثُ أَصَابَ» ‹قرآن›:** بىز سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى.

**ذَهَبَ مَعَ الرِّيحِ:** ئىزى ئۆچتى.

**رَجُلٌ ساكِنُ الرِّيحِ:** تەمكىن ئادەم، ۋەزمىن ئادەم.

**رِيحُ الْبَطْنِ:** يەل، ئوسۇرۇق.

**طَاحُونُ الرِّيحِ:** شامال تۈگمىنى.

**دُوَّارَةُ الرِّيحِ:** شامال كۆرسەتكۈچى.

**رِيحُ الصَّبَا:** شەرق شامىلى.

**هَبَّتْ رِيْحُهُ:** ئۇنىڭ ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

**رِيْحُ الدَّبُورِ:** غەرب شامىلى.

**رِيْحُ الجَنُوبِ:** جەنۇب شامىلى.

**رِيحُ الْجَنُوبِ حَارَّةٌ:** جەنۇب شامىلى ئىسسىق.

**أَخْرَجَ رِيْحًا:** ئوسۇردى.

**أَبُورِيَاحٍ:** قارانچۇق.

**ذَهَبَ عَمَلُهُ أَدْرَاجَ الرِّيَاحِ:** ئۇنىڭ قىلغان ئىشى نەتىجىسىز بولدى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى بىكارغا كەتتى.

**رِيْحَةٌ:** ھىد، پۇراق، بۇي.

**رَيْحَانٌ ج يَاحِينُ:** رەيھان، رەيھانگۈل، خۇشبۇي، ئۆسۈملۈك، خۇش پۇراقلىق.

**«وَالْحَبُّ ذُوالْعَصْفِ وَالرَّيْحَانِ» ‹قرآن›:** سانى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار.

**«فَأَمَّا إِنْ كَانَ مِنَ الْمُقَرَّبِينَ فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّةُ نَعِيمٍ» ‹قرآن›:** ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (يەنى تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇ نېمەتلىك جەننەت بولىدۇ.

**رَيْحَانٌ بَرِّيٌّ:** رەيھانگۈل.

**رَيْحَانُ الشُّيُوخِ:** يالپۇز.

**رَيْحَانُ الْقُبُورِ:** رەيھاننىڭ بىر خىلى( ئاق گۈللۈك ۋە دائىم يېشىل تۇرىدىغان نوتا ئۆسۈملۈك ).

**رَيْحَانُ سُلَيْمَان:** ياۋا ئۈزۈم.

**رَيْحَانُ الْكَافُورِ:** كافۇر دەرىخى.

**رَيْدٌ ج رُيُودٌ وأَرْيَادٌ:** تىك يار، ھاڭ.

**رِيْدٌ:** تەلەپ.

**رَيْرٌ:** بوۋاقلارنىڭ شۆلگىيى.

**رِيْشٌ ج أَرْيَاشٌ رِيَاشٌ :** پەي، قۇشنىڭ پېيى؛ كۆركەم، گۈزەل.

**«جَعَلَ اللّٰهُ اللِّبَاسَ رِيْشًا» :** ئاللاھ تائالا كىيىمنى كۆركەم، گۈزەل قىلدى.

www.uyghurkitap.com

«قَدْ أَنْزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْءَاتِكُمْ وَرِيشًا» «قرآن» : سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق.

رِيشُ النَّعَامِ: تۆگە قۇشنىڭ پېيى.

رِيشُ الْجَرَّاحِ: ئوپېراتسىيە پىچىقى.

رِيشُ الْمِحْرَاثِ: چىش (بۇقۇسنىڭ چىشى).

رِيشُ الرِّفَاسِ: قانات (چاقپەلەكنىڭ).

وَزْنُ الرِّيشِ: ئىككىنچى دەرىجە.

رَيْشٌ: كۆپ يوپۇرماقلىق (ئۆسۈملۈك).

رَيَشٌ: ئىككى قۇلاق ۋە يۈزدىكى تۈكنىڭ كۆپلىكى.

رِيشَةٌ ج رِيشَاتٌ: بىر تال پەي.

اَلرِّيشَةُ الطَّائِرَةُ: پەي توپ.

رِيشَةُ الْكِتَابَةِ: پەي قەلەم.

رِيشَةُ الْمُصَوِّرِ: رەسسام قەلىمى.

رِيشِيٌّ: پەيگە ئوخشايدىغان، پەي شەكىللىك.

رَيْطَةٌ ج رَيْطٌ ورِيَاطٌ: بىر تۇرۇم رەخت؛ بىر توپ؛ دوخاۋا، مەخمەل.

رَيْعٌ: مەھسۇلات، ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسە، دارامەت، كىرىم، ئىجارە، ئۆسۈم، تاپاۋەت، پايدا؛ ئەڭ ياخشىسى، دەسلەپكى مەزگىل.

«هَذَا الشَّيْءُ لَيْسَ لَهُ رَيْعٌ» : بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەپ تەگمەيدۇ.

رَيْعُ الْأَرْضِ: يەرنىڭ مەھسۇلاتى، يەرنىڭ ھوسۇلى.

اَلرَّيْعُ الْعَقَارِيُّ: يەر ئىجارىسى.

رَيْعُ الضُّحَى: چاشكا ۋاقتىنىڭ نۇرلۇق پەيزى كۆرۈنۈشى.

رَيْعُ الشَّجَرَةِ: دەرەخنىڭ كىرىمى.

اَلرَّيْعُ الْمُطْلَقُ: ئۆزگەرمەس يەر ئىجارىسى.

رَيْعُ الشَّبَابِ: ياشلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى.

رِيعٌ ج رِيَاعٌ ورُيُوعٌ وَأَرْيَاعٌ : تۆپىلىك؛ ساي جىرالارنىڭ ئېقىنى، ئېگىزلىك، ئېگىز جاي، تاغ يولى، كەپتەرخانا، كەپتەر قەپىسى.

«أَتَبْنُونَ بِكُلِّ رِيعٍ آيَةً تَعْبَثُونَ» «قرآن» : سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن - كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا) سالامسىلەر.

رَيْعَانٌ : ئەڭ ياخشى، ئەۋزىلى؛ ئەۋۋىلى.

فِي رَيْعَانِ الشَّبَابِ: بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلىدە، ياشلىق دەۋرىدە، ياشلىق مەزگىلىدە.

«ذَهَبَ رَيْعَانُ الشَّبَابِ» : ياشلىقنىڭ گۈزەل چاغلىرى كېتىپ قالدى.

رَيْعَانُ الْمَطَرِ: يامغۇر مەزگىلى.

رِيعَةٌ: تۆپىلىك، ئېگىزلىك، كىشىلەر توپى، خەلق ئاممىسى.

رِيفٌ ج أَرْيَافٌ ورُيُوفٌ: يېزا، سەھرا، تېرىلغۇ يەر، ئۈزلەشكەن يەر، توقچىلىق، مەمۇرچىلىق.

«أَقْضِي عُطْلَةَ الصَّيْفِ مَعَ أُسْرَتِي فِي الرِّيفِ» : يازلىق تەتىلنى ئائىلەم بىلەن يېزىدا ئۆتكۈزىمەن.

رِيفِيٌّ: يېزىلىق، سەھرالىق، يېزىغا تەۋە.

رِيقٌ ج أَرْيَاقٌ وَرِيَاقٌ: شۆلگەي، سېرىق سۇ، شالى.

بَلَّ رِيقَهُ: تەشنالىقتىن كېيىن ئازراق سۇ ئىچتى.

جَرَى رِيقُهُ عَلَيْهِ: ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى، چىشىنى بىلدى.

جَاءَ عَلَى الرِّيقِ: بىر نەرسە يېمەي كەلدى.

جَفَّ رِيقُهُ: ئۆزىنى جاپاغا سالدى.

بَلَعَ رِيقَهُ: ئارام ئالدى، ئازراق توختىدى.

رَيْقٌ: ئەڭ ياخشىسى، دەسلەپكى مەزگىل، شانلىق؛ باتىل، يالغان، ساختا.

فِي رَيْقِ الْعُمْرِ: ياشلىق دەۋرە، بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدە.

رِيمٌ: ئاق كىيىك، ئاق بۆكەن؛ قەبرە، گۆر؛ كىچىك تاغ، تۆپىلىك، دۆڭلۈك.

رَيْهُقَانٌ: زەپەر.

رَيٌّ، رِيٌّ: سۇغارماق.

رَيٌّ بِالْآلَاتِ: ئۇسكۇنە بىلەن سۇغارماق، سايمان بىلەن سۇغارماق.

رِيًّا: خۇشبۇي، خۇش پۇراق، خۇش ھىد.

**رَيَّاحٌ:** غول ئۆستەڭ.

**رَيَّانٌ ج رِوَاءٌ:** ئۇسسۇزلۇققا قانغان؛ ياپيېشىل (دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈك).

**رِيَّةٌ:** ئۆپكە؛ تۇر، خىل، تۈركۈم؛ كۆز ياكى دىل بىلەن كۆرۈش.

**رِيَّةُ الْبَحْرِ:** مېدۇزا (دېڭىزدا ياشايدىغان كۆنلۈك-سىمان جانلىق).

**رَيَّثَ يُرَيِّثُ تَرْيِيثًا:** هاردى، چارچىدى.

**رَيَّثَ الشَّيْءَ:** يۇمشاتتى؛ نازۇكلاشتۇردى.

**رَيَّحَ يُرَيِّحُ تَرْيِيحًا نَفْسَهُ:** ئۆزىنى ئارام ئالغۇزدى، ئىستىراھەت قىلغۇزدى.

**رَيَّحَ جِسْمَهُ:** جىسمىنى ئارام ئالدۇردى.

**رَيَّحَ الْبِنَاءُ:** بىنا ئۇلتۇرۇشۇپ كەتتى.

**رَيِّحٌ:** بوران، سالقىن.

**رَيَّخَ يُرَيِّخُ تَرْيِيخًا:** ئاجىزلاشتۇردى، ماغدۇرسىزلاندۇردى.

**رَيَّرَ يُرَيِّرُ تَرْيِيرًا:** سەمرىپ كەتتى، يوغىنىدى.

**رَيِّسٌ:** داهى، باشلىق، رەھبەر، يولباشچى، رەئىس.

**رَيَّشَ يُرَيِّشُ تَرْيِيشًا السَّهْمَ:** ئوق سالدى.

**رَيَّشَهُ الْمَرَضُ:** كېسەل ئۇنى ئاجىزلىتىۋەتتى.

**رَيِّشٌ :** كۆپ يوپۇرماقلىق (ئۆسۈملۈك).

**رَيِّضٌ :** يېڭى كۆندۈرۈلگەن ئۇلاغ.

**رَيِّضَةٌ :** باغچا؛ تەس، مۇشكۇل.

**اَلنَّاقَةُ الرَّيِّضَةُ:** كۆندۈرۈلگەن تۆگە.

**رَيَّعَ يُرَيِّعُ تَرْيِيعًا الْمَالَ:** مەبلەغ سالدى، دەسمايە سالدى، ئۆستۈردى، كۆپەيتتى.

**رَيَّعَ الشَّيْءُ:** ئۆستى، كۆپەيدى.

**رَيَّعَ الْقَوْمُ:** قەۋم توپلاندى.

**رَيِّقٌ، رَيُّوقٌ:** ئەڭ ياخشىسى، دەسلىپى، جىلۋە.

**رَيَّلَ يُرَيِّلُ تَرْيِيلاً الصَّبِيُّ:** بالىنىڭ شۆلگىيى ئاقتى، بالىنىڭ شالى ئاقتى.

**رَيَّمَ يُرَيِّمُ تَرْيِيمًا بِالْمَكَانِ:** ئولتۇراقلاشتى، تۇردى، ماكان تۇتتى، تۇرۇپ قالدى، كۆپەيدى، كۆن بويى ماڭدى.

**رَيَّمَتِ السَّحَابَةُ:** يامغۇر توختىماي ياغدى.

**رَيَّمَ عَلَى:** قورقتى، چۆچۈتتى.

**رَيَّهَ يُرَيِّهُ تَرْيِيهًا الشَّيْءَ:** تەۋرەتتى، داۋالغۇتتى، قالايمىقانلاشتۇردى، پاراكەندە قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# ز

ز (زَايٌ): ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 11 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «7» نى بىلدۈرىدۇ.

**زَابَ يَزُوبُ زَوْبًا الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى.

**زَابَنَ يُزَابِنُ مُزَابَنَةً ـ هُ:** ئۇنى تاشلىۋەتتى، ئىتتىرىۋەتتى.

**«زَابَنَتِ الْبَقَرَةُ عِجْلَهَا»:** كالا موزىيىنى ئىتتىرىۋەتتى.

**زَابَنَ فُلَانًا:** ئېنىقسىز نەرسىنى ئېنىق نەرسىگە ساتتى.

**«زَابَنَ فَلَّاحٌ فُلَانًا الرُّطَبَ فِي رُؤُوسِ النَّخْلِ بِمِقْدَارٍ مَعْلُومٍ مِنَ التَّمْرِ»:** دېھقان خورما شېخىدىكى ھۆل خورمىنى مۇئەييەن مىقداردىكى خورمىغا ساتتى.

**زَاتَ يَزِيتُ زَيْتًا الطَّعَامَ:** تاماققا ماي قۇيدى، ماي قوشتى.

**زَاتَ الْآلَةَ:** سايمانغا ماي قۇيدى، مايلىدى.

**زَاجٌ:** تۆمۈر؛ سۇلفات.

**اَلزَّاجُ الْأَبْيَضُ:** ۋىگىت (سىنىك سۇلفات).

**زَاجِرٌ ج زَاجِرُونَ:** مەنئى قىلغۇچى، چەكلىگۈچى، توسقۇچى.

**زَاجِرُ الْإِنْسَانِ:** ئادەمنىڭ ۋىجدانى، ئادەمنىڭ ئىنسابى.

**حُكْمٌ زَاجِرٌ:** چەكلىگۈچى ھۆكۈم.

**زَاجِرَةٌ ج زَوَاجِرُ وَ زَاجِرَاتٌ:** شامال.

**زَاجِلٌ ج زَوَاجِلُ:** ئەسكەر باشلىقى؛ ئوق ئاتقۇچى.

**حَمَامٌ زَاجِلٌ:** خەت كەپتىرى، پوچتا كەپتىرى.

**زَاحَ يَزُوحُ زَوْحًا عَنِ الْمَكَانِ:** مەلۇم بىر ئورۇندىن ئايرىلدى، چەتنىدى، يىراقلاشتى.

**زَاحَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى نېرى قىلىۋەتتى، ئېلىۋەتتى.

**زَاحَ الْجِمَالَ:** تۆگىلەرنى تارقىتىۋەتتى، چېچىۋەتتى.

**زَاحَ السِّتَارَ:** پەردىنى ئېچىۋەتتى.

**زَاحَ يَزِيحُ زَيْحًا وَ زَيَحَانًا الرَّجُلُ:** يىراقلاشتى، ئايرىلدى، چەتنىدى.

**زَاحَرَ يُزَاحِرُ مُزَاحَرَةً:** دۈشمەنلەشتى، ئۆچلەشتى، ئاداۋەتلەشتى.

**زَاحِقٌ ج زَوَاحِقُ:** ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار، يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلار؛ ياماشقۇچى.

**زَاحَمَ يُزَاحِمُ مُزَاحَمَةً وَ زِحَامًا الرَّجُلَ:** قىستىدى.

**«زَاحَمَ التَّاجِرُ زَمِيلَهُ»:** سودىگەر ھەمراھىنى قىستىدى.

**«زَاحَمَهُ بِالْمَنْكِبِ وَالسَّاقِ»:** ئۇنى دولىسى ۋە پاچىقى بىلەن قىستىدى.

**زَاحَمَ الْخَمْسِينَ:** ئەللىككە يېقىنلاشتى.

**زَاخِرٌ:** تاشقۇچى، يامرىغۇچى، تولۇپ ـ تاشقان، يۈكسەلگۈچى؛ لىقمۇ لىق.

**بَحْرٌ زَاخِرٌ:** تولۇپ تاشقان دېڭىز.

**قَلْبُهُ زَاخِرٌ بِالْمَحَبَّةِ:** دىلى مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان.

**زَادَ يَزُودُ زَوْدًا الشَّخْصُ:** ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغدى.

**زَادَهُ:** ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق بەردى، ئوزۇق ـ تۈلۈك بەردى.

**زَادَ الْمُسَافِرَ:** مۇساپىر ئوزۇق تەييارلىدى.

**«زَادَتِ الْأُمُّ وَلَدَهَا قَبْلَ سَفَرِهِ»:** بالا سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئانىسى ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق تەييارلاپ بەردى.

**زَادَ يَزِيدُ زَيْدًا الشَّيْءُ:** نەرسە ئۆستى، كۆپەيدى، ئاشتى، ئۆرلىدى.

**زَادَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى كۆپەيتتى، ئاشۇردى.

**زَادَهُ كَذَا:** ئۇنىڭغا ئىلگىرى بەرگەندىن كۆپ بەردى.

**زَادَ عَنِ الشَّيْءِ:** نەرسىدىن ئۆتۈپ كەتتى ، ئېشىپ كەتتى.

**«زَادَ الطِّينَ بَلَّةً» ‹مثل›:** ئېچىشقان جايغا تۇز سەپتى ، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتى.

**«زَادَكَ اللّٰهُ عِلْمًا» :** ئاللاھ ئىلمىڭنى زىيادە قىلسۇن.

**زَادَ مَالُهُ:** مېلى كۆپەيدى.

**زَادَ عَلَى الْحَدِّ:** چەكتىن ئېشىپ كەتتى.

**«زِدْ مِنْ مَلَابِسِكَ وَإِلَّا فَسَتُصَابُ بِالزُّكَامِ» :** قېلىنراق كىيىنىۋال ، بولمىسا زۇكام بولۇپ قالىسەن.

**زَادٌ ج أَزْوَادٌ وَ أَزْوِدَةٌ:** ئوزۇق ـ تۈلۈك ، ئوزۇق يەم ـ خەشەك ، تەمىنات.

**زَادُ الْعَائِلَةِ السَّنَوِيُّ:** ئائىلىنىڭ يىللىق ئوزۇقى.

**«زَادُ الطَّالِبِ مِنَ الْعِلْمِ» :** ئوقۇغۇچىنىڭ ئوزۇقى ئىلىم.

**«زَادُهُ دَقِيقٌ وَ تَمْرٌ» :** ئۇنىڭ ئوزۇقى ئۇن ۋە خورمىدىن ئىبارەت.

**زَارَ يَزُورُ زَوْرًا وَمَزَارًا وَ زِيَارَةً:** زىيارەت قىلدى، ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ، يوقلىدى ، هال ـ ئەھۋال سورىدى.

**«أَلْهَاكُمُ التَّكَاثُرُ حَتَّى زُرْتُمُ الْمَقَابِرَ» ‹قرآن› :** تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا ) قەدەر ، ( پۇل ـ مال بالىلار بىلەن) پەخىرلىنەمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى.

**زَارَةٌ:** دانلىق ، پوكان ( قۇشلارنىڭ ) ؛ پوقاق، توپ، جامائە.

**زَارَعَ يُزَارِعُ مُزَارَعَةً الْمَالِكُ الزَّارِعَ:** ئورتاقلاشتى ، يەر ئىگىسى يەر تېرىغۇچىغا يەرنى ئورتاققا بەردى.

**زَارِعٌ ج زُرَّاعٌ:** دېھقان ، يەر تېرىغۇچى.

**زَارُوبٌ ج زَوَارِيبُ:** تار يول ، چىغىر يول ، يالغۇز ئاياغ يول ، تاركوچا.

**زَارَى يُزَارِي زِرَاءً وَ مُزَارَاةً فُلَانًا:** ئەيىبلىدى ، كەمسىتتى ، مەنسىتمىدى.

**«كَثِيرًا مَا يُزَارِيهِ أَمَامَ أَتْرَابِهِ» :** كۆپىنچە ئۇنى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلەيدۇ.

**زَاوِيَةٌ ج زَيَازٍ:** تۆپىلىك ، دۆڭ ؛ پەي.

**زَاطَ يَزِيطُ زَيْطًا النَّاسُ:** كىشىلەر ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشتى، ۋارقىراپ ـ جارقىراشتى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشتى.

**زَاغَ يَزُوغُ زَوْغًا وَ زَوَغَانًا:** ئۆزىنى قاچۇردى ، ئاغدى ، باش تارتتى ، سىڭايان بولدى ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى ، قىيسايدى ، مايىل بولدى ، قىڭغىر بولدى، بۇرالدى.

**زَاغَ يَزِيغُ زَيْغًا وَ زَيَغَانًا الْبَصَرُ:** كۆز چارچىدى ، تالدى ، هالسىرىدى.

**«مَا زَاغَ الْبَصَرُ وَمَا طَغَى» ‹قرآن› :** (پەيغەمبەرنىڭ كۆزى ( ئوڭ ـ سولغا ) بۇرالمىدى ، (كۆزلىگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى.

**زَاغَ الشَّيْءُ:** نەرسە قىڭغىر كەتتى ، بۇرۇلۇپ كەتتى.

**زَاغَ الشَّخْصُ:** كىشى ئازدى ، ئاداشتى.

**زَاغَتِ الشَّمْسُ:** كۈن قايرىلدى.

**زَاغَ يَزِيغُ زَيْغًا ـ تِ النُّقُودُ:** پۇل ساختىلاشتى، يالغاندىن ياسالدى.

**زَاغٌ:** قاغا، مونېدۇلا قاغىسى، زاغ.

**زَاغٌ جِيْفِيٌّ:** تاپ يېگۈچى قاغا.

**زَافَ يَزُوفُ زَوْفًا الْحَمَامَةُ:** كەپتەر قانات قاقتى ، پەرۋاز قىلدى.

**زَافِرَةٌ:** پولات چىۋىق.

**زَافٌّ:** قانات كېرمەك.

**طَائِرٌ زَافٌّ:** قانىتىنى كېرىپ شوڭغۇغۇچى قۇش.

**زَافِنَةٌ:** ئاقساق چىشى تۆگە.

**زَاقُولٌ ج زَوَاقِيلُ:** ئوغرى؛ قاراقچى؛ ئالدامچى؛ باسمىچى.

**زَاقٍ ج زَوَاقٍ:** خوراز.

**زَاكَ يَزُوكُ زَوْكًا الرَّجُلُ:** كۆرەڭلەپ ماڭدى ، غادىيىپ ماڭدى.

**زَاكَنَ يُزَاكِنُ مُزَاكَنَةً:** يېقىنلاشتى ، يېقىن كەلدى ، يېقىنلاپ كەلدى.

**زَالَ يَزُولُ زَوْلًا وَ زَوْلَانًا وَ زَوَالًا الشَّيْءُ:** نەرسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


نىرى بولدى. زاۋال تاپتى.

**زَالَ يَزُولُ زَوَالاً الشَّخْصُ:** هالاك بولدى ، ۋاپات بولدى.

**زَالَتِ الشَّمْسُ:** كۈن قايرىلدى ، قىيسايدى.

**زَالَ عَنِ الْوُجُودِ:** يەر يۈزىدىن يوقالدى.

**زَالَ زَائِلُ الظِّلِّ:** دەل چۈش ۋاقتى بولدى.

**زَالَ يَزِيلُ زَيْلاً:** توختىدى.

**زَالَ عَنْ مَكَانِهِ:** يىراقلاشتى، چەتلەشتى.

**مَا زَالَ وَ لَمْ يَزَلْ:** ئىلگىرىكىدەك، يەنە، يەنىلا، ئاۋۋالقىدەكلا، توختاۋسىز، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز.

**مَا زَالَ قَائِمًا:** داۋاملىق ئۆرە تۇردى.

**«مَا زَالَ يَسْكُنُ فِي ذَلِكَ الشَّارِعِ»:** ئۇ ھېلىمۇ شۇ كوچىدا تۇرماقتا.

**لاَ يَزَالُ يَعْمَلُ:** ئۇ يەنىلا خىزمەت قىلماقتا، ئۇ يەنىلا ئىشلەۋاتىدۇ.

**زَالِخَةٌ:** ديۇگون (دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشىغۇچى بىر خىل ئېمىتكۈچى هايۋان).

**زَامَ يَزُومُ زَوْمًا الرَّجُلُ:** ئۆلدى، هالاك بولدى.

**زَامَ الْكَلْبُ:** ئىت هاۋشىدى، قاۋىدى.

**زَامٌ:** هەرقانداق نەرسىنىڭ تۆتتىن بىرى.

**زَامَةٌ ج زَامَاتٌ:** كىشىلەر توپى، جامائە.

**زَامِرٌ:** نەيچى، نەي چالغۇچى.

**زَامَلَ يُزَامِلُ مُزَامَلَةً:** باراۋەرلەشتى، تەڭپۇڭلاشتى، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بولدى.

**زَامَلَهُ فِي الْعَمَلِ:** ئۇنىڭ بىلەن خىزمەتداش بولدى، ئىشداش بولدى.

**زَامَلَهُ فِي التَّدْرِيسِ بِالرِّيفِ:** يېزىدا ئۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقتا بىرگە بولدى.

**زَامَّ يُزَامُّ مُزَامَّةً ـ هُ:** ئۇنىڭغا قارشى تۇردى، ئۇنى هاكاۋۇرلۇقتا بېسىپ چۈشتى.

**زَامَنَ يُزَامِنُ مُزَامَنَةً ـ هُ:** ئۇنىڭ بىلەن ۋاقىت بەلگىلەپ مۇئامىلە قىلىشتى.

**زَانَ يَزِينُ زَيْنًا ـ هُ:** ئۇنى بېزەپ كۆرسەتتى، ياسىدى، پەرداز قىلدى، گۈزەللەشتۈردى، زىننەتلىدى، بېزىدى، ئۇيا ـ ئەگلىك سۈركىدى.

**زَانَ الصُّورَةَ:** سۈرەتنى بېزىدى.

**«إِنْ يَزِينَكَ لَنَفْسُكَوَإِنْ يَشِينَكَ لَهِيَ» ‹مثل›:** ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن، قىز تۇغسا خوتۇنىدىن كۆرۈش.

**زَانْ. خَشَبُ زَانٍ:** بوك دەرىخى، زىكۇۋ دەرىخى.

**زَانَةٌ:** تۇۋرۇك.

**زَانٍ ج زُنَاةٌ:** زىناخور، پاھىشىۋاز، پاھىشە قىلغۇچى، زىنا قىلغۇچى.

**زَانِيَةٌ ج زَانِيَاتٌ وَ زَوَانٍ:** پاھىشە ئايال، بۇزۇق ئايال، جالاپ.

**«اَلزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِائَةَ جَلْدَةٍ» ‹قرآن›:** زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ هەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار.

**زَاهِدٌ ج زُهَّادٌ وَ زُهَّدٌ وَ زَاهِدُونَ:** زاهىد، دۇنياغا بېرىلمەي ئىبادەت قىلغۇچى.

**«وَشَرَوْهُ بِثَمَنٍ بَخْسٍ دَرَاهِمَ مَعْدُودَةٍ وَ كَانُوا فِيهِ مِنَ الزَّاهِدِينَ» ‹قرآن›:** ئۇلار يۈسۈفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۈسۈفكە قىزىقمىغانىدى.

**زَاهِدَةٌ ج زَاهِدَاتٌ وَ زَوَاهِدُ:** تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال دەرۋىش.

**زَاهِرٌ:** گۈزەل، چىرايلىق، پۇزۇر، ھەشەمەتلىك، يورۇپ تۇرغۇچى، چاقناپ تۇرغان، ۋال - ۋۇل، پار - پۇر، ئېچىلىۋاتقان، چېچەكلەۋاتقان.

**طَلاَءٌ لَوْنُهُ زَاهِرٌ:** پارقىراق سىر.

**أَحْمَرُ زَاهِرٌ:** ئوچۇق قىزىل.

**أَوْرَاقٌ زَاهِرَةٌ:** چىرايلىق ياپراق.

**زَاهِقٌ ج زَوَاهِقُ:** هالاك بولغۇچى، يوقالغۇچى، مۇنقەرز بولغۇچى؛ ساختا، يالغان.

**كَلاَمٌ زَاهِقٌ:** ساختا سۆز.

**نَفْسٌ زَاهِقَةٌ:** هالاك بولغۇچى جان.

**بِئْرٌ زَاهِقَةٌ وَ زَهُوقٌ:** چوڭقۇر قۇدۇق.

**زَاهِلٌ:** تىنچ، جىمجىت، خاتىرجەم، ئارام.

**زَاهٍ ج زَاهُونَ:** چىرايلىق، شانلىق، پارلاق، ھەشەمەتلىك، نۇرلۇق، پۈزۈر، پار ـ پۇر.

**لَوْنٌ زَاهٍ:** ئوچۇق رەڭ.

**نَبَاتٌ زَاهٍ:** چىرايلىق ئۆسۈملۈك.

**فِتْيَانٌ زَاهُونَ:** پۈزۈر يىگىتلەر.

**زَاهِيَةٌ ج زَاهِيَاتٌ:** پۈزۈر، چىرايلىق، پارلاق، نۇرلۇق.

**وُجُوهٌ زَاهِيَةٌ:** نۇرلۇق يۈزلەر.

**أَيَّامٌ زَاهِيَةٌ:** پارلاق كۈنلەر.

**زَاوَجَ يُزَاوِجُ مُزَاوَجَةً مِنَ الشَّخْصَيْنِ:** توي قىلىشتى.

**زَاوَجَ بَيْنَ الْعَمَلَيْنِ:** ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈردى.

**زَاوَجَ بَيْنَ الثَّوْرَيْنِ:** ئىككى ئۆينى جۈپلەپ قويدى.

**زَاوَجَ بَيْنَ الْعَمَلِ وَالْعِلْمِ:** خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈردى.

**زَاوَجَ بَيْنَهُمَا:** ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ قويدى.

**زَاوِرَةٌ وَ زَاوُورَةٌ:** دانلىق، پوكان، پوقاق.

**زَاوَلَ يُزَاوِلُ مُزَاوَلَةً ـ هُ:** ھەپىلەشتى؛ ئورۇنۇپ باقتى؛ مەشىق قىلدى؛ شۇغۇللاندى.

**«إِذَا زَاوَلْتَ هَذَا الْعَمَلَ كَثِيرًا فَإِنَّكَ سَتُجِيدُهُ بِطَبِيعَةٍ»:** بۇ ئىشنى قىلىۋەرسەڭ، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ماھىر بولۇپ كېتىسەن.

**زَاوِيَةٌ ج زَوَايَا:** بۇلۇڭ؛ مۇنبىرى يوق كىچىك مەسچىت، خانىقا، تەكىيخانا.

**«بَحَثْتُ عَنْ قَلَمِي فِي كُلِّ مَكَانٍ وَوَجَدْتُهُ أَخِيرًا فِي زَاوِيَةِ الدُّرْجِ»:** مەن قەلىمىمنى ھەممە يەردىن ئىزدىدىم، ئاخىرىدا ئۇنى تارتمىنىڭ بۇرجىكىدىن تېپىۋالدىم.

**«لَقَدْ نَظَّفْتُ كُلَّ زَاوِيَةٍ مِنْ زَوَايَا السَّاحَةِ تَمَامًا»:** ھويلىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ ھەممە يېرىنى پاكىز سۈپۈرۈۋەتتىم.

**زَاوِيَةٌ خَارِجَةٌ:** تاشقى بۇلۇڭ.

**زَاوِيَةٌ دَاخِلَةٌ:** ئىچكى بۇلۇڭ.

**زَاوِيَةٌ عَوْجَاءُ:** قىيسىق بۇلۇڭ.

**زَاوِيَةُ النَّجَّارِ:** ئۈچ بۇرجەكلىك سىزغۇچ.

**اَلزَّاوِيَةُ الْحَادَّةُ:** ئۆتكۈر بۇلۇڭ.

**اَلزَّاوِيَةُ الْقَائِمَةُ:** تىك بۇلۇڭ.

**اَلزَّاوِيَةُ الْمُنْفَرِجَةُ:** كەڭ بۇلۇڭ.

**اَلزَّاوِيَةُ الْمُتَتَامَّةُ:** قالدۇق بۇلۇڭ.

**اَلزَّاوِيَةُ الْمُتَكَامِلَةُ:** تولدۇرغۇچى بۇلۇڭ.

**اَلزَّاوِيَةُ الزَّوْجِيَّةُ:** ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ.

**زَاوِيَةُ الْوُقُوعِ:** چۈشۈش بۇلۇڭى.

**حَجَرُ الزَّاوِيَةِ:** ئۇل تاش، ئۇل، نېگىز، بۇلۇڭ تاش.

**قَائِمُ الزَّاوِيَةِ:** تىك بۇلۇڭلۇق.

**مُنْفَرِجُ الزَّاوِيَةِ:** كەڭ بۇلۇڭلۇق.

**مُتَسَاوِي الزَّوَايَا:** تەڭ بۇلۇڭلۇق، تەڭ بۇلۇڭلار.

**مُتَعَدِّدُ الزَّوَايَا:** كۆپ بۇلۇڭلۇق.

**«عَاشَ فِي زَوَايَا الرِّيفِ»:** يېزىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ياشىدى.

**«عَاشَ مُهْمَلاً فِي زَوَايَا النِّسْيَانِ»:** بىر بۇلۇڭدا نام ـ نىشانسىز ياشىدى.

**مِنْ هَذِهِ الزَّوَايَا:** بۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا.

**«نَظَرَ إِلَى الْمَوْضُوعِ مِنْ زَوَايَا مُخْتَلِفَةٍ»:** مەسىلىگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن قارىدى.

**زَايَدَ يُزَايِدُ مُزَايَدَةً:** باھا قويۇشتا، خېرىدار بولۇشتا رىقابەتلەشتى، كىمئارتۇق قىلىپ باھا قويدى، باھا تالاشتۇردى.

**«زَايَدَهُ فِي شِرَاءِ الْبِضَاعَةِ»:** مال سېتىۋېلىشتا باھا تالاشتۇردى.

**زَايَلَ يُزَايِلُ مُزَايَلَةً ـ هُ:** ئۇنىڭدىن ئايرىلدى.

**زَائِدٌ:** زىيادە، ئارتۇق، ئوشۇق، ئارتۇقچە.

**وَزْنٌ زَائِدٌ:** ئارتۇق ئېغىرلىق.

**بِسُرُورٍ زَائِدٍ:** ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن، ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن.

**زَائِدٌ عَنِ الْحَاجَةِ:** ئېھتىياجدىن ئارتۇق.

**عَدَدٌ زَائِدٌ:** ئارتۇق سان.

www.uyghurkitap.com

**سَاعَاتُ الْعَمَلِ الزَّائِدِ:** ئوشۇق ئىشلىگەن ۋاقىت.

**ثَمَنٌ زَائِدٌ:** ئارتۇق باھا.

**كَلَامٌ زَائِدٌ:** پايدىسىز سۆز، ئوشۇق گەپ.

**تَدَخُّلٌ زَائِدٌ:** ئارتۇقچە ئارىلىشىۋالماق.

**زَائِدَةٌ ج زَوَائِدُ:** ئوشۇق، ئارتۇق، زىيادە.

**اَلزَّائِدَةُ الدُّودِيَّةُ:** سوقۇر ئۈچەي، قارغۇ ئۈچەي.

**زَائِدَةٌ جِلْدِيَّةٌ:** سۆگەل.

**سُرْعَةٌ زَائِدَةٌ:** ئېشىپ كەتكەن تېزلىك.

**حَاجَةٌ زَائِدَةٌ عَنِ الْمَطْلُوبِ:** تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەن ھاجەت.

**اِلْتِهَابُ الزَّائِدَةِ الدُّودِيَّةِ:** سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى.

**تَدَخُّلَاتٌ زَائِدَةٌ:** ئارتۇقچە ئارىلاشماق.

**اِسْتِئْصَالُ الزَّائِدَةِ:** سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋەتمەك.

**زَائِرٌ ج زَائِرُونَ وَ زُوَّارٌ:** زىيارەت قىلغۇچى، ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچى، مېھمان؛ ھۆركۈرگۈچى يولۋاس.

**أُسْتَاذٌ زَائِرٌ:** ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىگە لېكسىيە سۆزلەش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسور.

**«إِذَا أَتَاكُمُ الزَّائِرُ فَأَكْرِمُوهُ» ‹حديث›:** سىلەرنى بىرەر ئادەم يوقلاپ كەلسە، ئۇنى ھۆرمەتلەڭلار.

**زَائِغٌ ج زَائِغُونَ:** بۇرۇلۇپ كەتكۈچى، قىيسايغۇچى، ئېغىپ كەتكۈچى، ناتوغرا.

**اَلزَّائِغُونَ عَنِ الصَّوَابِ:** توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچىلەر.

**نَظَرَاتٌ زَائِغَةٌ:** قىڭغىر قاراشلار، ئېغىپ كەتكەن قاراشلار، ناتوغرا قاراشلار.

**زَائِفٌ:** ساختا، يالغاندىن ياسالغان.

**خَبَرٌ زَائِفٌ:** يالغان خەۋەر.

**حُجَّةٌ زَائِفَةٌ:** ساختا ھۆججەت، يالغان پاكىت.

**نُقُودٌ زَائِفَةٌ:** ساختا پۇل.

**زَائِقٌ ج زَوَقَةٌ:** ئۆينىڭ تۇرۇسلىرىنى بېزىگۈچى.

**زَوَقَةُ الْبُيُوتِ بِالْجِصِّ:** ئۆيلەرنى گەج بىلەن ئاقارتقۇچىلار.

**زَائِلٌ:** يوقالغۇچى، تۈگىگۈچى، زاۋال تاپقۇچى، تۈگەيدىغان، داۋامى يوق.

**لَيْلٌ زَائِلُ النُّجُومِ:** ئۇزۇن كېچە.

**قَوْلٌ زَائِلٌ:** ئۆتۈپ كەتكەن گەپ.

**حُكْمٌ زَائِلٌ:** ۋاقتى ئۆتكەن ھۆكۈم.

**زَائِلُ الظِّلِّ:** كۈن ئىككىلەشكەن ۋاقىت.

**زَائِلَةٌ ج زَوَائِلُ:** داۋامى يوق، يوقالغۇچى، تۈگىگۈچى؛ جانلىقلار، جاندارلار.

**ثَرْوَةٌ زَائِلَةٌ:** تۈگىگۈچى بايلىق، بىردەملىك بايلىق.

**رَأْفَةٌ بِالزَّوَائِلِ:** جانلىقلارغا ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن.

**«فَصِّلِ الْحِنْطَةَ عَنِ الزُّؤَانِ» :** بۇغداينى قارامۇقتىن ئايرىغىن.

**زُؤَامٌ:** ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي، تېز.

**مَوْتٌ زُؤَامٌ:** ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم.

**«أَصَابَهُ مَوْتٌ زُؤَامٌ» :** ئۇشتۇمتۇت ئۆلدى.

**زُؤَانٌ:** قارامۇق، مەستەك (دېنى زەھەرلىك بۇغدايسىمان ئۆسۈملۈك).

**زِئْبِرٌ. زَئْبَرٌ. زُؤْبُرٌ. زَوْبَرٌ:** تىۋىتتىن توقۇلغان نېپىز رەخت.

**زِئْبَقٌ. زِئْبِقٌ:** سىماپ؛ تۇتامى يوق، يەڭگىل، مىجەزى ئىتتىك (ئادەم).

**زِئْبَقٌ:** كالومېل، سىماپ، خلورىد.

**زَأْبَقَ يُزَئْبِقُ زَأْبَقَةً الدَّوَاءَ:** سىماپتا دورا ياسىدى.

**زِئْبَقِيٌّ:** سىماپقا مەنسۇپ، سىماپقا ئائىت.

**زَأْرَةٌ:** ھۇۋلاش.

**زَأَرَ يَزْأَرُ وزَئِرَ يَزْأَرُ زَأْرًا الْأَسَدُ:** شىر ھۆركىرىدى.

**«زَأْرَةُ الْأَسَدِ فِي الزَّارَةِ أَهْوَنُ مِن زَوْرَةِ بَعْضِ الزَّوْرَةِ» :** شىرنىڭ ئورمانلىقتىكى ھۇۋلىشى بەزى زىيارەتچىلەرنىڭ زىيارىتىدىن يېنىك تۇيۇلىدۇ.

**زَأَمَ يَزْأَمُ زَأْمًا وَ زُؤُمًا الشَّخْصُ:** تاسادىپىي ئۆلدى، تۇيۇقسىز ئۆلدى، ئۇشتۇمتۇت جېنى چىقىپ كەتتى.

**زَأْمَةٌ:** ئۇنى قورقۇتىۋەتتى، چۆچىتىۋەتتى.

**زَئِيرٌ:** ھۆركىرىگەن ئاۋاز.

**«سُمِعَ زَئِيرُ الْأَسَدِ فِي الْغَابَةِ» :** ئورمانلىقتا شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**زَئِيرُ الْمَدَافِعِ:** زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى.

**زَبَادٌ:** ئىپار، خۇش پۇراق ماددا.

**قِطُّ الزَّبَادِ:** ئىپار مۈشۈكى.

**زَبَادِيٌّ:** چىنە، تاۋاق.

**لَبَنٌ زَبَادِيٌّ:** خام قايماق.

**زُبَاطَةُ بَلَحٍ ج زُبَاطَاتٌ:** بىر ساپاق خورما، بىر تىزىق خورما.

**زُبَالَةٌ:** ئەخلەت.

**صُنْدُوقُ الزُّبَالَةِ:** ئەخلەت ساندۇقى.

**عَرَبَةُ الزُّبَالَةِ:** ئەخلەت ھارۋىسى.

**مِجْرَفَةُ الزُّبَالَةِ:** كۈرەك، شازا، ئەخلەت ئالىدىغان كۈرەك.

**زَبَانَةٌ:** خېرىدار.

**زُبَانَى ج زُبَانَيَاتٌ:** چايانىنىڭ نەشتىرى، ئۆسۈملۈكنىڭ تىكىنى.

**زَبَانِيَةُ جَهَنَّم:** دوزاختىكى مۇئەككەل پەرىشتىلەر.

**«فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ سَنَدْعُ الزَّبَانِيَةَ» «قرآن» :** ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرسۇن، بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك قاتتىق قول پەرىشتىلىرى) نى چاقىرىمىز.

**زَبَانِيَةُ الْاِسْتِعْمَارِ:** جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى، جاھانگىرلارنىڭ مالايلىرى.

**زَبَّ يَزَبُّ زَبًّا:** تۈكلۈك بولۇپ كەتتى، يۈز - قوللىرىغا تۈك چىقىپ كەتتى.

**زَبَّ يَزُبُّ زَبًّا الْقِرْبَةَ:** تۇلۇمنى توشقۇزدى، تۇلۇمنى تولدۇردى، تۇلۇمغا قاچىلىدى.

**زَبَّ الْحِمْلَ:** يۈكنى كۆتۈردى، يۈدىدى.

**زُبٌّ ج أَزْبَابٌ وَ أَزُبٌّ:** بۇرۇن، تۇمشۇق؛ ساقال - بۇرۇت؛ ئەرلىك جىنسىي ئەزا.

**زُبُّ الْبَحْرِ:** دېڭىز كۆپۈكى.

**زَبَّالٌ ج زَبَّالُونَ:** ئەخلەتچى، تازىلىق ئىشچىسى، كوچا سۈپۈرگۈچى.

**«يَمُرُّ الزَّبَّالُ فِي الْحَيِّ عِنْدَ الْفَجْرِ» :** تازىلىق ئىشچىسى تاڭ يورۇغاندا كوچىدىن ئۆتىدۇ.

**زَبَّبَ يُزَبِّبُ تَزْبِيبًا الْعِنَبُ:** ئۈزۈم قۇرىدى.

**زَبَّبَ الْعِنَبَ:** ئۈزۈم قۇرۇتتى.

**«زَبَّبَ الْفَلَّاحُ إِنْتَاجَ ضَيْعَتِهِ مِنَ الْعِنَبِ» :** دېھقان يېرىدىن چىققان ئۈزۈمنى قۇرۇتتى.

**زَبَّبَتِ الشَّمْسُ:** كۈن ئولتۇراي دېدى، كۈن كىرەي دېدى.

**زَبَّدَ يُزَبِّدُ تَزْبِيدًا اللَّبَنُ:** سۈت قايماق تۇتتى.

**زَبَّدَ اللَّبَنَ:** سۈتتىن قايماق ئالدى.

**زَبَّرَ يُزَبِّرُ تَزْبِيرًا الْكِتَابَ:** خەت يازدى.

**زَبَّلَ يُزَبِّلُ تَزْبِيلًا الْأَرْضَ:** يەرنى ئوغۇتلىدى.

**زِبِّيلٌ ج زَبَابِيلُ:** خورما دەرەخ پوستىدىن توقۇلغان ساندۇق؛ چامادان؛ سېۋەت؛ پاخال تاغار؛ قازان - قۇمۇچ.

**زِبِّيلٌ كَبِيرٌ:** 511. 5 لىتىرغا تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى.

**زَبَدَ يَزْبُدُ زَبْدًا اللَّبَنَ:** قايماق ئايرىدى، قايماق ئالدى (سۈتتىن).

**«زَبَدَ الْفَلَّاحُ لَبَنَ بَقَرِهِ» :** دېھقان كالىسىنىڭ سۈتىدىن قايماق چىقاردى.

**زَبَدَتِ السَّيِّدَةُ الثَّرِيدَ:** نان چىلىغان شورپىغا قايماق ئارىلاشتۇردى.

**زَبَدَ الطَّعَامَ:** يېمەكلىككە قايماق ئارىلاشتۇردى.

**زُبْدَةٌ ج زُبَدٌ:** قايماق، سېرىق ماي.

**زُبْدَةُ الشَّيْءِ:** نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشى قىسمى، جەۋھىرى، مېغىزى.

**زُبْدَةُ الْمَوْضُوعِ:** ئاساسىي پىكىر، ئاساسىي مەقسەت، ئاساسىي مۇددىئا، مۇھىم مەزمۇن، ئاساسىي نۇقتا.

**«يَكْثُرُ الزُّبَدُ فِي الرَّبِيعِ» :** قايماق باھاردا كۆپ بولىدۇ.

**زُبْدَةٌ مُسَيَّحَةٌ:** پىششىقلانغان سېرىق ماي.

**زُبْدَةٌ طَازَةٌ:** يېڭى سېرىق ماي.

www.uyghurkitap.com

**زُبْدَةٌ مُمَلَّحَةٌ:** تۇزلانغان سېرىق ماي، تۇزلانغان قايماق.

**زُبْدَةٌ صِنَاعِيَّةٌ:** سۈنئىي قايماق، سۈنئىي سېرىق ماي.

**زُبْدَةُ الْحَلِيبِ:** قايماق، خام قايماق، مەسكە.

**زَبَدٌ ج أَزْبَادٌ:** كۆپۈك، ماغزاپ.

**«فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاءً» «قرآن»:** كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ.

**زَبَدَةٌ ج زَبَدٌ:** كۆپۈك، مازغاپ.

**زُبْدِيَّةٌ ج زُبْدِيَّاتٌ:** چىنە، تاۋاق.

**زَبَرَ يَزْبُرُ زَبْرًا عَنِ الْأَمْرِ:** مەلۇم بىر ئىشتىن توستى، چەكلىدى، مەنئى قىلدى.

**زَبَرَ السَّائِلَ:** تىلەمچىگە قوپاللىق قىلدى، قوغلىۋەتتى، ھەيدىۋەتتى.

**«إِيَّاكَ أَنْ تَزْبُرَ السَّائِلَ الْمِسْكِينَ»:** كۆڭلى سۇنۇق سائىلغا قوپاللىق قىلما!

**زَبَرَ الْكِتَابَ:** خەت يازدى.

**زُبْرٌ:** ئەرلىك جىنسىي ئەزا.

**زُبْرَةٌ ج زُبَرٌ:** تۆمۈر پارچىسى، لىم ـ ياغاچ، خاڭ، تۆمۈر لىم.

**«آتُونِي زُبَرَ الْحَدِيدِ» «قرآن»:** ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار.

**زَبْرَجَ يُزَبْرِجُ زَبْرَجَةً الشَّيْءَ:** نەرسىنى بېزىدى، زىننەتلىدى.

**«زَبْرَجَتْ لِبَاسَ الْعَرُوسِ»:** يېڭىنىڭ كىيىمىگە بېزەك تاقىدى.

**زِبْرِجٌ ج زَبَارِجُ:** قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرى.

**زِبْرِجُ السِّوَارِ:** بىلەيزۈككە قويۇلغان قىممەتلىك مەرۋايىت.

**زَبَرْجَدٌ:** زەبەرجەد، سېرىق گۆھەر، سېرىق قاش تېشى.

**زِبْرِقَانٌ:** ئاي، تولۇن ئاي؛ ساقىلى شالاڭ ئادەم، كوسا ئادەم.

**اَلزِّبْرِقَانُ مِنَ الشَّيْءِ:** نەرسىنىڭ ۋالىلدىشى، يالتىرىشى.

**زَبْزَبَ يُزَبْزِبُ زَبْزَبَةً:** ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى؛ ئۇرۇشتا يېڭىلدى.

**زَبْزَبٌ ج زَبَازِبُ:** بىر خىل پاراخوت؛ مۈشۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان.

**زَبْطٌ:** سۈيۈق لاي، پاتقاق.

**زِبَعْرِيٌّ:** بەد ئەخلاق، ئەخلاقسىز.

**زَبَقَ يَزْبِقُ زَبْقًا شَعْرَهُ:** چېچىنى يۇلدى، تارتتى، سۇغاردى.

**زَبَلَ يَزْبِلُ زَبْلاً الْأَرْضَ:** يەرنى ئوغۇتلىدى، يەرگە ئوغۇت بەردى.

**«زَبَلَ الْفَلَّاحُ أَرْضَهُ فِي الْخَرِيفِ»:** كۈزدە دېھقان ئېتىزىنى ئوغۇتلىدى.

**زِبْلٌ، زِبْلَةٌ:** ئوغۇت، قىغ.

**زِبْلٌ ج أَزْبَالٌ:** ھايۋانلارنىڭ كىرى.

**زِبْلُ الْحَمَامِ:** كەپتەر مايىقى.

**زَبَنَ يَزْبِنُ زَبْنًا ـ هُ:** ئۇنى تاشلىۋەتتى، ئىتتىرىۋەتتى.

**«زَبَنَتِ النَّاقَةُ وَلَدَهَا عَنْ ضَرْعِهَا»:** تۆگە بالىسىنى ئەمدۈرمەي ئىتتىرىۋەتتى.

**زَبُورٌ ج زُبُرٌ:** زەبۇر (داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان كىتاب).

**زَبُونٌ ج زَبَائِنُ:** گالۋاڭ، ئەخمەق، دۆت، ھاماقەت، قاپاقباش كالۋا؛ قاتتىق، كەسكىن؛ خېرىدار.

**حَرْبٌ زَبُونٌ:** قاتتىق جەڭ، شىددەتلىك ئۇرۇش، كەسكىن ئۇرۇش.

**«هُوَ مِنْ زَبَائِنِ هَذَا الْفُنْدُقِ»:** ئۇ بۇ مېھمانخانىغا داۋاملىق چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بۇ مېھمانخانىنىڭ مېھمىنى.

**زَبِيبٌ:** قۇرۇق ئۈزۈم؛ يىلاننىڭ ئېغىزىدىكى زەھىرى.

**زَبِيبٌ بَنَاتِيٌّ:** كىشمىش ئۈزۈم.

**«شَرِبَ عَصِيرَ الزَّبِيبِ»:** ئۈزۈم شەربىتىنى ئىچتى.

**زَبِيبَةٌ:** بىر تال قۇرۇق ئۈزۈم؛ قولغا چىقىدىغان يارا، يىرىڭلىق ئىششىق؛ كۆپ سەجدە قىلغانلىقتىن پېشانىدا قالغان ئىز.

**زُبْيَةٌ ج زُبًى:** ئېگىزلىك، دۆڭ، ئېدىر، تۆپە-

لىنىڭ.

**بَلَغَ السَّيْلُ الزُّبَى:** ئىش مۇرەككەپلىشىپ چەكتىن ئېشىپ كەتتى، ئىش چېكىگە يەتتى.

**زَبِيرٌ ج زِبَارٌ وَ زُبَرَاءُ:** يېزىلغان، خاتىرىلەنگەن، قارا لاي؛ كۆچلۈك قوپال ئادەم؛ مۇسىبەت، بالايىئاپەت، قايغۇ ـ ئەلەم.

**زَبِيعٌ:** قاتتىق غەزەپلەنگۈچى ، ھەددىدىن ئارتۇق ئاچچىقلانغۇچى، ناھايىتى غەزەپلەنگۈچى.

**زَبِيقَةٌ:** يۇلۇنغان ساقال.

**زَبِيلٌ ج زُبُلٌ وَ زُبْلاَنٌ:** قىغ، ئوغۇت (ھايۋانلارنىڭ)؛ قۇرۇپ قالغان دەرەخ؛ خورما يوپۇرمىقىدىن توقۇلغان زەمبىل؛ خورما دەرەخ پوستىدىن توقۇلغان سېۋەت.

**زَجَا يَزْجُو زَجْوًا وَ زُجُوًّا الشَّيْءَ:** ئاستا ئىتتەردى، سۆرىدى، ئاسانلاتتى، تېز بولدى.

**زُجَاجٌ:** ئەينەك، شىشە.

**نَظَرْتُ مِنْ خَلْفِ زُجَاجِ النَّافِذَةِ:** دېرىزە ئەينىكى ئارقىسىدىن قارىدىم.

**زُجَاجٌ مَنِيعٌ:** ئوق ئۆتمەيدىغان ئەينەك.

**زُجَاجُ الأَمْنِ:** بىخەتەرلىك ئەينىكى.

**زُجَاجٌ عُضْوِيٌّ:** ئورگانىك ئەينەك.

**زُجَاجَةٌ ج زُجَاجَاتٌ:** شىشە، بوتۇلكا.

**«مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ اَلْمِصْبَاحُ فِي الزُّجَاجَةِ» «قۇرئان»:** ئاللاھنىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراغ قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا چىراغ باردۇر، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر.

**زُجَاجَةُ الرَّوَائِحِ:** ئەتىر قۇتىسى.

**زُجَاجَةُ عِطْرٍ:** ئەتىرقۇتىسى.

**زِجَاجَةٌ:** ئەينەكچىلىك ھۈنىرى.

**زُجَاجِيٌّ:** ئەينەكسىمان، ئەينەكتەك، ئەينەككە خاس؛ ئەينەكچى.

**إِنَاءٌ زُجَاجِيٌّ:** ئەينەك قاچا، ئىستاكان.

**سِتَارٌ زُجَاجِيٌّ:** ئەينەكسىمان پەردە.

**«اَللَّوْحُ الزُّجَاجِيُّ أَمْلَسُ تَمَامًا»:** تاختا ئەينەك ناھايىتى سىلىق.

**زُجَاجِيَّةٌ:** ئەينەكتىن ياسالغان ھەر خىل رەڭدىكى زىننەت بۇيۇملىرى.

**أَوَانٍ زُجَاجِيَّةٌ:** ئەينەك قاچىلار.

**وَاجِهَةُ الْمَخْزَنِ الزُّجَاجِيَّةِ:** ماگىزىننىڭ ئەينەكلىك ئالدى تەرىپى.

**زَجَّ يَزُجُّ زَجًّا بِالشَّيْءِ مِنْ يَدِهِ:** نەرسىنى ئېتىۋەتتى، تاشلىدى.

**زَجَّهُ بِالرُّمْحِ:** ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

**زَجَّ نَفْسَهُ:** ئۆزىنى ئاتتى، بىردىنلا تاشلاندى، بىردىنلا ئېتىلدى، شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

**زَجَّ فِي:** كىرىشتى، ئاتلاندى، داخىل بولدى، ئارىلاشتى، قول تىقتى.

**زَجَّ يَزَجُّ زَجَجًا الْحَاجِبُ:** قەلەمقاش بولدى، قېشى ئىنچىكە بولدى.

**زَجَّ بِهِ فِي السِّجْنِ:** تۈرمىگە تاشلاندى.

**زَجَّاجٌ ج زَجَّاجُونَ:** ئەينەكچى، ئەينەك ياسىغۇچى.

**حَجَرُ الزِّنَادِ:** چاقماق تېشى.

**إِبْرَةُ الزِّنَادِ:** پىستان چاقىقۇچ.

**قَدَحَ زِنَادَ فِكْرِهِ:** ئۇزۇن ئويلاشتى، پىكىر يۈرگۈزدى.

**زِنَاقٌ ج زُنُقٌ وَ أَزْنِقَةٌ:** قېچىرنىڭ پۇتىغا باغلىنىدىغان ئارغامچا؛ زىبۇ زىننەتنىڭ بىر تۈرى؛ يېتىلگەن ئەقىل؛ دۇبۇلغا، تۆمۈر قالپاقلارنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېڭەكنىڭ ئاستىغا باغلىنىدىغان يىپ.

**«رَبَطَ رَاكِبُ الدَّرَّاجَةِ النَّارِيَّةِ زِنَاقَ خُوذَتِهِ»:** موتسىكلىت مىنگۈچى بىخەتەر قالپىقىنىڭ بوغقۇچىنى چىگىۋالدى.

**زِنَاقَةٌ:** يۈگەن ۋە نوختىلاردىكى ھايۋاننىڭ ئېڭىكى ئاستىغا توغرا كېلىدىغان ھالقا.

**زَنَأَ يَزْنَأُ زَنْأً بَوْلَهُ:** سۈيدۈكنى توختىتىۋالدى.

**زَنْأَةُ الْبَوْلِ:** سۈيدۈك يىغىلىپ قېلىش.

**زُنْبَارٌ ج نَابِيرُ:** سېرىق ھەرە.

**زُنْبَةٌ:** بىگىز.

**زُنْبُرٌ:** شىر.

**زُنْبُرَكٌ ج زَنَابِكُ:** پۇرژىنا، رېسور (ماشىنىلاردا).

**زَنْبَقٌ . زَنْبَقَةٌ ج زَنَابِقُ:** پىياز گۈل، گۈل سامساق.

**زَنْبَقُ خُزَامَةٍ:** شەرق نەرگىز گۈلى.

**زُنْبُورٌ:** سېرىق ھەرە.

**زِنْبِيلٌ ج زَنَابِيلُ:** سېۋەت؛ زەنبىل؛ سامان تاغار؛ قازان ـ قومۇچ.

**زُنْبِيلٌ ج زَنَابِيلُ:** زەنبىل، باداڭ.

**زُنْتَرَةٌ:** غۇربەتچىلىك، كەمبەغەللىك، نامراتلىق، مۇشكۇللۇك، قىيىنچىلىق.

**زَنِجَ يَزْنَجُ زَنَجًا الشَّخْصُ:** ئۈچەيى قورۇلۇپ قېلىپ كۆپ يەپ كۆپ ئىچەلمىدى.

**زَنِجَتِ الْجِمَالُ:** تۆگە ئۇسساپ كەتتى.

**«دَاوَى الطَّبِيبُ زَنَجَهُ»:** تېۋىپ ئۇنىڭ قورۇلۇپ قالغان ئۈچەيىنى داۋالىدى.

**زِنْجٌ ج زُنُوجٌ:** زەڭگى، قاراتەنلىك.

**زُنُوجُ الْوِلَايَاتِ الْمُتَّحِدَةِ الْأَمْرِيكِيَّةِ:** ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى نېگىرلىرى.

**زِنْجَارٌ:** دات (تۆمۈر دېتى).

**«عَلاَ الزِّنْجَارُ مَاعُونَ الطَّبْخِ»**: قاچا ـ قۇچىلار داتلىشىپ قالدى.

**زَنْجَبِيْلُ**: زەنجىۋىل.

**«وَيُسْقَوْنَ فِيهَا كَأْسًا كَانَ مِزَاجُهَا زَنْجَبِيلاً» ‹ قرآن›**: ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ.

**زَنْجَرَ يُزَنْجِرُ زَنْجَرَةً الرَّجُلُ**: بارماق ئىشارىتى قىلدى (باش بارمىقىنىڭ تىرنىقىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ تىرنىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ھېچ نەرسە بەرمەيمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈردى).

**زِنْجَفْرٌ. زُنْجُفْرٌ**: سىماپ سۇلفىد رودىسى، گىل.

**زِنْجِيْرٌ ج زَنَاجِيرُ**: زەنجىر.

**زَنْجِيرَةٌ**: ئېلىۋېتىلگەن تىرناق، تىرناق ئۈستىدىكى ئاقلىق؛ زەنجىر.

**زِنْجِيٌّ**: قارا تەنلىككە مەنسۇپ، زەڭگىگە دائىر.

**رَقْصٌ زِنْجِيٌّ**: نېگىرچە ئۇسسۇل.

**زِنْجِيَّةٌ ج زِنْجِيَّاتٌ**: قارا تەنلىككە مەنسۇپ، نېگىر.

**زَنِخَ يَزْنَخُ زَنَخًا الطَّعَامُ**: تاماق بۇزۇلۇپ قالدى، تەمى ئۆزگىرىپ قالدى.

**زَنِخَ اللَّحْمُ**: گۆش پۇراپ قالدى.

**زَنْخٌ**: سېسىق پۇراق، بەدبۇي.

**زَنِخٌ**: پۇراپ قالماق، سېسىماق.

**زَنَدَ يَزْنُدُ و يَزْنِدُ زَنْدًا الإِنَاءَ**: قاچىنى توشقۇزدى، قاچىلىدى.

**زَنَدَ النَّارَ**: چاقماق چېقىپ ئوت چىقاردى.

**زَنَدَ نَارَ الْحَرْبِ**: ئۇرۇش قوزغىدى.

**زَنِدَ يَزْنَدُ زَنَدًا الرَّجُلُ**: ئۇسسىدى، تەشنا بولدى، سۇسىرىدى.

**زَنْدٌ ج أَزْنُدٌ وَ زِنَادٌ وَ أَزْنَادٌ**: سۈركەپ ئوت چىقىرىلىدىغان ئۈستۈنكى تاختا، بېغىش، بىلەك.

**زَنْدُ الْبُنْدُقِيَّةِ**: تەپكە (مىلتىق ـ تاپانچىنىڭ).

**زَنْدَةٌ ج زِنَادٌ**: سۈركەپ ئوت چىقىرىلىدىغان ئاستىنقى تاختا.

**زَنْدَقَةٌ**: خۇداسىزلىق، كۇپرىلىق، زىندىقلىق، دەھرىيلىك، ساختا مۇسۇلمانلىق.

**زِنْدِيقٌ ج زَنَادِيْقُ وَ زَنَادِقَةٌ**: دىنسىز، زىندىق، كاپىر، دەھرىي، مۇناپىق، ساختا مۇسۇلمان.

**«حَذَارِ مِنَ الزِّنْدِيقِ»**: زىندىقتىن ئېھتىيات قىل.

**زَنَرَ يَزْنُرُ زَنْرًا ـ هُ**: ئۇنىڭغا بەلباغ باغلاتتى، بەلباغ باغلاپ قويدى، زۇننار باغلاتتى.

**زَنَرَ الإِنَاءَ**: قاچىنى تولدۇردى.

**زِنْزَانَةٌ ج زِنْزَانَاتٌ**: كامىر.

**«وُضِعَ الْمُجْرِمُونَ فِي زِنْزَانَةٍ وَاحِدَةٍ»**: جىنايەتچىلەر بىر كامېرغا سولاندى.

**زَنِقَ يَزْنَقُ زَنَقًا**: ئاچچىقلاندى، غەزەپلەندى.

**زَنَقَ يَزْنُقُ وَ يَزْنِقُ زَنْقًا عَلَى عِيَالِهِ**: بالا ـ چاقىلىرىغا بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى، ئىقتىساد جەھەتتىن قىستى.

**زَنَقَهُ**: ئۇنى قىستى، ئۇنى ئورۇۋالدى.

**زَنِقَ يَزْنَقُ زَنَقًا الطَّرِيْقُ**: يول تارلاشتى.

**زَنْقَةٌ**: بېسىم، بېسىم كۈچ.

**زَنْقَةُ الْبَوْلِ**: سۈيدۈك يىغىلىپ قېلىش.

**زَنَقَةٌ ج زَنَقَاتٌ وَ زَنِقٌ**: تار كوچا، كىچىك كوچا.

**زَنْقُورٌ ج زَنَاقِيْرُ**: بۆلۈك ـ پۇشقاق، بۆلۈك.

**زِنْكٌ**: سىنىك.

**زِنْكِ أُكسِدْ**: سىنىك ئوكسىدى.

**زَنَمَ يَزْنُمُ زَنَامَةً الشَّخْصُ**: ئەسكى بولدى، پەسكەش بولدى.

**زَنَمَ يَزْنُمُ زَنْمًا الْجَمَلَ**: تۆگىنىڭ قۇلىقىنى كېسىپ ساڭگىلىتىپ قويدى.

**اَلزَّنِمُ**: ئەن، بەلگە، نىشان، قۇلىقى كېسىك.

**زَنَّ يَزُنُّ زَنًّا ـ تِ الْحَشْرَةُ**: ھاشارەتلەر شىترىلدىدى، چىرىلدىدى.

**زَنَّ بَوْلَهُ**: سۈيدۈكنى تۇتىۋالدى.

**زَنَّتِ النَّحْلَةُ**: ھەسەل ھەرىسى غوڭۇلدىدى.

www.uyghurkitap.com



**زَنَّ:** غوڭۇلدىماق، غۇژ ـ غۇژقىلماق.

**زَنَّاءْ ج زَنَّاءُونَ:** زىناخور، پاھىشىۋاز.

**زُنَّارْ ج زَنَانِيْرُ:** بەلباغ، كەمەر؛ بەلگە، زۇننار.

**«شَدَّتِ الْمَرْأَةُ وَسَطَهَا بِزُنَّارٍ» :** ئايال بىلىگە زۇننار باغلىۋالدى.

**زَنَأَ يُزَنِّأُ تَزْنِئَةً عَلَيْهِ:** چەكلىدى، قىيىنلاشتۇردى، چۈشەپ قويدى.

**زَنَّخَ يُزَنِّخُ تَزْنِيخًا الطَّعَامُ:** تائامنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالدى، تاماق پۇراپ قالدى.

**زَنَّرَ يُزَنِّرُ تَزْنِيرًا بِعَيْنِهِ إِلَيَّ:** ماڭا تىكىلىپ قارىدى، دىققەت بىلەن قارىدى، سىنچىلاپ قارىدى.

**زَنَّرَهُ:** ئۇنىڭغا بەلباغ باغلىدى، كەمەر باغلىدى.

**زَنَّرَ الْقَسَّ:** پوپقا زۇننار تاقىدى.

**زَنَّقَ يُزَنِّقُ تَزْنِيْقًا عَلَى عِيَالِهِ:** بالا چاقىلىرىغا پىخسىقلىق قىلدى، بېخىللىق قىلدى، ئىقتىساد جەھەتتىن قىستى.

**زَنَّقَ الشَّيْءَ:** نەرسىني قىستى، سىقتى.

**زَنُوبِيَا:** پاپىرۇس، سىگارت.

**زَنُوحْ:** تېز ماڭىدىغان تۆگە.

**زَنَى يَزْنِى زِنًى وَ زِنَاءً الشَّخْصُ:** زىنا قىلدى، پاھىشە قىلدى.

**زَنَتِ الْمَرْأَةُ:** ئايال بۇزۇقچىلىق قىلدى.

**زَنَى بِالْمَرْأَةِ:** ئايال بىلەن پاھىشە قىلدى.

**زِنًى:** زىنا قىلماق، پاھىشە قىلماق.

**اِبْنُ زِنًى:** هارامدىن بولغان.

**زَنِيْ:** كىچىك قاچا.

**زَنِيْقْ:** پۇختا، پىشقان پىكىر.

**زَنِيْمْ ج زَنْمَى:** ئېگى پەس، هارامزادە، پەسكەش، زاتى پەس، ئىپلاس، رەزىل، هارامدىن بولغان.

**«عُتُلٍّ بَعْدَ ذَلِكَ زَنِيمٍ» «قرآن»:** قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە هارامدىن بولغان ئادەم (ۋەلىدئىبىن مۇغىرە) گە. . .

**زَنِيٌّ:** تار.

**زِهْ:** ياخشى، بەك ياخشى، بەك ياخشى بولدى، قالتىس بولدى.

**زِهْ! :** ياخشى، بەك ياخشى! بەك ياخشى بولدى! قالتىس بولدى!

**زَهَا يَزْهُوْ زَهْوًا وَ زَهُوًّا:** مەغرۇرلاندى، هاكاۋۇرلۇق قىلدى، گېدىيىۋالدى.

**زَهَا الْغُلاَمُ:** يىگىت يېتىلدى، توشتى، ياش قۇرامىغا يەتتى.

**زَهَا الزَّرْعُ:** زىرائەت يېتىلدى، پىشتى.

**زَهَا السِّرَاجُ:** چىراغ يورىدى، نۇر چاچتى.

**زَهَا الْكِبْرُ فُلاَنًا:** كىبىر ئۇنى چوڭچىلىق قىلدۇردى.

**زَهَتِ الْأَزْهَارُ:** گۈل ـ چېچەكلەر ئۆسۈپ يېتىلدى.

**«تَزْهُو أَنْوَارُ الْمَدِينَةِ فِي الْأَعْيَادِ» :** بايراملاردا شەھەرنىڭ چىراغلىرى يورۇپ كېتىدۇ.

**زُهَاءُ:** ئۆپچۆرىسى، ئەتراپىدا، ئەتراپى، تەخمىنەن، مىقدار.

**زُهَاءَ سَاعَةٍ:** بىر سائەت ئەتراپىدا.

**هُمْ زُهَاءُ أَلْفٍ:** ئۇلار تەخمىنەن مىڭ.

**زَهَادَةٌ:** زاھىدلىق، تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەت قىلماق.

**زَهَادَةٌ فِي الدُّنْيَا:** دۇنياغا بېرىلمەسلىك، دۇنياغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەسلىك.

**زَهَادَةُ الْعَيْشِ:** هاياتقا پەرۋاسىز قاراش.

**زِهَارَةٌ:** گۈلچىلىك ئىلمى، گۈلچىلىك تېخنىكىسى.

**«تُدَرَّسُ الزِّهَارَةُ ضِمْنَ مَوَادِّ كُلِّيَّةِ الزِّرَاعَةِ» :** گۈلچىلىك تېخنىكىسى دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ دەرسلىرى قاتارىدا ئوقۇلىدۇ.

**زَهِدَ يَزْهَدُ زُهْدًا وَ زَهَادَةً فِي الشَّيْءِ وَ عَنْهُ:** نەرسىنى تاشلىدى؛ تەرك ئەتتى، يۈز ئۆرىدى، خالىي بولدى، كۆڭۈل بۆلمىدى.

**زَهِدَ الْمُتَصَوِّفُ فِي الدُّنْيَا:** سوپى دۇنيادىن يۈز ئۆردى، دۇنيانى تەرك ئەتتى.

**«زَهِدَ فِي الدُّنْيَا وَ تَرَكَ حَلاَلَهَا وَ حَرَامَهَا» :** دۇنياغا قىزىقمىدى، دۇنيانىڭ هالال ۋە هارام نەرسىلىرىنىڭ هەممىسىنى تەرك ئەتتى.

**زَهُدَ يَزْهُدُ زُهْدًا:** تاشلىدى، تەرك ئەتتى، يۈز

ئۆرىدى.

**زَهُدَ فِيهِ:** ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى.

**زَهَدَ الدُّنْيَا:** تەركىدۇنيا بولدى، دەرۋىش بولدى.

**زُهْدٌ:** زاھىدلىق، تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەت قىلماق.

**اَلزُّهْدُ فِي الْمَالِ:** پۇل - مالغا قىزىقماسلىق.

**زَهَرَ يَزْهَرُ زَهْرًا وَ زُهُورًا السِّرَاجُ:** چىراغ يورۇدى، پارلىدى، چاقنىدى.

**زَهَرَ الْوَجْهُ أَوِ الْقَمَرُ:** يۈز ياكى ئاي يورىدى ، يالتىرىدى ، پارقىرىدى.

**زَهَرَتِ النَّارُ:** ئوت يورىدى.

**زَهَرَ الشَّيْءُ:** نەرسىنىڭ رەڭگى سۇزۇك بولدى.

**زَهَرَتِ الزَّنْدُ:** چاقماق ياندى.

**زَهَرَتِ النَّبَاتُ:** ئۆسۈملۈك چېچەكلىدى.

**زَهِرَ يَزْهَرُ زَهَرًا وَ زَهَارَةً وَ زُهُورًا:** رەڭگى ئاق، چىرايلىق، سۇزۇك بولدى.

**زَهْرٌ ج أَزْهَارٌ وَ زُهُورٌ:** چېچەك، گۈل.

**زَهْرُ النُّحَاسِ:** مىستىكى يېشىللىق.

**زَهْرُ الْمِلْحِ:** ساپ بولمىغان ناترىي كاربونات.

**زَهْرُ الْعَسَلِ:** ئۇچقات (ئۆسۈملۈك).

**زَهْرُ الصَّبَاغِ:** جۇخارگۈل.

**زَهْرُ الرَّبِيعِ:** باھارگۈل.

**زَهْرُ الْبُرْتُقَالِ:** ئاپېلسىن چېچىكى.

**زَهْرُ الْكِبْرِيتِ:** سوقۇپ يۇمشىتىلغان گۈڭگۈرت.

**زَهْرُ النَّرْدِ:** شېشىخال (قىمار ئويناش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەرسە).

**زَهْرُ الْحَجَرِ:** مۇخ، تاش خېنە، لىشاينىك.

**زُهْرٌ:** ئاي بېشىدىكى ئۈچ كېچە.

**زَهْرُ اللَّيْلِ:** ناماز شام گۈلى، ھەپىرەڭ.

**اَلزَّهْرَاءُ:** زەھرا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى پاتىمەنىڭ لەقىمى؛ ئىسپانىيىدىكى داڭلىق بىر سارايىنىڭ ئىسمى).

**اَلزَّهْرَاوَانِ:** «بەقەرە» ۋە «ئال ئىمران» سۈرىسى.

**زَهْرَاوِيٌّ:** خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك.

**زَهْرَةٌ ج زَهَرَاتٌ:** گۈل، غۇنچە.

**زَهْرَةُ الثَّالُوثِ:** كېپىنەك گۈل؛ كۆركەم، گۈزەل.

**زَهْرَةُ الدُّنْيَا:** دۇنيانىڭ زىبۇ زىننەت ۋە نازۇ نېمەتلىرى.

**زَهْرَةُ الْحَيَاةِ:** گۈزەل ياشلىق؛ گۈزەل ھايات مەنزىرىسى، باھار مەنزىرىسى.

**«وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَى مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا» «قرآن»:** بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن . . .

**زَهْرَةُ الْعُمْرِ:** گۈزەل ياشلىق، گۈزەل ھايات مەنزىرىسى، ئۆمۈرنىڭ باھار مەنزىرىسى.

**زَهْرَةُ الْحَسْنَاءِ:** گۈزەل قىزنىڭ سۇپسۇزۇكلۇكى.

**صَبِيَّةٌ فِي زَهْرَةِ الْعُمْرِ:** ياشلىق باھارىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان قىزچاق.

**زَهْرَةُ الرِّيحِ:** كۆك قاغا، پىكنونوت.

**زُهَرَةٌ:** زۆھرە يۇلتۇز، ۋىنىرا.

**زُهْرَةٌ:** ئاپئاق، سۇزۇك رەڭ.

**زَهْرِيٌّ:** گۈلگە مەنسۇپ، گۈلگە ئائىت، گۈل رەڭگىدە.

**زَهْرِيُّ الشَّكْلِ:** گۈل شەكىللىك.

**زُهَرِيٌّ:** تاناسىل كېسەللىكى، جىنسىي كېسەللىك، سىفلىس.

**اَلْأَمْرَاضُ الزُّهَرِيَّةُ:** تاناسىل كېسەللىكى، جىنسىي كېسەللىك.

**زَهْرِيَّةٌ ج زَهْرِيَّاتٌ:** گۈل قاچىسى، تەشتەك، لوڭقا، گۈلدان.

**«فِي الْحُجْرَةِ زَهْرِيَّةٌ بِهَا وَرْدٌ جَمِيلٌ»:** خانىدىكى لوڭقىدا چىرايلىق قىزىل گۈل بار.

**زَهَقَ يَزْهَقُ زُهُوقًا لِلْمَوْتِ وَ غَيْرِهِ:** ئۆلۈم ۋە باشقىلارغا يېقىنلاشتى.

**«زَهَقَ الْمُحْتَضَرُ لِلْهَلَاكِ»:** سەكراتتىكى ئادەم ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى.

**زَهَقَ يَزْهَقُ زُهُوقًا الْبَاطِلُ:** ھالاك بولدى، ۋەيران بولدى، يوقالدى.

«وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ» ‹قرآن› : «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. . . » دېگىن.

زَهَقَ يَزْهَقُ زَهْقًا وَ زُهُوقًا نَفْسُهُ: جېنى چىقتى.

زَهَقَ الْفَرَسُ: ئات ئۈزۈپ چىقتى، ئىلگىرىلەپ كەتتى.

زَهَقَ السَّهْمُ: ئوق نىشانغا تەگدى.

زَهَكَ يَزْهَكُ زَهْكًا الشَّيْءَ: سۈركىدى، غاجىدى ئاقلىدى.

زَهَلَ يَزْهَلُ زَهْلاً: دىلى ئارام تاپتى.

زَهَلَ عَنِ الشَّيْءِ: يىراقلاشتى.

زَهَلَ يَزهَلُ زَهَلاً الشَّيْءُ: ئاپئاق سىلىق بولدى.

زَهْلَقَ يُزَهْلِقُ زَهْلَقَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى سىلىقلىدى، پارقىراتتى.

زِهْلِقٌ: جانلىق، شوخ، تېتىك؛ قارا بوران.

زُهْلُولٌ ج زَهَالِيلُ: سىلىق.

زَهَمَ يَزْهُمُ زَهْمًا الْعَظْمُ: ئىلىك تولدى.

زَهَمَ فُلاَنًا عَنْ كَذَا: مەنئىي قىلدى، توستى.

زَهِمَ يَزْهَمُ زَهَمًا الشَّخْصُ: سەمرىدى، كۆپ يەپ قورسىقى ئىسلىپ كەتتى.

«زَهِمَ مِنْ كَثْرَةِ الْأَكْلِ وَ قِلَّةِ الرِّيَاضَةِ» : ئۇ كۆپ يەپ ئاز ھەرىكەت قىلغانلىقتىن سەمرىپ كەتتى.

زُهْمٌ: بەدبۇي، سېسىق، ھايۋان مېيى.

زَهِمٌ ج زَهِمُونَ: سېمىز.

زَهْمَانٌ: كۆپ يەپ قورسىقى ئىسىلىپ كەتكەن ئادەم.

زُهْمَةٌ: سېسىق پۇراق، سېسىق ھىد.

زَهِمَةٌ ج زَهِمَاتٌ: سېمىز.

زَهَّارٌ ج زَهَّارُونَ: گۈل ساتقۇچى؛ گۈل تېرىغۇچى، گۈلچى؛ بوتانىكا ئالىمى.

«اِشْتَرَى الْوُرُودَ مِنَ الزَّهَّارِ» : قىزىل گۈللەرنى گۈلچىدىن سېتىۋالدى.

زَهَّدَ يُزَهِّدُ تَزْهِيدًا فِي الشَّيْءِ وَ عَنْهُ: قىزىقماسلىققا تەرغىب قىلدى.

«زَهَّدَهُ الْوَاعِظُ فِي حُبِّ الْمَالِ» : ۋەز ئېيتقۇچى مالنى دوست تۇتماسلىققا تەرغىب قىلدى.

زَهَّقَ يُزَهِّقُ تَزْهِيقًا: زېرىكتۇردى، كۆڭلىنى سۇندۇردى، رايىنى قايتۇردى.

اَلزَّهِيدُ: كۆپ تەقۋادار، ناھايىتى زاھىد ئادەم.

زَهْوٌ . زُهُوٌّ: ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق؛ ئاساسسىز، ئەھمىيەتسىز؛ ساختا؛ شانلىق، نۇرلۇق، شەرەپلىك؛ گۈزەللىك، كۆركەملىك.

زَهْوُ الْأَغْنِيَاءِ: بايلارنىڭ مەغرۇرلۇقى.

زَهْوُ الطَّبِيْعَةِ: تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى.

زَهْوُ الْأَشْجَارِ فِي الرَّبِيعِ: باھار دەرەخلىرىنىڭ كۆركەملىكى.

زُهُوقٌ: ئۆلۈمگە يېقىنلاشماق.

زَهُوقٌ ج زُهُقٌ: ھالاك بولغۇچى، يوقالغۇچى.

«إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا» ‹قرآن› : ... باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ.

زُهُومَةٌ: بەد بۇي، سېسىق.

زَهِيَ يُزْهَى زُهْوًا عَلَى النَّاسِ: تەكەببۇرلۇق قىلدى.

زُهِيَ بِكَذَا: مەغرۇرلاندى.

«زُهِيَ الشَّيْخُ بِحَفِيدَتِهِ» : بوۋاي نەۋرىسى بىلەن پەخىرلەندى.

زَهًى: يورۇقلۇق نۇر؛ ئوچۇق نۇر؛ چىرايلىق نۇر؛ يارقىن؛ روشەن؛ كۆركەم؛ نۇر.

زَهِيدٌ: ئەرزىمەس، بېخىل، ناكەس؛ ئازغىنە، كىچىككىنە، قىممىتى يوق، ئازراق، قەدىرسىز.

زَهِيدُ الْعَيْنِ: ئاز قانائەت قىلىدىغان.

ثَمَنٌ زَهِيْدٌ: ئازغىنا پۇل.

زَهِيدُ الْأَكْلِ: تامىقى ئاز.

وَادٍ زَهِيدٌ: تار ساي، تار جىلغا.

زَهِيٌّ: چىرايلىق، ئوچۇق، نۇرلۇق.

أَلْوَانٌ زَهِيَّةٌ: ئوچۇق رەڭ.

زَوَاجٌ: تۇرمۇش قۇرماق، تۇي قىلماق، نىكاھلانماق، جۈپلەشمەك، نىكاھ، تۇي.

«زَوَاجُ الْأَقَارِبِ يُضْعِفُ النَّسْلَ» : تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى نەسلىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

**حَيَاةُ الزَّوَاجِ:** ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش.

**زَوَاجُ الشِّغَارِ:** تويلۇقسىز قايچا قۇدا بولماق.

**زَوَاجٌ غَيْرُ شَرْعِيٍّ:** قانۇنسىز توي، نىكاھسىز ياشىماق، قانۇنسىز بىللە بولماق.

**زَوَاجٌ بَيْنَ الْأَهْلِ:** ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆيلەنمەك.

**زَوَاجُ الْمُتْعَةِ:** ۋاقىتلىق ئۆيلەنمەك، ۋاقىتلىق خوتۇن ئالماق.

**زَوَاجٌ اِخْتِيَارِيٌّ:** سىناشماق، سىنىشىپ توي قىلماق.

**زَوَاجٌ عُرْفِيٌّ:** مىللىي ئەنئەنە بويىچە توي قىلماق.

**زَوَاجٌ مَدَنِيٌّ:** ئەنئەنە بويىچە توي قىلماق.

**حَفْلَةُ الزَّوَاجِ:** توي مۇراسىمى، توي چېيى، توي زىياپىتى.

**خَاتَمُ الزَّوَاجِ:** تويلۇق ئۈزۈك.

**زَوَاجُ مَصْلَحَةٍ:** مۇئەييەن مەنپەئەتنى كۆزلەپ توي قىلماق.

**شَهَادَةُ الزَّوَاجِ:** نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى، توي خېتى.

**صَالِحٌ أَوْ صَالِحَةٌ لِلزَّوَاجِ:** توي قىلىش يېشىغا توشقان.

**كَرَاهَةٌ لِلزَّوَاجِ:** مەجبۇرىي توي.

**وَحْدَةُ الزَّوَاجِ:** بىر ئەر - خوتۇنلۇق تۈزۈم.

**زِوَاقٌ:** ئالتۇن جابدۇق، ئالتۇن كۈمۈشتىن ياسالغان بېزەك؛ ئاياللارنىڭ ئۆيپا - ئەخلەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى.

**زَوَالٌ:** يوقالماق، تۈگىمەك، زاۋال تاپماق، ئۈزۈلمەك، ئۆچمەك.

**زَوَالُ الشَّمْسِ:** قۇياشنىڭ پېتىشى.

**خَطُّ الزَّوَالِ:** مېردىئان سىزىقى.

**زُوَانٌ. زَوَانٌ. زِوَانٌ:** زەھەرلىك بۇغداي.

**زُوَانٌ:** خىلمۇخىل ياۋا ئوت - چۆپلەر، مەستەك (زەھەرلىك دان تۇتىدىغان بۇغدايسىمان ئۆسۈملۈك).

**زَوْبَعَةٌ ج زَوَابِعُ:** قارا بوران، قارا قۇيۇن، بوران - چاپقۇن.

**زَوْبَعَةٌ بَحْرِيَّةٌ أَوْ بَرِّيَّةٌ:** دېڭىز بورىنى، قاتتىق بوران.

**زَوْجٌ ج أَزْوَاجٌ:** جۈپ، ئەر (ئايالنىڭ ئېرى) ھايۋاننىڭ جۈپتى.

«قُلْنَا احْمِلْ فِيهَا مِنْ كُلٍّ زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ» «قرآن» : «كېمىگە ھايۋانلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن...» دېدۇق.

**زَوْجٌ أَحْذِيَةٍ:** بىر جۈپ ئاياغ.

**زَوْجٌ مِنَ الْبَقَرِ:** بىر جۈپ كالا.

**زَوْجُ الِابْنَةِ:** كۈيئوغۇل.

**زَوْجُ الْأُخْتِ:** ھەمشىرىنىڭ ئېرى، يېزنە.

**تَعَدُّدُ الْأَزْوَاجِ:** كۆپ ئەرلىك تۈزۈم.

**الزَّوْجَانِ:** ئەر - خوتۇن ئىككىسى، ئەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى.

**زَوْجَةٌ ج زَوْجَاتٌ:** ئايال، خوتۇن (ئەرنىڭ ئايالى)، رەپىقىسى، جۆرىسى.

«اَلزَّوْجَةُ الصَّالِحَةُ سَبَبٌ فِي سَعَادَةِ الْأُسْرَةِ» : ياخشى ئايال ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

**زَوْجَةُ الْأَبِ:** ئۆگەي ئانا، دادىسىنىڭ ئايالى.

**زَوْجَةُ الِابْنِ:** كېلىن.

**زَوْجَةٌ صَالِحَةٌ:** ياخشى خوتۇن.

**تَعَدُّدُ الزَّوْجَاتِ:** كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم.

**زَوْجِيٌّ:** جۈپ، جۈپ سان.

**عَدَدٌ زَوْجِيٌّ:** جۈپ سان.

**زَوْجِيَّةٌ:** توي قىلماق، نىكاھلانماق، جۈپلەشمەك.

**رَابِطَةُ الزَّوْجِيَّةِ:** ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت.

**أَوَامِرُ الزَّوْجِيَّةِ:** ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت.

**حَفْلَةُ الزَّوْجِيَّةِ:** توي مۇراسىمى.

**اَلْعَلَاقَةُ الزَّوْجِيَّةُ:** ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت.

**زَوْحٌ:** يۆتكىۋەتمەك، نېرى قىلىۋەتمەك، يىراقـ لاشتۇرماق.

**زَوِدَ يَزْوَدُ زَوَدًا الشَّخْصُ:** قەلبى بۇزۇلدى، دىلى ئەگرى بولدى.

**زَوِدَ الشَّيْءُ:** نەرسە قىڭغىر بولدى، قىيسايدى، بىر تەرەپكە ئاغدى.

**زَوِرَ يَزْوَرُ زَوَرًا الشَّيْءُ:** نەرسە قىيسايدى، ئەگرى بولدى، كۆكرىكىنىڭ بىر تەرىپى يەنە بىر تەرىپىنى بېسىپ كەتتى.

**زَوْرٌ:** زىيارەت قىلغۇچىلار، ئېكسكۇرسىيە- چىلەر؛ زىيارەت قىلماق؛ كۆكرەكنىڭ يۇقىرى قىسمى.

**«جَاءَ الزَّوْرُ إِلَى بَيْتِنَا»:** زىيارەتچىلەر ئۆيىمىزگە كەلدى.

**آلاَمُ الزَّوْرِ:** كۆكرەكنىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئاغرىشى.

**زُوْرٌ:** يالغان، ساختا، بوھتان، ئويدۇرۇلغان، يالغان گۇۋاھلىق.

**«وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ» ‹قرآن›:** يالغان گۇۋاھ- لىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار.

**شَاهِدُ الزُّورِ:** يالغان گۇۋاھچى.

**اَلزَّوْرَاءُ:** باغداد شەھىرى.

**اَلزَّوْرَاءُ ج زُورٌ وَ زَوْرَاتٌ:** ئەگرى، قىڭغىر؛ يىراق.

**كَلِمَةٌ زَوْرَاءُ:** قىڭغىر سۆز، ئەگرى سۆز.

**مَنَارَةٌ زَوْرَاءُ:** قىڭغىر مۇنار.

**أَرْضٌ زَوْرَاءُ:** يىراق يەر.

**زَوْرَةٌ:** بىر قېتىملىق زىيارەت.

**زَوْرَقٌ ج زَوَارِقُ:** قولۋاق، كېمە، قېيىق.

**زَوْرَقٌ بُخَارِيٌّ:** ماتورلۇق قولۋاق، ماتورلۇق قېيىق.

**زَوْرَقٌ شِرَاعِيٌّ:** كىچىك يەلكەنلىك كېمە.

**زَوْرَقُ النَّجَاةِ:** قۇتقۇزۇش قېيىقى.

**زَوْرَقُ الطُّورْبِيَّةِ:** تورپىدا قېيىقى.

**زَوْرَقُ صَيْدٍ:** بېلىقچىلار كېمىسى.

**زَوْعَةٌ ج زُوَعٌ:** يالپاق، تىلىم (قوغۇن قاتارلىقـ لارنىڭ)؛ كىشىلەر گۇرۇھى؛ بىر چاڭگال گۆش؛ بىر پارچە ئۆسۈملۈك.

**زُوَعٌ:** دۆ، ئۆمۈچۈك.

**زَوْفُ الطَّائِرِ:** قۇشنىڭ قانات قېقىشى.

**زُوفَاءُ:** لىپەك گۈل.

**زُوفَى:** لىپەك گۈل.

**زَوْكٌ ج أَزْوَاكٌ:** قاغىنىڭ مېڭىشى.

**زَوْلٌ ج أَزْوَالٌ:** ئىنسان؛ چاققان، تېتىك؛ خۇش چاقچاق يىگىت؛ چۈش؛ ئەرۋاھ؛ قەھرىمان؛ چېچەن.

**«تَرَاءَى لَهُ فِي اللَّيْلِ زَوْلٌ»:** كېچىدە ئۇنىڭغا ئەرۋاھ كۆرۈندى.

**هَذَا زَوْلٌ مِنَ الْأَزْوَالِ:** ئاجايىپ - غارايىپ.

**زَوْلَعٌ:** تاپىنى يېرىق.

**زُومٌ:** مېۋە شەربىتى، مېۋە شىرنىسى.

**زَوْمَحٌ:** ناكەس، پىخسىق؛ قۇلاقكەستى؛ ئاجىز پاكىنەك، قارا كۆرۈمسىز.

**زُوَّادَةٌ:** ئوزۇق، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك.

**زُوَّارٌ:** زىيارەتچىلەر.

**زَوَّاغٌ:** ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچى، سەۋەب كۆرسەتكۈ- چى.

**زَوَّجَ يُزَوِّجُ تَزْوِيجًا - هُ الْمَرْأَةَ:** ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەردى، ئۇنى ئۆيلەپ قويدى.

**زَوَّجَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ وَ إِلَيْهِ:** نەرسىنى نەرسىگە جۈپلەپ قويدى، سەپلەپ قويدى.

**زَوَّجَ الْبَقَرَ لِلْحَرْثِ:** يەر ھەيدەش ئۈچۈن قوشقا كالىنى جۈپلىدى.

**زَوَّدَ يُزَوِّدُ تَزْوِيدًا - هُ:** ئۇنىڭغا ئوزۇق - تۈلۈك بەردى، ئوزۇقلۇق ئاتا قىلدى.

**زَوَّدَهُ بِكَذَا:** ئۇنى تەمىنلىدى، ئوزۇق - تۈلۈك بەردى، ئوزۇقلاندۇردى، ... تەييارلىدى، ئۇنى بىھاجەت قىلدى.

**«زَوَّدَ الْمَصْنَعَ بِالْآلاَتِ الْعَصْرِيَّةِ»:** زاۋۇتنى زاما- نىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

**«زَوَّدَ الْمُسَافِرَ بِمَاءٍ وَ تَمْرٍ»:** يولۇچىغا سۇ ۋە خورما بەردى.

**يُزَوِّدُ الْمَاءُ الْحُقُولَ بِالْحَيَاةِ:** سۇ ئېتىزلارنى

هاياتلىق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**«يُزَوِّدُ الْفَلَّاحُونَ سُكَّانَ الْمُدُنِ بِالْخَضْرَاوَاتِ»:** دېھقانلار شەھەر ئاھالىلىرىنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**زَوَّرَ يُزَوِّرُ تَزْوِيرًا الشَّيْءَ:** ساختىلاشتۇردى، ئويدۇرۇپ چىقاردى، تەقلىد قىلىپ ياسىدى.

**زَوَّرَ الشَّهَادَةَ:** گۇۋاھلىقنى بىكار قىلدى.

**زَوَّرَ عَلَيْهِ:** ئۇنىڭغا يالغاننى چاپلىدى.

**زَوَّرَهُ الْمَكَانَ:** ئۇنى زىيارەت قىلدۇردى.

**زَوَّرَ إِرَادَةَ الشَّعْبِ:** خەلقنىڭ ئىرادىسىنى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇردى.

**زَوَّرَ الْكَلَامَ:** يالغان ئېيتتى، يالغان سۆزلىدى.

**«زَوَّرَ تَلَامِيذَهُ الْمَتْحَفَ»:** شاگىرتلىرىنى موزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.

**«هُوَ مِمَّنْ يُزَوِّرُونَ الْوَثَائِقَ»:** ئۇ ساختا ھۆججەت ياسايدۇ.

**«زَوَّرَ الشَّاهِدُ مَا وَقَعَ فِي الْحَادِثِ»:** ۋەقەدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى گۇۋاھچى يالغان ئېيتتى.

**«زَوَّرَ الْقَاضِي شَهَادَتَهُ»:** ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى سوتچى يالغانغا چىقاردى.

**زَوَّغَ يُزَوِّغُ تَزْوِيغًا:** ئۆزىنى قاچۇردى، ئاغدى، باش تارتتى، قىيسايدى.

**زَوَّغَ مِنَ الْمُحَاضَرَةِ:** لېكسىيىدىن باش تارتتى.

**زَوَّقَ يُزَوِّقُ تَزْوِيقًا الْكَلَامَ:** سۆزنى بېزىدى، زىننەتلىدى، ياسىدى، تۈزەتتى.

**زَوَّقَ الْكِتَابَ:** كىتابنى بېزىدى.

**زَوَّقَ الْجِدَارَ:** تامنى بېزىدى، زىننەتلىدى.

**«زَوَّقَ مِحْرَابَ الْمَسْجِدِ»:** مەسچىتنىڭ مېھرابىغا نەقىش ئويدى.

**زَوَّلَ يُزَوِّلُ تَزْوِيلًا الشَّيْءَ:** يىراقلاشتۇردى، نېرى قىلدى.

**«زَوَّلَهُ مِنَ الشَّرِكَةِ»:** شىركەتتىن ئۇنى چەتلەشتۈردى.

**زَوَّمَ يُزَوِّمُ تَزْوِيمًا:** شەيتانلىق قىلدى، ھىيلىگەرلىك قىلدى، مۇغەمبەرلىك قىلدى.

**زَوَّى يُزَوِّي تَزْوِيَةً:** يوشۇرۇندى، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

**زَوَّى وَجْهَهُ:** غەم باستى، چىرايى تۇتۇلدى.

**زَوَى يَزْوِي زَيًّا السِّرَّ عَنْهُ:** مەخپىي تۇتتى، سىرنى يوشۇردى.

**زَوَى مَا بَيْنَ عَيْنَيْهِ:** يۈزىنى پۈرۈشتۈردى، قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالدى.

**زَوَى عَنْهُ حَقَّهُ:** ھەققىنى بەرمىدى، ھەققىنى بېرىشتىن باش تارتتى.

**«زَوَى عَنِ الْيَتِيمِ التَّصَرُّفَ فِي مُلْكِهِ»:** يېتىمنى ئۆز مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇشتىن چەكلىدى.

**زِيَادَةٌ ج زِيَادَاتٌ:** زىيادە بولماق، ئارتماق، كۆپەيمەك، زىيادە ئۆرلىمەك، ئاشماق.

**زِيَادَةٌ حِسَابِيَّةٌ:** ئارىفمېتىكىلىق پروگرېسسىيە.

**زِيَادَةٌ سَابِقَةٌ:** سۆز ئالدى قوشۇمچىسى.

**زِيَادَةٌ وَسْطِيَّةٌ:** سۆز ئوتتۇرىدا كېلىدىغان قوشۇمچە.

**زِيَادَةٌ لَاحِقَةٌ:** سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان قوشۇمچە.

**زِيَادَةً عَلَى ذَلِكَ:** ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قوشقاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە.

**زِيَادَةً عَنْ:** ... دىن ئارتۇق، ... دىن ئوشۇق.

**بِالزِّيَادَةِ:** ئارتۇقچە، بەكمۇ، تولىمۇ.

**اَلزِّيَادَةُ فِي الْأُجُورِ:** ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشى.

**زِيَادَةٌ فِي الْإِيضَاحِ:** تېخىمۇ روشەن، تولىمۇ روشەن.

**زِيَادَةُ الْإِنْتَاجِ:** ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى.

**زِيَادَةُ الْمَوَالِيدِ:** تۇغۇت نىسبىتىنىڭ ئېشىشى.

**زِيَادَةُ قِيمَةِ السَّيَّارَاتِ:** ئاپتوموبىل باھاسىنىڭ ئۆسۈشى.

**طَلَبُ الزِّيَادَةِ:** كۆپرەك تەلەپ قىلماق.

**زِيَارٌ:** يۈگەن؛ چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئىنچىكە تارىسى؛ ئادەت، قائىدە؛ زىغىر.

**زِيَارَةٌ:** زىيارەت قىلماق، ئېكسكۇرسىيە قىلماق، يوقلىماق، زىيارەت.

**زِيَارَةُ الْأَمَاكِنِ الْمُقَدَّسَةِ:** مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلماق.

زِيَارَةُ الْأَصْدِقَاءِ: دوستلارنى يوقلىماق.

زِيَارَةُ الْمَرْضَى: كېسەللەرنى يوقلىماق.

زِيَاطٌ: ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ۋارقىراش ـ جارقىراش ۋاڭ ـ چۇڭ.

زِيَاطُ الْمُتَجَمِّعِينَ فِي الشَّارِعِ: كوچىدا ئولىشىۋالغانلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى.

زِيَانٌ: چىرايلىق، گۈزەل.

قَمَرٌ زِيَانٌ: چىرايلىق ئاي.

زِيْبَقٌ: سىماپ.

زَيْتٌ ج زُيُوتٌ: ماي، ياغ (ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مەدەنلەردىن چىققان مايلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشلىتىلىدۇ).

زَيْتُ الْبِتْرُولِ: نېفىت.

زَيْتُ الْحَجَرِ أَوْ زَيْتُ الصَّخْرَةِ: نېفىت.

زَيْتُ الزَّيْتُونِ: زەيتۇن يېغى.

زَيْتُ الْحُوتِ: بېلىق يېغى.

زَيْتُ بَذْرِ الْقُطْنِ: چىگىت يېغى.

زَيْتُ بُذُورِ الْخَرْدَلِ: قىچا يېغى.

زَيْتُ بُذُورِ الْقِنَّبِ الْهِنْدِيِّ: كەندىر يېغى.

زَيْتٌ حَارٌّ: زىغىر يېغى.

اَلزَّيْتُ الْحُلْوُ: زەپە يېغى.

زَيْتُ الْحَمْضِيَّاتِ: ئېسسېنتول مېيى، خۇش پۇراق ماي.

زَيْتُ السِّمْسِمِ: كۈنجۈت يېغى.

زَيْتُ الشَّلْجَمِ: قىچا يېغى.

زَيْتُ فُولِ السُّودَانِي: خاسىڭ يېغى.

زَيْتُ الْقِرْفَةِ: دارچىن يېغى.

زَيْتُ قَصْبِ الطِّيْبِ: ئىگىر يېغى.

زَيْتُ فُولِ الصُّويَا: پۇرچاق يېغى.

زَيْتُ اللَّيْمُونِ: لىمون يېغى.

زَيْتُ الْيَانْسُونِ: بەديان يېغى.

زَيْتٌ مَعْدَنِيٌّ: مىنرال ماي.

زَيْتٌ خَامٌ: خام نېفىت، تازىلانمىغان نېفىت.

زَيْتُ الطَّيَّارِ: بېنزىن.

زَيْتُ الْغَازِ: كېرسىن.

زُيُوتٌ وَ شُمُومٌ: سۇماي ۋە ھايۋانات مېيى.

زُيُوتٌ نَبَاتِيَّةٌ: ئۆسۈملۈك يېغى.

زَيْتُونٌ: زەيتۇن دەرىخى.

«فَأَنْبَتْنَا فِيهَا حَبًّا وَ عِنَبًا وَ قَضْبًا وَ زَيْتُونًا وَ نَخْلًا وَ حَدَائِقَ غُلْبًا وَ فَاكِهَةً وَأَبًّا مَتَاعًا لَكُمْ وَلِأَنْعَامِكُمْ» «قرآن»: سىلەرنىڭ ۋە ھايۋاناتلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق.

جَبَلُ الزَّيْتُونِ: زەيتۇن تېغى (قۇددۇس شەرىپتىكى بىر تاغ).

زَيْتُونَةٌ: زەيتۇن دەرىخى.

«يُوقَدُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ زَيْتُونَةٍ لَا شَرْقِيَّةٍ وَ لَا غَرْبِيَّةٍ» «قرآن»: چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغى بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس.

جَامِعَةُالزَّيْتُونِ: زەيتۇن ئۇنىۋېرسىتېتى (تۇنىستا).

زَيْتُونِيٌّ ج زَيْتُونِيُّونَ: زەيتۇنغا تەۋە، زەيتۇن رەڭلىك؛ تۇنىستىكى زەيتۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىغا قارىتىلىدۇ.

«قَارُورَةٌ زَيْتُونِيَّةُ اللَّوْنِ»: زەيتۇن رەڭلىك شىشە.

زَيْتِيٌّ: مايلىق، ياغلىق.

أَخْضَرُ زَيْتِيٌّ: توق يېشىل، ئىسلىق يېشىل، پارقىراق.

نَبَاتٌ زَيْتِيٌّ: مايلىق ئۆسۈملۈك.

زُجَاجٌ زَيْتِيُّ اللَّوْنِ: زەيتۇن رەڭلىك ئەينەك.

صُورَةٌ زَيْتِيَّةٌ: ماي بوياق رەسىم.

زَيْتِيَّاتٌ: نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى.

**زَيْجٌ ج أَزْيَاجٌ و زِيَجَةٌ و زِيْجَاتٌ:** تامچىنىڭ تامغا تارتىدىغان تانىسى؛ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب؛ جەدۋەل، سترونومىيىنىڭ كالېندارى.

**زِيْجَةٌ ج زِيْجَاتٌ:** نىكاھلانماق، توي قىلماق، جۈپلەشمەك.

**«اِنْخَفَضَ مَعْدَلُ الزِّيجَاتِ فِي السَّنَوَاتِ الأَخِيرَةِ»:** كېيىنكى يىللاردا نىكاھلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

**زِيْحٌ ج أَزْيَاحٌ:** پارچە، ئۇۋاق.

**اَلزَّيْدِيَّةُ:** شىئە مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى.

**زِيْرٌ ج أَزْيَارٌ وَ زِيَرَةٌ وَ أَزْوَارٌ:** چالغۇ ئەسۋاب، ئۇدنىڭ ئاۋازى؛ ئادەت، يوسۇن، قائىدە؛ ئاياللارغا ئامراق ئادەم؛ كۆپ.

**زِيْرُ مَاءٍ أَوْ تَمْرٍ:** سۇ ياكى خورما كۆپى.

**زِيْرٌ ج أَزْيَارٌ و زِيَرَةٌ:** چىلەك، تۇڭ، ئىدىش، كۆپ، سوغا، قۇرۇق سۆلەت بەگزادە؛ خوتۇنلار بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق ئادەم.

**زِيْزٌ ج زِيْزَانٌ:** تومۇزغا.

**زَيْزَاءُ:** تۆپىلىك، دۆڭ؛ پەي.

**زَيْزَفُونٌ:** پىكوس دەرىخى.

**«كَالزَّيْزَفُونِ يُزْهِرُ وَ لاَ يُثْمِرُ»:** ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق.

**زَيْزِيٌّ:** تۆپىلىك، دۆڭ؛ پەي.

**زَيْطَةٌ:** سوزگۈچ؛ ۋاڭ ـ چۇڭ، غەۋغا.

**زَيْغٌ . زَيْغَانٌ:** ھالقىپ ئۆتمەك، ئاشماق، ئايرىلماق، ئاغماق، توغرا يولدىن چىقىپ كەتمەك، قىڭغىر يولغا كىرىپ قالماق.

**«فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ»** «قرآن»: دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ.

**زَيْغُ الْبُعْدِ:** يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن جىسىملارنى روشەن كۆرەلمەسلىك.

**زَيْفٌ ج زُيُوفٌ:** ساختا، يالغان، ئويدۇرۇلغان، جا.

**دِرْهَمٌ زَيْفٌ:** ساختا پۇل، جا پۇل، يالغان پۇل.

**زِيْقُ الثَّوْبِ ج أَزْيَاقٌ:** ياقا.

**زِيْقُ الْبَنَّاءِ:** تامچىلىقتا ئىشلىتىدىغان شەيتان (تەكشىلىكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب).

**زِيْمَةٌ ج زِيَمٌ:** تۆگە پادىسى، تۆگە تۈپى، بىر توپ تۆگە (ئەڭ ئاز بولغاندا 2 ـ 3 نى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 51 تۆگىنى بىلدۈرىدۇ).

**زَيْنٌ ج أَزْيَانٌ:** چىرايلىق، زىننەتلەنگەن، گۈزەل، بېزەلگەن، كۆركەم؛ شان ـ شەرەپ، پەخىر، شۆھرەت، شەرەپ.

**زَيْنُ الدِّيكِ:** خوراز تاجىسى.

**اَلْمَالُ زَيْنٌ:** مال زىننەتتۇر.

**اَلْأَوْلاَدُ زَيْنٌ:** بالىلار زىننەتتۇر.

**اِمْرَأَةٌ زَيْنٌ:** چىرايلىق ئايال.

**زِيْنَةٌ ج زِيَنٌ:** زىننەت بۇيۇملىرى، زىننەت، بېزەك.

**«زِينَةُ الْأَرْضِ بِالْعُلَمَاءِ وَالْكَوَاكِبُ زِينَةُ السَّمَاءِ»:** زېمىننىڭ زىننىتى ئالىملار بىلەن، ئاسماننىڭ زىننىتى يۇلتۇزلار بىلەندۇر.

**زِيْنَةُ الْوَجْهِ:** ئۇپا ـ ئەڭلىك.

**أَشْجَارُ الزِّيْنَةِ:** زىننەت دەرەخلىرى.

**خِوَانُ الزِّيْنَةِ:** گىرىم ئۈستىلى، زىننەت بۇيۇملىرى ئۈستىلى.

**غُرْفَةُ الزِّيْنَةِ:** گىرىم ئۆيى، گىرىمخانا؛ كىيىم يۆتكەيدىغان ئۆي.

**يَوْمُ الزِّيْنَةِ:** ھېيت كۈنى.

**زِيٌّ ج أَزْيَاءٌ:** مودا، شەكىل، پاسون، كىيىم، فورما.

**«لَبِسَ الزِّيَّ التَّقْلِيدِيَّ بِمُنَاسَبَةِ الْعِيْدِ»:** ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنئەنىۋى كىيىمنى كىيدى.

**«أَقْبَلَ بِزِيِّ السَّلاَطِينِ»:** سۇلتانلار قىياپىتىدە چىقىپ كەلدى.

**عَلَى زِيٍّ الْجَدِيدِ:** يېڭى شەكىل، يېڭىچە.

**زَيَّاتٌ:** ياغچى، ياغ ساتقۇچى، ماي ئىشلەپچىقارغۇچى.

**«مَازَالَ فُلاَنٌ يَشْتَغِلُ زَيَّاتًا عَلَى الطَّرِيقِ التَّقْلِيدِيَّةِ»:** پالانى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىچە ياغ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

**«هُوَمِنْكِبَارِالزَّيَّاتِينَفِيالْعَاصِمَةِ»** : ئۇ پايتەختتىكى چوڭ ماي سودىگىرى ھېسابلىنىدۇ.

**زَيَّافٌ:** ھاكاۋۇر، مۇتەكەببىر، چوڭچى؛ يولۋاس.

**زَيَّاطٌ:** ۋارقىرىغۇچى، ۋارقىراپ چاقىرغۇچى، ۋالىڭ-چۇڭ كۆتۈرگۈچى، جېدەلخور.

**زَيَّتَ يُزَيِّتُ تَزْيِيتًا الطَّعَامَ:** تاماققا ماي قۇيدى، ماي قوشتى.

**زَيَّتَ الْآلَةَ:** سايماننى مايلىدى، ماي قۇيدى.

**زَيَّتَ السِّرَاجَ:** چىراغقا ماي قۇيدى.

**«زَيَّتَ عَجَلَاتِ سَيَّارَتِهِ»** : ماشىنىسىنىڭ چاقىنى مايلىدى.

**زَيَّتَتِ الْقِدْرَ:** قازاننى مايلىدى.

**زَيَّدَ يُزَيِّدُ تَزْيِيدًا الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئاشۇردى، ئۆستۈردى، كۆپەيتتى.

**«زَيَّدَ رَأْسَمَالَهُ»** : دەسمايىنى كۆپەيتتى.

**زَيَّطَ يُزَيِّطُ تَزْيِيطًا:** ۋالىڭ-چۇڭ كۆتۈرۈشتى، ۋارقىراپ-جارقىراشتى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشتى.

**زَيَّغَ يُزَيِّغُ تَزْيِيغًا ـ هُ:** ئۇنى ئازدۇردى، ئاداشتۇردى.

**زَيَّغَهُ:** تۇزلىدى، ئەگرىلىكتىن تۇزلىدى.

**زَيَّغَهُ الشَّيْطَانُ:** ئۇنى شەيتان ئازدۇردى.

**زَيَّفَ يُزَيِّفُ تَزْيِيفًا الدَّرَاهِيْمَ:** ساختا پۇل ياسىدى، يالغان پۇل چىقاردى.

**زَيَّفَ رَأْيَهُ أَوْ قَوْلَهُ:** پىكرىنىڭ ياكى سۆزىنىڭ يالغان تەرىپىنى ئاشكارىلاپ يالغانغا چىقاردى.

**زَيَّقَ يُزَيِّقُ تَزْيِيقًا الْبَابُ:** ئىشىك غىچىرلىدى.

**زَيَّقَ الثَّوْبَ:** كىيىمگە ياقا تۇتتى.

**زَيَّنَ يُزَيِّنُ تَزْيِينًا:** ھەل بەردى، بېزىدى.

**زَيَّنَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى گۈزەللەشتۈردى.

**زَيَّنَهُ:** ئۇنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

**زَيَّنَ بِالْأَنْوَارِ:** چىراغلار بىلەن بېزىدى.

**زَيَّنَ لَهُ:** ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرسەتتى.

**«وَزَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُمَاكَانُوا يَعْمَلُونَ» ‹قرآن›** :

شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

**زَيَّنَ لَهُمُ الْحَيَاةَ:** ئۇلارغا ھاياتنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

**«زَيَّنَ الرَّسَّامُ الصُّورَةَ»** : رەسسام رەسىمنى بېزىدى.

# س

«س» : ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 12 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «60» نى بىلدۈرىدۇ.

**سَاءَ يَسُوءُ سَوَاءً الشَّيْءُ:** يامان بولدى، قەبىھ بولدى، يامانلاشتى، سەتلەشتى، قەبىھلەشتى.

**«ساءَتِ الْعَلَاقَاتُ» :** مۇناسىۋەت يامانلاشتى.

**سَاءَتْ صِحَّتُهُ:** سالامەتلىكى يامانلاشتى.

**سَاءَ طَالِعُهُ:** بەختى قارا بولدى، تەلىيى كەلمىدى، ئامىتى قاچتى.

**«مَرَضُه شَدِيدٌ فَمَاذَا سَنَعْمَلُ إِذَا سَاءَتْ حَالَتُهُ أَكْثَرَ؟» :** ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر، يەنىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟

**سَاءَ مَايَفْعَلُ:** قىلمىشى نېمىدېگەن يامان.

**«وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِمْ مَطَرًا فَسَاءَ مَطَرُ الْمُنْذَرِينَ»** «قرآن» : ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

**سَاءَ يَسُوءُ سَوْءً وَسَوَاءَةً وَسَوَايَةً الْخَبَرُ فُلَانًا:** (خەۋەر) ئەنسىرەتتى، (خەۋەر) قايغۇغا سالدى، (خەۋەر) تەشۋىشلەندۈردى.

**سَاءَ الْأَمْرُ فُلَانًا:** ئەھۋال پالانىنى خاپا قىلدى، پالانىنى قايغۇغا سالدى.

**«إِنْ تُصِبْكَ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ»** «قرآن» : ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

**سَاءَ بِهِ ظَنًّا:** ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى.

**سَاءَلَ يُسَائِلُ مُسَاءَلَةً:** سورىدى، سۈرۈشتۈردى.

**سَابَ يَسِيبُ سَيْبًا وَ سَيَبَانًا:** بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرگە كەتتى، خالىغان جايغا كەتتى.

**سَابَ الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى.

**سَابَ الرَّجُلُ:** تېز ماڭدى.

**سَابَ فِي كَلَامِهِ:** كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋەردى.

**سَابَتِ الْحَيَّةُ:** يىلان تۆشۈكىدىن چىقتى.

**«لَاحَظَ الْمُدِيرُ أَنَّ بَعْضَ الْمُوَظَّفِينَ يَسِيبُونَ خِلَالَ غِيَابِهِ» :** مۇدىر ئۆزىنىڭ خىزمەتكە كەلمىگەن چاغلىرىدا بەزى خادىملارنىڭ خالىغان جايغا كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى.

**سَابَاطٌ ج سَوَابِيطُ:** كارىدور، ئايۋان.

**سَابَّ يُسَابُّ مُسَابَّةً و سِبَابًا:** تىللاشتى.

**سَابَّةٌ:** كۆرسەتكۈچ بارماق، بىگىز قول.

**سَابِحٌ ج سَابِحُونَ م سَابِحَةٌ ج سَابِحَاتٌ وَ سَوَابِحُ:** سۇ ئۈزگۈچى.

**فَرَسٌ سَابِحٌ:** يۈگۈرۈك ئات.

**سَابِحَاتٌ:** تەسبىھ ئېيتقۇچى ئاياللار؛ كېمىلەر، پاراخوتلار؛ پەرىشتىلەر؛ يۇلتۇزلار.

**سَابِعٌ:** يەتتىنچى.

**سَابِعُ سِتَّةٍ:** ئالتىگە قوشۇلغان يەتتىنچى.

**سَابِعُ سَبْعَةٍ:** يەتتىنىڭ يەتتىنچىسى.

**سَابِعَ عَشَرَ:** ئون يەتتىنچى.

**سَابِعَةَ عَشْرَةَ:** ئون يەتتىنچى.

**«عَقَدْنَا سِتَّةَ الْاِجْتِمَاعَاتِ وَسَنَعْقِدُ الْاِجْتِمَاعَ السَّابِعَ غَدًا» :** ئالتە قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدۇق، يەتتىنچى قېتىملىق يىغىنىنى ئەتە ئاچماقچىمىز.

**فِي الْيَوْمِ السَّابِعِ عَشَرَ مِنَ الشَّهْرِ الْجَارِي» :** مۇشۇ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدە.

**سَابِغٌ:** تولۇق، يېتەرلىك، كەڭرى؛ ئۇزۇن؛ مۇكەممەل.

**ذَنَبٌ سَابِغٌ:** ئۇزۇن قۇيرۇق.

**سَابِغَةٌ ج سَابِغَاتٌ و سَوَابِغُ:** كەڭ تۆمۈر كىيىم، مۇكەممەل ساۋۇت، قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر.

**«أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ» ‹قرآن›:** مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن.

**سَابَقَ يُسَابِقُ مُسَابَقَةً إِلَى الشَّيْءِ:** ئالدىرىدى، تېز بولدى.

**سَابَقَهُ:** مۇسابىقىلەشتى، بەسلەشتى.

**«سَابَقْتُهُ فَسَبَقَنِي»:** مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ئىدىم، ئۇ مېنى يېڭىپ قويدى.

**«سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ» ‹قرآن›:** پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار.

**سَابِقٌ ج سَوَابِقُ:** بەيگە ئېتىنىڭ ئۈزۈپ چىققىنى، بىرىنچى بولغىنى.

**سَابِقٌ ج سُبَّاقٌ وَ سَابِقُونَ:** ئىلگىركىلەر، ئەجداتلار، ئالدىدا ماڭغانلار.

**«وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللّٰهِ» ‹قرآن›:** ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ئىشلارنى قىلىشتا ئالدىرىغۇچىدۇر.

**«وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ» ‹قرآن›:** (ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

**«فَازَ السَّابِقُ بِالْجَائِزَةِ»:** ئۇتۇپ چىققۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**فِي السَّابِقِ:** ئۆتكەندە، ئۆتمەشتە.

**كَسَابِقِ عَادَتِهِ:** ئادىتى بويىچە، ئادىتىگە ئوخشاش.

**اَلْوَزِيْرُ السَّابِقُ:** سابىق مىنىستىر، سابىق ۋەزىر.

**اَلْأُسْبُوعُ السَّابِقُ:** ئۆتكەن ھەپتە.

**سَابِقٌ لِأَوَانِهِ:** ۋاقتىدىن بۇرۇن، تېخى ۋاقتى كەلمىدى.

**سَابِقًا:** بۇرۇن، ئىلگىرى، ئالدىدا.

**سَابِقًا و لَاحِقًا:** ئالدى ـ كەينى، ئۆتمۈش ۋە كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن.

**سَابِقَةٌ ج سَابِقَاتٌ و سَوَابِقُ:** ئىلگىرى، ئالدىدا؛ ئالدىدا يېتىپ بارغان ئات، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئات؛ ئۈلگە؛ ئۆرنەك، جىنايەتچىگە ئارتىلغان جىنايەت.

**لَهُ سَابِقَةٌ مِنْ نَوْعِهِ:** ئالدىدا ئوخشىشى بار.

**«لِهَذَا الْمُجْرِمِ سَوَابِقُ كَثِيرَةٌ»:** بۇ جىنايەتچىنىڭ نۇرغۇن جىنايەتلىرى بار.

**سَابِلٌ ج سَوَابِلُ:** مېڭىلغان يول.

**سَابِلَةٌ ج سَوَابِلُ:** يولدىن ئۆتكۈچى، يولۇچى، مېڭىلغان يول.

**طَرِيْقٌ سَابِلَةٌ:** مېڭىلغان يول، ئادەم ماڭىدىغان يول.

**«لَا تَسْمَحُوا لِأَوْلَادِكُمْ بِاللَّعِبِ فِي السَّابِلَةِ»:** بالىلىرىڭلارنى ئادەم ئۆتىدىغان يولدا ئويناشقا يول قويماڭلار.

**«كَانَ اللُّصُوصُ يَقْطَعُونَ الطُّرُقَ وَيَسْبَلُونَ السَّابِلَةَ أَمْوَالَهُمْ»:** ئوغرىلار يولنى توسايتتى ۋە يولۇچىلارنىڭماللىرىنى بۇلايتتى.

**سَابُورَةٌ:** خورما ياپرىقىدىن توقۇلغان سېۋەت.

**سَاتٌّ:** ئالتىنچى، ئالتىنچى نومۇر.

**سَاتَرَ يُسَاتِرُ مُسَاتَرَةً الْعَدَاوَةَ:** دۈشمەنلىكنى سىر تۇتتى.

**سَاتِرٌ ج سَوَاتِرُ:** دەر پەردە، توساق.

**سَاجَ يَسُوجُ سَوْجًا و سُوَاجًا وَسَوَجَانًا:** ئاستا ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ يۈردى، لاغايلاپ يۈردى.

**سَاجٌ ج سِيْجَانٌ م سَاجَةٌ ج سَاجَاتٌ:** كاشتان دەرىخى؛ كەڭ خالات.

**سَاجِدٌ ج سَاجِدُونَ وَ سُجَّدٌ وَسُجُودٌ:** سەجدە قىلغۇچى، باش ئۇرغۇچى، خار، زەئىپ.

**«فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ لَمْ يَكُنْ مِنَ السَّاجِدِينَ» ‹قرآن›:** ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن ئەمەس.

**سَاجِدَةٌ ج سَوَاجِدُ:** سەجدە قىلغۇچى ئايال؛ كۆڭلى سۇنۇق، خار، زەئىپ.

**عَيْنٌ سَاجِدَةٌ:** هارغىن كۆز.

**نَخْلَةٌ سَاجِدَةٌ:** دوڭغاق خورما (دەرىخى).

**سَاجَرَ يُسَاجِرُ مُسَاجَرَةً:** سەمىمىي بولدى، سادىق بولدى، ھەمراھ بولدى.

**سَاجِرٌ:** تۇرغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى؛ كەلكۈن؛ كەلكۈن كېلىدىغان ساي.

**سَاجِعَةٌ ج سَوَاجِعُ:** مۇڭلۇق ئاۋازدا بوقىرايدىغان تۆگە؛ سايرىغۇچى؛ بۇقۇلدىغۇچى كەپتەر.

**سَاجَلَ يُسَاجِلُ مُسَاجَلَةً:** رىقابەتلەشتى، بىرىنچى بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، بىرىنچىلىكنى تالاشتى.

**سَاجَلَهُ فِي الشِّعْرِ:** مۇشائىرە قىلدى، شېئىردا نەزمە يېزىش ئۈچۈن مۇسابىقىلەشتى.

**سَاجُورٌ ج سَوَاجِيرُ:** ئىتنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان تۆمۈر ھالقا.

**سَاجٍ م سَاجِيَةٌ:** جىمجىت؛ ئىللىق؛ تىنچ.

**بَحْرٌ سَاجٍ:** تىپتىنچ دېڭىز.

**طَرْفٌ سَاجٍ:** تالغان كۆز.

**لَيْلَةٌ سَاجِيَةٌ:** تىپتىنچ كېچە، جىمجىت كېچە.

**سَاحَ يَسِيحُ سَيْحًا و سَيَحَانًا الْمَاءُ:** سۇ ئاقتى.

**«ذَابَ الزُّبْدُ وَسَاحَ» :** سېرىق ماي ئېرىدى ۋە ئاقتى.

**سَاحَ الثَّلْجُ:** قار ئېرىدى.

**سَاحَ الظِّلُّ:** سايە كۆچتى، سۈرۈلدى، يۆتكەلدى.

**سَاحَ يَسِيحُ سِيَاحَةً الشَّخْصُ:** ساياھەت قىلدى، سەيلە قىلدى، سەيلە ـ تاماشا قىلدى، كېزىپ يۈردى.

**سَاحِبٌ:** تارتقۇچى، سۆرىگۈچى.

**سَاحِبَةٌ ج سَوَاحِبُ:** يەر ئاغدۇرغۇچى تراكتور.

**سَاحَةٌ ج سَاحٌ و سُوْحٌ و سَاحَاتٌ:** قورۇ، سەينا، مەيدان، ھويلا؛ بوش يەر، بىكار يەر.

**«فَإِذَا نَزَلَ بِسَاحَتِهِمْ فَسَاءَ صَبَاحُ الْمُنْذَرِيْنَ»** «قرآن» : ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!

**«جَلَسْنَا فِي سَاحَةِ الدَّارِ» :** بىز ھويلىنىڭ سەيناسىدا ئولتۇردۇق.

**سَاحَةُ الْأَلْعَابِ الرِّيَاضِيَّةِ:** تەنھەرىكەت مەيدانى، تەنھەرىكەت ياكى چېلىشىش مەيدانى.

**سَاحَةُ الْقِتَالِ:** ئۇرۇش مەيدانى، جەڭگاھ.

**سَاحَةُ الْحَرْبِ:** ئۇرۇش مەيدانى.

**سَاحَةُ الْمَعْرَكَةِ:** ئۇرۇش مەيدانى.

**سَاحَةُ الْقَضَاءِ:** سوت كوللېگىيىسى.

**نَزَلَ بِسَاحَتِهِ:** ئۇنىڭ قورۇسىغا چۈشتى.

**بَرِئُ السَّاحَةِ:** گۇناھسىز، بىگۇناھ.

**بَرَّأَتِ الْمَحْكَمَةُ سَاحَتَهُ:** سوت مەھكىمىسى ئۇنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلدى.

**سَاحِرٌ ج سَاحِرُونَ و سَحَرَةٌ:** جادۇگەر، سېھىرگەر، كۆز باغلىغۇچى.

**سَاحِقٌ:** ھالاك قىلغۇچى، بىسىپ چۈشكۈچى، يانچىغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى، جاننى ئالغۇچى.

**نَصْرٌ سَاحِقٌ:** ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈچى غەلىبە.

**أَكْثَرِيَّةٌ سَاحِقَةٌ:** ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگۈچى كۆپلۈك سان.

**قُنْبُلَةٌ سَاحِقَةٌ مَاحِقَةٌ:** ۋەيران قىلغۇچى بومبا.

**«هَزَمَ جَيْشُ الْعَدُوِّ هَزِيمَةً سَاحِقَةً» :** دۈشمەن قوشۇنى ئۇزۇل ـ كېسەل مەغلۇپ بولدى.

**سَاحَلَ يُسَاحِلُ مُسَاحَلَةً الْقَوْمُ بِأَوْلَادِهِمْ:** بالىلىرىنى قىرغاققا ئېلىپ كەلدى.

**سَاحِلٌ ج سَوَاحِلُ:** قىرغاق، ساھىل.

**سَاحِلُ الْبَحْرِ:** دېڭىز بويى، دېڭىز قىرغىقى، دېڭىز ساھىلى.

**«فَلْيُلْقِهِ الْيَمُّ بِالسَّاحِلِ» «قرآن» :** دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن.

**مِدْفَعِيَّةُ السَّوَاحِلِ:** قىرغاق زەمبىرىكى.

**خِفْرُ السَّوَاحِلِ:** دېڭىز قىرغىقى ساقچىلىرى.

**سَاحِلِيٌّ:** دېڭىز قىرغىقىنىڭ، دېڭىز قىرغىقىغا تەۋە.

**مَدِيْنَةٌ سَاحِلِيَّةٌ:** دېڭىز بويىغا جايلاشقان شەھەر.

www.uyghurkitap.com

**سَاخَ يَسُوخُ سَوْخًاو سُيُوخًاوسُؤُوخًا و سَوَخَانًا ـ تِ بِهِ الْأَرْضُ:** ئۇنى يەر يۇتتى.

**سَاخَ الشَّيْءُ فِى الْمَاءِ:** سۇغا چۆشۈپ كەتتى.

**سَاخَ فِي الطِّينِ:** لايغا پېتىپ قالدى.

**سَاخَ يَسُوخُ سَوْخًا و سُيُوخًا سَيْخًا وَسَيَخَانًا قَوَائِمُ الدَّابَّةِ فِي الْأَرْضِ:** هايۋاننىڭ پۇتى يەرگە پېتىپ قالدى.

**سَاخِرٌ:** مەسخىرە قىلغۇچى، زاڭلىق قىلغۇچى.

**ضَحِكَ سَاخِرًا:** مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

**سَاخِطٌ:** غەزەپ قىلغۇچى، غەزەپلىك، ئاچچىقلانـ ـغۇچى.

**سَاخِنٌ ج سُخَّانٌ م سَاخِنَةٌ:** قىزىق، ئىسسىق.

**هَوَاءٌ سَاخِنٌ:** ئىسسىق هاۋا.

**«تَنَاوَلْتُ الْفُطُورَ سَاخِنًا»:** مەن ناشتىلىقنى ئىسسىق هالىتىدە يېدىم.

**سَادَ يَسُودُ سِيَادَةً وَسُؤْدَدًا و سُودًا:** ئۇلۇغ بولدى، ئالىيجاناب بولدى.

**سَادَ قَوْمَهُ:** قەۋمىگە باشلىق بولدى.

**سَادَهُ:** ئۇنى باشقۇردى، ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلدى، ئۇنى كونترول قىلدى.

**سَادَ الْإِضْطِرَابُ وَالْفَوْضَى :** قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

**سَادَ الْهُدُوُّ:** تىپتىنچ بولدى.

**«فِى أَوَاخِرِ اللَّيلِ سَادَ السُّكُونُ كُلَّ شَيْءٍ» :** يېرىم كېچىدىن كېيىن ھەممە نەرسە جىمجىتلىققا چۆكتى.

**سَادَةٌ:** سىدام، ئاددى.

**قُمَاشٌ سَادَةٌ:** ئادەتتىكى رەخت، گۈلسىز رەخت، يولسىز رەخت.

**قَهْوَةٌ سَادَةٌ:** شېكەرسىز قەھۋە.

**سَادِحٌ:** كۆپ، باي، مول.

**سَادَّةٌ ج سُدُودٌ:** كۆز گۆھىرى بۇلغىنىش كېسەلـ ـلىكى، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىـ ـكى.

**سَادِرٌ:** تېڭىرقاپ قالغۇچى، تەپ تارتمايدىغان؛ سۆ مەنبەسى، بۇلاق.

**«ظَلَّ سَادِرًا فِي غَيِّهِ» :** هېچ تەپ تارتماي كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلدى.

**سَادِسٌ م سَادِسَةٌ:** ئالتىنچى.

**«وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ» «قرآن» :** بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ.

**سَادِسًا:** ئالتىنچى، ئالتىنچىدىن.

**سَادِسَ عَشَرَ:** ئون ئالتىنچى.

**سَادِنٌ ج سَدَنَةٌ:** كەئبىنىڭ خادىمى، ئىشىك باقار، ئىشىككە قارىغۇچى، هاجىب.

**سَاذِجٌ. سَاذَجٌ ج سُذَّجٌ:** خالىس، ساپ، ساددا؛ ئاددى؛ تۈپتۈز.

**لَوْنٌ سَاذِجٌ:** بىر خىل رەڭ، رەڭگى بىر خىل.

**شَخْصٌ سَاذِجٌ:** ئاددى ئادەم، پىشمىغان ئادەم، تەجرىبىسىز ئادەم.

**رَأْيٌ سَاذِجٌ:** ئاددى پىكىر، تومتاق پىكىر، پىشمىغان پىكىر.

**حُجَّةٌ سَاذِجَةٌ:** چالا پاكىت.

**«أَنَّ شَخْصِيَّتَهُ السَّاذِجَةَ تَتْرُكُ اِنْطِبَاعًا عَمِيقًا فِى نُفُوسِ الْآخَرِينَ» :** ئۇنىڭ ساددا خاراكتېـ ـرى باشقىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ.

**سَارَ يَسُورُ سَوْرَةً:** غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

**سَارَ يَسُورُ سُؤْرًا سُؤُورًا:** ئېتىلدى، سەكرىدى، غەزەپلەندى.

**سَارَا الشُّجَاعُ فِى الْحَرْبِ:** قەھرىمان جەڭدە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى.

**سَارَ يَسُورُ سَوْرًا الْحَائِطَ:** تامغا ياماشتى، تامغا ئېسىلدى.

**سَارَ يَسِيرُ سَيْرًا وَتَسْيَارًا وَمَسِيرًا وَ مَسِيرَةً وَ سَيْرُورَةً:** ماڭدى، كەتتى، ئىلگىرىلىدى، سەپەر قىلدى، ساياھەت قىلدى، كېزىپ يۈردى، ئېقىپ يۈردى.

**سَارَ الْجَيْشُ:** قوشۇن يۈرۈش قىلدى.

**سَارَ سِيْرَةً حَسَنَةً :** ياخشى مەسلەكتە ماڭدى، ياخشى يولدا ماڭدى.

**سَارَ فِي رُكَابِهِ:** بىللە ماڭدى، ئەگەشتى، كەينـ

گە كىردى.

**سَارَ بِمُقْتَضَى كَذَا:** ئەمەل قىلدى، بويىچە ماڭدى، تەقەززاسى بويىچە ماڭدى.

**سَارَبِهِ:** ماڭغۇزدى، يۈرگۈزدى.

**سَارَ كَتِفًا لِكَتِفٍ:** مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ ئىلگىرىلىدى.

**سَارَ مِنْ سَيِّئٍ إِلَى أَسْوَءَ:** بارغانچە يامانلاشتى.

**«يَسِيرُ النَّاسُ عَلَى الرَّصِيفِ» :** كىشىلەر ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يولدا ماڭىدۇ.

**سَارَ الْمَثَلُ أَوِ الْكَلَامُ:** مەسەل ياكى سۆز تارالدى، پۇركەتتى، يېيىلدى.

**اَلسَّارِبُ:** خالىغانچە يۈرۈيدىغان، باشباشتاق.

**ظَبْيَةٌ سَارِبٌ:** ئەركىن ئوتلىغۇچى كىيىك.

**«وَمَنْ هُوَ مُسْتَخْفٍ بِاللَّيْلِ وَسَارِبٌ بِالنَّهَارِ» «قرآن» :** كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەر.

**اَلسَّارِحُ:** پادىچى، پادا.

**سَارِحُ الْفِكْرِ:** پىكرى چېچىلاڭغۇ.

**اَلسَّارِحَةُ ج سَوَارِحُ:** پادا.

**مَالَهُ سَارِحَةٌ و لَارَائِحَةٌ:** ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق.

**سَارَّ يُسَارُّ مُسَارَّةً و سِرَارًا:** سىرداشتى، سىر بەردى.

**سَارٌّ:** خۇشال قىلغۇچى.

**«سَمِعْتُ خَبَرًا سَارًّا» :** خۇشاللىنارلىق خەۋەر ئاڭلىدىم.

**«فِى الْحَالِ اِنْتَشَرَتِ الْأَخْبَارُ السَّارَّةُ فِى أَنْحَاءِ الْقَرْيَةِ» :** خۇش خەۋەر پۈتۈن يېزىغا دەرھال تارقالدى.

**سَارَعَ يُسَارِعُ مُسَارَعَةً:** ئالدىرىدى.

**«سَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ» «قرآن» :** سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئالدىراڭلار.

**سَارَقَ يُسَارِقُ مُسَارَقَةً ـ هُ النَّظَرَ اِلَيْهِ:** ئوغرىلىقچە قارىدى، مارىدى، كۆز يۈگۈرتتى، يەر تېگىدىن قارىدى، ئاستىرتتىن قارىدى.

**سَارِقٌ ج سَارِقُونَ. سُرَّاقٌ و سَرَقَةٌ:** ئوغرى، يانچۇقچى.

**«وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُوا أَيْدِيَهُمَا» «قرآن» :** ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار.

**سَارِقُ الْمُؤَلَّفَاتِ:** ئەسەر ئوغرىسى، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇچى.

**اَلسَّارِقَةُ ج سَوَارِقُ:** كىشەن.

**سَارُوخٌ:** راكېتا؛ پوجاڭزا.

**السَّارِى ج سُرَاةٌ:** شىر، ئارسلان؛ كېچىسى كېلىدىغان بۇلۇت؛ خادا، تۈۋرۈك.

**سَارِى الْمَفْعُولِ:** كۈچكە ئىگە.

**سَارِيَةُ الْعَلَمِ:** بايراق خادىسى، بايراق مومىسى.

**«اَلْعَلَمُ يُرَفْرِفُ فَوْقَ السَّارِيَةِ» :** خادىدا بايراق لەپىلدىمەكتە.

**سَارِيَةُ الْمَرْكَبِ:** يەلكەن مومىسى.

**سَارِيَةُ السَّفِينَةِ:** كېمە ماچىتىسى.

**اَلْأَمْرَاضُ السَّارِيَةُ:** يۇقۇملۇق كېسەللەر.

**سَاسَ يَسُوسُ سِيَاسَةً النَّاسَ:** كىشىلەرنى باشقۇردى، ئىدارە قىلدى.

**سَاسَ الْأُمُورَ:** ئىشلارنى باشقۇردى.

**سَاسَ الْعَمَلَ:** ئىشنى ئىدارە قىلدى، خىزمەتنى باشقۇردى.

**«كَانَ الْخُلَفَاءُ الرَّاشِدُونَ يَسُوسُونَ النَّاسَ بِالْعَدْلِ» :** چاھارىيالار كىشىلەرنى ئادالەت بىلەن باشقۇراتتى.

**سَاسَ الدَّوَابَّ:** ئۇلاغنى كۈندۈردى، ئۇلاغنى باقتى، ئۇلاغدىن خەۋەر ئالدى.

**«يَسُوسُ خُيُولَ الْأَمِيرِ» :** ئەمىرنىڭ ئاتلىرىنى باقىدۇ.

**سَاسَ يَسُوسُ سَوْسًا الطَّعَامُ:** يېمەكلىك قۇرتلاپ قالدى.

**سَاسَتِ السِّنُّ:** چىشنى قۇرت يېدى.

**سَاطَ يَسُوطُ سَوْطًا:** قامچىلىدى.

**سَاطَ الشَّيْءَ:** نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

uyghurkitap.com


**سَاطَ الْحَرْبَ:** ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئۇرۇش باشلىدى.

**سَاطِرٌ:** قاسساپ.

**سَاطِعٌ:** نۇرلۇق، پارلاق، روشەن، ئېنىق، چۈشەنىشلىك، يورۇتقۇچى، نۇر چاچقۇچى.

**«كَانَ النُّورُ سَاطِعًا فَلَمْ أَسْتَطِعْ فَتْحَ عَيْنَيَّ»:** نۇر چاقناپ ئىككى كۆزۈمنى ئاچالمىدىم.

**سَاطِلٌ:** كۆتۈرۈلگەن چاڭ.

**سَاطُورٌ ج سَوَاطِيرُ:** قىڭراق، چېپەۋ، چوڭ پىچاق.

**سَاءَ يَسُوءُ سَيْئًا و سُيُوعًا الشَّيْءُ:** نەرسە يۇتۇپ كەتتى، زايا بولدى، چۈشۈپ قالدى، يوقالدى.

**سَاعَ الْمَاءُ:** سۇ قالايمىقان ئاقتى.

**سَاعَاتِيٌّ ج سَاعَاتِيَّةٌ:** سائەت سودىگىرى؛ سائەت رېمونت قىلغۇچى، سائەتچى.

**سَاعَةٌ ج سَاعَاتٌ و سَاعٌ:** سائەت.

**سَاعَةُ جَيْبٍ:** يانچۇق سائىتى، قويۇن سائىتى.

**سَاعَةُ حَائِطٍ:** تام سائىتى.

**سَاعَةُ يَدٍ . سَاعَةُ مِعْصَمٍ:** قول سائىتى.

**سَاعَةُ سِبَاقٍ:** سېكۇندومېر (تەنتەربىيىگە ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىت ئۆلچىگۈچ).

**سَاعَةٌ رَقْمِيَّةٌ:** رەقەملىك سائەت (ئىستىرىلكىسىز سائەت).

**سَاعَةٌ نَاطِقَةٌ:** سۆزلەيدىغان سائەت.

**سَاعَةٌ شَمْسِيَّةٌ:** قۇياش سائىتى.

**سَاعَةُ بَيْضٍ:** تۇخۇم پۇشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىت بېكىتىش ئەسۋابى.

**سَاعَةٌ رَمْلِيَّةٌ:** ۋاقىت بەلگىلەيدىغان قۇم سائەت.

**سَاعَةُ الصِّفْرِ:** ھەربىي ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى بەلگىلەنگەن يوشۇرۇن ۋاقىت.

**زَهْرَةُ السَّاعَةِ:** مېھرىگۈل، پاتىنغۇلۇرا (پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك).

**رَجُلُ السَّاعَةِ:** ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان ئادەم، تۇراقسىز، يۇملاق تاۋۇز؛ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا خەۋىرى بېرىلىپ تۇرىدىغان مەشھۇر شەخس.

**سَاعَتُهُ الْأَخِيرَةُ:** ئۆلۈش ۋاقتى.

**«دَنَتْ سَاعَتُهُ الْأَخِيرَةُ»:** ئۇنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

**سَاعَةُ نَحْسٍ:** شۇم ۋاقىت، شۇم چاغ، بەختسىز چاغ.

**اِبْنُ سَاعَتِهِ:** ۋاقىتلىق، ئۆمرى قىسقا، ۋاقىتىنچە، ھازىرچە.

**مِنَ السَّاعَةِ:** مۇندىن كېيىن، بۇنىڭدىن تارتىپ، ھازىردىن باشلاپ.

**إِلَى السَّاعَةِ:** ھازىرغا قەدەر، ھازىر، ھازىرقى.

**سَاعَتَئِذٍ:** ئۇ ۋاقىتتا، شۇ چاغدا.

**حَتَّى السَّاعَةِ:** ھازىرغىچە، ھازىرغا قەدەر.

**لِلسَّاعَةِ:** ھازىرغىچە، يەنىلا، شۇنداقلا، ئۆز پېتىچە.

**مَا جَاءَ لِلسَّاعَةِ:** ھازىرغىچە كەلمىدى.

**فِي سَاعَتِهِ:** دەرھال، شۇئانلا، شۇ زامان، ھازىرلا.

**مُنْذُ سَاعَةٍ:** ھازىردىن باشلاپ.

**بَيْنَ سَاعَةٍ و أُخْرَى:** يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، يېقىندا.

**«لَمْ أَفْرُغْ مِنَ الْعَمَلِ إِلَّا السَّاعَةَ»:** مەن خىزمەتتىن ئەمدىلا چۈشتۇم.

**«اِسْتَغْرَقَ الْإِجْتِمَاعُ سَاعَتَيْنِ»:** يىغىن ئىككى سائەت داۋاملاشتى.

**اَلسَّاعَةُ:** قىيامەت.

**«بَلْ كَذَّبُوا بِالسَّاعَةِ» «قرآن»:** ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى.

**سَاعَدَ يُسَاعِدُ مُسَاعَدَةً:** ياردەملەشتى، ياردەم بەردى.

**«طَلَبْتُ الْمُسَاعَدَةَ فَلَمْ يُسَاعِدْنِي أَحَدٌ»:** ياردەم تەلەپ قىلىۋىدىم، ماڭا ھېچ كىشى ياردەم بەرمىدى.

**سَاعِدٌ ج سَوَاعِدُ:** بىلەك.

**شَمَّرَ عَنْ سَاعِدِ الْجِدِّ:** تىرىشتى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

**اِشْتَدَّ سَاعِدُهُ:** كۈچلۈك بولدى، كۈچەيدى.

**سَاعِدُهُ الْأَيْمَنُ:** ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى.

**سَاعِدَةٌ ج سَوَاعِدُ:** تارماق ئېقىم، تارماق دەريا.

**سَامَرَ يُسَامِرُ مُسامَرَةً:** سودىلاشتى، باھا تالاشتى.

**سَاعَفَهُ مُسَاعَفَةً:** قۇتۇلدۇردى، كېسىلىنى داۋالىدى، ياردەملەشتى.

**سَاعِلٌ:** بوغۇز، كېكىردەك.

**سَاعٍ ج سُعَاةٌ:** سۆخەنچى، گەپ توشۇغۇچى؛ بوھتان چاپلىغۇچى، قارا چاپلىغۇچى، پىتنەخور؛ پوچتىكەش؛ ئەلچى.

**سَاعِي الْبَرِيدِ:** پوچتىكەشلىك، پوچتىكەش.

**«لَقَدْ عَمِلَ أَكْثَرَ مِنْ عَشَرِ سَنَوَاتٍ ساعِىَ بَرِيدٍ دُوْنَ أَنْ يَرْتَكِبَ خَطَأً وَاحِدًا فِى عَمَلِهِ» :** ئۇ 10 يىلدىن ئارتۇق پوچتىكەش بولۇپ ئىشتى بىر قېتىممۇ خاتا قىلىپ قويمىدى.

**سَاغَ يَسُوغُ سَوْغًا وَسَواغًا و سَوَائًا الشَّرَابُ:** شاراب گالدىن سىلىق ئۆتىدىغان بولدى.

**سَاغَ الطَّعَامَ أَوِ الشَّرَابَ:** تاماق ياكى شارابنى يېقىشلىق ھېسابلىدى.

**«لَمْ أَسُغْ هَذَا الشَّرَابَ» :** بۇ شارابنى ياقتۇرمىدىم.

**سَاغَ الشَّىْءُ:** ياخشى بولدى.

**سَاغَ لَهُ الأَمْرُ:** مۇۋاپىق كەلدى، لايىق بولدى.

**سَاغَ يَسِيغُ سَيْغًا:** ياخشى بولدى، سىلىق ئۆتتى، مۇۋاپىق كەلدى.

**سَاغِبٌ:** ئاچ، ئاچ قالغان.

**سَافَ يَسُوفُ سَوْفًا الشَّىْءَ:** پۇرىدى، يىلدىدى.

**سَافَ يَسِيْفُ سَيْفًا:** قىلىچ بىلەن چاپتى.

**سَافَ عَلَيْهِ:** چىدىدى، سەۋر قىلدى.

**سَافَتْ يَدُهُ:** قولى يېرىلىپ كەتتى.

**السَّافُ. سَافَةٌ ج آسُفٌ و سَافَاتٌ:** بىر قاتار خام كېسەك ياكى پىششىق كېسەك.

**سَافَحَ يُسَافِحُ مُسَافَحَةً الْمَرْأَةَ:** ئايال بىلەن نىكاھسىز بىر يەردە بولدى، بۇزۇقچىلىق قىلدى.

**سَافِحٌ ج سَوَافِحُ:** تۆكۈلگەن ياش.

**سَافَدَ يُسَافِدُ مُسَافَدَةً وَسِفَادًا الذَّكَرُ أُنْثَاهُ:** جۈپلەشتى، ئەركىكى چىشىسىغا چاپتى.

**سَافَرَ يُسَافِرُ مُسَافَرَةً:** سەپەر قىلدى.

**سَافَرَ بَرًّا:** قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلدى.

**سَافَرَ بَحْرًا:** دېڭىزدا سەپەر قىلدى.

**سَافَرَ جَوًّا:** ئايروپىلاندا سەپەر قىلدى.

**«إِنْ تُسَافِرْ أُسَافِرْ معَكَ» :** ئەگەر سەپەر قىلساڭ مەن سەن بىلەن بىرگە سەپەر قىلىمەن.

**سَافِرٌ ج سَفَرَةٌ:** نامە ـ ئەمەلنى خاتىرىلەيدىغان پەرىشتە.

**«بِأَيْدِى سَفَرَةٍ كِرَامٍ بَرَرَةٍ» :** (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر.

**سَافِرٌ ج سَوَافِرُ:** ئېنىق، ئاشكارا، ئوچۇق.

**اِعْتِدَاءٌ سَافِرٌ:** ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق.

**سُرْعَةٌ سُلَحْفَائِيَّةٌ:** تاشپاقىنىڭ سۈرئىتى.

**سُلَحْفَاةٌ ج سَلاَحِفُ:** تاشپاقا.

**سُلَحْفَاةُ الْبَحْرِ:** دېڭىز تاشپاقىسى.

**سُلَحْفِي:** تاشپاقا.

**سَلَخَ يَسْلُخُ وَ يَسْلَخُ سَلْخًا الْجِلْدَ:** تېرىسىنى سويدى، تېرىسىنى ئاجراتتى.

**«وَآيَةٌ لَهُمُ اللَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ النَّهَارَ فَإِذَا هُمْ مُظْلِمُونَ» (قرآن):** ئۇلارغا بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىزدە، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ.

**سَلَخَ ثِيَابَهُ:** چاپىنىنى سالدى.

**سَلَخَ الثُّعْبَانُ:** يىلان قاسراق تاشلىدى.

**سَلَخَ الشَّهْرَ:** ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

**سَلَخَ اللّٰهُ اللَّيْلَ مِنَ النَّهَارِ أَوِ النَّهَارَ مِنَ اللَّيْلِ:** ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزدىن ئايرىۋەتتى.

**سَلَخَ فُلاَنًا:** ئۇنىڭغا ئازار بەردى.

**سَلْخٌ:** سويۇلغان تېرە (تېرىنى) سويماق؛ ئاينىڭ ئاخىرى.

**سَلْخُ الحَيَّةِ:** يىلاننىڭ قاسراق تاشلىشى.

**سَلْخَةٌ:** قوزا، پاقلان.

**سَلِسَ يَسْلَسُ سَلَسًا و سَلاَسَةً و سُلُوسًا:** يۇمشاق بولدى، مۇلايىم بولدى، ياۋاش بولدى، سىلىق بولدى، كۆندى، ئادەتلەندى، بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى.

**سَلِسَ قِيَادُهُ:** باشقۇرۇش ئاسان بولدى.

**سَلِسَ أُسْلُوبُهُ:** ئۇنىڭ ئۇسلۇبى راۋان بولدى.

**سَلِسٌ:** ئىتائەتچان، ئاسان كۆندۈرۈلىدىغان، بويسۇنىدىغان، ياۋاش، سىلىق.

**«تَسِيرُ السَّيَّارَةُ سَيْرًا سَلِسًا»:** ماشىنا سىلىق ماڭماقتا.

**كَلاَمٌ سَلِسٌ:** راۋان سۆز.

**سَلِسُ الْأُسْلُوبِ:** راۋان ئۇسلۇب.

**«لَقَدْ كَتَبْتُ هَذِهِ الْمَقَالَةَ بِأُسْلُوبٍ سَلِسٍ»** : بۇ ماقالىنى راۋان يازدىم.

**سَلِسُ الْقِيَادِ:** يېتەكلەش ئوڭاي.

**سَلَسٌ:** سۇيدۇك تېمىش، سۇيدۇك تۇتالماسلىق كېسەللى.

**سَلْسَالٌ:** شېرىن سۇ، شارقىراتما.

**سَلْسَبِيلٌ ج سَلاَسِبُ و سَلاَسِيبُ م سَلْسَبِيلَةٌ ج سَلْسَبِيلاَتٌ:** پاكىز، شېرىن، سۈزۈك ئېقىن سۇ (جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ ئىسمى).

**شَرَابٌ سَلْسَبِيلٌ:** ئاتلىق شاراب، ئابىھايات.

**«عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلاً» «قرآن»** : جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار.

**سَلْسَلَ يُسَلْسِلُ سَلْسَلَةً الْأَشْيَاءَ:** بىر - بىرىگە ئۇلىدى، بىر - بىرىگە باغلىدى، بىر - بىردىنى تۇتاشتۇردى.

**سَلْسَلَ النَّسَبَ إِلَى:** نەسەبىنى ... غا باغلىدى.

**سَلْسَلٌ:** شېرىن سۇ، شارقىراتما.

**سِلْسِلَةٌ ج سَلاَسِلُ:** زەنجىر، بۇلۇتلاردىكى زەنجىرسىمان چاقماق، بۇلۇتلارنىڭ زەنجىرسىمان يالتىرىشى.

**سِلْسِلَةُ النَّسَبِ:** نەسەبنامە، شەجەرە، نەسەب.

**سِلْسِلَةٌ مِنَ التَّفَاعُلِ:** زەنجىرسىمان رىئاكسىيە.

**سِلْسِلَةُ الْجِبَالِ:** تاغ تىزمىسى.

**سِلْسِلَةٌ مِنَ الْكُتُبِ الْعِلْمِيَّةِ:** بىر يۈرۈش ئىلمىي كىتابلار.

**سِلْسِلَةُ أَكَاذِيبَ:** بىر قاتار سەپسەتىلەر.

**سِلْسِلَةُ الظَّهْرِ:** ئومۇرتقا.

**اَلسِّلْسِلَةُ الْفَقْرِيَّةُ:** ئومۇرتقا.

**سَلِطَ يَسْلَطُ و سَلُطَ يَسْلُطُ سَلاَطَةً وَ سُلُوطَةً الشَّخْصُ:** راۋان سۆزلىدى، سۆزگە ماھىر بولدى، پاساھەتلىك سۆزلىدى.

**سَلْطٌ:** ئاغزى يامان؛ تىلى ئۆتكۈر؛ قاتتىق.

**لِسَانٌ سَلْطٌ:** ئۆتكۈر تىل؛ ئىتتىك ئېغىز، يامان تىل.

**شَخْصٌ سَلْطٌ:** تىلى يامان، تىلى ئۆتكۈر، ئاغزى يامان.

**سُلْطَانٌ ج سَلاَطِينُ:** دەلىل، پاكىت، ئىسپات؛ پادىشاھ، سۇلتان، ھاكىم؛ ھاكىمىيەت، نوپۇز، ھوقۇق، كۈچ - قۇۋۋەت؛ تىزگىنلىمەك، كونترول قىلماق، چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالماق.

**«وَمَاكَانَ لَنَاأَنْ نَأْتِيَكُمْ بِسُلْطَانٍ إِلاَّبِإِذْنِ اللّٰهِ» «قرآن»** : ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز.

**«... يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللّٰهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ...» «قرآن»** : ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدۇ.

**«لِزَعِيمِهِمْ سُلْطَانٌ كَبِيرٌ عَلَيْهِمْ»** : ئۇلارنىڭ داھىيسى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە چوڭ نوپۇزغا ئىگە.

**«حَضَرَ الْمُؤْتَمَرَ بَعْضُ الْحُكَّامِ وَالسَّلاَطِينِ»** : يىغىنغا بەزى ھۆكۈمرانلار ۋە سۇلتانلار قاتناشتى.

**«مَا أَنْزَلَ اللّٰهُ بِهِ مِنْ سُلْطَانٍ»** : ئاللاھ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرگىنى يوق.

**سُلْطَانَةٌ:** سۇلتاننىڭ ئايالى، خانىش.

**سُلْطَانِيٌّ:** سۇلتانغا مەنسۇپ، سۇلتانغا تەۋە، سۇلتانلىق، پادىشاھلىق، خانلىق.

**سُلْطَانِيَّةٌ ج سُلْطَانِيَّاتٌ:** چىنە - قاچا، ساپال تاۋاق، ھىجىر.

**«سَقَطَتِ السُّلْطَانِيَّةُ فَكَسَرَتْ وَتَنَاثَرَتْ أَجْزَاءُهَا»** : قاچا چۈشۈپ كېتىپ پارچىلىرى چېچىلىپ كەتتى.

**سِكَّةٌ سُلْطَانِيَّةٌ:** چوڭ يول، داغدام يول، تاش يول.

**سُلْطَةٌ ج سُلْطَاتٌ:** كۈچ - قۇۋۋەت، ھاكىمىيەت، نوپۇز؛ ھوقۇق؛ ئورگان؛ كونترول قىلماق، چاڭگىلىغا ئالماق.

**سُلْطَةٌ مُطْلَقَةٌ:** مۇتلەق ھوقۇق، تولۇق ھوقۇق.

**سُلْطَةٌ زَمَنِيَّةٌ «عَالَمِيَّةٌ»** : دىنىدىن تاشقىرى ھاكىمىيەت.

**اَلسُّلْطَاتُ الْمَرْكَزِيَّةُ:** مەركىزىي ئورگان، مەركىزىي دائىرىلەر.

www.uyghurkitap.com

اَلسُّلُطَاتُ الْعَسْكَرِيَّةُ: ھەربىي دائىرىلەر.

اَلسُّلُطَاتُ الْمَحَلِّيَّةُ: يەرلىك دائىرىلەر.

«أَفْرَجَتِ السُّلُطَاتُ عَنْ بَعْضِ الْمُعْتَقِلِينَ السِّيَاسِيِّينَ»: ھۆكۈمران دائىرىلەر بەزى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى.

«تَمَسَّكَ بِزِمَامِ السُّلْطَةِ»: ھوقۇقنى قولىغا ئالدى، ھوقۇق تۇتتى.

اَلسُّلْطَةُ التَّنْفِيذِيَّةُ: مەمۇرىي ھوقۇق.

سُلْطَةُ التَّشْرِيعِ: قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى.

اَلسُّلْطَةُ التَّشْرِيعِيَّةُ: قانۇن چىقىرىش ئورگىنى.

سُلْطَةُ الْقَضَاءِ: ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى، كېسىش ھوقۇقى.

اَلسُّلْطَةُ الْقَضَائِيَّةُ: قانۇن ـ ئەدلىيە ساھەسىدىكى خادىملار.

اَلسُّلُطَاتُ الدِّينِيَّةُ: دىنىي دائىرىلەر.

اَلسُّلْطَةُ الرُّوحِيَّةُ: دىنىي ئەربابلار، دىنىي ساھەدىكىلەر.

اَلسُّلْطَةُ الْحَاكِمَةُ: ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى.

«حَدَثَ صِرَاعٌ بَيْنَ الْأَحْزَابِ عَلَى السُّلْطَةِ»: پارتىيىلەر ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى.

اَلسُّلْطَةُ أَوِالسُّلْطَاتُ الْمُخْتَصَّةُ: مەسئۇل دائىرىلەر.

سُلْطَةُ الدَّوْلَةِ الشَّعْبِيَّةِ: خەلق ھاكىمىيىتى.

اَلسُّلْطَةُ الْأَهْلِيَّةُ: يەرلىك دائىرىلەر.

سَلَطَةٌ ج سَلَطَاتٌ: سەلات، سوغۇق سەي، خام سەي.

سَلْطَنَ يُسَلْطِنُ سَلْطَنَةً: سۇلتان قىلدى، سۇلتانلىققا بەلگىلىدى، پادىشاھ قىلدى، خان قىلدى.

سَلْطَنَةٌ ج سَلْطَنَاتٌ: سۇلتانلىق، خانلىق، پادىشاھلىق، كىنەزلىك.

«تَقَعُ سَلْطَنَةُ عُمَانَ عَلَى الْخَلِيجِ الْعَرَبِيِّ»: ئومان سۇلتانلىقى ئەرەب دېڭىز قولتۇقىغا جايلاشقان.

سَلِعَ يَسْلَعُ سَلَعًا الْقَدَمُ: تاپان يېرىلدى.

سَلِعَتِ الْأَرْضُ: زېمىن يېرىلدى، چاك كەتتى.

سَلْعٌ ج سُلُوعٌ: پۇتتىكى يېرىق.

سَلْعٌ ج أَسْلَاعٌ و سُلُوعٌ: يوچۇق، چاك، يېرىق.

سَلْعٌ.سِلْعٌ ج أَسْلَاعٌ وَسُلُوعٌ وَ سِلْعَانٌ: تەڭتۇش، زاماندىش، دەۋرداش، تەڭ دەمەت، يېشى تەڭ.

غُلَامَانِ سِلْعَانِ: تەڭ دېمەتلىك ئىككى بالا.

سِلْعَةٌ ج سِلَعٌ: مال، تاۋار، سودا بۇيۇملىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى.

سِلْعَةٌ كَاسِدَةٌ: كاسات مال.

سِلْعَةٌ رَائِجَةٌ: بازارلىق مال، بازىرى ئىتتىك مال.

«إِنَّنَا نَجِدُ كُلَّ مَانَحْتَاجُ إِلَيْهِ مِنَ السِّلَعِ فِي الْأَسْوَاقِ»: بىز بازاردا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپىمىز.

سَلَفَ يَسْلُفُ سَلْفًا و سُلُوفًا: ئۆتتى، ئۆتۈپ كەتتى، ئۆزۈپ كەتتى، ئالدىدا ماڭدى، بىرىنچى بولدى.

«عَفَا اللّٰهُ عَمَّا سَلَفَ» (قرآن): ئۆتكەنكى گۇناھىنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى.

سَلَفَ يَسْلُفُ سَلْفًا الْأَرْضَ: يەرنى تۈزلىدى، يەرنى تەكشىلىدى، سۆرەم سالدى، تىرنىلىدى.

سَلَفٌ ج أَسْلَافٌ: ئەجداد، ئاتا ـ بوۋا، ئىلگىرىكىلەر، پېشقەدەملەر، سەلەپلەر؛ ئۆسۈمسىز قەرز، قەرز بەرگۈچىگە پايدىسى تەگمەيدىغان قەرز؛ بۇرۇن قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر.

«فَجَعَلْنَاهُمْ سَلَفًا وَمَثَلًا لِلْآخِرِينَ» (قرآن): ئۇلارنى بىز كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق.

فِيمَا سَلَفَ: ئۆتكەندە، ئىلگىرى.

مَذَاهِبُ السَّلَفِ: بۇرۇنقىلارنىڭ مەسلىكى.

اَلسَّلَفُ الصَّالِحُ: ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتا ـ بوۋىلار، ياخشى ئەجدادلار.

«مُدِيرُنَا الْجَدِيدُ خَيْرُ خَلَفٍ لِخَيْرِ سَلَفٍ»: بىزنىڭ مۇدىرىمىز ئەڭ ياخشى ئىزباسار.

سَلَفًا: ئالدى بىلەن، ئاۋۋال، بۇرۇن.

«أَعْطَيْتُهُ كُلَّ الثَّمَنِ سَلَفًا»: ئۇنىڭغا ھەممە پۇلنى ئالدىن بېرىپ بولدۇم.

وَالشُّكْرُ لَكُمْ سَلَفًا: ئالدى بىلەن سىزگە رەھمەت

ئېيتىمەن.

**سِلْقٌ ج أَسْلاقٌ:** باجا.

**سِلْفَانِ:** ئىككى باجا.

**سُلَفٌ ج سُلْفَانٌ وَسِلْفَانٌ:** ئورمان كەكلىكى چۈجىسى.

**سُلْفَاةٌ:** گۈگگۈرت كىسلاتاسى تۇزى.

**سُلْفَاةُ الْحَدِيدِ:** تۆمۈر سۇلفات.

**سُلْفَاةُ الرَّصَاصِ:** قوغۇشۇن سۇلفات.

**سَلْفَتَ يُسَلْفِتُ سَلْفَتَةً:** قاراماي ياتقۇزدى، ئاسفالت ياتقۇزدى.

**سِلْفَةٌ ج سَلائِفُ:** يەڭگە؛ سىڭىل؛ ئىنىنىڭ خوتۇنى.

**سِلْفَتَانِ:** ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ خوتۇنلىرى، ئىپى يەڭگىلەر.

**سُلْفَةٌ ج سُلَفٌ:** ئاۋانس، ئاۋانس؛ بەرمەك، ئۆسۈمىلۈك قەرز، جازانە، بېرىلگەن مال، بېرىلگەن پۇل.

**سُلْفَةٌ مُسْتَدِيمَةٌ:** ئاۋانس، ئاۋانس بەرمەك.

**سُلْفَةُ الْحِذَاءِ:** پېتەك، كالتە پايپاق.

**جَاؤُوا سُلْفَةً سُلْفَةً:** كەينى ـ كەينىدىن ئۈلىشىپ كەلدى، سوڭدىشىپ كەلدى.

**سَلْفَتَةٌ:** قاراماي.

**سَلَفِيٌّ ج سَلَفِيُّونَ:** ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، سەلەفلەر يولىدا ماڭغۇچى؛ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا باشقىغا ئەمەس، پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تايانغۇچى.

**اَلسَّلَفِيَّةُ:** شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسلىنىدىغان مەسلەك.

**سَلِفِيَّةٌ ج سَلَفِيَّاتٌ:** تۆلەم پۇل ئاۋانسىسى.

**سَلَقَ يَسْلُقُ سَلْقًا الْبَيْضَ:** تۇخۇمنى پىشۇردى.

**سَلَقَهُ بِاللِّسَانِ أَوْ بِكَلامِهِ:** ئازار بەردى، دەشنام بەردى.

**«فَإِذَا ذَهَبَ الْخَوْفُ سَلَقُوكُمْ بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ» «قرآن» :** قورقۇنچ كەتكەندە، سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ.

**سَلَقَهُ بِالسَّوْطِ:** ئۇنى ساۋىدى، ئۇنى قامچىلىدى.

**سَلَقَ الْبَرْدُ النَّبَاتَ:** ئوت ـ چۆپكە ئۈششۈك تەگدى.

**سَلَقَ اِنْتِخَابَاتٍ:** سايلام ئۆتكۈزدى.

**سَلَقَ الذَّبِيحَةَ بِالْمَاءِ الْحَارِّ:** بوغۇزلانغان مالنى قايناقسۇغا سېلىپ يۇدى.

**سَلَقَ اللَّحْمَ:** گۆشنى شورپا قىلدى، گۆشنى سۇدا پىشۇردى.

**سَلْقٌ:** پىشۇرماق، قايناتماق.

**سِلْقٌ ج سُلْقَانٌ وَ سِلْقَانٌ:** قىزىلچا؛ بۆرە؛ سۇ يولى.

**سَلَقٌ ج أَسْلاقٌ وَ سِلاقٌ:** يارا ئىزى، تارتۇق.

**سَلَقُون:** قوغۇشۇن ئوكسىد؛ سۇرۇخ.

**سَلَكَ يَسْلُكُ سُلُوكًا:** ھەرىكەت قىلدى، ئۆتكۈزدى، تەسەررۇپ قىلدى.

**سَلَكَ الطَّرِيقَ:** يول ماڭدى.

**«سَلَكَ سُلُوكًا حَسَنًا» :** ئۇ چىرايلىق يول تۇتتى.

**«سَلَكْتُ طَرِيقًا غَيْرَ الَّذِي سَلَكْتُمُوهُ» :** سىلەر ماڭمىغان يول بىلەن ماڭدىم.

**سَلَكَ الْمَكَانَ:** مەلۇم جايغا كىردى، قەدەم باستى.

**سَلَكَ الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ:** كىرگۈزدى.

**«فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءَلُونَ عَنِ الْمُجْرِمِينَ مَاسَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ» «قرآن» :** ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ.

**سَلَكَ الْخَيْطَ فِي الْإِبْرَةِ:** يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزدى، يىپ ساپتى.

**«سَلَكَ حَبَّاتِ الْخَرْزِ فِي الْخَيْطِ» :** مارجان دانىلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزدى.

**«كَذَلِكَ سَلَكْنَاهُ فِي قُلُوبِ الْمُجْرِمِينَ» «قرآن» :** شۇنىڭدەك گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى سالدۇق.

**سِلْكٌ:** ساھە.

**سِلْكٌ سِيَاسِيٌّ:** سىياسىي ساھەدىكىلەر، سىياسىئونلار، سىياسىي ساھە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



**اَلسِّلْكُ التَّعْلِيمِيُّ:** مائارىپ ساھەسىدىكىلەر.

**«يَعْمَلُ أَخِي فِي السِّلْكِ السِّيَاسِيِّ» :** قېرىندىشىم سىياسىي ساھەدە ئىشلەيدۇ.

**اِنْتَظَمَ فِي سِلْكِ الْوِزَارَةِ:** ئىچكى كابىنېتقا قاتناشتى، ئىچكى كابىنېت تەشكىل قىلدى.

**اَلسِّلْكُ الدِّرَاسِيُّ:** ئۆگىنىش ۋاقتى، مەشىق ۋاقتى.

**سِلْكٌ ج أَسْلَاكٌ وَ سُلُوكٌ:** يىپ؛ سىم؛ لىنىيە.

**«اِنْقَطَعَ سِلْكُ الْعِقْدِ فَانْفَطَرَتْ حَبَّاتُهُ» :** بويۇنچاقنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ دانچىلىرى (ئۈنچىدىكى مارجانلار) چېچىلىپ كەتتى.

**سِلْكُ الْهَوَاءِ:** ئاۋئاتسىيە، ھاۋا يولى.

**سِلْكُ الْبَحْرِ:** دېڭىز قاتنىشى، دېڭىز يولى.

**سِلْكٌ مَعْدَنِيٌّ:** مېتال سىم، پولات سىم.

**سِلْكٌ نَبَاتِيٌّ:** پىلەكلىك ئۆسۈملۈك.

**سِلْكٌ بَحْرِيٌّ:** دېڭىز ئاستى ئېلېكتر سىمى.

**سِلْكٌ بَرْقِيٌّ:** تېلېگراف سىمى.

**سِلْكٌ هَوَائِيٌّ:** ھاۋاغا تارتىلغان سىم، ئانتېنا.

**سِلْكٌ كَهْرَبَائِيٌّ:** توك سىمى.

**بِلَاسِلْكٍ:** سىمسىز.

**آلَةُ الْخَزْمِ بِالسِّلْكِ:** دەپتەر تىككۈچ.

**أَسْلَاكٌ مَفْتُولَةٌ:** كابېل.

**أَسْلَاكٌ شَائِكَةٌ:** تىكەنلىك سىم.

**بِلَا أَسْلَاكٍ:** سىمسىز.

**«عَلَى الْمَرْءِ أَنْ لَا يُطْلِقَ الْعِنَانَ لِلسُّلُوكِ السَّيِّئِ» :** كىشى يامان قىلمىشلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

**سِلْكِيٌّ:** سىملىق.

**جِهَازُ الْتِقَاطٍ لَا سِلْكِيٍّ:** رادىئو.

**اِتِّصَالٌ لَاسِلْكِيٌّ:** رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىش.

**اِتِّصَالَاتٌ سِلْكِيَّةٌ:** تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىش.

**إِشَارَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ:** رادىئو، رادىئو ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈش.

**مُخَابَرَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ:** رادىئو خەۋىرى.

**رِسَالَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ:** تېلېگرامما، سىمسىز رادىئو سىگنالى.

**سَلَّ يَسُلُّ سَلًّا الشَّيْءَ مِنَ الشَّيْءِ:** چىقىرىۋالدى، سۇغۇرۇۋالدى.

**سَلَّ سَيْفَهُ:** قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

**سَلَّهُ الدَّاءُ:** كېسەل بولۇپ قالدى.

**سُلَّ الشَّخْصُ:** ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قالدى.

**سُلٌّ. سِلٌّ. دَاءُ السِّلِّ:** ئۆپكە كېسىلى.

**سِلٌّ رِئَوِيٌّ:** ئۆپكە تۇبېركۇلىيۇزى.

**سِلٌّ تَدَرُّنِيٌّ:** تۇبېركۇلىيۇز كېسىلى.

**سِلٌّ مُسْتَعْجِلٌ:** كۆك يۆتەل.

**سِلُّ الْعِظَامِ:** سۆڭەك تۇبېركۇلىيۇزى.

**سَلٌّ ج سِلَالٌ:** سېۋەت.

**سُلَّاءَةٌ ج سُلَّاءٌ:** تىكەن.

**سَلَّابٌ:** قاراقچى، بۇلاڭچى، باندىت، باسمىچى، ئوغرى.

**سَلَّاقٌ:** ناتىق، پاساھەت ـ بالاغەت بىلەن سۆزلەيدىغان ئادەم.

**سَلَّالٌ ج سَلَّالُونَ:** سېۋەت توقۇغۇچى، سېۋەتچى.

**سِلَّايَةٌ:** تىكەن.

**سَلَّبَ يُسَلِّبُ تَسْلِيبًا ـ تِ الْحَامِلُ:** ھامىلە چۈشۈپ كەتتى، بويىدىن ئاجراپ كەتتى.

**سَلَّةٌ ج سِلَالٌ وَ سَلَّاتٌ:** سېۋەت.

**سَلَّةُ الْمُهْمَلَاتِ:** كېرەكسىز نەرسىلەر سېۋىتى، ئەخلەت سېۋىتى.

**كُرَةُ السَّلَّةِ:** ۋاسكېتبول.

**سَلَّحَ يُسَلِّحُ تَسْلِيحًا:** قوراللاندۇردى.

**سَلَّسَ يُسَلِّسُ تَسْلِيسًا الْحَلْيَ:** گۆھەر بىلەن نەقىشلىدى، گۆھەر يالاتتى.

**سَلَّسَ اللُّغَةَ:** لۇغەتنى پىششىق بىلدى.

**سَلَّطَ يُسَلِّطُ تَسْلِيطًا عَلَى الشَّخْصِ:** مۇسەللەت قىلدى، ھۆكۈمران قىلدى.

**«وَلَوْ شَاءَ اللهُ لَسَلَّطَهُمْ عَلَيْكُمْ» «قرآن» :**

ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەل-لەت قىلاتتى.

**سَلَّعَ يُسَلِّعُ تَسْلِيْعًا:** ياردى، چاپتى.

**سَلَّفَ يُسَلِّفُ تَسْلِيفًا مَالاً:** مالنى قەرز بەردى، ئۆتنە بەردى.

**سَلَّكَ يُسَلِّكُ تَسْلِيكًا الشَّيْءَ:** ئاچتى، تەرتىپكە سالدى، رەتلىدى.

**سَلَّكَ الْأَسْنَانَ:** چىشنى چوتكىلىدى، چىشنى كولىدى.

**سَلَّكَ الْأَمْرَ الْمُعَقَّدَ:** قىيىن ئىشنى ھەل قىلدى.

**سَلَّكَ الْخَيْطَ:** تۆگۈننى يەشتى.

**سَلَّمَ يُسَلِّمُ تَسْلِيْمًا عَلَى شَخْصٍ:** سالام بەردى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

**«يَاأَيُّهَاالَّذِيْنَ آمَنُوْالَاتَدْخُلُوابُيُوتًاغَيْرَبُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُواوَتُسَلِّمُواعَلَى أَهْلِهَا» (قرآن) :** ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىش-كە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۇي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار.

**«سَلَّمْتُ عَلَيْهِمْ فَقَالُوا وَعَلَيْكَ السَّلَامُ» :** ئۇلارغا سالام بېرىۋىدىم، ئۇلار: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئېلىك ئالدى.

**«سَلَّمَ عَلَيْهِمْ وَاحِدًا وَاحِدًا» :** ئۇلارغا بىرمۇ بىر سالام قىلدى.

**سَلَّمَ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى، تاپشۇردى.

**«سَلَّمَ الْعَمَلَ إِلَى النَّوْبَةِ التَّالِيَةِ» :** ئىشنى كېيىنكى ئىسمېنىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**سَلَّمَ بِالْأَمْرِ:** رازى بولدى، مەمنۇن بولدى.

**سَلَّمَ أَمْرَهُ إِلَى اللّٰهِ:** ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردى، تەقدىرگە تەن بەردى، پېشانىسىدىن كۆردى.

**سَلَّمَ إِعْلَانًا قَضَائِيًّا:** چاقىرىق ئەۋەتتى.

**سَلَّمَ لَهُ فِي:** ئۇنىڭغا يول قويدى.

**سَلَّمَ بِالْقَضَاءِ وَالْقَدَرِ:** تەقدىرگە بويسۇندى، تەقدىرگە تەن بەردى.

**سَلَّمَ شَيْئًا إِلَى شَخْصٍ:** نەرسىنى بەردى، تاپشۇ-رۇپ بەردى.

**«سَلَّمْتُ الرِّسَالَةَ إِلَى صَاحِبِهَا» :** مەن خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇردۇم.

**سَلَّمَ نَفْسَهُ لِلشُّرْطَةِ:** ساقچىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

**سَلَّمَهُ:** ئۇنى قۇتۇلدۇردى، ساق قالدۇردى.

**«كَادَ يَغْرَقُ وَلَكِنَّ اللّٰهَ سَلَّمَهُ» :** ئۇ غەرق بولاي دەپ قالغانىدى، لېكىن ئاللاھ ئۇنى ئامان قىلدى.

**سَلَّمَ نَفْسَهُ:** تەسلىم بولدى، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

**سَلَّمَ سَلَاحَهُ:** قورالىنى تاپشۇردى.

**سَلَّمَ سَلَاحَهُ:** قورال تاپشۇردى.

**سَلَّمَ إِلَى الْعَدُوِّ:** دۈشمەنگە تەسلىم بولدى.

**«سَلَّمُوا لِعَدُوِّهِمْ بَعْدَ أَنْ نَفِدَتْ ذَخِيرَتُهُمْ» :** ئوق - دورىلىرى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار دۈشمەنگە تەسلىم بولدى.

**سَلَّمَ لَهُ:** ئۇنىڭ ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن توختىدى.

**سَلَّمَهُ مِنْ خَطَرٍ:** ئۇنى خەتەردىن ساقلاپ قالدى، ئۇنى قۇتقۇزدى.

**سَلَّمَ الْمُصَلِّي:** نامازدىن چىقتى، نامازنى ئاخىر-لاشتۇردى، سالام بېرىپ نامازنى تۈگەتتى.

**«أُسَلِّمُ بِصِحَّةِ مَا قُلْتَ» :** دېگەنلىرىڭىزنىڭ راستلىقىدىن مەمنۇنمەن.

**سُلَّمٌ. سُلَّمَةٌ ج سَلَالِمُ و سَلَالِيمُ:** شوتا، پەلەمپەي، ۋاستە.

**«أَسْنَدَ السُّلَّمَ إِلَى الْجِدَارِ» :** شوتىنى تامغا يۆلەپ قويدى.

**«فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقًا فِي الْأَرْضِ أَوْسُلَّمًا فِي السَّمَاءِ» (قرآن) :** ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن).

**سُلَّمُ الْبَيْتِ:** ئۆينىڭ پەلەمپىيى.

**سُلَّمٌ مِيكَانِيكِيٌّ:** لىفت.

**سُلَّمٌ مُتَنَقِّلٌ:** ھەرىكەتچان شوتا.

**اِتَّخَذَهُ سُلَّمًا:** ئۇنى ۋاستە قىلىۋالدى.

**«يَتَّخِذُ مَنْصِبَهُ سُلَّمًا إِلَى أَهْدَافٍ أُخْرَى» :** مەنسىپىنى باشقا غەرەزلەرگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالدى.

**اَلسُّلَّمُ الْمُوسِيقِيُّ:** ئىنتېرۋال، ئاھاڭ ئارىلىقى، گامما (بارغانسېرى يۇقىرىلايدىغان ياكى تۆۋەنلەيدىغان تاۋۇشلار تىزمىسى).

**سِلَّوْرْ:** دېڭىز يىلان بېلىقى.

**سَلَّى يُسَلِّي تَسْلِيَةً:** مەشغۇل قىلدى؛ شادلاندۇردى.

**سَلَّاهُ:** ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى.

**سَلِمَ يَسْلَمُ سَلَامًا و سَلَامَةً مِنْ خَطَرٍ:** زىيان ـ زەخمەت يەتمىدى، قۇتۇلدى، ئامان قالدى، ساق قالدى.

**سَلِمَ مِنْ عَيْبٍ:** ئەيىب نۇقساندىن خالى بولدى.

**«لَمْ يَسْلَمْ مِنَ الْحَرِيقِ سِوَى مَنْزِلٍ وَاحِدٍ»:** ئوت ئاپىتىدە بىر ئۆيدىن باشقا ھېچنېمە ئامان قالمىدى.

**سَلْمٌ ج أَسْلَامٌ و سِلَامٌ:** چېلەك، سوغا.

**سَلَمٌ:** سالام، سالام بەرمەك، تىنىچ ـ ئامانلىق سورىماق؛ ئەگمەك، تەسلىم بولماق، بويسۇنماق؛ ئەسىر.

**«وَأَلْقَوا إِلَى اللّٰهِ يَوْمَئِذٍ السَّلَمَ» ‹قرآن›:** شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سَلْمٌ. سِلْمٌ. سَلَامٌ:** تىنچلىق، ئامانلىق، سالامەتلىك، بىخەتەرلىك، خاتىرجەملىك، جىمجىتلىق؛ ئىسلام دىنى.

**«يٰٓأَيُّهَاالَّذِيْنَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِى السِّلْمِ كَافَّةً» ‹قرآن›:** ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار.

**أَنْصَارُ السِّلْمِ:** تىنچلىق تەرەپدارلىرى.

**«وَإِنْ جَنَحُوا لِلسِّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا» ‹قرآن›:** ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن.

**سِلْمِيٌّ:** تىنچلىقپەرۋەرلىك، تىنچلىققا مەنسۇپ.

**بِالطُّرُقِ السِّلْمِيَّةِ:** تىنچ ئۇسۇللار بىلەن، تىنچ يوللار بىلەن.

**سَلْهَبٌ ج سَلَاهِبُ و سَلَاهِبَةٌ:** قەددى ـ قامەتلىك، بەستلىك.

**سَلْهَبَةٌ مِنَ النِّسَاءِ:** قامەتلىك ئايال، بەستلىك ئايال.

**سَلْوٌ:** ئۇنۇتماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك؛ كۆڭۈل ياسىماق، تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك، كۆڭۈل ئېچىتماق.

**«اِبْنَتُهُ الصَّغِيرَةُ هِيَ سَلْوَاهُ الْوَحِيدَةُ»:** ئۇنىڭ كىچىك قىزى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكىدۇر.

**سَلَوَاةٌ:** بۆدۈنە.

**سَلْوَانٌ:** ئۇنۇتماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك، كۆڭۈل ياسىماق، تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك، كۆڭۈل ئېچىتماق.

**سَلْوَةٌ ج سُلُوَةٌ:** ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق، كۆڭۈل خوشى.

**«أَصْبَحَ فَنُّهُ سَلْوَتَهُ»:** ھۈنىرى ئۇنىڭغا ئەرمەك بولدى.

**هُوَ فِى سَلْوَةٍ مِنَ الْعَيْشِ:** ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك.

**سُلُوفَانٌ:** بىر خىل نېپىز يالتىراق قەغەز.

**سَلُوقِيٌّ:** ئوۋ ئىتى، تايغان.

**سَلُوقِيَّةٌ:** كېمە باشلىقى.

**سُلُوكٌ:** مەسلەك؛ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەخلاق، قىلىق، پېئىل، ھەرىكەت.

**سُلُوكُ الْبَحْرِ:** دېڭىز قاتنىشى.

**آدَابُ السُّلُوكِ:** قائىدە ـ يوسۇن، ئەدەپ ـ قائىدە، مۇراسىم.

**حُسْنُ السُّلُوكِ:** ئەخلاقلىق، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئەخلاقى دۇرۇس، گۈزەل ئەخلاقلىق.

**سَيِّئُ السُّلُوكِ:** ئەخلاقسىز، ئەدەپسىز، ئەخلاقى ناچار.

**شَهَادَةُ حُسْنِ السُّلُوكِ:** گۈزەل ئەخلاق شاھادەتنامىسى.

**سُلُوٌّ:** ئۇنۇتماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك. كۆڭۈل ياسىماق، تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك، كۆڭۈل ئېچىتماق.

**سَلْوًى ج سَلَاوَى:** بۆدۈنە، تەرەنجىبىن.

**«وَأَنْزَلْنَا عَلَيْهِمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى» ‹قرآن›:** سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

**سَلِيَ يَسْلَى سُلِيًّا:** ئۆتتۈپ كەتتى، سوۋۇپ كەتتى.

**سَلِيبٌ ج سُلُبٌ و سَلْبَى:** بۇلىنىۋېلىنغان، تارتىۋېلىنغان، تالان ـ تاراج قىلىنغان.

**سَلِيبُ الْعَقْلِ:** ساراڭ، مەجنۇن، ئەقلىنى يوقاتقان، ئەقلىدىن ئازغان.

**سَلِيجٌ:** مەززىلىك يېمەكلىك.

**سَلِيخٌ:** تەمى يوق، بەتتام، تۇزسىز، لەززەتسىز.

**سَلِيخَةٌ:** قوزاق دارچىن؛ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق.

**سَلِيطٌ ج سُلَطَاءُ:** ئاغزى يامان، تىلى ئۆتكۈر؛ تەنتەك؛ قاتتىق؛ قارام؛ ئەدەپسىز، شاللاق.

**رَجُلٌ سَلِيطٌ:** ئاغزى يامان ئادەم.

**كَانَ سَلِيطَ اللِّسَانِ:** ئاغزى يامان ئادەم ئىدى.

**سَلِيطَةٌ ج سَلَائِطُ و سَلِيطَاتٌ:** تىلى ئۆتكۈر، تىلى ئۇزۇن.

**سَلِيفٌ ج سُلَفَاءُ و سَلُوفٌ:** ئاساس سالغۇچى، ئاساسچى، باشلامچى، پېشۋا، ئالدىدا ماڭغۇچى.

**سَلِيقٌ ج سُلُقٌ:** يولنىڭ قاسنىقى، يولنىڭ چېتى؛ چۈشكەن غازاڭ.

**سَلِيقَةٌ ج سَلَائِقُ:** شورپا؛ پىششىق يېمەكلىك؛ تەبىئىي تۇيغۇ؛ تەبىئىي مەي؛ تەبىئەت؛ خاراكتېر.

**«اِسْتَرْسَلَ فِي الْكَلَامِ عَلَى سَلِيقَتِهِ» :** تەبىئىي خاراكتېر بويىچە راۋان سۆزلىدى.

**سُلِقَ عَلَى سَلِيقَةٍ مُعَيَّنَةٍ:** مۇئەييەن خاراكتېر بىلەن يېتىلدى.

**يَتَكَلَّمُ بِالسَّلِيقَةِ:** تۇغما خاراكتېر بىلەن پاساھەتلىك سۆزلەيدۇ.

**سَلِيقِيٌّ:** تەبىئىي تۇيغۇغا مەنسۇپ، تەبىئىي ھالەتكە مەنسۇپ.

**سَلِيلٌ ج سُلَّانٌ:** سايدىكى سۇ يولى؛ ئەۋلاد، ئۇرۇق ـ ئەۋلاد؛ ساپ شاراب، ساپ ماي؛ ئاتنىڭ مېڭىسى؛ تۆگىنىڭ لوككىسى؛ ئېقىن.

**سَلِيلُ الشَّخْصِ:** ئەۋلاد، ئۇرۇق ـ ئەۋلاد.

**«هٰذَا سَلِيلُ عَائِلَةٍ كَرِيمَةٍ» :** بۇ، ئېسىل ئائىلىنىڭ ئەۋلادى.

**سَلِيلَةٌ:** قىز بالا؛ ئۇزۇن يېلىق.

**سَلِيمٌ ج سُلَمَاءُ و سَلْمَى:** بېجىرىم، ساغلام، تىنچ؛ تولۇق، ئامان ـ ئېسەن، سالامەت.

**سَلِيمُ النِّيَّةِ:** ياخشى نىيەتلىك.

**سَلِيمُ الْقَلْبِ:** ئاق كۆڭۈل، ئىدىيىسى ساغلام، كۆڭلىدە كىر يوق، دىلى پاك.

**سَلِيمُ الْعَاقِبَةِ:** ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان، ئاقىۋىتى ياخشى، زىيان ـ زەخمەت ئېلىپ كەلمەيدىغان.

**سَلِيمٌ مِنْ كَذَا:** ئەيىبسىز، قۇسۇرسىز، نۇقساندىن خالى.

**ذَوْقٌ سَلِيمٌ:** ساغلام زوق.

**سَلِيمُ الْعَقْلِ:** ئەقلىي ساغلام، ئەس ـ ھوشى جايىدا.

**سَلِيمُ الْجِسْمِ:** بەدەن قۇرۇلۇشى ساغلام، تەندۇرۇس، تېنى ساغلام، بېجىرىم.

**سَلِيمُ الْبِنْيَةِ:** بەدەن قۇرۇلۇشى ساغلام، تەندۇرۇس، تېنى ساغلام.

**«اَلْعَقْلُ السَّلِيمُ فِي الْجِسْمِ السَّلِيمِ» (مثل) :** ساغلام تەندە ساپ ئەقىل.

**سُلَيْمَانِيٌّ:** سۇلىما، سىماپ، خلورىد، سىماپتىن ئېلىنىدىغان زەھەرلىك ماددا.

**حَجَرٌ سُلَيْمَانِيٌّ:** رودا.

**سَمَا يَسْمُو سُمُوًّا:** ئۆرلىدى، يۇقىرىلىدى.

**«سَمَا الطَّائِرُ فِي الْجَوِّ» :** قۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

**سَمَا بِنَظَرِهِ إِلَى الشَّيْءِ:** يۇقىرىغا قارىدى، ئاسمانغا قارىدى.

**سَمَا بِهِ:** كۆتۈردى، يۇقىرىلاتتى، ئۆرلەتتى.

**«سَمَا بِهِ عِلْمُهُ» :** بىلىمى ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈردى.

**سَمَا الْقَوْمُ:** قەۋم ئوۋغا چىقتى.

**سَمَتْ نَفْسُهُ إِلَى مَعَالِمِ الْأُمُورِ:** پۈتۈن قەلبىنى بېغىشلىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى.

**سُمًا:** ياخشى نام، ياخشى ئاتاق، شۆھرەت ـ ئابرۇي.

**سَمَاءٌ ج سَمٰوَاتٌ و سَمَاوَاتٌ:** ئاسمان، ھاۋا بوشلۇقى، پەلەك، كۆك.

uyghurkitap.com



**«وَزَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ» ‹قرآن›**: بىز (بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇز-لار) بىلەن بېزىدۇق.

**سَمَاءُ السَّمَاوَاتِ**: ئەڭ يۇقىرى ئاسمان.

**طُيُورُ السَّمَاوَاتِ**: ئۇچار قۇشلار، ئۇچار قاناتلار.

**سَمَائِيٌّ**: يۇقىرىلىق، ئاسماندىكى؛ هاۋا رەڭ؛ ساماۋى، روهى، مەنىۋى.

**سَمَاجَةٌ**: سەت بولماق، كۆرۈمسىز بولماق، قەبىهـ-لەشمەك، قوپال بولماق، قەبىه بولماق.

**سَمَاحٌ**: ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈم قىلىش؛ كەڭ قورساقلىق؛ ئىجازەت بەرمەك؛ رۇخسەت قىلماق، يول قويماق.

**عَدَمُ السَّمَاحِ**: رۇخسەت قىلماسلىق، ئىجازەت بەرمەسلىك.

**فِتْرَةُ سَمَاحٍ**: قەرزنى تۆلەشكە بېرىلگەن مۆهلەت.

**رَقْصَةُ السَّمَاحِ**: ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش هالقا بولۇپ ئوينايدىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل.

**بَيْعُ السَّمَاحِ**: تۆۋەن باهادا سېتىپ بېرىش، ئېتىـ-بار باهادا سېتىپ بېرىش.

**سَمَاحَةٌ**: سېخىيلىق، مەردلىك، كەڭ قوللۇق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق.

**صَاحِبُ السَّمَاحَةِ الْمُفْتِي**: مۇپتى ئالىيلىرى، هەزرەتلىرى، جانابلىرى، ئالىيلىرى (مۇپتىغا قارىتا ئىشلىتىلىدىغان هۆرمەت سۆزى).

**سِمَاخٌ**: قۇلاق تۆشۈكى.

**سَمَادٌ ج أَسْمِدَةٌ**: ئوغۇت، قىغ.

**«يُمِدُّ الْفَلَّاحُ زَرْعَهُ بِالسَّمَادِ»**: دېهقان زىرائەت-لىرىنى ئوغۇتلايدۇ.

**سَمَارٌ**: پىلىك ئوت.

**سِمَاطٌ ج سُمُطٌ و أَسْمِطَةٌ**: تاماق ئۈستىلى، تاماق جوزىسى، داستىخان.

**«نَظَّمْتُ السِّمَاطَ بَعْدَ أَنْ اِنْتَهَيْنَا مِنَ الْأَكْلِ»**: تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇردۇم.

**سَمَاعٌ**: ئاڭلاش سېزىمى؛ قۇلاق؛ ئاڭلىماق.

**شَهَادَةُ سَمَاعٍ**: ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىسپاتى.

**سَمَاعٌ ‹فِي النَّحْوِ›**: قوللىنىش ئادىتى، ئىشلىـ-تىش ئادىتى (گىراماتىكىدا).

**سَمَاعِيٌّ**: ئادەت بويىچە، ئاغزاكى تارقالغان.

**شَاهِدٌ سَمَاعِيٌّ**: ئاڭلاپ گۇۋاهلىق بەرگۈچى.

**سُمَاقٌ**: ساپ، پاك ـ پاكىز.

**سِمَاكٌ**: تۈۋرۈك، تىرەك.

**اَلسِّمَاكُ الرَّامِحُ**: پادىچى يۇلتۇز تۈركۈمى.

**اَلسِّمَاكُ الْأَعْزَلُ**: سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى.

**اَلسِّمَاكَانِ**: ئىككى يورۇق يۇلتۇز، قوشكېزەك يۇلتۇز (پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز).

**سَمَاكَةٌ**: تورۇس؛ ئېگىزلىك، قېلىنلىق.

**سَمَامَةٌ**: قارلىغاچ.

**سُمَانَاةٌ ج سُمَانِيَاتٌ**: بۆدۈنە.

**سُمَانِيٌّ**: بۆدۈنە.

**سَمَاوِيٌّ**: يۇقىرىلىق، ئاسماندىكى؛ هاۋا رەڭ؛ ساماۋى، روهىي، مەنىۋى.

**اَلْأَجْرَامُ السَّمَاوِيَّةُ**: ئاسمان جىسىملىرى.

**سَمَتَ يَسْمُتُ وَ يَسْمِتُ سَمْتًا**: قارىسىغا يول ماڭدى، تەقى ـ تۇرقى چىرايلىق بولدى.

**سَمَتَ الشَّيْءَ**: كۆزلىدى، قورسىقىغا پۈكتى، نىشانلىدى.

**سَمْتٌ ج سُمُوتٌ**: يول، داغدام يول؛ يۆنىلىش تەرەپ؛ تەقى ـ تۇرقى، سىرتقى قىياپەت، تۇس، چىراي.

**«مَضَى فِي سَمْتِهِ نَحْوَ هَدَفِهِ»**: غايىسىنى نىشانلاپ ئۆز يولىدا ماڭدى.

**سَمْتُ الْاِعْتِدَالِ**: كۈن ـ تۈن تەڭلىشىش چەمبىـ-رى.

**سَمْتُ الْاِنْقِلَابِ**: كۈن توختاش چەمبىرى.

**سَمْتُ الرَّأْسِ**: ئاسمانغا قارىغۇچىنىڭ باش ئۈستى ئۇدۇلىدىكى ئاسمان نۇقتىسى.

**رَزِينُ السَّمْتِ**: سەت، قەبىه، خۇنۇك، قوپال.

**سَمُجَ يَسْمُجُ سَمَاجَةً وَ سُمُوجَةً**: سەتلەشتى، قەبىهلەشتى، خۇنۇكلەشتى، قوپال بولدى، رەزىللەشتى.

**«سَمُجَتْ تَصَرُّفَاتُهُ فَطُرِدَ مِنْ وَظِيفَتِهِ»** : ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى رەزىل بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قوغلاندى.

**سَمْجٌ ج سِمَاجٌ و سَمْجُونَ و سَمْجَاءُ و سَمَاجَى:** قەبىھ، قوپال، توڭ، سەت، كۆرۈمسىز.

**سَمَحَ يَسْمَحُ سَمَاحًا و سَمَاحَةً لَهُ بِالْأَمْرِ:** ئىجازەت بەردى، قوشۇلدى، رۇخسەت قىلدى.

**«سَمَحَ لَهُ بِالْمُرُورِ»** : ئۇنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلدى.

**لَا سَمَحَ اللهُ:** ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا يول قويمىغاي، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى يۈز بەرگۈزمىگەي (دۇئا سۆزلىرى ئارىسىدا قىستۇرۇلۇپ دېيىلىدىغان دۇئا تەلەپ سۆزى).

**سَمُحَ يَسْمُحُ سِمَاحًا و سُمُوحًا و سَمَاحَةً و سُمُوحَةً و سَمْحًا:** مەرد بولدى، كەڭ بولدى، سېخىي بولدى، كەڭ قورساق بولدى، كەچۈرۈملىك قىلدى.

**سَمْحٌ:** سېخىيلىق، مەردلىك، كەڭ قوللۇق.

**سَمْحٌ ج سِمَاحٌ:** مەرد، كەڭ قورساق.

**رَجُلٌ سَمْحٌ:** كەڭ قورساق ئادەم، مەرد ئادەم.

**دِينٌ سَمْحٌ:** ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان دىن، قولاي دىن.

**اَلشَّرِيعَةُ السَّمْحَاءُ:** كەچۈرۈملۈك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام شەرىئىتى، قولاي شەرىئەت.

**اَلْمِلَّةُ السَّمْحَاءُ:** كەڭ دىن ئىسلام دىنى.

**سِمْحَاقٌ:** توقۇلما.

**شَرِيعَةٌ سَمْحَةٌ:** ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان شەرىئەت، قولاي شەرىئەت.

**سَمَخَ يَسْمَخُ سَمْخًا الزَّرْعُ:** زىرائەت بىخ چىقاردى، ئۈندى، بىخلاندى.

**سَمَخَ يَسْمَخُ سَمْخًا ـ هُ:** قولاقنىڭ تۆشۈكى زەخىملەندى.

**زَرْعٌ حَسَنُ السَّمْخَةِ:** ياخشى ئۆسكەن زىرائەت.

**سَمَدَ يَسْمُدُ سُمُودًا:** غەپلەتتە قالدى، تېڭىرقاپ قالدى، ھەيرەتتە قالدى، غادىيىپ ماڭدى، كىبىرلىنىپ ماڭدى.

**سَمَدَ يَسْمُدُ سَمْدًا الْجِمَالُ:** تۆگە تېز ماڭدى.

**سَمَدَ فِي الْعَمَلِ:** ئىشقا بېرىلدى، ئىشنى داۋاملاشتۇردى، بېرىلىپ ئىشلىدى.

**سَمَدَهُ:** ئۇنى كۆزلىدى.

**سَمَدَ الْأَرْضَ:** يەرنى ئوغۇتلىدى.

**سَمْدٌ:** مەڭگۈ، ئەبەدى، دائىم.

**هُوَ لَكَ سَمْدًا:** ئۇ مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ، ئۇ ئاخىرغىچە سېنىڭ.

**سَمَرَ يَسْمُرُ سَمْرًا و سُمُورًا:** كېچىچە پاراڭلىشىپ چىقتى.

**«نَسْمُرُ كُلَّ لَيْلَةٍ حَتَّى سَاعَةٍ مُتَأَخِّرَةٍ»** : بىز ھەركۈنى يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىمىز.

**سَمُرَ يَسْمُرُ سُمْرَةً:** قوڭۇر رەڭگە ئۆزگەردى، بېغىر رەڭگە ئۆزگەردى.

**«تَعَرَّضَ لِلشَّمْسِ طَوِيلًا فَسَمُرَ»** : ئۇزۇن كۈنگە قاقلىنىپ رەڭگى قارىداپ كەتتى.

**سَمِرَ يَسْمَرُ سَمْرَةً:** جىگەر رەڭگە كىردى، قوڭۇر رەڭلىك بولدى، بۇغداي ئۆڭلۈك بولدى.

**سَمَرٌ ج أَسْمَارٌ:** كېچىلىك پاراڭ، كېچىلىك سۆھبەت.

**سَمُرٌ ج أَسْمُرٌ:** ئەرەب كاۋچۇك دەرىخى.

**اَلسَّمْرَاءُ:** بۇغداي ئۆڭ.

**اِمْرَأَةٌ سَمْرَاءُ:** قارامتۇل ئايال.

**اَلْبَشَرِيَّةُ السَّمْرَاءُ:** قوڭۇر تەنلىك.

**سُمْرَةُ اللَّوْنِ:** قوڭۇر رەڭ، بېغىررەڭ، جىگەر رەڭ.

**«سُمْرَتُهُ تَدُلُّ عَلَى أَنَّهُ مِنْ أَصْلٍ غَيْرِ أُورُوبِّيٍّ»** : ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قوڭۇرلۇقى ئۇنىڭ ئەسلى ياۋروپالىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**سَمَّرَجَ يُسَمِّرِجُ سَمَّرَجًا:** ئادەم بېجى ئالدى.

**سِمْسَارٌ ج سَمَاسِرَةٌ و سَمَاسِرُ و سَمَاسِيرُ:** دەللال، بىدىك، ۋاستىچى.

**سَمَاسِرَةُ السُّوءِ:** ئىغۋاگەرلەر، پىتنە - پاساتچىلار.

**سَمْسَرَ يُسَمْسِرُ سَمْسَرَةً:** دەللاللىق قىلدى، ۋاسىتىچىلىق قىلدى.

www.uyghurkitap.com

**سَمْسَرَةٌ:** شېرىنكانە، چاي پۇلى، ئالدى ـ ساتتى كېلىشتۈرۈش ھەققى.

**سِمْسِمٌ:** كۈنجۈت.

**سَمَطَ يَسْمُطُ سُمُوطًا الرَّجُلُ:** شۈك بولدى، جىم تۇرۇۋالدى، سۈكۈت قىلدى، گەپ قىلمىدى، بەتتام بولۇپ قالدى، قەسەم قىلدى،

**سَمَطَ يَسْمُطُ وَ يَسْمِطُ سَمْطًا الذَّبِيحَةَ:** بوغۇزلانغان ھايۋاننى يۇڭداش ئۈچۈن قايناق سۇغا باستى.

**سَمَطَ الشَّيْءَ:** ئېسىپ قويدى.

**سَمَطَ السِّكِّينَ:** پىچاقنى بىلىدى.

**سِمْطٌ ج سُمُوطٌ:** ئۈنچە ـ مارجان ئۆتكۈزۈلگەن يىپ، بويۇنچۇق، بويۇنغا ئاسىدىغان مارجان.

**سَمِعَ يَسْمَعُ سَمْعًا وَسِمْعًا وَ سِمَاعًا وَسَمَاعَةً وَسَمَاعِيَةً وَمَسْمَعًا الصَّوْتَ:** ئاۋازنى ئاڭلىدى، تىڭشىدى.

**«مِنْ آدَابِ الْمُحَادَثَةِ أَنْ تَسْمَعَ لِمُحَدِّثِكَ» :** ساڭا سۆز قىلغۇچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭ سۆھبەتنىڭ ئەدەپ ـ قائىدەلىرىدىندۇر.

**سَمِعَ لَهُ:** ئۇنىڭغا ئېتائەت قىلدى.

**سَمِعَ الْكَلَامَ:** سۆزنى چۈشەندى.

**سَمِعَ الدُّعَاءَ:** دۇئانى ئىجابەت قىلدى، قوبۇل قىلدى.

**سَمِعَ عَرْضًا:** مەقسەتسىز ئاڭلىدى.

**سَمِعَ لَهُ أَوْ إِلَيْهِ:** ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى.

**سَمِعَ مِنْهُ:** ئۇنىڭدىن ئاڭلىدى.

**سَمْعٌ. سَمْعَةٌ ج أَسْمَاعٌ و أَسْمُعٌ ج أَسَامِعُ و أَسَامِيعُ:** ئاڭلاش سېزىمى؛ قۇلاق؛ ئاڭلىماق.

**«وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ» (قرآن) :** ئاللاھ سىلەرگە شۈكرى قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.

**أَعَارَ سَمْعَهُ:** جىمجىت قۇلاق سالدى.

**ثَقُلَ سَمْعُهُ:** قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالدى.

**«فَقَدَ السَّمْعَ فِي حَادِثٍ» :** بىر ھادىسىدە قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالدى.

**مُرْهِفُ السَّمْعِ:** قۇلىقى ئىتتىك.

**شَاهِدُ سَمْعٍ:** ئاڭلىغۇچى، گۇۋاھچى.

**إِسْتَرَقَ السَّمْعَ:** ئوغرىلىقچە ئاڭلىدى.

**سَمْعًا وَ طَاعَةً:** خوپ، ئاڭلىدىم، قۇللۇق، لەببەي.

**أُمُّ السَّمْعِ:** چوڭ مېڭە.

**سُمْعَةٌ:** شۆھرەت، نام، ئابروي، ياخشى نام، ئاتاق.

**سُمْعَةٌ حَمِيدَةٌ:** چىرايلىق نام، ياخشى نام، ياخشى ئاتاق.

**حَمِيدُ السُّمْعَةِ:** ياخشى نامغا ئىگە.

**حَسَنُ السُّمْعَةِ:** ياخشى نامغا ئىگە.

**سُمْعَةٌ رَدِيئَةٌ:** يامان ئاتاق، سېسىق نام، يامان نام.

**سُمْعَةٌ حَسَنَةٌ:** چىرايلىق نام، ياخشى نام، ياخشى ئاتاق.

**رَدِيُّ السُّمْعَةِ:** يامان نامى پۇركەتكەن، سېسىق نامى پۇركەتكەن.

**سَمْعِيٌّ:** ئاڭلاشقا خاس.

**عَصَبٌ سَمْعِيٌّ:** ئاڭلاش نېرۋىسى.

**وَسَائِلُ سَمْعِيَّةٌ و بَصَرِيَّةٌ:** ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ۋاستىلىرى.

**سَمْعِيَّاتٌ:** جەننەت، دوزاخ ۋە قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرى قاتارلىق ۋەھيى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان ئىشلار.

**سَمَقَ يَسْمُقُ سَمْقًا و سُمُوقًا:** كۆكلىدى، ئۆستى.

**سَمَقَتِ الشَّجَرَةُ:** دەرەخ ئۆستى.

**سَمَقَ الْبِنَاءُ:** بىنا ئېگىزلىدى.

**سَمَكَ يَسْمُكُ سَمْكًا و سُمُوكًا الشَّيْءُ:** ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى.

**سَمَكَ الْحَائِطُ:** تام ئېگىزلىدى.

**سَمَكَ اللّٰهُ السَّمَاءَ:** ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز قىلدى.

**سَمُكَ يَسْمُكُ سَمَاكَةً:** كۆتۈرۈلدى، ئېگىزلىدى.

**سَمَكَ يَسْمُكُ سَمْكًا الشَّيْءَ:** ئېگىزلەتتى، كۆتۈردى.

**سَمَكَ الْبَيْتَ:** ئۆينى ئېگىزلەتتى.

**سَمْكٌ جـ سُمُوكٌ:** ئېگىزلەتمەك، كۆتۈرمەك؛ قېلىنلىق، ئېگىزلىك.

**«أَأَنْتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ السَّمَاءُ بَنَاهَا رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّاهَا» «قرآن» :** سىلەرنى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم - كۈتىسىز قىلدى.

**سُمْكٌ:** تورۇس؛ قېلىنلىقى، تومۇلۇقى.

**«كَمْ سُمْكُ هَذَا اللَّوحِ الْخَشَبيِّ؟» :** بۇ ياغاچ تاختىنىڭ قېلىنلىقى قانچىلىك؟

**سَمَكٌ جـ أَسْمَاكٌ:** بېلىق.

**سَمَكٌ بَحْرِيٌّ:** دېڭىز بېلىقى.

**سَمَكٌ نَهْرِيٌّ:** دەريا بېلىقى.

**سَمَكُ الثُّعْبَانِ:** يىلان بېلىق.

**سَمَكٌ مُحَمَّرٌ:** ئىسلانغان بېلىق.

**سَمَكٌ مَقْلِيٌّ:** قورۇلغان بېلىق.

**تَرْبِيَةُ السَّمَكِ:** بېلىق بېقىش.

**سَمَكٌ مَشْوِيٌّ:** بېلىق كاۋىپى.

**صَيْدُ السَّمَكِ:** بېلىق تۇتماق.

**اَلسَّمَكُ الذَّهَبِيُّ:** ئالتۇن بېلىق.

**سَمَكَةٌ جـ سَمَكَاتٌ:** بىر تال بېلىق.

**سَمْكَرِيٌّ جـ سَمْكَرِيُّونَ:** تۇنىكىساز، تۇنىكىچى، قاڭالتىرچى.

**سَمَكِيٌّ:** بېلىققا ئائىت، بېلىق تۈرى.

**سَمَلَ يَسْمُلُ سَمْولاً الْعَيْنَ:** كۆزنى قويۇۋەتتى، كۆزنى چىقىرىۋەتتى، كۆزنى ئويۇۋەتتى.

**«عَذَّبَهُ آسِرُوهُ وَسَمَلُوا عَيْنَيْهِ» :** ئەسىر ئالغۇچىلار ئۇنى ئازابلىدى ۋە ئىككى كۆزنى ئويۇۋەتتى.

**سَمُلَ يَسْمُلُ سُمُولَةً الثَّوْبُ:** كىيىم كونىرىدى.

**سَمِلٌ جـ أَسْمَالٌ:** كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

**سُمْلاَنُ الْمَاءِ:** تۇرغۇن سۇ، ساقىندا سۇ، قالدۇق سۇ، ئېشىپ قالغان سۇ.

**سُمْلَةٌ و سَمَلَةٌ جـ سَمَلٌ و أَسْمَالٌ و سِمَالٌ و سَمُولٌ:** قارا لاي، ئېشىپ قالغان سۇ، قالدۇق سۇ.

**ثَوْبٌ سَمَلَةٌ:** كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

**سَمْلَقٌ جـ سَمَالِقُ:** گىياھ ئۈنمەس زېمىن، تاقىر يەر، ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان يەر.

**سَمَّ يَسُمُّ سَمًّا الرَّجُلَ الأَفْعَى:** يىلان چېقىۋالدى.

**سَمَّ الْجُرْحُ:** جاراھەت يىرىڭلىدى.

**سَمَّ الشَّيْءَ:** نەرسىنى سېسىتىۋەتتى، بۇزۇپ قويدى، ياخشىلىدى.

**سَمَّهُ الشَّخْصُ:** ئۇنىڭغا زەھەر سېلىپ بەردى.

**سَمَّ الطَّعَامَ أَوِالشَّرَابَ:** تائام ياكى ئېچىملىككە زەھەر سالدى.

**سَمٌّ. سِمٌّ. سُمٌّ جـ سُمُومٌ وَ سِمَامٌ:** زەھەر، زەھەرلىك دورا؛ ئۆتكۈر، كاما؛ يىڭنىنىڭ تۆشۈكى.

**سَمٌّ قَتَّالٌ:** ئۆلتۈرىدىغان زەھەر، جاننى ئالىدىغان زەھەر، ئۆتكۈر زەھەر.

**سَمٌّ نَوْعِيٌّ:** يۇقۇملۇق كېسەلنى قوزغاتقۇچى.

**«يَضَعُ السُّمَّ فِي السَّمِّ» :** قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدۇ.

**سَمُّ الْخِيَاطِ:** يىڭنە تۆشۈكى.

**«دخَلَ الْخَيْطُ فِى سَمِّ الإِبرَةِ» :** يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە يىپ كىردى.

**اَلسُّمُومُ الْبَيْضَاءُ:** خىروئىن ۋە كوكايىنغا ئوخشاش ئاق زەھەر؛ شېكەر ۋە تۇز (چۈنكى ئۇلار كۆپ ئىستېمال قىلىنسا زىيانلىق).

**سَمَّاعٌ جـ سَمَّاعُونَ:** قۇلىقى يۇمشاق؛ نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىدىغان.

**«سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ» «قرآن» :** ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالىدۇ.

**سَمَّاعَةٌ جـ سَمَّاعَاتٌ:** فونېندوسكوپ، تىڭشىغۇچ (كېسەل ئەھۋالىنى).

**سَمَّاعَةُ الْبَابِ:** ئىشىك قوڭغۇرىقى، دەرۋازا ھالقىسى.

**سَمَّاعَةُ الْمِذْيَاعِ:** رادىئو ياكى ئۈنئالغۇنىڭ ياڭراتقۇسى (لاباسى).

**سَمَّاعَةُ الْحَاكِي:** رادىئو ياكى ئۈنئالغۇنىڭ ياڭراتقۇسى (لاباسى).

**سَمَّاعَةُ تِلِفُونْ:** تېلېفون تۇرۇپكىسى.

**سَمَّاعَةُ الْهَاتِفِ:** تېلېفون تۇرۇپكىسى.

**«وَضَعَ سَمَّاعَةَ الْهَاتِفِ مَكَانَهَا» :** تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى.

**سَمَّاعَةُ فُنُغْرَافٍ:** فاتىفون.

**سُمَّاقٌ:** ساپ، پاكىز، پاك.

**سَمَّاكٌ ج سَمَّاكُونَ:** بېلىقچى، بېلىق ساتقۇچى.

**سُمَّانٌ:** بۆدۈنە.

**سَمَّانٌ:** قايماق ساتقۇچى.

**سِمَّانَةُ الرِّجْلِ:** پاچاق، بولجۇك گۆش.

**سَمَّحَ يُسَمِّحُ تَسْمِيحًا:** كەچۈردى، ئەپۇ قىلدى، كەڭچىلىك قىلدى.

**سَمَّدَ يُسَمِّدُ تَسْمِيدًا الْأَرْضَ:** يەرنى ئوغۇتلىدى، ئوغۇت بەردى.

**سَمَّرَ يُسَمِّرُ تَسْمِيرًا الْخَشَبَ:** ياغاچنى مىخلىدى.

**سَمَّرَ عَيْنَهُ بِهِ:** تىكىلىپ قارىدى، قادىلىپ قارىدى.

**سَمَّعَ يُسَمِّعُ تَسْمِيعًا ـ هُ كَلَامًا أَوْ مُوسِيقِي أَوْ صَوْتًا:** سۆز، مۇزىكا ۋە ئاۋاز قاتارلىقلارنى ئاڭلاتتى، تىڭشاتتى.

**سَمَّعَ بِهِ:** قارا چاپلىدى، تۆھمەت چاپلىدى، ئىناۋىتىنى تۆكتى.

**سَمَّعَهُ الْقَصِيدَةَ:** قەسىدىنى ئۇنىڭغا يادقا ئوقۇپ بەردى.

**سَمَّكَ يُسَمِّكُ تَسْمِيكًا الشَّيْءَ:** قېلىنلاتتى.

**سَمَّمَ يُسَمِّمُ تَسْمِيمًا ـ هُ:** تاماقىغا زەھەر سالدى.

**سَمَّمَ الْعَلَاقَاتِ:** ئالاقىنى بۇزدى.

**سَمَّنَ يُسَمِّنُ تَسْمِينًا:** سەمرىتتى.

**«سَمَّنَ الْخَرُوفَ لِيَذْبَحَهُ» :** پاخلاننى بوغۇزلاش ئۈچۈن سەمرىتتى.

**سَمَّنَ الطَّعَامَ:** يېمەكلىككە قايماق قوشتى.

**سَمِّنْ كَلْبَكَ يَأْكُلْكَ:** ئىتىڭ سەمرىسە سېنى چىشلەيدۇ (ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ).

**سُمَّنٌ:** بۆدۈنە.

**سُمَّهَى:** ئاتموسفېرا.

**سَمُّورٌ ج سَمَامِيرُ:** قارا بۆلغۈن.

**سَمَّى يُسَمِّي تَسْمِيَةً الرَّجُلَ كَذَا أَوْ بِكَذَا:** ئىسمىنى ئاتىدى.

**«عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلًا» «قرآن» :** جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقمۇ بار.

**سَمَّى الرَّجُلَ زَيْدًا و بِزَيْدٍ:** ئۇنى زەيد دەپ ئاتىدى.

**سَمَّى الْكِتَابَ:** كىتابقا نام بەردى، ماۋزۇ قويدى.

**سَمَّى الرَّجُلُ:** «بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ» دېدى.

**«نُسَمِّي قَبْلَ تَنَاوُلِ الطَّعَامِ» :** تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللا دەيمىز.

**سُمِّيَّاتٌ:** زەھەر، ئوغا.

**سَمِنَ يَسْمَنُ سِمَنًا وَسَمَانَةً الْحَيَوَانُ:** ھايۋان سەمرىدى، سەمرىپ كەتتى.

**«لَمْ تَسْمَنِ الْمَاشِيَةُ هَذَا الْعَامَ لِقِلَّةِ الْمَرْعَى» :** يايلاقنىڭ ئازلىقىدىن بۇ يىل چارۋىلار سەمرىمىدى.

**سَمْنٌ ج أَسْمُنٌ و سُمُونٌ و سُمْنَانٌ:** سېرىق ماي.

**سَمْنٌ عَرَبِيٌّ:** ساپسېرىق ماي.

**«هَذَا الطَّعَامُ مَصْنُوعٌ مِنَ الدَّقِيقِ وَالسَّمْنِ» :** بۇ تاماق ئۇن ۋە سېرىق مايدىن ياسالغان.

**سَمْنٌ نَبَاتِيٌّ:** سۈنئىي سېرىق ماي.

**سِمَنٌ، سِمْنَةٌ:** سەمرىمەك، بورداقماق، ئېغىرلىقى ئاشماق، ئەت ئالماق، ئەت قونماق.

**سِمَنٌ مُفْرِطٌ:** پور، خام سېمىز.

**سَمْنَانٌ:** سېمىز.

**سَمَنْدَرٌ:** ئوت چاشقىنى.

**سَمَنْدَلٌ:** سۇمروغ، ئەنقا.

**سَمِهَ يَسْمَهُ سُمُوهًا:** ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئەمتىرەپ كەتتى، ھودۇقتى.

**سَمِهَ الْفَرَسُ:** ئات بولۇشىغا چاپتى، ئات يۈگۈردى.

**سِمْهَاجٌ:** يالغان.

**سَمْهَرِيٌّ:** قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ئېسىل نەيزە.

**قَدٌّ سَمْهَرِيٌّ:** غۇنچە بوي، خۇش پىچىم، زىلۋا، بەدەن تۈزۈلۈشى كېلىشكەن.

**سَمُوحَاتٌ:** باج كەچۈرۈم قىلىنغان مال.

**سُمُوقٌ:** موزا دەرىخى.

**سُمُوقٌ:** ئېگىزلىك.

**سَمُولٌ:** يىرتىق، كونا.

**ثَوْبٌ سَمُولٌ:** كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

**سَمُومٌ ج سَمَائِمُ:** ئىسسىق شامال.

**«فَمَنَّ اللّٰهُ عَلَيْنَا وَ وَقَانَا عَذَابَ السَّمُوْمِ»** ‹قرآن›: ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى.

**«وَأَصْحَابُ الشِّمَالِ مَا أَصْحَابُ الشِّمَالِ فِي سَمُومٍ وَحَمِيمٍ»** ‹قرآن›: بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرەپتىن بېرىلگەنلەر) (دوزخىيلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار زىيادە هارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

**سُمُوٌّ:** يۈكسەكلىك، ئالىيلىق، ئېگىزلىك، كۆزگە كۆرۈنەرلىك.

**«عُرِفَ بِسُمُوِّ أَخْلَاقِهِ»:** ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقلىقى بىلەن تونۇلغان.

**صَاحِبُ السُّمُوِّ:** ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرى، ئالىيلىرى (شاھزادىغا ھۆرمەتلەپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز).

**سُمُوُّ الْأَمِيرِ:** ھەزرەتلىرى، ئالىيلىرى، جانابلىرى (شاھزادىغا ھۆرمەتلەپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز).

**سَمُّورٌ ج سَمَامِيرُ:** قارا بۇلغۇن.

**سَمِيجٌ ج سِمَاجٌ و سَمِجُونَ و سَمْجَاءُ:** قەبىھ، قوپال، توڭ، سەت، كۆرۈمسىز.

**سَمِيحٌ ج سُمَحَاءُ:** مەرد، كەڭ قورساق، سېخىي، قولى ئوچۇق، قارنى ـ كۆكسى كەڭ.

**سَمِيدٌ:** ئاق ئۇن، تاسقالغان ئۇن.

**سَمَيْدَرٌ:** ئوت چاشقىنى.

**سَمَيْدَعٌ ج سَمَادِعُ وَسَمَادِعَةٌ:** قەھرىمان شەخس، باتۇر، ئەزىمەت، ئوچۇق، خۇشخۇي.

**سَمِيذٌ:** ئاق ئۇن، تاسقالغان ئۇن.

**سَمِيرٌ ج سُمَرَاءُ:** كېچىدە مۇڭداشقۇچى، كېچىدە سۆھبەتلەشكۈچى.

**«اَلْكِتَابُ خَيْرُ سَمِيرٍ»:** كىتاب ئەڭ ياخشى ئۈلپەتتۇر.

**اِبْنُ سَمِيرٍ:** ئايسىز كېچە.

**اِبْنَا سَمِيرٍ:** كېچە بىلەن كۈندۈز.

**سَمِيطٌ. سَمْيَطٌ سُمَيْطٌ:** دۆۋىلەنگەن خىش.

**نَعْلٌ سَمِيطٌ:** ياماق چۈشمىگەن كەش.

**سَمِيطَةٌ ج سَمِيْطَاتٌ:** هالقا شەكىللىك كىچىك بولكا.

**سَمِيعٌ ج سُمَعَاءُ:** ئاڭلىغۇچى، ئىشىتكۈچى، قۇلاق سالغۇچى.

**«إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ الدُّعَاءِ»** ‹قرآن›: ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم دۇئانى ئىشىتكۈچىدۇر.

**أُمُّ السَّمِيعِ:** چوڭ مېڭە.

**أُذُنٌ سَمِيعٌ:** ئاڭلاپ تۇرغۇچى قۇلاق، تىڭشىغۇچى قۇلاق.

**اَلسَّمِيعُ:** ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

**سَمِيقٌ:** بويۇنتۇرۇق.

**سَمِيكٌ:** قېلىن، قويۇق؛ پۇختا، چىداملىق؛ ئېگىز، چوڭ.

**«هَذَا اللِّحَافُ سَمِيكٌ جِدًّا»:** بۇ يوتقان ناھايىتى قېلىن.

**سُمَيْكَاءُ:** كىچىك بېلىق؛ ياغاچ يەيدىغان قۇرت.

**سَمِيلٌ:** كونا.

**ثَوْبٌ سَمِيلٌ:** كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

**سَمِينٌ ج سِمَانٌ:** سېمىز، دوغلاق، گۆشلۈك.

**رَجُلٌ سَمِينٌ:** سېمىز ئادەم.

**سَمِيٌّ:** ئالىي، يۈكسەك، ئېسىل، ئىسمىداش.

**سَمِيُّ الشَّخْصِ:** ئىسمىداش.

**سَمِيُّ فُلَانٍ:** پالانى بىلەن ئىسمىداش.

كتاب تورىبىتى uyghurkitap.com


«لَمْ نَجْعَلْ لَهُ مِنْ قَبْلُ سَمِيًّا» «قۇرئان» : ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق.

سَنَا يَسْنُو سَنْوًا و سَنَاوَةً و سَنَايَةً الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى، چاقنىدى، يالتىرىدى؛ كۆتۈرۈلدى.

سَنَا إِلَى الْمَعَالِي: يۇقىرى ئۆرلىدى.

«سَنَا إِلَى مَعَالِي الْأُمُورِ» : يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ئۆرلىدى.

سَنَا السَّحَابُ الْأَرْضَ: بۇلۇت يەرنى سۇغاردى.

سَنَتِ النَّارُ: ئوت يالقۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سَنَا الْبَابَ: ئىشىكنى ئاچتى.

سَنَتْ دَلْوًا: چېلەكنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقاردى.

سَنًا: يورۇقلۇق، نۇر.

«يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِ يَذْهَبُ بِالْأَبْصَارِ» «قۇرئان» : چاقماقنىڭ يورىقى ئۇلارنى كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.

سَنَا. سَنَا مَكَّةَ: مەككە ساناسى.

سَنَاءٌ: يۈكسەكلىك، ئالىيجانابلىق، ئېسىللىق؛ نۇرلۇق، نۇر، يورۇقلۇق.

سِنَاجٌ: قۇرۇم، قازان كۈيۈسى، ماي كۈيۈكى، بۇس، ئىس.

سَنَاخَةٌ: سېسىق پۇراق؛ كىر.

سَنَامُ الْجَمَلِ ج أَسْنِمَةٌ: تۆگىنىڭ لوككىسى.

سَنَامُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ يۇقىرى قىسمى.

سِنَانٌ ج أَسِنَّةٌ: نەيزە.

«طَعَنَهُ بِالسِّنَانِ» : ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

سُنْبُكٌ ج سَنَابِكُ: تۇياق؛ ھەر نەرسىنىڭ ئاۋۋىلى، دەسلىپى؛ يامغۇرنىڭ دەسلىپى.

سَنْبَلَ يُسَنْبِلُ سَنْبَلَةً الزَّرْعُ: باش چىقاردى، باش تارتتى.

سُنْبُلٌ. سُنْبُلَةٌ ج سَنَابِلُ و سُنْبُلَاتٌ: باشاق، باش.

«مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِائَةُ حَبَّةٍ» «قۇرئان» : ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر بىر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ.

سُنْبُلُ خُزَامٍ: شەرق نەرگىز گۈلى.

سُنْبُلٌ هِنْدِيٌّ: نەغىز گۈل.

سُنْبُلٌ بَرِّيٌّ: ياۋايى كۈركۈم گۈلى.

اَلسُّنْبُلَةُ: (ئاسترونومىيىدىكى ئون ئىككى سۇنبۇلە بۇرجىنىڭ بىرى).

سُنْبُلِيٌّ: باشاق شەكلىدە.

سُنْبُوقٌ ج سَنَابِقُ: قېيىق، قولۋاق.

سُنْبُوكٌ ج سَنَابِيكُ: قولۋاق، قېيىق.

سَنِتٌ: ئېچىلمىغان يەر، بوز يەر؛ نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل.

سَنَةٌ ج سِنُونَ و سَنَوَاتٌ و سَنَهَاتٌ: يىل؛ ياش.

سَنَةً بَعْدَ سَنَةٍ: يىلمۇ يىل، ھەر يىلى.

سَنَةً بَعْدَ أُخْرَى: يىلدىن - يىلغا.

سَنَةٌ دِرَاسِيَّةٌ: ئوقۇش يىلى.

سَنَةٌ شَمْسِيَّةٌ: شەمسىيە يىلى (بۇ يىل ھېسابىدا بىر يىل 365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ).

سَنَةٌ قَمَرِيَّةٌ: قەمەرىيە يىلى (بۇ يىل ھېسابىدا بىر يىل 354 كۈن 8 سائەت بولىدۇ).

سَنَةٌ كَبِيسَةٌ: كەبىسە يىلى.

سَنَةٌ مَالِيَّةٌ: مالىيە يىلى.

سَنَةٌ مِيلَادِيَّةٌ: مىلادى يىلى، مىلادىيە.

سَنَةٌ هِجْرِيَّةٌ: ھىجرىيە يىلى، ھىجرىيە.

يَوْمُ رَأْسِ السَّنَةِ: يېڭى يىل كۈنى، يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى.

سَنَجَ يَسْنُجُ سَنْجًا: بويىدى.

سِنْجَابٌ ج سَنَاجِيبُ: تىيىن.

سَنْجَةٌ: گانتېل؛ گىر (ئىككى ئۇچىغا چوڭ يۇمىلاق چۆيۈن ئورنىتىلغان گىمناستىكا ئەسۋابى).

**سُنْجَةٌ ج سُنُجَاتٌ و سِنَجٌ:** ئالا ـ بۇلىماچ.

**سَنْجَقٌ ج سَنَاجِقٌ:** تۇغ، بايراق، ھەربىي بايراق.

**سَنَحَ يَسْنَحُ سُنْحًا و سُنُوحًا الْأَمْرُ:** يادىغا كەلدى، خىيالىغا كەلدى، ئەسلىدى.

**سَنَحَ الشَّيْءُ:** ئوڭدىن كەلدى، قولاي بولدى.

**سَنَحَ الطَّائِرُ:** قۇش كۆرگۈچىنىڭ سول تەرىپىدىن ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

**سَنَحَهُ عَنْ رَأْيِهِ:** نەسىھەت قىلىپ پىكرىدىن ياندۇردى، نەسىھەت قىلىپ توختاتتى، پەند ـ نەسىھەت قىلدى.

**سَنَحَتِ الْفُرْصَةُ:** پۇرسەت يار بەردى، پۇرسەت كەلدى.

**عِنْدَمَا تَسْنَحُ الْفُرْصَةُ:** پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە.

**«سَأَزُورُكَ فِى بَيْتِكَ إِذَا سَنَحَتْ لِىَ الْفُرْصَةُ» :** ئەگەر پۇرسەت بولسا مەن سىنى ئۆيۈڭگە يوقلاپ بارىمەن.

**سَنَحَ الشِّعْرُ:** شېئىر ئوڭاي بولدى، شېئىر قولاي بولدى.

**سُنْحٌ:** بەرىكەت؛ يولنىڭ ئوتتۇرىسى.

**سَنَحْنَحٌ:** كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم.

**سَنِخَ يَسْنَخُ سَنَخًا وَ سَنَاخَةً الدُّهْنُ:** ياغ پۇراپ قالدى، سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالدى.

**سَنَخَ يَسْنَخُ سُنُوخًا:** پۇختا بولدى، كامالەتكە يەتتى، قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى بولدى.

**سِنْخٌ ج أَسْنَاخٌ وَسُنُوخٌ:** ئەسلى.

**سِنْخُ السِّنِّ:** چىش مىلىكى.

**سَنِخٌ م سَنِخَةٌ:** پۇراپ قالغان ماي.

**سَنِخٌ:** سېسىق پۇراق.

**سِنْخٌ ج أَسْنَاخٌ:** توپ ـ يىلتىز.

**سَنَدَ يَسْنُدُ سُنُودًا إِلَيْهِ:** يۆلەندى، تاياندى، ئاساسلاندى.

**«أَحَسَّ بِالتَّعَبِ فَسَنَدَ إِلَى الْحَائِطِ» :** ھېرىپ كېتىپ تامغا يۆلىنىۋالدى.

**«كَانَ الْعَمُودُ يَقَعُ فَسَنَدْتُهُ» :** تۈۋرۈك يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان ئىكەن، مەن ئۇنى يۆلەپ قويدۇم.

**سَنَدَ لِلْأَرْبَعِينَ:** قىرىققا يېقىنلاشتى.

**سَنَدٌ ج أَسْنَادٌ:** تۈۋرۈك، تىرەك؛ يۆلەنچۈك، قوللىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، تايانچ؛ ئاياغ، كەش، قوغدىغۇچى، ھىمات.

**«لَيْسَ لَهُ سَنَدٌ يَعْتَمِدُ عَلَيْهِ» :** ئۇنىڭ يۆلىنىدىغان يۆلەنچۈكى يوق.

**سَنَدٌ ج سَنَدَاتٌ:** ھۆججەت؛ قەرز ھۆججىتى؛ بورچ، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت.

**سَنَدُ إِسْعَافٍ:** پۇل ـ مۇئامىلە چېكى.

**سَنَدٌ بَسِيطٌ:** قەرز ھۆججىتى.

**سَنَدٌ إِذْنِيٌّ:** قەرز ھۆججىتى.

**سَنَدَاتٌ مَالِيَّةٌ:** قىممەتكە ئىگە بېلەت، باھالىق بېلەت.

**سَنَدَاتُ حُكُومَةٍ:** زايوم بېلىتى.

**سَنَدٌ ج أَسَانِيدُ:** (سەنەد، ئىسنادلار ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئاساس)؛ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار.

**سِنْدَالٌ ج سَنَادِيلُ:** سەندەل.

**سِنْدَانٌ ج سَنَادِينُ:** سەندەل.

**سَنْدَرَةٌ:** بالىخانا، مەنزەر ئۆي؛ ئوق ئىشلىنىدىغان بىر خىل دەرەخ.

**سَنْدَرِيٌّ:** جۇرئەتلىك، يۈرەكلىك؛ جام كۆزلۈك، يوغان كۆزلۈك.

**سُنْدُسٌ:** ئەتلەس (ئەستەر قىلىدىغان) نېپىز يىپەك رەخت.

**«وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ»**

«قرآن» : ئۇلار نېپىز ۋە قېلىن يىپەكلەردىن تىكىلگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ.

**بِسَاطُ الْأَرْضِ السُّنْدُسِيُّ:** زېمىننىڭ يېشىل پاياندىزى.

**سَنْدَلٌ ج سَنَادِلُ:** ئات؛ ھىندىستاندا ياشايدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ ئوتتا كۆيمەيدۇ دېيىلىدۇ.

**سَنْطٌ:** ئەرەب يىلىمى.

**خَشَبُ السَّنْطِ:** ئەرەب يىلىمى دەرىخىنىڭ ياغىچى.

www.uyghurkitap.com



**سِنْطٌ:** بېغىش، قولنىڭ بېغىشى.

**سَنْطَاوِيٌّ:** سەنتاۋى (قوغۇشۇننىڭ بىر خىلى).

**سَنْطَةٌ:** سۆگەل.

**سَنْطَلَةٌ:** ئۇزۇنلۇق.

**سَنْطُورٌ:** چاڭ (سەككىز تارلىق چالغۇ)

**سِنْطِيرٌ:** چاڭ (قەدىمكى دەۋردىكى سەككىز تارلىق چالغۇ).

**سَنِعَ يَسْنَعُ و سَنُعَ يَسْنُعُ سَنَاعَةً و سُنُوعًا:** نازۇك بولدى، ئەۋرىشىم بولدى، چىرايلىق بولدى، گۈزەل بولدى.

**سَنْعٌ ج أَسْنَاعٌ وَسِنْعَةٌ:** بېغىش.

**سُنْفُرَةٌ:** ئالماس، بىلىيارت.

**وَرَقُ السُّنْفُرَةِ:** قۇم قەغەز.

**سِنْكَةٌ:** نەيزە.

**سَنْكَرَ يُسَنْكِرُ سَنْكَرَةً الْبَابَ:** ئىشىكنى قۇلۇپلىدى.

**سَنِمَ يَسْنَمُ سَنَمًا الْبَعِيرُ:** تۆگىنىڭ لوككىسى يوغىنىدى، لوككىسى چوڭايدى.

**سَنِمَ الشَّيْءُ:** زېمىندىن يۇقىرىلىدى.

